جاڭ شى

# دۆلەتنىڭ شان - شەرىپى

ھەقىقەت بىلەن رەزىللىك ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىشىش

—— ئېلىمىزدە نەشر قىلىنغان شەرقىي تۈركىستان تېررورچى تەشكىلاتىنىڭ سىرلىق نىقابىنى ئېچىپ بېرىدىغان تۇنجى رومان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي چېگرىسىدىكى مېھرى ئىسسىق زېمىندا، جامائەت خەۋپسىزلىكى قەھرىمانلىرى ئىسسىق قېنى ۋە ھاياتى بىلەن پارتىيىگە ۋە خەلققە بولغان ساداقىتىنى ئادا قىلماقتا. ئۇلارنىڭ روھى تەگرىتېغى بىلەن بىللە ياشايدۇ، شەمسىقەمەردەك نۇر چاچىدۇ.



جاڭ شى

# دۆلەتنىڭ شان - شەرپى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

国家荣誉/张西著;吾甫尔·卡迪尔等译. —乌鲁木齐:新疆人民出版社,2006.4
ISBN 7-228-10006-9

Ⅰ.国… Ⅱ.①张… ②吾… Ⅲ.长编小说—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.I247.5
中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 033668 号

责任编辑 :艾克巴尔·艾力
责任校对 :扎米拉,塞纳瓦尔
封面设计 :米尔扎·塔吉

国家荣誉(维吾尔文)
张西 著
吾甫尔·卡迪尔,卡德尔·热合曼
艾斯卡尔·穆汗买提 译

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编:830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
880×1230 毫米 32 开本 24.5 印张 2 插页
2006 年 4 月第 1 版 2006 年 4 月第 1 次印刷
印数:1—3000

ISBN 7-228-10006-9 定价:44.00 元

# دۆلەت مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەلا

## (كىرىش سۆز ئورنىدا)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى
جاڭ شيۇمىڭ

شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپلا جۇڭگونىڭ ئايرىلماس مېھرى ئىسسىق زېمىنى. ئۇ ئېلىمىزنىڭ غەربىي چېگرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئاسىيانىڭ مەركىزىگە توغرا كېلىدۇ، ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. زو زوڭتاڭ: «شىنجاڭغا ئەھمىيەت بەرگەنلەرلا موڭغۇلىيىنى قوغداپ قالالايدۇ، موڭغۇلىيىنى قوغداپ قالالىغانلارلا پايتەختنى قوغداپ قالالايدۇ. غەرب بىلەن شىمال بىلەك بىلەن بارماقتەكلا تۇتىشىپ كەتكەن، بۇ يەردە ۋەزىيەت مۇكەممەل، باشقىلار پايدىلىنالايدىغان يوچۇق يوق.» دېگەن. دەل مۇشۇنداق بولغاچقا، تارىختا، بۇ جاي جاھانگىر كۈچلۈك دۆلەتلەر تەمە قىلىدىغان، شۇنداقلا تەۋەككۈلچىلەر، قارا نىيەتچىلەر تالىشىپ كەلگەن زېمىن بولغان.

20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم شىنجاڭدا تارقىلىشقا باشلىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى جاھانگىرلار شىنجاڭدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ قالايمىقان بولۇشى، ھۆكۈمەت كونتروللۇقىنىڭ ئاجىز بولۇشىدىن پايدىلىنىپ، بىر تۈركۈم «پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم» ئۇنسۇرلىرىنى، قارا نىيەتچىلەرنى قوللاپ ۋە ئۇلارنى كونترول قىلىپ، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى قۇردى. بۇ ئۆمرى قىسقا ھاكىمىيەت ئىككى ئايدىن ئارتۇق مەۋ-

جۇت بولۇپ ھەر مىللەت خەلقى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلانغان بولسىمۇ، ئەمما شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «شەرقىي تۈركىستان» مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر، زوراۋان تېررورچى كۈچلەرنىڭ شىنجاڭنى پارچىلاپ ھەر خىل بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىشىدىكى بايرىقى بولۇپ قالدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرى، خەلقئارا ۋەزىيەتتە زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلاندى، شەرقىي ياۋروپادا زور ئۆزگىرىش بولدى، ئىسلامىيەتنى گۈللەندۈرۈش پەكىر ئېقىمى يەنە بىر قېتىم ئەۋج ئالدى. دۇنيا خاراكتېرلىك مىللەتلەر ئايرىمىچىلىقى يامرىدى. بۇلار شىنجاڭدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» لەرگە قوزغاتقۇچى دورا ئۇرغاندەك تەسىر قىلىپ، ئۇلارنىڭ «مۇستەقىللىق» ئارزۇسى ۋە چەكتىن ئاشقان ئىدىيىسىنى زور دەرىجىدە قوزغىدى. ئۇلار «ئويغىنىمىز»، «غازات قىلىمىز» دەپ جار سېلىپ، پارتلىتىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭچىلىق قىلىش، زەھەر تاشلاش، ئوت قويۇشتەك بىر قاتار زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ھەر مىللەت خەلقى ئالدىدا چېكىدىن ئاشقان جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزدى. شىنجاڭنى جۇڭگودىن بۆلۈپ چىقىش — «ئۈچ خىل كۈچ» لەرنىڭ ئاخىرقى سىياسىي نىشانى، دىندىن پايدىلىنىش — ئۇلارنىڭ ئەزەلدىن ئىشلىتىپ كەلگەن ئۇسۇلى. زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيىتى ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋاستىسى. شۇڭا، «ئۈچ خىل كۈچ» لەر جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، شۇنداقلا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئاپىتى.

كەسكىن، مۇرەككەپ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش كۈرەش ۋەزىيىتى ئالدىدا، شىنجاڭدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولۇش، قانۇننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنى قوغداش بايرىقىنى

ئېگىز كۆتۈرۈپ، «ئۈچ خىل كۈچلەر» بىلەن جان تىكىپ كۈرەش قىلدى، «تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىش، باش كۆتۈرسىلا زەربە بېرىش، دۈشمەنگە بىرىنچى بولۇپ قول سېلىش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ يامراپ كېتىشىنى قەتئىي توسۇپ، دۆلەت بىخەتەرلىكى ۋە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى ئۈنۈملۈك قوغدىدى. دۈشمەنگە قارشى كۈرەشتە، شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىدا تىللاردا داستان بولغۇدەك نۇرغۇن قەھرىمان شەخسلەر بارلىققا كەلدى، ئۇلار تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ بىرىنچى سېپىدە جەڭ قىلىپ، ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى، ھەتتا ئىسسىق قېنى ۋە ھاياتىنى جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ بىخەتەرلىكى بىلەن مۇقىملىقىغا، ھەر مىللەت خەلقىگە تەقدىم قىلدى. خەۋپ ـ خەتەر ۋە قان تۆكۈپ قۇربان بېرىش ئالدىدا، خەلق ساقچىلىرى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلدى، ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى ۋە ھاياتى بىلەن: «دۆلەت مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەلا!» دېگەن ھەيۋەتلىك قەسەمنى يازدى.

بۇ ئۇلۇغۋار كۈرەش مەنزىرىسى بىزنىڭ قايناق ھېسسىياتىمىز بىلەن تەسۋىرلىشىمىزنى، بۆلگۈنچىلىككە، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە كۈرەش قىلىۋاتقان ئەزىمەتلەر بىزنىڭ تەقدىرلەپ مەدھىيىلىشىمىزگە موھتاج. شۇ تاپتا، يولداش جاڭ شىنىڭ شىنجاڭدىكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رومانى «دۆلەتنىڭ شان ـ شەرىپى» نى ئوقۇپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. جامائەت خەۋپسىزلىكى سېپىدىكى يازغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ شىنجاڭغا كۆپ قېتىم كېلىپ كەتكەن. بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى توپلىغان، سان ـ ساناقسىز جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرى ۋە خەلق ئاممىسىنى زىيارەت قىلغان. مېنىڭچە، ئۇ چوڭقۇر تەسىرلەنگەن، ھاياجانلانغان، شۇڭا ئۇنىڭ رومانى ئىجتىمائىي، تارىخىي چوڭقۇرلۇققا، قايناق ھېسسىياتقا ۋە ئېستېتىكىلىق قىممەتكە ئىگە بولغان. روماندا بىر تۈركۈم جامائەت خەۋپسىزلىكى قەھرىمانلىرىنىڭ كوللېكتىپ ئوبرازى ــــ جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرى نەن جېنجۇڭ، جەنۇبىي

شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جوڭ چېڭ،
تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جەڭ قىلىۋاتقان
مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى چېن دامو، يۇقىرى پەن - تېخنىكا بىلەن
تېررورلۇققا قارشى تۇرىدىغان يېڭى بىر ئەۋلاد ساقچىلارنىڭ ئوبرا-
زىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ۋاڭ لۇ…لار يارىتىلغان. ئاپتور دۈش-
مەن بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى ئەقىل سىنىشىش، باتۇرلۇق
بىلەن ئېلىشىشنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، نەن جېنجۇڭ، جوڭ
چېڭلار ۋەكىللىكىدىكى يېڭىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى
رەھبەرلىرىنىڭ يېڭى تارىخىي ۋەزىيەت ئالدىدا دۆلەتنى قەلبىگە پۈ-
كۈپ، مەسئۇلىيەتنى باتۇرلۇق بىلەن ئۈستىگە ئالغان، كەسكىن
ۋە جەسۇر، ئەقىل - پاراسەتكە تولۇپ تاشقان ئوبرازىنى يورۇتۇپ
بەرگەن، يەنە بەزى تەسىرلىك تەپسىلاتلار ئارقىلىق، ھەر خىل
ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە پېرسوناژلار خاراكتېرىنى تەسۋىرلەپ بەر-
گەن. ئاپتورنىڭ پېرسوناژلارنى سۈرەتلىشى چوڭقۇر ۋە ئەينەن
بولغان، ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىز-
لىكى ساقچىلىرى كەڭ قورساق، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىققا،
بۇرچ تۇيغۇسىغا ۋە قەھرىمانە قۇربان بېرىش روھىغا ئىگە بولۇپ،
ئۇلار يېڭى بىر ئەۋلاد خەلق ساقچىلىرىنىڭ تىپىك ۋەكىللىرى.

بۇ رومانىدىكى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر تەرەققىياتى ۋە پېر-
سوناژلار مۇناسىۋىتى مۇرەككەپ، ۋەقەلىك قۇرۇلمىسى ئىخچام ۋە
تەرتىپلىك، جانلىق ۋە ئۆزگىرىشچان. ئاپتور ئىككى يىپ ئۇچى
ئارقىلىق، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىمىزنىڭ چېگرىنىڭ
ئىچى - سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچلەر» بىلەن بولغان كۈرەشلى-
رىنى زىچ بىرلەشتۈرۈۋەتكەن. رومانىدىكى ئاشكارا يىپ ئۇچى (ئا-
ساسلىق يىپ ئۇچى) جوڭ چېڭ ۋەكىللىكىدىكى جامائەت خەۋپ-
سىزلىك ئورگىنى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش قوشۇنى ۋە جامائەت
خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەرنىڭ ئەركىن
ۋەكىللىكىدىكى «ئۈچ خىل كۈچلەر» بىلەن بولغان كۈرىشى.
ئاپتور بۇ يىپ ئۇچىنى يېيىش جەريانىدا، جامائەت خەۋپسىزلىكى
قەھرىمانلىرىنىڭ زوراۋان تېررورچى ئۇنسۇرلار بىلەن بىۋاستە
تۇتۇشقانلىقى ۋە ئەقىل - پاراسەتتە، جاسارەتتە سىناشقانلىقىنى

تەسۋىرلەشنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ، جوڭ چېڭنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيەت ئېڭى بىلەن ئومۇمىيەتنى تەڭشەپ تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى ۋە رازۋېدكا خادىملىرىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى بىلەن دېلو ئىشلەش ئۇسلۇبىنى گەۋدىلەندۈرگەن. روماندا يەنە يوشۇرۇن بىر يىپ ئۇچى، يەنى ۋاڭ لۇنىڭ قىز دوستى ما تيەنمۇنىڭ مۇخبىرلىق سالاھىيىتى بىلەن ئىبراھىمنى خۇپيانە تەكشۈرىدىغان بىر ۋەقەلىك بار. بۇ يىپ ئۇچىدا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ ئىبراھىمدىن ئىبارەت بۇ يوشۇرۇنۇۋالغان دۈشمەن بىلەن كۈرەش قىلغانلىقى نۇقتىلىق بايان قىلىنىپ، كۈرەشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى ۋە مۇرەككەپلىكى نامايان قىلىنغان. بۇنىڭغا ۋاڭ لۇ، ما تيەنمۇ ۋە ئايگۇللەرنىڭ ھېسسىياتىدىكى چاتاقلار كىرىشتۈرۈلگەن، ئاشكارا يىپ ئۇچى بىلەن يوشۇرۇن يىپ ئۇچى گىرەلىشىپ، پۈتكۈل ھېكايە ۋەقەلىكىنى دولقۇنسىمان ھالەتكە كەلتۈرگەن، پېرسوناژلار خاراكتېرىمۇ ۋەقەلىك تەرەققىياتىدا تولۇق نامايان بولغان.

مەن بۇ روماننىڭ كۆپچىلىكنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىشىنى، بۇ رومانغا دىققەت قىلىش ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە چېگرىمىزنىڭ مۇقىملىقىغا، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جەڭ قىلىۋاتقان جامائەت خەۋپسىزلىكى قەھرىمانلىرىغا دىققەت قىلىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن. بەدىئىي ئىپادىلەش مەڭگۈ تۇرمۇش ماھىيىتىدىن تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەگەر بىز روماندىكى قەھرىمانلاردىن تەسىرلەنگەن بولساق، ئۇنداقتا تۇرمۇشتىكى ھەقىقىي قەھرىمانلار بىزنىڭ تېخىمۇ ھۆرمەتلىشىمىز ۋە تەسىرلىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. ئۇلار ھېلىھەم تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ بىرىنچى سېپىدە جەڭ قىلىپ، دەۋرنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە خەلقنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئۈستىگە ئېلىۋاتىدۇ، دۆلەتنىڭ شان - شەرىپى ئۇلارنىڭ شان - شەرىپى. دەل مۇشۇنداق بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرىمىز بولغاچقا، خەلق ھاكىمىيىتىمىز مۇستەھكەملىنىۋاتىدۇ، دۆلىتىمىز ئۇزاققىچە تىنچ - ئاسايىشلىقتا ئۆتۈۋاتىدۇ. خەلقىمىز ئارامخۇدا ياشاۋاتىدۇ.

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب ...................................... 1
«قارا بۇركۇت» نىڭ چېگرىدىن كىرگەن خەۋىرى، ئەمدى تىنچىغان جەنۇبىي شىنجاڭغا يېڭى خەۋپ ئېلىپ كەلگەن- لىكى. جەنۇبىي شىنجاڭ تېررورلۇققا قارشى ئالاھىدە تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەن- لىكى

ئىككىنچى باب ...................................... 54
ۋاڭ لۇ يېرىم يولدا گېپىدىن يېنىۋېلىپ، جەنۇبىي شىن- جاڭدا قېلىپ قالماقچى بولغانلىقى. مۇھەببىتى ما تيەن- مۇنىڭ پۇقۇسلاپ ئۆزى يالغۇز بېيجىڭگە كەتكەنلىكى. ئىدارىگە تىزىمغا ئالدۇرغان كۈنى ما تيەنمۇنى سىرلىق ئىككى ئەر ئېلىپ كەتكەنلىكى

ئۈچىنچى باب ...................................... 73
ئەركىننىڭ غەيرىي ئۇسۇلدا ئىگەرچى يېزىسىغا كەلگەن- لىكى. ئەركىننىڭ نارەسىدە قىز رەنانىڭ مۇھەببىتىنى ئويغاتقانلىقى

تۆتىنچى باب ...................................... 102
ۋاڭ لۇ بىلەن ئەترەت باشلىقى چېن دامو بۇيرۇققا بىنا- ئەن دۈشمەن ئارىسىغا سۇقۇنۇپ كىرگەنلىكى. چېن دامو بالدۇر چېكىنىپ چىقىپ، ۋەزىيەتنى كەسكەنلەشتۈرۈ- ۋەتكەنلىكى

بەشىنچى باب ...................................... 117
چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلگەن خاسى ۋەكىلنى توشۇش ھە-

ركىتى ئېلىپ بارغاندا، ئۇنىڭ تويۇقسىز غايىب بولۇپ
كەتكەنلىكى. سىرلىق بىر قىزنىڭ مەردلىك بىلەن ئۆزى-
نى قوتقۇزغان ۋاڭ لوغا كۆيۈپ قالغانلىقى

ئالتىنچى باب .......... 140
نەچچە ئون يىل ئەجىر قىلغان ئىبراھىم زور بىر ھادىسە
يۈز بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانلىقى. «زەڭگەر چۆش
تورخانىسى» نىڭ ئاددىي تورخانا ئەمەسلىكى.

يەتتىنچى باب .......... 155
تاڭ سەھەردە، باغ بازىسىدا سىرلىق مەجلىس ئېچىلغان-
لىقى. تۈن نىسپىدىكى تورداشنىڭ ۋاڭ لونىڭ قەلبىگە
تەسەللى بەرگەنلىكى

سەككىزىنچى باب .......... 174
سىرلىق بىر ئاياغ ئىزىنىڭ تاكسى شوپۇرىنىڭ ئۆلتۈرۈ-
لۈش ئەنزىسى بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقى. لەيلى ئانا -
بالىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكى

توققۇزىنچى باب .......... 200
ئاياغ ئىزىنى قوغلىغۇچى، رەقىبىنى ئۈركۈتۈپ قويغان-
لىقى. جۇڭ چېڭ: خەتەرلىك بىر ئادەمنى كونترول
قىلىش ھەققىدە، يۇقىرىغا دوكلات سۇنغانلىقى

ئونىنچى باب .......... 221
يەركەن دەرياسىدا بېشى يوق بىر جەسەتنىڭ بايقالغانلى-
قى. ئەلى ئۇسۇل ئەرتىسى پەرىدەگە ئوتلۇق مۇھەببەت
ئىزھار قىلغانلىقى

ئون بىرىنچى باب .......... 262
يوقاپ كەتكەن ئىككى ساندۇق تەۋرەتكۈچ بومبىنىڭ تې-

پىلغانلىقى، ئىبراھىمنىڭ بىيجىڭدىن كەلگەن مۇخبىر-
غا ھەۋەس قىلىپ قالغانلىقى

ئون ئىككىنچى باب ........................................ 299
يىگىرمە نەچچە ياشنىڭ قوملۇقتىكى تېررورچىلار مەشىق
بازىسىغا ئېلىپ بېرىلغانلىقى. باغ بازىسىنىڭ بىتچىت
قىلىنغانلىقى. لەيلى ئانا - بالىنىڭ قۇتۇلدۇرۇۋېلىن-
غانلىقى

ئون ئۈچىنچى باب ........................................ 328
ئىلياس سارىيىدا پارتلاش يۈز بەرگەنلىكى. ۋاڭ لۇنىڭ
ما تيەنمۇ بارلىققا كەلتۈرگەن كۆرۈشۈش ھالىتىنى ياق-
تۇرۇپ قالغانلىقى

ئون تۆتىنچى باب ........................................ 354
ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جوڭ چېڭنىڭ قەستلەپ ئۆل-
تۈرۈلۈشتىن ساقلىنىپ قالغانلىقى. ما جيەنجۇڭنىڭ يە-
نە بىر قېتىم پارتلاشنىڭ ئالدىنى ئالغانلىقى

ئون بەشىنچى باب ........................................ 379
ئادەم ئىزدەش گۇرۇپپىسى قوملۇقتا تېررورچىلارنىڭ
زەربىسىگە ئۇچرىغانلىقى. ۋاڭ لۇ بىلەن ئەلىنىڭ
ھايات - ماماتلىقى نامەلۇم بولۇپ قالغانلىقى

ئون ئالتىنچى باب ........................................ 401
ما تيەنمۇنىڭ مۇھەببەت بىلەن خىزمەت ئارىلىقىدىكى
تاللاش ئازابىدا قالغانلىقى. ۋاڭ لۇنىڭ ئۇيغۇر بوۋاينىڭ
قوچىقىدا ھوشىدىن كەتكەنلىكى

ئون يەتتىنچى باب ........................................ 422
ساقچىلار ئىزدىن ھوجۇمغا ئاتلانغاندا، قوملۇقتىكى تېر-
رورچىلار ھاۋادا پارغا ئايلانغان سۇدەك غايىب بولۇپ

كەتكەنلىكى. گىرىم قىلىنغان تېررورچىلار تەشكىلات
كاتتىۋېشىنىڭ قورۇم تېغىغا قېچىپ كەتكەنلىكى

ئون سەككىزىنچى باب........................................ 437
قورۇمتاغ ئېتىكىگە جايلاشقان مازارلىق تېررورچىلارنىڭ
مەخپىي ئۇۋىسىغا ئايلانغانلىقى. ئەسەبىي تېررورلۇق پە-
لانى ئىجرا قىلىنىش ئالدىدا تۇرغانلىقى. ساقچى دائىرى-
لىرىنىڭ يوقىرى قاتلاملىرى تەكشۈرۈش فاكتىنى
تەكشىگەنلىكى

ئون توققۇزىنچى باب ........................................ 457
ھەربىي تەلىماتچى قىز ئوقۇغۇچىسىدىن نارازى بولغانلى-
قى. توي كېچىسى ئىككى چوكاننىڭ مەست بولۇپ قال-
غانلىقى

يىگىرمىنچى باب ........................................ 491
ئايگۈل ئاخباراتنى ئوغرىلاۋاتقاندا، تېررورچىلارغا قارشى
بىرىنچى ئەترەتتىكىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقى

يىگىرمە بىرىنچى باب........................................ 516
سېكرېتار قوربانىنىڭ ئائىلىسىدىكى بەش جاننىڭ ئۆلتۈ-
رۈلگەنلىكى. قاتىل ساسلىقتا، بەدىنىگە تېڭىۋالغان پارت-
لاتقۇچ بومبىنى پارتلاتماقچى بولغانلىقى

يىگىرمە ئىككىنچى باب ........................................ 540
ئىبراھىم جەنۇبىي شىنجاڭ مەسچىتىنىڭ مەخسۇملۇقىنى
كۆزلەپ، كۆزى تۆت بولۇپ كەتكەنلىكى. ئىمىن ھاجى-
نىڭ يىگىرمە نەچچە يېرىگە پىچاق سانجىلىپ، ئىشىك
ئالدىدىكى تار كوچىدا يىقىلىپ قالغانلىقى

يىگىرمە ئۈچىنچى باب ........................................ 548
شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى كۈرەشكە مەركەزنىڭ
ئېنىق ئىپادە بىلدۈرگەنلىكى. نەچچە ئون يىل ئېلىشىپ
ئىبراھىمنىڭ تەلتۆكۈس مەغلۇپ بولغانلىقى

يىگىرمە تۆتىنچى باب.................................................. 557
قول ئېزى سېلىشتۇرۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ،
قاتىلنىڭ پاش بولغانلىقى. نەچچە ئون مىڭ خەلق قاتىل-
نى تۇتۇش ھەرىكىتىگە ئاتلانغانلىقى

يىگىرمە بەشىنچى باب ........................................ 572
كەنت ئاھالىسى نۇرلان قوملۇقتا قاتىل بىلەن ئېلىشقان-
لىقى. قاتىلنىڭ ئۈنىڭغا ئوق چىقارغانلىقى. توخۇ يۈ-
رەك قاتىلنى ياش بومبىسىنىڭ ساسلىقتىن ھەيدەپ چىق-
قانلىقى

يىگىرمە ئالتىنچى باب ........................................ 593
ئەلىنىڭ ۋاپاتىنىڭ ئىنتايىن تۇيۇقسىز بولغانلىقى. چەت
ئەلدە تەربىيە كۆرگەن تېررورچىلار تەشكىلاتىنىڭ يەنە
بىر ئەزاسىنىڭ چېگرىغا كىرگەنلىكى

يىگىرمە يەتتىنچى باب ........................................ 621
شىمالىي تاغ رايونىدا، بىر سىرلىق قورال سېتىد-
ۋالغۇچىنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقى. ۋاڭ لۇنىڭ ھەش
- پەش دېگۈچە «نىقابلىق» ئايالنى قولغا چۈشۈرگەنلىكى

يىگىرمە سەككىزىنچى باب........................................ 645
قۇرۇم تاغ ئېچىدىن بومبا سىناق قىلغان ئاۋازنىڭ
ئاڭلانغانلىقى. ساقچى دائىرىلىرىنىڭ يۇقىرى قاتلىمى،
«قارا بۇركۇت» نى تۇتۇش پىلانى تۈزگەنلىكى

يىگىرمە توققۇزىنچى باب ........................................ 674
چېن دامونىڭ باش بولۇپ «پىدائىيلار ئەترىتى» گە
قاتناشقانلىقى. ۋاڭ لۈنىڭ ۋەسىيەت قالدۇرمىغانلىقى

ئوتتۇزىنچى باب ........................................ 696
ئەركىنىنىڭ سۆيگىنىنى ئېتىۋەتكەنلىكى. تاماق يەتكۈ-
زۈپ بەرگۈچىلەرنىڭ توققۇز تېررورچىغا ئۇشتۇمتۇت
يولۇقۇپ قالغانلىقى. ۋاڭ لۈنىڭ دەلدەڭشىگىنىچە تاغ-
دىن چۈشۈپ كەلگەنلىكى

ئوتتۇز بىرىنچى باب ........................................ 731
چېن دامونىڭ ۋاڭ لۈنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قۇربان بول-
غانلىقى. ۋاڭ لۈ دادىسىنىڭ قۇچىقىدا هوشىدىن كەتكەن-
لىكى

ئوتتۇز ئىككىنچى باب........................................ 742
تىرىك تۇتۇلغان تېررورچىنىڭ جۇڭ چېڭ بىلەن مۇنازىر
قىلغانلىقى. نازىرنىڭ ۋاڭ لۈنى جازالاشتا چىڭ تۇرغان-
لىقى. چوڭ چېڭنىڭ سالاغا چۈشۈپ، ئەكسىچە تەنقىدتە
قالغانلىقى. مۇھەببەتلەرنىڭ يەنە بىر قېتىم ئايرىلىپ
كەتكەنلىكى. ما تيەنمۇنىڭ باشتىن ـ ئاخىر ئەمەلىي
ئەھۋالىنى ئېيتمىغانلىقى
پەقەت شىنجاڭدىلا (خاتىمە) ........................................ جاڭ شى

# بىرىنچى باب

## 1

جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن نەن جېنجۇڭ چىرايى كۆكەرگەن هالدا جۇڭ چېڭغا ئىككى قولىنى يايدى:

— ئادەم قىس؟ ئادەم قىس بولسا ئۆزۈڭ تاپ!

ئۇ بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا جۇڭ چېڭنى تام تۈۋىدە تۇرغۇزۇپ قويدى. نەن جېنجۇڭنىڭ خۇشاللىقى، غەزىپى، قايغۇ ـ هەسرىتى ۋە شادلىقىنى چىرايىدىن بىلىۋالغىلى بولاتتى، ئۇ قىلىمەن دېگەنىنى بىمالال قىلالايدىغان، خۇشال بولسا ئاسمانغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلەلەيدىغان، خاپا بولسا ئۈستەلنى مۇشتلاپ چەكچىيەلەيدىغان كىشى ئىدى.

جەنۇبىي شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جۇڭ چېڭ يا غەزەپلەنمەي يا چېچىلماي، كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى، ئۇ دانىمۇدانە قىلىپ مۇنداق دېدى:

— سىز هەمىشە رەهبەر بولغۇچىلارنىڭ تۆۋەندىكىلەرگە مەسىلە هەل قىلىپ بېرىدىغانلار ئىكەنلىكىنى دەيتتىڭىزغۇ؟ مانا ئەمدى سىزدەك كونا رەهبىرىمىزنىڭ ئازراق ئەمەلىي قىيىنچىلىقىمىزنى هەل قىلىشىپ بېرىشىگە موهتاج بولسام، كارىڭىز بولمايۋاتىدۇ.

— باشقا گەپلىرىڭ ئاقمايدۇ، ئۆتمۈشتىكى ئىشلارنى كېيىنچە يەنە سۆهبەتلىشەرمىز. مەن ساڭا 100 شتات بېرەي، بۇ ئەڭ چوڭ چەك. پۇل، ئادەم تەلەپ قىلساڭ، مەندە بۇلارنىڭ ئىككىلىسىلا يوق! — نەن جېنجۇڭ جۇڭ چېڭنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، جۇڭ چېڭنى سەل ئوسال ئەهۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

نەن جېنجۇڭ جۇڭ چېڭنىڭ شۈكلەپ قالغىنىنى كۆرۈپ،

سەل بىئارام بولدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ جۇڭ چېكنىڭ ئىستاكىنىغا چاي جىقلىدى ـ دە، خۇشال ـ خۇرام هالدا ئۇنىڭغا سۇنۇپ:

— ئىچە، چاي دېگەن نەرسە مېنىڭكىدە تولا، — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

جۇڭ چېك قول كۆيدۈرىدىغان ئىستاكاننى قولىغا ئېلىشقا مەجبۇر بولۇپ، نائىلاج شۇمۇپ قويىدى، چاي بەك ئىسسىق بولغاچقا تىلىنى چاكىلداتتى.

بىر ـ بىرىدىن 10 ياش پەرقلىنىدىغان ئىككىيلەن بىر يەردە تۇرسا، خۇددى قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئىككى توپ چىنارغا ئوخشايتتى. نەن جېنجۇڭ بۇ يىل 52 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆلچەملىك ئېگىزلىكى بىر مېتىر سەكسەن ئىككى سانتىمېتىر كېلەتتى. ئورۇق ۋە ئېگىز ئىدى؛ جۇڭ چېك يېقىندىلا 42 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئېگىزلىكى بىر مېتىر يەتمىش سەككىز سانتىمېتىر كېلەتتى، ئۇ قارىماققا كۆرۈمسىز، ئۆزى تاشتەك مىختا كۆرۈنەتتى.

جۇڭ چېك نەن جېنجۇڭنىڭ كۆڭلى يۇمشاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، يەنە ئۇنىڭغا ئېسىلىۋالدى، ئۇ ھەم زارلانغان، ھەم زاڭلىق قىلغان ھالدا:

— «ئات ـ ئۆلىغىم يۇگۇرسە، بېدە ـ سامان يېمىسە» دەيدىغان گەپ بار، كۆزىنى ئېتىپ قويسا ئەتىدىن ـ كەچكىچە تۇگمەن چۆرگىلىتىدىغانغا، مەن جۇڭ چېك يا ئېشەك يىلىقكەن ـ مەنمۇ؟ — دېدى.

نەن جېنجۇڭ قاقاقلاپ كۇلۇپ كەتتى:

— بۇ گەپنى ئارتۇقچە سورىدىڭ، سەن ئېشەك يىلىق بولماي نېمە يىلىقتىڭ؟ سەن شۇ تۇگمەن چۆرگىلىتىۋاتقان ئېشەك، مەن ئاللىقاچانلا سەن بىرنېمىنى ياخشى چۈشىنىپ بولغان، پېشانەڭگە ئۆمۈر بويى ئىشلەشلا يېزىلغان.

نەن جېنجۇڭ يەنىلا پۇل، ئادەم بېرىش ھەققىدە سۆزلىمىگەن بولسىمۇ، ئەمما جۇڭ چېك ئۇنىڭ گېپى ۋە چىرايىدىن بىر خىل خەيرخاھلىق بىلەن چۈشىنىشنى بىلىپ يەتتى، شۇڭا ئۇ يەنە بىر قېتىم چىن كۆڭلىدىن تەلەپ قىلدى:

— نازىر، راست دەۋاتىمەن، مېنىڭ قىيىنچىلىقلىرىمنى چۈشەنمىسىڭىز، قۇدرەتلىك بىر تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش تەكشۈ-رۈش ئەترىتى قۇرۇپ چىقىش قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدىكى ئىش، بىراق بىزنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئادەم دېسىڭىز ئادەم، خىراجەت دېسىڭىز خىراجەت بولمىسا، سىزنىڭچە مەن قانداق ئىش-لىسەم بولار؟

نەن جېنجۇڭ دەماللىققا جاۋاب بەرمەي، ئۇياندىن بۇيانغا بىر-نەچچە قەدەم ماڭدى، يەنە كەينىگە بۇرۇلۇپ ئاشۇ چوڭ ئۇستاكىنىد-نى قولىغا ئېلىپ بىر يۇتۇم چاي ئوتلىدى، ئاندىن تەھدىت ئارىلا-ش:

— ماڭمۇ ئامال يوق. مېنىڭ ئامالىم بولغان بولسا، سېنى تەڭقىسلىقتا قويمىغان بولاتتىم، مەن سېنى مېنىڭدىنمۇ ئامالى بار دەپ ئويلاپ كەلگەنىدىم. بولمىسا مۇنداق بولسۇن، سەن جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىگە كېلىپ نازىر بول، مەن سىلەرنىڭ جەنۇ-بىي شىنجاڭغا بېرىپ ئىدارە باشلىقى بولاي، قانداق؟ بۇ قوشۇننى قۇرۇپ چىقىش ئىقتىدارىمنىڭ بار - يوقلۇقىنى مەنمۇ سىناپ باقاي، — دېدى.

جۇڭ چېك مازاق قىلىپ:

— نازىر، سىز «ئەمىلى ئۆسۈپ، ئەلىمىمۇ ئۆسۈپتۇ» دې-گەندەك بەك مۇتتەھەملىك قىلىۋاتىسىز جۇمۇ. «باي ئادەمدىن پۇل ئالماق، پېتىر ناندىن قىل ئالماق» دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھەممى-سىلا ماڭا ئۇچراۋاتىدۇ، مەن نېمانداق نەسخوردۇرمەن! — دېدى. ئۇ زارلانغاچ نەن جېنجۇڭنى ئاچچىقلىنىپ كېتەرمۇ دېگەندەك، ئۇنىڭ چىرايىنى كۆزەتتى.

نەن جېنجۇڭ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ، بۇ گەپنى پۈتۈنلەي كۆڭلىگە ئالمىدى، ئۇ بىر خىل پەرۋاسىزلىق بىلەن:

— نېمە دېگىنىڭ كەلسە دەۋەرگىن، مېنى تىل - ھاقارەتكە كۆمۈۋەتسەڭمۇ، بىرەر يېرىم كەملەپ قالمايدۇ. لېكىن، گەپ ئەگىتىپ ئۇستاتلىق قىلمەن دېمە. سەن جۇڭ چېكنىڭ قورسىقىدا ئامال - چارىنىڭ كۆپلۈكىنى كىم بىلمەيدۇ، سەن قىلالمايدىغان ئىشمۇ بارمۇ؟ ئالدىمدا خۇپسەنلىك قىلمەن دەپمۇ يۈرمە، مەن

ئاڭلاپ بولدۇم، قوشۇننى قورۇپ بولايلا دەپ قاپسەن، ھەممە ئىش پۇتۇپتۇ، ۋەزىيەتكىلا قاراپ قاپسەن، — دېدى.

— ئۇچۇرنى ناھايىتى توغرا ئىگىلەپسىزغۇ، — دېدى جۇك چېك ھەقىقىي ئەھۋالنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىدىن خىجىل بولۇپ، — يەنە بىر ئىش بار، بۇنى ماڭا ھەل قىلىپ بېرىشىڭىز كېرەك، — دەپ تەلەپ قويدى جۇك چېك.

— ئېيتە! — دېدى نەن جېنجۇك قولىقىنى دىڭ تۇتۇپ.

جۇك چېك سەممىيلىك بىلەن:

— چەت ئەللىك ساقچىلارغا قاراڭ، بىرەر ئەھۋالنى بايقاپ قالسا، يا يېنىدا ئېلىپ يۈرىدىغان كومپيۇتېردىن دەرھال تەكشۈرى-دىكەن، يا قوماندانلىق مەركىزىگە تېلېفون بېرىپ مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى سۈرۈشتۈرىدىكەن، ئىش بېجىرىش ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقىرىكەن، مېنىڭ ئالاھىدە تەكشۈرۈش ئەترىتىمنىڭ ھەربىر ئە-زاسىدا بىردىن «ساقچىچاق» بولىسكەن دېگەن خىيالىم بار، مۇ-شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن جەڭگىۋارلىقنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئۆس-تۈرگىلى بولىدۇ، — دېدى.

— ھەببەللى! مەن نازارەتكە كەلگەندىن كېيىن ھەممىدىن كۆپ ئويلاشقىنىم «ساقچىلارنى پەن - تېخنىكا بىلەن كۈچەيتىش» مەسىلىسى بولدى. نۆۋەتتە، مۇشۇ چوك تورنى تۇتۇۋاتىمەن. جەنۇ-بىي شىنجاڭنى تېررورلۇقىقا قارشى تورۇشنىڭ ئالدىنقى سېپى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىرىنچى بولۇپ ئويلىشىمەن، — نەن جېن-جۇك ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن جۇك چېڭغا مۇشۇنداق كۆزقارىشى-نى ئاشكارىلىدى. جۇك چېك بۇنىڭ قاچان نەقىلىشىدىغانلىقىنى سۈيلىمەكچى بولۇپ تورۇۋىدى، نەن جېنجۇك قەتئىي قىياپەتتە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن يېقىندا بىر ئاخباراتنى قولغا چۈشۈردۈم، مەخپىي نامى «قارا بۆركۈت» دەپ ئاتىلىدىغان ئەبلەخ يېقىندا چېگرا سىرتىدىن شىنجاڭغا ئوغرىلىقچە كىرىپتۇ. بىز ئاخباراتقا ئېرىشكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشتۇق. ئەمما، بۇ كىشى ناھايىتى مەككار ئىكەن، بارلىق ئالاقىلىشىش ئەسۋابلىرىنى توساتتىن ئۈزۈۋېتىپ، نەزەر دائىرىمىزدىن غايىب بولدى.

نەن جېنجۇك ھېلىقى ئاخباراتنى جۇك چېڭنىڭ قولىغا بەر-

دى، جوڭ چېك كۆرگەندىن كېيىن يەنە بېشىنى كۆتۈردى، ئىك-
كىيلەن بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇشتى. روشەنكى، بۇ
ئىش ھەرقانداق ئىشتىن مۇھىم ئىدى.

— ئۇ نەگە يوشۇرۇنۇۋالغاندۇ؟ شىمالىي شىنجاڭغىمۇ يا جە-
نۇبىي شىنجاڭغا؟ ئۈرۈمچىدە قېلىپ قالغاندىمۇ يا؟ ھەقىقەتەن كى-
شىنى تىت - تىت قىلىدىغان ئىش بوپتۇ، ئۇ نەگىلا بارسا شۇ
يەردە چاتاق چىقىرىدىغان يوشۇرۇن ئاپەت بولىدۇ. يەنە ئىككى
ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن دۆلەت بايرىمى، بۇ ئەبلەخنىڭ
مۇشۇنداق چاغدا كېلىپ نېمە قىلىدىغانلىقى مېنىڭچە سېنىڭدەك
تېررورلۇققا قارشى تۇرىدىغان پېشقەدەم تەكشۈرگۈچىگە ناھايىتى
ئايانغۇ دەيمەن؟ — نەن جېنجۇڭ جوڭ چېكنىڭ كۆزىدىن جاۋاب
تاپماقچى بولدى. ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا ۋىلايەت شۇجىسى بولۇۋات-
قان مەزگىلدىلا، جوڭ چېك ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ياخشى كۆرى-
دىغان سەركەردىسى ئىدى.

«قارا بۈركۈت» نىڭ چېگرىدىن كىرگەنلىكىنى ئۇقۇپ، جوڭ
چېكنىڭ كۆز ئالدىدا شۇئانلا ئىسمايىل ۋە قاسىمدىن ئىبارەت
چېگرا سىرتىدىن ئەۋەتىلگەن تېررورلۇق تەشكىلاتىنىڭ ئىككى
باشلىقى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۈچ يىل ئاۋۋال ئۇلار ئايرىم -
ئايرىم ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭغا سوقۇنۇپ كىرىۋېلىپ، 100 چاقى-
رىملىق ئادەمسىز رايوندا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تېررورچىلارنى
تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدىغان ئىككى بازىنى مەخپىي قۇرۇپ چىققان
ھەمدە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام تەشكىلاتى» قۇرۇپ، جەنۇبىي
شىنجاڭدا قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق دېگەندەك تېررورلۇق ۋەقەلىرىنى
تەپ تارتماي پەيدا قىلغانىدى. جەنۇبىي شىنجاڭ ساقچى دائىرىلىرى
بۇ كىشىلەرنىڭ ماكانىنى پۇل توشۇش ماشىنىسىنى بۇلاش دېلوسى
ئارقىلىقلا بايقىغان، ئارقىدىن بىر يىل توققۇز ئاي يوشۇرۇنۇۋال-
غان بۇ تېررورلۇق تەشكىلاتى بازىسىنى چۇۋۇپ تاشلىغانىدى. بۇ
ئىش ھەر قېتىم تىلغا ئېلىنسا، جوڭ چېك ناھايىتى جىلە بولۇپ
كېتەتتى، تېررورلۇق تەشكىلاتى بازىسىنىڭ ئۆزىنىڭ كۆز ئالدىدىلا
ئىككى يىلدەك ياشىغانلىقى ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭغا ناھايىتى زور ھاقا-
رەت بولغانىدى. جوڭ چېك تارتقان دەردىنى ئەسلەپ، شۇنىڭدىن

كېيىنكى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قارىتا «تەشەببۇسكارلىق بىلەن
ھۇجۇم قىلىش، باش كۆتۈرسىلا زەربە بېرىش» تىن ئىبارەت ئىككى
جۈملىلىك فاڭجېننى ئوتتۇرىغا قويغان، بۇ تەكلىپى نەن جېنجۇڭ-
نىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشكەنىدى. شۇ تاپتا ئۇ جىمجىت
دېرىزە سىرتىغا قاراپ نېمىدۇر بىر نەرسىنى ئويلاۋاتقاندەك:
— ئۇ قانداق مەقسەتتە كەلگەندۇ؟ يەنە كېلىپ قەيەرگە
مۆكۈنۈۋالغاندۇ؟ — دەپ سورىدى.
— مېنىڭچە، سىلەرنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا مۆكۈنۈۋېلىش
ئېھتىمالى چوڭراق. ئويلاپ باقمامسەن، ئىسمايىل بىلەن قاسىمنى
سىلەر جەنۇبىي شىنجاڭلىقلار يوقاتقان. دۈشمەن مىڭ بىر جاپا -
مۇشەققەتلەر بىلەن قۇرۇپ چىققان بازىسىنى ئىككى قوللاپ تاپشۇ-
رۇپ بېرىشكە قانداقمۇ تەن بەرسۇن، ئارقا - ئارقىدىن ئىككى
قېتىم مەغلۇپ بولۇشقا قانداقمۇ رازى بولسۇن؟ پەرىزىمچە، بۇ
قېتىم كەلگەن ئەبلەخ ئادەتتىكى شەخس ئەمەس، ئۇنىڭدا ئەجەللىك
قورال بار، شۇڭا سەل قاراشقا بولمايدۇ، سەندە تولۇق جەڭگە
ئاتلىنىش ھازىرلىقى بولۇشى كېرەك.
نەن جېنجۇڭمۇ خۇددى ھېلىقى «قارا بۈركۈت» دېرىزىنىڭ
سىرتىدىكى مەلۇم جايدا زوڭزىيىپ تۇرغاندەك دېرىزە سىرتىغا
قاراپ تۇراتتى.
جۇڭ چېك نەن جېنجۇڭنىڭ چىرايىدىن ئۆتمۈشتە بىرگە ئىش-
لىگەن چاغلاردىكى ھەمكارلىق شادلىقىنى بىلىۋالدى، ئۇمۇ كۈلۈپ
تۇرۇپ دېرىزە سىرتىدىكى ئاسمانغا قاراپ:
— ھەببەللى، مەن ئاشۇنداق داشقاللار بىلەن ھەپىلىشىشكە
ئامراق، ئېلىشىش خاراكتېرى كۈچلۈك ھەرىكەت تۇرنى ياقتۇرى-
مەن. شۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىمەنكى، چېگرا سىرتىدىن بىرى
ئەۋەتىلسە بىرى ئۆلىدۇ، يەنە ئەۋەتىلسە يەنە ئۆلىدۇ! مەن جەنۇبىي
شىنجاڭدىلا بولىدىكەنمەن، ئۇلار مەقسىتىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرى-
مىز دەپ خام خىيال قىلىشمىسۇن! — دېدى.
نەن جېنجۇڭ جۇڭ چېكنىڭ ئىشەنچى ۋە مەغرۇرلۇقىنى توس-
ماي، ئۇنى رىغبەتلەندۈردى:
— «قارا بۈركۈت» نى يىغىشتۇرۇشنىڭ ساڭا نىسبەتەن قا-

چانلا بولمىسۇن قىلىدىغان ئىش ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن، ئەمما
مېنىڭ ئويلاۋاتقىنىم باشقا بىر ئىش، — نەن جېنجۇڭنىڭ چىرايى
جىددىي تۈس ئېلىشقا باشلىدى، — هازىر بىز «قارا بۆركۈت»
نىڭ كەلگەنلىكىنىلا بىلىمىز، ئەمما ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى
كونكرېت ئۇقمايمىز، مەن ئۇنى تۇتۇۋېلىشتىن ئاۋۋال خەلقنىڭ
زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىشىدىن، بىگۇناھ هالدا قانلىق بەدەل
تۆلىشىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن، يەنە كېلىپ بۇنىڭدىن خالىي بولغىلى
بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. شۇڭا، مەن سەن ئوتتۇرىغا قويغان «ئىك-
كى جۈملىلىك فاڭجېن» نى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش، قەيەردە
كىمنىڭ ئىز - دېرەكسىز يوقالغانلىقى، قەيەردە يەنە بازا قۇرۇلغان-
لىقىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىزدەش، قانداقتۇر بىر ئىشنىڭ
يۈز بېرىشىنى پاسسىپلىق بىلەن ساقلاپ، ئاندىن ساقلىنىۋاتقىنىغا
ئىككى يىلدەك بولغان تېررورلۇق تەشكىلاتىنى قېزىپ چىقىدىغان
ئىشنى هەرگىز قىلماسلىق، مۇنداق ئىشنىڭ ئىككىنچىلەپ يۈز
بېرىشىگە هەرگىز يول قويماسلىق كېرەك، دەپ ئويلايمەن! مەر-
كەز «يۈزەكى تۈزەش بىلەن تۈپتىن تۈزەش» فاڭجېنىنى بەلگىلە-
دى، يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پۈتۈن شىنجاڭدا زور
بىر تۈركۈم كادىرلارنى ئاجرىتىپ خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىل-
لەش، تەشەببۇسكارلىق بىلەن سىرتقا چىقىش، شىنجاڭدىكى هەر-
قايسى شەهەر، ناهىيە، يېزا - كەنتلەرگە چۈشۈپ، خەلق ئامما-
سىغا قارىتا داغدۇغىلىق ئىجابىي تەشۋىقات هۇجۇمى ئېلىپ بېرىش-
نى قارار قىلدى. زەربە بېرىش، يۈزەكى تۈزەش. تەربىيە بېرىش،
تۈپتىن تۈزەش شىنجاڭدىكى مەسىلىلەردە ئىككى جەهەتتىن تەڭ
تۇتۇش قىلساقلا، ۋەزىيەتنى چوقۇم تىزگىنلىيەلەيمىز.

جۇڭ چېڭ ئولتۇرالماي قالدى، ئۇنىڭ پىكىر - خىيالى قول
سوزۇپ ئىختىساس ئىگىسى، خىراجەت تەلەپ قىلىشتىن، قانداق
قىلىپ «قارا بۆركۈت» بىلەن تۇتىشىشقا يۆتكەلدى، ئەمەلىيەتتە،
تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئالاهىدە تەكشۈرۈش ئەترىتى قۇرۇش
ۋە «قارا بۆركۈت» بىلەن ئېلىشىش زىددىيەتلىك بولماستىن،
بەلكى بىر ئىش ئىدى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە، جۇڭ چېڭ يېڭى
بىر پىكىرگە كېلىپ، نەن جېنجۇڭ بىلەن يەنە ئېغىز ئۇپرىتىۋەر-

مەسلىكنى قارار قىلدى، ئۇ ھەرىكەت قىلماقچى بولدى.

نەن جېنجۇڭ ئالدىراپ - تېنەپلا چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقان جۇڭ چېڭنى توختىتىۋالدى.

— يەنە نېمە ئىش بار؟ — جۇڭ چېڭ گويا ئۇرۇمچىدە كۆپرەك تۇرۇپ قالسا جەڭ پۇرسىتى ئۆتۈپ كېتىدىغاندەك، «قارا بۇركۇت» نىڭ يېتىپ كەلگىنىدىن ئوت بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

نەن جېنجۇڭ ئۇنىڭغا بىر ئىشنى ئەسكەرتتى:

— جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى يارامىلىق بىر مۇئاۋىن نازىر سەپلىمەكچى بولۇۋاتىدۇ، سەن جۇڭ چېڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىدارە باشلىقى بولۇۋاتقىنىڭغا بەش يىل بولدى، مەيلى خىزمەت ئىستاژىڭ ياكى خىزمەت نەتىجەڭدىن بولسۇن تەكشۈرۈش ئوبيېكتىغا كىرىسەن. ھازىر نامزاتلاردىن بىر قانچىسى تاللاندى، تەشكىلات تارماقلىرى يېقىندا بۇ كادىرلارنى ئايرىم - ئايرىم تەكشۈرىدۇ. مەن جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى مۇئاۋىن نازىرلار نامزاتلىرىنىڭ ئىسمىلىكىنى ئاشكارىلىغاندا، سېنىڭ مۇبارەك نامىڭنى كۆرۈشنى چىن دىلىمدىن ئارزۇ قىلىمەن.

نەن جېنجۇڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، جۇڭ چېڭنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى، ئۇ بۇ ئىشنى سورۇشتۇرۇپمۇ ئولتۇرمىدى. نەن جېنجۇڭ جۇڭ چېڭدا ئىپادىلەنگەن خاتىرجەملىكنىڭ ئۆزىنى يوشۇرۇش ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ راستىنلا پەرۋا قىلمىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەمما ئۇ يەنىلا:

— بۇنىڭغا قارىتا بىرەر خىيالىڭ بارمۇ؟ دەپ باقە، ئاڭلاپ باقاي؟ — دەپ سورىدى.

— ھېچقانداق خىيالىم يوق، ئىشنىڭ تەبىئىي بولغىنى ياخشى! — دەپ كۈلۈپ قويدى جۇڭ چېڭ.

## 2

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا توغرا كېلىدىغان بوستان شەھىرى خۇددى ئۇخلاپ قالغاندەك تۈن قوينىدا جىمجىت ياتاتتى.

كېچىككىنە تار كوچىدا ئىككى ئەر كىشى پەيدا بولدى، ئۇلارنىڭ بىرى يەڭگىل قەدەم بىلەن، يەنە بىرى ئېغىر قەدەم بىلەن كېتىۋاتاتتى، يەڭگىل قەدەم بىلەن كېتىۋاتقىنىنىڭ ئوڭ پۇتى سەل ئاقسايتتى. ئۇلار تار كوچىدىن ئەگىپ چىقىپ خىلۋەت كوچىغا كەلگەندىن كېيىن توختىۋېلىپ ماڭمىدى. بۇ كوچىدا يولۇچىلار يوق دېگۇدەكلا ئىدى، تاكسىلار ئاندا - ساندا ئۆتۈپ تۇراتتى.

— مۇشۇ يەردە ئادەم ئۆلتۈرمىزما؟ كوچىدىلا؟ — دەپ ئالدىراش سورىدى پاكىنەك ياسىن ۋېجىك شىرئەلىدىن.

شىرئەلى ئاقپىشماق، كۆزى كۆك يىگىت ئىدى، ئۇ ئىككى قولىنى يانچۇقىغا سېلىۋېلىپ ياسىنغا سوغۇق نەزەردە تىكىلدى ھەمدە ھېچقانداق جاۋاب بەرمىدى. شىرئەلىنىڭ كۆپكۆك كۆزى تۈن قاراڭغۇسىدا سوغۇق چاقناپ تۇراتتى.

بىرقانچە يىل ئىلگىرى، بوستان شەھەرلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە تەنتەربىيە مۇئەللىمى بولغان شىرئەلى ئوقۇغۇچى قىزلارنى ئالداپ، ئىپپەت - نومۇسىغا تەگكەنلىكتىن بىر يىل ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە ھۆكۈم قىلىنغانىدى. ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، بوستان شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىبراھىم ئۇنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنى يېتەرلىك تۇرمۇش خىراجىتى بىلەن تەمىنلىدى، ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇنى B دۆلەتكە ئۈچ ئايلىق «قۇرئان» ئوقۇشقا يولغا سالدى؛ كېيىن A دۆلەتتىكى تېررورچى تەشكىلاتنىڭ باشلىقى ئالىم ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى ئېلىپ كەتتى، ئۇ شۇ يەردە قاتتىق تېررورلۇق تەلىم - تەربىيىسى قوبۇل قىلدى. تېررورلۇق تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى ئالىم ئۇنى يېنىدا ئېلىپ قېلىپ ھەربىي ئوقۇتقۇچى قىلىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەنىدى، ئەمما ھىيلە - مىكىرلىك ئىبراھىم بۇنىڭغا قوشۇلمىدى، ئۇ شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىش ئۈچۈن، شىرئەلىنىڭ بۆزدنىڭ «30 يىللىق پىلان»نىغا ماسلىشىشى، جەنۇبىي شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ «غازات تەشۋىقاتى» ئېلىپ بېرىشى، تەپسىر ئېيتىش شەكلى بىلەن تېخىمۇ كۆپ مۇسۇلمانلارنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى.

شىرئەلىنىڭ مىجەزى غەلىتە، جىمغۇر ئىدى، ئۇ باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىشقا ماھىر ئەمەس ئىدى، تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ئىش تەۋرىتىشكە تېخىمۇ ماھىر ئەمەس ئىدى، ئەمما شاپائەتچىسىنىڭ يۈزىنى قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ تەرەققىي قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قايتىپ كېلىشتىكى مەقسىتى ھەم ھۆكۈمەت ۋە جەمئىيەتتىن ئۆچ ئېلىش، ھەم پۇرسەت كۈتۈپ زوراۋانلىق ۋە تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش ئىدى، زوراۋانلىق ۋە تېررورلۇق قوشۇنى قۇرۇپ چىقىش تېخىمۇ خىيالىدىن چىقمايتتى. ئۇ ساقچىلارنىڭ ئۆزىنى تونۇۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ ھۆسنىنى تۈزەتكەن، ئاندىن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئوغرىلىقچە كىرىپ مۆكۈنۈۋالغانىدى.

شىرئەلى ئىبراھىمنىڭ ئارزۇسى بويىچە شىنجاڭدا ئۇنداق سىپايىلەرچە «غازات تەشۋىقاتى» ئېلىپ بارمىدى. ساقچى دائىرىلىرىنىڭ ئۆزىگە دىققەت قىلىپ كەتمىگەنلىكىنى ئېنىق جەزم قىلغاندىن كېيىن، چېگرا سىرتىدىكى زورلۇق، تېررورلۇق تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى ئالىم بىلەن پائال ئالاقىلىشىشنى باشلىدى، ئۇلارنىڭ قورال - ياراغ ۋە پائالىيەت راسخوتىنى چېگرىدىن كىرگۈزۈپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلدى، بۇ تەلەپ ئالىمغا ياغدەك ياقتى. ئالىم ناھايىتى تېزلا مۇئاۋىن باشلىق ئىسمايىلنى چېگرىدىن سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىشقا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن شىرئەلىگە ماسلىشىپ بىر زېمىن تەييارلاشنى تەلەپ قىلدى، شىرئەلى مىلتىق، پۇل ئېلىشنىلا ئويلايتتىكى، يۇقىرى دەرىجىلىك بىر رەھبەر ئېلىشنى خالىمايتتى، ئەمما ئىسمايىل ئۇنىڭ ئالدىدا ئاغزىدا شەھەر ئالىدىغان ئەلپازدا پەيدا بولدى. ئىككىيلەن بىر يىلدەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر ئادەمسىز رايوندا زوراۋانلىق، تېررورلۇق بازىسىدىن بىرنى مەخپىي قۇرۇپ چىقتى، 40 نەچچە زوراۋان تېررورچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ تەربىيىلىدى ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭدا زورلۇق، تېررورلۇق پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشقا پۇرسەت كۈتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، جەنۇبىي شىنجاڭ ساقچى دائىرىلىرى پۇل يۆتكەش ماشىنىسىنى بۇلاشتىن ئىبارەت پەۋقۇلئاددە زور دېلو ئۈستىدە ئىسمايىلنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، تەشكىلات ئەزالىرى ياسىن

قاتارلىقلارنى تۇتتۇۋالدى، قورشاپ تۇتۇش داۋامىدا ئوبدان تەربىيە-
لەنگەن شىرئەلى غىپپىدە قېچىپ كەتتى، ياسىن ئۈچ يىللىق قاماق
جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتنى باشتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن،
چېگرا سىرتىدىكى ئالىم بۇنىڭغا تەن بەرمىدى، ناھايىتى تېزلا يەنە
بىر مۇئاۋىن باشلىق قاسىمنى چېگرىدىن سوقۇنۇپ كىرىشكە ئەۋەت-
تى، ئۇ چېگرىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغان شىرئەلى بىلەن كۆ-
رۈشكەندىن كېيىن، ئىككىسى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام تەش-
كىلاتى» دىن ئىبارەت بۇ يىرتىق بايراقنى يەنە كۆتۈرۈپ چىقىپ،
20 نەچچە قالدۇق شېرىكىنى يىغىپ تارتىپ، ئۇلارغا تېررورلۇق
تەلىم - تەربىيىسى ئېلىپ باردى. بۇ قېتىم ئۇلار يوشۇرۇن
ئۆلتۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىش قارارىغا كەلدى، بوستان شەھەر-
لىك پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرىنى ئۆلتۈرۈش بىلەن
بىللە، ساقچى دائىرىلىرىمۇ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام تەشكىلا-
تى» نىڭ يېڭىدىن قۇرغان يەنە بىر بازىسىنى قورشاپ تۇراتتى،
ئۇنىڭ باشلىقى قاسىم شۇ جايدىلا جېنىدىن ئايرىلدى، شىرئەلى
يەنە بىر قېتىم تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ قېچىپ كەتتى.

يېرىم يىل جىم ياتقاندىن كېيىن، شىرئەلى يەنە ئىش تەۋرەت-
مەكچى بولدى، ئۇ ئۆز ئالدىغا جەنۇبىي شىنجاڭدا ۋەقە پەيدا قىلىش
ئىرادىسىگە كەلدى. شۇ چاغدا، ياسىن تۈرمىدىن قېچىپ چىقتى.
ئۇنىڭ شىرئەلىنى تېپىپ قىلغان تۇنجى سۆزى: «سەن توغرۇلۇق
بىر ئېغىزمۇ تىنمىدىم. مېنىڭ تەلىپىم يۇقىرى ئەمەس، تىرىك
قالساملا بولدى.» دېگەندىن ئىبارەت بولدى. شىرئەلى ياسىننىڭ
ئۆزىدىن پوپوزا قىلىپ پۇل ئالماقچىكەنلىكىنى ئۇقاتتى، شۇڭا ئۇ
خۇشاللىق بىلەن ياسىنغا ئازراق پۇل بەردى، يەنە كېلىپ ئۇنى
ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ ھۆسنىنى تۈزەتتى. ئۈرۈمچىدىكى مەزگىلدە،
شىرئەلى بىر نامسىز تورخانىدا تورغا چىقىپ، ICQ پاراڭلىشىش
شەكلىدە چېگرا سىرتىدىكى ئالىم تېررورلۇق تەشكىلاتى بىلەن
بىرەر قۇر مەخپىي سۇيىقەست پىلانلىدى. ئاخىر، ئالىم تەرەپتىن-
كىلەر: «قارا بۇركۇت يېقىندا ئەۋەتىلىدۇ، كونا جايدا كۈتۈۋېلىڭ-
لار» دەپ ئىما - ئىشارەت قىلدى.

يەنە كۆلەملىك ئاساستا ئازراق ئىش تېرىغىلى بولىدىغانلىقى-دىن شىرئەلى قاتتىق ھاياجانلاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇقتۇرمىلىقى-نى ئۆزگەرتىپ، يوقىتىپ قويغان ئىشەنچىنى تېپىۋېلىش ئۈچۈن، جەنۇبىي شىنجاڭغا قايتقاندىن كېيىن، بىرىنچى بولۇپ بىر ئادەم ئۆلتۈرۈش، شۇ ئارقىلىق ئۆزىدىكى نەسلىكنى قوغلىۋېتىش قارا-رىغا كەلدى، شىرئەلى: «ياسىننى ئېلىۋېلىپ قاتىللىق قىلىش خۇشاللىقىدىن ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇشۇم كېرەك» دەپ ئويلىدى. ياسىننىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش جەڭگىۋارلىق روھىغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن، ئۇ ئەتەي ياسىن بىلەن باغلاشتى:

— مەن ھەرقانداق بىر كاپىرغا ئوق چىقىرىشقا جۈرئەت قىلىمەن، ئەمما سەن ئۇنداق قىلالمايسەن!

ياسىن ئەمدىلا تۇرمىدىن قېچىپ چىققان، تېخى يېتەرلىك ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولمىغانلىقتىن، تېخىچە دەككە - دۈك-كىدە يۈرۈۋاتاتتى، ئەمما يەنە شىرئەلىنىڭ ئۆزىنى كۆزگە ئىلماس-لىقىدىن ئەنسىرەپ، ئۇمۇ قەستەنگىلا:

— قولۇڭدىكى تاپانچا يالغان ئىكەن، ئۇنىڭ بىلەن ئادەم ئۆلتۈرەلەمتىڭ؟ پوچىلىق قىلما، — دېدى.

شىرئەلى قولىدىكى توققۇز مىللىمېتىرلىق بېرىتا تاپانچىنى دەڭسەپ تۇرۇپ، سوغۇق تەلەپپۇزدا:

— ماقۇلە، ئۇنداق بولسا بىز تالاغا چىقىپ سىناپ باقايلى، تاپانچامنىڭ راست - يالغانلىقىنى كۆرىمىز، — دېدى.

ياسىن شىرئەلىنىڭ سوغۇق، كىشىنى ياراتمايدىغان كۆزلىرى-گە قاراشنى زادىلا خالىمايتتى، شۇڭا ئۇمۇ قولىغا پارقىراپ تۇرغان بىر خەنجەر ئېلىۋالغانىدى. ئىشىكتىن چىقىشتىن ئاۋۋال، ھەتتا قوپاللىق بىلەن شىرئەلىنىڭ كۆز ئالدىدا بىرنەچچە قېتىم شىلتىپ قويۇپ، ئۇنىڭ غەزەپلىك قاراشلىرىدىن يىغىشتۇرۇۋالغانىدى.

ياسىن ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ:

— نېمە بولدى، پېتىنالمايۋاتامسەن؟ ساڭا نىشان تاللىشىپ بېرەيمۇ؟ — دەپ سورىدى.

جەنۇبىي شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن تۈنجى كۈنى يېرىم كېچى-دە، ئىككىسى كوچىغا لاغايلاپ چىقتى.

شىرئەلى ياسىنغا مەنسىتمەسلىك بىلەن لەپپىدە قاراپ قويـ-
دى، ئاندىن ھوشيارلىق بىلەن ئەتراپقا سەپسالدى.
ياسىن يەنىلا شىرئەلىنىڭ چىشىغا تەگدى:
— سەن ئۆزۈڭنى چېگرا سىرتىدا تەربىيىلەندىم، جەڭ مەيـ-
دانىغا باردىم دەيسەن، ئەمما سەنمۇ شۇنچىلىكلا بىر ئادەم، بىرەر
ئىشقا يولۇقساڭ توشقاندىن تېز قاچىسەن.
ياسىن شىرئەلىنىڭ ئۆزىلا قېچىپ كېتىپ، ئۇنى قۇتۇلدۇر-
مىغان ئىشىغا ھېلىھەم ئىچىدە غۇم ساقلاپ يۈرەتتى. ئەمما شىرئە-
لى ئۇنى چىقمىدى، بۇ قېتىم ئۇ بىر قولىنى يانچۇقىدىن چىقىرىپ
يولدا كېتىۋاتقان كىرا ماشىنىسىغا پۇلاڭلاتتى، شۇنىڭ بىلەن كىرا
ماشىنىسى چوڭ چىرىغىنى ياندۇرغىنىچە ئۇلارغا قاراپ كېلىشكە
باشلىدى.
شىرئەلىنىڭ ماشىنا توسقانلىقىنى كۆرگەن ياسىن روھلىنىپ
كەتتى، ئۇ:
— كىرا مـاشىنىسـى بـۇلايمىزمـا؟ ئاندىن ئۇنى ئۆلتۈ -
رىمىز؟ — دەپ سورىدى.
شىرئەلى ئۇنىڭغا سوغۇق نەزەردە قاراپ قويۇپ، يەنىلا گەپ
قىلمىدى.
كىرا ماشىنىسى شىرئەلىنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇ ماشىنىنىڭ
ئىشىكىنى كۆچەپ ئېچىپ ئۆزى كەينىدىكى ئورۇنغا ئولتۇردى،
ئاندىن ياسىننى شوپۇرنىڭ يېنىدىكى ئورۇنغا ئولتۇرۇشنى شەرەت-
لىدى.
— ئىككىڭلار قەيەرگە بېرىشىلا؟ — دەپ قىزغىن سـا-
لامـلاشتـى كىرا ماشىنىسىنىڭ شوپۇرى.
ئارقا ئورۇندىكى شىرئەلى سوغۇق تەلەپپۇزدا جاۋاب بەردى:
— يىراق ئەمەس، ئالدىڭغا بىرنەچچە كىلومېتىر ماڭساڭلا
يېتىپ بارىمىز.
شوپۇر شىرئەلىنىڭ سوغۇق كۆك كۆزلىرىنى كۆرمىدى،
ئەمما يېرىم كېچىدە ماشىنىغا چىققان بۇ ئىككى ئەر كىشىنىڭ
غەلىتىرەك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، ئۇلار ھەم ياقا يۇرتلۇقلار-
دەك يۇك - تاق كۆتۈرۈۋالمىغان، ھەم شۇ جايدىكى ئاھالىلەردەك

ئوچۇق چىراي ئەمەس ئىدى، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن قانخورلۇق چىقىپ
تۇراتتى. ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، كىرا ماشىنىسىنىڭ شوپۇ-
رى قانداقتۇر بىر نەرسىنى پەملىگەندەك، ماشىنىنى توختاتمىسام
بوپتىكەن، دەپ پۇشايمان قىلدى. ئۇنىڭ ماشىنىنى ئۆتكۈزۈپ
بېرىدىغان ۋاقتى توشۇپ قالغانىدى، ئەسلىدە ئۇ ئۆيىگە قايتىپ
كەتمەكچى بولۇپ تۇرغان، ئەمما ئۇلارنىڭ قولىنى پۇلاڭلىتىۋاتقى-
نىنى كۆرۈپ، يەنە ئازراق پۇل تېپىۋېلىشنى ئويلىغانىدى.
ياسىن ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى قاتتىق يېپىۋەتتى. شوپۇر ئا-
خىر رەت قىلىدىغان گەپنى ئاغزىدىن چىقىرالمىدى، «ماقۇلە» دەپ
قويۇپلا خوت يۆتكەپ سۈرئەتنى تېزلەتتى ـ دە، ئالدىغا يۈرۈپ
كەتتى. ئۇ ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېتىۋاتقاچ، بىرەر ئىش چىقمىسا
بولاتتى، بۇ كېچە ئامان ـ ئېسەن ئۆتسە بولاتتى، دەپ ئەنسىرەپ
قالدى. ئالدى تەرەپتىكى بىرنەچچە كىلومېتىرلىق جاي خۇددى
غايەت زور قاراڭغۇ ئۆڭكۈردەك بۇ غېرىبانە كىرا ماشىنىسىنى دەم
تارتىپ كېتىۋاتاتتى، شوپۇر ئۆزىنىڭ ئاشۇ قاراڭغۇ ئۆڭكۈرگە
ئەبەدىلئەبەد غەرق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈر-
مىگەنىدى. ئۇنىڭ ئانا يۇرتى خېنەن ئىدى، ئاتىسىدىن تارتىپلا
بوستان شەھىرىگە كەلگەنىدى، يۇقىرىدا ئاتا ـ ئانىسى، تۆۋەندە
بالا ـ چاقىلىرى بار ئىدى، ئۆزى تېخى يېقىندىلا ئىش ئورنىدىن
قالغانىدى، كىرا ماشىنىسى ھەيدەش ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ
تىرىكچىلىكىنى قامداشتىكى ئۇسۇلى ئىدى.
ئالدىغا ماڭغانسېرى شوپۇرنى شۇنچە سۈر باستى، ئۇ ھېچنې-
مىدىن ھېچنېمە يوقلا قورقۇشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن ماشىنى-
سىنى «غىچ» چىدىلا توختىتىپ، ئىككى ئەر كىشىگە مۇنداق دې-
دى:
ـــ سىلەر چۈشۈپ كېتىڭلار، ئاپىرىپ قويالمىغۇدەكمەن...
شوپۇرنىڭ كېيىن نېمە دەيدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلەلمىدى،
چۈنكى شۇ چاغدا شىرئەلىنىڭ توققۇز مىللىمېتىرلىق بېرىتا تاپانچى-
سى ئېتىلدى، «پاك» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، ئىسىم ـ
فامىلىسىنى بىلىپ بولمايدىغان شوپۇر بىردەمدىلا جىمىپ قالدى.
شىرئەلىنىڭ قاپقارا تاپانچا ئىستوۋۇلى شوپۇرنىڭ قولاق تۈۋ-

گە تىرەلگەن، ئوق ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن كىرىپ پېشانىسىدىن چىقىپ كەتكەن، شوپۇرنىڭ چوڭ مېڭە نېرۋىسى توساتتىنلا ئۈزۈلگەن، ئۇ ماشىنا ھەيدەۋاتقان قىياپىتىنى شۇ پېتى ساقلاپ قالغان، ئەمما ئۆزى ئۆلگەنىدى. ئۇنىڭدىن قالغان ئاخىرقى ئاۋاز خۇددى سوغۇق شامال سوقۇپ چۈشۈرۈۋەتكەن غازاڭدەك گىرىمسەن قاراڭغۇلۇقتا سىڭىپ كەتتى.

شوپۇرنىڭ يېنىدىكى ئورۇندا ئولتۇرغان ياسىن ئاۋۋال قورقۇپ، ئارقىدىن روھلىنىپ كەتتى، ئۇ شىرئەلىگە قول قويۇپ:

— ئۇ ئۆلدى، ئەمدى بىر ئۆلۈككە ئايلاندى! — دېدى.

شىرئەلى توققۇز مىللىمېتىرلىق بېرېتتا تاپانچىسىنى يىغىشتۇرۇپ، تاپانچىغا چاچراپ كەتكەن قاننى يېڭى بىلەن ئاستا سۈرتتى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ياسىندىن سوغۇققىنا سورىدى:

— بۇ تاپانچا راستمىكەن ياكى يالغانمىكەن؟

ياسىن چىن كۆڭلىدىن قايىل بولدى:

— راستكەن، ماڭا پو ئاتماپسەن، بۇ قېتىمقى باغلىشىش

مەن ئۇتتۇردۇم.

— ئۇنداق بولسا ياخشى.

شىرئەلى توققۇز مىللىمېتىرلىق بېرېتتا تاپانچىسىنى ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن يىغىشتۇرۇپ قويدى، ئۇ بۇ باغلىشىشنىڭ نەتىجىسىدىن ناھايىتى رازى بولغانىدى، ئەمدى ياسىننىڭ ئۇنىڭغا بويسۇنۇش - بويسۇنماسلىقى مۇھىم ئەمەس ئىدى، مۇھىمى، بۈگۈن كەچ ياسىن ئۇنىڭ تاش يۈرەكلىكى، رەھىمسىزلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. ئۇ ياسىننىڭ ناھايىتى تېزلا شوپۇرنى ئۆلتۈرگەن كۆرۈنۈشنى مۇبالىغىلەشتۈرگەندىن كېيىن شېرىكلىرى ئارىسىدا تارقىتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇنىڭغا كېرىكى دەل مۇشۇ ئىدى. ياسىن قايىل بولماي:

— سەن بىر خەنزۇنى ئۆلتۈردۈڭ، مەنمۇ بىرنى ئۆلتۈرۈپ

ساڭا كۆرسىتىپ قويىمەن، — دېدى.

شىرئەلى مەنسىتمىگەندەك قىلىپ:

— قولۇڭدىكى ئاشۇ خەنجەر بىلەنما؟ ئاۋۋال ماۋۇ ئۆلۈكنى بىر تەرەپ قىلىۋېتەيلى، كېيىن بىر پۇرسەت تېپىپ قاتىللىق قىلا-

غىنىڭنى كۆرەرمىز، — دېدى.

ياسىننىڭ قاتىللىق قىلىش ئارزۇسىنى شىرئەلى سوغۇقلا توسۇپ قويدى، ئۇ غەزەپ بىلەن ئۆلگۈچىگە ئېتىلدى. ئۇنىڭ يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ، بىر چاڭگال پارچە پۇل تاپقاندىن كېيىن قوينىغا سالدى.

شىرئەلى ئىشىكنى ئىتتىرىپ ماشىنىدىن چۈشتى. ئۇ ھاجەت قىلىشۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئەتراپتا ئادەم بار - يوقلۇقىغا قاراپ باقتى، ئاندىن ماشىنىنىڭ ئالدى ئىشىكىنى تارتىپ ئېچىپ، ئۆلگۈچىنىڭ ئۈستىگە لاسسىدىلا ئولتۇردى - دە، ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ داۋاملىق ھەيدىدى.

شىرئەلى كىرا ماشىنىسىنى بىراقلا تېخىمۇ خىلۋەت شەھەر ئەتراپىغا ھەيدەپ چىقتى. بۇ قاراڭغۇ كېچىدە، غۇۋا ئاي نۇرى كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن تېرروزلۇق ۋەقەسىنى يوشۇرۇپ قالدى.

— بۇ بىر كۆڭۈلدىكىدەك جاي ئىكەن، — شىرئەلى ماشىنىنى توختىتىپ، ئاستىدىكى جەسەتكە قاراپ قويدى - دە، ياسىنغا ، — ئۇنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈۋەت، — دېدى.

ياسىن تاپانچا ئېتىلغان ئاشۇ چاغدىن باشلاپلا شىرئەلىنىڭ يامانلىقىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكەنىدى، شۇڭا ئۇ ئۆلگۈچىنى ئالاقزادىلىك بىلەن ئورنىدىن تارتىپ چۈشۈردى. شىرئەلى ئۇنىڭ ئۆلگۈچى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇرغاندا، زادىلا چىرايىنى ئاچمىدى، راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ ياسىندىن ئىنتايىن نارازى ئىدى، ئۇنى كاللىسى ئاددىي، پۇت - قولى تەرەققىي قىلغان، پايدىلىنىشقىلا بولىدىغان، ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشكە بولمايدىغان ئەبلەخ، دەپ قارايتتى. شۇڭا ئىچىدە: «تۈرمىدە ئىككى يىل يېتىپ ساراڭ بوپتۇ!» دەپ تىللايتتى.

ياسىن پۈتۈن بەدىنى ۋە قولىنى قان قىلىۋەتتى، بۇنى ئۆزى كۆرمىدى، ئەمما شىرئەلى دىققەت قىلدى. شىرئەلى سوغۇق تەلەپپۇزدا:

— كىيىملىرىڭنى سېلىۋەت، قولۇڭنى سۈرت، ئاندىن ئۇنىڭ كۆزىنى يۇمدۇرۇپ قوي، — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

ياسىن ئۇنىڭ دېگىنىچە قىلدى.

ئۆلگۈچى كۆزىنى يۇمىدى، بۇ شىرئەلىنىڭ ناھايىتى ئوغدىسىنى قايناتتى.

شىرئەلى ياسىندىن:

— ماشىنا ھەيدىيەلەمسەن؟ — دەپ سورىدى.

ياسىن قوپال ئاۋازدا:

— تۈرمىگە كىرىشتىن بۇرۇن ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ تراكتورىنى ئوغرىلاپ ھەيدەپ باققان، — دېدى.

شىرئەلى تەرىنى تۈرۈپ:

— بۈگۈن ماشىنا ھەيدەش تېخنىكىمىزنى پىشۇرايلى، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىرا ماشىنىسىنى 50 مېتىر نېرىدىكى جايغا ياندۇرۇپ، بىرلا ماي بەردى ـ دە، ئۆلگۈچىنىڭ ئۈستىدىن دەسسەپ ئۆتۈپ كەتتى.

شىرئەلى بۇ ئىشلارنى تۈگىتىپ، ماشىنىنى توختاتقاندىن كېيىن، قول ئىشارىسى قىلدى:

— ئەمدى سەن ھەيدە.

بۇ ئويۇن ياسىنغا ناھايىتى قىزىق تۇيۇلدى، ئۇ شىرئەلىنى دوراپ، ئۆلگۈچىنىڭ ئۈستىدىن ماشىنىلىق دەسسەپ ئۆتتى. مۇشۇ تەرىقىدە ئۆلگۈچىنى تۆت ـ بەش قېتىم دەسسەپ، شىرئەلى: «بولدى، ئەمدى ماڭايلى!» دەپ ۋارقىرىغاندىلا ئاندىن پۇخادىن چىققاندەك بولدى.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە بېنزىن چاچ! — دەپ بۇيرۇق قىلدى شىرئەلى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۆلگۈچى بىلەن كىرا ماشىنىسى بۇ قورقۇنچلۇق كېچىدە كۆلگە ئايلاندى.

ياسىن ئۇلۇغ ئوتقا دەپنە قىلىنغان ئۆلگۈچىگە قاراپ، شىرئەلىدىن:

— ئۇنىڭ چىرايىنىڭ قانداقلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

شىرئەلى سوغۇققىنا جاۋاب بەردى:

— مەن ئۇنىڭ چىرايىنىڭ قانداقلىقىغا قىزىقمايمەن.

— ئەمدي قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى ياسىن.

— سەن بېرىپ مېۋىلىك باغدىكى بازىغا مۈكۈنۈۋال، بىر مەزگىل جىم يۈرگىن، مەن بىر ئەزىز مېھماننى كۈتۈۋالغىلى بارىمەن، — دېدى شىرئەلى.

ئۇلار كالاچلىرىنى سېلىۋېتىشتى، ئاندىن شىرئەلى ئورۇق پۇتلىرى بىلەن زۇلمەت قاراڭغۇدا يۈگۈرۈشكە باشلىدى - دە، ناھايىتى تېزلا كۆزدىن غايىب بولدى.

ياسىنمۇ يەنە بىر يۆنىلىشكە غايىب بولدى.

## 3

ئىيۇلنىڭ بېشىدىكى شىنجاڭ يەرنىڭ تېگى - تەكتىدىن ئىسسىقلىق چىقىرىپ تۇراتتى، بەختكە يارىشا جۇڭ چېك ئۇرۇمچىگە يېتىپ كەلگەن كۈنىلا كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان يامغۇرلۇق كۈنگە توغرا كەلدى. يامغۇردىن كېيىنكى ئۇرۇمچى ناھايىتى سالقىنداپ كەتكەنىدى. توپ - توپ كەپتەرلەر شەھەر ئاسمىنىدا ئۇ ياندىن - بۇ يانغا ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى، ئاسماننىڭ ئاستىدىكى خىرامان كىشىلەر تۇرمۇشتىن ئەركىن - ئازادە ھۇزۇرلىنىۋاتاتتى.

جۇڭ چېك بۇ شەھەرگە ھۇزۇرلانغىلى كەلمىگەنىدى، زامانىۋى، ئازادە كۆرۈنىدىغان بۇ شەھەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ ئېغىر غەم - غۇسسىسى بار ئىدى. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام تەشكىلاتى» نى قورشاپ يوقاتقان چاغدىلا، نەن جېنجۇڭ جىددىي تەرزدە ئۆزىگە مۇنداق دېگەنىدى: «جۇڭ چېك، دۈشمەن بىز بىلەن كەڭ كۆلەمدە جەڭ قىلىۋاتىدۇ، «بىر گەز ئۆرلىسە جاھالەت، مىڭ گەز ئۆرلەر ئادالەت» دەيدىغان گەپ بار جۇمۇ! بىزنىڭ قورال - جابدۇقلىرىمىز خىل، ئادەملىرىمىزنىڭ ساپاسى يۇقىرى بولۇشى كېرەك، ئەگەر مۇشۇ ئىككى يۆلەنچۈكىمىز بولمىسا، چوڭ زىيان تارتىمىز. سەن مۇشۇ زېمىندىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن، ئالدىنقى قاتاردىكى تېررورلۇق لاگېرىغا قارشى تۇرىدىغان ئۈنۈملۈك لايىھىنى ئالدىنئالا ئويلىنىپ قويۇشۇڭ كېرەك، ئاشۇنداق ماھارەتلا ئاجايىپ ئەقىل - پاراسەتنىڭ گەۋدىلىنىشى ھېسابلىنىدۇ» قاسىمنى يوقات-

قاندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭ مەلۇم ۋاقىتقىچە تىنچلىنىپ قالدى، شۇ چاغدا نەن جېنجۇڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىگە يۆتكىلىپ نازىر بولدى، ئۇنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن جۇڭ چېڭنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ دېگەن تۇنجى ئىشى شىنجاڭدا ھەر تەرەپلىمە ساپاسى ئەڭ يۇقىرى، جەڭگىۋارلىقى ئەڭ كۈچلۈك بولغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش قوشۇنى قۇرۇپ چىقىش، شۇ ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭدا بارغانسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان تېر- رورلۇق كۈرىشى ۋەزىيىتىگە تاقابىل تۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش بولدى.

بۇ ئۇنىڭ نازارەتكە ئىككىنچى قېتىم كېلىپ ياردەم تەلەپ قىلىشى ئىدى. جۇڭ چېڭ نازىر نەن جېنجۇڭنىڭ ھېچنېمە بىلەن كارى بولماي، مۇشۇنچىۋالا ئىشنى بىراقلا ئۆزۈڭ ھەل قىل، دەپ تاشلاپ بېرىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. بىراق ئۇنىڭ راستىنىلا ياردەم بەرمەي تۇرۇۋالمايدىغانلىقى، قوشۇنىنىڭ ھەقىقىي تەشكىللەنگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئەڭ ئېھتىياجلىق يېرىگە كۈچەيدىغانلىقى، چۈنكى «كۈتۈپ تۇرىدىغان، يۆلىنىۋالىدىغان، تەلەپلا قىلىدىغان، ئالىمەن دەپلا تۇرىدىغان» كادىرلارنى ياقتۇرماي- دىغانلىقى، بۇ، ئۇنىڭ خىزمەت ئىستىلى ئىكەنلىكى جۇڭ چېڭنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى.

يېقىندىن بۇيان جۇڭ چېڭنىڭ مۇشۇ ئىشنى دەپ قولى قولىغا تەگمەيۋاتاتتى، ئۇنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئالاھىدە تەكشۈ- رۈش ئەترىتى «قۇرۇلۇش پىلانى»غا نازىر نەن جېنجۇڭ ئىمزا قويغانىدى، ئۇ «قۇرۇلۇش پىلانى»دا: ئالاھىدە تەكشۈرۈش ئەترە- تىنىڭ ئەزالىرى ھەم ھەربىي، ھەم تەكشۈرگۈچى بولۇشى، ۋەتەن- گە سادىق بولۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يۇقىرى تەكشۈرۈش ۋە جەڭ قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇ- شى كېرەك. بۇ قوشۇننىڭ ئاستىدا ئالتە ئەترەت تەسىس قىلىنى- دۇ، كونكرېت خىزمەت تەقسىماتى مۇنداق بولىدۇ: بىرىنچى ئەت- رەت ھەرىكەتنى تەكشۈرۈشكە؛ ئىككىنچى ئەترەت توپىلاڭدىن ساق- لىنىش كەسپىگە؛ ئۈچىنچى ئەترەت دالىدا جەڭ قىلىشقا؛ تۆتىنچى ئەترەت تېخنىكىلىق تەكشۈرۈشكە؛ بەشىنچى ئەترەت ئاخبارات -

ئۇچۇرغا؛ ئالتىنچى ئەترەت ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى تەكشۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ، دەپ پىلانلىغانىدى. بۇنىڭدا تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ قورال - جابدۇقلىرىغا پۇتۇنلەي ئەڭ يېڭى يەككە ئەسكەرلەر قورال - ياراغ سىستېمىسى ئىشلىتىشنى ئالاھىدە تەكىتلىگەنىدى. قوشۇن مەنبەسى ئاساسەن ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنەتتى: بىرىنچى بۆلەك، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئون نەچچە شەھەر، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن ئاجرىتىلغان مۇنەۋۋەر تەكشۈرگۈچىلەر؛ ئىككىنچى بۆلەك، قوراللىق ساقچى، چېگرا مۇداپىئە ۋە مۇنتىزىم قىسىملاردىن تاللىۋېلىنغان ئېلىشىش ۋە قورال - ياراغ ماھىرلىرى؛ ئۈچىنچى بۆلەك، ئالىي مەكتەپلەردىن تاللانغان، يۇقىرى پەن - تېخنىكا ماھارىتىنى ئىگىلىيەلەيدىغان مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار ئىدى. ئالدىنقى ئىككى بۆلەك ئادەمنى تاللاش بىرقەدەر ئوڭۇشلۇق بولدى، ھازىر بۇ كىشىلەر ئاساسەن ئۆز ئورنىغا كېلىپ بولدى، بۇنىڭدا مەسىلە قالمىدى. سەل تەسكە توختاۋاتقىنى، مۇنەۋۋەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆرسەتكۈچىدە تېخى كەمتۈكلۈك بار ئىدى. جۇڭ چېگىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋاتقىنى مۇنداق ئىش ئىدى: ھازىرقى بۇ جەمئىيەتتە، ئىختىساس ئىگىلىرىنى كىرگۈزۈشمۇ تەڭ قىممەتتە بولاتتى، جەنۇبىي شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ پۇل دېسە پۇلى، ئولتۇراق ئۆي دېسە ئولتۇراق ئۆيى يوق ئىدى، يەنە كېلىپ ئۇ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرۇۋاتقاچقا، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھاياتى ھەر ۋاقىت خەۋپ ئىچىدە تۇراتتى، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئاشۇ يۇقىرى ساپالىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى بۇ يەرگە قايسى شەرتلەر بىلەن جەلپ قىلغىلى بولار؟ ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى جەنۇبىي شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە خالىس تەقدىم قىلىشنى خالايدىغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن قانچىسى چىقار؟ ئەمما، باش ئاغرىغان بىلەنلا ئىش پۈتمەيتتى، بۇنىڭغا ئامال قىلىش كېرەك ئىدى.

جۇڭ چېڭ ج خ ئىشلىرىغا بولغان بىر خىل ساداقىتىگە تايىنىپ، ھەر خىل مۇناسىۋەتلىرىنى ئىشقا سالدى، جۇڭگو خەلق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭگو جىنايى ئىشلار

ساقچىلىرى ئىنستىتۇتىدىن ئۆزىگە كېرەكلىك ئىختىساس ئىگىلىـ
ـرىنى يىغدى. ئاخىر، نى ـ نى ئىشلارنى قىلىشنى كۆڭلىگە
پۈككەن ئوت يۈرەك ياشلار جەنۇبىي شىنجاڭغا كېلىشكە باشلىدى.
«قۇرۇلۇش پىلانى» غا ئاساسەن، مەكتەپ پۈتتۈرۈپ كەلگەن بۇ
ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، ئاسپىرانتلار ساقچىلىققا كىرگەنـ
ـدىن كېيىنكى بىر يىل ئىچىدە، كوئېنلۇن تېغىدىكى ساقچى
تەربىيىلەش بازىسىدا قاتتىق ئەمەلىي جەڭ ۋە نەزەرىيە تەربىيىسى
قوبۇل قىلاتتى. جۇڭ چېڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ
دەرۋازىسىدىن چىقىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش بىرىنچى ئەتـ
ـرىتىنىڭ باشلىقى چېن داموغا:

— شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا يەنە بىر قېتىم بېرىشىمغا
توغرا كېلىدۇ، قايتىدىن ئالتۇن چايقاپ باقايلى، ياخشى ئىزباسارـ
لارنى ھەرگىز چۈشۈرۈپ قويمايلى. توغرىمۇ؟ — دېدى.

چېن دامو بېشىنى لىڭشىتتى.

جۇڭ چېڭ بارماقلىرىنى پۈكۈپ تۇرۇپ:

— ئەمەلىيەتتە، مەن سېنىڭ غېمىڭنى قىلىۋاتىمەن، قارا،
سېنىڭ بۇ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش بىرىنچى ئەترىتىڭدە پارتلىـ
ـتىشقا قارشى تۇرۇش مۇتەخەسسىسى ما جيەنجۇڭ، ھىيلە ـ مىـ
ـكىرلىك ئاخبارات ماھىرى يالقۇن، «ئەسكى» لىكتە ھەممىنى بې
ـسىپ چۈشىدىغان، ئەمما ئاجايىپ ئەقىللىق ئەلىلەر بار، ئەگەر
يەنە بىر كومپيۇتېر ماھىرى كۆپەيسە، سېنىڭ ئۇ ئەترىتىڭ مېنىڭ
تەجرىبە ئېتىزىم بولۇپ قالىدۇ، بىزگە ئويۇننىڭ قىزىقى چىقىدۇ،
ھازىر ئۈچى بار بىرى كەم بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، ئاشۇ «بىرى»
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا مۆكۈۋالغان بولۇشى مۇمكىن! — دې
ـدى.

چېن دامو بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ:

— ماڭا ئوخشاش ئويلاپسەن، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىككىسى بۇ قېتىمقى سەپىرىدە ئۈمىدىنى
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا باغلىدى.

بۇ نۆۋەت ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىگە
كېلىشتە، جۇڭ چېڭ چېن دامونى شوپۇرلۇق قىلىشقا ئېلىۋالغانـ

دى، ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشىدا ئىككى مەقسىتى بار: بىرى، چېن دامو تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش بىرىنچى ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئىدى، بۇ ئەترەتنىڭ كەلگۈسىدە قانداق قىلىپ زەربىدارلىق رولى-نى جارى قىلدۇرۇشى ھەققىدە ئىككىسى يولدا كەڭ كۆشادە، پۇخادىن چىققۇدەك پاراڭلىشىۋالايتتى؛ يەنە بىرى، مۇشۇ باھانىدە ماشىنا ھەيدەش خۇمارىدىن چىقىۋالاتتى. زېھنىي قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان بارلىق ئوتتۇرا ياشلىق ئەر كىشىلەرگە ئوخشاشلا، جۇڭ چېڭمۇ تەنتەربىيە ھەرىكىتىگە ئالاھىدە ھېرىسمەن ئىدى. ئۇ ۋاقتى يار بەرسىلا ماشىنا ھەيدەش، ئوۋغا چىقىش، سۇ ئۈزۈش، قارتا ئويناش دېگەندەك ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىناتتى. جەنۇبىي شىن-جاڭ رايونىدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان 1500 كىلومېتىرلىق مۇسا-پىدە، ئۇ چېن دامو بىلەن ئالمىشىپ يول بويى ماشىنا ھەيدەپ كەلگەنىدى. ئۇلار مەشھۇر زەرەپشان دەرياسىدىن، توپ - توپ توغراقلىقلاردىن ئۆتۈپ، ھەيۋەتلىك قۇملۇق تاشيولىنى كېسىپ ئۆتتى، تەڭرىتېغىنىڭ ئىچكىرىسىدە جۇڭ چېڭ يەنە ماشىنىنى راھەتلەنگىنىچە توختىتىپ، بىرنەچچە قىرغاۋۇل ئاتتى، قىسقى-سى، ماشىنا ھەيدەپ مېڭىش خۇشاللىقى ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالدى، مۇنداق خۇشاللىق ئۇنىڭ ئىرادىسىنى خورىتالمايت-تى، ئەكسىچە روھىنى قالتىس كۆتۈرۈۋېتەتتى.

— دامو، سەن ئۈرۈمچىگە نىسبەتەن قانداق تۇيغۇدا كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى ماشىنىنىڭ كەينىدىكى ئورۇندا ئول-تۇرغان جۇڭ چېڭ قانداقتۇر بىر نەرسىنى خىيال قىلغاندەك.

چېن دامو موڭغۇللارغىلا خاس كەڭ ۋە يۇمىلاق يۈزى، كى-چىك كۆزلىرى، ئاغزىنى مەھكەم يۇمۇۋېلىشى، ناھايىتى كەڭ مۈرىسى بىلەن بەئەينى جۇڭ چېڭنىڭ ئالدىدا تۇرغان قېلىن تامغىلا ئوخشايتتى. ئۇ راستچىللىق بىلەن جاۋاب بەردى:

— ھېچقانداق تۇيغۇدا كەلمىدىم، 4 - قەۋەتكە چىقىپ بىر قېتىم يىغىن ئاچقىنىمىزدىن ھېچقانچە پەرقلەنمىدى.

جۇڭ چېڭ كۈلۈپ كەتتى:

— دېمىسىمۇ راست، سەن ئىككى كۈندىن بېرى جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى بىناسىدىن بىر قەدەممۇ نېرىغا چىقمىدىڭ.

— ئالدىمىزدىكىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، — دەپ خاتىرجەملىك بىلەن ئەسكەرتتى چېن دامو.

سۆز ئارىلىقىدا، دالا ئاپتوموبىلى ئاۋات جايلارنى كېسىپ ئۆتۈپ، تىپتىنچ ۋە چىرايلىق بىر يەرگە كەلدى.

دالا ئاپتوموبىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىدا «غىچ» قىلىپ توختىدى. جوڭ چېڭ بىلەن چېن دامو بىرلا ۋاقىتتا ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئىتتىرىپ چۈشتى. جوڭ چېڭ مەكتەپ مەنزىرىسىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىشەنچ ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى، ئۇ داموغا مۇنداق دېدى:

— مەندە قانداقلارچە بىر خىل قايىل بولماسلىق تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ قالدى؟ 20 يىل ئاۋۋال مۇنۇ مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلگىنىمدە، دۇنيا بىزگە مەنسۇپ دەپ ئويلىغانىدىم؛ 20 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە يەنە بۇ يەردە تۇرغىنىمدا، نېمىشقا دۇنيا يەنىلا بىزگە مەنسۇپ دەپ ئويلايدىغاندىمەن؟

— ئەمما سەندىكى ئۇنداق تۇيغۇ مەندە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان، مەن كۆڭلۈمدىن قېرىغان ئوخشايمەن، — دېدى دامو.

جوڭ چېڭ چىرايى تۇتۇلۇپ كەتكەن داموغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ:

— سېنىڭ ئۆزۈڭ كىچىك، قىلىقىڭ چوڭ، — دېدى.

## 4

پۈتۈن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ۋاڭ لۇ ئەڭ بەخىرامان ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى بىر مېتىر 87 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 90 كىلوگرام بولۇپ، قاۋۇللۇقىدىن كۆكرەك مۇسكۇللىرىلا ئېشىپ قالغانىدى. بۇ يىل ئۇ 25 ياشقا كىرگەن بولۇپ، تازا بالاغەتكە يەتكەنىدى (نۇرغۇن كىشىلەر ئۇ يېشىدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويغانىدى)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كومپيۇتېر فاكۇلتېتىنىڭ ئاسپىرانتى ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە فاكۇلتېت ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. تېخى ياز كەلمەي تۇرۇپلا مەمۇرىيلارنى قوبۇل قىلىشقا كەلگەن دۆلەت

ئۇچۇر مەركىزىدىكىلەر تەرىپىدىن تاللىۋېلىنغان، ئۇنىڭ قىز دوستى ما تيەنمۇ دۆلەتنىڭ مەلۇم مىنىستىرلىقىدىكى گېزىتخانا تەرىپىدىن ئالدىنئالا قوبۇل قىلىنغانىدى، ماگىستىرلىق گۇۋاھنامىسىنى قولىغا ئالسىلا، ئىككىيلەن ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەۋەس قىلىپ قاراشلىرى ئىچىدە پايتەختىمىز بېيجىڭغا بېرىپ خىزمەت قىلاتتى. تەقدىرنىڭ يولى تۈپتۈز ۋە راۋان ھالەتتە ئالدىغا قاراپ سوزۇلغانىدى، ۋاڭ لۇ غەم قىلىدىغان ھېچقانداق ئىشى بولمىغاچقا، ياز بويى نۇرانە ئىقبالىغا چۆمۈلۈپ يۈرگەنىدى.

ئۇنىڭ قىز دوستى ما تيەنمۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات فاكۇلتېتىنىڭ ئاسپىرانتى ئىدى، ئۇ زامانغا لايىق، ئۆتكۈر پىكىرلىك، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدىغان قىز بولۇپ، ئوغۇل ساۋاقداشلار ئۆز ئىچىدە ئۇنى «مەكتەپ گۈلى» قاتارىغا كىرگۈزۈۋالغانىدى. ۋاڭ لۇغا ئوخشايدىغان يېرى، ئۇمۇ تەنھەرىكەتنى ياخشى كۆرەتتى، شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ گىمناستىكا مۇسابىقىسىدە ئۈچ قېتىم بىرىنچىلىكنى ئالغانىدى. ئىككىيلەن تەنھەرىكەت مەيدانىدا بىر - بىرىگە ھودۇقۇپ قارىشىۋالغاندىن كېيىن، بىراقلا ئاشىق - مەشۇقلاردىن بولۇپ قېلىشقانىدى. كېيىن يەنە بىر - بىرىنى رىغبەتلەندۈرۈپ مۇشۇ مەكتەپنىڭ ئاسپىرانتلىقىغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن، ئۈچ يىللىق ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇشىمۇ، مۇھەببەتكىمۇ دەخلى يەتكۈزمىگەنىدى. ۋاڭ لۇ بىۋاستە تەسىراتىغا ئاساسەن، ما تيەنمۇ مېنى يولدىن ئېزىپ قالغان پاخلانەكلا ياخشى كۆرىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

شۇ يىلى ۋاڭ لۇ ھالقىپ ئۆتەلمەيدىغان ئادەم ۋە ئىش يوقتەك، ئاجايىپ غەيرەتلىنىپ كەتكەنىدى. جۇڭ چېڭ ئوتتۇرىغا چىقماستىن ئىلگىرى، ۋاڭ لۇ ئۆزىدىن رازى بولۇپمۇ كەتمىگەن، ئەپسۇسلىنىپمۇ قالمىغانىدى؛ چۈنكى ھەممە ئىش تېخى باشلانمىغان، ئىستىقبال چەكسىز ئىدى.

كۈتۈۋاتقان كۈنلەردە، ۋاڭ لۇ ھەمىشە مەكتەپنىڭ بوكس سارىيىدا قورقۇنچاق رەقىبلىرىنى ئىزدەپ يۈردى، قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، بوكس سارىيىغا كىرىشكە پېتىنغانلار قورقۇنچاقلىق قىلمايتتى، ئەمما ۋاڭ لۇنىڭ مۇشتلىشىشتا رەقىبلىرىگە قويىدىغان

تەلپى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى، قارشى تەرەپ سەللا ئارىسالدى
بولسا ياكى قاشاڭلىق قىلسا قورقۇنچاق دەپ ھۆكۈم چىقىراتتى.
ما تيەنمۇ بولسا دائىم ئاددىي سۆپىدىكى ئەڭ سادىق كۆرۈرمەن
بولاتتى، ئۇ ۋاڭ لۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى ھوزۇرلىنىش نەزىرى
بىلەن ھەر قېتىم كۆرگىنىدە: «ۋاڭ لۇنىڭ ھەممىلا تەرەپكە تەھ-
دىتكە سالىدىغان ئاشۇ ئەلپازى ھەممىدىن جەلپ قىلىش كۈچىگە
ئىگە!» دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قوياتتى.

شۇ كۈنى چۈشتە ۋاڭ لۇ بوكس سارىيىدىن چىلىق - چىلىق
تەرگە چۈمۈلگىنىچە چىقىپ مەكتەپ ئاشخانىسىغا قاراپ كېتىۋاتقى-
نىدا، جۇڭ چېڭنىڭ ئالدى تەرەپتە ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى،
ئۇنىڭ كىشىلىك ھاياتىنى ناتونۇش بىر ئادەم ئۆزگەرتىۋېتىدى-
غانلىقىنى تېخى بىلمەيتتى.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلمىي ئىشلار مۇدىرى جۇڭ
چېڭنىڭ ئادەم تاللاپ ئىشلىتىش ئورنىنى ئۇققاندىن كېيىن، مەرد-
لىك بىلەن يوغان بىر دۆۋە ئوقۇغۇچىلار ئارخىپىنى ئۆزى تاللىۋال-
سۇن دەپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا دەستىلەپ قويدى. جۇڭ چېڭ بىلەن
چېن دامو ئارخىپلارنى بىر - بىرلەپ ئاختۇرۇپ كۆردى، بۇلارنىڭ
ئىچىدە كومپيۇتېر ئۆگىنىۋاتقانلار، جۇڭگو ئەدەبىياتى ئوقۇۋاتقان-
لار، خىمىيە ئوقۇۋاتقانلار، يەنە ئەرەب تىلىدا ئوقۇۋاتقانلار بولۇپ،
ھەممىسىلا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش قوشۇنى قۇرۇشقا كېرەك-
لىك ئىختىساس ئىگىلىرى ئىدى، ئىككىسى بۇنىڭ ئىچىدىكى
بىرنەچچە ئوقۇغۇچىغا ناھايىتى قىزىقىپ، ئۇلارنىڭ ئارخىپلىرىنى
چىقىرىۋالدى، جۇڭ چېڭ ئۇلارنى كۆرگەچ ئەپسۇسلانغىنىچە:

— ئاپلا، دەرھال كۆرۈشەلمەيدىكەنمىز، بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ
بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىكەن، مەن ساڭا
ئالاھىدە ياخشىسىدىن بىرنى تېپىپ سەپلەپ بېرەي دېگەنىدىم، —
دېدى. چېن دامو:

— شۇنى دېمەمسەن، مەنمۇ كۆڭلۈمگە ياققۇدەك بالىدىن بىر-
نى ئىزدەپ يۈرەتتىم، — دېدى.

چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولۇپ قالدى، خۇش پېئىل يېتەكچى
لاۋجياڭ ئۇلارنى سىرتقا چىقىپ دۈملەپ پىشۇرۇلغان قوي گۆشى

يېيىشكە تەكلىپ قىلدى. جوڭ چېلىك بىلەن چېن دامونىڭ كاللىسىدا يەنىلا ئارخىپنىڭ كەينىدىكى ئاشۇ ياش ۋە تەسىرلىك چىرايلار گەۋدىلىنىپ تۇراتتى، شۇڭا جوڭ چېلىك يېتەكچىگە:

— بولدى بارمايلى، ۋاقىت ئىسراپ بولىدىكەن. ئاشخانىغا كىرىپ ئازراق غىزالىنىۋالساقلا بولدى، — دېگەن تەكلىپنى بەردى.

لاۋ جياڭ سەمىمىي هالدا:

— ئاشخانا ۋاراڭ - چۇرۇڭ بىلەن تولغان، هەممىسىلا ئوقۇغۇچى، سىزدەك بىر چوڭ ئىدارە باشلىقى قانداقلا بولمىسۇن سىرتتىن بىر تىنچراق جاينى تېپىپ ئولتۇرۇشى كېرەك - دە!

جوڭ چېلىك ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراپ:

— سىز جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغاندا، سىزنى مەن تاماققا تەكلىپ قىلاي. بۇ قېتىم ھەقىقەتەن ۋاقتىم يوق، كېلەر قېتىمغا قالسۇن، كېلەر قېتىم، — دېدى.

— سىز زادى قانداق ئوقۇغۇچىنى ئالماقچى؟ — دەپ سورىدى لاۋ جياڭ.

جوڭ چېلىك پېشانىسىنى كۆرسىتىپ قويۇپ:

— ئالدى بىلەن مېڭىسى سەگەك بولۇشى كېرەك، ئاندىن ئۇنىڭ كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىش پوزىتسىيىسىنى تەكشۈردمەن. تەبىئىيكى، مەن بۇ نەرسىلەرنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارخىپىدىن بىلەلمەيمەن، شۇڭا ئوقۇغۇچىلار توپلاشقان جايغا، مەسىلەن ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسىغا بېرىپ تاللىشىم كېرەك، — دېدى.

ئۇچەيلەن يول بويى پاراڭلاشقاچ، ۋاراڭ - چۇرۇڭغا تولغان ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسىغا كىردى.

شۇ چاغدا، ۋاڭ لۇ قارا تەرگە چۈمۈلگىنىچە ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسىغا كىرىپ كەلدى، ئۇ تاماق ئېلىۋاتقان سەپكە لەپپىدە قاراپ قويۇپ، ئۆزىنى تۇشمۇتۇشتىن ئىزدەپ يۈرگەن قىز دوستى ما تيەنمۇنىڭ كۆزلىرىنى توپتوغرا تېپىۋالدى، ئۇ تاماق ئېلىۋاتقان سەپنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ قالغانىدى. ۋاڭ لۇ قولىنى كۆتۈرۈپ ئىشارەت قىلدى - دە، ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدى.

ما تيەنمۇ تۇرغان ئۈچىرەت سەي ئالىدىغان كۆزنەككە تۇتىشات-

تى، ۋاڭ لۇ تۇرغان ئۆچىرەت تاماق ئالىدىغان سەپ ئىدى، ئىككىسى يىراقتا تۇرۇپ ماسلىشىپ، خىزمەت تەقسىماتىنى رەتلىك ئادا قىلىۋاتاتتى.

تۇساتتىن ما تيەنمۇ تۇرغان سەپتە بىردەم قالايمىقانچىلىق پەيدا بولدى. ۋاڭ لۇ زەن سېلىپ قارىدى، ئەسلىدە ئىككى ئوغۇل ئوقۇغۇچى بىرى ئوڭدىن، بىرى سولدىن سەپكە قىسىلىۋالغانىدى. يەنە بىر ئوغۇل ئوقۇغۇچى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باشقا بىر ئۆچىرەت پەيدا قىلغان، قولىدىكى تاماق قاچىسىنى ئۇرۇپ ۋارقىراۋاتقانىدى:

— ھەممىڭلار قۇلاق سېلىڭلار، ماڭا توغرىلىنىپ ئوبدان تۇرۇڭلار، كىم ئۆچىرەتتە تۇرمىسا شۇنى تارتىپ چىقىرىمىز.

بۇ كىچىككىنە نەيرەڭۋازلىقنى جۇڭ چېڭ ئەلۋەتتە تۇيۇپ قالدى، ئۇ بىر نېمىنى چۈشەنگەندەك كۈلۈپ قويۇپ، بۇلارنىڭ 20 يىل ئاۋۋال ئۆزى ئويناپ ئېشىپ قالغان ئويۇنلار ئىكەنلىكىنى، كېيىن كەلگەنلەر ئۇنى ھېلىھەم زوق - شوق بىلەن داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى ئويلىدى.

بۇ كىچىككىنە نەيرەڭۋازلىق ئەلۋەتتە ۋاڭ لۇنىڭ كۆزىدىنمۇ قېچىپ قۇتۇلالمىدى، ئۇ سەپتىن چىقىپ، ۋارقىراۋاتقان ھېلىقى ئوغۇل ئوقۇغۇچىغا قاراپ ماڭدى - دە، ئۇنىڭ ساغرىسىغا بىرنى تەپتى:

— بۇ يەردە بىكاردىن - بىكارغىلا چۇقان كۆتۈرۈۋاتقان سەنكەنسەن - دە، بېرىپ ئۆچىرەتتە تۇر.

ھېلىقى ئوغۇل ئوقۇغۇچى قاتتىق غەزەپلەندى، كەينىگە قايرىلىپ ۋاڭ لۇنى كۆردى - دە، بىردىنلا پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتتى، ئۇ خۇشامەت قىلىپ:

— ئاپلا، ۋاڭ لۇكەنسىزغۇ، سىزمۇ ئۆچىرەتتە تۇرماقچىمۇ؟ مۇنداق بولسۇن، سىز ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، تامىقىڭىزنى مەن ئېلىپ بېرەي، — دېدى.

ۋاڭ لۇ تۇمشۇقىنى ئۈچلاپ شىۋىرلىدى:

— يەنە بىر قېتىم دەپ قوياي، بېرىپ ئۆچىرەتتە تۇر!

ھېلىقى ئوغۇل ئوقۇغۇچى ئىلاجسىزلىقتىن سالپايغان پېتى

سەپىنىڭ ئاخىرىغا بېرىپ ئۆچىرەتتە تۇردى.
باشقا ئوقۇغۇچىلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ سەپنىڭ ئىچىگە قىسىلىپ كىرىۋالغان ھېلىقى ئىككى ئوغۇل ئوقۇغۇچىنى بەس - بەس بىلەن ئەيىبلىدى، ئەمما ئۇلار ئىككىسى بۇنى بىلمىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، يەنىلا سەپنىڭ ئىچىگە قىستاۋەردى.
ۋاڭ لۇ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، سەپكە قىسىلىپ كىرىۋالغان ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ دولىسىغا شاپىلاقلاپ قويدى - دە، بېشىنى بىر ياققا قىڭغايتىپ، باشمالتىقى بىلەن كەينىنى كۆرسەتتى:
— نېمە بولۇۋاتىسىلەر، قولىقىڭلار ئېغىرمۇ قانداق؟
ۋاڭ لۇنىڭ ئاۋازى يۇقىرى بولمىسىمۇ، ئەمما ناھايىتى سۈرلۈك ئىدى، ئىككى ئوقۇغۇچى سەپتىن چىقىدىغاندەك قىلدىيۇ، لېكىن تەۋرىمىدى. ۋاڭ لۇنىڭ غۇزژىدىلا ئاچچىقى كەلدى، ئۇ بىر ئوقۇغۇچىنىڭ مۈرىسىگە قاتتىقراق ئۇرۇپ:
— ئاڭلىمىدىڭما؟ — دېدى - دە، ئىككى ئوغۇل ئوقۇغۇچىنى ياقىسىدىن كۆتۈرگىنىچە سەپتىن تارتىپ چىقىرىپ ئۆچىرەتنىڭ ئارقىغا ئاپىرىپ قويدى. ئىككى ئوغۇل ئوقۇغۇچى ۋاڭ لۇنىڭ ياقىسىدىن كۆتۈرۈۋالغىنىدىن ناھايىتى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، ئۇلارنىڭ بىرى:
— ھوي، ئاغىنە، ئۆچىرەتتە تۇرساقلا بولمىدىمۇ، بوينۇمنى بوغۇپ ئاغرىتىۋەتتىڭ، — دەپ ۋارقىرىدى.
ۋاڭ لۇ ئۇلارنى يەرگە قويۇپ قويغاندىن كېيىن، قوللىرىنى قېقىشتۇرۇپ، قەتئىيلىك بىلەن:
— يەنە مۇشۇنداق قىلىدىغان بولساڭ، ئۇرۇپ رەسۋايىڭنى چىقىرىۋېتىمەن، قاراپ تۇر، — دېدى.
جۇڭ چېڭ ۋاڭ لۇنىڭ بۇ ئىككى بالىنى يىغىشتۇرۇش جەريانىنى ھەۋەس بىلەن كۆرۈپ بولۇپ، يېتەكچى لاۋجياڭدىن سورىدى:
— بۇ بالا بەك قىزىق ئىكەنغۇ، بايا ئۇنىڭ ئارخىپىنى كۆرمىگەندەك قىلىمىز، قايسى فاكۇلتېتنىڭ؟
لاۋ جياڭ پىششىق بىلىدىغاندەك سۆزلىدى:
— ئۇچۇ، ئاتاقلىق ۋاڭ لۇ، كومپيۇتېر فاكۇلتېتىنىڭ

ئاسپىرانتى. ئۇنىڭ ئارخىپىنى دۆلەتلىك ئۈچۈر مەركىزى تەكشۈ-
رۈپ بولغان، ھازىر كادىرلار باشقارمىسىدا ساقلاقلىق، بازىرى
ئىتتىك مال.

— ئۇنىڭ قانداق داڭقى بار، سۆزلەپ بېقىڭە، — دەپ
سۈيلىدى جۇڭ چېڭ.

— ئۇ مەكتىپىمىزنىڭ ئىشتىن سىرتقى بوكسچىسى، چېلد-
شىشقا ئامراق. قىسقا مۇساپىلىك يۈگۈرۈش ماھىرى، شىنجاڭ
ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يۈز مېتىرغا، ئىككى يۈز مېتىرغا يۈگۈرۈش
رېكورتىنىڭ ھەممىسىنى شۇ يارائقان. بۇ بالا قايناق ھېسسىياتقا
ئىگە، ئەمما ناھايىتى تەمكىن، ئىنتايىن چارە - تەدبىرلىك.

— بولۇپ قالىدىكەن، — جۇڭ چېڭ دامو بىلەن كۆز ئىشا-
رىسى قىلىشىۋالدى، دامو ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ بېشىنى
لىڭشىتىپ قويدى. جۇڭ چېڭ سۇدا پىشۇرۇلغان خاسىڭ مېغىزى
يېگەچ، ۋاڭ لۇنى يەنە بىردەم كۆزەتتى، ئۇ بىر تەخسە خاسىڭ
مېغىزىنى يەپ بولغىنىدا، قولىنى قولىغا ئۇرۇپ قويۇپ لاۋ جياڭ-
غا:

— بۇ ئوقۇغۇچىنى مەن ئالدىم. تامىقىنى يەپ بولسا كۆرۈ-
شۈپ قوياي، — دېدى.

لاۋ جياڭ دەرھال بېشىنى چايقىدى:

— ئەمما ئۇ مەقسەتنامە ئىمزالاپ بولدى.

جۇڭ چېڭ لاۋ جياڭنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ:

— ناھايىتى بىر مەقسەتنامىكەنغۇ، يا بىر رەسمىي توختام
بولمىسا، بۇ ئوقۇغۇچىنى مەن ئالدىم! — دېدى.

لاۋ جياڭ داۋاملىق بېشىنى چايقىدى:

— بۇ بالىنىڭ قورسىقىدا پىلان بار! ئۇ قەيەرگە بېرىشنى
بېكىتمىگەن تەقدىردىمۇ، سىلەرگە ماقۇل بولۇشى ناتايىن! ھازىر-
قى ياشلار يۇقىرىدىن بىرلا چاقىرىق قىلسا ساراڭلارچە ئەگىشىپ
كېتىۋېرىدىغان بۇرۇنقى ياشلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇلاردىن قۇتۇلماق
تەس، ئاغزىڭىزنى ئاچسىڭىزلا، سىزدىن: يۇقىرى مائاش بېرەلەم-
سىز؟ چەت ئەل كارخانىسىمۇ؟ كىشىلىك ھاياتنىڭ قەدىر - قىم-
مىتىنى گەۋدىلەندۈرەلەمدۇ؟ دەپ سورايدۇ.

جوڭ چېڭ لاۋجياڭنىڭ دولىسىغا شاپىلاقلاپ قويۇپ:

— قانداق؟ ئوقۇغۇچىلار ئەدىپىڭىزنى بېرىپ جاپاغا ساپتۇمۇ نېمە؟ ئىچىڭىز دەردكە توشۇپ كېتىپتۇغۇ! ئېھتىمال مېنىڭ تەلىيىم ئۇنچىلىك كاج بولمىسا كېرەك، ھېلى تاماقنى يەپ بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ باققاندىن كېيىن ئاندىن بىرنېمە دېيىشەيلى، — دېدى.

دامو ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ كۈلۈپ قويدى.

ۋاڭ لۇ بۇ بىر ۋاخلىق تاماقتىن خېلىلا مەمنۇن بولغانىدى، ما تيەنمۇ پۇتۇنلەي بويسۇندۇرۇلغان بىر ئەلپازدا ئۇنىڭغا ھەممىلا جايدا ئىتائەت قىلىشۋاتاتتى. بۇنىڭ ھېلىقى كىچىككىنە چاتاقنى ئوڭشىۋەتكەنلىكىدىن بولۇۋاتقانلىقى ۋاڭ لۇنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ بۇنى ھېچقانچە ئىش ئەمەس، ما تيەنمۇنى ئۆزىنىڭ قەھرىمانغا ۋە ھەققانىيەتكە چوقۇنۇش ئىدىيىسى ئازدۇرۇۋاتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. بىراق ما تيەنمۇ ئۇنى بىر ئەرگە باب دەپ قارىسا مەيلى ئەمەسمۇ. ۋاڭ لۇ: «بۇ قىزچاقنىڭ بوش كەلمەيدىغان چاغلىرى بار، خىمىغا يېنىپ قالىدىغان چاغلىرىمۇ بار، مەسىلەن، ھازىرقىدەك» دەپ ئويلىدى.

ۋاڭ لۇ تاماق قاچىسىنى ئىتتىرىپ قويۇپ، ئاغزىنى سۈرتۈۋې- تىپ، ما تيەنمۇغا خەير - خوش دېمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، جوڭ چېڭ ئۇن - تىن چىقارمايلا سۈرۈلۈپ كېلىپ، ۋاڭ لۇنىڭ ئۇدۇ- لىدا ئولتۇردى - دە، كۈلۈمسىرىگىنىچە:

— ساۋاقداش، قورسىقىڭىز تويدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — ۋاڭ لۇ تولۇق ھوشيارلىق بىلەن ئۇدۇلىدىكى ناتونۇش ئادەمگە ياندۇرۇپلا سوئال قويدى.

لاۋ جياڭ ۋاقتىدا يېقىنلاپ كېلىپ، ۋاڭ لۇغا:

— بۇياق جەنۇبىي شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارى- سىنىڭ باشلىقى جوڭ چېڭ، سىز بىلەن دوست بولۇپ قال - ماقچىكەن، — دەپ تونۇشتۇردى. ۋاڭ لۇ يېتەكچىنىڭ يۈز - خاتىرىسىدىن، «جەنۇبىي شىنجاڭ» دېگەن بۇ يېقىملىق ئاتالغۇنىڭ ئاساس سېلىپ بەرگەنلىكىدىن، قائىدە - يوسۇن بىلەن جوڭ چېڭغا بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، «ئۇقتۇم» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىدى،

ئەمما جوڭ چېڭ ۋاڭ لۇنىڭ كۆزلىرىدىن «تايىنلىق ئىكەن» دېگەن ئالامەتنى سەزدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆرۈمسىز تاشقى قىياپىتى بىلەن كۆز ئالدىدىكى بۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى ئۆزىگە قايىل قىلدۇرۇشقا ئازراق كاللا ئىشلەتسە بولىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى.

جوڭ چېڭ كۈلۈپ قويۇپ، ئۆزىنى ئۆزى چۈشۈرۈپ:

— ئادەتتىكى كىشىلەر مەن بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندىمۇ سىزدەك مۇئامىلىدە بولىدۇ، مېنىڭ بۇ ئوبرازىمنى ياراتمايدۇ، ئامال يوق، بۇ ئاتا - ئانامدىن قاپتىكەن، ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ، — دېدى.

ۋاڭ لۇ كۈلۈپ قويۇپ، جوڭ چېڭنىڭ سۆزىنى ئىنكار قىلمىدى، ئارقىدىن تۇزۇت قىلمايلا سۆزلىدى:

— سىز ئىدارە باشلىقىما؟ ئۇنداق بولسا سىزنى سىناپ باقاي، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاھى كىم؟

جوڭ چېڭ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ:

— قونتاجى بولمامدۇ، — دېدى جاۋابەن.

ۋاڭ لۇ ھەجىيىپ قويدى:

— ھوي، بولۇپ قالىدىكەنسىزغۇ. مەن تېخى سىزنى جۆيلۈەيدىغان دەمدىكىن دەپ ئويلاپتىكەنمەن! قېنى، قېنى، سىزدىن يەنە بىر سوئال سوراپ باقاي، سىز «قەستكار» ( 黑客 ) تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش تېخنىكىسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىز؟ ئىنتېرنېتنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىز؟

جوڭ چېڭ تېڭىرقاپ قالدى، ئارقىدىن ئىشەنچ بىلەن سۆزلىدى:

— مېنىڭچە، بۇ مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىش تەس ئەمەس، ئەمما مېنىڭ بىر شەرتىم بار، مەنمۇ سىزنى سىناپ باقاي، بۇ تەس ئەمەس، بىرلا خەت. ئەگەر سىز بۇنىڭغا جاۋاب بېرەلىسىڭىز سورىغان سوئاللىرىڭىزغا دەرھال جاۋاب بېرىمەن.

ۋاڭ لۇ ئالدىمدىكى بۇ ئوتتۇرا ياشلىق كىشى قىزىق ئىكەن، ماڭا گەپتە يېڭىلمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە تېخى مېنى سىناۋاتىدۇ، سىنىسا سىنىمامدۇ، كومپيۇتېر فاكۇلتېتىنىڭ ئەلا ئوقۇغۇچىسى سەندەك بىر جەنۇبىي شىنجاڭدىن كەلگەن مەتۇدىن قورقۇپ

قالاتتىمۇ؟ دەپ ئويلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن جۇڭ چېكىنى مەتۇلار دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋالغانىدى. شۇڭا جۇڭ چېكىغا ئىككى قولىنى يېيىپ:

— قېنى سوئالىڭىزنى قويۇڭ، — دېدى.

— zhù 死你这个混 sóng دېگىنى zhù نى (سەن گۇيىنى دۇمبالاپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن دېگەن مەنىدە — ت) قانداق يازىدۇ؟ — دەپ سورىدى چوڭ چېك. ئۇ سوئال سوراش بىلەن تىل تەگكۈزۈشنى بىراقلا تۈگەتكەنىدى.

ۋاڭ لۇ ھودۇقۇپ قالدى، ئۇنىڭ چىرايىدا شۇئانلا نارازىلىق ئەكس ئەتتى: «بۇ ئىدارە باشلىقى نېمانداق ئۆكتەمدۇ؟» ئەمما ئۇ چېچىلىپ كەتمىدى، دەرھال ھېلىقى «zhù» دېگەن خەتنىڭ قانداق يېزىلىدىغانلىقىنى ئويلىدى. نەس باسقىنى شۇ بولدىكى، ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ خەتنىڭ قانداق يېزىلىدىغانلىقىنى يادىغا ئالالمىدى. ئۇ نېمىلا دېگەن بىلەن جۇڭگو ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئەمەس، بەلكى كومپيۇتېر فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى.

— «zhù» نى بىلمەن، ئادەم ئۇرۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، — ۋاڭ لۇ ھوپپىدە قىزىرىپ ئەپلەپ-سەپلەپ قۇتۇلماقچى بولدى.

جۇڭ چېك كۈلۈپ كەتتى.

— مەن سىزدىن قانداق يېزىلىدىغانلىقىنى سوراۋاتىمەن، قانداق مەنىسى بار، دەپ سورىمىدىم.

پۇتۇنلەي توغرا، ئادەتتە ۋاڭ لۇ بۇ سۆزنى ھەمىشە ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى، ئەمما ئۇنىڭ قانداق يېزىلىدىغانلىقىغا ئەزەلدىن دىققەت قىلىپ باقمىغانىدى.

جۇڭ چېك قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— قانداق، يازالمامدىكەنسىز؟ ئۇنداق بولسا ئۇتتۇرغانلىقىڭىزغا تەن بېرىڭ! بالىجان، «سەككىز ئەۋلىيا دەريادىن ئۆتكەندە ھەرقايسىسى ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپتۇ» دەيدىغان گەپ بار، قورسىقىمدىكى بىلىمنىڭ كۆپلۈكىدىن سىرتقا تېشىپ تۇرىدۇ، دەپ قالماڭ. كىمنىڭ قورسىقىدا ئاز-تولا بىلىم بولمايدۇ

دەيسىز؟
جۇڭ چېڭنىڭ ئىشلەتكىنى ئۇستۇۋاشقا تاراسلاپ تەگكۈدەك زەربە بېرىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ ۋاڭ لۇنىڭ چىداشلىق بېرەلەيدىغان - بېرەلمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى بولغانىدى.

ۋاڭ لۇ بۇنىڭ ئەكسىچە، ئوڭۇشلۇق شارائىتتا تۇرغاندا جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدىغان، ئوڭۇشسىز شارائىتتا تۇرغاندا ئۆزىنى تارتالايدىغان ئەزىمەتتەك قىياپىتىنى ئىپادىلەپ، ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى:

— بولدى، مەن ئۇتتۇرغان بولاي، ئەمما سىزنىڭ مېنىڭ ئاجىزلىقىم بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىڭىزنى سېلىشتۇرغانلىقىڭىز مۇۋاپىق بولمىدى.

جۇڭ چېڭ ۋاڭ لۇنىڭ قىلتاققا ئىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە خۇشال بولدى - دە، قۇتراتقۇلۇق قىلىپ:

— مەيۇسلىنىپ كەتمەڭ، سىزنىڭ قانداق ئارتۇقچىلىقىڭىز بارلىقىنى بىلگۈم بار؟ قېنى ئۇتتۇرىغا چىقىرىپ، مېنىڭ كۆزۈمنىمۇ ئېچىپ قويامسىز؟ — دېدى.

ۋاڭ لۇنىڭ مۇشۇ يېشىدا بىرەر ئىش بولمىسىمۇ ئالدىغا ئېتىلىپ تۇرىدىغان ۋاقتى ئىدى، مانا ئەمدى ئېيتىشىدىغان ئادەم ئۇچراپ قېلىۋىدى، ئۇنىڭ يېڭىۋېلىش ئىستىكى يۈز ھەسسىلەپ قوزغىلىشقا باشلىدى.

ۋاڭ لۇ مەقسەتلىك ھالدا لاۋ جياڭغا قاراپ قويدى، ۋاڭ لۇنىڭ قانداق بىگىسى بارلىقىنى باشقىلار بىلمىگىنى بىلەن، لاۋ جياڭ بىلىشى كېرەك - دە؟ ئۇ لاۋ جياڭغا ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى سۆزلەتكۈزمەكچى بولغانىدى، ئەمما لاۋ جياڭ شۇ تاپتا قېرىشقاندەك بىر يانفوننى ئېلىۋېلىپ قانداقتۇر بىر كىشى بىلەن ئاستاغىنا سۆزلىشىۋاتاتتى. شۇڭا ۋاڭ لۇ ئۆزىگە تايىنىشقا مەجبۇر بولدى.

ۋاڭ لۇ جۇڭ چېڭدىن تۈزۈت بىلەن:

— قېنى، ئاشۇ خەتتىن باشقا، سىزنىڭ يەنە قانداق بىگىسىڭىز باركىن؟ — دەپ سورىدى.

— مېنىڭ بىگىسىمدىغۇ ھېچقانداق يېڭىلىق يوق، قول قايرى-

شىش دېگــەندەكلەرگــە قىزىقمــەن، قانداق، سىنىشىپ باقام-
دۇق؟ ــ دەپ سالدى جۇڭ چېڭ.
ــ بولىدۇ! ــ ۋاڭ لۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىردىنلا خۇدنى
يوقاتتى، جۇڭ چېڭنى ياراتمىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى بۇيۇمنىڭ
ئېگىزلىكى ۋە بەدەن ئېغىرلىقىمدىن ئىبارەت ئەۋزەللىكىم بىلەن
باسسامۇ يېڭەلەيدىغان ئەسەس ... دەپ ئويلىدى. بىراق دۈشمەنگە يەنىلا
سەل قاراشقا بولمايتتى، ھازىر ئۇ كۆز ئالدىدىكى بۇ ئوتتۇرا
ياشلىق كىشىنىڭ قانچىلىك بىگىسى بارلىقىغا تېخى بىرنېمە دېيەل-
مەيتتى، ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىشى كېرەك ئىدى.
قول كۆچىنى سىنىشىدىغانلار چىققانلىقىنى كۆرۈپ، ئاشخا-
نىغا بىردىنلا تاماشا كۆرىدىغان بىرمۇنچە ئوقۇغۇچى يىغىلدى.
ئۇلار ھېلىلا چۇشلۇك تامىقىنى يەپ بولغاچقا، «قورسىقى توق،
قىلىدىغان ئىشى يوق» لاردىن ئىدى، مانا ئەمدى باشقىلارنىڭ خەلق
ئارىسىدىكى مۇسابىقە ئىشلىرىنى ئويۇشتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ،
خۇشال بولۇپ كەتتى، ئۇلار ئۆزىنى بىلىپلا ئىككى ئۈستەلنى
بىرلەشتۈردى، مۇسابىقىلىشىدىغانلارنىڭ كىملىكى، نېمىشقا مۇ-
سابىقىلىشىدىغانلىقى بىلەنمۇ كارى بولماستىن، پەللەككە يەتكەن
قىزغىنلىق بىلەن جۇڭ چېڭ ۋە ۋاڭ لۇنى ئورۇندۇققا نىقتاپ
ئولتۇرغۇزدى ـ دە، «باشلاڭلار، باشلاڭلار» دەپ كۇچەپ ۋارقىرى-
دى، تېخى بەزى ئوقۇغۇچىلار يەڭ شىمايلاپ ئوتتۇرىغا چىقىپ
رېپىرى بولدى.
ــ تەييارلان، باشلاندى! ــ رېپىرى بولۇۋالغانلار بىرلا
بۇيرۇق بېرىشىدى، جۇڭ چېڭ بىلەن ۋاڭ لۇ شۇ زامانلا مۇسابىقە
ھالىتىگە ئۆتتى. ئۇلارنىڭ تاماق ئۈستىلىگە قويۇۋالغان قوللىرى
مەھكەم كىرىشىپ كەتتى. ئۇلارنى چۆرىدەپ تاماشا كۆرۈۋاتقان
ئوقۇغۇچىلار كىمگە يانبېسىشنى ئۇقالماي قالدى، قىزىق تۇيۇلغاند-
لىقتىن چاقچاق قىلىپ مەدەت بەرگەچ: «غەيرەت، غەيرەت قىلىڭ-
لار!» دەپ ۋارقىرىدى.
ئىككىسىنىڭ قوللىرى قايرىشقانسېرى چىڭىپ، يۈزلىرى
كۆپچۆپ قىزىرىپ كەتتى.
ئۈچ مىنۇت، بەش مىنۇت ئۆتتى! ۋاڭ لۇ ئېنىقلا بەرداشلىق

بىرەلمەي قالدى. ئۇ ئەسلىدە جوڭ چېڭنى ھەش - پەش دېگۈچىلا يېڭىۋالىمەن دەپ ئويلىغانىدى، ئەمما جوڭ چېڭنىڭ قول كۈچى ئاجايىپ كۈچلۈك بولغاچقا، ياش ۋە قاۋۇل ۋاڭ لۇنى يېڭىۋالدى. ۋاڭ لۇ پاسسىپ ھالغا چۈشۈپ قالدى.

چۆرىدەپ تاماشا كۆرۈۋاتقان ئوقۇغۇچىلار، جوڭ چېڭنىڭ ئۇتۇۋالغىنىغىمۇ ياكى ۋاڭ لۇنىڭ ئۇتتۇرۇپ قويغانلىقىغىمۇ، ئىشقىلىپ بىر مەھەل تەنتەنە قىلىشتى.

ۋاڭ لۇ سىقىپ كۆكەرتىۋېتىلگەن ئوڭ قولىنى ئۇسال بولغىنىچە ھەرىكەتلەندۈرۈپ، قايىل بولماي ئېتىراز بىلدۈردى:

— يەنە بىر نۆۋەت بەسلىشەيلى، بۇ قېتىم مۇسابىقە تۈرىنى مەن تاللاي.

جوڭ چېڭ كۈلۈمسىرىگىنىچە بېشىنى لىڭشىتتى:

— ئىختىيارىڭىز.

كونا گەپ بويىچە ئېيتقاندا، جوڭ چېڭ ۋاڭ لۇغا قارىغاندا نەچچە ئىشتاننى جىق يىرتقانىدى، ئىجتىمائىي تەجرىبىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كۆز ئالدىدىكى بۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي تەڭ كېلەلمەيتتى، تەنھەرىكەت ماھارىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلىشى ناتايىن ئىدى، بۇنى ئۇ ئەلۋەتتە چۈشىنەتتى.

ۋاڭ لۇ جوڭ چېڭ بىلەن 200 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە مۇسابىقىلىشىش تەكلىپىنى بەردى. جوڭ چېڭ خىرىسنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى.

جوڭ چېڭ ۋاڭ لۇنىڭ تەلەپپۇزىنى دوراپ:

— يۈگۈرەيدىكەنمىزغۇ شۇ؟ ئاددىي ئىش ئىكەن! — دېدى.

200 مېتىرلىق مۇسابىقە ۋاڭ لۇنىڭ كوزىرى ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ جاۋغايلىرى ئىككى تەرەپكە تارتىشىپ كەتتى، ئەمما ئۇ ھېچنېمە دېمىدى. كۆڭلىدە بولسا: «يۈگۈرتۈپ جېنىڭنى ئالمىسام ھېساب ئەمەس!» دەپ خىتاب قىلدى. ئاندىن تەنتەربىيە مەيداندىكى يۈگۈرۈش يولىنىڭ يېنىدا ئوشۇق بوغۇملىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈشكە كىرىشىپ، ناھايىتى كەسپلەشكەن تەنتەربىيە قىياپىتىنى نامايان قىلدى، جامائەت پىكرىمۇ ئۇنىڭغا قاراپ ئېغىشقا باشلىدى.

جوڭ چېك بولسا ئۇنداق خىلمۇخىل ھەرىكەتلەرنى قىلىپ يۈرمىدى، ئۇ ئايغىنى سېلىۋېتىپ كۈلۈپ قويۇپ:

— باشلايلى! — دېدى.

ئۇلارغا قارىشىپ تۇرغان ئوقۇغۇچىلار ھاڭ - تاڭ بولۇشۇپ:

— بەك ئاشۇرۇۋەتتى، بەكلا ئاشۇرۇۋەتتى! — دەپ توۋلاشتى. ئۇلار ئەسلىدىلا قىزىقچىلىق كۆرگىلى كەلگەنلەر بولۇپ، سورۇننىڭ مۇنچىۋالا قىزىپ كېتىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. شۇڭا جوڭ چېكتىن بەس - بەس بىلەن:

— ئاياغلىرىڭىزنى سېلىۋەتتىڭىزغۇ؟ سىز دېھقانمۇ نېمە؟ — دەپ سوراشتى.

جوڭ چېك سەممىيلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ:

— بوۋام، دادىلارنىڭ ھەممىسى دېھقان، مەن دېھقاننىڭ ئوغلى. بىزنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرى تاغ يولى، چوڭ قۇملۇق، چۆل - باياۋان، شۇڭا بىز يالاڭئاياغ يول يۈرۈشكە كۆنۈپ قالغان، — دېدى.

مۇسابىقە باشلاندى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ: «تەييارلىنىڭلار، باشلاڭلار!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى رىتىملىق ھالدا ئەتراپنى بىر ئالدى.

ۋاڭ لۇ بىلەن جوڭ چېك چاپقىنىچە چىقىپ كەتتى. جوڭ چېكنىڭ تاپىنى بىلەن ۋاڭ لۇنىڭ پۇتىدىكى «ئادىداس» نىڭ ئەكسى پەرقى ناھايىتى چوڭ ئىدى. ئوقۇغۇچىلار بۇ ئەكس پەرقتىن تېخىمۇ قىزغىنلىق بىلەن: «غەيرەت، غەيرەت!» دەپ ۋارقىراشقىلى تۇردى. ئۇلار كىمگە كۆپرەك مەدەت بېرىشىنى ھەقىقەتەن ئۇقالمىغانىدى، چۈنكى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئەزەلدىن مۇنداق شەكىللىك مۇسابىقە كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى.

ۋاڭ لۇنىڭ قىسقا مۇساپىگە يۈگۈرۈش سۈرئىتى ناھايىتى تېز ئىدى، ئادەتتە ئۇنىڭ 200 مېتىرلىق قىسقا مۇسابىقە يۈگۈرۈش نەتىجىسى 22 سېكۇنت ئىدى، شۇڭا جوڭ چېك ۋاڭ لۇنىڭ خېلىلا كەينىدە قالدى. ئۇ بار كۈچى بىلەن قوغلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئوتتۇرا ياشقا بېرىپ قالغاچقا، يەنىلا جىسمانىي جەھەتتىن چىداشلىق بېرەلمىدى.

ۋاڭ لۇ ناھايىتى كۆرەڭلەپ كەتتى، پەللىگە يېقىنلىشىپ قالاي دېگەندە ئەكسىچە يۈگۈرمىدى، مەغرۇرلۇق بىلەن توختىۋېلىپ، قوغلاپ يېتىشۋالىدىغان جۇڭ چېڭنى مەسخىرە قىلماقچى بولدى.

جۇڭ چېڭ ھاسىراپ - ھۆمۈدىگىنىچە يېتىپ كەلدى.

ۋاڭ لۇ «ھەي...» دەپ توۋلىشىغا، جۇڭ چېڭ خۇددى ئاڭلىمىغاندەك، ۋاڭ لۇنىڭ يېنىدىن «شارت» تىدە ئۆتۈپ كەتتى - دە، پەللىدىن بىرىنچى بولۇپ ئاتلىدى. «تاشپاقا بىلەن توشقاننىڭ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى» دىن ئىبارەت قەدىمكى چۆچەك يېڭىۋاشتىن ئەسكە ئېلىندى، پۈتۈن مەيداندىكىلەر قىقاس - سۈرەن قىلىشىپ كەتتى.

لېكىن، ۋاڭ لۇنى ئۇسال قىلغىنى ئۇنىڭ يەنىلا كەينىدە قالغىنى ئىدى، تاماشا كۆرۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھېچقايسىسى جۇڭ چېڭنىڭ ئاخىرقى پەللىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن قەدىمىنى توختاتماي ئەكسىچە ئالدىغا قاراپ داۋاملىق يۈگۈرەيدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتمىگەنىدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىن قارىغاندا، يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى تېخى ئاخىرلاشمىغانىدى.

ۋاڭ لۇ نېمە قىلىشىنى، جۇڭ چېڭ بىلەن داۋاملىق مۇسابىقىلىشىش - مۇسابىقىلەشمەسلىكنى بىلەلمىدى. جۇڭ چېڭغا پەرۋا قىلماي دېسە، ئەدەپسىزلىك قىلغاندەك بولۇپ قالاتتى؛ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈگۈرەي دېسە، ئىدارە باشلىقىنى ئۇتتۇۋېلىپ يەرگە قارىتىپ قوياتتى. ۋاڭ لۇ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى يەنىلا يۇقىرى مۆلچەرلىدى، ئۇ ئەسلىدىكى جايىدا جۇڭ چېڭنىڭ بىر دائىرە ئايلىنىپ بولۇشىنى كۈتتى، گۆدەكلىك بىلەن: «جۇڭ چېڭ ئۇتتۇرۇپ قويۇشقا چىدىمىغانلىقتىن شۇنداق قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلىدى.

جۇڭ چېڭ يۈگۈرۈپ ئۈچ ئايلىنىپ بولۇپ، ۋاڭ لۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، يەنىلا توختاپ قالمىدى. ۋاڭ لۇ شۇ چاغدىلا ئاندىن جۇڭ چېڭنىڭ ئۆزى بىلەن ئۇن - تىنسىز كۈچ سىنىلىشىۋاتقانلىقى، ئادەتتىكىدىن تاشقىرى يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتتى!

— يۈگۈرەڭ، يۈگۈرەڭ! — ئوقۇغۇچىلار ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلغىلى تۇردى ھەممە جوڭ چېڭغا ئالقىش ياغدۇردى، ۋاڭ لۇ نائىلاج ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ئىچىدە جوڭ چېڭنى داۋاملىق قوغلاشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ ناھايىتى تېزلا جوڭ چېڭغا يېتىشىۋالدى، ياندىشىپ كېتىۋاتقاندا ئۇنىڭغا:

— ھەي، سىز ئۇتۇۋالغان بولۇڭ، بولامدۇ؟ — دېدى.

جوڭ چېڭ ئۇنىڭغا پۇتۇنلەي پەرۋا قىلماي. ناھايىتى كاجلىق بىلەن ئالدىغا قاراپ يۈگۈرۈۋەردى، ۋاڭ لۇ چىشىنى بىرلا چىشلەپ:

— ماقۇلە، سېنى بىر رازى قىلىپ قوياي، ئوينىتىپ قو - ياي، — دېدى - دە، يۈگۈرۈپ يەنە بىر نۆۋەت ئايلاندى، جوڭ چېڭ يەنىلا توختىمىدى، ۋاڭ لۇ ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ:

— سىز نېمىشقا يەنە توختىمايسىز؟ — دەپ سورىدى.

جوڭ چېڭ تەرىنى سۈرتۈپ، يەرگە چۆرۈۋەتكەندىن كېيىن، قەتئىي ئاھاڭدا:

— مەيداننى 20 ئايلانغاندا ئاندىن توگەيدۇ، — دېدى.

ۋاڭ لۇ چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ:

— كاللىڭىزنىڭ سۈيى بارمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى.

جوڭ چېڭ ئۇنىڭغا:

— ئامالىم يوق، مېنىڭ قان تىپىم A، بىر ئىشنى ئاخىرىغا چىقىرىۋەتمىسەم ئۇنىمايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ تەنتەربىيە مەيداننى بىر ئايلىنىپ چىقتى، يەنە بىر قېتىم ئايلاندى، ۋاڭ لۇ كەينىدىن قوغلاپ بارا - بارا بولالمىدى.

جوڭ چېڭ 20 مەيدان يۈگۈرۈشنى توگەتتى، ۋاڭ لۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى ئۆزىنىغا يۈگۈرۈش بولماستىن، قىسقا مۇساپىگە يۈگۈرۈش ئىدى، ئۇ جوڭ چېڭ بىلەن يۈگۈرۈشتە مۇسابىقىلىشىشتە ياشلىقىغا تايانغانىدى، شۇڭا مۇسابىقە ئاخىرلاشقاندا جوڭ چېڭدىن يېرىم دائىرە كەينىدە قالدى.

جوڭ چېڭ چىرايى تاتارغىنىچە، يەرگە لاسسىدىلا ئولتۇرۇپ قېلىپ، ئېغىر - ئېغىر تىنىشقا باشلىدى، ئۇ بۈگۈن بۇ يىگىتنى ئېگىش ئۈچۈن جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويغانىدى.

— مۇنداق قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دەپ ئەيىبلىدى چېن دامو ئىچى ئاغرىغان ھالدا. جۇڭ چېڭ قولىنى پۇلاڭلىتىپ قويۇپ:

— ماڭ، بېرىپ ئۇسسۇزلۇق تېپىپ كەل، — دېدى.

جۇڭ چېڭ بىر پەس ھاسىرىۋالغاندىن كېيىن، ئولتۇرۇپ تاپىندىكى تاشلارنى تېرىشكە باشلىدى. ئۇ بۈگۈن ئەتەي ئۆزى بىلەن كۈچ سىنىشىپ باقماقچى بولغانىدى، نەن جېنجۇڭنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپلا بىرەرسىنى چاقىرىپ كېلىپ، ھېرىپ ھالىدىن كەتكۈچە تەنھەرىكەت قىلىشنى ئويلاشقانىدى! جۇڭ چېڭ ئادەتتە تىكتاك توپ ئويناشقا ۋە يۈگۈرۈشكە ئادەتلەنگەنىدى، ھەر قېتىم ئىچى پۇشقان ئىشلارغا يولۇققاندا ھەرىكەت قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئۆز بۇرۇقتۇرمىلىقىنى چىقىراتتى. ھازىر ئۇ قاتتىق تەرلەپ، خېلىلا يەڭگىللەپ قالدى.

ۋاڭ لۇ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغانىدى، ئەمما ئۇتتۇرۇپ قويۇپ دېمى چۇشۇپ كەتتى. ئۇ ئاخىرقى بىر مەيداننى چىشىنى چىشلەپ يۈگۈرۈپ بولغانىدى، شۇڭا ئۇمۇ ھېرىپ ھالىدىن كەتكىنىدىن جۇڭ چېڭنىڭ يېنىدا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قېلىپ، ئېغىر تىنىشقا باشلىدى.

جۇڭ چېڭ چاقچاق قىلىپ:

— يىگىت، قول قويدىڭىزمۇ؟ «قېرى كالا پىچاقتىن قورقماپتۇ» دېگەن راست گەپمىكەن؟ — دېدى.

ۋاڭ لۇ نارازىلىق بىلەن ئۇنى ئەيىبلىدى:

— بۇنداقمۇ ئىش قىلغان بارمۇ؟ قائىدىسىزلىكقۇ بۇ!

جۇڭ چېڭ مەغرۇر قىياپەتتە:

— قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بەرىبىر سىز ئۇتتۇردىڭىز. بالا، مەن سىزگە دەپ قوياي، جەڭ مەيدانىدا ئالىيجاناب كىشى بولمايدۇ، بەزىدە قائىدىدىن ھالقىپ كەتكەن ئۇسۇل بىلەن ئەكسىچە غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ، — دېدى.

كىچىككىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ باقمىغان ۋاڭ لۇغا بۈگۈنكى مۇسابىقىنىڭ نەتىجىسى ئىنتايىن ئېغىر كەلدى، ئۇ مەيۈسلىنىپ كەتتى.

جۇڭ چېڭ رەقىبىنى تار يەردىن قىستاپ:

— سىز مېنى يۈگۈرتۈپ جېنىمنى ئالماقچى بولغانتىڭىزغۇ؟ قايسىمىز قايسىمىزنىڭ جېنىنى ئالدۇق؟ «تۇخۇمنى تاشقا ئۇ-رۇش» دېگەن شۇ! — دېدى.

ئۇ دەيدىغىنىنى دەپ بولۇپ، خۇددى كىچىك بالىدەك ئېچىلىپ كۈلۈپ كەتتى.

## 5

مۇسابىقە ئاخىرلاشقاندا گۈگۈم چۈشكەنىدى. شۇنچە چوڭ تەنتەربىيە مەيدانىدا ئىككىلا ئادەم قالغانىدى.

ۋاڭ لۇ بىرلا ھۆركىرەپ ما تيەنمۇنى كەتكۈزۈۋەتتى، ئۇنىڭ پىكىر - خىيالى چېچىلىپ، ھاكاۋۇرلۇقىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. ئەمما جۇڭ چېڭ ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرىگىنىچە قاراپ تۇراتتى، بۇنىڭ-دىن ۋاڭ لۇ ئۇنىڭ نىيىتىنى ئېنىق بىلەلمىدى.

چېن دامو يېتەكچى لاۋ جياڭنى ئۇزىتىپ قويۇپ، گۈگۈمدا لاغايلىغىنىچە كېلىۋاتاتتى. ۋاڭ لۇ شۇ چاغدىلا ئاندىن جۇڭ چېڭغا سايىدەك ئەگىشىۋالغان بۇ ئۇزۇن تۇراغا ئەستايىدىل دىققەت قى-لىشقا باشلىدى. چېن دامونىڭ مۇنداق چىراي شەكلىنى ئۇ كۆرگە-نىدى، تەڭرىتاغ ئېتىكىنىڭ بايىنغولىن ئوبلاستى ئەتراپىدىكى موڭغۇللارنىڭ چىرايى پۈتۈنلەي مۇشۇنداق بولاتتى. چېن دامو ۋاڭ لۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ گەپنىڭ ئوچۇقىنىلا ئېيتتى:

— بىز بۇ يەرگە ساقچى تاللىغىلى كەلدۇق، بۈگۈن چۈش-تىن كېيىنكى ئېلىشىش ئارقىلىق سىزگە ناھايىتى قىزىقىپ قال-دۇق. سىز ساقچى بولۇشنى ئويلاپ باققانمۇ؟

— ساقچى بولۇشنى؟ — ۋاڭ لۇنىڭ تەپەككۇرى شارتتىدىلا ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى بىر چۈشكە قايتتى.

ۋاڭ لۇ شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپنى ئۈرۈمچىدە تۈگەتتى. يۈز - ئابرۇيلۇق بوۋىسى ھەربىي قىسىمدىن دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن دەندۈڭنىڭ يېزىسىدىكى يۇرتىغا قايتىپ يېزا تۇرمۇشى ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى ھەمدە جاھىللىق

بىلەن نەۋرىسى ۋاڭ لۇنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىۋالدى، ئۇ: «ھازىر ئۇنى يېزىغا ئېلىۋېلىشتىكى مەقسىتىم، كەلگۈسىدە شىنجاڭغا قايتۇرۇپ بېرىش» دېدى، ئۇ يەنە چوڭ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولغان بىر ئەزىمەت ئۆزىنىڭ بالىلىق ياكى ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە يېزىدا مەلۇم ۋاقىت تۇرسا، يەرنىڭ خۇيىنى، يەرنىڭ قانداق ئىشلىقىنى ئۇقسا ئاندىن بولىدۇ، دېدى. شۇڭا ۋاڭ لۇنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغلىرى پۈتۈنلەي تۇپراققا ھەمراھ بولۇپ ئۆتتى، ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەندىلا ئاندىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە بوۋىسى داڭقى چىققان جىگەرلىك ئەزىمەت ئىدى، ئاتىسىمۇ شۇنداق ئىدى. ئۇ بىر جىگەرلىك ئەزىمەتتىن يەنە بىر جىگەرلىك ئەزىمەتكىچە ئۆزىنىمۇ كەلگۈسىدىكى جىگەرلىك ئەزىمەت دەپ ھېسابلىدى. شۇڭا ئۇ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىن تارتىپلا قەھرىمان بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ كەلدى، شۇنداقلا كەلگۈسىدىكى كەسپىم يا ھەربىي بولۇش، يا ساقچى بولۇش، چۈنكى مۇشۇ ئىككى كەسىپتىلا ئاندىن ئاسانلىقچە قەھرىمان بولغىلى بولىدۇ، دەپ كۆرمىڭ قېتىملارچە تەسەۋۋۇر قىلدى. يەنە كېلىپ بوۋىسى ئۇنىڭ قەھرىمان بولۇش ئارزۇسىنى قەتئىي قوللىدى. ئەمما، ئۇ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش ئارزۇسىنى تولدۇرغان چاغدا ھەربىي مەكتەپنى ياكى ساقچى مەكتىپىنى تاللىمىدى. چۈنكى شۇ چاغدا ئۇ مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ قالغان. مەيلى بوۋىسى ياكى ئاتىسى بولسۇن، ھەر ئىككىسى ئۇنىڭ ئالدىدىكى بىر تاغ ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭدىن كېيىن قانچىلىك تىرىشسىمۇ ئۇلارنىڭ ئېگىزلىكىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇلار بىلەن ئوخشاش كەسىپنى تاللىسا، ئۆمۈر بويى تاغقا يامىشىشى كېرەكلىكىنى ھوشيارلىق بىلەن تونۇپ يەتكەنىدى. ئۇ توساتتىنلا ئوخشاش بىر تاغقا يامىشىشنى خالىمىدى، باشقىچە يول تۇتۇپ، ئۆز ـ ئۆزىگە جەڭ ئېلان قىلماقچى بولدى. بوۋىسى بۇنى چۈشىنەلمەي: «ھەربىي بولغان، ساقچى بولغاندىنمۇ ئارتۇق قەھرىمانلىق، شان ـ شەرەپ تۇيغۇسى بولامدۇ؟» دەپ سورىدى. ۋاڭ لۇ پېشقەدەملەردەك چۈشەندۈرۈپ: دەۋر ئوخشىماي قالدى، شۇڭا «قەھرى-

مان» لىققا يېڭىۋاشتىن تەبىر بېرىش كېرەك. تىنچلىق دەۋرىدە
يۇقىرى پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىگىلىگەن كىشىلەرلا ئاندىن
قەھرىمان ھېسابلىنىدۇ، دېدى. بوۋىسى: سېنىڭچە، شىنجاڭدىك-
سى ھازىر تىنچلىق دەۋرىمۇ؟ دەپ ياندۇرۇپ سورىدى. ۋاڭ لۇ
ئوبيېكتىپ ھالدا: نىسپىي تىنچ بولسا كېرەك، دېدى. بوۋىسى
جىددىي سۈرەتتە: سەن ئەقىلگە مۇۋاپىق ئاساستىن بىرنى تېپىپ
ھەربىيلىك ۋە ساقچىلىق تۈرىدىكى كەسپلەردىن ۋاز كەچتىڭ،
مەن سېنىڭ يەنە بىر خىل مەنىدىكى قەھرىمانلىقنى ۋۇجۇدقا چىقى-
رىشىڭغا توسقۇنلۇق قىلالمايمەن، ئەمما مېنىڭ بىر شەرتىم بار،
سەن شىنجاڭدىن ۋاز كەچسەڭ بولمايدۇ، مەن ياشلىقىمدا قەتئىي
قوغدىغان تۇپراقنى ئەمدى سەن قەتئىي قوغدىشىڭ كېرەك، دەپ
ئۇقتۇردى. بوۋىسى يەنە ئۆز تەلپىنىڭ ئارتۇقچە ئەمەسلىكى،
شەخسىيەتچىلىكمۇ ئەمەسلىكى، ئۆز ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىپلا
قالماستىن، يەنە ئاشۇ تۇپراقتا يىقىلغان بارلىق ئەجدادلارنىڭ ئار-
زۇسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقى، ئۇلار قان ئاققۇزۇپ قۇربانلىق
بېرىپ ئالغان زېمىننى ئەۋلادلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان قەت-
ئىي ساقلاش مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى ئېيتتى.

بوۋىسى بىلەن نەۋرىسى، ھەقىقىي قەھرىمان بىلەن قەھرىمان
بولۇشنى ئويلاۋاتقان ئەر كىشى ئوتتۇرىسىدا ئاشۇ يازدا بىر قېتىم-
لىق ئەقلىي سۆھبەت تاماملاندى، ئاخىرى ۋاڭ لۇ ھەم بوۋىسىنىڭ
ئارزۇسىغا بويسۇندى، ھەم ئۆز كۆڭلىگە ھەمدەم بولدى، ئۇ شىن-
جاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كومپيۇتېر فاكۇلتېتىغا كىرىپ ئوقۇدى.
ھەش - پەش دېگۈچە يەتتە يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ كومپيۇتېرنىڭ
سىرلىرىنى چۈشىنىپ، IT ساھەسىدە ماھارىتىنى كۆرسىتىدىغان،
پات ئارىدا ئىس - تۈتەكنى كۆرگىلى بولمايدىغان جەڭگاھقا بۆسۈپ
كىرىپ زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى بولغىلىۋاتقان چاغدا، تۇساتتىن
باشقىلار يەنە ئۇنى ئۇنىڭ نەزىرىدە بوۋىسى بىلەن ئاتىسىغا مەنسۇپ
بولغان جەڭ مەيدانىغا قايتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئەمما ئۇ ئاشۇ جەڭ-
گاھتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۇچۇنلا، بېيجىڭغا بېرىپ باشقىدىن بىر
جەڭ مەيدانى ئاچماقچى بولغانىدى.

— خالامسىز - خالىمامسىز؟ بالا، ئوچۇقراق بىر نېمە

دەڭ! — چېن دامو چىرايىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ سورىدى.

ۋاڭ لۇ ئۆتمۈشتىكى قەھرىمانلىق ئارزۇسىدىن تارتىپ كېلىندى، ئۇ چېن داموغا خاتىرجەملىك بىلەن قاراپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكىنى ئۇن - تىنسىز مۆلچەرلىدى، بۇ كىشىنىڭ كەم دېگەندە بىر مېتىر سەككەن - توقسان سانتىمېتىر كېلىدىغانلىقى، ئۆزىدىن ئېگىزرەك ئىكەنلىكىنى پەملىدى. ئادەتتە، ۋاڭ لۇنىڭ ئېگىزلىكى ئۇنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا مەغرۇرلۇققا ئادەتلەندۈرۈپ قويغانىدى، ئۇ ئۆزىدىن ئېگىز كىشىلەرنى كۆرگەندىلا ئاندىن ئازراق بېسىم ھېس قىلاتتى، ۋاڭ لۇ ئەرلەردىن كېلىدىغان بىر خىل بېسىمنى سەزدى.

نېرىدا جۇڭ چېڭنىڭ ھاسىرىشى نورماللاشقانىدى. ئۇ ياندىن ۋاڭ لۇغا تىكىلىپ تۇراتتى، ۋاڭ لۇ ئۇنىڭ كۆزىدىن چاقناپ تۇرغان ئۆتكۈرلۈكنى ھېس قىلدى. جۇڭ چېڭنىڭ قاراشلىرى ئازراق بوۋىسىنىڭكىگە، يەنە ئازراق ئاتىسىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتەتتى. ۋاڭ لۇ شۇنى تونۇپ يەتتىكى، ئەگەر مۇشۇ چاغدا ئۆزى «ياق» دەيدىغان بولسا، جۇڭ چېڭ جەزمەن ئۇنى كۆزگە ئىلمايتتى، ئۇ جۇڭ چېڭدەك كىشىلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى، ئۇلار قول ئاستىدىكىلەردىن سوئال سورىغاندا، ھەممىدىن بەكرەك «خوپ!» دېگەن جاۋابنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلاتتى. نېمىشقىدۇر، ۋاڭ لۇ توساتتىنلا جۇڭ چېڭنىڭ پوزىتسىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىپ قالدى. ئەمما ھازىر ئۇ جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا سۈكۈتنى تاللىدى. ئۇ يامغۇردىن كېيىنكى بۇ ساپ ھاۋالىق چۈشتىن كېيىنلىكى سۈرى بار، ئۆزىنى باشقۇرالايدىغان بىر كىشىگە يولۇققانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ مۇشۇنداق كىشىنىڭ پەيدا بولۇشىغا تەلمۈرۈۋاتقىلى ۋە ئىنتىزار بولۇۋاتقىلى ناھايىتى ئۇزاق بولغانىدى، چۈنكى ئۆزىنىڭ بوۋىسى بىلەن ئاتىسىدىن باشقا ھېچكىمگە قول قويۇپ باقمىغانىدى.

جۇڭ چېڭ ئايغىنى كىيىپ ئورنىدىن تۇردى - دە، ۋاڭ لۇغا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ۋاڭ لۇ ئىنتائەتمەنلىك بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا باردى، ئۇنىڭ چىرايىدىن تېخىچە خىجالەتچىلىك چىقىپ تۇراتتى. جۇڭ چېڭ سىلىق تەلەپپۇزدا ئۇنى ماختىدى:

— بەك يۇگۇرەيدىغان بالا ئىكەنسىز، ئۆزىڭىزمۇ ناھايىتى چىداملىق ئىكەنسىز!

ۋاڭ لۇ جۇڭ چىڭنىڭ تەلەپپۇزىنى ئىنچىكىلىك بىلەن دەڭسەپ كۆرۈپ، گېپىگە ئاسانلىقچە گەپ قوشۇپ يۇرمىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، جۇڭ چىڭ ئۇنىڭ پوزىتسىيىسى بىلەن ھېسابلىشىپ يۇرمەي، يەنىلا ناھايىتى زور ئىشتىياق بىلەن قولىنى ئۇزىتىپ:

— ساۋاقداش ۋاڭ لۇ، سىز ھەقىقەتەنمۇ كۆز ئالدىمنى ۋىللىدە يورۇتۇۋەتتىڭىز، كېلىڭ، قول ئېلىشىپ قويايلى، — دېدى.

جۇڭ چىڭ ئەملىشىپ كەتكەن يوغان قوللىرى بىلەن ۋاڭ لۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ، ئۇنىڭغا پىشىپ يېتىلگەن ئەر كىشىنىڭ بىر تۇرلۇك كۈچ - قۇۋۋىتىنى سەزدۇردى. ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى جەلپكارلىق ئىدى، ئۇنىڭدىن ئەرلەرگە خاس ساددىلىق چىقىپ تۇراتتى. ۋاڭ لۇ ئىچىدە ئەر كىشىنىڭ ھەقىقىي كۈچلۈك بولۇش - بولماسلىقى ئۇنىڭ يېشى ۋە كەچۈرمىشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولىدىكەن، دەپ ئويلىدى. ئۇ جۇڭ چىڭدەك مۇنداق ئەرلەرنىڭ قانداق مول كەچۈرمىشلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، ئەمما تەقى - تۇرقى سەھرالىقتەك بۇ ئوتتۇرا ياشلىق ئەر كىشىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن زومىگەرلىك ۋە ئىشەنچ ئۇرغۇپ تۇرىدىكەن، دەپ ئويلايتتى.

ۋاڭ لۇ جۇڭ چىڭ ھەققىدە پىكىر يۇرگۇزۇۋاتقاندا، جۇڭ چىڭ ئۇنىڭغا قارىتا ئەقلىي جەھەتتىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى:

— بۇۋىڭىز قايەردىن كەلگەن؟

ۋاڭ لۇ راۋان جاۋاب بەردى:

— ۋاڭ جىنىنىڭ قىسمى بىلەن ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا جەڭ قىلىپ كەلگەن، ئاندىن شىنجاڭنى ئازاد قىلغان.

بوۋىسى توغرىسىدا ۋاڭ لۇ ئارتۇقچە سۆزلىمەكچى ئەمەس ئىدى.

— ئاتىڭىز نېمە خىزمەت قىلىدۇ؟ — دەپ سوئال سورىدى جۇڭ چىڭ.

ۋاڭ لۇ ئاتىسى ھەققىدە كۆپ سۆزلەشنى تېخىمۇ خالىمايتتى. ئاتىسى دېگەن ئاتىسى، ئۇ دېگەن ئۇ ئىدى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندىن تارتىپلا، ئۇ ئوغۇل بالىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئىززەت - ھۆرمەتكە ئىگە بولغانىدى، باشقىلارنىڭ بوۋىسى ياكى ئاتىسى بىلەن ئۆزىنى سېلىشتۇرۇشىدىن تولىمۇ بىزار ئىدى، بوۋىسى كارامىتىنى كۆرسەتكەن قانداق چاغلار ئىدى، ئاتىسى قانچە ياشلارغا كىرىپ قالدى، ئۆزى تېخى قانچە ياشلاردا ئىدى دېمىسە، ئادىللىق بولمايتتى. شۇڭا ئۇ جوڭ چېڭغا مۇجمەل جاۋاب بەردى:

— ئاتام شىنجاڭنى قوغداۋاتىدۇ.

— ئۇنداق بولسا سىز مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ، مۇشۇ يەردە ئۆسكەن 3 - ئەۋلاد شىنجاڭلىقكەنسىز! — جوڭ چېڭ ئىككى خىل مەزمۇننى تەكشۈرۈپلا دەرھال ھۆكۈم چىقاردى.

— شۇنداق، ئەگەر بوۋامدىن تارتىپ ھېسابلىسام، مەن شىنجاڭدا تۇغۇلغان 3 - ئەۋلاد بولىمەن، — دەپ جاراڭلىق جاۋاب بەردى ۋاڭ لۇ.

— ئۇنداقتا سىز شىنجاڭنى قانداق قوغدىماقچى؟ — جوڭ چېڭ گەپنى بۇراپلا، تۇساتتىن سورىدى.

ۋاڭ لۇ قىزىرىپ كەتتى، چۈنكى ئۇ شىنجاڭنى قانداق قوغداشنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى. جوڭ چېڭ بىردەم ساقلاپ، ۋاڭ لۇنىڭ كۆڭلىنى بىلىۋالغاندەك قىلدى - دە، گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى:

— يىگىت، كومپيۇتېر تىلىدىن باشقا، يەنە قانداق تىل بىلىسىز؟

— ئىنگلىز تىلى بىلىمەن، ئەرەبچە بىلەن ئۇيغۇرچىنىمۇ بىلىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ۋاڭ لۇ پەخىرلەنگەن ھالدا.

— مەيلى ھاياتلىقتا بولسۇن ياكى ھاياتلىقتىن ھالقىپ كەتكەندە بولسۇن، مۇشۇ بىڭسىڭىز يېتىپ ئاشقۇدەك، — دەپ مۇئەييەنلەشتۈردى جوڭ چېڭ.

جوڭ چېڭ بىردەم ئويلىنىۋېلىپ:

— مۇبادا تۆت ئادەم سىزنى ئۇرماقچى بولسا، قانداق قىلىسىز؟ — دەپ سورىدى تۇساتتىن.

باشقىلارنىڭ مۇنداق قىزىقارلىق ۋە «كەسپىي» گەپنى سوراي-
دىغانلىقىنى ئويلىمىغان ۋاڭ لۇ بىردىنلا سەگەكلىشىپ كەسكىن
جاۋاب بەردى:

— ئۇرۇشۇشنىڭ ئۈچ خىل ئۇسۇلى بولىدۇ. بىرىنچىسى،
قارىسىغا ئۇرۇشۇش؛ ئىككىنچىسى، ئالدى بىلەن ئەڭ ئاجىزىنى
ياكى ئەڭ كۈچلۈكىنى بويسۇندۇرۇش، مۇشۇ ئارقىلىق باشقىلىرى-
نى قىسماققا ئېلىش؛ ئۈچىنچىسى، ئۇلارنىڭ تىغ ئۇچىدىن ئۆزىنى
قاچۇرۇش، ئاۋۋال قورققان بولۇۋېلىپ سۈلھى تەلەپ قىلىش،
تولۇق ئىقتىدارغا ئىگە بولۇۋالغاندىن كېيىن ئاندىن قايتۇرما زەربە
بېرىش.

جۇڭ چېڭ قېشىنى لىككىدە ئېتىپ قويۇپ، زور قىزىقىش
بىلەن ماختىدى:

— ھەربىينىڭ ئەۋلادى بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنسىز، ئۇرۇ-
شۇشنى مەخسۇس تەتقىق قىلغانمىدىڭىز؟

— ھەئە، «بىر ئوغۇشسىزلىققا ئۇچرىساڭ، بىر ئەقىل
تاپىسەن» دەپتىكەن. كىچىكىمدە ئاز سوقۇشمايتتىم. دەسلەپكى
قېتىملىرىدا زىيان تارتتىم، كېيىنچىرەك يېڭىلمەس گېنېرال
بولۇپ قالدىم، — ۋاڭ لۇ ناتونۇش بىر كىشىگە كىچىك چېغىدى-
كى ئەسكىلىكلىرى ئۈستىدە ئۆزىگە تەمەننا قويغان ھالدا پو ئاتتى.
مۇھىمى، جۇڭ چېڭ ئۇرۇشىدىغان مۇشۇنداق ئىشلارغا قىزىقاتتى،
ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دەل ۋاڭ لۇنىڭ يەنە بىر ئارتۇقچىلىقى ئىدى.

جۇڭ چېڭ داۋاملىق ۋاڭ لۇغا يەل ئۇرۇپ:

— يىگىت، كاللىڭىز بەك ئىشلەيدىكەن جۇمۇ، ئازراق ئاچ-
چىقىڭىزمۇ بار ئىكەن تېخى، — دېدى.

ۋاڭ لۇ جۇڭ چېڭنىڭ سۆزىنى مۇشۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى
دەپ ئويلىغانىدى، ئەمما جۇڭ چېڭ گېپىنى بۇراپلا:

— بىراق ھېلىقى تۆتەيلەننىڭ سىزنى نېمىشقا ئۇرىدىغانلىقى-
نى، ھەر قېتىمقى ئۇرۇشۇشنى قانداق قىلىپ بىخ ھالىتىدىلا
يوقىتىشنى ئويلاپ باقمىدىڭىز، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

كۈتمىگەن يەردىن چىققان بۇ سوئالغا ۋاڭ لۇ ئەپلەشتۈرۈپ
جاۋاب بېرەلمىدى.

ۋاڭ لۇ ھاڭۋېقىپ قالغاندا، جۇڭ چېڭ كەسكىن ھالدا:
— ساقچى بولمىسىڭىز زايە كەتكۈدەكسىز، مەن بىلەن مې-ڭىڭ! — دېدى.
بۇ چارە قالتىس بولدى! ئەمما ۋاڭ لۇ كىچىكىدىن تارتىپلا بوۋىسى بىلەن ئاتىسىدىن باشقا بىرەر كىشىنىڭ تېخى ئۆزىگە قوماندانلىق قىلالىغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى!
چېن دامو ۋاڭ لۇنى دوستانىلىك بىلەن تارتىپ قويۇپ:
— قاراپ تۇرىسىزغۇ؟ ماڭمامسىز، ئارخىپىڭىزنى ئالغىلى بارىمىز! — دېدى. ئۇنىڭ ئەلپازىدىن ۋاڭ لۇ ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئادىمى بولۇپ قالغاندەك، ئۇنىڭ يۆتكىشىگە بويسۇنۇشى كېرەكتەك مەنە چىقىپ تۇراتتى.
— نېمىشقا! — ۋاڭ لۇ قايىل بولمىدى، ئۇنىڭ توساتتىنلا ئىلھامى كېلىپ، چېن داموغا «چىرماق» سالغۇسى، ئۇنىڭ كارامىتىنى سىناپ باققۇسى كەلدى. ئەگەر بىر ساقچى بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىمۇ يېڭەلمىسە، ئۇ نېمىشقا ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭغۇدەك؟ ۋاڭ لۇ مۇشۇنداق خىيال بىلەن سول پۇتىدا ئالدىغا بىر چامداپ، توساتتىنلا ئوڭ پۇتىنى چىقاردى ـ دە، چېن دامونىڭ سول پۇتىغا چىرماق سالدى. چېن دامو پۇتۇنلەي تەييارلىقسىز تۇرغانىدى، ئەمما ئۇ «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» دېگەندەك، سول پۇتىنى سەللا كۆتۈرۈپ، ۋاڭ لۇنىڭ ئوڭ پۇتىنى چىرمىۋېلىپ، ئۇنى يىقىتىۋەتتى. ۋاڭ لۇ ئۆمىلەپ قوپۇپلا يەنە ئوڭ تەرەپتىن پەشۋا ئاتتى، چېن دامو يەرگە بىرلا تاپانداپ، ئۇدۇلىغا پۇت ئاتقان پېتى ۋاڭ لۇنى توسىۋالدى، ئارقىدىنلا يەنە بىر قېتىم ياندىن پۇت ئېتىپ، ۋاڭ لۇنى تىز بىلەن قىلماقچى بولغان ھۇجۇمىنى كونترول قىلىۋالدى ھەمدە ئۇنىڭغا توساتتىنلا يېقىنلىشىپ ۋاڭ لۇنى كۆكرىكىنىڭ يېنى بىلەن سوقۇپ ئۈچ ـ تۆت مېتىر نېرىغا ئاپىرىۋەتتى، ۋاڭ لۇ كەينىگە ئۈچۈپ چۈشكىلى تاس قالدى، ئىش بۇنىڭ بىلەن توگەپ قالمىدى، چېن دامو يەنە ئوڭ قولىنى بوشىتىپ، «كانىيىنى ئېتىپ قويۇش» ھەرىكىتىنى قىلدى، ۋاڭ لۇ «ئۆلۈش»كە ئازلا قالغانىدى، ئۇ جان پىدالىق بىلەن قۇتۇلماقچى بولىۋاتقاندا، چېن دامو بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلۈپ قولىنى

تارتىۋالدى ـ دە:
— ھەربىڭلىرىڭىز بەك چاققان ئىكەن، ئەمما كۆرۈنۈشكە چىرايلىق، ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق قىممىتى يوق گۇمپىلار ئىكەن، — دەپ باھا بەردى.
ۋاڭ لۇ ئەسلىدە ئۆگىنىۋاتقان «يەرگە يىقىلىش» گۇمپىسى، «روۋداۋ»، «تەيچۈەنداۋ» ماھارىتىنى چىقىرىپ، ئىككى ساقچىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرماقچى بولغانىدى، بۇگۇن چوڭ چىڭ بىلەن ئۇچرىشىدىغىنىم پېشانەمگە پۈتۈلگەنىكەن، بۇنىڭدىن كېيىن ھەر-قايسىڭىز ئۆز يولىڭىزغا راۋان بولغان تەقدىردىمۇ، قەھرىمانلار ئۇچراشقاندەك ئىش بولغۇدەك، دەپ ئويلىغانىدى. كۈتۈلمىگەندە پۈتۈنلەي موللاق ئاتتى، بۇ ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ ئوغىسىنى قايىن-تاتتى.
ۋاڭ لۇ قايىل بولماي:
— سىز چېلىشىشقا ئۇستا ئوخشىمامسىز؟ — دەپ سورى-دى.
چېن دامو بېشىنى چايقاپ قويۇپ، پەرۋاسىزلىق بىلەن جاۋاب بەردى:
— ماشىنا ھەيدەشكە.
— سىز كىنولاردا قويۇلغاندەك ئۇچقاندەك ماشىنا ھەيدىيە-لەمسىز؟
— ئۇ سۇرئەتنى ئاشۇرۇپ ئاداققى چەكتە ھەيدەش دېيىلى-دۇ. ئاددىي ئىش.
— ماڭا ماشىنا ھەيدەش تېخنىكىلىرىنىڭ قايسىلىرىنى بىلى-دىغانلىقىڭىزنى دەپ بەرسىڭىز بولامدۇ؟
. — «ماشىنىنى 180 گرادۇس ئايلاندۇرۇش»، «باشقىچە زەربە بېرىپ ئۇسۇشۇش»، «قوزۇقنى خىلمۇخىل ئايلىنىپ ئۆ-تۈش»، «ئەجدىھاغا ئۇچرىغاندا ياندۇپ ئۆتۈش»، «دالىدا چەككە يەتكۈزۈپ ھەيدەش»، بولدى بەس، ھاڭقېتىپلا قالدىڭىزمۇ نېمە؟
ۋاڭ لۇ شۇئانلا چېن داموغا يېڭىچە نەزەردە قارىدى: مۇشۇن-داق بىر جىمىغۇر ئادەمنىڭ ماشىنا ھەيدەش ماھىرى ئىكەنلىكىنى كىم ئويلىغان دەيسىز، ئۇنىڭ شۇنچە كۆپ ماشىنا ھەيدەش تېخنى-

كىسىنى بىلىدىغانلىقىدىنلا قەھرىمان بولۇشى ئورۇنلۇقتۇ!
— ئۇ تېخى ھېچقانچە ئەمەس، بىزنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ساقچىلىرى ئىچىدە خاسىيەتلىك ئادەملەر تولا، مەسىلەن، ئارىلاپ ئېتىش ماھىرى، مەرگەن، پارتلىتىشقا قارشى تۇرۇش مۇتەخەسسىسى دېگەندەكلەر، قانداق، ئۇلارنى كۆرۈپ باقامسىز؟ ئۇنداق بولسا بىزنىڭ سېپىمىزگە قوشۇلۇڭ، — جۇڭ چېڭ ۋاڭ لۇنى سەمىمىيلىك بىلەن تەكلىپ قىلدى.
ۋاڭ لۇنىڭ كۆڭلى ئېرىدى، كەم - كۈتىسىز ئىككى ئەركەكنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ قەلبىگە يوشۇرۇنغان قەھرىمانلىق ئارزۇسى قايتىدىن تىرىلدى، بۈگۈنكى ئۇچرىشىشقا قارىتا ئۇنىڭدا پەيدا بولغان بىۋاستە تۇيغۇ خۇشاللىق بولدى! ئۇنىڭ ئىچ - ئىچىدىن ئۇلارغا يېقىنلىشىش ئارزۇسى پەيدا بولدى.
جۇڭ چېڭ گويا ۋاڭ لۇنىڭ كۆڭلىنى بىلىۋالغاندەك تۇراتتى،
ئۇ ۋاڭ لۇنى تارتىپ قايتىدىن ئولتۇرغۇزدى:
— ئەستايىدىل پاراڭلىشىپ باقامدۇق؟
— نېمىشقا ماڭا كۆزۈڭلەر چۈشتى، دەپ باقسىڭىز بولامدۇ؟ — ۋاڭ لۇ جۇڭ چېڭغا تىكىلگىنىچە سەمىمىيلىك بىلەن سورىدى.
جۇڭ چېڭ قايىل بولغان تەلەپپۇزدا مۇنداق دېدى:
— سىز قايناق ھېسسىياتقا باي ئىكەنسىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە تەمكىن، ئېغىر - بېسىق ئىكەنسىز». يېقىندىن بېرى مەن دانىشمەنگە تەشنا بولۇپ كەتتىم، ھەممىلا يەردىن ۋەتەنپەرۋەر، ياش، ساغلام، ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە ياشلارنى بىزنىڭ ساقچى قوشۇنىمىزغا كىرسىكەن دەپ ئىزدەپ يۈرگەنىدىم، سىزنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتىم.
ئارقىدىن جۇڭ چېڭ ئۇنىڭغا نۆۋەتتە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى دۇچ كېلىۋاتقان ۋەزىيەتنى، «ئۈچ خىل كۈچ» ئىلگىرى - كېيىن قوزغىغان «ئۈچ قېتىملىق دېلو سادىر قىلىش دولقۇنى» نى، ئۆزلىرى ئالدىنقى باسقۇچتا يوقاتقان قاسىم تېررورلۇق تەشكىلاتىنى سۆزلەپ بەردى. ۋاڭ لۇ بۇلارنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى، ئۇنىڭ تېررورلۇققا قارشى

تۇرۇش كۇرىشىگە قاتنىشىش ئارزۇسى كۆچلۈك دەرىجىدە قوزغىتىلغانىدى. ئاخىر، جوڭ چېڭ ئۇنىڭغا قوللىرىنى كەڭ يايدى:
— كېلىڭ، سېپىمىزگە قوشۇلۇڭ، كەلگۈسىدە ئۆزىڭىزگە داۋاملىق جەڭ ئېلان قىلىدىغان، تەۋەككۈلچىلىك ۋە قوزغىتىشقا تولغان هايات ئىگىسى بولىسىز، سىزنىڭ مول هاياتىڭىزدىن شان ـ شەرەپ تۇيغۇسى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، بۇ هەرقانچە پۇل تاپسىڭىزمۇ ئېرىشەلمەيدىغان تۇيغۇ.
جوڭ چېڭنىڭ قۇتراتقۇلۇقى ناهايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، ۋاڭ لۇنىڭ غەيرىتى ئۇرغۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قانداقتۇر بىرنېمىنى ئىپادىلىمەكچى بولۇۋاتقاندا، جوڭ چېڭنىڭ يانفونى توساتتىنلا سايراپ كەتتى، تېلېفوننى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى بوستان شەهەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ياڭ چىڭشەن بەرگەنىدى، ئۇ خېبىنىڭ قويۇق باۋدىڭ شېۋىسىدە مۇنداق دوكلات قىلدى:
— باشلىق، بۈگۈن ئەتىگەن بىرەيلەن ئىگەرچى يېزىسىغا 80 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا كۆيدۈرۈلگەن بىر تاكسىنى بايقىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن بىر جەسەتنى بايقىغانلىقىنى ساقچىغا مەلۇم قىلدى. مەن هېلىلا شەهەر دائىرىسىدە يېقىندا يىتۈپ كەتكەن تاكسىنى تەكشۈرۈپ تېپىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردۈم.
— سىز نەق مەيداندىمۇ؟ — دەپ سورىدى چوڭ چېڭ.
— نەق مەيداندىن هېلىلا قايتىپ كەلدىم، — دەپ جاۋاب بەردى ياڭ چىڭشەن.
— نەق مەيداندا بىرەر نەرسە بارمىكەن؟ — دەپ يەنە سورىدى جوڭ چېڭ.
— هازىرچە قىممىتى بار بىرەر يىپ ئۇچىنى بايقىمىدۇق، — دەپ جاۋاب بەردى ياڭ چىڭشەن.
— مېنىڭ پىكرىم، يەنە نەق مەيدانغا قايتىپ بېرىڭ، ئەستايىدىلراق تەكشۈرۈڭ، يىپ ئۇچى چىققان هامان ماڭا مەلۇم قىلىڭ، مەن هازىرلا قايتىمەن، — دەپ بۇيرۇق قىلدى جوڭ چېڭ.

جۇڭ چېڭ يانفوننى تىڭشاۋاتقاندا، قاپىقى تۈرۈلۈپلا كەتتى، ۋاڭ لۇ ئۇنىڭ چىرايى ۋە گەپ - سۆزىگە قاراپ جەنۇبىي شىنجاڭدا چوقۇم بىر چاتاق چىقىپتۇ، دەپ ھېسابلىدى. دەرۋەقە، جۇڭ چېڭ يانفوننى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، چېن داموغا شەرەت قىلىپ:

— ئۇنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىۋېتەيلى، ئاندىن دەرھال جەنۇبىي شىنجاڭغا قايتايلى، — دېدى.

جۇڭ چېڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ۋاڭ لۇدا نەزەردىن چۈشۈپ قالغاندەك بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى. ئۇ جۇڭ چېڭ بىلەن چېن دامونىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆزىنى غەلىتىلا ھاياجانلاندۇرىدىغان ھېسسىياتنى ئەمدىلا سەزگەنىدى. نەتىجىدە، جەنۇبىي شىنجاڭدا قانداقتۇر بىر ئىش يۈز بېرىپتۇ، جۇڭ چېڭ ئۇنى بىر چەتكە چۆرۈۋەتتى، شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۆزى جۇڭ چېڭنىڭ نەزىرىدە پۈتۈنلەي ئەرزىمەس نەرسە ئىكەن، ھېچنېمە ئەمەس ئىكەن! ۋاڭ لۇ جۇڭ چېڭنىڭ ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تېخى بايقالمىغان يوشۇرۇن ئىقتىدار ۋە قىممەتنى تونۇپ يېتىشنى ئارزۇ قىلغان، ئۆزىنى نامايان قىلماقچى بولغانىدى.

بىراق، جۇڭ چېڭ كەينىگە قاراپمۇ قويماي ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى، ئۇ ۋاڭ لۇنىڭ ئالدىدا خۇددى بىر كۆزگە كۆرۈنەرلىك يول بەلگىسىدەك كېتىۋاتاتتى. ۋاڭ لۇ ئىختىيارسىزلا جۇڭ چېڭنىڭ قارىسىغا ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇ شۇ كۈندىن ئېتىبارەن جۇڭ چېڭغا ئەگىشىپ مېڭىش مۇساپىسىنى باشلىۋەتتى.

جۇڭ چېڭ بىلەن چېن دامو ۋاڭ لۇنىڭ ئارخىپىنى ئاچقاندا تەڭقىسلىقتا قالدى. ئۇنىڭ ئاتىسى شىنجاڭدا ناھايىتى داڭدار ئەرباب ئىدى، يەنە كېلىپ جۇڭ چېڭنىڭ ئەزەلدىن ھۆرمەتلەپ كېلىۋاتقان كونا رەھبىرى ئىدى، باشقا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بولغىنىدا، جۇڭ چېڭغا ھېچقانداق بېسىم بولمايتتى، ئەمما ۋاڭ لۇنىڭ سالاھىيىتى بەك ئالاھىدە ئىدى. چېن دامو ئۇنى چېكىپ بېقىپ:

— بولمىسا، بولدى قىلايلى يا؟ — دەپ سورىدى.

ۋاڭ لۇ «بولدى قىلايلى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپلا ئەكسىچە نارازى بولدى، ئۇ جۇڭ چېڭغا:

— نېمە بولدى؟ ئاتامدىن قورقتىڭىزمۇ؟ ئۇ دېگەن ئۇ، مەن دېگەن مەن، ئۆز يولىمىز ئۆزىمىزگە. كىچىكىمدىن تارتىپ چوڭ بولغۇچە ئۇ مېنىڭ ئىشلىرىمنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمىگەن، هازىرمۇ ئوخشاش، ئۆزۈمنىڭ ئىشىغا ئۆزۈم ئىگە! — دېدى.

ۋاڭ لۇنىڭ پوزىتسىيىسى ئەكسىچە جۇڭ چېڭنى خۇشال قىلدى، ئەمما بۇ نېمىلا دېگەن بىلەن ئادەتتىكى ئىش ئەمەس ئىدى، جۇڭ چېڭ زىددىيەتنى ۋاڭ لۇنىڭ ئۆزى هەل قىلىشقا تاپشۇرۇپ بېرىش نىيىتىگە كەلدى، ئۇ مۇنداق دېدى:

— مېنىڭچە بولغاندا، سىزنى ئىنتايىن ياقتۇرۇپ قالدىم، ئەمما سىز ئاتىڭىزنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشىڭىز كېرەك، شۇ چاغدىلا سىزنى ئېلىشقا پېتىنالايمەن.

— ئۇنداق بولسا، مېنىڭ كېلىپ تىزىمغا ئالدۇرۇشۇمنى كۈتۈڭ! — دېدى ۋاڭ لۇ.

تېگى - تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ۋاڭ لۇ جۇڭ چېڭنىڭ ئەزىمەتلەرگە خاس پەزىلىتىدىن مېهرىنى ئۈزەلمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئادەتتىكىدەك تەقى - تۇرقىدىن بىر خىل مەردلىك ۋە هۆكۈمرانلىق چىقىپ تۇراتتى. لېكىن ۋاڭ لۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئاشۇ هۆكۈمرانلىقنى ياقتۇرغانىدى. ما تيەنمۇ هەمىشە ۋاڭ لۇنى «كىچىك هۆكۈمران» دەيتتى. ۋاڭ لۇ ئەرلەرنىڭ هەممىسى ئاشۇنىڭدەك خىسلەتكە ئىگە بولۇشىنى خالايدۇ، ئەمما بۇنى هەممىلا ئەر كىشى ئورۇندىيالمايدۇ، دېگەنگە ئىشىنەتتى.

ۋاڭ لۇ كەلگۈسىگە نەزەر تاشلىدى، ئۇ جۇڭ چېڭنىڭ بىر چۈشتىن كېيىنلىكى ئۆزىنى ئىچىدىن تارتىپ سىرتىغىچە نامايان قىلغانلىقىدىن، ئۆزىنى بۇنىڭدىن كېيىن بولماقچى بولغان ئاشۇنداق ئەر كىشىنى كۆرۈپ يەتتى. ۋاڭ لۇنىڭ قارىشىچە، ئەر كىشى بىلەن ئەر كىشى ئۇچراشسا، يېڭىش - يېڭىلىشنى ئالدى بىلەن تەقى - تۇرقىدا تالىشاتتى. ئۇ بەختكە يارىشا ئۆزى يېڭىلگەنلىكىگە تەن بېرىدىغان ئەركەككە يولۇققاندىكىن، نېمىشقا خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭمىسۇن؟

كېيىنچىرەك، جۇڭ چېڭ ۋاڭ لۇغا ۋاڭ لۇنىڭ چوقۇم ئۆزىگە ئەگىشىپ ماڭىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكى، ئۆزىنىڭ ۋاڭ لۇدەك

مۇنداق باللارنىڭ ئوي - خىيالىنى بىلىۋالالايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. چۈنكى 20 يىل ئاۋۋال ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئۆزىنى ئۇستۇن چاغلاپ، هاكاۋۇرلۇق قىلىدىغان ئوغۇل بالا بولغان، ئالىي مەكـتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاسپىرانتلىقتا ئىمتىهان بېرىشكە يا-كى بېيجىڭغا بېرىپ ئىشلەشكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەنىدى. ئەمما كۈتۈلمىگەن بىر ۋەقە ئۇنى ئۆز ئارزۇسىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇ ئەستايىدىللىق بىلەن شىنجاڭدا بىر ساقچى بولدى. ئۇ قانداق بىر كۈتۈلمىگەن ۋەقە ئىدى؟ جۇڭ چېڭ بۇنى ۋاڭ لۇغا يىپىدىن - يىڭنىسىگىچە دەپ ئولتۇرماي، يوغان بىر تۈگۈننى قالدۇردى.

# ئىككىنچى باب

## 1

ۋاڭ لۇ جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىشنى قارار قىلغاندا، ئۇنىڭ ئاتىسى سىرتتا يىغىنغا قاتنىشىۋاتاتتى. ئۇ بىرىنچى بولۇپ جۇڭ چېڭنىڭ تېلېفونىنى قوبۇل قىلدى، ئۇ جۇڭ چېڭغا:

— مەن بالىمىزنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

ۋاڭ لۇنىڭ ئانىسىمۇ ئوغلىغا نەسىھەت قىلىش ئۈمىدىنى ئېرىگە باغلىغانىدى، ئۇ ئائىلىدىكى ئىككى ئەر كىشىدىن ئاز دېگەندە بىرىنىڭ ئۆزى تەرەپتە تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى، بۇ ھېيلىسىنىڭ جەزمەن مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ شۇنداق قىلىۋاتاتتى. ئۇ قايغۇ - ھەسرەت بىلەن كوتۇلداپ كەتتى:

— ئوغلىمىز چوقۇم يىراق يەرگە كەتمەكچى بولغاندىكىن، بىيجىڭغا بارغىنى تۈزۈك ئىدى، ھېچبولمىغاندا شىڭەنگە بولسىمۇ مەيلىدى! «سۇ تىرەن يەرنى، ئادەم ئېگىز يەرنى ئىزدەيدۇ» دەيدىغان گەپ بار، ئۇنىڭ شىنجاڭدا قالىمەن دەپ تۇرۇۋالغىنىنى قارىمامدىغان...

ۋاڭ لۇنىڭ ئانىسى كوتۇلداپ بولماي تۇرۇپلا، ئاتىسى تېلېفوندا تېرىككىلى تۇردى:

— خوتۇن، ئاشۇرۇۋەتتىڭ. ئوغلۇم تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرىگە تەشەككۈر ئېيتماقچى بولۇۋاتىدۇ، مەن ئاتا بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇنىڭدىن مىننەتدارمەن. ھېلىمۇ ياخشى ھەربىي بولۇپ قالغىنىڭ، زو زۇڭتاڭ: «شىنجاڭغا ئەھمىيەت بەرگەنلەر موڭغۇلىيىنى قوغداپ قالالايدۇ؛ موڭغۇلىيىنى قوغداپ قالالىغانلار بېيجىڭنى قوغداپ قالالايدۇ» دېگەن گەپنى قىلغانىكەن. ئەجدادلىرىمىز بىرنەچچە يۈز يىل بۇرۇنلا شىنجاڭنىڭ ئورنىنى مۇشۇنداق

مۇھىم بىلەلىگەنىكەن، بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بىز زو زۇڭتاڭچىلىكمۇ بولالمايمىزما؟ ئوغلىمىزنىڭ ئۆز ئورنىدا قىلىپ شىنجاڭنى قوغدىشى خۇشاللىنارلىق ئىش، شەرەپلىك ئىش تۇرسا، نېمىگە يىغلايسەن؟ ئوغلىمىزنىڭ ئالدىدا تولا يۇزىمىزنى تۆكمە.

ۋاڭ لۇنىڭ ئانىسى يىغلاپ دادلاشتىن توختىدى. ئۇ تېلېفوننى قويۇپ خورسىندى: «سىرتقا دېسە ھەممىڭلارنىڭ ئايىغى چىقىپ كېتىدىكەن، قانچە يىراققا دېسەڭلەر شۇنچە يىراققا كېتىدىكەنسىلەر، ئەتىدىن كەچكىچە قازان بېشىنى چۆرگىلەش، بۇ ئۆيۈڭلەرگە تىرەك بولۇش ماڭىلا قالىدىكەن.»

ۋاڭ لۇنىڭ كۆڭلى سەل ئورنىغا چۈشتى، ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇغاندىن بۇيان ئاتىسى بىلەن غەلىتىلا كۈچ سىنىشىپ قالغان، ئىككىسىلا بىر ـ بىرىگە بۆلەكچە كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ قېتىمقى نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشنى تاللاش مەسىلىسىدە ئاتىسى رازىلىقىنى بىلدۈرگەنىدى، ۋاڭ لۇ بۇنىڭدىن قاتتىق خۇشال بولدى.

ئانىسى ئاتىسى بىلەن نەچچە ئون يىل ئېيتىشقان بولسىمۇ ئۇنى ئۆزىگە كۆندۈرەلمىگەنىدى، شۇڭا ئائىلە ئۇرۇشىغا بۇرۇنلا قىزىقمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ تېلېفوننى ئورنىغا قويۇپ قويغاندىن كېيىن، ئوغلىنىڭ چىرايى ئېچىلىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ يەنە ئۇتتۇرغانلىقىنى بىلدى ـ دە، ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، خۇشال ھالدا ئوغلىغا بىر تەخسە مېۋە ـ چېۋە يۇيۇپ بېرىپ، ئوغلى يېگۈچە قاراپ تۇردى. ئانا نېمىلا دېگەن بىلەن ئانا ئىدى، ئۇ ئوغلىنىڭ كەڭ دۈمبىسىنى ئىچى ئاغرىغىنىچە سىلاپ تۇرۇپ:

— سەندىن ھەقىقەتەن خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن، ئەمدىلا 25 ياشقا كىرىپ، ئۆيدىن يىراق يەرلەردە ئۆزۈڭ يالغۇز جاپا چەكمەكچى بولۇۋاتىسەن، — دېدى.

ۋاڭ لۇ ئانىسىغا تەسەللى بەردى:

— سىزمۇ 18 — 19 ياش چاغلىرىڭىزدا ئاتا ـ ئانىڭىزدىن ئايرىلىپ، جەنۇبىي جۇڭگودىن ئەسكەر بولۇپ شىنجاڭغا كەلگەن، ئاندىن باتۇرلۇق بىلەن ئاتامغا ياتلىق بولغانىكەنسىزغۇ؟

— لېكىن، ئۇ چاغ دېگەن ئۇ چاغ، نېمىنىڭ قورقۇش، نېمىنىڭ جاپا ئىكەنلىكىنى زادىلا بىلمەيتتىكەنمىز، — دېدى ئاندىسى ئۆزىنى ئاقلاپ.

— بۇ گەپىڭىزچە، بىر ئەۋلاد يەنە بىر ئەۋلادقا يەتمەيدىكەن - دە؟ سىز كېيىنكى ئەۋلادلارنى كەمسىتىدىكەنسىز - دە؟ — ۋاڭ لۇ ئانىسى بىلەن ئەستايىدىل پاراڭلاشقىلى تۇردى.

ئانىسى ھاپىلا - شاپىلا كۆز يېشىنى ئېرتىپ، كۈلۈمسىرىگىنىچە:

— ساڭا ئېغىز ئۆپرىتىپ نېمە قىلاي! — دېدى. ئۇ يېڭىنى تۇرۇپ خېمىر يۇغۇرۇپ ئوغلىغا جۇۋاۋا تۈگۈشكە كىرىشتى. سەندۇڭلۇقلارنىڭ باشقىلارنى ئۆزىتىپ قويغاندا جۇۋاۋا، قارشى ئالغاندا ئۈگرە ئېتىش ئادىتى بار ئىدى.

## 2

ئەسلىدە ما تيەنمۇ قىن - قىنىغا پاتمىغان ھالدا يۈك - تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ۋاڭ لۇ بىلەن بىللە ئۇچۇپ كېتىشنىلا كۈتۈپ تۇرغانىدى. نەتىجىدە، ۋاڭ لۇ يېرىم يولدا گېپىدىن يېنىۋېلىپ، ساقچى بولۇشتا چىڭ تۇرۇۋالدى. ۋاڭ لۇ ئۆزى بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىرىنچى چوڭ ئىشنىڭ، جىددىي ئورۇنداشقا تېگىشلىك ۋەزىپىنىڭ كىم كىمگە بويسۇنۇش، كىم كىمنى باشقۇرۇش مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى. ئۇ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىش ھازىرلىقىنى كۆرۈپ قويدى، بۇمۇ ئەڭ يامان ئاقىۋەت ئىدى.

— ئۆزگىرىمەن دەپلا ئۆزگىرىپسىز، ھېچبولمىسا مەن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرۈشىڭىز كېرەك - دە، — ما تيەنمۇنىڭ قەددى - قامىتى زىلۋا، گۈزەل چاچلىرى يەلپۈنۈپ تۇراتتى، ئۇ رەڭگى قېنىق مودا كىيىم كىيىپ، ئۇنى ئوچۇق رەڭلىك گاز ياغلىق بىلەن زىننەتلەشكە ئامراق ئىدى، بۇ ئۇنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنى ئۆزگىچە كۆرسىتەتتى. گەرچە ئۇنىڭدا ئازراق ئەر-

كىلىك بولسىمۇ، ئۇ خالىغانچە ئاچچىقلىنىدىغان قىزلاردىن ئەمەس ئىدى. بۇ ئىشتا ۋاڭ لۇنى ئەيىبلەيدىغان سالاھىيىتىم بار، دەپ قارايتتى.

— ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى ئۆزۈم قارار قىلىمەن، — ۋاڭ لۇنىڭ پوزىتسىيىسى ئىنتايىن قاتتىق ئىدى، ئۇ قىلچە ئەپۇ سورايدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ «بوپتۇ» دېيىشىنىلا كۈتۈۋاتاتتى، شۇنداق بولسا يەڭگىللەپ سەپكە ئاتلىنالايتتى، بۇنىڭ ياخشى ئىش بولماسلىقى ناتايىن ئىدى، ئەر كىشى قىلىمەن دېگىنىنى قىلالايتتى، بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق ئىدى!

— ئۆزىڭىز قارار قىلامسىز؟ ئۇنداقتا مەن سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدە قانداق ئورۇندا تۇرىمەن؟ كۆڭلىڭىزدە مەن بارمۇ، يوق؟ — ما تيەنمۇنىڭ مەنتىقىسى بويىچە، مۇبادا ۋاڭ لۇ ئۇنى ھەقىقىي تۇردە ياخشى كۆرسە، ئۇنى ناھايىتى مۇھىم بىلىشى، ئۇنى مەركەز قىلىشى كېرەك ئىدى.

ئەمما ۋاڭ لۇنىڭ مۇنداق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى!

ۋاڭ لۇ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

— مەن بىلەن ئېيتىشما، پايدىسى يوق، يولۇمنى تاللاپ بولدۇم، سېنىڭمۇ ئىنتىلىشىڭنى يېڭىۋاشتىن تاللايدىغان ھوقۇقۇڭ بار. سېنى قوغلىشىۋاتقانلار ناھايىتى كۆپ، يېڭىۋاشتىن تاللىساڭ يەنىلا ئۈلگۈرىسەن. ئەگەر كېتىشتە چىڭ تۇرۇۋالساڭ، سېنى خۇشاللىق بىلەن ئۇزىتىپ قويىمەن؛ ئەگەر مۇشۇ يەردە قالساڭ، بىرلىكتە جەنۇبىي شىنجاڭغا بارايلى.

ۋاڭ لۇ قاتتىق گەپ قىلىپ، بىرنەچچە يىللىق مۇھەببىتىنى پۈتۈنلەي بىر چەتكە قايرىپ قويغانىدى. ئۇ يەنە تەكىتلەپ:

— مېنىڭ مۇنداق قىلىشىم كېيىن ئاغزىڭدىن «پۇشايمان قىلدىم» دېگەن گەپنى ئاڭلاشنى خالىمىغانلىقىمدىن بولغان، — دېدى. گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتقاندا، ئۇ ساقچى بولۇش يولىغا ئېغىر ھېسسىيات يۈكىنى ئارتىۋېلىپ مېڭىشقا پېتىنالمىغان، بۇ خىزمەتنى ئەركىن - ئازادە ئىشلەشنى ئويلىغانىدى.

ما تيەنمۇ ئاچچىقلانغىنىدىن كۆكىرىپ كەتتى. ئۇ ئەسلىدە

ۋاڭ لۇنىڭ ئۆزىگە بىرنەچچە ئېغىز سىلىق - سىپايە گەپ قىلىشىنى كۈتكەنىدى، بىراق ۋاڭ لۇ ئىشنى چېكىدىن ئاشۇرىۋەتتى، ئۇ باشتىن - ئاخىر ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىمىدى. ۋاڭ لۇ: ساقچى بولۇش ئۇيات ئىش ئەمەس، ھەتتا ئالىيجاناب كەسىپ، مەن نېمىشقا ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىغۇدەكمەن؟ دەپ ئويلىغانىدى.

ما تيەنمۇ دېگەن كىم؟ ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئاجايىپ كۆزگە كۆرۈنگەن قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ دەۋرىدىن تارتىپلا ئۇنى قوغلىشىدىغان ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلۈپ باقمىغان، ئەمما ئۇ ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ، ۋاڭ لۇدىن باشقا ئوغۇللارنىڭ ھەممىسىنى يەڭگىلتەك دەپ ياراتمىغانىدى. ئۇ تىنىم تاپمايدىغان، شۇنداقلا تەمكىن، ئېغىر - بېسىق ۋاڭ لۇنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭ مۇستەقىل پىكىر قىلىدىغانلىقىنى ياقتۇراتتى. ئىككىسى بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ يۈرگەن كۈنلەردە، دائىم بەزى مەسىلىلەردە جېدەللىشىپ پوكاندەك قىزىرىشىپ كېتەتتى، ھەتتا تىغمۇتىغ ئېلىشىپ قالاتتى، بىراق ما تيەنمۇ ئايرىلىپ كېتىشنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇنى ياخشى كۆرسە، جېدەللىشىشمۇ بىر خىل بەخت، ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ بىلەن جېدەللەشكىنىمنىڭ قىممىتى بولىدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئۇ ئادەتتىكىچە تۇرمۇشقا كۆنمەيتتى، غايىچى ئىدى، تېخى قەھرىمانلىق تۈيغۇسىغا باي، رومانتىك تۇسكە تېخىمۇ ئىگە ئىدى، مېنىڭ غايەم مۇنەۋۋەر جەڭگاھ مۇخبىرى بولۇش، دەيتتى. نېملا دېگەنبىلەن، ئۇمۇ ئاززۇ - ئارمىنى بار قىز بالا ئىدى، ئۆزىنىڭ ئاززۇسىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇۋاتاتتى.

ئەمما، ۋاڭ لۇ توساتتىنلا ئۇنىڭ ئاززۇسىنى يوققا چىقارماقچى بولدى، بۇ ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمىدى، شۇنىڭ بىلەن يۈرەك سىيرىلغۇدەك يىغا - زار قىلىش داۋامىدا، ۋاڭ لۇنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئۆز مۇھەببىتىنىڭ مەغلۇبىيىتى دەپ يىغىنچاقلىدى. ئۇ ئۆزىنى مەن ۋاڭ لۇنى قاتتىق ياخشى كۆرىمەن، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن قەلبىمنى ۋاڭ لۇغا تاپشۇرىمەن، ھەممىسى مۇشۇ، ۋاڭ لۇنىڭ مۇھەببىتىمىزنى يەردە قويۇشقا ئاساسى يوق، مۇھەببەت ھەممىنى بەلگىلىيەلەيدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما ئۇ خاتالىشىپ-

تۇ، ۋاڭ لۇنىڭ تاللىغان يولى بىلەن مۇھەببەت باشقا - باشقا ئىشلار ئىكەن. ۋاڭ لۇ: «مەن تاللىغان يولۇمنى ئۆزگەرتتىم، مۇھەببىتىمنى ئۆزگەرتمىدىم؛ مەن يەنىلا سىنى ياخشى كۆرىمەن، بىراق تاللىغان يولۇمدىن ۋاز كېچەلمەيمەن» دېگەننى تەكىتلىدى. ما تيەنمۇنىڭ نەزىرىدە ۋاڭ لۇنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى مۇستەقىل پىكىرگە ئىگە ئىكەنلىكى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭدىن ئاسانلىقچە تەۋرەنمەيدىغانلىقى ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ ۋاڭ لۇنىڭ تەرسالىقىدىن كېلىۋاتقان باش قېتىنچىلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدى.

ما تيەنمۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭلۇق سۆز - چۆچەكلەر ئارىسىدا، نۇرغۇن ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارى ئىچىدە يولۋاسقا مىنىۋېلىپ چۈشەلمەي قالدى: ۋاڭ لۇغا بويسۇنسا، يۈزى چۈشۈپ كېتەتتى، يەنە كېلىپ كەسپىدىن ئايرىلىپ قالاتتى؛ ۋاڭ لۇدىن ئايرىلىپ كەتسە، ئۆز ئىستىقبالىنى تېپىشى مۇمكىن ئىدى، ئەمما ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىنى قولدىن بېرىپ قوياتتى.

ما تيەنمۇ ئىككى كۈن جىم بولۇۋالدى، ئۇ مۇشۇ ئىككى كۆڭۈلۈك ئازاب - ئوقۇبىتىنىڭ ۋاڭ لۇنىڭ مۇھەببىتىنى قوزغىشىنى، ئۆزى بىلەن بىر جۈپ بولۇپ بېيجىڭغا بېرىشىنى ئارزۇ قىلغانىدى. ئۇ بۇنىڭغا چىن دىلىدىن ئىنتىزار بولۇۋاتاتتى. ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلى باشتىن - ئاخىر بۇرۇقتۇرما بولۇۋاتاتتى. ۋاڭ لۇ پەيلىدىن يانمىدى، ئۇ خۇددى ما تيەنمۇ ئەسلا مەۋجۇت ئەمەستەك، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى زادىلا يۈز بېرىپ باقمىغاندەك، ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار بىلەن بولۇشچە يەپ ئىچىشتى، ئۆتمۈش توغرىسىدا مۇڭدىشىپ خوشلاشتى.

ۋاڭ لۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسىغا كىرىپ رەسمىيەت بېجىردى.

ما تيەنمۇمۇ رەڭگىرويىنى ئۆزگەرتمەي يۈك - تاقلىرىنى تېڭىپ تەييار بولدى.

مۇشۇ چاغدا ئىككىسىدىن بىرى سىلىق - يۇمشاق گەپتىن بىرەرنى قىلىپ قويغان بولسا، ئۇلار چوقۇم كۆزىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ، مەھكەم قۇچاقلىشىپ كەتكەن بولاتتى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا قارشى تەرەپنىڭ تەشەببۇسكار بولۇشىنى كۈتتى. ئۇلار

ئاخىر ئەڭ ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويدى.
دىمىق بىر كۈن يەنە ئۆتۈپ كەتتى.
ـ ما تيەنمۇ ئاخىر بىر قەدەم كەينىگە يېنىپ ئويلاندى: ۋاڭ لـۇ بىلەن ئىككىمىزنىڭ مـۇھـەببىتـى راستىنلا پىشىپ يېتىلـمىدىمۇ نېمە؟ ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭدىن مەلۇم ۋاقىت ئايرىلىپ كېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببىتىنىڭ ۋاقىتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغان ـ ئۆتەلمەيدىغانلىقىغا قاراپ باقامدۇق يا؟ ئەگەر مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزى يەنىلا ئۇنى سېغىنسا، بىردىنلا نىيىتىدىن يېنىۋېلىپ، ئىنتايىن ئىنتائەتچانلىق بىلەن ئۇنى كۈتۈپ كۈن ئۆتكۈزەر؛ ناۋادا، مۇشۇ كېتىشى بىلەن ئۇنى ناھايىتى تېزلا ئۇنتۇپ كەتسە، بۇمۇ بىر خىل مۇھەببەت ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ قالغىنى بولار.
ما تيەنمۇ ئىشنى غاچ ـ غۇچلا بىر تەرەپ قىلدى، ماگىستىرلىق ئۇنىۋانىنىڭ گۇۋاھنامىسىنى ئالغان كۈنى، ئالدىراپ ۋاڭ لۇدىن ئايرىلدى ـ دە، پويىزغا ئۆزى يالغۇز چىقىپ بېيجىڭغا يۈرۈپ كەتتى. ۋاڭ لۇ ئۇنىڭ كۆز يېشىنى كۆرمىدى، ما تيەنمۇ ئۇنىڭغا بىئارام بولغۇدەك ئازاب قالدۇرۇپ كەتمەكچى بولدى، چۈنكى ئۇ ئازاب بىلەن يولغا چىققانىدى.
ۋاڭ لۇ ساقچى بولۇش يولىغا غەم ـ غۇسسىسىز قەدەم قويدى. ئۇ ئازابىنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە يوشۇردى، چۈنكى ئۇ بۇ ئۆمرىدە ما تيەنمۇغا قەرزدار بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگەن، جەنۇبقا كېتىۋاتقان پويىزدا مۇشۇ بىرنەچچە يىللىق مۇھەببىتىمىزنى دەپ بولسىمۇ، ما تيەنمۇنى ئۇزىتىپ قويۇشۇم كېرەك ئىدى، دەپ پۇشايمان قىلغانىدى.
ۋاڭ لۇ شۇ چاغقا كەلگەندىلا ئاندىن ئەر كىشى دېگەن بۇ نېمىنى ئازراق چۈشەندى. ئۇ ئاچچىق كۈلۈپ: «قارىغاندا، ئەرلەرنىڭ كەسپكە ئىنتىلىشتىكى قەتئىيلىكى مۇھەببەتكە بولغان ئىنتىلىشىدىن كۆپ ئېشىپ كېتىدىكەن» دېدى. كۆڭلىدە ئۆزىنى: «ناكەس نەرسىكەنسەن، ما تيەنمۇنىڭ مۇھەببىتى ئالدىدا خىجالەتچىلىكتە قالدىڭ» دەپ تىللىدى. ئەمما، يىراقتىكى جەنۇبىي شىنجاڭ، سىرلىق جۇڭ چېڭ ۋە چېن دامولارنىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن

ھەقىقەتەن ناھايىتى زور جەلپ قىلىش كۈچى باردى، ئۇ ئۆزى قاتتىق ئىنتىلگەن ئاشۇ قەھرىمانلىق ئارزۇسىنى قوغلاشماي تۇرال-مايتتى.

ئۇ ئارزۇسىنى قوغلىشىش ئۈچۈن، مۇھەببەتتىن ۋاز كەچتى. بۇ ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك خوشلىشىشىمىدۇ؟ ئۇلارنىڭ مۇھەب-بىتى راستتىنلا ئۈزۈلۈپ قالارمۇ؟ بۇنى ما تيەنمۇ ئۇقمايتتى، ۋاڭ لۇمۇ ئۇقمايتتى.

## 3

ما تيەنمۇ بېيجىڭغا بارغاندىن كېيىن توپتوغرا ئىككى كۈن ئۇخلاپ ئاندىن يېڭى ئىدارىسىگە تىزىمغا ئالدۇرغىلى بار ئىدى.

ئۇ بېيجىڭنىڭ ئاسمىنى ئاستىدا تۇرۇپ، لوڭڭىدىلا قەد كۆ-تۈرگەن، گۈپۈلدەپ دەۋر پۈرىقى چىقىپ تۇرغان بىنالارغا، ئادەم مىغىلداپ تۇرغان يوللارغا، ئاق ياقىلىق گۈزەللەرنىڭ ئەركىن تەقى - تۇرقىغا، ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ چۇشۇۋاتقان توپ - توپ كەپتەرلەرگە، يىللىق بۇلۇت قاتلىمىغا يوشۇرۇنۇۋالغان قۇياشقا قاراپ: «بۇ بىر يېپيېڭى باشلىنىش، ئەمدى يېڭى بىر ئاسمان ئېگىدە يېڭى بىر خىل تۇرمۇشنى باشلايمەن» دەپ ئويلى-دى.

سىياسىي باشقارمىنىڭ مۇدىرى ما تيەنمۇنىڭ ئەۋەتىش گۇۋاھ-نامىسىنى قولىغا ئېلىپ، قايتا - قايتا كۆردى، ئاندىن چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ:

— مەن چىقىپ تېلېفون بېرىپ، ئۇلارغا سىزنىڭ كەلگىنى-ڭىزنى ئېيتىپ قوياي. ئىككى كۈندىن بېرى سىزنى ئىسىم - فامىلىڭىزنى ئاتاپ تۇرۇپ ئىزدەپ كەتكەندى، — دېدى.

ما تيەنمۇ: «بېيجىڭغا ئەمدىلا كەلسەم ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىك مۇناسىۋىتىم بار كىشىلەر بولمىسا، مېنى ئىزدىگەن كىمدۇر؟» دەپ ئويلىنىپ قالدى.

يېرىم سائەتتەك ۋاقىت ئۆتۈپ، سىياسىي باشقارمىنىڭ مۇدى-رى ما تيەنمۇنى مەجلىسخانىغا باشلاپ كىردى، بۇ يەردە چىرايى

جىددىي تۇس ئالغان، تۇرقى رەھبەرلەرگە ئوخشايدىغان ئىككى ئەر كىشى ساقلاپ تۇراتتى. ئۇلاردىن ياشىنىپ قالغان بىرى ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا:

— ساۋاقداش ما تيەنمۇ، شىنجاڭدىن بېيجىڭغا پويىزلىق كەلگەنسىز؟ يولدا جاپا تارتتىڭىزمۇ؟ — دېدى.

— سىلەر كىم؟ — دەپ سورىدى ما تيەنمۇ ھوشيارلىق بىلەن.

بوۋاينىڭ تۇرقىدىن يېقىملىق سۈر چىقىپ تۇراتتى، ئۇ بىردەم جىمىپ قېلىپ:

— بىزنىڭ كىملىكىمىز مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى، بىز سىز بىلەن پاراڭلاشماقچى، — دېدى.

نېمە ھەققىدە سۆزلىشەر؟ ما تيەنمۇ ئۈن - تىنسىز تۇراتتى، بىۋاستە تۇيغۇسى ئۇنىڭغا كۆز ئالدىدىكى بۇ ئىككى ناتونۇش كىشىنىڭ سالاھىيىتىنىڭ ناھايىتى سىرلىق ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى.

— سىزنىڭ ئائىلىڭىز، مەكتىپىڭىز، شىنجاڭغا بولغان تونۇشىڭىز، ئۆزىڭىز ھەققىدە پاراڭلاشماقچىمىز، — بوۋاينىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن سۈرلۈك تۈس چىقىپ تۇراتتى.

— ئالدى بىلەن مېنى ئىزدەشتىكى مەقسىتىڭلارنى دەپ باقساڭلار بولامدۇ؟ — ما تيەنمۇ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى.

بوۋاي باشقا بىر جاي تېپىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شۇنىڭ بىلەن ما تيەنمۇ ئىككى سىرلىق ئادەم بىلەن ئالىي دەرىجىلىك بىر پىكاپقا چۈشۈپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار دېگەن جايغا بارغاندىن كېيىنلا ئاندىن سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىدى. ئەسلىدە، ئۇلار دۆلەت بىخەتەرلىك ئورنىنىڭ رەھبەرلىرى ئىكەن، ما تيەنمۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا ئۇلارنىڭ تەكشۈرىدىغان نەزەر دائىرىسى ئىچىدە تۇرغانىكەن، ما تيەنمۇنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى، ساغلاملىق ئەھۋالى، خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئۇلار ئوبدان بىلىدىكەن. ئۇلار ما تيەنمۇغا شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرەش ۋەزىيىتىنىڭ ناھايىتى كەسكىن ئىكەنلىكى، ئۆزلىرىنىڭ ما تيەنمۇدەك مۇنەۋۋەر، ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىغا ئىگە، يۇقىرى ئوقۇش

تارىخى بار ياشلارغا موھتاج ئىكەنلىكى، ما تيەنمۇنى دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئادەم بولۇپ قالسىكەن، دەپ ئويلايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— مەن ئۆيدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشسەم بولامدۇ؟ — شۇ چاغدا ما تيەنمۇ ۋاڭ لۇغا تېلېفون بېرىۋېلىشنى، ھېچبولمىسا ئاتا - ئانىسىنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلدى.

— بولمايدۇ، — سۇرلۇك بوۋاي بۇنى رەت قىلدى.

— مەن يەنە ئويلىنىپ باقاي.

ما تيەنمۇ دۆلەت بىخەتەرلىك ئورنىنىڭ ئىككى رەھبىرىنى توپتوغرا ئۈچ سائەت ساقلاتتى، ئاخىر مۇنداق بىر مەسىلىنى سورىدى:

— ئەگەر قوشۇلسام، مېنى دەرھال تەربىيىلەپ يېتىشتۈرەمسىلەر؟

— ھەئە، بېكىنمە ھالەتتە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىمىز.

— بولىدۇ، سىلەرگە ماقۇل بولاي.

ما تيەنمۇ بۇ ئىشنىڭ ئۆزىنىڭ ۋاڭ لۇ بىلەن ئايرىلىپ كەتكەن ئازابىنى ئاجىزلاشتۇرۇشنى، ئۇنىڭغا بارلىق پەرىشانلىقلارنى ئۇنتۇلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلدى.

ما تيەنمۇ يېڭى ئىدارىگە بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرغان كۈنىلا ئىز - دېرەكسىز يوقالدى. ئۇنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمىدى، سىياسىي باشقارمىنىڭ مۇدىرىدىن باشقا ھېچكىم ئۇنىڭ چىرايىنى بىلەن تونۇشۇپ بولالمىدى، ئۇ بېيجىڭغا يوقاپ كېتىش ئۈچۈنلا كەلگەندەك قىلاتتى.

## 4

ساقچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش بازىسى ئەتراپى تاغ بىلەن ئورالغان بىر سايغا جايلاشقانىدى. تاڭ خىرە - شىرە يورۇشى بىلەنلا ۋاڭ لۇ ئورنىدىن تۇردى، توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇ تۈنۈگۈن كېچە زادىلا ئۇخلىمىدى، ھاياجانلىنىپ كارىۋىتىنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇرۇپ چىققانىدى. 25 ياشقا كىرىپ تېخى تۈنجى قېتىم

ساقچى كىيىمى كىيىۋاتقاچقا، ياتسام ساقچى كىيىمىمنى پۇرلەشتۇ-رۇۋېتىمەنمىكىن دەپ ئەنسىرىگەنىدى. چىراغ ئۆچۈرۈلگەندىن كې-يىن، باشقا كۇرسانتلار كەينى - كەينىدىن ئۇخلاپ قىلىشتى، پەقەت ئۇلار خىلمۇخىل خىياللارغا بەند بولدى، ئۆسمۈرلۈك دەۋر-دىلا ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئويلىغان قەھرىمانلىق ئارزۇسى ئۇنىڭغا قەدەممۇقەدەم يېقىنلىشىۋاتاتتى.

كېچىچە كىرپىك قاقمىغان ۋاڭ لۇ تاڭ يورۇغان چاغدا ياتاق-تىن ئاستاغىنا چىقتى. ئۇ ئۆزى يالغۇز سىنىپنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ، تامغا چاپلانغان تەشۇىقات سۆزلىرىنى جىممىدە ئانالىز قىلىشقا باشلىدى، بۇ بىرلا كۆرسە ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدىغان ئىككى تەشۇىقات سۆزى ئىدى، بۇ سۆزلەر گازارما ياكى ساقچى لاگېرى دېگەندەك مۇشۇنداق جايلاردىلا كۆزگە چېلىقاتتى. ئۇنىڭ بىرىنچىسى: «بۇ يەردە ئۈمىد - ئارزۇيىڭىزغا يېتىشىڭىز، شۇن-داقلا ئۇزۇل - كېسىل ئۈمىدسىزلىككە پېتىشىڭىز مۇمكىن. ئۇ كۈچلۈكلەرنى قەدىرلەيدۇ، ئاجىزلارنى شاللىۋېتىدۇ. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى ئىرادەم يېتەرلىك دەرىجىدە قەتئىي، تېنىم يېتەرلىك دەرىجىدە ساغلام دەپ ھېسابلىسىڭىز، بۇ ياققا كېلىڭ، جەنۇبىي شىنجاڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئالاھىدە تەكشۈرۈش ئەترىتى سىزنى قارشى ئالىدۇ» دېيىلگەن، ئىككىنچىسى: «بىزنىڭ تەك-شۈرۈش خادىملىرىمىز ئازاب - ئوقۇبەت، جاپا - مۇشەققەت ۋە ئىنسان ھاياتىنىڭ ئاخىرقى چېكىگە دۇچ كەلگەندە يەنىلا ئۆتكۈر ئىنكاسىنى ساقلايدۇ» دېگەن سۆزلەر ئىدى.

مانا بۇ ئۇنىڭ تاللىۋالغان يولى ئىدى! ۋاڭ لۇ بۇ ئىككى تەشۇىقات سۆزىدە ئۆزۈم تاللىۋالغان تۇرمۇش مەزمۇنى قىسمەن يىغىنچاقلىنىپتۇ، دەپ ئويلىدى. باشقىلارنىڭ تۇرمۇشى بۇرۇنقى-دەكلا ئۆتۈۋاتاتتى، ئەمما ئۇنىڭ تۇرمۇشى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۆزگىرىشكە باشلىغانىدى. ئەمما ئۇنى بىئارام قىلىۋاتقىنى، مۇن-داق ئۆزگىرىشكە كەتكەن بەدەل — ئۇنىڭ قىز دوستى بىلەن بولغان مۇھەببەت ئىستىقبالىنى ئاخىرلاشتۇرغانلىقى ئىدى. ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇ ئىختىيارسىزلا سەل گاڭگىراپ قالدى ۋە بىرنېمىسىنى يوقىتىپ قويغاندەك بولدى: مۇنداق بەدەل تۆلەش

ئەرزىمدۇ؟ كېيىن پۇشايمانغا قالارمەنمۇ؟ ئەمما مۇنداق خىيال ئۇنىڭ كاللىسىنى ئىگىلىشى بىلەنلا، مەغلۇبىيىتىگە تەن بېرىشنى خالىمايدىغان بىر خىل قىيىداش دەرھال ئۇنى بىر چەتكە قېقىپ چىقاردى، ئىغىزدىن چىقىپ كەتكەن سۆزنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ، ئايرىلىپ كەتكەن بولسام مەيلى ئەمەسمۇ، يەنە ئۇنى ئويلاۋېرىپ نېمە قىلاتتىم؟ ئۇ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بەردى: ما تيەنمۇنىڭ مېنىڭدىن شۇنچە ئاسانلا ۋاز كەچكەنلىكى، دەل ئارىمىزدىكى مۇھەببەت ئاساسىنىڭ مۇستەھكەم ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ھالبۇكى، مۇستەھكەم بولمىغان مۇھەببەت بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى بەربات بولىدۇ، بالدۇرراق بەربات بولغىنى ھامان كېچىكىپ بەربات بولغىنىدىن ياخشى. ۋاڭ لۇنى خۇشال قىلغىنى شۇكى، ما تيەنمۇ بېيجىڭغا كەتتى، ئۆزى شىنجاڭدا قالدى، ما تيەنمۇدىن ئەنسىرەشنىڭ ئورنى قالمىدى، ئۇنىڭ ئىستىقبالى ئۆزىنىڭكىدىنمۇ ياخشى بولىدۇ. ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىنى كۆپ يىللار ياخشى كۆرۈشكەنلىكىدىن، ۋاڭ لۇمۇ ما تيەنمۇنىڭ ئۆزىدىن ياخشى ئۆتۈشىنى ئۈمىد قىلاتتى. «سىز مەندىن ياخشى ئۆتىسىڭىزلا» دەيدىغان بىر ناخشا بارغۇ؟ شۇ تاپتا ۋاڭ لۇ ئىچ - ئىچىدىن: «چوقۇم مەندىن ياخشى ئۆتۈڭ!» دەپ تىلىدى.

ۋاڭ لۇ ئورنىدىن تۇرۇش كانىيى چېلىنىش بىلەن تەڭلا، تېزدىن ئۆز ياتىقىغا قايتىپ كەلدى. بۇگۈن نۆۋەتتە ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان مۇنەۋۋەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ساقچىلىققا ئۆتۈپ تەربىيىلىنىش مۇراسىمى بولىدىغان كۈن ئىدى.

جۇڭ چېڭنىڭ «مىستۇبىش» ماركىلىق دالا ئاپتوموبىلى «ساقچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش بازىسى»نىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا «غىچ» قىلىپلا توختىدى، دەرۋازىدا پوستا تۇرۇۋاتقان، قوللىرىغا ئاق پەلەي كىيىۋالغان ئىككى ساقچى ماشىنىدا ئولتۇرغان جۇڭ چېڭغا ناھايىتى قائىدە بىلەن سالام بەرگەندىن كېيىن، بەلگىلىمە بويىچە جۇڭ چېڭ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ گۇۋاھنامىسىنى تەكشۈردى. ساقچى كىيىمى كىيىۋالغان جۇڭ چېڭ ساقچىلارنىڭ تەكشۈرۈشكە ئەستايىدىل ماسلاشتى، تەكشۈرۈش ئاخىرلىشىپ ئۇنىڭ بازىغا كىرىشىگە ئىجازەت بېرىلدى.

زالنىڭ ئىشكى ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان مەكتەپ مۇدىرى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى جوڭ چېڭنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. جوڭ چېڭ ئۇلار بىلەن بىر - بىرلەپ سالاملىشىپ قول ئېلىشتى. مەكتەپ مۇدىرى ئوڭ قولىنى سوزۇپ:

— جوجاڭ، مەرھەمەت، — دېدى. جوڭ چېڭ مەكتەپ مۇدىرىغا ئەگىشىپ زالغا كىردى.

— باشلىق... ياخشىمۇسىز! — ئىككى سەپكە تىزىلىپ قارشى ئېلىۋاتقان يېڭى ساقچىلار جوڭ چېڭغا تەڭلا سالام بەردى.

جوڭ چېڭ سالامغا جاۋابەن:

— ساۋاقداشلار، ياخشىمۇ سىلەر! — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ساقچىلارنىڭ رەتلىك سېپىگە قاراپ، مەكتەپ مۇدىرىغا رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

ۋاڭ لۇ جوڭ چېڭنى تۇنجى قېتىم كۆرگىنىدە، ئۇنى كۆرۈمەسىزكەن، دەپ ئۇنى سەل ياراتمىغانىدى. ئەمما بۈگۈنكى جوڭ چېڭ ئۇچىسىدىكى ساقچى كىيىمى بىلەن ناھايىتى روھلۇق كۆرۈنەتتى. ۋاڭ لۇ سەپنىڭ كەينىدىن سانىغاندا 2 - رەتتە تۇرغانىدى، ئۇ قىزغىن چاۋاك چېلىپ ھەدەپ جوڭ چېڭنىڭ دىققىتىنى تارتماقچى بولدى. ئەمما، ئەپسۇسلىنارلىقى جوڭ چېڭ ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا دىققەت قىلمىغاندەك تۇراتتى. ۋاڭ لۇ چاۋاكنى تېخىمۇ قىزغىن چالدى، جوڭ چېڭ سەزگۈرلۈك بىلەن ۋاڭ لۇ تەرەپكە قاراپ، ياشلىق باھارى ئۇرغۇپ تۇرغان نۇرغۇن چىرايلار ئىچىدىن تونۇش بىر سېيمانى چېلىقتۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاشۇ چىرايغا قاراپ بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ قويدى، ۋاڭ لۇ بىردىنلا ئۆزىنىڭ مىسلىسىز دەرىجىدە دىققەت - ئېتىبارغا سازاۋەر بولغانلىقىنى سېزىپ، چەكسىز ھاياجانلاندى.

جوڭ چېڭ قىزغىن چاۋاك ساداسى ئىچىدە زالنىڭ ئالدىدىكى سەھنىگە كەلدى.

مەكتەپ مۇدىرى جوڭ چېڭنى ئەدەپ - قائىدە بىلەن تەكلىپ قىلدى:

— ئولتۇرۇڭ، جوڭ جوجاڭ!

جوڭ چېڭ قولىنى شىلتىپ قويۇپ:

— ياق، ئۆرە تۇرۇپ سۆزلىسە كۆڭۈل توق تۇرىدىكەن، — دېدى.

مەكتەپ مۇدىرى يېڭى ساقچىلارغا:

— ساۋاقداشلار، بۇ بىزنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ج خ ئىدارىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى، شۇنداقلا بىزنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئالاھىدە تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ سىياسىي كومىسسارى يولداش جۇڭ چېڭ، ئەمدى ئۇنىڭ كۆپچىلىككە ساقچىلىققا ئۆتۈپ تەربىيىلىنىش سەپەرۋەرلىك سۆزى قىلىشىنى قارشى ئالايلى، — دەپ ئۇنى تونۇشتۇردى.

جۇڭ چېڭ مەيلى چوڭ يىغىن ياكى كىچىك يىغىندا بولسۇن سۆز تېكىستى ئىشلەتمەيدىغان ئادەم ئىدى، بەك بولسا مۇددەتتىن بۇرۇن سۆزىنى كۆڭلىدە تەييارلىۋالاتتى. مۇشۇ نۇقتىدىنلا نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭغا قول قوياتتى، چېن دامونىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «ئامال يوق، ئۇ نۇتۇق سۆزلەشتە تالانت ئىگىسى» ئىدى، شۇ كۈنى جۇڭ چېڭنىڭ ئالدى - كەينى 20 مىنۇتقا يەتمىگەن سۆزى يېڭىدىن ساقچىلىققا ئۆتكەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ غەيرىتىنى ئۇرغۇتۇۋەتتى. ۋاڭ لۇ مۇنداق ئېسىل نۇتۇقنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغانىدى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇرىدىغان ئاشۇ جۈملىلەر خۇددى سىنىپنىڭ ئىشىكى ئالدىغا چاپلانغان ئىككى تەشۋىقات سۆزىدەك، ئۇنىڭ كېيىنكى ساقچى بولۇش يولىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى.

جۇڭ چېڭ مۇنداق دېدى:

— ساۋاقداشلار، تۈنۈگۈن سىلەر تېخى سىنىپتا ئولتۇرۇپ نوقۇل ھالدا بىلىم ئىگىلەۋاتقانىدىڭلار. بۈگۈن سىلەرنىڭ سالاھىيىتىڭلار ئۆزگەردى، ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگەردى. ئالدىمدا تۇرغان سىلەر بىز شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئەڭ ئېسىل پەرزەنتى، جەنۇبىي شىنجاڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش جەڭ مەيدانىدىكى شەرەپلىك جەڭچى بولدۇڭلار.

يېڭى ساقچىلار ھاياجانلىنىپ چاۋاك چېلىشتى. جۇڭ چېڭ چاۋاك ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە

مۇنداق دېدى:
— مەن ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، سىلەرنىڭ سېپىمىزگە قېتىلغانلىقىڭلارنى قارشى ئالىمەن، بۈگۈن-دىن باشلاپ سىلەرنىڭ مەن بىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭ ساقچى ئىدارىسى بىلەن تېزدىن بىر گەۋدە بولۇپ كېتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، بىز چوڭ بىر ئائىلە، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى قانداق مۇناسىۋەت؟ ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللىق، تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى. سىلەر ھەممىڭلارنى شەخسەن ئۆزۈم تەكشۈرگەن، ئېسىللارنىڭ ئىچىدىن تاللىۋالغان مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرى. بەزىلەر مەندىن: ج خ ئىدارىسى ئۇرۇش قىلىدىغان قوشۇن تۇرسا، شۇنچىۋالا كۈچ سەرپ قىلىپ، بىر قىسىم زىيالىيلارنى يىغىۋېلىپ نېمە قىلاتتىڭ؟ دەپ سورىدى. مەن ئۇلارغا ھازىر ئادەم دېڭىزى تاكتىكىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دەۋر ئەمەس، كۆپرەكى يۇقىرى پەن - تېخنىكا ئىقتىدارى بىلەن يۈكسەك ئەقىل - پاراسەتلىك كاللىدا بەسلىشىمىز، دېدىم. گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتسام، سىلەرنىڭ ئاجايىپ قىممەتلىك كاللاڭلارنى كۆرۈپ، ئىدارە باشلى-قى بولغان مەن شۇنداق خۇشال بولۇپ كەتتىم! ماڭا ئىشەنچ ئاتا قىلغانلىقىڭلاردىن خۇشال بولدۇم. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا يارىماس ئەسكەرلەر بارمۇ؟ ماڭا قايسىڭلار ئېيتىپ بېرەلەيسىلەر؟

سەھنە ئالدىدىكى يېڭى ساقچىلار بىردەكلا: «يوق!» دەپ ۋارقىراشتى، ئۇلار يەنە قىزغىن چاۋاك چالدى، ئۇلار بىلەن جەنۇ-بىي شىنجاڭ ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق بىردىنلا قىسقاردى.

جۇڭ چېڭ رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، ئاندىن مۇنداق دېدى:

— توغرا، يوق! ئەگەر يارىماس ئەسكەر بولسا، ساقچىلىق-تىن ئىبارەت بۇ كەسىپنى تاللاشقا جۈرئەت قىلالمىغان، مەن بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا كېلىپ بۇ جاپانى تارتىشقا پېتىنالمىغان بولاتتى، — چاۋاك ئاۋازى بېسىققاندىن كېيىن، جۇڭ چېڭ يەنە بىر سوئالنى ئوتتۇرىغا قويدى، — ساۋاقداشلار، سىلەر كۆتۈرەڭ-گۈ قىزغىنلىق بىلەن بىزنىڭ ساقچى قوشۇنىغا كەلدىڭلار، ئەمدى

ئىشنى قەيەردىن باشلىشىڭلار كېرەك؟

يېڭى ساقچىلار بىر - بىرىگە قارىشىپ، قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلەلمىدى.

جۇڭ چېڭ قولىنى شىلتىپ قويۇپ، تولۇپ تاشقان قايناق ھېسسىيات بىلەن مۇنداق دېدى:

— بىلەلمىدىڭلار - ھە؟ بىلەلمىگەن بولساڭلار مەن بىرنەچچە خىل تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويسام بىلىۋالىسىلەر. ئالدى بىلەن، سىلەردىن شۇنى تەلەپ قىلىمەنكى، مەيلى قانداق چاغدا بولسۇن، مەسىلىنى دۆلەتنىڭ مەيدانىدا، پارتىيىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ تونۇشۇڭلار، تەھلىل قىلىشىڭلار كېرەك. دۆلەت مەنپەئىتىنى قوغداش ھەممىدىن ئەلا دەيدىغان بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۆزۈڭلارنىڭ دۆلەت ئېڭى، ساقچىلىق ئېڭىنى كۈچەيتىشىڭلار كېرەك. شىنجاڭدا، ئەڭ چوڭ سىياسەت — بايرىقىمىز روشەن ھالدا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرۇشتۇر، مانا بۇ، بىزنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ۋەزىپىسى. بۇ نۇقتىنا ئېنىق بولدىمۇ؟

يېڭى ساقچىلار ھاياجان بىلەن:

— ئېنىق بولدى! — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

جۇڭ چېڭ بىردەم توختىۋېلىپ مۇنداق دېدى:

— ئاندىن قالسا، مەن سىلەردىن ساقچىلارنىڭ قائىدىسىگە ئەھمىيەت بېرىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن، قائىدىنى يوقىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ. بۇ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش بازىسى سىلەرنى قەلەمدىمۇ، ئەلەمدىمۇ كامالەتكە يەتكەن ساقچى قىلىپ چىقىدۇ. ئەلەمدە ھەربىيلەرنىڭ ماھارىتىگە ئەھمىيەت بېرىش، قەلەمدە ساقچىلارنىڭ تەدبىرىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. سىلەر سىرتقا چىققاندا، تۇپلاشساڭلار جەڭگىۋار ئەترەت، ئايرىم ماڭساڭلار جاسارەتلىك قەھرىمان ھېسابلىنىسىلەر. شىنجاڭدىكى دۈشمەنگە قارشى كۈرەش ئۇزۇن مۇددەتلىك، مۇرەككەپ، كەسكىن كۈرەش، بۇنىڭغا قانلىق، ھەتتا ھايات - ماماتلىق بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا كۆپچىلىك نېگىزدىن ئۆگىنىشى، ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشى كېرەك. بۇ نۇقتىنى ئورۇندىيالامسىلەر؟

يېڭى ساقچىلار بىردەك ئاۋازدا:

— ئورۇندىيالايمىز، — دەپ جاۋاب بەردى.

جۇڭ چېڭ يېڭى ئەسكەرلەرگە ھەقىقىي تۇردە تەلىم بەردى:

— دۆلەت، ئارمىيىدىكى ئەسكەرلەرنى ئۇزۇن مۇددەت بېقىپ، ئۇنىڭ رولىنى بىر مەھەللا جارى قىلدۇرىدۇ، ئەمما ساقچىلارنى بولسا ئۇزۇن مۇددەت بېقىپ، ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىتىدۇ، مانا بۇ، سىلەرگە قويۇلىدىغان تەلەپ. بۇ يىللىقى يىغىپ تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن قىممەتلىك پۇرسەت. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بىر يىلدىن كېيىن ھەممىڭلار جەڭگە چىقالايدىغان، ھۇجۇمغا ئۆتەلەيدىغان، غەلىبە قىلالايدىغان بولىسىلەر. ئاخىرىدا مەن كۆپچىلىككە «مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىدىكى 50 يىل»، «شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە تارىخى»، «دىن لۇغىتى»، «ك گ ب نىڭ گۈللىنىش ۋە زاۋال تېپىش تارىخى»، «دۇنيا جاسۇسلۇق تارىخى» دېگەن بىرنەچچە پارچە كىتابنى تونۇشتۇرىمەن. سىلەر ئۇلاردىن بۇنىڭدىن كېيىن دېلو بېجىرىشكە كېرەكلىك بەزى كەسپىي بىلىملەرنى ئۆگىنەلەيسىلەر، بۇلارنى ھەرقانداق ئادەم ئۆگىنىپ قويالمايدۇ، خەلقئارا ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىشقا ئالاقىدار ماقالىلەر، كىتاب - ژۇرناللار ھەربىرىڭلارنىڭ ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىشىغا ئەرزىيدۇ، نېمىلا دېگەنبىلەن شىنجاڭ مەسىلىسى خەلقئارا چوڭ مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، بولۇپمۇ ئەتراپىمىزدىكى بىرنەچچە دۆلەتنىڭ ۋەزىيىتىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىشىمىز كېرەك. مېنىڭ سۆزۈم تۈگىدى.

يېڭى كۇرسانتلار تېخىمۇ قىزغىن چاۋاك چالدى، ۋاڭ لۇ كۆپچىلىكنىڭ چاۋىكىنىڭ ئىچ - ئىچىدىن چىقىۋاتقانلىقىغا ئىشەنەتتى. بۇ چاۋاكتا ھۆرمەت، زوقلىنىش، ئىنتىلىش بار ئىدى، شۇ چاغدا، جۇڭ چېڭ ۋاڭ لۇغا ئاجايىپ نوچى كۆرۈندى! بۇ ئارىدا جۇڭ چېڭنىڭ نەزىرى بىلەن ۋاڭ لۇنىڭ نەزىرى يەنە بىر قېتىم ھاۋادا دوقۇرۇشۇپ قالدى، جۇڭ چېڭ ئۇنىڭغا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، ئاندىن نەزىرىنى باشقا ياققا يۆتكىدى.

جۇڭ چېڭ قىسقىغىنا نوتقىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئالدىراپ تاغدىن چۈشۈپ كەتتى.

# 5

قامال قىلىپ تەربىيىلىنىدىغان كۈنلەر زېرىكىشلىك ئىدى.
ۋاڭ لۇ ھەر كۈنى غەيرىي رەسمىي ھەربىيلەشكەن تەلىم - تەربىيە-
نى قوبۇل قىلاتتى، چۈشتىن ئاۋۋال نەزەرىيە ئۆگىنىش ۋە سىيا-
سىي ئۆگىنىش، چۈشتىن كېيىن ۋە ئەتىگەن ئەمەلىي مەشغۇلات
ئىقتىدارىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئىدى.

بىر يىل داۋامىدا، بازىنىڭ ماشىنا مەشىق قىلىش مەيدانىدا
ۋاڭ لۇ «ئەسلىي ئورنىدا 180 گرادۇس ئايلىنىش مەشقى»،
«ماشىنىنى كەينىگە ياندۇرۇپ 180 گرادۇس ئايلاندۇرۇش مەش-
قى»نى پىششىق ئىگىلىۋالدى، چېن دامو تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن
«باشقىچە زەربە بېرىپ ئۇسۇشۇش مەشقى»، «سۈرئەتنى ئاشۇرۇپ
چەككە يەتكۈزۈپ ھەيدەش مەشقى»، «ئەجدىھارغا ئۇچرىغاندا يانداپ
ئۆتۈش مەشقى»، «دالىدا چەككە يەتكۈزۈپ ھەيدەش مەشقى»،
«قوزۇقنى خىلمۇخىل ئايلىنىپ ئۆتۈش مەشقى» دېگەنلەرگە ۋاڭ
لۇ ئۇستا بولۇپ كەتتى. ئۇ ماشىنىنى ئۇچقاندەك ھەيدەيدىغان
ھۈنەرنى ئىگىلىۋالغانىدى.

ۋاڭ لۇ بازىنىڭ قارىغا ئېتىش مەيدانىدا كۆپ خىل ھەربىي
ئىقتىدار تەلىم - تەربىيىسىنى قوبۇل قىلدى. ھەرىكەتلىنىش
ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغاچقا، خىلمۇخىل قىسقا قورال - ياراغلار-
نى، مەسىلەن، دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن 92 تىپلىق 9 مىللىمې-
تىرلىق تاپانچا ۋە 92 تىپلىق 5.8 مىللىمېتىرلىق تاپانچا، 95
تىپلىق 8.5 مىللىمېتىرلىق قىسقا ئاپتومات، AK74 تىپلىق
ئاپتومات، 89 تىپلىق 12.7 مىللىمېتىرلىق ئېغىر پىلىموت، 87
تىپلىق 35 مىللىمېتىرلىق ئاپتوماتىك گراناتامىيوتلارنىڭ ئاساس-
لىق مەشغۇلات تەرتىپىنى ناھايىتى تېزلا ئىگىلىۋالدى، يەنە كې-
لىپ، بۇ قورال - ياراغلارنى پارچىلاش، قۇراشتۇرۇش ئىقتىدار-
نى پىششىق بىلىۋالدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋاڭ لۇ ھەر خىل جىسمانىي
ئىقتىدار تەربىيىسىنىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك قوبۇل قىلدى. «قولغا ئې-

لىنىش، چېلىشىش تېخنىكىسى»، «ئىستراتېگىيىلىك يۆتكىلىش مەشقى»، «ساقچى كالتىكى بىلەن قوغدىنىش تېخنىكىسى»، «تاغلىقتا جەڭ قىلىش مەشقى»، «ساسلىقتا مارافونچە مەشىق»، «سۇغا شۇڭغۇپ ئېغىر نەرسە كۆتۈرۈش مەشقى»، «قۇملۇقتا هايات قېلىش مەشقى» دېگەندەك ئالاهىدە تۈرلەردىكى مەشىقلەرنى ۋاڭ لۇ بىر - بىرلەپ بېشىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ هەر كۈنى بىر قېتىم ئۆلۈپ - تىرىلگەندەك بولدى، شۇڭا ئۆلۈمنىمۇ باشتىن ئۆتكۈزگەن يەردە، يەنە ئۆتەلمىگۈدەك قانداقمۇ داۋان بولسۇن؟ دەپ ئويلىدى.

ۋاڭ لۇنىڭ خىلمۇخىل ياخشى ئىپادىسىنى مەكتەپ تەرەپ جۇڭ چېڭغا ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ تۇردى، جۇڭ چېڭ بۇنىڭغا پىسەنت قىلماي: «تاپشۇرۇۋالدىم» دەپلا تەستىق سالاتتى.

# ئۈچىنچى باب

## 1

ھەيۋەتلىك كۇئېنلۇن تېغى ئېتىكىدىكى مەشھۇر تارىم دەريا-سىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىمىدا مەنزىرىسى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان زەرەپشان دەرياسى بار ئىدى. ئۆركەشلەپ تۇرغان دەريا سۈيى كەڭرى كەتكەن چۆل - باياۋاندىن، ئىسسىق ۋە نەم بوستانلىقتىن ئېقىپ ئۆتۈپ، گۈزەل بوستان شەھىرى، قەشقەر شەھىرى ۋە ئۇلارغا يانداش خوتەن شەھىرىگە ئوزۇق ئاتا قىلاتتى. بوستان شەھىرى بىلەن خوتەن شەھىرىنى 500 كىلومېتىرلىق چوڭ قۇم-لۇق ئايرىپ تۇراتتى، ئۇلار پايانسىز قۇملۇقتىكى يېقىملىق ئىككى پارچە بوستانلىق ئىدى. بوستان شەھىرىگە 200 كىلومېتىر كېلى-دىغان جاي قەدىمىي تۇس ئالغان ئىگەرچى يېزىسى ئىدى. بۇ يېزىنىڭ 98% ئاھالىسى ئۇيغۇرلار بولۇپ، سەككىز تەبىئىي كەنت بار ئىدى، ھەربىر كەنتتە بىردىن دېگۈدەك كىچىك مەسچىت بار ئىدى.

چۈشتىن كېيىن مەھەللىدە، ئۈرۈمچى تەرەپتىن كەلگەن بىر ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس ئىگەرچى يېزىسىغا يېقىن قالغان جايدا توختىدى. ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇستىن چۈمبەل تارتىۋالغان ئېگىز بويلۇق بىر ئۇيغۇر ئايال ئالدىرىماي چۈشۈپ كەلدى. ئۇ ئۇچىسىغا قېنىق كۆك رەڭلىك پەلتو، ئىچىگە جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاياللىرى دائىم كىيىدىغان ئۇزۇن چىت كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى، ئىككى كۆكسى كۆكرىكىگە مىققىدە تىقىلىپ قالغاچقا، ئۇنى تولىمۇ كالانپاي كۆرسىتىپ تۇراتتى. قورۇنۇپ تۇرغان ئۇ، كۆڭلىكى بەك ئۇزۇن بولغاچقا، ماشىنىدىن چۈشىدىغان چاغدا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى.

ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇسنىڭ ئىشىكى چۈمبەل تارتىۋالغان

ئايالنىڭ ئارقىسىدا جالاقىدە يېپىلىپ، ئاندىن ئۇ ئاخىرقى بېكەت
ئىگەرچى يېزىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

چۈمبەل تارتىۋالغان ئايال تاشيول ياقىلاپ بىر ۋاخقىچە ماڭ-
دى، ئۇ تۇيۇقسىزلا ھاجىتى قىستاپ، ئالمان - تالمانلا تاشيولدىن
قايرىلدى - دە، بىرنەچچە توپ ئاق تېرەككە قاراپ ماڭدى. كۆڭلەك-
كىنى قايرىۋېتىپ، ئۆرە تۇرغىنىچىلا ھاجىتىدىن چىقىۋالدى. ئان-
دىن دەرەخنىڭ غولىغا يۆلىنىپ بىردەم ئارام ئېلىۋالغاندىن كې-
يىن، بېشىدىكى چۈمبىلىنى ئېلىۋېتىپ 40 ياشتىن ئاشقان ئەر
كىشىنىڭ چىرايىنى ئاشكارىلىدى. بۇ چىرايىنىڭ ئىگىسى ئەركىن
ئىدى.

ئەركىن ئەتراپتا ئادەم يوقلۇقىنى ئېنىق بىلگەندىن كېيىن،
دەرھال بېشىدىكى يالغان چېچىنى ئېلىۋېتىپ، چىت كۆڭلىكىنى
سېلىۋېتىپ، مەيدىسىدىكى ساختا ئەمچىكىنى ئېلىۋەتتى - دە،
يېنىدىكى خالتىسىدىن بىرقۇر ئەرەبچە كاستۇم - بۇرۇلكىنى چىقى-
رىپ ئالماشتۇرۇۋالدى. كىيىنىپ بولۇپ يەنە سېرىق گەردىلىك
كۆزەينەك تاقىۋالدى، سېلىۋەتكەن بىر دۆۋە كىيىمنى خالتىسىغا
سېلىپ تاشيول بويىدىكى ئازگالغا تاشلىۋەتتى. ئەركىن تاشلىۋې-
تىلگەن ئىككى ساختا ئەمچەككە قارىغىنىچە شەھۋانىيلىق بىلەن
كۈلۈپ قويدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تۈپتۈز بولۇپ قالغان مەيدىسىنى
سىلاپ قويۇپ، ئۆز - ئۆزىگە: «خەير - خوش. ئىشقۋاز لەيلىيە
ھامما! » دېدى.

ئەركىن يېڭىۋاشتىن تاشيولغا چىقتى. شۇ تاپتا تاشيول بويىدا
تۇرغان ئەركىن پۈتۈنلەي سودىگەرگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ
بوي - بەستى ئېگىز، ناھايىتى مەدەنىي كۆرۈنەتتى، بومبا ساقىلى-
نى پاك - پاكىز قىردۇرۇۋەتكەنىدى، ئۇنىڭ ھوشيارلىق چىقىپ
تۇرغان يوغان كۆزلىرى سېرىق گەردىشلىك كۆزەينىكىنىڭ كەينى-
گە چوڭقۇر يوشۇرۇنغانىدى. ئالدى - كەينىدە ھېچنېمە يوق بۇ
چۆل - جەزىرىدە ئەركىننىڭ قەيەردىن كېلىپ قەيەرگە كېتىۋاتقى-
نىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. پەقەت ئەركىن بايا يۆلەنگەن ئاق تېرەكلا
چېگرا سىرتىدىن كىرگەن بۇ ناتونۇش ئادەمگە جىمىمدە سەپسېلىۋا-
تاتتى.

ئەركىن بېغىشىدىكى سائىتىگە قاراپ قويدى. سائەت دەل ئىككى بولغانىدى. كېلىشكەن ۋاقىت بويىچە، مۇشۇ چاغدا بوستان شەھىرىگە بارىدىغان بىر ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس بۇ يەردىن ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. دەرۋەقە، ئون مىنۇتتىن كېيىن ئۇ كۈتكەن ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىگە كىرىپ كەلدى. ئەركىن قولىنى سوزۇپ، ماشىنىنى ئوڭۇشلۇق توستى، ئۇ ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن قارا رەڭلىك بىر قول سومكىسىنى كۆتۈرگىنىچە ئاپتوبۇسقا چىقتى.

ئاپتوبۇستا ئورۇندۇق قالمىغانىدى، ئەركىن ئاپتوبۇسنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، ئۇ بېغىشىدىكى «لاۋرىس» ماركىلىق قول سائىتىنى ئەتەي سىرتقا چىقىرىپ قويدى، ئاندىن ئەتراپىدىكى ئەھۋالنى كۆزىتىشكە باشلىدى.

شىرئەلى ئاپتوبۇسنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋالغانىدى، ئۇنىڭ كۆك كۆزلىرى مىتمۇ قىلماي ئەركىننىڭ ھەرىكىتىنى بېرىلىپ كۆزىتىۋاتاتتى. ئۇ ئەركىننىڭ سول بېغىشىدىكى تېلېكامىرا بېشى ئورۇنلاشتۇرۇلغان «لاۋرىس» ماركىلىق قول سائىتىنى كۆرۈپ، ئۇچرىشىش مەخپىي بەلگىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئەمما تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن قايتا - قايتا ئويلىنىپ ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىدى. شىرئەلى ئەركىننىڭ ئىزىغا بىر مەھەل چۈشۈپ ئاندىن بىرنېمە دېيىش قارارىغا كەلدى، ئۇ يوق يەردىن پۈتاق چىقىپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەنىدى.

ئەركىن ئاپتوبۇستىكى كىشىلەرگە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، ئۇنىڭ نەزىرى شىرئەلىنىڭ پەرۋاسىز نەزىرى بىلەن ئۇچراشقىنىدا، ئۇ بۇ كىشىنىڭ ئالاقىچى ئىكەنلىكىگە ھەقىقىي ئىشەندى.

ئەمدى ئۇنىڭ سول قولىنىڭ بېغىشىدىكى «لاۋرىس» ماركىلىق قول سائىتىمۇ شىرئەلىنىڭ مەيدىسىدىكى ئىككىنچى تۈگمىگە تېگىشلىك ئىنكاس قايتۇردى.

ئەركىن ئۆپكىسىنى بېسىۋېلىپ كۈتتى، ئەمما ئاپتوبۇس بوستان شەھەرلىك ئاپتوبۇس بېكىتىگە كىرىپ مەزمۇت توختىغۇچىمۇ ھېلىقى كۆك كۆز ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولمىدى، بەلكى كىشىلەرگە

ئەگىشىپ ماشىنىدىن چۈشكەندىن كېيىن، غىل - پال كۆرۈنۈپ قويۇپلا يوقاپ كەتتى.

ئەركىن ئالاقىچىنى ئالايىتەن ئىزدەپ يۈرمىدى، ئۇ قاراملىق قىلسا، چېگرىدىن كىرىپلا نىشاننى ئاشكارىلاپ قويسا بولمايتتى. ئۇنىڭ بۇ قېتىم جەنۇبى شىنجاڭغا قايتىپ كېلىشى يەر - جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان چوڭ بىر ئىش قىلىشنى مەقسەت قىلغاندى، شۇڭا ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتا يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىشى كېرەك ئىدى.

ئەركىن ئاپتوبۇس بېكىتىدىن چىقىپ، غەرب تەرەپكە قاراپ ئىتتىپاقداشلىرى بەلگىلەپ بەرگەن «كۆك چۈش تورخانىسى» غا قاراپ ماڭدى. ئىشەنچلىك ئاخباراتلاردا ئېيتىلىشىچە، بۇ تورخانىنىڭ خوجايىنى كارا ناھايىتى پۇلدار، شۇنداقلا تېگى - تەكتى تولىمۇ سىرلىق ئادەم ئىدى. ئۇ چېگرىنىڭ سىرتىدىكى چېغىدىلا بۇ كىشىنىڭ نامىنى ئاڭلىغانىدى. شۇ تاپتا ئەركىن تورخانىغا يېتىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئېلېكترونلۇق پوچتا ساندۇقىنى ئېچىشقا، سىرتقا چىقىپ كەتكەن مۇشۇ مەزگىلدە، چېگرا سىرتىدىن ئۆزىگە ئەۋەتىلگەن خەت - چەكلەرگە قاراپ بېقىشقا تولىمۇ موھتاج ئىدى. ئۇ سىپايىلىك بىلەن تورخانىغا كىرىپ، مۇلازىمەتچىگە رەنە پۇلىنى تاپشۇردى، ئاندىن بىر ئىستاكان ئەتكەنچاي بۇيرۇتۇپ، تامنىڭ بۇلۇڭىغا يېقىن جايدا ئولتۇردى.

ئەركىن كومپيۇتېرنى پۇختىلىق بىلەن ئېچىپ، ئەرەبچە تور بېكىتىنى تاپتى، ئۇنىڭغا كىرىپ بىردەم كۆتتى، ئاندىن ئۆزىنىڭ خەت ساندۇقىنى ئېچىپ، يېڭى پوچتا يوللانمىسى كەلگەنلىكىنى، يەنە كېلىپ ئۆزى ئىنتىزار بولغان پوچتا يوللانمىسى ئىكەنلىكىنى كۆردى. پوچتا يوللانمىسىنى ئەۋەتكۈچى ئالىم ئىدى، ئۇ: «توساي خىراجەت بىلەن قورال - ياراغنى كۆڭۈلدىكىدەك غەملەپ بەردى، مەن يېقىندا چېگرىدىن ئالاقىچى كىرگۈزۈپ، ساڭا پائالىيەت راسخوتى ۋە قورال - ياراغ يەتكۈزۈپ بەرمەكچى. چېگرىدىن كىرىش ۋاقتى بىلەن ئورنىنى ئايرىم بېكىتىمەن، سېنىڭ بازا قۇرۇشنى تېزلىتىشىڭنى، قورۇق پو ئېتىپ يۈرمەسلىكىڭنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەنىدى.

ئەركىن ئىچىدە ئالىمنى «خۇنپەر» دەپ تىللىدى، ئۇ: «نوچى بولساڭ، ئۆزۈڭ كەلسەڭ بولمامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاشۇ خىراجەت بىلەن قورال ـ ياراغنى ماڭا توساي بەرگەن تۇرسا، بۇ يا سېنىڭ بولمىسا، سەن نېمىشقا ئۇيان تۇر، بۇيان تۇر دەيدىكەنسەن؟» دەپ ئويلىدى ئىچىدە.

ئەركىن پوچتا يوللانمىسىنى يەنە بىر قېتىم تېزلىك بىلەن ئوقۇپ چىقىپ، ھېچنېمىنى چۈشۈرۈپ قويمىغانلىقىغا تولۇق جەزم قىلغاندىن كېيىن، خەتنى ئۆچۈرۈۋەتتى، ئۇ ھەرقانداق يىپ ئۇچى قالدۇرۇشقا پېتىنالمايتتى.

بۇ ئىشلارنى قىلىشقا ئەركىن ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 10 مىنۇتلا ۋاقىت سەرپ قىلدى، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ شەھەردە ئۇزاق تۇرسا بولمايدىغانلىقىنى، تەۋەككۇل قىلىپ شەھەرگە كىرىشتە ئېلىپكەتروننلۇق يوللانمىنى دەپ كەلگەنلىكىنى، يېزىغا كىرىپلا كەتسە تورخانىنىڭ بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، ئۇ چاغدا ئۆزىنىڭ يېرىم گاسقا ئايلىنىپ قېلىپ، نېمىلا ئىش قىلمىسۇن تەجرىبىسىگە ۋە بىۋاستە تۇيغۇسىغا تايىنىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ بازىسى يېزىدا قۇرۇلاتتى، يېزا تۇرمۇشىنىڭ نەقەدەر جاپالىق بولىدىغانلىقىغۇ تۇرۇپ تۇرسۇن، زېرىكىشلىك بولىدىغانلىقىغىلا چىداش تەس ئىدى، ئۇ ئاشۇنداق جايدا چىرايلىق ۋە ئىشقۋاز ئاياللاردىن كۆپرەك ئۇچرىتىشنى ئارزۇ قىلاتتى، ئۇ ئاياللارنىڭ بەدىنى ئۇنىڭ زېرىـكىشلىك يېزا ھاياتىغا ئانچە ـ مۇنچە ھۆسن قوشاتتى.

ئەركىن تورخانىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولدى. ئۇ ھېسابات پەشتاختىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، مۇلازىمەتچى ئۇنى چاقىردى:

— ھوي ئەپەندى، بۇ يەردە خالتىڭىز بار ئىدى.

ئەركىن داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى:

— نېمە خالتا؟

مۇلازىمەتچى پاسكىنا ھەم كونا بىر خالتىنى ئەركىننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى، ئاندىن:

— بايا بىر كىشى سىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن، — دېدى.

ئەركىن بۇ ئىشتىن خەۋىرى باردەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ:

— رەھمەت، — دەپ قويدى.

ئۇ خالتىنى قولىغا ئېلىپ سىلاپ بېقىپلا يۇمشاقلىقىدىن نېمىلىكىنى چۈشەندى، خالتىدىكىسى كىيىم - كېچەكلەر ئىدى. ئەركىن ئىچ - ئىچىدىن ئىختىيارسىزلا سەل تەسەللى تاپقانىدەك بولدى، قارىغاندا، شىپپىدە پەيدا بولۇپ، غىپپىدە يوقايدىغان بۇ ئالاقىچى ئىشنى ھەر ھالدا چاققان قىلىدىكەن. تېخى رەسمىي ئۇچراشماي تۇرۇپلا، ئەركىن بۇ كىشىنى ئۆزىگە يارامىلىق ياردەمچى قىلىۋالماقچى بولدى. ئۇ شۇنىڭغا ئىشەندىكى، ھازىردىن باشلاپ بۇ كىشى ئۇنىڭ كەينىدىكى كۆلەڭگىسى، شۇنداقلا كۆزى ئىدى، ئۇ كەينىدىكى ئىشلاردىن ئەنسىرىمىسىمۇ بولاتتى، ئالدىغا قاراپ ماڭسىلا، ئالدىدىكى ئىشلارنى ئويلىسىلا بولاتتى.

ئەركىن «كۆك چۈش تورخانىسى» دىن چىقىپ، بىر مېھمانخانىنىڭ تازىلىق ئۆيىگە ئەكىپ كىرىپ، كىيىم - كېچەكلىرىنى ئالماشتۇرۇۋەتتى.

يەنە بىر قېتىم كوچىغا چىققان ئەركىن بومبا ساقال قويۇۋالغان، ئۇچىسىغا ماتا چاپان كىيىۋالغان، بېلىگە پوتا باغلىۋالغان، بېشىغا سەللا ئورىۋالغان، پۇتىغا ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك كىيىۋالغان، ئۆشنىسىگە پاسكىنىلىشىپ كەتكەن ئاق خالتا ئارتىۋالغانىدى، ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ بىلەن روبىرو ئۇچرىشىپ قالسا، ئۇنى ياقا يۇرتتىن كەلدى دېمەيتتى.

## 2

ئەركىن ھەش - پەش دېگۈچىلا ئىگەرچى يېزىسىغا مەپتۇن بولۇپ قالغانىدى. بۇ يەر قەدىمكى بىر دەريا يولىغا جايلاشقانىدى، ئەگرى - بۈگرى دەريا يولى شىمالدىن شەرققە سوزۇلغانىدى. ئەڭ گۈزەل يېرى قەدىمكى دەريا يولىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئاق تېرەكلەر تۈپتۈز ۋە باراقسان ئۆسكەنىدى. بۇ يەرنىڭ غەربى تاغقا تۇتاشقان بولۇپ، جەنۇبىي بىر پارچە قاقاس چۆللۈك ئىدى، يەنىمۇ جەنۇبقا قاراپ ماڭسا بىر پارچە سازلىق ئىدى. سازلىققا تۇتىشىپ

كەتكىنى بىپايان قوملۇق ئىدى. بۇ زېمىن ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن گۈزەل تۇيۇلدى. دەرۋەقە، ئۇ بۇ يەردە پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى بۇ جاي تىپتىنچ ۋە گۈزەل يېزا ئىدى.

بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، ئەركىن بىر كونا خالتىنى يۇدۇۋې-لىپ بوستاننىڭ يېزىلىرىدا ئايلىنىپ يۈردى، ئاخىر ئىگەرچى يېزىسىنى ياقتۇرۇپ قالدى ھەمدە ئالدى دەرياغا، كەينى تاغقا تۇتىشىدىغان لەڭگەر كەنتىنى چۈشكۈن قىلىپ تاللىۋالدى. بۇ كەنتتە يۈزدەك ئائىلە بولۇپ، ھەممىسىلا كېسەك تاملىق كىچىك ھويلىلاردا ئولتۇراتتى، يەنە كېلىپ ھويلىلاردىن چىقىپ تۇرغان ھىد - پۇراقلار ئۇنى مەستخۇش قىلىۋەتتى، بۇ يەرنىڭ پۇقرالىرى سەممىي، ئانارگۈلى خۇشبۇي، قىزلىرى تېخىمۇ گۈزەل ئىدى.

كۆپلىگەن مۇسۇلمانلارنى قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن، ئەركىن لەڭگەر كەنتىدە ئاجايىپ بىر خىل ئۇسۇلدا ئولتۇرۇشنى قارار قىلدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئەركىن ئىگەرچى يېزىسىنىڭ بازىرىغا كەلدى. ئۇ بازارنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ چىقىپ، ئاخىر بىر قوي ساتقۇچىنى چەنلىدى. قوي ساتقۇچى ئون نەچچە سېمىز قويى بىلەن ھەپىلىشىۋاتاتتى. قويلارنىڭ بەزىسى ئاق، بەزىسى قارا بولۇپ، ناھايىتى ياخشى بېقىلغانلىقى بىلىنىپلا تۇراتتى. قۇياش بازارنى ئىللىق يورۇتۇپ تۇراتتى، ھەتتا ئەركىندەك مۇشۇنداق ئىچىدە زەھەر قوترايدىغان ئادەممۇ قۇياش نۇرىنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلدى، ئۇ پارلاق قۇياش نۇرى بىلەن بىرنەچچە سېكۇنت قارىشىۋېتىپ، يەنە كەينىگە بۇرۇلۇپ قوي توپىغا قارىغىنىدا، كۆز ئالدىدىكى قويلارنىڭ قارىغا ئايلىنىپ قالغىنىنى بايقىدى، ئاق قويلار كۆرۈنمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. ئەركىن بۇنىڭ سەۋەبىنى تىرىشىپ ئاڭقىرىپ، ئاخىر چۈشىنىۋال-دى، قارا رەڭ ئۇنىڭ قوتلۇق رەڭگى ئىدى. ئۆچكە ساقال قويۇۋال-غان قوي ساتقۇچى ئەركىننىڭ نىيىتىنى بىلىۋالغاندەك قىلاتتى، ئۇ كولۇمسىرىگەن پېتى ياۋاش بىر قارا قوينى كۆتۈرۈپ، ئەركىنگە كۆرسەتتى.

ئەركىن قويغا ئەستايىدىل قاراپ چىقىپ، ئۇنىڭ ھەربىر

يېرىنى ئاستا سىلاپ باقتى. ئۇ بۇ قارا قوينىڭ قورسىقىدا بىر پارچە ئاق يۇڭ بارلىقىنى ھەيرانلىق ئىلكىدە بايقىدى، ئۇ ئاق يۇڭ ئەركىننىڭ ئىلھامىنى قوزغىدى، ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: «ئاللاھ ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ، ئىشلىرىم ئوڭۇشلۇق بولىدۇ» دېدى.

قوي ساتقۇچى ئەركىننىڭ نېمىدىن ساقلاشنى تىلەۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى، ئۇ ئەركىننىڭ چىرايىدىن سودىدا پۇتۇشۇشتىن ئاۋۋال-قى خۇشاللىقنى پەملىدى، ئۇ تەجرىبىسىگە ئاساسەن ئۇنىڭ ئۇ-زاققا قالمايلا قولىغا توكۇرۇپ پۇل سانايدىغانلىقىنى بىلىۋالدى، گەرچە پۇل سانى كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ ساتالمىغىنىدىن ياخشى ئىدى. قوي ساتقۇچى بىرنەچچە تۇتام ئۆچكە ساقىلىنى سىلىغىنىچە خۇشال ھالدا:

— ئاداش، قوي ئالامسىلە؟ بۇ دېگەن قوچقار، — دېدى.

ئەركىن قوي ساتقۇچىغا سىنچىلاپ قاراپ قويۇپ، بېشىنى لىڭشىتتى:

— مۇشۇ قوينى ئالاي.

قوي ساتقۇچى خۇشاللىق بىلەن بەش بارمىقىنى چىقىرىپ، يۇقىرى - تۆۋەن ئۆرۈپ قويدى - دە:

— ھە، ئاداش، قويۇمنىڭ سېمىزلىكىگە قاراڭلار، يۈز كوي-دىن كەم بولسا ساتمايمەن، — دېدى.

ئەركىن ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي، ئۈچ بارمىقىنى چىقار-غىنىچە سودىلاشتى:

— ئوتتۇز كوي!

قوي ساتقۇچى ئالدىراپ - سالدىراپ قولىنى سىلكىدى:

— ياق، بولمايدۇ، چاقچاق قىلىۋاتامسىلە، يۈز كويدىن ئاز-راق كەم بولسىمۇ ساتمايمەن.

ئەركىن قوي ساتقۇچىغا ياۋۇزلۇق بىلەن قادىلىپ تۇرۇپ:

— ئوتتۇز دېدىممۇ ئوتتۇز! — دېدى.

قوي ساتقۇچى ئىككىلىنىپ قالدى، ئۇ ئەركىننىڭ كۆزىدىكى مۇدھىش نۇردىن بىر پارچە قاراڭغۇلۇقنى كۆردى، تىجارەت قىل-مىشتا قارا رەڭنى كۆرۈپ قېلىش شۇملۇقتىن دېرەك بېرەتتى، كىشىلەرگە مۇلايىم بولۇش مال - دۇنيا ئېلىپ كېلەتتى. قوي

ساتقۇچى يول قويۇش قارارىغا كېلىپ، قەتئىي تۇردە مۇنداق دېدى:

— مەيلى، سەكسەن كوي بولسۇن، يېتىلەپ كېتىڭ. مې-نىڭ قويۇم بازاردىكى ئەڭ ياخشى قوي دەڭە.

ئەركىن چېگرا سىرتىدا نەچچە ئون يىل تاسقىلىپ يۈرۈپ جاھانكەزدىلەرنىڭ قاندىقىنى كۆرمىگەن دەيسىز؟ ئۇ رەڭگىرويىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ:

— ئوتتۇز، — دېدى.

قوي ساتقۇچى لاقا - لۇقىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قويىنى سات-ماسلىق نىيىتىگە كەلدى، ئەمما تۇيۇقسىزلا قاتتىق بىرنېمە ئۇنىڭ بېقىنىغا تىرەلدى، ئۇ كەينىگە قايرىلمايلا بۇنىڭ مۇزدەك بىر پىچاق ئىكەنلىكىنى بىلدى. گەرچە ئۇ ئارقىدىكى كىشىنىڭ ئۆتۈ-كىدىن پىچىقىنى سۇغۇرۇۋېلىش جەريانىنى كۆرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ پىچاق ئىكەنلىكىنى سەزدى، مۇنداق سېزىم كىشىگە دوزاخىنىلا ئەسلىتەتتى، ئۇنىڭ كەينىدە كۆك كۆزلۈك بىر يىگىت تۇراتتى. ئۇنىڭ چاققانلىقى ھەتتا ئەركىننىمۇ ھەيران قالدۇردى. شۇڭا، ئەركىن تېخىمۇ جىددىيلەشتى، ئۇ يەنە بىر قېتىم بارمىقى-نى چىقىرىپ، گەپ قىلىشنىمۇ خالىمىدى، لېكىن قوي ساتقۇچى خېرىدارنىڭ ئوتتۇز كويلا بېرىدىغانلىقىنى چۈشەندى.

قوي ساتقۇچى توساتتىنلا بېشىنى تۇتۇۋېلىپ زوڭزايدى - دە، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى، ئۇ دەسمايىسىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى.

ئەركىن يېنىدىن ئوتتۇز كوي چىقىرىپ قوي ساتقۇچىغا تاشلاپ بەردى، ئاندىن ئۇنىڭ بىرەر نەرسە دېيىشىنى كۈتمەيلا، ھېلىقى قارا قويىنى يېتىلىگىنىچە كېتىپ قالدى.

قوي ساتقۇچى ئۇنىڭ كەينىدىن زارلاپ قالدى:

— ئېھ، خۇدا، ماڭا ئادالەت ئاتا قىلغايسەن، ھەق - ناھەق-نى ئايرىپ بەر، دەپ كىمنىڭ قېشىغا بارارمەن؟

ئەركىندە پۇل كەم ئەمەس ئىدى، ئۇ بەلۋېغىدىكى پۇل بىلەن بۇ بازارنى سېتىۋالالايتتى، ئۇنىڭ بايىقى كىچىككىنە جاھىللىقى پەقەت چېگرا سىرتىدىكى زورلۇق - زومبۇلۇق تۇيغۇسى بىلەن مۇشۇ جايدىكى دېھقانلارنىڭ روھىي ھالىتىنى ئىگىلەش ئىشەنچىنى تېپىۋېلىشنىلا مەقسەت قىلغانىدى. ئۇنداق قىلىشنىڭ تەۋەككۈلچى-

لىك ئېھتىمالى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا تاقەت قىلالماي شۇنداق قىلىپ سالغانىدى. شۇڭا ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: «ئەمدى بۇنداق قىلمايمەن» دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بەردى.

ئەركىنىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئايرىلغىنىغا ئون يىلدىن ئاشقانىدى، يۇرتىدىن كېلىپ چىققان ھەم يېقىملىق، ھەم ناتونۇش تۇيغۇ ھېلىھەم ئۇنى ئىچ - ئىچىدىن ھودۇقتۇرۇپ تۇراتتى. بايىقى قوي ساتقۇچى يەنە چېلىڭ تۇرۇۋالغان بولسا، ئالاقىچى ئۇنىڭغا پەچاقنى تىرەپ تۇرۇۋالمىغان بولسا، ھەممە ئىش باشقىچىرەك نەتىجىلەنگەن بولاتتى. ئەركىن مۇرەسسەلەشكەن بولۇشى ئېھتىمال ئىدى، ئۇ ئۆز خاراكتېرىدىكى ئاجىزلىقنى چۈشىنەتتى. بەختكە يارىشا، بۈگۈن قىلغان تۇنجى كىچىك ئىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى ئۆزىنىڭ بۇ يەردىكىلەرنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغانىدى. باشلىنىش ئوبدان بولغاچقا، ئەركىن بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارغا تولۇق ئىشەنچ باغلىدى.

ئەركىن شىرئەلى بىلەن رەسمىي ئۇچرىشىشقا يەنىلا ئالدىراپ كەتمىدى، تېخى بۇنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى يېتىپ كەلمىگەنىدى. ئۇ كەينىگە قاراپمۇ قويماي ھېلىقى قارا قوينى يېتىلىگىنىچە كېتىۋەردى، ئۇنىڭ كەينىدىن سايىدەك ئەگىشىپ كېلىۋاتقان شىرئەلى: «بۇ غەلىتە ئادەم خەۋپ - خەتەردىن قورقماي ئۆزىنى ئاشكارىلاپ، بىر قوينى يېتىلىۋېلىپ نېمە قىلىدىغاندۇ؟» دەپ تېگىرقاپلا قالدى.

ئەركىن قارا قوينى ئىگەرچى يېزىسىنىڭ يېنىدىكى خۇسۇسىي مېھمانخانىغا يېتىلەپ كەلدى، بۇ ئۇنىڭ مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيانقى ۋاقىتلىق تۇرالغۇسى ئىدى. ئۇ قارا قوينى ئىشىك ئىلغۇچىغا باغلاپ قويۇپ، بىر پىيالە چاي قۇيۇپ غۇرتۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى. 8 - ئايدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ ئەسلىدىلا قۇرۇق ئىسسىق ئىدى، بۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئەركىن ھەر ۋاقىت جىددىي ھالەتتە يۈرۈۋاتقاچقا ئىچىدىن تارتىپ تېشىغىچە قاتتىق قىزىپ كېتىۋاتقاندەك بولدى.

قارا قوي گويا ئۆزىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى كۆرۈپ يەتكەندەك، ئىشىكنىڭ يېنىدا ياۋاشلىق بىلەن تىزلىنىپ ياتاتتى،

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قايغۇ - ھەسرەت چىقىپ تۇراتتى.
ئەركىن ھەربىر كەتلىنىشكە باشلىدى، ئۇ سىپتىۋالغان ئاق رەڭ-لىك چاچ بوياش سۈيۈقلۇقىنى تەكشى ئاربىلاشتۇردى، ئاندىن قارا قوينىڭ قورسىقىغا تۇجۇپىلەپ سۈركىگىلى تۇردى. بىردەمدىلا قارا قوينىڭ قورسىقىدىكى ھىلىقى ئاق سىزىقنىڭ ھەجمى بىر ھەسسە چوڭىيىپ، يىراقتىن قارىسا «قۇرئان كەرىم» دىكى ئەڭ مۇقەددەس خەت «ئاللا» قا ئوخشاپ قالدى، ئەركىن ئۆزىنىڭ ھەرقايسى بۇلۇ-ڭىدىن بۇ خەتلەرنى كۆزىتىپ، تولۇق ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئېشىپ قالغان چاچ بوياش سۈيۈقلۇقىنى دېرىزىدىن شارتتىدە تاشلىۋەتتى — بىر دانە تېز تاماق قوتىسىغا ھېچكىم دىققەت قىلمايتتى، يەنە كېلىپ بۇ قۇرۇق قۇتىنى شامال ناھايىتى تېزلا ئىسمىنى بىلىپ بولمايدىغان چۆل - جەزىرىگە ئۇچۇرۇپ كېتەتتى.
ئەركىن تولۇق قانائەت ھاسىل قىلىپ قوينىڭ يېنىدا ئولتۇر-دى - دە، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئەسەبىيلىك بىلەن ئالدىغا تارتىپ سۆيۈپ قويدى.
قارا قوي يەنە بىر قېتىم پەس ئاۋازدا مەرىدى.

## 3

لەڭگەر كەنتىنىڭ شەرقىي بېشىدا ئايرىم قورۇقلۇق، داچا شەكىللىك بىر ئۆي بار ئىدى، بۇ يەردە كەنتتىكى بىرىنچى باي مامۇت ئائىلىسى ئولتۇراتتى.
مامۇتلار ياغاچ ئويمىلىق دەرۋازىسىنى ئېتىۋېتىپ ئاچسا، ئۇ-زۇم بارىڭى بىلەن پۈركەنگەن يوغان ھويلا كۆرۈنەتتى، ھويلىدا خېلى ئۇزۇن پېشايۋان بار ئىدى، پېشايۋاننىڭ ئالدىغا قىزىلگۈل، ئەتىرگۈل، تاجىگۈل، نەرگىس گۈلى، سۆگەتگۈل، سېسىقيار، ئانارگۈل قاتارلىق نەچچە ئون تەشتەك گۈل - گىياھ تىزىپ قويۇلغان بولۇپ، بۇ ئائىلىنى ناھايىتى پاكىز ۋە سالاھىيەتلىك كۆرسىتەتتى. ئۆينىڭ گىرۋەكلىرى، پېشايۋان تۈۋرۈكلىرى، ئۆي تورۇسلىرىغا رەڭگارەڭ، ئىنتايىن ئېتىبار بېرىلگەن نەقىش -

گۈللەر سىزىلغان ياكى ئويۇلغاندى، بۇ نەقىشلەرنىڭ رەڭلىك سىزىلغانلىرىمۇ، ئويۇلغانلىرىمۇ بار ئىدى، يەنە بىر قىسىم چاپلانغان گۈللەر بار ئىدى. ئۆيدە جەمئىي ئالتە ئېغىز ھوجرا بولۇپ، ھەممىسى شىمالدا ئىدى، ھەربىر ئۆيگە ئېگىزلىكى بىر چىدىن ئاشىدىغان، ھەجمى ناھايىتى چوڭ سۇپا سېلىنغاندى. ئۆي ئىچى زىلچا - گىلەم ۋە مىس قاپلانغان گۈللۈك ساندۇق، رەڭلىك گۈللەر سىزىلغان كىيىم ئىشكاپى، مىستىن ياسالغان چىلاپچا بىلەن ھەشەمەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇلغاندى. بولۇپمۇ، مامۇت ئەر - خوتۇن تۇرىدىغان ئاساسلىق ھۇجرىنىڭ تۆت تېمىغا تەكچە ئويۇلغان، تەكچىنىڭ چۆرىسى خىلمۇخىل نەقىشلەر بىلەن ناھايىتى كۆركەم بېزەلگەن، تەكچىگە ۋالىلداپ چاقناپ تۇرغان بىرمۇنچە يوتقان - كۆرپە، كىيىم - كېچەكلەر رەتلىك قويۇلغاندى، بۇ قىممەت نەرسىلەر مامۇت ئائىلىسىدىكى بايلىقنىڭ سىمۋولى ئىدى.

مامۇت يېشى 50 تىن ئاشقان، بېشىغا تۆت قىرلىق دوپپا كىيىۋالغان، ئۈچىسىغا قىيپاش ياقىلىق توپچىسىز چاپان كىيگەن، بېلىگە ئۇزۇن بەلۋاغ باغلىۋالغان، پۇتىغا تېگى يۇمشاق مەسە - كالاچ كىيىۋالغان، بىر تۇتام مۇسۇلمانلارغا خاس ساقال قويۇۋالغان كىشى ئىدى. ئۇنىڭ نۇرغۇن تۇغقانلىرى تۈركىيە، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە سودا - تىجارەت قىلاتتى، ئۇلار ھەمىشە ئۇنىڭغا پۇل ئەۋەتىپ بېرەتتى، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ تېرە تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى، يەنە كېلىپ تىجارىتى بەك ئاقاتتى. مامۇتنىڭ كۆڭلىرى ناھايىتى باياشاتچىلىقتا ئۆتەتتى. ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللاتائالانىڭ ئىلتىپاتى دەپ قارايتتى. ناماز ئوقۇش مامۇتنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغاندى، ئۇ بىر ئىخلاسمەن مۇسۇلمان ئىدى.

مامۇت يەنە ئائىلىدىكى بىردىنبىر ئەر كىشى ئىدى، ئۇنىڭ ئىككى چىرايلىق قىزى بار ئىدى. چوڭ قىزى ئايگۈل قىزغىنلىقى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بولغاچقا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مامۇتتىن ئۆزىنى چەت ئەلگە چىقىرىپ ئوقۇتۇشنى تەلەپ قىلغان؛ كىچىك قىزى رەنا جىمغۇر ۋە مۇلايىم ئىدى،

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، داۋاملىق ئو-
قۇيالمىغان، ماموت ئەر - خوتۇنلارنىڭ تەسىرىدە ئۇمۇ تەقۋادار
موسۇلمانغا ئايلانغانىدى.

سودىگەرنىڭ نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا، ئىككى قىزنىڭ ئۆ-
سۈپ چوڭ بولۇشى، ماموتقا ئىقتىسادىي جەھەتتىن زىيان سالمايلا
قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا ئىككى دۆلەتمەن كۈيئوغۇل ئېلىپ
كېلىشى مۇمكىن ئىدى، ئۇ ئاشۇ شانلىق كۈنلەرنى سەۋرچانلىق
بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. ماموتنىڭ ئەڭ قاتتىق ئېچىنىدىغىنى ئۆمرىدە
ئوغلى بولمىغانلىقى ئىدى، بىراق ئۇ مۇشۇ سەۋەبتىن ئوغلى بار
ئاتىلاردەك، ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئوغلىغا ئۆي سېلىپ
بېرىپ، خوتۇن ئېلىپ بېرىش ھەلەكچىلىكىدىن قۇتۇلۇپ قالغان-
دى. ئۇ ئۇچرىغانلا ئادەمگە پەخىرلەنگىنىچە: «ئىككى قىزىم مې-
نىڭ بايلىقىم، ئۇلارنىڭ ئىككىسىلا بەك گۈزەل» دەپ ماختىنات-
تى.

ئۇنىڭ خوتۇنى رەيھان قاۋۇل ئايال ئىدى، ئۇ ھەمىشە چاچلى-
رىنى ئۇزۇن ئۆرۈۋالاتتى، ئىچىگە خانئەتلەستىن ئۇزۇن كۆڭلەك،
ئۇنىڭ ئۈستىگە يېشىل دۇخاۋىدا جىلىتكە كىيىۋالاتتى، مانا بۇ
ئۇنىڭ كەنتتىكىلەرگە بەرگەن تەسىرى ئىدى. ئۇ جىمغۇر ئايال
ئىدى، ماموتقا بىرەر ئوغۇل تۇغۇپ بېرەلمىگىنىگە، ئېرىنىڭ
ئالدىدا ھەمىشە ئۆزىنى ئەيىبكار كۆرەتتى.

رەيھان ھەمىشە ماموتقا بويسۇنۇپلا، ماموتنى ئەرلەرنىڭ ئارى-
سىدا ئېخمۇ ھاكاۋۇر قىلىۋەتكەنىدى. پۇللۇق بولۇش، ئېتىقاد-
لىق بولۇش، كۈنلىرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش ماموتنىڭ ئۆمۈرلۈك
ئىنتىلىشى ئىدى. ئەمما، مۇشۇ چاغدا ئەركىن خۇددى بىر قاباھەت-
لىك چۈشتەك ماموتنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى، ماموت ئائىلىسىدى-
كىلەرنىڭ خاتىرجەملىكى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇزۇلدى.

شۇ كۈنى كەچلىك تاماقتىن ئاۋۋال، ماموت ئائىلىسىدىكى
ئۈچ جان تەقۋادارلىق بىلەن ناماز ئۆتەۋاتاتتى. ئۇشتۇمتۇتلا بىرسى
ماموتلارنىڭ ياغاچ ئويما دەرۋازىسىنى قاقتى.

ماموت جىمجىتلىقنى بۇزماي نامىزىنى ئۆتتەۋەردى. ئۆز تەقۋا-
دارلىقىغا باشقىلارنىڭ كاشىلا قىلىشىنى خالىمايتتى. ئەمما ماموت-

لارنىڭ دەرۋازىسى يەنە بىر قېتىم قېقىلدى.

دەرۋازا سىرتىدىن ئۈچىنچى قېتىم دەرۋازىنى ئۇرغان ئاۋاز ئاڭلاندى، مامۇت يەنىلا نامىزىنى ئاخىرغىچە ئوقۇپ بولدى. ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ، دەھلىزدىن ئۆتتى - دە، دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى. شۇ چاغدا، مامۇت بەلكىم مېھمان كېتىپ قالغاندۇ، دەپ ئويلىغانىدى، ئەمما مۇشۇنداق ئويلاۋېتىپ كەڭ دەرۋازىنى «غىچ» قىلىپ ئاچقىنىدا، دەرۋازا ئالدىدا قارا قوي يېتىلىۋالغان ناتونۇش ئەر كىشىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

ئۇ مامۇتنى كۆرۈپ ئوڭ قولىنى مەيدىسىگە قويغان، گەۋدىسىنى سەل ئەگكەن هالدا ئەدەپ بىلەن سالام - سەھەت قىلدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

مامۇت مېھماننىڭ كۆزىگە قارىغىنىچە سالام قايتۇردى:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!

ئەركىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن قولىنى ئۇزاتتى.

— سىز، قەيەردىن كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى مامۇت سەل تۇرۇپ قېلىپ.

— شىمالىي شىنجاڭدىن كېلىۋىدىم — دېدى ئەركىن جاۋابەن، — قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ. خۇدايىم ئۆز پاناھىدا ساقلاپ، ئىشىكىڭىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدىم، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مېھماندوستلۇقى بىلەن سەممىيلىكى دۇنياغا داڭلىق ئىدى، ئۇلار دەسلەپكى قېتىم كۆرۈشكىنىدە زادىلا مۇداپىئە كۆرمەيتتى. يىراق يول ماڭغان ناتونۇش كىشى مەلۇم يېزىدىن ئۆتكىنىدە، قىيىنچىلىققا يولۇقتۇم دېسىلا، ئۇلار ھەمىشە مەردلىك بىلەن ياردەم بېرەتتى، مېھماننى ئاچ قورساق يولغا سېلىپ قويمايتتى.

مامۇت دەرھال ئىككى قولىنى كېرىپ ئۇنى قارشى ئالدى:

— مېھمان مەرھەمەت، ئىشىكىمنىڭ ئالدىغىلا كېلىپ قالغاندىكىن، ئۆيگە كىرىڭ، بىزنىڭكىدە پولۇ، گۆش، پېتىر مانتا، نان، يەنە قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋىلەر بار، ئۆيگە كىرىڭ!

ئەركىن ساھىبخانىنىڭ تەكلىپىنى خاتىرجەم قوبۇل قىلىپ،

ئۆيگە كىردى.

مامۇت خوتۇنىغا تۇۋلىدى:

— رەيھان، مېھمان كەلدى، ئۆيدىكى مەززەلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ چىق، مېھماننىڭ قورسىقى ئېچىپتۇ.

رەيھان بۇ گەپ بىلەن ئاشخانىغا كىرىپ پايپېتەك بولۇشقا باشلىدى. مامۇت بىردەمدىلا ئاشخانىغا كىرىپ ئەتكەنچاي، نان، تۇخۇم، قاق، ئۈزۈم، جىگدە قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى بىر - بىرلەپ ھۇجرىغا كۆتۈرۈپ چىقتى.

ئەركىن مامۇتنىڭ ھەشەمەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئالتە ئېغىز ئۆيىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، بۇ ھەقىقىي باي ئائىلە ئىكەن، دەپ خورسىندى! ئۇزۇن كاڭغا پاكىستاننىڭ قوي يۇڭىدىن توقۇلغان گۈللۈك ئەدىيالى سېلىنغانىدى. ئۇ: «بۇ كاڭ چوقۇم ناھايىتى ئىسسىق» دەپ ئويلىدى، ئۇنىڭ مۇنداق كاڭدا ئۇخلاپ باقمىغىنىغا ئۇزۇن زامانلار بولغانىدى. ئۇ مامۇت باشقۇرۇۋاتقان ئائىلە كەيپىياتىدىن ئىنتايىن رازى بولدى، بىرەر ئىش بىلەن شۇغۇللانغاندىكىن ئۇنىڭ ھوزۇرىنى سۈرۈش كېرەك ئىدى.

ئەركىننىڭ پاك - پاكىز ئۆيگە قارا قويىنمۇ يېتىلەپ كىردۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مامۇت خاپا بولدى، ئۇستىلىق بىلەن مېھمانغا:

— مېھمان، قويىڭىزنى قوتانغا ئاچىقىپ ئازراق ئوت - چۆپ تاشلاپ بېرەي، ئۇنىڭمۇ چوقۇم قورسىقى ئاچتى، — دېدى.

نېمىشقىكىن، ئەركىن بۇنى رەت قىلدى:

— ھە، قويۇمنىڭ قورسىقى ھەقىقەتەن ئاچتى، ئەمما ئۇنى قورسىقى تويغاندىن كېيىن قوتانغا ھەيدىۋەتكىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئىسسىق بىر ئۆيى بولۇشى كېرەك.

— چاقچاق قىلمايۋاتقانسىز؟ نەدىمۇ ئۆيدە ياتىدىغان قوي بولسۇن؟ ئۇ بىزدىنمۇ قىممەتلىكمۇيا؟ — دېدى مامۇت. ئەركىن بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، ناھايىتى مەنىلىك قىلىپ تەكىتلىدى:

— ئۇ ئادەتتىكى قوي ئەمەس، ئۇنىڭغا تىل تەگكۈزۈپ سالماڭ.

مامۇت قويۇق ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ، بېشىنى چايقىدى:

— مېھمان، گېپىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم، لېكىن، قويىڭىز ھەقىقەتەنمۇ ئازراق بىرنىمە يەۋېلىشقا موھتاج ئىكەن.

ئۇ قولىنى سوزۇپلا قارا قوينى يېتىلىۋالدى، ئەركىننى ئۆيدە قالدۇرۇپ، تالاغا چىقىپ كەتتى.

رەنا ھۇجۇر ئۆينىڭ يېنىدىكى ئۆيدە تىت - تىت بولۇپ ئۆزىنى قويغىلى جاي تاپالماي قالدى. ئۇ مېھماننىڭ شۇنداق تېزلا ھۇجرىغا كىرىپ كېلىشىنى ئويلىمىغانىدى، ئەسلىدە مېھمان كىرىشتىن ئىلگىرىلا ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كىرىۋېلىشى كېرەك ئىدى. شۇ تاپتا، ئۇ ئۆيگە قاپسىلىپ قېلىپ ھەدەپ ئاتىسىنىڭ بىخەستەلىكىدىن ئاغرىنىۋاتاتتى.

ئەركىن ئىچكەركى ئۆيدىن چىقىۋاتقان شەپىنى ئاڭلاپ، ئۇ يەرگە بويۇنداپ قارىدى، بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن رەنا ھاپىلا - شاپىلا چۈمبىلىنى تارتىۋالدى. بىراق ئەركىن يەنىلا ئۇنى كۆرۈۋالدى. ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىققىنى قاپقارا قاشلىق ئېتىۋالغان چىرايلىق قىز بولۇپ، چاچلىرىنى ئىنچىكە قىلىپ ئون نەچچە تال ئۆرۈۋالغان، تىرناقلىرىنى قىپقىزىل لاكلىۋالغان، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان يوغان كۆزلىرى چىرايىغا ھۆسن قوشۇپ تۇرغان. ھالقا، بىلەزۈك، مېدالىئونلىرى زىلۋا بەدىنىگە ناھايىتى ياراشقانىدى. ئۇ ئاياللارغا بولغان تەجرىبىسىگە ئاساسەن، بۇ قىزنىڭ تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن توقاچ ئىكەنلىكى، ئەمما پىشايلا دەپ قالغانلىقىنى بىلدى - دە، ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇپ: «بۇ قىز ئۆزۈنغا قالمايلا مېنىڭ بولىدۇ» دەپ قەسەم ئىچتى. ئۇنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى، بۇ قىزنىڭ تېخى چۈمبەل تارتىۋالغانلىقى ئىدى، ئۇ بۇ خىلدىكى قىزلارنىڭ ھېسسىياتىنى ناھايىتى ئاسانلا كونترول قىلىۋالالايتتى.

ئەركىن رەنا توغرىسىدا يوقىلاڭ خىياللاردا بولۇۋاتقاندا، ھويلىدىكى مامۇت قورقۇپ ۋارقىرىۋەتتى:

— رەيھان، رەنا، چاققان كېلىپ مانىڭغا قاراڭلار، ماۋۇ قوينىڭ قورسىقىغا خەت چىقىپ قاپتىغۇ؟

بۇ ئاۋاز بىلەن خوتۇنى رەيھان يۈگۈرۈپ چىقتى، رەنامۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆيدىن چىقىۋالدى. رەنا ئەركىننىڭ يېنىدىن

دىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، ئەركىنگە قىز بالىنىڭ ھىدى پۇرىدى. ئۇ رەنانىڭ قەددى - قامىتىگە مەھكەم تىكىلىپ، بەدىنىنىڭ ئىزنا- لىرىنى قىياس قىلىشقا باشلىدى.

ماموتنىڭ كۆزلىرى قارا قوينىڭ گەۋدىسىگە مىختەك تىكىل- گەنىدى، ئۇ قوينىڭ قورسىقىدىكى ئاق بەلگىنى سىلاپ قويۇپ، ئاخىر ئىچ - ئىچىدىن تولغىنىۋەتتى:

— ئاھ، خۇدا، ئاللا دېگەن سۆز ئىكەن!

— نېمە دەۋاتىدىغانلا؟ ئاللا نېمە بوپتۇ؟ — دەپ سورىدى رەيھان.

ماموت خوتۇنىغا ئۆلتۈرۈپ، قارا قوينىڭ قورسىقىغا سىنچى- لاپ قاراشنى ئېيتتى.

— ماۋۇ ئاق بەلگىگە قارا، نېمىگە ئوخشايدىكەن؟

رەيھانمۇ بىرەر قۇر كۆزىتىپ، ئاخىرى ئۇ خەتنى تونۇۋالدى:

— شۇنداق، ئاللا، دېگەن خەت ئىكەن، ئاللانىڭ مۆجىزىسى قوينىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆزىنى كۆرسىتىپتۇ!

ماموت ھاياجانلىنىپ ۋارقىرىۋەتتى:

— ئاللانىڭ مۆجىزىسى قوينىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆزىنى كۆرسە- تىپتۇ!

ئەركىن پۇرسەتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىگە قاراپ، ئۆيدىن خا- تىرجەم ھالدا چىقىپ كەلدى، ئۇ ئوڭ قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ:

— لائىلاھە ئىللەللا! — دېدى ئاستاغىنە.

ئەقىۋادار مۇسۇلمان ماموت توساتتىنلا لىككىدە ئورنىدىن تۇ- رۇپ، ئۆيدىن ئېتىلغىنىچە چىقىپ كەتتى، ئۇ قولۇم - قوشنىلى- رىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئۇرۇپ ئېچىپ، ئۇلارغا تەقەززالىق بىلەن:

— ئاللانىڭ مۆجىزىسى قوينىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆزىنى كۆرسەت - تى، — دېدى. ئۇ ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلارنى ئاز كۆرۈلىدىغان بۇ مۆجىزىدىن بەھرىلەندۈرۈشكە ئالدىراپ كەتكەنىدى.

قولۇم - قوشنىلار بەس - بەس بىلەن ماموتلارنىڭكىگە ئېتىل- لىپ كىرىپ، ھەيرانلىق ئىچىدە بۇ قارا قوينى كۆرۈشكە باشلى- دى. ئەتىسى «ئاللانىڭ مۆجىزىسى قوينىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆزىنى كۆر- سەتتى» دېگەن گەپ لەڭگەر كەنتىگە تارقالدى، بەلكى تارقالغانسې-

رى غەلىتە تۇس ئالدى. قوشنا كەنتتىكى مۇسۇلمانلارمۇ بەس - بەس بىلەن ماموتلارنىڭكىگە ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا كەلدى.

## 4

ئەركىن ئۇيقۇسىز بىر كېچىنى ئۆتكۈزدى. ئۇ ئۆزىنىڭ لەڭگەر كەنتتىكە ئىككى قولىنى سىلىپلا كەلگەنلىكىنى، بىر قەپەس قاتتىق تۇتۇشماقچى بولسا ئىككى قورالدىن، يەنى، بىرىنچىسى ئايال كىشىدىن، يەنە بىرى دىندىن پايدىلىنىشى كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇنى خۇشال قىلغىنى بۇ ئىككى مۇھىم ئامىلنىڭ ماموتلارنىڭكىدە تولۇق ھازىرلانغانلىقى ئىدى. ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش مەنزىرىسىنى كۆرگەندەك بولدى.

ئەركىن سەھەردە ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن، ناشتا قىلغىلى ئۇنىماي قارا قوينى يېتىلەپ ماموتلارنىڭكىدىن كېتىمەن دەپ تۇرۇۋالدى. ئەمما قارا قوينى يېزىنىڭ ياش توكچىسى ساۋۇت قىزىقىپ ئېلىپ كەتكەن، ماموت تىت - تىت بولۇپ ھاپىلا - شاپىلا قوي ئىزدەپ چىقىپ كەتكەنىدى.

ئەركىن ماموت قوي ئىزدەپ چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئەتەي ئۆيگە خاتالىشىپ كىرىپ قالغان كىشىدەك رەنانىڭ ھۇجرىسىغا ئۇسۇپ كىردى. شۇ چاغدا، رەنا پۈتۈن ئەزايىنى چۈمەكىۋالغانىدى، ئەمما قىزلارغا خاس خۇشبۇي پۇراق يەنىلا ئەركىننىڭ دىمىقىغا بىلىنەر - بىلىنمەس ئۇرۇلۇپ، ئۇنى ئارامىدا قويمىدى. رەنا ناھايىتى تىنچ تۇراتتى، تىنچلىقىدا بىر تامچە سۇغىلا ئوخشايتتى، ئۇنىڭ ئاپئاق كۆڭلەككە ئورىۋالغان كېچىككىنە گەۋدىسى پاكلىقىدىن مۇلايىم ۋە ئىتائەتچان قوزىنىڭ ئۆزىلا ئىدى.

ئۇ رەنانىڭ يېنىغا كېلىپ ئاستا سورىدى:

— رەنا، كەنتتە سىز يېقىن ئۆتىدىغان ھەمراھلىرىڭىز بارمۇ؟ سىز ئۇلارنى تېپىپ كېلىڭ، مەن سىلەرگە «قۇرئان» تەپسىر قىلىپ بېرەي!

رەنا ئۇياتچانلىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، نېمە قىلارىنى ئۇقالماي قالدى.

ئەركىن كونىراپ كەتكەندەك كۆرۈنىدىغان، چۆرىسى پۇكلە-
شىپ تىتىلىشقا باشلىغان بىر پارچە كىتابنى رەناغا ئۇزىتىپ شى-
ۋىرلىدى:
— مېنى چۈشىنىشنى خالامسىز؟ مۇشۇ كىتابنى ئوقۇسى-
ڭىز، مېنىڭ كىملىكىمنى بىلىسىز.
ئەركىن كىتابنى كاڭغا قويۇپ، رەنانىڭ ئۆيىدىن يېنىپ چىق-
تى.
ماموت قايتىپ كەلدى، ئۇ تىت - تىت بولغىنىدىن:
— ساۋۇت دېگەن بۇ نادان بالا نەگە كەتتىكىنتاڭ، قارا
قوينى يېنىدا سۆرەپ يۈرۈپتۇ، — دېدى.
ئەركىن ئالدىراۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ:
— ئۇنى يېنىمدا ئېلىپ يۈرۈشۈم كېرەك ئىدى. مۇنداق
بولسۇن، مەن يەنە ئازراق ساقلاي، — دېدى.
ماموت ئەركىننىڭ كەڭ قورساقلىقىدىن ئىنتايىن مىننەتدار
بولدى، ئۇ ئەركىننى چۈشلۈك تاماقنى يەپ ئاندىن كېتىشكە سەمى-
مىي تەكلىپ قىلدى. ئەركىن:
— ئىشقىلىپ يەنە ئازراق ۋاقتىم بار ئىكەن، سىلەرگە
«قۇرئان» دىن بىر سۈرە تەپسىر قىلىپ بەرگەچ تۇراي، — دېدى.
ئەركىننىڭ تەپسىر قىلالايدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ماموت كۆز
ئالدى لاپپىدە يورۇغاندەك بولۇپ، سەمىمىيلىك بىلەن سۆزلىدى:
— تەپسىر قىلىپ بېرىڭ، سىزنىڭ دىنىي سەۋىيىڭىز جەز-
مەن يۇقىرى، — دېدى.
شۇنىڭ بىلەن ئەركىن چۈشتىن ئاۋۋالقى ۋاقتىنى سەرپ قى-
لىپ، ماموتقا ئۆزىنىڭ چەكلىك «قۇرئان» بىلىملىرىنى كۆز -
كۆز قىلدى. ماموت بۇنىڭغا بېرىلىپ كېتىپ، قارا قوينى ئىزدەي-
دىغان ئىشنى ئۇنتۇپ قالدى.

5

رەنا ئەقىللىق قىز ئىدى، ئەركىن ئۇنىڭغا ئورۇنلاشتۇرغان
بىرنەچچە قىز تېپىپ كېلىپ ئۇنىڭ «قۇرئان» تەپسىر قىلىشنى

ئاڭلاش ئىشىنى ئۇ ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن ئورۇنلىدى.

رەنا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپلا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇمىغانىدى، بۇ ھەم ئاتا - ئانىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ھەم رەنانىڭ ئۆزىنىڭ تاللىۋالغان يولى ئىدى، ئۇ شېئىر ئوقۇشقا ئامراق ئىدى، ئەمما ئۆگىنىش نەتىجىسى كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ تەكلىپىگە بويسۇنۇپ، قايتا ئوقۇمىغانىدى. رەنا ئەزەلدىن يىراققا بېرىپ باقمىغانىدى، بوستان شەھىرىنىڭ قانداقلىقىنى تېخىمۇ ئۇقمايتتى. ئاتا - ئانىسىغا ئەگىشىپ ھەر كۈنى ناماز ئوقۇشنى ئۆگەنگەنىدى. بىلىپ - بىلمەيلا ئۇمۇ مۇھەببەت تۇيغۇسى قوزغىلىشقا باشلىغان قىز بولۇپ قالدى.

ئەتىسى ئەركىن رەنانى چاقىردى:

— رەنا، بۇ ياققا كېلىڭ، سىزگە گېپىم بار.

رەنا چۈمبىلىنى تارتىپ قورۇنغىنىچە ئەركىننىڭ ئالدىغا كېلىپ بىرنېمە دېيىشنى كۈتۈپ تۇردى. ئەمما ئەركىن ئۈندىمىدى، پەقەت كۆلۈمسىرىگىنىچە چۈمبەلگە ئورىنىۋالغان رەنانىڭ چىرايىغا، شۇنداقلا يېتىلىۋاتقان بەدىنىگە قارىدى.

رەنا يوپقا چۈمبەلدىن ئەركىننىڭ خۇمارلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىنىڭ ئوتتەك يېنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھوپپىدىلا قىزىرىپ كەتتى. ئۇ پىشىپ يېتىلگەن بىر ئەر كىشىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى، ۋۇجۇدىدىكى قانىنىڭ تېخىمۇ تېز ئايلىنىۋاتقانلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى، مۇنداق ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇشتا قىلچە تەجرىبىسى بولمىغاچقا يا ئالدىغا، يا كەينىگە مېڭىشنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى. بىردەم جىم تۇرغاندىن كېيىن چىقىپ كېتىش قارارىغا كەلدى، ئۇ كەينىگە بۇرۇلغىنىدا، ئەركىن پەس ئاۋازدا:

— سىز نېمىشقا مەندىن قاچىسىز؟ — دەپ سورىدى.

ردنا داڭقېتىپ تۇرۇپ قېلىپ، قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلەلمىدى.

ئەركىن سىلىق - سىپايىلىك بىلەن:

— قىزچاق، سىزدىن بىر ئىشنى تەلەپ قىلسام بولامدۇ؟ —

دەپ سورىدى.
— نېمە ئىشتى؟ — دەپ ئۆياتچانلىق بىلەن سورىدى رەنا.
ئەركىن ئۇتتەك قىزغىنلىق بىلەن:
— چۈمبىلىڭىزنى ئېچىۋەتسىڭىز، گۈزەل جامالىڭىزنى بىر كۆرۈۋالسام بولامدۇ؟ — دېدى.
رەنا ئەركىننىڭ مۇنداق تەلەپ قويىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى، ئۇنىڭ ئورنىدا باشقىلار بولغان بولسا، چوقۇم ئاچچىقلانغان بولاتتى، چۈنكى ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا: «بىر ياخشى قىز ئەر كىشىگە ئۇچراپ قالغاندا چۈمبىلىنى ئاچسا ھەرگىز بولمايدۇ» دەپ ئۆگەتكەنىدى. رەنا ياخشى قىز بالا بولۇشنىلا ئويلايتتى. چىرايىنى ئەرلەرگە كۆرسەتسە نېمىشقا بولمايدىغانلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى، ئۇنىڭ ئاتىسىغا بويسۇنۇشى بىر خىل ئادەتكە ئايلانغانىدى، يەنە كېلىپ ئۆسۈپ يېتىلىش داۋامىدا بىرەر ئەر كىشى ئۇنىڭغا چۈمبىلىڭىزنى ئېچىۋېتىڭ دېيىشكە پېتىنالمىغانىدى. مۇشۇ تاپتا رەنا قەلبى داۋالغۇپ، خىجالەتچىلىكتە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قېلىۋاتاتتى.
ئەركىننىڭ كۆرمەكچى بولغىنىمۇ قىزلارنىڭ تەڭقىسلىقتا قالغان تۇرقى ئىدى، رەنانىڭ تەڭلىكتە قېلىشى ئۇنى ئەرلەردە بولىدىغان خۇشاللىققا ئىگە قىلدى، ئەمما ئەركىن بۇ چاغدا ھېچنېمە قىلالمايتتى، ئۇ رەنانىڭ ئالدىغا كېلىپ چۈمبەلنىڭ سىرتىدىن ئۇنىڭ پېشانىسىگە ئاستاغىنە سۆيۈپ قويدى - دە:
— رەنا، سىز مەن كۆرگەن ئەڭ ياخشى قىز، — دەپ شىۋىرلىدى.
ئەركىن ئاخىر رەنانىڭ چۈمپەردىسىنى ئاچالمىدى، ئۇ پۇرسەت كۈتۈۋاتقانىدى.
رەنا ئەركىننىڭ ئۆزىنىڭ قۇلاق تۈۋىدە پىچىرلاپ قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، پۇتلىرى خۇددى يەرگە مىخلاپ قويغاندەك لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. چوڭ بولۇپ مۇشۇ كەمگىچە، ئۇنىڭ ناتونۇش ئەر كىشى بىلەن يېقىن ئارىلىشىشى تېخى تۇنجى قېتىم ئىدى، مۇنداق ھېسسىيات ئۇنىڭغا نىسبەتەن شۇنداق شېرىن تۇيۇلغانىدى! ئۇنىڭ مۇشۇ چاغلىرى مۇھەببەتكە ئىنتىلىدىغان، خام

خىياللارنى تولا قىلىدىغان پەسلى ئىدى، ئەركىنىنىڭ ئۇنى ئاستا سۆيۈپ قويغانلىقى، ئۇنىڭغا ئۈيلىنىغانسېرى قىزىق تۇيۇلدى.

شۇ كۈنى كېچىسى رەنا ھېلىقى «ئەزىمەت دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ» دېگەن كىتابنى ئوقۇپ بولدى. بۇ قەھرىمان بىلەن ساھىبجامالنىڭ مۇھەببەت ھېكايىسى ئىدى، رومان ئىنتايىن تەسىرلىك يېزىلغانىدى، ئۇنىڭدا نۇرغۇن روھىي ھالەت، ھېسسىيات ۋە جىنسىيەت تەسۋىرى بار ئىدى.

رەنا كىتابتىكى پېرسوناژلاردىن قاتتىق تەسىرلەندى. ئۇ بۇ ھېكايىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇزاققىچە تىنچلىنالمىدى، قانداقمۇ تىنچلىنالىسۇن دەيسىز؟ قامەتلىك ھەم سىرلىق بىر ئەر كىشى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قالغانىدى، ئۇ چۈشلەردە كۆرىدىغان مۇھەببەت ئەلچىلىرىگە نەقەدەر ئوخشايدۇ ـ ھە! ئۇ كۈندۈزى يۈز بەرگەن ئىشلارغا ئىشىنىشكە زادىلا پېتىنالمىدى، ئەركىنىنىڭ ئۆزىنى سۆيۈپ قويغانلىقىنى قايتا ـ قايتا ئەسكە ئېلىپ، ئەركىن دېگەن بۇ كىشىنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن سۆيگەنلىكى ياكى ئادەت كۈچىدىن سۆيگەنلىكىنى پەرقلەندۈرەلمىدى.

ئەركىنىنىڭ دادىللىق بىلەن سۆيۈشى رەنانىڭ ھېسسىياتىنى قوزغىۋەتتى، ئۇ ئۆزى چۈشەنمەيدىغان بۇ ئەر كىشىگە ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوقلا ئاجايىپ تېزلىك بىلەن مەپتۇن بولۇپ قالدى، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئاشۇ پەيتتە، ھەتتا ئۇنىڭ قانچە ياشقا كىرگەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى، ئۇنىڭ ياخشى كۆرۈپ قېلىشقا ھېچقانداق ئاساسى يوق ئىدى. ئۇدا ئۈچ كېچىگىچە رەنانىڭ زادىلا ئۇيقۇسى كەلمىدى، ئۇ تاكى تاڭ ئاتقۇچە تامدىكى گىلەمگە كۆزىنى پارقىراتقىنىچە قاراپ ياتتى. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ئەركىننى تەقەززالىق بىلەن كۆرگۈسى كەلدى، ھەمىشە: «ئەركىن نېمىشقا ماڭا بۇ كىتابنى ئوقۇشنى تاپشۇرىدىغاندۇ؟ ئۇ ئۆزىنى كىتابتىكى ئاشۇ ئەر باش قەھرىمان دېمەكچىمىدۇ؟ ئۇنداق بولسا، مەن كىتابتا ئەر باش قەھرىمان بىلەن مۇھەببەت باغلىغان قىز بالا بولۇشۇم كېرەك» دەپ قىياس قىلدى.

بىراق، قىز بالىنىڭ مۇھەببەتكە تولىگەن بەدىلى بەك چوڭ

ئىكەن، ئاخىرى ئۆلۈپ كېتىدىكەن ئەمەسمۇ. ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، رەنا پۈتۈن بەدىنى توڭلاپ كېتىۋاتقاندەك، بىر خىل شۈملۈق تۇيغۇسى بىردىنلا يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقاندەك ھېسسىياتتا بولدى، ئۇ ئۆزىنى ئۇخلاشقا، بۇ ناتونۇش ئەر كىشىنى قايتا ئويلىماسلىققا مەجبۇرلىدى، ئەمما بۇنى ئىشقا ئاشۇرالماي، مەۋھۇم مۇھەببەتكە مەستانە بولدى...

## 6

توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئەركىن «قۇرئان كەرىم»نى ھەقىقىي تۈردە پىششىق بىلمەيتتى، تەقۋادار مۇسۇلمانمۇ ئەمەس ئىدى، پەقەت دىنىي ۋاستىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ سىياسىي مەقسىتىگە يېتىشكىلا قىزىقاتتى. ئەركىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بوستان شەھىرىدە تۇغۇلغانىدى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىسمى سابىر ئىدى، ئەركىن ھازىرقى يالغان ئىسمى بولۇپ، بوستان شەھىرىنىڭ نوپۇس كارتىسىدىن «ئەركىن» دېگەن بۇ كىشىنى پۈتۈنلەي تاپقىلى بولمايتتى. 1983 ـ يىلى ئۇ شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتى، مەكتەپتىكى مەزگىلىدە ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىش ئىستىكى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى، ئۇ ئۆزىنى مەركەز قىلىدىغان ئادەم ئىدى، كېيىن چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئوقۇغۇچىلارنى باشلاپ جېدەل چىقارغانلىقتىن مەكتەپتىن ھەيدەلگەنىدى.

ئەركىن ھەيدەلگەندىن كېيىن ناھايىتى غەزەپلەندى، ئۆزىنى قالتىس ئادەم، چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان ئادەم، مۇشۇنداقلا تۈگىشىپ كېتىشىم مۇمكىن ئەمەس، دەپ ھېسابلىدى. ئەمما، ئۆزىنىڭ نېمە قىلالايدىغانلىقى، نېمە قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا بولسا ئۇنىڭمۇ كۆڭلىدە سان يوق ئىدى، ئەڭ ياخشىسى چەت ئەلگە چىقىپ چوڭ زەردار بولسۇن ياكى شتات باشلىقى بولۇشقا ئېلىشىپ باقسۇن، بۇ ئېھتىماللىقنىڭ بولۇشىغىمۇ بىرنېمە دەپ بولمايدۇ! ئەركىن ھەممىشە قول يەتمەيدىغان خام خىيال بىلەن رېئاللىقنى ئارىلاشتۇرۇپ قوياتتى.

ئەركىن جەمئىيەتتىكى ئايرىم ئۇچىغا چىققان دىنىي ئۇنسۇرلارنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقى، يەنە كېلىپ چېگرا سىرتىدا ئۇلارغا ياردەم بېرىدىغان كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى خىرە ئاڭلىدى. مۇنداق خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئەركىن ئىنتايىن خۇشال بولدى: بۇ، چەت ئەلگە چىقىشىنىڭ قالتىس ياخشى يولىغۇ؟ ئۇ ئاشۇ بىرنەچچە ئەسەبىيلەشكەن دىنىي ئۇنسۇرغا ئاڭلىق يوسۇندا يېقىنلىشىشقا باشلىدى. بارا - بارا، ئۇ دىنىنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر ئىش ئىكەنلىكىنى بايقىدى.

ئاشۇ چاغلاردا، ئۆيدە بىكار يۈرۈۋاتقان ئەركىن ھەمىشە مەسچىتنىڭ يېنىدا ئۇ ياقتىن - بۇ ياققا سوكۇلداپ يۈردى. بىر كۈنى ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقان كۆرۈنۈشىنى بىر قېتىم ئەستايىدىللىق بىلەن كۆرۈپ چىقىپ، توساتتىنلا مۇنداق مۇراسىمنى ياقتۇرۇپ قالدى. كېيىن تەرەققىي قىلىپ، جۈمە نامىزىغا بېرىشنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. شۇ كۈنى نەچچە مىڭلىغان مۇسۇلمان نامرات ياكى باي، قېرى - ياش دېمەي ئەڭ ئىخلاسمەنلىك بىلەن مەسچىتكە قاراپ ئاقاتتى. ئۇلار ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشماي، ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە قىبلىگە قاراپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆزى ئېلىپ كەلگەن يىپەك جايناماز ياكى بىر پارچە يالتىراق سېلىنغانىدى، ئاۋاز كۈچەيتكۈچنىڭ يۇقىرى ئاۋازلىق كانىيىدىن ئاخۇنۇمنىڭ جاراڭلىق قىرائەت ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەنلا مۇسۇلمانلار بەس - بەستە يۈكۈنۈپ، ئىززەت - ئىكرام بىلەن سەجدىگە چۈشەتتى، يەنە تەكشى ئورنىدىن تۇرۇشاتتى، ھەرىكىتىنى مۇشۇ تەرىقىدە 20 مىنۇت تەكرارلايتتى، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنىڭ رەتلىك ۋە بىردەكلىكى ئەركىننى ھەيران قالدۇردى.

ھەر قېتىم مۇشۇنداق چاغدا، ئەركىننىڭ قەلبىدە بىرپەسكىچە بويسۇندۇرۇش ئارزۇسى بىلەن داھىي بولۇش ئىستىكى قوزغىلىپ كېتەتتى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ قالتىس ئىش ئىكەن، يۇقىرىدا تۇرغان ئاشۇ داموللامنىڭ ئارمىيىدىكى باش قوماندان شۇنداقلا پادىشاھ ۋە زۇڭتۇڭلار بىلەن نېمە پەرقى بولسۇن؟ ئۇنىڭ مەسچىتتىكى ئاخۇنۇمغا ئىچى تارلىقى كەلدى. ئۇ بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئاشۇ ئورۇن مېنىڭ بولىدۇ، دەپ ئويلىدى.

ئەركىن ئۆزىنىڭ تۇيماي بىر خىل غايىگە يەنى مۇسۇلمانلارنى بويسۇندۇرۇش، ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش، باشقىلارنىڭ ئۇستىدە تۇرىدىغان ئادەم بولۇش خىيالىغا پېتىپ قالغانلىقىنى بايقىدى.

ئەركىن پۇرسەتپەرەسلىك ۋە مەنپەئەتپەرەسلىك روھىي ھالىتىدە ئىسلام دىنىغا دائىر نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇدى. ئۇ دىنىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى يەڭگىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىرادىسىنى تىزگىنلىيەلەيدىغانلىقىنى بايقىدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئاجايىپ كۈچكە ئەگىشىپ ھەم ئۇنى ئىسكەنجىگە ئېلىش قارارىغا كەلدى.

ئەركىن بوستان شەھەرلىك مەسچىتتىكى ئىبراھىمغا تاۋاپ قىلىپ كەلدى. ئۇ ئىبراھىمنىڭ بوستان شەھىرىدە ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ مەككىگە ھەج تاۋاپ قىلغىلى بارغان بىردىنبىر كىشى ئىكەنلىكىنى ئىگىلىدى.

ئەركىن ئىبراھىمنىڭ ئالدىغا ئەسلىي ئۇنىڭدىن «قۇرئان كەرىم» دىن تەلىم ئالغىلى بارغانىدى. ئەمما ئىبراھىمنىڭكىدە تۇنجى قېتىم ئۆزى چۆچۈپ كەتكۈدەك گەپلەرنى ئاڭلىدى: «مەن ھەم گومىنداڭ بىلەن ھەمكارلاشقان، ھەم كومپارتىيىنىڭ تۈرمىسىدە ياتقان؛ مەن گومىنداڭنىمۇ يېڭەلمىدىم، كومپارتىيىنى تېخىمۇ يېڭەلمىدىم. ھازىر پەقەت دىنغا تايىنىپ كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى تىزگىنلەپ، مېڭىسىنى قوراللاندۇرغاندىلا ئاندىن مىللەتىمىز مۇستەقىللىقىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلىشىمىز مۇمكىن. شۇڭا مەن سېنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ كومپارتىيە بىلەن كۈرەش قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. بىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىمىز سەندەك ياشلارغا تايىنىدۇ، مېنىڭ سەندىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم ناھايىتى چوڭ، مېنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقۇمنى ئادا قىلالامسەن؟

ئەسلىدە ئىبراھىم مەسچىتنى بازا قىلىپ، بىر تۈركۈم ئۈچىغا چىققان دىنىي ئۇنسۇرلارنى ئۆز يېنىغا تارتقانىدى، ئۇ دىنىي تونغا ئۇرۇنۇۋېلىپ مىللىي ئۈچمەنلىكنى تەرغىب قىلاتتى، ماھىيەتتە سىياسىي بىلەن ھەپىلىشەتتى. بۇ، ئەركىننى خۇشال قىلدى، ھايت - ھۇيت دېگۈچىلا ئۇنىڭ بىلەن ئەركىن ئوتتۇرىسىدىكى

ئارىلىق يوقىدى. ئۇلار بىر يولدىكى ئادەملەر ئىدى. ئۇ ئىبراھىم-
نىڭ ئىلتىپاتىدىن مىننەتدار بولۇپ:
— بۈگۈندىن باشلاپ سىز مېنىڭ يولباشچىم، — دەپ قە-
سەم قىلدى.
— سەن مېنى ئىزدەپ كەلگەن تۈنجى كۈنىلا، مەن سېنىڭ
ئادەتتىكى تالىپلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىڭنى بىلىۋالغانىدىم، شۇڭا
سېنى ئالاھىدە كۆزەتتىم، سېنىڭ غەرىزىڭ باشقا ئىكەن. مەن
خېلى بۇرۇنلا باغرىمنى ئېچىپ سېنىڭدەك ياشلارغا تەشنا بولغانى-
دىم، سېنىڭ ماڭا ياردەمچى بولۇشۇڭغا موھتاجمەن، يەنە كېلىپ
سەنمۇ مېنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشىمگە موھتاجسەن. بىز
مىللىتىمىزنىڭ مۇستەقىللىقتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشى ئۈچۈن
بىرلىكتە كۈرەش قىلايلى، — دېدى ئىبراھىم.
— مۇئەللىم، مىللىي مۇستەقىللىق بىلەن شۇغۇللىنىش
ئاسان ئىش ئەمەس، مەن پۈرسەتنى قانداق ئىزدىسەم بولار؟ —
دېدى ئەركىن تەقۋادارلىق بىلەن ئۇستازىدىن يېتەكچىلىك قىلىشنى
ئۆتۈنۈپ.
ئىبراھىم ئۇنىڭغا مۇنداق يول كۆرسەتتى:
— «شەرقىي تۈركىستان» دىن ئىش باشلاپ. بىزنىڭ
ئاتا - بوۋىلىرىمىز كىم؟ تۈركلەر. تۈركلەر قەيەرگە مەركەزلەش-
كەن؟ ئوتتۇرا ئاسىياغا! بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلار، بىز كوم-
پارتىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئۆزىمىزنىڭ مىللىتىنى ئازاد قىلى-
شىمىز كېرەك. سەن مۇستەقىل بولۇش تەس دېدىڭما؟ مېنىڭچە
تەس ئەمەس. قۇدرەتلىك ئىقتىسادىي يۆلەنچۈك ۋە بەزى دۆلەتلەر-
دىكى دوستلارنىڭ جامائەت پىكرى جەھەتتىكى قوللاپ - قۇۋۋەتلە-
شى بولسىلا، بىز چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمىز. ئېسىڭدە بول-
سۇن، «شەرقىي تۈركىستان» دىن ئىبارەت مۇشۇ مىللىي ھېسسى-
يات بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان
دۆلەتلەرگە بېرىپ مەدەت تىلىسەك، ھەل قىلغىلى بولمايدىغان
مەسىلە يوق.
شۇ چاغدا، ئىبراھىمنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ «قۇرئان كە-
رىم» ئۆگىنىۋاتقانلاردىن قەشقەردىن كەلگەن ئالىم، بوستانلىق

يېزىسىدىن كەلگەن ياسىن قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇلارمۇ ئەركىنگە ئوخشاشلا ئايەت ئۆگىنىش مەقسىتىدە كەلگەن، ئەمما ئىبراھىم ئۇلارغا مىللىي مۇستەقىللىق ئىدىيىسىنى سىڭدۈرۈپ، ھەربىرىنى كەم - كۈتىسىز مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى.

ئەركىن ئىز - دېرەكسىز يوقالغاندىن كېيىن، ئاتىسى ئۇنى نەمۇنە ئىزدىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ ئىبراھىمنىڭكىدە قۇرئان ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئىبراھىمنىڭكىگە ئىزدەپ بېرىپ، ئوغلىغا ئۆيگە قايتىپ كېتىش ھەققىدە نەسىھەت قىلدى. ئەركىن بىر قارارغا كېلىپ بولغاچقا ئاتىسىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىدى. ئاتىسى خاپىچىلىقتا ساراڭ بولۇپ قالدى.

1986 - يىلى ئەركىن ئالىم قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىللە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاتۇش ساقچىخانىسىغا زورلۇق بىلەن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش دېلوسىغا قاتناشتى، ساقچىلار بىر تۈركۈم مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنى قولغا چۈشۈردى، ئىبراھىمنىڭ يەنە بىر مۇرتى ئالىم ئۈچ يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى، ئەمما ئەركىن توردىن چۈشۈپ قالدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەركىن ئىبراھىمنىڭ خۇپىيانە ياردەم قىلىشى ئارقىسىدا چېگرا سىرتىغا قېچىپ كېتىپ، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار بىلەن تىل بىرىكتۈردى ھەمدە «شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق تەشكىلاتى» غا قاتناشتى. بۇ تەشكىلاتنىڭ كەينىدە غەربتىكى مەلۇم چوڭ دۆلەت بار ئىدى. مەزكۇر تەشكىلات ئاساسەن «ئۆيگىنىش» نى تەرغىب قىلىپ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن باشلاپ تۇتۇش، «مۇستەقىللىق» تىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى مۇشۇ ئەۋلادتىن باشلاپ كېيىنكى ئەۋلادلاردا ئىشقا ئاشۇرۇش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇ ئارىلىقتا ئەركىن غەربتىكى مەلۇم چوڭ دۆلەتنىڭ ياردىمىدە ئاۋۋال ئىسلام ئىنستىتۇتىغا بېرىپ ئىككى يىل قۇرئان ئوقۇدى، ئاندىن يەنە بىر يىل زوراۋانلىق - تېرروررلۇق تەلىم - تەربىيىسى قوبۇل قىلدى.

ئەركىن تەلىم - تەربىيە ئېلىۋاتقان چاغدا، ئالىممۇ تۈرمىدىن چىقتى، ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئاستىرتىن ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا A

دۆلەتكە قېچىپ بېرىۋالدى. ناھايىتى تېزلا «A دۆلەت ھۆكۈمەت ئارمىيىسى» نىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى، يەنە «A دۆلەت ھۆكۈمەت ئارمىيىسى» ئارقىلىق چوڭ باي توساي بىلەن تونۇشتى، توساينىڭ ياردىمى بىلەن چېگرا سىرتىدىكى شىنجاڭلىق مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنى توپلاپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» نى قۇردى، ئۆزىنى ئۇنىڭ باشلىقى دەۋالدى. ئۇ تېگى كۆك، ئۈستىگە ھىلال ئاينىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن بايراقنى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» نىڭ بايرىقى قىلدى.

ئەركىن ئۆزى كىرگەن «شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق تەشكىلاتى» نى گەپلا قىلىپ ئىش قىلمايدىغان تايىنى يوق تەشكىلاتىم دەيتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە: ئەتىدىن كەچكىچە نەزەرىيە سۆزلەيدىغان، تارىخ سۆزلەيدىغان، ساپا تەربىيىسى ھەققىدە سۆزلەيدىغان تەشكىلاتنىڭ ئىسلام دۆلىتى قۇرۇپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس، بۇ بىر ساراڭلارچە جۆيلۈش، ئاغزىدا شەھەر ئېلىش، دەرۋازىغا قارىماي ھارۋا ياساشقۇ؟ مۇستەقىللىق نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا زوراۋانلىق بىلەن قورال ئىشلىتىشلا مەسىلىنى ھەل قىلالايتتى. ئۇ ئەزەلدىنلا زوراۋانلىقنى قەدىرلەيتتى، شۇڭا A دۆلەتكە چۆرگىلەپ بېرىپ، ئالىمنىڭ تەشكىلاتىغا پاناھ تارتىپ كىردى، ئالىم ئۆزلىرىنىڭ ئېغىر كۈنلەردە بىللە بولغانلىقى، يەنە ئىبراھىمنىڭ شاگىرتى بولغانلىقىنىڭ يۈزىنى قىلىپ، ئەركىننى مۇئاۋىن باشلىق بولۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئەمما بىرنەچچە يىل بىللە ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ ئىككىسىمۇ ئايرىلىپ كەتتى. سەۋەبى شۇكى، ئەركىن ئالىمنى ياراتمايتتى، ئۇنى مەدەنىيەتسىز، تاكتىكا ۋە ئىستراتېگىيىنىمۇ بىلمەيدۇ، يەنە كېلىپ قېنى قىزىق، دەپ ئويلايتتى. ئۇ ئاساسەن شىنجاڭ چېگرىسىدىكى ئاخباراتلارنى سېتىشقا تايىنىپ غەربتىكى مەلۇم چوڭ دۆلەتتىن خىراجەت ۋە قورال جەھەتتىكى قوللاشقا ئېرىشەتتى، شۇنىڭدەك A دۆلەتتىكى توساي ئۇنى ئۈچ ھەربىي تېررورلۇق تەلىم - تەربىيە لاگېرى بىلەن تەمىنلىگەنىدى.

ئەركىن ئالىمنى يەنىلا ئىش تەۋرىتەلەيدىغان نەرسە ئەمەسكەن، ئۇنىڭ تەشكىلاتىمۇ شۇنچىلىكلا بىر ئىشكەن، ئۇنىڭدىكىلەر ئىتتەك دوقۇرۇپ، چىۋىندەك بېزىرىپ يۈرىيدىغان، بىر - بىرىنى

قەستلەيدىغان، نام ـ مەنپەئەت تالىشىپ ئۆتىدىغان نىمىلەر ئىكەن دەپ ھېسابلىدى. شۇڭا ئۇ دۆلەتكە قايتىپ تېررورلۇق پائالىيىتى-نى ئاساسلىق كۆرەش ۋاستىسى قىلىپ، مۇستەقىللىق مەقسىتى-گە يېتىش قارارىغا كەلدى. مىلتىقتىن ھاكىمىيەت چىقىدۇ، شىنى-جاڭدا يېڭى بىر زېمىن ئاچىمەن، دەپ قەسەم ئىچتى.

ئالىمدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى ئەركىن ئېلېكترونلۇق يوللانما ئارقىلىق غەربتىكى مەلۇم چوڭ دۆلەتنىڭ مەخپىي تەشكى-لاتى بىلەن ئۆز ئالدىغا ئالاقىلەشكەن، يەنە كېلىپ غەربتىكى مەلۇم چوڭ دۆلەتنىڭ مەخپىي تەشكىلاتىمۇ ئەركىننىڭ چېگرا ئىچىگە سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىپ تېررورلۇق پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشىنى قوللاشنى قارار قىلغان ھەمدە ئەركىن چېگرا ئىچىدە ئىشنى چىراي-لىق پۈتتۈرسىلا، ئۆزلىرىنىڭ ئامال قىلىپ نۇرغۇن پائالىيەت راسخوتى ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغانىدى.

# تۆتىنچى باب

## 1

بىر يىللىق جىددىي ئەمما ئەھمىيەتلىك ئۆتكەن ساقچىلىققا ئۆتۈش تەلىم ـ تەربىيىسى ئاخىرلاشتى. شۇ كۈنى چۈشتىن ئاۋۋال ۋاڭ لۇ ياتىقىدا كىيىم ـ كېچەكلىرىنى رەتلەۋاتاتتى، قارىغا ئېتىش ئوقۇتقۇچىسى ئىشكىنىڭ سىرتىدا ئۇنىڭغا قول ئىشارىسى قىلىپ، ئۇنى ئوقۇتۇش ئىشخانىسىغا كىرىپ تېلېفون ئېلىشقا چاقىردى. ۋاڭ لۇ ھاڭ ـ تاڭ قالدى: ئۇنى ئىزدىگەن كىمدۇ؟ ئاتىسىمىدۇ؟ مۇمكىن ئەمەس. ئانىسىمىدۇ؟ تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ما تيەنمۇمىدۇ؟ بۇ پۈتۈنلەي چۈش كۆرگەنلىك. زادى كىمدۇ؟ ۋاڭ لۇ يۈگۈرگىنىچە بېرىپ تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى، قارشى تەرەپ قىسقىچىلا ئۆزىنى تونۇشتۇردى:

— مەن جۇڭ چېڭ.

بۇ ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىغانىدى.

ئىدارە باشلىقى جۇڭ چېڭنىڭ ۋاڭ لۇنى بىۋاستە چاقىرىشى ئۇنى ناھايىتى ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى. جۇڭ چېڭ:

— ئۇچىڭىزدا قانداق كىيىم بار؟ — دەپ سورىدى.

— ساقچى كىيىمى! — دېدى ۋاڭ لۇ جاۋابەن.

جۇڭ چېڭ ۋاڭ لۇغا ئىخچاملا:

— كونا كىيىمدىن ئىككىنى تېپىپ، تاغدىن دەرھال چۈشۈپ، مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭ، — دېدى. ئۇ تېلېفوننى قويۇۋەتتى. ۋاڭ لۇ ئازراق بىرنېمىنى سەزدى، ئەمما ئۇ تەجرىبىسىز ئىدى.

ۋاڭ لۇ تاغدىن چۈشتى، ئۇنىڭ كەينىدە سىرلىق كۈيلۈن تاغلىرى ۋە كىشىلەر ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغان كۈنلەر قالدى، ئۇ ئەزەلدىن بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ باقمىغان باشقا بىر خىل تۇرمۇشنى

باشلىۋەتتى.
جوڭ چېكىنىڭ ئىشخانىسىنى ئىتتىرىپ ئاچقان ۋاڭ لۇ داڭ قېتىپ قالدى، ئۆيگە لىققىدىلا كەلگەن بىر توپ كىشى بىر ئۇس- تەلنى چۆرىدىگىنىچە قانداقتۇر بىر نەرسىنى مۇزاكىرە قىلىۋاتات- تى. ۋاڭ لۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان جوڭ چېك بىلەن چېن دامودىن باشقىلىرىنى پۈتۈنلەي تونۇمايتتى. «لىققىدە» دېگە- نىمىز، ۋاڭ لۇنىڭ تەسىراتى ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۆيدە يەتتە - سەككىزلا ئادەم بار ئىدى، جوڭ چېكىنىڭ ئىشخانىسى تارراق، كىرگەن ئادەم كۆپرەك بولغانلىقتىن لىق كۆرۈنەتتى؛ ئۇنىڭ ئۇس- تىگە ئۆيدىن تارقىلىپ كېتەلمەيۋاتقان ئىس - تۈتەكلەر بوشلۇقنى ئىگىلىۋالغانىدى. ۋاڭ لۇ جوڭ چېكىنىڭ ئاغزىدا تاماكا قالدۇقى يوقلۇقى، ئۇنىڭ تاماكا چەكمەيدىغان ئەر كىشى ئىكەنلىكىگە دىق- قەت قىلدى. جوڭ چېك بېشىنى كۆتۈرۈپ ۋاڭ لۇغا لەپپىدە قارىدى - دە، بېشىنى سەل - پەل لىڭشىتىپ قويدى، ئاندىن ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان چېن داموغا:
— دامو، سىلەر مېڭىۋېرىڭلار، — دېدى.
چېن دامو قول سومكىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ۋاڭ لۇغا قاراپ كەلدى.
— لەيلىگە تېلېفون قىلغىلى ماڭدىڭما؟ — چاچلىرى شالاڭ، دوغىلاق كەلگەن يالقۇن چىرايىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ چاقچاق قىلدى.
— ئىشقىلىپ خوتۇنۇمغا تېلېفون ئۇرۇشنى ساڭا ھاۋالە قىلالمايمەن، گەپ سېنىڭ ئاغزىڭغا چىقىپلا قالسا بۇزۇلىدۇ، — دامو يالقۇننىڭ سوئالىدىن، شۇنداقلا قەستەنگە سوزغان پۈتىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ كەتتى، يالقۇن بۇنىڭغا ئۇلاپلا:
— ئۇنداق بولسا ئۆزۈم خالىغانچە كىرىپ كېتىۋې- رىمەن، — دېدى.
كۆپچىلىك قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.
جوڭ چېك ھوشيارلىق بىلەن چېن دامونىڭ كەينىدىن ۋارقى- رىدى:
— تېلېفون ئۇرۇپ يۈرمە، باشقىلار لەيلىگە سېنى ئىچكىرد-

گە كاماندىروپكىغا كەتتى، دەپ قويسۇن.
ۋاڭ لۇ كۆڭلىدە جۇڭ چېڭنىڭ پوزىتسىيىسىنى دەڭسەپ كۆردى: ئۆيگە تېلېفون ئۇرغىلى بولمىغۇدەك قانداق ئىشتۇ ئۇ؟
چېن دامو ۋاڭ لۇ بىلەن قول ئېلىشىپمۇ يۈرمىدى، ئۇ ۋاڭ لۇنى ئىشىكنىڭ سىرتىغا باشلاپ چىقتى ـ دە، ۋاڭ لۇنىڭ قولىدىكى كونا كىيىمنى كۆرستىپ، مۇلايىملىق بىلەن:
ــ ئالماشتۇرۇۋېلىڭ، ۋاقىت قالمىدى، ــ دېدى.
ۋاڭ لۇ دەرھال كۆڭلىكىنى ئالماشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەردى.
ــ بۇنىڭدىنمۇ كونىراقى يوقمىكەن؟ ــ چېن دامو ۋاڭ لۇ تېپىپ كەلگەن كونا كىيىمدىن نارازىدەك تۇراتتى، ئۇ كونا كىيىمنى ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى ئۆلچەم بويىچە ئۆلچەۋاتاتتى. ئۇ ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ:
ــ يۈرۈڭ، نازارەتخانىغا بېرىپ كېلەيلى، ــ دېدى.
يولدا چېن دامو ئەستايىدىللىق بىلەن ۋاڭ لۇغا مۇنداق دېدى:
ــ باشلىقىمىز جۇڭ چېڭ ماڭا سىزنى ئېلىپ مەخپىي ۋەزىپە ئىجرا قىلىپ كېلىشنى تاپشۇردى، ئۇ بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن جەزمەن چىقالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىدىكەن.
ۋاڭ لۇ «مەخپىي» دېگەن سۆزنى ئاڭلىشى بىلەنلا دەرھال روھلىنىپ كەتتى.
دامو ماشىنىسىنى ھەيدىگەچ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى:
ــ تۈنۈگۈن، ج خ چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتى دۆلەت بىخەتەرلىك ئورۇنلىرىدىن كەلگەن مەخپىي بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋېلىپ، چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتىدىن شۇ كۈنى چېگرىدىن كىرىدىغان كىشىلەرنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى جەزمەن ئەستايىدىللىق بىلەن تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىپتۇ. نەتىجىدە، چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش خادىملىرى چېگرا ئېغىزىدا يۈك ماشىنىلىرىنى تەكشۈرگەندە تېلېۋىزور قاچىلانغان بىر ساندۇقتىن بېرىنتا ماركىلىق توققۇز مىللىمېتىرلىق يەتتە تاپانچىنى تەكشۈرۈپ تېپىۋاپتۇ. قورال ـ ياراغلارنى بىللە ئېلىپ يۈرگەنلەر ئۆزلىرىنى سودىگەرچىلىك قىلىمىز دەۋالغان ئىككى كىشى ئىكەن، ئۇلار

ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى پەملەپ دەرھال قېچىپتۇ. چېگرا مۇداپىئە
ج خ خادىملىرى ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئوق چىقىرىپ قوغلاپ، نەق
مەيداندىلا بىرىنى ئېتىۋېتىپ، بىرىنى قولغا چۈشۈرۈپتۇ. قولغا
چۈشكەن ئەبلەخنىڭ ئىسمى ئۆمەر ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر يىل
ئاۋۋال غەيرىي يول بىلەن چېگرا سىرتىدىكى تېررورلۇق تەشكىلاتى-
غا پاناھ ئىزدەپ بارغانلىقى، پەۋقۇلئاددە تەلىم - تەربىيە قوبۇل
قىلغانلىقى، ئۇرۇش مەيدانىغىمۇ ئەۋەتىلگەنلىكىنى تاپشۇرۇپتۇ.
بۇ قېتىم چېگرا سىرتىدىكى تېررورلۇق تەشكىلاتى ئۇنىڭغا چېگرا
ئىچىدىكى بىر مەخپىي تەشكىلاتقا قورال - ياراغ يەتكۈزۈپ بېرىش،
شۇنىڭ بىلەن بىللە، تېررورلۇق پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا
ھازىرلىق كۆرۈشنى تاپشۇرغانىكەن. ئۇلارنىڭ تېررورلۇق پىلانى
نېمە؟ ئۇلار كىم بىلەن ئالاقىلەشمەكچى؟ نېمە ئىشلارنى قىلدى؟
بۇنىڭدىكى بۆسۈش ئېغىزى تېخى ئېچىلماپتۇ، ئۆمەرنىڭ كەيپىياتى
ناھايىتى تۇراقسىز ئىكەن، دېلو تويۇق يولغا كىرىپ قاپتۇ. ئىك-
كىمىزنىڭ ۋەزىپىسى كامېردا ئۇنىڭ بىلەن تاماقتا، يېتىپ -
قوپۇشتا بىللە بولۇش، ئۆمەرنىڭ ئۆلۈۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئې-
كەن، تا سوراقتا بۆسۈش ھاسىل قىلغۇچە تۇرىدىكەنمىز، قورقام-
سىز؟

— قورقمايمەن، — بۇ ئىش توساتتىنلا يۈز بېرىپ، كاللى-
سىدا سەل بۇرۇلۇش ياسىيالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ۋاڭ لۇ يەنىلا
تەمكىنلىك بىلەن ۋەدە قىلدى. دامو ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ:

— تۇنجى قېتىم ۋەزىپە ئىجرا قىلغاندا، مەنمۇ خېلى جىد-
دىيلەشكەنىدىم، ئۇنىڭدىن كېيىن ئانچە تەسىر قىلمايدىغان بولۇپ
قالدى، — دېدى.

راستىنى ئېيتقاندا، ۋاڭ لۇ ھەقىقەتەن قورقمىدى. چۈنكى
ئۇ ھەربىي ئائىلىسىدە تاۋلىنىپ چىققان - دە.

— ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئۇنى سوراققا چاقىرغان چاغدىلا
بىزگە بىرەردەم ئارام بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا چاغلاردا كۆزىمىز
روشەن، قۇلىقىمىز دىڭ بولۇشى كېرەك! — دېدى دامو ۋاڭ
لۇغا جېكىلەپ.

# 2

ماشىنا نازارەتخانىغا كىرىپ كەلدى. ۋاڭ لۇنىڭ مۇنداق جايغا تۇنجى قېتىم كېلىشى ئىدى. نازارەتخانىنىڭ دەرۋازىسى ئۇنىڭغا ئېچىلغان پەيتتە، ئۇنىڭ كاللىسىغا تـوساتتىنلا يېقىندا كۆرگەن ج خ تېمىسىدىكى بىر تېلېۋىزىيە تىياتىرى كەلدى، ئۇنىڭدا ھەمىشە جىنايەت گۇماندارىنى نازارەتخانىغا يالاپ كىرىۋاتقان كۆرۈنۈش چىد-قاتتى. ئەمدى بۇ يەرگە ۋاڭ لۇمۇ كىردى. يوشۇرۇن خادىم سۈپىتىدە كىرىپ كەلدى، ئۇ ئادەمنى مۇنداق جىددىيلىككە سالىدى-غان ئىشلارنى ياقتۇراتتى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىشنى بىرنەچچە يىلەنلا ئۇقاتتى، ئۇ مەڭگۈلۈك مەخپىيەتلىك سۈپىتىدە ۋاڭ لۇنىڭ ھاياتىدا سىرلىق بىر سەھىپە قالدۇراتتى.

نازارەتخانا باشلىقى چىرايىدا ھېچقانداق ئالاھىدىلىكى يوق ئادەم ئىدى، ۋاڭ لۇ ئۇنىڭ ئاۋازىنى پەسەيتىپرەك سۆزلەيدىغانلى-قىنىلا ئېسىدە تۇتۇۋالدى، ئۇ مۇنداق دېدى:

— كەچلىك خەۋەرلەردىن كېيىن بىرەردەم مۇزىكا ئاڭلىتى-لىدۇ، ئون يېرىمدا تازىلىق باشلىنىدۇ، ئون بىر يېرىمدا ئۇخلاي-سىلەر. ئەتىگەن سائەت سەككىزدە ئورنۇڭلاردىن تۇرىسىلەر، يوت-قىنىڭلارنى رەتلىك يىغىشىڭلار كېرەك. ئېسىڭلاردا بولسۇن، سى-لەر دېگەن جىنايەتچى، ئىشنى جىنايەتچىلەرگە ئوخشىتىپراق قى-لىڭلار.

كەچقۇرۇن دامو بىلەن ۋاڭ لۇنى ئىككى نازارەت قىلىش ساقچىسى كامېرغا يالاپ ئەكىرىپ قويدى. بۇنىڭدىن ئاۋۋال، نازا-رەتخانىنىڭ باشلىقى ۋاڭ لۇغا تېخىمۇ كونىراق كىيىم تېپىپ بەرگەنىدى. ۋاڭ لۇنىڭ كەمىرى غايىب بولدى، پۇتىدىكى خۇرۇم ئايىغى سۆرىمە ئاياغقا ئالماشتى، يول ماڭسا پۇتىدىن پالاقلاپ ئاۋاز چىقىدىغان بولدى. ۋاڭ لۇ ياتىدىغان كامېر يوغان كارىدورنىڭ ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ئۆيدە ئىدى، ئۇ چېن دامو بىلەن بېشىنى سالغىنىچە كېتىۋاتاتتى. كامېردىكى جىنايەتچىلەر يېڭى كەلگەنلەرنى كۆرۈشكە ناھايىتى ئامراقتەك قىلاتتى، ئۇلار ئىچى

قارىلىق بىلەن: «ساقچى باشلىقى، يەنە يېڭىلىرى كەلدىما؟ بىز-نىڭكىگە ئورۇنلاشتۇرامسىز؟ سىزگە باشقۇرۇشۇپ بېرىمىز» دەپ ۋارقىرايتتى.

ئادەتتىكى چاغ بولغان بولسا، ۋاڭ لۇ چوقۇم، كۈلۈۋەتكەن بولاتتى، ئەمما بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۈلگۈسى كەلمىدى، چۈنكى كۆڭ-لىدە بېسىم پەيدا بولغانىدى. ئۇ بېشىنى ئىچىگە تىقىپ خىيال سۈرۈۋاتقاندا، كەينىدىن ئۇشتۇمتۇتلا كايىغان ئاۋاز ئاڭلاندى:

— تېزرەك ماڭ، ئەزمىلىك قىلما!

ئۇ ئىختىيارسىزلا كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئۇ يەردە كىمنىڭ چاتاق چىقارغانلىقىغا قاراپ باقتى. لېكىن، ئۇنىڭ كەينىدىكى نازارەتچى ساقچى يەنە ئۇنىڭغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— نېمىگە قارايسەن، سېنى دەۋاتىمەن!

ئەسلىدە ۋاڭ لۇغا ۋارقىراۋاتقانىكەن. بىرمەھەل تەمتىرەش-تىن كېيىن ئۇنى سەل سۇر باستى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ ئىككى نازارەتچى ساقچى ئۇلارنىڭ ھەقىقىي سالاھى-يىتىنى بىلمىگەچكە، ئۇلارنى ھەقىقىي جىنايەت گۇماندارى دەپ قالغانىدى. ۋاڭ لۇ مۇنداق ھۆركىرەشنى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئاڭلاپ، ھەقىقەتەن بىئارام بولدى، ئۆزى كامېرغا قانچە يېقىنلاش-قانسېرى ئىچى شۇنچە بۇرۇقتۇرما بولدى.

كامېرغا مەھبۇس كىيىمى كىيىۋالغان ئىككى كىشى قامالغا-نىدى. ئۇلارنىڭ بىرى 28 ـ 29 ياشلاردا بولۇپ، دوغىلاق، قاۋۇللۇقى بوكس پادىشاھى تايسىنغا ئوخشاپ كېتىدىغان، ئورا كۆز، قاڭشارلىق، تاقىر باش، يۈزىنى كۆكىرىپ كەتكۈچە غىردى-غانىدى، ئۇ كارىۋاتتا يېڭىدىن كىرىپ كەلگەن ئىككى جىنايەتچىگە ياۋۇزلۇق بىلەن تىكىلىپ ئولتۇراتتى. يەنە بىرى 32 ـ 33 ياشلاردا بولۇپ، ئۆزى ئاۋاق، بۇرنى مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەندەك ئىلمەك ئىدى، كىشىگە توخۇ يۈرەكتەك كۆرۈنەتتى. ئۇ مۇشۇ كامېرنىڭ «كامېر باشلىقى» ئىدى.

ئەر كىشى بىلەن ئەر كىشى ئۇچراشسا، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ قارشى تەرەپنى يېڭىش - يېڭەلمەسلىكىگە قارايتتى. ۋاڭ لۇ قارشى تەرەپكە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، دامو ئىككىمىز ئۇلارنى يېڭەلەر-

مىزمۇ؟ دەپ ئويلىدى، ئارقىدىن يېڭىلەيمىز دېگەن يەرگە كەلدى. ۋاڭ لۇ داموغا، دامو ۋاڭ لۇغا قارىدى، ئۇلار ئىككىسى قارشى تەرەپىنىڭ كۆزىدىن ئورتاق بىر خۇلاسىگە كەلدى.

تايىنىغا ئوخشايدىغان كىشى جىمىدە ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ جىمغۇرلۇقىدىن بىر خىل ۋەھشىيلىك چىقىپ تۇراتتى. دامو بىلەن ۋاڭ لۇ بىر - بىرىگە قارىشىۋالدى، ۋاڭ لۇ چۈشەندى، ئۇ چېگرا سىرتىدىن كىرگەن ئالاقىچى ئۆمەر ئىدى.

ئۆمەر كارىۋىتىدا ئۇياندىن بۇيانغا ئۆرۈلۈپ كېچىچە «خېمىر يېيىپ» چىقتى. ئۇ چېگرىدىن چىقىشتىن ئاۋۋالقى ئەھۋاللارنى بىر - بىرلەپ ئەسلىدى. شۇ كۈنى ئالىم ئۇنى تۇرالغۇسىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا: «ھازىر سېنى چېگرىدىن كىرىپ قورال - ياراغ يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئەۋەتىمەن، ئالاقىچىنىڭ كىملىكىنى سورىساڭمۇ بولىدۇ، سېنىڭ ۋەزىپەڭ مالنى يەتكۈزۈپ بېرىش» دېگەنىدى.

چېگرىدىن كىرىشتىن ئاۋۋال، ئۆمەر ھەر خىل يامان تەييارلىقلارنى كۆرۈپ قويغان، ئەمما چېگرىدىن كىرىپلا قولغا ئېلىنىشنى ھەرقانداق قىلىپمۇ ئويلاپ باقمىغانىدى. ساقچىلار قانداق بولۇپ ئېلىۋېلىۋور ساندۇقنى ئېچىش خىيالىغا كېلىپ قالغاندۇ؟ ئۇ ساقچىلارنىڭ قولىدا مېتال بۇيۇملارنى تەكشۈرۈش ئەسۋابىنى كۆرمىگەنىدىغۇ؟ ئاخبارات ئاشكارىلىنىپ قالغاندىمۇ؟ ياكى ئالىم ئۆزىنى ئەتەي قەستلىگەنىدىمۇ؟ لېكىن بۇنىڭغىمۇ ئوخشىمايۋاتىدۇ. ئىشقىلىپ ئۆزى ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى، قارىغاندا، تىرىك چىقىپ كېتىشنى ئويلىمىسا بولغۇدەك. ئۇ ئۆزۈمنىڭ سالامەتلىكىنى ئەينەن تاپشۇرمىسام بوپتىكەن دەپ پۇشايمان قىلدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ تۇتۇلغان چېغىدا ساقچىلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىدىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەنىدى، ساقچىلار نېمىنى سورىسا ئۆزلۈكىدىن شۇنى دېگەنىدى. ساقچىلار ئۇنى بۇ شەھەرگە يۆتكەپ كەلگەندە ئاندىن ئاغزىنىڭ بالا تەرگەنلىكى، بۇنى ئوڭشىۋېلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى.

ئەتىسى ساقچىلار ئۆمەرنى سوراققا ئاچىقىپ كەتتى. ۋاڭ لۇ بىلەن چېن دامو ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ بىردەم ئارام ئېلىۋالماق-

چى بولدى، ئەمما ھەرقانداق قىلىپمۇ ئۇخلىيالمىدى. بۇ يۈكسەك دەرىجىدە جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. يېرىم كۈندىن كېيىن ئۆمەر قايتىپ كەلدى، ئۇ ۋاڭ لۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئەمدىلا دىققەت قىلىۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ:

— سىلەر نېمە قىلىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك مەيدانىدا ئىشلەيمىز، — دېدى جاۋابەن، ۋاڭ لۇ.

— قايسى يېزا ئىگىلىك مەيدانىدا؟ — دەپ سورىدى ئۇ سىناۋاتقاندەك.

— كۈيتۈندە.

— خەنزۇمۇ؟

— بىلەلمىدىڭما؟ — دېدى ۋاڭ لۇ ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ.

— سەن قانداق ئەسكى ئىش قىلغانىدىڭ؟ — ئۇ بويىنىنى قىيسايتىپ سورىدى ۋاڭ لۇدىن.

— پۇلنى دەپ، — ۋاڭ لۇ ئاددىيلا جاۋاب بەردى.

— بۇلاڭچىلىق قىپسەن - دە؟

— ياق، ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىنى ئېلىۋالغانىدىم.

— ھە، يېزا ئىگىلىك مەيدانىنىڭ يانچۇقى قۇرۇپ قاپتۇ؛ سېنىڭ يانچۇقۇڭ توشۇپتۇ. ئەممازە، يەنە قۇرۇپ قاپتۇ، — دېدى ئۇ ۋاڭ لۇنىڭ يانچۇقىنى كۆرسىتىپ قويۇپ، ۋاڭ لۇ پەرۋاسىز قىياپەتتە تۇرىۋەردى.

دامو قاپىقىنى كۆتۈرۈپمۇ قويمىدى.

شۇ كېچىسى تۆتەيلەن داق كارىۋاتتا قاتىرىسىغا ياتتى. ۋاڭ لۇ ئەڭ چەتتە، دامو بىلەن ئۆمەر ئەڭ يېقىن، «كامېر باشلىقى» ئەڭ ئىچىدە ياتتى. ۋاڭ لۇ دامودىن ئەنسىرەپ قالدى.

ئۈچىنچى كۈنى سوراقتىن قايتىپ كېلىپ، ئۆمەرنىڭ چىرايىدا يەنە چۈشكۈنلۈك ئالامەتلىرى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ ناھايىتى غەشلىكى بىلىنىپلا تۇراتتى. ئۇنىڭمۇ بىرنېمە دېگۈسى باردەك قىلاتتى. ئەمما ۋاڭ لۇ بىلەن چېن دامو ئۇنىڭغا قەستەنگە پەرۋا قىلمىدى، ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن «قېنى كىم ئالدىن بەل قويۇۋېتىدىكىن» دەپ ئىرادە سىنىشىۋاتاتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئۆلۈۋېلىش

خىيالىغا كېلىپ قېلىشىنى خالىمايتتى، ئۇنداق بولسا ۋاڭ لۇ بىلەن چېن دامونىڭ ھالى خارابلىشاتتى. ئۇنىڭ ئۆلۈۋېلىشى ياكى باشقا كېلىشمەسلىكلەردىن ساقلىنىشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كىرپىك قاقمىغىنىغا ئۈچ كۈن بولغانىدى. ئۇيقۇ نېرۋىسى قالايمىقانلىشىپلا كەتسە، ئىشتەيمۇ زور دەرىجىدە سۇسلاپ كېتەتتى. ئەمما ۋاڭ لۇ ئۇدا ئۈچ كۈنگىچە يۇتۇش تەس بولغان مۇشۇنداق تاماقنى موكۇلدىتىپ يېيىشكە مەجبۇر بولدى. بولمىسا ئۇ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ سىرتتىكى ئەھۋاللاردىن بىخەۋەر ھالدا مۇشۇ شاپەلاقتەك جايدا تۇرۇۋاتقىنىغا ئۇدا ئۈچ كۈن بولغانىدى، ۋاڭ لۇ ئۆزىنىڭ مەلۇم نېرۋىسىنى ئۇيۇشۇپ قالارمىدىكىن دەپ ئەنسىرىدى.

بۇ ئىشتا توساتتىنلا ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئۈچىنچى كۈنى كېچىدە چېن دامو ئۇشتۇمتۇتلا قورسىقىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ دەپ ۋارقىرىدى، يەنە كېلىپ ئاغرىقنىڭ دەستىدىن كارىۋاتتا ھەدەپ دومىلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ سەۋەبىدىن تۆتەيلەننىڭ ھەممىسى ئۇخلىيالمىدى. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن نازارەتخانىنىڭ دوختۇرى كامېرغا كىرىپ، ئۇنىڭغا دىئاگنوز قويدى - دە، چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ:

— دەرھال كۆتۈرۈپ مېڭىڭلار، كېيىنگە سۈرسەك ئۆلۈم ۋەقەسى كېلىپ چىقىدۇ، — دېدى.

دامونى كۆتۈرۈپ مېڭىشتى، ئۇ ئىشىكتىن چىقىشتىن ئىلگىرى ۋاڭ لۇنىڭ قولىدىن تارتىپ قويۇپ:

— مەن كېسىلىمنى كۆرسىتىپ كېلەي، — دېدى. ۋاڭ لۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، دامونى تېزلا قايتىپ كېلىدۇ دەپ ئويلىدى. قاراڭغۇ چۈشتى، دامو قايتىپ كەلمىدى. شۇ تاپتا، ۋاڭ لۇ ئاندىن ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ھەقىقەتەن ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدى.

دامونىڭ چېكىنىپ چىقىشى تۈپەيلىدىن ۋەزىيەتتە ئۇشتۇمتۇتلا ئۆزگىرىش يۈز بەردى، ھازىر بىر ئادەم ئىككى ئادەمگە تاقابىل تۇرۇشقا توغرا كەلدى. ۋاڭ لۇ جىددىيلىشىشكە باشلىدى. بۇنىڭدا كۈچىنىڭ كەسكىن پەرقلىنىشى بىر سەۋەب ئىدى، ئەگەر ئۆمەر

يەنىلا ئېغىز ئاچمىسا، يەنىلا ئۆزىنىڭ چېگرىدىن كىرىشتىكى پىلا-
نىنى ئېيتماي تۇرۇۋالسا، ۋاڭ لۇ مۇشۇ يەردە ئۆزىنى ئۇپرىتىپ
تۇرىۋېرىشكە مەجبۇر بولاتتى. ۋاڭ لۇ ئۆمەر ۋەيران بولماي تۇرۇپلا
ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ۋەيران بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى.
نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ تۈنجى قېتىم مۇستەقىل ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋا-
تاتتى. ئۇ: چىلڭ تۇر، ئۆتكىلى بولمايدىغان يالقۇن تاغ يوق، دامو
يەنىلا يېنىمدا، ئۇ ماڭا ئاستىرتىن مەدەت بېرىۋاتىدۇ، دەپ ئويلا،
دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە مەدەت بەردى. ۋاڭ لۇ مۇشۇ كۈنلەردە ئۆزىنىڭ
كامېردا خاتىرجەم يېتىشقا جۈرئەت قىلىشىغا يېنىدا دامونىڭ بول-
غانلىقى سەۋەبچى بولغانلىقىنى، بولمىسا ئاللىقاچانلا ھودۇقۇپ
قالىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى.

دامونى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتكەندە ئۆمەر سوراققا تارتىلىۋاتات-
تى، شۇڭا ئۇ قايتىپ كېلىپ بىر ئادەمنىڭ كەملەپ قالغىنىنى
بايقاپ، ۋاڭ لۇدىن:

— ھېلىقى ئادەم قېنى؟ — دەپ سورىدى.

— دوختۇر ئاچىقىپ كەتتى، — دېدى ۋاڭ لۇ.

— قورساقنىڭ ئىشىمىكەن؟ قايتىپ كېلەمدىكەن، كەلمەمـ
دىكەن؟

— ئۇ قايتىپ كەلمەسمىكىن، ئاڭلىسام ئۇ ناھايىتى پۇلدار-
مىش، نازارەتچى ساقچىغا ئازراق پۇل تىقىشتۇرۇپ، دوختۇرخانىغا
كىرىپ داۋالانسا كېرەك، — دېدى ۋاڭ لۇ قارىسىغا.

— مېنىڭمۇ پۇلۇم بار، سىرتقا چىقىپ داۋالانغۇم بار، ئەمما
ئۇلار مېنى چىقارمايدۇ، — دېدى ئۆمەر چىن كۆڭلى بىلەن دەرد
تۆكۈپ.

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ لۇ.

— چۈنكى ئۇ دېگەن خەنزۇ، دوختۇرخانىغا كىرىپ يېتىۋالسا
بولىدۇ. بىز ئۇنداق قىلالمايمىز، بىز دېگەن ئاز سانلىق مىللەت.
ئۇلار بىلەن تەڭ بولالمايمىز، — ئۆمەر مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى
ئەپچىللىك بىلەن مىللىي مەسىلىگە يىغىنچاقلىدى، ئۇ ھەق ـ
ناھەقنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە ناھايىتى ئۇستا ئىدى.

ئالدىنقى ئۈچ كۈنگە سېلىشتۇرغاندا، ئۆمەرنىڭ روھىي ھالى-
تى ئۇپراپ تۈگىگىلىۋاتقان باتارېيىدەك بارغانسېرى ئاجىزلاۋاتات-

تى. ۋاڭ لۇ سىرتتىكى يولداشلارنىڭ قانداق ئىشلەۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى، ئەمما 4 ـ كۈنى كېچىسى ئۆمەرنىڭ پوزىتسىيە-سىدە ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. ئۇچىسى كارىۋاتتا ئوڭدى-سىغا ياتقاندىن كېيىن، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن «كامېر باشلى-قى» دىن:

— ئۇخلىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

«كامېر باشلىقى» چۆچۈگىنىچە ئۆرە بولۇپ:

— مېنى دەۋاتامسەن؟ — دېدى. ئۇ ئۆمەردىن ئۆزىنى قاچۇ-رۇپ كېلىۋاتاتتى.

ئۆمەر ۋاڭ لۇنى ئۇيغۇرچە بىلمەيدۇ دەپ ئويلاپ، «كامېر باشلىقى» غا شىۋىرلىدى:

— ساقچىلار مېنى ھەر كۈنى سوراق قىلىۋاتىدۇ، قارىسام ئۇلارنىڭ بىلىدىغان ئىشلىرى ئاز ئەمەس ئىكەن، ئۇلار مېنى قويۇۋەتمىگۈدەك. بۇ قېتىم تۈگەشكۈدەكمەن، بەزىلەرمۇ تۇتۇلغۇ-دەك، شۇنداقمۇ؟

«كامېر باشلىقى» مۇجمەللا:

— كىملا تۇتۇلسا ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ، ئۇلار-نىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى شۇ ئوخشايدۇ، — دېدى جاۋابەن.

— ئەمما مېنىڭ خوتۇنۇم قانداق قىلار؟ بالىلىرىم قانداق قىلار؟ ئۇلارنىمۇ تۇتۇپ كېتەرمۇ؟ ئۇلار ئوبدان ياشىسا بولاتتى، شۇنداقمۇ؟

ۋاڭ لۇ ئۆمەرنىڭ تەۋرىنىۋاتقانلىقىنى پەملەپ قالدى، ئۇ كەسكىن زىددىيەت ئىچىدە قالغان، زادىلا تونۇشمايدىغان «كامېر باشلىقى» نى مۇڭدىشىش ئوبيېكتى قىلىۋالغان، ئۆزىنىڭ خائىنلى-قىغا مۇۋاپىق ئاساس تاپماقچى بولغانىدى. ۋاڭ لۇ مېنىڭ كامېردى-كى ھاياتىمنىڭ ئاخىرلىشىدىغان ۋاقتى كېلىپ قاپتۇ دەپ پەرەز قىلدى.

## 3

دەرۋەقە، ۋاڭ لۇ «كامېر» غا سولانغانىنىڭ 8 ـ كۈنى، كا-مېردا ۋاڭ لۇ يالغۇز قالدى. «كامېر باشلىقى» باشقا ئۆيگە سولان-

دى، ئۆمەر ئاخىرى ئالاقىلىشىش ۋاقتى بىلەن ئورنىنى تاپشۇردى.

شۇ كۈنى چۈشتىن ئاۋۋال نازارەتچى ساقچى ئىشىكنى «تا-راڭ» ئىتىدە ئېچىپ:

— 13 - مەھبۇس، بۇ ياققا چىق، — دەپ ۋارقىرىدى ۋاڭ لۇغا.

ۋاڭ لۇ قېتىپ قالغاندەك نازارەتچى ساقچىغا ئەگىشىپ ماڭ-دى، ئۇ ئۇزۇن، قاراڭغۇ كارىدوردا كېتىۋاتاتتى، سىرتقا قاراپ ماڭغانسېرى كۆز ئالدى شۇنچە يورۇشقا باشلىدى. شۇ پەيتتە، ۋاڭ لۇ يورۇقلۇقنىڭ بىر ئادەمگە نىسبەتەن نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەن-لىكىنى، جىنايەتچى بولۇپ قېلىشنىڭ ھەقىقەتەن ياخشى ئىش ئەمەسلىكىنى، ئەركىنلىك، يورۇقلۇق بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئۇ مۇشۇنداق بىر پەۋقۇلئاددە ھايات كەچۈرمىشنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ تۇيۇقسىزلا خاتىرجەم بولۇپ قالغانلىقىنى، ئۆزى يەنىلا بۇرۇنقىدەك تۇرسىمۇ، ئەمما كۆڭلىگە ناھايىتى نۇر-غۇن ئېغىرچىلىقلارنىڭ سىغىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى.

بىر ماش رەڭ مىتسوبىش ماشىنا نازارەتخانىنىڭ سىرتىدا توختىدى. نازارەتخانىنىڭ دەرۋازىسى ۋاڭ لۇنىڭ كەينىدە تاقالغان-دا، مىتسوبىش ماشىنا بىر قېتىم سىگنال بەردى، ئاندىن چۈشۈ-رۈلگەن ماشىنا ئەينىكىدىن بىرسىنىڭ قولىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا پۇلاڭلىتىۋاتقانلىقى كۆرۈندى. ئۇ يېقىنلىشىپ بېرىپ، چېن دامو-نىڭ قارا كۆزەينەك تاقىغىنىچە شوپۇرنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى، ۋاڭ لۇغا قول ئىشارىتى قىلغىنى شۇ ئىدى. ۋاڭ لۇ ئىشىكنى ئېچىپ ماشىنىغا چىقتى.

ۋاڭ لۇ ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچقان ھامان كەينىدىكى ئو-رۇندا كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغان جۇڭ چېڭنى كۆردى، ئىدارە باشلى-قىنىڭ ئۆزىنى بىۋاستە ئالغىلى كەلگەنلىكى ۋاڭ لۇنى تەسىرلەن-دۈرۈۋەتتى.

— جاپا تارتقانسىز؟ ئىسپادىڭىز ياخشى بولدى، پەرىزىمدىكى-دىن كۆپ ياخشى بولدى، — دېدى جۇڭ چېڭ ۋاڭ لۇنى تەقدىر-لەپ.

ۋاڭ لۇمۇ ئۆزىنى ھەرھالدا بولىدىكەنمەن دەپ قارىغاچقا، بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ:

— قەدىر ئەھۋال، ھەرھالدا ئاخىرغىچە بەرداشلىق بېرەلە-
ىدىم، — دېدى.

— چېكرا سىرتىدىن ئەۋەتىلگەن تېرروررچى ئۇنىسۇر بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقىنىڭىزدا قورقتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى جۇڭ چېك.

ۋاڭ لۇ مەنىستىمەسلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

— ئۇنى چېكرا سىرتىدىن كىرگەن ئادەم دېگەن خىيالنى زادىلا قىلمىدىم، شۇ چاغدا ئۇمۇ ماڭا ئوخشاشلا ئەر كىشى، دەپ ئويلىدىم. يەنە كېلىپ ئاخىرقى كۈنى ئۇنىڭ كۆز يېشى قىلغانلى-قىنى، مەن ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ قورققانلىقىنى كۆردۈم. چۈنكى مەن كەينىمدە سىلەرنىڭ بارلىقىڭلارنى، ئۇنىڭ كەينىدە بولسا ھېچقانداق كۈچنىڭ يوقلۇقىنى بىلەتتىم.

جۇڭ چېك رازىمەنلىك بىلەن:

— ياخشى دېدىڭىز، ئۇلار يېتىم بولغانلىقتىن نەچچە ئون يىلدىن بېرى زادىلا بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىدى، خىيالىغا كەلگىنىنى قىلىپلا باقتى، — دېدى.

— ئۆمەر مەسىلىسىنى تاپشۇردىمۇ قانداق؟ ھازىر ئۇ قە-يەردە؟ — دېدى بۇنىڭ نەتىجىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ.

— تاپشۇردى، ئۆگۈنلۈككە چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە جەنۇبىي شىنجاڭ مەسچىتىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى ستوبىلىنىڭ تۈۋىدە ئالاقىلەشكۈدەك.

ۋاڭ لۇ تەقەززالىق بىلەن:

— مەنمۇ قاتنىشايمىكىن، — دەپ ئىپادە بىلدۈردى.

جۇڭ چېك ئۇنى توستى:

— سىز ۋەزىپىڭىزنى ئورۇنداپ بولدىڭىز، ئىككى كۈن ئارام ئالغاندىن كېيىن، تېرروررلۇققا قارشى تۇرۇش 1 ـ ئەترىتىگە بېرىپ رەسمىي تىزىمغا ئالدۇرۇڭ.

ۋاڭ لۇ سەمىمىيلىك بىلەن:

— بۇ قېتىمقى ھەرىكەتكە يەنىلا قاتناشقۇم بار، — دەپ

تەلەپ قىلدى.

جۇڭ چېڭ ئويلىنىپ قېلىپ، قارا كۆزەينەك تاقىۋالغان چېن داموغا:

— بوپتۇ، ئۇنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قوي، — دېدى.

ۋاڭ لۇ ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى جەڭگە قاتنىشىشقا رۇخسەت قىلىنغانلىقىدىن روھلىنىپ كەتتى.

يولدا جۇڭ چېڭ ۋاڭ لۇغا مۇنداق دېدى:

— ھېلىمۇ ياخشى دامو دوختۇرخانىغا ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىلىپتىكەن، بولمىسا ئاشقازىنى تېشىلىپ كېتەركەندۇق، — دېدى، ئۇ يەنە دامونىڭ مۇرىسىگە شاپىلاقلاپ قويۇپ، — سەنمۇ تازا قاملاشمىغان بىر چاغدا ئاغرىپ، بۇ شاگىرت ئىنىمنى يالغۇز تاشلاپ كەتتىڭ، — دېدى.

دامو ئۇيۇل - تويۇللا ۋاڭ لۇدىن ئەپۇ سورىدى:

— چېكىنىپ چىقىش ھەرگىزمۇ مېنىڭ مەقسىتىم ئەمەس ئىدى.

ۋاڭ لۇ ھەم ھەيران بولغان، ھەم خۇشال بولغان ھالدا:

— بۇ گېپىڭىزچە، سىز مېنىڭ ئۇستاز ئاكام ئىكەنسىز - دە؟ — دەپ سورىدى.

— جۇڭ باشلىق 79 - يىللىق قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، سىلەرنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەخرى، مۇشۇنىمۇ بىلمەمسىز؟ 15 يىل ئاۋۋال جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاتۇش ساقچىخانىسى تېررورچىلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان، شۇ چاغدا جۇڭ باشلىق ساقچىخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىدى. ئۇ سەككىز قوراللىق تېررورچى بىلەن ئۆزى يالغۇز ئېتىشىپ، ج خ مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن بېرىلگەن ئىككىنچى دەرىجىلىك قەھرىمان ۋە نەمۇنىچى دېگەن نامنى ئالغان! — دېدى دامو گەپ قىستۇرۇپ.

— پاھ، ئەسلىدە ئاشۇ قەھرىمان جۇڭ جۇجاڭ ئىكەن - دە!

مەكتەپ مۇدىرى يېڭى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش يىغىنىدا بۇ شانلىق تارىخنى سۆزلەپ بەرگەن. ئەپسۇسكى، ۋاقىت ئۆزىراپ كېتىپ، ۋاڭ لۇ بۇنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانىدى.

ۋالڭ لۇ بىردىنلا ناھايىتى ھاياجانلىنىپ، جۇڭ چېڭغا ئازراق بىرنېمىنى ئىپادىلىمەكچى بولدى، ئەمما ھېچنېمە دېيەلمىدى. ئۇنىڭغا ئۆزىنى سىلىشتۇرۇۋېدى، ئەرزىمەسلا بىرنېمە بولۇپ تۇ-يۇلدى، بايا بىرنەچچە كۈن يوشۇرۇن خادىم بولغىنىغا ئۆزىچە مەغرۇرلىنىپ كەتكەنىدى. مانا ئەمدى جۇڭ چېڭغا قاراپ قويۇپ: قەھرىمان دېگەن مۇنداق بولىدۇ! دەپ ئويلىدى. دامو ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ، جۇڭ چېڭدىن:

— جۇڭ باشلىق، ئەمدى نەگە بارىمىز؟ — دەپ سورىدى.

— ھاراق ئىچىمىز، — دەپ كەسكىن جاۋاب بەردى جۇڭ چېڭ.

# بەشىنچى باب

## 1

تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش 1 - ئەترىتى جەنۇبىي شىنجاڭ ج خ ئىدارىسىنىڭ 3 - قەۋىتىدىكى ئەڭ چوڭ بىر ئېغىز ئىشخانىنى ئىگىلىدى، ۋاڭ لۇ بۇ ئىشخانىغا كىرىشتىن ئىلگىرى، ما جيەنجۇڭ بىلەن ئەلى بىر - بىرىگە قېيىدىشىۋاتاتتى.

چىرايى قارامتۇل ما جيەنجۇڭ بۇ يىل 28 ياشقا كىرگەنىدى، ئۇنىڭ دىڭگىيىپ تۇرغان قۇلىقى ناھايىتى ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئىدى، ئۇ جاھىلراق ئىدى، جاھىللىقى تۇتسىلا ھاياجانلىناتتى، ھاياجانلانسىلا قىزىراتتى، ئۇ ئەلى بىلەن ھەم كونا شېرىك، ھەم جېدەللىشىپ تۇرىدىغان كونا رەقىبلەردىن ئىدى.

ئەلى تەقى - تۇرقى كېلىشكەن يىگىت ئىدى، ئەمما تاكى ھازىرغىچە توي قىلغۇدەك قىز تاپالمىغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تاشقى قىياپىتىگە ئىنتايىن ئىشەنچ قىلاتتى، ئۆزىنى داڭدار ماركىلىق دېگەن مەنىدە «ئالىي دەرىجىلىك» دەۋالاتتى. ئۇنىڭ بوي - بەستى ياداڭغۇ، بىر مېتىر يەتمىش - سەكسەن سانتىمېتىرلىق ئۆلچەملىك ئېگىزلىكتە ئىدى، چوڭقۇر ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن يوغان كۆزلىرى ئىنتايىن نۇرلۇق كۆرۈنەتتى. ئۇزۇن ئەمما ئىلمەكرەك كەلگەن بۇرنى ياداڭ چىرايىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تولىمۇ ياراشقانىدى، ئاغزىدىن ئادەت خاراكتېرىدە چېكىلىدىغان غەلىتە ئاۋاز چىقىرىپ تۇرۇشى ئۇنى باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان قىزىقچىدەك كۆرسىتەتتى. ئۇ ساقچى كىيىمى كىيىشكە ئامراق ئىدى، ئەمما ساقچى شەپكىسىنى ھەرگىز تۈز كىيەلمەيتتى، قىڭغىر كىيىشتە ناھايىتى ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى، شەكىللىك تىلغا ئالاھىدە باي بولغانلىقىدا ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ خۇشاللىقى، غەزىپى، قايغۇسى ۋە خاتىرجەملىكىنى شەكىللىك تىل

بىلەن ئىپادىلەشكە تولىمۇ ئۇستا ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى،
بەش ئەزاسى، پۈت - قوللىرى ھەر ۋاقىت - ھەر قاچان ھەرىكەت-
لىنىپلا تۇراتتى، قىسقىسى، 24 سائەت ئىچىدە ئۇنىڭ ھەرىكەتلەن-
مەيدىغان ۋاقتى يوق ئىدى.
— ھەممىسى سىنىڭ ئۆزۈڭنى كۆرسىتىمەن دەۋاتقانلىقىڭ-
دىن بولۇۋاتقان ئىش، تاكسى شوپۇرىنى كۆيدۈرۈۋېتىش دېلوسى
ئەسلىدە ئۆلۈك دېلو دەپ بېكىتىلگەنىدى، سەن جۇڭ باشلىققا
كەلسە - كەلمەس ئەقىل كۆرسىتىپ تۇرۇۋېلىپ، يېزىغا چۈشۈپ
سېسىق ئاياغلارنى قارىسىغا تەكشۈرۈپمۇ دېلونى پاش قىلال-
مىدىڭغۇ! — دېدى ئەلى غەزەپ بىلەن.
ما جيەنجۇڭ ئاچچىقىدا پوكاندەك قىزىرىپ:
— مەن تېخى سىنىڭكىنى دېمىدىم، سەن ئۆزۈڭنىڭ قانچە-
لىك سېسىق ئوسۇرىدىغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ يېزىدىكى چاغدا ئو-
سۇردۇڭ، جۆيلۈدۈڭ، خورەك تارتتىڭ، چىشلىرىڭنى غۇچۇرلات-
تىڭ، كارىۋاتنى ئۆرۈۋەتكىلى تاس قالدىڭ، ساڭا دەپ قوياي،
سەن بىلەن بىر ئۆيدە يېتىپ مېنى بولۇشچە نەس باستى، —
دېدى.
ئەلى ئاغزىنى چىكىلدىتىپ قويۇپ:
— نېمە، سەن ئوسۇرمامسەن؟ ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئوسۇ-
رىدۇ، بۇنىڭغىمۇ گەپ كېتەمتىمۇ؟ — دېدى.
ئەلىنىڭ سۆزى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا، چېن دامو ۋاڭ لۇنى
ئەگەشتۈرۈپ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش 1 - ئەترىتىنىڭ ئىشخا-
نىسىغا كىرىپ كەلدى. چېن دامو ياش ۋە ئېگىز ۋاڭ لۇنى ما
جيەنجۇڭ بىلەن ئەلىنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىۋىدى، يىگىتلار بىلەن
كونىلارنىڭ پەرقى مانا مەن دەپلا بىلىنىپ قالدى. ۋاڭ لۇ يىگىتلىك
ۋە ھۆرمەت تۇيغۇسى ئىچىدە ھاپىلا - شاپىلا قولىنى سوزۇپ،
ئۇلارنىڭ بىرى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدى. ئەمما ما جيەنجۇڭ
بىلەن ئەلى تېگىشلىك قىزغىنلىق ۋە ئەدەپنى بىلدۈرەلمىدى، ۋاڭ
لۇ بۇنىڭدىن بىرئاز ئوسال بولۇپ، سەل بىئاراملىق ھېس قىلدى.
چېن دامو كۆزى بىلەن ئىزدەشتۈرگەچ:
— ھوي، يالقۇن تېخى كەلمىدىما؟ — دەپ سورىدى.

— كەلدى، كەلدى، ھاجەتخانىدا ئولتۇراتتى، — يالقۇن ئىشتىننى كۆتۈرگىنىچە ھاجەتخانىدىن ئالمان - تالمانلا يۈگۈرۈپ چىقتى.

چېن دامو يالقۇننىڭ پارقىراپ كەتكەن پېشانىسىگە قاراپ، ئەجەبلىنىپ:

— ئەجەب تەرلەپ كېتىپسەنغۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئەلى بىلەن يالقۇن مۇشۇ كىچىك كوللېكتىپتىكى تەكشۇ-رۇش، دېلو پاش قىلىشنىڭ تايانچ كۈچلىرى ئىدى. ئاياللارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئەلى بىلەن يالقۇن بار يەردە خۇشاللىق بار ئىدى. ئەمما ئۇلار: ئاياللار بىلەن بىللە بولغاندا ئىختىيارسىز شادلىنىپ كېتىمىز؛ لېكىن دېلو بېجىرىپ كەتسەك، ئاياللار ئاز-لاپ كېتىدىغان بولغاچقا، خۇشاللىقمۇ ئازلاپ كېتىدۇ، دەيتتى.

يالقۇن ئوتتۇز بىر - ئىككى ياشلاردا بولۇپ، كۆزلىرى ئۇي-غۇرلارغا خاس يوغان كۆزلەر ئىدى. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى زېرەكلى-كى ئىدى، تۇراقلىق ھالىتى ھەرىكىتىدە جىملىقنىڭ بولغانلىقى، جىملىقتا ھەرىكەتنىڭ بولغانلىقى، ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ھايا-جاننىڭ بىر - بىرىگە ھەمراھ بولغانلىقى ئىدى.

ئۇ ئىشى يوق چاغلىرىدا كېچىچە سىرىق يۇمۇر ئېيتىپمۇ ئۇسسىمايتتى، ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن چاقچاقلىشىشقا ئامراق ئىدى؛ دېلو بار چاغدا، ئادەتتىكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدى-غان باشقا بىر قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقاتتى، بىر ئېغىز گەپ قىلمىسىمۇ، كۆڭلىدە تىنماي چوت سوقاتتى.

يالقۇن پېشانىسىدىكى ئۇششاق تەرلەرنى سۈرتۈۋېتىپ، چېن داموغا چۈشەندۈردى:

— مەن ھاجەتخانىغا كىرىپ ئىشتىنىمنى ئەمدىلا يەشكەنى-دىم، ئەسلىدىنمۇ تازا زەھىرىم قىستىغانىدى، باشلىقنىڭ ئىشى بارلىقىنى ئاڭلاپلا، ئىشتىنىمنى كۆتۈرگىنىمچە يۈگۈرۈپ چىق-تىم.

چېن دامو ئەستايىدىللىق بىلەن قولىنى شىلتىپ قويۇپ:

— بارە، ماڭ، بار، ساڭا قايتىپ كەلگىنىڭدىن كېيىن ئاندىن چۈشەندۈرۈپ قوياي، — دېدى.

يالقۇن پوزىتسىيىسى روشەن هالدا:
— بولدى، مەن چىداپ تۇراي. مەزى بىزى ياللۇغى بولۇپ قالسامىۇ رازى، — دېدى.
چېن دامو ۋاڭ لۇغا كۇلۇپ قويۇپ:
— كۆرگەنسىز، بۇ مۇشۇنداق نېمىلەر، كەلسە - كەلمەس چاقچاق قىلىشىدۇ، — دېدى.
ۋاڭ لۇ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش 1 - ئەترىتىدىكى تەكشۈر-گۈچىلەرنىڭ مۇنداقلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى: ئۆزىنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئەسكىلىك قىلغان چاغلىرىدىكىدىن ھېچقانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىكەنغۇ؟ ئەسلىدە ئالدىنقى سەپتە كۆرەش قىلى-ۋاتقان ساقچىلارنىڭ ئوبرازى كاتتا بولىدۇ، دەپ ئويلىغانىكەنمەن، ئون مىنۇت بولار - بولمايلا چۈشىنىپ قالدىم، ساقچىلارمۇ ئادەم-كەن. ۋاڭ لۇ مۇشۇ خىياللار بىلەن بىردىنلا خېلى يەڭگىللەپ قالدى، ئۇ كۆپچىلىككە كەڭ قورساقلىق بىلەن كۇلۇپ قويۇپ، بۇلارنى كۆڭلىگە ئالمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.
چېن دامو ئەترەتنىڭ باشلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن كۆپچى-لىكتىن يەنىلا پەرقلىنەتتى، ۋاڭ لۇنىڭ خىيالىچە ئۇ ئۆزىنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان چاغدىكى سىنىپ باشلىقىغا تې-خىمۇ ئوخشايتتى، نېمىلا ئىش قىلسۇن ناھايىتى ئەستايىدىل ئى-دى. ئۇ كۆپچىلىككە ئەستايىدىللىق بىلەن تونۇشتۇردى:
— بۇ ياقىنىڭ ئىسمى ۋاڭ لۇ، ئىدارە باشلىقىمىزنىڭ ئۆزى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ تاللاپ ئەكەلگەن. ئىدارە باشلىقى بىزنىڭ كۈچىمىزنى تولۇقلاش ئۈچۈن، ئالايىتەن ئۇنى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش 1 - ئەترىتىمىزگە تەقسىم قىلدى. ھەممىمىز قارشى ئالايلى.
كۆپچىلىك چېن داموغا ئەگىشىپ سىمۋول خاراكتېرىدە بىر-نەچچە قېتىم چاۋاك چېلىپ قويدى، ئەمەلىيەتتە، ۋاڭ لۇ تاغدىن چۈشۈپ ۋەزىپە ئىجرا قىلغان كۈنى ئىككى تەرەپ يۈز كۆرۈشكەن-دى.
ۋاڭ لۇ كۆپچىلىككە كەمتەرلىك بىلەن:
— مەن ھېچنېمە بىلمەيمەن، ئىبغىر كۆرمەي بۇنىڭدىن كې-

يىن كۆپرەك غەمخورلۇق قىلارسىلەر، — دېدى.

ما جيەنجۇڭ زەردە قىلىپ كۇسۇرلىدى:

— ئۇستاتلىقىنى، ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا سىياسىي دەسمايە توپلىغىلى كەلگىنىنى كىم بىلمىسۇن؟

ھېلىمۇ ياخشى ۋاڭ لۇ بۇ گەپنى ئېنىق ئاڭلىمىدى، ئەمما ئەلى ئېنىق ئاڭلاپ قېلىپ، شۇ زامانلا ما جيەنجۇڭنىڭ پوزىتسىيەسىنى چۈشەندى، ئۇ ما جيەنجۇڭنىڭ پېشىدىن تارتىپ قويۇپ، ئۇنى قەستەن دەيدەيگە سالدى:

— قارا، بىر ئاسپىرانت كەپتۇ، سەندەك يەرلىك مۇتەخەسسىسنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن بازىرى چىقمايدىغان بولدى.

بۇ سۆز ما جيەنجۇڭنىڭ ئىززەت - نەپسىگە تەگدى، ئۇ دىمىقىنى قېقىپ قويۇپ:

— يۇقىرى ئوقۇش مەلۇماتىغا ئىگە بولسا نېمە بوپتۇ؟ بۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىشلار ئوقۇش تارىخى بىلەن مۇناسىۋەتسىز، سەن بىر پوستدوكتورنى ئەۋەتسەڭمۇ، ئۇ ساڭا ئىش قىلىپ بېرەلەمتى؟ — دېدى.

ۋاڭ لۇ ئەمدىلا كەلدى. ئەلۋەتتە ھېچنېمە قىلىشنى ئۇقمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭغا ۋاقىت بېرىلسىلا، يەنە قانداق ئىشنى قىلالمايدۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە، ۋاڭ لۇ تېخى يېقىندىلا يوشۇرۇن خادىم بولۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولۇپ، ئۆزىنى ھەرھالدا بەك قالتىسكەنمەن دەپ ئويلىغان، ئەمدى نېمىشقا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش 1 - ئەترىتىگە كېلىپ ئانچىكىملا بىر ئادەم بولۇپ قالىدۇ؟

چېن دامو ۋاڭ لۇنىڭ ئازار يېگەنلىكىنى چىرايىدىن بىلىۋالدى، ما جيەنجۇڭنىڭ سۆزى ئۇنىڭ قۇلىقىغىمۇ مۇشت ئۇرغاندەك تۇيۇلغانىدى، ئۇ جىددىي تۇردە:

— جيەنجۇڭ، ئۇ ۋەتىلداشلىرىڭنى يانچۇقۇڭغا سېلىۋېلىپ ئۆزۈڭ ئىشلەتسەڭلا بولدى، كىمنى ئۇچراتساڭ شۇنىڭغا تېگىپ يۈرمە، ۋاڭ لۇ ھېلىلا كەلدى، بۇلارنى ئاڭلاشنى خالىمايدۇ، — دېدى.

ۋاڭ لۇ كەڭ قورساقلىق بىلەن ھېچ ئىش بولمىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىشقا ئۇرۇندى، ئۇ ئاچچىقىنى بېسىۋېلىشنى ئۆگىنىد-

ۋالغانىدى، ئاچچىقلىسا ئۆزگىگىمۇ، ئۆزىگىمۇ پايدىسىز ئىدى، مۇھىمى، مەسىلىنى ھەل قىلىشقا پۈتۈنلەي پايدىسىز ئىدى.

يالقۇننىڭ بىر چەتتە بىكار تۇرغىنىغا خېلى بولغانىدى، بۇ چاغدا ئۇ يالغاندىن خۇشامەت قىلىپ ۋاڭ لۇغا تاماكا تۇتۇپ:

— قارشى ئالىمىز! قارشى ئالىمىز! قانداق، بىر تال چېكىپ قويامسىز؟ — دېدى.

ۋاڭ لۇ ئەدەپ يۈزىسىدىن يانچۇقىدىن ئۆزىنىڭ تاماكىسىنى چىقىرىپ ھەممەيلەنگە تارقىتىپ بەردى، ئۇ پۈتۈنلەي شاگىرتلىققا كەلگەندەك روھىي ھالەتتە بولغانىدى، ئەمما ما جيەنجۇڭ ئۇنى خاتا چۈشىنىپ قېلىپ، چوڭ شەھەردىن كەلگەن ۋاڭ لۇ پوچىلىق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدى. باشقىلارنىڭ ھەممىسى تاماكىنى ئالدى، پەقەت ما جيەنجۇڭلا قاپىقىنى تۈرۈپ، قولى بىلەن توسۇپ:

— سەپ قويۇڭ، چەكمەيمەن، — دېدى.

ۋاڭ لۇ ئۇنىڭ تاماكا چەكمەيدىغانلىقىنى ياكى ئۆزىنىڭ تاماكىسىنى چەكمەيدىغانلىقىنى ئۇقالمىدى، تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈۋاتقاچقا يۈز - خاتىر قىلىپ، سوراپ يۈرۈشنى يەنە بىئەپ كۆردى، ئەمما خاپىچىلىقىنى كۆڭلىگە سېلىپ قويدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تاماكىسىنى تۇتاشتۇردى، بىر قېتىم شوراپ يەنە بۇ ئىشنى مۇۋاپىق كۆرمىدى، شۇنىڭ بىلەن تاماكىسىنى يىمىرىپ ئۆچۈرۈۋەتتى، نېمىلا دېگەنبىلەن ئۆزى يېڭىدىن كەلگەنىدى، پېشقەدەم يولداشلار ئۆزىنى بەك پوچىكەن دەپ قالسا بولمايتتى.

چېن دامو ئادەتتە تاماكا چەكمەيتتى، ۋاڭ لۇنىڭ يۈزىنى قىلىش ئۈچۈن ئۇمۇ بىر تال تۇتاشتۇرۇپ، ھەدەپ ماختىدى:

— ياخشى تاماكا ئىكەن، ياخشى.

ئەلىمۇ تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ چەككەندىن كېيىن:

— تەمى ياخشىكەن، — دېدى. ئۇ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ۋاڭ لۇغا ئالايىتەن بىر ئىستاكان قېنىق چاي ئەكېلىپ بەردى، ۋاڭ لۇنىڭ ئادەتتە راستىنىلا قېنىق چاي ئىچىدىغان ئادىتى يوق ئىدى، شۇڭا ئۇ ئىستاكاننى قولى بىلەن توساپ:

— رەھمەت، مەن چاي ئىچمەيمەن. مىنېرال سۇ بارمۇ؟ — دېدى. ۋاڭ لۇ بەك تۈز بولغاچقا، ياتسىراپ كەتمىگەن-

دى، ئۇ ئۆزىنى شۇ تاپتا ئۆيىدە ياكى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ياتىقىدا دەپ ئويلاپ قالغانىدى.

بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ يالقۇننىڭ ئادەم ئەخمەق قىلىدىغان نېرۋىسى توسۇۋالغۇسىز ھالدا قوزغىلىپ كەتتى، ئۇ ئوپۇل - توپۇللا ۋاڭ لۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپ:

— بار، بار، بار، تۇرۇپ تۇرۇڭ، سىزگە ئېلىپ بېرەي، — دېدى. ئۇ گەپ قىلغاچ ئۆزىنىڭ ئورنىغا بېرىپ، ئىشكاپىدىن بىر بوتۇلكا «مىنېرال سۇ» ئالدى ھەمدە ئاغزىنى ئۆزى ئېچىپ ۋاڭ لۇغا ئۇزىتىپ:

— ھەي، سىزنىڭ بۇ مىجەزىڭىز مېنىڭكىگە ئۇدۇل كېلىدىكەن، مەن مۇشۇنىڭغىلا ئامراق، قېنى، مانى ئىچىڭ! — دېدى.

ۋاڭ لۇ مىننەتدارلىق بىلەن بوتۇلكىنى قولىغا ئېلىپ:

— رەھمەت ئاكا، — دېدى. ئۇ قىلچە مۇداپىئەلەنمەي ئاسمانغا قارىغىنىچىلا ئىككى يۇتۇم ئىچىۋەتتى. ھاراقنىڭ بۇسى بىردىنلا ئۆي ئىچىدە تاراشقا باشلىدى. ھەممەيلەننى كۈلكە قىستاپ كەتتى، ۋاڭ لۇ قېقىلىپ كېتىپ، ئىككى قېتىم قاتتىق يۆتەلدى، ئەمما بۇنىڭغا چىداپ ھېچنېمە دېمىدى. بوتۇلكىنى يالقۇنغا ئۇزىتىپ، ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن:

— ئاكا، «مىنېرال سۇ» نىڭ تەمى بولىدىكەن! — دېدى.

— تەمى بولامدىكەن؟ ياخشى، بۇنىڭدىن كېيىن بىز پۇرسەت تېپىپ ئوبدانراق ئىچىشەيلى، — دەپ جاۋاب بەردى يالقۇن ھىجىيىپ. ۋاڭ لۇنىڭ بۇ ئىشى ئەكسىچە يالقۇننى خىجىل قىلىپ قويدى، ئۇ بۇ يىگىتنىڭ مۇنچىۋالا سالماق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمىغانىدى، شۇڭا ئىچىدە: بولىدىكەن، بۇ يالىنىڭ كۆڭلى - كۆكسى كەڭ ئىكەن، دەپ ئويلىدى.

ئەلى ۋاڭ لۇغا كۆيۈنگەن بولۇۋېلىپ، ما جيەنجۇڭنىڭ ئۈستەلىدىكى بىر ئىستاكان چاينى ئېلىپلا ۋاڭ لۇغا ئۇزىتىپ:

— قېنى، بىر يۇتۇم ئىچىۋېتىڭ، بىر يۇتۇم ئىچىپ ئاغزىڭىزنى چايقىۋېتىڭ ئۆپكىڭىزگە كەتسە چاتاق بولىدۇ، — دېدى.

ۋاڭ لۇ يەنىلا ئىشنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى بىلمەي ئىستاكاننى قولىغا ئالدى. ما جيەنجۇڭ پوكاندەك قىزىرىپ زادىلا چىدىماي

قالدى ئۇ غەزەپ بىلەن ئەلىگە:
— كىم سېنى ئىستاكاننى خالىغانچە باشقىلارغا بەرسۇن دەپتۇ؟ سەن مېنىڭ ماقۇللۇقۇمنى ئالدىڭمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى. ئۇ يەنە بۇرۇلۇپلا ۋاڭ لوغا: — سەن ئالىي مائارىپنى مۇشۇنداق قوبۇل قىلغانمۇ؟ كىمنىڭ ئىستاكانى ئىكەنلىكىنى سوراپمۇ قويماي ئېلىپلا ئىچىۋېرەمسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى.
ما جيەنجۇڭ خۇيزۇ ئىدى، ئادەتتە نەرسە - كېرەكلىرىنى پاك تۇتاتتى، ھېچكىم ئۇنىڭ چىنە - قاچا، ئىستاكانلىرىنى ئىشلىتىشكە پېتىنالمايتتى، مۇشۇ ئىش تۇيەيلىدىن ئەلى بىلەن تالاي قېتىم سوقۇشۇپ قالغانىدى، ئۇ راستتىنلا جىلە بولۇپ قالسا، ھېچكىم ئۇنىڭغا چېقىلالمايتتى. روشەنكى، ئەلى قەستەنگىلا ۋاڭ لوغا ما جيەنجۇڭدىن ئىبارەت بۇ يولۋاسنىڭ ساغرىسىنى سىلىتىپ باقماقچى بولغانىدى. ئۇ يەنە ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك دەپ:
— ۋاڭ لو، خاپا بولماڭ، ما جيەنجۇڭنىڭچۇ خوتۇنى ئاجرەشمەن دەۋاتقاچقا كۆڭلى پاراكەندە، سىز ئەمدىلا كەلگەچكە ئەھۋالنى ئۇقمايسىز، مەن ئۇنى ئالاھىدە چۈشىنىۋېتىمەن، — دېدى.
ما جيەنجۇڭ ئەسلىدە يالقۇننىڭ ئىتتىرىشى بىلەن ئىشىك ئالدىغا بېرىپ بولغانىدى، ئەمما ئەلىنىڭ مۇنداق ئىلەشتۇرۇشى بىلەن يەنە قايتىپ كېلىپ غەزەپ بىلەن ئەلىنىڭ بۇرنىغا دىيەپ تۇرۇپ:
— ئەلى، سەن ھاراملىق مېنىڭ ئىشلىرىمغا ئاز ئارىلاش! — دەپ ۋارقىرىدى.
ئەلى ناھايىتى ئۇۋال بولغاندەك، بەدەنلىرىنى تولغاپ قويۇپ، كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ:
— خەپ، ئىككىنچى ئىشلىرىڭغا ئارىلىشىدىغان بولسام، — دېدى.
چېن دامو بۇ بىرنەچچەيلەننىڭ ۋاڭ لونى دەسلەپتىلا چۆچۈتۈپ قويماقچى بولغانلىقىنى ئەلۋەتتە بىلەتتى، ئەمەلىيەتتە بۇ ئارتۇقچە ئىشلار ئىدى، ئۇلار بىرنەچچە كۈن ئۆتە - ئۆتمەيلا ئاكا - ئۇكىلاردەك ئۆتۈپ كېتەتتى، غەربىي شىماللىق ئەرلەر مۇشۇنداق كېلەتتى.

تى، «داستىخىنىمدا بىر نان يوق، مېنىڭ ئېتىم مارجان بۇۋى» دېگەندەك ئىش قىلاتتى. شۇڭا ئۇ ئۇلارغا:
— ھەي سويىملار، سىلەرنى نېمە دېسەم بولار؟ بولدى ۋاتىلداشماڭلار، تاماق ۋاقتى بولدى، — دېدى.
يالغۇن قاتارلىقلار ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ تاماق يېگىلى ماڭدى.
چېن دامو بىر چەتتە ۋاڭ لۇنى بىرھازا كۆزىتىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاشخانىسىدا كۆرۈشكەن ئاشۇ بالىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى، ئۇ چاغدىكىگە قارىغاندا كۆپ تەمكىنلىشىپ كەتكەندەك سەزدى. ئەمدى بىر يىل بولدى - دە، ۋاڭ لۇدا مۇشۇنچىۋالا چوڭ ئۆزگىرىش بوپتۇ، چېن دامو ۋاڭ لۇنىڭ لاياقەتلىك رازۋېدكىچى بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقىنىڭ ناھايىتى زورلىقىنى تېخىمۇ ھېس قىلدى. ئۇ ۋاڭ لۇغا رازىمەنلىك بىلەن قاراپ قويدى، ئەمما ۋاڭ لۇ ئوچۇق - ئاشكارىلا:
— ئادەتتە ئۇلار خىزمەت قىلغان چاغدىمۇ مۇشۇنداق زەھەرخەندىلىك قىلامدۇ؟ — دەپ سورىدى.
چېن دامو ماختىنىش تەلەپپۇزىدا:
— ھوي، بۇ گېپىڭىز قاملاشمىدى، نېمە ئۇ زەھەرخەندىلىك دېگەن، ئۇنى ئىجتىمائىي تەجرىبىسى مول، ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە دەيمىز، — دېدى.
ۋاڭ لۇ بۇنىڭغا قايىل بولمىدى.
— ئەمما ئۇلار ماڭا پىشقان جاھانكەزدىلەردەكلا بىلىنىۋاتىدۇ.
— قانداق، «موللا يوق يەردە موللىمەن، موللىنى كۆرسەم يولدىمەن» دېگەندەك ئىش بولۇۋاتامدۇ؟ سىزگە ئېيتىپ قوياي، ئۇلار جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئەڭ ئېسىل، ئەڭ ئۆتكۈر رازۋېدكىچىلىرى، ئۇلارنىڭ ج خ ئىشلىرىغا بولغان ساداقىتىنى كېيىن بىلىپ قالىسىز. ئاخىر بىر كۈنى ئۇلارنى ياقتۇرۇپ قالىسىز، ئۇلاردىن ئايرىلالمايسىز، ئۇلار بىلەن بىر جان - بىر تەن بولۇپ كېتىسىز، باشقا كۈن چۈشكەندە بىللە بولىدىغان ياخشى سەپداش، ئۆمۈرلۈك دوست بولۇپ قالىسىز، — دېدى چېن دامو كۈلۈپ قويۇپ.

ۋاڭ لۇ ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويۇپ:
— بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭىزغۇ، دەيمەن؟ — دېدى.
چېن دامو ئەستايىدىللىق بىلەن:
— ئازراقمۇ ئاشۇرۇۋەتمىدىم. چۈنكى سىز بۇ كوللېكتىپقا
تېخى سىڭىپ كېتەلمىدىڭىز، تېخى ئۇنى چوڭقۇر چۈشىنىپ كې-
تەلمىدىڭىز. ئىجتىمائىي تەجرىبىدىن ئېيتقاندا، سىز بۇ ئەترەتتە
تېخى باللار باغچىسى سەۋىيىسىدە، ئۆزىڭىزنى بۇ بىرنەچچە سوي-
مەككە تونۇتۇپ قويىمەن دېسىڭىز، ھەقىقىي بىڭسىڭىزنى كۆرسەت-
سىڭىز بولىدۇ. سىزگە بىر پەم ئۆگىتىپ قوياي، سىزنىڭ ئوقۇش
تارىخىڭىز كاتتىمغۇ؟ ئەگەر مۇشۇ جەھەتتە ئازراق يېڭى ھۈنەر
كۆرسىتەلىسىڭىز، ئۇلارنىڭ ھەممىسى «ۋاك» دەيدۇ، — دېدى.
ئىككىسى پاراڭلىشىۋاتقاندا، كۆپچىلىك تاماق قاچىلىرىنى
كۆتۈرۈپ قايتىپ كېلىشتى، چېن دامو ناھايىتى جىددىي ھالدا:
— تامىقىڭلارنى تېز يەڭلار، قورسىقىڭلارنى تويغۇزغاندىن
كېيىن ئالاقىلەشكۈچىنى تۇتۇش پىلانىنى مەسلىھەتلە-
شىۋالايلى، — دېدى.

## 2

ئەركىننىڭ ئالاقىچى بىلەن كۆرۈشىدىغان ۋاقتى چۈشتىن
كېيىن سائەت ئۈچ يېرىمدا، ئورنى جەنۇبىي شىنجاڭ مەسچىتى
مەيداندىكى ستوبىلنىڭ تۈۋىدە ئىدى. چېن دامو ئۆمەر بىلەن
ۋاڭ لۈنى ئۇچراشتۇرماسلىقنى ئويلىغانلىقتىن، ۋاڭ لۈنى مەس-
چىتنىڭ ئۇدۇلىدىكى جايغا، ئەتراپنى قوغداشقا ئورۇنلاشتۇردى.
ئۆمەر يەنە شۇ تۇتۇلغان كۈندىكىدەكلا مۆرىمەي جىم تۇراتتى.
ئۇنىڭ كۆڭلىنى قاتتىق ۋەھىمە قاپلىغانىدى، ئۇنىڭغا مەلۇمكى،
ئالاقىچى ھىيلىگەر ۋە ياۋۇز بىرنېمە ئىدى، ئۆزىنىڭ سېتىۋېتىل-
گەنلىكىنى بىلىپلا قالسا چوقۇم ئۆچ ئالاتتى. ساقچىلار ئۇنى
تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇ ساقچىلارغا چىش پاستىسى سىققاندەك
پوزىتسىيە بىلەن تاقابىل تۇرۇۋاتاتتى، ساقچىلار قاتتىق سۈرۈش-
تۈرسە، باشقا ئىشلارنى ئازراق تاپشۇراتتى؛ ساقچىلار بوشاپلا

قالسا، ئۇمۇ بوشىۋالاتتى. شۇ تاپتا ئۇ مۇشۇ يولغا چۈشۈپ قالغى-نىدىن ناھايىتى پۇشايمان قىلىۋاتاتتى، ئەمما، پۇشايمان قىلىسىمۇ كېچىككەنىدى. ئۇنىڭ قەلبى لەختە ـ لەختە بولۇپ كەتكەنىدى.
يالقۇن ئۆمەرنى بىر چەتكە چاقىرىپ:
ــ مۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ، سەن مېيىت نامىزىغا كېتىۋا-تامسەن؟ ئالاقىچى مەندىن گۇمانلانسۇن دەمسەن‌يا؟ ھاجەتخا-نىغا تاشلىۋەتكەن تاشتەك ئۆزۈڭنى يەنە بىر قېتىم رەسۋا قىلاي دەمسەن يا ــ دېدى.
يالقۇننىڭ دېگىنى دۇرۇس ئىدى، ئۆمەرنىڭ قەلبىنى بىر ئۈمىدسىزلىك مۇجۇپ ئۆتتى، ئۇ ئاخىر: ھەقىقەتەن ئامال قىلال-مىغاندا، ئالاقىچىدىن كەچمەيمۇ بولمىدى، قالغان ھېچنېمىنى ئۇقمايمەن، دېگەن يەرگە كەلدى.
كۆرۈشۈش ۋاقتىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئۆمەر ئۈچىسى-غا تېگى قىزىل كاتەكچە كۆڭلەك، ئاستىغا قارا بۇرۇلكا، بېشىغا تۈت قىرلىق كۆكۈچ دوپپا كىيىدىغان، بۇ دوپپىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە بىر تال مەڭگەن يىپنچە قىستۇرۇپ قويۇلىدىغان بولغان. ئالاقىچى 20 نەچچە مېتىر نېرىدىنلا بۇ سارغۇچ مەڭگەننى كۆرەلەيتتى.
يالقۇن سارغۇچ مەڭگەن قىستۇرۇلغان تۆت قىرلىق دوپپىنى ئۆمەرگە ئۇزىتىپ:
ــ كىيىۋال، ــ دەپ سۆيلىدى.
ئۆمەر نائىلاج ئۇنى بېشىغا كىيىۋالدى. يالقۇن ئاگاھلاندۇ-رۇپ:
ــ سەندىن يەنە بىر قېتىم سوراي، سىلەرنىڭ كۆرۈشىدىغان مەخپىي بەلگەڭلار بويىچە، سەن مۇشۇ سارغۇچ مەڭگەن قىستۇرۇل-غان تۆت قىرلىق دوپپىنى كىيىپ، ستوبىلنىڭ تۈۋىدە تۇرماقچى بولغان، شۇنداقمۇ؟ ــ دېدى.
ئۆمەر بېشىنى لىڭشىتىپ ئېتىراپ قىلدى.
ــ ئۇنداق بولسا ياخشى، ئەمدى ئېسىڭدە تۇت، بىز ئالاقى-چىنى تونۇمايمىز، ئەمما ئۇ سېنى تونۇيدۇ. بېشىڭدىكى بۇ دوپپى-نى تونۇيدۇ. سىلەر كۆرۈشكەندە، يېنىڭدا ئالاقىچى تۇرغان بول-سا، دوپپاڭنى ئېلىۋەت. بىز مەخپىي بەلگىنى كۆرۈپلا قول سال-

مىز؛ ئەگەر سەن دوپپاڭنى ئالمىساڭ، يېنىڭدا تۇرغان كىشىنىڭ ئالاقىچى ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، چۈشەندىڭمۇ؟ — دېدى يالقۇن تاپىلاپ.

ئۆمەر چىرايى تاتارغان ھالدا ھېلىقى دوپپىنى يەنە تەبىئىيلا ئېلىۋەتتى، ئۇنىڭ قولى تىترەپ تۇراتتى، ئۇنىڭغا نىسبەتەن، ئۆز تەشكىلاتىغا خىيانەت قىلىش نېمىلا دېگەنبىلەن شەرەپلىك ئىش ئەمەس ئىدى. چېگرا ئىچىدىكى ئالاقىچىنى سېتىۋېتىشنىڭ ئۆزىگە قانداق ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقى، ھازىر دىن باشلاپ ئۆزىنىڭ خاتىرجەم ياشىيالمايدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. چۈنكى، چېگرا سىرتىدىكى تېررورچىلار تەشكىلاتى ئۇنى قويۇۋەتمەيتتى، چېگرىنىڭ ئىچىدىكى ئالاقىچىمۇ ئۇنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيتتى.

يالقۇن پەس ئاۋازدا:

— يەنە ئېلىۋەتتىڭمۇ؟ كىيىۋال، شامال تېگىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىل، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر دوپپىسىنى ئىككىنچىلەپ راۋۇرۇس كىيىۋالدى.

بۈگۈن جۈمە ئىدى، جەنۇبىي شىنجاڭ مەسچىتىگە كىرىپ ناماز ئۆتەيدىغان مۇسۇلمانلار ئۈچ مىڭ كىشىدىن ئاشاتتى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە، ئەركىن بىلەن شىرئەلى يوغان ساقال قويۇۋالغان، ئۇچىسىغا ئۆزۈن چاپان كىيىۋالغان قىياپەتتە كىشىلەر توپىغا ئەگىشىپ جەنۇبىي شىنجاڭ مەسچىتىگە كىردى.

ئەركىن بىلەن شىرئەلى ئاللىقاچان كۆرۈشكەنىدى. بىر يىل داۋامىدا ئۇلار غەربتىكى مەلۇم چوڭ دۆلەتتىكى مەخپىي تەشكىلاتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن كۆچ توپلاپ ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغانىدى. بىرنەچچە كۈن ئاۋۋال ئەركىن شىرئەلىگە ئۆزىنىڭ ئۇنى ئېلىپ چېگرا سىرتىدىن كەلگەن بىر ئالاقىچى بىلەن كۆرۈشتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

ئەركىن بىلەن شىرئەلى ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى پات - پات كۆزىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئەتەي دەرۋازىغا ئەڭ يېقىن جايدا تۇرۇۋالدى. سائەت ئۈچ يېرىملاردا مۇسۇلمانلارنىڭ نامىزى ئاخىرلاشتى، ئۇلار دەرھال كىشىلەر توپىغا قوشۇلۇپ مەسچىتنىڭ

سىرتىغا قاراپ ماڭدى، مۇشۇ چاغدا، ئەركىن لەپپىدە قاراپلا ستوبىل تۈۋىدە تۇرغان ئۆمەرنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ «تۆت قىرلىق دوپپىسى» دىكى سارغۇچ مەڭگەننى كۆرۈپ قالدى. توغرا، ئالاقىدىچى شۇ ئىكەن. ئەمما، ئۇ دەرھال بىرىپ ئالاقىچى بىلەن كۆرۈشمىدى، سەل ئىككىلىنىپ قىلىپ شىرئەلىنى كۆرۈشۈپ كىلىشكە ئەۋەتتى. چۈنكى، ئۇ ستوبىلىنىڭ تۈۋىدە تۇرغان ئۆمەرنىڭ چىرايى باشقىچىرەك تۇرغانلىقىنى سەزدى. قەيەردىن چاتاق چىققاندۇ؟ ئۇ تېخى بۇنىڭغا بىر نىمە دىيەلمەيتتى. ئۇ ئۆمەرگە مىختەك تىكىلدى، چۈنكى ئەھۋالنى كۆزىتىپ، ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەشكە موھتاج ئىدى.

شىرئەلى ئاستا مىڭىپ ئۆمەرنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇ پەرۋاسىز قىياپەتتە:

— بۇ يىلقى مەشرەپ يەنىلا ئورمىدىن كىيىن ئۆتكۈزۈلەمدۇ؟ — دەپ سورىدى. بۇ بىر ئىشارەت ئىدى! ئۆمەر چۆچۈپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر ئۇنىڭ ئىشارىتىگە:

— كۈزدىكى زاۋالدىن كىيىن، — دەپ ئىشارەت قايتۇردى.

شىرئەلىنىڭ كۆڭلى تىندى. ئۇ ئەتراپىدىكى ھەرىكەتلەرنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزەتكەچ مەسچىتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يوشۇرۇنۇۋالغان ئەركىنگە قاراپ قويىدى، ئەركىن شىرئەلىنىڭ كۆزىدىن ئالاقىلىشىپ بولغانلىقىنى ئۇقتى، ئۇ ئىشەنچ بىلەن ئۇلارغا قاراپ ماڭدى.

ئۆمەر ئاچقۇچلۇق پەيتتە قورقۇنچاقلىق قىلدى، ئاسىيلىق قىلماقچى بولدى، ئۇ توساتتىن تۆت قىرلىق دوپپىدىكى سارغۇچ مەڭگەننى يۇلۇۋېلىپ تاشلىۋەتتى. ئالاقىچى شۇئانلا چۈشەندى: سارغۇچ مەڭگەننى يۇلۇۋەتكىنى ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلايتتى. شىرئەلى پەرتىندە قاچتى. ئۆمەرگە ئەڭ يېقىن يەردىكى ما جيەنجۇڭ شىرئەلىنى ئالاقىچى دەپ ھىسابلاپ، ئۇشتۇمتۇتلا شىرئەلىنىڭ يان تەرىپىدىن ئېتىلىپ باردى - دە، ئىككى پۇتىدىن قوچاقلىۋېلىپ ئالدىغا بىرلا ئىتتىرىپ ئۇنى يىقىتتى، ئۆزىمۇ ئۇ-

نىڭغا ئەگىشىپلا يىقىلدى. مۇشۇ تەرەپكە يېقىنلىشىۋاتقان ئەركىن ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ بۇرۇلۇپلا مەسچىتنىڭ ئىچىگە قاراپ قاچتى. ئەتراپقا يوشۇرۇنۇۋالغان رازۋېدكىچىلار يېقىنلا بىر يەردە كىشىلەرنىڭ يۈگۈرۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپلا، نىشاننىڭ ئالدىدا ئىكەنلىكىنى دەرھال پەملىدى ـ دە، شۇ ياققا قوغلاپ كېتىشتى.

ما جيەنجۈڭ ئېتىلىپ بېرىپ شىرئەلىنى يىقىتقان بولسىمۇ، ئەمما شىرئەلى بىر پۇتىنى تارتىۋېلىپ، تېپىچەكلەپ ئۆمىلىگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇۋالدى. بۇ چاغدا، ما جيەنجۈڭمۇ ئۆمىلەپ ئورنىدىن تۇردى، ئەمما ئۇ تېخى ئۆزىنى رۇسلىۋالالماي تۇرۇپلا، شىرئەلى كەينىگە بۇرۇلۇپ ما جيەنجۈڭنى بىر چەتتە تۇرغان ئۆمەرگە قارىتىپ كۈچەپ ئىتتىرىۋەتتى، ئۆمەر بىلەن ما جيەنجۈڭ يىقىلىپ چۈشتى، شىرئەلى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شارتتىدىلا توپنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالدى ـ دە، بىردەمدىلا غايىب بولدى. يالقۇن بىلەن ئەلى ئېسىنى يىغىپ قوغلىماقچى بولغىنىدا، قالايمىقانلىشىپ كەتكەن كىشىلەر توپىدىن توسۇلۇپ قالدى.

ئەركىن مەسچىتكە قېچىپ كىرىۋېلىپ، دەرھال يالغان ساقىلى بىلەن چاپىنىنى يىغىشتۇرۇۋەتتى، ئاندىن دەررۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ كىشىلەر توپى بىلەن بىللە مەسچىتتىن چىقتى.

چېن دامو بىلەن ۋاڭ لۇ قاتارلىق كىشىلەر قوغلاپ مەسچىت دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە توساتتىنلا نىشاننى يوقىتىپ قويدى، ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇزۇن چاپان كىيىۋالغان، يوغان ساقال قويۇۋالغان ياكى ساقال قويمىغانىدى، ئالاقچى كىم بولدى؟ بۇ ئىش ئۇشتۇمتۇتلا بولغاچقا، ئۇلار ئالاقىچىنى قاراپ تۇرۇپلا كۆز ئالدىدىن قاچۇرۇپ قويدى.

ئەلى ما جيەنجۈڭنى تۆھپىنىڭ بېشىنى تالىشىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، قولغا ئېلىشنى يوققا چىقاردىڭ، دەپ ئەيىبلىدى.

ما جيەنجۈڭمۇ خىجىل بولدى، ئەمما ئۇ ئەلىنىڭ ئۆزىنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدىلا ئەيىبلىگەنلىكىدىن ناھايىتى تېرىكىپ، ئۆمەرنى دەسسەپ چەيلىۋەتكۈسى كەلدى.

جۇڭ چېڭ تېلېفوندىن قولغا ئېلىشنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى

ئۇققانىدى، ئۇمۇ ناھايىتى ئاچچىقلاندى، ئۇ رازۋېدكىچىلارنى بىر-نېمە دېمەي، يالغۇز چېن داموغىلا كايىدى:
— ئۆمەر دېگەن بوش نەرسىما؟ ئۇ چېگرا سىرتىدا تەلىم - تەربىيە كۆرگەن، قارشى رازۋېدكا قىلىشنى بىلىدۇ. ئەمما، بىزمۇ ئۇنىڭ ئاسىيلىق قىلىشىدىن قورقۇپ قالمايمىز، ئۇنىڭ بۇرنىغا يەيدىغان ۋاقتى بار! بۇ ئالاقىچىنى تۇتالمىغان بول-ساق، كېيىن يەنە تۇتساق بولىدۇ، ئۇ بىزنىڭ تەسىر دائىرىمىزدە ھەرىكەتلىنىۋاتسا، يەنە ئۇنىڭ قويرۇقىنى تۇتقۇزماسلىقىدىن قور-قامتۇق؟
— باشلىق، ئۆمەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىمىز؟ — دەپ خىجالەتچىلىك بىلەن يولىيورۇق سورىدى چېن دامو.
جۇڭ چېڭ سەل ئويلىنىۋېلىپ مۇنداق دېدى:
— بۇ ئادەمدە ئىدىيىۋى داۋالغۇش سەل تېز ئىكەن، بىزنى بۇرنىمىزدىن سۆرىسە بىر قېتىم مېڭىپ ساپتۇق، ئىككىنچىلەپ زىيان تارتىشقا بولمايدۇ. ئۇنى ھازىرچە تۇتۇپ تۇرغان بىلەنمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يەنە بىرنېمە دېگۈزۈش ناھايىتى تەسكە توختاي-دۇ. بۇ ئىشتا ئالدىمىزغا قاراشقا توغرا كېلىدۇ. ئالاقىچى قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما سىلەر ئۆمەرنى ياخشى ئىشلەتسەڭلار غەلى-بە قىلالايسىلەر، مېنىڭ تەكلىپىم شۇكى، ئاۋۋال ئۇنى قويۇۋې-تىڭلار، ئۇنىڭغا سىياسەتنى سۆزلەڭلار، ئۆزىنىڭ كەچۈرگۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلدۈرۈڭلار، ئۇنىڭ ئۆيىگە قايتىپ بالا - چاقىلىرىنى كۆرۈۋېلىشىغا يول قويۇڭلار، ئۇنىڭدا گۇناھىنى تىلەپ تۆھپە يارىتىش روھىي ھالىتىنى پەيدا قىلىڭلار، ئاندىن ئالاقىچىنى سۆرەپ چىقىڭلار.
جۇڭ چېڭ پەۋقۇلئاددە پىكىر قىلاتتى، ئۇ پىكىرلىرىنى ئىپتىقاندا ھەمىشە كۆپچىلىكنى ھاڭ - تاڭ قالدۇراتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ پەرەزلىرىنىڭ كۆپىنچىسى توغرا چىقاتتى، ئەمما ئۇ مۇشۇ ئىشتا كەتكۈزۈپ قويغانىدى.

## 3

ۋاڭ لۇ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش 1 - ئەترىتىگە كەلگەندىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق قولغا ئېلىش ھەرىكىتىگە ناھايىتى خۇ-

شاللىق بىلەن قاتناشتى، ئەمما بۇ، ئۆيلىمىغان يەردىن مەغلۇپ بولدى. مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى تۆۋەنلەپ كەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇ مۇشۇ دېلونى دەپ كامىردا بىرنەچچە كۈن تۇردى، شۇڭا ئۇ بۇنىڭدىن ناھايىتى زور ئۈمىد كۈتكەنىدى.

چېن دامو ۋاڭ لۇنىڭ خىيالىنى بىلىۋالغاندەك، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— بۈگۈن كۆرۈنگەن ئەھۋالمۇ بولۇپ تۇرىدىغان ئىش، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەردىمۇ خالىي بولغىلى بولمايدۇ، بەك ئېغىر ئېلىپ كەتمەڭ، — دېدى.

ئەلى شېتىلىلىك بىلەن ۋاڭ لۇنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ:

— سەتەڭ ئاكا، بۈگۈن كەچ مەن بىلەن مېڭىڭ، ئىچ پۇشۇقىڭىزنى چىقىرىپ قوياي، — دېدى.

— ئوبدان ئۇخلىمىغىلى، بىرنەچچە كۈن بولدى، ياتىقىمغا قايتىپ ئارام ئالاي، — دېدى ۋاڭ لۇ سەۋەب كۆرسىتىپ.

— كىم سىزنى ئارام ئالغۇزمايمەن دەپتۇ؟ مەن ئۆيۈڭىزنىڭ سۇپىتىنى ئۈستۈرۈپ قوياي دەۋاتىمەن، — دېدى ئەلى غەيرىي تەلەپپۇزدا.

ئەلى ۋاڭ لۇنى ئېغىز ئاچقۇزمايلا تارتىپ ماڭدى، موتىسىكلىتقا چىقىپ ئاندىن كۆڭلىدىكىنى ئاشكارىلىدى:

— بۈگۈن كەچ ئوچا كەنتى ساغاردى ئۆتكۈزىدىكەن، بۇ خەلق ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى قىزىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى. سىزگە دەپ قوياي، بىر مۇنچە چىرايلىق قىزلار كېلىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ، كۆزىڭىزنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىشقا ھازىرلىق كۆرۈپ قويۇڭ.

— «ساغاردى» دېگەن نېمە؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ لۇ قىزىقىپ.

— سىزگە چۈشەندۈرۈپ بولالمايمەن، ئىلەڭگۈچ ئۇچقانغا ئوخشاپ كېتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئەلى سەل ئويلىنىۋېلىپ.

ئوچا كەنتى قەشقەر شەھىرىدىن ئۈچ كىلومېتىرمۇ كەلمەيدىغان، قەشقەر شەھىرىگە ئەڭ يېقىن كەنت ئىدى.

قەشقەردىكى ھەممە يېزىلارغا ئوخشاشلا، ئوچا كەنتىدىكى كۆ-
ڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. بولۇپمۇ، كەچ
كۈزدە ئۆتكۈزۈلىدىغان «ساغاردى» نى كەنتتىكى پۇقرالار تولىمۇ
ياقتۇراتتى. شۇ كۈنى كەچقۇرۇن كەنت ئاھالىسى كەچلىك تامىقىد-
نى يەپ بولۇپ، كەنت بېشىدىكى يوغان بىر ئوتلاقتا زور قىزىقىش
بىلەن يىغىلدى. كەنتتىكى ياش قاۋۇل كىشىلەر ئالدى بىلەن
ناھايىتى چوڭقۇر بىر ئورەك كولىدى، ئاندىن ئېگىزلىكى 30
مېتىردەك كېلىدىغان ياغاچنى ئورەككە كۆمدى. كەنتتىكى يېشى
چوڭراق بىر مويسىپىت بىر، ئىككى، ئۈچ دەپ بىر ۋارقىرىۋىدى،
كۆپچىلىك بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ ياغاچنى تىكلىدى. ئېگىز
ياغاچ خۇددى ستوبىلدەك جامائەتنىڭ كۆچى بىلەن ئۆرە بولدى،
سىنچىلاپ قارىسىڭىز، ياغاچنىڭ ئۇچىغا ماشىنىنىڭ رولىدەك يا-
غاچ چاق ئورنىتىلغانلىقى، چاقنىڭ تۆت تەرىپىگە ئۇزۇن ۋە توم
ئارغامچىدىن تۆتى باغلانغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ ئارغامچىلار
ئەمەلىيەتتە ئىلەڭگۈچ ئۈچۈنلا ئىشلىتىلەتتى. ئالدىراپ كەتكەن
ياشلار بەس - بەس بىلەن ئارغامچىنى تالىشىپ قولىغا ئېلىۋالغاند-
ىن كېيىن، تاقەتسىزلىك بىلەن بۇ ياغاچنى چۆرىدەپ بەزىدە
ئېگىز، بەزىدە پەس ئۈچۈشقا باشلىدى.

ساغاردىنىڭ تۈۋىگە يىغىلغان كەنت ئاھالىسى بارغانسېرى كۆ-
پەيدى. مەيداننى قىزىتىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرەيلەن
قالۇن بىلەن لەرزان كۈيلەرنى چالغىلى تۇردى، ئارقىدىن
چوڭ - كىچىك داپلار بىرلىكتە چېلىنىپ، ھەر خىل خەلق چالغۇ-
لىرىدىن تەركىب تاپقان مۇزىكا ئەترىتىمۇ ئۇسسۇل مۇزىكىسىغا
چېلىنىشقا باشلىدى.

ئەلى بىلەن ۋاڭ لۇ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە ساغاردى پائالى-
يىتى ئەمدىلا باشلانغانىدى.

ئەلى تاقەتسىزلىك بىلەن ۋاڭ لۇنى تارتىپ ساغاردىنىڭ تۈۋىگە
قىستاپ كىردى، ئۇ تەجرىبىسىنى تونۇشتۇرۇپ:

— بۇ نۆۋەتتىكى ماھىرلار چۈشكەندىن كېيىن، دەررۇ بىر
تال ئارغامچىنى ئېلىۋېلىڭ. قاراڭ، قانچىلىگەن چىرايلىق قىزلار
ماڭا تىكىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ! ئۆزىڭىزنى ئوبدانراق كۆرسىتىپ قو-

يۇلۇڭ، كىم ھەممىدىن ئېگىز ئۇچسا، قىزلار شۇنى ياقتۇرۇپ قالىدۇ. ھېلى سىزگە ئېتىبار بېرىپ يۈرمەيمەن، ئىككىمىز ئادىل رىقابەتلىشىشىمىز كېرەك، — دېدى.

ئەلى ھەر يىلى دېگۈدەك بۇ خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، ئۇچۇشتا پىشىپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ بۈگۈن ئاخشام ئۆزىنىڭ كەنت چولپىنىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تولۇق ئىشەنچ قىلاتتى. ۋاڭ لۇ ئېگىزگە بىردەم قارىۋەتكەندىن كېيىن، بۇ كىچىك ۋاقتىمدا بالىلار باغچىسىدا دائىم ئوينىغان ئىلەڭگۈچ ئۇچۇش ئويۇنىغۇ؟ دەپ ئويلىدى. ساقچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش بازىسىدا دالىدا ياشاش مەشىقىنى قوبۇل قىلغاندا، ئۇ بىر تال ئارغامچىغا تايىنىپ بۇ تاغدىن ئۇ تاغقا ئۆتۈش دەرسىدە تولۇق نومۇر ئالغانىدى. ۋاڭ لۇ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ھەرىكەتلەرنى ياخشى كۆرەتتى.

ئالدىنقى نۆۋەتلىك ماھىرلارنىڭ پۈتى ئەمدىلا يەرگە تېگىشىگە، ئەلى بىلەن ۋاڭ لۇ ئالدىراپ مەيدانغا چۈشتى. باشقا ئىككى ماھىرمۇ ئىشەنچ بىلەن ئارغامچىنى قولىغا ئېلىۋالدى. ئۇلار قىزلارنىڭ ئۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى سەزدى.

ئويۇن باشلانغاندىن كېيىن، تۆتەيلەن باشتا تەڭ كېلىپ قالدى، ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەلى ئېگىزلەپ كەتتى، ئەمما كېيىنرەك ۋاڭ لۇ مەيداندىكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان چولپان بولۇپ قالدى. قىزلارنىڭ كۆزى پۈتۈنلەي قاملاشقان بۇ بەستلىك يىگىتكە مەركەزلەشتى.

تاماشا كۆرۈۋاتقان كىشىلەر ئارىسىدا بىرەيلەننىڭ چىرايلىق بوتا كۆزلىرى باشتىن - ئاخىر ئايلىنىۋاتقان ۋاڭ لۇغا تىكىلگەنىدى. بۇ بىر ئۇيغۇر قىزى ئىدى، ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى شۇ جايدىكى قىزلارنىڭكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمىسىمۇ، ئەمما قاشلىرى ئارىسىدىن باشقىچە بىر پەزىلەت چىقىپ تۇراتتى. ۋاڭ لۇ ئوتتۇرىغا بالقىپ چىقىشى بىلەنلا، ئۇ ۋاڭ لۇغا مەھلىيا بولۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭغا بوشلۇقتا ئۇچۇۋاتقان مەردانە، تىنىمسىز يىگىت شۇنداق ئەركىن، شۇنداق ياشلىقى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان تۇيۇلدى. ئۇنىڭ قاملاشقانلىقى بەئەينى دۇنيا پۇتبول چولپىنى ئەنگلىيىلىك

بىكھامغا ياكى پورتىگالىيىلىك فىكوغا ئوخشاش، ئايال توپ مەستا-
نىلىرىنى مەجنۇن قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭمۇ مەجنۇنلۇق ھالىتىگە
يېقىنلىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئەگەر ئۇنىڭ شۇ تاپتا مۇ-
ھىم ئىشى بولمىغان بولسا، ھەقىقەتەنمۇ ئۇنى تەشەببۇسكارلىق
بىلەن ئۇسسۇلغا تارتقۇسى كەلگەنىدى. مۇبادا، مۇشۇنداق قاملاش-
قان ئەر كىشى بىلەن ئۇسسۇل ئوينىيالىغان بولسىمۇ، ھاياتىدىكى
چوڭ بىر بەھرىلىنىش بولۇپ قالاتتى. قىز بالا سەل ئەپسۇسلانغى-
نىچە سورۇندىن ئاستاغىنە ئايرىلدى.

باركاللا ساداسى ۋە قىقاس - چۇقانلار ئىچىدە ۋاڭ لۇ بار
كۈرۈپپىدىكىلەرنىڭ ئويۇنى ئاخىرلاشتى. ۋاڭ لۇ چىپىلداپ تەر-
لەپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ بۇرۇنقى مەيۇسلۇكىدىن ئەسەرمۇ قالمىغا-
نىدى. ئەلى ئوڭايسىزلانغان ھالدا ۋاڭ لۇغا:

— قاراڭ، سىزنى چولپان قىلىمەن دەپ، بۈگۈن ئاخشام
شۇنداق پىداكار بولۇپ كەتتىم، ئابرۇي ۋە ئورۇنىنىڭ ھەممىسىنى
سىزدەك يېڭى ئادەمگە ئۆتۈنۈۋەتتىم، — دېدى.

ۋاڭ لۇ پىخىلداپ كۈلۈپ:

— مەنغۇ توختىتىۋالاي دېگەن، ئەمما توختىتىۋالغىلى بولماي-
دىكەن ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

ئەلى ئەمەلىيەتتە قارنى - كۆكسى كەڭ ئادەم ئىدى، ھېچنېمە
بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايتتى. ئۇ تەرلىرىنى سۈرتۈۋاتقان ۋاڭ
لۇدىن ئاستاغىنە سورىدى:

— ھەي، قاراڭە، نۇرغۇن قىزلار سىزگە تىكىلىۋاتىدۇ،
سىزنىڭچە قايسىنسى چىرايلىق ئىكەن؟

— كۆزۈمگە تەر كىرىپ كېتىپ ئېنىق كۆرەلمىدىم، —
دېدى ۋاڭ لۇ.

— دەرھال سۈرتۈۋەتمەمسىز، تېزدىن قاراپ چىقىڭ، —
دېدى ئەلى.

ۋاڭ لۇ يەنىلا تەرلىرىنى سۈرتۈۋاتاتتى، ئەلى ئۇنى كۈتۈپ
تۇرالمىدى، ئۇ «ئوۋ» دەپ ۋارقىراپ قويۇپ، پۇت - قوللىرىنى
ئوينىتىپ قىزلارنىڭ ئارىسىغا ئېتىلىپلا كىرىپ كەتتى. ئەمما ۋاڭ
لۇغا قاراپ چىرايىنى پۇرۇشتۇرۇپ قويۇشنى ئۇنتۇمىدى.

— «سارغايدى» ئويناشتا سىزگە ئۇتتۇرۇپ قويدۇم، لېكىن ئۇسسۇل ئويناشتا مەن ئەڭ نوچىسى، ئىشەنمىسىڭىز، يەنە بەسلە- شىپ باقايلى، — دېدى ئۇ.

ۋاڭ لو قولىنى پۇلاڭلىتىپ، ئۆزىڭىز بېرىپ ئويناۋېرىڭ دېگەننى ئىشارەت قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ زور دەرىجىدە ھاردۇقى چىققانلىقىنى، كەيپىياتىنىڭ ئىزىغا چۈشكەنلىكىنى سەزدى، ئۇ- نىڭ دەرھال ئىش ئۇستىلى ئالدىغا قايتىپ بېرىپ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى تېپىپ، يېزىق ۋە شەكىللەر ئارقىلىق بۇ قېتىمقى قولغا ئېلىشنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنى ئانالىز قىلغۇسى كەلدى.

قىز بالا ئاۋات ئوچا كەنتىدىن قىيماسلىق ئىچىدە ئايرىلىپ، قاراڭغۇ كېچىدە يالغۇز كېتىۋاتاتتى. قويۇق يېزا پۇرىقىنى ھىد- لاپ، ئۇنىڭ كۆڭلى قەۋەتلا يايراپ كېتىۋاتاتتى. شۇ تاپتا، ئۇ ساددا قىزلىق دەۋرىگە قايتقاندەك بولغانىدى، نېمىدېگەن ياخشى - ھە، غەم - ئەندىشە يوق، ھايات خۇشاللىققا تولغان. ئۇ ئىختىيارسىزلا قىزلىق دەۋرىدە ئۆگىنىۋالغان «قىزىلگۈل» دېگەن ناخشىنى غىڭ- شىشقا ھەمدە ھاياجانلىنىپ ئۇسسۇل ئويناپ كەتتى، ئۇ ئۇسسۇلنى ئۆزىنىڭ يۇرتىغا قاراپ ئويناۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بىپا- يان كېچە ئاسمىنى ئىدى. بىپايان كېچە ئاسمىنى ئاستىدا، ئۇ قىزغىنلىقى ئۇرغۇپ تۇرغان شۇنداقلا گۈزەل ئۇسسۇلچى ئىدى.

قىز بالا ئۆز دۇنياسىغا چۆمۈلۈپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندا، قولغا توقماق ئېلىۋالغان ئۈچ بەستلىك ئەر كىشى توساتتىنلا يول بويىدىكى ئاق تېرەكلىكتىن سەكرەپ چىقىپ، ئۇنى توسۇۋالدى. قىز بالا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى، ئەمما قورقۇپ قالمىدى. ئۇ قەدىمىنى ئاستا - ئاستا توختاتتى. قارىماققا ئاجىز كۆرۈنىدىغان بىر قىزنى ھېچكىم ئالاھىدە بىلىپ كەتمەيتتى.

بەستلىك كەلگەن ھېلىقى ئۈچ ئەر كىشى ناھايىتى خىرامانلىق ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ھەي قىز، پۇلغا يارايدىغان نەرسەڭنىڭ ھەممىسىنى چىقار، توغرا، يەنە زىننەت بۇيۇملىرىڭنىمۇ قويۇپ قوي، — دېدى.

ئەگەر قىز بالا يەنە شۇ ئەينى يىللاردىكى ساددا يېزا قىزى بولغان بولسا، چوقۇم قورقۇپ ھالىدىن كەتكەن بولاتتى، ئەمما ھازىرقى ئۇ، ئۇ چاغدىكىگە ئوخشىمايتتى. ئۇ مىدىر - سىدىر قىلمىدى، كۆڭلىدە قانداق قىلىپ ئۇلارنى بالدۇرراق يولغا سېلى-ۋېتىشنى ئويلىدى، لېكىن بۈگۈن ئۇلاردىن قۇتۇلغىلى بولمايدىغان-دەك تۇراتتى. ئۇلار بارا - بارا يېقىنلاشتى، يەنە 10 مېتىردەك ئارىلىق قالغاندا، توساتتىن بىر يىگىت ئارقا تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كەلدى ھەمدە:

— نېمە قىلماقچىسىلەر؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

ھېلىقىلار بىلەن قىز بالا قېتىپلا قېلىشتى. قىز بالىنى ئورىۋالغان لۈكچەكلەر دەرھال بۆرۈلۈپ، ھېلىقى يىگىتكە قاراش-تى. ئوتتۇرىدا تۇرغان لۈكچەك ئىككى تەرىپىدىكىلەرگە ئىشارەت قىلىپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئەبلەخ ئاغزىنى بۇزغىنىچە ھېلىقى يىگىتنى قورشاپ كەلدى. يىگىت ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئوڭ - سولنى كۆزىتىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە كەينىگە سەل داجىپ، دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلىش ھازىرلىقىنى كۆرۈپ قوي-دى. شۇ چاغدا، سول تەرەپتىن يىگىتكە يېقىن تۇرغان ئەبلەخ توساتتىنلا ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ، يىگىتنىڭ يۈزىگە قارىتىپ مۇشت ئاتتى، يىگىت سول قولىدا ئۇنىڭ قولىنى توسۇۋېلىپ، ئوڭ قولىدا ئۇدۇلدىن كەلتۈرۈپ بىر مۇشت سالدى، قارشى تەرەپ كەينىگە دەلدۈگۈنۈپ كەتتى. يىگىت غۇۋا يورۇقتا ئوڭ تەرەپتىكى ئەبلەخنىڭ ئېتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى، شۇنىڭ بى-لەن ئوڭ قولىدا ھېلىقى ئەبلەخنىڭ ياقىسىدىن كەينىچىلەپ تۇتۇ-ۋېلىپ بىرلا تارتتى - دە، ئۇنى سول تەرەپتىكى ئەبلەخكە سوقتۇ-رۇۋەتتى. شۇ چاغدا، ئوتتۇرىدىكى ئەبلەخ توقمىقىنى كۆتۈرگىنىچە ئېتىلىپ كېلىۋاتاتتى. يىگىت ئۆزىنى سەل قاچۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئوقتەك ئېتىلىپ بارغىنىچە ئوڭ پۇتى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ چاترىقىغا بىرنى تەپتى. قارشى تەرەپ شۇ زامانلا دوۋسۇ-نىنى قوش قوللاپ تۇتۇۋالغىنىچە زوڭزىيىپ قالدى. بۇ چاغدا، يىگىت يەنە سوقۇلۇپ بىنر يەرگە كېلىپ قالغان بىر ئەبلەخنىڭ ساغرىسىغا بىرنى تەپتى، تېپىك يېگەن ئەبلەخ ۋارقىراپ، ساغرى-

سىنى تۇتقىنىچە قاچتى. يەنە بىر ئەبلەخمۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، قاراڭغۇلۇققا قاراپ قاچتى. يىگىت بۇ ئەھۋالغا قاراپ، ئۇلۇق مۇشتىنى كۆتۈردى - دە، قورسىقىنى تۇتۇۋالغان ھېلىقى ئەبلەخكە:

— سەنمۇ يوقال! — دەپ ۋارقىرىدى.

خەۋپ - خەتەرمۇ شۇ تەرىقىدە ئاسانلا ئۆتۈپ كەتتى.

يىگىت ئالدىغا بىر نەچچە قەدەم قوغلاپ، ئۇلارنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئاندىن قىز بالىغا قاراپ ماڭدى.

قىز بالا ھەيرانلىق ۋە خۇشاللىقىدىن تولۇقۇپ تۇرۇپ:

— سىزمىدىڭىز؟ بايا ساغاردى ئوينىغان چېغىڭىزدىلا سىزنىڭ ھەممىدىن نوچىلىقىڭىزنى بىلگەن.

بۇ يىگىت ۋاڭ لۇ ئىدى، ئۇ پەرۋاسىزلىق بىلەن:

— كىچىككىنە قىز بالا تۇرۇپ، يۈرىكىڭىز ئەجەبمۇ چوڭ ئىكەن، — دېدى.

قىز بالا ئوپۇل - توپۇل مىننەتدارلىق بىلدۈردى:

— مېنى قۇتقۇزۇۋالغىنىڭىزغا رەھمەت. مۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى مەنمۇ ئۇقمىغان. ھەي، لېكىن، بۇ قېتىمقى تەۋەككۈلچىلىك تۈپەيلىدىن سىز بىلەن بىرگە مېڭىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بولسام، بۇمۇ ئەرزىگۈدەك.

ۋاڭ لۇ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ:

— سىزدەك قىز بالىنى ھەقىقەتەن كۆرمەپتىكەنمەن، ھېچ ئىش بولمىغاندەك! چاقچاق قىلىۋاتقىنىڭىزنى تېخى! — دېدى.

قىز بالا ئىنتايىن قايىل بولغان تەلەپپۇزدا:

— سىز ھەقىقەتەن قالتىس ئىكەنسىز، بىز تونۇشۇپ قالساق بولامدۇ؟ — دېدى.

ۋاڭ لۇ قىز بالىنىڭ قىزغىنلىقىغا پەرۋا قىلماي:

— سىز قەيەرگە بارىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— شەھەرگە كىرىمەن. سىزچۇ؟ — دېدى قىز بالا جاۋابەن.

ۋاڭ لۇ تاكسى توسايدىغان ئەلپازدا قولىنى سوزدى.

قىز بالا ۋاڭ لۇنى ئۆزى بىلەن بىللە ماشىنىغا ئولتۇرۇپ شەھەرگە قايتىدۇ دەپ ئويلىغانىدى، كىم بىلسۇن، ۋاڭ لۇ تاكسىد-

ـدىن بىرنى توسقاندىن كېيىن، قىز بالىغا جىددىي تەرزدە:
— ماشىنىغا چىقىڭ، — دەپ بۇيرۇق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يانچۇقىدىن بەش يۈەن پۇلنى چىقىرىپ شوپۇرغا تاشلاپ بەردى - دە: — ئۇنى قەشقەردىكى بارىمەن دېگەن يېرىگە ئاپىرىپ قويۇڭ، — دېدى. ئاندىن قىز بالىغا قولىنى پۇلاڭلىتىپ قويۇپ:
— خەير - خوش! — دېدى.
بۇگۈن كېچىدىكى تاسادىپىي ئۇچرىشىش قىز بالىغا ناھايىتى زور تەسىر قىلغانىدى، ئۇ ئۇزىنىڭ مۇنداق مەسئۇلىيەتچان يىگىت-كە ئۇچراپ قېلىشىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. شۇڭا ئۇ تىت - تىت بولۇپ:
— سىز نېمىشقا ماشىنىغا چىقمايسىز؟ — دەپ سورىدى.
— مەن يۈگۈرۈشكە ئادەتلەنگەن، — دېدى ۋاڭ لۇ جاۋابەن ھەمدە شوپۇرنى:
— ماڭمامسىز؟ — دەپ سۈيلىدى.
شوپۇر ماي كلاپانىنى بىرلا دەسسىۋىدى، ماشىنا قاراڭغۇ كېچىدە ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.
ۋاڭ لۇ يۈگۈرۈپ قايتىپ كېتىش نىيىتىگە كەلدى. جوڭ چېڭ ئۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مەكتەپ قورۇسىدا ئۇزۇنغا يۈگۈرۈشتە مۇسابىقىلەشكەن ئاشۇ كۈرۈنۈش تېخىچە ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئېغىر خورلۇق ھېسابىدا ساقلىنىۋاتاتتى. ئۇ ھەرقانداق پۇرسەتنى تۇتۇپ ئۇزۇنغا يۈگۈرۈشنى مەشىق قىلماقچىدى. شۇڭا ھېسابلاپ كۆرۈپ، ئۈچ كىلومېتىرلىق مۇساپىنى 15 مىنۇت ئىچىدە يۈگۈرۈپ بولۇشۇم كېرەك ئىكەن، دەپ ئويلىدى.
راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ بىر رازۋېدكىچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ناتونۇش كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرۇشنى خالىمايتتى. ئەكسىچە، بۇگۈن كەچ يۈز بەرگەن ئىشلارنى ھېچكىمنىڭ ئۇقماسلىقىنى، ھەممىسىنىڭ مۇشۇنداقلا ئۇتۇپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

# ئالتىنچى باب

## 1

68 ياشقا كىرگەن ئىبراھىم بوستان شەھەرلىك سىياسىي
كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ئورنىدا يەنىلا مەھكەم ئولتۇرۇۋاتات-
تى. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۇ ئۆيىدىكى كارىۋاتتا يېتىپ
نېرى ـ نېرىدىن بىئارام بولدى، نېمە سەۋەبتىندۇر ئوڭ قاپىقى
تىنماي تارتاتتى، قاپىقى تارتىۋېرىپ ئىچى پۇشۇپ كېتىپ، ئايالىغا
بىر نەچچە تال ياپيۇز يوپۇرمىقى تاپتۇرۇپ كېلىپ ئوڭ قاپىقىغا
چاپلاپ باقتى، ئەمما بۇ كارغا كەلمىدى، ئوڭ قاپىقى يەنىلا تىنماي
تارتىۋەردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قاپىقىغا ئىككى تال سەرەڭگە ياغىچە-
نى تىرەپ قويدى، بىرھازا ھەپىلىشىۋىدى بۇنىڭمۇ رولى بولمى-
دى، ئۇ: «بۈگۈن بىرەر ئىش بولامدۇ نېمە؟» دەپ ئويلاپ قالدى.
ئىبراھىمنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ چېچىنى بۇدۇر
قىلغۇزۇۋالغان، ئۇچىسىغا گۈللۈك چىت كۆڭلەك كىيىۋالغان،
يېشى 40 تىن ئاشقان قېيىنىنىسى يۇسۇپ كىرىپ كەلدى، ئۇ:
ـــ ئىشىك ئالدىدا بىر ئەر كىشى سىزدىن جەننەتتە ھىلال
ئاي بارمۇ دەپ سوراپ بېقىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ، ـــ
دېدى.
ـــ ھىلال ئاي؟ ـــ ئىبراھىم بىردىنلا ئۆرە بولۇپ، ئاۋازى-
نى پەس قىلىپ، ـــ ئۇنىڭغا ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى كەچقۇرۇن
ھىلال ئاي كۆرۈنىدۇ، دېگىن. ئەگەر ئۇ «ئاينى كۆردۈم» دەپ
جاۋاب بەرسە ئۇنى باشلاپ كىرگىن؛ ناۋادا، جاۋاب بېرەلمىسە،
ئىشىكنى چىڭ يېپىپ قوي، ـــ دېدى.
يۇسۇپ يېزنىسى ئىبراھىمنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە، كەلگەن
كىشى بىلەن سوئال قويۇشۇپ جاۋاب ئېلىشتى، كەلگەن كىشى
مەخپىي بەلگىگە توغرا جاۋاب بەردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كەلگەن

كىشىنى ئىبراھىمنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كىردى، ئاندىن ئۆزىنى سو-
رىغىنىچە چىقىپ كەتتى.

سۇپىدا ئولتۇرغان ئىبراھىم چۆچۈگەندەك بولۇپ، ھېچنېمە
دېمىدى، ئۇ تامدىكى قىزىلگۈل نۇسخىلىق گىلەمنى سىلاشتۇرۇپ،
كىچىككىنە بىر كۇنۇپكىنى تاپقاندىن كېيىن، ئاستاغىنە بېسىۋى-
دى، دېرىزىنىڭ چوڭلۇقىدەك بىر بوشلۇق پەيدا بولدى، ئەسلىدە
ئۇ ھېچكىم بىلمەيدىغان بىر ئىچكىرلىق ئۆي ئىدى. ئىبراھىم
ئۇنىڭغا كىرىپ كەتتى، ئەركىن ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. ئىك-
كىيلەن شوتا بىلەن پەسكە چۈشتى، تۆۋەندىكىسى ئىبراھىم ئۇن
نەچچە يىل ئىشلەتكەن خىلۋەت ئۆي ئىدى. ھېچكىم بىلمەيدىغان
بۇ ئۆي 20 كۋادرات مېتىر چىقاتتى، ئۇنىڭدا كارىۋات، كىتاب
ئىشكاپى، ئۇستەل چىرىغى، شامالدۇرغۇچ، يەنە بىۋاستە قورۇ-
نىڭ سىرتىدىكى يولغا تۇتىشىدىغان بىر چىقىش ئىغىزى بار ئىدى.

ئىككىسى ئۆزىنى توختىتىۋالغاندىن كېيىن، ئىبراھىم:

— دەرۋەقە سەنكەنسەن، يۇرىكىڭ ھەقىقەتەن چوڭكەن،
كۆپكۆندۈزدىلا مېنى ئىزدەپ كېلىشكە جۈرئەت قىپسەن، مەن
دېگەن ھۆكۈمەتنىڭ ئادىمى تۇرسام، — دېدى.

ئەركىن ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى:

— بولدىلا، ئۇستاز، سىز بىلەن بىزدەك ئادەملەر بۇسقا
ئايلىنىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، پۇرىقىمىز ئوخشايدۇ، ھېچقانداق
ئۆزگىرىش بولمايدۇ، — دېدى.

ئىبراھىم تەرىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ:

— چەت ئەلگە سىغمىدىڭمۇ؟ نېمىشقا قېچىپ كەلدىڭ؟ —
دەپ سورىدى.

ئەركىن ئۇنىڭ سۆزىگە تۈزىتىش قىلىپ:

— ئۇستاز، مەن قاچمىدىم، بەلكى ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا
چوڭ ئىشلارنى قىلغىلى قايتىپ كەلدىم. ئالىملار ھەرقانچە غەلۋە
قىلسىمۇ، باشقىلارنىڭ دۆلىتىدە، باشقىلارنىڭ يېرىدە تۇرىدۇ،
يەيدىغان - ئىچىدىغىنىنىمۇ، باشقىلارغا قول سوزۇپ سوراپ ئالى-
دۇ، ئىززەت - ھۆرمىتىمۇ بولمىغان بىر مىللەت قانداقمۇ دۆلەت-
نىڭ مۇستەقىللىقىدىن ئېغىز ئاچالىسۇن؟ مەن بۇلارنى كاللامدىن

ئۆتكۈزەلمىدىم، بۇ يول ئاقمايدىكەن دەپمۇ ئويلىدىم، شۇڭا قايتىپ كەلدىم، — دېدى.

ئىبراھىم ئىچىدىكى خۇشاللىقىنى بېسىۋالدى:

— ئۇنداق بولسا قانداق قىلماقچىسەن؟

ئەركىن جانلىق ۋە تەسىرلىك قىلىپ:

— سىزنىڭ تاپشۇرغىنىڭىز بويىچە «غازات» قىلىمەن. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز دۆلىتىنى قۇرىمەن. ئەمما مېنىڭ غايەم بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، مېنىڭچە، ئاخىرقى ھېسابتا «تۈركىستان ئىمپېرىيىسى» قۇرۇش ئارزۇيۇمغا يېتىمەن، — دېدى.

— ھە؟ سېنىڭ ئەتراپلىق پىلانىڭ بارمۇ؟ لېكىن مەن يەنىلا سېنىڭدەك ئوقۇغۇچىمدىن پەخىرلىنىمەن، ئوچۇقلارنىڭ ئارىسىدا پەقەت سېنىڭلا ئەڭ يارامىلىق ئىكەنلىكىڭنى، چوڭ ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىڭنى ئالىبقاچانلا پەملىگەنىدىم، سېنىڭ يېتىپ كېلىشىڭ مېنى روھلاندۇرۇۋەتتى. بىلىۋاتامسەن؟ — ئىبراھىم خۇشاللىق بىلەن باغرىنى ئېچىپ ئەركىن بىلەن مەھكەم قۇچاقلاشتى.

ئۇ كۆڭۈلدىكىدەك شاگىرتى جەنۇبىي شىنجاڭدا يوق چاغلاردا، غېرىبانە، يار - يۆلەكسىز، چوڭقۇر ئۆچمەنلىك بىلەن ئۆتكەنىدى. ئۇ ياندىن بۇ يانغا شاپاشلىغان، ھەج قىلغان، يەر ئاستى قۇرئان تەپسىر قىلىش ئورۇنلىرىنى ئاچقان، يەنە كېلىپ سىياسىي كېڭەشكە سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان بولسىمۇ، يەنىلا ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەنىدى، چۈنكى ساقچىلار ئۇنىڭغا مىختەك تىكىلىۋالغانىدى. بولۇپمۇ، ھېلىقى جۇڭ چىڭنىڭ ئۇنى بىر توقماق بىلەنلا ئۇجۇقتۇرۇۋەتكۈسى كەلگەنىدى. مانا ئەمدى ياخشى بولدى، شاگىرتى ئەركىن قايتىپ كەلدى، ئىبراھىم مېنىڭ بۇ قېرى جېنىم يەنە ئىشقا ئەسقاتىدىغان بولدى، دەپ ئويلىدى.

ئىبراھىم ئۇنى ئەيىبلىدى:

— نېمىشقا ئەمدى بولغاندا ئۆزۈڭنى كۆرسەتتىڭ؟ چېگرىدىن كىرگىنىڭگە بىر يىل بولۇپ قالغاندۇ؟

ئەركىن كۆڭلىدە دىتلاپ قويغىنى باردەك:

— ئەسلىدە ئازراق ئىش تەۋرىتىپ، ئاندىن ئۇستازىمدىن تەلىم ئالغىلى كېلەي دېگەنىدىم. ئەمما، ئىشلىرىم توساتتىنلا

قاملاشمىغلى تۇردى، شۇڭا ئۇستازىم بىلەن مۇددەتتىن بۇرۇن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم، — دېدى.

ئىبراھىم ئالدىراپ:

— قانداق چاتاق چىقتى؟ — دەپ سورىدى.

ئەركىن يوشۇرۇپ تۇرمايلا:

— بابا جېنىمدىن ئايرىلغىلى تاس قالدىم، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئىبراھىم كەمسىتكەندەك سورىدى:

— ئۇلار بىلەن تۇتىشا - تۇتاشمايلا يىقىلىپسەن - دە؟

ئەركىن تامغا قاراپ بىر ئۇھ تارتتى:

— ئەسلىدە ئۆزۈمنى يوشۇرۇن ئورۇندا، ئۇلارنى ئاشكارا ئورۇندا دەپ ئويلاپتىمەن، ئاشكارا ئورۇندىكىسىنىڭ ئۆزۈم ئىكەنلىكىمنى خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقماپتىكەنمەن، — دېدى.

ئىبراھىم شاگىرتىنىڭ دولىسىغا شاپىلاقلاپ قويۇپ:

— بىزنىڭ ئىشلىرىمىز نېمىدېگەن مۇشەققەتلىك! سېنىڭ ئۇلار بىلەن سىنىشىۋاتقىنىڭغا تېخى قانچىلىك بولدى؟ مەن ئۇلار بىلەن ئۆمۈر بويى كۈرەش قىلىپمۇ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا بىر خىل، كەينىدە بىر خىل يۈرۈۋاتىمەنمۇ؟ ئۇنچە ئاسان ئىش يوق، — دېدى.

ئەركىن بېشىنى چايقاپ خاتالىقى ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدى:

— مەن يەنىلا ئاڭقىرالمايۋاتىمەن، ساقچىلار بىرەر ئاخباراتنى قولغا چۈشۈرۈۋالغانمىدۇ ياكى تاسادىپى ئۇچراپ قالغانمىدۇ؟

— بۇنى ئۆزۈڭ تەھلىل قىلىۋال، ئەمما بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭكىگە يەنە كەلمەكچى بولساڭ، ئېھتىيات قىل. ئېسىڭدە بولسۇنكى، مەن سىلەرگە پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ تەسەللى بېرەلەيمەن، سەھنە ئالدىغا چىقىپ زەمبىرەك بولۇپ بېرەلمەيمەن. ساقچىلارنىڭ ماڭا مىختەك تىكىلىۋالغىنىغا ئون نەچچە يىل بولدى، ئۇستۇمدىكى مۇشۇ قىزىل تونغا يۆگىنىۋالمىغان بولسام، ئۆمۈر بويى تۈرمىدە ياتقان بولاتتىم، — دېدى ئىبراھىم.

ئەركىن تۈزۈت قىلمايلا:

— لېكىن، مەن سىزنىڭكىگە بىردەم پاناھلىناي دەپ كەلمە-

دىم، ئىلىۋېلىشىمغا تېگىشلىك نەرسىنى ئېلىپ كەتكىلى كەلدىم، — دېدى.

ئىبراھىم ئۇنى مەسخىرە قىلىپ:

— 10 يىل ئاۋۋالقىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئاچ كۆز بولۇپ كېتىپسەن. بىراق، چوڭ ئىش تەۋرىتىدىغان قايسىبىر ئەر كىشى ئاچ كۆزلۈك قىلمايدۇ دەيسەن؟ بوپتۇ، مەن سەن ئالماقچى بولغان نەرسىنى تەييارلاپ قويدۇم، ئۇ سېنىڭ ۋاقىتلىق تەلىم - تەربىيە بازىسى قورۇشۇڭغا تولۇق يېتىدۇ، — دېدى.

— ئۇستازىنىڭ غەمخورلۇقىغا رەھمەت، — دەپ سەممىي رەھمەت ئېيتتى ئەركىن.

— مەندەك بىر قېرىنىڭ ھەرقانچە باي بولسامۇ نېمە كېرەكى؟ مال - دۇنيانى تۇغۇلغاندا ئالغاچ كەلمەيمىز، ئۆلگەندە ئېلىپ كېتەلمەيمىز، ئەگەر ئۇنىڭ ساڭا ياردىمى تەگسە، ماڭا ئۆلۈمۈمدىن ئىلگىرى نىشانىمىزغا يەتكەنلىكىمىزنى كۆرسىتىشكە رىغبەتتى يەتسە، ئەڭ ياخشى مىننەتدارلىق ھېسابلىنىدۇ. سەن مېنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويماسسەن؟ — دېدى ئىبراھىم نائىلاج.

— ئۇستازىمنىڭ نىشانى مېنىڭ نىشانىم، ئۇستازىمنىڭ غېمى مېنىڭ غېمىم، ئۇستازىمنىڭ زور ئۈمىدىنى يەردە قويۇش ھەددىم ئەمەس، — دەپ قەسەم قىلدى ئەركىن.

ئىبراھىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى ھەم يەڭگىللىشىپ قالدى.

ئەركىن كۆز ئالدىدىكى بوۋايغا ئاستىرتىن سەپسېلىپ، بىر ئۇھ تارتىۋېتىپ: ئۇن نەچچە يىل ئاۋۋال ئەجەبمۇ ئەخمەقلىق قىپتىكەنمەن، ئىبراھىم ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ مەككىگە بېرىپ كەلگەنلىكى ئۇچۇنلا، ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ توققۇز تەزىم قىلىپ يۈرۈپتىكەنمەن. ئەمدى ئۆزۈم شۇنداق قىلماقچى بولسام، ناھايىتى ئاددىي ئىش بولۇپ قالدى. ئىبراھىم قېرىپ كەتتى، ئۇنىڭغا ئىككىنچىلەپ چوقۇنۇش نەزىرىدە قارىمايمەن، بەلكى ئۇنىڭ پايدىلىنىش قىممىتى بار - يوقلۇقىغا قارايمەن، دەپ ئويلىدى.

ئىبراھىم سەممىيلىك بىلەن:

— ساڭا يەنە نېمە قىلىپ بېرەي؟ — دەپ سورىدى.

— ماڭا ئىككى نۇسخا ئىسىملىك كېرەك. بىرى، ئۆز كىشىلىرىمىزنىڭ ئىسىملىكى. بىرى، بىز ئۆلتۈرمەكچى بولغان كىشىلەرنىڭ ئىسمى.

— ھەممىسىگە ئېرىشىمەن.

ئەركىن رازىمەنلىك بىلەن:

— ناھايىتى ياخشى. ئۇستاز، قاراپ تۇرۇڭ، مەن ئەركىن بىۋاستە تەشكىللەيدىغان ئېررورلۇق تەلىم - تەربىيە بازىسى ساق-چىلارنىڭ كۆز ئالدىدىلا قۇرۇلىدۇ. مەن ئىگەرچى يېزىسىنى بىز-نىڭ قورالىق بازىمىزغا ئايلاندۇرىمەن، ھەممەيلەن قولىغا قورال ئېلىپ ساقچىلارنى ئۆلتۈرىدۇ، ھۆكۈمەتنىڭ يالاقچىلىرىنى ئۆل - تۈرىدۇ، — دېدى.

ئەركىننىڭ مەردانە سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئىبراھىمنىڭ ۋۇجۇ-دىدىكى قانلار تېز سۈرئەتتە ئېقىشقا باشلىدى، ھەتتا ئۇ ئوقۇغۇچى-سىنىڭ ئالدىدا يىغلىۋەتتى.

2

ئەركىن كەتكەندىن كېيىن، ئىبراھىم ھاياجانلىنىپ ئۆيدە ئۇياندىن - بۇيانغا ماڭغىلى تۇردى، ئۇ قورۇق ئۆيگە قاراپ ئۆز - ئۆزىگە «ئويلىماپتىكەنمەن، ئويلىماپتىمەن!» دەۋەتتى.

ئىبراھىمنىڭ خوتۇنى ئېرىنىڭ ئۆيدە يالغۇز سۆزلەۋاتقانلى-قىنى ئاڭلاپ، بىرەر چاتاق چىققان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى - دە، قورقۇپ كەتكىنىدىن دەرھال ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىردى. ئىبرا-ھىم خوتۇنىنى كۆرۈپلا تېخىمۇ ھاياجانلاندى، ئۇ تەپتارتماستىن:

— قاراپ تۇر، جەنۇبىي شىنجاڭدا يەر تەۋرەيدىغان بولدى، قاراپ تۇر، قاراپ تۇر - ھە! — دېدى.

— يەر تەۋرەمدىكەن؟ قاچان؟ ئۇنداق بولسا بىز قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى خوتۇنى چۆچۈپ كېتىپ.

ئىبراھىم قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— ھودۇقما، سالماق بول، مەن شۇ كۈننىڭ يېتىپ كېلى-شىنى ساقلاۋاتقانىدىم، نېمىگە ھودۇقىسەن؟

بۇ گەپلەر ئىبراھىمنىڭ خوتۇنىنى ھەقىقەتەن ھودۇقتۇرۇۋەت-تى، ئۇ: «بۇ قېرى ئۆلتىشىپ قالدىمۇ نېمە؟ ساراڭ بولۇپ قالدىمۇ يا؟» دەپ گۇمانلىنىپ قالدى.

ئىبراھىم ساراڭ بولمىغانىدى. ئۇ قولىنى شىلتىپ خوتۇنىنى چىقىرىۋېتىپ، ئۆزى يالغۇز تىنچىۋالماقچى بولدى.

تەلۋىلىكى تۇتقان ئىبراھىمنىڭ پىكىر - خىيالى بىردىنلا 50 يىل بۇرۇنقى ۋاقىتقا قايتتى، شۇ چاغدا، ئۇ تېخى 18 ياشلىق يىگىت ئىدى. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدا، گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتىدە يۇقىرى مەن-سەپ تۇتقان ئىمىر، سادىر ئىككىيلەن ئالاقزادىلىك بىلەن شىن-جاڭدىن قاچقاندا، بوستان شەھىرىدىن ئىبارەت بۇ مەنزىرىسى گۈ-زەل، دىنىي كەيپىياتى ناھايىتى قويۇق كىچىك ناھىيە بازىرىدا تۇرغانىدى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە شۇنىسى ناھايىتى ئايان ئىدىكى، بوستان شەھىرى ئەمدى ئۇلارنىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇرىدىغان شال پاخىلى ئەمەس ئىدى، ئەمما ئۇلار بۇ يەردە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنغان، يەنە كېلىپ بۇ ئۆمرى قىسقا ھاكىمىيەتمۇ ئىككى ئايدىن ئارتۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانىدى، شۇڭا ئۇلار مىڭ بىر جاپادا قۇرۇپ چىققان بۇ مەخپىي تايانچ پونكىتتىن ۋاز كېچىشنى ھەرقانداق قىلىپمۇ خالىمىغان، بىر ئىزباسار تاللاشقا جىددىي موھتاج بولغانىدى.

ئىمىر بىلەن سادىر ئۈرۈمچى شەھىرىدىن بوستان شەھىرىگە قېچىپ بېرىپ، ئۇدۇل ئىتتىپاقدىشى جېلىلنىڭكىگە چۈشتى. جې-لىل چېكىدىن ئاشقان دىنىي ئۇنسۇر بولۇپ، ئائىلىسى ناھايىتى باي ئىدى، يەنە كېلىپ ئۇلار بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ قوزغى-لاڭغا قاتناشقانىدى.

جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان ئۈچ ئەر كىشى كۆرۈشۈپ، ئىختىيارسىز ھالدا ھازىرىغا قاراپ، ئۆتمۈشىنى ئەسلەشتى، ئۆكسۈپ يىغلاپ، چەكسىز ھەسرەتلەندى. ئۇلار مەغلۇپلارنىڭ يە-غىسىنى يىغلاۋاتقىنىدا، قاراڭغۇدا تۇرغان بىر يىگىت ئۇلارغا مەن-سىتمەسلىك بىلەن قاراپ قويدى، ئۇ جېلىلنىڭ ئوغلى ئىبراھىم ئىدى. ئۇنىڭ مەغرۇرانە قەلبى قاتتىق شىكەستلەنگەنىدى. ئۇ

ياشانغان ئۈچ كىشىگە بىر دۈۋە كېرەكسىز نەرسىگە قاراۋاتقاندەك مەنسىتمەسلىك بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى.

قاراڭغۇدا، ئىمىر بەدىنى تىكەنلىشىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلدى. مۇنداق تۇيغۇ ئۇنىڭ سەل ھاجىتىنى قىستىدى. ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ تالاغا چىقتى، ئاخىرقى بىر تامچە سۈيدۈكى بەدىنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئېگىشىپلا بىر ئوچۇم قۇمنى قولىغا ئالدى. ئاشۇ چاغدا يۈرىكى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى، ئۇ بۇنىڭ ئانا يۇرتىنىڭ قۇملىرى بىلەن ئاخىرقى قېتىم يېقىنلىشىشى بولىدىغانلىقىنى ئېنىق تونۇپ يەتكەنىدى. ئۆمەر تاراملاپ ياش تۆكۈپ كەينىگە بۇرۇلغىنىدا تۇرۇپلا قالدى. بىر يىگىت قاچانلار- دىدۇر ئۇنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ، زەھەر قىلىۋاتقان بەتبەشىرە قىياپىتىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. يىگىت ئۆچمەنلىككە تولغان كۆزلە- رى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ:

— سىلەر قېچىپ كەتمەكچى بولۇۋاتامسىلەر؟ بىزنى تاشلاپ قويۇپ كارىڭلار بولمامدۇ؟ — دېدى.

— يىگىت، بىزنىڭ دۈشمىنىمىز بەك قۇدرەتلىك كېلىپ قالدى، مەن ۋاقتىنچە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشقا موھتاج، — دەپ جاۋاب بەردى ئىمىر خۇدۇكسىرەپ.

— سىلەر ھەقىقەتەنمۇ بەك ئاجىز، سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلار كومپارتىيە، يەنە كېلىپ كومپارتىيە دۆلەت قۇردى. سىلەر مەڭگۇ قايتىپ كېلەلمەسلىكىڭلار مۇمكىن. بىزنىڭ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» مىز سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا ھالاك بولىدىغان بولدى - دە؟ — دەپ ئۆكۈندى ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان ئىبراھىم.

— بىراق، بىزگە يەنە ئاتاڭ بار، يەنە سەن بار، توغرا، سەن! — ئىمىرنىڭ يۈرىكى قايناق سۇدا پۇچىلىنىۋېتىلگەندەك بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ توساتتىنلا ئىلھامى كەلدى، كۆز ئالدىدىكى بۇ يىگىتنىڭ سورلۇك نەزىرى دەل ئىمىرنىڭ ئىنتىلىۋاتقان نەرسىسى ئىدى. ئۇ قارىماققا ئاتىسىدىنمۇ ۋەھشىي، شەپقەتسىز ئىدى، ئىزباسار بولۇشقا تېخىمۇ لايىق ئىدى. ئىمىر شۇئانلا قايغۇدىن خۇشاللىققا ئۆتتى، ئۇ سىناپ باقماقچى بولۇپ كۆز ئالدىدىكى

يىگىت بىلەن قول ئېلىشتى، يىگىتنىڭ ئالقىنىدىكى كۈچ بىردىن-
لا ئۇنىڭغا ئۆتتى. ئۆزىنىڭ گۇماشتا تاللاشتىن ئىبارەت ئېغىر
ۋەزىپىسىنى سىيىپ بولغۇچىلا ئورۇنداپ بولۇشىنى ئىسىرمۇ ئويـ-
لاپ باقمىغانىدى.
50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئىبراھىم قاتارلىق كىشىلەر
ئىمىر دېگەندەك كىشىلەرنىڭ يىراقتىن تىزگىنلەپ يول كۆرستىد-
شى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدا بىرنەچچە قېتىم توپىلاڭ ۋە قالايمى-
قانچىلىق پەيدا قىلدى. ئەمما، قۇدرەتلىك جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرى-
يىتىنىڭ ئالدىدا، بۇ بىرنەچچە قېتىملىق توپىلاڭ خۇددى چۇمۇلى-
نىڭ دەرەخنى لىڭشىتىمەن دەپ كۆلكىگە قالغىنىدەك ئىش بول-
دى، دەرەخ قەد كۆتۈرۈپ تۇرىۋەردى، چۇمۇلىلەر بولسا يەرگە
چۈشۈپ كۇكۇم ـ تالقان بولدى. 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگى-
لى يوشۇرۇنۇۋالغان مىللىي بۆلگۈنچى ئىبراھىم بىر قېتىملىق
توپىلاڭدا قولغا ئېلىندى ھەمدە جازاغا ھۆكۈم قىلىنىپ تۈرمىگە
سولاندى.
20 يىل ھايت ـ ھۇيت دېگۈچىلا ئۆتۈپ كەتتى. ئىبراھىم
تۈرمىدىن چىقتى. 20 يىللىق تۈرمە ھاياتى ئىبراھىمدا بىرمۇنچە
ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. ئۇ بىر بوۋايغا ئايلاندى. ئەڭ روشەن
ئالاھىدىلىك شۇ بولدىكى، ئۇنىڭ ئادەم ۋە ئىشلارغا تۇتقان پوزىتد-
سىيىسىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى. ياش ۋاقتىدا ھاكاۋۇر-
لۇقنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن ھېلىقى ئىبراھىمدىن ئەسەرمۇ قال-
مىدى، ئۇنىڭ ئورنىغا كەمتەر، مۇلايىم، ھەر كۈنى قولىدىن
«قۇرئان كەرىم»نى چۈشۈرمەيدىغان بىر بوۋاي دەسسىدى.
شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەممەيلەن ئۇنىڭ قاشتېشى تىجارىتى
بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆردى، ھەتتا ئۇ چەت ئەلدىكى تۇغقىنى
بىلەن گىلەم سودىسىغا كىرىشتى. نۇرغۇن كىشىلەر ئىبراھىمنى
شۈكلەپ قالدى دەپ قارىدى. شۇڭا ئۇ ھۆكۈمەتتىن چەت ئەلگە
چىقىپ ھەج قىلىپ، مۇسۇلمانچىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش-
نى تەلەپ قىلغاندا، ھۆكۈمەت ئۇنىڭ ئىلتىماسىغا قوشۇلدى.
چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەن ئىبراھىم شېكەر يالىتىلغان
زەمبىرەك ئوقى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى مەلۇم رەھبە-

رىنى قايمۇقتۇردى، بۇ رەھبەر ئۇنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش-
كە يارىدەملىشىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى سىياسىي كېڭەشكە
ئورۇنلاشتۇرۇپ مۇئاۋىن رەئىس قىلدى. ئىبراھىم بىر دوممىلاپلا
جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات بولۇۋالدى.
ئۇ ھەرقايسى مەسچىتلەردە پات - پات پەيدا بولۇپ، مۇسۇلمانلارغا
ھۆكۈمەتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش، قاتىللىق قىلماسلىق، يامان ئىش
قىلماسلىق، مىڭ كوي پۇل تاپسا، چوقۇم ئۇنىڭ 25 كويىنى
نامراتلارغا سەدىقە قىلىش، جەزمەن دۆلەتكە تاپاۋەت بېجى تاپشۇ-
رۇش ھەققىدە تەلىم بەردى. ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىپ، مۇسۇل-
مانلار ئارىسىدا تىرىشىپ سىياسىي سايلام بېلىتى يىغدى. ئاستىر-
تىن بولسا، «شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق تەشكىلاتى» نىڭ ئارزۇ-
سىغا ئاساسەن، جەنۇبىي شىنجاڭدا يەر ئاستى تەپسىر ئېيتىش
ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى
ياش مۇسۇلمانلارنى جەنۇبىي شىنجاڭغا كېلىپ قۇرئان تەپسىر
قىلىشقا كەلىڭ تۈردە قوبۇل قىلدى، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ،
ئۇلارغا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيىسىنى
سىڭدۈردى، مۇرىتلىرىنى تېررورلۇق پائالىيىتى ئارقىلىق شىن-
جاڭنى مۇستەقىل قىلىش مەقسىتىگە يېتىشكە قۇتراتتى. ئۇ ئۆزى-
گە ئەگىشىپ قۇرئان ئۆگەنگەن ياشلارنى بىر - بىرلەپ چەت ئەلگە
چىقاردى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەركىن، ئالىم، شىرئەلى قاتارلىق
كىشىلەرمۇ بار ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن جىمىپ قالغىنىغا 20 يىل بولغان بوستان
شەھىرى يەنە بۇلغاندى.

ئەمما، بىر كىشى ئىبراھىمنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە مىختەك
تىكىلىۋالدى، ئۇ جۇڭ چېڭ ئىدى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى
ئىبراھىمنىڭ روھىغىمۇ ئارام بەرمەي، ئۇنى قارامىلىق قىلىشقا
پېتىنالمايدىغان قىلىپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەييارلىق كۆرۈپ
قويۇپ، يوشۇرۇن جايغا مۆكۈنۈۋېلىپ پۇرسەت ئىزدەپ قول سال-
ماقچى بولدى.

ئىبراھىمنىڭ سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك سالا-
ھىيىتى تۈپەيلىدىن، جۇڭ چېڭ ئۇنى ھېچنېمە قىلالمىدى، ئەمما

جۇڭ چېڭ ئىبراھىمنىڭ مۇرىتلىرىدىن تۇتىدىغىنىنى تۇتتى، كېسىدىغىنىنى كەستى، ئىبراھىم باش قاتۇرۇپ، باشقۇرۇۋاتقان ۋاقىتلىق تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسى توزۇپ كەتتى. ئۇ جۇڭ چېڭغا چىش - تىرنىقىدىن ئۆچ بولۇپ كەتتى. بايا ئەركىن ئۇنىڭدىن مەخپىي ئۆلتۈرۈلىدىغانلارنىڭ ئىسمىلىكىنى تەلەپ قىلغاندىمۇ، ئۇنىڭ بىرىنچى بولۇپ ئويلىغىنى جۇڭ چېڭ بولغانىدى.

## 3

ئىبراھىم ئۆزىنىڭ شەرەپلىك، ئەمما خورلۇققا تولغان ئەلەملىك تارىخىغا پېتىپ قېلىپ قۇتۇلالمايۋاتقان چاغدا، قېيىنىنىسى يۈسۈپ يەنە ئۇنىڭكىگە كىرىپ كېلىپ:

— ئىشىك ئالدىغا چىرايلىق بىر قىز بالا: «سىنتەبىردە قانداق گۈل ئېچىلىدۇ؟» دەپ سوراۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا قانداق جاۋاب بېرىمەن؟ — دەپ سورىدى. يۈسۈپ بۇرۇنلا يېزىنىسىدىن روھىي جەھەتتىن تىزگىنلەپ بولغان كىشى ئىدى، ئىبراھىمنى ئىزدەپ كەلگەن ئادەمنىڭ بوش ئادەم ئەمەسلىكى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى.

ئىبراھىم جانلىنىپ كەتتى: غەربىتىكى چوڭ دۆلەتنىڭ مەخپىي تەشكىلاتىلا ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇ مەخپىي بەلگىنى ئىشلىتىپ ئالاقىلىشەتتى، ئۇلار ئادەم ئەۋەتكەنمىدۇ؟

— ئۇنىڭغا «سىنتەبىردە ئوسمانتۇس گۈلى ئېچىلىدۇ» دېگىن، ئۇ: «مەن ئانارگۈلى ئېچىلىۋاتىدۇ دەيمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ توغرا جاۋاب بەرسە، ئۇنى باشلاپ كىرىپ مەن بىلەن كۆرۈشتۈر.

يۈسۈپ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ كەتتى. ئۇ بىردەمدىلا كىشىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدىغان بىر قىزنى ئىبراھىمنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىردى. ئىبراھىم يۈسۈپنى چىقىپ كېتىشكە شەرەتلىدى.

قىز ئەتلەستىن تىكىلگەن ئاچ قىزىل بەل پۈرمىلىك ئۇزۇن كۆڭلەك، ئانارگۈللۈك دوپپا كىيىۋالغان بولۇپ، بىر تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان چېچى بېلىگە چۈشۈپ تۇراتتى، ئۇ ئوسما قويۇۋالغان، يەنە كېلىپ قېشىنى ئەتەي بىرلەشتۈرۈۋالغانىدى، تىرناقلىرىنى

توق قىزىل بويىۋالغانىدى، ھالقا، بىلەزۈك، مارجان دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى تاقاپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تىپىك يېزا قىزلىرىدەكلا ياسىنىۋالغانىدى.

قىز بالا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېغىز ئاچتى:

— مېنىڭ مۇنداق ياسىنىۋالغىنىمغا قاراپلا يۇرتۇمنى قانچىلىك سېغىنغانلىقىمنى، بۇ تۇپراققا نەقەدەر ئامراقلىقىمنى ھېس قىلغانسىز.

ئىبراھىم بېشىنى لىڭشىتتى:

— شۇنداق، بۇ يەردىن چىقىپ كەتكەن ياشلار ئاخىر قايتىپ كېلىدۇ.

— بىرمۇنچە كىشىلەر سىزنى ئەسلەپ تۇرۇۋاتىدۇ، چەت ئەلدىكى ئىتتىپاقداشلىرىمىز سىزگە سالام ئېيتىپ قويۇشۇمنى ئېيتتى، — دېدى قىز بالا سوغۇققىنا.

ئىبراھىم تۇزۇت قىلىپ قولىنى پۇلاڭلىتىپ قويۇپ:

— مېنىڭ ئارانلا جېنىم قالدى، ھېچقانداق قىممىتىم قالمىدى، سىزگە يەنە نېمىمۇ قىلىپ بېرەلەيمەن، — دېدى.

— مېنى ئايگۈل دەۋېرىڭ. مەن B دۆلەتتە بىرنەچچە يىل ئوقۇدۇم، قايتىپ كېلىپ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ياخشىلىقلىرىنى قايتۇرۇشقا تولىمۇ ئىنتىلدىم. سىز سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مېنى جەنۇبىي شىنجاڭ مىللەتلەر ئۇنۇۋېرسىتېتىغا بىرەر خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇش سىز ئۈچۈن ئانچە تەس ئىش ئەمەسقۇ دەيمەن، — دېدى قىز بالا تۇزۇت قىلمايلا.

ئىبراھىم قىز بالىنىڭ ئىسمىنى مۇلاھىزە قىلغىلى تۇردى:

— ئايگۈل؟ ياخشى، بىزنىڭ گۈلىمىز. مەن ئەزەلدىن مىللەتكە ياخشىلىق قايتۇرۇشنى بىلىدىغان ياشلارنى قەدىرلەيمەن، بىر ئادەم كۆپەيسە، بىر ھەسسە كۈچ كۆپىيىدۇ، توغرىمۇ؟ مىللەتلەر ئۇنۇۋېرسىتېتىدىن ئىبارەت بۇ نۇقتىنى ناھايىتى مۇۋاپىق تاللاپسىز، بىزنىڭ ياشلىرىمىز ئۆلۈكتەك ئوخلاۋاتىدۇ، ئۇلارنى جاراڭلىق ۋە تەسىرلىك بىر ئاۋاز بىلەن ئويغىتىش كېرەك ئىدى، سىز دەل ۋاقتىدا كەپسىز.

— ھەممىدە سىزنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىڭىزگە تايىنى-

مەن، بىرمۇنچە مەسىلىلەردە سىزدىن يۈزتۇرا تەلىم ئال ـ ماقچىمەن، ـــ دېدى ئايگۈل مەردانىلىك بىلەن.

ـــ مىللەتلەر ئۈنىۋېرسىتېتىنى ئويغىنىشنىڭ تايانچ پونكى. تىغا ئايلاندۇرۇشقا ئىشەنچىڭىز بارمۇ؟ ـــ دەپ سورىدى ئىبرا. ھىم.

ـــ بۇ سىزنىڭ ماڭا ئورۇنلاشتۇرغان ۋەزىپىڭىزمۇ؟ ـــ دەپ سورىدى. ئايگۈل قايتۇرۇپ:

ـــ بۇ، ئۇلارنىڭ سىزنى مېنى ئىزدەشكە ئەۋەتىشتىكى مەق. سىتى ئەمەسما؟ ـــ دېدى ئىبراھىم مەككارلىق بىلەن.

ـــ ماڭا يېتەرلىك ۋاقىت كېرەك، ـــ دېدى ئايگۈل.

ـــ سىز ۋاقىتتىن ئاستا ـ ئاستا بەھرىلەنسىڭىز بولىدۇ، ئەمما بەزى كىشىلەر ساقلاپ تۇرالمايدۇ. مەن بايىلا بىر خەۋەرنى ئاڭلىدىم، چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەن بىر يىگىت سىزگە ئوخ. شاشلا بىزنىڭ مۇستەقىللىقىمىز ئۈچۈن بەزى ئىشلارنى قىلماقچى بولغانىكەن، ئەمما ئۇ چېگرىدىن كىرىشى بىلەنلا ساقچىلارغا تۇتۇ. لۇپ قاپتۇ، شۇ تاپتا ئۇ چوقۇم قان تۆكۈۋاتىدۇ، قىيىن ـ قىستاق. قا ئېلىنىۋاتىدۇ، ئۇ بىزنىڭ قۇتقۇزۇۋېلىشىمىزغا موھتاج. قاراڭ بۇ ئىشقا، ساقلىساق بولامدىكەن؟ ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت كېتەم ـ دىكەن؟ ـــ دېدى.

ـــ شۇنداق، بىزنىڭ دەم ئېلىۋالغۇدەكمۇ ۋاقتىمىز يوق ئىكەن، ـــ دەپ ئۇنىڭغا قوشۇلدى ئايگۈل.

4

ئەركىن ئىبراھىمنىڭكىدىن چىققاندىن كېيىن، مۆ. كۈنۈپ ـ سۇقۇنۇپ يۈرۈپ «زەڭگەر چۈش تورخانىسى» غا كىردى. ئۇ يەنىلا ئالتۇن گەردىشلىك كۆزەينەكنى تاقاپ، ئەدەپ بىلەن مۇلازىمغا زەنە پۇلىنى تاپشۇردى. ئاندىن بىر كومپيۇتېرنىڭ ئالدى. دا ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ، كۇنۇپكا تاختىسىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن چېكىشكە باشلىدى.

ئەركىن ئۆز پوچتا ساندۇقىنىڭ ھېسابات نومۇرى بار ئەرەبچە

تور پونكتىغا ئۇچۇشلۇق كىردى، ئارقىدىن ئۆزىنىڭ پوچتا ساندۇقىنى ئېچىپ، ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان بىر پارچە خەتنى كۆردى: «بۈگۈن ئۈچرىشىدىغان كۈن، توساي مەندىن ئۈچرىشىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بوپتۇمۇ؟ دەپ كۆپ قېتىم سورىدى ھەمدە خىراجەتنى دەرھال ئالغاچ بېرىشىمنى سۆيلىدى. مەن توساتتىنلا پىكرىمنى ئۆزگەرتىپ، پۇلنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىشنى بىكار قىلدىم، سەن دەرھال بىر ھېسابات نومۇرى تۇرغۇز، مەن بۇ خىراجەتنى بىرنەچچىگە بۆلۈپ، ئوخشىمىغان ۋاقىتلاردا سېنىڭ ھېسابات نومۇرۇڭغا يوللىۋېتىمەن. بۇنىڭدىن باشقا، ئىسىملىكلەرنى قولغا چۈشۈردۈڭمۇ؟ توساي بىلەن غەربتىكى ئىتتىپاقداشلارنىڭ ھەممىسىگە بىر نۇسخىدىن توغرا ئىسىملىك لازىم ئىكەن.»

ئەركىن ئۆزى بىلەن ئالىم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ھەقىقەتەن «مەڭگۈلۈك دوستلۇق بولمايدۇ، مەڭگۈلۈك مەنپەئەتلا بولىدۇ» دېگەندەك بولۇپ چىققانلىقىنى دەلىللىدى. ئەركىن شۇ چاغقا كەلگۈچە يەنىلا ئۈچرىشىشنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى كۆلەڭگىدىن چىقىپ كېتەلمىگەنىدى، ئۇ ئىنتايىن ئاچچىقلىنىپ: ئىنكاسىم تېز بولمىغان بولسا، بۇ چاغقىچە ساقچىلارنىڭ ئەمبىلىدىكى قۇربانلىق قوي بولۇپ بولغان بولاتتىم، دەپ ئويلىدى. ئۇ ئالاقىچى بىلەن ئۈچرىشىشنىڭ ھەربىر تەپسىلاتى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىپ، قايسى ھالقىدا چاتاق چىققانلىقىنى ھەر قانداق قىلىپمۇ ئۇقالمىدى، شۇنىڭ بىلەن: قارىغاندا، بۇنىڭدىن كېيىن كۆپرەك ئېھتىيات قىلىپ، ئازراقمۇ بىپەرۋالىق قىلمىسام بولغۇدەك، دەپ ئويلاپ قالدى. ئالاقىچى ئۇنىڭ جېنىنى ئالغىلى تاس قالغانىدى، ئەركىن ئۆچمەنلىكىنى جىممىدىلا ئالىمنىڭ ھېسابىغا يېزىپ قويدى. ئۇ «جاۋاب قايتۇرۇش»قا باشلىدى: «سەن ئەۋەتكەن ئادەم خائىنلىق قىلدى، مەن جېنىمدىن ئايرىلغىلى تاس قالدىم، بۇنى كىمنىڭ ھېسابىغا يازىمىز؟ ھېساب نومۇرى مەن چېگرىدىن چىققان كۈنىنىڭ چېسلاسى، ھېساب ئاچقۇچىنىڭ ئىسمى مامۇت. ئىسىملىكلەرنى قولغا چۈشۈرگىنىمدىن كېيىن توساي ۋە غەربتىكى ئىتتىپاقداشلىرىمىزغا بىۋاستە مەلۇم قىلىمەن، سەن يەنىلا ماڭا

يەتكۈزگەن زىيانلىرىڭنى ئويلىنىپ باق.»

ئەركىن خەتنى ماڭدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، خەت ساندۇقىنى ئۇزۇل - كېسىل «قۇرۇقداپ قويۇش» نى ئۇنتۇپ قالمىدى، ئاندىن ئېكراننى ئېتىۋېتىپ، تورخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئالدىنقى قېتىمقىغا ئوخشاشلا، ئۇ يەنىلا بىرەر قۇر ياسىنىۋېلىپ ئاندىن تۈن قاراڭغۇسىدا ئىگەرچى يېزىسىغا بارىدىغان ئاممۇۋى ئاپتوبۇسقا چىقىۋالدى.

يېرىم كېچە سائەت 12 بولغانىدى، كوچىدا كېلىپ - كېتىۋاتقانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. ئەركىن ئۈچۈن ئېيتقاندا، تۈن قاراڭغۇسى ئەڭ بىخەتەر مۇھاپىزەت توسۇقى ئىدى، ئۇ ھەرقانداق ئىشنى قىلىپمۇ سېزىلىپ قالمايتتى. ئەمما ئۇ خالىغىنىچە مېڭىپ ماشىنا بېكىتىدىن بىرنەچچە قەدەم نېرىغا بېرىشىغىلا، بىرەيلەن ئۇنىڭ كەينىدىن ئاستاغىنە يۆتىلىپ قويدى. ئۇ چۆچۈپ كەينىگە بۇرۇلدى - دە، شىرئەلىنى كۆردى.

شىرئەلى بىراقلا ئىگەرچى يېزىسىغا قېچىپ كەلدى، ئەركىننىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇشۇ ئاپتوبۇستا قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى پەملەپ يەتكەنىدى. شىرئەلى ھېچنېمە دېمەيلا بېشىنى قىيسايتىپ شەرەت قىلدى، ئەركىن بۇنى چۈشەندى، شىرئەلى ئۇنىڭغا يول بويىدىكى ئورمانلىقتا تۇرغان ئېشەك ھارۋىسىغا چىقىۋېلىشنى ئۇقتۇرغانىدى.

ئىككىيلەن يېرىم كېچىدە ئېشەك ھارۋىسىنى ھەيدەپ سىرلىق بىر جايغا كېتىۋاتاتتى، ئۇ چېگرا سىرتىدىن ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن خادىم قاسىم مەخپىي قۇرغان كىچىك تىپتىكى بىر تېررورلۇق بازىسى بولۇپ، ساقچىلار تاسادىپىيلىقتىن ئۇنى تېخى بايقىمىغانىدى، شىرئەلى ياسىن قاتارلىق يەتتە - سەككىز تېررورچىنى باشلاپ شۇ يەرگە يوشۇرۇنۇۋالغانىدى.

بۇرۇن ئۇ يەر مېۋىلىك باغ ئىدى.

# يەتتىنچى باب

## 1

ۋەزىيەت ئىستىقاقاندىن كېيىن، ئەركىن يەنە لەڭگەر كەنتىگە قايتىپ كەلدى، ئۇ مامۇتنىڭ ئۆيىنى تالىپ قوبۇل قىلىدىغان بازا قىلىۋالدى. ئۇ سۆزگە چېۋەر بولغاچقا ئاغزىدا شەھەر ئالالايتتى.
ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلاشقا كەلگەن تالىپلار ئىككى خىلغا ئاي-رىلدى: ئۇ تەقۋادار مۇسۇلمانلارغا تەپسىر ئېيتىش نامى بىلەن پۈرسەتپەرەسلىك قىلىپ مىللىي مۇستەقىللىق ئىدىيىسىنى سىڭ-دۈردى؛ ئۆز ئىپسۇسىگە شۇكۇر قىلمايدىغان، تارىخىي تازا ياخشى بولمىغان مۇسۇلمانلارغا بولسا «غازات قىلىش» ئېڭىنى قىپيالىڭاچ سىڭدۈردى.
ئەمەلىيەتتە، ئەركىننىڭ سۆزلەۋاتقانلىرى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ ئىدىيىسى بولماستىن، بەلكى ئۇ چېگرا سىرتىدىكى تېررورلۇق تەشكىلاتىنىڭ خىتابنامىسىدىن ئوغرىلىۋالغان نەرسىلەر ئىدى. ئۇ-زۇنلۇقى 10 مىڭ خەت چىقىدىغان ئاشۇ خىتابنامىنى يادلىۋېلىش ئۈچۈن، ئۇ بىر ئاي ۋاقىت سەرپ قىلغان، ھەر كۈنى تامغا قاراپ ئولتۇرۇپ جاپالىق مەشىق قىلغان. مانا ئەمدى ئۇنى پىششىق ئىشلىتەلەيدىغان بولغانىدى.
چۈمبەلگە پۈركىنىۋالغان رەنا ئەركىننىڭ قايناق ھېسسىيات ئۆركەشلەپ تۇرغان نۇتقىنى ئاڭلاپ، ھەمىشە كۆزىگە لىققىدە ياش ئالاتتى، بۇ ئەر كىشى ناھايىتى قاۋۇل ئىكەن، ھەقىقەتەن بىلىم-لىك ئىكەن، دەپ قارايتتى. ئۇ ئەزەلدىن تارتىپ سىياسىيغا يې-قىنلاشمايدىغان قىز بالا ئىدى. ئەمما ئۇنىڭدا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قولىغا قورال ئېلىپ كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلىشتەك بىر خىل غەلىتىلا ھاياجان پەيدا بولدى.
دىنغا بولغان مۇھەببەت تۈپەيلىدىن رەنادا ئەركىنگە نىسبەتەن

چوقۇنۇش پەيدا بولغانىدى.

ئەركىن تەبىئىيلا رەنادىكى سىرلىق ئۆزگىرىشنى بىلىۋالدى. بىر كۈنى تەپسىر ئېيتىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇ يەنە بىر قېتىم يوقىلاڭ سەۋەب كۆرسىتىپ رەنانىڭ ئۆيىگە كىردى، بۇ قېتىم ئۇ گەپ ئويىنىتىپ يۇرمەيلا رەنانىڭ چۈمبىلىنى ئېچىۋەتتى:

— كۆزىڭىزنى كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟

رەنا پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئەركىندىن ئەپقاچمىدى.

ئەركىن ئۇنى يېقىملىق ئاۋازدا:

— سىز مەن ئوقۇتقان قولىقى ئەڭ يۇمشاق ئوقۇغۇچى چىقىـ تىڭىز، — دەپ ماختىدى.

رەنا ھېچبىر غەرەزسىز ھالدا ساددىلىق بىلەن:

— مەن سىزدىن بىر ئىشنى سورىسام بولامدۇ؟ — دېدى.

ئەركىن كۆزنى خۇمارلاشتۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتتى:

— ئەلۋەتتە بولىدۇ.

رەنا ئوڭايسىزلىنىپ دېرىزە تەرەپكە قارىۋالدى ـ دە، يېقىمـ لىق ئاۋازدا:

— نېمىشقا ئەتىگەندە ئاپتاپ چىقىدۇ، نېمىشقا يامغۇر ياغىـ دۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئەركىن ھەر كۈنى سىياسىي بىلەن قارا نىيەت ئوتتۇرىسىدا مۈكىدەك ئۆتۈشۈپ يۈرگەچكە، كاللىسىغا پۈتۈنلەي زوراۋانلىق ۋە قانخورلۇقنى تولدۇرۇۋالغانىدى، شۇڭا كۆز ئالدىدىكى بۇ قىزنىڭ گۆدەكلەرچە سورىغان سوئالىدىن مەڭدەپ قالدى، ئۇ بىردەم ئويلىـ نىۋالغاندىن كېيىن ئوڭ قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ، تىرەن سۆزلەـ ۋاتقاندەك قىياپەتتە جاۋاب بەردى:

— بىز ئاللانىڭ بىزگە توغرا يول كۆرسىتىپ، گاڭگىراپ قالغان نەزەر دائىرىمىزنى يورۇتقانلىقىغا ھەمدۇسانا ئوقۇيمىز.

رەنا دېگەندەكلا «ئاپتاپ ۋە يامغۇر» توغرىسىدىكى مەسىلىنى قايتا سورىمىدى، ئۆزىنى ئەركىننىڭ سىرلىقلىقىغا سېلىشتۇـ رۇپ: مەن تولىمۇ بىلىمسىز ئىكەنمەن، دەپ ئويلىدى.

رەنا ھەر قېتىم كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ ئەركىنگە تىكىلـ گىنىدە، بىر يىگىتنىڭ يۈرىكى پۇچىلىنىپ كېتەتتى. ئىگەرچى

يېزىسىنىڭ توكچىسى ساۋۇتنىڭ رەنانى يوشۇرۇنچە ياخشى كۆرۈپ يۈرۈۋاتقىنىغا ئىككى يىل بولغانىدى، شۇ تاپتا ئۇ توساتتىنلا قىز بالىنىڭ كۆڭلىنىڭ باشقا بىرسىگە ئېغىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەز-دى. ساۋۇت ماموتتىن ياردەم سوراپ، كەلگۈسىدىكى قېيناتىسى-نىڭ ئۆزىگە ياردەملىشىشىنى ئۈمىد قىلدى، ئەمما ماموت نائىلاج ساقلىنىنى سىلاپ قويۇپ:

— مەن سىلەر ياشلارنىڭ ئىشىنى بىلىپ كەتمەيمەن، باشقۇ-رۇپمۇ كېتەلمەيمەن، — دېدى.

ئەركىن ئۆزىنىڭ نوپۇزىنى تىكلەش ئۈچۈن، ھەمىشە باشقا مۇرىتلىرىنىڭ ئالدىدا ماموتنى ئەيىبلەيتتى.

ماموت تىجارىتىنى ۋاقتىنچە تاشلاپ قويۇپ، ئەركىنگە نېمە دېسە ماقۇل دېيىشكە مەجبۇر بولدى. ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئەر-كىنگە بولغان قورقۇنچ چۇلغىۋالدى، ئۇ نېمىلا دېگەنبىلەن جاھاندا 50 نەچچە يىل تىرىكچىلىك قىلغانىدى، شۇڭا ئەركىن مۇشۇنداق غەلۋە قىلىۋەرسە، بۇ ئىشنى بارغانسېرى يىغىشتۇرالماي قالىدۇ، دەپ ئويلىدى. ئۇ ئەركىننىڭ خەتەرلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى بارا - بارا تونۇپ يەتتى، رەيھان بىلەن بىرەر باھانە تېپىپ ئەركىننى ھەيدىۋېتىش توغرىسىدا ئاستاغىنە مەسلىھەتلەشتى، لې-كىن بۇ ئاسان ئىشمۇ؟ مېھماننى قارشى ئېلىش ئاسان بولغىنى بىلەن، ئۇزىتىپ قويۇش تەس - دە!

ئەركىنمۇ ئەخمەق ئەمەس ئىدى، ئۇ ماموتنىڭ ئۆزىدىن زې-رىككەنلىكىنى بىلىپ قالدى، ئەمما بوش كەلمىدى، بىراقلا مۇتتە-ھەملىك قىلىپ:

— مېنىڭغۇ كەتكۈم بار ئىدى، ئەمما مۇرىتلىرىم مېنى كەتكىلى قويمايۋاتىدۇ. مەن كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۆيۈڭدە يەر ئاستى تەپسىر ئېيتىش ئۇقتىسى قۇرغانلىقىڭدەك پاكىتنى يوقىتال-ۋېتەلمەيسەن - دە؟ ھۆكۈمەت سېنى قويۇۋېتەرمۇ؟ ھازىر ئىككىلا يول بار، يا ھۆكۈمەتكە ئەگىشىپ ماڭىسەن، يا ئاللاغا. ئەگەر ھۆكۈمەتكە ئەگىشىپ ماڭساڭ، ئىسلام دىنىمىزنىڭ كاپىرى بولى-سەن، بىزنىڭ دۈشمىنىمىز بولىسەن، ئۆلتۈرۈلىسەن، ئۆزۈڭ تاللىۋال! — دېدى ماموتقا.

ئەركىن ماموتىنىڭكىدە بارغانسېرى ھىماتىم بار دەپ غەم قىلـ-
مايدىغان، بارغانسېرى ئاچچىقلايدىغان، دائىم بىر قولىغا «قۇر-
ئان» نى، بىر قولىغا دەررىنى ئېلىۋالىدىغان بولدى، ئۇ ئېتىقادتا
ئىخلاسمەن بولمىغان، ئىسلامىيەتنىڭ پەرھىزلىرىگە بويسۇنمىغان
كىشىلەرنى 20 دىن 80 دەررىگىچە ئۇرۇشنى بەلگىلىدى. يەنە
مۇخلىسلىرى ئىچىدىن بىرنەچچە زەبەردەس مۇرىتىنى تاللاپ چىد-
قىپ، ئۇلارنى خەلپەت سايلىدى، ئەركىننىڭ مۇخلىسلارنى باشقۇ-
رىدىغان بۇ كىچىك ئاقساقاللارنى تاللاپ چىقىشتىكى مەقسىتى پات
ئارىدا قۇرۇلىدىغان تېررورلۇق مەشىق بازىسىغا ئاساس سېلىش
ئىدى. ئۇ يۇرت ئالماقچى بولغانلىكى ئادەمنىڭ ھەممىسى ئىشنى
ھوقۇق تارتىۋېلىشتىن باشلىشى كېرەك، مۇخلىسلار ئارىسىدىكى
دەرىجە قۇرۇلمىسىنى ئايدىڭلاشتۇرغاندىلا ئاندىن ئۆزۈمنىڭ يۇقى-
رىدا تۇرۇۋېلىشتەك ھوقۇق ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولى-
دۇ، دەپ ھېسابلايتتى.

## 2

ئەركىن شىرئەلىگە بۇيرۇق چۈشۈردى:

— قۇمۇلۇققا بېرىپ بىخەتەر جايدىن بىرنى تېپىپ، تەلىم - تەربىيە بازىمىزنى قۇرۇشنى باشلايلى.

— لەڭگەر كەنتىدىن ۋاز كېچىمىزما؟ — دەپ سورىدى شىرئەلى.

ئەركىن بېشىنى چايقاپ كۈلۈمسىرىگىنىچە:

— بۇ دېگەن نىمارا تاغلىقى! بۇ ئاللانىڭ ئىرادىسى، بۇ يەردىن قانداقمۇ ۋاز كەچكۈدەكمەن؟ بۇ يەر ماڭا بۆشۈك بولىدۇ، — دەپ جاۋاب قايتۇردى.

— شۇنداقمۇ؟ — دەپ قويدى شىرئەلى سوغۇققىنا.

— نىمارا تاغلىقىنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلەمسەن؟ A دۆلەتتە، ئۇ قالتىس بىر جاي، — ئەركىن بىلەرمەنلىك بىلەن شىرئەلىگە غەربتىكى مەلۇم چوڭ دۆلەتنىڭ رادىئو ئىستانسىسىدىن ئاڭلىۋالغان ئەڭ يېڭى خەۋەرنى تونۇشتۇردى.

شىرئەلى ئەركىننىڭ بىلەرمەنلىكىدىن بىزار بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئالدىنقى ئىككى ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن خادىمدىن ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى، يەنە كېلىپ بىلىدىغان ئىشلىرىنىڭ ھەقىقەتەن ناھايىتى كۆپلۈكىنى كۆڭلىدە ئېتىراپ قىلاتتى. ئۆزىنى پاك ھېسابلايدىغان شىرئەلى پەقەت ئەركىننىڭ ئالدىدىلا باش ئېگىشكە ئۇنايتتى. ئۇ ئەركىنگە ئەگىشىپ ئىشلەشنى بىر قەدەر ياقتۇراتتى.

ئەركىن ئۇنىڭغا تەلىم بەردى:

— بىلەمسەن؟ A دۆلەتتىكى ھۆكۈمەتكە قارشى كۈچلەر، B دۆلەتتىكى ھۆكۈمەتكە قارشى كۈچلەر ۋە D دۆلەتتىكى ھۆكۈمەتكە قارشى كۈچلەر A دۆلەتتىكى نىمارا تاغلىقىدا بىر پارچىدىن زېمىننى بېسىۋېلىپ، بۆلتۈردىن بۇيان ھۆكۈمەت ئارمىيىسى بىلەن كۆپ قېتىم شىددەتلىك جەڭ قىلغان، يېقىندا A دۆلەت ھۆكۈمىتى ئۇلارنى قورشاپ يوقىتىشقا 4 مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق ساقچى قىسمىنى ئەۋەتكەن. نەتىجىدە، A دۆلەت قىسمىدىن 250 نەچچە ئادەم ئەسىرگە ئېلىنغان، ئەمما A دۆلەتتىكى ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق كۈچلەردىن ئاران 30 نەچچە ئادەم ئۆلگەن. ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق كۈچلەر مۇنداق جەڭ نەتىجىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە، پۈتۈنلەي نىمارا تاغلىقىنىڭ ياخشى يەر شارائىتىغا تايانغان! شۇڭا، لەڭگەر كەنتى بىلەن قۇملۇقنىڭ مەركىزىي رايونىدىن ھېچقايسىسىنى تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ، ماڭا ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى كېرەك.

ئەركىن قولى بىلەن كۆز يەتكۈسىز قۇملۇقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— سەن قۇملۇقنى بىزنىڭ ئەڭ تەبىئىي مۇھاپىزەت توسۇقىمىز دەپ قارىمامسەن؟ — دېدى.

— شۇنداق، — دېدى شىرئەلى ئەركىنگە قاراپ قويۇپ. ئۇنىڭ كۆكۈچ كۆزلىرىدىن خىرە ئوت نۇرى چاقناپ تۇراتتى. شىرئەلى تۇغۇلۇشىدىنلا زوراۋانلىققا ئاجايىپ ھەۋەس قىلاتتى ۋە قىزىقاتتى.

ئەمەلىيەتتە، 20 كىشىلىك بىر تېررورلۇق تەشكىلاتى قۇرۇش ئەركىن ئۈچۈن ئېيتقاندا كىچىككىنە بىر ئىش ئىدى. ئۇنىڭ

غايىسى بۇ خىلۋەت يېزىدا «تۈركىستان ئىمپېرىيىسى» ھاكىمىيە-تىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلىنى بەرپا قىلىش ئىدى. ئۇ بۇنى ئۆزىگە يۈكلىگەن غايە، بۇ غايە ئاللا بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز، دەپ قارايتتى.

3

ئالىم ئەركىن تەمىنلىگەن ھېسابات نومۇرىغا بىر قىسىم پۇل-نى ماڭدۇرۇۋېتىپلا بولدى قىلدى. ئۇ يەنە نىيىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئېشىپ قالغان پۇلنى ئۆزىنىڭ ئىشىغا ئىشلەتمەكچى بولدى. يېقىن ئادىمى ئابدۇلنى بىر قىسىم خىراجەتنى ئېلىپ چېگرىدىن كىرىشكە ئەۋەتتى، جەنۇبىي شىنجاڭنى يالغۇز ئىگىلىۋېلىش پۇرسىتىنى ئەر-كىنگە بېرىپ قويۇشنى خالىماي، چېگرىغا يېقىن جايدا يوشۇرۇنچە بىر تېررورلۇق بازىسى قۇرماقچى بولدى. ئۇ ئابدۇلغا مۇنداق دېدى:

— شەھەر بىلەن يېزا ئەركىنگە تەۋە بولسۇن، بىز بىر تاغنى ساقلاپ قالساقلا يېتىدۇ، مەن خەرىتىنى تەكشۈرۈپ باقتىم، ئۇ يەر چېگرىغا 200 كىلومېتىرلا كېلىدىكەن، سەن ئۇ يەردە ئاۋۋال ياپماڭنى يېيىۋال، مەن ساڭا يىراقتىن ماسلىشىمەن، بىز قانداق قىلىمىز دېسەك شۇنداق قىلالايمىز.

— ئەركىن بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىمەن؟ — دەپ يولىيورۇق سورىدى ئابدۇل قاپىقىنى ئاچماي.

— ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش كېرەك، ئەمما ئۇنىڭغا يۆلىنىۋې-لىشقا بولمايدۇ، — دېدى ئالىم مەككارلىق بىلەن.

— ئۇ مەن بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالسا قانداق قىلىمەن؟ — دەپ سورىدى ئابدۇل ئەنسىرەپ.

ئالىم ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا:

— ئۇنداق قىلمايدۇ. ئۇ ئىبراھىمنىڭ يۈزىنىغۇ قىلار! ئېسىڭدە بولسۇن، سەن دېگەن ئىبراھىم تەكلىپ قىلغان ئەزىز مېھمان، چېگرىدىن كىرىپ «شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق تەشكى-لاتى» نىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىغا قاتنىشىسەن. سەن بارساڭ تېخى

ئۇنىڭ ئابرۇيىنى كۆتۈرسەن، ــــ دېدى.
ئابدۇل بۇ يىل 32 ياشقا كىرگەن بولۇپ، چاققان ۋە جىۋەك ئىدى، ئۇ ساياھەتچى سالاھىيىتى بىلەن يوشۇرۇنچە چېگرىدىن كىردى.
ئۇ ئىبراھىم بىلەن ئوڭۇشلۇق ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭ ئۆيىدىكى مەخپىيەتخانىدا بىرەر قۇر خۇپىيانە پاراڭلاشتى، ئاندىن بىر كەچقۇرۇنلۇقى «كۆكقۇش» ماركىلىق بىر پىكاپقا چىقىپ قاراڭغۇ كېچىدە غايىب بولدى.

## 4

ئەركىن قاسىمدىن قېلىپ قالغان مېۋىلىك باغدىكى مەخپىي تېررورلۇق تەلىم - تەربىيە بازىسىدا ئابدۇلنى قوبۇل قىلدى. ساقچىلار تەرىپىدىن بايقالمىغان بۇ بازا مۇنداقلا قارىماققا مېۋىلىك باغ بولغىنى بىلەن، مېۋىلىك باغ چۆللىشىپ كەتكەنىدى، ۋەيران بولغان ئىككى رەت كېسەك ئۆي مېۋىلىك باغنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرىپىگە توغرىسىغا چۈشكەنىدى، ئۇنىڭ ھەربىرىسىدە بەش ئېغىز ئۆي، ھەر بىر ئۆيدە يوغان بىر كاڭ بولۇپ، كاڭغا رەڭگىنى بىلگىلى بولمايدىغان گىلەم سېلىنغانىدى. كېسەك ئۆينىڭ ئەتراپىدا بىر نەچچە گەمە ئويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاشلىق ۋە قورال - ياراغ ساقلانغانىدى، بەزى گەمىدە ئادەم تۇرغىلى بولاتتى. ئۇنىڭ نېرىسىغا قارىسا چەكسىز كەتكەن قاقاسلىق كۆرۈنەتتى.
ياسىن بۇيرۇققا بىنائەن چەت ئەلدىن كەلگەن مېھمان ئابدۇلنى مېۋىلىك باغدىكى بازىغا باشلاپ باردى. ئەركىن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى، ئۇ ئابدۇل بىلەن بىللە ئىشلىگەنىدى، ئىككىسى ئانچە ئەھۋاللىشىپ كەتمىدى، ئىككىنچى رەتنىڭ ئەڭ ئىچىدىكى ئۆيگە كىرىپ، كونا گىلەم سېلىنغان كاڭدا باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردى.
ئەركىن ئۇنىڭ بىلەن سوغۇقمۇ ئەمەس، قىزغىنمۇ ئەمەس:
ــــ ھە، كەلدىڭما! ــــ دەپ سالاملاشتى.
ئابدۇل ياخشىچاقلىق بىلەن:
ــــ ھەقىقەتەن ياخشى ئىشلەپسەن! ــــ دەپ ئۇنى ماختاپ قوي-

-دى.

— مەن چېگرىنىڭ ئىچىگە قايتىپ بىر يىل ۋاقىت ئىچىدە «شەرقىي تۈركىستان» ئازادلىق تەشكىلاتىمنى بەرپا قىلىمەن، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش بازامنى قۇرۇپ چىقىمەن دېگەنىدىم. قانداق، كۆرگەنسەن؟ مەن لەۋزىمدە تۇردۇم. بۈگۈن كېچە، سەن گۇۋاھچى سۈپىتىدە ئۇلۇغۋار نىشانىمنى قانداق قىلىپ قەدەممۇ - قەدەم ئىشقا ئاشۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ قويغىن، — دېدى ئەركىن مەغرۇرانە ھالدا.

ئابدۇل بىر خالتا خەلق پۇلىنى چاسا ئۈستەلگە تۆكتى:

— بۇنى ئالىم ساڭا بېرىپ قويۇشۇمنى ئېيتقان، بىزنىڭ سېنى قوللىغىنىمىز بولۇپ قالسۇن، تاپشۇرۇۋال.

ئەركىن بۇ گەپنى ياقتۇرمىدى:

— مۇشۇنچىلىك پۇل بىلەنما؟ ئالىمغا ئېيتىپ قوي، مەن ئەركىن پۇل كۆرگەن ئادەم. مەن ئوتتۇرا ئاسىيادا يۇرت كېزىۋات- قاندا، ئۇ تېخى ھۆكۈمەتنىڭ تۈرمىسىدە كەچۈرۈم سوراۋاتاتتى. ئۇنىڭغا دەپ قوي، ھېلىقى پۇل مېنىڭكى، بىر پۈڭ كەم بولسىمۇ بولمايدۇ.

— ھەممىمىز ئورتاق نىشان ئۈچۈن تىرىشىۋاتقاندىكىن، سې- نىڭ - مېنىڭ دەپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دېدى ئابدۇل نەسىھەت ئارىلاش.

— ئۇ مەن تىككەن دەرەخنىڭ چېچەكلىگىنىنى كۆرۈپ، كېلىپ مېۋىسىگە ئىگە بولاي دەمدۇيا؟ — دېدى ئەركىن ئۆكتەم- لىك بىلەن.

— قېيىدىمىساڭچۇ، بىز يەنىلا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قولنى قولغا تۇتىشىپ ئىشلەيلى. سەن جەنۇبىي شىنجاڭدا غەلۋىنى چوڭ- راق چىقار، جەمئىيەتنى قالايمىقانلاشتۇر، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ۋەسۋەسىگە سېلىپ، مۇسۇلمانلارنى بىز بىلەن ماڭىدىغان قىلى- ۋەت، — دېدى ئابدۇل مۇلايىم ھالدا.

— بىز بىلەن؟ سىلەر بىلەن ئەمەس، مەن بىلەن ماڭىدۇ!

ئابدۇل ئاچچىقىنى زورىغا بېسىپ:

— سېنىڭ چېگرا ئىچىدىكى ھەرىكىتىڭ بىزنىڭ چېگرا

سىرتىدىكى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىمىزدىن ئايرىلالمايدۇ، سىزنىڭ ئالىم بىلەن ئازارلىشىپ قالغىنىڭىزنى مەنمۇ بىلىمەن، ئەمما نېمىلا دېگەنبىلەن، ئۇ يەنىلا ئومۇمىي ۋەزىيەتنى مۇھىم بىلىپ سىزنىڭ زېمىن ھازىرلىشىڭىزغا ياردەم بەردى، — دېدى ئەركىن كەسكىن هالدا.

ئەركىن ئىشەنچ بىلەن كۈلۈپ:

— ھا، ھا، ھا... ئۇنىڭغا چاپان ياپما، ئۇ باشقىلارنىڭ زېمىنىدا تۈگۈلۈۋېلىپ، ئازراقمۇ ئەركىنلىكى يوق يۈرۈۋاتىدۇ. مېنىڭچە، سەن خاتا ئۇقۇۋاپسەن، ئۇ ماڭا يۈلەنسىلا ئاندىن قۇدرەت تاپالايدۇ، — دېدى.

ئابدۇل ئۇستاتلىق بىلەن خۇشامەت قىلىپ:

— مانا سىزنى پاناھ تارتىپ كەلدىمغۇ؟ — دېدى.

ئەركىن قارىسىغىلا ھۆكۈم قىلىپ ئۆز گېپىنى يورغىلاتتى:

— مەن بۇرۇنلا دېگەنىدىم، مۇشۇ يەردە تۈغۈلۈپ چەت ئەلدە ئۆسكەنلەر كارغا كەلمەيدۇ، مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ مۇشۇ يەردە ئۆسكەنلەرلا زېمىن ھازىرلاش ئاساسىغا ئىگە. ئۇ دېگەن A دۆلەتنىڭ ھۆكۈمەت ئارمىيىسى بىلەن توسايىنىڭ يېرى، خەق تۇ-زۇت قىلىپ ئۇنىڭغا بىرنەچچە بازىنى ئىشلىتىپ تۇرۇشقا بېرىپ تۇرغان گەپ، ئەمما ئۇ مەڭگۈ ئۇنىڭ زېمىنى ئەمەس. جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، بۇ يەر مېنىڭ، مېنىڭ گېپىم ئاقماي قالمايدۇ، — ئەركىن بۇ گەپنى دەپ، ساھىبخانىلىق ھېس-سىياتىغا چۆمگەنىدى.

ئابدۇل يۇمشاق دىسكىدىن بىرنى ئەركىنگە ئۇزىتىپ:

— بۇنىڭدا بىزنىڭ پارتىيە نىزامنامىمىز، تەشكىلىي پىرىن-سىپىمىز قاتارلىق ماتېرىياللار بار، ئۆلگە قىلىپ باقام-سەن يا؟ — دېدى.

ئەركىن يۇمشاق دىسكىنى ئۇتتۇرا بارمىقى بىلەن چېكىپ قويۇپ، مەنسىتمەي:

— ئەپسۇس، بۇ نەرسە كىچىكتى، بالدۇر كەلسىمۇ ماڭا ھېچقانداق پايدىسى يوق ئىدى، — دەپ قويۇپ چاسا ئۇستەلنىڭ ئاستىدىن ئۆزى ياسىۋالغان ئاي ۋە يۇلتۇزنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن

بىر بايراقنى چىقىرىپ — مەن ھەتتا بايراقنىمۇ لايىھىلەپ بولدۇم. قايتىپ بېرىپ ئالىمغا دەپ قوي، ئۇ ياردەم قىلمىسىمۇ چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايمەن. ئۇ قاراپ تۇرسۇن، مەن بىر ئايغا قالمايلا پۈتۈن دۇنياغا ئۆزۈمنىڭ ئاۋازىنى — بومبىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىتالايمەن، — دېدى ئەركىن سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئۆزىنى ئۆزى ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى، — سىلەر قاراپ تۇرۇڭلار، ھازىر مېنىڭ كۈچۈم تېخى يېتەرسىز، شۇڭا ھازىرچە «شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق تەشكىلاتى» نىلا قۇرالايمەن، كۈچۈم زورايغاندىن كېيىن، مېنىڭ قۇرىدىغىنىم قانداقتۇر بىر پارتىيە - گۇرۇھلا بولماستىن، بەلكى «تۈركىستان ئىمپېرىيىسى» بولىدۇ. شۇ چاغقا بارغاندا سىلەرنىڭ ئاشۇ تەشكىلاتىڭلارنى ئۆزۈم ئۆتكۈزۈۋالىمەن.

— گەپنى چوڭراق قىلىۋەتتىڭمۇ قانداق؟ — دېدى ئابدۇل تاتىرىپ.

ئەركىن مەنسىتمىگەن ھالدا:

— ھېلىمۇ قاتتىق تۇزۇت قىلدىم، — دېدى.

ئابدۇل ئۈنچىقمىدى.

ئەركىن گەپنى بىراقلا بۇراپ:

— سەن بۇ يەرگە يىغىنغا قاتنىششقىلا كەلمىگەنسەن؟ ئىشىڭ بولسا ئوچۇق دەۋەر، — دېدى.

ئابدۇل ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، گېلىنى قىرىپ قويۇپ:

— ئالىمنىڭ ماڭا چېكىرىدىكى تاغلىقتىن كۆڭۈلدىكىدەك بىر جاينى تاللاپ، تايانچ بازىدىن بىرنى ئاچقۇزغۇسى بار ئىكەن، — دېدى.

ئەركىن خۇشياقمىغان ھالدا:

— ئۇ توساينىڭ پۇلى بىلەن مەبلەغ سېلىپ، مېنى ئادەم چىقارسۇن دەپتۇ، توغرىمۇ؟ ئىشنىڭ ئاسىنىغا كىرىپتۇ - ھە! — دېدى.

— ماڭا ياردەم بېرەرسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ياردەم دەيسەنغۇ، ئەسلىدىلا مېنىڭ ئىشىم تۇرسا، ئۇ پىلانىمنىڭ مۇھىم بىر قىسمى ئىدى، — دېدى ئەركىن.

ئابدۇل ئۇنى يەنىمۇ سىناپ باقتى:
— ھەمكارلىشامدۇق؟
ئەركىن يەنىلا غۇمىنى باسالماي:
— ئالىم زېمىنىمنى تارتىۋالماقچى بوپتۇ، — دېدى.
ئابدۇل مۇغەمبەرلىك بىلەن چۈشەندۈردى:
— ئۇمۇ بىزنىڭ مۇستەقىللىقتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشىمىزنى دەۋاتقان گەپ.
— دېمىسىمۇ مۇشۇ قۇرۇق باھانىلا قالدى. مەن ناھايىتى ئەمەلىيەتچىل، توساي ماڭا بەرگەن پۇل ئالىمنىڭ قولىدا، شۇڭا پۇل ئۈچۈن مۇرەسسە قىلىشقا مەجبۇرمەن، — دېدى غەزەپ بىلەن.
ئابدۇل جەزملەشتۈرۈپ:
— ئۇ نۇرغۇن پۇلنى شۇ يەرگە ئىشلىتىدۇ، — دېدى.
ئەركىن ئابدۇلغا تىكىلگىنىچە:
— مەن سېنىڭ خىزمەتكە ئەڭ لايىق ياردەمچىم بولۇپ قېلىشىڭغا ئىشىنىمەن، مۇنداق بولسۇن، مەن ئادەم تەيىنلەپ سېنى شۇ جايغا يەتكۈزۈپ قوياي. مېنىڭ پىلانىمدا، توغرىسىنى ئېيتسام، ئۇ يەر مەخپىي قورال - ياراغ زاۋۇتى بولۇشى كېرەك، — دېدى.
ئەركىن ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشىنەلمەي:
— قورال - ياراغ زاۋۇتى قۇرماقچىما؟ — دەپ سورىدى.
— مەن قانداقتۇر 30 يىللىق تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى خالىمايمەن. مېنىڭ نىشانىم 10 يىل ئىچىدە زوراۋانلىق ۋە قورال كۈچى بىلەن مۇستەقىللىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش. شۇڭا، ئۆزىمىزنىڭ قورال - ياراغ زاۋۇتىغا ئىگە بولۇشىمىز كېرەك. مۇنچىۋالا چوڭ ئۇرۇشنى قىلىشتا، قورال سېتىۋېلىشقىلا تايىنىش ئىنتايىن خەتەرلىك ئىش، — دېدى ئەركىن.
ئابدۇل ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن قول قويۇپ:
— سەن ھەقىقەتەن ئالىمغا قارىغاندا يىراقنى كۆرىدىكەنسەن، — دېدى.

# 5

شۇ كۈنى قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن، ساقچىلار سىزىلمىگەن
مېۋىلىك باغدىكى تېررورلۇق بازىسىغا ئارقا - ئارقىدىن 12 سىر-
لىق ئادەم يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئوخشىمىغان جايدىن
ئوخشىمىغان ۋاقىتتا يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇلار ئىشىكتىن كىرگەن-
دىن كېيىن، ئالدى بىلەن بىرىنچى ئۆيدە ئاق رەڭلىك، نىقابلىق
يىغىن فورمىسىنى ئالماشتۇرۇپ، ئاندىن ئەڭ چوڭ ئۆيگە كىردى.
ئۇ ئەركىن بەلگىلىگەن يىغىن مەيدانى ئىدى. يىغىن مەيدانىغا ئاق
ھىلال ئاي ۋە بەش بۇرجەكلىك يۇلتۇزدىن تەركىب تاپقان ئاي -
يۇلتۇزلۇق بايراق ئېسىلغانىدى. يىغىنغا كەلگەن كىشىلەر بىر -
بىرىنى تونۇشتۇرمايتتى، قارشى تەرەپنىڭ چىرايىنىمۇ كۆرەلمەيت-
تى، ئۆزئارا مەخپىي نام بىلەنلا ئاتىشاتتى.
يىغىن باشلانغاندىن كېيىن، كۆزىدىن باشقا ھەممىلا يېرىنى
ئورىۋالغان ئەركىن يىغىن قاتناشچىلىرىغا بىر - بىرلەپ بېشىنى
لىڭشىتىپ قويدى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن
كەلگەن بۇ قېرىنداشلارنىڭ تەڭدىن تولىسى ئىبراھىمنىڭ شاگىرت-
لىرى ئىدى، ئۇلار ئۇزاققىچە يوشۇرۇنۇۋېلىپ، پۇرسەت يېتىپ
كەلگەندە تەشكىللىك، پىلانلىق ھەرىكەتلىنىشنىلا كۈتۈپ تۇرۇشقا-
نىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىبراھىمنىڭ چاقىرىقىغا ئىتائەت قى-
لىپ خىلۋەت ئىگەرچى يېزىسىغا يىغىنغا كەلگەنىدى. ئىبراھىم
ئەلۋەتتە ئوتتۇرىغا چىقمايتتى، ئۇنىڭ سالاھىيىتى يىراققا مۆكۈنۈ-
ۋېلىپ پەردە ئارقىسىدا كونترول قىلىشقىلا يول قوياتتى. شۇ تاپتا
ئۇ ئۆمۈرلۈك ئۈمىدىنى ئەركىنگە باغلىغانىدى، ئەركىننىڭ مۇۋەپ-
پەقىيەت قازىنىش - قازىنالماسلىقى تېخى نامەلۇم ئىدى، ئىبرا-
ھىم مەغلۇپ بولۇشتىن ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ قورقاتتى، ئۇنىڭ
يېشى مەغلۇبىيەتنى كۆتۈرەلمەيتتى! يېقىندا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا
ھەمىشە ئۆزى 20 ياشقا كىرگەن يىلى جېنى تۈمشۇقىغا كېلىپ
قالغان ئۈچ بوۋاي قوچاقلاشقىنىچە ئۆكسۈپ يىغلىغان مەنزىرە
كېلىۋالىدىغان بولۇپ قالغانىدى، ئەگەر مەغلۇپ بولسا ئۇنىڭ

ئاقىۋىتىنىڭ ئۆزى نەپرەتلەنگەن كىشىلەرنىڭكى بىلەن نېمە پەرقى؟

بىراق، ياش ئەركىننىڭ جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى، ئۇ سىياسىي سەھنىگە چىقىدىغان مۇشۇ كۈنگە ئاخىر ئېرىشكەنىدى، شۇڭا ئۇ ئۇستازى ئىبراھىمنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بەرگەنلىكىدىن مىننەتدار ئىدى، ئەگەر ئىبراھىمدىن ئىبارەت بۇ يىرتىق بايراق بولمىسا، بۇ كىشىلەرنىڭ قايسىبىرى ئەركىننى تونۇيتتى؟ يەنە قايسىبىرى ئۇنىڭ گېپىگە كىرەتتى؟ ئەركىن ئىبراھىمنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ لوق گۆشنى ئاسانلا قولغا كىرگۈزۈۋالدى، شۇڭا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىم مۇقەررەر دەپ ئويلىدى.

ئەركىن ھاياجىنىنى كۈچىنىڭ بارىچە بېسىۋالدى. ئۇ «قۇرئان كەرىم»نى ئىككى قوللاپ مەھكەم قۇچاقلىۋالغانىدى، بۇ مۇخلىسلارنى قايمۇقتۇرىدىغان ئەڭ كۈچلۈك قورال ئىدى. ئۇ ھەمىشە مۇخلىسلىرىغا: «سىلەر مېنىڭ چاقىرىقىمنى ئاڭلىمىساڭلار مەيلى، ئەمما ئاللانىڭ چاقىرىقىنى ئاڭلىمىساڭلار بولمايدۇ» دەيتتى.

يىغىنغا كەلگەن ھەربىر كىشى ئەركىننىڭ قولىدىكى «قۇرئان كەرىم»نى كۆردى، ئۇلار «قۇرئان كەرىم»گە ئاسىيلىق قىلىشقا پېتىنالمايتتى، ئەركىن 12 يىغىن قاتناشچىسىغا:

— مېنىڭ قىلىۋاتقانلىرىمنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ ئىرادىسى. ئەمدى ئاللاغا قەسەم ئىچەيلى! — دېدى. شۇنىڭ بىلەن يىغىن قاتناشچىلىرى ئەركىنگە ئەگىشىپ قەسەم قىلدى:

— مەن تەشكىلگە سادىق بولىمەن، مەڭگۈ ئاسىيلىق قىلمايمەن، تەشكىلنىڭ ئىشلىرىغا بارلىقىمنى بېغىشلايمەن.

قەسەم بېرىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئەركىن: «شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق تەشكىلاتى قۇرۇلدى» دەپ جاكارلىدى. ئارقىدىن ئۇ ئۆزى تۈزۈپ چىققان تەشكىلىي پروگراما، ئاساسىي مەقسەت، نىشانلىق ۋەزىپە، تەشكىلىي تۈزۈم ۋە ئاتالمىش ئاساسىي قانۇننى ئوقۇپ ئۆتتى. يەنە مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپ قاتارلىق كىشىلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى، شىرئەلى بۇ تەشكىلاتنىڭ ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلەندى.

ئەركىن «ھۆكۈمەت» دوكلاتى بەردى، ئۇ مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا

قويدى:
— مېنىڭچە، نۆۋەتتە ئالدى بىلەن قىلىدىغان ئىشىمىز شە-
ھەردىن يېزا - بازارغىچە، يېزا - بازاردىن كەنتكىچە، كەنتتىن
ھەر بىر ئائىلىگىچە دىننى كەڭ دائىرىدە تەشۋىق قىلىش. شۇنىڭ
بىلەن بىللە قىلىدىغان بىرنەچچە ئىشىمىز، بىرىنچىدىن، دىنىي
ساھەدىكىلەرگە بىر پارچە خەت ئەۋەتىش؛ ئىككىنچىدىن، «شەر-
قىي تۈركىستان» چېگرىسى سىرتىدىكى مۇھاجىرلارغا بىر پارچە
خەت ئەۋەتىش؛ ئۈچىنچىدىن، مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا بىر پارچە
خەت ئەۋەتىش. مۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىمىز كەڭ دائىرىدە
ئىتتىپاقلىشىپ كۈچىمىزنى ئۈلغايتىش، غازات ۋە ھەل قىلغۇچ
جەڭ قىلىپ، ئىسلام ھاكىمىيىتىمىزنى قۇرۇشقا ھازىرلىق كۆ-
رۈشتىن ئىبارەت.

ئارىدىن بىر ئەزا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۇنىڭغا رەددىيە
بەردى:

— سەن دېگەن بۇ نېمىلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇق نەرسىلەر،
بىزنىڭ يىغىنغا كېلىشتىكى مەقسىتىمىز قورال ئېلىۋېلىش، ئان-
دىن كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈش. سېنىڭ گېپىڭچە، قاچان ھەرىكەت
قىلغىلى بولىدۇ؟

— ھازىر تېخى ھەرىكەتلىنىشكە بولمايدۇ، بىز بارلىق كۈچ-
لەرنى قوزغاشقا موھتاج، — دەپ جاۋاب بەردى ئەركىن.
— ھازىرلا قىلساق بولىۋېرىدۇ، قوزغاش ھاجەتسىز. چۈنكى
قولۇمدا گرانات بار. بىز ھەر ئاخشىمى ئۈچ بۇرادىرىمىزنى ئەۋە-
تىپ پارتلىتىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بار-
ساقلا، بىر ئايغا قالماي كىشىلەرنىڭ كەيپىياتىنى قالايمىقانلاشتۇ-
رۇۋېتەلەيمىز، مۇسۇلمانلارنى «غازات» قىلىشقا، خەنزۇلارنى
شىنجاڭدىن ھەيدەپ چىقىرىشقا، مۇسۇلمان ھاكىمىيىتى قۇرۇشقا
قوزغىيالايمىز، — دېدى ھېلىقى ئەزا يەڭگىللىك بىلەن.

— سېنىڭ مۇنداق قىلىشىڭ ئاقىلانە بولمايدۇ، ساقچىلار
سېنى تېزلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىدۇ. بىز قول سالغان تەقدىردىمۇ،
ئالدى بىلەن بىرەر ناھىيە ياكى بىرەر يېزىنىڭ زېمىنىنى ئىشغال
قىلىشىمىز، 24 سائەت چىڭ تۇرۇپ، خەلقئارا جامائەت پىكرىنىڭ

قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن چوڭ ئىشلارنى رويابقا چىقارغىلى بولىدۇ، سەندە مۇشۇنداق ئىشەنچ بارمۇ؟ ــ دېدى ئەركىن كەسكىن ھالدا.
ــ سېنىڭ مۇستەقىللىق يولۇڭ بەك مۇرەككەپ ئىكەن، بۇنى چۈشىنەلمىدىم، چۈشىنىشنىمۇ خالىمايمەن، مەن بىر ھەقىقىي مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ، كاپىرلار ۋە مىللىي مۇناپىقلارنى ئۆلتۈرۈشنىلا ئويلايمەن. «قۇرئان كەرىم» نى قانۇنغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن قېنىم تۆكۈلسىمۇ ئايانمايمەن، ــ ھېلىقى ئەزا ئەركىنگە قايىل بولمىدى. ئەركىن بۇ ئەزاغا پەرۋا قىلماي، تەمكىنلىك بىلەن:
ــ يىغىننى داۋاملاشتۇرايلى، ــ دېدى.

## 6

جۇڭ چېڭ ۋاڭ لۇنى ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىگە كاماندىروپكىغا ئەۋەتتى، ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ۋەزىپىسى ئىككى بولۇپ، بىرى، جەنۇبىي شىنجاڭ ساقچى ئىدارىسىگە بىر تۈركۈم «ساقچىچاق» ھەل قىلىش؛ يەنە بىرى، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى پەن ـ تېخنىكا نازارىتى ئۈچۈن مەركىزىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش ۋە كۆزدىن كەچۈرۈش ئىدى. جۇڭ چېڭنىڭ نىيىتى ناھايىتى ئېنىق ئىدى، ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭ ساقچى ئىدارىسىدە ئۈچۈر مەركىزى قۇرۇشنى ئويلىشىۋاتاتتى، ئەمما ئۇ خىيالىنى ۋاڭ لۇغا تېخى ئېيتمىغانىدى. ۋاڭ لۇنىڭ ئىنكاسىغا قاراپ باقماقچى بولغانىدى.
ۋاڭ لۇ ئۈرۈمچىنىڭ كوچىلىرىدا ئۆزىگە تونۇشلۇق كوچا مەنزىرىلىرىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ ئۈرۈمچىگە نىسبەتەن مۇناسىۋەتسىز ئادەم بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بىلەن ما تيەنمۇ ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ھېكايىلىرىمۇ بىر خىل مەڭگۈلۈك سېغىنىشقا ئايلانغانىدى. ئۇ ھەممە ئىش ئۆزۈمنىڭ كاجلىقى ۋە تاللىشىمدىن ئۆزگىرىپ كەتتى، دەپ ئويلىدى. ئۆز ـ ئۆزىگە: «پۇشايمان قىلدىڭمۇ؟» دەپ سوئال قويۇپ، «ياق!» دېگەن جاۋابقا ئېرىشتى.

ئۇنىڭ كىلەچىكىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغۇسى يوق ئىدى، ئۇ ئۆزىنى يەنە بىر قېتىم ئاگاھلاندۇردى: دۆلەتنىڭ مەنپەئىتى ھەممىدىن ئەلا، دۆلەت مەنپەئىتى تەھدىتكە ئۇچرىغاندا، ئۇنىڭ ئوغلى ئۇنىڭغا ئۆزىنى بېغىشلىشى كېرەك، بۇ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش رازۋېدكىچىلىكىنىڭ ئەڭ يۈكسەك مىزانى!

ۋاڭ لۇ ئايرىلغىنىغا بىر يىل بولغان ئۆيىگە خاتىرجەم قايتىپ كەلدى، بۇ ئانىسىغا ناھايىتى تاسادىپىي تۇيۇلدى، ئۇ ئوغلىغا قاراپ كۈلدى، كۈلۈۋېرىپ يىغلىۋەتتى. ۋاڭ لۇ ئانىسىنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتتى، ئاندىن ئانىسى پاكىز يۇيۇپ بەرگەن مېۋىگە ئېغىز تەگدى. ئانىسى ھېلىھەم كوتۇلدايدىغان مىجەزىنى ئۆزگەرتمىگەنىدى.

— يا بۇرۇنراق ئۇقتۇرۇپ قويمايسەن، ئاتاڭ يەنە سىرتقا يىغىنغا كەتتى، — دېدى ئانىسى.

ۋاڭ لۇ سەل ئۈمىدسىزلىنىپ:

— قارىغاندا، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش پېشانەمگە پۈتۈلمىگەن ئوخشايدۇ، — دېدى.

ئانىسى ئوغلىنىڭ قارىداپ كەتكەن جۇدەڭگۈ يۈزىگە شاپىلاقلاپ قويۇپ:

— ئۇ سەندەك تاش يۈرەك ئەمەس، ئۇنىڭ سېنى ئويلىمايدىغان كۈنى يوق، دېمەيدىغانلا يېرى بار، — دېدى.

— ئۇنىڭ سالامەتلىكى ياخشىمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ لۇ كۆيۈنۈپ.

ئانىسى ئۆز ئىشىنى قىلغاچ:

— بارغانسېرى روھلىنىپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا نەدىن كەلگەن كۈچكىنتاك، — دېدى.

ۋاڭ لۇ چارچاپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ ئۆز ئورنىغا كىرىپ ئۇخلىۋالغۇسى كەلدى.

ۋاڭ لۇ ئورنىدا يېتىپ، توساتتىنلا ناھايىتى غېرىبسىنىپ كېتىۋاتقاندەك، ما تيەنمۇنىڭ كۆلەڭگىسى ھەمىشە كۆز ئالدىدا لەپەڭلەۋاتقاندەك ھېس قىلدى، ئادەم مۇشۇنداق غەلىتە بولىدۇ، كونا جايىغا قايتىپ كەلسىلا، بۇرۇنقى ھېسسىياتلارغا غەرق بولى-

دۇ. ۋاڭ لۇدا ھېچ چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر خىل مەيۈسلىك ۋە بۇرۇقتۇرمىلىق پەيدا بولدى. ئۇ مۇشۇنداق ھېسسىياتقا ئۆزىنى غەرق قىلىۋەتمەكچى بولدى. ئەمما ئۇنداق قىلالمىدى، يەنە ئۆرە بولۇپ، كەيپىياتىنى ئۆزگەرتمەكچى بولدى، بىراقلا كومپيۇتېرنى ئېچىپ، يۈز كۆرۈشمىگىنىگە ئۇزۇن بولغان QQ پاراڭخانىغا كىر-دى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى چېغىدا، ئۇ ما تيەنمۇ بىلەن ھەمىشە مۇشۇ يەردە گاھ پەيدا بولۇپ، گاھ غايىب بولغان، بىللە ئويۇن ئوينىغان، مەلۇم بىر تېمىدىنىڭ مۇھاكىمىسىگە بىرلىكتە قاتناشقان، توردا ئېيتىشىپ قاتتىق تاكاللاشقانىدى. ئىككىسى ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ما تيەنمۇ توردىن غايىب بولدى. ۋاڭ لۇ QQ دىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا سۆز قالدۇرۇپ باققان، ئەمما ئۇ باشتىن - ئاخىر ئۆزىنى كۆرسەتمىگەن، ۋاڭ لۇمۇ توردىن چىقىپ كەتكەنىدى. ئەمما، بۈگۈن ئۇ يەنە ئۆزى بىلەن ما تيەنمۇنىڭ كونا جايى QQ پاراڭخانىغا كىرىپ كەلدى.

ۋاڭ لۇنىڭ توردىكى ئىسمى «قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز» ئىدى.

ئۇ ماشىنىسىنى ئۇلاپ قويغان تورداشلارنىڭ ماتېرىيالىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئۇلاردىن بىرىنى تاللاپ پاراڭلاشماقچى بولۇ-ۋاتقاندا، توردىكى ئىسمى «لەيلىدىگەن قار» دېگەن ناتونۇش كىشى تەرىپىدىن قولۇپلىنىپ قالدى. ۋاڭ لۇ ئۇ چوقۇم ئىشلەتكۈچىنىڭ ماتېرىيالىنى كۆرۈپ ئاندىن مېنى قولۇپلىۋالدى، دەپ پەرەز قىل-دى.

لەيلىدىگەن قار: — ياخشىمۇ سىز، بىز پاراڭلاشساق بولام-دۇ؟

قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز: — ئۆزىڭىزنى تونۇشتۇرۇۋەت-سىڭىز بولارمۇ؟

لەيلىدىگەن قار: — شامال ئەركىن يۈرىدۇ، ئۇچۇپ ئۆتكەن يېرىدىكى قاردا ئىز قالدۇرمايدۇ.

قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز: — گۈلۈڭنىڭ رومانىدىكى پېرسوناژكەن.

لەيلىدىگەن قار قايتۇرۇپلا سورىدى: — گۈلۈڭ سىزگە

تەسىر كۆرسەتكەنمۇ؟
قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز: — قارىغاندا، گۈلۈڭ سىزگە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن ئوخشىمامدۇ؟
لەپىلدىگەن قار تەتۈرلۈك قىلىپ: — مەن سىزدىن سورا - ۋاتىمەن، — دېدى.
قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇ - ۋالدى: — مەن سىزدىن سوراۋاتىمەن.
ئىككىسى بىردەم تىركەشتى، قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ «لەپىلدىگەن قار» نىڭ ماتېرىيالىنى ئاختۇرۇپ كۆرۈۋېدى: «ئاپال، 25 ياش، جەنۇبتىكى مەلۇم ئۇنە - ۋېرسىتېت ئەدەبىيات فاكولتېتىنىڭ لېكتورى؛ تورغا چىقىشتىكى مەقسىتى: دىلكەش بولالايدىغان يېقىن دوست ئىزدەش» دېگەن خەتلەر چىقتى. ئەمما كۆزنەك ئورنىدىكى شەھەر ئىسمى يوشۇرۇپ قىلىنغانىدى. ۋاڭ لۇ كۈلۈپ قويۇپ بېشىنى چايقىدى - دە، ئۆز - ئۆزىگە: «توردا نەدە راست گەپ بولسۇن؟» دېدى.
لەپىلدىگەن قار: — سىز مېنىڭ ئارخىپىمنى تەكشۈرۈپ بېقىۋاتامسىز؟ — دېدى.
قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز ياندۇرۇپلا سورىدى:
— نېمىشقا مېنى قۇلۇپلاپ قويىسىز؟
لەپىلدىگەن قار: — مەن «قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز» دېگەن ئىسمنى ياقتۇرۇپ قالدىم، ئۇ ناھايىتى قەھرىماندەك، ناھايىتى قالتىستەك تۇيۇلدى، بەۋاسىتە تەسىراتىمغا ئاساسلانغاندا، سىز بىلەن مەن چوقۇم سىرداش دوستلاردىن بولۇپ قالغۇدەكمىز، شۇڭا ئالدىڭىزغا ئۆزۈملا كەلدىم.
قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز سوغۇقلا جاۋاب بەردى:
— ئىشەنگىنىڭىزگە رەھمەت، سىز ئۈمىدسىزلىنىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.
لەپىلدىگەن قار قىزغىنلىقى ئۇرغۇپ تۇرغان ھالدا: — ئۇنداق بولمايدۇ، سىزگە ئىشەنچىم تولۇق، — دېدى.
قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويـ - دى: — مەن ھەمىشە تورغا چىقىپ پاراڭلىشىپ تۇرمايمەن.
لەپىلدىگەن قار: — كېيىن بۇ ئادىتىڭىزنى ئۆزگەرتىدىغان-

لىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. مۇنداق بولسۇن، تۇنجى ئۇچراشقىنىمىزدا سىزگە بىر شېئىر سوۋغا قىلايمۇ؟

قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز پەرۋاسىزلىق بىلەن: — قېنى مەرھەمەت! — دېدى.

لەيلىدىگەن قار: — قەدىمىڭىزنى توختىتالمىسام، بەختىڭىزنى مەن تىلەپ قالىمەن. كۆلكىڭىزنى توختىتالمىسام، ئۇڭا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولىمەن، — دېدى.

قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز كۆرگەندىن كېيىن، بۇ شېئىردا ئۆزى يېزىلغاندەكلا تۇيغۇغا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ: — ئالاھىدە ياخشى ئىكەن، ئۆزىڭىز يازغانمۇ؟ مېنىڭ كەيپىياتىمغا بەك ماس كېلىدىكەن، — دېدى.

لەيلىدىگەن قار: — مەن بۇنى سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزنى چوقۇم بۇزۇلغانىكەن، دەپ چۈشەندۈرىمەن، — دېدى.

قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز: — شۇنداق، مۇھەببىتىم ھەقىقەتەن بۇزۇلغان.

لەيلىدىگەن قار يىغلاۋاتقان قىياپەتتە: — مەن بۇ شېئىرنى مۇھەببىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن يازغان، — دېدى.

قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز قولياغلىقىنىڭ سۈرىتىنى چىقىرىپ: — ئەجەبلەنمىسەم بولغۇدەك. لېكىن مېنىڭچە سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىز شائىرانىلىككە تولغان بولۇشى مۇمكىن، — دېدى.

لەيلىدىگەن قار باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدىغان تەرزدە، — سىزمۇ شۇنداق، — دېدى.

قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز قاتمۇقات غەم - غۇسسە بىلەن: — بىز ھەرگىز ئوخشىمايمىز.

لەيلىدىگەن قار گۇمانلانغان قىياپەتتە: — نېمىشقا؟ — دېدى.

قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز يەنە بىر قارا كۆزەينەك تاقىغان نوچى ئەرنىڭ سۈرىتىنى چىقىرىپ: — بۇ مەسىلىنى كېيىن مۇھاكىمە قىلىشقا قالدۇرساق؟ مېنىڭ ئازراق ئىشىم بار ئىدى، توردىن باشتا چىقىپ كېتىدىغان بولدۇم، — دېدى.

لەيلىدىگەن قار قىپقىزىل بىر ئەتىرگۈلنى سوۋغا قىلىپ:

— ناھايىتى ئەپسۇس، خەير - خوش دېيىشكە مەجبۇرمەن، يەنە ئۇچرىشىشىمىزنى ئۈمىد قىلىمەن! — دېدى.

# سەككىزىنچى باب

## 1

چۈش مەھەلدە ئۈرۈمچىنىڭ ئاۋات كوچىسىدا كېتىۋاتقان 12 ـ يول ئاممىۋى ئاپتوبۇسىدا شىددەتلىك پارتلاش يۈز بەردى. ئاممىۋى ئاپتوبۇس شۇ جايىدىلا پارتلاشتىن ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى، ماشىنا گەۋدىسى كۈچلۈك زەربە دولقۇنىدىن قىڭغىر ـ قىيسىق مېتال چىۋىقلارغا ئايلاندى، 15 بىگۇناھ يولۇچى قازا قىلدى، 20 يولۇچى ئېغىر يارىلاندى، ئاز ساندىكى يولۇچىلار بالا ـ قازادىن ئامان قالدى. بىراق ئۇلارنىڭ قەلبى ئېغىر ئازار يېگەندى. پارتلىغۇچ تازىلاش مۇتەخەسسىسلىرى پارتلاش مەركىزى ئاممىۋى ئاپتوبۇسنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ماي باكقا يېقىن ئورۇندۇقنىڭ ئاستى، دەپ بېكىتتى، نەق مەيداننى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ تولۇقلاش ئارقىلىق، دەسلەپكى قەدەمدە مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىلدى: پارتلىغۇچ ئىستاكان شەكىللىك، قاتتىق پارتلاش قۇدرىتىگە ئىگە يۇمىلاق نەرسە، پارتلىتىش ئۇسۇلى ئاساسەن رادىئو ئارقىلىق يىراقتىن تىزگىنلەش قۇرۇلمىسى بىلەن پارتلىتىش، دەپ بېكىتىلدى.

نازىر نەن جېنجۇڭ ئايروپىلاندىن چۈشۈپ بەش مىنۇت بولار ـ بولمايلا جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى قوماندانلىق شتابىدىن كەلگەن تېلېفوننى ئالدى، ئۇ دەرھال جىنايى ئىشلارنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل مۇئاۋىن نازىرغا تېلېفون ئېلىپ:

— مۇشۇ بىر قېتىملىقلا پارتلىتىش دېلوسى يۈز بېرەرمۇ؟ مەن باشقا جايدا يەنە پارتلىتىش بولۇشىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن، چاپسان تەدبىر قوللىنىپ ۋەزىيەتنى تىزگىنلەڭ، — دېدى.

جىنايى ئىشلارنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل مۇئاۋىن نازىرمۇ بۇ مەسىلىنى تونۇپ يەتتى، ئۇ يىراقتىن تىزگىنلەپ پارتلىتىشقا قار-

شى تۇرىدىغان قۇرۇلمىسى بار «ئېلېكترونلۇق كاشىلا قىلغۇچ» لۇق ماشىنىغا شەخسەن ئۆزى ئولتۇرۇپ، تېخنىك خادىملارنىڭ كەينىدىن ئۇرۇمچىنىڭ ئاۋات كوچىلىرىنى بويلاپ، ئېھتىمال ئو-رۇنلاشتۇرۇلۇپ تېخى پارتلىمىغان بومبىلارنى تەكشۈردى. دەرۋە-قە، ئۈچ سائەتتىن كېيىن، «ئېلېكترونلۇق كاشىلا قىلغۇچ» «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى — باللار باغچىسى» مەخسۇس لىنىي-يىسىدىكى ئاممىۋى ئاپتوبۇسقا يېقىنلاشقان چاغدا پەۋقۇلئاددە ئەھ-ۋالنى بايقىدى. ج خ خادىملىرى شۇئانلا ماشىنىدىكى يولۇچىلارنى تارقاقلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان قەرەللىك بومبىنى بىخەتەر ئېلىۋەتتى.

جۇڭ چېڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى قوماندانلىق شتا-بىدىن ئاممىۋى ئاپتوبۇسنى پارتلىتىش دېلوسى يۈز بەرگەنلىكىنى ئۇقۇپ، تەبىئىيلا چېگرا سىرتىدىن كەلگەن ئادەم، جەنۇبىي شىن-جاڭدىكى تاكسىنى كۆيدۈرۈۋېتىش دېلوسى، ئاممىۋى ئاپتوبۇسنى پارتلىتىش دېلوسىنى بىر - بىرىگە باغلىدى. بۇ ئۈچىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زادى ئىچكى باغلىنىش بارمۇ قانداق؟ دېلونىڭ يۈز بېرىشى ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار دېلوسىمىدۇ ياكى تېررورچىلار-نىڭ قىلغان ئىشىمىدۇ؟ ئۇ دېلونىڭ بۇزغۇنچىلىق دەرىجىسىدىن ئانالىز قىلىپ، كېيىنكىسىنىڭ ئېھتىماللىقى چوڭراق دەپ ھې-سابلىدى.

ئايرودرومدىن ئۇدۇللا بىرىنچى پارتلىتىش نەق مەيدانىغا يې-تىپ بارغان نەن جېنجۇڭ جۇڭ چېڭغا تېلېفون بەردى، ئۇ غەزەپ بىلەن مۇنداق دېدى:

— جۇڭ چېڭ، ئاۋازنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ دۈشمەن تەپتارتماي ئىغۋاگەرچىلىك قىپتۇ، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرماي بولمايدۇ! جۇڭ چېڭ، مەن ھازىر پارتلىتىش نەق مەيداندا، سەن كۆرمىدىڭ - دە، نەق مەيداننىڭ ھەممىسى قان، ئۆلگەنلەر ئۆلگەن، يارىدار بولغانلار يارىدار بولغان، بۇ زورلۇق، تېررورلۇق بولماي نېمە؟ ساڭا تېلې-فون بېرىشىم سېنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويغانلىقىم: چوقۇم ھوشيار بول، جەنۇبىي شىنجاڭ سەزگۈر رايون، بۇ خەۋەر يېتىپ بارسىلا يوشۇرۇنۇۋالغان مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار لاۋا - لاتقىدەك يەنە

كۆتۇرۇلۇپ چىقىدۇ، ئۇلارغا پۇرسەت بېرىپ قويۇشقا بولمايدۇ،
مەن ئۇچۇن جەنۇبىي شىنجاڭنى ئوبدان ساقلا، چوڭ چاتاق چىقىپ
قالمىسۇن!

ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باش-
لىقى مەمتىمىن ئىككى ئاي داۋاملاشقان ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە
بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۇرىشى بويىچە قايتا تەربىيە بېرىپ
تەربىيىلەپ يېتىشتۇرۇش كۇرسىنى ئەمدىلا تۈگەتكەنىدى. ئۇ ئىدا-
رىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دەرھال مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىلىك-
تىن يۇقىرى كادىرلارغا ۋە بىر قىسىم كەسپىي تايانچلارغا تەربىيە-
لەپ يېتىشتۇرۇش بويىچە سەپەرۋەرلىك ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ
بېرىشنى پىلانلىغانىدى.

بوستان شەھىرىدە يۈز بەرگەن تاكسىنى كۆيدۈرۈۋېتىش دېلو-
سى جىمىپ قالغانغا بىر يىل بولغان، ئاساسەن باش - ئايىغى يوق
دېلو دەپ بېكىتىلگەنىدى. ئەمما، ئورۇمچىدىكى ئاممىۋى ئاپتوبۇس
پارتلاش دېلوسى يۈز بېرىشى بىلەنلا، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى
مەمتىمىن تاكسىنى كۆيدۈرۈۋېتىش دېلوسىنى قايتىدىن مۇھاكىمە
قىلىپ كۆرۈش زۆرۈرىيىتى بارلىقىنى ھېس قىلدى. يىغىندا ئا-
ساسلىق سۆزلىگۈچى ما جيەنجۇڭ بولدى، چۈنكى ئۇ ئەينى چاغدا
«قولدا كۆتۈرىدىغان كۆپ دولقۇنلۇق نۇر مەنبەسى» ئەسۋابىدىن
پايدىلىنىپ نەق مەيداندىكى بارلىق پۇت ئىزلىرى، بارماق ئىزلىرى-
نى ئېلىۋالغانىدى. ئەمما نەق مەيداندا قىلچە ئىز قالمىغانىدى.
مەمتىمىن مۇرىسى كەڭ، ئۆڭى قارامتۇل، 60 ياشقا يېقىن-
لىشىپ قالغان كىشى ئىدى، قارىماققا يېشى بۇنىڭدىنمۇ چوڭراق
كۆرۈنەتتى، ئادەتتە چاقچاقلىشىپلا يۈرۈشنى ياقتۇراتتى، ياش ساق-
چىلاردىن ئۆزىنى بوۋا دەپ چاقىرىشنى تەلەپ قىلاتتى. جۇڭ
چېڭنىڭ مەمتىمىنگە ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقىنىغا بەش يىل بولغا-
نىدى، ئىككىسى بىر - بىرىگە ماسلىشىپ ئىشلەيتتى، ئىككىسىلا
جان تىكىپ ئىشلەيدىغانلاردىن ئىدى. مەمتىمىننىڭ يۇرتى بوستان
شەھىرى ئىدى، ئۇ قىسمدىن كەسىپ ئالماشتۇرغاندىن كېيىن
بوستان شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە كېلىپ راز-
ۋېدكىچى بولدى، كېيىن ئۆستۈرۈلۈپ جىنايى ئىشلارنى تەكشۈ-

رۇش ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى، يېتەكچى بولدى، يەنە ئارقىدىن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قىلىپ ئۆستۈرۈلدى. جۇڭ چېڭ ئىدارە باشلىقى بولماستىن بۇرۇنلا بوستان شەھىرىدىكى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ تىرىك خەرىتە ئىكەنلىكىنى، ئۆزى سوراقتا تارتقانلىكى جىنايەت گۇماندارىنى كاللىسىغا قويۇۋالىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. جۇڭ چېڭ ۋەزىپىسىگە بارغاندىن كېيىن، بوستان شەھىرىگە ئالايىتەن بېرىپ، مەمتىمىن دېگەن بۇ كىشىنىڭ خاتىرىسى ياخشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سوراق قىلىشتا ناھايىتى چارە - تەدبىرلىك ئىكەنلىكىنى، تېخىمۇ مۇھىمى، بىر مىللىي كادىر بولۇش سۈپىتى بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە بولغان تونۇشىنىڭ ئىنتايىن چوڭقۇرلۇقىنى، پارتىيىگە، خەلققە سەممىي - سادىق ئىكەنلىكىنى بايقىدى ھەمدە مۇشۇنداق ياخشى كادىر دەل ماڭا كۈچلۈك ياردەمچى بولمامدۇ؟ دەپ ئويلىدى، شۇنىڭ بىلەن، جۇڭ چېڭ ئەينى چاغدا يېشى 50 تىن ئاشقان مەمتىمىننى ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسىگە ئەكېلىۋالدى. مەمتىمىننى ئىشلىتىش مەسىلىسىدە شۇ چاغدىكى ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسى نەن جېنجۇڭ زور كۈچ بىلەن قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: «مەمتىمىن ئاكىمىز ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ توپلىغان دۈشمەنگە قارشى كۈرەشنىڭ تەجرىبىلىرى بىر بايلىق، مەمتىمىن ئاكىمىز دەم ئېلىشقا چىقىشنى ئىلتىماس قىلمىسىلا، ئۇنى ئىشلىتىۋېرىمىز، جەنۇبىي شىنجاڭ مۇشۇنداق ساداقەتمەن مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەرگە ناھايىتى موھتاج.»

جۇڭ چېڭ بىر يىل ئاۋۋاللا ئانالىز قىلىپ قاتىلنىڭ ھەم چاققان، ھەم شەپقەتسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى. ئۇ بىۋاستە سېزىمىگە ئاساسەن، ئۇنى باشقىلار ئۆلتۈرگەن، يەنە كېلىپ قاتىل ئىككىدىن ئارتۇق بولۇشى كېرەك، دەپ ھېسابلىغانىدى. دېلو سادىر بولغاندىن باشلاپلا: «قاتىل ماشىنىلىق بارغاندىمۇ ياكى پىيادە بارغاندىمۇ؟ ئەگەر كېتىدىغان چاغدا ماشىنىغا ئولتۇرغان بولسا، نەق مەيداننىڭ ئەتراپىدا چاقنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر ئىزى بولۇشى، ناۋادا ياياق كەتكەن بولسا، نەق مەيدان ئەتراپىدا ئاياغ

ئىزى قېلىشى كېرەك ئىدى» دەپ ئويلاپ كەلگەنىدى.

— ئەمما، نەق مەيداننىڭ ئەتراپى ئاللىقاچان بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، قانچىلىك ئادەمنىڭ ئاياغ ئىزى قالغىنىنى بىلىپ بولمايدۇ، — دېدى مەتىمىن ئاكا ئەپسۇسلىنىپ.

## 2

ما جيەنجۇڭ جۇڭ چېڭنىڭ ئىشىكىنى «تاراق» قىلدە ئىتتەردى، ئۇنىڭ ئۆزى كىرمەي تۇرۇپلا، ئاۋۋال ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇ خۇشال بولغان ھالدا:

— جۇڭ باشلىق، تاكسى دېلوسىنىڭ باش - ئايىغى چىقتى، مەن كۆپ دولقۇنلۇق نۇر مەنبەسى ئەسۋابىدا يېڭىدىن قىممىتى بار ئىككى ئاياغ ئىزىنى بايقىدىم، — دەپ ۋارقىرىدى.

چېن دامو بىلەن ۋاڭ لۇ قاتارلىق كىشىلەر ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. ئۇلارمۇ ناھايىتى ھاياجانلانغانىدى.

ئەسلىدە، ما جيەنجۇڭ تاكسىنى كۆيدۈرۈۋېتىش دېلوسىدىن ۋاز كەچمەي كەلگەنىدى. ئالاقىچىنى تۇتۇش ھەرىكىتى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كەيپى ئۇچۇپلا كەتكەنىدى، ئۇ ئىچىدىكى بۇرۇقتۇرمىچىلىقنى چىقىرىش ئۈچۈن ئۆزى يالغۇز تېخنىكا بۆلۈمىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ، «ئۇلترا بىنەپشە نۇردا كۆزىتىپ سۈرەتكە تارتىش سىستېمىسى» بىلەن بىر يىل بۇرۇن سۈرەتكە ئېلىنغان ئاياغ ئىزلىرىنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ چىققان، رەسىملەردىن يەنە ئىككى ئاياغ ئىزىنىڭ ناھايىتى پەۋقۇلئاددە ئىكەنلىكىنى تاسادىپىيلا بايقاپ قالغانىدى. ئوڭ پۇت ئاياغ ئىزى چوڭقۇر بولۇش، سول پۇت ئاياغ ئىزىنىڭ تېيىز بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىدىن بۇ كىشىنىڭ ئوڭ پۇتى مېيىپ ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغانىدى. ئۇ يەنە بۇ ئىككى ئىزنى يۇمشاق رېزىنكە كالاچنىڭ ئىزى ئىكەن، تېپىدىن قارىغاندا ئەر كىشىنىڭ 42 رازمېرلىق پۇتىغا توغرا كېلىدىكەن، دېگەن ھۆكۈمنى چىقارغانىدى.

ما جيەنجۇڭ ناھايىتى خۇشال ھالدا جۇڭ چېڭغا:

— ئويلاپ باقە، قانداق كىشىلەر كالاچ كىيىدۇ؟ ئۇيې-

غۇرلار ـ دە! دۇرۇس، نەق مەيدانغا بارغان ساقچىلارنىڭ ئارىسىدا نۇرغۇن ئۇيغۇرلار بار، ئەمما ئۇلارنىڭ بىرسىمۇ كالاچ كىيمىگەن تۇرسا! يەنە كېلىپ، ئۆلگۈچى خەنزۇ، — دېدى.

جۇڭ چېڭ قوشۇمىسىنى چىڭ تۇرۇپ، ياندۇرۇپ سورىدى:

— بۇ ئاياغ ئىزى بۇ دېلو بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولۇپ قالسىچۇ؟ ئۇنى يەرلىك دېھقانلار شۇ جايدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ قالدۇرغان بولسىچۇ؟

ما جيەنجۇڭ ئۆزىنىڭ پىكىر يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ چۈشەندۈردى:

— يەرلىك دېھقانلار بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئەگەر شۇنداق بولسا، تېخىمۇ كۆپ مۇشۇنىڭدەك ئاياغ ئىزلىرى قېلىپ قالغان بولسا توغرا بولاتتى، ئەمما شۇ چاغدىكى نەق مەيداننىڭ ئەتراپىدىن مۇشۇ ئىككىلا پەۋقۇلئاددە ئاياغ ئىزى چىقتى، كېيىپ ئېيتىمەنكى، بۇنى جىنايەت گۇماندارى ئېھتىياتسىزلىقتىن قالدۇرۇپ كەتكەن. ئەينى چاغدىكى ئەھۋال مۇنداق بولۇشى مۇمكىن: ئۇ ئاياغ ئىزى يېتىپ بارغان يەرنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ بۇزۇۋەتكەن، ئۆزى ئاسانلىقچە ئاياغ ئىزى قالمايدىغان تاشيولغا چىقىۋالغان، ئاندىن قېچىپ كەتكەن.

— بۇ گېپىڭىزچە، ئاياغ ئىزىنىڭ ئىگىسى ئۇيغۇر، دېلونىڭ خاراكتېرى قەسلەپ ئۆلتۈرۈش بولدىما؟ — دېدى جۇڭ چېڭ.

ما جيەنجۇڭ ئېنىق قىلىپ دېدى:

— توغرا، ئۆلگۈچىنىڭ خەنزۇ ئىكەنلىكى ئېنىق بولدى، يەنە كېلىپ ئۆلگۈچىنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنىڭ تەمىنلىشىچە، ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئەزەلدىن كالاچ كىيىپ باقماپتىكەن. ئۇنداق بولغاندىكىن، نەق مەيداندا كۆرۈنگەن بۇ ئاياغ ئىزىنى جەزمەن جىنايەت گۇماندارى قالدۇرغان. يەنە ئاياغ ئىزىنىڭ كۈچىنىش دەرىجىسىگە ئاساسەن ھۆكۈم قىلغاندا، جىنايەت گۇماندارىنىڭ ئوڭ پۇتى سەل ئاقسايدىكەن، ياش ـ قۇرامى 20 ياشتىن 40 ياشلار ئۆپچۆرىسىدە ئىكەن، — دېدى ما جيەنجۇڭ كېسىپلا.

جۇڭ چېڭ جىلە بولۇپ:

— ئۇنداق بولسا دەرھال سېلىشتۇرمامسەن، يەنە نېمىگە

ھاڭۋېقىپ تۇرسەن؟ — دېدى.

ما جيەنجۇڭ ئۈمىدسىزلىنىپ:

— مەن ئۆزۈم كۆرگەن بارلىق ئاياغ ئىزلىرىنى، جۈملىدىن ئېسىمگە ئالالىغانلىرىمنى سېلىشتۇرۇپ باقتىم، ھېچقايسىسىدىن بۇ بىر جۈپ ئاياغنىڭكى چىقمىدى، — دېدى.

— چۈشۈرۈپ قويغان، تېخى سېلىشتۇرۇپ كېتەلمىگەن ئاياغ ئىزلىرى بارمۇيا؟ — دەپ ئەسكەرتتى جۇڭ چېڭ.

ما جيەنجۇڭ گەپنىڭ راستىنى ئېيتتى:

— ئەلۋەتتە بار، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ نوپۇسى 5 مىليون، مەن 500 مىڭغا يەتمىگەن نوپۇسنىلا سېلىشتۇرۇپ چىقتىم، مېنىڭ قولۇمدا بارى مۇشۇنچىلىكلا ئاياغ ئىزى ئارخىپىكەن، قولۇمدا يوق ماتېرىياللارنى سېلىشتۇرۇشقا ئامالسىز قالدىم.

جۇڭ چېڭ بىردەم ئويلىنىۋېلىپ، قولىنى ئۈستەلگە پاققىدە ئۇرۇپ:

— ئۇنداق بولسا مەيلى، بىز كونا ئۇسۇلنى ئىشلىتەيلى، سەن بىر سېلىشتۇرۇش دائىرىسىنى ئايرىپ چىقىپ، ھەرقايسى شەھەر، ناھىيىلىك جىنايى ئىشلارنى تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاياغ ئىزى ئېلىش ۋە سېلىشتۇرۇشقا، بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈشكە قاتناشتۇر، مەن تەكشۈرۈپ ئېنىقلىيالمايدىغىنىمىزغا ئىشەنمەيمەن! — دېدى.

بىرھازاغىچە ئۈندىمىگەن ۋاڭ لۇ گەپ قىستۇرۇپ:

— نېمىشقا كومپيۇتېر يۇمشاق دېتاللىرىدىن پايدىلىنىپ بىر يۈرۈش «ئاياغ ئىزى نۇسخىلىرىنى ئۆزلۈكىدىن سېلىشتۇرۇش سىستېمىسى»نى قۇرۇپ چىقمايمىز؟ مېنىڭچە، ئادەم دېڭىزى تاكتىكىسىدىن ۋاز كېچىشىمىز كېرەك، ئۇنداق قىلساق بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىك بولىدۇ، — دېدى.

جۇڭ چېڭ بىلەن ما جيەنجۇڭ بىردەك:

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

ۋاڭ لۇ بىمالال سۆزلىدى:

— بايا ما جيەنجۇڭ سۆزلەۋاتقاندا مۇنداق خىيالغا كېلىپ قالدىم: «نېمىشقا كومپيۇتېرنىڭ چاققان، يۇقىرى ئۈنۈملۈك،

سىغىمچانلىقى چوڭ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، جە-
نۇبىي شىنجاڭدا مۇشۇ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان سادىر بولغان
دېلولاردىكى ئاياغ ئىزلىرىنىڭ تۈرى، ئۇنى ئېلىش ئۇسۇلى، ئاياغ
ئىزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ئاياغنىڭ تۈرى، ئاياغ ئىزىنىڭ سۈرىتى،
ئالاھىدىلىك نۇسخىسى، بوي ئېگىزلىك يەكۈنى، ياش ئانالىزى،
تەكشۈرۈپ پاش قىلىش نەتىجىسى قاتارلىق تۈرلەردىن ئۆزلۈكىدىن
سېلىشتۇرۇش سىستېمىسى لايىھىلەپ چىقمايمىز؟ ئەگەر راستىنى-
لا شۇنداق بىر يۇمشاق دېتال بولسا، تەكشۈرۈپ تېپىشقا ئاسان
بولاتتى، يەنە تۇتاش دېلولارغا ۋاقتىدا، توغرا مۇلازىمەت قىلغىلى
بولاتتى، توغرىمۇ چېن باشلىق؟ — دېدى ۋاڭ لۇ تولۇپ تاشقان
ئىشەنچ بىلەن.

چېن دامو باشقا ئىشنى ئويلاۋاتقانىدى، ۋاڭ لۇ ئۇنى ئۈشتۈم-
تۇت چاقىرىۋىدى، ئۇ داڭقېتىپ قېلىپ ئاندىن ئۆزىنى ئوڭشىۋال-
دى:

— دېگەنلىرىڭىز ئورۇنلۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ بىلى-
شىمچە، ئىچكىرىدىكى بىر قىسىم ئۆلكە، شەھەرلەردىكى جىنايى
ئىشلار ئىزلىرىنى تەكشۈرۈش ئورۇنلىرى مۇشۇ خىلدىكى سىستې-
مىنىڭ يۇمشاق دېتاللىرىنى ئىشلىتىۋېتىپتۇ، مەن ئەسلىدە جۇڭ
باشلىققا «ئاياغ ئىزى نۇسخىسىنى ئۆزلۈكىدىن سېلىشتۇرۇش
سىستېمىسى» نىڭ يۇمشاق دېتاللىرىنى سېتىۋېلىشنى ئېيتماقچى
بولغانىدىم، ئەمما ج خ ئىدارىمىزنىڭ خىراجىتى چەكلىك بولغاچ-
قا، بۇنى ئېغىزىمدىن چىقارمىغانىدىم.

جۇڭ چېڭ ئۇنى ئەيىبلىدى:

— چېن دامو، بۇ ئىشىڭ توغرا بولماپتۇ، يۇمشاق دېتالنى
سېتىۋېلىش - سېتىۋالماسلىق مېنىڭ ئىشىم، ئەمما ئويلىغانلى-
رىڭنى دېمىگەنلىكىڭ سېنىڭ سەۋەنلىكىڭ. بىراق، بۈگۈن ھو-
سۇللۇق كۈن بولدى، مېنىڭ بەزى ئىشلاردا قارار چىقىرىشىمنى
تېزلەتتى.

ۋاڭ لۇ جۇڭ چېڭنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن ئۈمىدلەندى، ئۇ
ھاياجان بىلەن چېن داموغا قاراپ قويدى، ئەمما چېن دامو بۇنىڭغا
تېگىشلىك ئىنكاس قايتۇرمىدى.

— دامو، نېمە ئويلاۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى جۇڭ چېڭ.
— ئوڭ پۇتى سەل ئاقسىسا، 20 ياشتىن 40 ياش ئارىلىقىدا بولسا، شىر ئەلىمۇ يا؟ — دېدى چېن دامو ئۆز - ئۆزىگە.

چېن دامو ئۆزىنىڭ شىر ئەلى دېگەن بۇ ئادەمنى ھەرگىزمۇ روھىي توسالغۇ تۇپەيلىدىن ئەسكە ئالمىغانلىقىنى سەزگۈرلۈك بىلەن تونۇپ يەتتى. ئەسلىدە، چېن دامونىڭ خوتۇنى لەيلى جەنۇبىي شىنجاڭ ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، شۇ مەكتەپنىڭ ياش تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى شىر ئەلى ئۇنىڭ كەينىگە چۈشكەن، لەيلىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىر مەھەل ياخشى ئۆتكەن، ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىش داۋامىدا روھىي ھالىتىنىڭ سەل غەيرىيلىكىنى سېزىپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتكەنىدى. بىر كۈنى لەيلى ئۆزىنىڭ سىنىپىدىكى بىر قىزنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى، ئۇ بۇ قىز بىلەن مۇڭداشقاندا، بۇ ئوقۇغۇچى شىر ئەلىنىڭ ئۆزىنى ياتاققا ئالداپ ئەپكىرىپ ئاياغ ئاستى قىلغانلىقىنى ئېيتتى. لەيلى ئەھۋالنى دەرھال مەكتەپ رەھبەرلىكىگە مەلۇم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن شىر ئەلىنى چېن دامو دېگەن بىر ساقچى ئېلىپ كەتتى. دوختۇرخانىنىڭ ئاياللار بۆلۈمى تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى چىقىرىپ بېرىۋىدى، شىر ئەلى ئوقۇغۇچى قىزنى ئالداپ ئىپپەت - نومۇسىغا تەگكەن قىلمىشىنى يوشۇرماستىن ئىقرار قىلدى، ئۇ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە ئەۋەتىپ بېرىلدى. بۇ ئارىلىقتا، چېن دامو ئىچكى مەلۇماتتىكى خەۋەردىن شىر ئەلىنىڭ تۈرمىدىن قاچماقچى بولغانلىقى، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش كادىر - ساقچىلىرى تەرىپىدىن قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكى، يىقىلىپ چۈشۈپ ئوڭ پۇتىنىڭ مېيىپ بولۇپ قالغانلىقىنى كۆردى. يەنە شۇ دېلو ئارقىلىق لەيلى چېن دامو بىلەن تونۇشۇپ قالدى، چېن دامونىڭ ئىشەنچلىك ۋە ھەققانىي ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا يېقىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ توي قىلدى، بىر قىزلىق بولدى.

شىر ئەلى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن جەمئىيەتكە قايتىپ كەلدى، ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەيلا غايىب بولدى. چېن دامو بۇ ئادەمنىڭ ئىز - دېرىكىگە دىققەت قىلغان،

بەزىلەر ئۇنى كۆيۈمچان بىر رەھبەر ياردەم بېرىپ چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىرىۋېتىپتۇ دېسە، بەزىلەر ئۇنى يەنىلا دۆلەتىمىزدە قېلىپ ئايرىم بۆلگۈنچى كۈچلەر بىلەن ئىش تېرىپ يۈرۈپتۇ دې-گەن، يەنە بەزىلەر ئۇنى شىمالىي شىنجاڭغا تىجارەت قىلغىلى كېتىپتۇ دېگەنىدى. قىسقىسى، بۇ ئادەم چېن دامونىڭ دىققەت - نەزىرىدىن چىقىپ كەتكەنىدى. مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى، چېن دامو تېررورلۇق دېلولىرىنى رازۋېدكا قىلىش بىلەن بولۇپ كەت-كەن. گەرچە ساقچىلار ئۇن نەچچە تېررورلۇق تەشكىلاتىنىڭ ئۇۋۇ-سىنى چۇۋۇۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن چېن دامو ھەمىشە بىر سىر-لىق كۆلەڭگىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئەرۋاھتەك داۋالغۇپ يۈرگەن-لىكىنى ھېس قىلاتتى، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى سېزىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇنى تۇتالمىغانىدى. چېن دامو 6 - سەزگۈسىگە ئاساسەن، ئاشۇ سىرلىق كىشىنى شىرئەلى بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يې-قىن، دەپ قارايتتى.

— گۇمانلانغانكەنسەن، بۇ كىشىنى بىر ئامال قىلىپ تەكشۈ-رۈپ باق، — دەپ دەۋەت قىلدى جۇڭ چېڭ ئۇنىڭغا.

چېن دامو ما جيەنجۇڭغا:

— بىز بۈگۈنلا يولغا چىقىپ، شىرئەلىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ كېلەيلى، — دېدى.

## 3

جۇڭ چېڭ ۋاڭ لۇنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ، گەپنىڭ پوس-كاللىسىنى ئېيتتى:

— بۈگۈن سىزنى مەسلىھەت سورىغىلى چاقىرتقانىدىم.

ۋاڭ لۇ ئۇنى سىناپ بېقىش مەقسىتىدە:

— جۇڭ باشلىقتەك شۇنداق يامان ئادەمنىڭمۇ مۇشكۈل مە-سىلىگە يولۇقىدىغان ۋاقتى بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

جۇڭ چېڭ قولى بىلەن ۋاڭ لۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— سىززە، ئەمدىلا كەمتەرلىك قىلىۋىدىم، ئۆزىڭىزنى كۆر-سەتكىلى تۇردىڭىز، مەن باشقىلارنىڭ ئەقلىنى توپلاپ، ئۆزۈم

ئۇچۇن ئىشلىتەي دېگەنىدىم، ئۇقۇۋاتامسىز؟ ئەمما، بۇ قېتىم راستىنلا سىزدىن تەلىم ئالماقچى، مەغرۇرلىنىپ كەتمەڭ، ــ دېدى.

ۋاڭ لۇ خۇشاللىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ، ئەتەي مەغرۇر-لانغان قىياپەتكە كىرىۋالدى، ئۇ جۇڭ چېڭ سورىماقچى بولغان ئىشنىڭ چوقۇم كومپيۇتېر بىلىملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن-لىكىنى جەزملەشتۈردى، ئۇنى بۇنىڭدىن باشقا ئىشلار قورقۇتال-مايتتى.

جۇڭ چېڭ گەپنىڭ ئۇچۇقىنى ئېيتتى:

ــ دەپ بېقىڭە، مەن قانداق قىلىپ ئىلغار ساقچى قورالل-رىدىن پايدىلىنىپ تېررورلۇققا قارشى رازۋېدكا ئەترىتىنىڭ جەڭ-گىۋارلىقىنى ئاشۇرالايمەن، شۇ ئارقىلىق تېررورلۇققا قارشى راز-ۋېدكا ئەترىتىدىكى خادىملارنىڭ زەخىملىنىش، ئۆلۈش نىسبىتىنى نۆلگە چۈشۈرەلەيمەن؟ بۇنى سىزگە تەتبىقلىساق، سىز قانداق قىلىپ تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە كومپيۇتېر تور سىستېمىسىدىن پايدىلىنىپ زەربە بېرىسىز؟

ۋاڭ لۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپلا روھلىنىپ كەتتى:

ــ راستىما؟ سىز كومپيۇتېرغا قىزىقىپ قالدىڭىزما؟ بۇ مې-نى ھەقىقەتەن روھلاندۇرۇۋەتتى، مەن سىزنىڭ تەپەككۇرى دەۋرد-دىن ھالقىپ كەتكەن ئىدارە باشلىقى ئىكەنلىكىڭىزنى سەزگەنىدىم.

جۇڭ چېڭ كۈلۈپ، ئۇنىڭ دولىسىغا شاپىلاقلاپ قويدى:

ــ بولدىلا، سىز مېنى ياراتمىسىڭىز مەيلى، ئەمما مەن سىزنى ياريتىمەن، شۇڭا سىزدىن ئەستايىدىللىق بىلەن مەسلىھەت سوراۋاتقىنىم.

ۋاڭ لۇ قىلچە كەمتەرلىك قىلماي:

ــ گەپنى نەدىن باشلىسام بولا؟ ــ دېدى.

جۇڭ چېڭ سەمىمىيلىك بىلەن دېدى:

ــ ئاۋۋال ماڭا ئېيتىڭە، كومپيۇتېر دېگەن بۇ نەرسىنى بىز-نىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش خىزمىتىمىزدە ئىشلەتسەك، قاند-چىلىك ياردىمى تېگەر؟ ئۇ ئىلغارلىقتا قايسى دەرىجىگە يەت-كەندۇ؟ ــ دېدى.

— ئالدى بىلەن PC ماشىنىسىنى، يەنى سىز دېگەن كومپيۇتېرنى ئالايلى، مېنىڭچە، بىزنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش خىزمىتىمىزگە بىرلەشتۇرسەك، ئۇ ئاساسەن ئۈچ تەرەپتىن كېرەكلىك. بىرىنچىدىن، ئۇچۇر بىخەتەرلىكىگە ئىشلىتىمىز. ھازىرقى تورنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى بىلەن، بەزىبىر يېڭى جىنايەت ئۆتكۈزۈش شەكىللىرىمۇ پەيدا بولدى، مەسىلەن، بەزى كىشىلەر بۇزغۇنچىلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان يامان نىيەتلىك ۋىرۇسنى تۈزۈپ پۈتۈن يەر شارىدىكى ئۆزئارا ئۇلىنىش تورلىرىغا غايەت زور ئىقتىسادىي زىيان سالدى، سودا قەسكارلىرى رەقىبلىرىنىڭ سودا مەخپىيەتلىكلىرىنى ئوغرىلىۋېلىپ ناتوغرا رىقابەتكە ئىشلەتتى، تېررورلۇق تەشكىلاتلىرى توردىن پايدىلىنىپ قانۇنسىز ئۇچۇرلارنى يەتكۈزدى دېگەندەكلەر. مۇنداق يۇقىرى تېخنىكىلىق جىنايەتلەردىن قانداق ساقلىنىش زامانىمىز ساقچىلىرى دۇچ كېلىۋاتقان يېپيېڭى مەسىلە بولۇپ قالدى، بۇلار ئۇچۇر بىخەتەرلىكى كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، دېلونى تەكشۈرۈپ پاش قىلىشقا ئىشلىتىمىز، مەسىلەن، سوتنىڭ ھۆكمى ئاستىدا بولغان جىنايەتچىلەرنىڭ تەقى - تۇرق ئالاھىدىلىكى، تەپسىلىي ماتېرىيالىنى كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈش ئارقىلىق سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ساھەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇچۇردىن تەڭ پايدىلىنىپ مەقسەتكە يېتىمىز؛ يەنە ئالايلۇق، ھەربىر ئادەمگە كىملىك ئىشلەش بىلەن بىللە، ھەربىرەيلەننىڭ بارماق ئىزىنى ئېلىۋېلىپ، بارماق ئىزى ئامبىرى قۇرىمىز. تۇساتتىن دېلو سادىر بولسا، نەق مەيداندىن بارماق ئىزىنى ئېلىۋاتقان بولساقلا، بارماق ئىزى ئامبىرىغا كىرىپ سېلىشتۇرساق بولىدۇ، ئادەتتە بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدىلا شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان بارماق ئىزلىرىنى تېپىپ چىقالايمىز، ئاندىن سېلىشتۇرىمىز. مېنىڭ بىلىشىمچە، ھازىر بەزى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى «سىمسىز تەكشۈرۈش دەلىل - ئىسپات ئېلىش ئەسۋابى» ، «نازارەت قىلىش سىنئالغۇسىدىكى تۇتۇق سۈرەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىپ ئانالىز قىلىش سىستېمىسى» قاتارلىق سىستېمىلاردىن پايدىلىنىپ دېلو پاش قىلىۋاتىدۇ. ئۇچىنچى، سۈرەت،

نۇسخىلارنى پەرقلەندۇرۇشكە ئىشلىتىمىز. مېنىڭ بىلىشىمچە، نۇۋەتتە، مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ ئىلغار «پورترېتنى يېڭىلاپ گۇرۇپپىلاش دېتالى» V5.0 نەشرىگىچە ئۆزلەشتۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى پەۋقۇلئاددە چوڭ سىغىمچانلىقتىكى رەڭلىك پورترېت ئامبىرى بولۇش، كىشىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى يىغىپ تۈرگە ئايرىش، رايون شەكىللىك پورترېت ئامبىرى قۇرۇش، يەنە كېلىپ، گۇرۇپپىلانغان پورترېتلارنى ئارخىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش، شۇ ئارقىلىق بۇنىڭدىن كېيىن كۆرۈپ چىقىشقا قولايلىق يارىتىشتىن ئىبارەت. مەسىلەن، بىز ۋەقەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچىنى جىنايەت سادىر قىلىش ئوبيېكتى بىلەن تەمىنلەشكە تەكلىپ قىلىمىز، ئۇ جىنايەت سادىر قىلغۇچىنىڭ يۈزىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى ئېيتىپ بېرەلىسىلا، سۈرەت ئامبىرىغا كىرىپ، چوڭ - كىچىكلىكى، سېمىز - ئورۇقلۇقىنى خالىغانچە گۇرۇپپىلاپ چىقىمىز، پورترېت بەش ئەزاسىنىڭ ھەرقايسى قىسمى ۋە يۈز شەكلىنى خالىغانچە تەڭشەيمىز، ئادەتتە ئىككى - ئۈچ سائەت ئىچىدىلا جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمىز؛ تۆتىنچىدىن، جىنايى ئىشلارنى تەكشۈرۈشكە، دەسلەپكى سوتقا ئىشلىتىمىز. بىز توتۇۋالغان، ئەمما ئېغىز ئېچىپ تاپشۇرۇشنى رەت قىلغانلارغا «دەسلەپكى سوت ئومۇمىي ئۇچۇرلىرىنى ئانالىز قىلىش سىستېمىسى»نى قوللىنىپ، دېلونى پاش قىلىشقا ياردەملەشتۈرسەك بولىدۇ. ئەگەر بىزنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى مۇشۇ يۇمشاق دېتاللار سىستېمىسىنى ئورۇنلاشتۇرالىسا، ئۇنداقتا، بىز دۇچ كېلىۋاتقان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ھەربىر بىدە يېڭىپ چىقالمىغان تەقدىردىمۇ، قۇربان بولۇش نىسبىتىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرەلەيمىز، — ۋاڭ لۇ پىلىموتتەكلا سۆزلەپ كەتتى.

جۇڭ چېڭ بۇنىڭغا قىزىقىپ:

— بۇ دېتاللارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا قانچە پۇل خەجلەشكە توغرا كېلەر؟ — دەپ سورىدى.

— ھېچقانچە پۇل كەتمەيدۇ، مېنىڭچە، بىرەر مىليون بولسا يېتەر، — دېدى ۋاڭ لۇ سەل ئويلىنىۋېلىپ.

— بىرەر مىليون؟ — دەپ سورىدى جوڭ چېڭ ئۆزىنى سەل تۇتۇۋېلىپ.

— تەكلىپكە قالدىڭىزمۇ؟ ئەگەر ئەجدادلىرىمىز بۈگۈنكى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئىشەنچكە، قۇربان بېرىش غەيرىتىگە ۋە ئادەم دېگىنى تاكتىكىسىغا تايانغان دېسەك، ئۇنداقتا، بۇ سەھىپىنى ئۆرۈۋەتتۇق. مېنىڭچە، كەلگۈسىدىكى تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇشتا تايىنىدىغىنىمىز غەلىبە قازىنىش ئىشەنچىسىلا بولماستىن، بەلكى ئىلغار بولغان يۇقىرى پەن - تېخنىكا، — دېدى ۋاڭ لۇ.

جوڭ چېڭ ئۇنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلىدى:

— دېگەنلىرىڭىز ئورۇنلۇق، مەن ناھايىتى ياخشى چۈشەندىم.

— بۇ گەپچە، تەكلىپىمنى قوبۇل قىلىسىز - دە؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ لۇ.

جوڭ چېڭ بېشىنى لىڭشىتىپ:

— شۇنداق، — دېدى.

— سىز ئۆزىڭىزنىڭ قىممەتلىك يېرىڭىزنىڭ قايەردىلىكىنى ئۇقامسىز؟ سىز يېڭى كۆزقاراشلارنى قوبۇل قىلىشقا ناھايىتى ماھىر ئىكەنسىز، — دەپ باھا بەردى ۋاڭ لۇ.

جوڭ چېڭ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ:

— مېنىڭچە، بۇ يۇمشاق دېتاللارنى مۇمكىنقەدەر تېز قۇراشتۇرۇش كېرەك، بۇ خىزمەتكە سىز مەسئۇل بولسىڭىز بولارمۇ؟ — دېدى.

ۋاڭ لۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆز تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— ئۇنداقتا جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى پەن - تېخنىكا ئۇچۇر مەركىزىگە بېرىپ كەلسەم بولىدۇ.

جوڭ چېڭ كەسكىنلىك بىلەن:

— ئۇنداق بولسا بېرىڭ! — دېدى.

جوڭ چېڭ ۋاڭ لۇنى دەرھال ماڭىدۇ دەپ ئويلىغانىدى، ئەمما ۋاڭ لۇ ئولتۇرغان ئورۇندۇقىدىن قىمىرلىمىدى:

— مەن تېخى دەرسىمنى ئۆتۈپ بولمىدىم، — دېدى.

جۇڭ چېڭ پېشانىسىغا بىرنى ئۇرۇپ، كۈلۈپ كېتىپ:

— داۋاملاشتۇرۇڭ، — دېدى.

ۋاڭ لۇ ئۆزىنىڭ كەسپىنى تىلغا ئېلىشى بىلەن جانلىنىپ كەتتى:

— مەن بايا PC ئاپپاراتىنىڭ ج خ خىزمىتىدىكى رولىنىلا سۆزلىدىم، ئەمەلىيەتتە، چوڭ تىپلىق كومپيۇتېرنى GPS سىستېمىسى بىلەن ئۇلاپ ئىشلەتسەك، بىزنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشتىكى رازۋېدكىچىلىك خىزمىتىمىزدە تېخىمۇ ئۆزاق رول ئوينايدۇ.

جۇڭ چېڭ دەرھال روھلىنىپ كەتتى:

— قېنى دەپ بېقىڭ.

ۋاڭ لۇ ئەڭ ئىلغار بىلىملەرنى جۇڭ چېڭغا ناھايىتى راۋان ئېيتىپ بەردى:

— بىزنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ قۇملۇقتىن باشقا تاغلىق جايلار ۋە چۆل - باياۋانلار بىلەن قاپلانغان، سىزدىن يوشۇرمايمەن، مەن جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا يېقىنقى ئون يىلدىن بېرى يۈز بەرگەن ھەر خىل تېررورلۇق دېلولىرىنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتى، ئورنى، جىنايەت سادىر قىلىش ئالاھىدىلىكى، رازۋېدكا قىلىش نەتىجىسى، كىشىلەرنىڭ قولغا ئېلىنىش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى بىر قېتىم رەتلەپ چىقتىم، ئاندىن كومپيۇتېردا بۇلارنىڭ باش - ئايغىنى بىلدۈرىدىغان بىر سخېما سىزىپ چىقتىم. بىرەر قۇر تەھلىل قىلىپ، كۆپىنچە جەڭلەرنىڭ قۇملۇق ۋە تاغلىق جايلاردا ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى بايقىدىم، ئەمما ئىلگىرىكى ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىلىرىمىز ناھايىتى قالاق ئىكەن، تازا ئىلمىي ئەمەسكەن. ئەگەر GPS دىن پايدىلىنىپ سۈنئىي ھەمراھ بىلەن قوبۇل قىلىش، تارقىتىش سىستېمىسى ۋە سۈنئىي ھەمراھ بىلەن ئورۇن بەلگىلەپ قويۇپ بېرىش سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقساق، مەسىلەن، يان تېلېفون تارقىتىش ئىستانسىسى ئارقىلىق ھەربىر رازۋېدكىچى تۇرۇۋاتقان جۇغراپىيىلىك ئورۇننى، ئۇنىڭ ئۆزگۈرۈشى ۋە كەڭلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرسەك، سىزنىڭ ئارقىدا قوماندانلىق

قىلىشىمىزغا قولايلىق يارىتىپ بېرەلەيمىز. ئەلۋەتتە، GPS سىستېمىسى بولسىلا كۇپايە قىلمايدۇ، بۇنىڭغا يەنە GIS جۇغراپىيە ئۇچۇر سىستېمىسىنى قوشۇش كېرەك، بۇ سىستېما كومپيۇتېر بىلەن يەر تۈزۈلۈشى، يەر قىياپىتىدىكى نەرسىلەرنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ، مەسىلەن، تاغ تىزمىسىدىكى ھەربىر نۇقتىنىڭ قانچىلىك ئېگىزلىكى، ئارىلىقىنىڭ قانچە مېتىرلىقى دېگەندەكلەردە قوماندانىنى دەرھال سانلىق مەلۇمات ۋە سخېمىلار بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئايروپىلاندا تارتىلغان سۈرەتلەر بىلەنمۇ تەمىنلەپ سىزنىڭ پەردە ئارقىسىدا ۋاستىلىك قوماندانلىق قىلىشىڭىزغا ناھايىتى زور ياردەم بېرىدۇ.

جۇڭ چېڭنىڭ كۆزى ۋاللىدە يورۇپ كەتتى:

— ئەگەر مۇشۇ دەرىجىگە يېتەلىسەك، كارامەت بولۇپ كېتىمىز كەن.

— توغرا، — دېدى ۋاڭ لۇ، — مۇشۇ تونۇشقا كەلگەندىكىن، نېمىشقا بۇ سىستېمىنى پىلانلاشقا تۇتۇشمايمىز؟

جۇڭ چېڭ يەنە بىر قېتىم:

— مۆلچەرىڭىزچە قانچىلىك پۇل خەجلەشكە توغرا كېلەر؟ — دەپ سورىدى.

ۋاڭ لۇ قىلچە ئىككىلەنمەي:

— ناھايىتى جىق پۇل كېتىدۇ، — دېدى.

جۇڭ چېڭ خورسىنىپ قويۇپ:

— بۇ ھەقىقەتەن ئالەمشۇمۇل مەسىلە ئىكەن، — دېدى.

— مەن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىچكى توربىدىن ئىگىلەپ باقتىم، — دېدى ۋاڭ لۇ، — بىرنەچچە قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەردىكى ج خ ئورگانلىرىنىڭ ھەممىسى GPS قوشۇلغان GIS سىستېمىسىغا كىرىپتۇ، بۇنىڭ ئەمەلىي جەڭدە ئىشلىتىش ئۈنۈمى ئىنتايىن ياخشى بوپتۇ.

جۇڭ چېڭ ئۇڭ قولى بىلەن ئۈستەلنى قاتتىق ئۇرۇپ:

— شىنجاڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپى بولۇش سۈپىتى بىلەن ساقچىلار ئىشلىتىدىغان قورال - جابدۇقتا تېخىمۇ ئىلغار ئورۇندا تۇرسا ئاندىن توغرا بولىدۇ. مۇنداق بول-

سۇن، بىز ھازىر جەزمەن ئۇچالمايمىز، بىر قەدەم - بىر قەدەم-
دىنلا ماڭالايمىز. سىز ئاۋۋال جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىر-
لىقىغا بېرىپ ھېلىقى دېتاللارنىڭ ئىشىنى ھەل قىلىڭ. كېيىنكى
مەسىلىنى مەن ئومۇميۈزلۈك ئويلىشىمەن، — دېدى.

## 4

جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى پەن - تېخنىكا ئۇچۇر
مەركىزىگە كېلىپ، ۋاڭ لۇنىڭ نەزەر دائىرىسى زور دەرىجىدە
كېڭەيدى. بۇ يەرگە كومپيۇتېر ساھەسىنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئەقىل-
دارلىرى يىغىلغان، رازۋېدكا قىلىش، دېلو پاش قىلىشقا ئىشلە-
تىدىغان نەچچە ئون خىل سىستېمىلىق دېتاللارنى تەتقىق قىلىپ
چىققان ۋە ئۆزلەشتۈرگەنىدى. ۋاڭ لۇغا چۈشەندۈرۈش ۋە كۆرسە-
تىشكە مەسئۇل بولغان يىگىت دەل ۋاڭ لۇنىڭ قورال - ياراغ
ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ساۋاقدىشى ئىدى، ئۇ مۇشۇ ئالاھىدە مۇناسىۋەت
تۈپەيلىدىن ۋاڭ لۇغا تولۇق ئىككى كۈن كۆرسەتتى. ۋاڭ لۇنىڭ
بۇرۇن ئىگىلىگەنلىرى نوقۇل كومپيۇتېر بىلىملىرى، ھازىر كۆ-
رۈۋاتقىنى كومپيۇتېرنىڭ ج خ خىزمەت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەش-
كەندىن كېيىنكى ئاجايىپ جەۋھىرى ئىدى. كۆزنى يۇمۇپ -
ئاچقۇچە، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنغان ئىجادىيەت ئارزۇسى قوز-
غىتىۋېتىلدى. ئۇ، ج خ كەسپىنى پىششىق ئىگىلىۋالسىلا،
ج خ كەسپىي سىستېمىسىنىڭ يېڭى دېتاللىرىنى ناھايىتى تېزلا
ياخشىلىۋېتىشىم مۇمكىن، دەپ ئويلىدى. جەنۇبىي شىنجاڭغا قاي-
تىپ بارغاندىن كېيىن تۇتىدىغان خىزمەتلەرنى خىيالىغا كەلتۈرۈ-
شى بىلەنلا، سىناپ كۆرۈشكە ئالدىراپ قالدى.

ۋاڭ لۇ بېيجىڭدا ئۈچ كۈنلا تۇردى، خىزمەت ھالىتىدە تۇر-
غاندا ناھايىتى ھاياجانلاندى. ئەمما، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىس-
تىرلىقى مېھمانخانىسىغا قايتىپ كېلىشى بىلەنلا، كەيپىياتى يەنە
تۆۋەنلەپ كەتتى، بۇنىڭغا ما تيەنمۇ سەۋەبچى بولغانىدى. ئۇ بېي-
جىڭغا كەلگەن كۈنىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ ما تيەنمۇنى شۇنداق سېغىن-
غانلىقىنى، مۇنداق سېغىنىشنىڭ كۈچلۈك ئىرادىنى ۋەيران قىلى-

ۋېتەلەيدىغانلىقىنى بايقىدى. ئۇ ھەم ما تيەنمۇنى سېغىندى، ھەم ئۇنى ئۇچرىتىشتىن قورقتى، ئۇنىڭ كۆز يېشى ۋە مۇلايىملىقىدىن قورقتى، ئۇنداق نەرسىلەر ئۇنى پەيلىدىن ياندۇرۇۋېتىشى، ئۇ پەيلىدىن يانسىلا، ئۇنىڭ بېيجىڭغا يۆتكىلىپ كېلىشىنى تەلەپ قىلىدىغان قوشۇمچە شەرتلەر شۇنىڭغا ئەگىشىپلا ئوتتۇرىغا قويۇلۇ-شى مۇمكىن ئىدى. ئۇ مۇنداق خەۋپنى كۆرۈپ يەتتى، ئەمما يەنىلا كەسكىنلىك بىلەن ما تيەنمۇغا تېلېفون بەردى، چۈنكى ئۆزىنىڭ سېغىنىشىنى بېسىۋالالمىدى. تولۇق ئىمكانىيەت قالدۇرۇپ ئېيت-قاندا، ئىككىسى راستىنىلا ئايرىلىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا دوست ـ دە! بېيجىڭغا كەلگەندىكىن، دوستىنى يوقلاپ قويسا ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولماس! بىراق، ئۇ ناھايىتى تېزلا ئۈمىدسىز-لەندى، چۈنكى ما تيەنمۇ ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولغانىدى. ئۇ ئاۋۋال ما تيەنمۇنىڭ ئىدارىسىگە تېلېفون بەردى، تېلېفوننى ئالغان ئادەم ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «بىزنىڭ بۇ يەردە ئەزەلدىن ما تيەنمۇ دېگەن ئادەمنى كۆرۈپ باقمىدۇق» دېدى.

غەلىتە ئىشقۇ بۇ، ما تيەنمۇ خىزمەت ئورنىنى ئالماشتۇردىمى-كىنە؟ ۋاڭ لۇ ما تيەنمۇنىڭ ئىدارە رەھبىرىگە تېلېفون بېرىپ، يالغاندىن ئۆزىنىڭ ما تيەنمۇنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى ئىكەنلىكىنى، بىر نەۋرە سىڭلىسىنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى سوراپ باقماقچىكەنلىكىنى ئېيتتى. سىياسىي باشقارمىنىڭ باشلىقى: «بىر يىل بۇرۇن ما تيەنمۇ ھەقىقەتەن كېلىپ تىزىمغا ئالدۇرغان، ئەمما نېمىشقىدۇر يەنە كېتىپ قالدى» دەپ مۇجمەل جاۋاب بەردى. ۋاڭ لۇ بۇنىڭغا تەن بەرمەي، يەنە ما تيەنمۇنىڭ ئىدارىسىگە تېلېفون بەردى. نەتىجىدە، باشقا بىر خىل جاۋابقا ئېرىشتى، قارشى تەرەپ ما تيەنمۇنىڭ چەت ئەل كارخانىسىغا جىق پۇل تېپىش ئۈچۈن كەتكەنلىكىنى، بەزىلەر ئۇنىڭ سودا ساھەسىدىكى چوڭ پۇلدار بىلەن ئىچ پەش تارتىشىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى.

كېيىنكى گەپ ۋاڭ لۇنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىۋەتتى. ئۇ ئىچىدە ما تيەنمۇنى: مەن ۋاڭ لۇ ۋاپاسىزلىق قىلغان تەقدىردىمۇ، مەندىن مۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئۆچ ئالسا بولمايدۇ ـ دە! دەپ ئەيىبلىدى. ئۇنىڭ بىرپەسكىچە ئىچى ئاچچىق بولدى، ما تيەنمۇ-

نىڭ ئىز - دىرەكسىز غايىب بولۇشى ۋاڭ لۇغا بىر نۇقتىنى چوڭقۇر چۈشەندۇردى: باشتىن ئۆتكەن ئىشنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ كېتمەن دېمىسە بولغۇدەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بىر مەزگىللىك روشەن ھېسسىيات تۇرسا؟ ئۇ ئۆزىنىڭ ما تيەنمۇ بىلەن ئايرىلىپ كېتىش مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ھەقىقەتەن باغرى قاتتىقلىق قىلغانلىقىدىن ئۆكۈندى. شۇڭا ئۇ ھازىرغىچە ئۆزىنى: ئادەم ئەمەس نەرسىكەنمەن، شۇ چاغدا ما تيەنمۇنى ئۇزىتىپ قويسام بوپتىكەن، نېمىدېگەن بىلەن ئىككىمىز بىر - بىرىمىزنى بىرقانچە يىللار ياخشى كۆرۈشكەنىدۇق دەپ ئەيىبلەپ كەلگەنىدى. ئۆزىنىڭ ما تيەنمۇدىن ئايرىلىپ كېتىشىدە شەخسىيەتچىلىكى ئۈستۈن كەلگەنلىكى ياكى ئوغۇل بالىچىلىقى ئۈستۈن كەلگەنلىكىنى ئۆزىمۇ ئاڭقىرالمىغانىدى، قانداق سەۋەبىنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز تاللىشىنى ئۆزگەرتكەنلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. ما تيەنمۇدىن ۋاز كەچكەنلىكىم بىر خىل خاتالىقما؟ بۈگۈنكىدەك ھالغا قېلىپ خاتالاشتىمما؟ ۋاڭ لۇ نۇرغۇن گۇمانلار ئىچىدە قايتىش سەپىرىگە ئاتلاندى.

## 5

جۇڭ چېڭ ئۆيىگە تېلېفون بېرىپ، خوتۇنى لى يۇمېيدىن ئۆت خالتىسىنى ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيىسىنى قاچان قىلدۇرىدىغانلىقىنى سورىدى.

— سىزگە دېسەممۇ پايدىسىز، ۋاقىت چىقىرىپ مەن بىلەن دوختۇرخانىغا بارالامتىڭىز؟ — دېدى خوتۇنى ئاغرىنغان ھالدا.

جۇڭ چېڭ سەمىمىي ھالدا:

— ئەلۋەتتە، مۇنداق ئىشتا جەزمەن يېنىڭىزدا بولىمەن، — دېدى.

خوتۇنى بۇنىڭدىن ئەسلا ئۈمىد كۈتمەي:

— شۇنداق بولغاي! — دېدى.

— شۇنداق بولغاي دېگەن قانداق گەپ؟ — دېدى جۇڭ چېڭ، — يولداش، پوزىتسىيىڭىز تازا ياخشى بولمايۋاتىدۇ.

خوتۇنى ئەتەي ئاچچىقلىغاندەك:
— ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرغىچە قۇربان بېرىدىغان ئوخشايمەن، شۇنداق قەسەم قىلىمەنكى، چوقۇم قىزىمغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنى كەلگۈسىدە ئاتىسىنىڭ كەسپى ۋە مىجەزىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئەر كىشى بىلەن ماڭىدىغان قىلىمەن، — دېدى.
— ئاچچىقلانمىسىڭىزچۇ، — دەپ نەسىھەت قىلدى جۇڭ چېڭ، — قىزىمىزنىڭ ئىشىغا سىز ئىگە بولالامتىڭىز؟ مېنىڭچە، ئۇنى ھېچقايسىمىز باشقۇرالمايمىز.
خوتۇنى گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكىدى:
— مېنى ئوپېراتسىيە قىلغاندا يېنىمدا تۇرالمىسىڭىز نورماللىق، ماڭا ھەمراھ بولۇپ يېنىمدا تۇرسىڭىز بۇ تېخى بىنورماللىق بولىدۇ. ئەمما قىزىمىزغا ماڭا قىلغاندەك مۇئامىلە قىلسىڭىز بولمايدۇ، ئۇ ئاتىسىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشىگە موھتاج. ۋاقىتنى ئارقىدىن ھېسابلىغاندا، ئۇ يەنە 30 كۈندىن كېيىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدۇ، ئۇ ماڭا ئەڭ چوڭ ئارزۇسىنىڭ ئىمتىھان ئېلىنىدىغان ئاشۇ ئىككى كۈندە ئاتىسىنىڭ ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ ئىمتىھان مەيدانىغا كىرىپ بېرىشى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مېنىڭچە، قىزىمىزنىڭ تەلىپى ئارتۇقچە ئەمەس، راستىنى ئېيتسام، مەن ئوپېراتسىيە ۋاقتىنى كەينىگە سۈرسەممۇ، قىزىمىزنى مۇشۇ دوقالدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈۋالسىكەن دەيمەن.
جۇڭ چېڭ سەمىمىي قەسەم قىلىپ:
— مېنىڭ روھىي ھالىتىم سىزنىڭكىگە ئوخشاش، ئۇنىڭغا ئېيتىڭ، ئىمتىھان مەيدانىغا ئۇنىڭ بىلەن بىللە كىرىشكە ۋەدە بېرىمەن، مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان ئاساسىم يوق، — دېدى.
خوتۇنى بۇ گەپنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ:
— بۇنى سىز دېدىڭىز - ھە! — دېدى.
— دېدىممۇ ئەمەلدە كۆرسىتىمەن، خاتىرجەم بولۇڭ.
خوتۇنى لى يۈمېينىڭ جۇڭ چېڭغا تېلېفون بېرىدىغان ئادىتى يوق ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئېرىنى چۈشىنەتتى، جۇڭ چېڭنىڭ ئۆيىگە تېلېفون بەرمىگەنلىكى ئۇنىڭ خىزمەت بىلەن ئالدىراش بولۇۋاتقان-

لىقىنى چۈشەندۈرەتتى. جۇڭ چېڭ ئادەتتە چولىسى تەگكەن چاغدى-
لا ئاندىن ئۆيگە تېلېفون بېرىپ ئەھۋال سوراپ قوياتتى. لى
يۈمېيمۇ بۇنىڭغا ئادەتلىنىپ قالغانىدى، ئۆيدىكى ئىشلاردا ئۇنىڭ-
دىن زادىلا ئۈمىد كۈتكىلى بولمايتتى، ئەمما بىرنەرسە ئۇنىڭ
كۆڭلىگە ئايان ئىدى، جۇڭ چېڭ ئۆيدە بىر نەچچە ئاي تۇرمىسىمۇ،
ئۇ باشقا ئاياللاردەك گۇمانلىنىپ يۈرمەيتتى، چۈنكى جۇڭ چېڭنىڭ
مۇھەببىتىگە ناھايىتى ئىشىنەتتى.

جۇڭ چېڭ تېلېفوننى قويۇپ، خوتۇنىنىڭ سۆزىدىكى مىسكىن-
لىكنى سەزدى، بارماق ساناپ ھېسابلاپ كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئۆيدە
ئولتۇرۇپ بىرەر ۋاخ تاماقنى خاتىرجەم يەپ باقمىغىنىغا بىر ئاي
بولغانلىقىنى بايقىدى، ئۇ بۈگۈن ئۆيگە بالدۇرراق قايتىپ بېرىپ
خوتۇنىنىڭ كەيپىياتىنى ئوڭشىۋېلىش نىيىتىگە كەلدى، ئۇنىڭ
پرىنسىپى: ئەرلەر سىرتتا جان تىكىپ ئىشلىسىمۇ، ئۆيگە ئوت
تۇتاشتۇرۇۋالماسلىقى كېرەك ئىدى.

ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، لى يۈمېي تاماقنى ئېتىپ بولۇپ ئۇنى
ساقلاپ تۇرغانىدى. جۇڭ چېڭ ئۆيگە كىرىپلا بىلىم سىرقىراپ
ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، دەپ ۋايسىدى، لى يۈمېي:

— بولدى ۋايسىماڭ، ئۆي ئىشىنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ
بولدۇم، سىز قول سالغۇدەك ئىشمۇ قالمىدى، — دېدى.

جۇڭ چېڭ خىجىل بولۇپ:

— ياق، ياق، گېپىمنى خاتا چۈشىنىپ قالدىڭىز، بۈگۈن
پۈتۈن بىر كۈن ماشىنىدا ئولتۇرۇپ چىقتىم، بىلىم راستتىنلا
سىرقىراپ ئاغرىۋاتىدۇ. ئەمما، ھازىر شۇنچە جىق ئىشلارنى قىلى-
ۋەتكىنىڭىزنى ئاڭلاپلا مەندىنمۇ بەكرەك چارچىغانلىقىڭىزنى ئۇق-
تۇم، مۇنداق بولسۇن، كەچتە ياتىدىغان چاغدا دۈمبىڭىزنى ئۇۋۇ-
لاپ قوياي، — دېدى.

ئۇ شۇنداق دەپ ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلماقچى بولدى.

لى يۈمېي ئۇنى ئىتتەرگەن بولۇپ:

— نېرى بېرىڭە، كىم سىزنى دۈمبەمنى ئۇۋۇلاپ قوي
دەپتۇ؟ قولىڭىزنى يۇيۇپ تامىقىڭىزنى يەڭ، قورسىقىڭىز ئاچقاند-
ىدۇ؟ — دېدى.

لى يۈمېي ئەسلىدە ئېرىگە بىرمۇنچە دەردلىرىنى تۆكۈپ بەر-
مەكچى بولغانىدى. نەتىجىدە، جۇڭ چېڭ قىزغىن پوزىتسىيىسى
بىلەن ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئۇۋاللىقلارنى ھەيدىۋەتكەنىدى، ئۇ ئۆزد-
نىڭ بولۇمسىزلىقىدىن ئاچچىقلاندى:

— مەن ساراڭ ئىكەنمەن، ئاسانلا ئالدىنىدىكەنمەن، ئەرلەر
قىلىشقا تېگىشلىك شۇنچە كۆپ ئىشلارنى قىلىپ تۇرۇقلۇق، بىر
جۈملە سۆزىڭىز بىلەنلا شۈكلەپ قالىدىكەنمەن.

جۇڭ چېڭ كۈلۈپ كېتىپ:

— كېلىڭە، كېلىڭ، تاماق يەيلى، سىزنىڭ ھەممىشە بېلى-
ڭىز ئاغرىيتىغۇ؟ بىزنىڭكىدە چىلاپ قويغان دورا ھارىقى بار ئىدى-
غۇ؟ كېلىڭە، بىر رومكا قۇيۇپ بېرەي، — دېدى. ئۇ خوتۇنىغا
بىر رومكا دورا ھاراق قۇيۇپ بېرىپ، ئۇنى ئىچىۋېتىشكە زورلى-
دى. ئارقىدىن، ئۆزى ئىشتىھا بىلەن تاماق يېگىلى تۇردى. لى
يۈمېي ئېرىنىڭ ساددىلىق بىلەن يەپ - ئىچىپ ئولتۇرغان قىياپى-
تىگە قاراپ، ئىنتايىن ھوزۇرلاندى. ئۇ، ئېرى ئۆيدە يوق چاغلاردا
ھەممىشە ئۇنىڭدىن ئۆي ئىشىنى قىلمايدۇ دەپ ئاغرىناتتى. ئەمما
ئېرى راستتىنلا ئۆيگە قايتىپ كەلسە، يەنە ئۇنى ئىشقا سېلىشقا
كۆڭلى ئۇنىمايتتى.

لى يۈمېينى بەزلەپ خۇشال قىلىش ئۈچۈن، جۇڭ چېڭ
ئۇنىڭ چىنىسىگە بىرنەچچە قېتىم قورۇما سېلىپ قويدى. خوتۇنى
ئاغزىنى ئېچىپ قورۇما يەۋاتقاندا، جۇڭ چېڭ ئۇنىڭ ھەقىقەتەن
قېرىپ قالغىنىنى، ئاق چاچلىرىنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنى،
كۆز قۇيرۇقىدىكى قورۇقلارنىڭ بىر - بىرلەپ ئەمەس، بەلكى
توپ - توپى بىلەن كۆپىيىپ ئالاھىدە قويۇقلىشىپ كەتكەنلىكىنى
بايقىدى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا: «ئەجەب تېز قېرىپ كېتىپتا»
دەپ خورسىندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇز - ئۆزىگە بۇ قېتىم ئۆي
كۆچكەندە خوتۇنىغا چوقۇم بىر رەسىم ئۆيى راسلاپ بېرىشكە ۋەدە
قىلدى.

رەسسام بولۇش، بىر رەسىم ئۆيىگە ئىگە بولۇش لى يۈ
مېينىڭ تويى قىلىشتىن بۇرۇنقى ئارزۇسى ئىدى، ئەمما توي قىلى-
غىنىغا 20 يىل بولاي دېگەن بولسىمۇ، بۇ ئارزۇسى ئەمەلگە

ئاشماي كەلگەنىدى. بۇ، جۇڭ چېڭنىڭ مۇنداق شارائىتتى يوق دېگەنلىك ئەمەس ئىدى، ئۇ خوتۇنىغا ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ مۇنداق مۇھىتنى يارىتىپ بېرىشنى خالىمىغانىدى. راستىنى ئېيتقاندا، لى يۇمېي ياش چېغىدا تېخى ناھايىتى چىرايلىق ئىدى، جۇڭ چېڭ ھەمىشە ئۇنىڭ قانداقتۇر گۈزەل - سەنئەت سورۇنىغا قاتنىشىۋاتقاندا، ئايرىم يامان نىيەتلىك رەسساملار تەرىپىدىن قوشلىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى. جۇڭ چېڭ ئۇزۇن چاچ قويۇۋالىدىغان ئاشۇ ئاتالمىش سەنئەتكارلارنى تولىمۇ ياقتۇرمايتتى، بۇ كىشىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئائىلىلەرنىڭ مۇقىم بولماسلىق ئامىلى دەپ قارايتتى. يەنە كېلىپ، ئۆزى قىلىۋاتقان بۇ ئىشمۇ سەممىي رەپىقە ۋە پەزىلەتلىك ئانىلاردەك بىر خوتۇننىڭ يار - يۆلەك بولۇشىغا موھتاج ئىدى، شۇڭا، جۇڭ چېڭ لى يۇمېي قېرىشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭغا رەسىم ئۆيى تەقلەپ بېرىشنى ئويلاشمىغانىدى.

لى يۇمېي نەقەدەر ئەقىللىق - ھە؟ ئۇ جۇڭ چېڭنىڭ ۋەدىسىنى ئاڭلاپ، دەرھال كۈلۈپ كېتىپ:

— بولدى، بولدى، مەن ئۆزۈمنىڭ قېرىپ كەتكەنلىكىمنى بىلىمەن، سىزدەك زومىگەر ئەرمۇ ئەمدى خوتۇنىڭىزنى باشقىلارنىڭ ئېلىپ قېچىشىدىن ئەنسىرىمەيدىغان بولدىڭىز، — دېدى.

— ھوشيارلىقنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ، سىز تېخى ياشلىقىڭىزدىكى ھۆسن - جامالىڭىزدىن كەتمىگەن تۇرىسىڭىز! — دېدى جۇڭ چېڭ ئەستايىدىللىق بىلەن. ئىككىسى كۈلكە - چاقچاق بىلەن كەچلىك تاماقنى ناھايىتى كۆڭۈللۈك يېدى.

## 6

شىرئەلىنىڭ ئاكىسى خەمىت ئىنىسىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى قەتئىي ئىنكار قىلدى.

ئۇزاق يىللار بولۇپ كەتكەنلىكتىن، شىرئەلى كىيگەن ئاياغ ئاللىقاچان يوقاپ كەتكەنىدى. ما جيەنجۇڭ شىرئەلىنىڭ ئاياغ ئىزىنى ئېنىقلىۋېلىشقا ئامالسىز قالدى.

چېن دامو خەمتنىڭ سۇپىسىغا سېلىنغان بورنىنىڭ ئاستىدىن 20 مىڭ يۈەن يېپىپىكى خەلق پۇلىنى بايقىدى، ئۇ سەزگۈرلۈك بىلەن:

— نەدىن كەلگەن پول؟ — دەپ سورىدى. خەمت سودا قىلىپ تاپقانلىقىنى ئېيتتى. چېن دامو ئەسلىدە پۇلنى ئېلىپ كېتىپ بارماق ئىزىنى ئېلىۋېلىشنى ئويلىغانىدى، ئەمما ئويلىنىپ بېقىپ يەنە بولدى قىلدى.

ئەتىسى، چېن دامو بىلەن ما جيەنجۇڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنىغا يەنە باردى، ئۇ يەردە شىرئەلىنىڭ ئەينى چاغدا 42 - نومۇرلۇق ئاياغ كىيگەنلىكىدەك پاكىتنى ئىسپاتلىدى. ئەمما بۇ يەنىلا ھېچنېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى، پەقەت شىرئەلىنىڭ قايتىپ كەلگەن بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاكسى شوپۇرىنى كۆيدۈرۈۋېتىش دېلوسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىنلىكىنىلا چۈشەندۈرەتتى.

جۇڭ چېڭ چېن دامونىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مۇنداق دېدى:

— ھېلىقى بىر دەستە پۇل گۇمانلىق ئىكەن، ئەمما سىلەر گاللىق قىپسىلەر. ئېغىزدا دېگەن بىلەنلا بولمايدۇ، چوقۇم دەلىل - ئىسپاتنى تېپىپ چىقىش كېرەك.

شەنبە كۈنى، چېن دامونىڭ خوتۇنى لەيلى ئېرىگە ئىككى قېتىم تېلېفون بەردى.

چۈشتىن ئاۋۋال سائەت 11 دە، لەيلى ھاياجىنىنى باسالماي:

— دامو، قىزىمىزدىن پەخىرلىنىڭ، بېيجىڭ ئۆسمۈرلەر سەنئەت مەكتىپىدىكىلەر جەنۇبىي شىنجاڭغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغىلى كەپتىكەن، قىزىمىز قوبۇل قىلىنغان بىردىنبىر بالا بوپتۇ، ئۇ بەدەن تەكشۈرۈش ئوقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋاپتۇ، خۇشال بولدىڭىزمۇ؟ قىزىمىز بېيجىڭغا بېرىپ ئەڭ ياخشى تەربىيە قوبۇل قىلىدىغان بولدى! — دېدى.

بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ، چېن دامو ناھايىتى ھاياجانلىنىپ:

— ئەلۋەتتە خۇشال بولدۇم، سىزگە رەھمەت، بۇ سىزنىڭ

تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەنلىكىڭىزنىڭ نەتىجىسى. لەيلى، مەن ھە-
قىقەتەن تەلەيلىك ئىكەنمەن، دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل خوتۇن بىلەن
قىزنىڭ ئىگىسىگىلا ئىگە ئىكەنمەن، — دېدى.

خۇشال روھىي كەيپىيات چېن داموغا پۈتۈن بىر كۈن ھەمراھ
بولدى، ئەمما گۇگۇم ۋاقتىدا تېلېفون يەنە بىر قېتىم جىرىڭلىدى،
لەيلى تىت - تىت بولۇپ:

— دامو، گۈلشەن يېنىڭىزغا باردىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— كەلمىدىغۇ؟ ئۇ يېنىڭىزدا ئەمەسما؟ — دېدى دامو چۇ-
چۇپ.

لەيلى ئالدىراپ - تېنەپ مۇنداق دېدى:

— چۈشتە تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، گۈلشەننىڭ بىر
ساۋاقدىشى ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپتۇ. گۈلشەن تېلېفوننى قويۇپ
قويغاندىن كېيىن ماڭا يېلىنىپ: «ئاپا، بىر ساۋاقدىشىم مېنى
بىردەم ئويىنىساق دەپ تەكلىپ قىپتۇ» دېدى. مەن ئۇنىڭدىن نەگە
بارىدىغانلىقىنى سورىدىم. ئۇ ئەتەي سىرلىق قىلىپ: «ئاپا، مەن
چوڭ بولۇپ قالدىم، مېنىڭ نەگە بېرىشىمنىمۇ سورامسىز؟ ئىش-
قىلىپ ناھايىتى تېزلا قايتىپ كېلىمەن» دېدى. مەن ئۇنىڭ دېگەن-
لىرىمۇ ئورۇنلۇق دەپ قاراپ، ماقۇل بوپتىمەن. ئەمما ئۇ ھازىر-
غىچە قايتىپ كەلمەيۋاتىدۇ، — دېدى لەيلى جىددىيلىشىپ.

— ئاشۇ ساۋاقدىشىنىڭ كىملىكىنى بىلەمسىز؟ — دەپ سو-
رىدى چېن دامو.

— ئېنىق بىلمەيمەن - دە! — دەپ جاۋاب بەردى لەيلى
ئەندىشە قىلىپ.

چېن دامو كەيپىياتىنى مۇقىملاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

— كەلگەن تېلېفوننى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، كىمنىڭ بالىسى
ئىكەنلىكىگە قاراپ بېقىڭ، — دېدى.

— مەن تېلېفون ئۇرۇپ باقتىم، قارشى تەرەپ ئۇنىڭ ئاممى-
ۋى تېلېفون ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

چېن دامو توساتتىنلا ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى ھېس قىلدى،
ئەمما ئۇ يەنىلا خوتۇنىغا تەسەللى بەردى:

— ھودۇقماڭ، تېلېفوننى قويۇپ تۇرۇشىڭىزغىلا، ئۇ ئالدى-

ئىزدا پەيدا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. قىزىمىز ئەزەلدىن گەپ ئاڭلايتتى، شۇنداققۇ؟ بەلكىم ئۇ بۈگۈن سەنئەت مەكتىپىگە ئۆتكەنلىكىدىن بەك خۇشال بولۇپ كېتىپ، سەل ئويۇنغا بېرىلىپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

لەيلى ھەم تىت - تىت بولغان، ھەم گۇمانسىرىغان ھالدا:

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىدىم، ئەمما ئۇ ئەزەلدىن قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىنمۇ ئۆيگە قايتمايدىغان ئىشنى قىلىپ باقمىغان تۇرسا! — دېدى.

چېن دامو يەنە تەسەللى بېرىپ:

— ساقلاپ تۇرۇڭ، ھازىرلا قايتىپ بارىمەن، — دېدى.

چېن دامو ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئۆيگە قايتتى، ئەمما ئىشىكنى ئېچىشىدى لەيلىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى.

— لەيلى؟ لەيلى؟ — چېن دامو جىددىيچىلىك ئىچىدە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئەتراپقا تېزدىن كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى - دە، ئۆينىڭ ناھايىتى رەتلىك ۋە پاكىز تۇرغانلىقىنى، پەۋقۇلئاددە ۋەقە يۈز بەرگەندەك ئەمەسلىكىنى بايقىدى، ئۇ يەنە كەلگەن تېلېفونلارنى تەكشۈرۈپ كۆردى، قىزىنى چاقىرىپ ئەكەتكەن ئاشۇ ئاممىۋى تېلېفوندىن باشقا يېڭى تېلېفون بېرىلمىگەنىدى. بىراق، لەيلى قەيەرگە كەتكەندۇ؟

# توققۇزىنچى باب

## 1

ۋاڭ لۇ خۇشال - خۇرام ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭغا قايتىپ كەلدى.

بۇ بىر يېڭى باشلىنىش ئىدى. جۇڭ چېڭنىڭ ئىشەنچى، ئاتا - ئانىسىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ئۆزىنىڭ ئىستىقبالى ئالدىدا، ئۇنىڭ مەسئۇلىيەت ۋە شان - شەرەپ تۇيغۇسى ئۇرغۇشقا باشلىدى. ئەگەر، بېيجىڭغا بېرىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئۆز ئورنىغا بولغان تونۇشى تېخى ئېنىق ئەمەس دېيىلسە، ئۇ ھالدا، سىستېما يۇمشاق دېتاللىرىنى خېلى قىممەت باھادا سېتىۋالغانلىقى ئۈچۈن، گەرچە كۆڭلى غەش بولسىمۇ، ئەمما «توردىكى ساقچى» دېگەن بۇ نام ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئورنىنى ئەمدى ئېنىق تونۇتقانىدى.

ۋاڭ لۇنىڭ جۇڭ چېڭغا بەرگەن دوكلاتىدىكى پىلاندا، جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى بىناسىنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدە تاشقى مۇھىتتىن پۈتۈنلەي ئايرىۋېتىلگەن، ئىچكە كومپيۇتېرلار تىزىلغان ئۆي بولۇشى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كومپيۇتېر ئىنستىتۇتلىرىنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن يېڭى ساقچىلار، ئەمەلىيەتتە ھەممىسى تېررورلۇققا قارشى توردىكى ئەزىمەتلەر بولۇپ، ئۇلار كۈندە بۇ ئىس - تۈتەكسىز كۆرۈنمەس فرونتتا، پۈتكۈل يەر شارىدىكى تېررورچى تەشكىلاتلار بىلەن ئېلىشىشى كېرەك ئىدى. بۇ يەردە، ھەر قېتىم چوڭ تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتى باشلانغاندا، ئىدارە باشلىقى جۇڭ چېڭ چوڭ ئېكرانلىق كۆرسەتكۈچ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ھەرىكەتنىڭ پۈتۈن جەريانىغا بىمالال قوماندانلىق قىلالايتتى.

لى يۈمېي داستىخاننى مول تائاملار بىلەن تولدۇردى. جۇڭ چېڭ ۋاڭ لۇدىن ھاردۇق سوراش يۈزىسىدىن، ئۇنى ئۆيىگە چاقىر-

دى.
ۋاڭ لۇ قولىنىمۇ يۇماستىنلا تاماقتا ئېغىز تەگمەكچى بولۇۋىدى، لى يۇمېي:
— قارا، ئېچىقاپ كەتكىنىڭنى! بۇنىڭدىن كېيىن نېمە يېگۈڭ كەلسە كېلىۋەرگىن جۇمۇ! — دېدى.
لى يۇمېينىڭ كۆڭۈلنى ئېللىتىدىغان بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، ۋاڭ لۇ ما تيەنمۇدىن تېخىچە خەت - خەۋەر كەلمىگەنلىكىنى ئويلاپ، مېھرىبانلىقتا تولغان بۇ مۇھىتتا ئۇنى تېخىمۇ سېغىنىدى.
— كەل، خىيالىڭنى بۆلمەي، دەرھال تاماقتا تۇتۇش قىل، — دېدى جۇڭ چېڭ قىزغىنلىق بىلەن.
ۋاڭ لۇ تاماق يېگەچ، ئۆزىنىڭ بۇ قېتىم بېيجىڭغا بېرىپ ناھايىتى زور تەسىرات ئالغانلىقى، ئەسلىدە ئۆز پىلانىنى قالتىس چاغلىغانلىقى، ئەمما جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى پەن - تېخنىكا، ئۇچۇر مەركىزىنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا، تولىمۇ ئارقىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.
— سىزگە بەرگەن ھېلىقى پىلان لايىھىسىنى ئۆزگەرتىش زۆرۈر ئىكەن، — دېدى ئۇ.
— قانداق ئۆزگەرتىش كېرەك؟ — دەپ سورىدى جۇڭ چېڭ.
— ھەم ئالغا قاراش، ھەم جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۇرۇش، كۆپ، تېز، ياخشى، تېجەشلىك بولۇشى كېرەك، — دېدى ۋاڭ لۇ ئېدىتلىق قىلىپ.
جۇڭ چېڭ قورۇمىدىن بىر چوكا ئېلىپ يېگەچ:
— مەن قول ئاستىمدىكىلەرنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئېڭى بولۇشىنى ياقتۇرىمەن، — دېدى.
ماختاشنى ئاڭلىغان ۋاڭ لۇ ھاياجانلىنىپ سۆزلەشكە باشلىدى:
— ئەمەلىيەتتە ئۇچۇر مەركىزىنى قۇرۇش ناھايىتى مۇشكۇل بىر ئىش. بۇ يەردە زاسخوت قىيىنچىلىق بولغانىنىڭ ئۈستىگە، تېخىمۇ مۇھىمى تېخنىكا جەھەتتىكى تەلەپ ناھايىتى يۇقىرى.
— ئىشىنىمەن، بۇنى ھەل قىلىشتا چاتاق يوق. دەپ باقە،

ھازىرقى ئەڭ زۆرۈر ئىش نېمە؟ — دەپ سورىدى جۇڭ چېڭ.

ۋاڭ لۇ بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ:

— ج خ ئىدارىلىرىدىن كومپيۇتېر بىلىدىغان 5تىن 10غىچە ساقچىنى تاللاش كېرەك. ئۇلارنىڭ ئالدى بىلەن قىلىدىغان ئىشى ئاياغ، بارماق ئىزى، سۈرەت ۋە ساغلاملىق مەلۇماتلارنى كۆپلەپ خاتىرىلەش، — دېدى.

جۇڭ چېڭ شۇئان كېسىپلا ئېيتتى:

— مەن ئۇلارنى ئەتىلا سىنىڭ قېشىڭغا ئەۋەتىمەن.

— مانا بۇ جەنۇبىي شىنجاڭ ج خ ئىدارىسى تېررورلۇققا قارشى ئۇچۇر مەركىزى ئامبىرىنىڭ تەييارلىق گۇرۇپپىسى بولۇپ قالىدۇ، — دېدى.

— مەن سىنىڭ خىزمىتىڭنى ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن قوللايمەن، — دەپ ۋەدە بەردى جۇڭ چېڭ.

تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، جۇڭ چېڭ ۋاڭ لۇغا بىر قۇر ئەرەبچە پوچتا ساندۇقىنىڭ ئادرېسى يېزىلغان بىر باغاقچىنى بەردى. بۇ پوچتا ساندۇقىنىڭ ئادرېسى ئىككى قاتلام مەنىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ۋاڭ لۇ ئۇنى ئېغىزچە ئوڭايلا تەرجىمە قىلدى: «بىر ئادەمنىڭ ئىمپېرىيىسى» بىلەن «قارچىغا».

جۇڭ چېڭنىڭ ۋاڭ لۇغا قايىل بولۇشىدىكى سەۋەب، ئۇ يەنە بىر ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ، ئەرەب تىلىنى پىششىق بىلەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئۈستۈنلۈكى مانا ئەمدى كارغا كەلدى.

— بۇنى ئۆمەر تۈنۈگۈن كەچتە بەرگەنىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇچرىشىدىغان ئادەم مۇشۇ خەت ساندۇقىنى ئىشلىتىدىكەن، — دېدى جۇڭ چېڭ.

— مېنى ئېچىپباق دېمەكچىمۇ سىز؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ لۇ.

— بىرەر ئامال بارمۇ؟ — دەپ سورىدى جۇڭ چېڭ تاقەتسىزلىك بىلەن.

— بۇنىڭدا مەلۇم قىيىنچىلىق بار. ئۇنى ئېچىش ئۈچۈن ئۈچ خىل ئامالنى ئىشلىتىپ كۆرۈشكە بولىدۇ. بىرىنچىسى، «زورلۇق بىلەن يېشىش» ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، پوچتا ساندۇقىنىڭ نومۇ-

رىنى بىۋاستە يېشىشتىن ئىبارەت. بۇ ئۇسۇل بىرقەدەر ئاددىي، ئەمما مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تەس؛ ئىككىنچىسى، ئەرەب تىلى تور پونكىتىنىڭ پوچتا يوللانمىلىرى مۇلازىمەت ئەسۋابىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، بۇ مۇلازىمەت ئەسۋابىغا بىر چارلىغۇچ ئورناتقاندا، يېقىنقى بىر مەزگىلدە خاتىرىگە ئېلىنغان ئابونتلارنىڭ پوچتا ساندۇق نومۇرىنى ناھايىتى ئاسانلا تاپقىلى بولىدۇ، بۇ ئۇسۇل تاجاۋۇزچىلىق ھېسابلىنىدۇ، بۇ ناھايىتى قىيىن ئۇسۇل، ئەمما سىڭىپ كىرىۋالغاندىن كېيىن، ھەممە ئىش ئاسانلىشىدۇ؛ ئۈچىنچىسى، بۇ پوچتا ساندۇق ئىگىسىنىڭ كومپيۇتېرىغا بىر ئارقا ئىشىك ئورنىتىپ، ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن مەخپىي نومۇرلارنى خاتىرىلەش كېرەك. ئەمما بىز قارشى تەرەپنىڭ قايسى ئاپپاراتتىن تورغا كىرىدىغانلىقىنى ئالدىن قانداق بىلەلەيمىز؟ ھا…ھا… شۇڭا، ئۈچىنچى ئۇسۇلنى قوللىنىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقتىمۇ مەن بىرلا ۋاقىتتا ئالدىنقى ئىككى خىل ئۇسۇلنى سىناپ كۆرەي، — دېدى ۋاڭ لۇ سالماقلىق بىلەن.

— سېنىڭ ئامال تاپالايدىغانلىقىڭنى بىلىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ كۈتۈپ تۇرغۇدەك ئۇنچە كۆپ ۋاقتىمىز قالمىدى، — دېدى جۇڭ چېڭ ئىشەنچ بىلەن.

— چۈشەندىم، — دېدى ۋاڭ لۇ ئاددىيلا.

ۋاڭ لۇ جۇڭ چېڭنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ، ئۇدۇل ئىشخانىسىغا قايتىپ كەلدى، ئۇ ما تيەنمۇنى ۋاقتىنچە ئېسىدىن چىقىرىۋەتكەنىدى. ئۇ بېيجىڭدىكى چاغدا، ما تيەنمۇ بەلكىم ئۆزىنى قاچۇرۇپ، قەستەن يوقاپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئەھۋال شۇنداق بولغانىكەن، ئۇنى ئاۋارە قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى، دەپ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بەرگەنىدى.

بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگەن كۈنى ئاخشىمى ۋاڭ لۇ كېچىچە كىرپىك قاقماي چىقتى. ئۇ قول كومپيۇتېرىنى ئېچىپ، «ئارخىپىم» دېگەن سەھىپىنى كۆرۈشكە باشلىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى خاتىرىلەرنى ئۇ بۇ قېتىم بېيجىڭغا بېرىپ، كەچقۇرۇن ئۇخلىيالمىغان چاغلىرىدا يازغانىدى.

ئۈچۈر مەركىزىي ئامبىرىنى قۇرۇش توغرىسىدا ھەقىقەتەن

ئۇنىڭ نۇرغۇن ئويلىرى بولۇپ، ئۇ بۇ ئويلىرىنى بىر - بىرلەپ ئىشقا ئاشۇرماقچىدى. ئۇ يازما خاتىرىسىنى بىرقۇر كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بىرئاز تۇزىتىش كىرگۈزدى. ئۇ ئارخىپ سەھىپىسىنى ئاچتى. بۇنى ئۇ بېيجىڭغا بېرىشتىن ئىلگىرى رەتلەپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە سىمسىز تېلېگرافتىن يوشۇرۇن ئاڭلىۋالغان بىر قىسىم پاراڭلار ۋە باشقا تارماقلاردىن يۆتكەپ كەلگەن ماتېرىياللار بار ئىدى. ئۇ بۇ ماتېرىياللارنى جىمجىت ئولتۇرۇپ تەھلىل قىلىپ، بۇ ماتېرىياللارنىڭ خۇددى بەدىنىدىكى ھۇجەيرىلەرگە ئوخشاش كاللىسىغا سىڭىپ كەتكەنلىكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، بۇ مەزمۇنلارنى ئۆچۈرۈپ تاشلىدى.

ۋاڭ لۇ تولۇق خىزمەت ھالىتىگە كېلىۋېلىش ئۈچۈنلا، بۇنداق پارچە - پۇرات ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولدى. بۇ چاغدا سائەت ئىستىرېلكىسى يېرىم كېچە سائەت بىرنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تاللىغان رەقىبى ئەرەب تىلى تور پونكىتى بولۇپ، ئۇ گويا تولۇق قوراللانغان جەڭچىدەك كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن جەڭگە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. «قارچىغا» نىڭ پوچتا ساندۇقىنى ئېچىش ئۈچۈن، ئۆزى «يات مېھمان» نىڭ رولىنى ئېلىش كېرەكلىكىنى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ناھايىتى ئايان ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال ئەرەب تىلى تور پونكىتىدىن باشقۇرۇشنىڭ ياخشى بولمىغانلىقى تۇپەيلىدىن ساقلىنىۋاتقان يوچۇقلارنى ئىزدەش زۆرۈر بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇ ناھايىتى ئەنئەنىۋى ئۇسۇل ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ تەجرىبىسى بويىچە، نىشانلانغان تور پونكىتىدىكى يوچۇقلارنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بىلەن شۇ تور پونكىتىدا تەسىس قىلىنغان مۇلازىمەت تورىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مۇلازىمەت تورى كۆپ بولغانسېرى، بايقىلىدىغان يوچۇق نىسبىتى شۇنچە يۇقىرى بولاتتى. ۋاڭ لۇ يېڭى ئىشلەتكەن شەكىل چۈشۈرۈپ يوچۇق تېپىش ئەسۋابىدىن پايدىلىنىپ نىشاننىڭ پوچتا يوللانمىسىنىڭ ئاپپاراتىنى ئاختۇرغان بولسىمۇ، ھېچقانداق يوچۇق تاپالمىدى. ئەرەبلەرنىڭ تور باشقۇرۇش سەۋىيىسىنىڭ بۇنچىلىك ياخشى بولۇشىنى ئويلىمايتىمەن، دەپ پىچىرلىدى ۋاڭ لۇ ئۆز - ئۆزىگە. بۇ چاغدا، سائەت سەھەر ئۈچ بولغانىدى، توساتتىن QQ نىڭ يات مېھمان

تېخنىكىسى توپى ئىچىدىن بىر ئۇچۇر كەلدى: «windows 2000 server نۇسخىسىدا يېڭىدىن بىر ئەڭ چوڭ يوچۇق بايقالدى — RPC ئۇتتۇرىغا چىقتى، ئەڭ ئالىي ھوقۇقنى تارتىۋالغىلى بولىدۇ، قەسكار پونكىتى ‹زىمىستان›، ھۇجۇم كودىنى ئاشكارىلىدى، ۋاڭ لۇنىڭ كۆز ئالدى بىردىنلا يورۇپ كەتتى. پۇرسەت كەلدى، دەر-ھال «زىمىستان» down دىكى RPC دا ئاشكارىلانغان ھۇجۇم كودىنى خاتىرىلىۋېلىش كېرەك. بىراق بۇ ئىنگلىزچە نۇسخىسىغا قارىتىل-غان نومۇر ئىدى. بۇنىڭ بىلەن تېخى ئەرەب تىلى نۇسخىسىدىكى Windows سىستېمىسىغا ئېرىشكىلى بولمايتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ ۋاڭ لۇ ئۇچۇن قىيىن ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇ QQ نىڭ قەسكار تېخنىكىسى توپىغا كىرىپ ئاختۇرۇۋىدى، ناھايىتى تېزلا ئەرەب تىلى نۇسخىسىدىكى Windows 2000 نىڭ كۆچمە ئادرې-سىنى تاپتى ھەمدە بۇ ئادرېسنى ھۇجۇم كودى بىلەن بىرلەشتۇ-رۇپ، ناھايىتى ئاسانلا مۇۋەپپەقىيەتلىك تەرجىمە قىلدى. ئارقى-دىنلا ئۇ ئۆز مۇۋەپپەقىيىتىنى سىناپ كۆرمەكچى بولدى، بۇ چاغ سەھەر سائەت بەش يېرىم بولغانىدى.

شۇ پەيتتە، ۋاڭ لۇمۇ جىددىيلىشىشكە باشلىدى. مۇۋەپپەقى-يەت قازىنىش - قازىنالماسلىق مەلۇم بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ CMD ئەندىزىسىگە كىرىپ، ئەمدىلا تۇزگەن بۇ «تىغ» نى ئەرەبچە بۇ تور پونكىتىغا توغرىلىدى، ئارقىدىن ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا باشلىدى...

ۋاڭ لۇ دېمىنى توختىتىۋالدى، سەھەردىكى جىمجىتلىقتا پە-قەت CPU شامالدۇرغۇچىنىڭ «غۇر - غۇر» قىلىپ چۆرگىلەۋاتقان ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى، بىرقانچە سېكۇنت ئۆتۈپ كەتتى. كومپيۇتېر گويا قېتىپ قالغاندەك، ئىنكاس قايتۇرمايۋاتاتتى. ۋاڭ لۇ جىددىيلەشكىنىدىن كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. تۇيۇقسىز دېسكى-دىن ئاۋاز چىقتى. ۋاڭ لۇ كۆزىنى ئېچىپ قارىۋىدى، پاھ! كومپيۇتېردا قارشى تەرەپ سىستېمىسىنىڭ مۇندەرىجىسى كۆرۈن-دى؛ مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم! ۋاڭ لۇ شۇ تاپتا ئۇستۇېشىنىڭ چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈپ، كىيىملىرىنىڭ دۈمبىسىگە چاپلى-شىپ كەتكەنلىكى، ئۆزاقتىن بېرى ئۆزىنىڭ بۇنچىلىك جىددىيلە-

شىپ باقمىغانلىقىنى سەزدى.

ھەقىقانىيەت ئۈچۈن توردا جەڭگە ئاتلانغان مەردانە ئوغلانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، «جىددىيلىشىش» دېگەن بۇ سۆز ئۇنىڭ لۇغىتىدە كۆرۈنمەسلىكى كېرەك ئىدى. ئەمما ۋاڭ لۇ شۇ تاپتا «دۆلەتنىڭ بۇرچى» نى زىممىسىگە ئالغانلىقتىن، ئۇنىڭ ھېسسىياتى پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇۋاتاتتى. ۋاڭ لۇ تېزلا ئۆزىنى بېسىۋالدى، چۈنكى پۇرسەتمۇ تېزلا ئۆتۈپ كەتكەندى. كېيىنكى خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى، قارشى تەرەپنىڭ mail مۇلازىمەت ئەسۋابىنى ۋاڭ لۇ ناھايىتى تېزلا تولۇق ئىگىلىۋالدى ھەمدە سانلىق مەلۇماتلار ئامبىرىنى تولۇق كۆچۈرۈۋالدى.

ئۈچ سائەت جىددىي ئىشلەش ئارقىلىق، ۋاڭ لۇ ئاخىر MD5 بىلەن مەخپىيلەشتۈرۈلگەن دەرىجىسى كۆچەيتىلگەن «قارچىغا» نىڭ پوچتا ساندۇق مەخپىي نومۇرىنى تەلتۆكۈس ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بولدى. ھەممە ئىش ئاخىرلاشتى، بۇ چاغدا سائەت چۈشتىن بۇرۇنقى ۋاقىت ئون بولغانىدى. ۋاڭ لۇ WEB بەت يۈزى ئارقىلىق «قارچىغا» نىڭ پوچتا ساندۇقىغا كىرىۋىدى، ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ ئىچى قۇپقۇرۇق بولۇپ چىقتى.

ۋاڭ لۇ كومپيۇتېرنى «ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ ساقلىتىپ قويماقچى بولدى. ئۇ پوچتا ساندۇقىنىڭ تاپشۇرۇپ ئېلىش - تارقىتىش ئەسۋابىنى ئېچىپ، «قارچىغا» نىڭ ھېسابات نومۇرى بىلەن مەخپىي نومۇرىنى كىرگۈزدى، ئارقىدىن يوللانما قوبۇل قىلىش ۋاقتىنى «ھەر 30 سېكۇنتتا بىر قېتىم ئاپتوماتىك يوللانما قوبۇل قىلىش» قا توغرىلىدى. ھەمدە پوچتا ساندۇقىنىڭ باشقا دېتاللىرىنى ئۆزگەرتمەي ساقلاپ قالدى. شۇنداق بولغاندا، «قارچىغا» نىڭ بارلىق يوللانمىلىرى ئاپتوماتىك ھالدا ۋاڭ لۇنىڭ كومپيۇتېرىغا تولۇق كۆچۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە «قارچىغا» مۇ سەزمەي قالىدۇ.

ۋاڭ لۇ ئاخىر ئۇلۇغ بىر تىنىدى، قورسىقى كوركىراشقا باشلىدى، قارنى ئاچقانىدى ئازراق بىر نەرسە تولۇقلاش كېرەكتەك قىلاتتى...

## 2

— ئۇلارنى نېمىشقا تـۇتقـۇن قىلىۋالدىڭ؟ سەۋەبىنى دەپ بەر، — دەپ سورىدى ئەركىن شىرئەلىدىن.

— رەقىبلىرىمگە ياخشى كۆن بەرمەيمەن، — دېدى شىرئەلى ئاچچىق بىلەن.

— سېنىڭمۇ ھېسسىياتىڭغا بېرىلىپ ئىش كۆرىدىغان ۋاقتىڭ بولىدىكەن - ھە! — دېدى ئەركىن مەسخىرە ئارىلاش.

رەددىيە بېرىشكە ئامالسىز قالغان شىرئەلى:

— مۇشۇ بىرلا قېتىم، — دەپ ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

— سېنىڭ بۇ قىلىقىڭ پۇتكۇل پىلانىمىنى مالىماتاڭ قىلىۋەتتى، شۇ تۇپەيلىدىن ساقچىلار بىزنى بالدۇرراق تېپىۋېلىشى مۇمكىن، — دېدى ئەركىن غەزەپلىنىپ.

— مېنى ناماقۇل بولامدىكىن دەپ ئۇمىد قىلما، — دېدى شىرئەلى قىلچىمۇ تەن بەرمەستىن.

ئەركىن سەۋرچانلىق بىلەن نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى.

— ئەمما سەن مېنى قايىل قىلغۇدەك سەۋەبنى دەپ بېرىشىڭ كېرەك، — دېدى ئەركىن سەۋرچانلىق بىلەن.

— ئۇ ئۆيۇمگە مېنىڭ ئىز - دېرىكىمنى قىلىپ بېرىپ، ئاكامنى ناھايىتى ئوساللاشتۇرۇپتۇ، — دېدى شىرئەلى غەزەپ بىلەن.

ئەركىن دەرھال سەگەكلىشىپ:

— سەن ئۆيگە قايتقانمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن ئۆيۇمنىڭ قانداقلىقىنى ئۇنتۇپ قالاي دېدىم، — دېدى شىرئەلى ئۆزىنى قاچۇرۇپ.

— سەن مـاڭـا ئـۇدۇل جاۋاب بەرمىدىڭ، ئۆيگە قايتقانمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى ئەركىن قىستاپ.

— قايتقان، نەس باسقىنى شۇكى، بېرىشىمغىلا رەقىبىم بىرقانچە ساقچىنى باشلاپ، مېنى ئىزدەپ ئۆيۇمگە كەپقالدى، — دەپ شىرئەلى راستىنى ئېيتتى.

ئەركىن چۆچۈپ كېتىپ، ئۆكسۈلى ئۆچكەن ھالدا سورىدى:
— ئۇلار سېنىڭ ئۆيگە قايتقىنىڭنى بىلىپ قاپتۇ - دە؟
— گۇمان قىلغان بولسا كېرەك، — دېدى شىرئەلى پەرۋا-سىزلا.
— ئۇلار سېنىڭ تاكسى دېلوسى بىلەن چېتىشلىق ئىكەنلىكىڭنى بىلىپ قالغان ئوخشايدۇ، — دېدى.
— مېنىڭمۇ ئەنسىرەيدىغىنىم شۇ، — دېدى شىرئەلى سو-غۇققىنا.
— بۇ قول شاھماتتا بىز ئاۋۋال بىر قەدەم مېڭىۋالدۇق، گەرچە خەتىرى بولسىمۇ، ئەمما ئاپتىن چىقىپ كەتمىدۇق، — دېدى ئەركىن سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن.
— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دەپ سورىدى شىرئەلى سو-غۇققىنا.
— مېنىڭ بىلىشىمچە، جەنۇبىي شىنجاڭ ج خ ئىدارىسى يېقىندا مەخسۇس بىزگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، تېررورلۇققا قارشى بىر قوشۇن تەشكىللەپتۇ، چېن دامو بۇ قوشۇننىڭ باشلىقى ئىكەن. مەن ئەسلىي پىلانىمدا جوڭ چېڭنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنى ئۇجۇقتۇرماقچىدىم. بىراق شۇ تاپتا سېنىڭ ئۇنىڭغا ئىش تېپىپ بېرىدىغانلىقىڭنى كىم بىلسۇن؟ ھېلىمۇ ياخشى، ئۇن-داق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ دەپ، لەيلى ئانا - بالىنى يوقىتا يۇرۇنلاشتۇرساق، ئۇلار تاپالمىسىلا بولدى. بۇ ئىش ئارقىلىق، تېررورلۇققا قارشى قوشۇننى پاراكەندە قىلىپ، ساقچىلارنىڭ نەزە-رىنى بۇرىۋەتسەك، ئۇلار كۆندە ئادەم ئىزدەشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە بولسا، بىز بۇ ياقتا ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىشنى زورا-يتىمىز، — دېدى ئەركىن چوڭقۇر ئويلانغاندىن كېيىن.
— سېنىڭ گېپىڭچە، مەن خاتالاشماپتىمەن - دە! — دېدى شىرئەلى، ئۇنىڭ چىرايىغا سەل قان يۈگۈرگەندەك قىلاتتى.
— مەن خاتالىقنى خاتالىق بىلەن تۈزەتمەكچىمەن. سېنى بىرەرسى كۆرۈپ قالمىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى ئەركىن تاقەتسىز-لىك بىلەن.
— بۇ ئىشنى ياسىن ئادەم باشلاپ بېرىپ قىلغان، — دېدى

شىرئەلى.
— ئەمىسە ياخشى، ئېسىڭدە بولسۇن، سەن ياسىن بىلەن مەلۇم پەرقنى ساقلىشىڭ كېرەك. سەن دېگەن چەت ئەلدە تەربىيەلەنگەن يۇقىرى سەۋىيىلىك خادىم، چوڭ ئىشلارنى قىلىشىڭ كېرەك. ياسىن بولسا، بىر لەقۋا پارتلاتقۇچ دورا، ئوت ياقساڭلا ئۇ پارتلاپ ئاسمانغا چىقىپ كېتىدۇ، سەن ئۇنى ئوبدان باشقۇرغىن. ئۇ يەنە ئىش تېرىپ يۈرمىسۇن، — دېدى ئەركىن سەل ئۆزىنى بېسىۋېلىپ.
— ھېلىقى لەيلى بىلەن ئۇنىڭ قىزىنى قاچان بىر تەرەپ قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى شىرئەلى جىلە بولغان ھالدا.
ئەركىن نارازى بولغاندەك كۆزىنى چەكچەيتىپ، ئورغۇلۇق تەلەپپۇزدا:
— باقمىز، ئۇلار بىزنىڭ ساقچىلار بىلەن سودىلىشىدىغان پېشكەممىز، — دېدى.
شىرئەلى چۈشەنمىگەندەك بولۇپ، زەردە بىلەن:
— باقمىز؟ — دېدى.
ئەركىن يېڭىۋاشتىن چۈشەندۈردى:
— ياسىنغا تاپىلاپ قوي، ئۇلارنى ئوبدان باقسۇن، ئۇلارنىڭ بىر تال مويىغا تېگىشكە بولمايدۇ.
— ياسىن بىلەن مېنىڭمۇ ئۇنچىلىك سۆز - تاقىتىمىز يوققۇ دەيمەن، — دېدى شىرئەلى سوغۇققىنا.
ئەركىن تىت - تىت بولۇپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ سۆزلەپ كەتتى:
— چۈشەنسەڭمۇ ئىجرا قىلىسەن، چۈشەنمىسەڭمۇ ئىجرا قىلىسەن. ئۇلارنى تۇتۇپ تۇرۇشىمىز، پۈتكۈل پىلانىنىڭ بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت. سېنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن. بىزنىڭ ئاداققى نىشانىمىز ئانا - بالىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئەمەس، بەلكى جەنۇبىي شىنجاڭنى ھەقىقىي تۈردە ئۆز ماكانىمىزغا ئايلاندۇرۇۋېتىش ئىبارەت. مەن سېنىڭ ئەقىللىق ئادەم ئىكەنلىكىڭگە ئىشىنىمەن.
— ياسىن ئۇلارنى قولغا كەلتۈرۈپ بولدى، مەن بېرىپ

قاراپ باقاي، — دېدى شىرئەلى ئاچچىقىنى باسالمىغان هالدا.
— ئۇنىڭ نومۇسىغا تەگمەكچىمۇ سەن؟ سەن ئويتتۇرىغا چىقىسالڭ هەرگىز بولمايدۇ. بۇ ئىشنى ۋاقتىنچە كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەت. بىز يەنە نۇرغۇن چوڭ ئىشلارنى قىلىشىمىز كېرەك، — دېدى ئەركىن ئۇنى توسۇپ.

## 3

چېن دامو كېچىچە ئۇخلىمىدى. تاڭ يورۇغاندىن كېيىن، ئۇ ئەترەتكە تېلېفون ئۇرۇۋىدى، تېلېفوننى ئەلى ئالدى. چېن دامو ئۆيدە بىر تەرەپ قىلىدىغان بىرئاز ئىشى چىقىپ قالغانلىقى، بۈگۈن ئەترەتكە بارالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، رۇخسەت سورىدى.
ئۇ لەيلى ئانا - بالا ئۇچرىشىش ۋە بېرىش ئېهتىمالى بولغان بارلىق ئادەم ۋە جايلارنى ئىزدەپ بارغاندىن كېيىن، ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىدى. ئۇ ئۆيىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ئۆزىنىڭ يانفونىغا كۆچۈرۈۋالدى، شۇنىڭدا ئەگەر بىرەرسى ئۆيىگە تېلېفون ئۇرسىلا، ئۇ تېلېفوننى ئالدى بىلەن ئاڭلىيالايتتى. بىراق بىر سوتكا ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ لەيلى ئانا - بالىنىڭ ئاۋازىنى زادىلا ئاڭلىيالمىدى. قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن، چېن دامو ئۆيدە مەيۈسلەنگەن هالدا ساپاغا چۆكتى. ئۇ ئانا - بالا ئىككىيلەننىڭ بىرەر ئىشقا يولۇققانلىقىنى سەزدى.
ئۇ تەبىئىي يوسۇندا مۇلاهىزە قىلىشقا باشلىدى: بۇ ئىشنىڭ يۈز بېرىشى هەرگىزمۇ تاسادىپىي ئەمەس. جەزمەن بىرسى مەقسەتلىك هالدا لەيلى ئانا - بالىنى ئالداپ ئېلىپ كەتكەن. بىراق، ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن قىزىنى ئالداپ ئېلىپ كېتىدۇ؟ لەيلى هېچكىمنى خاپا قىلىپ قويمىغانغۇ؟ ئەجەبا، تىغ ئۇچى ئۆزىگە قارىتىلغانمۇ يا؟ توغرا، سەۋەب چوقۇم ئۇنىڭ ئۆزىدە، ئەمما رەقىبلەر لەيلى ئانا - بالىغا قول سالدى! ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، چېن دامونىڭ پۈتۈن بەدىنى تىكەنلىشىپ كەتتى.
نېمە ئۈچۈندۇر، ئۇ تەبىئىي هالدا بۇ ئىشنى شىرئەلى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تەهلىل قىلدى. ئەگەر ئۆزىنىڭ هۆكمى خاتا بول-

ـمىسا، لەيلى ئانا ـ بالا هازىر ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغان بولىدۇ.

چېن دامو بۇ ئىشنى دوكلات قىلىش كېرەكمۇ، يوق دەپ ئارسالدى بولۇپ تۇرغان چاغدا، جۇڭ چېڭدىن تېلېفون كېلىپ، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن كۆن بويى كۆرۈنمىگەنلىكىنى سورىدى.

چېن دامو سوغۇققىنا:

— ئـۆيدە بىر تـەرەپ قىلىدىغـان ئازراق ئىش چىقىپ قالدى، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇ جاۋاب بېرىش ئارىلىقىدا، ۋاقتىنچە تەشكىلنى ئاۋارە قىلـماسلىق قارارىغا كەلگەنىدى.

چېن دامو جۇڭ چېڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنىڭغا تېلېفون بەرگەنىكەن، جەزمەن بىر ئىش بارلىقى، ئىدارىدە بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك تېخىمۇ مۇھىم، تېخىمۇ ئاۋارىچىلىكى تولا ئىشلارنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئەمما ئۇ ئۆز ئىشىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيەتكە تەسىر يەتكۈزۈشىدىـن ئـەنسىرىدى، شـۇڭا، لەيلى ئانا ـ بالىنىڭ تۇيۇقسىز غايىب بولغانلىقى توغرىسىدا زادىلا ئېغىز ئاچمىدى.

بىراق، جۇڭ چېڭ سەزگۈرلۈك بىلەن:

— ياق، سەن جەزمەن قانداقتۇر بىر ئىشنى مەندىن يوشۇ ـ رۇۋاتىسەن، — دەپ سورىدى.

چېن دامو كەسكىن هالدا:

— راست، ئۆيدە ئازراق ئىش چىقىپ قالدى، — دېدى.

— مېنىڭ بىلىشىمچە، سېنىڭ ئۆيدە ئەزەلدىن ھېچقانداق ئىشىڭ بولغان ئەمەسقۇ؟ — دېدى جۇڭ چېڭ سەل بوشىغاندەك بولۇپ.

چېن دامو ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ:

— باشلىق، مېنى ئىزدەيدىغان بىرەر ئىش بارمىدى؟ — دەپ سورىدى.

— ئىشخانامغا كەلگىن، سەن بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بار، — دېدى جۇڭ چېڭ بۇيرۇق قىلىپ.

چېن دامو روھى كەيپىياتىنى بىر ئاز ئۇخشۇالغاندىن كېيىن،

جوڭ چېڭنىڭ ئىشخانىسىغا يېتىپ كەلدى.
— تۈنۈگۈن مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومدىن جوۋ شۈجى ئاچقان شىنجاڭ بويىچە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى توغرىسىدا قايتا تەربىيە ئېلىپ بېرىش تېلېۋىزىيە تېلېفون سەپەرۋەرلىك يىغىنىغا قاتناشتىم. يىغىندا، شىنجاڭ بويىچە ھەرقايسى جايلاردىن داۋاملىق تۈردە ئىلمىي نەزەرىيە، ئىلغار مەدەنىيەت ئارقىلىق بارلىق ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىلىرىنى ئىگىلەش، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ تەسىرىنى تۈپتىن تازىلاش، ئىدىيە جەھەتتە بۆلگۈنچىلىككە، سىڭىپ كىرىشكە، ئاغدۇرمىچىلىققا قارشى مۇستەھكەم مۇداپىئە لىنىيىسى بەرپا قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ھېچقانداق پۇرسەت بەرمەسلىك تەلەپ قىلىندى.
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ قارارىغا ئاساسەن، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئارقىمۇ ئارقا خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى. بىزنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەزالىرىنىڭ ئىسمىلىكىنى يۇقىرىغا يوللىماقچىمىز. نىسبەت بويىچە، سىلەرنىڭ تېررورلۇققا قارشى چوڭ ئەترەتكە ئىككى سان بېرىلدى. مېنىڭچە، سىلەرنىڭ تېررورلۇققا قارشى بىرىنچى ئەترەت ئادەم چىقارسۇن، سېنىڭچە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا كىمنى ئەۋەتسەك مۇۋاپىق بولار؟ — دېدى جوڭ چېڭ.
— راستىنى ئېيتقاندا، بۇ بىر بىكارچى ئىش. ھازىر ئەترىتىمىزدىكى باشلىقلار ھەممىسى دېگۈدەك ئالدىراش، خىزمەتتىن ئايرىلىپ چىقالمايدۇ! — دېدى چېن دامو ئۆزىنى قاچۇرغان تەرزدە.
جوڭ چېڭ تەكلىپ بېرىپ مۇنداق دېدى:
— ۋاڭ لۇنىڭ ئۇچۇر مەركىزىي ئامبىرى ئىشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ھازىرقى ئاساسىي خىزمەت ماتېرىياللارنى خاتىرىلەپ رەتلەش باسقۇچىدا تۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ قىلغۇدەك چوڭ ئىشىمۇ يوقكەن. ئەڭ ياخشىسى ئۇ يېزىلارغا بېرىپ، تۆۋەننىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشسۇن. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بەلكىم تېررورلۇققا قارشى خىزمەتكە بولغان ھېسسىي بىلىشى تېخىمۇ

يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى مۇمكىن، سىنىڭچە قانداق؟

— ۋاڭ لۇنى ئەۋەتەمدۇق؟ — دەپ سورىدى چېن دامو.

جۇڭ چېڭمۇ بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— راست گەپنى قىلغاندا، مەن يەنىلا ئۇنى ئەكىلىپ ساقچى قىلغىنىمىز ئۇنىڭغا ناھايىتى زور بېسىم بوپقالدىمىكىن دەپ ئويلايمەن. دېگىنە، ناۋادا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، مەن ئۇنىڭ دادىسىغا قانداق جاۋاب بېرىمەن؟ شۇڭا، مۇشۇنداق نىسبەتەن بىخەتەر ئىشلاردا ئۇنى ئويلايمەن، مەن ھامان ئۇنى ھازىرچە ھەممە ئىش ئۇنىڭغا يېڭىلىق تۇيۇلغان بىلەن، ئۇزاق ئۆتمەي كېتىمەن دېسە، ئۇ چاغدا ھەرگىز توسمايمەن دەپ ئويلايمەن، — دېدى.

چېن دامو جۇڭ چېڭنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەن ھالدا:

— مەن سىزنىڭ قىيىنچىلىقىڭىزنى چۈشىنىمەن، — دېدى.

جۇڭ چېڭ گەپنىڭ ئۇچۇقىنى دەۋەتتى:

— ئۇنى قانداق ئىشلىتىش مەسىلىسىدە مەن راستىنلا بىر قارارغا كېلەلمىدىم. ئۇ ھەقىقەتەن بىر تالانت ئىگىسى. ھەي، ئەگەر ئۇ ئادەتتىكى ئائىلىنىڭ بالىسى بولسىدى، ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش ئاسانغا چۈشەتتى.

چېن دامو تەسەللى بېرىشكە باشلىدى:

— باشلىق، بۇنىڭغا كۆپ باش قاتۇرماڭ. بىزگە ئىككى سان بېرىلگەن ئەمەسمۇ؟ ئەلى ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارسۇن.

— مەن ئويلىغاندەك دېدىڭ، — دېدى جۇڭ چېڭ.

— دامو، سەن ئادەمنىڭ كۆڭلىنى بەك چۈشىنىسەن، جۇمۇ! — دېدى ئۇ يەنە.

چېن دامو پەرۋاسىزلا:

— مەن بېرىپ ئەلى بىلەن ۋاڭ لۇغا ئۇقتۇراي، — دېدى - دە، بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى.

قاش قارايغان چاغ، ئەلى ج خ ئىدارىسىنىڭ ھويلىسىدا دالا ئاپتوموبىلىنىڭ ئۈستىدىكى چاڭ - توزانلارنى پەي سۈپۈرگە بىلەن تازىلاۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇ شەپكىسىنى قىڭغىر كىيىۋېلىپ، شوخ بىر ناخشىنى غىڭشىپ ئېيتىۋاتاتتى.

چېن دامو ئۇنى كۆرۈپ:

— ئەلى! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئەلى دەرھال شەپكىسىنى ئوڭشاپ، ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ:

— بار! — دېدى. چېن دامو ئەسلىدە: «سەن شەپكىنى مۇشۇنداق كىيەمسەن؟» دېمەكچىدى، بىراق ئەلى شەپكىسىنى ئوڭشىۋالغاچقا، ئۇنىڭغا دېگۈدەك گەپ قالمىغانلىقتىن:

— ماشىنىنى تۈزەشتۈرۈپ بولدۇڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئەلى ناھايىتى ئەستايىدىل جاۋاب بەردى:

— تۈزەپ بولدۇم، قاچان ماشىنا لازىم بولسا، شۇ چاغدا بۇ ماشىنا گۈرۈلدەپ كېتىۋېرىدۇ.

چېن دامو جىددىي تەلەپپۇزدا:

— باشلىق سەن بىلەن ۋاڭ لۇ ئىككىڭلارنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بىلەن بىرگە يېزىلارغا ئەۋەتمەكچى، قانداق؟ مەسىلە بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئەلى ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ، يەنە بىر قېتىم سالام قىلىپ:

— ھە! ياخشى ئىشكەنغۇ؟ قانچىلىك ۋاقىتكەن؟ — دېدى.

— بىرقانچە ئاي، — دەپ جاۋاب بەردى چېن دامو.

ئەلى ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغاندەك قىلىپ:

— دېمەك، بۇ گەپچە مەن ئەزىزانە قەشقەردىن بىر مەزگىل ئايرىلىدىكەنمەن - دە! ئەپسۇس، مېنى كۈندە سېغىنىدىغان گۈزەل قىزلارنى قانداقمۇ قىلارمەن؟ مەن بولمىسام، ئۇلار قانداق ياشار ھە! — دېدى.

چېن دامو ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ:

— بولدى، بولمىغۇر گەپلىرىڭنى قوي، يېقىندىن بېرى سىرتتا ئۇرۇشتۇڭمۇ - يوق؟ — دېدى.

ئەلى قوللىرىنى ئۇشلاپ قويۇپ:

— ياق، ياق، ئەمدى خوتۇن ئالغۇدەك بولدۇم، ئۇرۇشۇپ يۈرسەم بولمايدۇ، — دېدى.

ۋاڭ لۇ مۈرىسىگە قول كومپيۇتېرىنى ئېسىپ كېلىپ قالدى. ئۇ كۈلۈمسىرەپ:

— ئەلى! ئىلگىرى دائىم خەق بىلەن ئۇرۇشامتىڭ؟ —

دەپ سوزىدى.
— بوۋام شۇنداق كۆندۈرۈپ قويۇپتىكەن، — دېدى ئەلى ماختانغاندەك قىلىپ، ئۇ كۆرەڭلىگەن هالدا باشمالتىقىنى كۆر - سىتىپ: — بىزنىڭ ئۆيدە بوۋام دېگەن مۇشۇنداق! ئۇ ئۆيدە بولسا، هېچكىم مېنىڭ بىر تال مويۇمغىمۇ تېگەلمەيتتى. مەن كىچىك ۋاقتىمدا، ئۇرۇشقاق ئىدىم، تۇرۇپ سول كۆزۈم ئىششىپ قالاتتى، تۇرۇپ ئوڭ كۆزۈمنى كۆكەرتىپ كېلەتتىم. بوۋام دائىم ئىسسىق لۆڭگىنى قويۇپ، ئىششىقنى ياندۇراتتى. مەن تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىهانىدىن ئۆتەلمىگەندىن كېيىن، دادام مېنى نېمە ئىش قىلار دەپ غەم قىلىشقا باشلىدى. مېنى جەمئىيەتكە چىقىپ كەتسە، بىرەر يىلغا قالمايلا، ئۇدۇل تۈرمىگە كىرىدۇ دەپ ئويلىدى. ئەمما بوۋام ئۇنداق قارىمىدى. ئۇ مېنى نەۋرەم قورقۇنچاق ئەمەس، باتۇر، ئۇ خەق بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئاغزى - بۇرنى كۆكۈرۈپ كەتسىمۇ، هەرگىز خەققە باش ئەگمەي- دۇ، ئۇ ساقچى بولسا، چوقۇم باتۇر بولۇپ چىقىدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن، دادام ئارقا ئىشىك قىلىپ يۈرۈپ، مېنى ج خ ئىدارىسىگە ئەكىرىپ قويدى، — دېدى.

— هازىرچە، سېنىڭ ماڭا تېرىپ بەرگەن ئىشىڭ ئاز ئە- مەس. ئەمما چوڭ ئىشلاردا كاللاڭ سەگەك، هەرهالدا بولى- سەن، — دېدى چېن دامو ئۇنىڭغا باها بېرىپ. -

چېن دامو بۇرۇلۇپلا، ۋاڭ لۇغا:

— ساڭا دەيدىغان بىر ئىش بار ئىدى، — دېدى.

ئىككىيلەن ئەترەتكە بارغاندىن كېيىن، چېن دامو جىددىي تەلەپپۇزدا:

— هازىر سەن بىلەن ئەلى ئىككىڭلار بېرىپ قىلىدىغان بىر مۇهىم ئىش بار، — دېدى.

چېن دامو تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ يېزىلارغا بارىدىغان ئىشىنى ۋاڭ لۇغا ئېيتتى. ئۇ ئالايىتەن تاپىلاپ:

— يېزىلارغا بارغاندىن كېيىنكى ئاساسىي ۋەزىپە بۆلگۈنچى- لىككە قارشى تەشۋىق - تەرغىباتنى ياخشى ئىشلەشتىن ئىبارەت. ساڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، يەنە بىر مۇهىم ۋەزىپەڭ داۋاملىق «قار-

چىغا» نىڭ ئىزىغا چۈشۈپ، ئامال بار، ئالاقىلاشقۇچىنى تېپىش، — دېدى.

## 4

يالقۇن قارىماققا كوچىدىكى لوكچەكلەرگە ئوخشاپ قالغاندى. ئۇنىڭ بۇ ئوبرازى ئۆز ئەتراپىغا جەمئىيەت داشقاللىرى قاتارىدىكى نۇرغۇن ئادەمنى توپلىۋېلىشىغا تۈرتكە بولدى. يالقۇن دائىم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈرۈپ، يۇقىرى پەن - تېخنىكىلىق ۋاستىلەر قولغا كەلتۈرەلمەيدىغان بەزى ئاخباراتلارغا ئىگە بولالايتتى.

ئۇ كۈنى، يالقۇن جوڭ چېڭغا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر يۈزلىنىشنى: ئىبراھىمنىڭ يېقىندىن بېرى پائالىيەتلىرىنىڭ جانلىنىپ كەتكەنلىكى، دائىم ھەرقايسى مەسچىتلەردە پەيدا بولۇپ، مۇسۇلمانلارغا چېكىدىن ئاشقان دىنىي كەيپىياتنى تەشۋىق قىلىۋاتقانلىقىنى دوكلات قىلدى.

— ئۇ نېمىلەرنى دېدى؟ — دەپ سورىدى جوڭ چېڭ سەزگۈرلۈك بىلەن.

— ئۇ مۇرىتلاردىن كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئۆتەشنى تەلەپ قىلدى، ئۇنداق قىلمىسا، ئىسلام مۇرىتى بولالمايدۇ دېدى؛ ئۇلارنىڭ ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىشىنى، خەنزۇ تىلىنى چەكلىشىنى، ئۇلارنىڭ ئويغىنىشىنى تەلەپ قىلدى، — دەپ دوكلات قىلدى.

جوڭ چېڭ ئويلىنىپ تۇرۇپ دېدى:

— بۇ ئۇنىڭ ئىزچىل دەپ كېلىۋاتقان گەپ - سۆزلىرى.

يالقۇن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋالغاندىن كېيىن، سۆزنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن تېخى گېپىمنى دەپ بولمىدىم. بۇ ئۇنىڭ ئاشكارا سۆزلىگەن گەپ - سۆزلىرى. ئەمما ئۇ ئاستىرتىن مۇرىتلارنى قۇترىتىپ: شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار نېمە ئۈچۈن باشقا ئىسلام دۆلەتلىرىدەك باي ئەمەس؟ بۇنىڭ سەۋەبى شىنجاڭنىڭ نېفىت بايلىقىنى كوممۇنىستلار ئىگىلىۋالدى، خەنزۇلار بۇلاپ كەتتى دېگەن. ئۇ يەنە قۇتراتقۇلۇق قىلىپ: بىردىنبىر «قۇرئان كەرىم»

ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، بارلىق مۇرىتلار ئۇنىڭغا تايىنىپ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشى كېرەك، دېدى.

جۇڭ چېڭ مەڭسىتمىگەن ھالدا:

— مەن ئۇنىڭ ئاخىر ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئۇ چىداپ تۇرالمايدۇ، ئۇنىڭ يەنە داۋاملىق كۈتۈپ تۇرۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، — دېدى.

يالقۇن جىددىيلەشكەن ھالدا:

— قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇنىڭ ئەكسىيەتچىل گەپ-سۆزلىرى ئۈچۈنلا بىز ئۇنى نەزەربەند ئاستىغا ئالالايمىز، — دېدى.

جۇڭ چېڭ بېشىنى چايقاپ:

— ئۇنىڭ سالاھىيىتى بەك ئالاھىدە، يۇقىرىنىڭ رۇخسىتى بولمىسا، ئۇنى نەزەربەند ئاستىغا ئالغىلى بولمايدۇ، — دېدى.

يالقۇن قايىل بولماستىن:

— ئەمما، ئۇ دىندىن پايدىلىنىپ ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ، قۇتراتقۇلۇق قىلغان تۇرسا، بۇ نوقۇل زوراۋانلىق، تېررورلۇق قىلمىشىدىنمۇ قورقۇنچلۇق ئەمەسمۇ! — دېدى.

جۇڭ چېڭ چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ:

— مەن بۇ ئادەمنى سەندىن ئوبدانراق بىلىمەن. ئۇ سۆڭەك-سۆڭەكلىرىگىچە يامانلىق سىڭىپ كەتكەن ئادەم. چەت ئەلگە قاچقان تېررورلۇق تەشكىلاتىنىڭ كاتتىۋېشى ئالىم ئۇنىڭ شاگىرتى. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا بىزنىڭ ئۇنى يۇغۇشتۇرۇشىمىزغا يېتەرلىك سەۋەب بولالايدۇ. بىراق ئۇنى يۇغۇشتۇرۇش ئۈچۈن، يېتەرلىك دەلىل-ئىسپاتقا ئىگە بولۇشىمىز كېرەك. ئۇنىڭ جامائەت پىكرى توپلىشىغا باھانە-سەۋەب تېپىپ بەرمەسلىكىمىز لازىم. ناۋادا ھازىر بىز ئالىمنى تۇتۇۋالغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ئۆزىنى ئاقلاپ: مەن ئىبراھىمغا ئەمەس، دىنغا ئىشىنىمەن، دېيىشى مۇمكىن. ئەمما، ئىبراھىم ئۆزىنى ئاللاغا ۋاكالىتەن سۆزلەۋاتىمەن؛ مەن دىنىي ئېتىقادنىڭ ۋەكىلى دېيىشى مۇمكىن. ئىبراھىم دېگەن بۇ ئادەمنىڭ ھىيلىگەرلىكى شۇ يەردىكى، ئۇ دىنىي تونىغا ئورىنىۋېلىپ ئەسكى ئىش قىلىش بىلەنلا قالماستىن، يەنە «سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى» دېگەن قىزىل تونىنىڭ ئىچىگە كىرى-

ۋېلىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى. ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى جەنۇبىي شىنجاڭغا قانچىلىك يوشۇرۇن ئاپەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ماڭا بەكمۇ ئايان، ئەمما ئۇنى يوقىتىش ئۇچۇن، بىزدە، ئەقىل - پاراسەت ۋە باتۇرلۇق بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز ئۇچۇن ۋاقىتمۇ ئىنتايىن زۆرۇر، — دېدى.

يالقۇن تەشۇشلەنگەن هالدا:

— ئەمما ۋاقىتنى بەك ئۇزۇن سوزۇۋېتىشكە بولمايدۇ، ئۇ تۇنۇگۇن يەنە مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا باردى، — دېدى.

جۇڭ چېڭ سەزگۈرلۈك بىلەن:

— مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا؟ ئۇ يەرگە بېرىپ نېمە ئىش قىلىدىكەن؟ سەن بۇ ئىشنىڭ پېيىدا بول، — دېدى.

— چوقۇم شۇنداق قىلىمەن، — دېدى يالقۇن.

## 5

جۇڭ چېڭ ئىچكى لىنىيە تېلېفونىنى ئۇرۇپ، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى مەتىمىننى ئىشخانىسىغا چاقىردى.

مەتىمىن كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، جۇڭ چېڭ يالقۇن دوكلات قىلغان ئىبراھىمنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ئىش - ھەرىكىتىنى بىرقۇر بايان قىلىپ ئۆتتى.

مەتىمىننىڭ پوزىتسىيىسى: «بۇ ئادەمنى كونترول قىلمىسا بولمايدىغان يەرگە كەلدى.» دېگەندىن ئىبارەت بولدى.

جۇڭ چېڭ چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ:

— ماڭا ئوخشاش ئويلاپسەن، — دېدى.

ئۇ ئارقىدىنلا يەنە:

— مەتىمىن، ھېلىقى تاكسى دېلوسىدىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭ تىنچلىنىپ قالغىلى يېرىم يىلدىن ئاشتى. بۇنىڭغا كۆڭۈلۈم نېمىشقا خاتىرجەم بولمايدۇ؟ ئادەتتىكى ئادەمنىڭ تەپەككۇرى بويىچە ئېيتقاندا، تىنچ بولۇش ياخشى ئىش - دە! ئەمما بىز دېگەن ساقچى، ساقچىنىڭ ئەلۋەتتە ئۆزىگە لايىق تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى بولىدۇ - دە! دېمەك، مەن بۇنى ياخشى ئىش ئەمەس دەپ قارايمەن، — دېدى.

مەمتىمىن تەمكىنلىك بىلەن:

— باشلىق، ئىككىمىزنىڭ ئويلىغىنى راستىنلا بىر يەردىن چىقتى، مەنمۇ ئويلاپ باقسام، زىيادە تىنچ بولۇش نورمال ئىش ئەمەس. بۇ دۈشمەننىڭ پائالىيەت قانۇنىيىتىگىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، — دېدى.

— قېنى دەپباقە، دۈشمەننىڭ پائالىيەت قانۇنىيىتى قانداق بولىدۇ؟ — دەپ جوڭ چېڭ قىزىقىپ سورىدى.

مەمتىمىن چوڭقۇر ئويلىنىپ:

— چەت ئەلدە قوماندانلىق قىلىش، ئادەمنى چەت ئەلدە تەربىيىلەش ۋە چەت ئەلدىن ئەۋەتىش، ئاندىن چېگرا ئىچىدە ھەرىكەت قىلدۇرۇش دېگەن بۇ قانۇنىيەت ئۆزگەرمەيدىغاندۇ؟ ئالدىنقى بىر مەزگىلدە، چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەنلەر ئادەتتىن تاشقىرى جانلىنىپ كەتتى، ئىچكى مەلۇماتلاردا ئىنكاس قىلىنىشىچە، غەربتىكى مەلۇم بىر چوڭ دۆلەتتىكى قانداقتۇ «ئەركىنلىك فوندى» دېگەن بىر تەشكىلات ھەر يىلى شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرگە 4 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بېرىشنى قارار قىپتۇ. دۈشمەنلەر بۇنچىۋالا كۆپ پۇلنى نېمە قىلىدۇ؟ ئۇلار دۆلەت ئىچىدە ئاز - تولا ئىش قىلماقچىمۇ؟ مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، كېلەركى قەدەمدە جەنۇبىي شىنجاڭدا جەزمەن بىر چاتاق چىقىدۇ. چاتاق قەيەردىن چىقىدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە، كۆڭلۈمدە ئېنىق بىر ئاساس بولمىغاچقا، بۇ ئىشنى سەن بىلەن سۆزلىشەي دەپ تۇراتتىم، — دېدى.

جوڭ چېڭ بېشىنى لىڭشىتىپ:

— ياخشى، ئويلىغىنىمىز بىر يەردىن چىقتى، سېنىڭچە قانداق قىلىش كېرەك؟ — دەپ سورىدى.

مەمتىمىن قەتئىيلىك بىلەن:

— مەن سېنىڭ ئالدىنقى مەزگىلدە ئوتتۇرىغا قويغان: تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، باش كۆتۈرۈپ چىققاننى جايىدا يوقىتىش كېرەك دېگەن سۆزۈڭگە قوشۇلىمەن، — دېدى.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە مەركەزمۇ يۈزەكى تۈزەش بىلەن تۈپتىن تۈزەشكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك دەپ ئېنىق يوليورۇق بەردى، — دەپ تولۇقلاپ قويدى جوڭ چېڭ.

— مېنىڭچە، بىزنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى ئىچكى‌رىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. بىزنىڭ رەقىبىمىز زوراۋان تېرورچى‌لار، زەربە بېرىش ۋە يوقىتىشقا تېگىشلىك دۈشمەن؛ ئىچكىرىدىكى ساقچىلارنىڭ رەقىبى بولسا، كۆپىنچىسى جىنايەت گۇماندارلىرى، ئادەم تۇتۇشتا دەلىل - ئىسپاتقا ئەھمىيەت بېرىش، پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىبراھىمنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى سەن بىلەن بىز بىلىمىز، بىراق، ئۇ ئۆز ئىچىمىزدىكى ئادەم بولغانلىقتىن، بىزدە ئىنتىزام بار، ئۇنىڭغا «باش كۆتۈرۈپ چىققاننى يوقىتىش» پرىنسىپىنى قوللى‌نىشقا بولمايدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلالمى‌ساق، بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى زەربە بېرىش سالمىقىمىزغا تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئالدى بىلەن ئۇنى يوقىتىشىمىز كېرەك، — دېدى مەمتىمىن.

ئىككىيلەن يېرىم كۈندەك مەسلىھەتلىشىپ، ئاخىر جۇڭ چېڭنىڭ نامىدا ج خ نازارىتىنىڭ نازىرى نەن جېنجۇڭغا مەخسۇس تېمىدا بىر دوكلات يېزىش قارارىغا كەلدى.

مەمتىمىن كەتكەندىن كېيىن، جۇڭ چېڭ قەلەمنى قولىغا ئېلىپ، دوكلاتنىڭ ماۋزۇسىغا «ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ نەزەربەند قىلىشقا تېگىشلىك بىر خەتەرلىك شەخس» دەپ يازدى. ئۇ دوكلاتتا مۇنداق دەپ يازدى:

«يېقىنقى بىر مەزگىللىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق، نۇرغۇن مەسىلىلەر بايقالدى، بەزى چوڭ ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىمالى مەۋجۇت. زادى قانداق ۋەقە يۈز بېرىدۇ؟ مەن بۇ ۋەقەلەرگە مۇنا‌سىۋەتلىك بولغان نۇقتىلىق شەخس ئىبراھىمنى ئەستايىدىل تەك‌شۈرۈپ نەزەربەند قىلىشقا تېگىشلىك بىر خەتەرلىك ئادەم دەپ قارايمەن. مەسىلەن، دۈشمەنلەر يېقىندىن بۇيان قانداقتۇر بىر چوڭ سۇيىقەستنى پىلانلاۋاتقان بولسا، بۇ ئادەم ئەڭ خەۋپلىك شەخس بولۇپ قالىدۇ.»

ئۇ دوكلاتىدا، نازىرنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ساقچىلىرىنىڭ ئىبراھىمنى رەسمىي تەكشۈرۈپ نەزەربەند ئاستىغا ئېلىشىغا قوشۇ‌لۇشىنى ئۈمىد قىلدى.

# ئونىنچى باب

## 1

لەيلى تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويۇپ، تەقەززالىق بىلەن چېن دامونىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋاتقاندا، بىرەيلەن توساتتىن ئال-دىراش ئىشىك قوڭغۇرىقىنى باستى، ئۇ ئىشىكنى ئېچىۋىدى، تونۇش چىراي بىرسىنى كۆردى. كەلگەن ئادەمنىڭ پېشانىسىدىن تەر تەپچىپ تۇراتتى، ئۇ ئۆز - ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ:

— لەيلى مۇئەللىم، مېنىڭ ئىسمىم ئىسمايىل، تاكسى ھەيدەيمەن. قىزىم سىزنىڭ قىزىڭىز بىلەن ساۋاقداش، ئايالىم مەكتىپىڭلارنىڭ تازىلىق ئىشچىسى، — دېدى.

لەيلى بۇ ئادەمنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ، بېشىنى لىڭشىتىپ:

— بىرەر ئىش بىلەن مېنى ئىزدەپ كەلدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— قىزىڭىز تېخى قايتىپ كەلمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئىسمايىل تاقەتسىزلىك بىلەن.

— ياق، — دېدى لەيلى بېشىنى چايقاپ.

— بايا قىزىم يىغلامسىراپ ماڭا تېلېفون ئۇرۇپ، ئۆزىنىڭ گۈلشەن بىللە كەپتەر مەيدانىدا كېتىۋاتقاندا، ئۇلارنى تونۇ-مايدىغان ئىككى ئادەم كېلىپ تۇتۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. قارى-غاندا ئۇلار بىرەر پېشكەللىككە يولۇققان ئوخشايدۇ، چۈنكى قىزىم-نىڭ سۆزى تۈگىمەيلا، تېلېفون ئۈزۈلۈپ قالدى، — دېدى ئىس-مايىل.

— كەپتەر مەيدانىدا؟ — لەيلى قىزىنىڭ خېيىمخەتەرگە يولۇققانلىقىنى ئاڭلاپ، كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي: — ئەمدى-سە دەرھال ئۇلارنى تاپايلى! — دېگىنىچە، «دۈك - دۈك - دۈك» قىلىپ پەلەمپەيدىن ئىسمايىل بىللە چۈشتى - دە،

ئۇنىڭ تاكسىسىغا چىقتى.

تاكسى ج خ ئىدارىسىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدىن چىققان-دىن كېيىن، تۇيۇقسىز تاكسىنىڭ كەينىدىن ئىككى ئەر، ياسىن بىلەن مەمەت يۈگۈرۈپ چىقتى. ياسىننىڭ قولىدا بورېتا 9 م م لىق ناگان، مەمەتنىڭ قولىدا پىچاق بار ئىدى. ئىككىسىلەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىسمايىل بىلەن لەيلىنى تىزگىنىگە ئالدى. ياسىن بىر قولىدا ناگاننى لەيلىنىڭ بېشىغا تىرەپ، يەنە بىر قولىدا ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ:

— قىمىرلىما، بولمىسا ئېتىپ تاشلايمەن، — دېدى.

ماشىنىنى ھەيدەپ كېتىۋاتقان ئىسمايىل قورقۇپ كېتىپ، ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلاتتى. مەمەت دەرھال ئۇنىڭغا پىچاق-نى تەڭلەپ:

— ئۇستاتلىق قىلىمەن دېمە، ماشىنىنى شەھەر سىرتىغا ھەيدە، بولمىسا ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، — دېدى.

قورقۇپ جان- پېنى چىقاي دەپ قالغان ئىسمايىل نائىلاج ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلدى.

لەيلى ماشىنىدا قانداقلارچە تۇيۇقسىز ئىككى ۋەھشىي ئەرنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمىدى. ئۇ كۈچىنىڭ بار-چە ياسىننىڭ قولىغا ئېسىلىپ:

— ئادەم بارمۇ؟ قۇتقۇزۇڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى ھەمدە ئىختىيارسىز ئىشىككە ئېسىلىپ، ماشىنىدىن سەكرىمەكچى بول-دى. ياسىن ئۇنىڭ ئىككى قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، بېشىنى بېسىۋالدى. لەيلى قىمىر قىلالماي قالدى، ئەمما ئۇ توختىماي ۋارقىرىدى:

— ئىسمايىل، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىماڭ، ماشىنىنى دەرھال ج خ ئىدارىسىگە ھەيدەڭ.

ئىسمايىلنىڭ پېشانىسىدىن سوغۇق تەر چىقىۋاتاتتى، ئۇ يىغ-لىۋېتەيلا دەپ قالدى. ئۇ ئۆكۈنگەن ھالدا:

— لەيلى مۇئەللىم، كەچۈرۈڭ، مېنى كەچۈرۈڭ، — دېدى.

لەيلى ئۈشتۈمتۈت ياسىننىڭ قولىنى چىشلىۋالدى. ياسىن

ئاغرىقتا چىدىماي، قولىنى قويۇۋەتتى. لەيلى پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، ماشىنىنىڭ ئالدى گورۇندۇقىغا تاشلىنىپ، رولنى تارتىۋالماقچى بولدى، بىراق ياسىن ئىرغىپلا ئۇنى بېسىۋالدى، لەيلى ئاغرىقتا پايلىماي، ئۇنى تىللاشقا باشلىدى:

— ھۇ ئۆلگۈر ئەبلەخ! نېمىشقا مېنى تۇتىسەن؟

بۇ قېتىم ياسىن بوشاڭلىق قىلمىدى، ئۇ ئاۋۋال لەيلىنى بىر كاچات ئۇرغاندىن كېيىن، سۈزۈك پلاستىر بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى يەملىۋەتمەكچى بولدى. لەيلى قاتتىق تىركىشىۋېتىپ، ئىسمايىلغا ۋارقىرىدى:

— سەن نېمىشقا ماڭا زىيانكەشلىك قىلىسەن؟ سەنمۇ بىر ئەر كىشىما؟ سەن نېمانداق بوشاڭ؟ ئۆتۈنۈپ قالاي، بالىلىرىمىز ئۈچۈن، ئىككىمىز ئۇلار بىلەن ئېلىشايلى!

ئىسمايىل بىرقانچە قېتىم ماشىنىنى توختاتماقچى بولۇۋىدى، ئۇ مەمەتنىڭ پىچىقى ئۇنىڭ بويىنىغا قادىلىپ ئاغرىتىۋەتكەچكە، ئۇ ئاخىر كۆزلىرى ياشلانغان ھالدا رولنى چىڭ تۇتۇپ، ماشىنىنى داۋاملىق ھەيدەشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ ھەسرىتىنى ئىچىگە يۇتۇپ چۈشەندۈرەتتى:

— كەچۈرۈڭ، لەيلى مۇئەللىم، مېنىڭمۇ ئامالىم يوق.

ياسىن ئاخىر لەيلىنىڭ ئاغزىنى سۈزۈك پلاستىر بىلەن يەملەپ، كۆزىنى قارا لاتا بىلەن تېڭىپ، ئىككى قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ باغلاپ تاشلىدى. تېخىمۇ ۋەھشىي بولغىنى ياسىن بىرقانچە مۇش ئۇرۇپ، لەيلىنى ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەتتى.

تاكسى ئىگەرچى يېزىسى تەرەپتىكى باياۋانغا قاراپ كېتىۋاتاتتى، ئىسمايىل ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ھوشىدىن كەتكەن لەيلىنى كۆرۈپ، كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بولدى. ھېلىلا يۈز بەرگەن ئىشلار خۇددى بىر قاباھەتلىك چۈشتەك ئۇنىڭ كاللىسىنى چىرمىۋالدى...

ئىسمايىل تۇرمۇشنى قەدىر ئەھۋال ئۆتكۈزۈۋاتقان ئاددىي بىر تاكسى شوپۇرى ئىدى. بۈگۈن ئەتىگەندە ئۇ ئادەتتىكىدەك تاكسىنى يۇيۇپ، تازىلاپ بولغاندىن كېيىن، دۇئا قىلىپ، بۈگۈن تەلىيىنىڭ ياخشى بولۇشىنى، يولۇچىنى كۆپرەك تۇشۇپ، پۇلنى كۆپ-

رەك تېپىشنى تىلىدى. ئاندىن ئۇ قەشقەرنىڭ چوڭ- كىچىك كوچىلىرىنى ئارىلاپ، يولۇچى توشۇدى. سائەت تەخمىنەن 12 بولغان چاغدا، يات ئىككى ئەر ئۇنىڭ ماشىنىسىنى توساپ چىقتۇال- دى. ئۇلار ماشىنىغا چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، بورىتا 9 م م لىق ناگان بىلەن پىچاقنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ، ماشىنىنى خىلۋەت بىر جايدا توختىتىشنى بۇيرۇدى.

ياسىن قورقۇپ كەتكىنىدىن غال - غال تىترەۋاتقان ئىسمايىل- غا:

— تاكسى شوپۇرىنىڭ كۆيدۈرۈپ كۆل قىلىۋېتىلگەن دېلونى ئاڭلىغانمىدىڭ؟ شۇ ئىشنى مانا مەن قىلغان! — دېدى.

گەپنىڭ بۇنداق باشلىنىشى ئىسمايىلنى قورقۇتۇپ ئالاقزادە قىلىۋەتتى. ئۇ:

— سىلەر نېمە قىلماقچىسىلەر؟ مېنىڭ سىلەر بىلەن ھېچ- قانداق ئۆچ - ئاداۋىتىم يوق تۇرسا؟ — دەپ سورىدى. ئۇ بۇ ئىككىسىنى ئۆزىنىڭ ماشىنىسى بىلەن پۇل بۇلايدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالغانىدى.

ياسىن زەھەر خەندىلىك بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— توغرا، بىزنىڭ سەن بىلەن ھېچقانداق ئۆچ - ئاداۋىتىمىز يوق. ئەپسۇسكى، بىر دوستىمىزنىڭ يەنە بىرسىدە ئۆچى باركەن. شۇنىڭ ئۈچۈن سېنىڭ ئازراق ياردىمىڭ زۆرۈر بوپقالدى. بولمىسا سەن چوڭ ئاۋارىچىلىككە ئۇچرايسەن.

— قانداق ياردەم قىلىمەن؟ مەن دېگەن بىر شوپۇر، قولۇم- دىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، — دېدى ئىسمايىل لاغىلداپ تىترەپ.

ئالداپ كېلىدىغان بالىنىڭ گۈلشەن ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئىسمايىل بۇ ئىشنى قىلىشقا زادىلا ئۇنىمىدى. چۈنكى ئۇ دېگەن قىزىنىڭ يېقىن دوستى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، لەيلى مۇئەللىم ئۇنىڭ قىزىغا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى. ياسىن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، مەمەتكە ئىشارەت قىلدى. شۇئان ئىككىيلەن ئىسمايىلنى بىرھازا دۇمبالىغاندىن كېيىن، ئەگەر گەپكە كۆنمىسە، ئىسمايىل- نىڭ خوتۇنى بىلەن قىزىنى ئۆلتۈرۈۋېتىمىز دەپ جار سالدى. ئىككى سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت قارشىلىق كۆرسەتكەندىن كېيىن،

ئىسمايىل ئاخىر مۇرەسسە قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ ياسىننى گۈلشەننى ئالداپ ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزى ۋە قىزىنى قويۇۋېتىشكە ھەمدە گۈلشەنگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەسلىككە قەسەم قىلغۇزدى. ياسىن ئۇنىڭ شەرتىگە ماقۇل بولدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئىسمايىل قىزىغا تېلېفون بېرىپ، كەپتەر مەيدانىغا «كىچىك يولۋاس ئەترىتىدىكىلەر» كېلىپ، ئوت يۈرەك ناخشا مەستانىلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشمەكچىكەن، دەپ يالغان ئېيتتى.

ئۇ كەپتەر مەيدانىغا يېقىن بىر دەرەخ تۈۋىدە قىزى بىلەن گۈلشەننىڭ كېلىشىنى ساقلىدى. «كىچىك يولۋاس ئەترىتى» ئىسمايىلنىڭ قىزى بىلەن گۈلشەننىڭ ياشلىق مەبۇدى ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇ باھانە بىلەن قىزى ۋە گۈلشەننى بىمالال دامغا چۈشۈرگىلى بولىدۇ دەپ جەزم قىلدى. دەرۋەقە، قىزى بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال ئۆيىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، كوچىدىكى بىر ئاممىۋى تېلېفوندا قىن ـ قىنىغا پاتمىغان خۇشاللىقى بىلەن گۈلشەنگە تېلېفون بەردى، ئىككىيلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ناھايىتى قىزىقسىنغان ھالدا، كەپتەر مەيدانى تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېتىشتى. ئۇلار كەپتەر مەيدانىغا ئاز قالغاندا، دەرۋەقە دەرەخ تۈۋىدە تۇرغان ئىسمايىلنىڭ تاكسىسىنى كۆردى. ئىككى قىزچاق قىلچە شۈبھىلەنمەستىن تاكسىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئىشىكنى ئەمدىلا ئېچىشىغا، بىرەيلەن ئۇلارنىڭ كۆزى ۋە ئاغزىنى ئېتىپ، ئۇلارنى ماشىنىنىڭ ئىچىگە سۆرەپ ئەكىردى. ئىسمايىل ئەھۋالنىڭ بۇنداق ئۆزگىرىپ كېتىشىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى. ئۇ قىزنىڭ ھاياتىنىڭ خەۋپ ـ خەتەرگە ئۇچرىشىدىن ھەممىدىن بەك ئەندىشە قىلاتتى. چۈنكى، ياسىنلار دادا ـ بالىنى دەرھال قويۇپ بېرىشكە ئەسلا ۋەدە قىلمىغانىدى. ئۇلار بۇنىڭ ئەكسىچە، قورال تەڭلەپ، ئۇنى ماشىنىنى بەلگىلەنگەن بىر جايغا ھەيدەپ بېرىشقا مەجبۇرلىدى.

ئىسمايىل تاكسىنى ھېلىقى جايغا ھەيدەپ بارغاندىن كېيىن، ئۇلار چوقۇم قىزىم بىلەن ئىككىمىزنى قويۇپ بېرىدۇ دەپ ئويلىدى. چۈنكى ئۇلارغا گۈلشەن كېرەك ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۇلارنىڭ

قولىدىن قۇتۇلۇپ چىققاندىن كېيىن، دەرھال ساقچىغا مەلۇم قىلماقچى بولدى. بىراق، ياسىن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاندەك، ھوشىدىن كەتكەن ئىككى قىزچاقنى باشقا بىر ماشىنىغا يۆتكىۋەتكەندىن كېيىن، يەنە ئىسمايىلغا ناگاننى تەڭلەپ:

— ئەگەر ھازىر مەن سېنى قويۇۋەتسەم، سەن جەزمەن ساقچى چاقىرىپ كېلىسەن. شۇڭا سەن يەنە مەن بىلەن مېڭىشىڭ كېرەك. ماڭا سېنىڭ ئاخىرقى بىر ياردىمىڭ لازىم، — دېدى.

ئىسمايىل قاراپ تۇرۇپ قىزىنى باشقىلارنىڭ ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كەيپى ئۇچتى - دە، جان تىكىپ قىزىنى قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولدى، بىراق قۇربى يەتمىدى.

ياسىن زەھەر خەندىلىك بىلەن ھۆركىرىدى:

— سەن قىزىڭنى ئۆيۈڭگە ئېلىپ كەتمەكچىمۇ؟ بولىدۇ، قېنى، ئىپادەڭگە قارايمىز.

شۇنىڭ بىلەن، ئۈمىدسىزلەنگەن ئىسمايىل يەنە ياسىننىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ گۇگۇم چۈشكەندە، لەيلى ئائىلىسىنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ، چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ، لەيلىنى ئالداپ تاكسىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى بۇ ئىككى ۋەھشىي ئەرنىڭ لەيلى ئانا - بالىنى، ئۆزى ۋە قىزىنى نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ كۆڭلىدە ئاللادىن تىلىدى:

ئاللا، بىزنى قۇتقازساڭچۇ!

## 2

چېن دامو كۆڭلىگە نۇرغۇن ئىشلارنى پۈككەنىدى. ئۇ ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، ئۆزى يالغۇز ماشىنىسىنى ھەيدەپ، بىر قېتىم شىرئەلىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇنىڭ تەھلىل قىلىشىچە، بارلىق تۇغقانلار لەيلى ئانا - بالىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمىگەنىكەن، ئۇ ھالدا لەيلى ئانا - بالىنىڭ غايىب بولۇشىدىكى سەۋەبنى ئاددىي چاغلىغىلى بولمايدۇ. ئۇ شىرئەلىنى يادىغا كەلتۈردى، ئەجەبا، شىرئەلى ئۆزىنى تەكشۈرۈۋاتقان ئادەم بارلىقىنى ئالدىن بىلىۋالغاچقا، بۇ ئۇنىڭ قوللانغان ئۆچ ئېلىش ھەرىكىتىمىدۇ؟

ئەگەر بۇ ئەقلىي يەكۈن توغرا بولسا، ئۇ ھالدا بۇ، بىرىنچىدىن، شىر ئەلىنىڭ ھەقىقەتەن جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىكەنلىكى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى بىلمىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

چىن دامو ئىككىنچى قېتىم پەيدا بولغان چاغدا، شىر ئەلىنىڭ ئاكىسى خەمىت دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى كۈتۈۋالدى؛ ئۇنىڭ قولىدا تاماكا تۇرسىمۇ، ئۇ خوتۇنىغا:

— تاماكا قەيەردە؟ دەرھال مېھماننى كۈت، — دېدى. بۇ تەپسىلاتلارنى چىن دامو نەزەردىن ساقىت قىلمىدى.

چىن دامو ئۆيگە كىرىپ تۇزۇت قىلمايلا، ئۇدۇل كاڭغا چىقىپ ئولتۇردى. ئۇ خەمىتكە ئۆزىنىڭ تاماكىسى بارلىقىنى بىلدۈرۈپ ئىشارەت قىلغاندىن كېيىن، گەپ - سۆز قىلماي، تاماكىسىنى تۇتاشتۇردى.

خەمىت خوتۇنىغا چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلىپ، ئۆزى ئېھتىياتچانلىق بىلەن چىن دامونىڭ قېشىدا ئولتۇردى. بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى، ئىنىسى بىر قىز ئوقۇغۇچىنى ئالداپ باسقۇنچىلىق قىلغاندىن كېيىن، مۇشۇ ساقچى كۆپ قېتىم ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنى - بۇنى سورىغاچقا، خەمىتنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى قورقۇنچقا تولغانىدى. بىرقانچە كۈن ئىلگىرى، بۇ ساقچى يەنە ئۇشتۇمتۇت كېلىپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، دەل شۇ كۈنى، شىر ئەلى يوقاپ كېتىپ ئون يىلچە ۋاقىتتىن كېيىن، ئاكىسىنى يوقلاپ، بىرىنچى قېتىم ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلگەنىدى. ئۇ ئاكىسىغا قېلىن ئىككى باغلام پۇلنى بەرگەندىن كېيىن، ئىككىسى ئەمدىلا مۇڭداشقىلى باشلىغاندا، ئويلىمىغان يەردىن بىرسى كېلىپ ئىشىكنى چەكتى. شىر ئەلى دەرھال ئىچكەركى ئۆيگە كىرىۋېلىپ، ئەھۋالنى كۆزەتتى. ئۇ ھويلىدىكى ئادەمنىڭ چىن دامو ئىكەنلىكىگە جەزم قىلغاندىن كېيىن، غەزەپلەنگىنىدىن «ھارامدىن بولغان...» دەپ تىللاپ، ئالدىراپ - تېنەپ ئارقا ھويلىدىن قېچىپ كەتتى.

بۇ ساقچىنىڭ كېچىلەپ كېلىشىدە جەزمەن ئۇنىڭ ئىنىسىنى نىشانلاۋاتقانلىقى خەمىتنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى.

چېن دامو چىرايىنى ئۆزگەرتمەستىن:

— شىرئەلى قايتىپ كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

خەمىت بۇ گەپنى ئاڭلاپ، يەنە قورقۇپ ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. ئۇ ئەسلىدە خوتۇنىنى ئۆيدىن مەقسەتلىك چىقىرىۋەتكەنىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ يەنە خوتۇنىغا ۋارقىراپ:

— سەن ئۇكامنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆردۈڭمۇ؟ مەن ئەجەب بىلمەيدىكەنمەنغۇ؟ — دېدى.

چېن دامو ئۇنىڭغا سوغۇققىنا قاراپ قويۇپ:

— ئولتۇر، بىز پاراڭلىشايلى، — دېدى.

خەمىت يەنە قايتىلاپ:

— ئۇكام راستتىنلا قايتىپ كەلمىدى، — دېدى.

چېن دامو سوغۇق تەلەپپۇزدا:

— سەن بۇنداق ئىش يوق دەۋاتىسەن. مەن بار دەۋاتىمەن. بۇ يەردە بىرئاز مەسىلە بارغۇ دەيمەن، — دېدى.

خەمىت گەپنى باشقا ياققا بۇرىماقچى بولدى:

— مەن ئۆزۈمنىڭ بىر ئۇكام بارلىقىنى ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ كەتتىم.

چېن دامو تۇيۇقسىز تاپ بېسىپ سورىدى:

— ئېسىمدە قېلىشىچە، ئاتا - ئاناڭ بالدۇرلا تۈگەپ كەتكەچكە، سىلەر ئاكا - ئۇكا بىر - بىرىڭلارغا تايىنىپ ياشاپ كەلگەنغۇ دەيمەن، توغرىمۇ؟

خەمىت ئېچىنغاندەك قىلىپ:

— مەن ئۇكامنى بىر قوللۇق بېقىپ چوڭ قىلدىم. بىزنىڭ ئاكا - ئۇكىلىق مېھرىمىز ناھايىتى چوڭقۇر، — دېدى.

چېن دامو ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:

— سېنىڭ ئاكا بولمىغىنىڭمۇ ناھايىتى تەسكە توختىدى، — دېدى.

خەمىتنىڭ كۆزلىرى نەملەندى:

— ئۇكام كىچىكىدىن ناھايىتى ئەقىللىق ئىدى، — دېدى ئۇ.

چېن دامو قايتۇرۇپ سورىدى:

— ئۇ قاچاندىن تارتىپ ئەقىلسىز بولۇپ قالدى؟
خەمىت ئۇكىسىنى ئاقلاپ:
— ئۇ ھېلىقى ئوقۇغۇچى قىزغا قەستەن باسقۇنچىلىق قىلغىنى يوق، — دېدى.
— سەن بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇن شۇنداق دېگەنتىڭ، نېمە ئۈچۈن ئىككىنلىكىنى ماڭا دەپ بېرەلمەسەن؟ — دېدى چېن دامو ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ.
— ئۇكامغا مەن زىيانكەشلىك قىلدىم، ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۇنى قويۇپ بەرگىن، سەن ئۇنى بىر قېتىم خانۇ ۋەيران قىلدىڭ، ئەمدى ئۇنىڭغا يەنە ئۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ، — دېدى خەمىت ئۆكۈنگەن ھالدا.
چېن دامو قەتئىيلىك بىلەن ئۇنىڭغا:
— مەن قانۇن بويىچە ئىش كۆرىمەن. ئۇ ئۆز - ئۆزىنى ۋەيران قىلدى، — دېدى.
— ئۇكام بەك بىچارە، ئۆيى بولسىمۇ كېلەلمەيدۇ، — دېدى خەمىت.
چېن دامو خەمىتنى كۆزەتكەچ:
— ئۇنىڭدا ئۆزگىرىش كۆپمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇنقى ئۇكام ئۆلدى، — دېدى خەمىت خورسىنىپ.
چېن دامو تۇيۇقسىز:
— ئۇ ھازىر قەيەردە؟ — دەپ سورىدى.
خەمىت ئۆزىنىڭ گەپتە چاندۇرۇپ قويغانلىقىنى بىلىپ، ئالدىراپ:
— بىلمەيمەن، — دېدى.
— ئۇ ساڭا بەرگەن يىگىرمە مىڭ كوينى خەجلىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى چېن دامو.
خەمىت چۆچۈپ كېتىپ:
— ئۇ ماڭا پۇل بەرمىدى. ئۇ دېگەن ئۆزۈم تىجارەت قىلىپ تاپقان پۇل، ئىشەنمىسەڭ خوتۇنۇمدىن سوراپ باق! — دېدى.
— ئېھتىيات قىل، كېلىش مەنبەسى ئېنىق بولمىغان پۇلنى

خەجلىسەڭ قولۇڭ كۆيىدۇ، — دېدى چېن دامو ئۇنى ئاگاھلاندۇ-
رۇپ.

بۇ كېچە چېن دامو قۇرۇق قول قايتىپ كەلدى. ئەمما ئۇنىڭ
كۆڭلىگە ھەممە ئىش ئايان بولدى: شىرئەلى ھەقىقەتەن ئۆيىگە
قايتىپ كەلگەن، دېمەك ئۇنىڭ شىرئەلىدىن گۇمان قىلىشى ئورۇن-
لۇق. لەيلى ئانا - بالىنىڭ تېخىچە ئىز - دېرىكى يوقلۇقىنى
ئويلاپ، چېن دامونىڭ يۈرىكى پۇچىلاندى. ئەمما بىر نۇقتا ئۇنى
خاتىرجەم قىلاتتى: ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۆتۈپ كەتتى، جەنۇبىي
شىنجاڭدا لەيلى ئانا - بالىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدا ھېچ-
قانداق خەۋەر تارقالغىنى يوق؛ بۇ ھال شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى:
بىرىنچى، لەيلى ئانا - بالا ئېھتىمال باشقىلار تەرىپىدىن تۇتۇپ
كېتىلگەن، ئىككىنچى، سىياسىي سەۋەب بار.

ۋاڭ لۇ بىلەن ئەلى يېزىلارغا يۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن،
ئاندىن چېن دامو بۇ ئىشنى جۇڭ چېڭغا دوكلات قىلدى ھەمدە
ئۆزىنىڭ شىرئەلىدىن گۇمان قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

جۇڭ چېڭ بۇ گەپنى ئاڭلاش بىلەن قايناپ كەتتى، ئۇ چېن
دامونىڭ بۇرنىغا نوقۇپ تۇرۇپ:

— سەن، ئەجەب چىداپ تۇرالايدىكەنسە - ھە، — دېدى.

چېن دامو سورىدى:

— چىداپ تۇرالمىسام قانداق قىلىمەن؟ دۈشمەن يوشۇرۇن،
مەن ئاشكارا تۇرسام، — دېدى.

جۇڭ چېڭ تىت - تىت بولۇپ:

— بىرەر يىپ ئۇچىنى تاپتىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدىم، بىر تاكسى شوپۇرى بىلەن
ئۇنىڭ قىزىمۇ بىرلا ۋاقىتتا غايىب بوپتۇ. ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ
ھېچقايسىسىنىڭ ئىز - دېرىكى يوق. ئۇ شوپۇرنىڭ قىزى گۈلشەن-
نىڭ ساۋاقدىشى ئىكەن، — دېدى چېن دامو.

جۇڭ چېڭ كەسكىن ھالدا:

— غەلىتە ئىشقۇ، لەيلىنىڭ بىرەرسىنى رەنجىتىپ قويغانلى-
قىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ — دېدى.

چېن دامو ئىشەنچ بىلەن:

— لەيلىنىڭ كۆڭلى تۈز، بەلكىم باشقىلارنى خاپا قىلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن، مىجەزى باشقا ئاياللارغا قارىغاندا چۇسراق. ئەمما خەق بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالغۇدەك دەرىجىدە ئەمەس، — دېدى.

جۇڭ چېڭ بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ:

— بۇ ئىش ساڭا قارىتىلغانمۇ - قانداق؟ — دەپ سورىدى.

چېن دامو بېشىنى لىڭشىتىپ:

— مەنمۇ شۇنداق ئويلاۋاتىمەن، — دېدى.

جۇڭ چېڭ ئۇلۇغ - كىچىك بىر تىنىۋالغاندىن كېيىن:

— ئەگەر شۇنداق بولسا، بۇ ئاددىي ئىش ئەمەس. دۈشمەن زادى نېمە قىلماقچى؟ — دەپ سورىدى.

ئىككىيلەن تەھلىل قىلىشىۋاتقاندا، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى مەتىمىن ناھايىتى سۇرلۇك قىياپەتتە كىرىپ كەلدى - دە:

— باشلىق، بىزگە ئاۋارىچىلىك تۇغۇلدى. بايا بىر دېھقاننىڭ ساقچىغا ئەھۋال مەلۇم قىلىپ ئېيتىشىچە، ئۇ يەكەن دەرياسىدىكى قومۇشلۇقتا بېشى كېسىپ ئېلىنغان بىر جەسەتنىڭ لەيلەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ، — دېدى.

— بېشى يوق جەسەتما؟ — چۆچۈپ سورىدى چېن دامو.

جۇڭ چېڭ سالماقلىق بىلەن:

— سەن قانداق قارايسەن؟ — دەپ سورىدى.

مەتىمىن ئۆكۈنگەن هالدا:

— ئۆمەر تۈنۈگۈن كەچتە تۇيۇقسىز بىزنىڭ نەزەر دائىرىمىزدىن غايىب بولدى، — دېدى.

— ئۆمەرنى دەۋاتامسەن؟ — دەپ سورىدى جۇڭ چېڭ چۆچۈپ.

مەتىمىن بېشىنى لىڭشىتىپ:

— تۈنۈگۈن چۈشتىن ئىلگىرى، ئۆمەر يالقۇنغا: ئۇچراشماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئاكتىپ ئالاقىلىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقى جايدا كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى جىددىي ئۇقتۇرۇپتىكەن. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆمەر بىلەن تېررورلۇققا قارشى ئىككىنچى ئەترەتنى باشلاپ، ئۇلار ئۇچراشماقچى بولغان

جايغا يېتىپ باردىم. بىراق يېرىم كۈن ساقلىساقمۇ، ھېچكىم كۆرۈنمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئىشنى يىغىپ قايتىپ كەلدۇق. مەن ئۆمەرگە قايتىپ بېرىپ ئارام ئېلىشنى، قانداق ئەھۋال بولسا، دەرھال دوكلات قىلىشنى تاپىلىدىم. مېنىڭ تەھلىل قىلىشىمچە، بىز ئۇلار ئۇچرىشىدىغان جايغا ئاتلانغان چاغدا، قارشى تەرەپ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆمەرنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا ساقلاپ تۇرغان. ئۆمەر ئۆيىنىڭ ئالدىدا تۇتۇپ كېتىلگەن بولۇشى كېرەك، — دېدى.

جۇڭ چېڭ تىت - تىت بولۇپ:

— سىلەر ئۆمەرنى ئىزچىل كونترول قىلىپ تۇرغان ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، كۆزىتىش ئەسۋابىنىڭ ئىچىدە ئىزچىل سۈرەت بار ئىدى، بىراق، كېيىن نېمە ئۈچۈندۇر، كۆرۈنمەي قالدى. پەرىزىمچە، دۈشمەنلەر ئۇنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇپ، ئۇنىڭ كىيىمىدىكى تەكشۈرۈش ئۈچىنى تېپىۋېلىپ، پاچاقلاپ تاشلىغان بولسا كېرەك. بۇ دۈشمەننىڭ نەقەدەر ھوشيارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، — دېدى مەمتىمىن ئۇلاپلا.

— دەرھال جەسەت مەنبەسىنى ئېنىقلاڭلار، — دېدى جۇڭ چېڭ.

مەمتىمىن قەتئىيلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ:

— مەن ھازىرلا ئورۇنلاشتۇرىمەن، — دېدى.

— باشلىق، مەن ئىز تېپىش تېخنىكىسىنى ئىشلەپ كۆرگەن. بۇ دېلوغا مەن چىقاي، — دېدى چېن دامو.

— بىراق، لەيلىنىڭ تېخىچە ئىز - دېرىكى بولمىسا؟ — دېدى جۇڭ چېڭ، چېن دامو كۆڭلىنى بىر ئاز توختىتىۋالغاندىن كېيىن:

— ئالدىرىغان بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، بەلكىم بۇ ئىككى ئىش بىر - بىرىگە زىت بولماسلىقى مۇمكىن. ئېھتىمال ئىككى ئىشنى بىر گۇرۇھ ئادەم قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. باياتىن كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشتى، جەسەت ئايال كىشىنىڭ بولمىسىلا، بۇ لەيلى ئانا - بالىنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇڭا،

ئۇلارنىڭ تېپىلىشىدىن ئۈمىد بار، — دېدى.

## 3

ۋاڭ لۇ بىلەن ئەلى قاتناشقان، يېزىلارغا چۈشۈپ تەشۋىقات ئېلىپ بارىدىغان تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدا جەمئىي يىگىرمە ئادەم بولۇپ، ج خ، تەپتىش، سوت قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئادەملىرى تولۇق ئىدى. بۇ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى يەنە تۆت كىچىك گۇرۇپپىغا بۆلۈندى. ئۇ ئىككىسى يەنە باشقا ئۈچ نەپەر ئەزا بىلەن 1 - گۇرۇپپا بولۇپ، بوستان شەھىرىگە قاراشلىق ئىگەرچى يېزىسىغا كەلدى. بۇ گۇرۇپپىدىكى ئەزالارنىڭ ئاكتىپچان-لىقى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. بىرىنچى كۈنىلا ئۇلار «ئىدېئولوگ-يە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش بويىچە قايتا تەربىيە كۇرسى» غا بىرىنچى تۈركۈمدە 30 نەپەر ئاممىنى تەشكىللەپ بول-دى. گۇرۇپپا ئەزالىرى نۆۋەت بىلەن دەرس ئۆتتى، ۋاڭ لۇ بىرىنچى بولۇپ مۇنبەرگە چىقتى، ئۇ سۆزلىگەن دەرسنىڭ مەزمۇنى «بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش بويىچە قايتا تەربىيىدىكى تونۇش مەسىلىسى توغرىسىدا» بولۇپ، ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا بۇ ئون يىلدىن بۇيان يۈز بەرگەن زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلولىرىنى مىسال كەلتۈرۈپ، ئېچىپ سۆزلىگەچكە، ئۆتكەن دەرسى جانلىق ھەم قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولدى.

ئۇدا ئۈچ كۈن دەرس سۆزلەش جەريانىدا، ۋاڭ لۇ بىر مەسە-لىنى؛ يەنى دەرس ئاڭلىغىلى كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە ياشلار ئاز، ياشانغانلار كۆپ ئىكەنلىكىنى سەزدى. بۇ قانداق ئىش؟ ياشلار نەگە كەتتى؟ دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن، ۋاڭ لۇ ئەلىنى ئېلىپ ساقچىخانىغا كەلدى. ئۇ ھامان يېزىغا چۈشكەندىن كېيىن، ئىگەر-چى يېزىسىدىكى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يۈز بەرگەن زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلولىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىرمۇ بىر خاتىرىگە ئېلىپ رەتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىگەرچى يېزىسىدىكى ياشلارنىڭ ئەھ-ۋالىنىمۇ ئىگىلەش قارارىغا كەلگەنىدى. ئۇلار ساقچىخانىغا كىرى-شى بىلەن ساقچىخانا باشلىقى ئەركىن ئۇلارغا: يېزىلىق پارتكوم-

ىنىڭ شۇجىسى قۇرباندىن تېلېفون كەلگەنلىكى، بۇ ئىككى ساقچىـ
ىنى ئۆز ئۆيىگە كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى
ئۇقتۇردى.

بۇ قېتىم يېزىغا چۈشكەندە، ۋاڭ لۇ قول كومپيۇتېرى بىلەن
ياندا ئېلىپ يۈرىدىغان ماشىنىكىنى ئېلىۋالغانىدى. ساقچىخانىدا،
ئەلى ۋاڭ لۇغا ياردەملىشىپ، ئارخىپ ماتېرىياللارنى تەكشۈردى،
ۋاڭ لۇ ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى كومپيۇتېرغا خاتىرىلىدى. ساقـ
چىخانا باشلىقى ئىش بىلەن سىرتقا چىقماقچى بولۇپ، ماڭىدىغان
چاغدا، ئۇلارغا كەچ سائەت سەككىزدىن ئىلگىرى قۇربان شۇجىنىڭ
ئۆيىدە جەم بولۇشنى ئۇقتۇردى.

يەنە بىر مەھەل ئالدىراشلىقتىن كېيىن، ئەلى ۋاڭ لۇنى
نوقۇپ:

— ئىشنى يىغايلى، تاماق يەيدىغان ۋاخ بولدى، — دېدى.

ئىككىيلەن پىيادە قۇربان شۇجىنىڭ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى.
ئۇلار مەنزىرىلىك ساياھەت نۇقتىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، يېزا
ئويۇن قويۇش ئەترىتىنىڭ ساياھەتچىلەرگە مىللىيچە ئۇسسۇل ئويـ
ناپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئەلى مۇزىكىنى ئاڭلاش بىلەن،
پۇت ـ قوللىرىنى ئوينىتىپ، ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ۋاڭ
لۇنى تارتىپ، ئاۋۋال بىر ئاز ئويۇن كۆرۈپ، ئاندىن قۇربان شۇجىـ
ىنىڭ ئۆيىگە تاماق يېگىلى بارايلى دەپ تۇرۇۋالدى. ۋاڭ لۇ ئۇنى
رەت قىلالماي، ئىككىيلەن ئۇزۇم بارىڭى تەرەپكە باردى.

ئىگەرچى يېزىسىدا داڭلىق بىر قۇدۇق بولۇپ، بۇنىڭدىن ئون
يىل ئىلگىرى بىر ئارخېئولوگىيە خادىمى لايىھىلىنىشى مۇۋاپىق
ھەم ئىلمىي، پاكىز بولغان بۇ قۇدۇقنىڭ ئىگەرچى يېزىسىنىڭ
خەلقىنى ئىككى مىڭ يىلدىن بېرى بېقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھەيرانـ
لىق ئىچىدە بايقىغان. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئىگەرچى يېزىسىدا
يۈز ياشقىچە ياشىغانلارنىڭ نىسبىتى شىنجاڭ بويىچە بىرىنچى ئوـ
رۇندا تۇرىدىكەن. ئارخېئولوگىيە خادىمىنىڭ بۇ تاسادىپىي بايقىشى
جامائەتكە ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، ئىگەرچى يېزىسىنىڭ بىر كېـ
چىدىلا نامى چىقىپ، ھۆكۈمەت بۇ قۇدۇقنىڭ يوشۇرۇن ساياھەت
بايلىقىنى ئېچىش قارارىغا كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن، ئىگەرچى يېزىـ

سى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەشھۇر مەنزىرىلىك ساياھەت نۇقتىلىرىنىڭ بىرى قىلىپ بەلگىلەنگەن، مەنزىرىلىك ساياھەت نۇقتىسىنى ئېچىشقا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئىگەرچى يېزىسىدا بىر مىللىي ناخشا ـ ئۇسسۇل ئەترىتى قۇرۇلۇپ، كۈندە ساياھەتچىلەرگە ئويۇن قويۇپ بېرىدىكەن.

بۇ كۈنى كۆكۈم چۈشكەندە، مەنزىرىلىك ساياھەت نۇقتىسىدىكى ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا، سېمىز، قىزىل يۈزلۈك، ئوتتۇرا ياشلىق بىر سازەندە تازا كۆچ بىلەن داپ چېلىۋاتاتتى. سەھنىدە، گۈزەل ئۇيغۇر قىزى پەرىدە رىتىملىق مۇزىكىغا ئەگىشىپ، كۆچلۈك ھېسسىياتى بىلەن شوخ «قىزىلگۈل» يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇلىنى ئويناۋاتاتتى.

سەھنە ئالدىدىكى ساياھەتچىلەر پەرىدەنىڭ يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇلىنى زور قىزىقىش بىلەن ھۇزۇرلىنىپ كۆرۈۋاتاتتى. پەرىدەدىكى گۈزەللىك بىر خىل ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، ئوچۇق، قىزغىن ۋە ھېسسىياتقا باي گۈزەللىك ئىدى. ئەلى خۇشاللىقىدىن ۋاڭ لۇغا:

— قارىغىنا، سەھنىدىكى بۇ قىز مېنىڭ كەلگۈسىدىكى خوتۇنۇم بولىدۇ، — دېدى.

ۋاڭ لۇ ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويۇپ:

— سەن ئۆزۈڭنى بېسىۋال، خەق سېنى يارىتامدۇ؟ — دېدى.

— مەن چاقچاق قىلمىدىم، راست دەۋاتىمەن. قارا، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىزنىڭ بويى ھەقىقەتەن چىرايلىق ـ ھە! — دېدى ئەلى ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىزدىن كۆزىنى ئۈزمەي.

پەرىدە سەھنىدە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى، ئارىلاپ سەھنە ئالدىدىكى تاماشىبىنلارغا لەپپىدە قاراپ قوياتتى. تاماشىبىنلار ئارىسىدا ئەلىمۇ بار ئىدى. ئەلى ئۇ قىزنى ئۆزىگە دىققەت قىلىۋاتقان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي، ۋاڭ لۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— قارا، مەن نەگىلا بارسام، شۇ يەردىكى قىزلار ماڭا

ئامراق بولۇپ قالدۇ. سەھنىدە ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ماۋۇ قىزنى قارا! قارا، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى!

ۋاڭ لۇ پىسەنت قىلمىغاندەك:

— مېنىڭچە، ئۇنىڭ نەزىرىدە سەن يوق، — دېدى.

پەرىدەنىڭ يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇلى ئاخىرلاشتى. سەھنە ئالدىدىكى ساياھەتچىلەر ھۆرمەت بىلدۈرۈپ چاۋاك چالدى، ئەلى چاۋاكنىڭ تازا قىزغىن ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ كۈچىنىڭ بارىچە چاۋاك ئۇرۇشقا باشلىۋىدى، پۈتۈن مەيداندىكى ساياھەتچىلەرمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چاۋاك چال- دى. پەرىدە ئەدەپ بىلەن ساياھەتچىلەرگە سالام بەردى، ئەلىگىمۇ ئالاھىدە مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

ساياھەتچىلەر قىزغىن پاراڭ بىلەن قايتىشتى، ئەلى پەرىدە- نىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ، سۆزلەپ كەتتى:

— ھەي، سىز يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇلنى بەك ياخشى ئويىندىڭىز، مېنىڭ ئىسمىم ئەلى، سىزنىڭ ئىسمىڭىز نېمە؟

قىز بوش ئاۋازدا جاۋاب بەردى:

— پەرىدە.

— پەرىدە؟ پەرىدە؟ مەن سىزنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەن، پەرىدە، سىز بەك چىرايلىقكەنسىز، سىز بىلەن تونۇش- قىنىمىغا ئىنتايىن خۇشالمەن، — ئەلىنىڭ پۇت - قوللىرى جانلىنىپ، توختىماي مىدىرلايتتى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ راستىنىلا ئېتىلىپ بېرىپ، بۇ گۈزەل قىزنى قۇچاقلىغۇسى كەلدى. ئۇنىڭ خىيالى شۇقەدەر لەززەتلىك ھەم پاك ئىدىكى، ئۇنىڭدا ھەقىقەتەن باشقىچە غەرەز يوق ئىدى. بىراق، ئۇ بۇ قىز بىلەن يەنە كۆرۈشە- لىدىغان پۇرسەتتىن مەھرۇم قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، قاراملىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

ئەلى تامىقىنى قىرىپ قويۇپ، ھۆكۈمەت ئىشىنى بېجىرىۋات- قاندەك قىياپەتتە:

— مەن جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ ساقچىسى. خىزمەت گۇرۇپپىسى بىلەن بىرگە يېزىغا تەشۋىقات قىلغىلى چۈشكەندىم. ئاللانىڭ سىز بىلەن مېنى ئۇچراشتۇرغىنىغا رەھمەت! ئۆيىڭىز نە-

دە؟ ماڭا دەپ بەرسىڭىز قانداق؟ — دەپ سورىدى.
ئويلىمىغان يەردىن پەرىدەنىڭ ھوشيارلىقى ئۈستۈن كەلدى ـ دە، ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ:
— ئۇنى سوراپ نېمە قىلىسىز؟ — دېدى.
ئەلى دەرھال ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى: ـ
— ھەي، مەن سىزنى تۇنجى كۆرۈپلا، ياخشى كۆرۈپ قالـ ـدىم.
پەرىدەنىڭ چىرايى دەرھال ئۆڭدى، ئۇ قەتئىي تەلەپپۇزدا ئەلىنى ئەيىبلەپ:
— سىزدەكمۇ ساقچى بولامدۇ؟ — دېدى.
ئەلى يەنە گەپ قىلىشقا تەمشىلىۋىدى، پەرىدە دەس تۇرۇپ كېتىپ قالدى.
ۋاڭ لۇ ئەلىنى تارتىپ:
— ھوشۇڭنى تاپتىڭمۇ؟ يۈز تاماق يېگىلى چىقايلى، — دېدى.
ۋاڭ لۇ بىر چەتتە ئاغزىنى قىيسايتىپ كولۇپ تۇراتتى، ئەلى كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ۋاڭ لۇغا كايىشقا باشلىدى:
— قاراپ تۇرۇپ ئۇنى كەتكۈزۈپ قويدۇم، سەن نېمىشقا ياردەم قىلمايسەن؟ ساڭا دەپ قوياي، بايا مەن ئۇنىڭغا راست گەپنى قىلدىم. مەن ھەقىقەتەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم.
ئەلىنىڭ كۆڭلى تىنمىدى بولغاي، ئۇ يەنە يۈگۈرۈپ ئويۇن قويۇش ئەترىتى باشلىقىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئاۋۋال ئۇنىڭغا بىر تال تاماكا تۇتتى، ئارقىدىنلا ئۇنىڭدىن پەرىدەنىڭ ئەھۋالىنى سۈـ رۈشتۈردى. ئەترەت باشلىقى ئۇنىڭغا، پەرىدەنىڭ ئىگەرچى يېزىـ سىدىكى ئەڭ چىرايلىق، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق قىز ئىكەنلىكى، ھازىر تېخى بىرەر لايىق تاپمىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.
ئەلى ئەترەت باشلىقىغا نۇرغۇن رەھمەت ـ ھەشقالللا ئېيتقانـ ـدىن كېيىن، ۋاڭ لۇنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىپ، ئاغزىنى ئۇزاقـ قىچە ئۆمەللەپ تۇرۇپ، ئاندىن:
— چاتاق بولدى، مەن ئۇنى بىر كۆرۈپلا ئاشىق بولۇپ قالدىم، ئەمدى ئۆزۈمنى توختىتالمايمەن. مېنىڭ مۇھەببىتىم بار

بولدى، — دېدى.

يول بويى، ئەلى لەززەت بىلەن ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ ماڭ-دى:

— نېمىدېگەن چىرايلىق - ھە! ھەقىقەتەن بەك چىرايلىق.

ئۇ پۇت - قوللىرىنى ئوينىتىپ، پەرىدەنىڭ ھەرىكەتلىرىنى دورىدى، ئاغزىدا «قىزىلگۇل» نىڭ مۇزىكىسىغا غىڭشىپ، ئايرى-لىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا، ھەر قەدەمدە كەينىگە نەچچە قاراپ، مېڭىپ كەتتى.

## 4

ساقچىخانا باشلىقى ئەركىن قۇربان شۇجىنىڭ ئىشكى ئالدىدا ۋاڭ لۇ بىلەن ئەلىنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇراتتى. ئەركىن ۋاڭ لۇدىن:

— نېمە ئۈچۈن قۇربان شۇجىنىڭ قىزغىنلىق بىلەن سىلەر-نى مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلغانلىقىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سو-رىدى.

— سەۋەب ئېنىق ئەمەس، — ۋاڭ لۇ راست گەپنى قىلدى.

ئەركىن بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، قۇر-بان شۇجى بىلەن ئىدارە باشلىقى جۇڭ چېڭ ئېغىر كۈنلەرنى بىللە باشتىن كەچۈرگەن دوستلار ئىكەن، ۋاڭ لۇ بىلەن ئەلى بولسا جۇڭ چېڭنىڭ قول ئاستىدىكىلەر، شۇڭا قۇربان شۇجى ئۇلارنى كۆرۈپ، خۇددى جۇڭ چېڭنى كۆرگەندەك بولغاچقا، ئۇلارنى قان-داقمۇ قىزغىن كۈتمەي تۇرالىسۇن؟ ئەركىننىڭ دېيىشىچە، بۇنىڭ-دىن 20 يىل ئىلگىرى، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ 4 - يىللىقىدا ئوقۇۋات-قان جۇڭ چېڭ 12 نەپەر ساۋاقدىشى بىلەن بىللە ئىلىدىكى بىر ئورمانچىلىق مەيدانىغا پراكتىكىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ يەردە كۈندە مىڭ-دىن ئارتۇق دەرەخ كېسىلىپ، تاغ باغرىغا دۆۋىلىنىدىكەن، ئورمان كەسكۈچى ئىشچىلار دائىم ئەڭ ئاستىدىكى بىر تال ياغاچنى تارتى-ۋەتسىلا، قالغان ياغاچنىڭ ھەممىسى بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە، ياغاچ مەيدانىغا چۈشىدىكەن، ئارقىدىن بۇ ياغاچلار تاغ ئېتىكىدىكى

ئورمانچىلىق مەيدانىغا توشۇلىدىكەن. ياش جۇڭ چېڭ تۇرمۇشتا بەكمۇ ھېرىسمەن ئىكەن. ئۇ ئۆزىدىن ئون نەچچە ياش چوڭ ساقچىدخانىنىڭ ساقچىسى قۇربان بىلەن قەدىناس دىلكەش دوستلاردىن بولۇپ قاپتۇ. ئۇ چاغدا، جۇڭ چېڭنىڭ ئارزۇسى ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇپ، ئارقىدىن بېيجىڭغا بېرىپ ئۇزاقتىن كۆڭلىگە پۈككەن ئۇلۇغۋار ئىشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىكەن. ئەمما قۇربان ناھايىتى ئاددىيلا قىلىپ، ئارزۇيۇم بىر ياخشى ساقچى بولۇش دەيدىكەن. ئۇ يەنە، سىلەردەك بىلىمى بارلار كەتمەڭلار، ھامان بۇ يەردە قېلىپ چېگرا رايوننى قوغدايدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك ـ دە! دەيدىكەن. بىراق، جۇڭ چېڭنىڭ پراكتىكىسى ئاخىرلاشقان كۈنى كۈتۈلمىگەن ۋەقە يۈز بېرىپتۇ. جۇڭ چېڭ قۇربان بىلەن تاغنىڭ يانباغرىدا پاراڭلىشىپ تۇرغاندا، ياغاچ قويۇپ بېرىۋاتقان بىر ئۈنۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىسى ئېھتىيات قىلماي، بىر تال ياغاچنى بوشىتىپ قويۇپتىكەن، ھەش ـ پەش دېگۈچە مىڭدىن ئارتۇق ياغاچ تاغدىن گۈلدۈرلەپ چۈشۈشكە باشلاپتۇ، ياغاچلارنىڭ جۇڭ چېڭ بىلەن قۇرباننى بېسىپ كېتىشى مانا مەن دەپ كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغانىكەن. دەل مۇشۇ ھايات ـ ماماتلىق پەيتتە، قۇربان بىر ۋارقىراپ، جۇڭ چېڭنى نەچچە مېتىر يىراققا ئىتتىرىۋېتىپ، ئۆزى ئەمدىلا ئادەم كۆمۈلگەن بىر خەندەككە سەكرەپ كىرىۋاپتۇ. جۇڭ چېڭ ھەيران قالارلىق كۆرۈنۈشنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپتۇ: مىڭدىن ئارتۇق ياغاچ قۇرباننى بېسىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئەنە شۇ دەقىقىدە، جۇڭ چېڭ ساقچى، قەھرىمان دېگەن قانداق بولىدىغانلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلىپ يېتىپتۇ. مىڭدىن ئارتۇق ياغاچ دومىلاپ، تاغ ئېتىكىدىكى ئورمانچىلىق مەيدانىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ساقچى قۇربان خەتەردىن ئامان قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بېلى ۋە ئوڭ پۇتىنى ياغاچ بېسىپ سۇندۇرۇۋېتىپتۇ. قۇربان دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن، تەشكىل ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىپ، ئۇنى جەنۇبىي شىنجاڭغا قايتۇرۇپتۇ. ئۇ دەسلەپتە ئىگەرچى يېزىسىنىڭ سىياسىي ـ قانۇن خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلەپتۇ، بىرقانچە يىلدىن كېيىن، ئۆسۈپ يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى بوپتۇ.

بۇ ئىش جۇڭ چېگىغا ئىنتايىن قاتتىق تەسىر قىلغاچقا، ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭغا بې-رىپ، ئىشنى ئاددىي خەلق ساقچىسى بولۇشتىن باشلاشقا ئىرادە باغلاپتۇ.

ئادەمنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ، ۋاڭ لۇمۇ ئىنتايىن تەسىرلەندى. ئۇ ھاياجان ئىچىدە، جۇڭ چېگ-نىڭ ئەينى يىللىرى بۇ يولنى تاللىشىدىكى سەۋەب مۇشۇ ئىكەن - دە! دەپ ئويلىدى. ۋاڭ لۇنىڭ قۇربان تاغىغا بولغان ھۆرمىتى ھەسسىلەپ ئاشتى.

قۇربان شۇجى بۇ يىل 55 ياش بولۇپ، چاسا يۈز، قاشلىرى قاپقارا ھەم قويۇق ئىدى. ئۇ مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولغان، بۇلتۇر ئۇ تۇرغان ئىگەرچى يېزىسى ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىدە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

قىزىل يۈزلۈك، ئاۋازى جاراڭلىق قۇربان تاغا چوڭ - چوڭ قەدەملەر بىلەن ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ، ۋاڭ لۇ قاتارلىقلار بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى:

— مەرھەمەت، مەرھەمەت!

قۇربان تاغىنىڭ ئايالى دىلبەر يەڭگە بېشىغا چىمەن دوپپا كىيگەن، كېلىنى قەلبىنۇر قىزىل كۆڭلەك كىيىپ، ھويلىدىكى ياغاچ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، قوي يۇڭىدىن يىپ ئېشىۋاتاتتى. ساقچىخانا باشلىقى ئەركىن ھويلىغا كىرىپلا:

— يەڭگە، مەن مېھمانلارنى باشلاپ كەلدىم، — دەپ ۋارقى-رىدى.

دىلبەر يەڭگىنىڭ چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ كەتتى.

— مەن بۈگۈن ئەتىگەندە سېغىزخان نېمانداق توختىماي سايراپ كەتتىكىن دېسەم، ئەسلىدە ئەزىز مېھمانلار كېلىدىكەن ئەمەسمۇ! — دېدى دىلبەر يەڭگە قىزغىنلىق بىلەن.

ئەلى ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام قىلدى. ۋاڭ لۇمۇ چوڭلار بىلەن تىنچلىق سوراشتى. دىلبەر يەڭگىنىڭ خۇشاللىقىدىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ خۇشخۇي، ئوچۇق ئايال ئىدى.

قەلبىنۇر بولسا ئۇنىڭغا ئوخشىمايتتى. ئۇ ھەم چىرايلىق، ھەم نومۇسچان قىز بولۇپ، ھويلىغا ئەرخەقلەرنىڭ توشۇپ كەتكەنلىكە-نى كۆرۈپ، جىمجىتلا ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ مېھمانلارنىڭ بۇ ئۆيدە جەزمەن تاماق يەيدىغانلىقىنى بىلىپ، يېڭىنى تۈرۈپ، تاماققا تەمشەلدى.

دىلبەر يەڭگە كۆپچىلىكنى ئۆيگە باشلاپ قويۇپلا ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن، قۇربان تاغا چاسا شىرەگە مېۋە - چېۋىلەرنى توشقۇزۇۋەتتى. شۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ ئوغلىمۇ قايتىپ كەلدى. ئوغلى سېمىز بىر قوينىڭ گۆشىنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرىپلا:

— قاراڭلار، بۇ قوي بولامدىكەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

ئەركىن باشمالتىقىنى كۆرسىتىپ:

— يارايدۇ، — دەپ ماختىدى.

— يارىسا، ئەمىسە ئۇنى يەۋېتىمىز، — دېدى قۇرباننىڭ ئوغلى كەسكىن ھالدا.

كۆپچىلىك گىلەم سېلىنغان سۇپىغا يۆتكىلىپ، ھەممەيلەن بەدەشقاننى قۇرۇپ ئولتۇرۇشتى. ۋاڭ لۇنىڭ بويى بەك ئېگىز بولغانلىقتىن، پۇتى بىلەن ئۇزاق ھەپىلىشىپ، ئاران ئولتۇردى. ئەلى ئۇنى بويۇڭ ئېگىز بولغان بىلەن، پايدا ئالالىشىڭ ناتايىن دەپ شاڭخو قىلدى.

دىلبەر يەڭگە تۇرمەل، لەڭمەن، گۆش، پولۇ قاتارلىق تائاملارنى ئارقىمۇ ئارقا كەلتۈردى.

قۇرباننىڭ كىچىك نەۋرىسى قىز — قىنىغا پاتماي، ھويلا بىلەن ئۆي ئارىلىقىدا قىيغىتىپ ئويناۋاتاتتى. ۋاڭ لۇ ئۇنى كۆ-رۈپ:

— ھەي بالا، بېرى كەل، كېلە! — دەپ چاقىردى. بالا ئىزا تاتقاندەك بولۇپ، ۋاڭ لۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— بۇرنۇڭنى سىيرىپ قويايمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ لۇ.

بالا كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ياۋاشلىق بىلەن تۇرۇپ بەردى.

ۋاڭ لۇ ئۇنىڭ كىچىككىنە بۇرنىنىڭ ئۈستىنى قاتتىق بىر سىيرىۋېتىپ:

— بولدى، كۆزۈڭنى ئاچە! — دېدى.
بالا ئاغرىقتا چىدىماي يىغلىغۇەتكىلى تاس قالدى. ئۇ قايىل بولماستىن:
— مەنمۇ بۇرنۇڭنى سىيرىپ باقاي، — دېدى.
كۆپچىلىك پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى ـ دە، ھەممىسى ئۇنى بەكمۇ قىزىق بالىكەن دېيىشتى.
— كۈلمەڭلار، كۈلمەڭلار، — دېدى ۋاڭ لۇ — ئۇ بۇرنۇمنى سىيرىسا مەن رازى.
بالا ئۇماق قوللىرىنى سوزۇپ، ۋاڭ لۇنىڭ بۇرنىنى كۈچەپ سىيرىپ قويىدى. ئۇ ئۆزىنى پايدا ئالدىم دەپ ھېسابلاپ، ۋىلىقلاپ كۈلۈپ، قاچماقچى بولۇۋىدى، ئەلى كاپلا قىلىپ ئۇنى تۇتۇۋالدى ـ دە، ئۆزىنىڭ بۇرنىنى كۆرسىتىپ:
— ھەي بالا، مېنى دادا دېگىنە! — دېدى.
بالا بېشىنى چايقاپ:
— دېمەيمەن، دېمەيمەنغۇ تازا! — دېدى.
ئەلى يالۋۇرۇشقا باشلىدى:
— مېنى دادا دېسەڭ، مەن ساڭا خوتۇن ئېلىپ بېرىمەن.
بالا يەنىلا ماقۇلغا كەلمىدى:
— خوتۇن ئالمايمەن، ئالمايمەن.
ئەلى بالىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، يەنە يالۋۇردى:
— ئۆزۈمىگنى بىر يەۋالايچۇ؟ — دېگەچ قولىنى بالىنىڭ چاترىقىغا ئۇزاتتى.
بالا ئىزا تارتقىنىدىن ئالدىنى توسۇۋالدى.
ئەلى مەسلىھەتلەشكەندەك قىلىپ:
— پىخسىقلىق قىلمىساڭچۇ! ئەپكەل، بىرنى يەۋالاي، بىرنى، — دېگەچ بالىنىڭ ئالدىنى ئۆزىگەن بوراپ يەنە دېدى؟
— پاھ، نېمىدېگەن تاتلىق، بىرنى يەي، يەنە بىرنى!
ۋاڭ لۇ بالىغا ياردەم قىلىپ، ئۇنى ئۇياققا ـ بۇياققا ئېلىپ قېچىپ، ئەلىنىڭ ئاۋارە قىلىشىدىن قۇتۇلدۇرماقچى بولاتتى.
ھەممەيلەن تاماق يېمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، قۇربان تاغىنىڭ ئوغلى ئويۇن قويۇش ئەترىتىدىكى بىرقانچە سازەندە ۋە ئارتىسلارنى

باشلاپ كەلدى.

ئەلى خۇش بولۇپ كەتتى، چۈنكى ئارتىسلارنىڭ ئارىسىدا «قىزىلگۈل» ئۇسسۇلىنى ئوينىغان قىزمۇ بار ئىدى.

قۇربان تاغا ۋاڭ لۇغا ئۇلارنى ئالايىتەن ساقچىلار بىلەن بىللە كۆڭۈل ئېچىش ئۇچۇن تەكلىپ قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئەلىنىڭ ئوتتەك يانغان كۆزلىرى شۇئان پەردەگە قادالدى. مۇزىكا باشلىنىش بىلەن تەڭ، ئەلى سەكرەپ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، پەردەنى ئۇسسۇلغا تارتقىنىچە، كېچىچە توختىماي ئوينىدى.

شۇ كېچە كۆپچىلىك يېدى، ئىچتى. ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىدى، ۋاڭ لۇمۇ ئىگەرچى يېزىسىدىكى نورمالسىز ئەھۋالنى تولۇق ئىگىلىدى.

قۇربان شۇجى مۇنداق دېدى:

— بۇ يېرىم يىل ئىچىدە يېزىدا ئىككى غەلىتە ئىش يۈز بەردى. بىرى، لەنگەر كەنتىدە بىر قوي پەيدا بولۇپ قالدى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاللانىڭ كارامىتى قويدا نامايان بوپتۇدەك؛ يەنە بىرى، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بىرقانچە كەنتتىكى مەسچىتتە كىشىلەر غوۋغا كۆتۈرۈپ، كەنتتىكى ئىشلاردا پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ دېگىنى ھېساب ئەمەس، ئىمامنىڭ دېگىنى ھېساب دەپتۇدەك. يېقىندا ئاشۇ بىرقانچە كەنتتىكى ئىماملار مەخپىي يىغىن ئېچىپتۇ، يىغىننىڭ مەزمۇنى گەرچە ئېنىق بولمىسىمۇ، ئەمما مېنىڭچە بۇ نورمال ئەھۋال ئەمەس.

ۋاڭ لۇ ئارقىدىنلا:

— سىلەرنىڭ يېزا بۇلتۇر تېخى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالانغان ئەمەسمىدى؟ — دەپ سورىدى.

قۇربان شۇجى بېشىنى لىڭشىتىپ:

— شۇنداق، شۇڭلاشقا مەن بۇ ئىشنى نورمال ئەمەس دەپ ھېس قىلدىم. بۇ بىرقانچە يىلدىن بېرى، گەرچە يېزىدا ئۇرۇش - جېدەل، قىمار ئويناشتەك ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئاساسەن تىنچ ئۆتكەنىدى. بۇ يىل نېمە ئۇچۇندۇر، خۇددى بۇلغانغان كۆلنىڭ لاي سۈيىدەك، يېزىدىكى ھەقىقىي ئەھۋالنى ھەتتا مەنمۇ پەرق ئېتەلمەي قالدىم.

— ئاللا قويدا كارامىتىنى كۆرسىتىپتۇ؟ ئىمامنىڭ دېگىنى ھېساب؟ ئەھۋال ياخشى ئەمەس! مېنىڭچە بۇ ئىشلارنىڭ سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى بار، — دېدى ۋاڭ لۇ چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ.

— ئۇنچىۋالا ئەمەستۇ؟ كىچىككىنە بىر يېزا بازىرىدا نەدىمۇ سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈش بولسۇن؟ — دەپ ئەلى ئۇسسۇلدىن چۆشكەن ئارىلىقتا كېلىپ گەپ قىستۇردى.

ۋاڭ لۇ ناھايىتى سەزگۈرلۈك بىلەن:

— مېنىڭچە، بۇ ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى ھەرگىزمۇ ئۇنداق چاغلىق بولمايدۇ، — دېدى.

قۇربان شۇجى چوڭقۇر ئويلانغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتتى.

ساقچىخانا باشلىقى ئەركىنمۇ ئوڭايسىزلانغان ھالدا:

— بىزنىڭ ساقچىخانىدىكى بىر ئىشنىمۇ سىلەرگە دېمەكچىدىم، يېقىندا يېزىدا بىر غەلىتە ئىش يۈز بەردى، يىگىرمە نەچچە نەپەر ياش تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتى، — دېدى.

— يوقاپ كەتكىلى قانچە ئۇزۇن بولدى؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ لۇ.

— تەخمىنەن ئىككى ئايچە بولدى، — دېدى ئەركىن مۆلچەرلەپ.

— نېمىشقا بالدۇرراق دوكلات قىلمىدىڭلار؟ — دېدى ۋاڭ لۇ يەنە.

ئەركىن بېشىنى تاتىلاپ، خىجىل بولغان ھالدا:

— ئىگەرچى يېزىسىنىڭ نوپۇسى كۆپ، سىرتقا چىقىپ تىجارەت قىلىدىغانلارمۇ تولا، راست گەپنى دېسەم، دەسلەپتە ساقچىخانىمىز يېزىدا بىرقانچە ياشنىڭ ئازىيىپ قالغىنىغا ئانچە پەرۋا قىلمىدى. كېيىن قارىسام، ھەدېسىلا كەنتتىكى بىرقانچىسى ئوغلىمىزنى تۇتۇپ كەتتىڭلارمۇ؟ ئوغلىمىز يوقاپ كەتتى، دەپ سۈرۈشتۈرۈپ كەلدى. مەن ئەھۋالنى ئىگىلەپ باقسام، مۇشۇ بىر مەزگىل ئىچىدە يىگىرمە نەچچە ياش يوقاپ كېتىپتۇ، — دېدى.

ۋاڭ لۇ بۇ ئەھۋالنىڭ ئۇز كۆڭلىدىكى گۇمان بىلەن ماس كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ:

— بىرلا ۋاقىتتا يوقاپ كەتسە، بۇ ئىش جەزمەن ئۇنداق

ئاددىي ئەمەس، — دەپ ئويلىدى.
ۋاڭ لۇ ئەلىنىڭ خۇشاللىق ئىلكىدە بىرلىپ ئۇسسۇل ئوينا-ۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئاۋارە قىلىشنى خالىمىدى - دە، قور-بان شۇجى بىلەن ساقچىخانا باشلىقى ئەركىنگە:
— ئىشىم بار ئىدى، ئاۋۋال ماڭغاچ تۇراي، — دەپ ئېيتىپ قويۇپ، ئۆزى يالغۇز يېزا مېھمانخانىسىغا قايتىپ كەلدى.
ئۇ كومپيۇتېرنى ئېچىپ، نومۇرنى بېسىپلا تورغا كىردى. ئۇ ئۇ دەرىجىسى كۆچەيتىلگەن مەخپىي نومۇرنى ئىشلىتەتتى. ئۇ ج خ ئىدارىسى ئۇچۇر مەركىزىنىڭ تور پونكىتىنى ئېچىپ، ئارقى-دىن يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان ئۇچۇر مەركىزىي ئامبىرىدىكى ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى كۆرۈپ چىقىپ، ئۆزى خاتىرىلىگەن ئىگەر-چى يېزىسىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئۇچۇر مەركىزىي ئامبە-رىنىڭ تور پونكىتىغا يوللىۋەتتى؛ ئاندىن دېجورنىغا: ئىگەرچى يېزىسىدىكى ياشلارنىڭ ماتېرىياللىرىنى تېزدىن تولۇقلاڭ، مەن پات ئارىدا ئىشلىتىمەن، دەپ سۆز قالدۇرۇپ قويدى.
بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ۋاڭ لۇ يەنە ئىختىيارىي ھالدا ئەرەب تور پونكىتىغا كىرىپ، «قارچىغا» نىڭ پوچتا ساندۇقىنى ئاختۇرۇۋىدى، ئىچى يەنىلا قۇپقۇرۇق بولۇپ چىقتى. گەرچە ئىدارىدىكى كومپيۇتېرنىڭ پوچتا يوللانمىلىرىنى تاپشۇرۇپ ئېلىش - تارقىتىش سايمانلىرىنىڭ ياردىمى بولسىمۇ، ئەمما ۋاڭ لۇ سىرتتا يەنىلا ھەر ۋاقىت بۇ پوچتا ساندۇقىغا دىققەت قىلىپ تۇراتتى. ۋاڭ لۇ QQ نىڭ پاراڭلىشىش بۆلۈمىنى ئېچىپ، «قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز» سالاھىيىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى ھەمدە تۇرلەر مۇندەرىجىسى سەھىپىسىنى ئاتلاپ ئۆتۈپ، توردىكى دوستلىرىنىڭ ماتېرىياللىرىنى ئارىلاپ كۆردى. دەل «قىزىل كى-يىملىك قىلىچۋاز» پاراڭلىشىش بۆلۈمىگە كىرگەندە، ئۇنىڭغا قى-زىلگۈل ئەۋەتكەن توردىكى دوستى «قار ئۇچقۇنلىرى» ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى:
— ھەي، يېقىندىن بېرى ياخشى تۇردۇڭمۇ؟
— قەدىر ئەھۋال، — دېدى «قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز» ئاددىيلا.

«قار ئۇچقۇنلىرى» ناھايىتى ئەستايىدىل ھالدا سورىدى:
— يېقىنقى كۈنلەردە سېنى كۆرمىدىمغۇ؟
«قىزىل كېيىملىك قىلىچۋاز» ئەپۇ سوراپ جاۋاب بەردى:
— كاماندىروپكىغا چىقتىم.
«قار ئۇچقۇنلىرى» كۆڭۈل بۆلۈپ:
— نەگە باردىڭ؟ — دەپ سورىدى.
«قىزىل كېيىملىك قىلىچۋاز» جاۋاب بەردى:
— بېيجىڭغا.
«قار ئۇچقۇنلىرى» خىيالىغا كەلگەننى سوراپ قويدى:
— كەيپىياتىڭ ياخشىمۇ؟
«قىزىل كېيىملىك قىلىچۋاز» نىڭ يۈرىكى ئېچىشقاندەك بولۇپ، گەپنىڭ راستىنى ئېيتتى:
— راست گەپنى قىلسام، كەيپىياتىم ئانچە ياخشى ئەمەس.
«قار ئۇچقۇنلىرى» غەمخورلۇق قىلغان ھالدا:
— نېمىشقا؟ كۆڭلۈڭگە كەلگۈدەك بىرەر ئىش بولدىمۇ؟ — دېدى.
«قىزىل كېيىملىك قىلىچۋاز» مەيۈسلەنگەن ھالدا:
— مېنىڭ تۈنجى مۇھەببىتىم ئاشۇ شەھەردە ئىدى، — دېدى.
«قار ئۇچقۇنلىرى» چاقچاق قىلدى:
— پاھ، سەن بىلەن بىر پارتىدا ئولتارغان ھېلىقى ساۋاقدىشىڭ ئوخشىمامدۇ؟
— ھەئە، شۇ، — دېدى «قىزىل كېيىملىك قىلىچۋاز» غەمكىن ھالدا.
— ئۇ ھازىر قانداقراق تۇرۇپتۇ؟ باشقىلار بىلەن توي قىلىۋاپتىمۇ؟ — دەپ سورىدى «قار ئۇچقۇنلىرى» ھېسداشلىق قىلىپ.
— بىلمەيمەن، — دېدى «قىزىل كېيىملىك قىلىچۋاز».
«قار ئۇچقۇنلىرى» بىر غەلىتە مەسىلىنى سورىدى:
— سەن شۇنداق بولۇشنى خالامتىڭ؟
«قىزىل كېيىملىك قىلىچۋاز» ئىدىيىسىدىن ئۆتكەندەك جا-

ۋاب بەردى:

— يامغۇر ياغقۇسى كەلسە يېغىۋېرىدۇ، ئانامنىڭ ئەرگە تەگكۈسى كەلسە، تېگىۋەرسۇن.

«قار ئۇچقۇنلىرى» ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى:

— سەن بۇ ئىشنى كۆڭلۈڭگە ئالمىساڭ، يەنە نېمە ئۈچۈن ھەسرەت چېكىسەن؟

«قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز» كونا مۇھەببىتىدىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەندەك قىلىپ:

— قانداقلا بولمىسۇن، بىز ئەڭ گۈزەل كۈنلەرنى بىرگە ئۆتكۈزگەن تۇرساق، — دېدى.

«قار ئۇچقۇنلىرى» قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىدىكىنى پەملىگەندەك:

— ئەمەلىيەتتە سەن كونا مۇھەببىتىڭنى سېغىنىۋېتىپسەن - دە! يېڭى مۇھەببەت تۇتقاندىن كېيىنمۇ يەنە مۇشۇنداق بولامدۇ - قانداق؟ — دېدى.

— مېنى ئۇنداق ئويلىما، — دېدى «قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز» رەددىيە بېرىپ.

— سەن رېئاللىققا يۈزلىنىشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتامسەن؟ — دەپ سورىدى «قار ئۇچقۇنلىرى» ئۆتكۈرلۈك بىلەن.

«قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز» خاپا بولۇپ:

— سەن ئالدىراپ يەكۈن چىقىرىمەن دېمە، — دېدى.

ئىككىيلەن گەپ تالىشىۋاتقاندا، «قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز» نىڭ مۇداپىئە تاختىسىدا: ئەمەلىي ئىشلىتىلىدىغان تەرتىپتە بىرسى «قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز» نىڭ 7626 - ئۇچ ئېغىزىنى تىڭ تىڭلاشقا پەملەۋاتىدۇ، دېگەن ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى پەيدا بولدى. ۋاڭ لۇ دەرھال سەگەكلەشتى. ئۇ كومپيۇتېر مەشغۇلات كەسپى بويىچە ئاسپىرانت بولغانلىقتىن، ئەلۋەتتە بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. بۇ ئۇنىڭ ئىلگىرى «قەسكار» تېخنىكىسىنى ئۆگەنگەن چېغىدا ئىشلەتكەن بىرىنچى ياغاچ ئاتتا ئۈن - تىنسىز ئېتىراپ قىلىنغان ئۇچ ئېغىزى ئىدى. ئەجەبا، بىرسى ئۇنى «قەس» لىۋەتكەنمىدۇ؟ ئۇ دەرھال لىنىيىگە كىرىپ،

ياغاچ ئات تەكشۈرۈش سايمىنى ئارقىلىق ئاختۇرۇپ چىقتى، شەكىل چۈشۈرۈش نەتىجىسىدە، ئىچكى قىسمىدا «مۇز دەريادىكى ياغاچ ئات» بارلىقى مەلۇم بولدى. دەرۋەقە بىرسى ياغاچ ئاتنى كىرگۈزگەنىدى، بۇنىڭدىن باشقىلارنىڭ ھېلىھەم ياغاچ ئاتنى ئىشلىتىۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى.

ۋاڭ لۇ سوغۇق تەرگە چۆمۈلدى. ئادەتتە تورغا كىرگەندە، مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى تولۇق ئىشلەتكەن تۇرسام، يەنە نېمىشقا مەسىلە چىقىدۇ؟ دەپ ئويلىدى ئۇ.

يېرىم كېچىدە، ۋاڭ لۇ ئۇخلىماي كۆزىنى يۇمۇپ ياتقان ئەلىنى ئويغىتىپ:

— بۇ ئىككى كۈندىن بېرى، سەن كومپيۇتېرىمغا چېقىلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئەلى كۆزىنى ئۇۋۇلاپ:

— تۈنۈگۈن سەن QQ ئارقىلىق تورغا كىرىپ پاراڭلاشتىڭغۇ؟ سەن ھاجەتخانىغا چىقىپ كەتكەن چاغدا، مەنمۇ توردا بىر ئاز پاراڭلاشتىم. سىستېمىدىكى بايلىق جەدۋىلىكىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، مەن مۇداپىئە تاختىسىنى ئۆچۈرۈۋەتتىم. كېيىن، ئۆزىنى «سىرلىق ئەۋلىيا» دەپ ئاتىۋالغان بىرسى توردىكى ھەجۋىي سۈرەت ئادرېسىنى ئەۋەتىپتۇ. شۇڭا، مەنمۇ ئويلاپ ئولتۇرمايلا ئۇنى كۆردۈم، — دېدى.

ۋاڭ لۇنىڭ جۇدۇنى تۇتتى:

— سەن ھوشيارراق بولساڭ بولمامدۇ؟ ناۋادا شۇنىڭ بىلەن كومپيۇتېرىمدىكى بارلىق مەخپىي سانلىق مەلۇماتلار ئوغرىلانسا قانداق بولىدۇ؟

ۋاڭ لۇ كېچىچە ئىشلەپ چىقتى. ئۇ ئالدى بىلەن ئاپپاراتتىكى باشقىلار كىرگۈزگەن ياغاچ ئاتنى تازىلىدى ھەمدە بارلىق گۇمانلىق جەريانلارنى killلاشتۇرۇۋەتتى، بەزى زۆرۈرىيىتى بولمىغان مۇلازىمەت تۈرلىرىنى ئۆچۈرۈۋەتتى، ئارقىدىن ئاپپاراتتىكى بارلىق بەخەتەرلىك قۇرۇلمىلىرىنى يېڭىۋاشتىن سەپلەپ چىقتى. ئاندىن يەنە «مۇز دەريادىكى ياغاچ ئات» (ئىزاھات: بۇ سايمان مۇز دەريا ئابونت ئۇچىنى ئىشلەتكۈچىلەرنى ئالداپ تۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىد-

لىمدۇ.) نى ئېچىپ، توردا داۋاملىق پاراڭلاشقاچ، تاجاۋۇزچىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى كۈتتى.

## 5

بۇ كېچە، ئەلى تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى. چۈنكى پەرىدەنىڭ زىلۋا، گۈزەل چىرايى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن زادىلا نېرى كەتمىدى. ئۇ ۋاڭ لۇغا بۇ قېتىم ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئىشقى چۈشكەنلىكى، نېمە ئۈچۈندۇر بۇ قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى، ئۆزىنىڭ پەرىدەنى خوتۇن قىلىپ ئېلىشقا قەسەم ئىچكەنلىكىنى ئېيتتى.

كەچتە ئايرىلغان چاغدا، ئەلى ئۆزىنىڭ يانفون نومۇرىنى ئاستا پەرىدەگە بەردى ھەمدە ئۆزىگە جەزمەن تېلېفون ئۇرۇشىنى قايتا - قايتا تاپىلىدى. ئۇ ئۆزىچە ئون مىنۇتقا قالماي، يانفونۇم سايرايدىغان بولدى دەپ ئويلىغانىدى، بىراق كېچىچە ھېچبىر سادا كەلمىدى. بۇ ئەلىگە خۇددى بىر يىلدەك تۇيۇلدى. ئۇ نەچچە رەت ھاياجانلىنىپ، قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئىشىكىنى قېقىشنى ئويلىدىيۇ، ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، يەنە سەۋر قىلدى.

ئەتىسى تاڭ يورۇش بىلەن تەڭ، ئەلى بىر دەستە گۈلنى ئويۇن قويۇش ئەترىتىگە ئەۋەتتى ھەمدە ئۆزىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى يەنە قالدۇرۇپ، قىز گۈلنى كۆرگەندە ئۆزىگە تېلېفون قايتۇرىدۇ دەپ ئۈمىد قىلدى.

يەنە گۇگۇم چۈشكەن ۋاق بولدى. ئەلىنىڭ ئۈمىدى ئۈزۈلەي دېگەندە، ئۇنىڭ يانفونى سايرىدى. بىر قىز بالا يېقىملىق ئاۋازدا:

— خاپا بولماي، ماڭا ئەلىنى چاقىرىپ بەرگەن بولسىڭىز! — دېدى.

— ھېچ گەپ يوق، ئەلى مەن بولىمەن، سىز پەرىدەما؟ — دېدى ئەلى ئالدىراپ.

— سىزنىڭ ماڭا گۈل تەقدىم قىلغىنىڭىزغا رەھمەت، — دېدى پەرىدە ئەدەپ بىلەن.

— ناھايىتى ئەپسۇس، مەن سىزنى ئويۇن قويۇش ئەترىتىدە

بىر چۈشكىچە ساقلىدىم، بىراق سىزنى كۆرەلمىدىم، — دېدى ئەلى.
پەردە رەسمىيەتنى ئادا قىلىپ بولدۇم دەپ ھېسابلاپ:
— ئەمىسە تېلېفوننى قويۇۋەتتىم، — دېدى.
— ياق، ياق، قويۇۋەتمەي تۇرۇڭ، سىزنى تاماققا تەكلىپ قىلسام بولامدۇ؟ — ئەلى ئالدىراپ كۆڭلىنى ئىزھار قىلدى.
ئەمما پەردە ئۇنى سىلىق رەت قىلىپ:
— بولمايدۇ، مەن يەنە ئويۇن قويىمەن، — دېدى.
ئەلى نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى.
ۋاڭ لۇ ئەلىنىڭ كەيپىياتى ۋە تېلېفوننىڭ مەزمۇنىدىن بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك بولۇپ، ئەلىنى مەسخىرە قىلدى:
— بۇ قىز بالا بەك كۆرەڭلەپ، كەتتىغۇ! ئۇنى چىڭ تۇت.
ئەلىمۇ يوشۇرماستىن، ۋاڭ لۇغا يالۋۇردى:
— ئاغىنە. بىر ئامال تاپقىنا، قانداق قىلسام ئۇنى قولغا كەلتۈرەلەيمەن؟
ۋاڭ لۇ ئالدىرىماي - تېنىمەي:
— بۇنىڭ چارىسى ناھايىتى ئاددىي. بىر كويلا خەجلىسەڭ ئىش پۈتىدۇ، — دېدى.
ئەلى شۇئان ئۇنىڭغا چىڭ يېپىشتى:
— مېنى جىلە قىلماي، تېزرەك دېگىنە، دېگىنە!
ۋاڭ لۇ مۆغەمبەرلىك بىلەن:
— ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ، ئۇنىڭ نەدە تۇرىدىغانلىقىنى بىلىۋالىسەن. ئارقىدىن، بىر كويچەن خەجلەپ، باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلىرى ئىشلىتىدىغان يېلىمدىن بىر قۇتا سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئىشىكىدىكى قۇلۇپىنىڭ تۆشۈكىگە يېلىم قۇيۇۋېتىسەن. ھە، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆيىگە كىرەلمەيدۇ. ئۇ تازا تىت - تىت بولۇپ تۇرغاندا، سەن پەيدا بولىسەن - دە، قۇلۇپنى ئېچىپ، ئۇنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىسەن. قەدىمدىن قالغان باتۇرنىڭ ساھىبجامالنى قۇتقۇزۇشى دېگەن چارە شۇ، — دېدى.
ئەلى ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى - دە:
— بۇ چارىغۇ بولىدىكەن، بىراق بەك ئاستا ئىكەن. مەن

ساقلاپ تۇرالمىغۇدەكمەن، — دېدى.

— ئەمىسە، مېنىڭ باشقا ئامالىم يوق، — دېدى ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ۋاڭ لۇ.

ئەلى بېشىنى قاشلاپ:

— بوپتىلا، يەنىلا ئۆزۈم بىر ئامال قىلاي، — دېدى.

ئەلى ئالدىرىغىنىدىن پۇتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ كەتتى. ئۇ ھەقىقەتەن ھەر ۋاقىت مەنزىرىلىك ساياھەت نۇقتىسىدىكى ئۆزۈم بارىڭى تېگىدە ساقلاپ تۇرۇپ، پەرىدەنىڭ يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇلىنى كۆرۈشنى خالايتتى، بىراق ئۇنداق قىلمىدى. گەرچە ئۇ ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان بىر ئوغۇل بالا بولسىمۇ، ئەمما ئۇ قىز دوست قوغلىشىش بىلەن ئەستايىدىل خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشنىڭ قايسىسىنىڭ مۇھىم، قايسىنىڭ مۇھىم ئەمەسلىكىنى ئېنىق پەرقلەندۈرەلەيتتى، بۇ جەھەتتە ھەرگىز بىپەرۋا ئەمەس ئىدى. ئۇ، نېمىدىن قورقاتتىم، ئىشقىلىپ ئۇ ھېچ نەگە قېچىپ كېتەلمەيدۇ، بۇ بىر مەھەل ئالدىراشلىق ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۇنى قولغا كەلتۈرمەي قويمايمەن، دەپ ئويلىدى.

بۇ كۈنى گۇگۇم چۈشكەندە، ۋاڭ لۇ بىلەن ئەلى يەنە ساقچىخانىدىن چىقىپ كەلدى. بۈگۈن ئۇلار نورمال تەشۋىق - تەربىيە خىزمىتىدىن سىرت، ھېلىقى غايىب بولغان يىگىرمە نەچچە ياشنىڭ ئىز - دېرىكىنى تەكشۈرۈشكە كىرىشكەنىدى.

ئەلى سومكىسىنى كۆتۈرۈپ، قەددىنى تىك تۇتۇپ، مەيدىسىنى كېرىپ، ئالدىدا كېتىپ باراتتى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا مەنزىرىلىك ساياھەت نۇقتىسىغا ئىنتىلىپ كېتىۋاتاتتى. ۋاڭ لۇ ئۇشتۇمتۇت ئەلىنى نوقۇپ:

— قارا، قارا! سېنى مەجنۇن قىلغان سۆيگىنىڭ، — دېدى.

ئەلى شۇنداق قارىۋىدى، پەرىدەنىڭ بىر قىز بىلەن قول تۇتۇشۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ قىز ئەلى بىلەن ۋاڭ لۇغا دومبىسىنى قىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ يېنىدا يوغان بىر سومكا كۆتۈرۈۋالغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال بولۇپ، ئۇلار قىزغىن پاراڭغا

چۈشۈپ كەتكەندى.

ئەلى ئۆلاردىن كۆزىنى ئۈزمەستىن، ۋاڭ لۇغا:

— ياق، مەن ئېتىلىپ بارمىسام بولمىدى، — دېدى.

ئۇ ۋاڭ لۇنىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتمەستىنلا، چوڭ - چوڭ ئىككى ئاتلاپلا، پەردەنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇ ھاڭۋېقىپ قالغان پەردەگە قاراپ، ئىنتايىن سەممىيلىك بىلەن:

— پەردە، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى.

پەردە لەپپىدە قىزىرىپ كەتتى - دە، دەرھال ئەس - ھوشىنى يىغىپ، ئەلىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى:

— مەن سىز بىلەن چاقچاقلىشىشنى خالىمايمەن.

ئەلى چىرايىنىمۇ ئۆزگەرتمەي، قىلچىمۇ جىددىيلەشمەستىن، پەردەنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا:

— پەردە، سىز بەك سەممىيكەنسىز، مەن سىزنى تېخىمۇ ياخشى كۆرۈپ قالدىم، — دېدى.

پەردە بىلەن قول تۇتۇشۇپ تۇرغان قىز بالا كۈلۈمسىرەپ:

— پەردە، بۇ كىم؟ ئەجەب تونۇشتۇرمايسەنغۇ؟ — دېدى.

ئەلى دەرھال ئۆز - ئۆزىنى تونۇشتۇردى:

— مەن جەنۇبىي شىنجاڭ ج خ ئىدارىسىنىڭ ساقچىسى ئەلى، پەردەنىڭ مۇھەببىتى بولىمەن، — ئۇ يەنە بۇرۇلۇپ پەردەنى ئەيىبلىدى:

— پەردە، ئۇ سىزنىڭ دوستىڭىزمۇ؟ نېمىشقا ماڭا تونۇشتۇرمايسىز؟

پەردە ئەلىنىڭ قاپ يۈرەكلىكىدىن قورقۇپ كېتىپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، پەردەنىڭ دوستى ئەلىگە قىزىقىپ قالدى بولغاي، خۇشخۇيلۇق بىلەن ئۆزىنى تونۇشتۇردى:

— مەن پەردەنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى. ئەگەر سىز دېمىگەن بولسىڭىز، پەردە بايا تېخى مەندىن يوشۇرۇپ، ماڭا مۇھەببىتىم يوق دېگەندى. پەردە، سەن مېنى كولدۇرلىتىپسەن - ھە!

ئوتتۇرا ياشلىق ئايال تېخىمۇ ھەيران بولۇپ، ئاغزىنى ئېچىپلا

قالدى:

— پەردە، مۇھەببەت تاپتىڭمۇ؟ نېمىشقا ئاپاڭغا دېمەيسەن؟

ئۇ تۇنۇگۇن شەھەرگە ئىش بېجىرگىلى كىرىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا بازىرىدا، چەت ئەلدىن قايتىپ كېلىپ، ھازىر جەنۇبىي شىنجاڭ مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلەۋاتقان ئايگۈل بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئايگۈل ئۆزىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ، ئاتا - ئانىسىنى يوقلاپ كەلمەكچى ئىكەنلىكىنى دەپتىكەن، شۇنىڭ بىلەن، بۈگۈن چۈشتىن ئىلگىرى، ئۇ بىر پىكاپ تېپىپ، ئىككىيلەن بىرگە ئىگەرچى يېزىسىغا قايتىپ كەلگەنىكەن. يولدا، ئايگۈل پەردەنى بەكمۇ سېغىنغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن بىر كۆرۈشكۈسى بارلىقىنى دەپتىكەن، پەردەنىڭ ئاپىسى ئايگۈلنى ئۇدۇل مەنزىرىلىك ساياھەت نۇقتىسىغا باشلاپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ قىزى بىلەن كۆرۈشتۈرۈپتۇ. ئۇ ئەسلىدە ئايگۈلگە ھەمراھ بولۇپ، ئىككى ئېغىز پاراڭ قىلىشىپلا كەتمەكچىكەن، بىراق بولغۇسى كۈيئوغلى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشنى كىم بىلسۇن؟

ئەلى بۇ ئۇچەيلەننىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، دەرھال ئىنكاس قايتۇردى. ئۇ ئوتتۇرا ياشلىق ئايالغا تەزىم قىلغاچ: — ئاپا، سومكىڭىزنى مەن كۆتۈرۈشۈپ بېرەي، نەگە بارىسىز؟ مەن ئاپىرىپ قوياي، — دېدى.

پەردەنىڭ ئاپىسى قىزىغا قاراپ قويۇپ، ھاڭ - تاڭ قالغان ھالدا:

— بۇ نېمە ئىش؟ — دېدى. پەردە ئوڭايسىزلىنىپ، قىزىرىپ كەتتى. ئەلى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرىدىغان پۇرسەتمۇ بەرمەي، پەردەنىڭ ئاپىسىنىڭ قولىدىكى سومكىنى ئالغاچ، دەرھال گەپ قىستۇردى:

— ئاپا، مەن بۇرۇنلا سىزنى يوقلاپ بارماقچىدىم، ئۇ زادىلا مېنى باشلاپ بارغىلى ئۇنىمىدى. پەردە، بۇ قىلىقىڭىز توغرا ئەمەس جۇمۇ!

ئايگۈل ئازراق ئەھۋالنى چۈشەنگەندەك قىلىپ كۈلۈپ كېتىپ، پەردەنى ئەيىبلىدى:

— سىلەر باتنىشىپ قالدىڭلارمۇ؟ ھېچ گېپىڭلار بىر يەردىن

چىقمايدىغۇ؟

پەردە قاتتىق تەۋەسسۇلقتا قالدى، ئەمما يەنە بۇ يەردە كۆلكە-گە قالماسلىق ئۈچۈن، ئاپىسى بىلەن ئايگۈلگە چۈشەندۈرۈپ قويـ-دى:

— بىز تونۇشقىلى ئۇزۇن بولمىدى، ئۇ ئاشۇنداق چاقچاق قىلىشقا ئامراق.

ئۇ ئەلىگە ئالىيىپ قويۇپ:

— مۇنداق بولسۇن، سىز ئىشىڭىزغا كېتىۋېرىڭ، كېيىن ئۆزۈم سىز بىلەن ئالاقىلىشىمەن، — دېدى.

ئەلى كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇرۇپ، يانفونىنى كۆرسىتىپ:

— گېپىمىز گەپ، ئەمىسە - ھە؟ — دېدى.

پەردە بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

ئەلى مەمنۇن بولغىنىدىن يوغان قەدەم تاشلاپ، قىن - قىنىغا پاتمىغان ھالدا يىراقتا ساقلاپ تۇرغان ۋاڭ لۇنىڭ قېشىغا يۈرۈپ كەتتى.

ئايگۈلنىڭ كۆزلىرى ئەلىگە ئەگىشىپ كېتىپ باراتتى. ئۇ مۇناردەك مەزمۇت يىگىتنىڭ گۈگۈم قوينىدا تۇرغانلىقىنى كۆر-دى. ئۇ ياشلىق چىھرىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز ھاياجانلاندى. ئۇ ئاشۇنداق ئوبرازغا ئۇزۇندىن بېرى ئىنتىزار ئىدى. ئۇ ھېلىقى قامەتلىك ياشنىڭ ئۆزى ھازىردىن باشلاپ تۇرلۇك پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ يېقىنلىششقا تىرىشىدىغان ئادەم ۋاڭ لۇ ئىكەنلىكى، يەنى ھېلىقى كۈنى يېزىدا «سارغايدى» نى ئوينىغان چاغدا ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋالغان باتۇر ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ئولتۇرمايلا تونۇۋالدى. ئۇ ئەگەر سىياسىي زۆرۈرىيەت بولمىسا، ۋاڭ لۇغا بۇ شەكىلدە يېقىنلىششنى ھەرگىزمۇ خالىمايتتى. ئۇ ئاددىي بىر قىزنىڭ كۆڭلىدىكى يىگىتكە ئاشىق بولغىنىدەك. ۋاڭ لۇنى ئۇچۇق - ئاش-كارا قوغلىششقا ئىنتايىن تەشنا ئىدى. ھېلىقى كۈندىكى تۇيۇق-سىز ئۇچرىششتىن كېيىن. ئايگۈلنىڭ كۆڭلى ھېچبىر چۈشى-نىكسىزلا بۇ كېلىشكەن، قامەتلىك، يىگىتكە باغلىنىپ قالدى. ئۇ ۋاڭ لۇنىڭ جىسمىدا ئۆزىنى مەھلىيا قىلىدىغان بىر خىسلەتنىڭ بارلىقى، ئەمما ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ئامالسىز ئىكەنلىكىنى ھېس

قىلدى.
ۋاڭ لۇغا يېقىنلىشىش ھەمدە ئۇنى «تور» غا چۈشۈرۈش ئىب-
راھىم ئايگۇلگە تاپشۇرغان ئىككىنچى مۇھىم ۋەزىپە ئىدى. ئىبرا-
ھىم ئۇنى ئۆز يولى بىلەن مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلىبكتىر-
لەشكەن ئوقۇتۇش بۆلۈمىگە ئاسسىستېنتلىققا تونۇشتۇرۇپ قويىدى.
ھەممە ئىش تولۇق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئىبراھىم ئۇنىڭغا بىر قاپ
سىنئالغۇ لېنتىسىنى بېرىپ، ئۇنى ئامال قىلىپ غەرب ئەللىرىدى-
كى ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇشنى تاپىلىدى. سىنئالغۇ-
نىڭ مەزمۇنى ئەركىنىنىڭ يېقىندا ئاچقان جەنۇبىي شىنجاڭ شەرقىي
تۈركىستان ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇش چوڭ يىغىنىنىڭ
ئەمەلىي ئەھۋالىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلار غەرب ئەللىرىدىكى
ئىتتىپاقداشلارغا ئەڭ كېرەكلىك نەرسىلەر ئىدى. ئايگۇل بۇ ۋەزى-
پىنى ناھايىتى ئاسانلا ئورۇنلىدى. ئارقىدىن، ئىبراھىم ئۇنىڭ
ۋاڭ لۇ ئىسىملىك بىر يىگىتكە ئىمكانقەدەر تېزرەك يېقىنلىشىشى-
نى تەلەپ قىلدى. ساقچى تەرەپنىڭ ئىچكى قىسمىدىن كەلگەن
ئىشەنچلىك خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ۋاڭ لۇ جەنۇبىي شىنجاڭ ج خ
ئىدارىسىدە قېلىپلاشقان بىر تور سىستېمىسىنى تەسىس قىلغان-
كەن. بۇ سىستېما نېمە قىلىدۇ؟ ئۇ قانداق ئىقتىدارغا ئىگە؟ ئۇ
تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ قانچىلىك ئۇچۇرلىرىنى ئىگىلىدى؟
ئىبراھىم ئايگۇلدىن ئۆزىنىڭ ئۇستۇنلۇكىنى جارى قىلدۇرۇپ،
قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ۋاڭ لۇنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرىپ، ھەقى-
قىي ئەھۋالنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ساقچى
تەرەپنىڭ ئىچكى تور سىستېمىسىنى ئەڭ زور دەرىجىدە بۇزۇپ
تاشلاشنى تەلەپ قىلدى.
ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئايگۇل تېزلىكتە رولغا
كىرىشتى. بىرقانچە كۈنلۈك تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇ ئۆز خىز-
مەت ئوبيېكتىنىڭ ئۆزى كېچە - كۈندۈز سېغىنىپ يۈرگەن شاھزا-
دىسى چىقىپ قېلىشنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ ئىك-
كىلىنىپ، تەڭقىسلىقتا قالدى، ھەتتا خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرال-
مىدى. ئەمما ئۇنىڭ خىزمىتىدە بۇ خىل كەيپىياتقا يول قويۇلمايت-
تى. ئىبراھىمنىڭ قايتا - قايتا سۈيلىشى ئارقىسىدا، ئۇ نائىلاج

ۋاڭ لۇغا ئاستا ـ ئاستا يېقىنلىشىشقا باشلىدى. ئالدىنقى كۈنى، ئۇ ئاخىر ۋاڭ لۇنىڭ QQ بەلگىسىنى ئىشلىتىدىغان توردىكى نامىنى قولغا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىۋاسىتە ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى، ئۇ «يوشۇرۇن ئەۋلىيا» دېگەن نام بىلەن بىر قانچە سائەت ساقلىغاندىن كېيىن، ئاندىن ئاخىر توردا «قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز» غا ھەجۋىي سۈرەت ئارقىلىق تور ئادرېسىنى ئەۋەتىشكە مۇۋەپپەق بولدى. ئويلىمىغان يەردىن، «قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز» قىلچە خەۋەرسىز ھالدا ئەگىشىپ كەلدى. ئايگۈل ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ، كومپيۇتېر كەسپىدىكى ئاسپىرانتمۇ سەۋەنلىك ئۆتكۈزىدىكەن دەپ ئويلىدى.

بىراق، تونۇگۈن كېچىدە ئۇ «قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز» نىڭ تەۋەسىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئۇنىڭ ئۇچ ئېغىزىنى زىيارەت قىلماقچى بولغاندا، ئويلىمىغان يەردىن، «قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز» ئۇشتۇمتۇت سەزگۈرلۈك بىلەن ئىنكاس قايتۇرۇپ، دەرھال لىنىيىدىن چىقىپ كەتتى. ئايگۈل «قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز» نىڭ جەزمەن ئۆزىنىڭ كىم تەرىپىدىن «قەس» لىنىۋاتقانلىقىنى تەكشۈرۈۋاتىدۇ دەپ پەرەز قىلىپ، ئۆزىمۇ شۇئان لىنىيىدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇ مەۋھۇم تور لىنىيىسىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، كىشىلەر ئارىسىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۆزى بىلەن ۋاڭ لۇ ئوتتۇرىسىدا ھەقىقىي بىر تورنى ئىمكانقەدەر تېزرەك بەرپا قىلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئەمدىلا ئوتتۇرىغا چىقىشىغا، ۋاڭ لۇ بىلەن شۇنچە ئاسانلا ئۇچرىشىپ، تونجى جەڭدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى زادىلا ئويلىمىغانىدى.

ئەلى كەتكەندىن كېيىن، ئايگۈل پەردىگە:

— بايىقى ناھايىتى كېلىشكەن يىگىت ئىكەن. ئالدىراپ قولدىن چىقىرىپ قويما، جۇمۇ! — دېدى.

پەردە كۈلۈپ كەتتى:

— مەن ئۇنى قىلچىمۇ چۈشەنمەيمەن.

ئايگۈل قىزىقچىلىق قىلىپ:

— ناۋادا بىرەر باتۇر ئەر مۇشۇنداق مېنىڭمۇ ئالدىمنى تو-

سۆپ، سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم دەيدىغان بولسا، مەن قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۇنىڭغا تەگكەن بولاتتىم، — دېدى.

پەرىدە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن:

— ئۇ دېگەن سەن. ھەي، راستلا، مەن سېنىڭ جاسارىتىڭگە ھەقىقەتەن قايىلمەن. بۇ بىرقانچە يىلدىن بېرى، چەت ئەللەردە سېنى قوغلاشقانلارمۇ ئاز ئەمەستۇ؟ — دېدى.

ئايگۈل ئۆزىگە ئىشەنچ قىلغان ھالدا:

— ئۆزۈڭ دەپباقە؟ — دەپ سورىدى.

## 6

ۋاڭ لۇمۇ ئايگۈلگە دىققەت قىلدى. ئۇ ئەلىدىن سورىدى:

— ھېلىقى بىزگە دۇمبىسىنى قىلىپ تۇرغان قىز كىم بولىدۇ؟

ئەلى ئۇدۇللا جاۋاب بەردى:

— پەرىدەنىڭ ساۋاقدىشى، يېڭىلا چەت ئەلدىن قايتىپ كەل-دى.

ۋاڭ لۇ دەرھال سەزگۈرلۈك بىلەن:

— چەت ئەلدىن؟ — دەپ سورىدى.

ئەلى ھاياجان ئىلكىدە ياخشىچاق بولۇپ:

— قانداق؟ ياراپ قالدىمۇ؟ كېيىن مەن پەرىدەگە دەي، ئۇ ساڭا تونۇشتۇرۇپ قويسۇن - ھە! — دېدى.

— مەن پەقەت ھوشيارلىق يۈزىسىدىنلا سوراپ قويدۇم، — دېدى ۋاڭ لۇ.

ئەلى ۋاڭ لۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ، ئۇنىڭغا دەردىنى تۆكۈشكە باشلىدى:

— چەت ئەلنىڭ گېپىنى قويە. بىلەمسەن؟ مەن ئاخشام ئۇنىڭ ئىسمىنى ئون مىڭ قېتىمچە توۋلاپ چىقتىم.

ۋاڭ لۇ ئۇنى مەسخىرە قىلغاندەك:

— دېگىنە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3600 يېزىنىڭ قايسى بىر بۇلۇڭىدىن ساڭا لايىق قېينانا تېپىلمايدۇ؟ ئەجەب پەرىدەگىلا

ئېسىلىۋاپسەن، — دېۋىدى، ئەلى جاھىللىق قىلىپ تۇرىۋالدى:
— ياق، ماڭا پەرىدەلا كېرەك، ئۇنىڭدىن باشقا خوتۇننى ئالمايمەن.
ۋاڭ لۇ ئەلىنىڭ ئىشقى مەستانە بولۇپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن تەھلىل قىلىپ بەردى:
— خوتۇن ئالغاندا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل ياكى ئەمەسلىكىگە قاراش كېرەك، بۇ نۇقتا ئىنتايىن مۇھىم. بوپتۇ، ئاغىنىدارچىلىقتا، سەن ئۈچۈن بىر كۆرۈشۈش پۇرسىتى يارىتىپ بېرەي.
ئەلىنىڭ كۆز ئالدى پاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى:
— راستما؟ سېنىڭ قانداق ئامالىڭ بار، — دەپ سورىدى ئۇ.
ۋاڭ لۇ ئامالىنى ئېيتىپ بەردى:
— ئۇ ئۇسسۇلىنى ئويناپ بولغاندىن كېيىن، مەن بېرىپ ئۇنىڭغا سېنى يارىلاندى دەيمەن، ئەگەر ئۇ پەرۋا قىلمىسا، بۇ ھال ئىشنىڭ زادىلا ۋۇجۇدقا چىقمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ؛ ئەگەر سېنى يوقلاپ كەلمەكچى بولسا، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ سېنى ياخشى كۆرۈش - كۆرمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەگەر ئۇ مۇشۇ شەرتكە ئۇيغۇن كەلسە، بىز ئۇنىڭغا «ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش» سىياسىتىنى قوللىنىپ، ئاۋۋال ئۇنىڭغا تەربىيە بېرىپ، تەسىر كۆرسىتىمىز. زادى بولمىسا، ئۇنىڭغا دىكتاتورا يۈرگۈزىمىز.
ھالقىلىق پەيتتە، ۋاڭ لۇ ھەقىقەتەن ئەلىگە ياردەم قىلدى.
ئەلى خۇشال بولۇپ، چاۋاك چېلىپ كەتتى:
— مېنىڭچە بۇ چارە بولىدۇ.
ئۇ ۋاڭ لۇنى تارتقىنىچە، ياتاققا قايتىپ، ئورۇن - كۆرپىنى يىغىشتۇرغىلى ماڭدى.
ئۈچ سائەتتىن كېيىن، ۋاڭ لۇ ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا پەيدا بولدى. پەرىدە ئەمدىلا يالغۇز كىشىلىك «قىزىلگۈل» ئۇسسۇلىنى ئويناپ بولغانىدى. ۋاڭ لۇ ناھايىتى جىددىي تەلەپپۇزدا ئۇنىڭغا

دېدى:
— كەچۈرۈڭ، يولداش پەرىدە، مەن سىزگە بىر ئىشنى ئېيتسام بولامدۇ؟
پەرىدە قۇربان شۇجىنىڭ ئۆيىدە ۋاڭ لۇنى كۆرگەندى. ئۇ ئەدەپ بىلەن:
— قېنى ئېيتىڭ، — دېدى.
ئىككىيلەن خالىي بىر جايغا كەلدى. ۋاڭ لۇ ئەتەي پەس ئاۋازدا:
— يولداش پەرىدە، ئەلى ئۇ... — دېدى - دە، چوڭقۇر قايغۇ ئىچىدە سۆزىنى داۋاملاشتۇرالمىغان بولۇۋالدى. پەرىدە ئالدىراپ سورىدى:
— ئەلىگە نېمە بولدى؟
ۋاڭ لۇ سەل توختىۋېلىپ:
— ئەلى بىر قەھرىمان، باياتىن بىز يولدا بىر قانچە لۈكچەككە ئۇچراپ قالدۇق. ئەلى هاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئېتىلىپ بېرىپ، بىر مۇش قويۇپ، بىر لۈكچەكنى يىقىتتى، بىراق ئۇ ئۆزىمۇ ياردار بولۇپ، هوشىدىن كېتىپ قالدى. مەن ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ ياتىقىغا ئاپىرىپ قويدۇم. ئۇ تاكى هازىرغىچە پەرىدە، پەرىدە دەپ ۋارقىراپ توختىمىدى. بىراق، بىزدەك ئاكا - ئۇكا، بۇرادەرلىرىنىڭ بىرسىمىزنىڭمۇ ئىسمىنى تىلغا ئالمىدى. ئەمما بىز ئۇنىڭدىن رەنجىش ئەمەس، ئەكسىچە تەسىرلەندۇق. شۇڭا، سىزدىن ئۆتۈنۈشۇم، ئۇنى بىر يوقلاپ قويسىڭىز، ئېھتىمال بۇ ئۇنىڭ هاياتىدىكى ئاخىرقى بىر تەلىپى بولۇپ قالار، — دېدى.
ۋاڭ لۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، پەرىدەنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولدى. ئۇ تەسىرلىنىپ:
— ماقۇل، مەن سىزگە ئۇنى يوقلاشقا ۋەدە بېرىمەن، — دېدى.
ئەلى ياتىقىدا يېتىپ، تەقەززالىق بىلەن ۋاڭ لۇنىڭ يالغۇز قايتىپ كېلىشىدىن، ئۆزىنىڭ مەغلۇب بولۇشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. ئۇ ئاياغ تاۋۇشىنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندىن

كېيىن، دەرھال جىددىيلىشىپ، ئىسسىق سۇغا چىلانغان بىر ھۆل لۆڭگىنى بېشىغا قويۇۋالدى. پەرىدە تېخى ئۆيگە كىرمەي تۇرۇپلا، ئەلىنىڭ «پەرىدە! پەرىدە!» دەپ قالايمىقان تووۋلاۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ۋاڭ لۇ شۇئان پەرىدەگە:

— قانداق؟ مەن توغرا دەپتىمەنمۇ؟ ئۇ سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى تووۋلاۋاتىدۇ. قارىغاندا بولالماي قالغان ئوخشايدۇ، — دېدى.

پەرىدە ۋاڭ لۇغا بىر ئالىيىپ قويۇپ:

— بۇ ئادەم گەپ - سۆز قىلالىغۇدەك بولسا، دېمەك يارىسى ئېغىر ئەمەسكەن، — دېدى.

ۋاڭ لۇ ئۆزىنى كۇلۇۋېتىشتىن ئاران توختىتىپ، ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، يالغاندىن بولالماي قالغاندەك يېتىۋالغان ئەلىگە:

— يىلان بىر چىشلىسە، ئادەم ئۈچ مىنۇت ھوشىنى يوقىتىدۇ، شۇڭا بىر چىشلەش بىلەن جېنىنى ئالغان تۇرۇك، ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دېدى.

پەرىدە ۋاڭ لۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىدى. ۋاڭ لۇ دەرھال ئىزاھات بەردى:

— مەن ئۇنىڭغا بىر دېلونىڭ ئىشىنى تاپشۇردۇم، مۇنداق بولسۇن، سىز ئۆلتۈرۈڭ، مېنىڭ يەنە ئىشىم بار، ماڭغاچ تۇراي.

پەرىدە ئەلىنىڭ كارىۋىتى ئالدىدا ئەمدىلا ئولتۇرۇشىغا، ئەلىنىڭ چاقىرغۇسى سايراپ كەتتى. ئەلى يالغاندىن كۆچىيەلمىگەندەك بولۇۋېلىپ:

— قاراپ بېقىڭە، كىم ئىكەن؟ — دېدى.

پەرىدە چاقىرغۇنى ئېلىپ قارىۋىدى، چاقىرغۇدا: «سۆيۈملۈكۈم ئەلى، مەن سىزنى سۆيىمەن. سىز ئېيتىڭە، 21 - ئەسىر كىرگەندە، مەن سىزنىڭ ئايالىڭىز بولالايمەنمۇ - يوق؟ مەن ئىنتىجا قىلىۋاتىمەن، ئانارخان» دەپ يېزىلغان خەتلەرنى كۆردى.

پەرىدەنىڭ چىرايى شۇ ھامان ئۆڭدى. ئۇ ھەسەت ئارىلاش سورىدى:

— سىزنى قوغلىشىۋاتقان قىزلار ئاز ئەمەسكەنغۇ؟

ئەلى پەرۋاسىزلا جاۋاب بەردى:

— كۆپ ئەمەس. بىرقانچىسى كۆندە ۋارقىراپ يىغلاپ، ماڭا

تېگمەن دەيدۇ، بىراق مەن ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ ياراتمايمەن.
پەرىدە بىرنى تۆكۈرۈۋېتىپ:
— تۇفىي، مەن سىزنىڭ زادىلا ياخشى يېرىڭىزنى كۆرمە‑دىم، ئۇ قىزلارنىڭ كۆزى كور ئىكەن، — دېدى.
ئەلى پەرىدەگە كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويۇپ:
— شۇ ئەمەسمۇ! قارىغۇدىن يەنە بىرسى كەپتۇ، — دېدى.
ئەلى تۇيۇقسىز ئورنىدا ئولتۇرۇپ، پەرىدەنى چىڭ قۇچاقلى‑ۋالدى:
— پەرىدە، مەن سىزنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىمەن. ھەقى‑قەتەن ياخشى كۆرىمەن. سىز مەندىن ئايرىلماڭ، ۋايجان…
پەرىدە ئەلىنىڭ قولىنى قاتتىق بىر چىشلىۋالدى. ئەلىنىڭ قولىدا شۇئان چىش ئىزلىرى پەيدا بولدى. ئەلى دەرھال ئۇ چىش ئىزلىرىنى سۆيۈپ قويۇپ:
— رەھمەت، رەھمەت، مۇشۇ سوۋغاتتىن يەنە بىرنى تەقدىم قىلامسىز؟ — دېدى.
پەرىدەنىڭ ئاچچىقى شۇ ھامان يوقالدى، ئۇ بوش ئاۋازدا:
— ئاغرىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

# ئون بىرىنچى باب

## 1

جۇڭ چېڭ ئەزەلدىن بۇنداق پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالمىغانىدى: بۇ بىرقانچە ئايدىن بېرى، جەنۇبىي شىنجاڭدا كەينى ـ كەينىدىن ۋەقەلەر يۈز بېرىشكە باشلىدى: چېن داموننىڭ ئايالى بىلەن قىزى يوقاپ كېتىپ، ھازىرغىچە ئىز ـ دېرىكى يوق؛ يەكەن دەرياسىدىن تېپىلغان ھېلىقى باشسىز جەسەت، ئىسپاتلىنىشىچە چېگرا سىرتىدىكى ئالاقىچى ئۆمەر ئىكەن؛ بوستان شەھىرىگە يېقىن جايدىكى نېفىت قىدىرىش ئەترىتى يەنە بىر جىددىي دېلونى مەلۇم قىلدى: تۈنۈگۈن كېچە ئىككى ساندۇق تەۋرەتكۈچى بومبا يوقالغان. تەۋرەتكۈچى بومبا كۈچى ئىنتايىن زور پارتلاتقۇچ بولۇپ، ئۇنى يەر ئاستىغا كۆمۈپ قويۇپ، سۇنئىي يەر تەۋرەش دولقۇنى پەيدا قىلغىلى بولىدۇ. بۇ ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشى جەنۇبىي شىنجاڭدا يەنە تىنچسىزلىق باشلانغانلىقى، تىنچلىقنى قوغدىغۇچى ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان جۇڭ چېڭنىڭ زىممىسىدىكى يۈكنىڭ يەنىمۇ ئېغىرلاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

جۇڭ چېڭ بىلەن مەمتىمىن يوقالغان تەۋرەتكۈچى بومبا ۋەقەسىنى تەھلىل قىلىۋاتقاندا، تېلېفون جىرىڭلىدى. تېلېفوننى ۋاڭ لۇ بىلەن ئەلى ئىگەرچى يېزىسىدىن ئۇرغانىكەن. ۋاڭ لۇ قارا قوي ۋە غايىب بولغان ياشلار ۋەقەسىنى دوكلات قىلدى. جۇڭ چېڭنىڭ كۆڭلى بىر قىسىملا بولۇپ قالدى، ئۇ بۇنىڭ ئىچىدە جەزمەن مەسىلە بارلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ۋاڭ لۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ:

— قوينىڭ ۋەقەسى يېڭى ئىش ئەمەس، ئەمما بىرلا ۋاقىتتا يىگىرمە نەچچە ياشنىڭ غايىب بولۇشى ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك ئىش. بۇ ئىشنى ئاددىي چاغلىماسلىق كېرەك. يىگىرمە نەچچە تىرىك ئادەم بىر يەرگە جەم بولسا، ھەرقانداق ئىش يۈز

بېرىشى مۇمكىن. ساقچىخانا باشلىقى ئەركىنگە ئۇقتۇرۇپ قوي، بۇ كىشىلەرنىڭ نېمە قىلغىلى كەتكەنلىكى، بىرەر قانۇنسىز تەشكىلات قۇرۇۋاتامدۇ - قانداق؟ چوقۇم تېزلىكتە ئېنىقلاپ چىقسۇن، — دېدى.

ۋاڭ لۇ تېلېفوننى ساقچىخانا باشلىقى ئەركىنگە بەردى. ئەركىن:

— ئىدارە باشلىقى جۇڭ، خاتىرجەم بولۇڭ، مەن بۇ ۋەقەنى تەكشۈرۈشكە كىرىشتىم، — دېدى.

جۇڭ چېڭ خىزمەتنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، مۇنداق دېدى:

— يېرىم يىل ئىلگىرى يوقىتىلغان قاسىمنىڭ تېررورلۇق تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ئىچىدە سىلەرنىڭ يېزىدىن بىرقانچە ياشمۇ بار ئىدى، هازىر ئۇلار نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ، هەرىكەت يۈزلىنىشى قانداق، بۇنى جەزمەن ئېنىقلاش كېرەك.

— مەن هازىرلا قۇربان شۇجى بىلەن ئادەم ئىزدەش ئىشىنى مەسلىھەتلىشىمەن، — دېدى ئەركىن.

ئەركىن تېلېفوننى ئەلىگە بەردى. جۇڭ چېڭ ئەلىگە:

— ئىگەرچى يېزىسىغا يېقىن بىر يەردىكى نېفىت قىدىرىش ئەترىتىدە ئاخشام ئىككى ساندۇق تەۋرەتكۈچى بومبا يوقاپ كېتىپتۇ. بۇ ۋەقەنى هازىرچە مەخپىي تۇتۇۋاتىمىز. ئىدارىدە بۇ ۋەقەنى مۇزاكىرە قىلىپ، بۇ ۋەقەگە سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى هېس قىلدۇق. ما جيەنجۇڭ بىلەن يالقۇن سىلەر تەرەپكە كەتتى. ۋاڭ لۇ ئىككىڭلار ئۇلارغا ماسلىشىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تەۋرەتكۈچى بومبىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىڭلار، — دېدى.

ۋاڭ لۇ جۇڭ چېڭغا يەنە بىر ئىشنى ئېيتتى:

— باشلىق، باياتىن بىرسى «قارچىغا» خەت ساندۇقىغا خەت سېلىپتۇ. مەن ئۇنى تۇسۇپ قالدىم.

— مەزمۇنى نېمە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى جۇڭ چېڭ.

ۋاڭ لۇ ئەپسۇسلانغان هالدا:

— پۈتۈنلەي مەخپىي نومۇر ئىشلىتىپتۇ، مەن چۈشىنەلمىدىم، — دېدى.

— مەزمۇننى تېزرەك يېشىپ چىق، — دەپ بۇيرۇق قىلدى جوڭ چېڭ.

— خەت «قارچىغا» نىڭ خەت ساندۇقىدا تۇرىۋەرسۇنمۇ - قانداق؟ ۋاقىت ئۆزىراپ كەتسە، خەتنى تاپشۇرۇۋالغۇچىنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويىمىزمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىۋاتىمەن، — دېدى ۋاڭ لۇ يولىيورۇق سوراپ.

جوڭ چېڭ بېشىنى لىڭشىتىپ:

— خەتنى ئۆز ئورنىغا سېلىپ قوي. ئەمما ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، خەتنى يېشىپ چىق. ئەگەر قىيىنچىلىق بولسا، ج خ مىنىستىرلىقىدىكى مۇتەخەسسىسلەردىن سورىساڭ بولىدۇ، — دېدى.

جوڭ چېڭ ۋاڭ لۇغا:

— نېفىت قىدىرىش ئەترىتىگە بېرىپ، دېلو ئەھۋالىنى كۆرگەندىن كېيىن، دەرھال ئىدارىگە قايتىپ كەل، — دەپ يولىيورۇق بەردى. ما جيەنجوڭ بىلەن يالقۇن ئالدىراپ ئىگەرچى يېزىسىغا يۈرۈپ كەتتى.

ساقچىخانا باشلىقى ئەركىن ساقچىخانىنىڭ ھېلىقى «تويوتا 4500» تىپلىق دالا ئاپتوموبىلىنى ئۆزى ھەيدەپ، ۋاڭ لۇ قاتارلىق تۆت ئادەمنى 50 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى نېفىت قىدىرىش ئەترىتىگە ئاپىرىپ قويدى. نېفىت قىدىرىش ئەترىتى تاغ قاپتىلىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆپچىلىك ناھايىتى تەسلىكتە مېڭىپ چىقتى.

نېفىت قىدىرىش ئەترىتىدىكى تېخنىك كۆزەينەك تاقىۋالغان يىگىت بولۇپ، ئۇ ئىككى ساندۇق تەۋرەتكۈچى بومبىسىنىڭ يوقىلىش جەريانىنى ئاددىيلا تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئۇ ئالدىنقى كۈنى ئۆزىنىڭ بومبىلارنىڭ سانىنى ئېلىپ چىققانلىقىنى، بۈگۈن ئەتىگەن ئۇنىڭ يوقالغانلىقىنى بايقىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ يېقىن ئەتراپتا قوي بېقىۋاتقان بىر قىزدىن سوراپتىكەن، ئۇ قىز بۈگۈن سەھەردە ئۆزىنىڭ قوي باققىلى كېلىۋېتىپ، بىرقانچە ئەرنىڭ قانداقتۇر بىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ تاغ كەينىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— تاغ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى دەمسىز؟ — دەپ سورىدى ما

جيەنجۈڭ تۇيۇقسىز سۆز قىستۇرۇپ.

— توغرا، ھېلىقى قىزچاق ماڭا شۇنداق دېدى، — دەپ جاۋاب بەردى تېخنىك.

ما جيەنجۈڭ ئالدىراپ:

— سىلەر ئىزدەپ باقتىڭلارمۇ؟ بۇ يەرگە كەلگەن يەنە باشقا ئادەم بارمۇ - يوق؟ — دەپ سورىدى.

— بۇنداق كەڭ يەردە ئۇلارنى نەدىن تاپىمىز؟ بىز دەرھال دېلونى ساقچىغا مەلۇم قىلدۇق. شۇڭا سىلەر كەلدىڭلار ئەمەسمۇ! — دېدى تېخنىك سەممىيلىك بىلەن.

— بەك ياخشى بولدى، بىز دەرھال تاغدىن چۈشەيلى، سىلەر مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتۈپ كەتمەي، كەينىمدىن مېڭىڭلار، — دېدى ما جيەنجۈڭ ھاياجانلىنىپ.

ۋاڭ لۇ چۈشەنمەستىن:

— بۇ ئۇنىڭ نېمە دېگىنى؟ — دەپ سورىدى يالقۇندىن.

— سەن چۈشەنمىدىڭ، ئۇ نەق مەيداننى باشقىلارنىڭ بۇزۇۋېتىمىگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ كەتتى. شۇنداقتا ئاياغ ئىزىنى پەرق قىلىش ئاسان بولىدۇ - دە، — دېدى يالقۇن.

ئۇلار تاغنىڭ يانباغرىدىن تۆۋەنگە بويلاپ، ئاياغ ئىزىنى ئىزلىدى. تەخمىنەن 5 – 6 كىلومېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن، «كىسېنول لامپىلىق، كۆپ دولقۇنلۇق نۇر مەنبەسى» ئاپپاراتىنى كۆتۈرۈۋالغان ما جيەنجۈڭ تۇيۇقسىز ۋارقىراپ كەتتى:

— نىشاننى تاپتىم!

ۋاڭ لۇ ئەتراپىغا قارىۋىدى، ھېچكىم كۆرۈنمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاياغ ئاستى شېغىل ۋە ئوت - چۆپ بولۇپ، ئاياغ ئىزىنى بايقاش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ما جيەنجۈڭغا:

— سەن جۆيلۈۋاتامسەن؟ نەدە نىشان بار؟ — دېدى.

ما جيەنجۈڭ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، چۆپلۈكتىكى ئاياغ ئىزىنى ئاپپاراتقا داۋاملىق چۈشۈرىۋەردى. ئۇ توساتتىن يەنە ۋارقىرىدى:

— تېز قاراڭلار، ئاياغ ئىزى! يالقۇن، دەرھال ئۇلترا بىنەپشە نۇرلۇق كۆزنەتش سۈرەتكە تارتىش سىستېمىسىنى ئىشقا سال.

ۋاڭ لۇ ما جيەنجۈڭ كۆرسەتكەن جايغا بېرىپ قارىۋىدى،

يەنىلا ھېچقانداق ئاياغ ئىزىنى كۆرمىدى. يالقۇن ئۇنىڭغا:
— سەن ئەلۋەتتە كۆرەلەيسەن. بۇ جەھەتتە، ما جيەنجۇڭ دېگەن مۇتەخەسسىس، ئۇ ئاياغ ئىزى دېگەنىكەن، ھەرگىز خاتا ئەمەس، — دېدى.
ئۇلار ئېگىشىپ، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، ما جيەنجۇڭ كۆرسەت- كەن ئاياغ ئىزىنى بويلاپ ماڭدى. توپتوغرا بەش كىلومېتىر ماڭ- غاندىن كېيىن، ئاياغ ئىزى بىر كەنتنىڭ ئاغزىدا ئۈزۈلۈپ قالدى.
ما جيەنجۇڭ ئىشەنچ بىلەن:
— تېپىلدى، — دېدى.
— نېمە تېپىلدى؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ لۇ يەنىلا چۈشەن- مەي.
ما جيەنجۇڭ مەنىستىمىگەندەك:
— تەۋرەتكۈچى بومبىنى ئوغرىلىغان ئادەم تېپىلدى. ئۇ ئوغ- رى مۇشۇ كەنتتە، — دېدى.
ۋاڭ لۇ ما جيەنجۇڭنى پو ئېتىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ:
— سەن جەزم قىلالامسەن؟ — دەپ سورىدى.
ما جيەنجۇڭ ناھايىتى ئەستايىدىل ھالدا:
— سەن مەندىن گۇمان قىلىۋاتامسەن؟ مەن بىلەن قول باغ- لىشالامسەن؟ سەن ئىشىنەمسەن؟ بىز بۈگۈن كەچ كەنتكە كىر- سەك، ئەتە ئەتىگەندىلا ھېلىقى ئەبلەخ تەۋرەتكۈچى بومبىنى سىرتقا تاشلىۋېتىدۇ، — دېدى.
— بولىدۇ، نېمە بىلەن باغلىشىمىز؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ لۇ.
ما جيەنجۇڭ بىرپەس ئويلاۋېلىپ:
— نېمە بىلەن باغلىشىمىز؟ دېلونى پاش قىلغاندىن كېيىن بىرنېمە دېيىشىلى، ئىشقىلىپ سەن ئۇتتۇرۇۋەتتىڭ، — دېدى.
ۋاڭ لۇنىڭ قىزىققاقلىقى ئاخىر ئۇنى قول باغلىشىشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇ، سەن ما جيەنجۇڭ مەن بىلەن ئوخشاش، ئىككى كۆزۈڭ، ئىككى قولۇڭ، ئىككى پۇتۇڭ بار. سەن ئىلغار ئەسۋاب- تىن پايدىلىنىپ، ئاياغ ئىزىنى ئاپپاراتقا چۈشۈرۈۋالغىنىڭ بىلەن- مۇ، مەن سېنىڭ بۇ دېلونى قانداق پاش قىلغىنىڭنى بىر كۆرەي،

دەپ ئويلىدى.

ساقچىخانا باشلىقى ئەركىن ئۇلارنىڭ قول باغلاشقىنىغا قىزىقىپ قاراپ تۇردى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆڭلى خېلى يەڭگىللەپ قالدى. قارىغاندا دېلو پاش بولىدىغاندەك تۇراتتى. چۈنكى، ئۇ ما جيەنجۇڭنىڭ سۆزىگە بىرئاز ئىشىنەتتى. ئۇ ئىككىسى بىر قىسىمدىن كەلگەنىدى. ئەينى ۋاقىتتا، ئەركىن ئالاقىچى، ما جيەنجۇڭ بولسا ساپېيور ئىدى. ما جيەنجۇڭ قىسىمدىكى ۋاقتىدا «ساپېيور مۇتەخەسسىس» دەپ نام ئالغانىدى. شۇڭا ئەركىن ئۇنىڭغا ئىشەنمەي كىمگە ئىشىنسۇن؟ ئەركىن كۆپچىلىككە تونۇشتۇردى:

— بۇ كەنت قۇلۇق كەنتى دەپ ئاتىلىدۇ. ئىگەرچى يېزىسى بويىچە بۇ كەتنىڭ نوپۇسى ھەممىدىن كۆپ.

## 2

شىرئەلى ياسىنغا بىر مۇشكۇل ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭغا تەلىم - تەربىيە بازىسى ئۈچۈن بىرئاز پارتلاتقۇچ بومبا تېپىش كېرەكلىكى، بۇنىڭ كېيىن چوڭ ئىشلارغا ئەسقاتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

ياسىن بىلەن مەمەت ئىلگىرى ھەربىيلەرنىڭ قورال ئىسكىلاتىنى بۇلاشنى، شۇنداقلا پارتلاتقۇچ بومبا ياساشنى بىلىدىغان ئادەمگە ياستىشنىمۇ پىلانلىغانىدى. مەمەت بىر يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەپ، ئۆزىنىڭ تۇرغۇن ئىسىملىك بىر دوستى بارلىقى، ئىگەرچى يېزىسىنىڭ قۇلۇق كەنتىدە تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. تۇرغۇننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلارنىڭ كەنتىدىن 50 كىلومېتىرچە يىراقلىقتا بىر نېفىت قىدىرىش ئەترىتى بولۇپ، ئۇلاردا تەۋرەتكۈچى بومبا بار ئىكەن، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ كۈچى پارتلاتقۇچ بومبىنىڭ كۈچى بىلەن ئوخشاش ئىكەن.

ياسىن نېفىت قىدىرىش ئەترىتىدىكى تەۋرەتكۈچى بومبىنىڭ ئىشىنى شىرئەلىگە ناھايىتى بىلەرمەنلىك بىلەن:

— مەمەتنىڭ دېگىنى توغرا. ئۇ نەرسىدە پارتلاتقۇچ بومبا ياسىغىلى بولىدۇ، — دېدى.

ـــ ئۇنى قولغا كەلتۈرەمدۇق؟ ـــ دەپ سورىدى ياسىن.
شىرئەلى سوغۇققىنا قىلىپ:
ـــ سىلەر ئاۋۋال ئورۇننى تاللاڭلار، قاچان قول سېلىش مەسىلىسىدە مېنىڭ بۇيرۇقۇمنى كۈتۈڭلار. تۇرغۇن ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىپ قالمىسۇن، ـــ دېدى.
ياسىن بىلەن مەمەت قۇلۇق كەنتىگە باردى. ئۇچەيلەن ئوغرىلىقچە نېفىت قىدىرىش ئەترىتىنى چارلاپ، راستلا تەۋرەتكۈچى بومبا بارلىقىنى بايقىدى.
شۇ كۈنى قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن، ياسىن، مەمەت ۋە تۇرغۇن ئۇچەيلەن سىلاپ ـ سىيپاپ تاغقا چىقىپ، يېرىم كېچىدە ئۇ نەرسىنى ئوغرىلاپ چىقتى ـ دە، ئارقىدىن ئۇنى نۆۋەت بىلەن يۈدۈپ، تاغدىن چۈشۈپ كەتتى. تاڭ يورۇشقا ئاز قالغاندا، ئاران تۇرغۇن تۇرغان كەنت ئېغىزىغا يېتىپ كەلدى. ياسىن تەۋرەتكۈچى بومبىنى ئاۋۋال تۇرغۇننىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى مەمەت بىلەن شەھەرگە كىرىپ ماشىنا تېپىپ ئاچىقىپ، ئاندىن ئۇ نەرسىنى ئېلىپ كېتىش قارارىغا كەلدى. ياسىن تۇرغۇننى ئالداپ، تەۋرەتكۈچى بومبىنى ئوغرىلاپ، شەھەرگە ئاپىرىپ سېتىپ، خىراجەت ئۈچۈن ئازراق پۇل ھەل قىلماقچىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئەمما، مەمەت يەنە ئوغرىلىقچە تۇرغۇنغا تەۋرەتكۈچى بومبىنى ئوغرىلاپ پارتلاتقۇچ بومبا ياسىماقچىكەنلىكى، ئۆزلىرىنىڭ مەلۇم بىر مەخپىي تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ قويدى.
تۇرغۇن ئىككى ساندۇق تەۋرەتكۈچى بومبىنى ھويلىسىدىكى سامانلىققا يوشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزىمۇ سامانلىقتا تاڭ يورۇغىچە ياتتى. ئاخىر تاڭ يورۇدى، تۇرغۇن سامانلىقتىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ، غىپپىدە كەنت سىرتىغا چىقىپ كەتتى ـ دە، كۆۋرۈك بېشىدا ئولتۇرۇپ، ياسىن بىلەن مەمەتنىڭ ماشىنا ئېلىپ كېلىشىنى كۈتتى.
بىراق، يېرىم كۈن ساقلىغان بولسىمۇ، ئۇ ئىككىسىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ، ئۇلار ساقچىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان بولسا، مېنى سېتىۋەتكەنمىدۇ؟ دەپ ئويلىدى. ئۇ ئويلىغانسېرى قورقۇشقا باشلىدى، ئا-

خىر تەۋرەتكۈچى بومبىنى كەنت بېشىدىكى كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا يۆتكىۋېتىش قارارىغا كەلدى. شۇنىڭدا ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئاز بىخەتەر بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە ئوغرىلىقچە ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، سامانلىقتىن ھېلىقى ئىككى ساندۇق تەۋرەتكۈچى بومبىنى سۆرەپ چىقتى. ئۇ ئىككى ساندۇق بومبىنى بىراقلا كۆتۈرۈپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، بەك ئېغىر بولغانلىقتىن كۆتۈرەلمىدى. ئۇ ئويلاپ بېقىپ، بىر ساندۇقنى سامانلىققا ئەكىرىۋېتىپ، ئاۋۋال بىر ساندۇقنى كۆتۈرۈپ ماڭماقچى بولدى. ئۇ ئاياغ ئىزىنى قالدۇرماسلىق ئۈچۈن، بىر سۈپۈرگىنى تېپىپ، ئۆيىنىڭ ئىشىكىدىن باشلاپ كەينىچىلەپ مېڭىپ، ھەربىر قەدەم ماڭغاندا، سۈپۈرگە بىلەن ئاياغ ئىزىنى سۈپۈرۈپ، تاكى يول بويىغا قەدەر ئاياغ ئىزى قالدۇرمىدى. ئۇ سۈپۈرگىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، ئەتراپتا ئادەم بار - يوقلۇقىغا قاراپ باققاندىن كېيىن، ئۈچقاندەك بېرىپ، تەۋرەتكۈچى بومبىنى كەنت بېشىدىكى كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا قويۇپ قويدى.

ئارقىدىن ئۇ غىپپىدە ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، تاغدا تەۋرەتكۈچى بومبىنى ئوغرىلىغان چاغدا كىيگەن بىر جۈپ ئايىغىنى ئوچاققا تاشلىدى. ئۇ پەقەت ئاشۇ بىر جۈپ ئاياغنى كۆيدۈرۈۋەتسەملا، ساقچىلار تاغدىكى ئاياغ ئىزىنى تېپىۋالغان تەقدىردىمۇ، پاكىت بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مېنى تاپالمايدۇ دەپ ئويلىغانىدى.

ما جيەنجۈڭ بىلەن يالقۇن يول بويى ئاياغ ئىزلىرىنى كۆرۈپ، كاللىسىدا بۇرۇنلا ئۈچ جۈپ ئاياغ ئىزىنىڭ شەكلىنى مۇقىملاشتۇرۇپ بولدى. ئۇ ئىككىسى ئەھۋالنى يىغىنچاقلاپ، دېلو سادىر قىلغۇچى قاۋۇل ئۈچ ياش دېگەن يەكۈننى چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسى ساقچىخانا باشلىقى ئەركىنگە كەنتتىكى 20 ياشتىن 50 ياشقىچە بولغان ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئايىغىنى يىغىپ كېلىپ سېلىشتۇرۇش تەكلىپىنى بەردى.

ۋاڭ لۇغا بۇ ئۇسۇل بەكمۇ ئىپتىدائىي تۇيۇلدى، ئۇ چىداپ تۇرالماي:

— بىز ئاياغ ئىزىنى سېلىشتۇرامدۇق؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، — دېدى ما جيەنجۈڭ.

ۋاڭ لۇ ئەندىشە قىلىپ:
— سەن ئاياغ ئىزى دەل مۇشۇ كەنتتىكىلەرنىڭ ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىسەن؟ ناۋادا، ئاياغلارنى سىلىشتۇرغان بىلەن دىلو پاش بولماي قالسىچۇ؟ — دەپ سورىدى.
ما جيەنجۇڭ ئۇنىڭ زىتىغا تەگدى:
— ستۇدېنت، ئىلغار پەن - تېخنىكا ۋاستىلىرى ئەلۋەتتە مۇھىم. لېكىن، ئەمەلىي دېلونى پاش قىلىش جەريانىدا، بەزىدە ئىپتىدائىي ئۇسۇلمۇ ناھايىتى ئەسقاتىدۇ. ئىشەنمىسەڭ، قاراپ تۇر - ھە!
— مەن قول كومپيۇتېرنى ئالغاچ كەلدىم. مەن ساڭا ياردەم قىلىپ، سىلەر توپلىغان ئاياغ ئىزلىرىنى كومپيۇتېرنىڭ «ئاياغ ئىزى سانلىق مەلۇماتلار ئامبىرى»غا خاتىرىلەپ قوياليمەن، — دېدى ۋاڭ لۇ ئەسكەرتىپ.
ما جيەنجۇڭ تاقەتسىزلىك بىلەن قولىنى پۇلاڭلاتتى:
— ئۇنداق بولسا، ساڭا رەھمەت! ئەمما، مېنىڭچە، سېنىڭ ھازىرقى ۋەزىپەڭ ئاياغلارنى تېپىش.
ساقچىخانا باشلىقى ئەركىن قۇلۇق كەنتنىڭ كادىرلىرىنى تېپىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆيمۇئۆي ئارىلاپ، شۇ ياشتىكى ئەرلەرنىڭ ئاياغلىرىنى يىغىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، خىلمۇخىل كۆچلۈك پۇراقلارغا تولغان ئەرلەرنىڭ ئاياغلىرى بىر - بىرلەپ تاغارلارغا سېلىنىدى. ۋاڭ لۇنىڭ بۇنداق ئىشنى تۇنجى قېتىم قىلىپ بېقىشى ئىدى. ئۇ خېلىغىچە بۇرنىنى ئېتىۋالغان بولسىمۇ، يەنىلا كۆڭلى ئاينىپ، ياندۇرغۇسى كەلدى. ئەلى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ:
— لاۋما بىلەن بىرگە ئىشلىسەك، دائىم سېسىق ئاياغلار بىلەن ھەپىلىشىدىغان گەپ. ئۇ مۇشۇنداق ئىشلەشكە كۆنۈپ قالغان ئوخشايدۇ، ھەرگىز كۆڭلى ئېلىشمايدۇ. ئەمما، بۇ خىل يەرلىك ئۇسۇل تېخى ناھايىتى توغرا چىقىدىكەن. بەزىدە راستتىنلا دېلومۇ پاش بولىدىكەن، — دېدى.
ما جيەنجۇڭ بىلەن يالقۇن ئىككى يۈز نەچچە جۈپ ئاياغنى نەچچە سائەت ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئاران كۆرۈپ بولدى. ئىككىي-

لەن ھەيران قالدى، بولۇپمۇ ما جيەنجۇڭ قارىغانسېرى قوشۇمىلد-
-رى تۈرۈلۈپ جىددىيلەشتى؛
— توغرا ئەمەسقۇ؟ نېمىشقا ھېلىقى بىرقانچە جۈپ ئاياغ
يوق؟ ئايىغىنى ئالماشتۇرۇۋەتتىمۇ؟ ئادەم قېچىپ كەتتىمۇيا؟ بۇن-
داق تېز بولۇپ كەتمەس - ھە؟
ۋاڭ لۇنىڭ كۆڭلىدە مەنستمەسلىك تۇيغۇسى پەيدا بولدى.
ئۇ ما جيەنجۇڭنىڭ كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويۇپ؛ ئاتە پونى،
داۋاملىق پو ئات! ئەمدى قانداق گېپىڭ باركىن، قېنى كۆرۈپ
باقاي، دەپ ئويلىدى.
ما جيەنجۇڭ ۋاڭ لۇنىڭ ئۆزىگە بولغان كۆزقارىشىغا زادىلا
دىققەت قىلمىدى. ئۇ بىرھازا ئويلانغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىز:
— مېڭىش ئۇسۇلىغا قاراپ ئىز قوغلاش كېرەك! — دېگەن
قارارغا كەلدى.
— مېڭىش ئۇسۇلىغا قاراپ ئىز قوغلاش دېگەن نېمە؟ —
دەپ سورىدى ۋاڭ لۇ قىزىقىپ.
ما جيەنجۇڭنىڭ ئۇنىڭغا قارىغۇدەك چولىسى يوق ئىدى، سې-
نىڭچە قانداق؟ دېگەن نەزەردە يالقۇنغا قارىدى، يالقۇن بېشىنى
لىڭشىتىپ قويۇپ، ئارقىدىن ۋاڭ لۇغا:
— بىز كەنتتىكى ياشلارنى يىغىپ، ئۇلارنى ماڭدۇرۇپ كۆر-
مەكچىمىز. ما جيەنجۇڭ ئۇلارنىڭ مېڭىش قىياپىتىگە قاراپ،
كىمنىڭ تەۋرەتكۈچى بومبىنى ئوغرىلىغان گۇماندار ئىكەنلىكىگە
ھۆكۈم قىلالايدۇ، — دەپ پىچىرلىدى.
— شۇنداقمۇ؟ — ۋاڭ لۇنىڭ ما جيەنجۇڭنىڭ قانداق ھۆكۈم
قىلىدىغانلىقىنى بەكمۇ بىلگۈسى كەلدى.
100 دىن ئارتۇق قاۋۇل ياش ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ، كەنت
كومىتېتىغا توپلاشتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغۇنمۇ بار ئىدى. ئۇ
ساقچى تونۇپ قالارمىكىن دەپ بەكمۇ پاراكەندە بولۇپ كېتىۋاتات-
تى. كەنت كادىرى ئۇنىڭ ئايىغىنى يىغىپ كەتكەندىن كېيىن،
ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقلىنى تېپىپ ئايىغىنى كۆيدۈرۈۋەتكىنىگە ئىچ -
ئىچىدىن خۇشال بولدى، ئاندىن ياسىن بىلەن مەمەتنىڭ قايتىپ
كەلمەسلىكىنى تىلىدى. بولمىسا ساقچىلار ئۇلارنى جەزمەن تۇتۇپ

كېتەتتى. كىم بىلسۇن! ساقچىلار تېخىمۇ ئەقىللىق چىقىپ قال-
دى، ئۇلار ئاياغنى تاپالمىغان بىلەن، ئۇلارنىڭ مېڭىش قىياپىتىنى
كۆرمەكچى بولدى. ئەجەبا، ساقچىلار مېڭىش قىياپىتىگە قاراپلا
جىنايەتچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلەرمۇ؟ زادى ساقچىنىڭ
قانچىلىك بىلىمى بارلىقىنى تۇرغۇن ئويلاپ يېتەلمىدى.

يىغىلغان قاۋۇل ياشلار ما جيەنجۇڭنىڭ تەلىپى بويىچە، ئۇ-
نىڭ ئالدىدا ئايرىم - ئايرىم ئون نەچچە قەدەمدىن مېڭىشى كېرەك
ئىدى. بۇ ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى كۆڭلىدە ھېچ ئىش بولمىغاچقا،
ئىپادىسى ناھايىتى تەبىئىي بولدى؛ بەزىلەر قىزىقچىلىق قىلىپ،
ئەتەي ساقچىنى كۆرسۇن دەپ، بىرقانچە قەدەم ئارتۇق ماڭدى؛
جىددىيلىشىپ ھودۇقۇپ كەتكەنلەر خۇددى كېسەل ئادەمدەك
ئېگىز - پەس دەسسەپ، قەدەمنى چوڭ - كىچىك ئېلىپ ماڭدى.
— سەن توختا! بۇياقتا تۇر! — ما جيەنجۇڭ ھېلىقى
ئېگىز - پەس دەسسەپ ماڭغان ياشنى ئېلىپ قالدى.
يەنە بىر ياش ما جيەنجۇڭنىڭ ئالدىدىن مېڭىپ ئۆتكەندە، گويا
قورسىقىدا جىن باردەك پۈتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىۋىدى، ما جيەنجۇڭ
كەسكىن ھالدا ۋارقىرىدى:
— ھەي، سەن توختا! بۇ ياقتا تۇر!
بۇلارنىڭ ئارىسىدا كۆڭلى ئەڭ پاراكەندە بولغىنى تۇرغۇن
ئىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ما جيەنجۇڭ بىلەن ئۇچرىشىشىغا، ئۇ
ھودۇقۇپ كېتىپ، كۆزلىرىنى ئەپقاچتى، مېڭىش قىياپىتىمۇ ئىن-
تايىن تەبىئىي ئەمەس، قالايمىقان دەسسەپ ماڭدى. ما جيەنجۇڭ
بىر قاراپلا، ئۇنى يېڭىۋاشتىن مېڭىشقا بۇيرۇدى. تۇرغۇن يەنىلا
تولىمۇ نورمال بولمىغان مېڭىش قىياپىتىنى ئىپادىلەپ قويدى.
ما جيەنجۇڭ قىلچىمۇ يۈز - خاتىر قىلماستىن:
— سەنمۇ توختا! بۇياقتا تۇر! — دېدى.
ما جيەنجۇڭ ئۇلارنى كۆرسىتىپ، ياڭفۇنغا:
— سەن سوراق قىل، بۇ ئۈچ ئادەمدە چوقۇم مەسىلە بار،
ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرەرسى چىقمىسا، فامىلەمنى يۆتكىۋې-
تىمەن، — دېدى ۋاڭ لۇ قىزىقسىنىپ:
— جەزم قىلالامسەن؟ — دەپ سورىدى.

ما جيەنجۇڭ ئۆزىگە ئىشەنگەن هالدا:

— ئەمىسە سەن نەتىجىسىنى كۆرۈپ باق، — دېدى.

يالقۇن سائىتىگە قارىدى، سائەت يېرىم كېچىدىن ئېشىپ، ئۈچ بولغانىدى. ئۇ كۆپچىلىككە:

— بىز ئاۋۋال يېرىم سائەت كۆز يۇمۇپ، ئارام ئېلىۋېلىپ، ئاندىن داۋاملىق سوراق قىلساق قانداق؟ — دېگەن تەكلىپنى بەردى.

ساقچى باشلىقى ئەركىن:

— مېنىڭچە شۇنداق قىلايلى، مۇنداق بولسۇن، ھەممەيلەن مۇشۇ ئۆيدىن چىقماي، نۆۋەتلىشىپ ئارام ئالايلى، — دېدى.

ئىچكەركى ئۆيدىكى بىرقانچەيلەن قاتتىق ئۇيقۇسى كەلگەنلىكتىن، ئۇيان - بۇيانغا سوزۇلۇپ، ئۇخلاپ قېلىشتى. ئېلىپ قېلىنغان ئۈچ ئادەممۇ تاشقىرىقى ئۆيدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ئۇيقۇغا كەتتى. تۇرغۇن ئەمەلىيەتتە ئەسلا ئۇخلىمىدى، ئۇ ھەر ۋاقىت قېچىش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتتى.

ۋاڭ لۇ يۈزىگە سۇ چېچىپ، ئۇيقۇسىنى قاچۇرماقچى بولۇۋىدى، سۇداندا سۇ يوق بولۇپ چىقتى. ئۇ ئەلىگە:

— مەن سىرتقا چىقىپ ھاۋا يېگەچ، تاماكا چېكىۋالاي، — دېدى.

— چىقىپ كىر، چاتاق يوق، بۇ يەردە مەن بار، — دېدى ئەلى.

ۋاڭ لۇ تالاغا چىقىپ، كېچە ئاسمىنىغا قارىدى، ئۇنىڭ كاللىسى پۈتۈنلەي قولغا كەلتۈرگەن مەخپىي شىپىر بىلەن تولغانىدى. بۇ بىر كۈندە، ئۇ 100 نەچچە خىل ئۇسۇل بىلەن سىناق قىلىپ، مەخپىي بىرىكتۈرۈپ، مەخپىي شىپىرنى يەشمەكچىدى. ئۇ كۆڭلىدە نۇرغۇن قېتىملاپ يېشىپ باقتى، ئاخىر يولىنى تاپقاندەك بولدى. بۇ بىر قاتار مەخپىي شىپىرنىڭ مەنىسى: «مەن سېنىڭ ساتقىن ئۆمەرنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشىڭگە قوشۇلمەن؛ راسخوتنى ساڭا بىر قېتىمدىلا بېرىۋېتىشكە بولمايدۇ، چېگرادىكى بازىغا مەبلەغ كېرەك؛ يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلىدىغان 24 ئادەمنىڭ تىزىمىنى تېزرەك تۈزۈپ چىق، ئۈچ كۈن ئىچىدە ماڭا جاۋاب

قايتۇر» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.
ۋاڭ لۇ مەخپىي شىپىرنى يېشىپ بولۇپ، ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ يانفوننى ئېلىپ، سىگنال بار جاينى تېپىپ، جۇڭ چېڭنىڭ يانفون نومۇرىنى ئۇردى.
كۆزەتچىلىككە مەسئۇل بولغان ئەلى ئىشىككە يۆلىنىپ بىر ئاز ئارام ئېلىۋالماقچى بولدى. كىم بىلسۇن؟ ئارام ئېلىش چەك-تىن ئېشىپ، كۆزىنى يۇمۇش بىلەنلا ئۇخلاپ كەتتى.
تۇرغۇن پۇرسەت كەلگەنلىكىنى پەملەپ، ئورنىدىن تۇرۇپلا قاچماقچى بولدى، بىراق، يەنە: ساقچىلارنىڭ تېخى ئۇنى سوراق قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلىكى، ھامان ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلىۋالىدى-غانلىقى، ئۇ چاغدا ئۇنى بەربىر تۇتۇۋالىدىغانلىقى، شۇڭا بەربىر ئىقرار قىلغان ياخشى ئىكەنلىكىنى ئويلىدى. ئۇ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ، ئىككى قۇر خەت يازغاندىن كېيىن، غىپپىدە ئەلىنىڭ پۇتىنى ئاتلاپ ئۆتۈپ، قېچىپ كەتتى.
تۈن يېرىمدىن ئېشىپ، سائەت ئۈچ بولغاندا، جۇڭ چېڭنىڭ يانفونى سايرىدى. جۇڭ چېڭ ئېلىپ قارىۋىدى، ۋاڭ لۇدىن كەلگەن تېلېفون ئىكەن.
ۋاڭ لۇ ھاياجان بىلەن دوكلات قىلدى:
— باشلىق، مەخپىي شىپىرنىڭ مەزمۇنىنى يەشتىم.
جۇڭ چېڭ بىردىنلا روھلىنىپ:
— قېنى، تېزرەك ماڭا ئېيتە! — دېدى.
ۋاڭ لۇ مەخپىي نومۇرنىڭ مەزمۇنىنى قىسقا ئۇچۇر شەكلىدە جۇڭ چېڭنىڭ يانفونىغا كىرگۈزدى. جۇڭ چېڭ ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇيقۇسى پۈتۈنلەي ئېچىلىپ كەتتى. ئۆمەرنىڭ ئىشى ئۇنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىققانىدى. ئۇ دىققىتىنى «چېگرادىكى بازا» ۋە «يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلىدىغان 24 ئادەمنىڭ تىزىمى» غا مەر-كەزلەشتۈردى. بۇ ھەرگىزمۇ كىچىك ئىش ئەمەس - دە!
— بىر ئامال قىلىپ «قارچىغا» نى تاپقىلى بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى جۇڭ چېڭ.
— ئىشقىلىپ «قارچىغا» جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى تەۋەسىدە تورغا كىرسىلا، مەن ئۇنى تاپالايمەن، — دېدى ۋاڭ لۇ.

— تاڭ يورۇشى بىلەن دەرھال قايتىپ كەل، — دەپ بۇي-رۇق چۈشۈردى جۇڭ چېڭ.
— خوپ! — دېدى ۋاڭ لۇ.
ۋاڭ لۇ كېچە بوشلۇقىدا بىرقانچە ساغلاملىق ھەرىكەتلىرىنى ئىشلىگەندىن كېيىن، قايتىپ ئۆيگە كىردى. ئۇ ئىشىكتىن كى-رىپلا داڭقېتىپ قالدى. ئۇ ئەلىنى ئويغىتىپ:
— ھەي، ئادەمنىڭ بىرسى كەمغۇ؟ — دەپ سورىدى.
ئەلى لىككىدە سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى - دە، يانپېشىدىكى تاپانچىنى سىلاپ قويۇپ:
— چاتاق بولدى، ئادەم قېچىپتۇ! — دەپ ۋارقىرىدى.
ئېلىنىڭ ۋارقىرىشى بىلەن، ئۆيدە ئۇخلاۋاتقانلارنىڭ ھەممى-سى چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىشتى.
— ھۇ، نان قېپىلار! — ما جيەنجۇڭ ئېتىلىپ چىقىپ، كانىيى يىرتىلغۇدەك ۋارقىراپ، ۋاڭ لۇ ۋە ئەلى بىلەن ئۇرۇشماق-چى بولۇۋىدى، يالقۇن توسۇۋالدى.
ۋاڭ لۇ بىلەن ئەلىنىڭمۇ چىرايى تاتىرىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. ئەلى قالغان ئىككى ياشتىن:
— بايىقى ياشنىڭ ئىسمىنىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى.
ئىككىلا ياش بېشىنى چايقىدى. ئارقىدىن ئۇلارنىڭ بىرى:
— بۇ كەنت بەك چوڭ، كۆرسەك چىراي تونۇش بولغان بىلەن، ئادەتتە ئىسمىنى ئۇقمايمىز، — دېدى.
ۋاڭ لۇنىڭ كۆزى ئۇستەلدىكى قەغەزگە چۈشتى. ئۇ دەرھال بېرىپ كۆرگەندىن كېيىن، چىرايى تېزدىن ئەسلىگە كەلدى. با-غاقچىدا مۇنداق يېزىلغانىدى: «يولداش ساقچى، مەن خاتالاشتىم. ئۇ نەرسىنى مەن ئالغان. ئەسلىدە ئالماسلىقىم كېرەك ئىدى. مەن ئۇ نەرسىنى كەنت بېشىدىكى كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا قويۇپ قويدۇم، سىلەر دەرھال بېرىپ ئېلىپ كېتىڭلار.»
ما جيەنجۇڭ ئەسلىدە ئاچچىقىنى باسالماي تۇراتتى، ۋاڭ لۇ-نىڭ باغاقچىنى ئېلىپ كۆلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئېتىلىپ كېلىپ باغاقچىنى تارتىۋېلىپ كۆرۈۋىدى، ئۆزىمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ ۋاڭ لۇنى كۆرسىتىپ:

— قانداق؟ مەن دېدىمغۇ، مانا، تاڭ يورۇماستىنلا، ئۇلار نەرسىنى تاشلاپ بەردى، — دېدى.

ئۇلار ئالدىراپ كەنت بېشىدىكى كۆۋرۈك ئاستىغا كەلدى. دەرۋەقە، ئۇ يەردە تۇرغان بىر ساندۇق تەۋرەتكۈچ بومبىنى كۆر- دى. ئەستايىدىل ما جيەنجۈڭ ساندۇق ئۈستىدە تۇرغان بىرقانچە تال سامانىنى كۆرۈپ قالدى.

ۋاڭ لۇ ئەمدىلىكتە ما جيەنجۇڭغا قايىل بولدى، ئۇ چىن كۆڭلىدىن ماجيەنجۇڭنى ماختاپ:

— ما جيەنجۇڭ، سېنىڭ دېگىنىڭ دەل توغرا چىقتى، تاڭ يورۇماستىنلا، تەۋرەتكۈچى بومبا ئۈزلۈكىدىن تېپىلىپ قالدى، — دېدى.

ۋاڭ لۇ تىت - تىت بولۇپ:

— بۇ كاساپەت قېچىپ كەتتىمۇيا؟ بىز ھەتتا ئۇنىڭ ئىسمى- نىڭ نېمە ئىكەنلىكى، نەدە ئولتۇرىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيمىز، — دېدى.

ما جيەنجۇڭ قوپاللىق بىلەن:

— ئەمدى بۇ گەپنى قىلغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ ئامال قىلىپ ئۇنى تېپىش كېرەك. ئايىغىڭنىڭ ئاستىغا دىققەت قىل، ئۇ ئەبلەخ- نىڭ ئاياغ ئىزى بارمۇ - يوق، قاراپ باق! — دېدى.

كۆپچىلىك يەنە ما جيەنجۇڭنىڭ تەلىپى بويىچە، كۆۋرۈك بېشىنى بويلاپ ئاياغ ئىزىنى ئىزلەشكە كىرىشتى. ما جيەنجۇڭ ياندا ئېلىپ يۈرىدىغان كۆپ دولقۇنلۇق نۇر مەنبەسى ئەسۋابىنىڭ ياردى- مى بىلەن، كۆۋرۈك بېشىدىكى تاشيول بىلەن توپا يول ئايرىلىقىدىن يېرىم ئاياغ ئىزىنى تاپتى. بۇنىڭغا ئۇ: بۇ يېرىم ئاياغ ئىزى ئاياغنىڭ پاشنىسى بولۇپ، ئاياغ پاشنىسىدا يەنە نال بار، دەپ ھۆكۈم قىلدى. ۋاڭ لۇ ھەيران قېلىپ:

— سەن قانداق بىلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن بۇنى بىلمەن. بۇ دېگەن تەجرىبە، ئەپسۇسكى، بىل- مىگەنلەر قىزىقچىلىق كۆرىدۇ، كەسىپ ئەھلىلىرى ئىشنىڭ يولى- نى بىلىدۇ، — دېدى ما جيەنجۇڭ.

ۋاڭ لۇ ئوسال بولۇپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرغاندا،

ما جيەنجۇڭ قولىنى شىلتىپ:

— يۇرۇڭلار، كەنت كومىتېتىغا قايتىپ بېرىپ، ئاياغ ئىزد-
نى تەكشۇرەيلى، — دېدى.

تۇرغۇن ئۇچقاندەك ئۆيىگە قايتىپ كەلدى، هويلىنىڭ دەرۋا-
زىسى تاقاقلىق ئىدى. ئۇ كونا ئادىتى بويىچە تامدىن ئارتىلىپ
هويلىغا چۈشتى، بىراق ئۇ ئۆيىگە كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى،
ئۇ ئاۋۋال دەرۋازىنى ئاستا ئېچىپ، ئاندىن سامانلىق ئىچىدىن
ئىككىنچى يەشىك تەۋرەتكۈچ بومبىنى ئېلىپ چىقىپ ئۇنى تاشلى-
ۋەتمەكچى بولدى.

تۈن نىسپى ئەل ئايىغى بېسىققان مەزگىلدە، تۇرغۇن تەۋرەت-
كۈچى بومبىنى كۆتۈرۈپ، هېچبىر قىينالمايلا كەنتنىڭ شىمالىي
تەرىپىدىكى بىر چوڭ كۆلچەكنى تاپتى. ئادەتتە، ئۇ دائىم كۆلچەك-
كە بىر نەرسىلەرنى تاشلاپ قوياتتى. بۇ يەرگە ئۆزىنىڭ قانچىلى-
گەن مەخپىيەتلىكلىرى يوشۇرۇلغانلىقىنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.
بۇ قېتىم ئۇ يەنە بىر چوڭ مەخپىيەتلىكنى بۇ يەرگە يوشۇرماقچى
بولۇۋاتاتتى. ئۇ كۆلچەكنىڭ بويىغا كېلىپ، ئۆزىنى بىر ئاز توختى-
تىۋالغاندىن كېيىن، كۆلچەكتىكى سۇنىڭ ئۇنىڭ مەخپىيەتلىكىنى
يوشۇرۇپ قالالايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى ـ دە، تەۋرەتكۈچى بومبى-
نى سۇغا تاشلىدى. بومبا لەيلەپ قالماي، سۇ ئاستىغا چۆكۈپ
كەتتى.

تۇرغۇن ئۇھ دەپ بىرنى تىندى، ئارقىدىن پۇتىدىكى كەشنى
سېلىپ، ئۇنىمۇ كۆلچەككە تاشلىۋەتتى. ئۇ، ئەمدى ساقچىلار
هەرقانداق قىلىپمۇ مەخپىيەتلىكىمنى تاپالمايدۇ دەپ ئويلىدى.

ما جيەنجۇڭ ۋاڭ لۇغا ئىككى تاغاردىكى ئاياغنى يېڭىۋاشتىن
ئۇستەلگە تۆكۈشنى بۇيرۇدى، ئارقىدىن:

— كۆپچىلىك، هەممىڭلار مەن بىلەن بىرگە ئاختۇرۇپ،
پاشنىسىغا نال قېقىلغان ئاياغنى تېپىڭلار، — دېدى.

ئەلى ئاياغلارنى ئاختۇرۇپ، پاشنىسىغا نال قېقىلغان ئاياغنى
تېپىۋالدى. ما جيەنجۇڭ ئاياغنى قولىغا ئېلىپ سېلىشتۇرۇۋېدى،
هەقىقەتەن بايىلا شەكلىنى ئاپپاراتقا چۈشۈرۈۋالغان هېلىقى ئاياغ
ئىزى بىلەن ئوخشاش بولۇپ چىقتى. ما جيەنجۇڭ قولىدىكى توپى-

نى قېقىپ:
— هۇ خۇمسى، ئۇنىڭدىن باشقا كىم بولاتتى؟ يۈرۈڭلار، ئۇنى تاپايلى، — دېدى.

## 3

ساقچىلار تۇرغۇننىڭ ئىشىكىنى قاققان چاغدا، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى:
— سىلەر ئوغلىمىزنى ئىزدەمسىلەر؟ ئۇ ئۆيگە كەلمىگىلى بىرقانچە كۈن بولدى، — دېدى.
ساقچىخانا باشلىقى ئەركىن:
— ئىزدەپ باقايلى، — دەپ تۇرۇشىغا، بىر ئادەمنىڭ كۆلەڭگىسى غىپپىدە تالاغا قاچتى، ۋاڭ لۇ چاققان كېلىپ، ئۇنى كاپپىدە تۇتۇۋالدى. ۋاڭ لۇ ئۇنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ:
— سەن كاساپەت ئەجەب تېز يۈگرەيدىكەنسەن - ھە! نەگە قاچماقچىدىڭ؟ — دېدى.
تۇرغۇن جىددىيلەشكىنىدىن مەيدىسىنى بېسىپ تۇرۇپ، يالۋۇرۇشقا باشلىدى:
— يولداش ساقچى، مەن ھېچنېمە قىلمىدىم، ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى قويۇپ بەرسىلە!
ما جيەنجۈڭ تۇرغۇن ياتقان ئۆيدىن كىچىك بىر خاتىرىنى تېپىۋالدى. ئۇ خاتىرىدىكى خەتلەرنىڭ باغاقچىدىكى خەتلەر بىلەن ئوپمۇئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايقاپ:
— سەن ھېچنېمە قىلمىدىم دەيسەن، راستلا ھېچنېمە قىلمىدىڭمۇ؟ ئەمىسە بۇ باغاقچىدىكى خەتلەر نېمىشقا خاتىرىدىكى خەتلەر بىلەن ئوپمۇئوخشاش بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.
تۇرغۇن ساقچىنىڭ قولىدىكى باغاقچىنى كۆرۈپ، قورقۇپ ئالاقزادە بولۇپ كەتتى، ئەمما يەنە كېكەچلەپ، ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولدى:
— مەن راستلا ھېچقانداق ئىش قىلمىدىم، يولداش ساقچى، مېنى قويۇۋەتسىلە؟

ما جيەنجۇڭنىڭ يەنە جۇدۇنى تۇتتى، ئۇ تۇرغۇننىڭ بۇرنىغا نوقۇپ تۇرۇپ:

— ھەي خۇمسى، مېنى كولدۇرلىتىمەن دېمە، تېز ئېيتە! يەنە بىر ساندۇق نەدە؟ — دەپ سورىدى.

— بىلمەيمەن، ساقچى ئەپەندى، راستىنلا بىلمەيمەن، — تۇرغۇن ئىقرار قىلمىدى.

ما جيەنجۇڭ بۇ ئەبلەخنىڭ مۇتتەھەملىك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تۇرغۇننى قويۇۋېتىپ، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— تاغا، يەڭگە، سىلەرنىڭ سامانلىقىڭلار نەدە؟ — دەپ سورىدى.

نېرىسىدا تۇرغان ساقچىنىڭ سامانلىقنى سوراۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، شۇئان تىزلىنىپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— ساقچى يولداش، سىلەر ھەممىڭلار بەك قابىل ئىكەنسىلەر، مەن ھەرقانداق قىلىپمۇ قۇتۇلالمايدىغان بولدۇم، مەن ئېيتاي، مەن ئۇ نەرسىنى تاشلىۋەتتىم، كۆلچەككە تاشلىۋەتتىم، مەن خاتالاشتىم.

تۇرغۇننىڭ قوللانغان تاكتىكىسى راست گەپ قىلماسلىق ئىدى. ئۇ ئەگەر ساقچىلار ياسىن بىلەن مەمەتنى تۇتۇۋالالمىسىلا، مېنى تۈرمىگە سولىمايدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما ۋاڭ لۇ، گەرچە تەۋرەتكۈچى بومبا تېپىلىپ، نۇرغۇن يوشۇرۇن ئاپەتنىڭ ئالدى ئېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما روشەنكى، تۇرغۇن راست گەپ قىلمىدى، بۇ ئىككى ساندۇق تەۋرەتكۈچى بومبىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى تۇرغۇننىڭ بىلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس، تۇرغۇندا جەزمەن مەسىلە بار، دەپ ئويلىدى. يالقۇن بىلەن ئەلى تۇرغۇننىڭ بىرقانچە قوشنىسىدىن ئەھۋال ئىگىلىدى، ئۇلار تۇرغۇننىڭ دائىم مەمەت ئىسىملىك بىر ناچار ياش بىلەن ئارىلىشىدىغانلىقىنى ئىنكاس قىلىشتى. ئەركىنمۇ، بىرقانچە يىل ئىلگىرى، مەمەتنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ، تەۋرەتكۈچى بومبىنىڭ ئىشى جەزمەن مەمەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ ھېسابلىدى.

مەمەتنىڭ ئاتا - ئانىسى ياۋاش دېھقانلار بولۇپ، ئۇلار مەمەت-
نىڭ نەچچە كۈندىن بېرى ئۆيدە يوقلۇقى، ماڭغان چېغىدىمۇ
گەپ - سۆز قىلمىغانلىقى، شۇڭا ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىل-
مەيدىغانلىقىنى ئېيتىشتى.
تۇرغۇن يەنىلا ھېچ نەرسىنى ئېيتمىدى. يالقۇن بېشىدىكى
شالاڭ چېچىنى سىلاپ:
— مېنىڭ ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاچىدىغان ئامالىم بار، — دېدى.
ۋاڭ لۇنىڭ كۆز ئالدى يورۇپ كەتكەندەك بولدى، ئۇ ما
جيەنجۇڭنى چۇشىنىش جەريانىدا، باشتىن - ئاخىر يالقۇننىڭ
مەۋجۇتلۇقىغا سەل قارىغانىدى. ئەلى ئاستا ۋاڭ لۇغا:
— سەن يالقۇننى سەل چاغلىما، سوراق قىلىشتا ئۇنىڭ خېلى
كارامىتى بار، — دېدى، ئەلى يەنە: — بىزنىڭ ئەترەتتە ھەممە-
دىن يامىنى يالقۇن، سەن تېخى سەزمىدىڭمۇ؟ — دەپ قوشۇپ
قويدى.
ۋاڭ لۇ يالقۇننىڭ تۇرغۇننى قانداق ئىقرار قىلدۇرىدىغانلى-
قىنى كۆرۈپ باقماقچى بولدى.
يالقۇن ئەڭ ئېپتىدائىي، ئەڭ پەسكەش، ئەڭ تەبىئىي بىر
چارىنى ئىشلەتتى، بۇ چارىنى ھېچقانداق بىر جامائەت خەۋپسىزلىك
دەرسلىكىدىن تاپقىلى بولمايتتى. ئۇ ئاۋۋال غورتۇلدىتىپ بىر
قورساق سۇ ئىچتى، ئاندىن شالاڭ چاچلىرىنى سىلاپ قويۇپ،
يەڭلىرىنى شىمايلاپ، توم، تۇكلۇك بىلەكلىرىنى ئېچىپ قويۇپ،
قەددىنى رۇسلاپ چىقىپ كەتتى، ئۇ ئۆزىنى نوچى لۈكچەك سىياقى-
دا كۆرسىتىپ، كەنتتىكى لۈكچەكلەرنى ئىزدەپ ماڭغانىدى.
ئەتىگەندە، يالقۇن كەنتتىكى ئاپتاپ چۈشىدىغان بىر تامنىڭ
تۈۋىدىن ئىسمى - جىسمىغا لايىق بىر لۈكچەكنى تاپتى. بۇ ئادەم-
نىڭ ئىسمى سىدىق بولۇپ، ئۇچىسىغا كونا بىر پەلتو، بېشىغا
پوسما كىيىۋالغان، ئورۇق يۈزىگە كىچىك بۇرۇت قويۇۋالغانىدى.
يالقۇن سىدىقنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ، ئارقىدىن ئۇنىڭغا بىر
تال تاماكا تۇتۇپ:
— ھەي، تۇرغۇننى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى.
— تۇرغۇننىما؟ بىلىمەن، بىلىمەن، ئۇ بىر چۇپرەندىغۇ.

ئارىلاشقۇچىلىكى يوق نېمە ئۇ، — دېدى سىدىق لۈكچەك تاماكىنى بىرقانچە شورىغاندىن كېيىن خۇمارى قانغاندەك بولۇپ:

— تاماكاڭ بولىدىكەن، جۇمۇ، — دەپ قويدى.

يالقۇن سېخىيلىق بىلەن:

— ساڭا بەردىم! — دەپ تاماكىنى ئۇنىڭ قوچىقىغا تاشلىدى.

سىدىق ئاز بولسىمۇ پايدا ئالغىنىدىن مەمنۇن بولۇپ:

— مەندە ئىشىڭ بارمىدى؟ ئىشىڭ بولسا دېگىن، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن، — دېدى.

يالقۇن مۇغەمبەرلىك بىلەن:

— تۇرغۇن بىلەن مۇناسىۋىتىڭ قانداق؟ — دەپ سورىدى.

— ھەرھالدا بولىدۇ، — دېدى سىدىق ماختىنىپ.

يالقۇن باش بارماق بىلەن بىگىز بارمىقىنى بىر - بىرىگە سۈركەپ قويۇپ:

— ئازراق پۇل تاپقۇڭ بارمۇ - يوق؟ — دەپ سورىدى.

— بولمامدىغان! پۇل ئەمەسمۇ! ھېچكىمنىڭ پۇل بىلەن ئاداۋىتى يوقتۇ؟ — دېدى سىدىق ھىجىيىپ.

يالقۇن ئىشارەت قىلدى:

— بېرى كەل، ساڭا دەيدىغان گېپىم بار.

سىدىق بوينىنى سوزۇپ يېقىن كەلدى، يالقۇن بىرنېمىلەرنى شىۋىرلىدى.

تۇرغۇن ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا تېخىچە بېشىنى تۇتۇپ، زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى. ۋاڭ لۇ بىلەن ئەلى ئۇنىڭغا قاراپ، تىت - تىت بولۇپ ئولتۇرغاندا، ئۇشتۇمتۇت، يالقۇن بىر لۈكچەكنى باشلاپ كىرىپ كەلدى. يالقۇن قولىنى شىلتىپ، ئۇ ئىككىسىنى چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى. ئۇ تۇرغۇن بىلەن ئايرىم سۆزلىشىدىغان گەپ بار دېمەكچىدى.

يالقۇن «ئۆھۇ» دەپ گېلىنى قىرىپ قويدى. تۇرغۇن بۇ تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ، دەرھال بېشىنى كۆتۈرۈۋىدى، كۆزلىرى دەل سىدىقنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. تۇرغۇن مەنسىتمىگەندەك ئالىيىپ قويۇپ، بۇ كەنتىمىزدىكى لۈكچەكقۇ؟ ئۇ

بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدۇ؟ دەپ ئويلىدى. بىراق، قانداقلا بولمىسۇن، ساقچىلار كەنتتىكىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇنى تۇتۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ بەكمۇ يۈزى چۈشۈپ كەتكەنىدى، شۇڭا ئۇ يەنە بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالدى.

— تۇرغۇن، بېشىڭنى كۆتۈر، يېرىم كۈن بولدى، ئوبدان ئويلانغانسەن؟ ماڭا ئايرىم دېيدىغانلىرىڭ يوقمۇ؟ — دېدى يالقۇن.

تۇرغۇن ئۈنچىقمىدى. يالقۇن قىلچە ئاچچىقلانماستىن:

— مۇنداق بولسۇن، سېنىڭ بىزگە گەپ قىلىشقا قولايسىز ھېس قىلىۋاتقانلىقىڭنى بىلىۋاتىمەن. مەن سەن تونۇيدىغان ئادەمنى ئەكەلدىم، ئۇ سەن بىلەن بىرئاز پاراڭلاشسۇن، — دېۋىدى، گېپىنىڭ ئايىغى تۈگىمەستىنلا، باياتىن ھېچ ئىش يوقتەك تاماكىسىنى چېكىپ ئولتۇرغان سىدىق ئېتىلىپ، تۇرغۇننىڭ قېشىغا باردى:

— تۇرغۇن، مەن سېنى بەك سېغىندىم، سەن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن؟

تۇرغۇن ئىختىيارسىز سىدىقتىن ئۆزىنى تارتىپ كەينىگە داجىدى. ئۇ: «سەن نېمىدەپ كەلدىڭ؟ بۇ يەردە نېمە ئويۇن ئويناماقچىسەن؟» دېگەندەك سىدىققا تىكىلدى.

يالقۇن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، قەستەن:

— ئىككىڭلار پاراڭ قىلغاچ تۇرۇڭلار، بەش مىنۇتتىن كېيىن، مەن يەنە كىرىمەن، — دېدى.

بىرئازدىن كېيىن، يالقۇن كىرىپ كەلدى. ئۇ چىرايىنى ئۆزگەرتمەستىن:

— سىدىق، باياتىن تۇرغۇن ساڭا نېمىلەرنى دېدى؟ — دەپ سورىدى.

سىدىق ھېچ ئىش بولمىغاندەك:

— ئۇ يامان ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن، تەۋرەتكۈچى بومبىنى ئوغرىلىغانتىم، دەيدۇ، — دېدى.

تۇرغۇن قورقىنىدىن ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى!

يالقۇن ئالدىرىماي قولىنى شىلتىپ:

— ئولتۇر! — دېدى. ئۇ سىدىقتىن داۋاملىق سورىدى: —

بايا ئۇ يەنە نېمىلەرنى دېدى؟

— ئۇ، بوستان شەھەر ئەتراپىدىكى ھېلىقى تاكسى شوپۇرىنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈش دېلوسىنى مەن قىلغان، بۇ بىر سىر، بۇ ئىشنى ھېچكىم بىلمەيدۇ دەيدۇ، — دېدى سىدىق.

ئەمدى تۇرغۇن جىددىيلەشتى:

— ساقچى ئەپەندى، ئۇنىڭ دېگىنى خاتا، ئۇ ئىشنى مەن قىلمىدىم، ئۇ ئىشنى... — ئۇ ئۆزىنىڭ كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى سېزىپ، دەرھال گېپىنى توختىتىۋالدى.

يالقۇن بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:

— ھە، ئەسلىدە سەن گەپ قىلالايدىكەنسەن - ھە؟ بولدى، سىدىق، سەن چىقىپ كەت، تۇرغۇن ئۆزى سۆزلىسۇن، ئۇ گەپ قىلالايدىكەن، — دېدى.

تۇرغۇن ئۆزىنىڭ شور پېشانىلىكىگە ئاھ ئۇردى، ئۇنىڭغا ئەمدى چېكىنىش يولى قالمىغانىدى. ئۇ ياسىن بىلەن مەمەتنى ساتمىغۇچە، ئۆزىنى قوغداپ قالالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى:

— ساقچى يولداش، مەن ئادەم ئۆلتۈرمىدىم، ياسىن بىلەن مەمەت ماڭا بۇ ئىككى ساندۇق نەرسىنى ئوغرىلا دېگەنىدى، — دېدى ئۇ.

يالقۇن خاتىرە يازغاچ سورىدى:

— ياسىن بىلەن مەمەت نېمە ئادەملەر؟ ئۇلار ھازىر قەيەردە؟

— ياسىن تۇرمىدىن قېچىپ چىققان، مەمەت ئوغرىلىق قىلى-غانلىقى ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ساقچىخانا ئۇنى قولغا ئالغانىكەن. ھەممە ئەسكى ئىشنى ئۇلار ماڭا ئۆگەتتى. سىلەر ئۇلارنى تۇتۇڭلار، ئۇلار بوستان شەھىرىگە ماشىنا ھەل قىلغىلى كەتتى، ئۇلارنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى مەنمۇ ئېنىق بىلمەيمەن، — دەپ جا-ۋاب بەردى تۇرغۇن.

— سىلەر تەۋرەتكۈچى بومبىنى ئوغرىلاپ نېمە قىلات - تىڭلار؟ — دەپ سورىدى يالقۇن.

— پارتلاتقۇچ بومبا ياسىماقچى، — دەپ ئىقرار قىلدى تۇر-غۇن.

بىرسىنىڭ پارتلاتقۇچ بومبا ياسىماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ،

سىرتتىكىلەر چىداپ تۇرالمىدى. ئۇلار قىستىلىشىپ ئۆيگە كىرىپ، گەپنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىماقچى بولۇشتى. ۋاڭ لۇ، ئەگەر بۇ ئىككى ساندۇق تەۋرەتكۈچى بومبا پارتلاتقۇچ بومبىغا ئايلىنىدىغان بولسا، قانچىلىگەن تېررورلۇق ۋەقەلىرىنىڭ يۈز بېرىشىنى كىم بىلىدۇ - ھە؟ دەپ ئويلىدى، ئۇنىڭ ئالىقانلىرى ئىختىيارسىز تەرلەپ كەتتى.

ما جيەنجۇڭ ئاستا يالقۇننى سىرتقا چاقىرىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— بۇ ئەبلەختىن يەنە بىر ئىشلارنى كوچىلاپ بىلگىلى بولىدىغاندەك قىلىدۇ، داۋاملىق سوراق قىل!

## 4

ئىبراھىم يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى خۇشال ئىدى ھەم ھاردۇقمۇ يەتكەنىدى. ئۇنىڭ كۈندە قىلىدىغان ئىشى بەك كۆپ ئىدى: ھۆكۈمەتنىڭ بەزى يىغىنلىرىغا قاتنىشاتتى ھەم ئەركىن تەرەپتىكى ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلەتتى، يەنە قېيىنىنىسىنىڭ شىركىتىگە پىلان - مەسلىھەت كۆرسىتەتتى. ئۇ ھېچبىر ئىشنى قولدىن بەرمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەسچىتتىن ئىبارەت بۇ ئىستىھكامغا سەل قاراشقا تېخىمۇ بولمايتتى. ئۇ، ئاخىرقى نەپسىم قانغۇچە مەسچىتكە كىرىپ، ۋەز ئېيتىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، مۆرىتلارغا مۇستەقىللىق ئېڭىنى سىڭدۇرۇشۇم كېرەك دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، بىردىنبىر مۇشۇ يەرلا بىخەتەر، ھۆكۈمەت ۋە ساقچىلارمۇ ئۇنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ، ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭغا چېقىلىغۇدەك بولسا، ئۇ دىنىي ئېتىقادنى سۈيىئىستېمال قىلىپ، مۆرىتلارنى جېدەل تۇغدۇرۇشقا كۈشكۈرتەتتى.

ئىبراھىم مەسچىتتىن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ئەمدىلا بىر پىيالە ئەتكەنچاينى قولىغا ئېلىۋىدى، ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى. ئايگۈل ئىجازەت سورىمايلا كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ كەتكەنىدى.

ئىبراھىم خاپا بولغاندەك:

— سىز ئالدىن ئېيتىپ قويۇشىڭىز كېرەك ئىدى، — دې-
دى.
ئايگۈل پىسەنت قىلماستىن، لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، مەس-
خىرە قىلغاندەك:
— سىزمۇ قائىدىنى تەكىتلەيدىكەنسىز - ھە؟ — دېدى.
ئىبراھىم ئېغىر - بېسىق ھالدا:
— قارىغاندا، گېپىڭىزنىڭ تېگىدە گەپ بار ئىكەن - دە!
نېمە ئىش يۈز بەردى؟ — دەپ سورىدى.
— مەن ھېلىلا يېزىدىن قايتىپ كەلدىم، سىزدىن سوراپ
باقاي، ئەركىن نېمە قىلىدىغان ئادەم؟ — دەپ سورىدى ئايگۈل
ھاياجانلىنىپ.
ئىبراھىم پەرۋاسىزلا جاۋاب بەردى:
— سىز بىلەن بىر يولدىكى ئادەم.
ئايگۈل يۈز - خاتىر قىلمايلا:
— ئۇنىڭغا بۇيرۇق بېرىڭ، مېنىڭ ئۆيۈمدىكىلەرگە يېقىن
يولىغۇچى بولمىسۇن، — دېدى.
— نېمە؟ ئۇ ئۆيىڭىزدىكىلەرگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈز -
دىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئىبراھىم ھەيران قېلىپ.
— ئۇ ئاتا - ئانامنى بوزەك قىلىپ، ئۆيۈمنى يەر ئاستى
دىنىي مەكتەپ قىلىۋاپتۇ، سىڭلىمنى ئازدۇرۇپ، ساراڭ قىلىپ
قويۇپ دەپتۇ. قارىغاندا، ئۆيۈمدىن چاتاق چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ.
مەن يالغاندىن ئۆيۈمدىكى ئىشلارغا ئارىلاشمىغان بولۇۋالدىم، ئۆ-
يۈمدىكىلەرگە گەپ قىلىشقىمۇ ئامالىم قالمىدى، — دېدى ئاي-
گۈل.
ئىبراھىم ئەتكەنچايدىن بىر ئوتلاپ قويۇپ:
— سىز ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— پوقنى سۆزلىشەمدۇ؟ ھەتتا ئۇ ئادەمنىڭ قارىسىنىمۇ
كۆرگىنىم يوق، ئەمما مەن ئۇنىڭ سېسىق كەشىنى تاشلىد -
ۋەتتىم، — دېدى ئايگۈل خاپا بولۇپ.
ئىبراھىم نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى.
— ھېسسىياتقا بېرىلىپ ئىش كۆرمەڭ، ئاتا - ئانىڭىزغا

بىرەر ئىشنى ئاشكارىلاپ قويمىغانسىز؟

ئايگۈل راست گەپ قىلدى:

— مېنىڭ ئازابلىنىشىمنىڭ سەۋەبى دەل مۇشۇ. ئۇلار ھازىرغىچە ھېچنېمىنى ئۇقمايدۇ، تېخى راستتىنلا ئۇنى قانداقتۇر بىر ئاخۇن بولسا كېرەك دەپ ئويلايدۇ. بولۇپمۇ، مېنىڭ سىڭلىم يېشى كىچىك، بەكمۇ گۆدەك، ناۋادا ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتسە، پۈتكۈل ھاياتى تۈگىشىدۇ.

ئىبراھىم ئەتكەنچاينى يەنە بىر ئوتلاپ، كېلىنى قىرىپ قويۇپ:

— مەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشەي، باشقا يەرنى تاپسۇن. بەرىراق ئەھۋالنى يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولماي قالارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىمەن، — دېدى.

ئايگۈل قىلچىمۇ يول قويماستىن:

— ئۇ كېتىشى كېرەك، بولمىسا مەن ھەرگىز يۈز - خاتىر قىلمايمەن، — دېدى.

ئىبراھىم ئۇنىڭغا ئەستايىدىل تەربىيە بەردى:

— سىز ھېسسىياتىڭىزنى كونترول قىلىشنى ئۆگىنىڭ.

— سىزنىڭ ماڭا ئۆگىتىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى ئايگۈل جاھىللىق بىلەن.

ئىبراھىم تېمىنى يۆتكىدى:

— چەت ئەلدىكى ئىتتىپاقداشلار جەزمەن ھېلىقى سىنئالغۇ ماتېرىيالىنى كۆردى، سىز بۇ ئىشنى ناھايىتى قاملاشتۇردىڭىز.

ئايگۈل تۇيۇقسىز بىر گەپنى ئاشكارىلىدى:

— مېنىڭ كۇرستىكى مۇئەللىمىم يېقىندا چېگرىدىن كىرىدىكەن.

ئىبراھىم گويا بۇ ئىشتىن خەۋىرى باردەك، گەپنى بۇراپ:

— رەقىبىڭىز ۋاڭ لۇنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئايگۈلنىڭ چىرايى ئېچىلىپ كەتتى:

— ئۇ مەن تەسەۋۋۇر قىلغاندىنمۇ ياخشىراقكەن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئىبراھىم ھوشيارلىق بىلەن.

ئىككىيلەن دېمەكچى بولغان گەپلىرىنى تېزلىكتە تۈگەتتى، ئىبراھىم ئايگۈلنى بالدۇرراق كېتىشكە سۆيلىدى، ئۇ چوڭراق خېيىمخەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشنى خالىمايتتى.

ئايگۈل ئىبراھىمنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا، بىر ياش ئايال ئۇنىڭغا سۈركىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. شۇ هامان ئايگۈلنىڭ بۇرنىغا بىر خىل ئېسىل ئەتىرنىڭ پۇرىقى گۈپپىدە ئۇرۇلدى. ئۇ هوشيارلىق بىلەن بۇ ئايالغا نەزەر تاشلىدى، بۇ ئايالمۇ ئايگۈلگە دىققەت قىلدى، ئىككىيلەننىڭ چىرايىدا ئوخشاشلا گۇمانلىق قاراش ئەكس ئەتتى.

ئىبراھىمنىڭ ئۆيىدىكى ئىشىك قوڭغۇرىقى يەنە جىرىڭلىدى. ئادەتتىكىدەك ئۇنىڭ قېينىنىسى يۇسۇپ بېرىپ، ئىشىكنى ئاچتى.

بىرئازدىن كېيىن، ئۇ قايتىپ كېلىپ دوكلات قىلدى:

— بېيجىڭدىكى سىياسىي كېڭەش گېزىتىنىڭ بىر ئايال مۇخبىرى سىلىنى زىيارەت قىلغىلى كەپتۇ. مانا بۇ ئىسىم كارتۇشكىسى.

ئىبراھىم ئىسىم كارتۇشكىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاندىن ئېسىگە ئالالىدى. بىرقانچە كۈن ئىلگىرى، ما تيەنمۇ ئىسىملىك بىر مۇخبىر ئايال بېيجىڭدىن ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئۇرۇپ، ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى ئالاقىدار گېزىتلەردىن سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىبراھىمنىڭ مۇسۇلمانلارنى خەير - ساخاۋەت، ئىئانە توپلاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا پائال سەپەرۋەر قىلىپ، كۆپ يىلدىن بېرى ئوقۇيالمىغان مۇسۇلمان باللىرىغا كۆپلەپ ياردەم قىلغانلىقى، شۇنداقلا يەنە، مۇسۇلمانلارغا پۇل ئىئانە قىلىپ، ئىككى مەسچىت سالدۇرغانلىقىدەك ئىش ئىزلىرىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. ئىبراھىم ئۆزىلا ئوقۇشتىن قالغان نۇرغۇن ئۆسمۈر باللارنىڭ ئوقۇش خىراجىتىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. مۇخبىر ئايال ئىبرايىمنىڭ خەير - ساخاۋەت ئىشلىرىنى يۈكسەك دەرىجىدە ماختاپ، بۇ ئىسمى - جىسمىغا لايىق دىنىي ئەربابنى يۈزتۇرا زىيارەت قىلماقچىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى.

ئىبراھىم ما تيەنمۇنىڭ ماختاشلىرىغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى، ئۇ ئەتەي ئۆزىنى تارتقان بولۇپ، قىلغان ئىش - هەرىكەتلىرى-

نىڭ تېخى يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۆزىنى كېيىنت يۈزىگە چىقارماسلىقىنى ئۆتۈندى. ما تيەنمۇ سەمىمىيلىك بىلەن ئۆزىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى سىياسىي كېڭەش خادىملىرىنىڭ ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقى، ئىبراھىمنى پۈتۈن مەملىكەت-نىڭ سىياسىي كېڭەش ساھەسىدىكى نەمۇنىلىك تىپ سۈپىتىدە تەشۋىق قىلماقچىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئاخىردا، ئىبراھىم تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مۇخبىر ئايالنى جەنۇبىي شىنجاڭغا كې-لىپ مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلدى.

ما تيەنمۇ تەبەسسۇم بىلەن ئىبراھىمنىڭ ئالدىدا مانا ئەمدى، ما تيەنمۇ تەبەسسۇم بىلەن ئىبراھىمنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئىبراھىمنىڭ نەزىرىدە ئۇ بىر مودا قىز ئىدى، رامكىسىز ئالتۇن رەڭلىك سىمولا كۆزەينەك تاقىغان، ئۇزۇن چاچلىرىنى كاشتان رەڭگىدە بويىغان؛ ئاپئاق چىشلىرى رەتلىك، ھەم تولۇق؛ كۆلۈپلا تۇرىدىغان بىر جۈپ يالاڭ قاپاق كۆزلىرىنىڭ ئۈستىگە تۈجۈپلەپ ياسالغان ئەگىم قاشلىرى جايلاشقان؛ توق يېشىل رەڭدە ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىپ، بېلىنى ئوخشاش رەڭدىكى تاسما بەلۋاغ بىلەن باغلىغان؛ بويىنغا ھال رەڭ ياغلىقنى ياراشتۇ-رۇپ چىگىۋالغان بولۇپ، بىر قاراشتىلا كىشىگە چاكىنا ئەمەس دېگەن تۇيغۇنى بېرەتتى.

ئىبراھىم ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ، گۈللۈك كۆڭلەك كىيىۋالغان، قاشلىرى تۇتىشىپ كەتكەن، كۆزلىرى يو-غان قىياپىتىنى كۆرۈپ كۆنۈپ قالغانلىقتىن، ئىچكىرىدىن كەلگەن ئېسىلزادە، قىممەتلىك ئەتىر پۇرىقى گۈپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇرىدىغان بىلىملىك ئايالنى كۆرگىنىدە، بىرئاز تەمتىرەپ قالدى. ئۇ كۆڭ-لىدە مۇشۇ ئۆمرىدە كەلگۈسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان سىياسىي فرونتقا قارىغۇلارچە كىرىپ كېتىپ، ئاياللار دۇنياسىغا زادىلا كىرىپ باقمىغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلانمىغانلىقىغا ئېچىندى، ئۇ ئاياللار دۇنياسى ئەرلەرنىڭ تۇرمۇشىنى يەنىمۇ بېيىتىشى كې-رەك، دەپ ھېسابلايتتى. ئەپسۇسكى، ئەمدى ۋاقىت ئۆتكەن، ئۇنىڭ ئىككى پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان بولۇپ، ھەتتا مەنزىرە كۆرگۈدەكمۇ ۋاقتى قالمىغانىدى. ئىبراھىم ھېچبىر سەۋەبسىزلا ما تيەنمۇغا ھەۋەس قىلىپ قالدى. ما تيەنمۇنىڭ ھەربىر ئىش -

ھەربىكتى ئۇنىڭغا سىرلىق ھەم يېقىملىق تۇيۇلۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن جىسمى ۋە ۋۇجۇدىنى ھۇزۇرلاندۇراتتى. بۇ خىل ھۇزۇر گويا يامغۇردىن كېيىنكى ئورمانلىقتا قىلغان سەيلىگە ئوخشايتتى.

ئىبراھىم تەكەللۇپ بىلەن:

— ساھىبجامال خېنىم، قانداق زىيارەت قىلىشنى ئويلاۋاتىدىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— سىزنىڭ خەير - ساخاۋەت ئىشلىرىنى قانداق قىلغانلىقىڭىزنى بىلمەكچىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ما تيەنمۇ شوخ كۈلۈپ.

ئىبراھىم ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالدا:

— بۇ ھەممىسى مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم، — دېدى.

ما تيەنمۇ سەمىمىيلىك بىلەن ئۇنى ماختىدى:

— سىزگە مەلۇم، مەن كىچىككىمدىن تارتىپلا ئالىيجاناب ئادەملەرگە چوقۇنىمەن. مېنىڭ نەزىرىمدە سىز ئەنتايىن ئالىيجاناب ئادەم.

ئىبراھىم ناھايىتى ئوچۇقلا ئېيتتى:

— ئەمەلىيەتتە مەن ناھايىتى مۇرەككەپ ئادەم.

ما تيەنمۇ ئالقىشلاپ:

— مۇرەككەپ ئادەم جازىبىدار بولىدۇ. سىز مەن ئۈچۈن بىر ساماۋى كىتاب، مەن بۇ كىتابنى ئوبدان بىر ئوقۇپ چىقسام دەيمەن، — دېدى.

ئىبراھىم ياپتا گەپ قىلدى:

— ئېھتىمال سىز بۇ كىتابنى ئوقۇپ چۈشىنەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن.

— داداممۇ ماڭا شۇنداق گەپ قىلاتتى. نېمىشقا سىلەردەك ياشانغانلارنىڭ گەپ - سۆزى ئوخشاش چىقىدۇ؟ — دېدى ما تيەنمۇ گۆدەكلەرچە.

— دادىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئىبراھىم كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا.

ما تيەنمۇ ئاددىيلا جاۋاب بەردى:

— ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ.

— سىز جەنۇبىي شىنجاڭدا قانچە ئۆزۈن تۇرالايسىز؟ — دەپ سورىدى ئىبراھىم سىناق نەزىرىدە.

ما تيەنمۇ كالپۇكلىرىنى يىمىرىپ، ئۆزۈن چاچلىرىنى كەينىگە تاشلاپ:

— زىيارەت ئەھۋالىغا قاراپ باقىمەن، بەلكىم تېزلا قايتىپ كېتىشىم مۇمكىن، — دېدى.

— ئالدىراپ ماڭمەن دېمەڭ، ئاۋۋال جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى كۆرمەمسىز، — دەپ ئۆتۈندى ئىبراھىم.

ما تيەنمۇ كەسپىنى قىزغىن سۆيۈش تۇيغۇسى بىلەن:

— تەكلىپ قىلغىنىڭىزغا رەھمەت. بىز ئاۋۋال گەپنى يەنىلا سىزنىڭ ئوقۇشتىن قالغان بىر ئۆسمۈرگە قانداق ياردەم قىلغانلىقىڭىزدىن باشلايلى، — دېدى.

— بۇنىڭ سۆزلىگۈدەك نېمىسى بار؟ ھۆكۈمەت ماڭا ھەر ئايدا مائاش بېرىدۇ، مېنىڭ شەخسىي خىراجىتىم يوق دېيەرلىك. مېنىڭ خىزمەت قىلىشتىن باشقا ئىشقا ھەۋىسىم يوق. يېمەك - ئىچمەك، يېتىپ - قوپۇش دېگەنلەرنى تەكىتلەپ كەتمەيمەن. ئەما، شۇنچە نۇرغۇن بالىنىڭ يەنىلا ئوقۇشىسىز قالغانلىقىنى كۆرۈپ قالىمەن، مېنىڭمۇ ئۇلارغا ياردەم قىلىدىغان ئىقتىدارىم بار، شۇڭا، ئۇلارنى كۆرسەملا، كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئۇلارغا ياردەم قىلىمەن. بىز مۇسۇلمانلار ياخشى ئىش قىلىشنى ئۆزىمىزنىڭ بۇرچى دەپ بىلىمىز. ھە، راست، ما خېنىم، سىز ئىتالىيە يازغۇچىسى ئالبېرتو ئېككېرنىڭ «تۇنۇگۈنكى ئارال» ناملىق ئەسىرىنى ئوقۇ - غانمۇ؟ — دەپ سورىدى ئىبراھىم چوڭ سۇپەت قىياپەتتە.

— ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ۋاقتىمدا ئوقۇغان، — دېدى ما تيەنمۇ.

ئىبراھىم مېھرىبانلىق بىلەن:

— ئۇنىڭ ۋەقەلىكى ھەقىقەتەن ياخشى. مەندە ئۇ كىتابتىن ئىككىسى بار، بىرنى سىزگە سوۋغا قىلغۇم بار، — دېدى.

ما تيەنمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى:

— ئەجەب ياخشى! مەنمۇ بىلگەندەك ئۆزۈمدىكىنى ئالغاچ

كەلمەيتىكەنمەن.

ئىبراھىم ما تيەنمۇغا خۇددى ئۆزىنىڭ قىزى ياكى نەۋرىسىگە مۇئامىلە قىلغاندەك ئىنتايىن تەمكىن مۇئامىلە قىلدى. ئىبراھىم كىتاب جازىسىنىڭ ئالدىغا كىتاب ئىزدەپ بارغاندا، قېيىنىنىسى يۈسۈپ پەس ئاۋازدا ھەدىسىنىڭ يولدىشىنى ئاگاھلاندۇردى:

— سىلە ئۇنىڭغا تولىمۇ كۆپ سۆزلىۋەتلىگۈ دەيمەن.

ئىبراھىم تۆۋەن ئاۋازدا ئۇنىڭغا قاتتىق تەنبىھ بەردى:

— چىقىپ كەت، سەن نېمىنى بىلەتتىڭ؟

ما تيەنمۇ ئىبراھىمنىڭ ياردىمى بىلەن ئوقۇۋاتقان بىرقانچە بالىنى زىيارەت قىلماقچىكەنلىكىنى ئېيتىۋىدى، ئىبراھىم دەرھال ماقۇل بولدى ھەمدە مەكتەپكە ما تيەنمۇغا ھەمراھ بولۇپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

## 5

چېن دامو بىر نامسىز خەت تاپشۇرۇۋالدى، خەتنى يازغۇچى خەتتە، لەيلى ئانا ـ بالا ئۆزلىرىنىڭ قولىدا ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ھېزى بولۇشىنى، مىللىي مۇستەقىللىق ئىشلىرىغا توسقۇنلۇق قىلماسلىقىنى ئەسكەرتكەنىدى. خەت يازغۇچى ئۆزىنى «جەنۇبىي شىنجاڭ شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق تەشكىلاتى» دەۋالغانىدى.

جۇڭ چېڭ خەتنى كۆرۈپ بولۇپ:

— ئۇلار ساڭا ئالماشتۇرۇش شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ، — دېدى.

— ئۇلار مېنى قورقۇتالمايدۇ، — دېدى چېن دامو قەتئىيلىك بىلەن.

— بىراق، لەيلى ئانا ـ بالا ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالدا تۇرۇۋاتىدۇ، بىز ھازىرچە تېخى نىشانىنى تاپالمىدۇق، — دېدى جۇڭ چېڭ ئەنسىرەپ.

چېن دامو تەمكىنلىك بىلەن:

— بەلكىم بىز سۈكۈت قىلىپ تۇرۇپ باقساق، ئۇلار ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن، — دېدى.

— بۇ ئىشنى ئۇنداق ئاددىي چاغلىما، — دەپ ئاگاھلاندۇردى جۇڭ چېڭ.

ئىككىيلەن نامسىز خەتنىڭ ئىشىنى مۇزاكىرە قىلىشىۋاتقاندا، چېن دامونىڭ يانفونى تۇيۇقسىز سايراپ كەتتى. تېلېفون ما جيەنـ جۇڭدىن كەلگەنىدى، ئۇ تېلېفوندا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ، يوقاپ كەتكەن ئىككى ساندۇق تەۋرەتكۈچى بومبىسىنىڭ تېپىلغانلىقى، بىر گومىندارنىڭ تۇتۇلغانلىقى، يەنە ئىككى گومىندارنىڭ باشتىن ـ ئاخىر چېلىقمىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئۇلارنىڭ تەۋرەتكۈچى بومبىنى ئوغرىلاشتىكى مەقسىتى نېمە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى چېن دامو.

— پارتلاتقۇچ بومبا ياساش، — دەپ ئۇدۇللا جاۋاب بەردى ما جيەنجۇڭ.

— يەنە باشقا يىپ ئۇچى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى چېن دامو.

— ۋاڭ لۇ بىزنىڭ ئۇچۇر مەركىزىي ئامبىرىمىزدىكى ئاياغ ئىزىغا دائىر سانلىق مەلۇماتلار ئامبىرىدىن سېلىشتۇرۇپ ئېنىقلىـ شىچە، گومىندارنىڭ ئىچىدىكى بىرسىنىڭ ئاياغ ئىزىدىن قارىغانـ دا، ئۇ بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى بىز تۇتۇۋالغان ياسىن ئىكەن. دېمەك، ياسىن تۈرمىدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن، باشقىلار بىلەن ياكى بىرەر تەشكىلات بىلەن بىرلىشىپ، ئەسكى ئىش قىلغىـ لى باشلاپتۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ما جيەنجۇڭ.

— يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈڭلار، ئەگەر ئەھۋال ھەقىقەتەن شۇنداق بولسا، جەنۇبىي شىنجاڭ ج خ ئىدارىسى تېررورلۇققا قارشى ئالاھىدە رازۋېدكا ئەترىتى نامىدىن قولغا ئېلىش بۇيرۇقى تارقىتىپ، ياسىننى قولغا ئېلىڭلار، — دەپ تاپىلىدى چېن دامو ئۇنىڭغا.

— يالقۇننىڭ سىزگە گېپى بار ئىكەن، — دېدى ما جيەنـ جۇڭ.

يالقۇن تېلېفوننى ئېلىپ:

— مەن بۇياقتا بىرئاز يېڭى يىپ ئۇچىنى تاپتىم، تۇرغۇننىڭ ئىقرارىدىن قارىغاندا، بىر كۈنى مەمەت ئوغرىلىقچە ئۇنىڭغا پۇ ئېتىپ، ياسىن بىلەن ئىككىسىنىڭ ئالدىنقى بىر مەزگىلدە تۇرغۇن يامان ئىشلارنى قىلغانلىقى، قانداقتۇر بىر ئادەملەرنى تۇتقانلىقى،

قانداقتۇر بىرسىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى دەپ بېرىپتۇ. كىملەرنى
تۇتۇپ، كىملەرنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئۇ راستتىنلا بىلمەيدى-
كەن، — دېدى.

چېن دامو تەقەززالىق بىلەن:

— كىملەرنى تۇتۇپ كەتكەنلىكى، ھازىر ئۇلارنىڭ نەدە ئى-
كەنلىكىنى دېمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن تۇرغۇننىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆردۈم. ئۇ ئىل-
گىرى جىنايەت سادىر قىلمىغانىكەن. قوشنىلىرىنىڭ ئىنكاس قى-
لىشىچە، ئۇ دائىم ئوغرى - يانچۇقچىلار بىلەن ئارىلىشىپ يۈ-
رۈپ، ئاز - تولا پايدا ئالىدىكەن. مېنىڭ پەرىزىمچە، باشقا بىر
تەشكىلاتنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭدىن پايدىلانغان بولۇشى
مۇمكىن، — دېدى يالقۇن.

— مۇنداق بولسۇن، ياسىننى ھازىرچە قولغا ئالماي تۇرۇڭ-
لار، تۇرغۇندىن پايدىلىنىپ، مەمەت بىلەن ياسىننى قارماقتا ئى-
لىندۇرۇش كېرەك. ئۇلار قارماقتا ئىلىنگەندە، ئاندىن ئۇلارنىڭ
كەينىدىكى تەشكىلاتنى تاپقىلى بولىدۇ، — دېدى چېن دامو.

— تۇرغۇننى ئىدارىگە ئەكېلىپ سوراق قىلىمىزمۇ؟ — دەپ
يولىيورۇق سورىدى يالقۇن.

— ياق، سىلەر شۇ يەردە كۈتۈپ تۇرۇڭلار، — دەپ بۇيرۇق
قىلدى چېن دامو.

جۇڭ چېڭ تېلېفوننى ئېلىپ:

— يالقۇن، جىنايەت گۇماندارىغا بولغان بېسىمنى بىر ئاز
كۈچەيتىڭلار، مۇھىم نۇقتا ئۇلارنىڭ يېقىندا ئادەم تۇتقان - تۇتمى-
غانلىقىنى ئېنىقلاش. چۈشەندىڭمۇ؟ دامونىڭ خوتۇنى بىلەن قىزى-
نى ئاتالمىش «جەنۇبىي شىنجاڭ شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق
تەشكىلاتى» تۇتۇپ كەتتى، — دېدى.

يالقۇن ھاڭ - تاڭ قېلىپ:

— ھە؟ لەيلىنى تۇتۇپ كېتىپتىمۇ؟ بۇ مۇمكىنمۇ؟ —
دېدى.

— دامو سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلارغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈ-
چۈن، ھازىرغىچە ئېيتماي كەلگەنىدى. بۇ دېلونى مۇئاۋىن ئىدارە
باشلىقى مەمتىمىن تېررورلۇققا قارشى ئىككىنچى ئەترەتنى باشلاپ

بېجىرىۋاتىدۇ! — دەپ چۈشەندۈردى جۇڭ چېڭ.

## 6

تاڭ يورۇغاندىن كېيىن، ۋاڭ لۇ جۇڭ چېڭنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ج خ ئىدارىسىگە مەخپىي قايتىپ كەلدى.

ئۇ ئالدى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ تېلېگراف ئىدارىسىگە كېلىپ، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى تەكشۈردى، ئارقىدىن نىشاننى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 14 تورخانىغا قاراتتى.

ئىككى كۈن جىددىي ئىشلەش ئارقىلىق، ئۇنىڭ تېخنىكىلىق خىزمىتى «قارچىغا» تورخانىغا بېرىپ، تورغا كىرسىلا، ئۇ ئۇنىڭ قايسى تورخانىدا، ھەتتا قايسى ئاپپاراتتا ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقالايدىغان دەرىجىگە يەتتى.

ۋاڭ لۇ «قارچىغا» نىڭ ئىككى قېتىم «كۆك چۈش تورخانىسى» دا تورغا كىرگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى.

— بۈگۈن «قارچىغا» نىڭ جاۋاب بېرىدىغان كۈنى. سەن قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى جۇڭ چېڭ.

ۋاڭ لۇ ئىشەنچ بىلەن:

— سىز مېنىڭ تور مەستانىسى ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قاپسىز، بۈگۈن كەچتە مەن «كۆك چۈش تورخانىسى» غا بېرىپ، تورغا كىرىپ پاراڭلىشىمەن، — دېدى.

جۇڭ چېڭ ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندى.

قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن، «كۆك چۈش تورخانىسى» غا روھى چۈشكۈن بىر يىگىت كىرىپ كەلدى. ئۇ زاكالەت پۇلىنى تاپشۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۇدۇل پاراڭلىشىش بۆلۈمىگە كىرىپ كەتتى.

— ۋاڭ لۇ يەنە «قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز» قىياپىتى بىلەن QQ دا پەيدا بولدى. بۈگۈن كېچە ئۇ ئۈچ ئىشنى تەڭلا ئېلىپ بارماقچى، يەنى بىر تەرەپتىن ئادەم تېپىپ پاراڭلاشماقچى، يەنە بىر تەرەپتىن تاجاۋۇزچىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى كۈتمەكچى، شۇنداقلا يەنە قولىقىنى دىڭ تۇتۇپ، «قارچىغا» نىڭ شەپىسىنى

ئاڭلىماقچىدى.

ۋاڭ لۇ ئەمدىلا لىنىيىگە كىرىشىگە، توردىكى ئىسمى «مۇز-لۇقتىكى قار لەيلىسى» دېگەن بىر ناتونۇش ئادەم ئۇنىڭغا دوستانە سىگنال ئەۋەتتى. «مۇزلۇقتىكى قارلەيلىسى» ئەۋەتكەن سۈرەت بەكمۇ ئالاھىدە بولۇپ، قارلىق تاغ ئاز - ئازدىن گۈمۈرۈلىدۇ، مۇزلۇقنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىدىكى بىر تال قارلەيلىسى بولسا، بوراندا سىلىڭشىپ، تىك تۇرىدۇ، بۇ ئىنتايىن گۈزەل مەنزىرە ئىدى. قارشى تەرەپتىكى ئايال ئۇنىڭدىن:

— ياخشىمۇ سىز؟ پاراڭلاشساق بولامدۇ؟ — دەپ ئەھۋال سورىدى.

«قىزىل كېيىملىك قىلىچۋاز» «مۇزلۇقتىكى قارلەيلىسى» دېگەن بۇ توردىكى ئىسمغا تەبىئىي ھالدا قىزىقىپ قالدى:

— ھەي، يېڭى كەلدىڭىزغۇ دەيمەن؟ — دېدى ئۇ.

— مېنىڭ يېڭى كەلگەنلىكىمنى قانداق بىلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى «مۇزلۇقتىكى قارلەيلىسى».

— ئالتىنچى سېزىم، — دېدى «قىزىل كېيىملىك قىلىچ-ۋاز».

ۋاڭ لۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا، ئۇچۇر رامكىسىدىن «مۇزلۇقتى-كى قار لەيلىسى» نىڭ ماتېرىياللىرىنى چىقىرىپ، تېزلىكتە ئاخ-تۇردى: مۇزلۇقتىكى قارلەيلىسى، ئايال، 23 ياش، ئۇنىۋېرسى-تېتنى پۈتتۈرگەن. كەسپى: پسىخولوگىيە ئوقۇتقۇچىسى، كومپ-يۇتېر ماھىرى بىلەن پاراڭلىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ؛ تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرىدە ئەلا ئوقۇغان ئوغۇل ئوقۇغۇچىغا چوقۇنىدۇ.

«مۇزلۇقتىكى قارلەيلىسى»: — باياتىن نېمە ئىش قىلدى-ڭىز؟

«قىزىل كېيىملىك قىلىچۋاز»: — ئۇخلاۋاتاتتىم.

«مۇزلۇقتىكى قارلەيلىسى»: — مېنىڭ ماتېرىيالىمنى كۆرگەنسىز؟

«قىزىل كېيىملىك قىلىچۋاز»: — سىز مېنىڭ ماتېرىيال-لىرىمنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟

«مۇزلۇقتىكى قارلەيلىسى»: — سىز ماڭا قىزىقىپ قالدى-

چىنزغۇ دەيمەن؟

«قىزىل كېيىملىك قىلىچۋاز» : — مەۋھۇم دۇنيادا بۇنچە-لىك قىزىقىش دېگەن ھېچ گەپ ئەمەس.

«مۇزلۇقتىكى قارلەيلىسى» : — سىز كومپيۇتېر ماھىرى ئىكەنسىز - ھە؟

«قىزىل كېيىملىك قىلىچۋاز» : — ئۇنداق ئەمەس.

«مۇزلۇقتىكى قارلەيلىسى» تەبەسسۇم قىلىپ تۇرغان بىر سۈرەتنى كۆرسەتتى، ئارقىدىن:

— سىز مېنىڭ سىزگە چوقۇنۇشۇمنى خالىمامسىز؟ — دەپ سورىدى.

«قىزىل كېيىملىك قىلىچۋاز» كەسكىن جاۋاب بەردى:

— مەن ئەزەلدىن ھەرقانداق بىر ئادەمگە چوقۇنغان ئەمەس.

«مۇزلۇقتىكى قارلەيلىسى» بىرھازاغىچە گەپ قىلمىدى.

قىزىق يېرى شۇكى، بۇ چاغدا ۋاڭ لۇ ئاچقان «مۇز دەرىيادىكى ياغاچ ئات» مۇ ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدى، فلانگېدىكى سۈرەتلىك بەلگىلەر توختىماي چاقناۋاتاتتى. ۋاڭ لۇ: ياخشى، كەلدى، ئاۋ-ۋال تاجاۋۇزچىنىڭ نېمە قىلماقچىكەنلىكىنى كۆرۈپ باقاي، دەپ ئويلىدى. ئەگەر قارشى تەرەپ ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالسا، قانداق ئىنكاس قايتۇرىدى-غانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. بۇ ئەبلەخ راستتىنلا ئىنتايىن ۋەھ-شىي ئىكەن، ئۇ مېنىڭ ئاچقان تور لىنىيەمدىن ئورتاق بەھرىمەن بولغاننى ئاز دەپ، تېخى يەنە «pcghost. exe» ناملىق ھۆججەتنى ماڭا يوللاپتۇ، بۇ دېگەن كۇنۇپكا تاختىسىدىكى ئۇرۇلغان كۇنۇپكى-لارنى خاتىرىلەيدىغان سايمان تۇرسا! ھە، قارىغاندا، مېنىڭ مەخ-پىي نومۇرلىرىمنى خاتىرىلىمەكچى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى ۋاڭ لۇ......

«قىزىل كېيىملىك قىلىچۋاز» ھۆججەتنى قوبۇل قىلىش ئا-رىلىقىدا «مۇزلۇقتىكى قارلەيلىسى» يەنە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئەپۇ سوراپ:

— كەچۈرۈڭ، بايا مەن لىنىيەدىن ئايرىلىپ قالدىم، — دەپ چۈشەندۈردى.

— ھېچ ۋەقەسى يوق، مەنمۇ بەك ئالدىراش، — دەپ قويدى «قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز» .
بىر ئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن، «مۇزلۇقتىكى قارلەيلىسى» يەنە سوئال سوراشقا باشلىدى:
— سىز توردىكى مۇھەببەتكە ئىشىنەمسىز؟
— مەن تەقدىر پېشانىگە ئىشىنىمەن، — دېدى «قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز» پەرۋازسىزلا.
«مۇزلۇقتىكى قارلەيلىسى» بۇ تېمىنى تۇتۇۋېلىپ، سىناپ بېقىش نىيىتىدە يەنە سورىدى:
— ئىككىمىز تەقدىرداش بولالارمىزمۇ؟
«قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز» جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىمىدى، ئۇ بۇ بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، تاجاۋۇز قىلغۇچىدىكى IP نىڭ ئورنىنى تەكشۈرۈۋىدى، جەنۇبىي شىنجاڭدا بولۇپ چىقتى، ئۇ دەرھال چارلاپ كۆرۈپ، قارشى تەرەپنىڭ 80 دانە ئۇچ ئېغىزىنى ئېچىۋەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېچقانداق يوچۇق قالدۇرمىغانلىقىنى بايقىدى. قارشى تەرەپ 80 دانە ئۇچ ئېغىزىنى ئاچقانىكەن، ئۇ ھالدا ئۇ ھەممىسىگە تور پونكىتى تەسىس قىلغانمىدۇ؟ شۇنىڭ بىلەن، ۋاڭ لۇ توردىكى ساياھەت ئەسۋابىغا تېزلىكتە قارشى تەرەپنىڭ IP ئادرېسىنى كىرگۈزۈپ ئاختۇرۇۋىدى، ئۇنىڭ پەقەت ئادەتتىكى بىر شىركەتنىڭ تور پونكىتى ئىكەنلىكىنى بايقىدى.
بۇياقتا «مۇزلۇقتىكى قارلەيلىسى» قارشى تەرەپ بىر ھازاغىچە ئىنكاس قايتۇرمىغانلىقتىن، ئۇنى سۈيلىدى:
— سىز نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟
«قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز» پەرۋاسىزلا:
— مەن باياتىن لىنىيىدىن ئايرىلىپ قالدىم، — دېدى.
«مۇزلۇقتىكى قارلەيلىسى» ھېچبىر مەنىسىزلا كۈلۈپ كەتتى ھەمدە بىر ھەجۋىي سۈرەتنى كۆرسەتتى، سۈرەتنىڭ ئاستىغا: «ھى، ھى، ھى» دەپ يېزىلغانىدى.
«قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز» ئەلپازىنى ئۆزگەرتمەستىن:
— خۇش بولۇپ كېتىۋاتامسىز؟ — دېدى.
«مۇزلۇقتىكى قارلەيلىسى» ئايرىلغۇسى كەلمىگەن ھالدا:

— ئەتە كەچتە يەنە كېلەمسىز؟ — دەپ سورىدى.
— كەيپىياتىمغا قاراپ باقىمەن، — دېدى «قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز» سوغۇققىنا.
«مۇزلۇقتىكى قارلەيلىسى» كۈچلۈك ھېسسىيات بىلەن:
— ئەمىسە مەن يەنە مۇشۇ ۋاقىتتا سىزنى ساقلايمەن، — دېدى.
«قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز» تورغا «886» نى ئۇرۇپ كىرگۈزدى.
بۇ ياقتىكى «تاجاۋۇزچى» مۇ نېمە سەۋەبتىندۇر توردىن چېكىنىپ كەتتى. ۋاڭ لۇ قارشى تەرەپ ھەرھالدا ئەقىللىق ئىكەن، قارىغاندا تاجاۋۇزچىنى تېپىش قىيىن ئەمەسكەن، ئۇ پەقەت پۇرسەتكىلا باغلىق مەسىلە ئىكەن، دەپ ئويلىدى. تا شۇكەمگىچە ئۇ تاجاۋۇزچىنىڭ مەقسىتى قىزنىقىش تۇپەيلىدىن ئۇسۇپ كىرىشمۇ؟ ياكى ئۇنىڭ باشقا نىيىتى بارلىقىنى ئېنىق بىلەلمىدى.
ۋاڭ لۇ تاجاۋۇزچىنىڭ ئىشىنى ھازىرچە تاشلاپ قويىدى، ئۇ ھازىر ئاساسىي دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، «قارچىغا» نىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى كۈتمەكچىدى.
بىراق، تورخانىدا، كومپيۇتېردا ئويۇن ئويناۋاتقان، پاراڭلىشىۋاتقان باللاردىن سىرت باشقا چوڭ ئادەم كۆرۈنمەيتتى.

# ئون ئىككىنچى باب

## 1

ئىگەرچى يېزىسىنىڭ توكچىسى ساۋۇت لەڭگەر كەنتىدە ئولتۇراتتى. ئۇ قاڭشارلىق، كۆزلىرى چىرايلىق، تارتىنچاق، ئەمما ئىشقى ـ ھەۋىسى كۈچلۈك يىگىت بولۇپ، ئەسلىدە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ، ئىستىقباللىق ئادەم بولۇشنى ئارزۇ قىلغانىدى. شۇ چاغدا، ئۇنىڭ ئارزۇسى بېيجىڭ كومپيۇتېر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇش ئىدى. بىراق، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى يېقىنلاشقان يىللىرى ئۇ توساتتىن ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان شائىرلىققا مەستانە بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ شائىرلىققا مەستانە بولۇپ قېلىشى ئەسلىدە ئۇنىڭ قوشنىسى مامۇتنىڭ كىچىك قىزى رەنانى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقتىن بولغانىدى.

ئەمەلىيەتتە، ئۇ رەنانىڭ زىلۋا قامىتى ۋە ئوتلۇق بىر جۈپ كۆزىگە ئاشىق بولغانىدى. چۈنكى، ئۇ رەناغا تېخى بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلىپ باقمىغانىدى. ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدىكى مەلۇم بىر كۈنى گۇگۇم چۈشكەن پەيتتە ئۆيىگە كېتىۋېتىپ، تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان رەنا بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. رەنا كەم سۆز، ئەمما خىيالچان قىز ئىدى. ئۇ تېخى كۆپ ئويلاشقا ئۈلگۈرمەيلا، مۇھەببەت جىمجىتقىنا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭغا ئىنتايىن تەسىر قىلغانىدى. ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ، رەنا كۈندە قوشنىسى ساۋۇتنى ئۇچرىتىدىغان، مەيلى ئۆزى نەدە پەيدا بولمىسۇن، كۆزىنى لەپپىدە ئاچسىلا، ھامان ئۇنىڭ ئوتلۇق قاراشلىرىنى كۆرەلەيدىغان بولدى. رەنا خىجىل بولۇپ، ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى، ئەمما ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا كىشىگە ئېيتقىلى بولمايدىغان ھاياجانلىنىش پەيدا بولۇۋاتاتتى. ئۇمۇ تەقەززا بولۇشقا باشلىدى. ئۇ كۈندە كۆزىنى ئېچىپلا، ساۋۇتنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىنى كۆرۈشكە

تەقەززا بولۇۋاتاتتى.

ساۋۇت پاك مۇھەببەتنىڭ ئوتىدا كۆيۈۋاتاتتى. ئۇ رەنانىڭ قىلچە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى بولمىغان كۆزلىرىدىن بىر خىل ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشكەندەك بولدى. شۇ چاغلاردا ئۇنىڭ كاللىسىدا پۇتۇنلەي مۇھەببەت ئىزھار قىلىدىغان شېئىر - نەزمىلەر دولقۇنلايتتى. ئاشىقى - بىقارار بولغان ساۋۇت چىن كۆڭلىدىن سۆيگەن قىزغا ئاتاپ قېلىن بىر مۇھەببەت شېئىرلىرى توپلىمى يېزىپ، ئۇ قىزنى ئەمرىگە ئالغان كۈنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلماقچى بولدى. ئۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن قايناق ھېسسىياتقا ئىگە بىر شائىر بولماقچىدى.

ئىككىلەن بىر يىلغىچە، ئۈن - تىنسىز كۆز بېقىشىپ يۈردى. گەرچە بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلىشمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۆزىنى بىر - بىرىمىزنى ياخشى كۆرىمىز دەپ ھېسابلايتتى.

ساۋۇت ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشى كەلگەن كۈنى سۆيگەن قىزىغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئېنىق بەلگىلەش قارارىغا كەلدى. ئۇ ھەتتا ئۆزىچە كۆڭلىدە ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ دەپ ھېسابلاپ، ئۆز - ئۆزىنى ئەگەر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇسام، ھەرگىزمۇ رەنانى تاشلىمايمەن، دەپ ئاگاھلاندۇردى.

ئەپسۇسكى، ساۋۇت ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىدى. ئۇ خىجىل بولغىدىن توپتوغرا ئىككى ئايغىچە ئۆيدىن تالاغا چىقمىدى، ھەتتا رەنانى كۆرگىلىمۇ بارمىدى. بۇ مەزگىلدە، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى تەرەپ - تەرەپتىن ئادەم سېلىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت ئىزلىدى. شۇ ئارىدا، ئۇلار جەنۇبىي شىنجاڭ ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان يۇرتدىشى لەيلىنى ئىزلەپ تاپتى. لەيلى چىن دامو ئارقىلىق قۇربان شۇجىنى تېپىپ، ئۇنىڭغا بۇ ئەسلىدىكى ئىستىقباللىق يىگىتنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈمىدىنى ئېيتتى. ئۇزاق ئۆتمەي، ساۋۇت ئىگەرچى يېزىسىنىڭ توكچىسى بولۇپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ يىگىت يەنە ئۆز غۇرۇرىنى تېپىۋالدى.

ئۇ كۈنى، ساۋۇت يۈرەكلىك ھالدا رەنانىڭ ئۆيىگە بېرىپ،

ئۇنىڭ دەرۋازىسىنى قىقىپ ئاچتى.

ۋەھالەنكى، رەنانىڭ سوغۇق قاراشلىرى ساۋۇتقا مۇشت بولۇپ تەگدى. ماۋت ئائىلىسىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەلگەن رەنا ئەمدى ھەرگىزمۇ بۇرۇنقى ئىشقى - ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرغان قىز بالىغا ئوخشىمايتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشقاندا، گويا قايناپ تۇرغان سۇغا بىر پارچە مۇز چۈشكەندەك، ساۋۇتنىڭ بەدىنى شۈركۈنۈپ كەتتى. ئۇلار بىر - بىرىگە قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى. ساۋۇتنىڭ كۆزلىرى ئازابلىق ياشقا تولدى. رەنا بولسا زادىلا كۆرۈلمىگەن نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى.

رەنا بۇرۇلۇپ ماڭماقچى بولۇۋىدى، ساۋۇت ئۇنى توسۇۋالدى. رەنا تەكەببۇر قىياپەتتە تۇرۇپ قالدى، ساۋۇت نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى، رەنا ئۇنىڭغا بىردىنلا ھاكاۋۇر ھەم قەيسەر بولۇپ كەتكەندەك، رەنا گويا ئۇ ئەمەستەك، ئىككى خىل ئادەمدىن بىر كۈچ ھاسىل بولۇپ، بۇ گويا مەخسۇس ساۋۇتقا ئۇرۇلۇۋاتقاندەك سېزىلدى. رەنادىكى بۇ كۈچ ئالدىدا، ساۋۇت ئۆزىنى ئىنتايىن ئاجىز ھېس قىلدى.

بۇ ھەرگىزمۇ ساۋۇتنى قورقۇنچاق دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇ رەنانى شۇ قەدەر قەدىرلەيتتىكى، رەنا نېمە دېسە ماقۇل دېيىشكە تەييار تۇراتتى. ئۇ چىن كۆڭلىدىن سۆيگەن قىزنى توسۇپ قالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ مۇھەببىتى ۋە سېغىنىشلىرىنى ئۇنىڭغا تولۇق ئىزھار قىلماقچى بولدى - دە، ئۆزىنى ھەر ۋاقىت ئازابلاپ كەلگەن قېلىن شېئىرلار توپلىمىنى يانچۇقىدىن ئېلىپ، تىترەپ تۇرغان قوللىرىدا سۆيگەن قىزىغا سۇندى.

رەنا چۆچۈپ كەتتى، ئۇ ساۋۇتنىڭ ئۆزىنى شۇقەدەر كۈچلۈك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ شېئىرلار توپلىمىنى كۆرمەيمۇ، ئۇنىڭدا نېمىلەر يېزىلغانلىقىنى پەرەز قىلىپ يېتەلەيتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئىختىيارسىز دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى، ئۇ قاتتىق زىددىيەت ئىچىدە قالدى. ئىلگىرى، ئۇ كۆنلەرنىڭ بىرىدە ساۋۇتنىڭ ياشلىق كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشقا ھەر ۋاقىت تەشنا ئىدى. ئەپسۇسكى، تولىمۇ كېچىكىپ كەلگەنىدى. ئاردا، ئەركىن پەيدا بولۇپ، كۆڭلىدىكى

مەبۇدىغا ئايلاندى. ئۇ رەنا ئۈچۈن، تولىمۇ كامالغا يەتكەن، جازدبىدار بىر ئەر ئىدى. تېخى ھېلىلا ئۇ رەنانى غۇمسىز ھالدا ئىللىق قۇچاقلىغانىدى. شۇ قۇچاقلاش بىلەن، رەنا ئەس - ھوشىنى يوقاتتى. ئۇنىڭ روھى ئەركىن بىلەن كەتكەنىدى.

ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، رەنا كۇچىنىڭ بارىچە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ ساۋۇتنى رەت قىلىشى كېرەك، بولمىسا، ئۇنىڭ ئەركىننى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ياخشى كۆرۈشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئەركىن ئۈچۈن بارلىقىنى قۇربان قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى.

لېكىن، ھېسسىيات مەسىلىسىدە، رەنا ساۋۇتقا ئوخشاشلا تەجرىبىسىز ئىدى. رەنا ئاخىر ساۋۇتنىڭ قولىدىن شېئىرلار تورپلىمىنى ئالدى.

ساۋۇت ھاياجان ئىچىدە جىددىيلىشىپ، شېئىرلار توپلىمىغا تىكىلدى. ئۇ چىن كۆڭلىدىن سۆيگەن قىزنىڭ شېئىرلار توپلىمىنى كېرەكسىز قەغەزنى تاشلىۋەتكەندەك تاشلىۋېتىشىدىن ئەنسىرىدى. شېئىرلار توپلىمى ئۇنىڭ يۈرىكى، يۈرەك تاشلىنىپ كەتسە مۇجۇلىمامدۇ؟

رەنا ئانچە پىسەنت قىلمىغاندەك، شېئىرلار توپلىمىنى ۋاراقلاپ، تۆۋەندىكى مىسرالارغا كۆز يۈگۈرتتى:

شۇندىن - شۇنغا كەلمىشىم،
سەن يار ئۈچۈندۇر.
جەبرى - جاپا چەكمىشىم،
دىدار ئۈچۈندۇر.
چىمەنىڭگە يەتمەستىن،
سايرايدۇ بولبۇل.
بۇ مېنىڭ سايراغىنىم،
سەن يار ئۈچۈندۇر.
— ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرىدىن ئېلىندى؟

رەنا بىردىنلا ئازابلاش بىلەن ئازابلىنىشنىڭ سەۋەبىنى تېپىد-

ۋالدى، ناھايىتى مەغرۇرانە ھالدا دەرۋازىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ
شېئىرلار توپلىمىنى ساۋۇتقا قايتۇرۇپ بەردى ھەمدە مەسخ
ئارىلاش:
— سىزنىڭ ماڭا ئۇن ئىككى مۇقام تېكىستلىرىنى ئۆز قول
ڭىز بىلەن كۆچۇرۇپ تەقدىم قىلغىنىڭىزغا رەھمەت. بۇنداق ج
تارتىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، مەن ئۇنى كىتابخانىدىن سېت
ۋېلىپ كۆرسەممۇ بولاتتى. يەنە باشقا ئىشىڭىز بارمۇ؟ بولمىسا
مەن كىرىپ كېتەي، — دېدى.
ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ، چىرايىنىمۇ ئاچماي، بۇرۇلۇپلا كىر
كەتتى.
ساۋۇت گويا يۈرىكىنىڭ يەرگە ئۇرۇلغانلىقىنى، ئۇنىڭدى
قان ئېقىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ جان تالىشىۋاتقانلىقىنى، ئاخىر ئۆل
گەنلىكىنى كۆرگەندەك بولدى!
ماموت ئائىلىسىنىڭ دەرۋازىسى رەھىمسىزلىك بىلەن يېپىل
دى. ساۋۇت تۇيۇقسىزلا بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئاجىز، ئەڭ يېگا
ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەس
لىك، ھېسسىياتتىكى ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىش تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ
ياش يۈرىكى چىدىغۇسىز مۇجۇلدى.
ساۋۇت تەن بەرمىدى، ئۇ گويا ئەرۋاھتەك، كوندە رەنا بىلە
ئۇچرىشىدىغان چىغىر يولغا كېلىپ ساقلاپ، ئۆز ئەسلىملىرىن
ئىزلەيتتى، ئۇ مۇشۇ چىغىر يولدا رەنا بىلەن يەنە ئۇچرىشىش
ئارزۇ قىلاتتى، ئەمما رەنا ئۇنى ئۇمىدسىزلەندۇرۇپ، قايتا كۆرۈ
مىدى.

2

شىرئەلى يېقىنقى مەزگىلدە جىمجىتلا ئالدىراش بولۇپ كېت
ۋاتاتتى. ئۇ پۈتۈنلەي ئەركىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ھەر
قايسى كەنتلەردىن قاۋۇل ياشلارنى تاللاشنى كۆچەيتتى. شۇ كۈنى
شىرئەلى بىر قول تراكتورىنى ياللاپ، بېشىغا سەللە يۆگەپ
يۈزىنى ئاق لاتا بىلەن ئورىۋالغان 7 ـ 8 ياشنى ئىگەرچى يېزىس

دىن شەرقكە 50 كىلومېتىرچە كېلىدىغان قۇملۇقنىڭ چېتىگە ئېلىپ باردى. ئۇ يەردە ئۇستىگە يېمەكلىك ۋە سۇ بېسىلغان ئىككى تۆگىنى يېتىلىۋالغان ئىككى يول باشلىغۇچىنىڭ ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغىنىغا خېلى ئۇزۇن بولغانىدى.

يۈزىنى ئېتىۋالغان بۇ ياشلار ئىچىدە، رەنانى ئىزلەپ كەلگەن ساۋۇتمۇ بار ئىدى. بۇنىڭدىن ئون نەچچە كۈن ئىلگىرى، رەنا تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتى. ساۋۇت ئۇنى كەنت بويىچە ئىزلىدى، تونۇشلاردىن سۈرۈشتۈردى، ئەمما رەنانىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. ئۇ كۈندە مامۇتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ رەنانى ساقلىدى. ئۇنى ئۈمىد-سىزلەندۈرگىنى شۇكى، يالغۇز رەنالا ئەمەس، ھېلىقى ئەركىن ئىسىملىك ئەرمۇ يوقاپ كەتكەنىدى. بۇ پاكىتنىڭ ئىسپاتلىنىشى بىلەن، ساۋۇتنىڭ يۈرىكى پىچاق تىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ كۆزىنى يۇمسىلا، ئەركىننىڭ رەنانى مەھكەم قۇچاقلاپ تۇرغان كۆرۈنۈشلىرى كۆز ئالدىدا نامايان بولاتتى. ئۇ غەزەپ بىلەن چىش-لىرىنى غۇچۇرلىتىپ، ئۇلارنى تېپىپ، ئەركىننى ئۆلتۈرۈۋېتە-مەن دەپ قەسەم قىلدى. ساۋۇت مامۇتتىن رەنانىڭ نەگە كەتكەنلى-كىنى سۈرۈشتۈرۈپ ھېچبىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. شۇ مەزگىل-دە مامۇت خۇددى باشقا بىر ئادەمگە ئالمىشىپ قالغاندەك، ئىلگى-رىكى قىزغىنلىقىدىن ئەسەرمۇ يوق، غەلىتە مىجەز بولۇپ ئۆزگە-رىپ، قىزىنىڭ نەگە كەتكەنلىكى توغرىسىدا زادىلا ئېغىز ئاچمى-دى.

قىزىغا ئاشىق يىگىتنىڭ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە كېتىپ قالغان-لىقىنى كۆرۈپ، رەيھان يەڭگە ئۈن سالماي يىغلاپ كەتتى. مامۇت بىزار بولۇپ قولىنى شىلتىپ:

— يىغلاۋاتقىنىنى بۇنىڭ. يىغاڭ پوققا كارغا كېلەمدۇ؟ يىغ-لىغانىغا قىزىڭ قايتىپ كېلەمتى؟ — دېدى.

رەيھان يەڭگە تاپا - تەنە قىلغىلى تۇردى:

— ھەممىنى قىلغان ئۆزلىرى. بىر چىلبۆرىنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ، يېگۈزدىلە، ئىچكۈزدىلە، مانا ئەمدى قىزىمىزنى ئالداپ ئېلىپ كەتتى.

— مېنىڭچە، قىزىمىز ئۆز رازىلىقى بىلەن كەتتى، — دېدى

مامۇت چۈشەندۈرۈپ.

رەيھان يەڭگە يەنە كايىپ كەتتى:

— ئۇ ئەسلىدە ساۋۇتقا تەگمەكچىدى، ساۋۇت نېمىدېگەن رايىش، ئاشىق يىگىت. سىلە شۇ پۇل - مالنى كۆزلەپ، ئېگىزگە يامىشىپ قالدىلا، مانا ئەمدى خوپ بولدىمۇ؟ قىزىمىزنىڭ يا تىرىكى، يا ئۆلۈكى يوق. بۇنىڭ ھەممىسى سىلى باشلاپ كەلگەن چىلبۆرىنىڭ كاساپىتى!

— يىغلىما، بۇ ئىشنى ھەرگىز باشقىلارغا تىنىشقا بولمايدۇ، بولۇپمۇ ساقچىلار ئۇقۇپ قالسا زادىلا بولمايدۇ. مەن قەشقەرگە بېرىپ، ئايگۈلنى تېپىپ، بىر ئامالىنى قىلاي، — دېدى مامۇت خوتۇنىغا ئاگاھلاندۇرۇپ.

— رەنانى تېپىپ كېلىمەن دەپ، قەسەم قىلسىلا! — دەپ ئېرىنى قىستىدى رەيھان.

ساۋۇت ئۇچرىغانلىكى ئادەمدىن رەنانى سورۇشتۇردى.

بىر كۈنى بىر ئەر ئۇنى توسۇۋېلىپ:

— ئاڭلىشىمچە، سەن سۆيگىنىڭنى ئىزلەۋېتىپسەن، مەن ئۇنىڭ نەدىلىكىنى بىلىمەن، مەن بىلەن ماڭ، — دېدى.

بۇ ئادەم شىرئەلى ئىدى. ئۇ بۇرۇنلا ساۋۇتقا دىققەت قىلىشقا باشلىغانىدى. ساۋۇت قاۋۇل يىگىت بولۇپ، يەنە ئاز - تولا كومپيۇتېر بىلىملىرىنى بىلەتتى. شىرئەلى تەلىم - تەربىيە بازىسىدا كومپيۇتېر بىلىدىغان بىر ئادەم بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلىدى. ساۋۇت بولسا، قارشى تەرەپ رەنانى تاپالايمەن دېگەنىكەن، ئوت دېڭىزى بولسىمۇ كىرىشىم كېرەك دەپ ئويلىدى. شۇنداق قىلىپ، شىرئەلى ئاۋۋال ساۋۇتنىڭ كۆزلىرىنى تاڭدى، ئاندىن ئۇنى باشلاپ، ھەر تەرەپنى ئايلاندۇرۇپ، بىر خىلۋەت جايغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ يەردە بىر قول تراكتورى تۇراتتى. ساۋۇت تراكتورنىڭ قېشىغا كېلىشىگە، بىرسى ئۇنىڭغا بىر پارچە ئاق لاتىنى بېرىپ، يۈزۈڭنى ئەت دېۋىدى، ئۇ شۇ بويىچە قىلدى.

قول تراكتورى توختىغاندىن كېيىن، ئوخشاشلا يۈزىنى ئېتىۋالغان شىرئەلى سوغۇق تەلەپپۇزدا ياشلارغا:

— چۈشۈڭلار! — دەپ بۇيرۇق بەردى.

ياشلار بىر ـ بىرىنىڭ چىرايىنى كۆرگەندىن كېيىن، تۆۋەن ئاۋازدا بىر ـ بىرىدىن سوراشتى:

— بۇ قەيەر؟ نېمىشقا بىزنى بۇ يەرگە ئەكېلىدىكەن؟

شىرئەلىنىڭ ئوچۇق تۇرغان كۆزلىرىدىن ياۋۇزلۇق چاقناپ تۇراتتى:

— پاراڭ قىلىشقا رۇخسەت يوق، دەرھال چۈشۈڭلار!

ياشلار ئارقىمۇئارقا تراكتوردىن سەكرەپ چۈشۈشتى. شىرئە‐لى ۋەھشىيلىك بىلەن شوپۇرغا ئالىيىپ:

— بۇ يەرگە كەلگىنىڭنى ھېچقانداق ئادەمگە تىنغۇچى بولما، بولمىسا، كاللاڭغا ھېزى بول، — دەپ ئاگاھلاندۇردى. شوپۇر قورقىنىدىن دەرھال تراكتورنى ھەيدەپ، بەدەر تىكىۋەتتى.

شىرئەلى قالغان ياشلارنى يەنە بىر قېتىم ئاگاھلاندۇرۇپ:

— سىلەرنىڭ ئۆزئارا قارشى تەرەپنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى‐نى، قايسى كەنتتىن كەلگەنلىكىنى سورىشىڭلارغا رۇخسەت يوق. مەن سىلەرنى بىر يەرگە باشلاپ بارىمەن. سىلەر ئۇ يەرگە بېرىپ، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش قابىلىيىتىنى ئۆگىنىسىلەر، قۇرئان ئو‐قۇيسىلەر، مەشغۇلات قىلىپ، بەدىنىڭلارنى كۈچلۈك تاۋلايسىلەر. ئەمىسە مەن بىلەن مېڭىڭلار، — دېدى.

شىرئەلى قولىنى بىر شىلتىۋىدى، يۈزىنى ئېتىۋالغان ياشلار نائىلاج ئۇن ـ تىنسىز تۆگە يېتىلىگەن يول باشلىغۇچىنىڭ كەينىگە ئەگىشىپ، دەككە ـ دۈككە ئىچىدە مېڭىشقا باشلىدى.

ئەمما، ساۋۇت نارازى بولۇپ، باشتىن ـ ئاخىر توختىماي ۋايساپ كەلدى. شىرئەلى تېرىكتى. ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، شارتتىدە پىچىقىنى چىقىرىپ، قولىدا بىرقانچە رەت ئۇيىنىتىپ قويدى ـ دە، ئارقىدىن ساۋۇتقا:

— ئاغزىڭنى يۇم، بولمىسا تىلىڭنى كېسىۋېتىمەن، — دېدى.

ساۋۇت پىرقىراپ ئۇيناپ تۇرغان پىچاققا قاراپ، نائىلاج ۋايساشلىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى.

3

قۇرۇپ كەتكەن توغراقلىقنىڭ ئارقىسىدىكى قۇملۇقنىڭ ئوت‐

تۇرىسىدا ھەم زەمبىرەك سۇپىسىغا، ھەم لاپاسقا ئوخشاپ كېتىدى-
غان، ئەتراپى تىكەنلىك سىم بىلەن قورشالغان ئىككى قەۋەتلىك
لاي تام ئۆي تۇراتتى. قارىماققا ناھايىتى ئاددىي كۆرۈنىدىغان بۇ
لاي تام ئۆينىڭ ئىلگىرى نېمىگە ئىشلىتىلگەنلىكىنى ھازىر ھېچ-
كىم دەپ بېرەلمەيتتى. شۇ كۈنى، شىرئەلى ئىككى يول باشلىغۇ-
چىنى باشلاپ، چۆلدەرەپ قالغان بۇ ئۆينى تاپقان چېغىدا، خۇشال
بولۇپ قىن - قىنىغا پاتماي كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭدەك
ياخشى بازا تېپىلمايتتى! شىرئەلى قۇملۇققا كىرىشتىن ئىلگىرى،
ئەركىن ئۇنىڭغا چەت ئەلدىكى تەلىم - تەربىيە لاگېرىنىڭ ئاساسىي
ئەھۋالىنى سۇرەتلەپ بەرگەنىدى. شۇڭا، شىرئەلى بۇ كۆلبىنى
كۆرۈپلا، ئۇنى بازا قىلىپ بەلگىلەشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇ ئۆيگە
كىرىپ، ھېلىھەم تۇرغان بىرقانچە كونا گىلەمنى كۆردى. شىرئە-
لى ئوقۇمىغان ئادەم بولۇپ، بۇ گىلەملەرنىڭ قايسى يىللاردا،
قەيەردە ئىشلەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇ سەپسېلىپ قاراپ، گى-
لەمنىڭ ئۈستىدە تۇرغان بىرقانچە تال ئاياللارنىڭ ئۇزۇن چېچىنى
كۆرۈپ قالدى. ئۇ چاچنى قولىغا ئالماقچى بولۇۋىدى، چاچلار
كۈلدەك توزۇپ كەتتى. ئۇ كىشىلەر دائىم ئېيتىپ كېلىۋاتقان
قەدىمكى كىروران بەگلىكىگە دائىر خىلمۇخىل ھېكايىلەرنى ئېسىگە
ئېلىپ، بۇ قەدىمكى كىروران بەگلىكى غايىب بولۇشتىن ئىلگىرى،
كىشىلەر ياشىغان جايمىدۇ؟ بۇنى ئىسپاتلاش تەس، دەپ ئويلىدى.

شىرئەلى لاي تاملىق ئۆيدىن چىقىپ، ئۆزىنى گويا قايتا
تىرىلگەن قەدىمكى دەۋر ئادىمى، شۇ دەۋردىكى بىر چەۋەنداز ياكى
نامى چىقمىغان باتۇر، ئۇلۇغ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان
ئادەمدەك ھېس قىلدى. ئۇ تەلۋىلەرچە بىرقانچە قەدەم يۈگۈرۈپ،
قۇملۇققا ئىچكىرىلەپ كىردى - دە، يىراقلارغا نەزەر سالدى.
يىراقلاردا يەنىلا قۇملۇق سوزۇلۇپ ياتاتتى. بۇ ھال 50 نەچچە
كىلومېتىر يىراقتىكى ئىگەرچى يېزىسىدىن بۇ يەردىكى ھەرىكەت-
لەرنى زادىلا كۆرگىلى بولمايدىغانلىقى، نېفىت قىدىرىش ئەترىتى-
دىكى ئادەملەرنىڭ نېفىت ئىزدەپ بۇ يەرگە تاسادىپىي كېلىپ

قىلىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئادەتتە يۇرتداشلارنىڭمۇ بۇ يەرگە كەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆي-نىڭ ئالدى تەرىپىدە بىر پارچە تەبىئىي توغراقلىق بولۇپ، ئۇ دەل بۇ ئۆينى توسۇپ تۇراتتى. بۇ ئورمانلىقتىكى توغراقلارنىڭ كۆپىن-چىسى قۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، قۇرۇپ كەتكىنىگىمۇ بەلكىم 100 يىلدىن 1000 يىلغىچە بولغاندى. شىرئەلى، بۇ دەل بۇ يەرنىڭ ياخشى جاي ئىكەنلىكى، ئىلگىرى بەزىلەرنىڭ بۇ يەردە قانداقتۇر چوڭ ئىشلارنى قىلماقچى بولغانلىقى، يا قىلالىغاندۇ، يا قىلالمى-غاندۇ، بۇگۈنكى كۈندە، مانا شىرئەلىنىڭ بۇ يەردە ئۇلۇغ مەقسەت-لىرىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، دەپ ئوي-لىدى.

4

20 نەچچە ياشنى شىرئەلى ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈپ، قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان تېررورلۇق مەشىقى ئېلىپ بېرىش لاگېرىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇلار ھەممىسى مۇسۇلمانلار بولۇپ، ئادەتتە ھۆكۈ-مەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش قاتارلىق بەزى ئىشلىرىغا ۋە ئايرىم كادىرلارنىڭ چىرىكلىك قىلمىشلىرىغا نارازى بولغان، ئەمما ئەسلا دۆلەتكە قارشى تۇرۇش غەرىزى يوق كىشىلەر ئىدى. ئەمما ئۇلاردىكى بۇ خىل ئارىسالدى كەيپىياتتىن دەل «دىنىي تونغا ئورىنىۋالغان» ئەركىن پايدىلىنىپ كەتتى. شىرئەلى ھەقىقىي ئەھ-ۋالنى ئۇقمايدىغان ئادەملەرنى باشلاپ ئەركىننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئەركىن ئۆزىنىڭ ناتىقلىق قابىلىيىتىگە بەكمۇ ئىشىنەت-تى؛ ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ قۇترىشى ئارقىسىدا، بۇ ئادەملەرنىڭ ئۈچ كۈنگە قالماي ئۆزىگە بويسۇنىدىغانلىقىغىمۇ ئىشىنەتتى.

ئالدىنىپ كەلگەن بۇ ياشلار بىرىنچى قېتىمتىكى چوڭ ئۆيدە كۈندە كەچتە ئاددىيغىنا غىزالىنىپ، ذاق يەردە يېتىپ، ئەركىن-نىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرىنى ئاڭلايتتى. ئۇلارنىڭ كۈندۈزدىكى ۋاق-تى قۇملۇقتا ياكى توغراقلىقتا ئۆتەتتى، شىرئەلى ئۇلارغا بەدەننى كۈچەيتىش مەشىقلىرىنى قىلدۇراتتى.

ئەركىن رەنانى بۇ يەرگە، ئالدى بىلەن ئۇنى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقتىن، ئۇنىڭدىن قالسا، ئۇنى بۇ يەردىكى ئەرلەرگە تاماق ئېتىپ بېرەلەيدۇ دەپ ئەكەلگەنىدى.

تەلىم - تەربىيە باشلانغان بىرىنچى كۈنى، ھەربىي يېتەكچى شىرئەلى ئالدى بىلەن ياشلارغا سەپ تۈزۈش مەشقىنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئەركىن قولىغا ئامېرىكىنىڭ M16A2 تىپلىق ئاپتوماتىك مىلتىقىنى ئېلىپ:

— بۇ مىلتىقنىڭ نەدە ئىشلەنگەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

بۇ ئادەملەرنىڭ ئىچىدە، شىرئەلى قورال - ياراغنى بىلگەندىن سىرت، قالغانلار ئادەتتە پىچاق ئىشلىتىشنىلا بىلەتتى.

ئەركىن شىرئەلىگە ئىشارەت قىلىۋىدى، شىرئەلى سوغۇقلا تونۇشتۇردى:

— بۇ دېگەن ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن M16 . ھازىر دۇنيا بويىچە 8 مىليون ئادەم بۇ مىلتىقنى ئىشلىتىدۇ.

ئەركىن يەنە قويىندىن «بورېتا» ناملىق كىچىك تىپتىكى تاپانچىنى چىقاردى، ئۇ تاپانچىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ:

— بۇنىڭ قانداق تاپانچا ئىكەنلىكىنى قايسىڭلار بىلەسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

يەنىلا شىرئەلىدىن باشقا ھېچكىم ئۇنى بىلمەيتتى. شۇڭا يەنە شىرئەلى جاۋاب بەردى:

— بۇ ئامېرىكىنىڭ KAHR شىركىتىدە ئىشلەنگەن، يوشۇرۇشقا ۋە يوشۇرۇن ھۇجۇم قىلىشقا ئەپلىك، دەرىجىدىن تاشقىرى كىچىك تىپتىكى تاپانچا.

ئەركىن رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ:

— مەن بۈگۈن كۆپچىلىككە قورالنى قانداق ئىشلىتىشنى ئۆگەتمەيمەن. تېخنىكىلىق مەسىلىلەرگە ھەربىي ئىشلار ئوقۇتقۇچىسى شىرئەلى مەسئۇل. مەن پەقەت سىلەرگە مۇقەررەر غەلىبە قىلىدىغان ئىشەنچ ۋە چۈشەنچىنى سۆزلەپ بېرىمەن. مېنىڭ سىلەرگە بۇ ئىككى خىل قورالنى كۆرسىتىشىمدىن مەقسەت، مېنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار قورالغا ئىگە ئىكەنلىكىمنى، كەينىمدە كۈچـ

لىۋك قوللىغۇچىلىرىمىنىڭ بارلىقى، شۇڭا بىزنىڭ مۇقەررەر غەلىبە قىلىدىغانلىقىمىزنى سىلەرگە ئۇقتۇرۇپ قويۇشتىن ئىبارەت. مەن سىلەرگە قانداق چۈشەنچىنى ئۆگىتىمەن؟ قاراڭلار، بىرىڭلار بۇ-ياققا چىقىڭلار، — دېدى.

شىرئەلى سەپنىڭ ئىچىدىن بىرەيلەننى تاللىدى. ئەركىن خۇددى سېھىرگەردەك قوينىدىن ئادەتتىن تاشقىرى قىسقا تېسسى تېپلىق تاپانچىنى چىقىرىپ، تۇيۇقسىز تاپانچىنى ئوتتۇرىغا چىققان ياشنىڭ قولاق تۈۋىگە دېيىدى. ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن، بىگىز بارمىقى بىلەن تەپكىنى بېسىۋىدى، «پاڭ!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، ھېلىقى ياشقا ئوق تېگىپ، يەرگە يىقىلدى.

شىرئەلى ناھايىتى قوپاللىق بىلەن ئۇ ياشنى سۆرەپ، بىر چەتكە تارتىپ قويدى. ئەركىننىڭ تەپتارتماي ھەممەيلەننىڭ ئالدىدا ئادەم ئۆلتۈرۈشىدىن كۆپچىلىك ھاڭ - تاڭ قالدى. ئەمما ئەركىن توساتتىن كۈلۈپ كەتتى. ئۇ تاپانچىسىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ:

— مانا بۇ مېنىڭ چۈشەنچەم، بىز دۈشمىنىمىزنى مانا شۇن-داق ئېتىپ تاشلىشىمىز كېرەك. بىراق، ئۇ ئۆلمەيدۇ، مېنىڭ ئىشلەتكىنىم جان چىقارمايدىغان ئەڭ ئىلغار توك تەپكىلىك تاپانچا. مەن بايا ئۇنىڭغا 25 مىڭ ۋولتلىق توك ئىشلەتتىم، ئۇ يېرىم سائەتتىن كېيىن ھوشىغا كېلىدۇ، — دېدى.

كۆپچىلىك ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشتى. ئەركىن سۆزىنى دا-ۋاملاشتۇردى:

— ئوق چىقارغاندا، قورقماستىن، قارشى تەرەپنىڭ قۇلاق تۈۋىگە ئېتىپ، بىر پاي ئوق بىلەن جېنىنى ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. سەن تۇنجى ئوقنى ئېتىپ، بىر قېتىم ئادەم ئۆلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالىساڭ، شۇنىڭدىن كېيىن، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان بولىسەن، مەن نېمە ئۈچۈن سىلەرنى بۇ يەرگە ئۆگ-ىنىشكە ئېلىپ كەلدىم؟ نېمە ئۈچۈن باشقىلارنى ئەكەلمىدىم؟ سە-ۋەب، سىلەر مىللەتنىڭ سەر خىل باتۇرلىرى، سىلەر كۈرەش قىلمىساڭلار كىم كۈرەش قىلىدۇ؟ سىلەر مۇستەقىللىق ئۈچۈن، ھاياتىڭلارنىمۇ ئايىماستىن، ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلىڭلار!

ساۋۇت بۇ يەردە دەرۋەقە كېچە - كۈندۈز سېغىنغان قىزنى

كۆردى. ئەمما، رەنا خۇددى ئۇنى تونۇمايدىغاندەك، ئۇنىڭدىن قېچىپ يۈرەتتى. ساۋۇت قاتتىق ئازابلاندى. ئۇ ئۆلۈشكە رازىكى، تەلىم - تەربىيىگە قاتنىششنى خالىمايتتى، شۇنداقلا ئۇ كۈن بويى قۇملۇقتا دۇم يېتىشنى، رەقىبىنىڭ تاپانچىنى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىگە تەڭلەپ تۇرۇشىنى خالىمايتتى. ئۇ سەمىمىي - سادىق مۇخلىس ئىدى، پۈتۈن ۋۇجۇدى مۇھەببەت لىرىكىسى بىلەن تولغان شائىر ئىدى. ئۇ ھەم ئاز - تولا كومپيۇتېر بىلىملىرىنى بىلىدىغان مەدەنىيەتلىك ئادەم ئىدى. چىن كۆڭلىدىن سۆيگەن قىزنىڭ ئەركىنگە تەئەللۇق بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇ غەزەپلەندى، خورلۇق ھېس قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە، رەنانى ئېلىپ، بۇ تېررورلۇق قاپلىغان يەردىن قېچىش پۇرسىتىنى كۈتتى.

تەلىم - تەربىيىدىن سىرتقى ۋاقىتلاردا، ساۋۇت جازا سۈپىتىدە ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە، ساۋۇت بۇيرۇق بويىچە ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە لايدىن ياماق سىلىۋاتقاندا، رەنانىڭ يۈزىگە چۈمبەل تارتىپ ئۆيدىن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ دەرھال ئۆگزىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، يەردىن بىر قۇچاق ئوتۇننى ئالدى - دە، ئوچاققا تاشلىدى، ئارقىدىن ياخشىچاق بولۇپ، رەنادىن ئەھۋال سورىدى.

بىراق، رەنا ئۇنىڭ سالىمىنى سوغۇققىنا رەت قىلىپ:

— كارىڭىز بولمىسۇن، ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن، — دېدى. ئىككى توپا دۆۋىسى ئوتتۇرىسىغا بىر داشقازان ئېسىلغان بولۇپ، رەنا ھەر كۈنى يەردە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئوت قالاپ، تاماق ئېتەتتى. گەرچە ئۇنىڭ ئىشى ئىنتايىن جاپالىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مۇھەببەتكە بېرىلگەنلىكتىن، ئەكسىچە خۇشاللىق ھېس قىلاتتى، ئۇ ساۋۇتنى ئۆزى بىلەن ئەركىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ماجىراسى ئىچىگە سۆرەپ كىرىشنى خالىمايتتى.

ساۋۇت رەنانىڭ كەينىدە بىرئاز ئۈن - تىنسىز تۇرغاندىن كېيىن، بوش ئاۋازدا:

— رەنا، — دەپ چاقىردى.

رەنا جاۋاب بەرمىدى. ئۇ چۈمبەلنىڭ ئىچىدە ياش تۆكۈۋاتاتتى، ئۇ ئاق كۆڭۈل قىز ئىدى.

ساۋۇت ئۇنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ھەسرەت بىلەن:

— رەنا، سەن مېنىڭ كۆڭلۈمنى بەكمۇ ئاغرىتتىڭ، — دېدى.

رەنا ئەسلىدە ساۋۇت بىلەن كارىم بولمىسا، ئۇ كېتىپ قالىدۇ دەپ ئويلىغۇندى، بىراق ساۋۇت كەتمىدى. ئۇ ساۋۇتنىڭ جەزمەن ئۇنى دەپ مۇشۇنداق جىن تەگكەن يەرگە كەلگەنلىكىنى بىلىپ، ئىنتايىن خىجىل بولدى.

ساۋۇت ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى:

— ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتكىن، بىز قېچىپ كېتەيلى. ئۇ سېنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرمەيدۇ، ئۇ سېنى قىيناۋاتىدۇ.

رەنا ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلدى:

— بىراق، ئىش بۇ ھالغا يەتكەندە، مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلسام بولمايدۇ.

ساۋۇتنىڭ يۈرىكى ئېچىشتى، ئۇ بېشىنى چايقاپ:

— رەنا، سېنىڭ قوللىرىڭ ئىلگىرى شۇنچە چىرايلىق ئىدى، بىراق ئەمدى سەن بۇ يەردە شۇنچە كۆپ ئادەمگە تاماق ئېتىمەن دەپ، قوللىرىڭ يىرىكلىشىپ كېتىپتۇ، سەن مۇشۇنداق بولۇشنى خالامسەن؟ رەنا، سەن مەن بىلەن كەتكىن، بىز يېزىغا قايتىپ، راھەت، تىنچ ـ ئامان تۇرمۇش كەچۈرەيلى، بولامدۇ؟ — دېدى.

رەنا بېشىنى چايقاپ:

— ئەمدى كېچىكتۇق. مەن سىزگە ئەڭ تەشنا چاغدا، سىز ئۆيدە ئولتۇرۇۋېلىپ، مېنىڭ قېشىمغا كەلمىدىڭىز. بىزنىڭ رىشتىمىز باغلانماپتۇ. ئەگەر سىز مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرسىڭىز، دەرھال بۇ يەردىن كېتىپ يېڭى تۇرمۇشىڭىزنى باشلاڭ! — دېدى.

قاچاندۇر بىر چاغدا، شىرئەلى ساۋۇتنىڭ كەينىدە پەيدا بولۇپ ئاچچىق بىلەن:

— ساۋۇت، سەن نەگە بارماقچىسەن؟ — دەپ سورىدى.

ساۋۇت چۆچۈپ كېتىپ، ئارقىسىغا بۇرۇلدى. ئۇ شىرئەلىنىڭ قاچانلاردا پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمىگەنىدى. بىراق،

ئۇ يەنىلا قەتئىيلىك بىلەن:
— مەن قايتىپ كېتىمەن، — دېدى.
— سەن كەتسەڭ مەيلى. بىراق مەن شۇنى بىلمەكچىمەنكى، سەن ئۆيۈڭنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرگەندە، ئۆيۈڭدىكى ھەممەيلەننىڭ قان ئىچىدە ياتقانلىقىنى كۆرسەڭ، قانداقراق تەسىراتتا بولارسەن؟ — دېدى شىرئەلى سوغۇقلا.
— ئۆزۈم قىلغان ئىشقا ئۆزۈم ئىگە، نېمىشقا ئۆيۈمدىكىلەرنى چېتىۋالىسەن؟ — دېدى ساۋۇت غەزەپ بىلەن.
شىرئەلى سوغۇققىنا كۈلدى:
— ئاتا - ئاناڭنىڭ ھاياتى سېنىڭ قولۇڭدا سېنىڭ بىلەن قۇرۇق گەپ قىلىشىدىغان ۋاقتىم يوق.
ساۋۇت شىددەت بىلەن كەينىگە بۇرۇلۇپ، شىرئەلىگە باشچىلاپ ئېتىلدى:
— سېنىڭ ئەدىپىڭنى بەرمەيدىغان بولسام!
شىرئەلى سول قولى بىلەن ئۇنى توسۇپ، ئوڭ قولى بىلەن تېزلىكتە ئۇنىڭغا مۇشت سالدى. ساۋۇت «ۋايجان!» دەپ كۆزىنى تۇتۇپ، يەردە دومىلاپ، ئىڭراپ كەتتى.
ئەركىن چاۋاك چېلىپ، ئالدىرىماي يېتىپ كەلدى، ئۇ يەردە ئىڭراپ ياتقان ساۋۇتقا قاراپ، مىيىقىدا كۈلۈپ:
— رەنا، تېز قارىغىنا! مۇشۇ سولتەك تېخى سېنى ئالماقچىمۇ؟ بەختىڭگە يارىشا، ساڭا مەن ئۇچراپ قاپتىمەن. بولمىسا، سەن كېيىن ئۇسال كۈنگە قالغان بولاتتىڭ، — دېدى.
ئەركىننىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ، تۇيۇقسىز جۇدۇنى تۇتتى. ئۇ ئەتراپىدىكى ئولىشىۋالغان ياشلارغا ھۆركىرىدى:
— ئاڭلاشتىڭمۇ؟ ئائىلەڭلاردىكى كىشىلەرنىڭ تىنىملىكى بىزنىڭ قولىمىزدا، ئەگەر كىمدە - كىم بۇ يەردىن كەتمەكچى بولىدىكەن، ئائىلەڭلاردىكى ئادەمنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلىدۇ.
ياشلار ھاڭ - تاڭ قېلىشتى.
— ھەممىڭ مەشىققە بېرىش! — دەپ ۋارقىرىدى ئەركىن.
شىرئەلى بېرىپ، ساۋۇتنى بىرنى تەپتى:
— تۇرە ئورنۇڭدىن، يوق - تاقاڭنى كۆتۈرۈپ، كەينىمدىن

ماڭ!

— مەن سېنىڭ كەينىڭدىن ماڭمايمەن، — دېدى ساۋۇت قايىل بولماي.

شىرئەلى بۇرۇلۇپ، ئەركىنگە قاراپ قويۇپ:

— ئەمىسە، سوراپ باق، ئۇ قوشۇلامدىكەن؟ — دېدى.

ساۋۇت بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئەركىننىڭ مىلتىقىنى ئۆزىگە بەتلەپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

رەنا جىددىيلىشىپ ۋارقىرىۋەتتى:

— ساۋۇت، تېز قېچىڭ، بولمىسا ئۇ سىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

ساۋۇت نائىلاج يەرگە دۈم يېتىۋالدى. ئەگەر ئۇنىڭ ھەرىكىتى سەللا ئاستا بولۇپ قالغان بولسا، ئەركىن جەزمەن تەپكىنى بېسىۋېتەتتى - دە، ئۇ بىكاردىن - بىكارغا بۇ قۇملۇقتا ئۆلۈپ كېتەتتى، بۇنداق ئۆلۈش ئەرزىمەيتتى. ساۋۇت ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، بىر سەكرەپلا جېنىنىڭ بارىچە ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى …

## 5

لەيلى ئانا - بالا باغ ئىچىدىكى تېررورلۇق بازىسىنىڭ مەخپىي گەمىسىگە قامالغانىدى. بۇ گەمىنىڭ كەڭلىكى ئىككى يېرىم مېتىر، چوڭقۇرلۇقى ئۈچ مېتىر كېلەتتى. لەيلى ئانا - بالا كونا بىر گىلەمنىڭ ئۈستىگە تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ، بەش كېچە - كۈندۈزنى ئۆتكۈزدى. ئانا - بالىنىڭ كۆزىگە قارا لاتا باغلانغان بولۇپ، ئۇلار پۈتۈنلەي قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ياشايتتى.

بۇ يىل ئەمدىلا توققۇز ياشقا كىرگەن گۈلشەن توختىماي يىغلايتتى، ئاخىر ئاۋازىمۇ پۈتۈپ كەتتى. لەيلىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، ئېڭىكىنى قىزىنىڭ يۈزىگە ياقتى. ئۇنىڭ ئىككى قولى ئارقىسىغا تەتۈر باغلانغاچقا، مىدىر - سىدىر قىلالمايتتى. ئۇنىڭ كۆزىدىن قۇيۇلغان ياش ئۇنىڭ كۆزىگە باغلانغان قارا لاتىنىمۇ ھۆل قىلىۋەتتى.

— ئاپا، نېمىشقا دادام كېلىپ بىزنى قۇتقۇزمايدۇ؟ — دەپ

سورىدى قورقۇپ كەتكەن گۈلشەن.

— قوزام، دادىڭىز جەزمەن بىزنى ئىزدەۋاتىدۇ، ئەمما ھا-زىرچە ئۇ بىزنى تاپالمايدۇ، — دېدى لەيلى قىزىغا تەسەللى بېرىپ.

— ئاپا، بىز ئۆلۈپ كېتەرمىزمۇ؟ — دەپ سورىدى گۈل-شەن قورقۇپ.

لەيلى ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن:

— قوزام، سىزنىڭ يەنە بىيجىڭغا بېرىپ ئوقۇغۇڭىز، ئۇس-سۇل ئويناڭغۇڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بار، — دېدى گۈلشەن گۆدەكلەرچە بېشىنى لىڭشى-تىپ.

لەيلى قەيسەرلىك بىلەن قىزىنى ئىلھاملاندۇردى:

— قوزام، ئاڭلاپ تۇرۇڭ، ئەمىسە سىز ھەرگىز ئۆلۈمنى ئويلىماڭ، بىز جەزمەن ئۆيگە تىرىك قايتىپ بارىمىز.

— بىراق، ئاپا، مەن ئۆزۈمنى ئۆلۈپ كېتىدىغاندەكلا ئوي-لايمەن، — دېدى گۈلشەن.

— قوزام، ئۇنداق بولسا، سىز دادىڭىزنى، بىيجىڭدىكى مەكتەپنى كۆپرەك ئويلاڭ، شۇ چاغدا سىز ئۆلۈمنى ئۇنتۇپ قالى-سىز، — دېدى لەيلى.

— ماقۇل ئاپا! لېكىن مەن ھېچنېمىنى كۆرەلمەي - ۋاتىمەن، — دېدى گۈلشەن ئەستايىدىل ھالدا.

لەيلى ئېڭىكىنى قىزىنىڭ پېشانىسىگە مەھكەم يېقىپ:

— ئەمىسە، سىز ئۇخلاڭ، ئۇخلىسىڭىز چۈش كۆرىسىز، چۈشىڭىزدە ھەممە نەرسىنى كۆرەلەيسىز، توغرىمۇ؟ — دېدى.

قاراۋۇللار ھەر ئىككى سائەتتە بىر قېتىم ئالمىشىپ نۆۋەتچى-لىك قىلاتتى. ئۇلار ئادەتتە گەمىنىڭ ئىچىگە كىرمەيتتى. ئۇلار ئۇچۇن گەمە ئېغىزىنى بېقىپ، ئانا - بالىنى قاچۇرۇۋەتمىسىلا بولاتتى. ئۇلار ئانا - بالىغا كۈندە ئىككى قېتىم تاماق ئەكىرىپ بېرەتتى، دەسلەپتە لەيلى ئانا - بالا ئاشلىق ئېلان قىلىپ تاماق يېمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەننىڭ بەدەن قۇۋۋىتى بارا - بارا بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى. ئىسمايىل ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆ-

روۋپ، ئۇلارغا ئىچى ئاغرىدى. بىر قېتىم ئۇ تاماق ئەكىرىپ بېرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، لەيلىگە ئاستاغىنە:

— سىز ئۆزىڭىزنى ئويلىمىسىڭىزمۇ، ھېچبولمىغاندا بالىڭىزنى ئويلاڭ، ئەگەر قېچىش پۇرسىتى كېلىپ قالسا، يۈگرىگۈدەك ماغدۇرىڭىز بولمىسا قانداق قىلىسىز؟ — دېدى.

لەيلى بۇ گەپنىڭ ئورۇنلۇقلۇقىنى ئويلاپ تاماققا كىرىشتى. ئۇ قاراۋۇللاردىن:

— بىزنى نېمىشقا تۇتىسىلەر؟ سىلەرنى بۇنداق قىلىشقا كىم بۇيرۇدى؟ — دەپ تالاي قېتىم سورىدى.

قاراۋۇللار ھەر قېتىم:

— بىز پەقەت سىلەرگە قاراشقىلا مەسئۇل، باشقا ئىشلارنى بىز بىلمەيمىز، — دەپ جاۋاب بېرەتتى.

لەيلى ئۇلارنى تەسىرلەندۈرمەكچى بولۇپ:

— سىلەرنىڭمۇ خوتۇن - بالىلىرىڭلارمۇ باردۇ، ئەجەبا سىلەرنىڭ قىلچە ۋىجدانىڭلار يوقمۇ؟ — دېدى.

قاراۋۇل غەزەپ بىلەن:

— ئەمما سېنىڭ تەگكەن ئېرىڭ كاپىر، سەن بىزنى ئار - نومۇسقا قويدۇڭ، بۇنى بىلەمسەن؟ — دېدى.

لەيلى سەۋرچانلىق بىلەن:

— سىلەر دۇنيادا قانچىلىك مىللەت بارلىقىنى بىلەمسىلەر؟ مىللەتلەر ئارا توي قىلىشسا بولمايدۇ دەپ كىم ئېيتىدۇ؟ مېنىڭ كىمگە تەگكىنىم بولسا، شۇنىڭغا تېگىمەن. سىلەرگە نېمە دەخلىسى؟

— بىراق، سېنىڭ ئېرىڭ بىزگە دەخلى قىلدى، ئۇ بىزنىڭ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشىمىزگە پۇتلىكاشاڭ بولدى، — دېدى قاراۋۇل غەزەپ بىلەن.

— مېنىڭ ئېرىم ئەسكى ئادەملەرگە قارشى تۇرىدۇ، ئەجەبا، سىلەرمۇ ئەسكى ئادەملەرمۇ؟ سىلەرنىڭ تەلەپپۇزۇڭلار ئەسكى ئادەملەرنىڭكىگە ئوخشىمايدىغۇ؟ ئەگەر سىلەر مېنى قويۇپ بەرسەڭلار، مەن ئېرىمگە ئېيتىمەن، ئۇ سىلەرگە كەڭچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، — دېدى لەيلى.

— خام خىيال قىلما، بىز سېنى قويۇۋەتمەيمىز، سېنى

قويۇۋەتسەك، بىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، — دېدى قاراۋۇل ۋەھشىيلىك بىلەن.

لەيلى چىن دامو سەۋەبىدىن ئۆزىنىڭ تۇتۇپ كېلىنگەنلىكىنى ئاخىر چۈشەندى. چىن دامونىڭ خىزمىتى ئاساسىي سەۋەب ئىدى. قارىغاندا، ياخشىلىقتىن يامانلىق كۆپتەك قىلىدۇ. چىن دامو بىلەن ھەمدەم بولۇپ ئۆتكۈزگەن مۇھەببەتلىك كۈنلەرنى، ئەقىللىق، ئوماق قىزىنى ئويلاپ، لەيلىنىڭ كۆڭۈل ئازابى چېكىگە يەتتى. ئەجەبا، مۇشۇنداق بىكاردىن - بىكارغا ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ؟ سۆيۈملۈك ئېرىمگە بىرەر ئېغىز «خوش» مۇ دېمىگەن تۇرسام، مەن بۇنىڭغا رازى ئەمەس! دەپ ئويلىدى لەيلى.

ئىسمايىل ئاتا - بالا ئىككىسى باشقىلارنىڭ قوراللىق نازارىتى ئاستىدا تاماق ئېتەتتى. ھازىر ئۇنىڭ ماشىنىسىنى بىرسى ھەيدەپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى؛ يانفونىنىمۇ باشقىلار بۇلاپ كەتتى؛ قىزى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئازاب چېكىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ۋىجدانىنى ئەڭ ئازابلايدىغىنى: ئۇ لەيلى ئانا - بالىنى ئالداپ چىققاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ پاجىئەلىك ھالدا تۇتۇپ كېتىلىشى ئىدى. ئۇ كۆڭلىدە ساقچىلارنىڭ كېلىپ ئۇلارنى قۇتقۇزۇشىغا ئىنتىزار بولۇۋاتاتتى. ئەپسۇسكى، ئەتراپىدا ئىنس - جىن بولمىغان بۇنداق يەردە، ھەتتا بىرەر ئادەمنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىسە، خەۋەرنى كىم يەتكۈزىدۇ؟

بىر كۈنى، ساۋۇتنىڭ كۆزى تېڭىقلىق ھالدا باغچىدىكى بازىغا قاراۋۇللۇققا ئېلىپ كېلىندى.

ساۋۇت گەمىدىكى ئانا - بالا ئىككىيلەنىنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ نۆۋەتچىلىكتە تۇرغان چاغدا، ئۆزى بىلەن بىللە نۆۋەتچىلىكتە تۇرۇۋاتقان قاراۋۇلدىن:

— ئۇلار كىم؟ بۇ يەرگە نېمىدەپ قامالدى؟ — دەپ سورىدى.

قاراۋۇل ھەمراھى زەھەرخەندىلىك بىلەن:

— ئەجەب تولا سورايسەنغۇ؟ ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ؟ — دېدى.

ساۋۇت ئەمدى يەنە سوراشقا پېتىنالمىدى.

گەمىدە ياتقان لەيلى يېڭى قاراۋۇل كەلگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۇس-

تىگە قاراۋۇللار ئارىسىدىمۇ ئۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورايدۇ. غان ئادەم بارلىقىنى ئاڭلاپ، جەزمەن يېڭى قاراۋۇلنى قولغا كەل. تۈرۈش كېرەك دەپ ئويلىدى. ئەگەر يېڭى قاراۋۇلنى ئەيۋەشكە كەلتۈرەلىسە، ئانا - بالىنىڭ قۇتۇلۇپ كېتىشىدە ئۈمىد تۇغۇلات. تى. شۇنىڭ بىلەن، لەيلى ئاۋۋال قىزىنىڭ قولىقىغا بىرنەچچە ئېغىز پىچىرلىدى، ئاندىن:

— ئادەم بارمۇ؟ تېز كېلىڭلار، قىزىم بولالماي قالدى! — دەپ ۋارقىرىدى.

ساۋۇت گەمىدىكى ئادەمنىڭ ۋارقىراۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ:

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى سەل جىددىيلىشىپ.

قاپقاراڭغۇ گەمىدىن لەيلىنىڭ ئېچىنىشلىق ئاۋازى ئاڭلاندى:

— قىزىمنىڭ نەپەسى ئۈزۈلۈپ قالاي دېدى، گەپ قىلسام، ئۇ جاۋاب بەرمەيۋاتىدۇ.

ساۋۇت تىت - تىت بولۇپ، يەنە بىر قاراۋۇلغا:

— مەن چۈشۈپ قاراپ باقاي، — دېدى.

يەنە بىر قاراۋۇلمۇ بىرئاز ئالاقزادە بولدى. ئەگەر راستتىنلا ئادەم ئۆلۈپ قالسا، يۇقىرىدىن ئۇلارنى سوراققا تارتىشى تۇرغان گەپ ئىدى. شۇڭا ئۇ:

— ئەمىسە سەن چۈشۈپ قاراپ باق، مەن بۇ يەردە كۆزىتىپ تۇراي، — دېدى.

ساۋۇت غىپپىدە ئۈمىلەپ گەمىگە كىرىپ كەتتى.

لەيلى بىرسىنىڭ گەمىگە كىرىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، تېخىمۇ كۆچەپ ئاھ ئۇرۇشقا باشلىدى. ساۋۇت خەيرخاھلىق قىلىپ:

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

لەيلى سىلاپ - سىيپاپ ئالدىغا ئۈمىتۈلۈپ، ئىنتايىن بىچارە قىياپەتتە:

— قىزىمنىڭ نەپەسى ئۈزۈلەي دەپ قالدى، بىزگە بىر ياردەم قىلىسىڭىزچۇ؟ — دېدى.

ساۋۇت دەرھال قىز بالىنىڭ بۇرنىغا قولىنى تۇتۇپ بېقىپ، نەپىسىنىڭ ھەقىقەتەن ئىنتايىن ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى - دە، ئۈزىمۇ چۆچۈپ كەتتى.

— نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ؟ سىلەرنى نېمىشقا بۇ يەرگە تۇتۇپ ئەكەلدى؟

لەيلى شۇئان ئۇنىڭغا يېقىنراق كېلىپ:

— تەلەپپۇزىڭىزدىن قارىغاندا، بىزنىڭ ئىگەرچىلىك ئوخ ـ شايسىز؟ — دەپ سورىدى.

— نېمە؟ سىلىمۇ ئىگەرچىدىنمۇ؟ — دەپ سورىدى ساۋۇت قىزىقىپ.

لەيلى بېشىنى كۆچەپ لىڭشىتتى:

— ھەئە، بىر يۇرتلۇق ئىكەنمىز، كۆزۈمدىكى لاتىنى يېشە ـ ۋەتسىڭىزچۇ؟ مەن قىزىمنى بىر كۆرۈۋالاي.

ساۋۇت دەرھال ماقۇل بولۇپ:

— ماقۇل، ئەمما قېچىپ كەتسىلە بولمايدۇ، — دېدى.

— سەن مېنى قاچ دېسەڭمۇ، مېنىڭ قاچقۇدەك ماغدۇرۇم قالمىدى، مەن قىزىمنى بىر كۆرۈۋالسام‌لا كۇپايە، — دېدى لەيلى ئاھ ئۇرۇپ.

ساۋۇت يۈرەكلىك ھالدا لەيلىنىڭ كۆزىگە باغلانغان قارا لاتە ـ نى يېشىپ ئېلىۋەتتى.

كۆزىدىكى توسالغۇ ئېلىپ تاشلاندى. بىراق، لەيلى ۋاقتىنچە ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى:

— رەھمەت سىزگە، ئىسمىڭىز نېمە؟ مەن سىزنى ئۆلسەممۇ ئۇنتۇمايمەن.

ساۋۇت دەرھال قىز بالىنى كۆتۈرۈپ، لەيلىنىڭ قۇچىقىغا قويۇپ، ئۇنىڭغا:

— مېنىڭ ئىسمىم ساۋۇت، تېزدىن قىزلىرىنى بىر كۆرۈ ـ ۋالسىلا، بىرئازدىن كېيىن يەنە كۆزلىرىنى تېڭىپ قويمىسام بول ـ مايدۇ، — دېدى.

لەيلى «ساۋۇت» دېگەن ئىسمىنى ئاڭلاپلا:

— سىز ئىگەرچى يېزىسىنىڭ توكچىسىمۇ؟ — دەپ سورى ـ دى.

ساۋۇت ھەيران قېلىپ:

— سىلى مېنى تونۇملا؟ — دەپ سورىدى.

شۇئان لەيلىنىڭ كۆزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ ياش قويۇلدى، ئۇ-نىڭ قوتۇلۇشقا كۆزى يەتكەنىدى. ئۇ تىترەپ تۇرۇپ:

— ساۋۇت، ساۋۇت، مەن سىزنىڭ يۇرتدىشىڭىز لەيلى ھەدىڭىز ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭدىن بىرقانچە ئاي ئىلگىرى، ئاتا - ئانى-ڭىز سىزگە خىزمەت تېپىپ بېرىشكە ياردەم سوراپ، مېنى ئىزدەپ كەلگەنىدى، — دېدى.

— سىلى جەنۇبىي شىنجاڭ ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى لەيلى ھەدەم بولاملا؟ سىلىنى قانداقلارچە بۇ يەرگە تۇتۇپ ئەكەلدى؟ — دەپ سورىدى ساۋۇت ئالدىراپ.

لەيلى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ:

— ماڭا ياردەم قىلىپ قولۇمنى بىر بوشىتىپ قويسىڭىز بولامدۇ؟ قىزىمنى بىر قوچاقلىۋالاي، — دېدى.

ساۋۇت شۇئان لەيلىنىڭ قولىنى بوشىتىۋەتتى. لەيلى ئىككى قولىنىڭ سەزمەس بولۇپ قالغىنىغا قارىماي، تەشنالىق بىلەن قىزىنى باغرىغا بېسىپ، ئازاب بىلەن يىغلاپ كەتتى:

— ساۋۇت، بىزنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ، بىزنى نېمىشقا تۇتۇپ بۇ يەرگە ئەكەلگەنلىكىنى بىزمۇ بىلمەيمىز، مېنىڭ يولدىشىم ساق-چى، بەلكىم سىزمۇ ئاڭلىغانسىز، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بەزى يامان ئادەملەرنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپتۇ، شۇڭا ئۇلار بىزنى تۇتۇپ كەلگەنىكەن.

لەيلىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ساۋۇتنىڭ كۆز ئالدىدا ئەركىن بىلەن شىرئەلىنىڭ ۋەھشىي قىياپىتى نامايان بولدى.

— لەيلى ھەدە، سىلەر بىر ئامال قىلىپ قېچىپ كېتىڭلار، بولمىسا، ئۇلار سىلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، — دېدى ساۋۇت جىد-دىيلىشىپ.

— ئەمما بىز قانداق قاچالايمىز؟ ھازىر سىزدىن باشقا تايان-چىمىز يوق، — دېدى لەيلى بىچارە ھالەتتە.

ساۋۇتمۇ تىت - تىت بولۇپ:

— مەن بىر ئويلاپ باقاي، بىر ئويلاپ باقاي، — دېدى.

شۇ ئەسنادا سىرتتىكى قاراۋۇل ئېيىشىپ:

— ھەي، قانداق بولدى؟ سەن تېخى ئۇنىڭ بىلەن بىردەم يېتىشىۋېلىپ چىقماقچىمۇ؟ — دەپ توۋلىدى.

— ھۇ ھارامدىن بولغان! — دەپ تىللاپ قويۇپ، ئارقىدىن:

— ئىش تۈگىدى، ھازىرلا چىقىمەن، — دېدى ساۋۇت.

لەيلى پەس ئاۋازدا ئۇنىڭغا ئەسكەرتىپ قويدى:

— ھېلىقى تاماق ئېتىدىغان ئادەمنىڭ ئىسمى ئىسمايىل، سىز ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر ئىش قىلارسىز.

— قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن، يەنە مەن پوستتا تۇرىمەن. مەن بىر ئامال قىلىپ ئۇلارنى بىر چەتكە ئېلىپ كېتىمەن. سىلى بالىنى ئېلىپ دەرھال قاچسىلا، — دەپ پىچىرلىدى ساۋۇت.

لەيلى سالماقلىق بىلەن تەھلىل قىلىپ:

— بۇنداق قىلساق بولماسمىكىن، سىز ئەڭ ياخشىسى يولدىشىمغا بىر خەۋەر بېرىۋەتسىڭىز، ساقچىلار كېلىپ بۇ يەرنى قورشاپ، يامان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇۋالىدۇ. مەن ئۇ چاغدا جەزمەن گۇۋاھچى بولۇپ، سىزنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىڭىزگە گۇۋاھلىق بېرىمەن، — دېدى.

— ساقچىلار يېتىپ كەلگۈچە، ئۇلار سىلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتەرمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىمەن، — دېدى ساۋۇت ئەنسىرەپ.

لەيلى ساۋۇتنىڭ ئۇلارنى بۇ يەردىن بالدۇرراق كەتسۇن دېمەكچىكەنلىكىنى چۈشىنىپ:

— بىراق، بىز راستىنلا يۈگۈرىيەلمەيمىز! — دېدى.

ساۋۇت پەس ئاۋازدا:

— مۇنداق بولسۇن، قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن، مەن غىپپىدە ئىسمايىلنى قويۇۋېتەي، ئۇ بېرىپ ساقچىغا مەلۇم قىلسا قانداق؟ — دەپ جىپكىلىدى.

لەيلى بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ:

— بولىدۇ، — دېدى.

— كەچۈرسىلە، ئەمدى مەن يەنە يالغاندىن بولسىمۇ كۆزلىرىنى تېڭىپ قويمىسام بولمايدۇ، قوللىرىنىمۇ باغلاپ قوياي، بوشراق باغلاپ قويارمەن، مەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، بالى-

نىڭ قولىنى ئۆزلىرى بوشىتىۋەتسىلە، بالىمۇ بىر راھەتلىنىسۇن، — دېدى ساۋۇت ئالدىراپ.

## 6

شۇ كۈنى كېچىدە، چېن دامونىڭ يانفونى جىددىي سايراپ كەتتى، ئۇ يانفونىغا قارىۋىدى، ناتونۇش نومۇر ئىكەن.

— سىلە چېن دامو بولاملا؟ — دەپ سورىدى قارشى تەرەپ ناھايىتى جىددىي ھالدا، — لەيلى مېنى سىلىگە تېلېفون بەرگىن دەپ تاپىلىغانىدى، دەرھال ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋالسىلا.

— سەن كىم؟ لەيلى نەدە؟ — دەپ سورىدى چېن دامو ئالدىراپ.

— بىر ئېغىز سۆز بىلەن دەپ بولغىلى بولمايدۇ، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇتۇپ كېتىلگەن تاكسى شوپۇرى.

چېن دامو دەرھال قەغەز - قەلەم ئېلىپ:

— ماڭا ئورنىنى دەپ بەرگىن، ئۇلار قانچە ئادەم؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ يەرنىڭ قانداق يەر ئىكەنلىكىنى مەنمۇ بىلمەيمەن. ئۇلار يەتتە - سەككىز ئادەم، قولىدا قورال بار، يەنە پارتلاتقۇچ بومبىسىمۇ بار.

چېن دامو يەنە سورىماقچى بولۇۋىدى، قارشى تەرەپ تېلېفوننى ئۈزۈۋەتتى.

چېن دامو شۇئان تېخنىكا تارماقلىرىغا تېلېفون بېرىپ، ئۇلارنىڭ بۇ تېلېفوننىڭ ئورنىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ئون مىنۇتتىن كېيىن، ئۇچۇر تېخنىكا مەركىزىدىن جاۋاب كەلدى: بۇ تېلېفوننىڭ ئورنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى چۆل - جەزىرىگە جايلاشقان بىر كىچىك بازاردا ئىكەن.

گەرچە يېرىم كېچە بولۇپ قالغان بولسىمۇ، جۇڭ چېڭ بىلەن مەمتىمىن تېخىچە لەيلى ئانا - بالىنى ئىزدەش لايىھىسىنى مۇزاكىرە قىلىۋاتاتتى. چېن دامو ئىشىكنى ناھايىتى جىددىي ئېچىپ

كىرىپ كەلدى:

— باشلىق، لەيلى ئانا - بالىدىن خەۋەر كەلدى.

— تېزرەك تەپسىلىي ئېيتقىنا، — دېدى جوڭ چېڭ ئۇنى ئالدىرىتىپ.

چېن دامونىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇچەيلەن قىسقىچە مۇزاكىرىلىشىپ، بۇ خەۋەرنىڭ راست - يالغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنى قۇتقۇزۇشنى قارار قىلدى.

جوڭ چېڭ ئۇلارنى دەرھال ھەرىكەتنى باشلاشقا بۇيرۇدى.

## 7

ۋاڭ لۇ «كۆك چۈش تورخانىسى»غا چۆكۈپ كەتكەنىدى، توساتتىن ئۇنىڭ بېقىنىدىكى چاقىرغۇ قاتتىق سىلكىنىپ كەتتى. ئۇ ئېگىشىپ، «999» دېگەن رەقەمنى كۆردى. بۇ ئۇنى دەرھال ئەترەتكە قايتىپ كەل دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى.

ئون مىنۇتتىن كېيىن، ۋاڭ لۇ ئەترەتكە كېلىپ بولدى. ئەترەتنىڭ قالغان ئەزالىرى تولۇق قوراللىنىپ، جەڭگە ئاتلىنىشقا تەييار بولغانىدى.

جوڭ چېڭ قىسقىچە جەڭگە سەپەرۋەرلىك نۇتقى سۆزلىدى. ئۇ بۈگۈن كېچە ئۇلارنىڭ تۇتۇپ كېتىلگەن لەيلى ئانا - بالىنى قۇتۇلدۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ: تېررورلۇققا قارشى 2 -، 3 -، 4 -، 5 -، 6 - ئەترەتلەر ئاساسىي ھۇجۇم ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ تېررورلۇققا قارشى 1 - ئەترەتنىڭ ۋەزىپىسى ئاساسىي ھۇجۇم باشلانغاندا، لەيلى ئانا - بالىنى قوتۇلدۇرىدۇ. قەتئىي سەۋەنلىك سادىر قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ بۇيرۇق قىلدى.

جوڭ چېڭ ھەرىكەتنىڭ باش قوماندانى سۈپىتىدە، «ماشىنىغا چىقىش» بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. ئون نەچچە «چۆل شاھى» (沙漠王) كېچىلەپ سەپەرگە ئاتلاندى.

سەھەر سائەت بەشتە، ھەرىكەتنىڭ باش قوماندانى جوڭ چېڭ بارلىق ئەزالارنى ماشىنىدىن چۈشۈشكە بۇيرۇق قىلدى. قوشۇن نىشانغا پىيادە يېقىنلاپ بارماقچىدى. ھەيۋەتلىك قوشۇن چۆل قوي-

ىندا ئالغا سىلجىماقتا. بۇ ئىنتايىن قاراڭغۇ بىر كېچە بولۇپ، ئىنفرا قىزىل نۇرلۇق كېچىلىك كۆرۈش ئەينىكىدە ھەممە نەرسە سىرلىق، يېشىل رەڭدە كۆرۈنەتتى. پىيادە تەخمىنەن ئون كىلو-مېتىرچە ماڭغاندا، ئىنفرا قىزىل نۇرلۇق كېچىلىك كۆرۈش ئەينە-كىدە ئىككى قاتار كېسەك ئۆي ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. باغ بازىسىغا ئىككى كىلومېتىر قالغاندا، جۇڭ چېڭ:

— ھەرىكەتلىنىڭلار! — دەپ قىسقا بۇيرۇق چۈشۈردى. قوشۇن ئورغاق شەكلىدە مۇھاسىرىنى باشلىدى.

پىلان بويىچە تېررورلۇققا قارشى 2 - ئەترەت ھېلىقى ئىككى قاتار ئۆينىڭ ئەتراپىغا بىر تال رېئاكتىپ سىنارەد ئاتتى، قاتتىق پارتلاش ساداسى بىلەن تەڭ، ئوت يالقۇنى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، ئىككى قاتار ئۆينىڭ ئۈستىنى قىپقىزىل ئوت يالقۇنى قاپلىدى. رېئاكتىپ سىنارەد ئۆينىڭ بىر قىسمىنى ۋەيران قىلدى، ئۆيگە ئوت تۇتىشىپ كەتتى. چېن دامو ئىنفرا قىزىل نۇرلۇق كېچىلىك كۆرۈش ئەينىكىنى تۇمۇر قالپىقىنىڭ پېشانىسىگە سۈرۈپ قويۇپ، تېررورلۇققا قارشى 1 - ئەترەتنىڭ ئەزالىرىغا:

— ھۇجۇمغا ئۆتۈڭلار! — دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. ئوت يالقۇنىنىڭ ھىمايىسىدە، رازۋېدكىچىلار ئارقىمۇئارقا ئالغا ئېتىل-دى.

بازىدىكى تېررورچىلار ھوشىغا كېلىشكەنىدى، ئۇلار پاتىپاراق بولۇپ، ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقىشتى. بىراق، ھېچقانداق ئىدىيىۋى تەييارلىقى بولمىغاچقا، ئوت يالقۇنى تەرەپكە قالايمىقان ئوق چىقى-رىشقا باشلىدى. قالايمىقان ئېتىشىش ئارىلىقىدا، ۋاڭ لۇ قارشى تەرەپ ئىشلىتىۋاتقان قوراللار ئىچىدىكى AK74 تىپلىق زەربىدار مىلتىق، M16 تىپلىق ئالاھىدە چاستوتىلىق ئاپتوماتىك مىلتىق ۋە بۆكتۈرمە مىلتىقلارنىڭ ئاۋازىنى ئېنىق پەرق ئېتەلىدى.

چېن دامو يالقۇن ۋە ما جيەنجۈننى باشلاپ، خەرىتىدە كۆر-ستىلگەن گەمە ئەتراپىغا كەلدى، ۋاڭ لۇ بىلەن ئەلى ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ، ئارقا تەرەپتە قالدى. ئۇشتۇمتۇت، ۋاڭ لۇ گەمىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن بىر بۇرجەك ئېچە-لىپ، ئىككى تېررورچىنىڭ ئادەتتىكى بىر پىلىموتنى تىكلەپ،

چىن دامولارغا قارىغا ئىلىغۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئەھۋال قىل ئۈستىدە قالغان پەيتتە، ۋاڭ لو 95 تىپلىق ئاپتوماتىك مىلتىقنىڭ ئاستىغا ئورنىتىلغان سىنارەد ئاتقۇچىنىڭ تەپكىسىنى بېسىۋەتتى. بىر پاي سىنارەدنىڭ پارتلاش زەربىسىدە، بىر تېررورچى يىراققا ئۇچۇپ چۈشتى، يەنە بىرى دېرىزە تۈۋىگە يىقىلدى.

چىن دامو قاتارلىقلار كەينىگە قاراشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، ئۇدۇل گەمىگە ئىتىلدى.

جەڭ باشلىنىش بىلەن تەڭ، لەيلى ئانا - بالىنى نازارەت قىلىۋاتقان ئەبلەخ قورقۇپ كەتكىنىدىن، ئىختىيارسىزلا كېسەك ئۆي تەرەپكە قاچتى. ئالدىن تەييارلىنىپ تۇرغان ساۋۇت غىپپىدە ئۈملەپ گەمىگە كىرىپ، لەيلى ئانا - بالا بىلەن جەم بولدى. بۇ چاغدا، لەيلى ئۆزى ۋە قىزىنىڭ قولىدىكى باغلاقنى بوشىتىپ، تەقەززالىق بىلەن پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرغانىدى! كۆپ ئۆتمەيلا، ئۇ گەمە ئۈستىدىكى ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىدى، ئارقىدىنلا كۆچلۈك قولچىراغنىڭ نۇرى، گەمىگە چۈشۈپ، چىن دامونىڭ:

— لەيلى، لەيلى! — دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

خۇشاللىقى ئىچىگە پاتمىغان لەيلى:

— دامو، بىز بۇ يەردە! — دەپ جاۋاب بەردى.

لەيلى ئانا - بالىنىڭ تېنى بەك ئاجىزلاپ كەتكەنلىكتىن، چىن دامو بىلەن ما جيەنجۇڭ ئۇلارنى ھاپاش قىلىپ ماڭدى. بۇ چاغدا گەمە ئەتراپىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ئىسمايىل بىلەن ئۇنىڭ قىزىمۇ يېتىپ كەلدى. يالقۇن ئىسمايىلنىڭ قىزىنى ھاپاش قىلىۋالدى. ئۇلار قارشى يۆنىلىشتە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ۋاڭ لو بىلەن ئەلى ئۇلارنى كەينىدىن مۇھاپىزەت قىلىپ ماڭدى.

گەمىنىڭ يېنىدا بىر شىبغىللىق توپا دۆڭ بار ئىدى، توپا دۆڭدىن ئىس - تۈتەك ئۆرلەپ تۇراتتى. ۋاڭ لو بىلەن ئەلى ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەپ، توپا دۆڭنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ يوشۇرۇندى. ۋاڭ لۇنىڭ قولىدا 95 تىپلىق كالتە ئاپتوماتىك مىلتىق بولۇپ، بۇ خىل مىلتىقنىڭ ئۈنۈملۈك ئېتىش مۇساپىسى 400 مېتىر ئەتراپىدا بولغاچقا، ئۇنىڭدىن يىراققا دەل تېگىشى ناتايىن ئىدى. ئەلى ئۇشتۇمتۇت ئالدى سول تەرەپتىن پەيدا بولغان بىر توپ

ئادەمنى كۆرۈپ قالدى. ئۇلار قوراللىرىنى كۆتۈرۈپ، ئېگىشىپ گەمە تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. ئىككىيلەن شۇئان جىددىيلەشتى. ۋاڭ لۇ بارمىقىنى تەپكىگە توغرىلاپ، ئېتىشقا تەييارلاندى. سەل ئۆتكەندىن كېيىن، ۋاڭ لۇ بۇ بىر توپ ئادەمنىڭ ئوبدان ھەربىي مەشىق كۆرگەنلىكىنى سەزدى. چۈنكى، ئۇلار ۋاڭ لۇدىن 900 مېتىرچە يىراقلىقتىكى چاغدا، توساتتىن تارقىلىپ، تىپىك W شەكىللىك سەپ ھاسىل قىلدى. ۋاڭ لۇ ھەيران قالدى: ئەجەبا بۇ ئادەملەرمۇ بىزگە ئوخشاش سەپ شەكلىنى ئىشلەتتىمغۇ؟ دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئۇلار بارغانسېرى يېقىنلاشتى، ۋاڭ لۇ دۇربۇن بىلەن بىر ئاز كۆزەتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇھ دەپ كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ، ئەلىگە جىددىي ھالەتنى بىكار قىلىش سىگنالىنى بەردى. ئەسلىدە ئۇلار تېررورلۇقتا قارشى 4 - ئەترەتتىكى سەپداشلار بولۇپ، بۈگۈن بىنائەن تېررورلۇققا قارشى 1 - ئەترەتتىكى قېرىنداشلارغا ياردەمگە كەلگەنىكەن.

تەخمىنەن بىر سائەتتىن كېيىن، ئوق ئاۋازلىرى ئاستا - ئاستا بېسىقىپ، قارشى كۈچلەر تەلتۆكۈس باستۇرۇلدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسى ناھايىتى تېزلا بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ باش قوماندانى جۇڭ چېڭغا دوكلات قىلىندى. جەڭ بىز تەرەپتىن بىرەيلەننىڭ يارىلىنىشى، جەمئىي توت نەپەر تېررورچىنىڭ ئۆلۈشى، ئۈچ تېررورچىنىڭ تىرىك قولغا چۈشۈشى، بىرقانچە تال AK74 ۋە M16 تىپلىق ئاپتوماتىك مىلتىق بىلەن بورىتا تاپانچا ھەمدە بىر قىسىم ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ غەنىيمەت ئېلىنىشى بىلەن ئاخىرلاشتى. باش قوماندان جۇڭ چېڭنىڭ چىرايى بەكمۇ ئوسال ئىدى. بۇ قورال - ياراغ ۋە ئەسلىھەلەردىن قارىغاندا، بۇلار ئەسلا مەملىكەت ئىچىدىكى نەرسىلەر ئەمەس ئىدى. ئەمىسە بۇ ئىلغار قورال ۋە ئەسلىھەلەر دۆلەت ئىچىگە قانداق يول بىلەن كىرگۈزۈلگەن؟ جۇڭ چېڭ ۋەزىيەتنىڭ كەسكىنلىكى، شۇنداقلا ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

جەڭ مەيدانىنى تازىلىغان چاغدا، ۋاڭ لۇ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن بىر تېررورچىنىڭ يېنىنى ئالايتەن ئاختۇرۇپ، بىر كىملىك

كارتۇشكىسىنى تېپىۋالدى. ھەيران قالارلىقى شۇكى، بۇ كىملىك كارتۇشكىسىدىكى سۈرەت ئۆلگۈچىگە زادىلا ئوخشىمايتتى، ئۆلگۈ-چىنىڭ شىنجاڭلىق ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ مەلۇم بولۇپ تۇراتتى، بىراق كىملىك كارتۇشكىسىغا بىر ئىنگلىزچە ئىسىم يېزىلغانىدى. ۋاڭ لۇ ئۆلگۈچىنى غەرب ئەللىرىدە مەلۇم جەھەتتىن ئالاھىدە تەربىيىلەنگەن بولسا كېرەك، دەپ گۇمان قىلدى.

جۇڭ چېڭمۇ بىر ئىشنى غەلىتە ھېس قىلدى. ئۇ ئەسلىدە «قارچىغا» نىڭ باغ بازىسىدا بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن دەپ ئويلىۋىدى، ئەمما ئاران ئۈچلا تېررورچى تۇتۇلدى. ئۇ قەيەر-گە يوشۇرۇنۇۋالدۇ؟ ئەجەبا، ئۇ مەلۇم جايدا بىر مەخپىي بازا قۇرغانمىدۇ؟ بۇ خىل ئېھتىماللىقمۇ بولۇشى مۇمكىن. جۇڭ چېڭ ۋەزىيەتنىڭ شىددەت بىلەن كەسكىنلىشىپ كەتكەنلىكى، قارىغاندا چوڭ بىر جەڭ تېخى ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى سەزدى.

جۇڭ چېڭ نازىر نەنگە جەڭنىڭ نەتىجىسىنى دوكلات قىلدى. نازىر نەن بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنى مەخپىي تۇتۇشنى، تىرىك تۇتۇل-غان ھېلىقى ئۈچ تېررورچىنى چىڭ تۇتۇپ سوراق قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

باغ بازىسىنى ساقلاۋاتقان تېررورچىلاردىن ساۋۇتتىن باشقىسى قاسىم قالدۇرۇپ قويغان ئادەملەر ئىدى. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى، ئۇلار شىرئەلىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ ياتقانىدى. شۇڭلاشقا، باغنىڭ سىرتىدىكى ئىشلارنى ئۇلار بىلمەيتتى. شىرئەلىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلىدىغان بىر-دىنبىر ئادەم ساۋۇت قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كەتكەنىدى.

# ئون ئۈچىنچى باب

## 1

ئىگەرچى يېزىسىدىن كەلگەن ھېلىقى 20 نەچچە ياش ئەمدى دەسلەپ كەلگەن چاغدىكىدەك ساددا ئەمەس ئىدى. ئەركىننىڭ قۇترىتىشى ئارقىسىدا، ئۆچمەنلىكنى ئۆگەندى. ئۇلارنىڭ كومپارتىيىگە بولغان ئۆچمەنلىكى بىلەن يات دىندىكىلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكى ئوخشاشلا كۈچەيدى. ئۇلارنىڭ كاللىسىغا پۈتۈنلەي غازات ئىدىيىسى سىڭدۈرۈلگەن. ئۇلار كۆپ قېتىم قۇملۇقنى بۆسۈپ ئۆتۈشكە ئۇرۇنۇپ كۆرگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار مىلتىق ئېتىش، پارتلىتىش قاتارلىق كۆپلىگەن زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋاسىتىلىرىنىمۇ ئۆگىنىپ بولدى، ئەمدى پەقەت ئەركىننىڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈش بۇيرۇقىلا قالغانىدى. ئەركىنمۇ پەيتنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى سەزدى. ئۇ يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلىدىغان 24 ئادەمنىڭ تىزىمىنى قولغا كەلتۈردى، پىلانغا ئاساسلانغاندا، ئۇ يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشنى باشلاشتىن ئىلگىرى، ئاۋۋال جامائەت پىكرى ۋە جىددىي كەيپىيات پەيدا قىلىپ، ساقچىلارنى قايمۇقتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ زادى قانچىلىك ئادىمى بارلىقى ۋە قانچىلىك ئىش قىلماقچىكەنلىكىنى ئۇلارغا بىلدۈرمەسلىكنى پىلانلىغانىدى. ئون نەچچە يىل تەييارلىق كۆرگەن ئەركىن ئاخىر ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولدى. ئۇ ھاكىمىيەت دېگەن نەرسىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنى جەلپ قىلىش كۈچى بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم ئۆزىنى پىدا قىلىشقا رازى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى.

بۇ كۈنى، ئەركىن شىرئەلگە كۆز ئىشارىتى قىلدى. شىرئەلى ئۇنىڭ غەرىزىنى چۈشىنىپ، غىپپىدە تالاغا چىقتى.

ئەركىنمۇ ئەگىشىپ تالاغا چىقىپ، پەس ئاۋازدا:

— ھەممە تەييارلىق پۈتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.
شىرئەلى ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا تۇرغان ئاق خالتىنى كۆرسىتىپ:
— تەشۈىقات ۋەرەقىسى، كاپسۇل ۋە پارتلاتقۇچ دورىلار ھەممىسى شۇنىڭ ئىچىدە، — دېدى.
ئەركىن رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. بۈگۈن كەچتە ئۇ ئالايىتەن قۇملۇقنى ئايلىنىپ كەلمەكچى بولغانىدى.
— يۈر، بىز بوراندا بىر سەيلە قىلىپ كېلەيلى، — دېدى ئۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن پىيادە توغراقلىقتىن چىقىپ، قۇملۇقتىكى سوغۇق شامالغا قارشى سەيلە قىلىپ ماڭدى.
گەرچە كېچە بولسىمۇ، ئەمما ئەركىن خۇددى كۈندۈزدىكىدەك ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ:
— بۈگۈن كېچە تەشۈىق ۋەرەقىسى تارقىتىدىغان ئادەمنى چىقىرىۋېتەيلى. ئادەملەر ئۈچ گۇرۇپپىغا ئايرىلىپ، ئىككى ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇپ ھەرىكەت قىلسۇن. بىرىنچى گۇرۇپپا قەشقەرگە، ئىككىنچى گۇرۇپپا بوستانغا، ئۈچىنچى گۇرۇپپا خوتەنگە بارسۇن. مېنىڭ مۆلچەرىمچە ئۈچ - تۆت كۈندىن كېيىن، پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭدا كىشىلەر ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قالىدۇ. ساقچىلار تەشۈىق ۋەرەقىسى تارقاتقان ئادەمنى ئىزدەشكە كىرىشكەن چاغدا، بىز ئاندىن ئىككىنچى لايىھە بويىچە، پارتلىتىشقا كىرىشىمىز، ئېگىز بىنا، كۆۋرۈكلەرنى پارتلىتىمىز، ئاندىن بىز تېزلا ئۈچىنچى لايىھەنى يولغا قويۇپ، 24 نەپەر ئەبلەخنى بىر - بىرلەپ بوغۇزلىۋېتىمىز. ھىم! ئۇلار ھەرقانداق قىلىپمۇ ئاخىرەت كۈنلىرىنىڭ كېلىپ قالغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ، — دېدى.
— ئۇلاردىمۇ قورال بار، بىزنى تېپىۋالسىلا، ئالدى بىلەن بىزنى يوقىتىۋېتىدۇ، — دېدى شىرئەلى سوغۇققىنا.
— شۇڭلاشقا، ھەرىكىتىمىزنى چوقۇم باشلىشىمىز كېرەك، ئۇلارنى ئالاقزادە قىلىپ، قايتىپ كەلگەنلىكىمىزنى بىلدۈرۈپ قويۇشىمىز لازىم. ئەمما، ھەرگىز ئۇلارغا تۇتۇلۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك، — دېدى ئەركىن ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ.
— ئىلاھىم، شۇنداق بولغاي! — دېدى شىرئەلى سۇس تەلەپپۇزدا.

— سىنىڭچە، مىنىڭ پىلانىم ئەمەلگە ئاشارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئەركىن شىرئەلىگە بۇرۇلۇپ.

شىرئەلى ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ:

— سەن قىلغان ئىشنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغىنى بارمۇ؟ سەن ماڭا ئىشەنچىم يوق دېمەكچى ئەمەستۇرسەن؟ — دېدى سوغۇقلا.

— مىنىڭ قانداقمۇ ئىشەنچىم بولمىسۇن؟ مىنىڭ ئىنتايىن ئىشەنچىم بار: بىراق، بىرئاز ھاياجانلىنىۋاتىمەن. ئۆزۈمنىڭ پات ئارىدا جەنۇبىي شىنجاڭنى ئۆڭتەي - توڭتەي قىلىۋېتىشىمگە، ئۇن نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئارزۇيۇمنىڭ مانا ئەمدى ئەمەلگە ئاشىدىغان-لىقىغا ھەقىقەتەن ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ، — دەپ غىزەپلىك كۈلۈپ قويدى ئەركىن.

— سەن بەزىدە شائىرغا ئوخشاپ قالىسەن، — دېدى شىر-ئەلى ئۇنى تەنقىد قىلىپ.

— ئىچكىرىدە بىر شېئىرىيەت ئوبزورچىسى بار ئىكەن، ئۇ بىر ئايالغا، ئۆلگۈڭ بارمۇ؟ ئۆلگۈڭ بولسا شائىرغا تەگكىن دەپتە-كەن، شائىرنىڭ ھەممىسى ساراڭ، — دېدى ئەركىن ئۇنىڭغا جاۋابەن.

— مەن ماڭدىم، — دېدى شىرئەلى سوغۇققىنا. ئۇنىڭغا گويا ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا تاغ باردەك بىلىنەتتى. ئەركىننىڭ گېپىنى ئۇ بەزىدە زادىل چۈشەنمەيتتى. ئەمما ئۇ ئۆزىنى بۇرۇندىنلا ھەممىدىن ئەقىللىق سانايتتى. ئەگەر ئۇ ئەركىننىڭ سۆزىنى چۈ-شىنەلمىسە، ئۇنى نەيرەڭۋازلىق قىلىۋاتىدۇ دەپ قارايتتى. تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇ ئۆزىنى ھازىر قانات - قۇيرۇقۇم يېتىلدى، ئەركىن-نىڭ مېنى باشقۇرۇشىنىڭ ھاجىتى يوق دەپ ئويلايتتى.

ئەركىن تازا ئىشتىياق بىلەن سۆزلەۋاتقاندا، شىرئەلى ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى. ئەركىننىڭ بىرئاز ئاچچىقى كەلدى. ئەمما ئۇ شىرئەلىگە ئاچچىقلىنىشقا پېتىنالمىدى. شىرئەلى ئۇنىڭ ھەر-بىي ئىشلار ئوقۇتقۇچىسى، ئۇ نۇرغۇن ئىشلاردا مانا شۇ تاش يۈرەك قاتىلغا تايىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانىدى. شۇڭا، ئەركىن ھايا-جىنىنى بېسىۋېلىپ، شىرئەلىگە:

— ئېسىڭدە بولسۇن، پارتلىتىپ بولۇپلا، دەرھال قايتىپ

كەل، — دەپ تاپىلىدى.
— ھەمىشە ياخشى تەرەپنىلا ئويلىما، كىشەنچىلىك خەۋەرلەرگە قارىغاندا، باغ بازىسىنى ساقچىلار كىشغال قىلىۋاپتىمىش، — دېدى شىرئەلى ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ.
— نېمە؟ — ئەركىن چۆچۈپ كەتتى، — بىزنىڭ ئادەملەر بىلەن ھېلىقى بىرقانچە تۇتقۇن نەدىكەن؟
— ئۆلۈك - تىرىكلىكى نامەلۇم، — دېدى شىرئەلى چوڭقۇر ئويغا چۆكۈپ.
بىرئاز سۈكۈتتىن كېيىن، ئەركىن يەنىلا تەسەللى بېرىپ:
— يەنىلا مەن ئالدىن بىلەلمىدىكەنمەن؟ قاسىمنىڭ ئادەملىرىگە قۇملۇقتىكى بۇ بازىنى دەپ بەرمىگىنىمىز. بولمىسا بىزمۇ تۇگىشەتتۇق، — دېدى.
— سەن يوشۇرۇن بىر خەتەرگە سەل قارىدىڭ، سەن ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان ساۋۇت بىزنىڭ بۇ تەرەپتىن سەپلەنگەن ئادەم. ئۇ بىزنىڭ قائىدىمىزنى بۇزۇۋېتىشى مۇمكىن، — دېدى شىرئەلى سوغۇققىنا تەكىتلەپ.
ئەركىننىڭ چىرايى دەرھال ئۆزگىرىپ كەتتى:
— سىڭىلچە، ساقچىلارنى ئۇ باشلاپ بارغانمىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ سەزگۈرلۈك بىلەن.
— سەن شۇنچە ئەقىللىق ئادەم، ئەلۋەتتە بۇنى ئويلىشىڭ كېرەك.
— ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتەمەن.
— بەلكىم ئۇ ئاللىبۇرۇن ساقچىلارنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان بولۇشى مۇمكىن.
ئەركىن تۇساتتىن ئۆزىنى چارچىغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ قوپاللىق بىلەن گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكىدى:
— يەنىلا ئۆز كېپىمىزگە كېلەيلى، مېنىڭچە بىزنىڭ ھەرىكىتىمىز جەزمەن پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە باشلىنىدۇ.

## 2

بوستاندىكى بەزى ئاممىۋى سورۇنلاردا ئۇشتۇمتۇت ئەكسىيەتـ
چىل تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى پەيدا بولدى. ئارقىدىنلا، قەشقەر،
خوتەندىكى ئاممىۋى سورۇنلاردىمۇ ئەكسىيەتچىل تەشۋىق ۋەرەقىلىـ
رى بايقالدى.

جۇلى چېلى بىلەن مەمتىمىن نەق مەيدانغا بېرىپ، ئەكسىيەتـ
چىل تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنىڭ مەزمۇنىنى كۆردى. ئۇلار غەزەپلەنـ
گىنىدىن ئېتىلىپ كېتەي دېگەندى. جۇلى چېلى چوڭقۇر بىر
تىنىپ مەمتىمىنگە:

— قانداق قىلىمىز؟ بوران - چاپقۇن كېلىدىغان
بولدى، — دېدى.

— قورقۇشنىڭ هاجىتى يوق، كەلسە كەلمەمدۇ
ئاناڭنى؟ — دېدى مەمتىمىن سالماقلىق بىلەن.

— قەشقەر جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سىياسىي مەركىزى. خوتەن
جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي مەركىزى، بوستان جەنۇبىي شىنـ
جاڭنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى. دۈشمەننىڭ هۇجۇم نىشانى ناهايىتى
ئېنىق. ئۈچ مۇهىم شەهەردە بىرلا ۋاقىتتا تەشۋىق ۋەرەقىسىنى
تارقىتىشنى ئاددىي چاغلىغىلى بولمايدۇ. ئېهتىمال ئۇلارنىڭ كەيـ
نىدە قوماندانلىق قىلىۋاتقان ئادەم بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر بۇ ئۈچ
جايدا راستتىنلا مالىمانچىلىق يۈز بەرسە، پۈتكۈل جەنۇبىي شىنـ
جاڭ پالەچ هالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. مېنىڭچە، ۋەزىيەتنى مۇقىمـ
لاشتۇرۇشىمىز كېرەك، — دېدى جۇلى چېلى.

— قېنى كۆرمەمدۇق ئاناڭنى، ئۇلارنىڭ تەشكىلى نوچىمۇ؟
بىزنىڭ تەشكىلىمىز نوچىمۇ؟ ئۇلار كۈچلۈكمۇ؟ بىز كۈچلۈكمۇ؟
مېنىڭچە، ئۇلار رەزىل ـ ناكەسلەر، ئۇلارنىڭ كۈنى ئۇزاققا بار -
مايدۇ، — دېدى مەمتىمىن.

جۇلى چېلى خاتىرجەم هالدا:

— مەمتىمىن، سىز مېنىڭ تايانچىم، سىزلا چىڭ تۇرۇپ
بەرسىڭىز، مەن هېچنېمىدىن قورقمايمەن، — دېدى.

تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى، گەرچە نەچچە ئون ۋاراق نېپىز قەغەز

بولغىنى بىلەن، ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ روھىي كەيپىياتىدا بىر مەھەل پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلدى. تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن ئەكسىيەتچىل بولۇپ، قەشقەر شەھىرىدىكى تەشۋىق ۋەرەقىلىرىدە ئاساسلىقى كومپارتىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆ- كۈمرانلىقىغا قارشى سەپسەتىلەر تەشۋىق قىلىنغان. خوتەن شەھە- رىنىڭ كوچىلىرىدا پەيدا بولغان تەشۋىق ۋەرەقىلىرىدە «يەر شارىنى ئاللا ياراتقان، توك سىمىدا توك بار - يوقلۇقىنى بىرلا ئاللا بىلىدۇ» دېگەندەك كۆلكىلىك مەزمۇنلار ئاساس قىلىنغان. ئەمما، كۆپىنچە تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنىڭ مەزمۇنى ئىخچام قورقۇنچلۇق بولۇپ، دۈشمەنلەر زەھەرخەندىلىك بىلەن خەلقنى مۇستەقىل بو- لۇشقا قۇتراتقان. بوستان شەھىرىنىڭ كوچىلىرىدىكى تەشۋىق ۋە- رەقىلىرىنىڭ سىياسىيلىقى كۈچلۈك بولۇپلا قالماستىن، بەزىلىرى ئەسەبىيلىشىش دەرىجىسىگە يەتكەن.

گەرچە بۇ بىرقانچە ۋاراق تەشۋىق ۋەرەقىسى بولسىمۇ، ئەمما جۇڭ چېڭ بوران - چاپقۇننىڭ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى سەزدى. ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى ھەرقايسى ناھىيە، شە- ھەرلىك ج خ ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى رايونلۇق ج خ ئىدارى- سىگە چاقىرىپ، جىددىي يىغىن ئېچىپ:

— مۇشۇ پەيتتە، ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ھەممىدىن مۇھىم، — دېدى. ئۇ يەنە:

— يولداشلار، سىلەر بۇ تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى كۆردۈڭلار، سىلەر بۈگۈنكى كۈندە يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشنى كىچىك ئىش دەپ قارامسىلەر؟ مەن شۇنى سەمىڭلارغا سېلىپ قويماقچىمەنكى، مې- نىڭچە، بۈگۈنكى بۇ ئىش ئالدىن پىلانلانغان تەشكىللىك سىياسىي ھەرىكەت. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، بۇ يەردە مىللەت ۋە دىن مەسىلە- سىنى سۈيىئىستېمال قىلىپ چوڭ ھەرىكەت قوزغىماقچى بولۇۋات- قان بىر تەشكىلات بار، — دېدى.

جۇڭ چېڭ تۇيۇقسىز بوستان شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ياڭ چىڭشەندىن:

— سىز جەنۇبىي شىنجاڭدا يۈز بەرگەن بۇ ئەھۋالغا قانداق قارايسىز؟ — دەپ سورىدى.

ياڭ چىڭشەن كامالىغا يەتكەن، قاۋۇل، ساقال - بۇرۇتى

پاكىز قىرىلغان، قارىماققا ئۈچ سىرىنى بىلگىلى بولمايدىغان سىر-لىق بىر ئەر ئىدى، تاكسى كۆيدۈرۈش دېلوسىنىڭ تېخى پاش بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، شۇ تاپتا ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتى ناھايە-تى تۆۋەن ئىدى. ئۇ:

— مېنىڭچە، ھازىرقى ۋەزىيەت دادامنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئازادلىق ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان مەزگىلدىكى ۋەزىيەتتىن تېخىمۇ مۇرەككەپ ئىكەن. ئەمما ۋەزىيەتنىڭ قانچىلىك مۇرەككەپ بولۇ-شىدىن قەتئىينەزەر، بۇ دەرۋازىنى قوغدىشىم كېرەك. مېنىڭ دادام ۋاڭ جېنغا ئەگىشىپ شىنجاڭغا كىرگەن. ئەجدادلار بىز ئۈچۈن بۇ زېمىننى ئازاد قىلىپ بەردى. ئۇنى كېيىنكى ئەۋلادلار قوغدىمىساق، باشقا ئادەم كېلىپ قوغداپ بېرەمدۇ؟ بۇ مانا شۇنداق ئاددىيلا گەپ! — دېدى.

سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، جۇڭ چېڭ ياڭ چىڭشەننى ئېلىپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى.

— ئىككى كۈندىن بېرى، سىلەرنىڭ ئۇ ياقتا بىرەر ئىش يۈز بەردىمۇ؟

ياڭ چىڭشەن دوكلات قىلىپ:

— ئىبراھىم يەنىلا ناھايىتى غالجىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا چېقىلمايلى دېسەك، ئۇ تەرەپ تەرەپكە قاتراپ، مەسچىتلەر-دە ۋەز ئېيتىۋاتىدۇ؛ چېقىلايلى دېسەك، بىزدە دەلىل - ئىسپات يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ دېگەن سىياسىي سالاھىيىتى بار ئادەم، بۇ بىر يوشۇرۇن خەتەرلىك ئادەم، — دېدى.

جۇڭ چېڭ بېشىنى لىڭشىتىپ:

— ئىككىمىزنىڭ كۆزقارىشى بىردەك ئىكەن. بۇ ئادەمنىڭ كوچىدىكى ئەكسىيەتچىل تەشۋىق ۋەرەقىلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ، مەنمۇ ئۇنى بىر خەتەرلىك شەخس دەپ قارايمەن. شۇڭلاشقا، ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلماڭ. ئۇنىڭغا قانداق تېگىش مەسىلىسىدە، يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىنى ئاڭلاش كېرەك، يېنىكلىك بىلەن ئىش كۆرۈشكە بولمايدۇ، مېنىڭ پىكرىم، سىز ئاۋۋال ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئادەملەرنى تازىلاپ، بىرەر يوچۇق ئېچىشقا تىرىشىڭ، — دېدى.

## 3

تەشۋىقات ۋەرەقى ۋەقەسى يۈز بەرگەن كۈنى، بوستان شەھە-رىدىن يەنە بىر جىددىي ئەھۋال دوكلات قىلىنىدى: شەھەرنىڭ جەنۇبىي رايونى ئەتراپىدىكى بىر خانىدىن 1000 تال كاپسۇل يوقاپ كەتكەن.

دۈشمەن كاپسۇلنى نېمە ئىش قىلىدۇ؟ روشەنكى، پارتلىتىشقا ئىشلەتمەكچى. 1000 تال كاپسۇلدا ئون كۆۋرۈك، ئون بىنانى پارتلاتقىلى بولىدۇ. 1000 تال كاپسۇلنى بىر يولدىلا ئوغرىلاپ كېتەلىگەنىكەن، ئۇ جەزمەن بىر ئادەم ئەمەس، ئۇ بىر تەشكىللىك قىلىنغان ئىش؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ كىچىك ئىش قىلىنىدىغان تەشكى-لات ئەمەس. ئۇنداقتا، بۇ ئىشنى زادى كىملەر قىلدى؟ خوتەن شەھىرىدىكىلەرمۇ؟ بوستان شەھىرىدىكىلەرمۇ؟ ياكى قەشقەردىكى-لەرمۇ؟ ياكى بولمىسا، يېقىنلا يوقىتىلغان باغ تېررورلۇق بازىسى-دىكى توردىن چۈشۈپ قالغان ئۇنسۇرلارمۇ؟ ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، جۇڭ چېڭ سوغۇق تەرگە چۆمۈلدى: ئەينى ۋاقىتتا، ئەڭ مۇھىم بىرقانچە ئادەمنىڭ ھەممىسى قولغا چۈشمەي قالدى. مانا ئەمدى يەنە بۇ ئىش يۈز بەردى. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە قانداق ئىشلار يۈز بېرىدۇ تېخى! جۇڭ چېڭ ئىختىيارسىز ئەنسىرەشكە باشلىدى.

جۇڭ چېڭ چېن دامونىڭ يانفونىغا تېلېفون ئۇرۇپ:

— يەنە ئىش چىقىپتۇ، — دېدى.

ھايال قالماي، چېن دامو يېتىپ كەلدى. تېررورلۇققا قارشى ھەرقايسى چوڭ ئەترەتنىڭ باشلىقلىرىمۇ كەلدى.

جۇڭ چېڭ بىلەن مەنتىمىنىنىڭ چىرايى خۇددى ھېلىلا يامغۇر قۇيۇۋېتىدىغان قارا بۇلۇتتەك تۇتۇلۇپ كەتكەنىدى.

جۇڭ چېڭ جىددىي قىياپەتتە:

— ھەقىقەتەن چوڭ ئىش چىقىدىغان بولدى، 1000 تال كاپسۇل كىچىك سان ئەمەس، — دېدى.

— شۇنداق ئىكەن، قايسى كۈنى قايسى ۋاقىتتا، قەيەر

پارتلايدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر يەردە ئەمەس، بىرقانچە يەردە پارتلاش يۈز بېرىشى مۇمكىن. بۇ ئىشتا بىز بەكمۇ پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قاپتۇق، — دېدى دامو تەھلىل قىلىپ.

— دەپ بېقىڭلارچۇ، بۇ 1000 تال كاپسۇل بىلەن ئىككى كۈن ئىلگىرىكى ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ۋەرەقىسى بىر ئىشمۇ - ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدى جۇڭ چېڭ.

مەمتىمىن ئالدى بىلەن سۆزلىدى:

— سىرتتىن قارىماققا، بۇ ئىككىسى ئىككى ئىش، ئىنچىكىلەپ ئويلىغاندا، ئىككىسى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك ئىش. نېمىشقا بۇ ئىشلار ھەممىسى مۇشۇ ۋاقىتتا يۈز بېرىدۇ؟ ئۇلار بىر گۇرۇھ بولماسلىقى مۇمكىن، ئەمما ئۇلار بىر چوڭ تەشكىلات. ئۇ قانداق تەشكىلات؟ بۇنىڭغا مەنمۇ ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. ئەمما مەن ھامان بۇ ئىشنى نەچچە كۈن ئاۋۋالقى باغ تېررورلۇق بازىسىنىڭ بىتچىت قىلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ ئويلايمەن. شۇ نەرسە ئېسىمىزدە بولسۇنكى، ئەڭ ئاساسلىق دۈشمەنلەر تېخى تۇتۇلمىدى. بوستان شەھىرىدىكى ئىبراھىم ئېھتىمال پەردە ئارقىسىدىكى شەخس بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئەبلەغ دائىم ھەرقايسى مەسچىتلەرگە بېرىپ ۋەز ئېيتىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالدىدا بىر خىل، كەينىدە بىر خىل گەپ قىلىدىكەن. ئەگەر بىز چىڭراق تۇتساق، ئۇ مۇخلىسلارغا كومپارتىيىگە ئەگىشىپ مېڭىڭلار دەپ مۇراجىئەت قىلىدۇ، ئەگەر بىز بوش قويۇۋەتسەك، ئۇ ئەكسىيەتچىل نۇتۇق سۆزلەيدۇ.

تېررورلۇققا قارشى 2 - ئەترەتنىڭ باشلىقى مۇنداق دېدى:

— مېنىڭچە، ئىبراھىم بىر ياشانغان ئادەم، چوڭ ئىش قىلالمايدۇ. مېنىڭ پەرىزىمچە، بۇ ئىش ئەگەرچى يېزىسىدىكى تەۋرەتكۈچى بومبىنى ئوغرىلىغان ياسىن ۋە مەمەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ ئىككى ئەبلەغ نېمە ئۈچۈن تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىدۇ؟ بۇ قېتىمقى تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى ياسىن بىلەن مەمەت تارقاتتىمۇ قانداق؟

— ئىبراھىم كىشىلەرگە ۋەز ئېيتىدۇ، كاپسۇل ئوغرىلاش،

تەشۋىق ۋەرەقىنى تارقىتىشتەك ئاددىي ئىشلارغا ئۇنى چېتىۋالغىلى بولماس؛ ياسىن تېنى قاۋۇل ھەم ياش، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى قىلىشقا يارايدىغان ئادەم. ئۇ تەشۋىقات ۋەرەقىسىنى تارقاتتىمۇ - يوق دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، بۇ ئىشنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتى بولۇشىمۇ، بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. مېنىڭچە، ياسىن يالغۇز بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قانداقتۇر بىر تەشكىلات ھەرىكەت قىلىۋاتقان بولۇشى كېرەك. مەن ئىبراھىمنى ئاشۇ تەشكىلاتنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى پىلانلىغۇچىسى بولۇشى ئېھ-تىمالغا بەكمۇ يېقىن دەپ قارايمەن، — دېدى تېررورلۇققا قارشى 3 - ئەترەتنىڭ باشلىقى.

— بىز تالاش - تارتىش قىلىشتىن قورقمايمىز، تالاش - تارتىش قىلغاندا، مەسىلە ئايدىڭلىشىدۇ، — دەپ خۇلاسىلىدى جۇڭ چېڭ.

ئاخىردا، كۆپچىلىك تەھلىل قىلىپ، بوستان شەھىرىدىكى ئىبراھىم ئېھتىمال تەشۋىقات ۋەرەقىسى تارقىتىش ۋە كاپسۇل يوقىلىش ۋەقەلىرى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇم-كىن. ئەمما يۇقىرىنىڭ يوليورۇقى بار، ئىبراھىمغا يېنىكلىك بىلەن چېقىلىشقا بولمايدۇ، دەپ يەكۈن چىقاردى.

## 4

كۈنچىقىشتىن ئىلگىرى، بومبا ساقال قويۇۋالغان شىرئەلى جامبۇدەك كىرلىشىپ كەتكەن بىر ئاق خالتىنى يۈدۈپ، قەشقەر شەھىرىگە كىرىپ كەلدى. بۈگۈن ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سىيا-سىي - مەدەنىيەت مەركىزىدە ئادەتتىن تاشقىرى بىر سادا چىقارماق-چىدى. بۇ ئىش بەك مۇھىم بولغاچقا، ئۇ باشقا ھەرقانداق ئادەم-نىڭ بېرىشىدىن خاتىرجەم بولالماي، بۇ ئىشنى ئۆزى بېجىرمەكچى بولدى. ئۇ كىچىكىدىنلا قاراملىق قىلىشقا ئامراق ئىدى. قاراملىق قىلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن زور بىر بەخت ۋە قانائەت ھېسابلى-ناتتى. بۇ سادانى زادى قەيەردىن چىقىرىش كېرەك؟ شىرئەلى بىردەم ھۆكۈمەت بىناسىنى، بىردەم ج خ ئىدارىسىنىڭ بىناسىنى

ئويلىدى. ئۇ ھەتتا جەنۇبىي شىنجاڭ مەسچىتىنىمۇ ئويلاپ باقتى.
بىراق، ئۇنىڭغا ھېچقايسىسىنىڭ شەرت - شارائىتى ياقمىدى.
ئۇنىڭغا گويا بۇ جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇنى ساقچى ساقلاپ تۇرغان-
دەك، ئۇنى ھېلىلا تۇتۇۋالىدىغاندەك بىلىندى. شىرئەلى ئالتىنچى
سەزگۈسىگە بەكمۇ ئىشىنەتتى. بۇ سەزگۈسىگە ياقمىغان ئىشنى ئۇ
ھەرگىز قىلمايتتى. ئۇ ج خ ئىدارىسىنىڭ ئەتراپىدا تېڭىرقاپ
يۈرگەن چاغدا، ج خ ئىدارىسىدىن بىر تام بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدى-
غان ئىلياس سارىيىنى كۆرۈپ، ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇپ
كەتتى. ئۇ سىنچىلاپ قاراپ، سارايدا يەنە نۇرغۇن چەت ئەللىكلەر
ياتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ جاينى شەرت - شارائىتى كۆڭۈلدىكى-
دەك يەر ئىكەن دەپ ھېسابلىدى. ئۇ خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا
پاتماي كەتتى: ئەگەر پارتلاشتا بىرەر چەت ئەللىك ئۆلسە، ئۇ
چاغدا، ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا خەلقئارالىق تەسىر پەيدا قىلالىغان
بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن، شىرئەلى ئاق خالتىنى يۈدۈپ، ئىلياس
سارىيىغا كىرىپ كەلدى. فورما كىيىۋالغان ئامانلىق ساقلىغۇچى
ئۇنى توسۇۋېلىپ:
— نەگە بارىسەن؟ ياتاقتا ياتامسەن؟ — دەپ سورىدى.
ئامانلىق ساقلىغۇچى ئۇنىڭ ئۇستۇبېشىغا قاراپ، ئۇنى ياتاقتا
ياتمايدىغۇ دەپ ئويلىغانىدى.
شىرئەلى ئامانلىق ساقلىغۇچىنىڭ سۆزىدىن ئىسىنى يىغىپ،
شۇئان:
— ياتاقتا ياتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئەتراپىغا
سوغۇققىنا بىر كۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ، ئەگەر ياتاقتا يېتىشقا تىزىم-
لاتمىسام، ئاق خالتىدىكى پارتلاتقۇچ بۇيۇملارنى جەزمەن ياتاققا
ئەكىرگىلى بولمايدۇ دەپ ئويلىدى.
باش مۇلازىمەت ئورنىدىكى تۇرنىساخان ئىسىملىك كۈتكۈچى
شىرئەلى بىلەن ئامانلىق ساقلىغۇچىنىڭ پاراڭلىشىۋاتقىنىنى كۆ-
رۈپ تۇرغانىدى. ئەتىگەندە ئەمدىلا ئىسمېنا ئۆتكۈزۈۋالغاچقا، ئا-
دەتتە بۇنداق چاغلاردا مېھمانلار يوق دېيەرلىك بولغانلىقتىن، ئۇمۇ
زېرىكىپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇ شىرئەلىنىڭ تىزىملاتقىلى كەلگەنلى-
كىنى كۆرۈپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنىڭغا قىزغىن سالام

بېرىپ:
— شۇنچە ئەتىگەن ياتاقتا ياتقىلى كەلدىڭىزمۇ؟ يىراق يەر-
دىن كەلگەن ئوخشىمامسىز؟ كىملىكىڭىزنى كۆرسىتىڭ، مەن تىد-
زىملاپ قويايى، — دېدى.
ئەلۋەتتە، شىر ئەلىدە كىملىك يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە،
ئۇ ياتاقتا يېتىشنى ئويلاشمىغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ نېمە قىلارىنى
بىلەلمەي قالدى.
— ئاپلا، كىملىكىمنى ئېلىۋالماپتىمەن، — دېدى ئۇ دۇ-
دۇقلاپ.
— كىملىكىڭىز بولمىسا، ياتاقتا قانداق ياتىسىز؟ — تۇر-
نىساخان سارايىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئۇنى رەت قىلماقچى بول-
دى.
ئەمما، شىر ئەلى گىجىڭلىق قىلىپ كەتكىلى ئۇنىمىدى. ئۇ
ئەتەي ئىچ پەش تارتقان بولۇپ، تۇرنىساخانىنىڭ كۆزىگە قاراپ:
— قىزچاق، كۆزىڭىز ئەجەبمۇ چىرايلىقكەن، ئەسلىدە مې-
نىڭ ياتاقتا ياتقۇم يوقتى، بىراق سىزنى كۆرۈپلا، پۇتۇم يەرگە
چاپلىشىپ قېلىۋاتىدۇ، — دەپ ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلغىلى تۇر-
دى.
تۇرنىساخان مېھمانىنىڭ ماختاشلىرىنى ئاڭلاپ، گۈلقەقەلىرى
ئېچىلىپ كەتتى، ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرىمۇ مۇلايىملىشىپ مېھمان-
دىن:
— قەشقەرگە بىرەر ئىش بىلەن كەلدىڭىزمۇ؟ نەگە بارماق -
چىسىز؟ — دەپ سورىدى.
— قىزچاق، مۇنداق گەپ، مەن كېچىلىك پويىزغا ئولتۇ-
رۇپ شىمالىي شىنجاڭدىن كەلدىم، ئەسلىدىكى پىلانىمدا دەرھال
ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، خوتەنگە بارماقچىدىم، بىراق، بۈگۈن چۈش-
تىن بۇرۇن خوتەنگە ماڭىدىغان ماشىنا يوقكەن، كەچتە بار ئىكەن.
قانداقلا بولمىسۇن، كەچ كىرگۈچە كوچىدىلا يۈرسەم بولماس!
چارچاپ كېتىپتىمەن. شۇڭا، بۇ يەردە بىرئاز ئارام ئېلىۋالاي
دېۋىدىم، قىزچاق، ماڭا ياردەم قىلسىڭىز، ئاللا سىزنىڭ قىلغان
ياخشىلىقىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، ئاللا سىزنى ئۆز پاناھىدا ساق -

لايدۇ، — دېدى شىرئەلى قىزىقچىلىق قىلىپ.

تۇرنىساخان شىرئەلىنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا چىداپ تۇرالماي، ئاستاغىنە ئۇنىڭ ياتاقتا يېتىش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بەردى. شىرئەلىنىڭ ياتاقتا تىزىملاش دەپتىرىدە ئىسمى «ئىسمايىل» بولدى. تۇرنىساخان رەسمىيەت بويىچە ئىش بېجىرگەن سۈپەتتە:

— ھەي، خالتىڭىز بەك چوڭ ئىكەن، بەلگىلىمە بويىچە ئۇ يۈك - تاق ساقلاش ئورنىدا ساقلىنىدۇ، — دېدى.

— كېرەك يوق، مەن ئۇنى ئۆزۈم ئېلىۋالاي، — دېدى شىرئەلى ئالدىراپ - تېنەپ.

خۇش پېئىل تۇرنىساخان يەنە ئۆزى بېرىپ شىرئەلىگە ياتاقنى ئېچىپ بەرگەچ، شىرئەلىنىڭ ئىشىكتىن كىرىپلا ئاق خالتىنى كارىۋاتنىڭ ئاستىغا تىقىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ:

— ئەجەب يوشۇرۇپ كەتتىڭىز، بەك ئېسىل نەرسىمۇ نېمە؟ — دەپ چاقچاق ئارىلاش سوراپ قويدى.

شىرئەلى تۇرنىساخاننىڭ ئاق خالتىغا دىققەت قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، جىددىيلەشكىنىدىن سوغۇق تەرگە چۆمۈپ كەتتى. ئۇ كۈلۈپ قويۇپ:

— مەن بەك چارچاپ كەتتىم، ئۇخلىۋالاي دەيمەن، — دېدى. تۇرنىساخان ئۆز ئىززىتىنى بىلىپ ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ يېرىم ئەتراپىدا، شىرئەلى بىر «جەنۇبىي شىنجاڭ گېزىتى»نى كۆتۈرۈپ، ئۈستۈنكى قەۋەتتىن چۈشۈپ كەلدى. باش مۇلازىمەت ئورنىنىڭ ئالدىغا كەلگەن چاغدا، ئۇ ئەسلىدە بېشىنى تۆۋەن قىلىپلا ئۆتۈپ كەتمەكچىدى، كۆزى ئىتتىك تۇرنىساخان ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ:

— ھەي، ئىسمايىل، سىرتقا چىقامسىز؟ — دەپ سوراپ قويدى.

«ئىسمايىل» بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، لام - جىم دېمەي كېتىپ قالدى.

رازۋېدكىچىلار جايلارغا تارقىلىپ، تەشۋىقات ۋەرەقىسىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئېنىقلاۋاتقان چاغدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەڭ

داڭلىق ئىلياس سارىيىدا كۈچلۈك پارتلاش يۈز بەردى.

چۈشتىن كېيىن ئىشقا چىقىش بىلەن تەڭ، ما جيەنجۇڭ ئۆزىنىڭ جايلاردىن چىققان تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى ئۈستىدە بىر - بىرلەپ ئوخشايدىغان ئىككى بارماق ئىزىنى تاپقانلىقى توغرىسىدا سۆزلىگىلى تۇردى. ۋاڭ لۇ بۇنى ئاڭلاپ:

— ئەپكەل، ئەپكەل، مەن بارماق ئىزىغا دائىر سانلىق مەلۇماتلار ئامبىرىدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرەي، — دەپ تۇرۇۋىدى، تۇيۇقسىز دەھشەتلىك بىر پارتلاش ئاۋازى ئاڭلىنىپ، تېررورلۇققا قارشى 1 - ئەترەتنىڭ ئىشىك - دېرىزە ئەينەكلىرى سىلكىنىپ پارە - پارە بولۇپ كەتتى.

— نېمە ئىش بولدى؟ نەدىن كەلگەن ئاۋاز بۇ؟ — كۆپچىلىك ئورنىدىن تۇرۇشۇپ، بىر - بىرىدىن سوراشقا باشلىدى.

ما جيەنجۇڭ شۇئان كەسپىي تالانتىنى نامايان قىلدى:

— ئىلياس سارىيىدىن چىققان پارتلاش ئاۋازى، — ئۇ ئۈستەلدىكى سومكىسىنى ئېلىپلا سىرتقا قاراپ ئېتىلدى، ئەلى بىلەن ۋاڭ لۇمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، سىرتقا قاراپ يۈگۈرەشتى.

چېن دامو بىلەن مەمتىمىن جۇڭ چېڭنىڭ ئۆيىدە تەشۋىقات ۋەرەقىسى دېلوسىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى مۇزاكىرە قىلىشىۋاتاتتى، دەھشەتلىك ئاۋازنى ئاڭلاپلا:

— چاتاق بولدى، پارتلاش يۈز بەردى! — دېدى جۇڭ چېڭ شۇئان. ئۇ تېخى پارتلاشنىڭ نەدە يۈز بەرگەنلىكىنى تەھلىل قىلىشقا ئۈلگۈرمەيلا، تەبىئىي يوسۇندا تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئېلىپ، قوماندانلىق مەركىزىگە تېلېفون ئۇردى:

— قوماندانلىق مەركىزىمۇ؟ مەن جۇڭ چېڭ، بارلىق ساقچىلارغا ئۇقتۇرۇڭلار، جىددىي بۇيرۇق كۈتسۇن.

پارتلاش يۈز بەرگەن نەق مەيدانغا بۇرۇنلا يېتىپ بارغان ما جيەنجۇڭ ناھايىتى تېزلا قوماندانلىق مەركىزىگە دوكلات قىلدى:

— بايا، ئىلياس سارىيىدا پارتلاش يۈز بەردى.

ساقچى ماشىنىلىرى تەرەپ - تەرەپتىن سىگنال بېرىپ، پارتلاش يۈز بەرگەن نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىشتى. شىرئەلى «جەنۇبىي شىنجاڭ گېزىتى»نى كۆتۈرۈۋېلىپ، بىر چەتتە سوغۇققىنا

قاراپ تۇراتتى. ھەر قېتىم ئۇنىڭ قېشىدىن ساقچى ماشىنىسى ئۆتكەندە، بېشىنى چۆكۈرۈپ، يۈزىنى گېزىت بىلەن توسۇۋالاتتى. ئۇ پارتلاش يۈز بەرگەن نەق مەيدانغا قاتار - قاتار ساقچى ماشىنىلىرى تولۇپ كەتكەنگە قەدەر ئاشۇنداق سوغۇق چىراي قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن خاتىرجەم بولۇپ كېتىپ قالدى.

ساقچىلار ناھايىتى تېزلا ئېھتىيات سىزىقىنى بەلگىلەپ، ئەتراپتىكى ئاممىنى نەق مەيداندىن ئايرىۋەتتى.

نەق مەيدانغا ھەممىدىن بۇرۇن ئېتىلىپ كەلگەن ما جيەنجۈڭنىڭ نىشانى پارتلاش مەنبەسى ۋە ئاياغ ئىزىنى تېپىش ئىدى؛ ۋاڭ لۇ بىلەن ئەلى «ئۇلترا بىنەپشە نۇرلۇق سۈرەتكە تارتىپ كۆزىتىش سىستېمىسى» نى كۆتۈرۈپ، نەق مەيداننى سۈرەتكە ئېلىۋاتاتتى؛ يالقۇن بولسا تەمكىنلىك بىلەن، قورقۇپ كەتكىنىدىن ھوشىنى يوقىتىپ يىغلاۋاتقان ئايال كۇتكۇچىنى بىر چەتكە چاقىرىپ:

— ياتاقتا تىزىملاش دەپتىرى قېنى؟ دەرھال تېپىپ ماڭا بېرىڭ، — دېدى.

تۇرنىساخان ئىسمىلىك ھېلىقى كۇتكۇچى خارابە ئارىسىدىن ياتاقتا تىزىملاش دەپتىرىنى تېپىپ چىقتى.

يالقۇن تېزلىكتە دەپتەرنى ئاختۇرۇپ، ستاتىستىكا قىلىپ، بۈگۈن كېلىپ ياتاقتا تىزىملاتقانلارنىڭ ئىچىدە جەمئىي ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر بارلىقى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككىسىنىڭ پارتلاشتا يارىلىنىپ، جىددىي قۇتقۇزۇشقا ئېلىپ كېتىلگەنلىكى، يەنە بىرسىنىڭ غايىب بولغانلىقىنى بايقىدى. ئۇ:

— تىزىملىكتىكى ئىسمايىل ئىسمىلىك مېھمان قېنى؟ — دەپ سورىدى.

— ئاپلا! ئۇ ئادەم تېخىچە ھېسابات قىلمىدى، نەگە كەتكەندۇ؟ — تۇرنىساخان تۇيۇقسىز سەگەكلىشىپ، ۋارقىراپ، ئىسمايىل ئىسمىلىك ئادەمنى ئىزلىدى:

— بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن، ئىسمايىل ئىسمىلىك بىر مېھمان كەلگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ شىمالدىن كەلگەنلىكىنى، خوتەن شەھىرىگە بېرىپ تىجارەت قىلماقچىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى. ئۇچۇ، بىر سومكا كۆتۈرۈۋاپتۇ، يەنە بىر ئاق خالتىسىمۇ بار. خالتىسىغا

لىپمۇ لىق نەرسە ـ كېرەك قاچىلانغانىكەن، ــ دېدى ئۇ.
يالقۇن بىر قاراپلا چاتاقنى تاپتى:
ــ نېمىشقا كىملىك نومۇرىنى يازمىدىڭىز؟
ــ ئۇ كىملىكنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، دەپ ماڭا يالۋۇردى. بىر كۈنلا ياتماقچىكەن، شۇڭا مەن ماقۇل بوپتىمەن، ــ تۇرنىساخان ئۆزىنىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئاۋازى تۆۋەنلەپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.
ــ بۇ ئادەمنى ئاخىرقى قېتىم قاچان كۆردىڭىز؟ ــ يالقۇن ناھايىتى ئىنچىكىلەپ سورىدى. بۇنداق چاغدا قىلدەك تەپسىلاتمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىنسا، رازۋېدكا خىزمىتىدە خاتالىق سادىر قىلاتتى.
ــ پارتلاش يۈز بېرىشتىن يېرىم سائەت ئىلگىرى، مەن ئۇ ئادەمنىڭ بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، ئالدىراپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنتىم، ــ دېدى تۇرنىساخان ئەسلەپ.
چېن دامۇ يېتىپ كېلىپ:
ــ يىپ ئۇچى بارمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.
يالقۇن ياتاققا تىزىملاش دەپتىرىنى ئۇنىڭغا بېرىپ، بارمىقى بىلەن «ئىسمايىل» دېگەن خەتنى كۆرسىتىپ:
ــ بۇ ئادەم گۇمانلىق، ــ دېدى.
چېن دامو بىلەن يالقۇن بىنانىڭ ئۈستىدىن چۈشۈۋاتقان پارچە خىش ئۇۋاقلىرىدىن داجىپ ئۆتۈپ، «ئىسمايىل» ياتقان 303 ـ نومۇرلۇق ياتاققا كەلدى.
بۇ چاغدا، ما جيەنجۈك بۇرۇنلا بۇ ئۆينى ئىز قوغلاپ تاپقاندى. ما جيەنجۈك ئۇ ئىككىيلەننىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ:
ــ پارتلاش نۇقتىسى مۇشۇ ئۆينىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىدىن شىمالىي تامغا 60 سانتىمېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، پارتلاش تۆپەيلىدىن ئۆگزىدىن ناھايىتى چوڭ بىر كامار ئېچىلغان. بايىلا ئۆلچەپ چىقتىم، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان جاينىڭ ئۇزۇنلۇقى 14 مېتىر، كەڭلىكى 6 مېتىر، ئېگىزلىكى 14 مېتىر كېلىدۇ، ــ دېدى.

— جيەنجۇڭ، ماڭا قارا، مۇشۇنچىلىك دەرىجىدىكى بۇزغۇنـ
چىلىقنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن، قانچە كىلوگرام پارتلاتقۇچ دورا
كېتەر؟ — دەپ سورىدى چېن دامو.
ما جيەنجۇڭ مۆلچەرلەپ بېقىپ:
— ئاز دېگەندىمۇ 15تىن 20 كىلوگرامغىچە كېتىدۇ، —
دېدى.
يالقۇن كارىۋاتنىڭ ئاستىغا ئۆمىلەپ كىرىپ، مەينەت بىر ئاق
ئۇن خالتىسىنى تارتىپ چىقتى، خالتا قۇپقۇرۇق ئىدى. ئۇلار
خالتىنىڭ تېگىدە قېلىپ قالغان بىرقانچە تال كاپسۇل، ئېشىپ
قالغان ئازراق پارتلاتقۇچ دورىنىڭ ئۇۋاقلىرىنى كۆردى.
يالقۇن پارتلاتقۇچ دورا ئۇۋاقلىرىنى قولىغا ئېلىپ پۇراپ
بېقىپ، ئاندىن قولىنى قېقىۋېتىپ:
— ئاناڭنى، چوقۇم ئۆزىنى ئىسمايىل دەپ ئاتىۋالغان ھېلىـ
قى ئادەم قىلغان ئىش، — دېدى.
ۋاڭ لۇ تۇرنىساخاننى تېررورلۇققا قارشى 1 - ئەترەتكە چاـ
قىرتتى. ئۇ بىر كومپيۇتېرنى ئېچىپ، «يېڭىلىق ياراتقۇچى جىناـ
يى ئىشلار رازۋېدكىچىلىرىنىڭ پورترېت بىرىكتۈرۈش يۇمشاق دېـ
تالى V5.0 نۇسخىسى» نى ماڭغۇزۇپ قويدى. ئارقىدىن ئۇ قورـ
قۇپ ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن كۆتكۆچى ئايالغا:
— ئەمدى سىز ئىسمايىلنىڭ چىراي - شەكلىنى تەپسىلىي
سۆزلەپ بېرىڭ! ئالدى بىلەن قاش - كۆزىدىن باشلاڭ، مەن
ئېيتقىنىڭىز بويىچە ئۇنىڭ سۈرىتىنى قۇراشتۇرۇپ، سىزگە
كۆرسىتىمەن، — دېدى.
— ئۇ ئادەم ساقاللىق، كۆزلىرى كۆكۈچرەك، ئەمما ناھايىـ
تى سوغۇق چىراي، بوي - تۇرقى ناھايىتى ئورۇق، تېرىسى
ئاپئاق، يول ماڭغاندا بىرئاز ئاقسايدىكەن، — دېدى تۇرنىساخان
ئەسلەپ.
بىر چەتتە قاراپ تۇرغان چېن دامو دەرھال:
— قانداق ئاقسايدىكەن؟ سول پۇتىمۇ، ئوڭ پۇتىمۇ؟ —
دەپ سورىدى.
تۇرنىساخان ئەپسۇسلىنىپ:

— دىققەت قىلماپتىمەن، ئىشقىلىپ ئۇ ماڭا بىرئاز ئاقساۋاتقاندەك بىلىندى، — دېدى.

— سۈرەت پۈتكەندە مېنى چاقىرىۋەت. ئالدى بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ سۈرىتىنى ئۆزۈم بىر كۆرەي، — دېدى چېن دامو ۋاڭ لوغا.

5

پارتلىتىش دېلوسى يۈز بەرگەندە، نازىر نەن جېنجۇڭ كورلا شەھىرىدە خىزمەت تەكشۈرۈۋاتاتتى. ئۇ جۇڭ چېڭنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، چۆچۈپ كەتكىنىدىن بىر ئىستاكاننى ئۆرۈۋەتكىلى تاس قالدى:

— سىلەر ئاۋۋال دېلونى مۇزاكىرە قىلىپ تۇرۇڭلار، مەن هازىرلا سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا ماڭاي، — دېدى ئۇ.

نەن جېنجۇڭ، قارىغاندا، جۇڭ چېڭنىڭ قىياسى ئورۇنلۇق-كەن. ئەسلىدە، بەزى ئىشلار تېخى مۇزاكىرە باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ دەپتىكەنمەن، مانا ئەمدى، بۇ پارتلاش مېنىڭمۇ كاللامنى سەگىتىپ قويدى، دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا سىياسىي جەھەتتىكى قەتئىيلىك ۋە تەپەككۇر جەھەتتىكى ئۆتكۈرلۈك شەكىللەندى. دۈشمەن هامان دۈشمەن، ئۇ مەڭگۈ دوست بولالمايدۇ. دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە، دۈشمەنگە هەرگىز يۇمشاق قوللۇق قىلىشقا بولمايدۇ.

نەن جېنجۇڭ ج خ نازارىتىگە پارتلاش دېلوسىنىڭ ئەھۋالىنى ج خ مىنىستىرلىقىغا يوللاش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. ج خ مىنىستىرى ناهايىتى تېزلا: «شىنجاڭ ج خ نازارىتى مەزكۇر دېلوغا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆلۈش - يارىلىنىش ۋە نەق مەيداننىڭ ئەھۋالىنى تېزدىن ئېنىقلاپ يۇقىرىغا مەلۇمات قىلسۇن.» دەپ تەستىق سالدى.

يالقۇن بىلەن ما جيەنجۇڭنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، نەن جېنجۇڭ گويا ئۆز سېزىمىنى تاپقاندەك بولۇپ:

— جۇڭ چېڭ، بۇ ئىسمايىل دېگىنىڭلار «قارچىغا» شۇمۇ

ئەمەسمۇ؟ دېمەكچىمەنكى، ئۇ قارچىغىنىڭ ئۆزى بولماسلىقى مۇم-
كىن. ئەمما ئۇ «قارچىغا» غا ۋەكىللىك قىلىشى مۇمكىن ياكى
ئۇلار بىر تەشكىلات بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھال «قارچىغا» نىڭ
بىزگە ئاشكارا ئىغۋاگەرچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بې-
رىدۇ، — دېدى ئۇ جۇڭ جېگغا.

— مەنمۇ شۇنداق تەھلىل قىلدىم، مېنىڭچە، بۇ ئىسمايىل
دېگەن جەزمەن ئۆزىنىڭ ئىسمى ئەمەس، پارتلىتىش ۋەقەسىنى
تۇغدۇرماقچى بولغان ئادەم، ھەقىقىي ئىسمىنى ئىشلەتمەيدۇ. چۈن-
كى، ئۇنىڭ بارماق ئىزلىرى ئاسانلا نەق مەيداندا قېلىپ قالىدۇ،
باياتىن ما جيەنجۇڭ نەق مەيداندا قولغا چۈشۈرگەن بىر بارماق
ئىزىنىڭ دېلو سادىر قىلغۇچىنىڭ بارماق ئىزى بولۇشى ئېھتىمالغا
ناھايىتى يېقىن ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئىسمايىلنىڭ «قارچىغا» غا
ۋاكالىتەن ئوتتۇرىغا چىقىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ياكى بول-
مىسا، «قارچىغا» باشچىلىقىدىكى تەشكىلات ھەرىكىتىنى باشلىدى
دېسەكمۇ بولىدۇ، — دەپ تەھلىل يۈرگۈزدى جۇڭ جېك.

— توغرا، مېنىڭچە بۇ دېلونى جەزمەن ئىسمايىل دېگەن
ئەبلەخ سادىر قىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ دېگەن ئالدىن تەييارلان-
غان بولغان، پىلانلىق، سىياسىي تۈسكە ئىگە پارتلىتىش دېلوسى.
نۇرغۇن ئىزلاردىن مەلۇمكى، دۈشمەن يېقىنقى مەزگىللەردە، جەنۇبىي
شىنجاڭ رايونىدا ۋەقە تۇغدۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان بولۇشى
مۇمكىن، — دېدى نەن جېنجۇڭ.

ھالبۇكى، ئەھۋال نازىر نەن جېنجۇڭ بىلەن جۇڭ جېگنىڭ
ئويلىغىنىدىن كۆپ مۇرەككەپ ئىدى! ئىلياس سارىيىدىكى پارتلى-
تىش دېلوسى تېزلا پۈتۈن دۇنيادىكى تەشۋىقات ۋاستىلىرىدە ئېلان
قىلىندى، چۈنكى ئىلياس سارىيىدا بىر قىسىم چەت ئەللىك سايا-
ھەتچىلەر بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى سىمىت
ئىسىملىك بىر ساياھەتچى يېنىك يارىلانغان بولۇپ، ئۇ دوختۇرخا-
نىدىكى چېغىدا، تېررورچىلارنى: ھۇ، ئۆلگۈرلەر، دەپ تىللىغانى-
دى.

بۇ بىر چوڭ ۋەقە بولغانلىقتىن، مەركەز ئاپتونوم رايونلۇق
پارتكومغا ناھايىتى تېزلا: «دېلونى تېزلىكتە پاش قىلىڭلار» دەپ

تەستىق چۈشۈردى؛ ج خ مىنىستىرلىقىمۇ دەرھال جىنايى ئىشلار رازۋېدكا مۇتەخەسسىسلىرىنى ئەۋەتتى؛ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئۆزى بىۋاستە ئۆمەك باشلاپ، ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ قوماندانلىق قىلدى؛ ھەرقايسى تەرەپتىن كەلگەن خادىملاردىن «ئىلياس سارىيىدىكى پارتلاش دېلوسىنى پاش قىلىشقا ۋاقىتلىق يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى» تەشكىل قىلىندى.

يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى تەكشۈرۈپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئار-قىلىق، كېيىنكى قەدەمدىكى خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى تۆۋەندىكىچە ئوتتۇرىغا قويدى: بىرىنچى، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى-دا «ئىسمايىل» يەنى شىرئەلىنى قولغا ئېلىش (ۋاڭ لۇ كومپيۇ-تېردا تەقلىدىي بىرىكتۈرۈلگەن سۈرەتنى سىزىپ چىققاندىن كې-يىن، چېن دامو قاتارلىقلار ئىسمايىلنىڭ شىرئەلى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى)؛ ئىككىنچى، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ۋەرەقى-سىنىڭ تارقىلىش مەنبەسىنى تېپىش خىزمىتىنى بوشاشتۇرماس-لىق؛ ئۈچىنچى، تۇشمۇتۇشتىن مۇسۇلمانلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇلارنى غازات ئۇرۇشى قىلىشقا قۇترىتىپ، ۋەقە پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنغان ئىبراھىمنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىش.

نەن جېنجۇڭ ئاخىرقى نۇقتىغا قارشى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ:

— ھازىر ئىبراھىمنىڭ مەسىلىسىنى نازارەت قىلىش ئە-مەس، بەلكى ئۇنى دەرھال بىر تەرەپ قىلىش كېرەك، — دەپ ھېسابلىندى.

بىراق، مۇئاۋىن شۇجى ۋۇ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىغا ۋاكالى-تەن پىكىر بېرىپ:

— مەركەزنىڭ يوليورۇقى بار، ئىبراھىمنىڭ مەسىلىسىدە، ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتۇش لازىم؛ قانداقلا بولمىسۇن، ئىبرا-ھىم ئىچكى قىسىمدىكى يولداش، ئىچكى قىسىمدىكى يولداشلارنىڭ مەسىلىسىنى ئەڭ ياخشىسى ئىچكى قىسىمدا ھەل قىلىش لازىم، زىددىيەتنى كېڭەيتىپ، دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى زىددى-يەتكە ئايلاندۇرۇپ قويماسلىق كېرەك، — دېدى.

نازىر نەن جېنجۇڭ ئۇستەلگە ئۇرۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەت-

تى. ئۇ ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى رەت قىلىپ، ئۆز كۆزقارىشىنى يۇرەكلىك ئوتتۇرىغا قويدى:

— مەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن هۇجۇمغا ئۆتۈپ، باش كۆتۈرۈپ چىققاننى يوقىتىشنى تەشەببۇس قىلىمەن. هازىر ئىبراهىم باش كۆتۈرۈپ چىققانىكەن، ئۇنى دەرھال يوقىتىش كېرەك!

— يولداش نەن جېنجۇڭ، مۇشۇنداق قىلىپ، ئىبراهىمنى يوقاتقان تەقدىردىمۇ، سىز يەنىلا مەسىلىنى يۈزەكى ھەل قىلىپ، ماھىيەتتىن ھەل قىلمىغان بولىسىز - دە! — دېدى مۇئاۋىن شۇجى ۋۇ.

نازىر نەن جېنجۇڭنىڭ جاھىللىقى تۇتقانىدى. بۇنداق چاغدا، كىم ئۇنىڭغا قارشى پىكىر قىلسا، ئۇ شۇنىڭ بىلەن تاكاللىشاتتى. ئۇ گەپنىڭ ئوچۇقىنى دېدى:

— قۇرۇق گەپ، سىز ۋەزىيەتنى كونترول قىلالماي تۇرۇپ، مەسىلىنى ماھىيەتتىن ھەل قىلالامسىز؟ دۈشمەن ئىشىنىڭ چوڭىنى چىقارغاندا، بىز ئاندىن ئۇنى يوقىتىمىزما؟ بىز بۇ كۆرەشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى ۋە مۇرەككەپلىكلىكىدىن ئىبارەت خەلقئارا ئارقا كۆرۈنۈشنى چوڭقۇر تونۇغاندىلا، ئاندىن مۇناسىپ سىياسەت ۋە تاكتىكىلارنى قوللىنالايمىز. بۇنىڭدىن مەقسەت، ئۇنى بىخ ھالىتىدە يوقىتىپ، ئومۇمىي كەيپىيات پەيدا قىلدۇرماسلىقتىن ئىبارەت. بۇ خۇددى بالىلارنى باشقۇرغانغا ئوخشايدۇ. بالىلاردا كىچىكىدىن تارتىپلا ئۇنداق - مۇنداق ئىللەتلەر بولىدۇ، ئۇنى باشقۇرمىغاندا، بۇ ئىللەتلەر ئاستا - ئاستا يوغىنايدۇ، ئاخىر ئۇنى باشقۇرىمىز دەپ، باشقۇرالماي قالىمىز. بالا چوڭ بولغاندا، ئۇنى ئۇرغىلى بولامدۇ؟ ئەكسىچە، ئېنى ئۇ بىزنى ئۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا، بىز ھەرقانداق قارار چىقارماقچى بولغىنىمىزدا، ئورنىمىزنى توغرا بەلگىلىشىمىز، باشقۇرۇشقا تېگىشلىك ئىشنى ياخشى باشقۇرۇشىمىز لازىم، ئارتۇقچە مېتافىزىكىلىق كۆزقاراشتا بولماستىن، دەۋر بىلەن تەڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك.

گەرچە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىدىكى بىر قىسىم يولداشلار نەن جېنجۇڭنىڭ سەمىمىي پوزىتسىيىسىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭ

سۆزىنى ئورۇنلۇق دەپ قارىغان بولسىمۇ، ئەمما، مۇئاۋىن شۇجى ۋۇ يېتەكچىلىك گورۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولغانلىقتىن، نائىلاج رەھبەرلىككە بويسۇندى.

ئاخىردا، مۇئاۋىن شۇجى ۋۇمۇ بىرئاز مۇرەسسە قىلىپ:

— مۇنداق بولسۇن، ئىبراھىمنى بىر تەرەپ قىلىش - قىلماسلىق كېيىنكى قەدەمدىكى ئىش. بىز ئاۋۋال ئۇنى بىر مەزگىل كونترول قىلىپ قاراپ باقايلى، — دېدى.

— يەنە بىر مەزگىل ئۆتكەندە، ئۇنى كونترول قىلغىلى بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى نەن جېنجۇڭ جىلە بولۇپ.

مۇئاۋىن شۇجى ۋۇ نەن جېنجۇڭنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ:

— ئالدىرىماڭ، كونترول قىلغىلى بولىدۇ، پارتىيە رەھبەرلىكىگە ئىشىنىش كېرەك، — دېدى.

نازىر نەن جېنجۇڭ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ:

— مەن قانداقمۇ خاتىرجەم بولالايمەن - ھە؟ — دېدى ئۇ چوڭقۇر ھەسرەت چېكىپ.

## 6

«جەنۇبىي شىنجاڭ گېزىتى» دە ئىمزالىق بىر ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە، بوستان شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىبراھىمنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شۇ جايدىكى مۇسۇلمانلارغا قىلغان خەير - ساخاۋەتلىك ئىش ئىزلىرى يۈكسەك دەرىجىدە مەدھىيىلەنگەن بولۇپ، ماقالە ئاپتورى ما تيەنمۇ ئىدى.

ئەمدىلا پورترېتنى بىرىكتۈرۈپ بولغان ۋاڭ لۇ پۈت - قوللىرىنى سوزۇپ ھەرىكەت قىلغاچ، ئۈستەلدىكى گېزىتنى ئېلىپ كۆرۈشكە باشلىدى.

ۋاڭ لۇ بۇ ئىسىمنى خاتا كۆرۈپ قالغان ئوخشايمەن، دۇنيادا بۇنداقمۇ ئوخشاش ئىسىم بولامدۇ؟ دەپ ئويلىدى. ما تيەنمۇ قانداقلارچە توساتتىن پەيدا بولۇپ قالىدۇ؟ ئۆتمۈشتىكى قىز دوستى ئېسىگە كېلىپ، ۋاڭ لۇنىڭ قاڭشارلىرى ئېچىشىپ كەتتى. بىر

يىلدىن بېرى، ئۇ ئۇنىڭغا بولغان سېغىنىش ھېسسىياتىنى يۈرىكىدە-
نىڭ چوڭقۇر قېتىغا يوشۇرۇپ كەلگەنىدى. ئىككىيلەننىڭ بىرگە
بولغان چاغلىرىدىكى تۈرلۈك رومانتىك ھېسسىياتلىرى، ئۇنىڭدە-
كى ئەقىل - پاراسەت، ئۇنىڭ گۈزەل قامىتى، ئۇنىڭ مەڭگۈ
ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان ھالىتى، ئۇنىڭ تېنىنىڭ ھىدى ...
قاتارلىقلار ۋاڭ لۇنىڭ قان - تومۇرلىرىغىچە سىڭىپ، يۈرىكىگە
چوڭقۇر ئورناپ كەتكەنىدى. چۈنكى، ئۇ ۋاڭ لۇنىڭ ئانىسىدىن
باشقا، ۋاڭ لۇغا ئەڭ يېقىن بولغان بىردىنبىر ئايال زاتى ئىدى؛
ۋاڭ لۇ ئۇنى ئۆز جىسمىدىن ئايرىۋېتەلمەيتتى. ئويلاپ مۇشۇ يەرگە
كەلگەندە، ۋاڭ لۇ «جەنۇبىي شىنجاڭ گېزىتى» گە تېلېفون بې-
رىپ، ئاپتورنى سۈرۈشتۈرۈپ باقماقچى بولدى. ئۇ ئەمدىلا تېلې-
فون ئۇراي دەپ تۇرۇشىغا، تېلېفون ئۆزى جىرىڭلاپ كەتتى. ۋاڭ
لۇ «ۋەي! » دېدى. مۇشۇ بىرلا «ۋەي! » دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ،
قارشى تەرەپنىڭ كۆز يېشى قويۇلۇشقا باشلىدى.

ۋاڭ لۇ بىرئاز كۈتۈپ باقتى، قارشى تەرەپتىن تېخىچە سادا
يوق، ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ:

— كىمنى ئىزدەيسىز؟ نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟ — دەپ
سورىدى.

ما تيەنمۇ ۋاڭ لۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەنلا، ئۆزىنى بۇنچە-
لىك دەرىجىدە تۇتۇۋالالماي قالىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. ئارى-
دىن بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتتى، ئۇ ئۆزىنى ئەمدى
ئىشق - مۇھەببەت يولىغا كىرمەيمەن دەپ ھېسابلىغانىدى، ئەمدى
ئۇ ئۆزىنى تەسلىكتە كونترول قىلىپ، ئاران تەستە:

— بۇ مەن، — دەپ جاۋاب بېرەلىدى.

— تيەنمۇ؟

— ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟

— سىز راستتىنلا جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلدىڭىزما؟

— ھەئە.

— ھازىر سىز قەيەردە؟ مەن قېشىڭىزغا باراي.

— سىز دېرىزىڭىزنى ئېچىپ، يولنىڭ قارشى تەرىپىدىكى
ئەڭ چوڭ ئۈجمە دەرىخىگە قاراڭ.

ۋاڭ لۇ چاچراپ دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ، دېرىزىنى ئاچتى، ئۇ قېنىق يېشىل رەڭلىك كۆڭلەك كىيىپ، مۇرىسىگە توق قىزىل يېپىنچا ئارتىۋالغان، زىلۋا بويلۇق بىر قىزنىڭ بىر توپ ئۇجمە دەرىخى ئاستىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قولىنى پۇلاڭلىتىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئۇ ما تيەنمۇ بولماي كىم بولاتتى؟

ۋاڭ لۇ تېلېفوننى قويۇپ، ھاياجانلانغان ھالدا، ج خ ئىدارە-سىنىڭ بىناسىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، ما تيەنمۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى!

بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان كۆرۈشمەي، ما تيەنمۇ خېلى يېتىلىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئىلگىرى ۋاڭ لۇ بىلەن كۆرۈشكەن چاغدىكىدەك، ئېتىلىپ بېرىپ ۋاڭ لۇنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتمىدى. ئۇنىڭغا تونۇش ئىشلار ئەمدى يات بولۇپ قالغان-دەك بىلىندى. ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا:

— مۇشۇنداق كۆرۈشۈشنى ياخشى كۆرەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

ۋاڭ لۇ چىن كۆڭلىدىن:

— ئويلىماپتىكەنمەن، ئەمما سېنىڭ خاراكتېرىڭگە باب كې-لىدۇ، مەنمۇ ياقتۇرىمەن، — دېدى.

ما تيەنمۇ ئۆتمۈشتىكى يىگىتىگە مېھرىبانلىق بىلەن سەپسې-لىپ:

— قارىداپ، ئورۇقلاپ قاپسىز، ئەمما قاۋۇل تو-رۇپسىز، — دېدى.

ۋاڭ لۇمۇ ما تيەنمۇغا ئۆزىنىڭ تەسىراتىنى سۆزلەپ بەردى:

— چاچلىرىڭ بېغىر رەڭگە ئۆزگىرىپتۇ، يەنە تېخى سىمولا كۆزەينەك تارتىۋاپسەن، قارىغاندا خېلى مودا بولۇپ قاپسەن، ئەمما سېنى يەنىلا تونۇۋالىمەن.

— ئەگەر مەن ئاۋۋال سىزنى ئىزدىمىسەم، سىز مېنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ كېتىدىغان ئوخشىمامسىز؟

— مەن سېنى ئىزدىدىم.

— تاپالماي، بولدى قىلدىڭىزمۇ؟

— ئالدىنقى بىر مەزگىلدە نەگە كەتتىڭ؟

— مەن ئىداردىن ئالمىشىپ كەتتىم.
— «سىياسىي كېڭەش گېزىتى» گىمۇ؟
— يازغان ماقالەمنى كۆردىڭىزمۇ؟
— قانداقسىگە ئىبراھىمنى زىيارەت قىلغىنىڭ كېلىپ قالدى؟
— تەلەپپۇزىڭىزدىن قارىغاندا، ئۇنىڭدا مەسىلە بار ئوخشىمامدۇ؟
— ئۇنىڭغا باھا بېرىشنى خالىمايمەن. سەن ئەڭ ياخشىسى باشقىلارنى زىيارەت قىلغىن!
— مۇمكىن ئەمەس. بىرىنچىدىن، مەن ئۇنى زىيارەت قىلمىسام، رەھبەرلىك ئۇنى زىيارەت قىلىشقا باشقا ئادەمنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ، سىياسىي كېڭەش ساھەسىدە ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى تېپىك ئالاھىدىلىككە ئىگە؛ ئىككىنچىدىن، بۇ قېتىمقى زىيارەت پۇرسىتىنى ناھايىتى تەستە قولغا كەلتۈردۈم. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن بۇ ماقالىنى تېخىمۇ ئوبدان يازمىسام بولمايتتى. ئەلۋەتتە، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان نەرسە، مېنىڭ سىز بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇيۇم.
— مەن ساڭا ئىشىنىمەن. بىراق ...
— نېمە بىراق؟
ۋاڭ لۇ كۆڭلىدە ما تيەنمۇغا، تيەنمۇ، سەن بەك ساددا ئىكەنسەن، سەن ئەسلا بىلمەيسەن، ئىبراھىم دېگەن سىياسىي جەھەتتە ئىنتايىن خەتەرلىك ئادەم، ئۇ ياخشى ئادەم ئەمەس، دېمەكچىدى، ئەمما ئۇ بۇ گەپنى ئاغزىدىن چىقىرالمىدى. چۈنكى بۇ تەشكىلىي ئىنتىزام ئىدى.
ما تيەنمۇ ۋاڭ لۇدىن يەنە كوچىلاپ سورىدى:
— مېنى نېمىشقا زىيارەت ئوبيېكتىنى ئالماشتۇرغىن دەيسىز؟ سىزچە ئۇنىڭدا مەسىلە بارمۇ؟
ۋاڭ لۇ كۆڭلىدە ئەگەر دەلىل - ئىسپات بولسا، ئۇنى بۇرۇنلا قولغا ئالغان بولاتتۇق، دېمەكچىدى. بىراق تەشكىلىي ئىنتىزام ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشىگە يول قويمايدۇ، ئۇنىڭ تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ شۇنداق.
— نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟ خاپا بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ —

دېدى ما تيەنمۇ ئۇنى سۆيلەپ.
— كۆڭۈللۈك ئىشلارنى دېيىشەيلى! يۈر، مەن سېنى قىزىق قەھۋە ئىچىشكە تەكلىپ قىلىمەن، — دېدى ۋاڭ لۇ بىگىز بارمىقى بىلەن ما تيەنمۇنىڭ پېشانىسىگە چېكىپ قويۇپ.
ما تيەنمۇ ئەمدىلا: «ماقۇل» دېيىشىگە، يانفونى سايرىدى. ئىبراھىمنىڭ كاتىپىدىن كەلگەن تېلېفونكەن، ئىبراھىم ئۇنى چاي ئىچكەچ زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلغانىدى.
ما تيەنمۇ شۇئان خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى.
ۋاڭ لۇ سەل مەيۈسلەنگەندەك بولۇپ:
— سەن ھەقىقەتەن ئالدىراشكەنسەن! — دېدى.
ما تيەنمۇ ئىككى قولى بىلەن ۋاڭ لۇنىڭ يۈزىگە شاپاللاپ قويۇپ، ئامراقلىق قىلىپ:
— مەن كەسپىمنى سۆيىمەن ئەمەسمۇ! سىز مېنىڭ مىجەزىمنى بىلىسىزغۇ! — دېدى.
ۋىجدانى سەل ئازار يېگەن ۋاڭ لۇ دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ:
— ئەمىسە، خەير خوش، مەن ماڭغاچ تۇراي، — دەپ خوشلىشىش ئىشارىسى قىلدى.
ما تيەنمۇ بولسا ئورنىدىن قىمىرلىماي تۇرۇپ:
— توختاڭ، — دېدى.
— يەنە نېمە ئىش بار؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ لۇ بىر خىل ئىككىلىنىپ.
ما تيەنمۇنىڭ كۆزلىرى لىق ياشقا تولغانىدى.
— مېنى بىر قۇچاقلاپ قويۇڭ، — دەپ تەلەپ قىلدى ئۇ.
ۋاڭ لۇ بىرئاز ئىككىلىنىپ، رەت قىلدى:
— قارا، چوڭ كوچىدا ... كېلەر، ... كېلەر قېتىمدا، ھە!
ۋاڭ لۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى.
ما تيەنمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن:
— مەن سىز بىلەن يەنە ئالاقىلىشىمەن، — دەپ ۋارقىرىدى.

# ئون تۆتىنچى باب

## 1

نازىر نەن جېنجۇڭ دېلو ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش يىغىنىدا، ۋاڭ لۇ بايان قىلغان شىرئەلىنىڭ سۈرىتىنى تەقلىدىي بىرىكتۇ-رۇش جەريانىنى كۆردى. ئۇ ۋاڭ لۇغا بىرئاز تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، يېنىدا ئولتۇرغان جۇڭ چېڭغا:

— قارىغاندا، بۇ يىگىت خېلى يامان ئەمەس ئىش قىلغاندەك قىلىدۇ، — دېدى.

— ئۇ كاللىسى ئىشلەيدىغان يىگىت، — دېدى جۇڭ چېڭ ئۇنى ماختاپ.

— ئۇنىڭدەك يۇقىرى مەلۇماتلىق ستودېنتلارغا نىسبەتەن، جەزمەن ئۇلارنىڭ خىزمەت قىزغىنلىقىنى قوزغاش كېرەك. مەن ئىجادكار ساقچىلارغا ئامراق، — دېدى نازىر نەن جېنجۇڭ.

— مەنمۇ شۇنداق، — دېدى جۇڭ چېڭمۇ.

نەن جېنجۇڭ ھېلىقى يوغان ئىستاكاننى كۆتۈرۈپ مەجلىسخا-نىدىن چىقىۋېتىپ، ۋاڭ لۇنىڭ يولىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ج خ ئىدارىسىنىڭ بىناسى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى-دە، تۇيۇقسىز ئىلھامى كېلىپ، جۇڭ چېڭغا:

— مېنىڭ بۇ ساقچىلار قوشۇنىغا يېڭى كىرگەن تېررورلۇققا قارشى رازۋېدكىچى بىلەن بىر مۇڭدىشىپ، تەپەككۇرۇمنى ئاچقۇم كېلىۋاتىدۇ، بولامدۇ؟ — دېدى.

جۇڭ چېڭ شۇئان ۋاڭ لۇنىڭ يانفونىغا تېلېفون ئۇرۇپ:

— ۋاڭ لۇ، مېنىڭ ئىشخانامغا كەل، — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

ھايال قالماي، ۋاڭ لۇ بىناغا چىقىپ، جۇڭ چېڭنىڭ ئىشخا-نىسىغا كىرىپ كەلدى-دە:

— باشلىق، نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى.

جۇڭ چېڭ ئاغزىنى قىيسايتىپ:

— نازىر نەن جېنجۇڭنىڭ سېنى ئىزدەيدىغان ئازراق ئىشى باركەن، چۈشتە سەن ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ بىرگە تاماق يېگىن، — دېدى، ئاندىن سائىتىگە قاراپ بېقىپ يەنە: — ئاپلا! مېنىڭ ئىشىم بار ئىدى، ماڭغاچ تۇراي، — دېدى.

جۇڭ چېڭ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ۋاڭ لۇمۇ نازىر نەن جېنجۇڭغا ئەگىشىپ ماڭدى. بىراق، ئۇ نازىرنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ، ئۇزاق قالمايلا يەنە قايتىپ چىقتى. ئۇنىڭ ھەقىقەتەن يەنە بېجىرىدىغان مۇھىم ئىشى بار ئىدى.

نازىر ئۇنىڭ نېمە ئىشى بارلىقىنى سورىمايلا، سەممىيلىك بىلەن ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ:

— ياخشى ئىشلەۋاتىسەن. بوپتۇ، ئىشىڭغا ماڭ! — دېدى.

ۋاڭ لۇ ئەترەتكە قايتقاندىن كېيىن، دەرھال كومپيۇتېرنى ئېچىپ، ئەرەپ تور پونكىتىغا چىقىپ، كونا ئۇسۇلى بويىچە باشقۇرغۇچىدىن مەخپىي نومۇرنى ئالدى ـ دە، مۇناسىۋەتلىك پوچتا ساندۇقلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باشلىدى. تۇيۇقسىز ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى ئارقىلىق، ئۇنىڭغا «قارچىغا» نىڭ بۈگۈن تورغا چىققانلىقى ئۇقتۇرۇلدى. ئۇ ئەڭ يېڭى تېخنىكا ئارقىلىق «قارچىغا» قالدۇرغان خەتنىڭ مەزمۇنىنى يەشتى:

«يېقىندا قول سالىمىز، قورال ـ ئۇسكۈنىلەر جىددىي زۆرۈر.»

«قارچىغا» زادى كىم؟

ۋاڭ لۇ ئۇچۇر مەركىزى ئامبىرىغا چوڭقۇرلاپ كىردى. ئۆتكەن بىرقانچە كۈندە، ئۇ «كۆك چۈش تورخانىسى» غا بېرىپ، تورغا كىرىپ پاراڭلىشىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، بۇ نازارەت قىلىش ئەسۋابىنى تورخانىدىكى بىرلەشمە لىنىيىگە ئورنىتىپ قويغانىدى. بۇ ئەسۋاب يەنە بىۋاسىتە ج خ ئىدارىسىنىڭ ئۇچۇر مەركىزى ئامبىرىغا تۇتىشاتتى. ۋاڭ لۇ نازارەت قىلىش ئەسۋابىدىكى ماتېرىياللارنى ئاختۇرۇپ كۆردى. ئۇ ساناپ بېقىۋىدى، بۇ

ئىككى كۈن ئىچىدە جەمئىي 30 ئادەم تورخانىغا كەپتۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 40 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئەر ئۇنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

يېقىنقى مەزگىلدە ھەرىكەت بار ئىكەن، چاتاق بولدى، جەنۇبىي شىنجاڭدا چوڭ ۋەقە چىقىدىغان بولدى! ۋاڭ لۇ دەرھال جۇڭ چېڭنىڭ يانفونىغا تېلېفون قىلدى. بىراق، قارشى تەرەپ مۇلازىمەت تەۋەسىدە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، تېلېفون ئېلىنمىدى. ۋاڭ لۇ ئارقىدىنلا چېن دامونىڭ يانفونىغا تېلېفون ئۇردى.

## 2

بۈگۈن جۇڭ چېڭنىڭ قىزى جۇڭ يايانىڭ ئوتتۇرا مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغان كۈنى ئىدى.

جۇڭ چېڭ ئايالى لى يۈمېيگە جەزمەن قىزىغا ھەمراھ بولۇپ ئىمتىھان مەيدانىغا بېرىشقا ۋەدە بەرگەنىدى. بىراق، ئىلياس سارىيىدا يېڭىلا پارتلىتىش دېلوسى يۈز بەرگەچكە، جۇڭ چېڭنىڭ ئۆيگە قايتىشقا زادىلا چولىسى تەگمەيۋاتاتتى. بۈگۈن ئەتىگەندە جۇڭ يايا تېلېفوندا، دادىسىنىڭ زادى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئىمتىھان مەيدانىغا بېرىش ـ بارماسلىقىنى سورىدى. شۇڭا، ئەگەر جۇڭ چېڭ بارالمىسا، قىزى ئەمدى ئۇنىڭ يۈزىگە قارىماسلىقى مۇمكىن ئىدى. جۇڭ چېڭ قىزىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بىراق ئۇ راستتىنلا خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلالمايتتى. ئۇ كەچۈرۈم سوراپ:

— مۇنداق بولسۇن، سەن ئۆزۈڭ بېرىپ تۇرغىن، چۈشتىن كېيىن، مەن جەزمەن مەكتەپكە سېنى ئالغىلى بارىمەن، — دېدى.

جۇڭ چېڭ سائىتىگە قارىدى، سائەت 7گە يەنە 20 مىنۇت قالغانىدى، قىزىنىڭ سائەت 7دە ئىمتىھان ئاخىرلىشىدۇ دېگىنى ئۇنىڭ يادىدا ئىدى.

جۇڭ چېڭ شوپۇرغا تېلېفون بېرىپ، ئۇنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى سورىدى. جۇڭ چېڭ ماشىنا ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئالدىن دەپ قويۇ-

مىغانلىقى ئۈچۈن، شوپۇر تېلېفوننى ئېلىپ، ناھايىتى ئوڭايسىزلانغان ھالدا، ئۆزىنىڭ دورىخانىدا ئاپىسىغا دورا ئېلىۋاتقانلىقى، ئاپىسىنىڭ ئاشقازان كېسىلى يەنە قوزغىلىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى.

جۇڭ چېڭ بىر ئۇھ تارتىپ، بوپتۇلا دېدى.

ئۇ، ئەگەر يۈگۈرۈپ بارسا، مەكتەپكە ئۈلگۈرۈپ بارالايدىغانلىقىنى ئويلىدى.

مەكتەپ ھويلىسى جىمجىت ئىدى. ئوقۇغۇچىلار تېخىچە ئىمتىھان بېرىۋاتاتتى. جۇڭ چېڭ ئالدىراپ مەكتەپ دەرۋازىسىدا ساقلاۋاتقان ئاتا - ئانىلاردىن سورىۋىدى، ئۇلار ئىمتىھاننىڭ سائەت 8 دە ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. جۇڭ چېڭ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، ئۆزىنىڭ ھېلىمۇ كېچىكمىگەنلىكىنى، بولمىسا قىزىنىڭ ئۇنى ھەرگىز كەچۈرمەيدىغانلىقىنى ئويلىدى.

جۇڭ چېڭ باشقا ئاتا - ئانىلارغا ئوخشاش، مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى تاش ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، قىزىنىڭ ئىمتىھان بېرىپ بولۇشىنى ساقلىغاچ ئارام ئالماقچى بولدى. مەكتەپنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، ئۇ يانفوننى ئېتىۋەتتى. ئۇ بىرئاز جىمجىت ئولتۇرغاندىن كېيىن، قاپاقلىرىنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى ...

بۇ چاغدا، مەكتەپ يېنىدىكى ئاھالىلەر رايونىدىن سوغۇق چىراي ئۈچ ياش چىقىپ كەلدى. ئۇلار بېلىگە پىچاق ئېسىۋالغان بولۇپ، تۇنۇگۇندىن باشلاپ، ئۇلار بۇيرۇقتا بىنائەن بۇ يەردە يوشۇرۇن ئۆلتۈرىدىغان نىشاننى كۈتۈپ تۇرغانىدى. بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى، ئەركىن شىرئەلى قاتارلىقلارغا ئەھۋالنى تەھلىل قىلىپ، بىزنىڭ جۇڭ چېڭنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرىدىغان پۇرسىتىمىز كۆپ ئەمەس، ئەمما يەنىلا پۇرسەت كۈتۈش كېرەك. مەسىلەن، ئۇنىڭ پىكاپىغا پارتلاتقۇچ بومبا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ياكى ئۇنىڭ تامىقىغا زەھەر سېلىشقا ياكى ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە بولىدۇ، دېگەنىدى. بىراق، بىر مەزگىل ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشكەندىن كېيىن، ئۇلار ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش ئىمكانىيىتى يوق دېيەرلىك ئىكەنلىكىنى بايقاشتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۆيى ج خ ئىدارىسىنىڭ ھويلىسىدا بولۇپ، دەرۋازىۋەن ئادەتتە يات ئادەمنى كىر-

گۆزمەيتتى؛ يەنە كېلىپ، ئۇ ھەمىشە ماشىنىسىدا ئولتۇراتتى،
ياكى ج خ ئىدارىسىنىڭ بىناسىدا بولاتتى، باشقىلار ئۇ يەرگە
ئاسانلىقچە كىرەلمەيتتى. شۇڭلاشقا، جۇڭ چېڭنى ئۆلتۈرۈشنىڭ
ئىككىلا ئامالى بولۇپ، بىرى ئۇنىڭ يالغۇز ماڭغان پەيتىنى تال-
لاش؛ ئىككىنچىسى، پۇرسەت تېپىپ، ئۇنىڭ پىكاپىغا قەرەللىك
مۇددەتتە پارتلايدىغان بومبا ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى.
شۇنداق قىلىپ، شىرئەلى بىر ئىز قوغلاش گورۇپپىسى، يەنە
بىر مۇددەتلىك بومبا ئورۇنلاشتۇرۇش گورۇپپىسى بولۇپ، ئىككى
قاتىللىق گورۇپپىسى تەشكىللىدى. يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش پۇرستى
ئاخىر كەلدى، ئىبراھىم ئەركىننى ئىشەنچلىك بىر ئۇچۇر بىلەن
تەمىنلىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، جۇڭ چېڭنىڭ قىزى ئوتتۇرا مەك-
تەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىدىكەن، ئۇ قىزىغا بەكمۇ ئامراق ئىكەن،
شۇڭا ئۇنىڭ قىزىغا ھەمراھ بولۇپ ئىمتىھان مەيدانىغا بېرىشى
مۇمكىن ئىكەن.

## 3

جۇڭ چېڭنىڭ شوپۇرى ئانىسىغا دورا سېتىۋېلىپ، ئۆيىگە
ئاپىرىۋەتكەندىن كېيىن، ئالدىراپ ج خ ئىدارىسىگە قايتىپ كەل-
دى. ئۇ باياتىن ئىدارە باشلىقى جۇڭ چېڭنى مەكتەپكە ئاپىرىپ
قويمىغانلىقىدىن بەكمۇ ئۆكۈنگەنىدى.
ئەتىگەندىن بېرى ئالدىراش يۈرۈپ، ئۇ تاماق ۋاقتى بولۇپ
قالغانلىقىنى، قورسىقىنىڭمۇ بىرئاز ئاچقانلىقىنى سەزدى، بۇ قې-
تىم ئۇ يىراققا كېتىشكە پېتىنالماي، ماشىنىنى ھەيدەپ ج خ
ئىدارىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى مۇسۇلمانلار ئاشپۇزۇلىغا بېرىپ، بىر
چىنە كالا گۆشى ئۇگرىسى بۇيرۇتۇپ، ئۆزى يالغۇز يېدى.
شوپۇر تۆت - بەش مىنۇت ئىچىدىلا بىر قاچا ئۇگرىنى ئىچىپ
بولۇپ، ئەمدىلا: «خوجايىن! ھېسابات قىلىۋېتىڭ!» دەپ تۇرۇ-
شىغا دەھشەتلىك بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ، ئۇ ھەيدىگەن «مىتسۇ
بىش» ماركىلىق دالا ئاپتوموبىلى پارتلاپ كەتتى.
ئاشپۇزۇلنىڭ ئالدى شۇئان قىقاس - چۇقان بىلەن تولدى.

ئاشپۇزۇل بىلەن ج خ ئىدارىسىنىڭ ئارىلىقى 100 مېتىرمۇ كەلمەيتتى. شۇڭا، پارتلاش ئاۋازى چىقىشى بىلەن تەڭ، ھوشيار ساقچىلار دەرھال سىرتقا يۈگۈردى. ئاشپۇزۇلغا يېقىن قالغاندا، ئالدى تەرەپتىن جۇڭ چېڭنىڭ شوپۇرى يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— جۇڭ چېڭنىڭ ئاپتوموبىلى پارتلاپ كەتتى! — دېدى.

چېن دامونىڭ قانچىلىك ھەيران قالدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئىدى: دۈشمەنلەر ھۇجۇم نىشانىنى جۇڭ چېڭغا قارىتىپتۇ، جەنۇبىي شىنجاڭ ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا قول سالدى! ھېلىمۇ ياخشى، ئىدارە باشلىقى جۇڭ چېڭ ماشىنىدا يوق ئىكەن، شۈكۈر! مىڭ مەرتىۋە شۈكۈر! دەپ ئويلىدى چېن دامو. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ خىيالىدىن جىددىي بىر ئىش كەچتى - دە:

— ئىدارە باشلىقى جۇڭ چېڭ قېنى؟ ئۇ قەيەردە؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ يىغىنغا كەتكەنغۇ؟ — دېدى شوپۇرى ھەيران قېلىپ.

— ياقەي، ئۇ سەن بىلەن بىللە ئەمەسمىدى؟ — دېدى چېن دامو.

چېن دامو دەرھال جۇڭ چېڭنىڭ يانفونىغا تېلېفون ئۇرۇۋېدى، شوپۇر:

— مەن بايا ئۇرغان، ئۇ يانفوننى ئاچماپتۇ، — دېدى.

— بۇ گەپچە، ئۇ ئۆزى يالغۇز كېتىپتۇ - دە؟ — دېدى چېن دامو تىت - تىت بولۇپ. ئۇ بىر خىل شۇملۇقنى سەزگەندەك بولۇپ، شۇئان جۇڭ چېڭنىڭ ئۆيىگە تېلېفون ئۇردى. تېلېفوننى لى يۈمېي ئالدى.

— يەڭگە، باشلىق ئۆيدىمۇ؟ — دەپ سورىدى چېن دامو.

— مەكتەپكە قىزىنى ئالغىلى كەتتى، — دەپ جاۋاب بەردى لى يۈمېي.

— چاتاق بوپتۇ! — چېن دامو ئاۋۋال مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى مەمتىمىنگە تېلېفون بېرىپ، ئەھۋالنى دوكلات قىلدى، ئاندىن يەنە تېررورلۇققا قارشى 1 - ئەترەتكە ئۇقتۇرۇش قىلدى:

— ۋاڭ لۇ، ئەلى! دەرھال چۇشۇڭلار! جىددىي ئىش بار!

چېن دامو ئۆزى ماشىنىنى ھەيدەپ، ۋاڭ لۇ بىلەن ئەلىنى ئېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ئوتتۇرا مەكتىپىگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

جۇڭ چېڭ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئۇ بىر چۈش كۆردى: چۈشىدە ئۇ مەكتەپ ھويلىسىدا ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇراتتى. بىر چاغدا قۇياشنىڭ يۈزىدە بىر داغ پەيدا بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئەتراپ ئاستا ـ ئاستا قاراڭغۇلاشتى، ئاخىر ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولماي- دىغان دەرىجىگە يەتتى، ئۇ كۆزىنى تىرمىشىپ ئېچىپ، ئەتراپىنى ئېنىق كۆرمەكچى بولۇۋىدى، كىرپىكلىرى چاپلىشىپ قالغاندەك، كۆزىنى زادىلا ئاچالمىدى.

جۇڭ چېڭ چۈش كۆرۈۋاتقان چاغدا، ئۈچ ئەر ئۈچ تەرەپتىن جۇڭ چېڭغا يېقىنلاپ كەلدى. 20 قەدەم، 10 قەدەم، 5 قەدەم، ئۇلار جۇڭ چېڭنىڭ يېنىغا كېلەي دەپ قالغاندا! توساتتىن بىر ساقچى ماشىنىسى جىددىي سىگنال بېرىپ، ئۇچقاندەك مەكتەپ تەرەپكە كەلدى. جۇڭ چېڭ ساقچى ماشىنىسىنىڭ ئاۋازىدىن چۆ- چۈپ ئويغاندى. ئۇ تەبىئىي يوسۇندا قولىنى بېلىگە ئاپاردى، ئۇ ۋەقە يۈز بەردى دەپ ئويلاپ، سەزگۈرلۈك بىلەن دەرھال قەيەردە ۋەقە چىققانلىقىنى ئېنىقلىماقچى بولدى.

قورشاپ كەلگەن ئۈچ ئەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، قورقۇپ كەتكىنىدىن تارقاپ كەتتى.

چېن دامو جىددىي تورمۇز قىلىپ، ماشىنىنى جۇڭ چېڭنىڭ ئالدىدا توختاتتى. ۋاڭ لۇ بىلەن ئەلى ماشىنىدىن سەكرەپ چۈ- شۈپ، كەسپىي تەربىيە كۆرگەن ئادەملەرگە خاس سالاپەت بىلەن ئورنۇېلىشقان ئادەملەر توپىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى.

جۇڭ چېڭ چېن داموغا قاراپ:

— خەقنى مۇنچىۋالا قورقۇتۇپ، نېمە ئويۇن ئويناۋاتىسى- لەر؟ — دەپ كۈلۈپ كەتتى.

— سىزگە بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟ — دېدى چېن دامو سۈرلۈك قىياپەتتە.

جۇڭ چېڭ پۇت ـ قولىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ قويۇپ:

— ماڭا قانداق ئىش بولاتتى؟ — دېدى.
— مەن ھەقىقەتەن بەك ئەنسىرىدىم، — دېدى چېن دامو ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.
— نېمىدىن ئەنسىرەيسىز؟ — دەپ سورىدى جۇڭ چېڭ.
— سىزنى كۆرەلمەي قېلىشىمدىن ئەنسىرىدىم، — دەپ ئوچۇقلا ئېيتتى.
جۇڭ چېڭ پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى.
— بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭىز!
چېن دامو ئەستايىدىللىق بىلەن ئۇنىڭغا ئەھۋالنى دوكلات قىلدى:
— ئون مىنۇت ئىلگىرى سىزنىڭ ماشىنىڭىز پارتلاپ كەتتى.
جۇڭ چېڭ چۆچۈپ كېتىپ:
— ئاناڭنى! يۇرۇڭلار! — دەپ ئاغزىنى بۇزدى.
— مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى مەمتىمىن ما جيەنجۇڭ بىلەن يالقۇننى ئېلىپ نەق مەيدانغا كەتتى. سىز ئاۋۋال يايانى ئېلىپ ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇڭ، — دېدى چېن دامو.
— دەرھال ئىدارىگە قايتايلى! — دېدى جۇڭ چېڭ غەزەپ بىلەن.
— ياق! مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى مەمتىمىننىڭ يوليورۇقى، ھازىردىن باشلاپ، ئائىلىڭىزدىكى ئۇچەيلەننىڭ بىخەتەرلىكىگە بىز مەسئۇل، — دېدى چېن دامو جۇڭ چېڭغا قىلچىمۇ ئىمكانىيەت بەرمەي.
جۇڭ چېڭ چېن داموغا قاراپ ھاڭ - تاڭ قېلىپ، نائىلاج بېشىنى چايقىدى. دەل ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ سائىتىگە قارىغان چاغدا، مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىن: «دادا!» دېگەن خۇشال بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.
جۇڭ چېڭنىڭ جىددىيلىشىپ كەتكەن چىرايىغا شۇئان ئىللىق كۈلكە پەيدا بولدى.

## 4

شۇ كۇن كېچىدە، ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتى ئەۋەتكەن پارتلىتىش مۇتەخەسسىسى فېڭ شىلياڭ ھەمراھلىقىدىكى ج خ مىنىستىرلىقىنىڭ جىنايى ئىشلار رازۋېدكا مۇتەخەسسىسلىرى ئالدىراپ يېتىپ كەلدى. ئايروپىلاندىن چۈشكەندىن كېيىن، ئۇلار ئۇدۇل پارتلاش يۈز بەرگەن نەق مەيدانغا كەلدى. قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلار نەق مەيداندا دېلو سادىر قىلغۇچىنى كەم دېگەندە ئۈچ ئادەم دەپ ھېسابلىدى. بۇ يەكۇن ما جيەنجۈڭ قاتارلىقلارنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ما جيەنجۈڭ نەق مەيداندا دېلو سادىر قىلغۇچىنى ئىككىدىن ئارتۇق ئەمەس، چوقۇم بىر ئادەم دەپ ھۆكۈم قىلغانىدى.

نەق مەيداننى تەكشۈرۈش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، كۆپچىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ مەجلىسخانىسىغا يېتىپ كەلدى. ما جيەنجۈڭ ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتىنىڭ پارتلىتىش مۇتەخەسسىسى فېڭ شىلياڭ بىلەن تاكاللىشىپ قالدى. نازىر نەن جېنجۈڭمۇ «دىنامىنوز قويۇش يىغىنى»غا قاتناشقانىدى. ئۇ ما جيەنجۈڭنىڭ فېڭ شىلياڭ بىلەن تاكاللىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇستەلنى ئۇرۇپ قويۇپ، ما جيەنجۈڭغا:

— سەن ياش بولغاندىكىن، كەمتەرلىك بىلەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكرىنى ئاڭلىمامسەن! ئەگەر بۇ ئىش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان بولسا، مەن ئۇنى نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراق يەردىن چاقىرىپ كېلەتتىممۇ؟ — دېدى.

ما جيەنجۈڭنىڭ ئاچچىقى بىراقلا نازىر نەن جېنجۈڭغا بۇرۇلدى. ئۇ:

— ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى زادى خاتا! مەن ئۇنى بىر ئادەمنىڭ ئاياغ ئىزى دەپ قارايمەن. قېنى، مەن سوراپ باقاي، بىرىنچى نەق مەيداننى مەن كۆردۇممۇ، ئۇ كۆردىمۇ؟ بۇ يەردە كىم ئالدى بىلەن پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە؟ — دېدى. ئۇنىڭ گۆرەن تومۇرلىرى كۆپچۈپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن بو-

لۇپ، ئۇنىڭدا قىلچىمۇ يول قويۇش نىيىتى يوق ئىدى.
نازىر ئەن جىنجۇڭ ما جيەنجۇڭنىڭ جاھىللىق قىلىۋاتقانلىقىدى-
نى كۆرۈپ، ئېھتىمال ئۇنىڭ دېگەنلىرى ئورۇنلۇق بولۇشى مۇم-
كىن دەپ ئويلىدى ـ دە، قايتا ئېغىز ئاچماستىن، ئۇنىڭغا تىكى-
لىپ قاراپ ئولتۇردى، ئەمما فېڭ شىلياڭنىڭ ئاچچىقتىن چىرايى
قىزىرىپ، بويۇنلىرى كۆپۈپ كەتكەنىدى، بولۇپمۇ ج خ مىنىس-
تىرلىقىنىڭ پارتلىتىش مۇتەخەسسىسلىرى ئالدىدا، ئۇ ئۆزىنى
ناھايىتى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ ما
جيەنجۇڭنى كۆرسىتىپ:
— يىگىت، مەن پارتلاش يۈز بەرگەن نەق مەيداننى كۆرۈۋاتى-
قىلى 20 يىل بولدى، ئەمدىزە سەندەك بىر بالىغىمۇ يېتەلمەمدى -
مەن؟ — دېدى.
جۇڭ چېڭ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ما جيەنجۇڭغا كۆز ئىشارىتى
قىلىپ:
— سەن ئاۋۋال چىقىپ تۇر! — دېدى.
— مەن نېمىشقا چىقىپ كېتىدىكەنمەن؟ مېنىڭ خاتالىقىم
نەدە؟ مەن دېگەن نەق مەيدانغا بىرىنچى بولۇپ كىرىپ تەكشۈرگەن
تۇرسام، ئىدارە باشلىقى، سىز ماڭا ئىشىنەمسىز ياكى خەققە
ئىشىنەمسىز؟ سىز ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ گەپ قىلىس-
ڭىز بولمامدۇ؟ مۇتەخەسسىس دېگەن بىر ئۇنۋان، ئۇ شۇ ئادەمنىڭ
ھەربىر كونكرېت ئىشتىكى توغرىلىقىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ.
مەن نېمىشقا ئەستايىدىل ئىشلەيمەن؟ چۈنكى، تەكشۈرۈش توغرا
بولغاندىلا، ئاندىن رازۋېدكا يۆنىلىشىگە توغرا ھۆكۈم قىلغىلى
بولىدۇ، قانداقسىگە مەن خاتالىشىمەن؟ — ما جيەنجۇڭ سۆزلەۋې-
تىپ، بىرقانچە پارچە فوتو سۈرەتنى نازىر ئەن جىنجۇڭ بىلەن
جۇڭ چېڭنىڭ ئالدىغا تاشلىدى: — كۆرۈپ بېقىڭلار، بۇلار مەن
تارتقان سۈرەت، ئۇلار دېگەندەك ئۈچ ئادەمنىڭ ئەمەس، بىر ئادەم-
نىڭ ئاياغ ئىزى.
مۇتەخەسسىس فېڭ شىلياڭنىڭ چىرايى يامغۇرلۇق بۇلۇتتەك
تۇتۇلۇپ كەتكەنىدى، ج خ مىنىستىرلىقىدىن كەلگەن مۇتەخەس-
سىسنىڭمۇ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى. جۇڭ چېڭ ئەھۋالنى كۆرۈپ،

ئۇستەلگە «پاق!» قىلدە ئۇرۇپ:
— ھۇ، جاھىل، ئۆزۈڭنىڭ كىم بىلەن سۆزلىشىۋاتقىنىڭنى بىلەمسەن؟ — دېدى.
شۇ تاپتا، بۇنداق گەپلەر ما جيەنچۇڭنىڭ قۇلىقىغا ئەسلا كىرمەيتتى. ئۇ ئۇستەلگە «پاق! پاق! پاق!» قىلىپ ئۇچنى ئۇرۇپ:
— مەن دېلو توغرىسىدا سۆزلەۋاتىمەن. كىم بىلەن سۆزلىشىش توغرىسىدا گەپ قىلىۋاتقىنىم يوق. مەن مۇشۇنداق بىر مۇتتەھەم. ئەمما بۇ ھال مېنىڭ نەق مەيداندىن توغرا ھۆكۈم چىقىرىشىمغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، — دېدى.
— كۆزۈمدىن يوقال! — جۇڭ چېڭ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يۈزىنى دەپ، ما جيەنچۇڭنى ھەيدەشكە مەجبۇر بولدى.
— ئىشقىلىپ مەن ئۆز پىكرىمنى دەپ بولدۇم، يوقالسام يوقىلاي، باشلىق، ئوبدانراق ئويلاڭ! سىز مېنى ھەيدىدىڭىز، پۇشايمان قىلىپ قالماڭ، يەنە! — ما جيەنچۇڭ ئاچچىقتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ، ئىشكنى قېقىپ چىقىپ كەتتى.
ئون مىنۇتتىن كېيىن، كۆپچىلىك دېلو ئەھۋالىنى داۋاملىق تالاش - تارتىش قىلىۋاتقاندا، ما جيەنچۇڭ قايتىدىن ئىشكنى ئىتتىرىپ كىرىپ كەلدى - دە، «پاق!» قىلىپ خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىش دوكلاتىنى جۇڭ چېڭنىڭ ئۈستىلىگە تاشلاپ:
— سىلەر مېنىڭ پىكرىمنى قوبۇل قىلمىغانىكەنسىلەر، بۇ ھال مېنىڭ بىر كېرەكسىز، يارىماس ئادەم ئىكەنلىكىمنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ ئەھۋالدا، مېنىڭمۇ داۋاملىق ئىشلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى ئۇ.
ئەمدى جۇڭ چېڭنىڭ راستتىنلا ئاچچىقى كەلدى. ئۇ ئىستېپا دوكلاتىنى ئېلىپ، ما جيەنچۇڭغا قارىتىپ ئېتىپ:
— ھۇ ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ئەبلەخ، جاھىل كالا، كۆزۈمدىن يوقال! — دەپ ۋارقىرىدى.
ما جيەنچۇڭ بۇرۇلۇپلا مەجلىسخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ھېلىقى دوكلاتىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىشىككىچە ئۇچۇپ باردى. جۇڭ چېڭ ئۇنى قوغلاپ چىقمىدى. ئۇ ما جيەنچۇڭ دېگەن ھارامزا-

دىنىڭ ئاللىبۇرۇن قىچىپ كەتكەنلىكىنى بىلەتتى.

ما جيەنجۇڭ غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكۇدەك بولۇپ، ئۆيىگە قايتىپ كەلدى، ئۇ ئايغىنى سېلىپلا كارىۋاتقا چىقىپ، بېشىنى يۇركەپ ئۇخلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈش تېخنىكىسىنىڭ سۆز-سىز توغرا ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنەتتى. ئەمما ئىدارە باشلىقى جۇڭ چېڭ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، ئۇنى ھەيدىۋەت-تى. ما جيەنجۇڭ ئويلىغانسېرى ئاچچىقى ئۆرلىدى. ئايالى بىر ئىستاكان چاينى ئېلىپ، ئۇنىڭ كارىۋىتىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كې-لىپ:

— چاي ئىچىۋالغىن! — دېۋىدى، ما جيەنجۇڭ جىلە بولغىنىدىن، ئايالىنى سىلكىۋەتتى: — ئەپكەت، ئىچمەيمەن! — ئايالىنىڭ قولىدىكى ئىستاكان چۇشۇپ كەتكىلى تاس قالدى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ — دېدى ئايالى تېرىكىپ.

— مەن ئۇخلايمەن، سەن نېمە ئادەمنى پاراكەندە قىلىسەن؟ — دېدى ما جيەنجۇڭ خاپا بولۇپ.

— سەن ئۇخلامسەن؟ مېنىڭمۇ خوپ ئۇخلىۋالغۇم بار ئىدى. بىراق، ئائىلىدىكى بىر قاتار ئىش شۇ پېتى تۇرىدۇ. كىر ئالغۇ بۇزۇلۇپ قالغىلى بىرقانچە كۈن بولدى، قوپۇپ ياسىمامسەن؟ تۇرە ئورنۇڭدىن! ئۆي تۇتقۇڭ كەلمىسە، بۇ ئۆيدىنى تۇتمايلا قويايلى! — ما جيەنجۇڭنىڭ ئايالى خېلىدىن بېرى، ئاچرىشىمەن دەپ يۈرگەچكە، كۆڭلى ئازابلىنىپ تۇراتتى. ما جيەنجۇڭ خۇشياق-مىغان ھالدا ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇرۇپ:

— كىر ئالغۇنىڭ نەرى بۇزۇلۇپتۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئەمەلىيەتتە بۇزۇلغان يېرى يوق، تايمېرى ئىشلىمەس بولۇپ قاپتۇ. — دېدى ئايالى.

— تايمېرى نېمە بوپتۇ؟ — ما جيەنجۇڭ غودۇڭشۇپتىپ، سايمانلىرىنى ئالدى - دە، كىر ئالغۇنىڭ ئۈستىدىكى تايمېرنى چۇ-ۋۇدى. ئۇنىڭ ئالدىغا بىرمۇنچە سۇلياۋ تۇرۇبىلار يىغىلغان چاغدا، بىردىنلا ئۇنىڭ خىيالىغا، ئىلياس سارىيىدىكى پارتلاش ۋەقەسى كەلدى.

پارتلاش يۈز بەرگەن نەق مەيداندا، ئۇ بىرمۇنچە سۇلياۋ پار- چىلىرىنى يىغىۋالغانىدى. شۇ چاغدا ئۇ بۇ سائەتنىڭ تايمېرى ئارقىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان پارتلىتىش دەپ گۇمان قىلغانى- دى. مانا ئەمدى ئۇ تۇيۇقسىز ئىلياس سارىيىدىكى پارتلىتىش ۋەقەسى كىرئالغۇنىڭ تايمېرى ئارقىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىلغانلى- قىنى سەزدى. ئۇ دەرھال كىرئالغۇنىڭ تايمېرىنى ياساۋېتىپ، ئەترەتكە قايتماقچى بولۇپ تۇراتتى، تۇيۇقسىز ئۆيىگە تېلېفون كېلىپ قالدى. تېلېفوننى ۋاڭ لۇ ئۇرغانىكەن. ئۇ:

— جيەنجۈڭ، يانفونۇڭنى نېمىشقا ئېتىۋەتتىڭ؟ باياتىن بىر چارلاش ساقچىسىدىن تېلېفون كېلىپ، كوچىدىكى بىر چارلاش ساقچى ماشىنىسىدا قــەرەللىك بومبىنــى بــايقىغــانلىقىنى ئېيتـ - قانىدى، — دېدى. ئۇ تېخى ما جيەنجۈڭنىڭ بايىلا ئىستېپا بېرىپ، ئىشلىمەيدىغان بولۇپ يېنىپ چىققانلىقىنى بىلمەيتتى.

ما جيەنجۈڭ ئايغىنى كىيىپلا ئۆيىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى - دە، قولىنى كۆتۈرۈپ بىر تاكسىنى توسۇپ، ئۇچقاندەك ۋەقە يۈز بەرگەن نەق مەيدانغا يېتىپ باردى. ئۇ چاغدا، چېن دامو، يالقۇن، ئەلى ۋە ۋاڭ لۇلارمۇ تېخى ئەمدىلا كېلىپ تۇرغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەرەللىك بومبىنىمۇ تەپسىلىي ئەھۋالنى ئۇقمايدىغان بىر ساقچى ماشىنىسىدىن ئېلىپ، يېقىن ئەتراپتىكى بىر پۇقرانىڭ ھويلىسىغا ئەكىرىپ قويغانىكەن.

— تازىمۇ بىر ئەخمەقنىڭ ئىشىغۇ بۇ! قاراپ تۇرۇپ بۇ نەرسىنى بۇ يەرگە ئەكىرىپ قويغىنىنى كۆرمەمدىغان؟ بۇ دېگەن ئاھالىلەر رايونى تۇرسا، نېمىدېگەن خەتەرلىك. ئازراقمۇ خەتەرلىك ساۋاتى يوقكەن - ھە! — ما جيەنجۈڭ نارازى بولۇپ كايىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ قەرەللىك بومبىنى ئىنچىكىلەپ كۆزەتتى: ئۇ ئۈچ پارچە پەنەركىنى مىخلاپ ياسىغان بىر ياغاچ ساندۇق ئىدى. ئۇ ئويلاپ ئولتۇرمايلا، ئېگىلىپ ياغاچ ساندۇقنى كۆتۈرۈپ، كەڭرى بىر يەرگە باردى - دە، ساندۇقنى ئاستا يەرگە قويدى.

قىزىقىپ كەلگەن نۇرغۇن ئاممىمۇ ئۇنى ئورىۋېلىشتى، ما جيەن- جۈڭ جىلە بولۇپ، كانىيى يىرتىلىپ كەتكۈدەك ۋارقىرىدى:

— ئۇلىشىۋېلىپ نېمە قىلىسىلەر؟ ئۆلگۈڭلار كەلدىمۇ؟ بۇ ئوينايدىغان ئويۇن ئەمەس، ھەممىڭ نېرى كېتىش!

ما جيەنجۈڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرغان چېن دامو بىلەن ۋاڭ لۇغىمۇ قولىنى سىلكىپ:

— سىلەرمۇ يېقىن كەلمەي، تېزدىن ئادەملەرنى كەتكۈزۈ - ۋېتىڭلار! — دېدى.

ئەتراپ جىمىپ قالدى، ۋاڭ - چۇڭ قىلىشىۋاتقان ئاما ۋەھىمىدىن قورقۇپ، ئارقىغا چېكىنىدى. ما جيەنجۈڭ تىنچلىنىپ، پىچاق بىلەن ياغاچ ساندۇقنى ئاچتى. ساندۇقنىڭ ئىچىدە كىر ئالغۇنىڭ بىر تايمىرى بولۇپ، كۆرسەتكۈچى نۆلگە يېقىنلىشىپ قالغانىدى. ما جيەنجۈڭ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، دەررۇ كۆرسەتكۈچنى ئارقىغا قايتۇرۇپ، خېيىمخەتەرنىڭ ئالدىنى ئالدى.

پېرىم كېچە، كىشىلەر ئۇيقۇغا كەتكەنىدى، ئەمما تېررورلۇققا قارشى 1 - ئەترەتنىڭ چېرىغى تېخىچە يېنىق تۇراتتى. ۋاڭ لۇ كۈچلۈك ھاياجانلىنىپ، كۆڭلىدە ما جيەنجۈڭگە قايىل بولۇشقا باشلىدى. ما جيەنجۈڭنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دېگەن شان - شەرەپكە ئىگە بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسكەن - دە، ھالقىلىق پەيتتە، ئۇ ھەقىقەتەن ھېچنېمىدىن قورقمايدىكەن. ئويلاپ - ئويلاپ، ئاخىر ۋاڭ لۇنىڭ كۆڭلىدە ما جيەنجۈڭغا نىسبەتەن بىر خىل ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا بولدى. ئۇ بىر تال تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ، ما جيەنجۈڭغا سۇنۇپ:

— بۇ تاماكىنىڭ پۇرىقى بەك ياخشى، سەن چېكىپ كۆرۈپ باق، — دېدى. ئېھتىمال ئەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىياتنىڭ ئىپادىلىنىشى مۇشۇنداق قاتمال بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئىنتايىن سەمىمىي ھېسسىيات ئىدى. ۋەھالەنكى، ھەرقانداق گەپ ما جيەنجۈڭنىڭ ئاغزىدىن چىققاندا ئۆزگىرىپ قالاتتى. ئۇ تاماكىنى بىر شورىۋېتىپ:

— مەن قانداقلا تاماكا چەكسەم تەمى بىر خىللا تېتىيدۇ، — دېدى.

بۇ گەپ ئانچە يېقىملىق بولمىسىمۇ، لېكىن ۋاڭ لۇ ما جيەنجۈڭنىڭ گەپ قىلىشنى بىلمىگەنلىكىدىن كايىپ ئولتۇرمىدى.

يالقۇنمۇ بىر قۇتا مىنېرال سۇ ئەكېلىپ ما جيەنجۇڭغا سۇنـ
ـدى.

— بىر يۇتۇم ئىچىۋال، ئۇسساپ قالغانسەن.

— مەن ئۆزۈمنىڭ ئىستاكىنىمدا ئىچەي، — دېدى ما جيەنجۇڭ قېشىنى يىمىرىپ. يالقۇنمۇ ئۇنىڭغا خاپا بولۇپ كەتمەي، دەرھال ئىستاكانغا مىنېرال سۇنى لىق تولدۇرۇپ، ھۆرمەتلىگەن تەرزدە ما جيەنجۇڭنىڭ ئاغزىغا ئاپاردى. ما جيەنجۇڭ زورمۇ زور بىر يۇتۇم ئىچتى ـ دە، قېقىلىپ كېتىپ:

— راست گەپنى قىلسام، ئادەتتە بەك ئۇسساپ كەتمىسەم، بۇ نەرسىنى ئانچە ئىچىپ كەتمەيمەن، — دېدى.

ئەلى دەرھال ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ:

— ما جيەنجۇڭ، ئەگەر بومبا «گۇم!» قىلىپ پارتلىغان بولسا، مەن سېنى كۆرەلمەي قالاتتىم. ئۇ چاغدا، مېنىڭ تويلۇق ھارىقىمنى ئىچەلمەي، سەن زىيان تارتاتتىڭ، — دېدى.

ما جيەنجۇڭ كېرىلىپ قويۇپ:

— سېنىڭ شۇ تۇرقۇڭدا، پەرىدە سېنىڭ بىلەن توي قىلارـ
مۇ؟ — دېدى.

— جيەنجۇڭ، ئىشىنەمسەن؟ پەرىدە جەزمەن مەن بىلەن توي قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە توي كۈنى مەن سېنى مەست قىلىۋېتىدـ
ـمەن، — دېدى ئەلىمۇ كۆرەڭلەپ.

ھەممەيلەن بىرھازاغىچە كۈلۈشتى. چېن دامو چايداننى ئەكېـ
لىپ، ما جيەنجۇڭنىڭ ئىستاكىنىدىكى سۇنى تولۇقلاپ قويدى. ئۇ كۆزىگە ياش ئېلىپ:

— ما جيەنجۇڭ، سەن ئاناڭنى! تازىمۇ بىغەرەز ئىكەنسەن. ئەگەر بومبا پارتلاپ، سەن ئەرشكە چىقىپ كەتسەڭ، مەن خوتۇـ
نۇڭغا قانداق جاۋاب بېرىمەن؟ ئۇ چاغدا خوتۇنۇڭ بىلەن كىممۇ سوقۇشاتتى، — دېدى.

ما جيەنجۇڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ جىلە بولدى:

— خوتۇنۇمنىڭ گېپىنى قىلماڭلار، ئەگەر مەن ئۆلسەم، ئۇ تازا خۇش بولىدۇ، ئۇ يەنە بىرسىنى تاپقىلى ئاران تۇرۇۋاتىدۇ.

— سەن كاساپەتنىڭ نېمانداق گېپىڭ سوغۇق؟ بولدىلا،

ساڭا گەپ قىلمىدىم، — دېدى چېن دامو.

— گەپ قىلماڭ، مېنىڭمۇ گەپ قىلغۇم يوق، — دەپ ما جيەنجوڭ ئۈستەل چىرىغىنى ياندۇرۇپ، بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي، بومبىدىكى پلاستىردىن ئالغان بارماق ئىزىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى.

ئېھتىمال، بۇ كېچىنىڭ تىنچسىز ئۆتۈشى ئۇلارنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن بولسا كېرەك، كۆپچىلىك يېرىم كېچىگىچە ئالدىراش ئىشلەپ، ئەمدىلا ئىشخانىدىن چىقىپ، ئارام ئالماقچى بولۇشىغا يەنە تېلېفون جىرىڭلىدى. ئەلى قەستەن چاقچاق قىلىپ:

— جەزمەن ما جيەنجوڭنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىمەن دەپ تېلېفون ئۇردى، — دېدى.

چېن دامو بېشىنى چايقاپ:

— مېنىڭچە يەنە بىر ۋەقە چىقتى، — دېدى.

دەرۋەقە، ۋاڭ لۇ تېلېفوننى ئالغاندىن كېيىن، ئاغزىنىڭ شەكلى «0» گە ئۆزگەردى. ئۇ تېلېفوننى قويۇۋېتىپ:

— چاتاق بولدى، بىزنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىمىز مەمەتىمىننىڭ ئۆيىدىكى دېرىزىدىن بىر پارتلاتقۇچ تېپىلىپتۇ، يامان يېرى، ئۇنىڭ خوتۇن، بالا - چاقىسى ئۆيدە ئۇخلاۋېتىپتۇ! — دېدى.

كۆپچىلىك بۇ گەپنى ئاڭلاپلا، دەرھال پارتلاتقۇچ تازىلاش كىيىملىرىنى كىيىشىپ، سايمانلىرىنى ئېلىپ، ماشىنىنى ھەيدەپ، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى مەمەتىمىننىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى...

## 5

ما جيەنجوڭ تىت - تىت بولۇپ، بېغىشىدىكى سائەتكە قارىدى. ئۇ كۆڭلىدە يېتىپ بارىدىغان ۋاقىت بىلەن پارتلاش ئېھتىمالى بولغان ۋاقىتنى ھېسابلاۋاتاتتى. ئەلى مۇرىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ:

— ھەرگىز گۇم، گۇم، گۇم قىلىپ پارتلىمىسۇن، تېزدىن پىس، پىس، پىس قىلىپ ئۆچۈپ قالسۇن! — دېدى.

ساقچى ماشىنىسى نەق مەيدانغا كېلىپ، تېخى توختىماستىنلا، ما جيەنجۇڭ سەكرەپ ماشىنىدىن چۈشتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چېن دامو، ۋاڭ لۇ، يالقۇنلارمۇ سەكرەپ چۈشتى. ئەلى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماشىنىنىڭ چىرىغىنى يورۇتتى، توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇ ما جيەنجۇڭ ئۈچۈن يولنى يورۇتۇپ بېرىۋاتاتتى.

مەمتىمىننىڭ ئۆيدىكىلەر يەنىلا ئۆيدە ئۇخلاۋاتاتتى، پارتلاتقۇچ بومبىنى مەمتىمىن ئۆزى بايقىغانىدى. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن، جۇڭ چېڭنىڭ ماشىنىسى پارتلىغاندىن كېيىن، جۇڭ چېڭ شۇئان دۈشمەننىڭ يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش پىلانىنىڭ باشلانغانلىقىنى سەزگەنىدى. ئۇ يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش تىزىملىكىدىكى 24 ئادەمنى ئويلاپ، مەمتىمىنگە هوشيارلىقىنى ئۆستۈرۈش، ئىچكى جەھەتتە جىددىي، سىرتقى كۆرۈنۈشتە هېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرۈشنى ئۇقتۇرغانىدى.

جۇڭ چېڭنىڭ ماشىنىسى پارتلىغاندىن كېيىن، مەمتىمىن نەق مەيداندا سىجىل ئالدىراش ئىشلىگەنلىكتىن، ئائىلىسىدىكى ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. كەچتە چارلاش ماشىنىسىدىكى پارتلاتقۇچ بومبا بايقالغاندىن كېيىن، مەمتىمىن ئاندىن ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ، ئۆيدىكىلەرگە بۇ بىرقانچە كۈن ئىچىدە بەكمۇ دىققەت قىلىش كېرەكلىكىنى تاپىلاپ قويۇش زۆرۈرلۈكىنى هېس قىلدى. ئۇ هويلىغا كىرىپ، ئويلىمىغان يەردىن دېرىزە تەكچىسىدە تۇرغان ياغاچ ساندۇقنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ياغاچ ساندۇققا قۇلىقىنى يېقىۋىدى، ئۇنىڭ ئىچىدىن خۇددى ئۆزىنىڭ ئۆيىدىكى كىر ئالغۇنىڭ تايمېرىدىن چىققان ئاۋازغا ئوخشاش بوش گىژىلدىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. مەمتىمىننىڭ چىرايى شۇ هامان ئۆزگەردى، ئۇ بۇنىڭ جەزمەن قەرەللىك مۇددەتتە پارتلايدىغان بومبا ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. شۇڭا، ئۇ دەرهال تېررورلۇققا قارشى 1 ـ ئەترەتكە تېلېفون ئۇرغانىدى.

مەمتىمىننىڭ پىكرى هازىرچە خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىنى چۆچۈتۈۋەتمەسلىك ئىدى. جىددىي ئەھۋال مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالغان ساقچىلار زور تۈركۈملەپ يېتىپ كەلدى. پارتلاتقۇچ تازىلاش كىيىمىنى كىيىۋالغان ما جيەنجۇڭ قولىنى شىلتىپ:

— ھەممىڭلار ئارقاڭلارغا يېنىڭلار، يېنىڭلار، خە-تەرلىك! — دېدى.

ئۇنىڭ ۋارقىرىشى بىلەن، كۆپچىلىك ئەھۋالنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى سەزدى، ئەمما ئارقىغا يېنىشنى خالىمىدى، چۈنكى ما جيەنجۇڭ تېخى قەدىمىنى توختاتمىغانىدى. ما جيەنجۇڭ ئارقى-سىغا قايرىلىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، كۆپچىلىككە يەنە ۋارقى-رىدى:

— ھەممىڭلار ماڭا ئەگىشىپ نېمە قىلىسىلەر؟ ئۆلگۈڭلار كەلدىمۇ؟

ما جيەنجۇڭ تېزلىكتە دېرىزە تەكچىسىدىكى ياغاچ ساندۇققا يېقىنلاشتى، ئارقىدىن قولىقىنى ساندۇقنىڭ ئۈستىگە يېقىپ، نەپىسىنى توختىتىپ تىڭشىدى. يېقىن يەردىكى بىر مەيخانىنىڭ شامالدۇرغۇچى گۈركىرەۋاتقانلىقتىن، ساندۇق ئىچىدىكى ئاۋاز ئىنتايىن بوش ئىدى. ئەمما، ما جيەنجۇڭ يەنىلا گىژىلدىغان ئاۋاز-نى پەرق ئېتەلىدى. ئۇ ساندۇق ئىچىدە چۈۋۈشقا قارشى ئىقتىدار-لىق قۇرۇلما بارلىقىغا قارىماي، ئەگىشىپ كەلگەن ۋاڭ لۇغا:

— سايماننى ماڭا بەر! — دەپ ۋارقىرىدى.

ۋاڭ لۇ دەرھال پىچاقنى ئۇزاتتى. ما جيەنجۇڭ خەۋپ - خەتەرگە قارىماي، ساندۇقنى ئاچتى. ساندۇق ئىچىدىكى تايمېرنىڭ يىڭنىسى نۆلگە بىر مىللىمېتىرلا قالغانىدى.

— ما جيەنجۇڭ، قايتىپ كەل! قايتىپ كەل! ...

جوڭ چېڭنىڭ ساقچى ماشىنىسىمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ ما جيەنجۇڭنىڭ ئېڭىشىپ ھېلىقى 20 كىلوگىرامچە كېلىدىغان ياغاچ ساندۇق بىلەن ھەپىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، جىددىيلەشكەن-لىكتىن ۋارقىرىغانىدى. ئەمما، ما جيەنجۇڭ گويا ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك ئىنتايىن تەمكىن ئىدى. ئۇ چوڭقۇر بىر تىنىۋې-لىپ، كۆرسەتكۈچنى كەينىگە بۇرىۋەتتى.

مۆجىزە ئەنە شۇنداق يۈز بەردى. ھېلىقى بىرنېمە گىژىلداش-تىن توختىۋىدى، ھەممە ياقنى جىمجىتلىق باستى.

مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى مەتمىننىڭ خوتۇن - باللىرى يەنىلا تېپتىنچ ئۇخلاۋاتاتتى. بۇ بىر كېچىنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن،

بىر ساقچىنىڭ ھاياتىنى تەقدىم قىلىشقا تاس قالغانلىقى ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى.

ۋاڭ لۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇشتۇمتۇت ئىسسىق ياش ئېتىلىپ چىقتى. بۇ، قەدىردان سەپدىشىنىڭ باتۇرلۇقى، پىداكارلىقى ئۇ. چۇن تۆكۈلگەن ياش ئىدى! چېن دامو بىلەن يالقۇن كېلىپ، ما جيەنجۈڭنى قىزغىن قۇچاقلىدى. ئەلى ئېتىلىپ كېلىپ، چېن دامونى تارتتى، تۆت سەپداش قۇچاقلىشىپ، ھەممىيلەن يىغلاشتى.

جۇڭ چېڭ بىلەن مەمتىمىن چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ئۇلارغا قاراپ، كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى. تۆتەيلەن يىغلاپ بولغاندىن كېيىن، يەنە ھەممىسى قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. جۇڭ چېڭ ئۇلارنىڭ كەينىدە تۇرۇپ:

— جيەنجۈڭ، سەن دېگەن بىر تەلۋە ئىكەنسەن، گەرچە ناھايىتى باتۇر بولساڭمۇ، لېكىن مەن بۇ ئۇسۇلنى تەشەببۇس قىلمايمەن. كىچىككىنە بىر قەرەللىك بومبىنى تازىلاش ئۈچۈن جان بېرىشكە ئەرزىمدۇ؟ مەمتىمىننىڭ ئۆيى پارتلاپ كەتسە، يەنە بىرنى ئالغىلى بولىدۇ؛ سەن ما جيەنجۈڭ ئۆلۈپ كەتسەڭ، ئاتا - ئاناڭنىڭ ئوغلى يوقىلىدۇ، خوتۇنۇڭ ئېرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، بالاڭ يېتىم قالىدۇ، بىزمۇ سەپدىشىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز، شۇڭلاشقا مەن ئادەمنىڭ ھاياتى ھەممىدىن مۇھىم دەپ قارايمەن. پارتلاتقۇچ بومبىنى تازىلاش ئىشىنى بىز پۈتۈنلەي باشقا ئۇسۇل - چارىلەر بىلەنمۇ بىر تەرەپ قىلالايمىز. مەسىلەن، بىزدە پارتلاتقۇچ بومبا تازىلاش كومىزكى بارلىقى ئېنىق تۇرسا، نېمىشقا ئۇنى ئىشلەتمەيمىز؟ بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق قاراملىق قىلىشقا بولمايدۇ! — دەپ چېچىلىپ كەتتى.

— بىراق ۋاقىت ئۇلگۇرمەيدۇ - دە! — دەپ رەددىيە بەردى ما جيەنجۈڭ.

گەرچە جۇڭ چېڭ ما جيەنجۈڭغا خاپا بولغاندەك تەلەپپۇزدا گەپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما كۆپچىلىك جۇڭ چېڭنىڭ ما جيەن. جۈڭغا ئىچ ئاغرىتىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى.

پارتلاش ۋەقەسى ئارقىمۇ ئارقا يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن، جۇڭ چېڭ كېچىلەپ دېلو ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش يىغىنى ئېچىشنى

ئۇقتۇردى.

نازىر نەن جىنجۇڭ بىلەن مۇتەخەسسىسلەرمۇ دوكلاتنى ئاڭلاش ئۈچۈن يىتىپ كېلىشتى. بۇ چاغدا، بومبا تازىلاش كىيىمىنى سېلىۋەتكەن ما جيەنجۇڭ ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۇسسۇپ كىرىپ كەلدى. ئۇ ناھايىتى ئەستايىدىل دوكلات قىلدى.

— باشلىق، مەن تۈنۈگۈن كەچتە پارتلاتقۇچ بومبىدىن ئالغان ھىلىقى ئىككى بارماق ئىزىنى بىر ئادەمنىڭ دەپ قارايمەن. يەنە شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ ئادەمنىڭ سول قولى سەل مېيىپ، بۇنىڭدا ھەرگىز چاتاق يوق.

ئاپتونوم رايونلۇق ج خ ئىدارىسىنىڭ پارتلىتىش مۇتەخەسسىسى فېڭ شىلياڭ ما جيەنجۇڭنى كۆرۈپ قوشۇمىسىنى تۈردى. بۇنى سەزگەن جۇڭ چېڭ ئەتەي ئۈنلۈك قىلىپ:

— ھەي، جيەنجۇڭ، سەن خىزمىتىڭدىن ئىستېپا بېرىپ، ئىشلىمەيمەن دېگەنتىڭغۇ؟ بىز ياكى سېنى نەق مەيدانغا بارغىن دەپ ئۇقتۇرۇش قىلمىساق، نېمىدەپ كەلدىڭ؟ — دېدى.

ما جيەنجۇڭنىڭ بوينىدىكى مۇسكۇللىرى پارتلاپ كەتكۇدەك تارتىشتى، ئۇ يوللۇق ۋە قەتئىي يوسۇندا مەيدىسىگە ئۇرۇپ:

— مەن بىر كومپارتىيە ئەزاسى، شۇنداقلا بىر رازۋېدكىچى، دېلو سادىر بولىدىكەن، سىزنىڭ ئۇقتۇرۇشىڭىز ھاجەتسىز، ئۆزۈم بېرىۋېرىمەن. بۇ دېگەن مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم ھەم مەجبۇرىيىتىم، — دېدى - دە، «جاق!» قىلدە ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كەتتى.

جۇڭ چېڭ ئۇنىڭ كەينىدىن كۈلۈپ:

— بۇ كاساپەتنىڭ خېلى ئەستايىدىللىقى بار ئىكەن جۇمۇ، — دېدى.

— ئەمەلىيەتتە، مەن بۇ يىگىتنىڭ ئاشۇ جاھىللىقىنى ياقتۇرۇپ قالدىم، — دېدى مۇتەخەسسىس فېڭ شىلياڭ.

تەھلىل يىغىنى تاڭ ئاتقۇچە داۋام قىلدى. ئاخىردا مۇنداق خۇلاسە چىقىرىلدى: بۇ ئىككى قېتىملىق پارتلاش ۋەقەسىدىكى پارتلاتقۇچ قۇرۇلما سائەتنىڭ ۋاقىت بەلگىلەش قۇرۇلمىسى بولۇپ، پارتلاتقۇچ دورىنىڭ مىقدارى 2300 گرام ئەتراپىدا بار،

سائەتنىڭ ھەممىسى «ئاق كەپتەر» ماركىلىق سائەتنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. يىغىندا مۇنۇلار قارار قىلىندى: بىرىنچى، تەكشۈرۈشنى سائەتنىڭ نەدىن سېتىۋېلىنغانلىقى، كىملەر سېتىۋالغانلىقىدىن باشلاش، پاكىتلىق نەرسە ئارقىلىق ئادەمنى تېپىش؛ ئىككىنچى، نەق مەيداندا قولغا كەلتۈرۈلگەن بارماق ۋە ئاياغ ئىزىغا ئاساسەن، رازۋېدكىچىلار ئىگىلىگەن نۇقتىلىق ئادەملەرنى سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش. مەتىمىن نەق مەيداندىلا 30 نەچچە گۇماندارنى ئېيتىپ بەردى، رازۋېدكىچىلار ئۇلارنى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈشكە تەييارلىق كۆردى.

يىغىن تارقىغاندىن كېيىن، نازىر نەن جېنجۇڭ قايغۇرغان ھالدا:

— بۇ دۈشمەننىڭ غالجىرلاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماستىن، يەنى بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ بىر مەيدان كەسكىن ھايات - ماماتلىق كۈرەش ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، — دېدى.

— ئۇلار شامالغا قارشى ئىش كۆرۈپ، قەلەم بىلەن قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، ئەلەم بىلەن پاراكەندىچىلىك سېلىپ، ئاساسىي ھۇجۇمنى جەنۇبىي شىنجاڭغا قارىتىپ، پۈتۈن شىنجاڭنى پاراكەندە قىلماقچى، — دېدى جۇڭ چېڭ تەھلىل قىلىپ.

— توغرا! جۇڭ چېڭ، شۇڭا، بىز سەگەك بولۇشىمىز كېرەك. قوشۇنىمىزنى ئوبدان تەربىيىلەپ، ئۇلاردا ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇشىمىز لازىم. دۈشمەننىڭ بىر - ئىككى قېتىم ئۇرۇشۇش بىلەنلا جەڭنى ئاخىرلاشتۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس، بىزدە ئۇزاق مۇددەت جەڭ قىلىدىغان تەييارلىق بولۇشى كېرەك.

— نازىر، قانچە ئۇزۇن جەڭ قىلىش توغرىسىدا سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدە سان بارمۇ؟ ماڭا بۇ جەڭ خۇددى ئاخىرلاشمايدىغاندەكلا قىلىدۇ؟ — دېدى جۇڭ چېڭ.

— مېنىڭ قارىشىممۇ سىزنىڭكى بىلەن ئوخشاش. دۈشمەن كۈرەشنى قاچان توختىتىدۇ؟ مېنىڭچە، شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ جەڭ مەيدانىدىكى كۈرەش مەڭگۈ توختىماي داۋاملىشىدۇ. بىزنىڭ

دۆلەت كۈچىمىز قۇدرەت تاپقان چاغدا، كۈرەشنىڭ قېتىم سانى نىسپىي ھالدا ئازىيىشى مۇمكىن، ئەمما كۈرەشنىڭ پۈتۈنلەي توختاش مۇمكىنچىلىكى چوڭ ئەمەس، — دېدى نازىر نەن جېنجۇڭ.

ئىككىيلەن سۆزلىشىۋاتقاندا، جۇڭ چېڭنىڭ يانفونى سايراپ كەتتى، تېلېفوننى ئۇنىڭ ئاغىنىسى قۇربان شۇجى ئۇرغانىدى. تېلېفوندا قۇربان شۇجى ناھايىتى جىددىي تەرزدە:

— يوقاپ كەتكەن ھېلىقى 20 نەچچە ياشنىڭ ئىز - دېرىكى تېپىلدى. باياتىن مەن ساقچىخانا باشلىقى ئەركىن بىلەن مەسلىھەتلەشتىم، دەرھال ئادەم ئىزلەش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئۇلارنى تېپىپ قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولدۇق. تېلېفون ئۇرۇشتىن مەقسەت، سىزگە مۇشۇ ئىشنى دوكلات قىلماقچىدىم، — دېدى.

جۇڭ چېڭ تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتقاندا، نەن جېنجۇڭ ئاڭلاپ تۇرغانىدى:

— مۇشۇنداق ئىشمۇ بارمىكەن؟ بۇنىڭ ئىچىدە مەسىلە باردەك قىلىدىغۇ! — دېدى ئۇ.

— مەن ھازىرلا ياڭ چىڭشەنگە تېلېفون بېرىمەن، ئۇ بىرقانچە ئادەمنى ئەۋەتىپ، كۆرۈپ باقسۇن، — دېدى جۇڭ چېڭ.

نەن جېنجۇڭ ئۇنى توسۇپ:

— ياق، مېنىڭچە بۇ ئىشقا سىلەر مۇشۇ يەردىن ئادەم ئەۋەتكىنىڭلار تۈزۈك، ئەگىتىپ يۈرمەڭ، مېنىڭ غەرىزىمنى چۈشىنىۋاتامسىز؟ بۇ ئىشقا ئۆزۈم بىۋاستە كۆز - قۇلاق بولاي دەيمىنا، — دېدى.

جۇڭ چېڭ چېن داموغا تېلېفون بېرىپ:

— ئىگەرچى يېزىغا كىمنى ئەۋەتسەك مۇۋاپىق بولار؟ — دەپ سورىدى.

— ما جيەنجۇڭ بىلەن يالقۇن پارتلاش دېلوسىنى ئىشلەۋاتىدۇ، ئۇلار بارالمايدۇ، بولمىسا، يەنە ئەلى بىلەن ۋاڭ لۇ بارسۇن، — دېدى چېن دامو.

## 6

ماشىنىغا چىقىشىنىڭ ئالدىدا، ۋاڭ لۇ ما تيەنمۇنىڭ يانفونىغا تېلېفون ئالدى، ئۇ گەپ قىلىپ بولغۇچە، ما تيەنمۇ:

— سىز ما؟ — دەپ سورىدى.

روشەنكى، ما تيەنمۇ ئۇنىڭ يانفون نومۇرىنى ئۆزىنىڭ يانفونىغا كىرگۈزۈپ ساقلاپ قويغانىدى، ۋاڭ لۇ تېلېفون ئۇرسىلا، ما تيەنمۇنىڭ يانفونىنىڭ ئېكرانىدا ۋاڭ لۇنىڭ ئىسمى پەيدا بولاتتى. ۋاڭ لۇ ئۇنىڭغا:

— مېنىڭ يانفون نومۇرۇمنى ساقلىما! — دەپ جېكىلىدى.

لېكىن ما تيەنمۇ ئۇنىڭ گېپىگە كۆنمەي:

— سىزنىڭ ماڭا بۇيرۇق چۈشۈرىدىغان ھەققىڭىز يوق، — دېدى ئۇ.

— ئەگەر خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن مۇشۇنداق تەلەپ قويسامچۇ؟ — دېدى ۋاڭ لۇ ئەستايىدىللىق بىلەن.

ما تيەنمۇ پىسسىڭىدە كۈلۈۋېتىپ:

— ماۋۇ باھانىڭىز ھەرھالدا بولغۇدەك، — دېدى.

— مەن ھازىرلا يېزىغا ماڭىدىغان بولۇپ قالدىم، — دېدى ۋاڭ لۇ ئۇنىڭغا.

ما تيەنمۇ بىرپەس تۇرۇپ كېتىپ، چۈشەنگەن ھالدا:

— مەن سىزدىن نەگە بارىدىغانلىقىڭىزنى سورىمايمەن. بىزنىڭ ئارىمىزنى مەڭگۈ سىزنىڭ خىزمىتىڭىز ئايرىپ تۇرىدۇ، شۇنداقمۇ؟ — دېدى.

— سېنىڭ خىزمىتىڭمۇ شۇنداق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر يەنە بىر قەۋەت قوشۇلدى.

— ھەرھالدا ۋىجدانىڭىز بار ئىكەن، ماڭا بېشارەت بېرىشنى بىلدىڭىز.

— سەن مېنىڭ كاماندىرووپكىغا چىققىنىمدىن پايدىلىنىپ، غىپپىدە تىكىۋەتمەيدىغانسەن؟

— سىز مېنىڭ بۇ يەردە قانچە ئۇزۇن تۇرۇشۇمنى خالايسىز؟

— مەن مەڭگۈگە دەيمەن. ئەگەر دېگىنىم ھېساب بولسا!
ما تيەنمۇ تۇيۇقسىز گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى:
— ماڭا ماتورنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتىدۇ، سىز ھازىرلا ماشىنىغا چىقامسىز؟
— سەن تېخى ماڭا جاۋاب بەرمىدىڭ؟ — ۋاڭ لۇ ئىز بېسىپ سورىدى.
ما تيەنمۇ قەستەن ئاۋازنى كۆتۈرگەندەك قىلىپ:
— مەن زىيارەت قىلىۋاتقان ئىبراھىم ھاجىچۇ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات ئىكەن. ئۇ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلغانىكەن. مەن جەزمەن ئۇنى ئوبدان زىيارەت قىلىپ، خەۋەر قىلىمەن، سىز گېزىتتىكى خەۋىرىمنى كۆرۈڭ! — دېدى.
ۋاڭ لۇ قارشى تەرەپنىڭ قېشىغا بىرسى كەلگەنلىكىنى، شۇڭا، گەپ قىلىش بىئەپ ئىكەنلىكىنى سەزدى، شۇڭا ئۇ:
— سەن پېشىپ يېتىلىپسەن، لايىقىدا ساختىپەزلىكنىمۇ ئۆگىنىپسەن، — دېدى.
ۋاڭ لۇنىڭ يانفوننى ئېتىۋېتىشىنى كۈتمەيلا، ما تيەنمۇ ئالدىراپ - تېنەپ يانفوننى ئېتىۋەتتى.
ۋاڭ لۇ ئەرۋاھى ئۇچقان ھالدا ماشىنىغا چىقتى. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جەزمەن ما تيەنمۇنى تېپىپ، ۋاقىت چىقىرىپ ئوبدان بىر پاراڭلاشسام بولغۇدەك دەپ ئويلىدى. ئىككىيلەننىڭ شىنياڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا مۇھەببەت باغلىغان چاغلىرى يادىغا كېلىش بىلەن، ۋاڭ لۇنىڭ خىيالى ئۆتمۇشكە كەتتى. ئۇنىڭ ما تيەنمۇ بىلەن قانغۇدەك بىر مۇڭداشقۇسى كەلگەنىدى.
ئۇ ھەقىقەتەن بىر بەختلىك ئىش ھېسابلىناتتى: ۋەھالەنكى، بۇ يەنە مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتەك تۇيۇلاتتى. نېمە ئۈچۈندۇر، ئايرىلغىلى ئەمدىلا بىر يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ما تيەنمۇ خېلىلا ياتلىشىپ كەتكەندەك بىلىندى. ھەر ئىككىيلەن تېخىمۇ ئاقىلانە، ئېھتىياتچان بولۇپ كەتكەندەك تۇراتتى، گەپ قىلغان چاغدىكى تەلەپپۇز ناھايىتى سالاپەتلىك ھەم ئاز - تولا كىنايە ئارىلاش بولۇپ، ھەقىقەتەن كىشىنى ئەنسىزلىككە سالاتتى. ئەجەبا ئىككىيلەن ئوچۇق - ئاشكارا ئايرىلغانلىقى ئۈچۈنلا، بۇرۇن-

قى ھالەتكە قايتىش مۇمكىن ئەمەسمۇ؟ تاكى ھازىرغا قەدەر ۋالڭ لۇ كۆڭلىدە ما تيەنمۇنى سۆيگىنىم دەپ بىلەتتى، ئەمما ئۇنىڭ قانداق ئويلايدىغانلىقى نامەلۇم ئىدى. ئىككىيلەن قاچانلاردىن تارتىپ مۇڭدىشالمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغان بولغىيتتى؟

# ئون بەشىنچى باب

## 1

ئەلى بىلەن ۋاڭ لۇ پۇقراچە كىيىنىپ، ئىگەرچى يېزىلىق ساقچىخانىغا كەلدى. ئالدىنقى كۈنلەردە، ئۇلار بۇ يەردە جەڭ قىلغانىدى، مانا ئەمدى يەنە قايتىپ كەلدى. ۋاڭ لۇ ساقچىخانا باشلىقى ئەركىن بىلەن كۆرۈشۈپلا:

— قانداق، ياسىن بىلەن مەمەتتىن خەۋەر بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئەركىن ناھايىتى ئەپسۇسلانغان ھالدا:

— خۇددى ھاۋاغا ئۇخشاش، يا كۆرگىلى، يا تۇتقىلى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ نەگە يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمىدى، مېنىڭچە ئۇلار جەزمەن بىزنىڭ تۇرغۇننى تۇتۇۋالغانلىقىمىزنى بىلىپ قالدى، — دېدى.

— تۇرغۇندىن بىرەر ھەرىكەت بارمۇ؟

— ياۋاشلىق بىلەن ئۆيىدە ئولتۇرىدۇ، مەن ئۇنىڭغا نەگە بارساڭ، كىم بىلەن كۆرۈشسەڭ، ھەممىنى ماڭا دوكلات قىلىسەن، دەپ ئېنىق تاپىلىغان، — دېدى ئەركىن چۈشەندۈرۈپ.

— ئادەم ئىزدەش ئەھۋالىنى دەپ باقە، — دېدى ئەلى ئالدىراپ.

ئەركىن ئەھۋالنى تونۇشتۇردى:

— بىز ئەھۋالنى ئېنىقلىدۇق. ھېلىقى 20 نەچچە نەپەر ياش ئەركىن ئىسىملىك بىر ئاخۇنغا ئەگىشىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ پادىچى قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، قومۇلۇقنىڭ ئىچكىرىسىدە ئۇلارغا ۋەز ئېيىتىۋاتقانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، لەيلى ئانا - بالىنى قۇتقۇزغان چاغدا، بىتچىت قىلىنغان ھېلىقى تېررورلۇق بازىسى ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ قانداق، بۇنىسى نامەلۇم. بىز

بىر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللىدۇق. ئالدى بىلەن ئۇلارنى تېپىش ھەممىدىن مۇھىم.

— ئەركىن دېگەن كىم؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ لۇ.

— ئۇ بىر ئاخۇنۇم، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ۋائىزلىقتا ناھايىتى ئۇستىمىش. يېزىدىكى نۇرغۇن مۇخلىسلار ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلىغانىكەن. ئەمما مەن ئۇنى كۆرۈپ باقمىدىم، — دېدى ئەركىن.

قۇربان شۇجى ۋاڭ لۇ بىلەن ئەلىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئالدىراپ - تېنەپ ساقچىخانىغا يېتىپ كەلدى - دە:

— يول باشلىغۇچىنى تېپىپ قويدۇق، سىلەر كەلسەڭلار، بىللە ئادەم ئىزدەشكە بارىمىز دەپ ساقلاپ تۇرغانتۇق، — دېدى.

قۇربان شۇجى بىلەن ئەركىن ئىش تەقسىم قىلىشتى، ئەركىن يېزىدا قېلىپ، ساقچىخانىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىدىغان بولدى. ئەلى، ۋاڭ لۇ، قۇربان شۇجى، ئىككى يول باشلىغۇچى بىلەن ئىككى يېزا قوراللىق بۆلۈم كادىرى قوملۇققا قوراللىق كىرىپ، ئادەم ئىزدىمەكچى بولدى.

قوملۇققا كىرىشتىن ئىلگىرى، جۇڭ چېڭ ۋاڭ لۇ بىلەن تېلېفوندا ئالاقىلىشىپ ۋاڭ لۇغا:

— يانفوننى ئوبدان ساقلا، بىرەر سىگنال بولسىلا، ماڭا تېلېفون قىل، — دەپ جېكىلىدى.

ۋاڭ لۇ ئەپسۇسلانغان ھالدا سۆزلەپ كەتتى:

— باشلىق، ئەگەر بىزدە سۇنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ئورۇن بەلگىلەش سىستېمىسى بولغان بولسا، بىز يېنىمىزغا كىچىككىنە سۇنئىي ھەمراھ تارقىتىش ئەسۋابىنى ئېسىۋالساقلا، سىز ھەرقاچان بىز تۇرغان مېرىدىئان بىلەن كەڭلىكنى بىلىۋالالايتتىڭىز. ئەپسۇسكى، بۇ سىستېما ھازىرچە پەقەت نازارەتتىلا بار.

جۇڭ چېڭ ئۇنىڭ سۆزىنى ئۈزۈۋېتىپ:

— مەن سېنىڭ مۇشۇنداق دەيدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم، بۇ ئىشقا مەن سەندىنمۇ بەكرەك ئالدىراۋاتىمەن، — دېدى.

— مەن پەقەت سىزگە ئەسكەرتىپ قويماقچىمەن، ئىلغار ئۈسكۈنىلەرنى بالدۇرراق سەپلىسەك، جەڭگە تېخىمۇ يۇقىرى ئۈنۈم

بىلەن قوماندانلىق قىلالايسىز، — دېدى ۋاڭ لۇ يەنىلا تەن بەر-مەي.

جۇڭ چېڭ تەسەللى بېرىپ:

— خاتىرجەم بول، ئىشەنچىڭ بولسىلا، مەقسىتىڭگە چوقۇم يېتىسەن، — دېدى.

— بىز ئۇزۇن تۇرۇپ قالساق بولمايدۇ، دەرھال قۇملۇققا كىرىشىمىز كېرەك، — دېدى ۋاڭ لۇ.

— خاتىرجەم بول، مەن كەلگۈسىنى ساقلاپ ئولتۇرىدىغان ئادەم ئەمەس، — جۇڭ چېڭ ۋاڭ لۇنى خاتىرجەم قىلىشقا تىرىش-تى.

ئادەم ئىزدەش گۇرۇپپىسىدىكى يەتتە ئادەم ئىككى تۆگىنى يېتىلەپ يولغا چىقتى. ۋاڭ لۇ تۆگىگە مىنىۋېلىپ، ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى، ئەمما بىرقانچە سائەت ماڭغاندىن كېيىن، ئۇ ماغدۇرسىزلىنىشقا باشلاپ، بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى. كو-ماندىرلارنى تەربىيىلەش بازىسىدىكى «قۇملۇقتا جان ساقلاش» مەشغۇلاتى گويا يەنە بىر تەكرارلانغاندەك بولدى. يول باشلىغۇچى نىياز ۋاڭ لۇغا چاقچاق قىلىپ:

— يىگىت، بۇ قۇملۇق دېگەن ئايال كىشىگە ئوخشايدۇ سەن ئۇنىڭغا ئىگە بولىمەن دەيدىكەنسەن، سەۋرچانلىق بىلەن ئۇنى بويسۇندۇرۇشۇڭ كېرەك، — دېدى.

مەكتەپتىكى ۋاقتىدا، ۋاڭ لۇ سان ساناقسىز قۇملۇق مەنزىرە سۈرەتلىرى ۋە كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى كۆرۈپ، نېمىدې-گەن چىرايلىق، پاھ! دەپ ھەيران قالغانىدى. بۇ قېتىم، راست-تىنلا ۋەزىپە بىلەن قۇملۇققا قەدەم باسقاندا، ئۇنداق گۈزەللىك تۇيغۇسى نەلەرگىدۇر غايىب بولۇپ، پۇتلىرى ئېغىرلىشىپ، چار-چاشقا باشلىدى. ۋاڭ لۇ بۇ ياشلار نېمىشقا باشقا يەر يوقتەك قۇملۇققا كېلىپ قۇرئان ئوقۇيدۇ؟ ھەقىقەتەن ھەيران قالارلىق - ھە! ئەجەبا، ئۇلار قۇملۇققا شۇنچە ئامراقمىدۇ؟ ئۇلار راستىنلا ئۆتكەن قېتىم بىتچىت قىلىۋېتىلگەن بازا بىلەن مۇناسىۋەتلىكمە-دۇ؟ دەپ ئويلىدى. ئۇ ئويلاپ - ئويلاپ، ئاخىر كۆڭلىدىكىنى ئېيتماقچى بولۇپ، قۇربان شۇجىدىن سورىدى:

— بۇ ئادەملەر نېمىشقا قۇملۇققا كېلىپ قۇرئان ئوقۇيدۇ؟

قۇربان شۇجى چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ:

— ئۇلارنى بەلكىم ئالۋاستى ئازدۇرۇپ كەتكەنمۇ، بىز بېرىپ قۇملۇقتىن ئۇلارنىڭ يوقىتىپ قويغان روھىنى تېپىپ كېلىمىز، — دېدى.

بىرىنچى كۈنىدىكى سەپەردە، كۆپچىلىك ئاساسەن ئەلى بىلەن يول باشلىغۇچى نىيازنىڭ ئاياللارنى قوغلىشىش توغرىسىدىكى كۈلكە - چاقچاقلىرىنى ئاڭلىدى. بۇ چاقچاقلارنىڭ سېرىق تەركىبى كۆپرەك بولۇپ، كۆپچىلىك ھەممىسىنى ياقتۇرۇپ ئاڭلايتتى. بۇ بىپايان قۇملۇقتا، كۆپچىلىكنى جاسارەت بىلەن سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن ئاشۇنداق ئادەمنى روھلاندۇرىدىغان كۈلكە - چاقچاقلار ھەقىقەتەن زۆرۈر ئىدى. شۇ كۈنى كېچىدە، كۆپچىلىك تۆگىگە يۆلىنىپ، بەدىنىنى ئىسسىتىپ، بىر كېچە ئارام ئالدى. يول باشلىغۇچى ۋاڭ لۇغا ھەرگىز قاتتىق ئۇخلاپ كەتمەسلىكنى، بولمىسا ئاسانلا كېسەل تېگىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىككىنچى كۈنى، كۆپچىلىك ۋاڭ لۇنى شەھەر ئاياللىرى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىشكە قىستىدى. ۋاڭ لۇ ئاياللار توغرىسىدىكى پاراڭنى مەنىسىز ھېس قىلىپ، كۆپچىلىككە كۈن بويى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى يېڭى ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. كۆپچىلىكمۇ قىزىقىپ ئاڭلىدى. ئىككىنچى كۈنى كېچىنى كۆپچىلىك يەنىلا تۆگىگە يۆلىنىپ ئىسسىنىش بىلەن ئۆتكۈزدى. بۇ كېچىدە، ئەلى ئاستاغىنە ۋاڭ لۇغا:

— مەن بىر ئاز چاتاق بارەك ھېس قىلىۋاتىمەن، — دېدى.

— قانداق چاتاق باركەن؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ لۇ.

— مەنمۇ بىلەلمىدىم، ئىشقىلىپ ياخشى ئەمەستەكلا تۇيۇلىۋاتىدۇ. مېنىڭ 6 - سەزگۈيۈم ناھايىتى دەل چىقىدۇ. ئېسىڭدە بولسۇن، ناۋادا خېيىمخەتەرگە يولۇقساق، جەزمەن ئالدى بىلەن جېنىڭنى قۇتقۇز، كىم ئاۋۋال قېچىپ كېتەلىسە، شۇ تەلەيلىك بولىدۇ، — دېدى ئەلى.

— ئەھۋال ئۇ دەرىجىدە ئېغىر بولماس؟ بىز ئۇلارنى تاپساقلا قايتىپ كېتىمىزغۇ؟ — دېدى ۋاڭ لۇ كۈلۈپ كېتىپ.

يول باشلىغۇچى نىيازنىڭ كۆڭلىدىمۇ نۇرغۇن ئىشلار بار ئىدى. بىراق، ئۇ باشقىلارغا ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى، چۈنكى شىرئەلى پىچاق تەڭلەپ ئۇنىڭغا پوپوزا قىلىپ، ئەگەر ئۇلارنىڭ بارغان يېرىنى ئېيتىپ قويسا، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى ھەممە ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. نىياز كىچىكىدىن تارتىپ بۇ قۇملۇقتا ھەر خىل - ھەر ياڭزا ئادەملەرگە يول باشلىغۇچى بولغانىدى. ئالدىنقى كۈنلەردە شىرئەلى باشلاپ كەلگەن ئادەملەرنىڭ ياخشى ئادەم ئەمەسلىكىنى، ئۇلارنىڭ بۇ يەردىن كەتكەندىن كېيىنمۇ ياخشى ئىش قىلمايدىغانلىقىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى. لېكىن، قۇربان شۇجى ئۇنى ئىزدەپ كەلگەن چاغدا، ئۇ يەنە بۇ مەخپىيەتلىكنى ئېيتىشقا پېتىنالمىدى. چۈنكى ئۇ بۇ يەردە ئۇزاق مۇددەت ياشىشى كېرەك، ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك كەسپى قۇملۇقتا يول باشلىغۇچى بولۇش ئىدى، بۇ ئۇنىڭ بوۋىسىدىن قالغان كەسىپ ئىدى. ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى، يول بويى قۇملۇققا كىرگەن ئادەملەرنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن قىزىق پاراڭلارنى قىلىش، ئۇلار ئۈچۈن ياخشىلىق ئىلتىجا قىلىش، ئۇلارنىڭ قۇملۇقتىن ئامان - ئېسەن چىقىپ كېتىشىنى تىلەشتىن ئىبارەت ئىدى. نىياز مەيلى ياخشى ئادەم ياكى ئەسكى ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قۇملۇققا كىرسىلا ھەممىسى ياردەمسىز قالىدۇ، ھەممىسى ئۇنىڭ ياردىمىگە موھتاج دەپ ئويلايتتى. ئىككى كۈنلۈك سەپەرداش بولۇش ئارقىلىق، ئۇ مەلۇماتلىق ھەم ھوشيار شەھەر بالىسى ۋاڭ لۇنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى. شۇڭلاشقا، ئەھۋالدىن قىلچە خەۋەرسىز بولغان ۋاڭ لۇنىڭ «ئەھۋال ئۇ دەرىجىدە ئېغىر بولماس.» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ، نىياز قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. ئۇ بۇ يەتتە ئادەمنىڭ شىرئەلىلەر بىلەن ئۇچراشقان ھامان، قانداقتۇر بىرەر ۋەقەنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ۋاڭ لۇغا بىرھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

— بالام، ناۋادا بىرەر ئىش يۈز بەرسە، شەرق تەرەپتە بىر دەريا بار، سەن شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭساڭ، جېنىڭنى قۇتقۇزۇپ قالالايسەن، — دېدى. بۇ ئادەملەر ئىچىدە بىردىنبىر قۇربان شۇجى نىيازنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى سەزدى. ئۇ

ھوشيارلىق بىلەن نىيازغا بىر قاراپ قويۇۋىدى، نىياز دەرھال يەرگە قارىۋالدى. ئۇنىڭ مەقسىتى، مەن ھېچنېمە دېمىدىم، دې-مەكچىدى.

بۇ يەتتە ئادەم ئۇچىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاران قۇم-لۇقنىڭ ئوتتۇرىغا يېتىپ كەلدى. نىيازنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن غەش بولغانىدى، ئۇ:

— مۇشۇ ئەتراپتا بولۇش كېرەك، ئالدىغا ماڭساڭلار، بىر پارچە قۇرۇپ كەتكەن توغراقلىق بار، ئۆتكەن قېتىم، ئۇلارنى مۇشۇ يەرگىچە باشلاپ كەلگەنىدىم، ئاندىن ئۇلار مېنى كەتكۈزۈ-ۋەتكەن، — دېدى.

## 2

ئۇلار يەنە ئالدىغا ئىككى سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن، ئەلىنىڭ كۆز ئالدىدا يىراقتىكى بىر پارچە قۇرۇپ كەتكەن توغراقلىق نامايان بولدى. كۆپچىلىك شۇئان ھاياجانلىنىپ كەتتى: قۇربان شۇجى نىيازدىن سورىدى:

— بۇ سەن دېگەن ھېلىقى توغراقلىق شۇمۇ؟

— دەل شۇ، — دېدى نىياز بېشىنى لىڭشىتىپ.

كۆپچىلىككە شۇ ھامان جان كىردى. ئۇلار قەدىمىنى تېزلە-تىپ، توغراقلىققا قاراپ ماڭدى.

— تېز بولۇڭلار، ئاۋۇ جاڭگالغا كىرگەندىن كېيىن، بىر يەرنى تېپىپ ئارام ئالايلى! — دەپ ۋارقىرىدى ئەلى. توغراقلىققا يېتەي دەپ قالغاندا، ئەلى يەنى يىراقتىكى قانداقتۇر بىر جاينى كۆرسىتىپ:

— قاراڭلار، توغراقلىقنىڭ كەينىدە بىر لاي تاملىق بار-كەن، — دەپ ۋارقىرىدى.

ۋاڭ لۇ بىر قارىۋىدى، راست دېگەندەك سىرتىدىن قارىسا زەمبىرەك سۇپىسىغا ئوخشايدىغان ھەم لاپاسقىمۇ ئوخشاپ كېتىدى-غان، ئەتراپى تىكەنلىك تۆمۈر سىم بىلەن قورشالغان بىر لاي تاملىقنىڭ توغرالىقنىڭ كەينىدە تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئەلى ئاغ-

زىنى بىرھازاغىچە چىكىلداتقاندىن كېيىن، گۇمان بىلەن:
— بۇنداق يەردە قانداقمۇ ئادەم ئولتۇرسۇن؟ — دەپ سورىدى.
قۇربان شۇجى قولىنى پېشانىسىگە ئەكېلىپ، بىرھازاغىچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۆز - ئۆزىگە:
— چاتاق بىلاردەك قىلىدۇ، يۈرۈڭلار، بېرىپ قاراپ باقايلى، — دېدى.
ئاخىر بىر ئۆي ئېنىق كۆرۈندى. ئۆيلا بولىدىكەن، ئادەم بولۇشى مۇمكىن. كۆپچىلىك ئاستا - ئاستا زەمبىرەك سۆپىسى شەكلىلىك قورۇ تەرەپكە سىلجىدى.
ئەلى ئەڭ ئالدىدا كېتىپ باراتتى، قۇربان شۇجى بىلەن يېزا قوراللىق بۆلۈمىنىڭ كادىرى ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى، ۋاڭ لۇ يېقىن بىر يەردىكى قۇم بارخانىنىڭ ئۈستىدە ئۇلارنى كۆزىتىۋاتاتتى. ئىككى يول باشلىغۇچى ئىككى تۆگىنى يېتىلەپ، توغراقلىقنىڭ ئىچىدە ساقلاپ تۇراتتى.
ئۆينىڭ ئۆگزىسىدە پوستتا تۇرۇۋاتقان مەمەت پەنجىرىدىن توغراقلىقتىن چىقىپ كېلىۋاتقان بىر تۆگە كارىۋىنىنى كۆرۈپ، دەرھال شىرئەلىگە دوكلات قىلدى:
— بىر كارۋان توغراقلىقتىن چىقىپ كەلدى. ئالتە ئەر، ئىككى تۆگە باركەن.
ئەركىن بىلەن شىرئەلى چېگرا ياقىسىدىكى بازىغا يۆتكىلىش ئىشىنى پىلانلاۋاتاتتى. ئۇشتۇمتۇت، بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئىككىيلەن شۇئان جىددىيلىشىپ كەتتى.
— كارۋان بولغانىكەن، قانداقلارچە ئىككىلا تۆگە بولىدۇ؟ ساقچىلار ئادەم ئەۋەتتىمۇ - قانداق؟ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاۋۋال ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ، تۆگىلىرىنى مۇسادىرە قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن بىر نەرسە دېيىشەيلى، — دېدى ئەركىن.
شىرئەلى دۇربۇننى ئېلىپ، كۆزىتىش كۆزنىكىدىن ئەتراپقا قارىدى. ئەلى ئۆي تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن قۇربانلار ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى. شىرئەلى دۇربۇننى يىغىشتۇرۇۋېتىپ:

— ئەگەرچى يېزىسىدىن كەلگەندەك قىلىدۇ، قانداق قىلىمىز؟ — دېدى سوغۇققىنا.
— بېرىپ قاراپ بېقىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى ئەركىن.
شىرئەلى ئاغزىنى ئۇششىلىۋىدى، ياسىن سىرتقا چىقىپ كەتتى، ئۇ ئەلىنى توسۇۋېلىپ، ئەلپازىنى بۇزۇپ:
— ھەي، نېمە قىلغىلى كېلىشتىڭ؟ بۇ ياققا يېقىن كەلگۈچى بولما! — دېدى.
ئەلى ئۇيىدىن چىققان سۈرۈن تەلەت بۇ ئادەمنى كۆرۈپ، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ياخشى ئادەم ئەمەسلىكىنى سېزىپ:
— ئاناڭنى! ئەجەب نوچىلىق قىلىسەنغۇ؟ — دەپ ئاغزىنى بۇزدى-دە، ئېتىلىپ بېرىپ ياسىننى يەرگە يىقىتىپ، بېلىدىكى كويزىنى ئالدى. ياسىن جان تالىشىپ:
— ئادەم بارمۇ؟ ساقچى كەلدى! — دەپ ۋارقىرىدى. توساتتىن كۆتۈلمىگەن بىر كۆرۈنۈش پەيدا بولدى، 20 نەچچە ئادەم خىلمۇخىل قوراللارنى كۆتۈرۈپ:
— ھۇررا! ئىسلام ئۈچۈن جەڭ قىلايلى! — دەپ ۋارقىراپ، يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى.
ھەممە ئىش تۇيۇقسىز يۈز بەردى، ئىككى تەرەپنىڭ ئارىلىقى بەش مېتىرغىمۇ يەتمەيتتى. يېزا قوراللىق بۆلۈمىنىڭ بىر كادىرى ئوق چىقىرىۋىدى، 56 تىپلىق يېرىم ئاپتوماتىك مىلتىق مىشەك قىسىۋالدى. ئۇ نائىلاج مىلتىقنىڭ پايىنىكىنى كۆتۈرۈپ، كىشىلەر توپى بىلەن ئېلىشىپ كەتتى. ياسىن 56 تىپلىق يېرىم ئاپتوماتىك مىلتىقنى تارتىۋېلىپ، ئەلىنىڭ بېشىغا پايىنەك بىلەن بىرنى قويۇۋىدى، ئەلى شۇئان ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. بىر توپ ئادەم قۇربان شۇجى بىلەن يەنە بىر يېزا كادىرىنىمۇ ئۇرۇپ يىقىتىپ قويدى.
بارخان ئۈستىدە كۆزەتتە تۇرۇۋاتقان ۋاڭ لۇ كۆپ ئويلاشقا ئۈلگۈرمەيلا، دەرھال ئېتىلىپ بېرىپ، قۇربان شۇجىنى قۇتقۇزماقچى بولدى. ئۇ ياسىننى بىر مۇشت قويۇپ يىقىتىۋېتىپ، ئېگىشىپ قۇربان شۇجىنى يۆلەۋاتقاندا، ئارقىسىدىن مەمەت كېلىپ،

ئۆنىڭ ياقىسىنى كەينىدىن تارتىپ، يۈزىگە قاتتىق بىر مۇشت سالدى، ۋاڭ لۇمۇ ئۆزىنى قوغداشقا ئۈلگۈرەلمەي، يەرگە يىقىلدى.

ئىككى تۆگىنى يېقىپ تۇرغان يول باشلىغۇچى نىياز بىلەن ئەمىر تەبىئىي هالدا تۆگىلەرنى تاشلاپ، ئالاقزادىلىك ئىچىدە كەلگەن تەرەپكە قاراپ قاچتى. نىيازنىڭ ئويلىغىنى توغرا چىقتى، بۇ بىر توپ ئادەم دەرۋەقە ئەسكى ئادەملەر ئىدى.

مەمەت ۋاڭ لۇنىڭ ئۈستىگە مىنىۋالدى. قالغان يەتتە - سەككىز ئەبلەخ يوپۇرۇلۇپ كەلدى. مەمەت ۋاڭ لۇنىڭ قولتۇقىغا بىر مۇشت ئۇرۇۋىدى، تاپانچىغا تەگدى. قالغانلار تېخىرقاپ تۇرۇپ قېلىپ، دەرهال هوشىنى تاپتى - دە، ۋاڭ لۇنىڭ تاپانچىسىنى سۇغۇرۇۋالماقچى بولدى.

ۋاڭ لۇ كۈچىنىڭ بارىچە قارشى تەرەپنىڭ سىنچىلاق بارمىقىنى قايرىپ، تاپانچىسىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشتى، بىراق هەرقانچە كۈچەپمۇ قايرىيالمىدى، خەتەرلىك ئەھۋال ئاستىدا، ئۇ قارشى تەرەپنىڭ باش بارمىقىنى قايرىۋەتتى. مەمەت ئاغرىققا چىدىماي ئىڭراپ، قولىنى تارتىۋالدى - دە:

— بۇ ئادەمدە قورال بار ئىكەن! — دەپ ۋارقىرىدى.

ۋاڭ لۇ كۈچەپ بىرلا ئىرغىپ، ئۈستىگە مىنىۋالغان مەمەتنى يەرگە يىقىتتى، ئارقىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ماڭە، ئاناڭنى! — دەپ، مەمەتنى بىر تېپىپ، هوشىدىن كەتكۈزۈۋەتتى.

«پاڭ!» قىلىپ، ئارقىسىدىن ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى، ۋاڭ لۇ سول قولتۇق تەرىپىنىڭ قاتتىق سىلكىنگەنلىكىنى سەزدى، ئەمما ئاغرىق سېزىمى يوق ئىدى. ئۇ ئارقىسىغا قارىۋىدى، نەچچە مېتىر نېرىسىدىكى قۇم بارخان ئۈستىدە، بىر ئەبلەغ ئۇنى قارىغا ئېلىۋېتىپتۇ، ۋاڭ لۇ «گۈپ» لا قىلىپ ئالدىغا تاشلىنىپ، يەرگە دۈم يېتىۋالدى. يەنە ئوق ئاۋازى ياڭرىدى. ئوق ئۇنىڭ سول قولىنىڭ دۈمبىسىنى سىيرىپ كەتكەنىدى.

ۋاڭ لۇ بىرقانچىنى دومىلاپ، تاپانچىسىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، دەرهال ئوق چىقىرىپ، قايتۇرما هۇجۇمغا ئۆتتى. هېلىقى ئەبلەخ

يەرگە يىقىلدى، مىلتىقى بارخانىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ، ئۆزى بار-خاندىن دومىلاپ كەتتى. ۋاڭ لۇ قۇربان شۇجى بىلەن يېزا قورال-لىق بۆلۈمىدىكى ئىككى كادىرنىڭ ھوشىدىن كېتىپ يەردە ياتقانلى-قى، باش ـ كۆزىنىڭ قانغا بويالغانلىقىنى كۆردى. ھوشىدىن كەتكەن ئەلىنى ئىككى ئەبلەخ ئىككى بىلىكىدىن مەھكەم تۇتۇۋالغان بولۇپ، يەنە بىر ئەبلەخ نەيزىنى كۆچ بىلەن ئەلىگە سانجىماقچى بولۇپ تۇراتتى.

ۋاڭ لۇ دەرھال ئوق چىقاردى، ھېلىقى ئەبلەخكە ئوق تېگىپ يەرگە يىقىلدى. قالغانلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ھەممىسى تەڭلا ھەر تەرەپتىن ئېتىلىپ كېلىشتى. ۋاڭ لۇ يەنە تاپانچىسىنى كۆتۈ-رۈپ ئاتماقچى بولۇۋىدى، تاپانچىسى مىشەك قىسىۋالدى.

ئەركىن بىلەن شىرئەلى باشتىن ـ ئاياغ ئۆيگە مۆكۈۋېلىپ، ئۆزىنى كۆرسەتمىدى. ئۇلار ئۆزىگە ئىشەنچ قىلغان ھالدا، قول ئاستىدىكىلەر جەزمەن بۇ بىرقانچە ساقچىنى تۇتۇۋالىدۇ دەپ ئويلى-دى. شىرئەلى ئۆي ئىچىدىن ۋارقىرىدى:

— ساقچىنىڭ ئوقى تۈگىدى، دەرھال ھېرىپ تىرىك تۇتۇڭ-لار!

ۋاڭ لۇنىڭ قولىدىكى تاپانچىنىڭ ئېتىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ، بىر توپ ئادەم خۇددى روھلاندۇرۇش ئوكۇلى سالغاندەك ئېتىلىپ كەلدى، ياسىن تەلۋىلەرچە ۋارقىرىدى:

— تېزدىن تىرىك تۇتۇڭلار!

ۋاڭ لۇ: شۇ تاپتا، ئۇنىڭ ئالدىدا بىرلا يول بار، ئۇ بولسىمۇ دەرھال قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ، ئالدى بىلەن بۇ يەردىن كېـ-تىش، ئاندىن ئامال قىلىپ قۇملۇقتىن چىقىپ، رەھبەرلىككە ئەھۋالنى دوكلات قىلىپ، قارا ئۆۋنى بىتچىت قىلىش دەپ ئويلى-دى.

پۇرسەتنى قولدىن بېرىشكە بولمايتتى. ۋاڭ لۇنىڭ كاللىسىغا بىر ئەقىل كەلدى، ئۇ تاپانچىسىنى كۆتۈرۈپ، ئاتماقچى بولغان قىياپەتكە كەلدى. قورشاپ كېلىۋاتقان بىر توپ ئادەم بۇ ھالنى كۆرۈپ، باياتىن ئۇ بىزنى ئالداپتۇ دەپ ئويلاپ، ئىختىيارسىز يەرگە دۈم يېتىشتى، ۋاڭ لۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا، بىپايان قۇم

دېڭىزنىغا قاراپ كۆچىنىڭ بارىچە يۈگۈردى. قارشى تەرەپ گەس - ھوشىنى يىغىپ ئوق چىقارغاندا، ئۇ يىراقلاپ كەتكەنىدى.

## 3

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، كەيـ-ىندىن قوغلاپ كېلىۋاتقان تېرروروچى ئۇنسۇرلارنىڭ قىقاس - چوقانلىرى بارا - بارا پەسەيدى. ئەمما ۋاڭ لۇ قەدىمىنى توختىـ-تىشقا جۈرئەت قىلالماي، توختىماي ئالغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇ يانغونىنىڭ قاچانلاردىدۇر چۈشۈپ قالغانلىقىنى بايقىدى. ۋاڭ لۇ توختىماي يۈگرەپ كېتىۋېتىپ، توساتتىن ئالدى تەرەپتىن 200 مېتىرچە نېرىسىدىكى قۇم بارخانىنىڭ ئۈستىدە ئىككى قارا چېكىت پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى، ئىككى ئادەم كۆچىنىڭ بارىچە بارخانىنىڭ ئۈستىگە ئۆمىلەۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ قەدىمىنى توختىـ-تىپ، تىكىلىپ قارىۋىدى، ئۇلار قۇملۇققا كىرگەندە يول باشلاپ ماڭغان ئىككى يول باشلىغۇچىغا ئوخشاپ كەتتى.

ۋاڭ لۇ ھاياجانلاندى. ئۇ ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا ئىككى يول باشلىغۇچى تەرەپكە قاراپ يۈگرەپ كەتتى. ئۇ ئىككى قۇم بارخاندىن ئارتىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، قانداقتۇر بىر ئىشنىڭ چاتاق ئىكەنـ-لىكىنى سېزىپ، ئىختىيارسىز قەدىمىنى توختاتتى. ئۇ، قۇملۇققا كىرگەن چاغدا مىنگەن تۆگىلەر تېرروروچىلارنىڭ ئوۋىسىدا قالدى، ئەگەر ئۇلار تۆگىگە مىنىپ ئىز قوغلاپ كېلىپ قالسا، ئۆزى يول باشلىغۇچىلار بىلەن بىللە تۇرغان چاغدا، ئۇلار ھەممىمىزنى بىراقلا يوقاتامدۇ؟ دەپ ئويلىدى.

ئۇ ئىككى يول باشلىغۇچى بىلەن بىللە مېڭىشقا بولمايدۇ. ھازىر ئەڭ مۇھىمى مەيلى ئۇ ياكى يول باشلىغۇچىلار بولسۇن، يۈز بەرگەن ھەممە ئىشنى دەرھال ج خ ئىدارىسىگە ئۇقتۇرۇش كېرەك! روشەنكى، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئىشەنچلىك ئۇ-سۇل: ئايرىلىپ مېڭىش كېرەك، ئارىدىن بىر ئادەملا چىقىپ كېتەلىسە، غەلىبە دېگەن شۇ!

ۋاڭ لۇ تۇنجى قېتىم ئادەم ئايىغى تەگمىگەن پايانسىز قۇملۇققا

ئۆزى يالغۇز مېڭىپ كىردى، يولدىن ئادىشىپ قالسا، قايتىپ كېتەلمەسلىك خەۋپى مەۋجۇت ئىدى، قانداق قىلىش كېرەك؟

ئۇ بىردىنلا، قۇملۇققا كىرگەن چاغدا، يول باشلىغۇچى نىيازنىڭ «قۇملۇقنىڭ شەرق تەرىپىدە بىر دەريا بار» دېگەن سۆزىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ قەتئىيلىك بىلەن يۆنىلىشنى ئۆزگەرتىپ، كۈنچىقىشقا قاراپ ماڭدى. ئۇ تىرىشىپ - تىرمىشىپ بىر قۇم بارخاننىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئارقىسىغا قارىۋىدى، چەكسىز كەتكەن قۇملۇقتا، ئۆزى قالدۇرغان ئېنىق ئاياغ ئىزىدىن باشقا ھېچنىمە كۆرۈنمەيتتى. بۇ چاغدا، ئۇسسۇزلۇقتىن ھالسىراپ كەتكەن ۋاڭ لۇ ئىختىيارسىز بارخان ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قالدى. بىر ئازدىن كېيىن، ئۇ قانداقتۇر بىر نەرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك بولۇپ، تاپانچىسىنى چىقاردى. ئۇ ھەيران قالدى: بۇ تاپانچا ھالقىلىق پەيتتە نېمە ئۈچۈن تۇيۇقسىز مىشەك قىسىۋالىدۇ؟ ئۇ قايتا - قايتا تەكشۈرۈپ، ئىككى كۈندىن بېرى قۇملۇقتا يۈرگەنلىكتىن، تاپانچىسىنىڭ ئىستوۋۇلىغا قۇم كىرىۋالغاچقا، مىشەك قىسىلىپ قالغان، دېگەن يەكۈننى چىقاردى. شۇ چاغدا، ئۇ بۇنداق ساۋات خاراكتېرلىك خاتالىق ئەسلىدە يۈز بەرمەسلىكى كېرەك ئىدى، دەپ ئۆزىنىڭ بىپەرۋالىقىنى ئەيىبلىدى.

ۋاڭ لۇ بۇنى بىر ئەپسۇسلىنارلىق ئىش دەپ ھېس قىلدى. ئۇنداق بولمىسا، شۇ چاغدا ئۇ ئەلىنى قوتۇلدۇرۇپ چىققان بولاتتى. ئۇ تاپانچىسىنىڭ غىلاپىنى چىقىرىپ، غىلاپقا تاپانچىنى سالماقچى بولغاندا، غىلاپنىڭ ئۈستىدىكى بارماق پاتقۇدەك بىر تۆشۈكنى كۆرۈپ قالدى، بۇ ئوق تېشىپ ئۆتكەن تۆشۈكتەك تۇراتتى. ئۇ ئىختىيارسىز تاپانچىنى ئۆرۈپ قارىۋىدى، تاپانچا ئىستوۋۇلىنىڭ سىرتقى يان تەرىپىنىڭ ئۈچىدىكى بىر يوچۇق يەرنى كۆردى. ۋاڭ لۇ شۇئان ئېسىگە كېلىپ، ئەسلىدە بىرسى كەينىدىن ئوق چىقارغاندا، سول قولتۇق تەرىپىنىڭ قاتتىق سىلكىنگەنلىكى، ئەمما ئۆزىنىڭ يارىلانمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا تاپانچىسىنى يۈزىگە يېقىپ، ھاياجان بىلەن سۆيۈپ قويدى. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، شەرققە يۈرۈش پىلانىنى باشلىدى.

تۈن يېرىم بولدى، كۆكتە يۇلتۇزلار چىمىرلايتتى. ئەمما ۋالىلۇ مېڭىشنى توختاتسا بولمايتتى، قاراڭغۇ كېچىدە يۆنىلىشنى قانداق پەرق ئېتىش كېرەك؟ «قۇملۇقتا هاياتلىقنى ساقلاش» دەرسىدە مۇئەللىم: نىشاندىن ئادىشىپ قالغان چاغدا، يەتتە قاراقچى يۇلتۇزنى تېپىش كېرەك دېگەنىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، كېچە ئاسمىنىدىن يەتتە قاراقچى يۇلتۇزنى ئىزدىدى هە! ئۇ تاپتى، كۆكتە چاقناپ تۇرغان يەتتە قاراقچى يۇلتۇزى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ تۇرغان ئورنىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. ئۇ ئۇدۇل شەرققە قاراپ يۈرۈپ كەتتى ...

## 4

ئەلى هوشىغا كېلىپ، بېشىنىڭ قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي، بېشىنى قاتتىق چايقاپ باقتى، بىراق كار قىلمىدى، بېشى يەنىلا پارتلاپ كەتكۈدەك ئاغرىۋاتاتتى. ئۇ بېشىغا قولى بىلەن ئۇرۇپ باقماقچى بولۇۋىدى، بىراق ئىككى قولى كەينىگە باغلاقلىق بولغانلىقتىن، هەرقانچە قىلىپمۇ قولىنى تارتىپ چىقىرالمىدى. ئۇ كۈچەپ بىر ئۆرۈلۈۋىدى، بېشى يەرگە تاقىشىپ قېلىپ، ئۆزى قۇملۇقتا دۈم يېتىپ قالدى. ئۇ «تۇفى، تۇفى، تۇفى!» دەپ بىرهازاغىچە توختىماي تۈكۈردى. ئۇ ئاستا قىمىرلاپ يۈرۈپ تىك ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئەهۋالىنى ئەلتۈكۈس چۈشەندى. ئۇنىڭ ئىككى قولى دۈمبىسىگە باغلانغانىنىڭ ئۈستىگە، ئارغامچا پۇتىدىن بوينىغىچە يۆگىلىپ، ئاندىن يەنە بوينىدىن ئىككى بىلىكىگىچە چېتىۋېتىلگەنىدى. ئەلى ئىختىيارسىز ئەلەملىك كۈلۈپ، ئۆزىنى راسا قارغىدى:

«ئەلى، هەي ئەلى، سېنىڭمۇ بۈگۈنكىدەك كۈنۈڭ بولىدىكەن، كىم سېنى هە دېسە پەردەنى ئالداپ، مەن باشقا قىزلارغا ئەزەلدىن يېقىن يولاپ باقمىغان، سىز بىلەن تۇنجى قېتىم يۈرۈشۈم دېگەنىدىڭ ـ هە؟» ئەلى هوشيارلىق بىلەن ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ، يىراقتا قۇربان شۇجى بىلەن ئىككى يېزا قوراللىق بۆلۈم

كادىرىنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش تەتۈر باغلانغان ھالدا ھوشسىز ياتقانـ
لىقىنى كۆردى.
ئەلى ئاغزىنى ئېچىپ: «قۇربان شۇ ...» دەپ ۋارقىراپ، «جى» نى تېخى ئاغزىدىن چىقارماي تۇرۇپلا، كەينىدىن كېلىۋاتقان قالايمىقان ئاياغ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى.
ئەلى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، بىر توپ ئادەمنىڭ ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.
— ھوشۇڭغا كەلدىڭمۇ؟ — دەپ تەرىنى تۇرۇپ ئەلىدىن سورىدى ياسىن، — قانداق؟ تەمىنى تېتىدىڭمۇ؟
— مېنى قويىۋەت! — ئەلى غەزەپ بىلەن ياسىنغا بىرنى تۇكۈردى.
— مېنى قويىۋەت؟ ئۇمۇ بولىدۇ، ئەمما سەن مېنىڭ بىر شەرتىمگە ماقۇل بولىسەن، — ياسىننىڭ مۇئامىلىسى بىرئاز يۇمشىدى.
— نېمە شەرت؟ — دەپ سورىدى. ئەلى مەغرۇرلۇق بىلەن قەددىنى رۇسلاپ.
— باشقا گەپ ئەمەس، بىزنىڭ باشلىق سىلەر بۇ يەرنى قانداق تېپىپ كەلدىڭلار؟ سەن نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم؟ شۇنى سوراپ باق دېگەنىدى.
— بىلمەيمەن، — دېدى ئەلى بېشىنى چايقاپ.
— يالغان! — دېگىنىچە مەمەت ئېتىلىپ كېلىپ، ئەلىنىڭ ياقىسىنى سىقىپ تەلۋىلەرچە ۋارقىرىدى، — سەن ئۆزۈڭنى ساقـ
چى بولۇۋالدىم دەپ، مېنى سەندەك لۈكچەكنى تونۇماي قالامدىكىن دېمە، تولۇق ئوتتۇرىدىكى چېغىمىزدا، سەن مېنىڭ كۆزۈمنى ئۇرۇپ ئىششىتىۋەتكەنغۇ!
ئەلى ئەينى يىللاردا ئۆزى ئەدىپىنى بېرىپ قويغان بۇ ئەبلەخـ
نىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالالمىدى. ئۇ لۈكچەكلەرچە قىياـ
پەتكە كىرىۋېلىپ، مەنسىتمىگەن ھالدا:
— ساڭا دەپ بەرمەيمەنغۇ! — دېدى.
— بوپتۇ، نوچىكەنسەن! دېمىسەڭ بوپتۇ، زورلىمايمىز، ئەمما زە، بىردەمدىن كېيىنچۇ، مەن سېنىڭ تىلىڭنى، قۇلىقىڭـ

نى، بۇرنۇڭنى كېسىپ، كۆزۈڭنى ئويۇۋالىمەن. ئۇ چاغدا، ئۆلسەڭمۇ جەننەتكە كىرەلمەيسەن، ئاللانى كۆرەلمەيسەن. شۇ چاغدا سېنىڭ نوچىلىق قىلغىنىڭنى كۆرەي، — دېدى ياسىن زەھەرخەندىلىك بىلەن. ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا قۇربان شۇجى تەرەپكە ماڭدى.

راستىنى ئېيتقاندا، ئەلى قاتتىق قورقۇپ كەتتى. ئۇ ئۆلۈمدىن قورقمايتتى، بىراق ئەگەر ياسىن راستتىنلا ئۇنىڭ تىلى، بۇرنىنى كېسىۋېتىپ، كۆزىنى ئويۇۋالىدىغان بولسا، ھەي، بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق. تىرىك چىقىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇ چاغدا كىشىلەرگە قايسى يۈزى بىلەن قارايدۇ؟ ئۇ چاغدا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى بويىچە ئۆزىنى «يۇقىرى تەبىقىلىك»، «ئېسىل» ئەر دەپ يۈرگەن بۇ يىگىت ئىسمى - جىسمىغا لايىق بولماي قالامدۇ؟

ئەلىنىڭ كاللىسىدا «قېچىش كېرەك» دېگەن بىرلا ئوي بار ئىدى، ئەمدى قاچمىسا، بۇ ئەبلەخلەر ئۇنىڭغا راستتىنلا زەھەر قولىنى سېلىشى مۇمكىن ئىدى!

ئۇ تىرمىشىپ بېقىپ، باغلاقنىڭ ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئۇنچىۋالا چىڭ ئەمەسلىكىنى بايقىدى:

— ھە؟ ھېلىمۇ ياخشى تەلىيىم بار ئىكەن، — ئەلى خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ھوشيارلىق بىلەن ئۆپچۆرىسىنى كۆزەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىغا باغلانغان قولى توختىماي ئارغامچىنى يېشىشكە تىرىشىۋاتاتتى، ئۇ ئارغامچىنى يەشكەچ، ئاچچىق بىلەن «ھۇ، ئۆلگۈرلەر! سەن ئەبلەخلەرنى قېچىپ چىققاندىن كېيىن، قانداق ئەدىپىڭلارنى بېرىمەنكىن قېنى!» دەپ غوتۇلدايتتى.

رەنا يۈزىگە چۈمبەل تارتىۋېلىپ، ئۆيگە يوشۇرۇنۇۋالغانىدى. ئۇ كۆزىتىش كۆزنىكىدىن قۇربان شۇجىنى كۆرۈپ، چۆچۈپ كېتىپ.

«قۇربان شۇجىنىڭ ياردىمى بىلەن، ساۋۇت يېزىغا كېلىپ توكچى بولغانىدى. مانا ئەمدى بۇ ئەبلەخلەر ئۇ ئادەمنى ئۇرۇپ ھوشىدىن كەتكۈزۈۋېتىپتۇ» دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ ئېتىلىپ بې-

ـرىپ، قۇربان شۇجىنى قوتۇلدۇرغۇسى كەلدى، بىراق ئۇنىڭدىمۇ مۇنداق جۇرئەت يوق ئىدى.
ئەلى ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، توختىماي تىرمىشىپ، ئاخىر ئارغامچىنى يەشتى. پۇرسەتنى قولدىن بېرىشكە بولمايتتى. ئەلى پۇت - قولىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ بېقىپ: «ھە، ھەرھالدا بولىدىكەن!» دېدى - دە، ئۇ خۇشاللىقىدىن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، بۇرۇلۇپلا كەلگەن يول تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.
— چاتاق بولدى، ساقچى قاچتى!
ئەلى يۈگۈرۈپ ئەمدى ئون نەچچە مېتىر نېرىسىغا بېرىشىغا، ياسىن ئادەم باشلاپ قوغلاپ كەلدى.
ئەلىنىڭ ئىچى تىتىلداپ كەتتى. ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ: «تازىمۇ نەس باستى! نەس باسقان ئادەمنىڭ هامان تەلىيى كېلىدىغان ۋاقتى بولىدۇ. تەلەيخان كەلسەڭچۇ! تېز كېلىپ ماڭا بىر ياردەم قىلساڭچۇ!» دەپ ۋايسىدى. بىراق، ئۇ قانچە ئالدىرىغانسىرى، ئۇنىڭ قەدىمى شۇنچە ئاستىلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيۇشۇپ قالغان ئوڭ پۇتى قولاشماي، ئۇ قومۇلۇققا يىقىلىپ چۈشتى.
ئەلى ئىككى كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ: «تۈگەشتىم، ئەمدى تۈگەشتىم!» دېدى ئۆز - ئۆزىگە.
ئەركىن: «ئەلى، ئۇنى قاتتىق دۇمبالاڭلار، ئەمما ئۆلۈپ قالمىسۇن، كېيىن لازىم بولىدۇ» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.
قاراڭغۇ چۈشۈپ، تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:
— بۇ ئەبلەخنىڭ جۇۋىسى بىلەن ئايىغىنى سالدۇرۇۋېتىپ، تۈۋرۈككە باغلاپ قويۇڭلار! قېنى ئۇنىڭ قاچقىنىنى كۆرەي، — دېدى ئەركىن.
بۇ ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن، ئەركىننىڭ كۆڭلىنى ئەندىشىلىك چىرمىۋالدى. ئۇ جىددىيلىشىپ، بۇ يەردىن چېكىنىشنىڭ غېمىنى يېگىلى تۇردى.
— تېز بولۇڭلار، كۆيدۈرۈشكە تېگىشلىكنى كۆيدۈرۈڭلار، كۆمۈشكە تېگىشلىكنى كۆمۈۋېتىڭلار، — دېدى ئالدىراپ.

ئەلى بىر تۈۋرۈككە چەمبەرچاس باغلىنىۋېتىلدى. ئۇنىڭ بېغىشى ئۈزۈلۈپ كېتىدىغاندەك ئاغرىيتتى، ئۇ يەنە غەزەپلىنىپ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاشقا باشلىدى. ئۇ خىيالىغا كەلگەنلىكى زەھەرخەندە سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى دەپ باقتى. شۇ چاغدا، ئۇ كىنولاردىكى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ قىيىن - قىستاقتا ئۇچرىغان چاغدا، نېمە ئۈچۈن ئاغزى توختىماي تىللاپ چىقىدىغانلىقىنى چۈشەندى. چۈنكى ئۇ ئاغرىقنى يەڭگىللىتىدىكەن ئەمەسمۇ!

دەرھال ھەرىكەتلىنىش كېرەك! ئەلى تۈن پەردىسىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا، ئاغرىققا چىداپ تۇرۇپ، ئارغامچىنىڭ تۈگۈنىنى چىشلەپ يەشمەكچى بولدى. ئارغامچا ئاستا - ئاستا بوشىدى. ئەلى قولىغا كەلتۈرگەن بۇ نەتىجىسىدىن ھاياجانلىنىپ كەتتى. ئۇ بالا ۋاقتىدا تالاي قېتىملاپ ئۇرۇش - سوقۇشلارنى باشتىن كەچۈرگەنىگە ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇۋاتاتتى. بەختكە يارىشا، ئاشۇ سوقۇشۇش تەجرىبىلىرى بولغاچقا، ئۇ كۆز ئالدىدىكى خېيىمخەتەرنى قىينالمايلا بۆسۈپ كېتىۋاتاتتى.

دېگەندەك مۆجىزە يۈز بېرىپ، ئەلى باغلاقنى پۈتۈنلەي يېشىۋەتتى. ئۇنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى: «ھەي، توڭگۇز تەلەي ئەلى، ھازىر قاچمىساڭ قاچان قاچىسەن» دەپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى.

ئۇ قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەن بېغىشىنى ئۇۋۇلاپ، پۇت - قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈردى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ قورسىقى غولدۇرلاپ، «قىڭ» ئىدە يەل چىقىپ كەتتى. ئۇ خۇش بولۇپ ئۆز - ئۆزىگە: «چاققان قاچ، چاققان قاچ!» دېگەچ، كەلگەن يۆنىلىشكە قاراپ يۈگۈردى.

ئۇ يۈگۈرۈۋاتاتتى. لېكىن پۈتۈن خىيالى قۇدۇق، قۇدۇق، قۇدۇقلار دەيتتى. چۈنكى ئۇ بەكمۇ ئۇسساپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇملۇققا ئەمدىلا كىرگەن چاغدا ئۇچرىغان تۇنجى قۇدۇق جايلاشقان يەرنى نىشانلاپ يۈگۈردى.

ئۇ تا تاڭ ئاتقۇچە يۈگۈردى. بىراق، ئۇ تەسەۋۋۇر قىلغان ھېلىقى قۇدۇق تېخىچە كۆرۈنمەيتتى. قۇملۇقتا، ئۆزىنىڭ ئاياغ ئىزى ۋە چۆل ئاپتوموبىلىنىڭ ئىككى تال چاق ئىزىدىن باشقا

ھېچنېمە يوق ئىدى. ئەلىنىڭ بىردىنلا روھى چۈشۈپ كەتتى: ئەجەبا، يولدىن ئادىشىپ قالدىممۇ؟ چۈنكى، كەلگەن چاغدا، يولدا چۆل ئاپتوموبىلىنىڭ چاق ئىزى يوق ئىدىغۇ!

ئەلى ئۆزى تۇرغان جاينى پەرق ئېتەلمەي، يەنە ئالدىغا مېڭىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. بىراق ماڭماي بولمايدۇ ـ دە! ئالدىغا مېڭىش ياكى ئارقىغا چېكىنىش، ھامان ئىككى يولدىن بىرنى تاللاش كېرەك. ئەلى ئەتراپنى كۆزەتتى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن پۇرقىراپ، ھېچقانداق مەزمۇنى بولمىغان ئىسسىق ھور چىقاتتى. ئۇ ئۇشتۇمتۇت: ئاپتوموبىل ئىزىنى بويلاپ ئالغا مېڭىش كېرەك، دېگەن قارارغا كەلدى. بۇ قۇملۇقتا چۆل ئاپتوموبىلىنىڭ ئىزى بولغانىكەن، بۇ ھال نېفىت چارلاش ئەترىتىنىڭ يېقىن ئەتراپتا ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ، ئۇلارغا يولۇقۇپ قالسام ئەجەب ئەمەس! دەپ ئويلىدى ئۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئەلى قانداقتۇر بىر ناخشىغا غىڭشىغىنىچە، ئالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

## 5

يول باشلىغۇچى نىياز بىلەن ئەمىر قاچقىلى تۇرغىلى تۆت سائەت بولدى.

ئۇلار يەنە بىر قۇم بارخانىدىن ھالقىپ ئۆتمەكچى بولغاندا، ئەمىر ھالسىزلىنىپ، ئولتۇرۇپ قالدى.

— نىياز، مەن ماڭالماي قالدىم، سەن كېتىۋەرگىن! — دېدى ئۇ يىغلامسىراپ.

نىياز يېقىن كېلىپ، ئەمىرنىڭ ياقىسىنى سىقتى:

— سەن ئاناڭنى! ئۇلار كېلىپ سېنى ئۆلتۈرۈۋەتسۇنما؟ ئۇلارنىڭ تۆگىسى بار، قورالى بار، سەن بۇ يەردە ئۆلۈپ قالساڭ، ھېچكىم بىلمىسە قانداق بولىدۇ؟ خوتۇن ـ بالىلىرىڭ قانداق قىلىدۇ؟

نىيازنىڭ گېپىدىن ئەمىر قورقۇپ كېتىپ:

— ئۇنداق بولسا يەنە قاچايلى! — دېدى ئۇنىڭغا سەل جان

كىرىپ.

ئىككىيلەن يەنە بىر اقلا سەككىز سائەت يول يۈرۈپ، قۇملۇققا كىرگەندە بىسىپ ئۆتكەن يولدىكى تۆنجى قۇدۇق بار يەرگە يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا، ئىككىنچى كۈنى كەچ سائەت سەككىزدىن ئاش-قان بولۇپ، يەر - جاھان قاراڭغۇلۇققا پۈركەلگەنىدى. تويۇقسىز، نىياز قۇلىقىنى دىڭ قىلىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئەمىرنىڭ بېشىنى قۇمغا بېسىپ:

— قىمىرلىما، ماشىنا كېلىۋاتىدۇ، يەنە ئادەملەرنىڭ ئاۋا-زىمۇ بار، — دېدى. ئىككىيلەن شۇئان دومىلاپ، بارخاننىڭ تۆۋەندىكى ئويمانلىققا كىرىۋالدى.

دېگەندەك، «تاراق - تۇرۇق، تاراق - تۇرۇق» قىلغان تراك-تور ئاۋازى يىراقتىن يېقىنلاپ كەلدى، تراكتوردىكى ئادەملەرنىڭ پاراڭلىرىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەسلىدە، ئەلى بىلەن ۋاڭ لۇنىڭ قۇملۇققا كىرگىنىگە ئىككى كۈن بولسىمۇ، ئەمما ئەترەتكە تېلې-فون ئۇرمىغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارنىڭ يانفونى مۇلازىمەت رايونىدىن ئەبەدىي يوقالغانىدى. شۇڭا، چېن دامو ئەنسىرەپ، ساقچىخانا باشلىقى ئەركىنگە تېلېفون بېرىپ، ئەھۋالنى سۈرۈش-تۈردى. ئەركىنمۇ تىت - تىت بولۇپ تۇرغانىدى. چېن دامو ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى سېزىپ، دەرھال ئەركىنگە، يەتتە - سەك-كىز ئادەم باشلاپ، بىر ماشىنىغا يېمەكلىك بىلەن سۇ ئېلىپ، ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىشنى تاپىلىغانىدى.

نىياز ساقچىخانا باشلىقى ئەركىننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھاياجانلىنىپ، قۇم بارخاننىڭ ئۇ تەرىپىدىن ۋارقىرىدى:

— ئەركىن سوجاڭ، سوجاڭ! مەن نىياز، مەن بۇ يەردە!

ئارقىدىنلا، ئىككى يول باشلىغۇچى قۇم بارخاننىڭ ئۇ تەرىپە-دىن چىقىپ كەلدى. ئەركىن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ:

— قۇربان شۇجىلار قېنى؟ — دەپ سورىدى دەرھال.

— ئۇلارمۇ؟ ئۇلارنى ئۇرۇپ يانتۇز ۋۇۋېتىشتى، ئۇستۇۋېشى قان، — دېدى نىياز يىغلامسىراپ. ئەركىن جىددىيلەشتى:

— يولداشلار، دەرھال بېرىپ ئۇلارنى قۇتقۇلدۇرايلى، — دېدى ئۇ.

— بولمايدۇ، بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئادىمى كۆپ. ئۇلار يەنە بىزدىكى قورالنىمۇ بۇلاپ كەتتى. سىلەرنىڭ ئادىمىڭلار ئاز، قورال-لىڭلارمۇ ئاز، ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيسىلەر، دەرھال قايتىپ بېرىپ دوكلات قىلىپ، ياردەم تەلەپ قىلىڭلار! — دېدى نىياز قولىنى پۇلاڭلىتىپ.

ئەركىن ئويلاپ بېقىپ، بۇ چارىنى توغرا تاپتى ـ دە، شوپۇرغا دەرھال ماشىنىنى ئارقىنسىغا بۇراپ، قايتىشقا بۇيرۇق بەردى.

ئەمما يول باشلىغۇچى نىياز ماشىنىغا چىققىلى ئۇنىمىدى:

— سىلەر ئاۋۋال قايتىپ بېرىپ، خەۋەر يەتكۈزۈڭلار، مەن بۇ يەردە قۇربان شۇجى بىلەن ۋاڭ لۇ قاتارلىقلارنى ساقلاپ تۇراي، ئۇلارنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكلىكى ئېنىق ئەمەس، مەن ئاللاغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ، ئاللادىن ئۇلارنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكىنى تىلەپ تۇراي، — دېدى ئۇ.

— ناۋادا، يامان ئادەملەر بۇ يەرگە كېلىپ قالسا، سەن يالغۇز قالساڭ خەتەرلىك، ھەممەيلەن بىرگە كېتەيلى! — دېيىشتى كۆپچىلىك ھەر تەرەپتىن نىيازغا نەسىھەت قىلىپ.

— مەن بۇ يەردە ئۇلارنى ساقلاپ تۇراي. ئەگەر ئۇلار بۇ يەردىن ئۆتۈپ قالسا، مەن ئۇلارنى باشلاپ ماڭمەن ئەمەسمۇ! — دېدى نىياز سەمىمىيلىك بىلەن...

نىيازغا تولا نەسىھەت قىلغۇدەك ۋاقىت قالمىغانىدى، ئەركىن ئادەملەرنى باشلاپ دەرھال قايتتى.

ئەركىن ئىگەرچى يېزىلىق ساقچىخانىغا قايتىپ بارغان چاغدا، سەھەر سائەت ئۈچتىن ئاشقانىدى، چېن دامو ما جيەنجۈڭ بىلەن يالقۇننى باشلاپ يېتىپ كەلدى. يول باشلىغۇچى ئەمىر تىترەپ تۇرۇپ، ئۇلارغا ئادەم ئىزدەش گۇرۇپپىسىنىڭ تېررورچىلارغا ئۇچرىشىپ قالغان ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بەردى. چېن دامونىڭ ۋۇجۇدىدىن غەزەپ ئوتى يالقۇنجايتتى. ئۇ ئەھۋالنى ئەڭ يامان تەرەپتىن مۆلچەرلىدى: بىرىنچى ئېھتىمال، ئەلى بىلەن ۋاڭ لۇ پالاكەتكە يولۇققان بولۇشى مۇمكىن؛ ئىككىنچى ئېھتىمال، ئەلى بىلەن ۋاڭ لۇ يارىلىنىپ، ئازاب چېكىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن؛ ئۈچىنچى ئېھتىمال، ئەلى بىلەن ۋاڭ لۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسە-

تى بىلەن قېچىپ قۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ھەربىر خىل ئېھتىماللىنىڭ بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز ئادەملىرىمىزنى جەزمەن تېپىش، تىرىك بولسا ئۆزىنى، ئۆلگەن بولسا جەسىتىنى تېپىش كېرەك، دەپ تەھلىل قىلدى. ما جيەنجۇڭ ئەمىرنىڭ باياننى ئاڭلىغاندىن كېيىن زادىلا ئۇخلىيالمىدى، ئۇ كېچىلەپ قوملۇقتا كىرىپ، سەپداشلىرىنى قۇتۇلدۇرماقچى بولغانىدى، يالقۇن ئۇنى ئاران تەستە توسۇپ قالدى.

ئۇ چاغدا، جۇڭ چېڭ ئەمدىلا ئۇخلىغانىدى، تېلېفون جىرىڭلىدى. ئۇ دەرھال تېلېفوننى ئېلىپ:

— داموما؟ — دەپ سورىدى.

— باشلىق، چاتاق چىقتى، ئەلى بىلەن ۋاڭ لۇ قوملۇقتا دۇشمەنلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ، ئەھۋال ناچار، — دېدى چېن دامو كۆڭلى يېرىم بولۇپ.

جۇڭ چېڭ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ چېن داموغا:

— تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرى ئادەم قۇتقۇزۇش ئەترىتىنى تەشكىللەپ، ئاۋۋال قوملۇققا ماڭغۇزۇش كېرەك. مەن ھازىرلا چىڭشەنگە تېلېفون قىلىمەن، ئۇ ئۇ ياقتىن سىلەرگە ياردەم بەرسۇن. بەش مىنۇتتىن كېيىن، مەن ئىگەرچى يېزىسىغا قاراپ يولغا چىقىمەن، — دەپ ئۇقتۇردى - دە، چېن دامونىڭ تېلېفونىنى ئۈزۈۋېتىپ، ياڭ چىڭشەنگە جىددىي تېلېفون قىلىپ:

— چىڭشەن، سىز دەرھال قوشۇن تەشكىللەپ قوملۇققا كىرىپ، دۇشمەن تۇتۇۋالغان ئادەملىرىمىزنى قوتۇلدۇرۇپ، ساقچىلىرىمىزغا ھۇجۇم قىلغان تېررورچىلارنى قولغا ئېلىڭ! — دېدى.

خىزمەتلەرنى تېزدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، جۇڭ چېڭ ئۆزىنىڭ بېشىغا بىرنى شاپىلاقلاپ: «مەن بەك سەل قاراپتىمەن، مەن مەسىلىنى بەك ئاددىي چاغلاپتىمەن» دېدى.

ئۇ لى يۈمېيمۇ تېلېفون ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ جۇڭ چېڭنىڭ تېلېفوندا سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بېشىغا ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۇنىڭ قولىنى تارتىۋې-

لىپ:

— يېرىم كېچىدە ئېلىشىپ قالدىڭىزمۇ؟ — دېدى.

جۇڭ چېڭ كىيىمىنى كىيگەچ:

— بۇ بىر مەھەل ئالدىراشلىقتا مەڭدەپ قاپتىمەن. ئەسلىدە مەن ئىگەرچى يېزىسىدىكى مەسىلىنىڭ ناھايىتى ئېغىرلىقىنى بۇرۇنلا سەزگەنىدىم، نېمىشقىمۇ بۇ ئىشنى ئەتراپلىق ئويلىمىغاندىمەن؟ ئەگەر ھېلىقى ئىككى رازۋېدكىچىمىز پېشكەللىككە ئۇچرىسا، مەنمۇ بۇ ئۆمرۈمدە ئارامخۇدا ياشىيالمايمەن. سەن دەپ باقە، مەن بۇ ئىشنى نازىر نەن جېنجۇڭغا قانداق دوكلات قىلىمەن؟ ئۇ ھازىر تېخى بۇ يەردە بۇ ئىشلارغا نازارەتچىلىك قىلىۋاتقان تۇرسا! — دېدى.

# ئون ئالتىنچى باب

## 1

ما تىيەنمۇ ۋاڭ لۇنىڭ تېلېفوننى ئالدىراپ قويۇۋەتتى ـ دە، ئۇنىڭ چوقۇم خاتا چۈشىنىپ قالغانلىقىنى بىلدى. شۇڭا، ئىبراھىمنى زىيارەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن مىجەزى يوقلۇقىنى باھانە قىلىپ مېھمانخانىغا قايتىپ دەم ئالدى. ئۇ ئالاھىدە بىر IC كارتىسى ئېلىپ ۋاڭ لۇ بىلەن ئوبدان پاراڭلاشماقچى بولدى. ئەمما، تېلېفوننى بىرقانچە قېتىم ئۇرغان بولسىمۇ، لېكىن، تېلېفوندىن سوغۇققىنا: كەچۈرۈڭ، بۇ ئابونتىمىز مۇلازىمەت رايونى دائىرىسىدە ئەمەس، دېگەن سۆزلا ئاڭلىناتتى. ئۇ تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە قىياسنى قىلىپ باقتى: ئېھتىمال ۋاڭ لۇ ئۆزىگە قېيداپ قول تېلېفوننى ئېتىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن؛ بەلكىم ۋاڭ لۇ تېلېفون سىگنالىنى قوبۇل قىلالمايدىغان جايغا كېتىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن ۋە بەلكىم ۋاڭ لۇ قول تېلېفونىنىڭ باتارېيىسىنى چىقىرىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇ خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ھەمىشە قول تېلېفونىنىڭ باتارېيىسىنى چىقىرىۋېتىپ، تېلېفون ئۇرۇپ ئۆزىنى نازارەت قىلماقچى بولغانلارنىڭ مەقسىتىگە يېتىشىگە ئىمكانىيەت بەرمەيتتى.

بىرقانچە كۈندىن بۇيان، ما تىيەنمۇ روھىي جەھەتتە قاتتىق ئازابلاندى. بېيجىڭدىن يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى، ئۇ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرگە ئۆز ھېسسىياتىمنى كونترول قىلالايمەن دەپ قەسەم بەرگەنىدى. يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەر ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى ناھايىتى چۈشەنگەن ھالدا ئىزاھات بېرىپ: «مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا بۇ بىر رەھىمسىز خىزمەت، چۈنكى، ئۇ سىزدىن ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مېھرى ۋە ئائىلىدىن ۋاز كېچىشىڭىزنى،

زۆرۈر بولغاندا ھاياتىڭىزنى تەقدىم قىلىشىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ،»
دېدى. ما تيەنمۇ تەلەي سىناپ كۆرۈش ئويى بىلەن: «بۇ دېگەنلىك
مېنىڭ مۇھەببەت ھوقۇقۇمنىڭ تارتىۋېلىنغانلىقىدىن دېرەك بەر-
مەيدىغۇ، شۇنداقمۇ؟» دەپ سورىدى. يۇقىرى دەرىجىلىك باشلىق-
نىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن جاۋابى خېلىلا مۇجمەل بولدى، ئۇ «دۆلەت
مەنپەئىتىنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈنلۈكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئالدىن-
قى شەرتى ئاستىدا بەلكىم مۇھەببەتتىن مۇۋاپىق دەرىجىدە بەھرى-
مەن بولىسىڭىز بولار!» دېدى. بۇ باشلىق ما تيەنمۇ بىلەن ۋاڭ
لۈنىڭ مۇناسىۋىتىنى ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى. باشلىق ئۆز تەجرى-
بىسىگە ئاساسەن ما تيەنمۇ جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغاندىن كېيىن
ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى چوقۇم ئۈزۈلىسىمۇ، رىشتىنىڭ ئۈزۈلمەيدى-
غانلىقىنى بىلەتتى. ئەمما، باشلىق بۇ ئىشتىن بەك ئەنسىرەپ
كەتمەيتتى. چۈنكى، ئۇ بىر يىللىق تەربىيىلىنىش ئارقىلىق ما
تيەنمۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگەنلىكىنى كۆ-
رۈپ يەتكەنىدى. ما تيەنمۇنىڭ باشلىقى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئەڭ
يۇقىرى باشلىقى بىلەن مەخپىي سۆزلەشكەندىن كېيىن، ما تيەنمۇ-
نى ۋەزىپە ئۆتەشكە ئەۋەتىشنى قارار قىلغانىدى.

ما تيەنمۇ ئىككى سائەت ئىچىدە ۋاڭ لۈغا نەچچە ئون قېتىم
تېلېفون ئۇردى. ئۇ مۇنداق تېلېفون ئۇرۇش ئويۇنىنى ئىچ پۇشۇ-
قىنى ئەسەبىيلەرچە چىقىرىۋېلىش دەپ قارىدى. مۇھەببەت ئۇنى
ئەسەبىيلەشتۈرۈۋېتىدىغان بۇ ياشتا، ئۇ ئەسەبىيلەشمىگەن، ئۆز
ھېسسىياتىنى قاتتىق بېسىۋالغانىدى. ئۇ ئۆزى بەكمۇ ياخشى كۆرى-
دىغان لايىقى ئالدىدا بەك يېقىنچىلىق قىلىپ كەتسە بولمايتتى،
ئەگەر خىزمەتتىن ئىبارەت بۇ پەردە بولمايدىغان بولسا، ئۇ ئاللىقا-
چان ۋاڭ لۈنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتقان بولاتتى. ئەمما، ئۇ ھازىر
ئۇنداق قىلالمايتتى، ئۇ ئۆزىنى كونترول قىلالماي قېلىشىدىن،
ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ كېيىنكى خىزمىتىگە كۆپ غەم - ئەندىشىلەرنى
پەيدا قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتى.

ئۇنىڭ بۇ قېتىم جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىشتىكى ۋەزىپىسى
ئېغىر ئىدى، نامدا مۇخبىرلىققا بارىدىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە
ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئىبراھىمنىڭ خەير - ساخاۋەت ئورنىنىڭ ھېسابا-

تىنى مەخپىي تەكشۈرۈش ھەمدە ئۆز ۋاقتىدا يۇقىرىغا ئەمەلىي قىممىتى بار سانلىق ئاساسلارنى يوللاپ بېرىش ئىدى. چۈنكى، دۆلەت بىخەتەرلىكى تارماقلىرى ئىبراھىم دېگەن بۇ كىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ بەك مۇرەككەپلىكىنى سەزگەن ھەم ئۇنىڭدىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىغا كۆپ خىراجەت بېرىۋاتىدۇ دەپ گۇمانلىناتتى. ئىبراھىمنىڭ ئاتالمىش خەير - ساخاۋەت ئورگىنىنىڭ مەبلەغلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى راستتىنلا ناھايىتى ياخشىمىدۇ؟ بۇ سىرنى ما تيەنمۇنىڭ ئېچىشى زۆرۈر ئىدى.

ما تيەنمۇ ناھايىتى سىرلىق ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلدى، ھەتتا جۇڭ چېڭمۇ تەپسىلىي ئەھۋالنى بىلمەي قالدى. ھازىر ما تيەنمۇ تېخى جۇڭ چېڭ بىلەن ئالاقە باغلاش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغانىدى.

ما تيەنمۇ باشتىن - ئاخىر ۋاڭ لۇنى ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتاتتى. ما تيەنمۇنى ۋاڭ لۇنى دەپ بىر كېچە ئۇخلىماي چىققىنى دېگەندىن كۆرە، ئۇنى ئۆز مۇھەببىتى ئۈچۈن بىر كېچە كۈتتى دېگەن تۈزۈك ئىدى. ئەمما، ۋاڭ لۇنىڭ قول تېلېفونىغا تېلېفون ئۇرۇلسا يەنىلا شۇ: «كەچۈرۈڭ، بۇ ئابونت مۇلازىمەت دائىرىمىزدە ئەمەس» دېگەن سۆزلا ئاڭلىناتتى.

ما تيەنمۇ ۋاقتىنچە ئاۋۋال ۋاڭ لۇنىڭ ئىشىنى قويۇپ تۇرۇپ، بېيجىڭدىكى باش شتابقا بىر مەخپىي تەكشۈرۈش دوكلاتى يوللىدى، ئاندىن كېيىن تاڭ ئاتقاندا مەقسەتلىك ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭ بانكىسىغا بېرىپ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئىگىلىمەكچى بولدى.

## 2

ئايگۈلمۇ ۋاڭ لۇنى ئىزدەۋاتاتتى، ئۇمۇ ئوخشاشلا ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا: «كەچۈرۈڭ، بۇ ئابونت مۇلازىمەت دائىرىمىزدە ئەمەس» دېگەن سۆزنىلا ئاڭلايتتى.

ۋاڭ لۇغا يېقىنلىشىش ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى، ئەمما، ئۇ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە ۋاڭ لۇنى تاپالمىغاندا كۆڭلىدە بىر ئاز

مەھرۇملۇق تۇيغۇسى پەيدا بولدى؛ ئۇ ئۆزىنى مۇنداق قىلماسلىقىڭ كېرەك دەپ ئاگاھلاندۇردى. ۋاڭ لۇ ئايگۈل دۆلەتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇيرۇق بويىچە ئىزىغا چۈشىدىغان ۋە يېقىنلىشىدىغان بىرىنچى ئوبيېكت ئىدى. ئۇ دۆلەتكە قايتىش ئالدىدا ئۆزىنىڭ غەربلىك ئوقۇتقۇچىسى شمىسنىڭ: مەن سىزنىڭ بىر يارامLIق ئويۇن كۆرسەتكۈچى ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشىنىمەن، دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئېسىگە ئالدى.

— ئەگەر مەن ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلمىسەم قانداق قىلىسىز؟ — دەپ سورىدى ئايگۈل شمىستىن.

— بەزىدە مەن سىلەر شەرقلىقلەرنىڭ مىجەز - خاراكتېرىڭلارنى بىلىۋالدىم دەپ ئويلايمەن، بەزىدە سىلەرنى چۈشىنەلمەيمەن. سىز بىزنىڭ تەربىيىلەش كۇرسىمىزدا قەسەم بەرگەنغۇ! — دېدى شمىس.

— ئېھتىمال مەن ناھايىتى زىددىيەتلىك بىر روھىي ھالەتتىم بىلەن قەسەم بەرگەن بولۇشۇم مۇمكىن! — دەپ جاۋاب بەردى ئايگۈل سەمىمىي ھالدا.

— جۇڭگولۇقلارنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا سىز ھازىر يولۋاسقا مىنىۋېلىپ چۈشەلمەي قالدىڭىز، — دېدى شمىس تەكەللۇپ قىلمايلا.

— مانا بۇ مەن تارتىۋاتقان ئازابنىڭ سەۋەبى، — دېدى ئايگۈل كۆزى لىق ياشقا تولغان ھالدا.

— سىز مۇۋەپپەقىيەتنىڭ تەمىنى تېتىشقا باشلىغاندا ئاندىن ئۆزىڭىزنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەيسىز! — دېدى شمىس ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ.

— مەن ھازىر بىر مەخپىي نومۇرلۇق ئادەم بولۇپ قالدىم، سىلەرنىڭ نازارىتىڭلاردىن قۇتۇلۇپ كېتەلمەيمەن، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئايگۈل ئاچچىقلانغان ھالدا.

— ناۋادا، بىرەر قېتىم ماڭا ھەقىقىي كۆڭلىڭىزنى بەرسىڭىز بۇ دۇنيادىن ئايرىلىدىغان چاغدا ئۆكۈنۈشىڭىز ئازراق بولار! ئامرىقىم، تېز بولۇڭ، ۋاقتىمىز كۆپ قالمىدى، — دېدى شمىس ئايگۈلنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ.

— بۇ سىلەرنىڭ بىزنىڭ مۇستەقىللىق مەنپەئىتىمىزنى قوغدىشىڭلارمۇ؟ — دېدى ئايگۈل ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ.

شەمس ئۆزىنىڭ ئۆكۈنۈشىنى يوشۇرۇپ، سوغۇققىنا قىلىپ:

— مېنىڭ بۇ مەسىلىگە جاۋاب بەرمەسلىكىم هازىرقى ياخشى كەيپىياتىمنى بۇزماسلىق ئۈچۈن، — دېدى.

ئايگۈل بۇ كۆڭۈلسىز ئەسلىمىدىن ئۆزىنى تارتىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام» پلاستىنكىسىنى CD قويدى، تونۇش ۋە يېقىملىق مۇزىكا ياڭراشقا باشلىغاندا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى، چەت ئەلدە تەربىيىلىنىۋاتقاندا ئۇ دائىم بۇ مۇزىكا بىلەن ئۆزىنىڭ ئوسال كەيپىياتىنى باساتتى، بۇ ئەڭ ياخشى ناركوز دورىسى ئىدى.

ئايگۈل تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندە ئۇنىڭ نەتىجىسى ئالىي مەكتەپ نومۇر چېكىگە 30 نومۇر كەملەپ قالدى، بۇ ئەسلىدە مەخسۇس كۇرستا ئوقۇسا بولاتتى. ئەمما، شۆھرەتپەرەسلىكنىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن ئۇ دادىسىدىن ئۆزىنى چەت ئەلگە چىقىرىپ ئوقۇتۇشنى تەلەپ قىلدى. ئايگۈل B دۆلەتتىكى بىر سەنئەت ئۇنىۋېرسىتېتىنى تاللىدى. ئۇ ئەسلىدە ئۆزىگە بىر هەل بېرىش خىيالىدىلا ئىدى، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىپ خىزمەت تاپماقچىدى. ئەمما، يېرىم يىلدىن كېيىن، شەمس ئۇنى ئىزدەپ كەلدى، شەمس ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئەرلىك سېھرى بىلەن ئايگۈلنى ئۆزىدىن ئايرىلالمايدىغان قىلىپ قويدى، ئاندىن ئۇنى سىرلىق بىر تەشكىلاتقا سۆرەپ كىردى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئايگۈلنىڭ قارىسى مەكتەپتىن يوقالدى. ئۇ ئۆزى ئاللاهىدە بىر خىزمەت خادىمى بولۇپ قېلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى تونۇپ يەتكەندە ئارقىغا قايتىش يولى قالمىغانىدى.

ۋاڭ لۇ بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندىن بۇيان، ئايگۈل زادى نېمە ئۈچۈنلۈكىنى ئۆزىمۇ بىلمىگەن هالدا هاياجانلىنىشقا باشلىدى. ئۇ هەتتا تەڭرىنىڭ ئۆزىگە مۇشۇنداق بىر خىزمەتنى ئورۇنلاشتۇرغانلىقىغا رەهمەت ئېيتتى، ئۇ بۇ ئويۇننى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئويناشنى خالايتتى.

ئىككى كۈندىن بۇيان، ئۇ يوشۇرۇنچە ۋاڭ لۇنىڭ ئىز -

دېرىكىنى قىلىپ كۆردى، ھەتتا ج خ ئىدارىسىدىكى مۇناسىۋەتچە-
سىمۇ ۋاڭ لۇننىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى دەپ بېرەلمىدى، ئەجەبا،
ئۇ بىرەر ئالاھىدە ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا كەتكەنمىدۇ؟ ئايگۈل ھەر
يېرىم سائەتتە بىر دېگۈدەك ۋاڭ لۇننىڭ قول تېلېفونىغا تېلېفون
ئۇردى. ۋاڭ لۇننىڭ تېلېفونى ئۇلانغاندا دەيدىغان بىرىنچى ئېغىز
سۆزىنىمۇ ئۇ ئاللىقاچانلا ئويلاپ قويغانىدى.

3

ئادەملەرنى قۇتقۇزۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا، سۇ، نانلار
ھەممىسى تەل قىلىندى، چېن دامو جۇڭ چېڭنىڭ كېلىشىنى
كۈتمەيلا ئۆزى ئاۋۋال ساقچىخانا باشلىقى ئەركىن بىلەن 16 نەپەر
ساقچى ۋە ئىككى يول باشلىغۇچىنى ئېلىپ، «شەرق قىزاردى —
75» تىپلىق توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى بىلەن ئاتلىنىشنى قارار
قىلدى. 20 مىنۇتتىن كېيىن، ياڭ چىڭشەن ئەۋەتكەن 20 نەپەر
قوراللىق ساقچىدىن تەشكىللەنگەن قۇتقۇزۇش ئەترىتىمۇ ئۇلارنىڭ
ئارقىسىدىنلا يولغا چىقتى.

ھەممە يەر خۇددى ئېدىرلىققا ئوخشايدىغان ئېگىز - پەس قۇم
دۆڭلەر ئىدى، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى ئېگىز - پەس قۇملۇقتا
تەسلىكتە ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنىڭ
يۇقىرى - تۆۋەن سىلكىنىپ مېڭىشى بىلەن ماشىنىنىڭ ئىتتىرگۇ-
چىسىدە ئولتۇرغان ساقچىلار ھېلى ئالدىغا، ھېلى ئارقىغا سەنتۈ-
رۈلۈپ، پات - پات ھەممىسى بىر توپ بولۇپ قالاتتى.

يول باشلىغۇچى ئەمىر بىرقانچە قېتىم ماشىنىدىن سەكرەپ
چۈشۈپ، ماشىنىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ قاراپ باقتى، ئۇ توپا ئىتتە-
رىش ماشىنىسىنى بەك ئاستا مېڭىۋاتىدۇ دەپ قارايتتى. ما جيەن-
جۇڭمۇ ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئەمىر بىلەن بىللە ماڭدى،
ئۇ سەپداشلىرىنىڭ يەنىلا قۇملۇق ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ئويلىسىلا
تىت - تىت بولۇپ تۇرالماي قالاتتى.

توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ
كېلىۋاتاتتى، بىردەمدىن كېيىن ما جيەنجۇڭ زادىلا بەرداشلىق

بىرەلمەي قالدى، شۇڭا ئىلاجسىز يەنە ماشىنىنىڭ ئىتتىرگۈچىسى-گە چىقىۋالدى. ماشىنا سىلكىنىپ بىر دۆڭدىن ئۆتكەندە ئۇ تۇيۇق-سىزلا ماشىنىنىڭ زەنجىر تاپىنىغا يىقىلىپ چۈشۈپ، ماشىنا ئاس-تىغا كىرىپ كېتىشكە تاسلا قالدى. چېن دامولارنىڭ گۇرۇپپىسى بىر كۈن يول يۈرۈپ، كۈن ئولتۇراي دېگەندە ئاخىرى يارىدەمچى خادىملارنى باشلاپ 1 ـ قۇدۇققا يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا، يول باشلىغۇچى نىياز يەرگە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ساداقەتمەنلىك بىلەن ناماز ئوقۇۋاتاتتى. ئۇ قوشۇنىنىڭ ئاخىر يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆ-رۈپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى:

— مەن بۇ يەردە تاڭ ئاتقىچە ساقلىدىم، چۈش بولدى، بىر ئادەم كەلمىدى، بۇزۇق ئەبلەخلەر بۇ چاغقا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتتىمۇ، قانداق؟ ئۇلار نېمىشقا ھازىرغىچە كەلمەيدۇ؟

ئۇ ساقچىلارغا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىپ بەرمىگەنلىكىگە پۇشايمان قىلىۋاتاتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلالمايتتى، ئۇنىڭ قەلبى قاتتىق ئازابلانماقتا ئىدى.

ئەسلىدە، چېن دامو قوشۇننى يېرىم سائەت ئارام ئالدۇرۇپ، سۇ ئىچىۋالماقچىدى. ئەمما، ئۇ نىيازنىڭ قاتتىق ئازابلىنىۋاتـ-قانلىقىنى كۆرۈپ مەسىلىنىڭ جىددىيلىكىنى ھېس قىلدى. شۇ تاپتا، ۋاقىت — ھايات، ئېھتىمال بىر مىنۇت بۇرۇن يېتىپ بارغاندا سەپداشلارنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا بولۇشى، بىر مىنۇت كېچىك-كەندە سەپداشلاردىن ئايرىلىپ قېلىش مۇمكىن ئىدى. چېن دامو كۆپچىلىككە:

— يولداشلار، بىز ھازىر دەم ئالساق بولمايدۇ، ئادەملىرى-مىزنىڭ ھايات ـ ماماتلىقى نامەلۇم، بىز داۋاملىق ئالغا ئىلگىرى-لىشىمىز كېرەك، — دېدى. ئەمما توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى ئەمدى ماڭالمىدى، ئالدىدىكى جايلار ھەممىسى چەكسىز دەشت ـ قۇملۇق ئىدى، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى ماڭالمايتتى.

چېن دامو قولىنى شىلتىپ:

— قۇملۇققا پىيادە كىرىمىز، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ مېڭىشقا باشلىدى، شۇ ماڭغانچە يېرىم كېچىدىن ئۆتكۈچە ماڭدى. تاڭ سەھەردە ئالدىدا

كېتىۋاتقان ساقچى قالايمىقان تۆگە ئىزلىرى ۋە ئاياغ ئىزلىرىنىڭ كۈنپېتىشقا قاراپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى.

— بۇ تېررورچىلارنىڭ قېچىپ ماڭغان ئىزىمىدۇ ياكى ئالۋاستىلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلغان ئىزدەش گۇرۇپپىسىدىكەلەرنىڭ يولدىن ئېزىپ قېلىپ ماڭغان ئىزىمىدۇ؟ — دەپ سورىدى چېن دامو.

— مەن بۇ ئاياغ ئىزى بويىچە بېرىپ قاراپ باقاي، — دەپ تەكلىپ بەردى ما جيەنجۇڭ. ئۇ ئاياغ ئىزىنى بويلاپ 200 — 300 مېتىردەك ماڭغاندىن كېيىن ئۆچۈپ قالغان ئوت دۆۋىسىنى بايقىدى. ئۇنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا بۇ يېڭى قالانغان ئوت ئىدى، ئوت ئۈستىنى قۇم باسقانىدى. ئۇ ئېگىز بىر دۆڭگە چىقىپ، ئاياغ ئىزىنىڭ ئۇدۇل كۈنپېتىشقا قاراپ كەتكەنلىكىنى كۆردى، ئەمما، ئەتراپتا بىرەر ئادەمنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

ما جيەنجۇڭ قايتىپ كېلىپ بۇنى تەھلىل قىلدى:

— پەرىزىمچە بۇ تېررورچىلارنىڭ ئىزى!

— نېمە ئۈچۈن شۇنداق دەيسەن؟ — دەپ سورىدى كۆپچىلىك.

— مەن ئەلى بىلەن ۋاڭ لۇنىڭ ئىزىنى تونۇيمەن، بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ئىزى يوق. تېررورچىلار ئۇلارنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ كەتمىگەندۇ- ھە! قانداق قىلىمىز؟ ئارقىدىن قوغلايمىزمۇ ياكى قوغلىمايمىزمۇ؟ — دېدى ما جيەنجۇڭ.

چېن دامو قانداق قارارغا كېلىشنى بىلەلمەي قالدى، ئۇ ھەرقانداق بىر خاتالىق ئۆتكۈزسە زادى بولمايتتى. ئۇ يول باشلىغۇچى نىيازنىڭ پىكرىنى سورىدى:

— سىزنىڭچە قانداق قىلساق بولار؟

— يەنىلا ئاۋۋال ۋەقە يۈز بەرگەن جايغا بارايلى، — دېدى نىياز.

— ئەمىسە شۇنداق قىلايلى! — دېدى چېن دامو بۇ سۆز ئورۇنلۇق دەپ قاراپ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار يەنە بىر كۈن ماڭدى، قاراڭغۇ چۈشەي دېگەندە ئۇلار ئاخىر قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدىن قېچىپ چىققان

قۇربان شۇجى بىلەن ئىككى يېزا كادىرىنى ئۇچراتتى. بۇ ئۇچەيلەن-
نىڭ باش - كۆزى پۈتۈنلەي قان ، يۈز - كۆزلىرى ئىششىپ
كەتكەچكە كۆزلىرىنى ئاچالماي قالغانىدى.
گۆر ئاغزىدىن قېچىپ چىققان بۇ ئۇچەيلەن چېن دامو ۋە
ساقچىخانا باشلىقى ئەركىننى كۆرۈپلا ھۆڭرەپ يىغلاپ كېتىشتى،
بۇنى كۆرۈپ باشقا ئەترەت ئەزالىرىمۇ يىغلىشىپ كەتتى. بۇ ئۇچەي-
لەن سەل تىنچلانغاندىن كېيىن، چېن دامو ئۇلارغا نان ۋە سۇ
بەردى.
— ئەلى، ۋاڭ لىۇلارچۇ؟ — دەپ سورىدى چېن دامو
تىت - تىت بولغان ھالدا قۇربان شۇجىدىن.
قۇربان شۇجى ئەسلەپ مۇنداق دېدى:
— ئۇلار بىزنى ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرۇۋەتتى، ھوشىمىزغا
كېلىپ قارىساق، ئەلى بىلەن ۋاڭ لىۇ يوق. بەختىمىزگە يارىشا،
رەنا يوشۇرۇنچە بىزنى يېشىپ بوشىتىپ قويىدى، شۇنىڭ بىلەن
قېچىپ چىقتۇق.
— رەنا دېگەن كىم؟ — دەپ سورىدى چېن دامو.
— لەنگەر كەنتىدىكى قىز، ئادەتتە كۆرۈنۈشىدىن ياخشى قىز
ئىدى، ئۇنىڭ نېمە ئۇچۇن بۇ بۇزۇقلار بىلەن بىللە بولۇپ قالغانلى-
قىنى ئۇقىلى بولمايدۇ، — دېدى قۇربان شۇجى.
چېن دامو ئاۋۋال ساقچىخانا باشلىقى ئەركىننى توپا ئىتتىرىش
ماشىنىسى بىلەن قۇربان شۇجىلارنى ئاپىرىپ قويۇشقا بۇيرۇپ،
ئۆزى يولداشلارنى باشلاپ ئەلى ۋە ۋاڭ لىۇنى داۋاملىق ئىزدەش
قارارىغا كەلدى. چېن دامولار يەنە ئىككى سائەت ماڭدى، پۈتۈنلەي
قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. شۇ چاغدا، ئالدى تەرەپتە تۇرۇپ -
تۇرۇپ قولچىراغنىڭ يورۇقى كۆرۈندى. چېن دامو:
— ئۆز ئادىمىمىزدەك قىلىدۇ، ئوت يېقىپ ئۇلار بىلەن
ئالاقىلىشەيلى، — دېدى.
دەرۋەقە، ئۆز ئادەم ئىكەن، قارشى تەرەپ قولچىراغ بىلەن
بەلگە بەردى. ئەسلىدە، ھېلىقى 20 نەپەر قوراللىق ساقچىمۇ
يېتىپ كەلگەنىدى، ئىككى قوشۇن قوشۇلۇپ ھەممەيلەن خۇشاللىق-
قا چۆمدى.

— يەنە بىرنەچچە يەرگە ئوت قالاپ ئىسسىنىۋېلىڭلار، ھېچ-كىمنىڭ ئۇخلاپ قېلىشىغا رۇخسەت يوق، — دېدى چېن دامو سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن.

تاڭ ئەمدىلا غۇۋا يورۇشقا باشلىغاندا چېن دامو كۆپچىلىكنى يولغا چىقىشقا بۇيرۇدى. 30 نەچچە كىشىلىك قوشۇن قۇملۇقتا ئەگرى - بۈگرى سەپ تارتىپ مېڭىشقا باشلىدى.

كۆپچىلىك بەك ھېرىپ كەتكەنىدى، ئىككى ساقچى يەرگە ئولتۇرۇۋېلىپ:

— زادىلا ماڭالماي قالدىم، ماڭالمىدىم، — دېدى.

ئىلگىرى ئەسكەر بولغان، قۇملۇقنى ناھايىتى ياخشى بىلىدى-غان ما جيەنجۇڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئۇلارنى تېپىپ تىللاپ كەتتى:

— مېڭىش، مېڭىشمىساڭ مۇشۇ يەردە ئۆلىسەن، ئۆلمە-سەڭلا مېڭىشىڭ كېرەك!

تەجرىبىلىك نىياز كۆپچىلىكنى «ئالداپ»:

— ھەي، يىگىتلەر، تېزرەك مېڭىڭلار، ئالدىمىزدىكى يېقىنلا يەردە بىر قۇدۇق بار، يېرىم سائەتتىلا يېتىپ بارىمىز! — دېدى.

كۆپچىلىك سۇ بار دېگەن گەپنى ئاڭلاپ بىردىنلا جانلاندى، قەدەملىرىمۇ ئىختىيارسىز تېزلەشتى، بىراق، يېرىم سائەت ئۆتۈپ كەتتى، بىر سائەتمۇ ئۆتتى، نىياز دېگەن ھېلىقى كىشىنى قىزىق-تۇرىدىغان قۇدۇق كۆرۈنمەيتتى. نىياز يەنىلا جىددىي قىياپەتتە:

— مەن سىلەرنى ئالدىمىدىم، يەنە يېرىم سائەت ماڭساق، ھېلىقى سۈزۈك ھەم تاتلىق سۈيى بار بۇلاققا چوقۇم يېتىپ بارى-مىز، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، ئالاھەزەل چۈشلەر بولغاندا كۆپچىلىك ئاخىر نىياز يول بويى ماختاپ ئۇچۇرغان قۇدۇققا يېتىپ كەلدى. ئەمما، ئۇ پەقەت قۇملۇق ئارىسىدىكى بىر ئازگال ئىدى، ئازگال تېگىدە چوڭ چىنە ئاغزىدەك كېلىدىغان لاي سۇ تۇراتتى، بۇ قۇملۇقتىكى چارۋىچىلار كولىغان قۇدۇق ئىدى.

گەرچە قۇدۇق سۈيى ئاچچىق، بەك قىرتاق بولسىمۇ، چاڭقاپ كەتكەن كىشىلەر بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، ئارقا - ئارقىدىن ئازگالغا

چۈشۈپ سۇ ئىچتى. سۇ ئىچىدىغان قاچا بولمىغاچقا، كۆپچىلىك سۇنى مىنېرال سۇ بوتۇلكىسى ۋە كاسكىغا ئۇستى. كۆپچىلىك كىچىككىنە سۇ ئېغىزىنى كولاۋەرگەنىدى. دەرۋەقە، سۇزۇك سۇ چىقتى، كولىغانسېرى سۇ كۆپەيدى، سۇزۇلدى، كولاۋېرىپ ما جيەنجۇڭنىڭ قوللىرى قاناپ كەتتى، چېن دامو ئۇنى توسۇپ:
— ھەي كالا، بولدى، سەن زادى قانچىلىك سۇ ئىچەتتىڭ، — دېدى.
ما جيەنجۇڭ ناھايىتى چوڭ ئۈمىد بىلەن:
— ۋاڭ لۇ ۋە ئەلىلەرنىڭ بۇ سۇنى ئىچەلىشىنى بەك ئۈمىد قىلىمەن، ئۇلار ئىچەلمىگەن تەقدىردىمۇ قۇملۇقتا نىشاندىن ئېزىپ قالغان باشقا كىشىلەر ئىچەلىسە جانىنى قۇتۇلدۇرىدۇ، — دېدى.
كۆپچىلىك ما جيەنجۇڭنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باشقىدىن غەيرەتكە كەلدى.
قوشۇن يەنە يولىنى داۋاملاشتۇردى، كۈن ئولتۇراي دېگەندە ئۇلار ئاخىر ھېلىقى قورۇپ كەتكەن توغراقلىقنىڭ يېنىدىكى ئۆيگە كەلدى. ئۆينىڭ سىرتىدا بىر ئېغىل بولۇپ، قورقۇپ كەتكەن ئون نەچچە ئۆچكە ئۈنسىز ھالدا كەلگەن كىشىلەرگە قارىشىپ تۇراتتى.
ئۆي ئەتراپى گۆرىستاندەك جىمجىت ئىدى. ئۆي ئىچىدە ئادەم بارمۇ، ئۇلار كىرسە نېمە ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟ بۇ نامەلۇم ئىدى. چېن دامو قول ئاستىدىكىلەرگە ئىنچىكىلىك بىلەن ۋەزىپە تاپشۇرغاندىن كېيىن:
— ھۇجۇم! — دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.
قورallلىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرى ئالدى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئەپسۇسكى، ئۆيدە ۋە گەمىدە ئادەمنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.
ئەلى ۋە ۋاڭ لۇنى ئۇچرىتالمىغاچقا چېن دامونىڭ يۈرىكى قارت قىلىپ كەتتى: ئۇلار خەتەرگە يولۇققاندىمۇ؟ تۇتۇپ كېتىلگەندىمۇ؟
ما جيەنجۇڭ بىلەن يالقۇن ئېغىل ۋە ئۆي ئەتراپىغا قاراپ باقتى. ئۇلار تېررورچىلار ئەلى بىلەن ۋاڭ لۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ كۆمۈۋەتكەندىمۇ دەپ ئەندىشە قىلاتتى، ئەمما، ئەتراپتىكى قۇملۇق-

تا بىرەر نەرسە كۆمۈلگەن ئىز كۆرۈنمەيتتى.

ساقچىلار ئۆيدىن تېخى تولۇق كۆيۈپ بولمىغان «جەنۇبىي شىنجاڭ شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتى» نىڭ بايرىقى، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات تېزىسلىرى، يىغىن خاتىرىسى، خەنزۇلارغا قارشى، خەنزۇلارنى چەتكە قاقىدىغان خاتىرىلەر قاتارلىق بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىققا دائىر ئىسپاتلارنى تاپتى. يەنە ئېغىلدىن 10 نەچچە پىستان، 60 كىلوگرام پارتلاتقۇچ دورا، 20 مېتىر پىلىك ھەمدە ئېلېكتر سىمى، باتارېيە، توك سائىتى، ئامبۇر، ئېكەك قاتارلىقلارنى ئاختۇرۇپ تاپتى.

ئەمدى كېيىنكى قەدەمدە قانداق قىلىش كېرەك؟

ئىككى كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلىمىغان ساقچىلارنىڭ ئۆزلىرىنى يەرگە تاشلاپ بىردەم شۇنداق ئۇخلىۋالغۇسى بار ئىدى، ئەمما، چېن دامو ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ:

— بىز بۇ قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدە ئۇزۇن تۇرۇپ قالساق ھەرگىز بولمايدۇ، ھازىر مەن شۇنداق بۇيرۇق قىلىمەنكى: ئارقىمىزغا قايتىمىز، — دېدى. قاتتىق ھېرىپ كەتكەن ساقچىلار يەنە قايتىش سەپىرىگە ئاتلاندى.

ئۇلار تېخى بىر سائەتمۇ ماڭماي، سۆزلىشىش ئاپپاراتىدىن سىگنال كەلدى، ئەسلىدە ئىدارە باشلىقى ياڭ چىڭشەن يېمەكلىك ئېلىپ قۇملۇق ماشىنىسى بىلەن كېلىۋاتاتتى.

## 4

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، كېچىنىڭ سوغۇق شامىلىدىن ۋاڭ لۇ تىترەپ كەتتى. شۇ چاغدىلا، ئۇ پۈتۈن بەدىنىنىڭ مۇزلاپ كەتكەنلىكىنى سەزدى.

شىنجاڭدا «ئەتىگەندە جۇۋا كىيەر، چۈشتە شاتاۋا» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆز بار. بولۇپمۇ، قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدە چۈشتە تېمپېراتۇرا 30 نەچچە گرادۇسقا چىقسا، يېرىم كېچىدە نۆلدىن تۆۋەن 10 نەچچە گرادۇسقا چۈشۈپ قالاتتى. ۋاڭ لۇ قۇملۇققا كىرىشتىن ئاۋۋال پەلتو ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالغاچقا ھازىر زادىلا

چىداشلىق بېرەلمىدى، شۇڭا ئورنىدىن تۇرۇپ شەرققە قاراپ يۈ-گۈرۈپ بەدىنىنى قىزىتىپ سوغۇقتىن ساقلىنىشقا مەجبۇر بولدى.

قۇياش چىقتى، ۋاڭ لۇ قۇياش نۇرىغا چۆمۈلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا بىر ئىللىق ئېقىم تاراپ قەدىمى ئىختىيارسىز تېزلەشتى. قۇياش بارغانسېرى كۆتۈرۈلۈپ ئەتراپ ئىللىشقا باشلىدى، ئەمما، ۋاڭ لۇنىڭ ئىككى پۇتى بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتاتتى.

ئۇنىڭ ئايىغىنىڭ چەمى ئاجراپ كېتىپ، پۇتى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاغرىپ كەتتى، شۇڭا ۋاڭ لۇ ئايىغىنى سېلىپ تاشلىۋې-تىپ يولنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ كۆنچىقىشقا نەزەر تاشلىدى، پاياندى-سىز قۇملۇقنىڭ چېكى كۆرۈنمەيتتى. ۋاڭ لۇ ماغدۇرسىز هالدا قۇملۇقتا ياتاتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى يۇمۇپ شۇنداق بىر ئۇخلىۋال-غۇسى كەلدى.

ئۇ سوغۇق دەردىدىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، ئەمدى ئاچلىق ئازا-بى ئۇنى قىيناۋاتاتتى. تۈنجى كۈنى چۈشتىن تارتىپ هازىرغىچە 48 سائەت ئۆتتى، چىدىغۇسىز ئۇسسۇزلۇق ئۇنى ئازابلاۋاتاتتى، ئۇنىڭ لەۋلىرى تىلىم - تىلىم يېرىلىپ قاناپ كەتتى. ئۇ قان يۇقى لەۋلىرىنى يالاشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تيەنمۇنىڭ خۇشخۇي سىيماسى پەيدا بولدى، ئۇ بۇنىڭ بىر خىيالى سەزگۇ ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، تەقەززالىق ئىچىدە: «تيەن-مو، مەن ئۇسساپ كەتتىم، بەك ئۇسساپ كەتتىم،» دەپ ۋارقىرى-دى. ئەمما، ئەتراپ جىمجىت ئىدى. ۋاڭ لۇ بۇنىڭ بىهۇدە ئاۋارى-چىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن يەنىلا ۋارقىرى-دى: «تيەنمۇ، سۇ ئېلىپ كېلىڭ، مەن بەك ئۇسساپ كەتتىم،» ئەمما، ئەتراپتىن هېچقانداق سادا چىقمايتتى.

بىردىنلا ۋاڭ لۇنىڭ كۆزلىرىدىن بۇقۇلداپ ياش ئېتىلىپ چىقتى:

«تيەنمۇ، قورسىقىم ئېچىپ، بەك ئۇسساپ كەتتىم، بەدەنلى-رىم بەك ئاغرىۋاتىدۇ، سىز نېمىشقا تېخىچە كەلمەيسىز؟ مەن زادىلا چىدىيالماي قالدىم، زادىلا چىدىيالمىدىم، ئەگەر مەن ئۆلۈپ كەتسەم سىز قانداق قىلىسىز؟»

ۋاڭ لۇ كۆڭلى بۇزۇلغان هالدا ئۆكسۈپ يىغلايتتى، ئۇ: بىرەر سادا چىقمايدىغۇ، جاھان مېنى ئۇنتۇپ كەتكەندىمۇ، مەن مۇشۇنداق ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ؟ مەن تېخى بىرەر دېلونىمۇ ئىشلەپ باقمىغان تۇرسام، مەن ھەرگىز تەن بەرمەيمەن، دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئۇ بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، توغراغلىقتا جىددىي تۇردە نەزەر تاشلىدى، ئاخىر ئۇ تېخى تولۇق قۇرۇپ كەتمىگەن بىر توغراقنى كۆردى.

ۋاڭ لۇ بۇ توغراقنىڭ قوۋزىقىنىڭ ئىچ پوستىنىڭ ھەممىسىنى سويۇپ يەپ بولدى.

ۋاڭ لۇنىڭ تېنىگە ماغدۇر كىردى، ئۇ ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇردىكى ما تيەنمۇغا قەسەم بېرىپ: «تيەنمۇ، تېنىمگە ئازراق ماغدۇر كىردى، مەن بۇ يەردىن چوقۇم چىقىپ كېتىشىم كېرەك، قاراپ تۇرۇڭ، مەن بۇ قۇملۇقتا ئۇن - تىنسىزلا جىمجىت ئۆلۈپ كەتسەم ھەرگىز بولمايدۇ» دېدى.

ۋاڭ لۇ يەنە بىر قۇم دۆڭىدىن ئۆتتى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر سېغىز تۇپىلىق بەلۋاغ كۆرۈندى، ئۇنىڭ بۇرنىغا نەم توپا ھىدى ئۇرۇلدى، ئۇ كۆڭلىدە: قۇملۇقتىن چىقىپ بولاي دەپ قاپتىمەن، دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ بۇرنى بىر كېڭىيىپ بىر تارىيىپ، نەم توپا ھىدىنى كۈچىنىڭ بارىچە سۇمۇرەتتى. ئۇ يەردە يېتىپ توپىنى كولاشقا باشلىدى. ئۇ يەرنى ئىككى غېرىچتەك كولىغان بولسىمۇ، ئەمما سۇ چىقمىدى. ئۇ كىيىمىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋېتىپ مەيدىسىنى يېقىپ، ھېلىقى ئۆرەككە بېشىنى تىقىپ، نەم توپا ھىدىنى پۇرىدى.

ئۇنىڭ ئاغزىغا ھېچ نەرسە سالمىغىلى، بىرەر يۇتۇم سۇ ئىچمىگىلى مانا تولۇق ئۈچ كۈن بولدى، ئاچلىق ۋە سوغۇق ئۇنى قىينايتتى، پۇتلىرى يىرىڭلاپ كەتكەندى، ئەمما، ۋاڭ لۇ يەنىلا ئورنىدىن تۇردى، ئۇ پۇتلىرىنىڭ يىڭنە سانجىۋاتقاندەك ئاغرىقىنىغا قارىماي يەنىلا يولنى داۋاملاشتۇردى.

يېرىم كېچىلەر ئەتراپىدا بەدىنى قاتتىق ئاجىزلاپ كەتكەن ۋاڭ لۇ ئالدى تەرەپتە چىراغ نۇرىنى كۆردى، ئۇ دەلدەڭلەپ ئالغا ئىلگىرىلىدى.

پېشقەدەم چارۋىچى سادىق ۋە ئۇنىڭ ئايالى ئۇخلاپ قالغانىدى. ئۇ بىردىنلا قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ بىر تىۋىشقا قۇلاق سالدى ۋە ئايالىغا:

— بىرسى ئىشىكنى ئۇرۇۋاتقاندەك قىلىدۇ، مەن چىقىپ قاراپ باقاي، — دېدى.

سادىق بوۋاي ئايالىنىڭ قولىدىن قولچىراغنى ئېلىپ دەرۋازىغا كەلدى. ئۇ دەرۋازىنى ئېچىشقا بىر يىگىت زەئىپ ئاۋاز بىلەن:

— مەن ساقچى، — دېدى - دە، ئۇنىڭ قۇچىقىغا يىقىلدى.

سادىق بوۋاي چۆچۈپ كەتتى - دە، دەرھال:

— ھەي خوتۇن، تېز بول، بىر ساقچى ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ قالدى، — دېدى.

ئۇنىڭ ئايالى يۈگۈرۈپ كېلىپ، قولچىراغنى ياندۇرۇپ:

— بۇ تېخى بىر بالا ئىكەنغۇ، تېز ئۇنى يۆلەپ ئۆيگە ئەكىرەيلى، — دېدى.

— جۆيلۈۋاتامسەن، ئۇ ماڭالمايدىغان تۇرسا، ياردەملەش، ئۇنى يۈدۈپ ئۆيگە ئەكىرەي، — دېدى سادىق بوۋاي خوتۇنىغا ئالىيىپ.

سادىق بوۋاي ۋاڭ لۇنى يۈدۈپ ئۆيگە ئەكىرىپ كاڭغا ياتقۇزدى. ۋاڭ لۇ زەئىپ ئاۋاز بىلەن:

— سۇ، سۇ! — دەپ ئىڭرايتتى.

ئۇنىڭ ئايالى ئاشخانىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، بوۋايغا:

— بوۋاي، چايداندا قايناق سۇ قالمىغانىدى، مەن ھازىرلا قايناق سۇ قايناتاي، — دېدى.

— ھەي، سەن قايناق سۇنى قايناتقىچە بولغۇچە بۇ بالا ئۆلمەمدۇ! — دېدى ۋارقىراپ سادىق بوۋاي.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ ئۇنىڭغا سوغۇق سۇ ئىچكۈزسەك بولمايدۇ، سوغۇق سۇ ئىچسە ئۇ ئاغرىپ قالىدۇ، — دېدى موماي ئالدىراپ كەتكىنىدىن.

— ئۆيدە سۇ يوق، يۇمشاقراق بىرەر نەرسە بولسا شۇنى بىرەيلى، — دېدى سادىق بوۋاي ئويلىنىپ.

موماي بىردىنلا بىر نەرسە ئېسىگە كەلگەندەك خۇشاللىق بىد-

لەن:
— توختاپ تۇرۇڭ! — دېدى - دە، ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى؛ ئۆزۈن ئۆتمەي ئاشخانىدىن چىنىگە چېقىلغان تۇخۇمنى كۆتۈرۈپ چىقتى:
— ئۆيدە مۇشۇ تۇخۇملا قاپتىكەن، بۇ بالىغا ئىچۈرەيلى، ئۇ قورساقنى ئاغرىتمايدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ.
— ھەي خوتۇن، ئۇنىڭغا قوشۇق بىلەن ئىچۈز، بۇ بالا بولالمايلا قاپتۇ، — دېدى سادىق بوۋاي.

## 5

نەن نازىر جۇڭ چېڭنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تىت - تىت بولغىنىدىن زادىلا ئولتۇرالمىدى - دە، نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر جۇڭ چېڭ بىلەن بىللە ئىگەرچى يېزىسىغا بارىمەن، دەپ تۇرۇۋالدى.
جۇڭ چېڭ ئۆزىنىڭ ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ بالا تېرىپ قويغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا چوڭراق تىنىشقىمۇ پېتىنالمايۋاتاتتى، ئۇنىڭمۇ قورقىدىغان چاغلىرى بار ئىدى.
نەن نازىر جۇڭ چېڭنىڭ مىتسۇبىش ماركىلىق دالا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ، «ماڭايلى» دەپ ئىشارەت قىلدى. نەن نازىرنىڭ چىرايى قارىداپ كەتكەن، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايتتى، جۇڭ چېڭ تېخىمۇ ئۆكۈنۈشكە باشلىدى.
ئۇلار ئىگەرچى يېزىسىغا قايتىپ كەلگەندە ساقچىخانا باشلىقى ئەركىن قۇربان شۇجىنى ئېلىپ قايتىپ كەلگەنىدى، نەن نازىرنىڭ چىرايى سەل ئوڭلاندى. ئەمما، ئىككى رازۋېدكىچىدىن ھازىرغىچە خەۋەر يوقلۇقنى ئاڭلىغاندا يەنە تېرىكىپ كەتتى. ئۇ جۇڭ چېڭغا:
— ئۇلارنى ھېلىقى ئەبلەخلەر تۇتۇپ كەتكەندىمۇ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى قېچىپ كەتكەندىمۇ — دېدى مۇلاھىزە ئەرىقىدە.
— بۇ ھازىرچە ئېنىق ئەمەس، ئەمما، مەن قوملۇق ئەتراپىدىكى بارلىق كەنتلەردە قۇتقۇزۇش ۋە قوغلاپ تۇتۇشقا قوماندانلىق قىلىش شتابى قۇردۇم، ھەممە يەرگە ساقچىلار قويۇلدى، —

دېدى جۇڭ چېڭ ئېھتىيات بىلەن.

— مەن ھېلىلا ج خ نازارىتى بىلەن ئالاقىلىشىپ، GPS سۇنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ئورۇن بەلگىلەش سىستېمىسىدىن پايدىلىنىپ، تېرروررچىلارنىڭ ئۇۋىسىنى مەركەز قىلىپ تۆت ئەتراپقا قاراپ ئادەم ئىزدەش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم، بۇ بىزنىڭ ئىككىنچى لايىھىمىز، — دەپ ئېلان قىلدى نەن جېنجۇڭ.

— مەن يەنە ئۈچىنچى بىر لايىھە تۈزدۈم، — دېدى جۇڭ چېڭ. نەن جېنجۇڭ جۇڭ چېڭنىڭ بۇرنىغا نوقۇپ تۇرۇپ:

— جۇڭ چېڭ، مېنىڭ سېنىڭ ئەچچىنچى لايىھە بويىچە ئىش قىلىشىڭ بىلەن كارىم يوق، ئىشقىلىپ، ھەرقانداق بەدەل كېتىشىكە قارىماي ئىككى رازۋېدكىچىنى تېپىش كېرەك ، ھايات بولسا ئۆزىنى، قۇربان بولغان بولسا جەسىتىنى تېپىشىمىز كېرەك! — دېدى.

جۇڭ چېڭنىڭ يۈرىكى شۇ تاپتا خۇددى ئوتتا پۇچىلانغاندەك قاتتىق ئازابلاندى، ئۇ: ئەگەر بۇ ئىككى رازۋېدكىچىنى تاپالمساق ئىستېپا بېرىشىمگە توغرا كېلىدۇ، دەپ ئويلىدى. ئەمما ئۇ يەنىلا: «خوپ!» دېيىشى كېرەك ئىدى.

نەن جېنجۇڭ بىردىنلا ئۆزىنىڭ پوزىتسىيىسىنىڭ بىر ئاز چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى. ئۇ تەلەپپۇزىنى سەل يۇمشىتىپ:

— سۇنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ئورۇن بەلگىلەش سىستېمىسىنى ئىشلىتىش ناھايىتى ياخشى چارە، باشقا جەھەتلەردىن يەنە قېيىنچىلىق بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— يوق! — دەپ جاۋاب بەردى جۇڭ چېڭ.

نەن جېنجۇڭنىڭ چىرايى خېلىلا ئەسلىگە كەلدى. ئۇ جۇڭ چېڭغا تەسەللى بېرىپ:

— قايسى گېنېرال جەڭدە قان ئاققۇزمىغان، قايسى جەڭدە بىزنىڭ ئاتاكىغا ئۆتكەن نۇرغۇن جەڭچىلىرىمىز قۇربان بولمىغان؟ جۇڭ چېڭ، ئالدىراپ كەتمە، — دېدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزى ھەم جۇڭ چېڭغا تەسەللى بېرىش، ھەم ئۆزىگە تەسەللى بېرىش ئىدى.

## 6

— ھازىر ئۈچ كېچە - كۈندۈز بولدى، دېگىنە، بۇلار ھازىر ھاياتمىدۇ؟ — دېدى ما جيەنجۇك قاتتىق قايغۇ ئىچىدە يالقۇنغا.

شۇ تاپتا، ئۇلار ئىككىسى قۇملۇقنىڭ چېتىدىكى ئائىلىلەردە ئۆيمۇ ئۆي ئاختۇرۇپ، ئەلى بىلەن ۋاڭ لۇنى ئىزدەۋاتاتتى.

— ما جيەنجۇك! ئاغزىڭنى يۇم، ئۇلار تېپىلمىغانىكەن، چوقۇم ھايات، — دېدى يالقۇن ئاچچىقى بىلەن.

ئۇلار ئىككىسى سادىق بوۋاينىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلدى، ما جيەنجۇك ئاغرىنىپ:

— بۇ ئادەم نېمىشقا كەنتتىن شۇنداق يىراق يەردە ئولتۇرۇۋالغاندۇ؟ ئۇ چوقۇم تەنھا بوۋاي بولسا كېرەك، — دېدى.

سادىق بوۋاي دەرۋازىنىڭ قېقىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئايالىغا:

— سەن بۇ ساقچىغا قاراپ تۇر، مەن چىقىپ قاراپ باقاي، مەن ساڭا قول ئىشارىتى قىلغۇچە سەن ھەرگىز چىقما! — بوۋاي ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۇ ھەيران قالغان ھالدا ئۇلارنىڭ كىملىكىنى سورىماقچى بولدى:

— سىلەر...

— بوۋا، بىز ساقچىلار، — دېدى يالقۇن. بوۋاي دەرۋازىنى ئېچىپ ئۇلارنى ھويلىغا كىرىشكە تەكلىپ قىلدى.

— بوۋا، بۇ ئىككى كۈندىن بۇيان ئۆيىڭىزگە ناتونۇش ئادەم كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى يالقۇن.

— قانداق ناتونۇش كىشى؟ — دەپ سورىدى سادىق بوۋاي قەستەن.

— مەن بۇنى بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن، بۇ ئادەملەرنىڭ ئىچىدە ياخشى ئادەملەرمۇ بار، يامان ئادەملەرمۇ بار. بۇ ئىككى كۈندىن بۇيان ئۆيىڭىزگە ناتونۇش ئادەملەر كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى يالقۇن سەل ئويلىنىۋېلىپ.

بوۋاي سەل ئىككىلىنىپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى.

— مەن سىلەر ئىزدەۋاتقان ئادەمنىڭ ياش ياكى قېرى ئىكەن-

لىكىنى، ئۇيغۇر ياكى خەنزۇ ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن؟ — دېدى ئۇ.
يالقۇن بۇنىڭدا بىر گەپ بارلىقىنى ھېس قىلىپ:
— بوۋا ئۇيىڭىزگە قانداق ئادەم كەلدى؟ — دەپ سورىدى.
— سىز ئۇزىڭىزنى ساقچى دەۋاتىسىز، مەن سىزنىڭ كېنىشكىڭىزنى كۆرۈپ باقاي، — دېدى بوۋاي ئېھتىيات بىلەن.
يالقۇن ساقچىلىق كىنىشكىسىنى چىقىرىپ بوۋايغا ئۇزاتتى:
— بوۋا كۆرۈپ بېقىڭ.
سادىق بوۋاي بىردىنلا يالقۇننىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ:
— كەلگىنىڭلار ناھايىتى ياخشى بولدى، ئالدىنقى كۈنى كېچىدە قوملۇقتىن بىر يىگىت كەلدى، ئۇ ئۆزىنى ساقچى دەيدۇ، مىلتىقى بار ئىكەن، ئۇنىڭ راست ساقچى ياكى يالغان ساقچى ئىكەنلىكىنى بىلمىدىم، ئايالىم ئۇنىڭغا تۇخۇم شورپىسى قايناتىپ بەردى، شوۋىگۇرۇچ ئېتىپ بەردى، ھازىر ئۇ كاتىدا قاتتىق ئۇخلاۋاتىدۇ، — دېدى.
يالقۇن بىلەن ما جيەنجۇڭ ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكىنى ھېس قىلىپ، دەرھال جەڭگە تەييارلاندى، ئۇلار بىرسى سولدىن بىرسى ئوڭدىن ئۆيگە ئېتىلىپ كىردى، ما جيەنجۇڭ كارىۋاتتا ياتقان ئادەمنىڭ ۋاڭ لۇ ئىكەنلىكىنى تونۇپ:
— ۋاڭ لۇ ھايات ئىكەنسەن! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى.
يالقۇنمۇ ئىنتايىن خۇشاللىق بىلەن:
— راستتىنلا سەن ئىكەنسەن! قارا بۇ يەرگە كېلىپ بىخىرامان ئۇخلاپ ياتقىنىڭنى! — دەپ ۋارقىرىدى.
ئايرىلىپ كەتكىنىگە بىرنەچچە كۈن بولغان سەپداشلىرىنى كۆرۈپ ۋاڭ لۇ خۇددى ئۆزىنى ئۆلۈم گىردابىدىن قايتىپ كەلگەندەك ھېس قىلدى. ئۇ:
— ما جيەنجۇڭ، يالقۇن، سىلەر ئاخىر كەلدىڭلار، مەن ئۆزۈمنى قايتىپ كېتەلمەسمەنمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم، — دەپ يىغلاپ كەتتى.
ئۇچەيلەن قۇچاقلىشىپ قاتتىق يىغلاشتى.
سادىق بوۋاي بۇ ھالەتنى كۆرۈپ تەسىرلىنىپ كەتتى:

— باللىرىم، يىغلىماڭلار، ئاۋۋال چاي ئىچىڭلار، سىلەر ياخشى دوست ئىكەنسىلەر، گېپىڭلارنى ئالدىرىماي قىلىشىۋېلىڭلار، ۋاقىت تېخى كۆپقۇ!

— بوۋا، رەھمەت سىزگە، سىز بىزنىڭ قېرىنداشىمىزنى قۇتقۇزۇۋالدىڭىز، — دېدى يالقۇن ياشلىرىنى سۈرتۈپ، سادىق بوۋاينى قۇچاقلاپ تۇرۇپ.

— ئاللا سىلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ، — دېدى سادىق بوۋايمۇ يالقۇننى قۇچاقلاپ تۇرۇپ.

ما جيەنجۇڭ دەرھال يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ يېنىدىكى ھەممە پۇلنى ئېلىپ مومايغا تۇتقۇزدى ھەمدە ئۆكسۈپ تۇرۇپ:

— موما، سىز بىزنىڭ قېرىنداشىمىزنى قۇتقۇزۇۋالدىڭىز، سىزنىڭ بۇ چوڭقۇر شەپقىتىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمىز، بۇ مې- نىڭ ئازراق كۆڭلۈم، — دېدى.

موماي ما جيەنجۇڭنىڭ قولىنى ئىتتىرىپ:

— بالام، بۇ پۇلنى مەن ئالالمايمەن، سىلەر مېنىڭ باللى- رىمغا ئوخشاش، مەن بۇ بالامغا ئىككى تۇخۇمدا شورپا قىلىپ بەردىم، بۇنىڭغا پۇل ئالامدىمە؟ بۇ گەپ باشقىلارنىڭ قۇلىقىغا يەتسە بىزنى زاڭلىق قىلىدۇ. مەن ئالمايمەن، بۇ پۇلغا بۇ بالامغا ياخشى نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىڭلار، ئۇنىڭغا قۇۋۋەت بولسۇن، ئۇنىڭ پۇتى ئۇششۇپ قاپتۇ، — دېدى.

ۋاڭ لۇ تىرىشىپ - تىرمىشىپ يەرگە چۈشتى، ئۇ دەلدەڭلەپ موماي بىلەن بوۋاينىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇلار بىلەن قۇچاقلاشتى:

— بوۋا - موما، مېنىڭ ئىسمىم ۋاڭ لۇ، مەن جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق ج خ ئىدارىسى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش 1 - ئەترىتىنىڭ رازۋېدكىچىسى، رەھمەت سىلەرگە، سىلەر مېنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭلار، بۇنىڭدىن كېيىن سىلەر مېنىڭ ئاتا - ئانام، بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرگە ئوق ئېتىلسا مەن ئۆز تېنىم بىلەن توسۇۋالىمەن، سىلەرنىڭ بۇ شەپقىتىڭلارغا ئۆز ھاياتىم بىلەن جا- ۋاب قايتۇرىمەن، — دېدى.

موماي يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ:

— بالام، سىز تېخى ئەمدىلا ئورنىڭىزدىن تۇردىڭىز، ئۇنداق

گەپلەرنى قىلماڭ، سىز تېخى ئۆزۈڭ ياشايسىز، مومىڭىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاڭ، قايتىپ بېرىپ تېنىڭىزنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈڭ، پۇتىڭىزنى ھەر كۈنى ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇپ بېرىڭ، ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئاسارەت قېلىپ قالمىسۇن، — دېدى.

— بوۋا - موما، مەن كۆپ بىر نەرسە دېيەلمەيمەن، ماڭدىم، بىزنىڭ يەنە بىر قېرىندىشىمىز تېپىلمىدى، مەن بېرىپ ئۇنى تېپىشىم كېرەك، — دېدى ۋاڭ لۇ ئاۋازى بوغۇلغان ھالدا.

يالقۇن بىلەن ما جيەنجۇڭ ۋاڭ لۇنى نۆۋەتلىشىپ يۈدۈپ كەنتتىن چىقتى، ۋاڭ لۇ ئۈچ كۈندىن بۇيان سۇ ئىچمىگەچكە ئۇنىڭ بۆرىكى سەل زەخىملەنگەنىدى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا بوستان شەھەرلىك دوختۇرخانىغا داۋالاشقا ئېلىپ بېرىلدى.

نەن نازىر ۋاڭ لۇنىڭ تېپىلغانلىقىنى ئاڭلىغاندا ھاياجانلانغانلىقىدىن كۆزلىرىگە ياش ئالدى، ئۇ جۇڭ چېڭنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— بىزنىڭ رازۋېدكىچىلىرىمىز ھەقىقەتەن يارايدۇ، ئۇلار ئۆلۈمنى يەڭدى، يەنە بىر رازۋېدكىچىنىمۇ چوقۇم تېپىشىمىز كېرەك! — دېدى.

# ئون يەتتىنچى باب

## 1

ج خ نازارىتى سۇنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ئورۇن بەلگىلەش CPS سىستېمىسىنى ئىشقا سالغانلىقى ئۈچۈن ما تيەنمۇ ناھايىتى تېزلا قولغۇلىقتىكى ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپتى.

ئۇ ۋاڭ لۇنىڭ بىخەتەرلىكىدىن بەك ئەنسىرىگەچكە، ئىبرا. ھىمنى زىيارەت قىلغاندا دىققىتىنى تازا يىغالمىدى.

ئىبراھىم ما تيەنمۇنىڭ كەيپىياتىدىكى بەزى غەيرىيلىكلەرنى سەزگەندىن كېيىن:

— مۇخبىر، بىز ئىختىيارىي ھالدا پاراڭلىشايلى، — دې-دى.

ما تيەنمۇ ئۆزىنىڭ خىيالىنىڭ باشقا ياققا كېتىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇڭا دەرھال روھىي ھالىتىنى تەڭشىۋالدى - دە:

— قوشۇلىمەن، — دېدى.

— سىزدىن بىرقانچە سوئال سورىسام كۆڭلىڭىزگە ئالماس - سىز، — دېدى ئىبراھىم سەممىيلىك بىلەن.

— قوشۇلىمەن، بىز مۇخبىرلار زىيارەت قىلىنغۇچىدىن سوئال سورىيالماسلىقىمىزدىن، زىيارەت قىلىنغۇچىغا سوئال قو-يالماسلىقىمىزدىن بەك ئەنسىرەيمىز، — دېدى ما تيەنمۇ خۇشال-لىق بىلەن.

— قىزچاق، سۆيگىنىڭىز بارمۇ؟

— ھەئە.

— توي قىلىشنى ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ؟

— ياق.

— نېمە ئۈچۈن؟

— مەن مۇھەببىتىمنىڭ ئۇزۇن داۋاملىشالماسلىقىدىن، مۇ-

ھەيبىتىمدىن ئۈمىدسىزلىنىپ قېلىشىمدىن بەك ئەنسىرەيمەن.
— سىز يۈزدەيۈز مۇكەممەللىك تەرەپدارى ئىكەنسىز.
— ئەمەلىيەتتە يۈزدەيۈز مۇكەممەللىكنى تەلەپ قىلىشنىڭ ئۆزى بىر نۇقسان.
— سىز بىر ئائىلىگە موھتاج ئەمەسمۇ؟
— مەن ئىلگىرى ھەقىقەتەن تىنچ بىر ئائىلە قۇرۇشنى ئويلىغان، ئەمما كېيىن مەن ئۆزۈمنىڭ دېڭىزدىكى پاراخوتتا لەيلەپ يۈرگەنلىكىمنى بايقىدىم. ئېيتىڭە، قىرغاقتا توختىيالمىغان بىر كېمىگە چىققان ئادەمنىڭ ئائىلىسى بولامدۇ؟
— سىز مېنىڭ ياش ۋاقتىمدىكى ھالىتىمگە ئىنتايىن ئوخشايدىكەنسىز.
— قايناق ھېسسىيات، غايە، نىشان توغرىمۇ؟ نىشانىڭىزنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟
— ئىتالىيىدە فاراسى ئىسىملىك بىر ئايال مۇخبىر بار ئىكەن. مەن ئاشۇ فاراسى بولۇشنى خالايمەن.
— قىزىق يېرى شۇكى، مەنمۇ ئۇنىڭ ماقالىلىرىگە دىققەت قىلىمەن، ئۇ ئۆزگىچە پىكىرلىك بىر ئايال ئىكەن.
— مېنىڭچە، زىيارەت قىلىش ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشلىرىكەن، ئائىلە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا خۇددى كېرەكسىز بولمىغان، بىر چەتكە تاشلاپ قويغان ئورۇندۇق ئىكەن.
— مېنىڭچە، سىز ئالاھىدە بىر ئايال ئىكەنسىز. ئەگەر مەن خاتا ئويلىمىغان بولسام سىز بۇنىڭدىن كېيىن چوڭ - چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىدىكەنسىز.
— سىز بىلەن سۆھبەتلىشىپ روھىي ھالىتىم ناھايىتى ياخشى بولۇپ قالدى.
— ھە، مەن خۇددى ئۆزۈمنىڭ ياش ۋاقتىمدىكى چېغىم بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن.
— سىز پۇشايمان قىلىپ باققانمۇ؟
— سىز مېنى ناھايىتى كۆپ نەرسىلەردىن مەھرۇم بوپتۇ دەپ قارامسىز؟ توغرىمۇ؟ ئەمىسە ئۆزىڭىزچۇ؟
— چۈنكى، مېنىڭ مۇھەببىتىم بولغان، گەرچە مېنىڭ بىر

خاتىرجەم ئائىلەم بولمىغان بولسىمۇ، مېنىڭ مۇھەببىتىم بولغان.
— بۇ سىز بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدىكى ناھايىتى چوڭ پەرق-كەن، ئۆز كەسپىمدىن باشقا مېنىڭ ھېچنېمەم يوق.
— ئېھتىمال سىزنىڭ كەسپى ئىشلىرىڭىز ئاخىر يوق بولۇپ چىقىشى مۇمكىن؟
— شۇنداق بولارمۇ؟
— سىز ئۇنداق بولامسىز؟
— سىز ئاددىي قىز ئەمەسكەنسىز.
— مەن تېخى ئۆزۈمنىڭ ماھىيىتىمنى ھەقىقىي تونۇپ يې-تەلمىدىم، ئەمما بۈگۈن سىز مېنىڭ ئۆزۈمنى ئازراق تونۇشۇمغا ياردەم بەردىڭىز، — شۇ گەپنى دەپ بولغاندىن كېيىن ما تيەنمۇ بۇ يەردىن كېتىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ بەك تىتىلداپ كېتىۋاتات-تى، ھازىرلا ۋاڭ لۈنىڭ خەۋىرىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلاتتى. ئەگەر، زۆرۈر تېپىلسا ئۇ بوستان شەھىرىگە بېرىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ يەرگە بېرىپ زىيارەت قىلىشنىڭ سەۋەبىنى ئاسانلا تاپالايتتى. ۋاڭ لۇ ئۇنى سۆيمىسىمۇ مەيلى، ئەمما ئۇ يەنىلا ۋاڭ لۈنى سۆيۈپ كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ قەلبىدىكى مۇھەب-بەت گوياكى يالقۇن ئىدى. باشقىلار ئۇنى سېزىۋالالمايتتى، ئەم-ما، ئۇ ئۆزى بۇ مۇھەببەت ئوتىنىڭ قەلبىدە قانداق يېنىۋاتقانلىقى-نى بىلەتتى. پەقەت، مۇھەببەت ئوتى قەلبىدە يېنىپ تۇرسىلا ئۇ قانائەتلىنەتتى، ئۇنىڭ ھاياتى مەنىلىك بولغان بولاتتى.
ئۇلار ئەنە شۇنداق سۆھبەتلىشىۋاتاتتى، يۈسۈپ ياندىكى ئۆيدە ئۈن ئېلىۋاتقاندا ئاۋاز چىقىرىپ سالدى. ما تيەنمۇ سەل چۆچۈپ:
— ئۆيدە يەنە باشقا ئادەم بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.
ئىبراھىم ئالاقزادە بولۇپ:
— ئۆز ئادەم، ئۇ كۈن بويى بېشىنى پۈركەپ ئۇخلاشنىلا بىلىدۇ، ئۇ بىر توغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللانمايدىغان ئەبلەخ.
— يۈسۈپ، تۇر ئورنۇڭدىن، مېھماننى ئۇزىتىپ قويايلى، — دېدى.
شۇ كۈنى كەچ ما تيەنمۇ ئىبراھىمنىڭ ئۆيىدىن كەتكەندىن كېيىن، يۈسۈپ ئۆزى ئوغرىلىقچە تارتىۋالغان ما تيەنمۇنىڭ رە-

سىملىرى ۋە ئۇنئالغۇ لېنتىسىنى ئىبراھىمغا بەردى، ئاندىن ئۇلار بۇ ماتېرىياللارنى ئايگۈلگە بەردى ھەمدە ئايگۈلنىڭ مۇناسىۋەتلىك يوللار ئارقىلىق تېزدىن ما تىيەنمۇنىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىنى ئېنىقلىشىنى ئۈمىد قىلدى. ئىبراھىم ئۆمرىدە ھازىرغىچە تېخى ھېچكىمگە ئىشىنىپ باقمىغانىدى.

## 2

ئايگۈل ناھايىتى تېزلا قۇملۇقتا يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىلدى. ئۇ ۋاڭ لۇ چوقۇم قۇملۇقتا دەپ پەرەز قىلدى.

ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىككى كۈندىن بۇيان ئايگۈلنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى يامان ئىدى. تۈنۈگۈن ئۇنىڭ دادىسى مامۇت مەكتەپكە ئۇنى ئىزدەپ كەلدى ھەمدە تىت - تىت بولغان ھالدا:

— رەنا يوق تۇرىدۇ، — دېدى.

ئۇنىڭ يۈرىكى قارت قىلىپ كەتتى، ئۇ رەنانىڭمۇ قۇملۇقتا ئىكەنلىكىنى بىلدى، ئۇ سىڭلىسىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن قاتتىق ئەنسىرىدى. ئەمما، قورۇق تەسەللىدىن باشقا ئۇ دادىسىغا ھېچقانداق تەسەللى بېرەلمەيتتى.

ھازىر ئۇنىڭ ئەركىن دېگەن بۇ ئەبلەخكە قاتتىق ئۆچلۈكى كېلىپ كەتتى. ئۇ ئەركىننىڭ ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنى ۋەيران قىلغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. ئەمما، ئۇنىڭ دادىسى چارىسىز ئىدى. ئۇ دادىسىغا:

— سىز چەت ئەلگە چىقىپ تۇغقانلىرىمىزنى كۆرۈپ كەلسىڭىز بولارمىكىن، — دېدى.

مامۇت ناھايىتى خاتىرجەمسىزلەنگەن ھالدا:

— ئەمما ھازىر رەنا يوق تۇرسا؟ — دېدى.

ئايگۈل ھېچنېمىنى ئويلىمايلا:

— ئۇ ئۆزى بولۇشقا تېگىشلىك جايدا، ئۇ يەرگە ئۇ ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن كەتكەن، — دېدى.

مامۇت بەك پۇشايمان قىلدى. ئۇ ناھايىتى روھى چۈشكۈن ھالدا:

— ئۆزۈمنىڭ شورى، كىم مېنى ئەركىنلىكنى تېپىپ كەلسۇن دەپتۇ؟ — دېدى.

ئايگۈل دادىسىدىن رەنجىپ:

— دادا، بۇ ھەقىقەتەن سىزنىڭ خاتالىقىڭىز، سىز ئەركىندىن ئۆزىڭىزنى تارتىشىڭىز كېرەك ئىدى. سىز ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنى تازا ياخشى بىلەلمىگەچكە خاتا ھۆكۈم قىلدىڭىز، — دېدى.

مامۇت تىت - تىت بولغان ھالدا:

— قانداق قىلساق رەنانى تاپالايمەن؟ — دېدى.

ئايگۈل خورسىنىپ:

— سىز ئىككى قىزنى بېقىپ چوڭ قىلدىڭىز، ئەمما سىز ناھايىتى بەختسىز، ھازىر قىزلىرىڭىز سىزگە مەنسۇپ ئەمەس، سىزنىڭ ئېرىشكىنىڭىز ئىككى يېنىڭىزدا يوق ئادەم، — دېدى.

مامۇت تېرىكىپ:

— ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەن تۇرسا، سېنىڭ مۇنداق سوغۇق گەپ قىلغىنىڭ نېمىسى؟ — دېدى.

— ئەمدى بۇ ھەقتە چۈشەندۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق، رەنانى تېپىش مۇھىم، شۇنداقمۇ؟

ئايگۈل ئۆزى بوستان شەھىرىگە بېرىش نىيىتىگە كەلدى، ئۇ دادىسىنى ئاۋۋال ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئارقىدىن ئۆزى ماڭماقچى بولدى.

## 3

ئەلى قۇملۇقتىكى ماشىنا ئىزىنى بويلاپ داۋاملىق ئىلگىرىلەيتتى. گەرچە ئۇ ئەتىگەندىن چۈشكىچە، چۈشتىن تاكى قاراڭغۇ چۈشكىچە ماڭغان بولسىمۇ بىرەر ئادەمنىڭ قارىسىنىمۇ ئۇچرىتالمىدى. ئۇ يەنە مېڭىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇنىڭ قورسىقى ئاچقان، ئۇسسىغان ھەم بەك ھېرىپ كەتكەنىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر خىيال كەلدى: ئۇ بوۋىسىنىڭ دائىم چۆلدە سەپەر قىلغان ئادەم ھەمىشە ئۇسسىغاندا ئاتنىڭ سۈيدۈكىنى ئىچىدۇ دېگە-

نىنى ئويلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىشتىنىنى سېلىپ قولىغا سىيىدى. ئۇ سۈيدۈكىنى يەرگە چۈشۈرۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن، كۈچىنىڭ بارىچە چىڭقىلىپ ئاز - ئازدىن سىيدى، ئاز - ئازدىن سۈيدۈكىنى ئىچتى.

كېچە بارغانسېرى قاراڭغۇلاشماقتا، ھاۋا بارغانچە سوۋۇماقتا ئىدى. ئەلىنىڭ يالاڭ ئاياغ پۇتلىرى بەك توڭلاپ كەتتى. ئۇ ئىشتىنىنى سېلىپ پۇچقىقىنى تۆۋەنگە تارتىپ پۇتىنى ئىشتان ئىچىگە تىققاندىن كېيىن ئىشتاننىڭ پۇچقىقىنى بوغۇپ قويدى. ئۇ بىر دالدا يەرنى تېپىپ تۈگۈلۈپ قۇمدا ياتتى - دە، ئۇخلاپ قالدى.

نولدىن تۆۋەن 10 نەچچە گرادۇسلۇق سوغۇقتا ئۇ بىردەمدىلا ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئولتۇرۇپ ئويۇشۇپ قالغان پۇتلىرىنى ئۇۋۇلىدى، ئورنىدىن تۇرۇپ ئازراق ھەرىكەت قىلىپ يەنە ياتتى، ئەمما يەنىلا بولمىدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر ئەقىل كېلىپ قۇمدا بىر ئورەك كولىدى - دە، ئورەك ئىچىگە كىرىپ پاختىلىق چاپىنى بىلەن بېشىنى پۈركەپ قۇمغا كۆمۈلۈۋالدى.

تاڭ ئاتتى، ئەلى ئەمدى يەنە قۇملۇقتىكى ماشىنا ئىزىنى بويلاپ مېڭىۋېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، چوقۇم كەينىگە قايتىش كېرەك ئىدى. ھازىر تېررورچىلار ئېھتىمال ئۆزىنىڭ بازىسىدىن كەتكەن بولۇشى مۇمكىن ياكى بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئۇلارنى تۇتۇۋالغان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر، شۇنداق بولغان بولسا سەپداشلىرى چوقۇم ئۇنى ئىزدەپ كېلەتتى. ئۇنىڭ پۇتلىرىغا بىر ئاز ماغدۇر كىرگەندىن كېيىن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەينىگە قايتىپ ماڭدى.

قاچانلاردىكىن قۇملۇقتا بوران چىقىپ كەتتى، ئەلى ئىختىيارسىز قەدىمىنى تېزلەتتى. ئۇ قۇملۇقتىكى بوران ئۆزىنىڭ ئىزىنى كۆمۈۋېتىدىغان بولسا ھەممە ئىشنىڭ تۈگىشىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

يەنە كەچ كىردى، خۇددى ئالدىنقى ئاخشامدىكىگە ئوخشاش ئەلى يەنە قۇملۇقتا ئورەك كولاپ، بۇ ئۇزۇن كېچىنىڭ سوغۇقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قۇمغا كۆمۈلۈۋالدى.

تاڭ ئېتىپ ئەلى ئويغانغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ زادىلا ئورنـ-

دىن ئۆرە تۇرالمايۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ، ئولتۇرۇپ يىرتىلىپ كەتكەن پايپاقلىرىنى سالدى، ئۇنىڭ ئىككى پۇتى ئىششىپ كەتكەندى. ئۇ بارماقلىرى بىلەن پۇتىنى بېسىپ باققاندى، پۇتى ھېچنېمىنى سەزمىدى. ئەلى پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ خېلى ئۇزۇنغىچە بارماقلىرىنى پۇتىغا پاتتۇرۇپ باقتى، شۇنىڭدىلا ئۇ ئازراق ئاغرىقنى سەزدى. شۇڭا ئۇ يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ داۋاملىق ماڭدى.

ئۇ ماڭا ـ ماڭا تۇيۇقسىزلا ئاسماندىن ئاڭلىنىۋاتقان ئايروپىلاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئەلى بېشىنى كۆتۈرۈپ بىر تىك ئۇچار ئايروپىلاننىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئۇ بىردىنلا روھلىنىپ دەرھال ئالا ـ بۇلىماچ چاپىنىنى سېلىپ بىر قۇم دۆڭگە يۈگۈرۈپ چىقتى ـ دە، تىك ئۇچار ئايروپىلانغا قارىتىپ كۈچىنىڭ بارىچە چاپىنىنى پۇلاڭلاتتى.

ئەپسۇسكى، ئايروپىلاندىكىلەر ئەلىنى كۆرمىدى.

تىك ئۇچار ئايروپىلان ئاستا ـ ئاستا يىراقلاپ كەتتى، ئەمما، ئەلى زادىلا ئۈمىدسىزلەنمىدى. ئۇ بۇ تىك ئۇچار ئايروپىلاننىڭ چوقۇم ئۆزىنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى بىلدى. يۇقىرى رەھبەرلىك ۋە سەپداشلىرى ئۇنى ئۇنتۇپ قالمىغاندى.

بۈگۈن ئاخشام يەنىلا ناھايىتى سوغۇق بولسىمۇ، ئەلىنىڭ قەلبى ئىللىق بىر سېزىم بىلەن تولغانىدى. ئۇ يەنە كۈچەپ چىڭقىلىپ سىيىپ سۆيدۈكىنى ئىچكەندىن كېيىن، بۇ قۇملۇقتا يەنە بىر كېچىنى ئۆتكۈزدى.

تۆت كېچە ـ كۈندۈزنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئەلى ھازىر زادىلا سوغۇقنى سەزمىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرلىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

ئەلى يەنە كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشىپ، قۇمدا ئۆرەك كولىدى، ئۇ يەنە قۇمغا كۆمۈلۈۋالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ ئۇخلىغانچە قايتا ئويغىنالايدىغان ياكى ئويغىنالمايدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. تاڭ ئاتتى، ئەلى ئۆزىنىڭ تېخى يەنىلا ھايات ئىكەنلىكىنى بىلدى، ھاياتلا ئىكەن، ھاياتتىن ھەرگىز ئۈمىد ئۈزۈشكە بولمايتتى.

ئۇ چاغدا، ئەلى ئۆزىنىڭ سېزىمىگە تايىنىپ ئۆزىنىڭ تېررورچىلارنىڭ ئۇۋىسىغا ناھايىتى يېقىن قالغانلىقىنى سەزدى، ئۇ

ئورەكتىن ئۆمىلەپ چىقىپ ئولتۇردى. بۇ چاغدا، ئۇ ئۆزىنىڭ پۇتى ۋە بارماقلىرىنىڭ توڭلاپ پۇتۇنلەي قارىداپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ ئەمدى زادىلا ماڭالمايتتى، شۇڭا ئۇ قۇمدا ئۆمىلەپ مېڭىشقا باشلىدى. گەرچە، ئازراق ئۆمىلىگەندىن كېيىن توختاپ بىرھازا- غىچە ھاسىراپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۆمىلەشنى داۋاملاش- تۇردى.

## 4

شۇ كۈنى كېچىدە ئەركىن ئەسلىدە يىغىننى ئېچىپ بولغاندىن كېيىنلا يۆتكىلىپ كېتىشنى پىلانلىغانىدى. ئەمما، يىغىن ئېچىد- ۋاتقان ۋاقىتتا سىرتتا باغلاپ قويۇلغان تۆتقۇنلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئەركىن قاتتىق غەزەپلەندى، ئۇ ئەسەبىيلىشىپ قا- راۋۇلنى ئېتىۋەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىخەستەلىك قىلغانلىقىدىن قات- تىق پۇشايمان قىلدى. ئۇ ساقچىلارنىڭ خۇددى ئاسماندىن چۈش- كەندەكلا ناھايىتى تېز يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى سەزدى، شۇڭا، ئۇ دەرھال چېكىنىش قارارىنى چىقاردى.

ئەركىن قاتتىق خاپا ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ قوشۇنىنى باشلاپ كېچىلەپ چېگرا تەرەپكە قاراپ مەخپىي يۆتكەلدى. كېچىدە كۆرۈش ئەسۋابى ئۇلارنىڭ قېچىشىغا ياردەم بەردى. ياسىن ئارقىدا قېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىزلىرىنى كۆمۈپ مېڭىشقا مەسئۇل قىلىندى.

قاتتىق ئالاقزادىلىككە چۈشكەن بۇ بىر توپ كىشىلەر ئۈن - تىنسىز كېتىۋاتاتتى، بىرەر كىشىمۇ بىر نەرسە دېيىشكە پېتىنال- مايتتى.

شىرئەلى گېلىنى قىرىپ:

— سەن بىزنى زادى نەگە باشلاپ بارماقچى؟ — دېدى.

ئەركىن ئۆزىنىڭ ئوڭايسىز ئەھۋالدا قېلىۋاتقانلىقىنى يوشۇ- رۇپ:

— قورال - ياراغ زاۋۇتى قانداقراق بوپتۇ، كۆرۈپ باقايلى دەيمەن، — دېدى.

شىرئەلى ئۇنى مەنسىتمەي:

— ئابدۇلغا قوشۇلامدۇق؟ مېنىڭچە، بىز باشقا يولغا ماڭاي-
لى، — دېدى.
ئەركىن غەزەپلەنگەن هالدا:
— ئېسىڭدە تۇت، پەقەت مەڭگۈلۈك مەنپەئەتلا بولىدۇ،
مەڭگۈلۈك دوست بولمايدۇ. — دېدى.
شىرئەلى قاتتىق غەمگە پاتقان هالدا:
— بىز بۆلۈنۈپ ماڭايلى، — دېدى.
ئەركىن خورسىنىپ:
— شۇنداق، مۇنچە كۆپ ئادەم بىرگە ماڭساق ساقچىلارنىڭ
قامالىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتىشىمىز تەس. سودىگەر قىياپىتىدە
ياسىنىۋالغان تەقدىردىمۇ، مۇنچە كۆپ قورالنى ئېلىپ ماڭالماي-
مىز، زادى قانداق قىلىمىز؟
شىرئەلى ئۇنىڭغا پىلان كۆرسىتىپ:
— مېنىڭ بىر چارەم بار، — دېدى. ئەركىن ئۇنى ئالدىرى-
تىپ:
— قېنى ئېيتە! — دېدى.
— بىز ئاۋۋال بۆلۈنۈپ كېتەيلى، شامال بېسىققاندىن كېيىن
ئاندىن هەرقايسىمىز ئۆز كەنتلىرىمىزدىن يولغا چىقىپ قۇرۇم
تاغلىرىدا ئۇچرىشايلى، — دېدى شىرئەلى.
ئەركىن هەسرەت بىلەن:
— ئۈمىد - ئارزۇلىرىمىزنىڭ شۇنچە تېز بۇ قۇملۇقتا
بەربات بولۇشىنى ئويلىماپتىكەنمەن، — دېدى.
— بىز چوقۇم يەنە قايتىپ كېلىمىز، جەڭ بولغانىكەن
مەغلۇپ بولۇش بولىدۇ، مەغلۇپ بولساق يەنە جەڭ
قىلىمىز، — دېدى شىرئەلى سوغۇققىنا.
ئەركىن غەزىپىنى زورىغا بېسىپ:
— ئىشىنىمەنكى، مەن بۇ قېتىم تەرتىپكە سالغان قوشۇن
چوقۇم ناهايىتى باتۇر قوشۇن بولىدۇ، — دېدى.
— ئىلاهىم شۇنداق بولغاي، — دېدى شىرئەلى.
ئەركىن شىرئەلى بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى:
— خوش، قۇملۇقتىكى سەپىرىمىزگە خوش، — دېدى.

شىرئەلى توپ ئىچىدە كېتىۋاتقان رەناغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ:

— ئۇنى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى.

ئەركىن تېزلا قىلىپ:

— مەن ئۇنى قويۇۋېتىشكە چىدىمايمەن، — دېدى.

— مېنىڭچە ئۇنى چوقۇم جايلىۋېتىش كېرەك، مەن قاراۋۇل دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇ قۇربانلارنى قويۇۋەتتى دەپ گۇمان قىلىمەن، — دېدى شىرئەلى.

ئەركىن مۇرىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ ئۇنى ئاقلىدى:

— ئۇنى دەمسەن، مۇمكىن ئەمەس. ئۇ شۇنداق قىلغان تەقدىردىمۇ هازىر ئۇنى ئەيىبلەيدىغان ۋاقىت ئەمەس، ئۇنىڭ يەنە كېرىكى چىقىپ قالىدۇ، — دېدى.

شىرئەلى ئۇنى ئاگاهلاندۇرۇپ:

— سەن هامان بىر كۈنى مۇشۇ خوتۇنىڭ قولىدا ئۆلىسەن! — دېدى.

ئەركىن قىلچە پەرۋا قىلماستىن:

— ئەگەر هەقىقەتەن شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇ مەن ئۈچۈن بىر بەخت، — دېدى.

بىر ئايال ئۈچۈن بۇ ئىككىيلەن تونجى قېتىم ئارازلىشىپ قالدى. شىرئەلى بىر تۆگىنى يېتىلەپ ئۆزىنىڭ ئادەملىرىنى باشلاپ كۈنپېتىشقا قاراپ ماڭدى، ياسىن ئۆزىنىڭ ئادەملىرىنى باشلاپ كۈنچىقىشقا قاراپ ماڭدى. ئەركىن رەنانى تۆگىگە مىندۇرۇپ، ئارقىدىن ئۆزىمۇ تۆگىگە مىنگەندىن كېيىن رەنانىڭ قولىقىغا پىچىرلاپ:

— سۆيۈملۈكۈم، مەن سىزنى تاشلاپ كېتىشكە هەرگىز چىدىمايمەن، هازىر بىز ئۆيگە قايتىمىز، ئاتا - ئانىمىز بىزنى كۆرسە چوقۇم ناهايىتى خۇش بولىدۇ، — دېدى.

5

ئەركىن بىلەن رەنا غىپپىدە ئۆيگە كىرگەندە ماموت هەقىقەتەن هەم هەيران قالدى، هەم خۇشال بولدى. ئۇ ئاچچىق بىلەن:

— ئەركىن، ھۇ ئەبلەخ، نەچچە ۋاقتتىن بېرى قىزىمنى نەگە ئاپاردىڭ؟ — دېدى.

ئەركىن رەنانى قۇچاقلاپ پىخىلداپ كۈلۈپ:

— ھۆرمەتلىك دادا، بىزگە مۇنداق مۇئامىلە قىلماڭ، مەن مۇناسىۋىتىمىزنىڭ يىرىكلىشىپ قېلىشىنى خالىمايمەن، ھازىرچە مەن يەنىلا سىزگە تايىنىمەن، كېيىنچە كىمنىڭ كىمگە ھاجىتى چۈشىدۇ، كىم كىمگە موھتاج بولىدۇ، بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس، — دېدى.

مامۇت ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— كىم سېنىڭ داداڭكەن، ۋۇ ئەبلەخ، — دېدى.

ئەركىن ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي:

— مېنىڭ سىز بىلەن تاكاللىشىشقا ۋاقتىم يوق، ھازىر سىزنىڭ ئارامىڭىزنى بۇزۇشقا مەجبۇرمەن، مەن باشقا تۇغقانلارنى كۆرۈپ كەلمەكچى، — دېدى.

مامۇت ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— قىزىمنى قويۇۋەت، يوقال، قانچە يىراققا كەتسەڭ شۇنچە ياخشى، — دېدى.

ئەركىن رەنانى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلاپ:

— ناھايىتى ئەپسۇس، مەن ھازىرچە ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايمەن، مەن سىلەرنىڭ ياردىمىڭلارغا موھتاج، — دېدى.

مامۇت سەگەكلىك بىلەن:

— سەن يەنە قانداق ھىيلە - مىكىر ئىشلەتمەكچى؟ — دېدى.

— تېز بېرىپ ماڭا بىر ئېشەك ھارۋىسى تەييارلاپ بېرىڭ، — دېدى ئەركىن ۋارقىراپ. ئارقىدىن ئۇ تۇيۇقسىزلا ئاۋازىنى تاپانچىسىنى چىقىرىپ، تەمتىرەپ - ھودۇقۇپ نېمە قىلارنى بىلەلمەي قالغان رەيھانغا تەڭلەپ:

— تېز بېرىپ ئۆيدىكى نانلارنىڭ ھەممىنى ماڭا ئاچىقىپ بېرىڭ، — دەپ ۋارقىرىدى.

— ئانا، — دەپ چىرقىراپ كەتتى رەنە.

ئەركىن ئۇنى تارتىپ تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلاپ:

— جىم تۇرۇڭ ئامرىقىم، ئەگەر ئوق بېشىڭىزنى تېشىۋېتە-
دىغان بولسا مەن بۇنىڭغا چىدىمايمەن، — دېدى.
— سەن قاچماقچىمۇ؟ — دېدى ماموت.
ئەركىن ئۆزىنىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ:
— سىز بۇنى بىلىپ بولغاندىن كېيىن، تېزرەك بولۇڭ
ئەمىسە، — دېدى.
ماموت زورىغا ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ساقىلىنى سىلاپ:
— بىز سەن بىلەن شەرتلىشەيلى.
— مەن ئاۋۋال شەرتىمنى قويىمەن، سىزنىڭ قىزىڭىز مې-
نىڭ قولۇمدا، ئەگەر ماسلاشمايدىكەنسىز، مەن ... — دېدى ئەر-
كىن قەتئىي هالدا.
ماموتنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ:
— هۆ ئەبلەخ! — دەپ تىللىدى.
— قىزىڭىزنىڭ قورسىقىدا ئەبلەخنىڭ بالىسى بار، سىزمۇ
بۇنىڭدىن هەرگىز قۇتۇلالمايسىز، — دېدى ئەركىن سوغۇققىنا
كۈلۈپ.
— رەنا راستمۇ؟ — دەپ چۆچۈپ كەتتى رەيهان.
— ئانا، مەن... — دېدى رەنا ئىزا تارتقان هالدا.
ماموتنىڭ روهىي تۈۋرۈكى پۈتۈنلەي بەربات بولدى. ئۇ قىزى-
نى دەپ ئەركىن بىلەن مۇرەسسەلىشىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ
ئەركىنگە غەزەپ بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ:
— مەن سېنى دېگەن يېرىڭگە ئاپىرىپ قويىمەن، قىزىمنى
قويۇۋەت، — دېدى.
ئەركىن سوغۇق تەلەپپۇزدا:
— بۇ سىزنىڭ شەرتىڭىزمۇ؟ — دېدى.
ماموتنىڭ چىرايىدا قان قالمىدى، ئۇ:
— سەن ماڭا ماقۇل بول، بولمىسا سېنى ساقچىغا مەلۇم
قىلىمەن، — دېدى.
ئەركىن هېيلىگەرلىك بىلەن سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ:
— ساقچىلار تېرروروچىلار تەشكىلاتىغا ئىقتىسادىي ياردەم
بەرگەن بىر سودىگەرگە ئىشىنەرمۇ؟ — دېدى.

— بۇ سېنىڭ نېمە دېگىنىڭ! — دېدى مامات.

ئەركىن يانچۇقىدىن مامۇتنىڭ كىملىكىنى چىقىرىپ بۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— مامۇت مانا مۇشۇ كىملىك بىلەن بانكىدا بىر ھېساب نومۇرى ئاچقان، بانكىدىكى ئامانەت پۇل 500 مىڭ يۈەنگە يەتكەن، مامۇت شەخسەن ئۆزى ئۈچ قېتىمدا بۇ پۇلنى ئېلىپ، تېررورچى-لارنىڭ مەشىق بازىسىغا ئەۋەتىپ بەرگەن. مانا مۇشۇ خىراجەت بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئىلياس سارىيىنى پارتلىتىش ۋەقەسى، ج خ ئىدارىسىنىڭ ماشىنىسىنى پارتلىتىش ۋەقەلىرى يۈز بەردى. مامۇتنىڭ بارماق ئىزى مانا بۇ كىملىكتە ناھايىتى ئېنىق قېلىپ قالغان. ھازىر مەن بۇ كىملىك-نىزنى قايتۇرۇپ بېرىمەن، ساقچىغا بېرىپ مەلۇم قىلىڭ، ئەمدى سىزمۇ بىر شېرىك جىنايەتچى بولىسىز، — دېدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان مامۇت قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ ئەركىنگە قاتتىق ۋارقىرى:

— ھۇ رەزىل ئەبلەخ، سەن نېمىشقا شۇنداق قىلىسەن؟ سەن قاچان مېنىڭ كىملىكىمنى ئوغرىلىۋالغانىدىڭ؟

ئەركىن ئۇنىڭ كىملىكىنى مامۇتنىڭ ئالدىغا تاشلاپ:

— ئېلىڭ، مېنىڭ سىز بىلەن تاكاللىشىشقا ۋاقتىم يوق، مەن دەرھال كېتىشىم كېرەك، — دېدى.

## 6

قۇرۇم تاغلىرىغا يارىدىغان توپا يولدا دوپپا كىيگەن، ئوتتۇرا ياشتىكى ساقاللىق بىر ئۇيغۇر ئېشەك ھارۋىسىنى ھەيدەپ كېتىۋا-تاتتى. ئېشەك ھارۋىسىدا 16 — 17 ياشلاردىكى كۆزىدىن ياشقا ھېچنەرى ئوچۇق قالدۇرۇلمىغان بىر قىز ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا كۈمۈش رەڭ مۇسبەت كىيىمى كىيگەن، بېشىنى چوڭ رومال بىلەن يۆركىۋالغان بىر ئايال ياتاتتى. كۆرۈنۈشىدىن ئايال بۇ ئەرنىڭ كېسەل ئانىسىدەك قىلاتتى. دەرۋەقە، بىرلەشمە ئاماز-لىق ساقلاش خادىملىرى پوستىا تۇرۇۋاتقان ھەربىر تەكشۈرۈش

پونكىتىغا كەلگەندە، هارۋا ھەيدەپ كېتىۋاتقان ئەر تەكشۈرۈش خادىملىرىغا:
— ئانام كېسەل بولۇپ قالغانىدى، مەن ئۇنى دوختۇرخانىغا ئەكېتىپ بارىمەن، — دەيتتى. هارۋىدا ئولتۇرغان قىزنىڭ كۆز-لىرى لىق ياشقا تولغان، ئۇ ئۇنىسىز يىغلاپ ئولتۇراتتى. تەكشۈ-رۈش خادىملىرى ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىپ:
— تېز دوختۇرخانىغا بېرىڭلار، — دەيتتى.
ئېشەك هارۋىسى بىر كېچە - كۈندۈز قېقىلىپ - سوقۇلۇپ ئاران دېگەندە قۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئېتىكىدىكى بىر كەنتكە كەلدى. ئۇلار هارۋىنى كەنت بويىدىكى ناھايىتى چوڭ بىر ھويلىغا ھەيدەپ كىردى.
— كەلدۇق، ئەمدى ھېچقانداق ئىش يوق، رەنا، تېز مېھ-ماننى هارۋىدىن چۈشە! — دوپپىلىق ئەر مامۇت بولۇپ، ئۇ ئىلاجىسىز هالدا بىر تۇغقىنىنىڭ ئۇزۇن ۋاقىت بوش تۇرغان ئۆيى-نىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. رەنا بېشى ياغلىق بىلەن پۈركەلگەن ئايالنى ئېھتىيات بىلەن ئۆيگە ئەكىردى.
ئايال ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن بېشىدىكى ياغلىقنى چۆرۈپ تاشلىدى، ئۇ ئەسلىدە بىر ئەر ئىدى. ئۇ چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ:
— ئاھ، خۇدا ئۇزۇك بار، — دېدى. ئاندىن مامۇتقا بۇرۇلۇپ، ئوڭ قولىنى سول كۆكسىگە قويۇپ، — سىزگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت، ئاللا سىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، — دېدى.
مامۇت ئۇنىڭغا ھومايدىيۇ، لېكىن ئۈنىنى چىقارمىدى.
رەنا ئەرنى ئۆيگە ئەكىرىپ ئۇنىڭ هالىدىن خەۋەر ئېلىشقا باشلىدى.
— رەنا، مېھمانغا غىزا تەييارلا، — مامۇت قىزىنى ئالدى-راتتى. رەنانىڭ هاڭۋېقىپ تۇرغان هالىتى ئۇنىڭ قەلبىنى ئازاب-لايتتى.
مامۇت ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىرى يۈز بەردى، هازىر ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى پەقەت ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قىزىنى قۇتقۇ-زۇۋېلىش ئىدى. هازىر نىشانغا يېتىشكە يەنە بىر كۈن بار ئىدى.

ئەتە بۇ ئۇچەيلەن يەنە داۋاملىق يول يۈرىدۇ، ئەركىن ئۆزىنى نىشانغا يەتكۈزۈپ قويسىلا، بۇ ئاتا ـ بالا ئىككىسىنى قويۇپ بېرىشكە ۋەدە بەرگەنىدى.

ماموت ئەركىنىنىڭ گېپىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمىدى، ئەمما ئۇ يەنە ئۇنىڭ دېگىنىچە قىلماي تۇرالمايتتى.

ئەتراپتىكى قوشنىلارنى چۆچۈتۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن، بۇ كېچە ماموت دەرۋازىنى تېشىدىن قۇلۇپلاپ قويدى، چىراغمۇ ياقمىدى.

# ئون سەككىزىنچى باب

## 1

ئەركىن ماموت بىلەن رەنانى مەجبۇرىي ئېلىپ مېڭىپ، قو-رۇم تاغلىرى ئىچىدە ئۈچ كېچە - كۈندۈز يول يۈردى. كۈندۈزى يول ماڭدى، كەچتە شۇ يەردىكى چارۋىچىلار قالدۇرۇپ كەتكەن كەپىلەردە پاناھلاندى. چېگرىدىكى قورال - ياراغ زاۋۇتىغا بارىدى-غان ئىككى يول بار ئىدى. بىرسى يېقىن يول بولۇپ، نۇرغۇن يېزا - كەنتلەردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى؛ يەنە بىرسى، يىراق يول بولۇپ، ئادەمسىز رايونلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. ئەر-كىن بىخەتەر بولغان ئادەمسىز رايوننى تاللىدى، شۇڭا يولدا بىرەر ئەھۋال يۈز بەرمىدى.

ئۈچ كۈندىن كېيىنكى گۇگۇم پەيتىدە ئۇلار نىشانغا 20 كىلومېتىر قالغان جايغا يېتىپ قالدى. ئەركىن بىرقانچە توپ يۇلغۇننىڭ ئارقىسىغا موكۇپ دەم ئالدى. بىردىنلا يىراقتا كۆزەت-چىلىك قىلىۋاتقان ماموت: ئەھۋال بار، دېگەننى قىلىپ قول ئىشارىسى قىلدى.

ئەركىن ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، دەرھال تاپانچىنى قولىغا ئالدى، ئۇنىڭ قولىدىكى تاپانچا ئىككى ياققا تەڭلەنگەنىدى. ئەسلى-دە ئۇلار ئاتا - بالا دېھقانلاردەك قىلاتتى. ئۇ كىشىلەر بۇ يەردىن 50 مېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاپتاپتا قارىداپ كەتكەن چىرايىدىن يەرلىك قىرغىزلار ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

ئۇ ئاتا - بالا ئىككىسى ئەركىننىڭ قولىدىكى تاپانچىنى كۆ-رۈپ قاتتىق قورقۇپ كەتتى.

ئەركىن تاپانچىسىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— سىلەر نەدىن كەلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

ئاتا - بالا ئىككىيلەن تاپانچىدىن ئوق چىقىپ كېتەرمىكىن،

دەپ قورقىنىدىن گەپمۇ قىلالمىدى.

ئەركىن تاپانچىسىنى چۇشۇرۇپ كۇلۇمسىرەپ:

— سىلەر مۇشۇ يەرلىكمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئاتىسىدەك كۆرۈنگەن دېھقان ئۇنىڭ سۆزىنى چۇشەنگەن بولسا كېرەك، ھودۇقنىدىن دەرھال چۇشەنچە بېرىپ:

— ئۆيۈم مۇشۇ ئەتراپتا، ئوغلۇم بىلەن بىللە تاغقا دورىلىق ئۆسۈملۈك كولىغىلى كەلگەن، — دېدى. ئۇ خالتىسىنى ئېچىپ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى كۆرسەتتى ۋە قولىدىكى دورا كولايدىغان سايمانلىرىنىمۇ كۆرسەتتى.

ئەركىن بېشىنى لىڭشىتىپ ئىشەنگەنلىكىنى بىلدۈردى.

— سىلەرنىڭ كەنتىڭلار بۇ يەردىن قانچىلىك يىراقلىقتا؟

— 30 چاقىرىمدىن كۆپرەك كېلىدۇ.

— سىلەرنىڭ كەنتىڭلاردىن باشقا كىشىلەرمۇ دائىم بۇ يەرگە كېلەمدۇ؟

— ياق، بىزنىڭ كەنتىمىزدە پەقەت مەنلا بۇ يەردە دورا ئۆسۈملۈك بارلىقىنى بىلىمەن، مەن باشقا كىشىلەرگە ئېيتمىدىم.

ئەركىن ئىختىيارىي ھالدا ئەتراپتىكى ئەھۋاللارنى سورىدى:

— يېقىندىن بۇيان بۇ يەرگە باشقا كىشىلەر كەلدىمۇ؟

دېھقان راستچىللىق بىلەن جاۋاب بەردى:

— بىرقانچە سىرلىق كىشىنىڭ بۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتكىنىنى كۆردۈم، ئۇلار تۆگىگە بىرقانچە چوڭ ساندۇقنى ئارتىپ ئۆتۈپ كەتتى. بىر قېتىم مەن ئۇلارغا ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن 10 نەچچە چاقىرىمغىچە بېرىپ باقتىم، ئۇ يەردىن تاراڭ - تۇرۇڭ، گۇمبا - گۇمباڭ ئاۋازلارنىڭ چىققانلىقىنى ئاڭلىدىم.

— نېمىشقا ئۇ يەرگە بېرىپ كۆرۈپ باقمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى ئەركىن چۆچۈپ.

— قورقتۇم، — دېدى دېھقان بېشىنى چايقاپ.

— نېمىشقا قورقىسەن؟ — دېدى ئەركىن.

— ئۇ كىشىلەر ياخشى كىشىلەر ئەمەستەك قىلىدۇ، بولمىسا بۇنچە يىراق يەرگە كېلىپ نېمە ئىش قىلىدۇ؟ — دېدى دېھقان ئېغىزىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

ئەركىننىڭ كۆڭلى سەل جايىغا چۈشتى:
— دېگىننىڭ يوللۇق، ئائىلەڭدە يەنە كىملەر بار؟
دېھقان سەممىيلىك بىلەن جاۋاب بەردى:
— چوڭ - كىچىك بولۇپ يەتتە ئادەم بار.
ئەركىن قەستەن مۇلايىم قىياپەتتە:
— ئۇلار سېنىڭ تېز قايتىپ كېلىشىڭنى كۈتۈۋاتقاندۇ - ھە؟ — دېدى.
دېھقان قىلچە ئېھتىيات قىلمايلا:
— ھەئە، — دېدى.
— ئەپسۇس! — دېدى ئەركىن ئۆز - ئۆزىگە.
دېھقان ياخشى كۆڭلى بىلەن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇردى:
— ھەرگىز ئالدىغا ماڭماڭلار، خەتەرلىك!
ئەركىن كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتتى:
— مەن سەندەك ياخشى ئادەمنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن! — دېدى.
دېھقان ئوغلىنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمىنى چاقىرىپ:
— تالا، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى، ئۆيگە قايتايلى! — دېدى.
ئەركىن كۈلۈمسىرەپ ئۇلارغا قولىنى پۇلاڭلىتىپ:
— ئامان بولۇڭلار، — دېدى.
ئۇلار ئاتا - بالا ئىككىسى ئەدەپلىك ھالدا ئەركىن ۋە مامۇت بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلاشتى، ئەركىن كۈلۈمسىرەپ قالدى. بۇ چاغدا، كەچكى شەپەق ئۇلارنىڭ دۈمبىسىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ھالىتى بەئەينى تاشلىنىپ قالغان ماي بوياق رەسىمگە ئوخشايتتى.
ئۇ ئاتا - بالا ئىككىسى يۇلغۇنلۇقتىن چىقىپ بولاي دېگەندە ئەركىن بىردىنلا ئاۋازسىز تاپانچىسىنى قولىغا ئېلىپ ئۇلارغا توغرىلاپ تەپكىنى باستى، ئاندىن ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى. دادىنىڭ چىرايى ئۆيگە قايتىش خۇشاللىقى بىلەن تولغان، ئوغلى بەكلا قورقۇپ كەتكەندى. ئەركىن يەردە ياتقان ئاتا - بالىنىڭ كۆكسىگە قارىتىپ يەنە بىرنەچچە پاي ئوق ئاتتى. قانلار چاچرىدى،

ھاۋاغا قويۇق قان ھىدى تارالدى.

رەنا قورقۇپ كەتكىنىدىن يۇلغۇنلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالدى. ماموت غەزەپلەنگەن بولسىمۇ ئۈندىمەي تۇراتتى. ئۇ بۇ پاجىئەنىڭ يۈز بېرىشىنى توساشقا ئامالسىز، ھازىر ئەركىننىڭ شېرىكىگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

ئەركىن ماموتقا قولىنى پۇلاڭلىتىپ:

— ئۇلارنى كۆمۈۋېتىڭ، بۇ ئۇلارغا قىلغان ياخشىلىقىمىز بولۇپ قالسۇن، — دېدى.

ماموت ئاتا - بالا ئىككىسىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن سايمانلىرىنى ئېلىپ، قۇرۇپ كەتكەن بىر يۇلغۇننىڭ تۈۋىگە ئىككى ئورەك كولاپ، ئاتا - بالا ئىككىسىنى كۆمۈۋەتتى.

ئەركىن ھەدەپ رەناغا تەسەللى بېرەتتى، ئۇنى قورقماسلىققا دەۋەت قىلىپ:

— مەن ئۇلارنى ئامالسىز ئۆلتۈرۈۋەتتىم، ئەگەر ئۇلار ئۆزىنىڭ كەنتىگە قايتىپ بارىدىغانلا بولسا بىز ھەرگىز ئامان قالمايتتۇق، — دېدى ئارقىدىن ئۇ رەنانى يۆلەپ:

— ماڭايلى، يەنە بىردەم چىداڭ، مەن چوقۇم سىزنى ئەڭ بەختلىك ئايالغا ئايلاندۇرىمەن، — دېدى.

ماموت ئىلاجىسىز ھالدا تېگى يوق ھاڭغا قاراپ كېتىپ باراتتى...

## 2

ئابدۇل ئەركىننىڭ بىر ئايالنى ئېلىپ كەلگەنلىكىگە بەكمۇ نارازى بولدى. ئۇ بىر ئايالنى بىللە ئېلىپ يۈرۈش بالا تېرىيدۇ دەپ قارىدى. ئەمما، ئەركىن:

— بەزىدە ئاياللارنىڭ ئاجايىپ كېرىكى چىقىپ قالىدۇ، — دېدى.

شىرئەلى بىلەن ياسىن ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ قورال - ياراغ زاۋۇتىغا كەلگەنىدى. بۇ يەر چېگرىغا يەنە 200 كىلومېتىردەك كېلەتتى.

قورال - ياراغ زاۋۇتى پۈتەي دەپ قالغانىدى. بۇ يەر ئەسلىدە

قەبرىستانلىق بولۇپ، يەرلىك كىشىلەر بۇ يەرنى مازار دەيتتى. ئابدۇلنىڭ بۇ يەرنى تاللىشىدىكى سەۋەب ئادەتتىكى كىشىلەر بۇ يەرگە ھەرگىز كەلمەيتتى. ھازىر ئابدۇل ئۆزى تېپىپ كەلگەن 17 ياشنى بۇ يەردە ئىشقا سېلىۋاتاتتى. ئۇلار ھازىر خېلى تۈزۈك بىر يەر ئاستى يولى قازغان، يەر ئاستى يولى چېگرىغا قاراپ سوزۇلغانىدى. ئىككى تۆمۈرچى ۋە تاغدا تاش پارتلىتىدىغان ئىشچىلار بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنگەن، ئۇلار ھازىر 2000 قول بومبىسى ياسىغانىدى. ئۇنىڭدىن سىرت، چەت ئەلدىكى ئالىم يەتتە قېتىم ئوغرىلىقچە ئەكىرگەن 20 نەچچە قورال بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە قىسقا ئاپتومات، M16 ئاپتوماتىك مىلتىق، ئېتىش مۇساپىسى 1400 مېتىرغا يېتىدىغان ئاپتوماتىك مىلتىق يەنە قارشى تەرەپنىڭ ئوت كۈچىنى باسالايدىغان پىلىموت، شۇنداقلا يەنە ئىنفرا قىزىل نۇرلۇق كاشىلا پەيدا قىلغۇچى سىنارەد بار ئىدى. ئەركىننى ئەڭ خۇشاللاندۇرغىنى ئابدۇل يەنە بىر گېنېراتور ۋە ھەربىي ئىشلارغا ئىشلىتىدىغان چىداملىق قول كومپيۇتېرى تېپىپ كەلگەنىدى. بۇلار ئۇلارغا ئىنتايىن كېرەكلىك ئىدى.

ئەركىن قورال ـ ياراغ زاۋۇتىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ناھايىتى رازى بولدى ۋە تولۇق ئىشەنچكە تولدى. ئابدۇلنىڭ تەكلىپى بىلەن بۇلار بۇ يەردە «جەنۇبىي شىنجاڭ، شەرقىي تۈركىستان پىدائىيلار ئەترىتى» نىڭ 1 ـ قېتىملىق قۇرۇلتىيىنى ئاچتى، بۇ قۇرۇلتايدا مەسئۇل كىشىلەر قايتىدىن تەيىنلەندى، ئىش تەقسىماتى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يىغىندا: «جەنۇبىي شىنجاڭ شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق تەشكىلاتى» يىغىنىدا بەلگىلەنگەن ۋەزىپىلەر بويىچە قۇربان ھېيتنىڭ ھارپا كېچىسى كەڭ كۆلەملىك تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش قارار قىلىندى. قۇربان ھېيتقا يەنە تېخى ئۈچ ئاي بار بولۇپ، يىغىندا ئىنتايىن تەپسىلىي بولغان ھەرىكەت پىلانلىرى تۈزۈلدى.

ئەركىن جەنۇبىي شىنجاڭ ھەرىكەت ئەترىتىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى. يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن شىر ئەلى بىلەن ئابدول ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ تاغدىن چۈشۈپ كەتتى.

شىرئەلى قورال ـ ياراغ سېتىۋېلىشقا، ئابدۇل پىدائىيلار

ئەتىرىتىگە ئادەم توپلاشقا مەسئۇل قىلىنغانىدى.

ئەركىن ئابدۇلغا چەت ئەلدىكى مەلۇم دۆلەتتە تىجارەت قىلىدىغان بىر كىشىنىڭ كىملىكى ۋە پاسپورتىنى بەردى. ئابدۇل ئورۇق، ۋىجىك كەلگەن ئەمما ئىنتايىن ئىقتىدارلىق كىشى ئىدى. ئۇنىڭ چىرايى ئاددىيكىنە بولۇپ، بۇنداق چىراي ساقچىلارنىڭ دىققىتىنى زادىلا قوزغىمايتتى. چۈنكى، ئۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان كىشىلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى.

3

ۋەقەنىڭ يۈز بەرگىنىگە بەش كۈن بولغانىدى.

ھازىر ئىگىلىگەن ئەھۋالغا ئاساسەن جۇڭ چىڭ ساقچىلار ۋە قوراللىق ساقچىلارنى ئىككى يولغا بۆلدى: بىر يولدىكىلەر بىرىنچى تۈركۈم قۇتقۇزۇش خادىملىرى يولدا ئۇچراتقان تۆگە ئىزى ۋە ئادەملەرنىڭ ئاياغ ئىزى بويىچە ئاختۇرۇشقا بەلگىلەندى، يەنە بىر يولدىكىلەر تېررورچىلارنىڭ ئۇۋىسىنىڭ ئەتراپىنى ئەستايىدىل ئاختۇردى، ئۇلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەلى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىزلارنى تېپىشقا تىرىشتى.

يول باشلىغۇچى نىياز يەنە يول باشلاپ قوملۇققا كىرىمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. قوشۇن يولغا چىققاندا ئۇ بويىنىغا بىر باغلام ئارغامچا ئارتىۋالغان، قويىنىغا ئاق خەسە سېلىۋالغانىدى.

— نىياز، بۇ سىزنىڭ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دېدى ما جيەنجۇڭ.

نىيازنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى، ئۇ:

— بۇ ئىشقا بەش كۈن بولدى، ئۇنى تاپقان تەقدىردىمۇ ئۇ ھايات ئەمەس، مەن بۇ بالىنى قايتۇرۇپ كېلىمەن، — دېدى.

ما جيەنجۇڭ تېت - تىت بولغان ھالدا:

— نىياز، ئەلى ناھايىتى تەلەيلىك، ئۇ ھەرگىز ئۆلمەيدۇ، سىز ئۇ رەختنى تاشلىۋېتىڭ! — دېدى.

نىياز ئۇنىمىدى، ئۇنىڭ مەقسىتى ئەگەر ئەلى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا ئۇنىڭ جەسىتىنى ھەرگىز بۇ قوملۇقتا قالدۇرۇپ قويماسلىق

ئىدى. ئۇنىڭ جەسىتى ئاق كېپەن بىلەن ئورالسا، ئۇ جەننەتكە كىرەرمىش. ئۇ جاھىللىق بىلەن:

— ياق! — دەپ تۇرۇۋالدى. ما جيەنجۇڭ ئۇنىڭ نەسىھەتىنى ئاڭلىمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن رەختنى تارتىۋېلىپ تاشلىۋەتمەكچى بولدى.

— جيەنجۇڭ، نىياز ئۇنى ئېلىۋالسۇن، — جۇڭ چېڭ بۇيرۇق تەرىقىسىدە ما جيەنجۇڭنى توسۇۋالدى. ئەلى ھازىر ھاياتمۇ ئەمەسمۇ، ئۇنىڭدا ئىشەنچ يوق ئىدى. ئەگەر بىرەر كۆتۈلمىگەن ئەھۋال يۈز بەرگەن بولسا يەنىلا مىللىيلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش كېرەك ئىدى.

ما جيەنجۇڭنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولغانىدى. ئۇ ئەلى قۇملۇققا كۆمۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ تېپىپ چىقىشقا ئالدىرايتتى، ئۇ ھەتتا قۇمنى كولاپ قوللىرى قاناپ كەتسىمۇ، ئەلىنىڭ خۇش چىرايىنى كۆرەلىسىلا، ئۇنىڭ ئاشۇ قىزىقچى تەلەتىنى كۆرەلىسىلا رازى ئىدى.

قوشۇن ئېرروورچىلارنىڭ ئۇۋۇسىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ما جيەنجۇڭ بىلەن نىياز ئەتراپنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتتى، ئۇلار ئەلى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىزلارنى تېپىشنى ئۈمىد قىلاتتى.

نىياز بىلەن ما جيەنجۇڭنىڭ قەلبى بەك بىئارام بولۇۋاتاتتى، تۆت كۈندۈز بەش كېچە بولدى ئەمەسمۇ! بۇ دوزاختەك قۇملۇقتا تۆمۈر ئادەم بولسىمۇ ھايات قالالىشى ناتايىن ئىدى.

«ئەلى سەن زادى نەدە؟» نىياز ئۇنىڭ ئىسمىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ ھەر قېتىم قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتنى ئويلىسىلا كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلەتتى. ما جيەنجۇڭ تېخىمۇ شۇنداق بولاتتى، ئۇ سەۋر - تاقەت قىلىپ چىداۋاتاتتى، بېشىنى كۆتۈرسىلا كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ كېتەتتى.

بەشىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە نىياز بىلەن ما جيەنجۇڭ خۇددى دېيىشىپ قويغاندەكلا يەنە ئەلىنى ئىزدەشكە چىقتى، ئۇلار غەربىي شىمال تەرەپكە قاراپ بەش كىلومېتىردەك ماڭغاندىن كېيىن ئەلدىكىلا خاس بولغان تاش مايماق ئاياغ ئىزلىرىنى بايقىدى.

— ئەلىنىڭ ئىزىكەن، — ئۇلار قاتتىق خۇشال بولغان

ھالدا تۇرالغۇغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار بۇ ئەھۋالنى نەق مەيداندىكى باش قوماندان جۇڭ چېڭغا دوكلات قىلدى.

ئۇلار ئىككىسىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ساقچىلار ۋە قوراللىق ساقچىلار ئارقا ـ ئارقىدىن قۇملۇق ماشىنىسىغا چىقىپ، غەربىي شىمالغا قاراپ قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە يۈرۈپ كەتتى.

يەتتە ـ سەككىز چاقىرىم يول ماڭغاندىن كېيىن نىياز يەردە قىمىرلىماي ياتقان بىر قارا نەرسىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئىنتايىن خۇش بولۇپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن قەدىمىنى تېزلىتىپ ھېلىقى قارا نەرسىگە قاراپ يۈگۈردى.

ئۇ ئەلى، چوقۇم ئەلى! نىياز ئۆزىنىڭ سېزىمىگە قەتئىي ئىشەندى، ھېلىقى قارا نەرسىگە 10 مېتىر قالغاندا ئۇ قەدىمىنى توختىتىپ، سەل ئىككىلىنىپ تۇرۇپ:

— ھەي، سەن ئەلىمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

يەردە ياتقان ئادەم ئاستا ـ ئاستا بېشىنى كۆتۈردى، ئۇ راس-تىنلا ئەلى ئىدى. شۇ چاغدا، ئۇنىڭ چاچلىرى پاخپىيىپ خۇددى كىرپىنىڭ تىكىنىگە ئوخشاپ قالغان، يۈزلىرىنى ساقال بېسىپ كەتكەن، پەقەت كۆزلا پىلدىرلاپ تۇراتتى، ئەمما قىمىرلىيالمايت-تى، ئۇ ھايات ئىكەن!

نىياز ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ خۇشاللىق بىلەن:

— تېز كېلىڭلار! ئەلى بۇ يەردىكەن! ئەلى تې-پىلدى! — دەپ ۋارقىرىدى، ئاندىن ئەلىگە قاراپ پۈتۈن كۈچى بىلەن يۈگۈردى. ماشىنىدىكى كىشىلەر ھەممىسى يەرگە چۈشۈپ ئەلىگە قاراپ يۈگۈردى.

ئەلى سەبىيلەرچە كۈلەتتى، كۆز چاناقلىرىدىن بۇلدۇقلاپ ياش تۆكۈلەتتى.

— تېز بولۇڭلار! ئوت يېقىڭلار! ئۇنى مىدىرلاتمايلى! ئاۋ-ۋال ئۇنى ئىسسىتايلى، — دېدى قۇملۇق تەجرىبىسى كۆپ بولغان نىياز ئالدىراپ.

— دوختۇر، تېز ئۇنىڭغا ئاسما ئوكۇل سېلىڭ! — دەپ ۋارقىرىدى ما جيەنجۇڭ. تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 10 نەچچە گرادۇس بولغاچقا، ئاسما ئوكۇل سۇيۇقلۇقىنىڭ بوتۇلكىسىنى چو-

قوم ئىسسىتىپ سىلىش كېرەك ئىدى. جوڭ چېك ئەلىنى قوچىقىغا ئېلىپ، يۈزىنى ئۇنىڭ يۈزلىرىگە ياقتى، ئەلىنىڭ كۆز جىيەكلىرىدىكى ياشلارنى ئاستا سۈرتتى، ئاندىن يانچۇقىدىن بىر ئۆزۈكنى ئېلىپ:

— بۇ بوۋاڭنىڭ سېنىڭ چاي ئىچۇرۇشۇڭغا بەرگەن سوۋغىتى، — دېدى.

ئەسلىدە ۋاڭ لۇنى تاپقان كۈنى جوڭ چېڭنىڭ يۈرىكى قارت قىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ ۋاڭ لۇنىڭ ناھايىتى ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئەلى چوقۇم بەرداشلىق بېرەلمىدى دەپ ئەڭ يامان تەرەپلىرىگىچە ئويلاپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ ئەلىنىڭ بوۋىسى ۋە دادىسىنى بوستان شەھىرىگە چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلاردىن ئەپۇ سوراش تەلەپپۇزىدا:

— ئەلى ئېھتىمال ھايات بولۇشى مۇمكىن ۋە بەلكىم قۇربان بولۇپ كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما، بىز چوقۇم پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن قۇتقۇزىمىز، — دېدى.

ئەلىنىڭ بوۋىسى 80 گە كىرگەنىدى. ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق خورسىندى، نەۋرىسىنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكى ئېنىق بولمىغاچقا، ئۇ ئىنتايىن قايغۇرۇپ كەتكەنىدى. ئۇ جوڭ چېڭدىن ئۇلار بىلەن بىرگە قۇملۇققا كىرىپ نەۋرىسىنى ئىزدەشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما، جوڭ چېك بۇنى رەت قىلدى. ئەلىنىڭ بوۋىسى پارقىراپ تۇرغان بىر ئالتۇن ئۈزۈكنى جوڭ چېڭغا بېرىپ:

— ئىدارە باشلىقى، ئەگەر نەۋرەم تېپىلسا بۇ ئۈزۈكنىڭ ئۇنىڭ تويلىششى چېيىغا بېرىلگەن سوۋغىتىم ئىكەنلىكىنى ئېيتىڭلار، مېنىڭ نەۋرەم قىز دوستىغا ئۈزۈك سوۋغا قىلىشنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. ئەگەر ئۇ تېپىلمىسا سىز بۇ ئۈزۈكنى قۇملۇققا تاشلىۋېتىڭ، ئەگەر نەۋرەم ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالغان بولسا ئۇ بۇنىڭ بوۋىسىنىڭ بەرگەن سوۋغىتى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالسۇن، — دېدى.

جوڭ چېك ئۈزۈكنى ئەلىگە بېرىپ ئۇنى ئىلھاملاندۇردى:

— ئەلى، قەتئىي بەرداشلىق بەر، قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن مەن شەخسەن ئۆزۈم پەرىدەنى قايىل قىلىپ، ئۇنى دەرھال

بىزنىڭ قەھرىمانىمىز ئەلىگە تېگىشكە كۆندۈرىمەن، بولامدۇ؟ —
دېدى.
ئەلى خۇشاللىقىدىن ھوشىدىن كەتتى.
قۇتقۇزۇۋېلىنغان ئىككى ساقچى بوستان شەھەرلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىندى. ئۇلارغا ئاسما ئوكۇل سېلىندى. نەن نازىر تەقەززالىق بىلەن دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۇلارنى يوقلىدى.
ئۇ باش بارمىقىنى چىقىرىپ:
— يىگىتلەر، سىلەر قۇملۇقتىن ھايات قايتىپ چىقتىڭلار، سىلەر ئاجايىپ قەھرىمانلار، مەن سىلەرگە قايىلمەن! — دېدى.
نەن نازىر ئەلى بىلەن ۋاڭ لۇغا ئۆز قولى بىلەن توخۇ شورپىسى قايىنتىپ بېرىپ:
— بۇ بەدەنگە قۇۋۋەت بولىدۇ، ھەممىنى ئىچىۋېتىڭلار، —
دېدى.
ۋاڭ لۇ نەن نازىرنىڭ كۆزلىرىنىڭ ياشقا تولغانلىقىنى كۆردى. ئۇ توخۇ شورپىسىنى ئىچكەن بولۇپ، ئۇنىڭ قىزىق ھورىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى يوشۇرۇۋالدى.
نەن نازىر ۋاڭ لۇغا كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا:
— سەن ھازىر نېمىنى ئويلاۋاتىسەن؟ — دېدى.
ۋاڭ لۇ ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن:
— مەن ئەگەر بىزنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىمۇ سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ئورۇن بەلگىلەش سىستېمىسى بولغان بولسا، مەن ۋە ئەلىدە سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ئورۇن بەلگىلەش سىستېمىسىغا سىگنال بېرىش ئاپپاراتى بولغان بولسا، سىلەر ھەرگىز شۇنچە ئادەمنى سەپەرۋەر قىلىپ بىزنى ئىزدەشكە مەجبۇر بولمىغان بولاتتىڭلار، ئەڭ مۇھىمى ئاشۇ تېررورچىلارمۇ مۇنداق تۇيۇقسىزلا ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتمىگەن بولاتتى، دېگەنلەرنى ئويلاۋاتىمەن، — دېدى.
جۇڭ چېڭ نەن نازىرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تەكشۈرۈپ:
— نۇرغۇن خىزمەتلەر تېخى كۆڭۈلدىكىدەك ئىشلەنمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنمۇ ھامان بىر غالىب گېنېرال ئەمەسمەن، —
دېدى.

— مەنمۇ شۇنداق، — دېدى نەن نازىر. ئۇ يەنە كارىۋاتتا ياتقان ۋاڭ لۇنى كۆرسىتىپ:

— سېنىڭ دېگىنىڭ ناھايىتى توغرا، سېنىڭ سۆزۈڭ مەن ئۈچۈن بىر قامچا، مەن ئۈچۈن ھەيدەكچىلىك، مەن چوقۇم پۈتۈن كۈچۈمنى ئىشقا سېلىپ بۇ ئىشنى قىلىمەن، — دېدى.

ۋاڭ لۇ ئىسسىق توخۇ شورپىسىنى ئىچكەندىن كېيىن بەدىنىگە ماغدۇر كىرگەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ خۇشاللىق بىلەن:

— مەن سىزنىڭ پۈتۈن كۈچۈم بىلەن دېگەن بۇ سۆزىڭىزنى ياخشى كۆرىمەن! — دېدى.

## 4

ئەلىنىڭ ساقلى ئۆسۈپ، چاچلىرىمۇ ئۆسۈپ كەتكەنىدى. ئىلگىرىكى كېلىشكەن يىگىت ھازىر بەكلا ئورۇقلاپ، تىنىق كۆز-لىرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بەدىنى توڭلاپ قېتىپلا قالغانىدى، ئەمدى ئۇنى ئاستا - ئاستا قوزغىتىش كېرەك ئىدى.

«جەنۇبىي شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ سالامەتلىك مۇخبىرى خۇا لىبى بالنىست دېرىزىسىدىن ئەلىنىڭ ئۈششۈپ قارىداپ كەتكەن پۇتلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن دەرھال گېزىتخانىنىڭ باش تەھرىرى-گە تېلېفون بېرىپ:

— ماڭا تولۇق بىر بەت ئاجرىتىپ قويۇڭ، مەن ئۇزۇن بىر پارچە خەۋەر يازىمەن، — دېدى.

— نېمە ئىش يۈز بەردى، ئەجەب چوڭ گەپ قىلىد-سەنغۇ! — دېدى باش مۇھەررىر. خۇا لىبى ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن:

— بىر قەھرىمان بىزنىڭ گېزىتىمىز ئارقىلىق ھەممە كى-شىگە تونۇلىدۇ، پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭ تەۋرەپ كېتىدۇ، — دېدى.

چېن دامو ما جيەنجۇڭ ۋە ياڭقۇنلارنى باشلاپ دوختۇرخانىغا كەلدى. ئۇلار ئۈچەيلەن ئەلىنىڭ بوۋىسى ۋە دادىسىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ ئەلىگە قاراشقا باشلىدى. ھازىر ئەلى تېخى ھوشسىز

هالەتتە يېتىۋاتاتتى.
ۋاڭ لۇنىڭ تېنى يەنىلا ناھايىتى ئاجىز ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ تەپەككۇرى ھەرگىز جىم تۇرۇشقا تەن بەرمەيتتى. ۋاڭ لۇ ئىككى سەپدىشىغا:
— مېنىڭ ئەلىنى ھوشىغا كەلتۈرۈشكە ئامالىم بار، — دېدى. يالقۇن تىت - تىت بولۇپ: — تېز ئېيتە، — دېدى.
— پەرىدەنى چاقىرىپ كېلەيلى، — دېدى ۋاڭ لۇ ئىشەنچ بىلەن.
— مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇ قىزچاقنى چاقىرىپ كېلىپ ئۇنى ئازاب-لايمىزمۇ؟ ناۋادا، ئەلىنىڭ پۇتى توكۇر بولۇپ قالسا، بۇ خەقنىڭ يامان كۆنگە قالغان ۋاقتىدا ئۇنىڭ قىيىنچىلىقىدىن پايدىلىنىش بولۇپ قالامدۇ؟ — دېدى چېڭ دامو.
— مېنىڭچە، بىز پەرىدەدىن ھېچنېمىنى تەلەپ قىلماسلىقىمىز كېرەك. ئەمما، ئەلىنىڭ پۇتى توكۇر بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ قىزچاقنىڭ سۆيگۈ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشىغا ئاساسى يوق! بىزنىڭ ئەلى كىم؟ ئۇ بىر قەھرىمان، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ساھىبجامالىلار قەھرىمانلارنى ياخشى كۆرگەن، بىز تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقساق ھېچقانداق بولمايدىغان يېرى يوق، — دېدى يالقۇن چۈشەندۈرۈپ. ئاخىر ھەممەيلەننىڭ پىكرى بىر يەرگە كېلىپ، يالقۇن پەرىدەگە تېلېفون بېرىدىغان، ئاۋۋال قىزنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقىدىغان بولۇشتى.
يالقۇن پەرىدەنىڭ ئۆيىگە تېلېفون ئۇرۇپ:
— ۋەي، پەرىدەمۇ سىز؟ مەن ئەلىنىڭ باشلىقى، — دېدى.
— ئەلى، ئەلىگە نېمە بوپتۇ! — پەرىدە دەرھال جىددىيلەشىپ كەتتى.
— ئەلىنىڭ ئىشىنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ — يالقۇن بوغۇق ئاۋاز بىلەن سورىدى.
— ئەلىگە نېمە بوپتۇ؟ — پەرىدەنىڭ ئاۋازىدىن يىغلاۋاتقانلىقى ئاڭلاندى.
— ئەلى، ئەلىنى دەمسىز؟ ئەلى ئازراق پېشكەللىككە ئۇچ-

-راپ قالدی، — قارشی تەرەپتىكى پەرىدە بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن كۆڭلى بۇزۇلۇپ: — ئۇنىڭ ئەھۋالى ئېغىرمۇ؟ — دەپ
سورىدى.

ياڭقۇن كۆڭلى بىئارام بولغان هالدا:

— راستىنى ئېيتسام ئۇ هېلىمۇ هوشسىز يېتىۋاتىدۇ، سىز
ئۇنى كۆرگىلى كېلەلەرسىزمۇ — دېدى.

— سىز مېنى ئالداۋاتمايدىغانسىز؟ تېلېفوننى ئەلىگە بې-
رىڭ، — دېدى پەرىدە سەگەكلىك بىلەن.

— ئەلى هەقىقەتەن تېلېفوننى ئالالمايدۇ. ئۇ هازىر بوستان
شەهەرلىك دوختۇرخانىنىڭ بالنىستىدا يېتىۋاتىدۇ، — دېدى ياڭ-
قۇن.

پەرىدە تەقەززالىق بىلەن:

— مەن دەرهال يېتىپ بارىمەن، — دېدى.

ئەلىنىڭ قەهرىمانلىق ئىش ئىزلىرى هەممە يەرگە تارالدى.
«جەنۇبىي شىنجاڭ گېزىتى» ۋە رادىئو ئىستانسىسى ئۇنىڭ ئىش
ئىزلىرىنى تەشۋىق قىلدى. بولۇپمۇ، «جەنۇبىي شىنجاڭ گېزىتى»
نىڭ سالاهىيەتلىك مۇخبىرى خۇا لىي يازغان ئۇزۇن تەپسىلىي
خەۋەر گېزىتتە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭ خەل-
قى ئارىسىدا ناهايىتى چوڭ تەسىر پەيدا قىلدى. ئەسلىدىلا خاراك-
تېرى ئۇستۇن، هاكاۋۇر پەرىدەدە بىردىنلا ئەلىگە بولغان چوقۇ-
نۇش تۇيغۇسى پەيدا بولدى. پەرىدە بالنىستقا كىرگەندىن باشلاپ
خۇددى بىر كېپىنەكتەك ئەلىگە چاپلىشىۋالدى. ئىككىيلەننىڭ
مۇناسىۋىتى ناهايىتى تېز تەرەققىي قىلدى، ئەلىمۇ پۇرسەتنى چىڭ
تۇتۇپ پەرىدەگە توي قىلىش تەكلىپىنى قويدى.

5

ئەلى بىلەن پەرىدە قىزغىن مۇهەببەت قاينىمىغا كىرىپ كەت-
تى، ئەمما ۋاڭ لۇ تېخىچىلا قەلبىدىكى دەردىنى يوشۇرۇپ كېلىۋا-
تاتتى. ئۇ ما تيەنمۇنىڭ هازىر شىنجاڭدىن كەتكەن ياكى كەتمىگەن-
لىكىنى بىلمەيتتى، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنىڭغا تېلېفون بې-

ـرىشنىمۇ خالىمايتتى، ئۇ تېلېفوندا سۆزلىشىش بىلەن ما تيەنمۇ-
نىڭ ئۆزىگە شەپقەت قىلىشى، ھېسداشلىق قىلىشىغا ئېرىشىشنى
خالىمايتتى. ئۇ ما تيەنمۇ يەنىلا جەنۇبىي شىنجاڭدا بولسا ئۇنداقتا
ئۇ قۇملۇقتا يۈز بەرگەن ۋەقەلەردىن خەۋەر تاپىدۇ، ئۇ چوقۇم بۇنى
بىلىدۇ، ئۇ دېگەن بىر مۇخبىر، ئۇنىڭدا بۇنداق سەزگۈرلۈك بار.
ئەگەر ما تيەنمۇ يەنىلا ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغان بولسا ئۇ چوقۇم
يېنىمغا كېلىدۇ، دەپ ئويلىدى. ئۇ بۇ قىممەتلىك پۇرسەتنىڭ
كېلىشىنى كۈتەتتى. مۇشۇ كۈتۈش ئازابلىرى ئىچىدە ئۇ قول
كومپيۇتېرىنى تېلېفونغا ئۇلاپ تورغا چىقتى. ئۇ خىزمەت بىلەن
ئۆزىگە تەسەللى بېرىشكە، ئۆزىنى خاتىرجەم قىلىشقا موھتاج ئى-
دى.

ۋاڭ لۇ ناھايىتى تېزلا توردىكى «قارا بۈركۈت» خەت ساندۇ-
قىغا كىردى. ئەمما، ئۇ ھېچقانداق بىر غەيرىي ئەھۋالنى بايقىمى-
دى: ئۇ ياكى كېلىپ يەنە كېتىپ قالدىمۇ قانداق، ھېچقانداق بىر
ئىز قالماپتۇغۇ؟ دەپ ئويلىدى. ۋاڭ لۇ دەسلەپكى قەدەمدە « قارا
بۈركۈت» چوقۇم ئەركىن دەپ پەرەز قىلدى. تۈنۈگۈن ما جيەنجۈڭ
كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان ئىككى جەڭ خەۋىرىنى ئېلان قىلدى.
بىرسى، ئۇ ئۇلترا بىنەپشە نۇرلۇق فوتو ئاپپارات ئارقىلىق تېر-
رورچىلارنىڭ قۇملۇقتىكى تېررورلۇق مەشىق بازىسىدىن كۆپلىگەن
بارماق ئىزى، ئاياغ ئىزلىرىنى قولغا چۈشۈرگەنىدى، نەتىجە كى-
شىنى خۇشال قىلاتتى. ئۇ ھازىر بوستان شەھىرىنىڭ سىرتىدا يۈز
بەرگەن تاكسى شوپۇرىنى كۆيدۈرۈۋېتىش دېلوسىدىكى ئاياغ ئىزىنى
قولغا چۈشۈرگەنىدى، شۇنداقلا يەنە بۇ ئاياغ ئىزى ئىلياس مېھمان-
خانىسىدا قالغان ئاياغ ئىزلىرى بىلەن بىر ئادەمنىڭ ئاياغ ئىزى
يەنى شىرئەلىنىڭ پۇتىنىڭ بارماق ئىزلىرى ئىدى. ئىككىنچى،
ئەكسىيەتچىل تەشۋىق ۋەرەقى تارقىتىش دېلوسى يۈز بەرگەندىن
كېيىن، ۋاڭ لۇ ما جيەنجۈڭغا قولغا چۈشۈرۈلگەن بارماق ئىزلىرى-
نى ئۈچۈر مەركىزىنىڭ ئىسكىلاتىغا كىرگۈزۈپ قويۇشنى، كومپ-
يۇتېر ئارقىلىق ئىزدەپ سېلىشتۇرغاندىن كېيىن قۇملۇقتىكى
تېررورچىلار بازىسىدا قولغا چۈشۈرۈلگەن بارماق ئىزلىرى بىلەن
سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش تەكلىپىنى بەرگەنىدى. بۇلار ئارقىلىق شۇ-

لار ئىسپاتلاندىكى: ئەكسىيەتچىل تەشۋىق ۋارەقى تارقىتىش دېلو-
سىنىمۇ قۇملۇقتىكى ئاشۇ ئەبلەخلەر سادىر قىلغانىدى.
ۋاڭ لۇ بىلەن ما جيەنجۇڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئەترە-
تىدىكىلەرگە يەتكۈزگەن خۇش خەۋەر جۇڭ چېڭدا تولۇق ئىشەنچ
پەيدا قىلدى، شۇنىڭ بىلەن «قارا بۇركۇت» نىڭ دۆلەت چېگرىسى-
دىن كىرگەندىن كېيىنكى مۇساپە خەرىتىسىنى سىزىپ چىقتى:
لەنگەر كەنتى — باغ تېررورلۇق بازىسى — قۇملۇقتىكى تېر-
رورلۇق مەشىق بازىسى — ئاخىرى نامەلۇم.
جۇڭ چېڭ تېخىمۇ چوڭ جەڭنىڭ ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقاند-
لىقىنى ھېس قىلدى، شۇڭا ئۇ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ناھايىتى
كۆپ، ناھايىتى جىددىي ئىدى. ئۇ دوختۇرخانىدىن چىقىپ كېتىش-
تىن ئىلگىرى ۋاڭ لۇغا «قارا بۇركۇت » نىڭ پوچتا ساندۇقىغا
يېقىندىن دىققەت قىلىشنى تاپىلىدى. ھازىر بۇ «قارا بۇركۇت»
نى تېپىشنىڭ بىردىنبىر يولى ئىدى.
ۋاڭ لۇ ھازىرچە «قارا بۇركۇت» كۆزنىكىنى ئۆچۈرۈۋېتىپ،
ئاندىن QQ سۆھبەتخانىسىغا كىردى. ئۇ ئاۋۋال ئۆزىگە قالدۇرۇل-
غان سۆزلەرنى ئىزلىدى، ئۇ ئىككى توردىشىنىڭ ئۆزىنى جىددىي
ئىزدەۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ئۇلارنىڭ بىرى «لەپىلدەۋاتقان قار» ،
يەنە بىرى «مۇزدىكى قارلەيلىسى» ئىدى. ئۇ ھاياجانلاندى، ئۆزد-
نىڭ يوقاپ كەتكىنىگە تېخى بىرقانچە كۈن بولمايلا ئىككى توردىشى
ئۆزىنى سېغىنغانىدى، قارىغاندا، ئۇ بۇ دۇنيادا ھەرگىز يەككە -
يېگانە ئەمەسكەن. ئۇ ما تيەنمۇدىن ئايرىلىپ قالغان تەقدىردىمۇ
بۇ دۇنيادا يەنە ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ھەقىقىي دوستلار بار
ئىكەن. ئۇ مۇشۇلارنى ئويلىغاندا ما تيەنمۇنى سېغىنىش ئازابى سەل
يېنىكلىگەندەك بولدى.
ۋاڭ لۇ ئۆزىنىڭ تورداشلىرىنى ئۈچ تۈركۈمگە ئايرىدى،
بۇلاردىن « لەپىلدەۋاتقان قار» نى ئەڭ يېقىن دوستلار قاتارىغا
قويدى، يەنە مەخسۇس «لەپىلدەۋاتقان قار» ئۈچۈن تور بېتىدە
ئورۇن قالدۇرۇپ قويدى. چۈنكى، ھېچكىم ۋاڭ لۇ بىلەن ئۇنىڭ-
دەك سىرداش بولالمىغان، ئۇلار خۇددى تونۇشقىلى ئۇزۇن بولغان
دوستلاردەك كۆرۈنەتتى، ئۇلار گەرچە بەزىدە تاكاللىشىپ قالسىمۇ

لېكىن بۇمۇ بىر خۇشاللىق ئىدى. ئۇ «مۇزدىكى قارلەيلىسى» نى كېچىدىكى دوستلار قاتارىغا كىرگۈزدى. ۋاڭ لۇنىڭ بىر توپ كېچىدىكى تورداشلىرى بار ئىدى. ئۇلار ئەڭ دەسلەپتە ناتونۇش تورداشلار ئىدى، كۆرۈشۈش قېتىم سانى كۆپەيگەندىن كېيىن ياخشى سۆھبەتداشلاردىن بولۇپ قالغانىدى. «مۇزدىكى قارلەيلىسى» يېقىندىلا ئۇنىڭ تور بېتىگە كىرگەن، كۆزنى چاقنىتىدىغان بىر چولپان ئىدى. ۋاڭ لۇ ئۇ قىزنىڭ ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلگىنىنى بەكلا قەدىرلىدى. ئەلۋەتتە، يەنە بىر تۈركۈم تورداشلار بولۇپ، ئۇلار ئىككى - ئۈچ ئېغىز پاراڭلىشا - پاراڭلاشمايلا گېپى بىر يەردىن چىقمايدىغان تورداشلار ئىدى، شۇڭا ۋاڭ لۇ ئۇلارنى «قارا تىزىملىك» كە كىرگۈزۈپ قويىدى.

بۈگۈن ۋاڭ لۇنى بەكلا خۇش قىلغىنى، «لەپىلدەۋاتقان قار» ۋە «مۇزدىكى قارلەيلىسى» ئىككىيلەن ئوخشاشلا تورغا چىقىۋاتاتتى. قارىغاندا، ئۇلار ئىككىلىسىلا ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈشنى كۈتۈۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ساقلاۋاتقىنىغا خېلى ئۇزۇن بولغاندەك قىلاتتى. شۇڭا «قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز» ئېكرانغا چىقىشى بىلەنلا ئۇ ئىككى تورداش بەس - بەس بىلەن:

— نەگە يوقاپ كەتتىڭىز؟ — دەپ سوراشتى.

«قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز» ئايرىم - ئايرىم هالدا:

— بىرقانچە كۈندىن بۇيان ئازراق ئاۋارىچىلىككە ئۇچراپ قالدىم، — دېدى. «لەپىلدەۋاتقان قار»، «مۇزدىكى قار لەيلىسى» تەڭلا تەقەززالىق بىلەن:

— راستمۇ؟ — دەپ سورىدى.

«قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز» چاقچاق قىلىپ:

— ئەمەلىيەتتە، مەن بىر ئۇخلىغانچە ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئويغانماي ئۇخلاپ كېتىپتىمەن، — دېدى.

«لەپىلدەۋاتقان قار» ئېكرانغا بىر قىزىل ئەتىرگۈلنى چىقىرىپ ياخشى نىيەت بىلەن:

— شېرىن چۈشكە غەرق بولۇپ كېتىپسىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

«مۇزدىكى قار لەيلىسى» قەستەن:

— قار بېسىۋالدىمۇ؟ — دېدى.
«قىزىل كېيىملىك قىلىچۋاز» ئاھايىتى كۆلكىلىك قىلىپ:
«ياق» دېگەن شەكىلنى چىقاردى.
— ياق، دېگىنىڭىز ئەمەس دېگىنىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى
«لەپىلدەۋاتقان قار».
— ياق دېگىنىڭىز ھەئە دېگىنىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى
«مۇزدىكى قارلەيلىسى».
«قىزىل كېيىملىك قىلىچۋاز» سۇسلا قىلىپ:
— ئەمەلىيەتتە، بۇ مېنىڭ بەك ئۇخلايدىغانلىقىم بىلەن
مۇناسىۋەتلىك، — دېدى.
— سىز بەك ھىيلىگەركەنسىز، — دېدى «لەپىلدەۋاتقان
قار»
«مۇزدىكى قار لەيلىسى» ئېكرانغا بىر قارلەيلىسىنىڭ رەسە-
مىنى چىقىرىپ:
— سىز ئاساسىي زىددىيەتتىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇۋ-
ۋاتىسىز، — دېدى.
— سىلەر ئىككىڭلار قاچان تونۇشۇپ قالغان، نېمىشقا ئىك-
كىڭلار ماڭا تەڭلا ھوجۇم قىلىسىلەر؟ — دېدى «قىزىل كېيىم-
لىك قىلىچۋاز».
ئەمەلىيەتتە «لەپىلدەۋاتقان قار» بىلەن «مۇزدىكى قارلەيلى-
سى» زادىلا تونۇشمايتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئېكرانىدىكى كىچىك
كۆرۈنۈشتە قارشى تەرەپنى كۆرگەن، شۇنىڭ بىلەن «قىزىل كې-
يىملىك قىلىچۋاز» نىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى بىلەن قارشى تەرەپ
ئىككىلىسىنىڭلا ئۆزلىرىنىڭ «قىزىل كېيىملىك قىلىچۋاز» غا دىق-
قەت قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىشكەن، شۇڭا ئۇ ئىككىسى ئارىسىدا شۇ
ھامان كۇنداشلىق پەيدا بولغانىدى.
«مۇزدىكى قار لەيلىسى» تەشەببۇسكارلىق بىلەن «لەپىلدەۋات-
قان قار» نىڭ ئېكرانغا چىقىپ:
— سىز بىلەن مەن زادى قايسىمىز ئۇنىڭغا يېقىنراق؟ —
دەپ سورىدى.
— بۇ مەۋھۇم دۇنيادا سىز مەندىن بىر ھەقىقىي ئەھۋالنى

سوراۋاتامسىز؟ — دەپ سورىدى «لەپىلدەۋاتقان قار».
«مۇزدىكى قارلەيلىسى» ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى يوشۇرۇپ:
— مەن پەقەت قىزىقسىنىپ شۇنداق قىلدىم، — دېدى.
— مەن پەقەت قىزىقچىلىق بولسۇن دەپلا شۇنداق قىلدىم، — دېدى «لەپىلدەۋاتقان قار».
— مەن بىر غايىلىك ھەم ئۇنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرالايدىغان ئادەم، — دېدى «مۇزدىكى قار لەيلىسى».
— سىز ماڭا ئۇ ئاخىرى كىمگە مەنسۇپ بولىدۇ دەۋاتامسىز، — دېدى «لەپىلدەۋاتقان قار».
— مەن ئاجايىپ بىر رەقىبكە ئۇچراپ قاپتىمەن، — دېدى «مۇزدىكى قار لەيلىسى».
— ئېھتىمال سىزنىڭ رەقىبىڭىز پەقەت ئۆزىڭىزلا بولۇشىڭىز مۇمكىن، — دېدى «لەپىلدەۋاتقان قار».
— كۆڭلەردىن بىر كۈنى بەلكىم بىز ھەر ئىككىلىمىز توردىن چىقىپ يۈزمۇيۈز ئۇچرىشىپ قېلىشىمىز مۇمكىن، — دېدى «مۇزدىكى قار لەيلىسى».
— بىزنىڭ كۆرۈشۈشىمىزدىكى مەقسەت ئۇ يىگىت ئۈچۈنمۇ؟ ئەپسۇسكى، ئۇ يىگىت ئاللىقاچان كېتىپ قالدى، — دېدى «لەپىلدەۋاتقان قار».
ئۇنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى بىلەن «مۇزدىكى قارلەيلىسى» ئۆزلىرىنىڭ «قىزىل كىيىملىك قىلىچۋاز» بىلەن كارى بولمىغىنىغا خېلى بولغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى-دە، دەرھال ئۇنى ئىزدىدى، ئەمما ئۇنىڭ ھېلىلا «نورمالسىز» ھالدا كېتىپ قالغانلىقىنى سەزدى.

## 6

ئەركىننىڭ مەشىق بازىسى پاچاقلاپ تاشلانغان بولسىمۇ، ئەمما تېررورلۇق تەشكىلاتى بىر كېچىدىلا ئىزسىز غايىب بولغانىدى. ھەرىكەت باش قوماندانى جوڭ چېڭ بەك ئەلەمدە قالغانىدى. باغدىكى مەخپىي بازىدا تۇتۇلغان تېررورچىلار ئۈستىدىن قى-

لىنغان سوراقتا ئىلگىرىلەش بولدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شىرئەلىنىڭ بۆيرۇقىغا بويسۇنىدىغانلىقىنى، شىرئەلىنىڭ ئەركىن دېگەن بىرسىنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنىدىغانلىقىنى ئىقرار قىلىشتى. ئەمما، ئۇلار شىرئەلى قاتارلىقلارنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى دەپ بېرەلمىدى، پەقەت شىرئەلىنىڭ چىراي شەكلى، تۇرقى، سىياقىنىلا شۇنداقلا يەنە ئەركىننىڭ چىرايلىق بىر قىزنى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى دەپ بەردى.

باش قاتۇرۇش هاجەتسىز ئىدىكى، كۆپچىلىك هەممىسى ئۇ قىز چوقۇم رەنا دەپ قارىدى.

ساقچىخانا باشلىقى ئەركىن ئادەم باشلاپ مامۇتنىڭ ئۆيىگە باردى، مامۇت بىلەن رەنانىڭ نەگە كەتكەنلىكى نامەلۇم ئىدى.

ساقچىخانا باشلىقى ئەركىن رەيھان هامىمىدىن:

— مامۇت بىلەن رەنا نەگە كەتتى؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇلار ئۆيدە يوق.

— نەگە كەتتى؟

— قەشقەرگە كەتتى.

— ئۇ يەرگە نېمىشقا كەتتى؟

— سودا قىلغىلى.

— كىملەر بىلەن بىللە كەتتى؟

— بىلمەيمەن، — ئۇ ئايال راست گەپ قىلمىدى، ئۇ ئېغىزىنى ئېچىپلا قويسا ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

جۇڭ چېڭ ساقچىخانا باشلىقى ئەركىننىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مامۇتنىڭ ئايالى راست گەپ قىلماپتۇ دەپ قاراپ:

— يالغانچىلىقنى تەكشۈرۈش ئاپپاراتىنى ئىشلىتىپ ئۇنى تەكشۈرۈپ بېقىڭلار، ئۇ چوقۇم ئەركىننىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلىدۇ، — دېدى.

رازۋېدكىچىلار ئەركىن تۇرغان ئۆيدىن بەدەن چېنىقتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان گانتېل، تارتما پۇرژىنا قاتارلىق نەرسىلەرنى تاپتى، يەنە «جەنۇبىي شىنجاڭ شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق تەشكىلاتى» نىڭ ئاساسىي قانۇنى، پارتىيە نىزامنامىسى، قانۇنلىرىنى،

«شەرقىي تۈركىستان خەلق پارتىيىسى» نىڭ ھەرىكەت كۆرسەتكۈ-چى؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «جەننەتنىڭ ئاچقۇچى»، «چوقان»، «ئويغىنىش»، «ۋەھىمىلىك كېچە» قاتارلىق بىر دۆۋە ئەكسىيەت-چىل كىتابلارنى تاپتى.

بۇ زاڭ ماللارنى كۆرگەندىن كېيىن، جوڭ چېڭ جىددىي تۇردە ساقچىخانا باشلىقى ئەركىنگە:

— بۇ دەل تېررورچىلارنىڭ مەركىزىي ئۇۋىسىكەن ئەمەس-مۇ! — دېدى.

ساقچىخانا باشلىقى ئەركىن ئۆزىنى ئەيىبلىگەن ھالدا:

— دۈشمەنىنىڭ كۆز ئالدىمىزدا شۇنچە ئۇزۇن مەۋجۇت بو-لۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى زادىلا خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىمەن، مەن ھە-قىقەتەن مەسئۇلىيەتسىزلىك قىپتىمەن، — دېدى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن رەيھان ئەمدى يالغانچىلىقنى تەكشۈرۈش ئاپپاراتى ئالدىدا بەرداشلىق بېرەلمىدى، ئۇ ئەركىننىڭ تاپانچا كۆتۈرۈپ ئۆزىنىڭ ئېرى بىلەن قىزىنى مەجبۇرلاپ بىرگە ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى، ئەمما ئۇلارنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

جوڭ چېڭ ئۆزىنىڭ ئەركىننى تۇتۇشنىڭ ئىنتايىن ياخشى بىر پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

بىر مەھەل شاۋقۇن - سۈرەن ئىچىگە چۈشۈپ قالغان جەنۇبىي شىنجاڭ يەنە تىنجىدى...

# ئون توققۇزىنچى باب

## 1

ما تيەنمۇ ئۆزى يالغۇز دوختۇرخانىغا كەلدى ۋە دوختۇرنىڭ ياتاقتىن چىقىپ كەتكەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، بىر دەستە گۈلنى كۆتۈرۈپ ۋاڭ لۇنىڭ ياتىقىغا غىپپىدە كىردى.

ۋاڭ لۇ كۆزلىرىنى بوشقىنا يۇمۇپ ياتاتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ قۇملۇقتا هاياتىدىن ئايرىلغىلى تاسلا قالغانلىقىنى، ما تيەنمۇنى كۆرەلمەي قالغىلى تاسلا قالغانلىقىنى ئويلىغىنىدا قەلبى بەكلا ئازابلاندى. دەل شۇ مىنۇتلاردا ئۇ ما تيەنمۇنىڭ زىيارىتىنىڭ تېخى ئاياغلاشمىغان بولۇشىنى، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قۇچاقلىشىشنى بەكمۇ ئۈمىد قىلدى. ئۇ شۇلارنى ئويلاۋېتىپ كۆزلىرى يۇمۇلغان-دەك بولدى، يەنە بۇرنىغا ئەتىرگۈلنىڭ خۇش پۇرىقى ئۇرۇلغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ بۇنىڭدىن مەستخۇش بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزى بىلەن ما تيەنمۇنىڭ ئىككى كىشىلىك دۇنياسىغا غەرق بول-دى، ئۇلارنىڭ بۇ دۇنياسى نېمىدېگەن ياخشى - هە، پەقەت ئۇلار ئىككىيلەنلا بار، ئىككىيلەنلا قۇچاقلىشىپ كېتىشۋاتىدۇ، چۈشىدە ئۇ ما تيەنمۇنىڭ كەپسىزلىك بىلەن ئۇنىڭدىن: «بۇ دۇنيادا يەنە كىم نېگىر ناخشىچى دۇرى ۋېلسوندەك ، كەينىگە يېنىشۋاتقان دەقە-قىلەر، نى چالالايدۇ؟» دەپ سورىدى.

ۋاڭ لۇ ئېچىدە: «بۇ دۇنيادا بىردىنبىر بايلىق ۋاقىت، ئەمما مەن بىزنىڭ بۇ بايلىقىمىزنى تۈگىتىۋەتتىم، ئۆتۈپ كەتكەن بۇ ۋاقىت قانداقمۇ كەينىگە يانىدۇ؟» دەيتتى. ئۇ ما تيەنمۇنىڭ توخ-تىماي پىلدىرلاۋاتقان كۆزىگە قارىغىنىدا، بۇ گېپىنى ئېغىزىدىن چىقىرالمىدى.

ما تيەنمۇ هە دەپ ۋاڭ لۇنى مىدىرلىتىپ:

— گەپ قىلىڭە، مەن سىزگە گەپ قىلىۋاتىمەن، —

دېدى.
ۋاڭ لۇ ئويغىنىپ چۆچۈپ كەتتى، ئەسلىدە ما تيەنمۇ ئۇنىڭ كارىۋىتىنىڭ ئالدىدا بىر دەستە گۈل تۇتقان ھالدا تۇراتتى. ما تيەنمۇ كۆزلىرىدە ياش لىغىرلىغان ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ:
— دۇنيادا كىم نېگىز ناخشىچى دۇرى ۋېلسوندەك «ئارقىغا قايتىۋاتقان دەقىقىلەر»نى چالالايدۇ؟ — دەپ سورىدى.
ۋاڭ لۇ ھەيرانلىق ئىچىدە:
— تيەنمۇ سىز قانداق كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.
ما تيەنمۇ بارمىقى بىلەن ئېغىزىنى توسۇپ، شۈك دەپ، ئۇنى ئاۋازىنى چىقارماسلىققا شەرەت قىلدى، چۈنكى ياندىكى كارىۋاتتا ئەلى تېخىچە چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە ياتاتتى.
ۋاڭ لۇ قولىنى پۇلاڭلىتىپ:
— ئۇنىڭ بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، مەن ئورنۇمدىن تۇ - رىمەن، — دېدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاسما ئوكۇل يىڭنىسىنى «تاس» قىلىپ تارتىۋەتتى، ئوكۇل ئۇرغان جايدىن قان تەپچىرەپ چىقتى. ما تيەنمۇ دەرھال ئۇ جايىنى بارمىقى بىلەن بېسىپ تۇرۇپ: — نېمىشقا ئۇنداق قىلىسىز؟ — دېدى.
— نېمىشقا ئۇنداق قىلمايدىكەنمەن؟ مېڭىڭ، سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كىرىمىز، — دېدى ۋاڭ لۇ ھاياجانلانغان ھالدا.
ئىككىيلەن دوختۇرغا كۆرۈنمەي غىپپىدىلا چىقىپ، ھويلىدىكى تال بارىڭى ئاستىغا كەلدى ۋە تاش ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.
— راستىنى ئېيتسام مەن بەكلا قورقتۇم، — دېدى ما تيەنمۇ.
— مېنى قۇملۇقتا ئۆلۈپ كېتەرمۇ دېدىڭىزمۇ؟ — دېدى ۋاڭ لۇ ياپىتا گەپ بىلەن.
— ئۆلۈم دېگەن بۇ سۆز مېنىڭ كاللامدا تېخى بىر ئابستراكت ئۇقۇمدىنلا ئىبارەت، — دېدى ما تيەنمۇ.
— خاتىرجەم بولۇڭ، ئۆلۈم ھەرگىز سىزگە يېقىن كېلەلمەيدۇ، — دېدى ۋاڭ لۇ پەرۋاسىزلا.
ما تيەنمۇ قەستەن ئاچچىقلانغاندەك قىلىپ:
— سىز مېنى بىر نادان قىز دەپ قاراۋاتامسىز؟ — دېدى.

— مەن سىزنىڭ ساغلام هالدا بۇ دۇنيادا ياشىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى ۋاڭ لۇ چىن قەلبىدىن.

ما تيەنمۇ ۋاڭ لۇنىڭ كۆزلىرىگە مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ:

— سىزمۇ شۇنداق بولغايسىز، — دېدى.

— يىغلىدىڭىزما؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ لۇ ئىچ ئاغرىتقان هالدا.

ما تيەنمۇ تەسىرلەنگەن هالدا ياش تۆكۈپ:

— مەن مەڭگۇ سىزنى سېغىنىمەن، — دېدى.

ۋاڭ لۇ ما تيەنمۇنىڭ يۈزلىرىنى سىلىدى ھەمدە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— يېقىنراق كېلىڭە تەرسا قىز، ياشلىرىڭىزنى سۈرتۈپ قوياي، — دېدى.

ۋاڭ لۇ سەل ئويلىنىپ تۇرۇپ:

— ئەگەر سىز يەنە شۇنداق نازۇكلۇق قىلىۋەرسىڭىز، مەن ئۆزۈمنىڭ تاللىشىمدىن پۇشايمان قىلىپ قېلىشىم مۇمكىن جۇمۇ، — دېدى.

ما تيەنمۇ ئۆزىنىڭ هېسسىياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشىپ، ئۇنىڭغا ئوخشاش هېسسىيات بىلەن:

— مەنمۇ شۇنداق، — دېدى.

ۋاڭ لۇ بىردىنلا ئۇلار ئىككىسى ئارىسىدا هېسسىيات ئۆزگىرىشى بولۇشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى هېس قىلىپ، سىناپ بېقىش نەزىرىدە:

— دەپ بېقىڭە، بىز ئىككىمىزدىن قايسىمىز يول قويۇشىمىز كېرەك؟ — دېدى.

ما تيەنمۇ بىردىنلا تىنچلىنىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مېنىڭچە ئىككىلىمىزلا يېڭىش كويىدا، — دېدى.

ۋاڭ لۇ سوغۇق بىر ئېقىمنىڭ تېخى هېلىلا ئىللىقلىشىۋاتقان قەلبىگە ئۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى هېس قىلىپ، كۆڭلى بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى.

ما تيەنمۇ ۋاڭ لۇنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشنى دەرهال سېزىۋالدى، ئۇ گەپنى باشقا ياققا بۇراشقا تىرىشىپ:

— سىز ئىبراھىمنىڭ ئوقۇشتىن قېلىپ قالغان بالىلارغا ئوقۇش پۇلى ياردەم قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ — دېدى.

ۋاڭ لۇ سوغۇقلا قىلىپ:

— مەن ئىبراھىمنىڭ ئۇ ئىشلىرىغا قىزىقمايمەن، — دې-دى.

ما تيەنمۇ يەنىلا ناھايىتى قىزىقىش ھېسسىياتى بىلەن بۇ ھەقتىكى پىكرىنى سۆزلەشكە باشلىدى:

— بۇ ماقالە يېقىندىلا گېزىتكە چىقىدۇ، مەن ئوقۇرمەنلەر-نىڭ ئىنكاسىنى ئاڭلاپ بېقىشنى خالايمەن، — دېدى.

ۋاڭ لۇ سوغۇققىنا قىلىپ:

— مەن گېزىت خەۋەرلىرىگىمۇ قىزىقمايمەن، — دېدى.

ما تيەنمۇ بۇ سۆھبەتنىڭ ناھايىتى مەنىسىز بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، باشقا ياققا قارىۋالدى - دە:

— مەن دەرھال بېيجىڭغا قايتىپ كېتىمەن، — دېدى.

ۋاڭ لۇنىڭ كەيپىياتى بۇ چاغدا پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلگەندى:

— ئېھتىمال مېنىڭ سىزنى ئۈزۈپ قويۇشقا ۋاقتىم چىقـ-ماسلىقى مۇمكىن.

ما تيەنمۇ چېچىلغان ھالدا:

— بۇ دۇنيادا ماڭا دىققەت قىلىۋاتقانلا ھەرگىز سىز ۋاڭ لۇلا ئەمەس، — دېدى.

— بىلىمەن، — دېدى ۋاڭ لۇ سوغۇققىنا.

ما تيەنمۇ ئۈمىد نەزىرى بىلەن ۋاڭ لۇغا قاراپ:

— سىز يەنىلا مەن ئۈچۈن ئۆز كەسپىڭىزنى قۇربان قىلماي-سىز، شۇنداقمۇ؟ — دېدى.

ۋاڭ لۇ ما تيەنمۇغا تىكىلىپ تۇرۇپ:

— سىزمۇ مېنى دەپ ئۆز كۆزقارىشىڭىزنى ئۆزگەرتمەي-سىز - ھە؟ — دېدى.

ما تيەنمۇنىڭ بىردىنلا ئاچچىقى كەلدى:

— مەن سىزنىڭ مۇنداق چوڭ ئەركەكچىلىك ئىستىلىڭىز-دىن بىزار!

ۋاڭ لۇ تېخىمۇ قاتتىقلىق قىلىپ:

— قارىغاندا سىزگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئادەم مەن ئەمەس
ئىكەنمەن، — دېدى.
ۋاڭ لۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بالنىستقا قايتماقچى بولدى، ما
تيەنمۇ ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ:
— گەرچە بىز ئەر - خوتۇن بولالمىساقمۇ ياخشى دوستلار-
دەك سىردىشالمامدۇق؟ — دېدى.
— سىز راستتىنلا سىردىشىش ئوبيېكتىنى خاتا تاللاپ قو -
يۇپسىز! — دېدى ۋاڭ لۇ سوغۇققىنا.
ما تيەنمۇ شۇنداق قىزغىنلىق بىلەن دوختۇرخانىغا كېلىپ
كۆڭۈلسىز بولۇپ قايتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ كۆڭلىمۇ قاتتىق
ئازابلىنىۋاتاتتى. ئۇ ۋاڭ لۇنىڭ نېمىشقا ئۆزىگە قېيىداۋاتقانلىقىنى
بىلەتتى. ۋاڭ لۇ ئىلگىرىكى قىز دوستىنىڭ ئۆزى بىلەن سىردى-
شىشىنى، ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئۆزىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىشىنى
ئۈمىد قىلاتتى، ئەمما ما تيەنمۇ ئۇنداق قىلالمايتتى.

## 2

ئايگۈل ئىبراھىمنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىك قوڭغۇرىقىنى غەزەپ
بىلەن باستى. يۇسۇپ ئايگۈلنى باشلاپ ئۆيگە كىردى.
ئىبراھىم خاپا بولغان ھالدا:
— مەن سىزنى ئاگاھلاندۇرغانىدىمغۇ؟ بۇ يەرگە ئاۋۋال مەن
بىلەن كېلىشىپ قويۇپ ئاندىن كېلىشىڭىز كېرەك ئىدى، —
دېدى.
— مەنمۇ سىزنى ئاگاھلاندۇرغان، مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەرنى
بۇ ئىشقا سۆرەپ كىرمەسلىكىڭىز كېرەك ئىدى، — ئايگۈل
تەرسالىق بىلەن گەپ تالاشتى.
— مەن بارلىق كۈچۈم بىلەن تىرىشتىم، سىزنىڭ ئائىلە-
ڭىزدىكىلەر بەكمۇ ئېھتىياتسىزلىق قىلىدىكەن، — ئىبراھىم
ئايگۈلنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلەتتى.
— سىز ئۇلارنى تۇزاققا دەسسەتتىڭىز، — دېدى ئايگۈل
چېچىلغان ھالدا.

ئىبراھىم ئايگۈلنىڭ بېشىغا نوقۇپ تۇرۇپ:
— سىز شەخسىي دوستلۇققا بەك بېرىلىپ كەتتىڭىز، بۇ ئىش سىزگە ئېغىر خەۋپ كەلتۈرىدۇ، — دېدى.
ئايگۈل ئاچچىق بىلەن ئىبراھىمنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋېتىپ:
— مېنى بۇ ئىشقا سۆرەپ كىرگىنىڭلارمۇ يېتەر، ئەركىن ئائىلەمدىكىلەرنى قويۇۋەتسۇن، — دېدى.
— ئەگەر ئۇ ئۇنىمىسچۇ؟ — ئىبراھىمنىڭ ئاچچىقى كەل-دى.
ئايگۈل تەھدىت سېلىپ:
— ئەمىسە ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئوبدان ئويلاپ كۆر-سۇن، — دېدى.
— سىز قانداق قىلالايتتىڭىز؟ — دەپ قايتۇرۇپ سورىدى ئىبراھىم.
ئايگۈل كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، تەھدىت سالدى:
— مەن قانداق قىلغۇم كەلسە شۇنداق قىلىمەن!
— سىز ساراڭ بوپسىز! — دېدى ئىبراھىم ئالدىرىماي.
ئايگۈل قىلچە بوش كەلمەي:
— سىلەر مېنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلىغان، — دېدى.
تۇيۇقسىزلا ئۆيدە باشقا بىر ئەر كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇ ئىنگلىزچە سۆزلەۋاتاتتى بۇ ئاۋاز غايىبتىن كېلىۋاتقاندەك قىلات-تى:
— ئايگۈل سىز مېنى بەكمۇ ئۈمىدسىزلەندۈردىڭىز.
ئايگۈل چۆچۈپ كەتتى، بۇ ناھايىتى تونۇشلۇق ئاۋاز ئىدى، بۇ ھەربىي تەلىمچى شىمىسنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئەمما بۇ ئۆيدە ھازىر پەقەت ئۇ ۋە ئىبراھىم ئىككى ئادەملا بار ئىدى.
شىمىس خاتىرجەم ھالدا سۆزلەۋاتاتتى:
— مەن سىزنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈپ يەتتىم. ئايگۈل، سىز مېنىڭ ئۈمىدىمنى يەردە قويدىڭىز، — ئايگۈل نېمىلا دېگەن-بىلەن پىشقان جاسۇس ئىدى، ئۇ دەرھال سۆزلەۋاتقان كىشىنىڭ ئاۋازىنىڭ تامدىكى گىلەمدىن ئاڭلىنىۋاتقانلىقىنى پەرق ئېتتۇال-دى. ئۇ شۇنى چۈشەندىكى: گىلەمنىڭ ئارقىسىدا چوقۇم كىچىك

جاسۇسلۇق سىنىئالغۇسى ئورنىتىلغان، گىلەمنىڭ ئارقىسىدا چو-
قۇم بىر مەخپىيخانا بار ئىدى. ئۇ دەرھال شۇ ياقتا نەزەر سالدى
ھەمدە ئىخلاسمەنلىك بىلەن:
— ئۇستازىم، ئوقۇغۇچىڭىزنىڭ سەۋەنلىكىنى كەچۈرگەيـ-
سىز، — دېدى. شەمس ئالدىرىماي گەپ قىلدى:
— سىزنىڭ پراكتىكا ۋاقتىڭىز ئاخىرلىشاي دەپ قالدى،
مەن سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزدىن رازى ئەمەس.
— مەن تىرىشىپ نىشانغا يېقىنلىشىۋاتىمەن، — دېدى
ئايگۈل دىلى ئازار يېگەن ھالدا. شەمس بۇيرۇق قىلدى:
— مەن سىزنىڭ يەنىلا شەخسىي دوستلۇق بىلەن بولۇپ
كېتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلمايمەن، سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز تېزدىن جەنۇ-
بىي شىنجاڭ رايونلۇق ج خ ئىدارىسى مەركىزىي ئۇچۇر ئىسكىلاتى-
دىكى پىلاننى قولغا كەلتۈرۈش. بىز تېزدىن ئۇلارنىڭ سىستېمى-
سىغا بۆسۈپ كىرىپ، ئۇ سىستېمىنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈشىمىز
كېرەك.
— بۇنىڭغا ھەقىقەتەن ۋاقىت كېتىدۇ، — دېدى ئايگۈل
يالۋۇرۇش تەلەپپۇزدا.
— مېنىڭ سەۋر - تاقىتىمنىڭ چېكى بار! — دېدى شەمس
قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن.
— بىلىمەن، — دېدى ئايگۈل ئىلاجسىز ھالدا.
— مەن سىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، كۆرەشتە دىققەتنى
مەركەزلەشتۈرۈش بىلەن ئىنتىزاملا سىزنىڭ ھاياتىڭىزنى قۇتقۇزا-
لايدۇ. مېنىڭ سىزگە بەرگەن تەلىملىرىمنى تېخى ئۇنتۇپ قالمى-
غانسىز؟ — دېدى شەمس ئاچچىق بىلەن.
— شۇنداق ئۇستازىم. سىزلەرنىڭ تەشكىلاتىڭلارغا كىرگەن-
دىن باشلاپ سىلەر مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ كېلىۋاتىسىلەر، مەن
ھازىر ئۆزۈمنىڭ ھاياتىغا ئىگە بولالمايمەن. مېنىڭ ئىككىنچى
قېتىملىق ھاياتىم پەقەت خىزمەت جەريانىدىكى دىققەت ۋە ئىنتىزام
بىلەنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ، — دېدى ئايگۈل.
— يەنە 10 كۈندىن كېيىن قايسى كۈن ئىكەنلىكى ئېسى-
ڭىزدىمۇ؟ — دەپ شەمس ئۇنى ئاگاھلاندۇردى.

ئايگۈل ئېنىق قىلىپ جاۋاب بەردى:
— روزى ھېيت.
شەمس نەسھەت قىلىش تەلەپپۇزىدا ئۇنىڭغا:
— بۇ ۋاقىتتىن ئوبدان پايدىلىنىڭ، چوقۇم بۇ پۇرسەتنى قولغا كەلتۈرۈڭ، ۋاڭ لۇ بىلەن يېقىنلىشىڭ، ياخشى پۇرسەتنى ھەرگىز قولدىن بېرىپ قويماڭ، — دېدى.
— بارلىق كۈچۈم بىلەن تىرىشىمەن، — دېدى ئايگۈل ئىنتائەتمەنلىك بىلەن.

3

ما تيەنمۇنىڭ ئىبراھىمنى زىيارەت قىلىشى ھازىرچە ئاخىر-لاشتى، ئۇ ئىبراھىمغا:
— يەنە بەزى ماتېرىياللارنى توپلىغاندىن كېيىن بېيجىڭغا قايتىمەن، — دېدى. ئىبراھىم ئۇنىڭ خىزمەت ئۇنۇمى ۋە تەشۋى-قات ئىشلىرىدىن بەكمۇ زوقلانغان ۋە رازى بولغانلىقىنى ئېيتتى.
ئۇ زىيارەت قىلىۋېتىپ دەرھال ماقالىسىنى پۈتتۈرۈپ ئۇنى ئاخبا-رات ئورۇنلىرىغا يوللايتتى. بىر ھەپتە ئىچىدە ئۇ «سىياسىي كېڭەش گېزىتى»، «جەنۇبىي شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق گېزىت-لەرگە خېلىلا سالمىقى بار ئۈچ پارچە ماقالە يېزىپ ئەۋەتتى.
ئىبراھىمنىڭ ئىش ئىزلىرى ۋە ئۇنىڭ رەسمى گېزىتكە بېسىلغان-دىن كېيىن سىياسىي ساھەدىكى نۇرغۇن زاتلار ئىبراھىمغا تېلې-فون بېرىپ ئۇنى تەبرىكلىدى، يىراق - يىراقلاردىن نۇرغۇن كى-شىلەر ئۇنىڭغا سالام يوللىدى.
ئىبراھىم ئىنتايىن خۇشال بولدى، بىرمەھەل ئۇ ھەتتا ھۆ-كۈمەتكە بولغان ئۈچمەنلىكىنىڭمۇ يوقاپ كەتكەندەك بولغانلىقىنى ھېس قىلدى.
شۇ كۈنى كەچتە يۈسۈپ ئىبراھىمغا ئەھۋاللارنى دوكلات قىل-دى، ئۇ:
— ھېلىقى قىز چۈشنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ خەير - ساخاۋەت فوندى جەمئىيىتىمىزدە بوغالتىر بىلەن بىر ھازا پاراڭلاشتى، يەنە

ھېسابلارنىمۇ تەكشۈرۈپ كۆردى، — دېدى.
ئىبراھىم پەرۋاسىز ھالدا:
— ھېسابىمىز ئىنتايىن ئوچۇقتۇ، كىم كېلىپ تەكشۈرسىمۇ ھېچنېمە تاپالمايدۇ، — دېدى. يۈسۈپ بېشىنى چايقاپ: — مەن ناھايىتى ئەنسىرەۋاتىمەن، ئەگەر يەنە شۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، بىر كۈنلەردە ئۇ بىزنىڭ ئۈستىمىزدىنمۇ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارامدۇ قانداق؟ — دېدى.
— سەن ياكى زىيارەت قىلىنىدىغان ئوبيېكت بولمىسالڭ! — دەپ مەسخىرە قىلدى ئىبراھىم.
يۈسۈپ ئىنتايىن سەزگۈرلۈك بىلەن:
— زىيارەت قىلسا چوقۇم ھېسابات تەكشۈرۈلىدىغان گەپمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— ئۇ دېگەن مۇخبىر، ئەلۋەتتە ئىنتايىن ئىنچىكە زىيارەت قىلىدۇ - دە! ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ ئىگىلىگەن ئاخباراتىمىزدىن مەلۇم قىلىنىشىچە ئۇ ئادەتتىكى مۇخبىر ئىكەن، — دېدى ئىبراھىم.
يۈسۈپ قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ:
— مەن ئۇ قىزنىڭ ئۇنچىلا ئاددىي قىز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىۋاتىمەن، ئالدىنقى كۈنلەردە مەن ئۇنى جەنۇبىي شىنجاڭ بانكىسىدا كۆرگەن، ئۇ يەنىلا مېنىڭ ئىزىمغا چۈشكەندەك قىلىدۇ، — دېدى.
— گۇمانخورلۇق قىلما! مۇخبىر دېگەننىڭ ئالاقىلىشىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولىدۇ، ئۇلار ھەممە يەرگە بېرىپ زىيارەت قىلالايدۇ، — دېدى ئىبراھىم كۈلۈپ تۇرۇپ.
— سىز ئەزەلدىن ناھايىتى ئېھتىياتچان ئادەم ئىدىڭىز، نېمىگە بۇ قىزغا شۇنچىۋالا بەك ئىشىنىسىز؟ مەن بۇنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم، — دېدى يۈسۈپ چۈشەنمەي.
— شۇنداق، مەن ئۆزۈممۇ چۈشىنەلمەيۋاتىمەن، نېمىشقا ئۇ ماڭا شۇنچە يېقىملىق تۇيۇلىدۇ؟ بەلكىم ئۇنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرۈپ قالغاندىمەن، — دېدى ئىبراھىم.
يۈسۈپ نارازى بولغان ھالدا:

— مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تۇيغۇم بىلەن ئايگۈلگە بولغان تۇيغۇم ئوخشاش ئەمەس، مېنىڭچە ئايگۈل تېخىمۇ ئىشەنچلىك، — دېدى.

ئىبراھىم ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا:

— ئۇنى قوي! ئۇ قولىدىن ھېچقانچە چوڭ ئىش كەلمەيدىغان قىز. ئۇنىڭ چەت ئەللىك ئۇستازى ئۇنىڭدىن زادىلا خاتىرجەم بولالمايدىكەن، — ئىبراھىم تامدىكى سائەتكە قاراپ قويۇپ: — بولدى، تېز بېرىپ تەييارلىقىڭنى قىل، مېھمان ھازىرلا كېلىدۇ، — دېدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي يۇسۇپ ئىقابلانغان ئابدۇلنى ئىبراھىمنىڭ قېشىغا باشلاپ كىردى.

ئىككىيلەن غۇۋا چىراغ نۇرىدا بىرھازاغىچە بىر - بىرىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى. ئابدۇلنىڭ نەزىرىدە بىرنەچچە يىل كۆرمىگەچكە ئۇستازى ھازىر خېلىلا قېرىپ كەتكەنىدى، شۇڭا ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭدا ئىچ ئاغرىتىش ھېسسىياتى پەيدا بولدى. ئىبراھىمنىڭ نەزىرىدە ئۇ ھەربىر ياشنى چەت ئەلگە ئەۋەتكەندە ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلەلمەسلىك ئېھتىماللىقى يۇقىرى ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭدا ھەمىشە يالغۇزلۇق، تەنھالىق تۇيغۇسى پەيدا بولاتتى. ئابدۇل ھېسسىيات جەھەتتە ئۇنىڭغا ئەڭ يېقىن ياشلاردىن ئىدى، ئەمما ئۇ دائىم كېلىپ ئۇنى كۆرۈپ تۇرالمايتتى.

ئىبراھىم خۇشال ھالدا:

— پۇلنى تەق قىلىپ قويدۇم، سەن خاتىرجەم ھالدا دادىل ئىشلىگىن. چەتكە چىقىرىدىغان ياشلىرىمىز قانچە كۆپ بولسا بىزنىڭ مۇستەقىللىقىمىزدىن شۇنچە كۆپ ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ، — دېدى.

— مەن بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ يەنە سىزدىن ئايرىلىدىغان بولدۇم.

— مەن مەڭگۈ مۇشۇنداق تەنھا قېلىۋېرىمەن.

— ئەمەلىيەتتە مەن سىزگە كۆپرەك ھەمراھ بولۇشنى خالايتتىم.

ئىبراھىم دەرھال كەيپىياتىنى تەڭشىۋالدى، ئۇ ئوقۇغۇچىسىد-

نىڭ ئىرادىسىگە زەربە بېرىپ قويۇشنى خالىمايتتى، شۇڭا:
— ئۇنداق قىلساڭ مېنىڭ ئۈمىدىمنى يەردە قويغان بولىـ
سەن، — دېدى.
— بەزىدە مېنىڭ ھەقىقەتەن كەتكۈم كەلمەيدۇ، مەن ئاددىي
پۇقرالارچە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشنى بەكمۇ خالايمەن، مۇنداق
سەرسان تۇرمۇش كەچۈرۈشنى خالىمايمەن، — دېدى ئابدۇل.
— سەن مېنىڭ ئالدىمغا كەلگەن ۋاقىتتىن باشلاپ مۇنداق
ئىمكانىيەتتىن مەھرۇم بولغان، — دېدى ئىبراھىم قاتتىق تەلەپـ
پۇزدا.
— ئۇستازىم، ئېيتىڭە، مەن يەنە قاچانغىچە سەرسان بولۇپ
يۈرەرمەن؟ — دېدى ئابدۇل سىناش تەلەپپۇزى بىلەن.
— ئەگەر مەن بۇنى بىلگەن بولسام بۇرۇنلا ساڭا ئېيتىپ
بەرگەن بولاتتىم. كەلگۈسىدىكى ئىشلار تېخى نامەلۇم، شۇنىڭ
ئۈچۈن بىزنىڭ يەنە ئىرىشىشىمىزغا، ھەتتا قۇربان بېرىشىمىزگە
توغرا كېلىدۇ، — دېدى ئىبراھىم ئىلاجسىز بىر قىياپەتتە.
ئۇستاز شاگىرت ئىككىيلەن چوڭقۇر سۆھبەتلىشىۋاتقان ۋاـ
قىتتا بىردىنلا ھويلىدىن بىرسىنىڭ جىددىي كىرىۋاتقان ئاياغ تىۋـ
شى ئاڭلاندى. ما تيەنمۇ كەلگەنىدى. ئىبراھىمنىڭ ئايالى ئىشىكـ
نى چېكىۋاتقان قىزنىڭ ھېلىقى مۇخبىر ئىكەنلىكىنى تونۇپ ئەدەپ
بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ بەردى.
ما تيەنمۇ ئىبراھىمنىڭ ئايالى بىلەن كۆلۈشۈپ پاراڭلاشقىنىـ
چە ئۆيگە كىردى، باشقا بىر ئۆيدە پول ساناۋاتقان يۈسۈپ ئۇلارنى
توسۇشقا ئۈلگۈرەلمەي قالغانىدى. ئىبراھىم دەرھال كۆنۈپكىنى
يېنىككىنە باستى، مەخپىي خانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى، ئابدۇل
مەخپىي خانىگە كىرىپ كەتتى، مەخپىي خانىنىڭ ئىشىكى يېپىۋاتـ
قان ئاشۇ پۇرسەتتە ما تيەنمۇ خۇشال كۈلگىنىچە ئۆيگە كىرىپ
كەلدى.
— نېمىشقا مېنىڭ بىلەن ئالدىن كېلىشىپ قويمايلا كەلدىـ
ڭىز؟ — دەپ سورىدى ئىبراھىم سەل نارازى بولۇپ.
— مۇئاۋىن رەئىس، مېنىڭ كەلگىنىمدىن خۇشال بولمايۋاـ
تامسىز، بولىدۇ، مەن ھازىرلا كېتىمەن، خاپا بولماڭ، — دېدى

ما تيەنمۇ چۈشەنچە بېرىپ.

ئۇ ئىبراھىمغا چاقچاق قىلىپ سۆزلەۋاتسىمۇ ئەمما كۆڭلىدە: بايا ئۆيگە كىرگەندە بىر كىشىنىڭ قارىسى غىل - پاللا ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلىۋاتاتتى، ئەمما ئۇ ھازىر نېمىشقا كۆرۈنمەيدۇ؟ دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ پۇراش سېزىمى ئۇنىڭغا بۇ ئۆيدىن يەنە بىر ئەرنىڭ ھىدى كېلىۋاتقانلىقىنى، بۇ ھىدنىڭ ئىبراھىمدەك قىبرىنىڭ ھىدىغا ئوخشىمايۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇرۇۋاتاتتى.

— ياق، سىزنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇش بولدۇم، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم سىز ماڭا ئالدىن ئۇقتۇرۇپ ئازراق تەييارلىق قىلىش پۇرسىتى بەرگەن بولسىڭىز، سىزنى ئوبدانراق ئۇزىتىپ قويالايتتىم، — دېدى ئىبراھىم دەرھال گېپىنى ئۆزگەرتىپ.

— مېنىڭ مۇنداق ئالدىراپ كېلىشىم سىز بىلەن خوشلىشىش، مەن ئەتىلا ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭغا قايتماقچىمەن، — دېدى ما تيەنمۇ، ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ قەلىمى ۋە خاتىرىسىنى چىقىرىپ ئۆزىنىڭ ئادرېسى ۋە تېلېفون نومۇرىنى يېزىپ ئىبراھىمغا بەردى.

ئىبراھىم قەغەزنى قولىغا ئالدى، ئۇ ئەپسۇسلانغان ھالدا:

— نېمىشقا بىرقانچە كۈن ئارتۇقراق تۇرمايسىز؟ يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان ھە دەپ زىيارەت بىلەن ئالدىراشلا بولۇپ كەتتىڭىز، ئوبدانراق ئويناشقا ۋاقتىمۇ چىقىرالمىدىڭىز، — دېدى.

— كېيىنكى قېتىمدا شۇنداق قىلاي، مەن كېيىنكى قېتىم يەنە كېلىشنى ئۈمىد قىلىمەن، بولامدۇ، — دېدى ما تيەنمۇ قىزىقچىلىق قىلىپ.

ئىككىيلەننىڭ سۆھبىتى شۇ يەرگىچە بولدى، ما تيەنمۇنىڭ قولىدىكى قەلەم ئۇچىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان تېلېكامېرا باشتىن - ئاخىر تامدىكى گىلەمگە توغرىلانغانىدى، چۈنكى ئۇ ئۆيگە كىرگەندىلا تامدىكى گىلەمنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس مىدىرلاۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلغان. ئۇ كۆڭلىدە: بۇ ئۆيدە شامال بولمىسا، تامدىكى گىلەم نېمە ئۈچۈن مىدىرلايدۇ، ئۇ ئۆيدە بىر مەخپىي خانا بارمۇ قانداق دەپ ئويلىدى. كەسپىي سەزگۈرلۈكى ئۇنىڭغا تامدا چوقۇم بىر ئىش بار دېگەنلەرنى ئۇقتۇراتتى.

ما تيەنمۇ خاتىرىسى بىلەن قەلىمىنى سومكىسىغا سېلىپ، كۆلۈپ تۇرۇپ ئىبراھىم بىلەن خوشلاشتى. ئەتىسى ما تيەنمۇ ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭغا قايتتى. ئۇ باش شتابقا بېرىپ تەكشۈرۈش دوكلاتى تاپشۇردى، ئۇنىڭ مەزمۇنى: ئىبراھىمنىڭ خەير - ساخاۋەت جەمئىيىتىنى تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، 1999 - يىلىدىن 2000 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ھەر بىر ئىككى ئايدا چەت ئەلدىن ئۇنىڭ خەير - ساخاۋەت جەمئىيىتىنىڭ ھېساباتىغا پۇل ئەۋەتىلگەن. بۇ پۇللار ئاز بولغاندا 10 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، كۆپ بولغاندا 20 - 30 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن. ھازىر بۇ خەير - ساخاۋەت جەمئىيىتىنىڭ پۇللىرىنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى قاتارلىقلار يەنىلا تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ. بۇ ھېساباتلار كۆرۈنۈشتە ناھايىتى ئېنىق، ئاددىي، ئەمما ئۇنى ئىچكىرىلەپ تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس ئىكەن، دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. باش شتاب رەھبەرلىكى ئۇنىڭ دوكلاتىغا: شىنجاڭغا قايتىپ داۋاملىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىڭ! دەپ تەستىق سالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ما تيەنمۇ ئىبراھىمنىڭ ئۆيىدە سۈرەتكە ئېلىۋالغان ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ يۇقىرىغا تاپشۇردى، ھەمدە باش شتابتىن يۈسۈپ بىلەن ئىبراھىم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەكشۈرۈشكە ھوقۇق بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

باش شتاب تېزلا ئۇنىڭ پىكرىنى تەستىقلىدى.

## 4

جۇڭ چېڭ دەرۋەقە ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمىدى، ئۇ ئەلىنىڭ تويىغا تەييارلىق قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى.

ئەلى ئائىلىسىدە باللارنىڭ ئەڭ كىچىكى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرقانچە ئاچىسى بار ئىدى، شۇڭا ئەلىنىڭ تويى بۇ ئائىلىدىكى ئەڭ چوڭ، ئەڭ خۇشاللىق ئىشقا ئايلاندى.

— سەن ھەقىقەتەن پەرىدەنى ياخشى كۆرەمسەن؟ — دەپ سورىدى جۇڭ چېڭ جىددىي تۇردە.

— مەن ئېيتقان سۆزۈمدىن يېنىۋالسام قانداق بو -

لىدۇ؟ — دېدى ئەلى كۆزلىرىنى ئۇۋىنىتىپ، مۇرىسىنى چىقىرىپ جىددىي تەلەپپۇزدا.

— ئاڭلىسام سەن ئىلگىرى خوتۇن دېگەننى دائىم ئۇرۇپ تۇرۇش كېرەك، بولمىسا ئۇلار دەرەختىكى قۇشقا ئوخشاپ قالىدۇ، دەپتىكەنسەنغۇ؟ — دېدى جۇڭ چېڭ ئەستايىدىللىق بىلەن. ئەلى شۇئان ما جيەنجۇڭغا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ:

— بىشەم ئايالىلارنى ئەلۋەتتە ئۇرۇپ تۇرۇش كېرەك، ئەمما، پەرىدە ناھايىتى ئەدەپلىك، ناھايىتى قائىدىلىك، ئۇ مېنى ھەرگىز بىزار قىلمايدۇ، — دېدى.

ما جيەنجۇڭنىڭ چىرايى شۇئان تۇرۇلدى، ئۇ ئەلىگە:

— سېنىڭ ئايالىڭ بىشەم، — دېدى.

— مېنىڭ ھازىر تېخى ئايالىم بولمىسا، مەن جۇڭ باشلىقنىڭ ياردىمىگىلا قاراپ قالدىم، — دېدى ئەلى قاقاقلاپ كۈلۈپ.

— ئاڭلىسام سەن بەزى قىزلارنى قورقۇتۇپ ئەر دېگەن 100 خوتۇن ئالسا بولىدۇ، ئەمما ئاياللار پەقەت بىرلا ئەرگە تېگىشى كېرەك، ئەگەر تويدىن كېيىن ئايالىڭ باشقا ئەرلەر بىلەن تېپىشىۋالسا، ئۇلارغا توي چىقىمىنى تۆلىتىۋېلىپ، ئاندىن ئۇلارنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىش كېرەك دەپسەنغۇ؟ — دېدى جۇڭ چېڭ يەنە.

— بۇ قىزلار ھەر كۈنى توختىماي كاسىلدايدۇ، مەن ئۇلارنى ئالمىغاندىكىن ئۇلار ئارقامدىن ئەنە شۇنداق غەيۋەت قىلىدۇ، مەن ئاشۇنداق قىزلارنى ئالارمەنمۇ؟ — دېدى ئەلى مۇشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ.

— ئاڭلىسام سەن قىزلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ، ئۇلار يۈزلىرىگە ئۇپا - ئەڭلىكنى سۇۋاۋېرىدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى خۇددى ئەخلەت دۆۋىسىگە ئوخشايدۇ دەپسەنغۇ! مەن ساڭا ئېيتاي، ئۇ قىزلار بۇ ھېساباتنى قىلماي قويمايدۇ جۇمۇ، — جۇڭ چېڭ يەنىلا ئۇنى قويۇپ بەرمەي.

ئەلى ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ ناھايىتى سالاپەت بىلەن ئېگىلىپ تۇرۇپ:

— ئەمدى ئۇلار بىلەن ئۇچراشسام چوقۇم ئۇلاردىن ئەپۇ

سورايمەن، بولامدۇ؟ — دېدى.
— ئاڭلىسام سەن نۇرغۇن قىزلارنىڭ ئۈستىدىن غەيۋەت قىپسەن، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئۇنداق قىلما، ئاڭلىدىڭمۇ؟ سەن ھازىر توي قىلىش ئالدىدا تۇرىسەن، ئۆزۈڭنىڭ سۈپىتىنى ساقلا! سەن مېنىڭ دېگەنلىرىمنى ئورۇندىيالامسەن؟ — دېدى جۇڭ چېڭ.
ئەلى قولىنى بېشىنىڭ ئۈستىگە كۆتۈرۈپ قەتئىي ھالدا:
— پەرىدە ئۈچۈن ئەمدى ئۇنداق ئىشلارنىڭ ھەممىنى تاش-لايمەن! — دېدى.
— بولىدۇ، مەن سېنى ئاشۇ چاكىنا، ئۇششاق - چۈششەك قائىدە - رەسمىيەتلەردىن خالاس قىلىپ، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى مۇھەممەتنى پەرىدەلەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ توي ئىشىنى سۆزلىششكە ئەۋەتىمەن قانداق؟ — دېدى جۇڭ چېڭ ناھايىتى خۇشال ھالدا.
ئەلى يەنە ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ جۇڭ چېڭغا سالام بەردى، ئارقىدىن يەنە ناھايىتى ئىشەنچ بىلەن سالام بېرىپ:
— باشلىق جۇڭ چېڭ، بۇنىڭدىن كېيىن ئوت دېگىنىڭىزغا سەكرە دېسىڭىزمۇ سەكرەيمەن! — دېدى.
— مەن سېنى ھەرگىز ئۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇمايمەن، مەن سېنى بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرسۇن دەيمەن، — دېدى جۇڭ چېڭ ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويۇپ. ئۇ يەنە ناھايىتى مەنىلىك قىلىپ ۋاڭ لۇغا:
— سەنمۇ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىڭنى تېز ھەل قىل، سىلەر ھەممىڭلار مېنىڭ ئادەملىرىم، پەقەت سىلەردىن بىرەر چا-تاق چىقمىسىلا مەن ناھايىتى خاتىرجەم ھالدا ھەممە غەملەردىن خالاس بولۇپ، ئەسكەرلەرنى باشلاپ ئۇرۇشقا ماڭىمەن، — دې-دى.
چىن دامو بىلەن يالقۇن بازارغا بېرىپ ئىككىسى بىردىن سېمىز قوينى يېتىلەپ كەلدى. ئۇلار بۇرۇنلا مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى مۇھەممەت بىلەن بىللە پەرىدەنىڭ ئۆيىگە توي ئىشى توغرىسىدا سۆزلىششكە كېلىشىپ قويغانىدى.

## 5

ئەلىنىڭ توپى روزى ھېيت كۈنىگە بېكىتىلدى.

ئايگۈل مەكتەپ تەتىل قويۇپ بەرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىگەرچى يېزىسىغا قايتىپ كەلدى.

ئۇنىڭ ئانىسى ھەقىقەتەن قېرىپ كەتكەنىدى، ئانىنىڭ كۆزىدىن كۈن بويى ياش قۇرۇمايتتى. ئېرى ۋە كىچىك قىزىدىن ھېچقانداق بىر خەۋەر بولمىغاچقا ئۇ كۈن بويى ئازابلىناتتى، روھى كەيپىياتى بەكلا تۇراقسىز ئىدى. ئايگۈل بار ئاماللار بىلەن ئانىسىغا تەسەللى بېرىشكە تىرىشاتتى، ئۇنىڭ ئازابىنى يېنىكلىتىشكە تىرىشاتتى، ئەمما ئانىسى بۇ گەپلەرنى ئاڭلىمايتتى، ھە دەپ:

— داداڭ نەگە كەتتى؟ رەنا نەگە كەتتى؟ — دەپ سورايتتى. ئانىسى ھەتتا ئەسەبىيلەشكەن ھالدا: — سەن ئۇلارنى يوشۇرۇپ قويدۇڭ، — دەپ قاراپ ھەممە ئۆيلەرنى بىر - بىرلەپ ئاختۇرۇپ چىقاتتى.

ئايگۈل بەك ئازابلاندى، ئۇ ئانىسىنىڭ بۇ ئازابلاردىن زادى قاچان قۇتۇلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. بۇ چاغدا ئايگۈل ئۆزىنىڭ شۇغۇللىنىۋاتقان بۇ خىزمىتىنىڭ بەكمۇ رەھىمسىز، شەپقەتسىز خىزمەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قىزغىن، تىنچ كۈن ئۆتكۈزۈشىنى بەك ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما ۋاقىت ئارقىغا قايتمايدۇ، ئۇ ئىلگىرىكى بەختىنى چوقۇم ئۇنتۇپ كېتىشى كېرەك ئىدى. ئۇ گاڭگىراپ قالدى: ئوخشاشلا ھايات تۇرسا، زادى مەن نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق كۈنگە قالدىم؟ نېمە ئۈچۈن ئارامخۇدا، ئاددىي تۇرمۇش كەچۈرەلمەيمەن؟ ئەمما، ئايگۈل كۆپ ئويلىنىپ ئولتۇرالمايتتى، ئۇنىڭ ئۆزىدىن كۆپ سوئال سوراشقا ۋاقتى يوق ئىدى. ئۇ ئۆزىنى دەرھال ۋاڭ لۇغا يېقىنلىشىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشقا مەجبۇرلىدى.

ئايگۈل پەرىدەنىڭ توي قىلىدىغانلىقىنى ئۇقمىغان بولۇۋېلىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىردى، كارىۋاتتىكى تويلۇقلارنى كۆرگەندىن كېيىن ھەيرانلىق بىلەن:

— پەردە راستتىنلا توي قىلىدىغان بولدۇڭمۇ؟ — دېدى.

— ئەسلىدە ساڭا باغاق ئەۋەتمەكچىدىم، ئەمما سىلەرنىڭ ئۆيدە شۇنچە كۆپ چوڭ ئىشلار چىقتى، مەن سېنى كۆڭلى بۇزۇلۇپ كەتمىسۇن دەپ ئەنسىرىدىم، — دېدى پەردە ئۆيالغان هالدا.

— يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان مەن قاتتىق ئازابلاندىم، سەن مېنىڭ هېسسىياتىمنى چۈشىنەمسەن؟ — دېدى ئايگۈل كۆزلىرىگە ياش ئالغان هالدا پەردەنى قۇچاقلاپ.

پەردە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن:

— مەن قانداق قىلسام سېنى خۇش قىلالايمەن؟ — دېدى.

— قىز قولداشقا ئادەم تاپتىڭمۇ؟ — دېدى ئايگۈل ياشلىرىنى سۈرتۈپ، جىددىي تۇردە.

— بۇنىڭغا سەندىنمۇ مۇۋاپىق ئادەم بارمىتى؟ — دېدى پەردە ئۇنىڭغا ئىشەنگەن هالدا.

— يىگىتىڭنىڭ خىزمەتداشلىرىنىڭ هەممىسى تويۇڭغا كېلەمدۇ؟ — دېدى ئايگۈل خۇددى بۇنىڭغا رايى يوقتەك.

— سەن ئۇلارنىڭ كېلىشىنى ئۈمىد قىلامسەن؟ — دېدى پەردە شوخلۇق بىلەن.

— مېنىڭ ساڭا هەقىقەتەن مەستلىكىم كېلىدۇ، بىر ساقچىنى تېپىۋالدىڭ ئەمەسمۇ! بىز مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدا قىزلارنىڭ هەممىسى قەهرىمانلارغا چوقۇناتتىغۇ، — دېدى ئايگۈل بېشىنى لىڭشىتىپ.

— بۇ ئاسان ئىشقۇ، ئەلى ئۇلارنىڭ ئەترىتىدىن بىرسىنى ساڭا تونۇشتۇرۇپ قويسۇن، — دېدى پەردە.

— ئەلىنىڭ بىر خىزمەتدىشى بويتاقكەن - هە؟ — دەپ سورىدى ئايگۈل.

— هەئە، سەن ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالدىڭمۇ؟ — دېدى پەردە خۇشال هالدا.

— ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولسا ئادەم ئۆزىنى ناهايىتى بىخەتەر هېس قىلىدىكەن، — دېدى ئايگۈل ناهايىتى قىزىققان هالدا.

— سەندە قاچان خەتەرلىك تۇيغۇ پەيدا بولغان؟ — دېدى پەردە ئايگۈلنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ.

— مەن بىردىنلا ئۆزۈمنىڭ ھېسسىياتىمغا ئىگە بولالمىغان چاغدا، — دەپ جاۋاب بەردى ئايگۈل غەيرىي بىر ھالەتتە.
— سەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى پەرىدە خۇشال بولۇپ.
ئايگۈل پەرىدەنىڭ مۇرىسىگە ئېسىلىپ قۇلىقىغا پىچىرلاپ:
— تۇنجى قېتىم ئۇنى كۆرگەندىن باشلاپلا، — دېدى.
— سەن ھەقىقەتەن سىر ساقلىيالايسەنكەن، دېگىنە، مەن ساڭا نېمە قىلىپ بېرەي؟ — دېدى پەرىدە كۈلۈپ تۇرۇپ.
— كىم يەنە ئۇنىڭغا قارىغاندا مەن بىلەن تانسا ئويناشقا ئەڭ ماس كېلىدۇ؟ — دېدى ئايگۈل چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ.
— ھېچكىم ۋاڭ لۇدەك مۇۋاپىق ئەمەس، — دېدى پەرىدە شوخلۇق بىلەن...
پەرىدە ۋاڭ لۇ بىلەن ئايگۈلنىڭ ئۇچرىشىپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى ئىشنى بىلەتتى.

## 6

ۋاڭ لۇ تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر خىزمەتداشلىرىنىڭ تويىغا قاتنىشىۋاتاتتى، ئۇ ئىنتايىن خۇشال بولدى.
كەچتە قىز كۆچۈرۈش مۇراسىمى باشلاندى. ئەلنى خىزمەتداشلىرى ئارىغا ئېلىپ قىزىل لېنتا چىگىلگەن ماشىنىغا چىقاردى، ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن راۋاب، دۇتار چالغان مۇزىكا ئەترىتى ماڭدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەنە سۇناي چېلىنىۋاتقانلارمۇ بار ئىدى. ۋاڭ لۇنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى يالقۇن تېخى ناغرا چالالايدىكەن، ئۇ چالغۇچىلار ئىچىدە مۇھىم بىر كىشى بولۇپ قالغانىدى.
ۋاڭ لۇ پەرىدەنىڭ ئۆيىدىكىلەرنى ئوبدان بىلەتتى، ئۇنىڭ تونۇشلۇق دەرىجىسى پەقەت ئەلىدىن كېيىن تۇراتتى. توي كۆچۈرگۈچىلەر خۇشاللىق ئىچىدە پەرىدەنىڭ ئۆيىگە كەلدى، پەرىدەنىڭ تۇغقانلىرى ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئالدىبۇرۇنلا ئۇلارنى تال بارىڭى ئاستىدا كۈتۈپ تۇراتتى. توي كۆچۈرگۈچىلەر كەلگەندىن كېيىن سورۇن باشقىچىلا قىزىپ كەتتى. مىللىي ئۆرپ - ئادەت بويىچە

بۇ چاغدا سورۇندىكىلەر ھەممىسى مەشرەپكە چۈشەتتى.
ئەلى ھويلىدا تولا قاراپ كۆزلىرى تېشىلىپ كېتەي دېگەندى، پەرىدە ئۆيدە ئالدىرىماي، بىمالال ياسىنىۋاتاتتى. ئۇ ئەسلىدىمۇ ناھايىتى چىرايلىق قىز ئىدى، ھازىر ئالتۇن ھالقا سېلىپ، ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن بىلەزۈك سېلىپ، ئىنتايىن چىرايلىق توي كۆڭلىكى كىيگەندىن كېيىن تېخىمۇ گۈزەل بولۇپ كەتكەنىدى. ئايگۈل ئۇنىڭ بېشىغا چوڭ تور ياغلىق ياپقاندا كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياشلار تۆكۈلدى.
پەرىدە ناھايىتى سەزگۈرلۈك ۋە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن:
— ئايگۈل، سەن مېنىڭ توي قىلىشىمنى خالىمامسەن؟ — دېدى.
— ياق، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، مېنىڭ ساڭا ناھايىتى مەستلىكىم كېلىدۇ، — دېدى ئايگۈل چىن قەلبىدىن.
پەرىدە ناھايىتى قىزىقسىنىپ:
— ئەمىسە نېمىشقا كۆزۈڭدىن ياش تۆكۈلدى؟ سەن يا مېنىڭ ئانام بولمىساڭ، سەن مېنىڭ توي قىلىپ چىقىپ كېتىشىمگە چىدىمايۋاتامسەن؟ — دېدى.
— سەن ناھايىتى بەختلىكسەن، مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە گۈزەل نەرسىلەر ئەلۋەتتە ناھايىتى نورمال بولىدۇ، سېنىڭ تۇرمۇشۇڭ ئىنتايىن نورمال، ئىنتايىن گۈزەل، — دېدى ئايگۈل ئۆزىنىڭ مۇرەككەپ ھېسسىياتىنى يوشۇرۇپ.
— سەنمۇ خۇددى ماڭا ئوخشاشلا ناھايىتى گۈزەل تۇرمۇش كەچۈرەلەيسەنغۇ؟ — دېدى پەرىدە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن.
— مەن ساڭا ئوخشىمايمەن، — دېدى ئايگۈل خورسىنىپ.
ئىككىيلەن سۆزلىشىۋاتقاندا پەرىدەنىڭ ئانىسى كىرىپ، قىزىنىڭ ئەمدى ماشىنىغا چىقىشىنى ئېيتتى.
ئايگۈل بېشىغا چوڭ تور ياغلىق ئارتىلغان پەرىدەنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ھويلىغا چىقتى، تۇغقانلار ئۇنى كۆرۈپ خۇشاللىققا چۆمدى، پەرىدەنىڭ دادىسى ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ پەرىدەنىڭ ئارقىسىدىن:
— سۆيۈملۈك قىزىم ساڭا بەخت تىلەيمەن! — دېدى.

پەردە بىردىنلا يۈزىنى توسۇپ يىغلاپ كەتتى. ئايگۈل ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ماشىنىغا قاراپ ماڭدى.
تويى بولغان يىگىت ئەلى ماشىنىنىڭ يېنىدا خۇشال ھالدا ساقلاپ تۇراتتى. پەردە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشى بىلەن ئەلى تەقەززالىق بىلەن پەردەنى قۇچاقلاپ ماشىنىغا ئولتۇرغۇزدى. بۇ چاغدا ئايگۈل يېنىدا تۇرغان ۋاڭ لۇغا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن نەزەر تاشلىدى، ۋاڭ لۇ بۇنى سەزدى، ئەمما بۇنى ئۇقمىغان بولۇۋېلىپ ئايگۈلگە ئەدەپ بىلەن باش لىڭشىتتى، بۇ ئۇنىڭ سالام قىلغىنى ئىدى.
ۋاڭ لۇ بۇنداق سورۇندا ئايگۈلنى كۆرۈپ ھەم خۇشال بولدى، ھەم ھەيران قالدى، ئۇ بۇ دۇنيانىڭ بەكمۇ كىچىكلىكىنى ھېس قىلدى، شۇنداقلا بۇ قېتىم ئۇ ئۆزىنىڭ ئايگۈل بىلەن كۆرۈشۈپ قېلىش نەتىجىسىدە چوقۇم بىر ئىش بولىدىغانلىقىنى غۇۋا ھېس قىلدى، ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاپ قەلبى سەل دولقۇنلىدى. ئايگۈل ياش، چىرايلىق قىز ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئايگۈلنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىدىن چىقىۋاتقان مەنىنى تولۇق چۈشەنگەنىدى. بايا كۆرۈشكەندە ئۇنىڭ قەستەن سۇس مۇئامىلە قىلىشى ئۆزىنىڭ كۆزلىرىنى ئۇنىڭ كۆزىدىن ئېلىپ قېچىش ئۈچۈن ئىدى.
توي كۆچۈرۈپ كەلگەنلەر ناغرا - سۇنايلار ئىچىدە ئەلىنىڭ ئۆيىگە 50 مېتىرچە كېلىدىغان جايدا توختىدى.
ئەلىنىڭ چوڭ دادىسى خۇشال ھالدا ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. پەردە ماشىنىدىن چۈشكەندىن كېيىن ئۇدۇل ئەلىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتمىدى، ئايگۈل ئاۋۋال ئۇنى يۆلەپ بىر گىلەمنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى، تۆت يىگىت گىلەمنىڭ بۇرجەكلىرىدىن كۆتۈرۈپ ئۇنى ئەلىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئىشىك ئالدىدا جىن - ئالۋاستىلار بىلەن شۇملۇقنى قوغلايدىغان ئوت يېقىلغانىدى. قۇربان تاغا ئوتنى كۆتۈرۈپ پەردەنىڭ بېشىدىن ئۈچ قېتىم ئايلاندۇردى. پەردە ئوتنى چۆرگىلەپ بىر ئايلانغاندىن كېيىن ئاندىن ئاق پاياندار سېلىنغان دەرۋازىدىن كىردى. ئۇ تۇغقانلارنىڭ ھەمراھلىقى بىلەن ھۇجرىغا كىردى.
جۇڭ چېڭ ئەر تەرەپنىڭ مېھمىنى سۈپىتىدە تويغا تەكلىپ

قىلىنغانىدى.

بۈگۈن ئۇمۇ ناھايىتى رەتلىك كىيىنىپ، ئەلىنىڭ بوۋىسى ۋە قۇربان شۇجىلار بىلەن بىللە تۆردە ئولتۇرۇپ تويىنى تەبرىكلىدى.

توي رىياسەتچىسى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى مۇھەممەت تەنتەنە بىلەن توي قىلغان قىز - يىگىتلەردىن سورىدى:

— پەرىدە، ئەلىگە ياتلىق بولۇشنى خالامسىز؟

يۈزىگە چۈمبەل تارتىۋالغان پەرىدە دەرھال جاۋاب بەرمىدى، يالقۇن قاتارلىقلار «خالاپتۇ» دەپ چوقان سېلىشتى.

مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى مۇھەممەت:

— مەن پەرىدەدىن سوراۋاتىمەن، خالامسىز؟ — دېدى.

ئايگۈل پەرىدەنىڭ كۆڭلىكىنى ئاستا تارتتى، پەرىدە شۇ چاغدىلا خىجىل بولغان ھالدا:

— خالايمەن، — دېدى.

مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى مۇھەممەت پىخىلداپ كۈلۈپ:

— ياخشى، خالىغان بولسىڭىز ياخشى بولدى، — دېدى ئۇ يەنە شۇنداق خۇشال ھالدا ئەلىدىن سورىدى:

— ئەلى، سىز پەرىدەنى ئەمرىڭىزگە ئالدىڭىز... — ئۇ تېخى ئالدىڭىزمۇ دېگەن گەپنى ئاغزىدىن تولۇق چىقارماي تۇرۇپلا ئەلى ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ، قولىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ، تىك تۇرۇپ سورۇندىكى بارلىق كىشىلەرگە سالام قىلىپ:

— ئەمرىمگە ئالدىم، يۈز قېتىم ئالدىم! — دېدى. بۇ گەپ بىلەن كۆپچىلىك پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى مۇھەممەد ئىككى پارچە ناننى قاچىدىكى تۇزغا چىلاپ قىممەتلىك سوۋغا سۇپىتىدە ئەلى ۋە پەرىدەگە ئۇزاتتى. قىز - يىگىت تۇزغا چىلانغان ناننى ئىككى قوللاپ ئېلىپ دەرھال ئاغزىغا سالدى. بۇ شۇنىڭدىن باشلاپ تاكى چاچلىرى ئاقارغۇچە جاپا ۋە ھالاۋەتنە بىللە بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيتتى.

ئەمدى قىزنىڭ يۈزىنى ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى مۇھەممەت قىزنىڭ يۈزى ئېچىلسۇن دېيىشى بىلەن توپ ئىچىدىن بىر ئايال چىقىپ دەرھال پەرىدەنىڭ يۈزىدىكى

چومبەلنى ئېلىۋەتتى.

ۋاڭ لۇ چۆچۈپ كەتتى ئايگۈلمۇ چۆچۈپ كەتتى، ئىشكتىن ناھايىتى سالاپەتلىك بىر قىز كىرىپ كەلدى، ئۇ ما تيەنمۇ ئىدى. ۋاڭ لۇ بىلەن ما تيەنمۇ بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى، ۋاڭ لۇ بۇنىڭغا ھەيران قالدى، ما تيەنمۇ پوچى تۇراتتى. ۋاڭ لۇنىڭ ھەيران قېلىشى ئۆزى بىلەن ما تيەنمۇنىڭ بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى ئىدى. ئۆتكەنكى قېتىم ما تيەنمۇ ئۆزى بىلەن خوشلاشمايلا كېتىپ قالغانىدى، ئەمدى غىپپىدە قايتىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ كېلىپ - كېتىشىنى بىلگىلى بولمايتتى.

ۋاڭ لۇنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىش ئايگۈلنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. ئۇ ۋاڭ لۇ بىلەن ھازىر كەلگەن قىز ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئاددىي مۇناسىۋەت ئەمەسلىكىنى بىر قاراپلا بىلگەنىدى. نېمە ئۈچۈندۇر ئايگۈلنىڭ كۆڭلى بىرقىسىملا بولۇپ قالدى، ياخشى يېرى قىزنىڭ يۈزى ئېچىلغاندىن كېيىن سورۇن بىردىنلا قايناپ كەتتى. ئەلى بىلەن پەرىدە كۆپچىلىكنىڭ تەكلىپى بىلەن خۇشال ھالدا ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئايگۈل ۋاڭ لۇغا تىكىلدى، ۋاڭ لۇمۇ ئۇنىڭغا قارىغاندا ئۇ سالاپەت بىلەن ۋاڭ لۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ھوي شەپقەتچىم، بىزنىڭ ئۇچرىشىپ قېلىشىمىزنىڭ پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن ئىش ئىكەنلىكىنى سەزمىدىڭىزمۇ، — دېدى.

— ھوي، ئۇنتۇپ قالغىلى تاسلا قاپتىمەن! — ئەسلىدە سىز ئىكەنسىزغۇ؟ — دېدى.

ئايگۈل ئاجايىپ قىزغىنلىق بىلەن ۋاڭ لۇغا قاراپ:

— نېمىشقا مېنى تانىسىغا تارتمايسىز، ھەرگىز ئۇقمايمەن دەپ سالماڭ جۇمۇ! — دېدى.

— مەن ھەقىقەتەن ئۇقمايمەن، — دېدى ۋاڭ لۇ سەمىمىيلىك بىلەن.

ئايگۈل تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋاڭ لۇنىڭ قولىنى تارتىپ:

— كېرەك يوق، تۈز تۇرۇڭ، تۈزغۇ تۇرالارسىز، مەن سىزگە ئۆگىتىمەن، — دېدى.

ئايگۈل ۋاڭ لۈنى زورىغا تارتىپ مەيدانغا ئەكىردى، ۋاڭ لۈ سۈسقىنا:

— سىز باشقىلارغا ئۆگىتىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئوخشىمامسىز، — دېدى.

ئايگۈل ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن:

— سىز ناھايىتى سالماق، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋالغان يىگىت ئىكەنسىز، غەلىتە ئىش، سىزدەك مۇشۇنداق ياشلار قانداق مۇنداق ئېغىر - بېسىق بولالايدىغاندۇ؟ — دېدى.

— ھېلىمۇ ياخشى، مېنى ناھايىتى سىرلىق ئىكەنسىز دېمىدىڭىز - ھە!، — دېدى ۋاڭ لۈ تانسا مەيدانىدا چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي.

ئايگۈل ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ:

— سىز سىرلىق ئەمەسما، — دېدى.

ۋاڭ لۈ كۆزلىرىنى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئېلىپ قېچىپ:

— مېنىڭ قەلبىمدە نېمە ئويلار بارلىقىنى بىلمەكچى بولۇ - ۋاتامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— مېنىڭ مۇنداق قىلىش ھوقۇقۇم يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى ئايگۈل ئۇنىڭغا خىرىس قىلغاندەك.

ۋاڭ لۈ مۇرەسسەلىشىشكە مەجبۇر بولدى، ئۇ ئەستايىدىل ھالدا:

— ئېيتىڭە، ئەرلەر تانسا ئوينىغاندىكى مۇھىم نۇقتا نېمە؟ مەن مۇشۇنداق ئۆزىلا تۇرسام بولماس، — دېدى.

ئايگۈل يېقىملىقىنا كۈلۈپ:

— غۇلچىڭىزنى كېرىڭ، ئەمما بىلەكلىرىڭىز، قوللىرىڭىز مۈرىڭىزدىن ئېشىپ كەتمىسۇن، تانسا ئويناۋاتقان ھەمراھىڭىزنى مانا مۇنداق قۇچاقلايسىز، ئەمما بەدىنىڭىزنى ئۇنىڭغا تەگكۈزمەيسىز، شۇنداقلا كۆزىڭىزنى ئۇنىڭ كۆزىدىن ئۈزمەيسىز، — دېدى.

ۋاڭ لۈ بىردىنلا ئۇ قىزنىڭ خېلىلا سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، شۇنىڭ بىلەن غۇلچىنى كېرىپ ئۇسسۇلغا چۈشتى، ئايگۈلمۇ دەرھال قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، زوق -

شوق بىلەن ۋاڭ لۇنى چۆرگىلەپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى. ئۇ كۆزىنى ۋاڭ لۇدىن زادىلا ئۈزمەيتتى.

ما تيەمۇنىڭ توي سورۇنىدا تۇيۇقسىزدىنلا پەيدا بولۇشى ئەسلىدە ۋاڭ لۇنى خۇشال قىلىۋېتىش ئۈچۈن ئىدى. ئەمما، ئۇ بىر قىزنىڭ زوق - شوق بىلەن ۋاڭ لۇنى ئايلىنىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىدە بىرئاز چىدىيالماي قالدى. ئالىي مەكتەپتىكى ۋاقتىدا ۋاڭ لۇ تانسىخانىلارغا زادىلا بارمايتتى، ئۇنىڭ تانسا ئوينىشىغىمۇ قارشى ئىدى. ئەمما، بۈگۈن ئاخشام ئۇ تانسا ئوينىغىلى تۇرۇپتۇ، ئەجەبا ئۇ ئۇ قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانمىدۇ؟

ما تيەمۇنىڭ ئۈمىدسىزلىككە چۈشكەنلىكىنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن سالاھىيەتلىك مۇخبىر خۇا لېي سېزىۋالدى، ئۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ما تيەنمۇنى تانسىغا تەكلىپ قىلدى، ما تيەنمۇمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تانسا ئويناشقا باشلىدى.

ۋاڭ لۇ خۇا لېينىڭ ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ما تيەنمۇنى تانسىغا تارتقانلىقىنى كۆردى، ئۇ ما تيەنمۇ ھازىر ماڭا زادىلا پەرۋا قىلمايۋاتىدۇ قەستەن مېنىڭ چىشىمغا تېگىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدى. ۋاڭ لۇ تانسىنى ياخشى ئوينىيالمىغاچقا ئوبدان ماڭالمايۋاتاتتى، ئۇنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولغاچقا ئايگۈلنىڭ پۇتىنى دەسسىۋالدى.

— مۇشۇنداق كۆڭۈللۈك ئاخشامدا كۆڭلىڭىز جايىدا بولمايۋاتامدۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى ئايگۈل ئەپسۇسلانغان ھالدا.

— نېمە دەۋاتىسىز؟ مۇزىكىنىڭ ئاۋازى بەك يۇقىرى بولغاچقا ئېنىق ئاڭلىيالمىدىم، — دېدى ۋاڭ لۇ قەستەن.

بىر مۇزىكا ئاخىرلاشتى، ۋاڭ لۇ بىلەن ما تيەنمۇ ئۆز ئورۇنلىرىدا مىدىرلىماي، بىر - بىرىدىن كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇرۇشاتتى. ئىككىنچى مۇزىكا باشلانغاندا، خۇا لېي يەنە ما تيەنمۇنى تانسىغا تارتتى، ما تيەنمۇ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپ:

— مەن قۇملۇقتىن قايتىپ چىققان قەھرىماننى بىر زىيارەت قىلاي دەيمەن، — دېدى.

ما تيەنمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋاڭ لۇغا قاراپ ماڭدى، ئۇ ۋاڭ لۇنىڭ يېنىغا يېقىن كېلىپ پەس ئاۋاز بىلەن:

— تۇرۇڭ، مېنى تانسىغا تارتىڭ! — دېدى.

ۋاڭ لۇ ئىلاجسىز ئورنىدىن تۇردى.
ما تيەنمۇ تانسا ئوينىغاچ:
— شىنجاڭ ئۇسسۇللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى نېمە؟ — دەپ سورىدى.
— ئەرلەر قولىنى تۆۋەنگە تاشلاپ، ئاياللار قوللىرىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ ئوينايدۇ، — دېدى ۋاڭ لۇ ناھايىتى تېزلا.
— بىلىدىكەنسىزغۇ، نېمىشقا ئوينىمايسىز؟ — دېدى ما تيەنمۇ تەبەسسۇم تەلەپپۇز بىلەن.
— مەن ئۇقمايمەن، — دېدى ۋاڭ لۇ سەممىيلىك بىلەن.
— بايا ناھايىتى زوق - شوق بىلەن ئوينىدىڭىزغۇ؟ — دېدى ما تيەنمۇ ئۇنى مەسخىرە قىلىپ.
— بايا ئوينىمىسام ئامال بولمىدى، — دېدى ۋاڭ لۇ.
ما تيەنمۇ ئۇنى مازاق قىلىپ:
— خالىغانچە باھانە - سەۋەب تاپىدىكەنسىز - ھە! — دېدى.
— مەن راست گەپ قىلىۋاتىمەن، — دېدى ۋاڭ لۇ جىددىي تۇردە.
ما تيەنمۇ رەنجىش تەلەپپۇزى بىلەن:
— بۈگۈن ئاخشام سىز مېنىڭ بەك كەيپىمنى ئۇچۇردىڭىز! — دېدى.
— بۈگۈن ئاخشام مېنى خەق ئالدىدا رەسۋا قىلمايدىغانسىز؟ — دېدى ۋاڭ لۇ جىددىيلىشىپ.
— بۈگۈن ئاخشام مەن سىزنى زادىلا بوش قويمايمەن، — دېدى ما تيەنمۇ ئۇنىڭغا يول قويماي.
ئىككىسى تازا تۇتۇشۇۋاتقاندا ئايگۈل قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ كەلدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ھەم مۇلايىملىق، ھەم خىرىس ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى:
— نېمىشقا ئوينىماي تۇرىسىلەر؟ ۋاڭ لۇ بايا مەن سىزگە قانداق ئۆگەتكەنتىم، كېلىڭ، — ئايگۈل قىزغىنلىق بىلەن ۋاڭ لۇنىڭ قولىنى تارتىپ ئۇنىڭغا قېشىنى ئويناتتى، — كېلىڭ كۆزۈمگە قاراڭ، — دېدى.

ما تيەنمۇ ئاچچىقىدا تانسا سورۇنىدىن چىقىپ خۇا لېيگە قاراپ ماڭدى، ئۇ خۇا لېيگە:

— هاراق ئىچەمسىز؟ — دېدى.

خۇا لېي شۇئان خۇشال هالدا:

— نېمە، سىزمۇ ئىچەمسىز؟ — دېدى.

— مۇشۇنداق خۇشاللىق كۈنلەردە نېمىشقا ئىچمەي-مىز؟ — دېدى ما تيەنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ.

بۈگۈن ئاخشام هاراق ئىچىپ كەيپ بولۇپ قالغانلار يالغۇز ما تيەنمۇلا ئەمەس، ئايگۇل، ئەلى، يالقۇنلارمۇ بار ئىدى، پەقەت ۋاڭ لۇلا ئاجايىپ سەگەكلىك، سالماقلىق، سوغۇق قانلىق بىلەن ئولتۇراتتى.

جۇڭ چېڭ رومكىنى كۆتۈرۈپ ئاجايىپ مەنىلىك هالدا ۋاڭ لۇغا سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كىرەيلى دەپ شەرەت قىلدى:

— مېنىڭچە بۇ ئىككى ئايالنىڭ بۈگۈن بىر غەرىزى بار! — دېدى.

— ئۇنداق ئەمەستۇ، ناهايىتى كېلىشكەن ياش قىزلار تۇر-سا، ئۇلاردا باشقا نېمە غەرەز بولسۇن، — دېدى ۋاڭ لۇ ئۇدۇللا قىلىپ.

— ئەگەر سەن ئۇلارغا مۇشۇنداق باها بەرگەن بولساڭ ناها-يىتى چوڭ خاتا قىلغان بولىسەن، — دېدى جۇڭ چېڭ.

ۋاڭ لۇ زادىلا پەرۋا قىلماي:

— شۇنداق ئېغىرمۇ؟ — ئۇ كۆڭلىدە بۇ ئىككى قىزدىن بىرىنى خېلى ئوبدانلا چۈشىنىمەن دەپ ئويلىدىيۇ. ئەمما ئېغىزدىن چىقارمىدى.

— مەن ما تيەمۇنىڭ سېنىڭ بۇرۇنقى لايىقىڭ ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، ئۇنىڭ هالىتىگە قارىسام ئۇ ساڭا ناهايىتى دىققەت قىلىد-ۋاتىدۇ. ئەمما، ئەگەر سىلەر راستتىنلا بىر - بىرىڭلارنى ياخشى كۆرۈشسەڭلار، ئۇ نېمىشقا ساڭا مۇھەببىتىنى ئىزهار قىلمايدۇ، ئۇنىڭ ساڭا مۇھەببىتىنى ئىزهار قىلىشىغا بىرەر نەرسە توسقۇنلۇق قىلىۋاتامدۇ يا؟ — دېدى جۇڭ چېڭ.

— شۇنداق، بۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى بىر تۈگۈن، مەن ئۇنى

يېشمەن، مېنىڭچە ئۇ بارغانسېرى سىرلىقلىشىپ كېتىپ بارىدۇ، — دېدى ۋاڭ لۇ پەرىشان بولغان هالدا.

— سەن ئايگۈلنىڭ تېخىمۇ سىرلىق ئىكەنلىكىنى هېس قىلمىدىڭمۇ؟ ئۇنىڭ دادىسى بىلەن سىڭلىسى دېرەكسىز يوقاپ كەتتى، ئەمما ئۇ قىلچە پەرۋايىغا ئالماي خاتىرجەم يۈرۈۋاتىدۇ، هەتتا ئۇنداق بىر ئىشنىڭ بولغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيۋاتىدۇ. قارا، ئۇنىڭ بۈگۈن ئاخشامقى قىزغىنلىقىغا، سەن ئۇنىڭ ساڭا مەقسەتلىك يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى هېس قىلمىدىڭمۇ؟ — دېدى جوڭ چېڭ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بىرىنچىدىن، پۇلۇم يوق. ئىككىنچىدىن، مەن ناهايىتى كېلىشكەن ئەمەس ئۇ مېنىڭ نېمەمنى كۆزلەر، — دېدى ۋاڭ لۇ سەممىيلىك بىلەن.

جوڭ چېڭ بىر رومكا هاراق ئىچىۋەتكەندىن كېيىن:

— ناهايىتى ياخشى سورىدىڭ، بۇ مەن سېنى دىققەت قىلىشقا ئاگاهلاندۇرىدىغان مەسىلە. ماددىي جەهەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سېنىڭ هېچنېمەڭ يوق، ئەمما سېنىڭ خىزمەت خاراكتېرىڭ ئادەتتىكى رازۋېدكىچىكلاردىن ئالاهىدە سالاهىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىڭنى بەلگىلىگەن. ئېهتىمال، مەن بەك شەخسىيەتچىلىك قىلىۋاتقاندۇرمەن، پەقەت سېنىڭ خىزمىتىڭنىلا ئويلاپ، سېنىڭ هېسسىياتىڭ بىلەن كارىم بولمايۋاتقاندۇ. مېنىڭچە، مەيلى ما تيەمۇ ياكى ئايگۈل بولسۇن ئۇلار هەرگىز ئادەتتىكى ئاددىي قىزلار ئەمەس، سەن ئۇلاردىن قاتتىق ئېهتىيات قىل. مەن سەندىن شۇنى تەلەپ قىلىمەن، ئۇلارنىڭ ئالدىدا مەركىزىي ئۇچۇر ئىسكىلاتى قۇرۇش ئىشىنى زادىلا تىلغا ئالما، بۇ ئىشنى ئۇلارغا هەرگىز ئاشكارىلاپ قويما، بۇ پرىنسىپ، — دېدى.

ۋاڭ لۇ بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى:

— مەن قايسى ئىشلارنىڭ مۇهىم، قايسى ئىشلارنىڭ ئانچە مۇهىم ئەمەسلىكىنى بىلىمەن!

— مەن سېنىڭ مۇشۇ سالماقلىقىڭنى، سوغۇق قانلىقىڭنى ياخشى كۆرىمەن. «قارا بۆركۈتنىڭ هەرىكىتى» سېزىلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى جوڭ چېڭ رازىمەنلىك بىلەن.

— ئۇ خۇددى يەر شارىدىن يوقاپ كەتكەندەكلا تۇرىدۇ، بەلكىم ئۇ مېنىڭ ئۆزىنىڭ ئېلېكترونلۇق پوچتا ساندۇقىغا كىرگەنلىكىمنى سېزىۋېلىپ، بۇ پوچتا ساندۇقىدىن ۋاز كەچكەندۇ. ئەمما مەن يەنە باشقا بىر ئادەمگە دىققەت قىلىۋاتىمەن، — دېدى ۋاڭ لۇ.

— ئۇ كىم؟ — دەپ سورىدى جۇڭ چېڭ.

— ئىبراھىم، مېنىڭ ئۇنى بىلىۋېلىشىمدا ما تيەنمۇنىڭ ئاشۇ بىرقانچە ماقالىسى چوڭ ياردەم قىلدى، — دېدى ۋاڭ لۇ.

— ئۇنىڭدا قانداق گۇمانلار بار؟ — دېدى ۋاڭ لۇ.

— ئۇنىڭ 20 يىل تۈرمىدە ياتقانلىقىنى دېمەيلا قويايلى، ئۇ ئەگەر پەقەت ئۆزىنىڭ 20 يىل تۈرمىدە ياتقان داغلىرىنى يۇيۇش ئۈچۈنلا مۇشۇ ئىشلارنى قىلىۋاتقان بولسا، گېزىتلەردە ھەدەپ تەشۋىقات ئېلىپ بارغان بولسا ئىش ناھايىتى ئاددىي بولغان بولاتتى. بىزنىڭ دىققەت قىلىدىغان تەرىپىمىز ئۇ قۇرغان خەير - ساخاۋەت فوندى جەمئىيىتىدە دەپ قارايمەن. بۇ بىرقانچە يىلدىن بۇيان، ئۇ خەلق ئىچىدە مەبلەغ توپلاش چارىسىنى قوللىنىپ، باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇپ، ئاز ساندىكى ئوقۇشتىن قالغان ئوقۇغۇچىلارغا ئىئانە بەردى، بۇ ئىشلارغا زادى قانچىلىك پۇل كېتىدۇ؟ نېمە ئۈچۈنكىنتاڭ، مېنىڭ ئۇنىڭ خەير - ساخاۋەت فوندى جەمئىيىتىگە قاتناشقان كىشىلەرنىڭ زادى كىملەر ئىكەنلىكىنى بەكمۇ بىلگۈم كېلىدۇ. ئۇنىڭ ھېساباتىدا زادى قانچە پۇل بار؟ ئۇلارنى كىملەر ئىئانە قىلغان؟ مېنىڭ بۇ مەبلەغلەرنىڭ ھەقىقىي ئىشلىتىلىش جايىنى بىلگۈم بار. شۇ ئارقىلىق بۇ چوڭ ساخاۋەتچىنىڭ نىقابىنى يىرتىپ تاشلىغۇم بار، — دېدى ۋاڭ لۇ.

جۇڭ چېڭ ھاياجانلانغان ھالدا ۋاڭ لۇ بىلەن بىر قەدەھ سوقۇشتۇردى:

— ياخشى، بىزنىڭ ئويلىغىنىمىز بىر يەردىن چىقتى، مېنىڭ ئىبراھىم دېگەن بۇ ئادەمگە دىققەت قىلىۋاتقىنىمغا 10 نەچچە يىل بولدى. تاشقى جەھەتتىن قارىغاندا ئۇنىڭدا ھېچقانداق بىر قانۇنسىز ھەرىكەتلەر يوق، ھەممىسى دىنىي نام ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. ئەمما نۇرغۇن كىشىلەرگە ئايانكى، نۇرغۇن زوراۋان-

لىق، تېرروررلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى قوماندانى ئەنە ئاشۇ كىشى، ئەمما قولىمىزدا يېتەرلىك ئىسپات بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا تېگەلمەيۋاتىمىز. مەن باشتىن ـ ئاخىر قانداق بىر چارە بىلەن ئۇنىڭغا قول سېلىشنى ئويلاۋاتىمەن. سەن مېنىڭ پىكىر يولۇمنى ئاچتىڭ. بىز ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەردىن باشلاپ تەكشۈرۈشنى باشلىشىمىز كېرەك، ئەگەر بىرلا يوچۇق ئېچىلىدىكەن. ئۇ چاغدا بىز ئۇنى دىنىي مۇھاپىزەت كۆنلۈكى ئاستىدىن تارتىپ چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ئاشكارىلىيالايمىز.

— دېمەك سىز مېنىڭ پىكرىمگە قوشۇلۇپسىز ـ دە؟ — دېدى ۋاڭ لۇ ناھايىتى خۇشال بولۇپ.

— مەن سېنىڭ مەركىزىي ئۇچۇر ئىسكىلاتىنى قۇرۇش بىلەن بىرگە يەنە ئۆزۈڭنىڭ كومپيۇتېر بىلىملىرىدىن پايدىلىنىپ ئىبراھىمنىڭ قانۇنسىز ھەرىكەتلىرىنى مەخپىي تەكشۈرۈشۈڭنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ساڭا بىر خۇش خەۋەر-نى ئېيتاي: يۇقىرىدىن بىزنىڭ مەركىزىي ئۇچۇر ئىسكىلاتىنى قۇرۇش مەبلىغىمىزنى ئاجرىتىپ بەردى، بۇنىڭدا سېنىڭ ناھايىتى چوڭ تۆھپەڭ بار! — دېدى جوڭ چېڭ.

ۋاڭ لۇ خۇددى يولۋاسقا قانات چىققاندەك ھېس قىلىپ، خۇشاللىقىدىن چاۋاك چالدى:

— بەك ياخشى بوپتۇ!

— يۇقىرىدىن ئىبراھىمنىڭ مەسىلىسى توغرىسىدا ئېنىق كۆرسەتمە بېرىلىشتىن ئىلگىرى بۇ ئىشتا ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك. شۇنىڭغا دىققەت قىل، بىزنىڭ ھازىر قىلىدىغان ئىشىمىز پەقەت ماتېرىيال توپلاش، ھەرگىز قارامىلىق قىلىشقا بولمايدۇ، — دېدى جوڭ چېڭ ئۇنىڭغا تاپىلاپ.

— مەن بۇنى ناھايىتى جانلىق ئىگىلەيمەن، — دەپ كاپالەت بەردى ۋاڭ لۇ.

بۇ چاغدا، ئايگۈل قولىدا رومكىنى كۆتۈرگەن ھالدا ئاي شولىسى چۈشۈپ تۇرغان ھويلىغا چىقتى. ئۇ كۆپ ئىچىۋالغانىدى، ئۇ خۇددى يېنىدا ھېچكىم يوقتەك ۋارقىراپ:

— ۋاڭ لۇ، نەگە مۆكۈۋالدىڭىز؟ سىز بىلەن بىر قەدەھ ئىچمەن، — دېدى.

ئايگۈلنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىرسى يۈگۈرۈپ چىقىۋاتاتتى، بۇ ما تيەنمۇ ئىدى. ئۇمۇ هاراقنى كۆپ ئىچىۋالغانىدى، ئۇ ئايگۈل دېگەن بۇ گۈزەل قىزنى تاپسا ۋاڭ لۇنى تاپالايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

جۇڭ چېڭ تاماشا كۆرگەندەك قىلىپ:

— ئويۇننىڭ قىزىقى ئەمدى چىقىدىغان بولدى، مېنىڭچە سىزلا تاقابىل تۇرالايسىز، — دېدى.

بۈگۈن ئاخشامدىكى توي تارقىغاندىن كېيىن، ئايگۈل ۋاڭ لۇنىڭ ماشىنىسى بىلەن مەكتەپكە قايتىمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. ۋاڭ لۇ ئورۇنسىز گۇمانلارغا قېلىشتىن ئەنسىرەپ يالقۇننى ئۆزى بىلەن بىللە ئايگۈلنى ماشىنىغا يۆلەپ چىقىرىشقا تەكلىپ قىلدى. سالقىن شامالنىڭ ئۇرۇشى بىلەن ئايگۈل كۆڭلىنىڭ ئېلىشقانلىقىنى هېس قىلدى. ئۇ ئاۋۋال ئۆزىنى ۋاڭ لۇنىڭ قۇچىقىغا تاشلاپ يېتىۋالدى، ئاندىن قۇسۇشقا باشلىدى، ۋاڭ لۇ هەدەپ ئۆزىنى ئېلىپ قاچاتتى.

ۋاڭ لۇ ئۇستۇېشىمنى تازىلايمەن دەپ يالقۇنغا ئايگۈلنى ئېلىپ ماڭغاچ تۇرۇشنى بۇيرۇدى.

ۋاڭ لۇ ئالدىراپ ئەلىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ ما تيەنمۇغا بىللە قەشقەرگە قايتىشنى ئېيتماقچىدى. ئەمما ئەلى ئۇنى زاڭلىق قىلىپ:

— ئۇ قىزنىچۇ، بايا گۈل ئەلچىسى خۇا لىي ئېلىپ كەتتى، خەقنىڭ ئولتۇرغىنى كاتتا، پايدا ئىكەن، — دېدى.

ۋاڭ لۇ ئايگۈلنى يۆلەپ ماشىنىغا چىقىرىۋاتقاندا ما تيەنمۇنىڭ خۇا لىينىڭ ماشىنىسىغا ئاچچىق بىلەن چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى.

ۋاڭ لۇ ساراسىمىگە چۈشكەن هالدا جوڭ ئاپتوبۇسنىڭ ئارقىسىدىن ج خ ئىدارىسىگە كەلدى. ئۇ ئۇدۇل ياتىقىغا كىرىپ كەتمەي ما تيەنمۇ تۇرۇۋاتقان مېهمانخانىغا باردى، ئۇ ما تيەنمۇ بىلەن ئوبدان بىر سۆزلىشىۋېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. ئەمما ئۇ يەرگە بارغاندا خۇا لىينىڭ بىر ئىستاكان قىزىق سۇتنى كۆتۈرۈپ ما

تيەنمۇنىڭ ياتىقىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى.
ۋاڭ لۇ خورسىنىپ دەرھال كەينىگە قايتتى.

## 7

ۋاڭ لۇ ئىشخانىسىغا كىرىپ ئەمدىلا كومپيۇتېرنى ئېچىشىغا خۇا لېيدىن چاقىرغۇ كەلدى: «مېھمانخانىغا تېز كېلىڭ، ما تيەنمۇدىن چاتاق چىقتى».

ما تيەنمۇدىن نېمە چاتاق چىققاندۇ؟ ناھايىتى شۇ كۆپ ئىچىۋېتىپ مەست بولۇپ قالغاندۇ، يەنە نېمە ئىش چىقاتتى، دەپ ئويلىدى ۋاڭ لۇ.

ۋاڭ لۇ تاكسىغا ئولتۇرۇپ مېھمانخانىغا تېز يېتىپ كەلدى. ۋاڭ لۇ ئىشىكتىن كىرگەندە ما تيەنمۇ خۇا لېيگە: «ھاراق ئىچىمەن، ھاراق ئىچىمەن» دەۋاتاتتى. ئۇ مەست بولۇپ قالغانىدى. ما تيەنمۇ ۋاڭ لۇنى كۆرۈشى بىلەنلا كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى ھەمدە كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا كارىۋاتنىڭ بېشىغا يۆلىنىپ يىغلاشقا باشلىدى.

خۇا لېي دەرھال ئۆزىنى چەتكە ئالدى. ئۇ بۈگۈن ئاخشامدىكى ئىشتىن ۋاڭ لۇ بىلەن ما تيەنمۇنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ئادەتتىكى مۇناسىۋەت ئەمەسلىكىنى بىلدى.

خۇا لېي چىقىپ كېتىش ئالدىدا ما تيەنمۇنىڭ ناھايىتى بىئارام بولۇۋاتقان ھالىتىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتتى. ئۇ رەنجىگەن ھالدا ۋاڭ لۇغا:

— ئۇنىڭغا ئوبدانراق مۇئامىلە قىلىڭ، ئۇ دېگەن بىر قىز، ئۇنىڭغا ئاسان ئەمەس، ئۇ سىزنىڭ غەمخورلۇقىڭىزغا موھتاج. بەك ئاشۇرۇۋەتمەڭ، — دېدى.

ۋاڭ لۇ ما تيەنمۇنى يۆلەپ ساپاغا ئولتۇرغۇزدى، ئۆزى ما تيەنمۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ئەمما ئۇ ھېچقانداق بىر تەسەللى سۆزلىرىنى ئېيتالمايۋاتاتتى. ئۇ ما تيەنمۇنىڭ يىغىسىغا قاراپ ئولتۇرىۋەردى. ما تيەنمۇ ئاخىرى بېشىنى كۆتۈردى، ئۇ ۋاڭ لۇدىن:

— نېمىشقا كەلدىڭىز، سىز ناھايىتى ئالدىراش ئىدى-ڭىزغۇ؟ — دەپ سورىدى.

ۋاڭ لۇ ئىنتايىن بىپەرۋا قىياپەتتە:

— خۇا لېي سىزنى بىر ئىشقا ئۇچراپ قالدى دېگەندى، شۇنىڭغا كەلدىم، — دېدى.

— ئەگەر مەندىن بىرەر ئىش چىقمىغان بولسا كېلەمەي-تىڭىز؟ — دەپ سورىدى ما تيەنمۇ.

— ئەگەر سىزدىن بىرەر ئىش چىقىپ قالمىغان بولسا مەن يەنە ئىشىمنى قىلىۋېرەتتىم، — دەپ گەپنىڭ راستىنى قىلدى ۋاڭ لۇ.

— مەن سىزنى دەپ ئاشۇ تويغا باردىم، بۇنى بىلەمسىز؟

— بىلىمەن.

— ئەمىسە نېمىشقا باشقا بىر قىزنى تېپىۋېلىپ مېنى ئازاب-لايسىز؟

— سىز خاتا چۈشىنىپ قالدىڭىز، مەن ھازىر ھېچقانداق بىر چۈشەنچە بېرىشنى خالىمايمەن، — ۋاڭ لۇ ھازىر بۇنى ئېنىق چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىز ئىدى.

— سىزنىڭ قەلبىڭىزدە ماڭا ئورۇن يوق، مەن سىز ئۈچۈن زادى مۇھىم ئەمەس، شۇنداقمۇ؟ — ما تيەنمۇ قەلبىدىكى بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان يىغىلىپ قالغان دەردلىرىنى بې-راقلا تۆكۈۋالدى.

ۋاڭ لۇنىڭ كۆز چاناقلىرى نەملەشتى. ئۇ ما تيەنمۇنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئۇ ئۆزىمۇ ما تيەنمۇنى ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قوچىقىنى ئېچىپ ما تيەنمۇنى ئۆزىنىڭ بەستلىك باغرىغا باستى. ئۇ ما تيەنمۇنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— سىزمۇ مۇھىم. ئەمما مەن ھەر ئىككىلا ئىشنى ئىنتايىن ياخشى، كۆڭۈلدىكىدەك قىلىشقا ئامالسىزمەن. چۈنكى مەن ئالا-ھىدە بىر خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن، سىزنىڭ ئەپۇ قىلى-شىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، مەن ھەقىقەتەن سىزگە يۈز كېلەلمەي-مەن، — دېدى.

ۋاڭ لۇنىڭ سۆزى ما تيەنمۇغا قاتتىق تەسىر قىلدى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىمۇ ئۇنىڭكىگە ئوخشاشلا ئەمەسمۇ؟ ما تيەنمۇنىڭ تاللىشىمۇ پەقەت بىرلا نەرسىگە تۇرۇشنى بەلگىلىگەن: ياكى مۇھەببەتكە تۇرۇش ياكى كەسپىگە تۇرۇش كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ما تيەنمۇنىڭ ئازابى ۋاڭ لۇنىڭكىدىنمۇ قاتتىقراق ئىدى. ۋاڭ لۇ ئۆزىنىڭ ئازابىنى، دەردلىرىنى ئېيتالايتتى، ئەمما ما تيەنمۇنىڭ بۇلارنى سۆزلەش، چۈشەندۈرۈش ھوقۇقىمۇ يوق ئىدى.

ما تيەنمۇ ئىلگىرىكى لايىقىنىڭ قۇچىقىدا خۇددى بالىلاردەك ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. ۋاڭ لۇ ئۇنى ھاراقنى كۆپ ئىچىۋاپتۇ دەپ ئويلاپ ئىمكانقەدەر ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ھەمدە ئۇنى كارىۋىتىغا ياتقۇزۇپ قويدى.

ۋاڭ لۇ چوڭقۇر ئويغا چۆكتى: بۈگۈنكى بۇ ئىشنى زادى قانداق ئاخىرلاشتۇرۇش كېرەك؟

ئەگەر «قارا بۇركۇت» نىڭ ئىشى بولمىغان بولسا، ئۇ بۈگۈن چوقۇم ما تيەنمۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا ئوبدان ھەمراھ بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئالدىدا جىددىي ۋەزىپە بار ئىدى، ۋاقىت ئۇنىڭ ئەر - ئاياللار مۇھەببىتىگە بېرىلىپ كېتىشىگە يول قويمايتتى. ۋاڭ لۇ ما تيەنمۇنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ، ئەپۇ سورىغان ھالدا:

— سىزمۇ ياخشىراق ئويلىنىپ بېقىڭ، بىز ھەر ئىككىلىمىزنىڭ ۋەزىپىمىز، رولىمىز ئۆزگەردى، بىز ئىلگىرىكى ئاشۇ ساددا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئەمەس. مەن ھازىر بىر ساقچى، سىز بولسىڭىز مۇخبىر، ھەر ئىككىلىمىز ئۆز كەسپىمىز بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ بۇ ئالاھىدە خىزمىتىم ماڭا ۋەزىپەمنىڭ ئىنتايىن ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدۇردۇ. مېنىڭچە، سىز مۇخبىر بولغاندىكىن سىزدىمۇ ئۆزىڭىزگە خاس مۇنداق ئالاھىدە تەسىرات بار، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بار، ئېھتىمال بۇنىڭدىن كېيىن بىز بىر بىر ئىناق ئەر - خوتۇنلاردىن بولالماسلىقىمىز مۇمكىن، ئەمما مەن ئىلگىرى ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ مەڭگۈ ئاشۇ مەن مەكتەپ قورۇسىدا كۆرگەن ئەڭ مۇنەۋۋەر قىزلاردىن بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن هازىر بەك ئالدىراش، شۇڭا كېتىمەن، ئەمدى سىزنىڭ ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالالمايمەن. ئېھتىمال بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە ھەر ئىككىلىمىز پەقەت ئۆزىمىزنىڭ ھالىدىن ئۆزىمىز خەۋەر ئېلىشقا مەجبۇر بولارمىز، — دېدى.

ۋاڭ لۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭدى.

ما تيەنمۇ ھاراقنى بەك كۆپ ئىچىۋالغاچقا بېشى يېرىلىپ كەتكۇدەك ئاغرىيتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ بۈگۈن ئاخشام سەل چەكتىن ئاشۇرۋۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئىككىنچى مۇنداق قىلماي-مەن، دەپ ئۆزىنى ئاگاھلاندۇردى.

# يىگىرمىنچى باب

## 1

ج خ ئىدارىسىنىڭ خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدىكى بوۋاي ۋاڭ لۇغا ئىشىك ئالدىدا بىر ئايالنىڭ ئۆزىنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

ۋاڭ لۇ ما تيەنمۇ كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ تېز خەۋەرلىشىش بۆلۈمىگە كەلدى. ئەمما، كەلگەن كىشى ئايگۈل بولۇپ، شامالدا ئۆرە تۇراتتى، ئۇنىڭ قولىدا ئالىي دەرىجىلىك قىسقا خۇرۇم چاپان سېلىنغان بىر خالتا بار ئىدى. ئايگۈل ۋاڭ لۇنى كۆرۈپ سەممىي هالدا ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى:

— ياخشىمۇ سىز؟

— ياخشىمۇ سىز؟ بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ لۇمۇ ئەدەپ بىلەن.

— مەن سىزدىن ئەپۇ سوراش ئۈچۈن كەلدىم ، مېنى كەچۈرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى ئايگۈل سەممىيلىك بىلەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قولىدىكى ئالىي دەرىجىلىك قىسقا خۇرۇم چاپاننى ۋاڭ لۇغا ئۇزاتتى.

— بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ لۇ سەل ئۆزىنى قاچۇرۇپ.

— ھېلىقى كۈنى سىزنىڭ كىيىمىڭىزگە قۇسۇۋەتتىم، شۇڭا ئالاھىدە سىزگە تۆلەپ بېرىش ئۈچۈن بىر يېڭى كىيىم ئە - كەلدىم، — دېدى ئايگۈل چۈشەندۈرۈپ.

— نېمە دەيدىغانسىز؟ بىزدە ئىنتىزام بار باشقىلارنىڭ سوۋ- غىسىنى ئىختىيارچە قوبۇل قىلالمايمىز ، — دېدى ۋاڭ لۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بۇنى مەن بىلىمەن، بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز تېخى ئۇنچە-

ۋالا يېقىن ئەمەس دەپ قاراۋاتىسىز، ئەگەر مەن سىزنىڭ ياخشى دوستىڭىز بولغان بولسام سىز بۇنى قوبۇل قىلارمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئايگۈل ئۇنىڭ نىيىتىنى چۈشەنگەن هالدا.

— ئىنتايىن ئەپسۇس، هازىرغىچە بىز تېخى ياخشى دوست هېسابلانمايمىز، — دېدى ۋاڭ لۇ ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ.

— سىز زادى قانچىلىك ۋاقىتتا ئاندىن بىر-بىرىمىزنى چۈشىنەلەيمىز دەپ قارايسىز؟ بىر ئۆمۈرمۇ؟ — دېدى ئايگۈل ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ.

— بىر ئادەم بەزى ئادەملەرنى ئېهتىمال بىر ئۆمۈرمۇ چۈشىنىپ يېتەلمەسلىكى مۇمكىن، ئامما بەزى ئادەملەرنى بولسا بىر سائەتتىلا پۈتۈنلەي چۈشىنىۋېلىش مۇمكىن، — دېدى ۋاڭ لۇ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ.

— سىز ماڭا ئىشەنمەمسىز؟ — دەپ سورىدى ئايگۈل ئۈمىدسىزلەنگەن هالدا.

ۋاڭ لۇ ئالدىدا تۇرغان بۇ قىزنىڭ كۆڭلىگە بەك قاتتىق ئازار بېرىشنى خالىمىدى، ئۇ:

— مەن ئۆزۈمگە ئىشەنمەيمەن، — دېدى.

— گەرچە سىز مېنىڭ ئىززەت-هۆرمىتىمگە، غۇرۇرۇمغا تەگكەن بولسىڭىزمۇ، ئەمما مەن سىزنىڭ بۇ سالماقلىقىڭىز، ئېغىر-بېسىقلىقىڭىزغا قايىلمەن، — دېدى ئايگۈل ئاچچىقىنى يوشۇرۇپ.

ۋاڭ لۇ ئۆزىنىڭ هازىرقى روهىي هالىتىنى تازا ئېنىق بىلمىگەن هالدا:

— مېنىڭچە سىزنىڭ ئۆزىڭىزنىڭ هېسسىياتىڭىزنى يوشۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز لازىمدەك تۇرىدۇ، — دەپ تەكلىپ بەردى.

— سىز ياخشى كۆڭلۈمنى رەت قىلماقچىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئايگۈل ئۈمىدسىزلەنگەن هالدا.

ۋاڭ لۇ ئەمدى باغرى تاشلىق قىلالمىدى، ئۇ سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن يەنىلا ئايگۈلگە تەسەللى بېرىش نىيىتىگە كېلىپ:

— سىزدىن ئەپۇ سورايدىغانلىقىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن سىز-

نى بىر كۈنى تاماققا تەكلىپ قىلاي، يۈزۈمنى قىلارسىز؟ — دېدى.

ئايگۈلنىڭ كۆڭلى سەل ئارامىغا چۈشتى، ئۇ دەرھال:

— بولىدۇ، مەن سىزنىڭ يۈزىڭىزنى قىلاي، — دېدى.

ئايگۈل قايتىشقا مەجبۇر بولدى. گەرچە بۇ قېتىمقى ئۇرۇنۇشى مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئازراق نەتىجىگە ئېرىشتى، نېمىلا بولمىسۇن ۋاڭ لۇ ئۇنى بىللە تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۆزىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئايگۈل ۋاڭ لۇنىڭ ئۆزىنى تاماققا تەكلىپ قىلماقچى بولغانلىقىنى تور ئارقىلىق يۇقىرىغا دوكلات قىلدى. يۇقىرىدىن:

— مەن سىزگە پەقەت 10 كۈنلا ۋاقىت بېرىمەن، 10 - كۈنى كەچ سائەت 8 دە ئەۋەتكەن ئادەم ئىلياس مېھمانسارىيىنىڭ غەربىچە تاماقلار زالىدا سىز بىلەن كۆرۈشۈپ مالنى تاپشۇرۇۋالىدۇ، — دېدى.

ئايگۈل يەنىلا سەل ئەنسىرىگەن ھالدا:

— ئەگەر مەن بۇ ئىشنى ئورۇنلىيالمىسامچۇ؟ — دەپ سورىدى.

قارشى تەرەپ ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدى.

## 2

نەن نازىر مەركىزىي ئۇچۇر ئىسكىلاتىنى قۇرۇش ئۈچۈن ھەقىقەتەن بارلىق كۈچىنى ئايىمىدى، ئۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈر بولغان خىراجەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپلا قالماستىن، يەنە بىر تېخنىكا ياردەم گۇرۇپپىسىنى ئەۋەتىپ جۇڭ چېڭنىڭ خىزمىتىگە ياردەم بەردى.

بىر مەھەل جۇڭ چېڭ بىلەن ۋاڭ لۇ پۈتۈن كۈچىنى بۇ قۇرۇلۇش ئۈچۈن سەرپ قىلدى.

ۋاڭ لۇ ئۆتكەندە ئايگۈلنى تاماققا تەكلىپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇ پەقەت بىر باھانە ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇنى ئۇنتۇپ كەتتى، ئەمما ئايگۈل ئۇنتۇمىدى. ئايگۈل بىر ھەپتە ساق-

لىغان بولسىمۇ ۋاڭ لۇدىن ھېچقانداق خەۋەر بولمىدى. ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، شۇڭا ئۇ ئىنتايىن تاقەتسىزلەنگەن ھالدا
ۋاقتى يېتىپ كېلىۋاتاتتى، شۇڭا ئۇ ئىنتايىن تاقەتسىزلەنگەن ھالدا
ج خ ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ئۇ ئاۋۋال ۋاڭ لۇنىڭ قول تېلېفونىغا تېلېفون بەردى، ئەمما تېلېفون ئۇلانمىدى. ئۇ يەنە ۋاڭ لۇنىڭ ئەترىتىگە تېلېفون بەردى، ئەترەتتە ئادەم يوق ئىدى. ئۇ ئەسلىدە بىناغا ئۇسۇپلا كىرىپ كەتمەكچىدى، ئەمما ئىشىكتىكى قاراۋۇل ئۇنى توسۇۋالدى، شۇڭا ئۇ ئەلىنى يادىغا ئالدى.

ئەلى ئايالىنىڭ دوستىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، دەرھال:

— ساقلاپ تۇرۇڭ، مەن دەرھال ئىشىك ئالدىغا چىقىمەن، — دېدى.

ئەلى يىراقتىنلا ئىككى پۆتىنى جۇپلەپ كۆلكىلىك بىر قىياپەتتە ئايگۈلگە چاس بەردى.

— ئىنسان ئۆمرىدە ئۈچ نەرسىگىلا ئېھتىياجلىق بولىدۇ، بىرى ياخشى ئائىلە، بىرى بىر توپ ياخشى دوست، يەنە بىرى ياخشى خىزمەت. سىزدە بۇ ئۈچ نەرسىنىڭ ھەممىسى تەل، مېنىڭ سىزگە بەكمۇ مەستلىكىم كېلىدۇ، — دېدى ئايگۈل قىزىقچىلىق قىلىپ.

— مېنىڭ ياخشى ئائىلەم بار، بۇنىڭدا سىزنىڭمۇ ھەسسىڭىز بار، — دېدى ئەلى مەمنۇنىيەت بىلەن.

ئايگۈل ئەلىنىڭ پەرىدەگە بولغان ساداقىتىنى كۆرۈپ يەتكەندەك بولدى. شۇڭا ئۇنىڭ كۆزلىرىدە زوقلىنىش ئالامەتلىرى جىلۋە قىلدى. ئۇ خورسىنىپ:

— ھەي، قاچانمۇ مەن پەرىدەگە ئوخشاش بىر بەختلىك ئائىلىگە ئىگە بولارمەن؟ — دېدى.

— كىمنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭىز؟ ئېيتىڭە، مەن ئارىدا ماڭاي، — دېدى ئەلى سەمىمىيلىك بىلەن.

ئايگۈل ئەلىنىڭ گەپنى مۇنداق ئۇدۇللا قىلغىنىدىن سەل خاپا بولۇپ قالدى، ئۇ:

— مۇنداق سىت گەپ قىلمىسىڭىز قانداق، مەن تېخى ئەرگە تېگەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالمىدىم، — دېدى.

ئەلى دەرھال ئۆزىنىڭ گەپنى ئۇدۇللا قىلىپ قويۇپ، بۇ قىزنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە تېگىپ قويغانلىقىنى چۈشەندى، شۇڭا ئۇ گەپنى بۇراپ:

— ھوي، سىز مېنى بىرەر ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلگەنمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— مەن... مېنىڭ باشقا ئىشىمغۇ يوق. ۋاڭ لۇ بارمۇ يوق سوراپ باقاي دېگەنىدىم، ئۇنى ئىزدەيتتىم، — دېدى ئايگۈل دۇدۇقلاپ تۇرۇپ.

ئەلى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا چۈشەندى:

— ئۇ ھازىر بەك ئالدىراش ئىدى.

— ئۇنىڭ بىرەر ۋاخ تاماق يېگۇدەك ۋاقتىمۇ يوقمۇدۇ؟ — دەپ سورىدى ئايگۈل قىزىقسىنىپ.

— بولمىسا سىز بىردەم ساقلاپ تۇرسىڭىز، مەن كىرىپ قاراپ باقاي، — دېدى ئەلى قىزغىنلىق بىلەن.

— نېمە، مېنى كىرىپ ئولتۇرۇشقىمۇ تەكلىپ قىلمامسىز؟ سىز مېنى بۇ يەردە توڭلاپ قالسۇن دەمسىز؟ — دېدى ئايگۈل ھاياجانلانغان ھالدا.

ئەلى تەڭلىكتە قالدى:

— ئىدارىنىڭ بەلگىلىمىسى بار، ساقچىلاردىن باشقىلارنىڭ بىناغا كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئەترىتىنىڭ مۇھىم خىزمەت ئورنى ئىدى.

— مەن سىزنىڭ دوستىڭىزغا ناھايىتى سادىق، ساداقەتمەن ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىمەن. سىلەر بۇ خىزمەتنى قىلىدىغانلار دوستلۇق ۋە ئىنتىزامنى قاتتىق ئايرىيسىلەر، توغرىمۇ؟ بولدى، سىلەرنىڭ ئىنتىزامىڭلار دوستلۇقتىنمۇ مۇھىم ئىكەن، بولدى مەن كەتتىم! — دېدى ئايگۈل ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ.

ئەلى ئايگۈلنىڭ چىرايىنىڭ تۇتۇلۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ ئانچە ئادىمگەرچىلىك قىلمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى، ئەمما ئۇ ئىنتىزامغا ھەرگىز خىلاپلىق قىلالمايتتى. ئۇ سەل ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن بىر مۇرەسسە چارىسىنى يادىغا ئېلىپ:

— مۇنداق بولسۇن، سىز بۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇڭ، مەن ۋاڭ لۇنى چوقۇم چاقىرىپ چىقىشقا كاپالەتلىك قىلىمەن، — دېدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاڭ لۇ ھاسىراپ - ھۆمۈدىگەن ھالدا چىقىپ كەلدى، ئەلى ئۇنىڭغا زادى نېمە دېدىكىن، ئىشقىلىپ ۋاڭ لۇ چىقتى.

ئايگۈل ۋاڭ لۇنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى يىراقتىنلا كۆرۈپ يۈرەكى سەل دۈپۈلدەشكە باشلىدى، جىددىيلەشتى، ئۇ ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىدا ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ كونتروللۇقىنى سەل يوقىتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

ۋاڭ لۇ كەچۈرۈم سورىغان ھالدا ئايگۈلگە:

— سىز بىر چىرايلىق، ئەدەپلىك قىز، سىز مېنىڭ ۋەدەمدە تۇرمىغانلىقىمنى ئەيىبلەشكە ھوقۇقلۇق، — دېدى.

ئايگۈل ئانچە قىزغىن بولمىغان ھالەتتە چۈشەندۈرۈپ:

— كىتابخانىدىن قايتىپ بۇ يەردىن ئۆتۈشۈم ئىدى، — دېدى.

ۋاڭ لۇ ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشەندى ھەمدە مەردلىك بىلەن:

— مېڭىڭ! ئۆزۈمنىڭمۇ قورسىقىم ئېچىپ تۇراتتى، بىللە بېرىپ تاماق يەپ كېلەيلى، — دېدى. تاماق يەيدىغان جاينى ئايگۈل تاللىدى. بۇ ئىلياس مېھمانسارىيى بولۇپ، ج خ ئىدارىسىنىڭ يېنىدىلا ئىدى. مېھمانساراي يېڭىلا زىنىنەتلەنگەن، بىرىنچى قەۋەتتىكى غەربچە تاماقلار زالىدا ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغان «سىزگە ھەمراھ بولۇپ ئۆيگە قايتىمەن» دېگەن مۇزىكا قويۇلۇۋاتاتتى. ئايگۈل غەربچە تاماقلار زالىغا كىرىپ ئولتۇرۇشى بىلەنلا كۆزلىرىگە لىق ياش ئالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ياش ئېلىشى ئۆزىنىڭ شۇغۇللىنىۋاتقان بۇ ئىشىدىن بىزار بولغانلىقىدىن، ئۇنىڭ كۆزىگە ياش ئېلىشى ئۆزىنىڭ دادىسىنىڭ ۋە سىڭلىسىنىڭ ئىز - دېرىكى بولمايۋاتقانلىقىدىن ئىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ياش ئېلىشى كۆز ئالدىدىكى «سىزگە ھەمراھ بولۇپ ئۆيگە قايتىمەن» دېگەن ناخشا ساداسى ئىچىدە بۇ غەربچە تاماقلار زالىغا ئۆزى بىلەن بىرگە تاماققا كىرگەن بۇ يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىدىن ئىدى.

ئۇنىڭ ۋاڭ لۇنىڭ قوچىقىغا ئۆزىنى بەكمۇ ئاتقۇسى كەلدى، مۇشۇ تاماق زالىدا بارلىق سۆيۈقەست ۋە تېررورلۇقلار بىلەن مەڭگۇ خوشلاشقۇسى كەلدى. بۇ راستتىنلا ئۇنىڭ ئارزۇسى ئىدى.

ھازىر ئايگۈل بۇ ئارزۇسىنى يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىغا يوشۇرۇپ جىددىي رېئاللىققا قايتىپ كەلدى. ئۇ بىر بوتۇلكا قىزىل ئۈزۈم ھارىقى بۇيرۇتتى، ۋاڭ لۇ ئىككىيلەنگە بىر ئىستاكاندىن ھاراق قۇيدى، ئىككىيلەن ھاراقنى ئاستا ئىچىشكە باشلىدى، شۇ ئارىلىقتا بىرسى ۋاڭ لۇغا تېلېفون بەردى، ۋاڭ لۇ سىرتقا سۆزلەشىشكە چىقىپ كەتكەن مۇشۇ پۇرسەتتە ئايگۈل ئادەمدە خىيالىي تۇيغۇ پەيدا قىلىدىغان ۋە ئۇخلىتىدىغان تالقان دورىنى ۋاڭ لۇنىڭ ئىستاكىنىغا سېلىۋەتتى.

بۇ غەربچە تاماقلار زالىنىڭ بىر چېتىدە چەت ئەللىك بىر ئەر ئايگۈلگە ئۇدۇل قاراپ ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتاتتى. ئۇ ئەر قارا كۆزەينەك تاقىغان بولۇپ، قارا كۆزەينىكىنىڭ چېتىدىن ئايگۈلنىڭ ۋاڭ لۇنىڭ ئىستاكانىغا دورا سېلىۋەتكەنلىكىنى ئېنىق كۆردى. ئۇنىڭ چىرايىدا سېزىلگۈلىكى بولمايدىغان كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى.

تېخى تاماقنى يەپ بولماي تۇرۇپلا ۋاڭ لۇدا خىيالىي سېزىم پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ خىيالىدا ئالدىدىكى ئۆزى بىلەن تاماق يەۋاتقان قىز ما تيەنمۇغا ئايلىنىپ قالدى، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن «ما تيەنمۇ» نىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ:

— سىز مەن يېقىنلاشقان بىردىنبىر قىز، مەن سىزدىن باشقا ھېچكىمنى ياخشى كۆرمەيمەن، — دېدى.

ئايگۈل چىن كۆڭلىدىن ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى، مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىپ:

— مەن تەۋەككۈلچىلىك قىلىشنى خالىمايمەن، مەن بىر ئائىلەم بولۇشنى خالايمەن. سۆيۈملۈكۈم، سىز مېنى بىر ئائىلىگە ئىگە قىلالامسىز؟ — دېدى.

ۋاڭ لۇ ئەزەلدىن ما تيەنمۇدىن باشقا قىزلارنى ياخشى كۆرۈپ باقمىغانىدى، ئەمەلىيەتتە ۋاڭ لۇ بىلەن ما تيەنمۇنىڭ مۇھەببىتىدە ما تيەنمۇ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. ھازىر ما تيەنمۇ

تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆنىڭ بىلەن بىر ئائىلە قۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ۋاڭ لۇ راستىنلا بۇنىڭغا ئانچە ئىشىنەل-مەي قالدى، ئۇ شۇبھىلەنگەن ھالدا:

— سىز ھەقىقەتەن جەنۇبىي شىنجاڭدا مەن بىلەن بىر ئائىلە قۇرۇشنى خالامسىز؟ — دەپ سورىدى.

ئۆنىڭ خىيالىي سەزگۈسىدىكى ما تيەنمۇ كۆزلىرىدە ياش لىغىرلىغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتتى ھەمدە ئىنتايىن مۇلايىملىق بىلەن ۋاڭ لۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ:

— ھەئە، ئىنتايىن خالايمەن! — دېدى.

ۋاڭ لۇ يەلكىسىدىن ئېغىر بىر تاش چۈشكەندەك ھېس قىل-دى. ئۇ ئاخىر بۇ گەپنى ئاڭلىدى. ئۇ ئېنىنىڭ ناھايىتى يەڭگىل-لەپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ:

— تيەنمۇ، قاتتىق ئۇيقۇم كېلىپ كەتتى، ئۇخلىغۇم كېلىۋاتىدۇ، مېنى يۆلەپ ئېلىپ كېتەمسىز؟ — دېدى.

ئايگۇل دەرھال ۋاڭ لۇنى يۆلەپ ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە ئۇنىڭغا چىڭ چاپلاشتى، مۇنداق قىلغاندا ئۇ ۋاڭ لۇدىن چىقىۋاتقان پۇراقنى پۇرىيالايتتى، بۇ پۇراق بىر ئەركەكنىڭ پۇرىقى ئىدى، ئۇ بۇ پۇراقنى مەستانىلەرچە پۇرىغاچ مۇلايىملىق بىلەن:

— تورۇڭ، ئۆيگە قايتىمىز، — دېدى.

ئايگۇل ۋاڭ لۇنى يۆلەپ دەلدەڭلىگەن پېتى غەربچە تاماقلار زالىنىڭ ئىشىكىگە قاراپ ماڭغان چاغدا ھېلىقى چەت ئەللىك سىرلىق ئەرمۇ ھېساباتى قىلىپ پۇلنى تۆلىدى. ئۇ ئۇچىسىغا قىلىن پەلتو، بېشىغا قۇلاقچا كىيىۋالغانىدى. ئۇ قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئايگۇلگە سوقۇلدى، ئۇ كىشى خۇرۇم پەلەي كىيىۋالغان قولى بىلەن ئايگۇلنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدى، ئايگۇل يىقىلىپ كەتمىدى، ئەمما ئۇ ئالىقىنىنىڭ چىم قىلىپ ئاغرىغانلىقىنى سەز-دى. ئۇ ئالىقىنىغا قارىۋىدى، ئالىقىنىنى بىر نەرسە تىلىۋەتكەنىدى، ئۇ يەردىن قان تەپچىپ چىقىۋاتاتتى. ئۇنى سوقۇۋەتكەن ئەر ئۇنىڭ ئالىقىنىدىكى جاراھەتكە قاراپ قويۇپ، ئاندىن مۇرىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ:

— خانقىز، كۆپ ئىچىۋاپسىز، ئېھتىيات قىلىڭ، — دې-

دى.

ئايگۈلنىڭ قەلبىنى بىردىنلا بىر يامان سېزىم چۇلغىۋالدى، ئايگۈل گەرچە بۇ ئەرنى ئېنىق كۆرەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇزۇنىڭ سېزىمىگە تايىنىپ ئۇنىڭ شىمىس ئەۋەتكەن ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدى.

ئايگۈل ۋاڭ لۇنى يۆلەپ دەلدەڭشىگىنىچە مېھمانسارايدىن چىقتى. بۇ چاغدا، غەربچە تاماقلار زالىنىڭ يەنە بىر بۇلۇڭىدىكى ئايال مېھمانمۇ پۇلنى تۆلىۋېتىپ زالدىن چىقتى. ئۇ ئالدىرىماي ئالدىدا دەلدەڭشىلەپ كېتىۋاتقان ئەر - ئايالغا ئەگىشىپ ماڭدى، ئەمما ئارىلىقتا 50 مېتىرچە قالدۇرۇپ ماڭدى. ئۇ ما تيەنمۇ بولۇپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ھەم سەگەكلىك ھەم گاڭگىراش چىقىپ تۇراتتى.

ئايگۈل ۋاڭ لۇنى يۆلەپ ج خ ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسى يېنىغا كەلدى، ئىشىكتىكى قاراۋۇل ۋاڭ لۇنى تونۇسىمۇ ئەمما ئۇ مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىجرا قىلىپ، ئايگۈلنى ئىشىكتىن كىرگۈزمىدى. ۋاڭ لۇ بۇ قىزنىڭ ئۆزىنىڭ لايىقى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما قاراۋۇل ئايگۈلنى تىزىملاتسۇن دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى، ئايگۈل ئامالسىز ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

تىزىملايدىغان بولغانلىقتىن ۋاقىت ئۇزىراپ كەتتى، ۋاڭ لۇ ئورنىدا راۋۇرۇس تۇرالمايۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كۆزلىرىنى ھەرقانچە ئېچىشقا ئۇرۇنسىمۇ ئەمما كۆزلىرىنى ئاچالمايۋاتاتتى. ئۇ ئاچچىقلانغان ھالدا:

— سىز بەكمۇ ئەزمىلىك قىلىدىكەنسىز، بۇ مېنىڭ بولغۇسى ئايالىم، بىز يېقىندا توي قىلماقچىمىز، — دېدى.

ئىشىكتىكى قاراۋۇل پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دەرھال ۋاڭ لۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىدى، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۇ ۋاڭ لۇنىڭ قولىغا بىر كىچىك دورا قۇتىسىنى تۇتقۇزۇپ قويدى.

ئايگۈل تىزىملاش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بولغاندىن كېيىن قاراۋۇلغا ئەدەپ بىلەن:

— ئەمەلىيەتتە مەنمۇ ج خ ئىدارىسىگە كىرىشنى خالىمايتت-
تىم، ئەمما ئۇ بۈگۈن ئاخشام نۆۋەتچىكەن، ئۇ مېنى چوقۇم
ئىشخانىغا ئەكىرىپ قويۇش دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى، — دېدى.

— مەرھەمەت كىرىڭلار! — دېدى قاراۋۇل.

شۇنىڭ بىلەن ئايگۈل ۋاڭ لۇنى يۆلەپ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش 1 - ئەترىتىنىڭ ئىشخانىسىغا ئەكىردى. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ۋاڭ لۇ سۇ ئىچمەكچى بولدى، ئەمما ئىستاكاننى تېخى قولىغا ئالماي تۇرۇپلا ئۇ نۆۋەتچىلىك كارىۋىتىغا ئۆزىنى تاشلىدى ھەمدە بىردەمدىلا خورەك تارتىپ ئۇخلاپ كەتتى.

ئايگۈل ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ مېھرىبانلىق بىلەن يوتقان يېپىپ قويدى، ئۆزى كۆڭۈل بېرىۋاتقان ئادەمگە بىردەم تىكىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئۇخلاپ قالغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، ئېڭىشىپ ۋاڭ لۇنىڭ پېشانىسى ھەم كىشىنى جەلپ قىلىدىغان لەۋلىرىگە سۆيدى، ئۇ ۋاڭ لۇدىن ھەقىقەتەن مېھرىنى ئۈزەلمىدى. ئايگۈل كۆڭلىدە: «مېنى كەچۈرۈڭ، سۆيۈملۈكۈم» دېدى.

ئايگۈل جىددىي ھەرىكەتكە كىرىشتى، ئۇ ناھايىتى تېزلا ۋاڭ لۇنىڭ تارتمىسىدىن جەنۇبىي شىنجاڭ مەركىزىي ئۇچۇر ئىسكىلاتىغا ئائىت پىلاننى تاپتى ھەمدە ئىنتايىن چاققانلىق بىلەن مىكرو فوتوئاپپارات ئارقىلىق ئۇنى سۈرەتكە تارتىۋالدى.

## 3

ۋاڭ لۇ گەرچە قاتتىق ئۇخلاپ ياتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئايگۈلنىڭ قولىدىكى مىكرو فوتوئاپپاراتنىڭ بوشقىنا چاس - چاس قىلغىنىنى ئاڭلاپ بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ قويدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ سەل سەگگىنىنى ھېس قىلىپ، كارىۋاتنىڭ بېشىدىكى كۇنۇپكىنى يېنىككىنە باستى، چېن دامو قاتارلىقلار «ھەرىكەتلىنىڭلار» دېگەن سىگنالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شۇئان ياندىكى ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقتى.

«پىلان خەرىتىسى» نى سۈرەتكە ئېلىۋاتقان ئايگۈل ئىشىك

سىرتىدىكى ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئاپپاراتنى يىغىشتۇ-
رۇپ سىرتقا قاراپ قاچماقچى بولدى. ئەمما ۋاڭ لۇ كارىۋاتتىن
سەكرەپ چۈشۈپ ئايگۇلنىڭ بىلىدىن قۇچاقلىۋالدى. ئايگۇل بوش
كەلمىدى. ئۇ ئىنتايىن چاققانلىق بىلەن ۋاڭ لۇنىڭ بىر بارمىقىنى
قايرىدى، ئۇ ئەسلىدە ۋاڭ لۇ ئاغرىققا چىدىماي مېنى قويۇۋېتىدۇ
دەپ ئويلىغانىدى، ئەمما ۋاڭ لۇ:

— ئېسىڭىزدە بولسۇن، ھوشيارلىق بىلەن ئىنتىزام جاننى
قوغدىۋالايدۇ، — دېدى.

ئايگۇل بۇ گەپنى ئاڭلاپ شۇ ھامان لاسسىدە بوشاپ كەتتى.
ئەمما بۇ ئەھۋال پەقەت بىر سېكۇنتلا داۋام قىلدى، ئۇ ئۇشتۇمتۇت
سول پۇتىنى كۆتۈرۈپ ۋاڭ لۇنىڭ چاترىقىغا قاتتىق تەپتى. ۋاڭ
لۇ ئوڭ پۇتى بىلەن چىماق سېلىپ ئايگۇلنى بېسىۋالدى.

ئايگۇل «ۋايجان» دەپ ۋارقىراپ، ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە
چېن دامولار ئۆيگە باستۇرۇپ كىردى.

ئەلى ملىنى چاكىلدىتىپ ھەسرەت چېكىپ:

— نېمىدېگەن يامان ئايال بۇ، ئايالىمىنىڭ مۇشۇنداق ئىقتى-
دارلىق ساۋاقدىشى بار ئىكەن - ھە! — دېدى.

ئايگۇلنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى، ۋاڭ لۇ ئۇنىڭ يېنىغا
كېلىپ ئۇنى يۆلەپ:

— بايا سىز ماڭا ياردەم قىلغانىدىڭىز، ئەمدى مەن سىزگە
ياردەم قىلىمەن. راست دەۋاتىمەن، بىز ھازىر كونا دوستلاردىن
بولۇپ قالدۇق، نېمە گېپىڭىز بولسا ماڭا ئېيتىڭ، ئەگەر قولۇم-
دىن كەلسىلا سىزگە ياردەم قىلىمەن، — دېدى.

بۇ چاغدا، ئايگۇل ۋاڭ لۇغا غەزەپ بىلەن تىكىلدى، ئۇ
ھەرقانچە ئويلاپمۇ زادىلا چۈشىنەلمىدى: ناھايىتى ئاق كۆڭۈل،
سەمىمىيدەك كۆرۈنگەن ۋاڭ لۇ ئەسلىدە ئىنتايىن قۇۋ، ھىيلىگەر
ئادەمكەن، نېمىشقا ئۇنى شۇنداق ئاددىي ئادەم، دەپ ئويلىغاندى-
مەن؟

ۋاڭ لۇ ئايگۇلنىڭ نېمە ئۈچۈن غەزەپلەنگەنلىكىنى بىلەتتى،
ئۇ ئايگۇلنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەن ھالدا ئۇنىڭغا چۈشەنچە بېرىپ:

— جۇڭگودا ئۇرۇش ھىيلىسىز بولماس دېگەن ماقالە بار،
سىز ئالدانىدىڭىز، — دېدى.

— مېنىڭ شۇنى بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ، سىزنىڭ يەنە قانچى-

لىنىڭ ھىيلە - مىكرىڭىز باردۇ؟ — دېدى ئايگۇل غەزەپ بىلەن.
— ئادەم مېڭىسىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئېھتىمال كومپيۇتېرمۇ ھېسابلاپ چىقالمايدۇ. ئەمما مەن سىزنىڭ قارىشىڭىزغا شۇنداق تۈزىتىش بەرمەكچىمەنكى، مېنىڭدە ئەقىل - پاراسەت بار. ئەمما ھىيلە - مىكىر، سۇيىقەست يوق، — دېدى ۋاڭ لۇ مەغرۇرلۇق بىلەن.
— مېنى تېز ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار! — دەپ يىغلىدى ئايگۇل.
— مەن سىز بىلەن ئۇتۇشىمەنكى، سىز مۇنداقلا ئۆلۈپ كېتىشكە ھەرگىز رازى بولمايسىز، چۈنكى سىزنىڭ تېخى ئورۇندىلاپ بولالمىغان نۇرغۇن ئىشلىرىڭىز بار. مەسىلەن، ئائىلىڭىزدىكىلەردىن تېخى ھېچقانداق خەۋەر يوق، يەنە بۇ پىلاننى تېخى باشلىقىڭىزنىڭ قولىغا يەتكۈزەلمىدىڭىز، — دېدى ۋاڭ لۇ ئۇنى مەنسىتمىگەن ھالدا.
چېن دامو سىرتقا چىقىپ جۇڭ چېڭغا تېلېفون بەردى، جۇڭ چېڭ:
— ئايگۇلنىڭ كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇڭلار، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلەشكۈچىنى ۋە ئۇنىڭ باشلىقىنى قولغا چۈشۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىڭلار! — دەپ يوليورۇق بەردى.
ما تيەنمۇ ج خ ئىدارىسىگە 50 مېتىرچە قالغان يەردە تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش 1 - ئەترىتىنىڭ بىناسىدىن چاقناپ چىققان نۇرغا قاراپ تۇراتتى، ئۇ بۇ يەردە نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەيتتى، ئەمما ئايگۇل ۋاڭ لۇنى يۆلەپ بىناغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن قايتىپ چىقمىغانىدى.
ما تيەنمۇ ئۇ يەردە ئۇزۇن تۇرمىدى، ئۇ يەنە بىر تەرەپكە دىققەت قىلىۋاتاتتى، ئۇ ھېلىقى قارا كۆزەينەك تاقىۋالغان سىرلىق چەت ئەللىكنىڭ ئىزىغا چۈشۈشى كېرەك ئىدى. بۇ بۈگۈن تاڭ سەھەردە ئۇنىڭ باشلىقى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان جىددىي ۋەزىپە ئىدى.

## 4

ئايگۇل ئىككى كېچە - كۈندۈز ھېچنېمە دېمەي چىڭ تۇرۇۋالدى. تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش 1 - ئەترىتىدىكىلەر ئۇنىڭغا

زادىلا ئارام بەرمەي نۆۋەتلىشىپ سوراق قىلغان بولسىمۇ، ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلغىلى ئۇنىمىدى. ئايگۈل تۇتۇلۇپ 3 - كۈنى ئاخىر ئاغزىنى ئاچتى، ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېچىشى ئۆزىنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ھېس قىلغانلىقىدىن بولدى. ئۇ ئۆلۈمگە قاراپ مېڭىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە ۋاڭ لۇنى ئەسكە ئالدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قىلغان بىرىنچى گېپى: «ۋاڭ لۇ قېنى، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىمەن» دېگەن بولدى.

ۋاڭ لۇنى سوراق قىلىشتىن چەتلىتىش جۇڭ چېڭنىڭ تاكتىكىسى ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئايگۈلنىڭ ئاغزىنى ئېچىشتىكى كوزىرى ئىدى.

ئايگۈلنىڭ كۆڭلى پۇتۇنلەي سوۋۇدى، ئۇ ئۆزىنىڭ شەكسىز ئۆلىدىغانلىقىنى بىلدى. گەرچە ساقچى تەرەپ ئۇنى ئۆلتۈرمىسىمۇ، ئۇنىڭ باشلىقى ئۇنى ئۆلۈم گىردابىغا ئەكېلىپ قويغانىدى، ئايگۈلنىڭ ئۆزىمۇ بۇ دۇنيادىن بىزار بولغانىدى. مۇشۇ چاغقا كەلگەندە ئايگۈل ئۆزىنىڭ ھەرگىزمۇ بىر كەسپىي جاسۇس ئەمەس، بەلكى مۇھەببەتنى ئەڭ ئەلا بىلىدىغان بىر ئايال ئىكەنلىكىگە ئىشەندى. ئۇ زادى نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالدى؟ ئۇ بۇ ھەقتە ئويلىمىدى، ئۇنىڭ ھازىر قىلماقچى بولغان بىردىنبىر ئىشى ئۆلۈش ئالدىدا ۋاڭ لۇ بىلەن كۆپرەك بىرگە تۇرۇۋېلىش ئىدى، ئەگەر ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى ئىشقا ئاشسا ئۆلسىمۇ كۆزى ئوچۇق كەتمەيتتى. ئەمما، ئايگۈلنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىكى بۇ ئەسەبىيلەرچە مۇھەببەتنى كىم چۈشىنىدۇ؟ ئۇنىڭ بۇ مۇھەببىتىگە كىم ئىشىنىدۇ؟

ئايگۈل ھەممىنى ئويلىۋالغانىدى، ئۇ جۇڭ چېڭغا:

— ۋاڭ لۇ بىلەن بىر كۆرۈشۈۋالاي، ئاندىن ئالاقىلەشكۈچى بىلەن كۆرۈشتۈرىمەن، — دەپ يالۋۇردى.

— نېمە ئۈچۈن چوقۇم ۋاڭ لۇ بىلەن كۆرۈشىمەن دەپ تۇرۇۋالىسىز؟ ئۇ سىز ئۈچۈن شۇنداق مۇھىممۇ؟ گېپىڭىزنى ماڭا دېسىڭىز بولمامدۇ؟ — دەپ سورىدى جۇڭ چېڭ.

ئايگۈلنىڭ كۆزلىرىدە ئاجايىپ بىر نۇر چاقنىدى، ئۇ:

— سىز پەقەت باشلىقلىق قىلىشنىلا بىلىسىز، مۇھەببەتنىڭ

نېمىلىكىنى ھەرگىز بىلمەيسىز. ھازىرقى مۇشۇ ۋاقىتتا مېنىڭ قەلب ئىشىكىم پەقەت ۋاڭ لۇ ئۈچۈنلا ئېچىلغان، سىز مەن ئۈچۈن پەقەت ئادەتتىكىلا بىر ئەر، — دېدى.
ۋاڭ لۇنىڭ ئايگۈلنى كۆرمىگىنىگە ئىككى كۈن بولغانىدى، بۈگۈن ئايگۈلنىڭ ئىلگىرىكى قىپقىزىل مەڭزىلىرى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن، ئۇ روھىي جەھەتتىن پۈتۈنلەي تۈگىشىپ كەتكەنىدى. ۋاڭ لۇنىڭ كۆزلىرىدە كىشى سېزىۋالالمايدىغان دەرىجىدە ئىچ ئاغرىتىش ھېسسىياتى پەيدا بولدى، ئەمما ئايگۈل ئۇنى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆرۈۋالدى، ئۇ بوش ئاۋاز بىلەن:
— ماڭا ھېسداشلىق قىلىۋاتامسىز؟ مەن بىلەن خوشلاشقىلى كەلدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.
ۋاڭ لۇ چۆچۈپ كەتتى، ئۇ كۆڭلىدە: ئايگۈل ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈۋېتۈمۇ نېمە؟ دەپ ئويلىدى. ئەمما بۇ گۇماننى ئېيتمىدى، ئۇ جىددىي تۇردە:
— سىز بەلكىم ئۆزىڭىزنىڭ تاللىغان يولىدىن پۇشايمان قىلغانسىز، — دېدى.
ئايگۈل ئۈمىدسىزلىك بىلەن:
— مەن سىز بىلەن بەك كېچىكىپ تونۇشقانلىقىمغىلا پۇشايمان قىلىمەن، — دېدى.
— بۇرۇنراق تونۇشقان تەقدىردىمۇ بىزنىڭ بىر يولدىكى ئادەملەردىن بولالىشىمىز ناتايىن ئىدى، — دېدى ۋاڭ لۇ رەت قىلىش تەلەپپۇزى بىلەن.
— مېنىڭ بۇ دۇنيادىكى ۋاقتىمغا كۆپ ۋاقىت قالمىدى، ھازىر سائەت قانچە بولدى؟ — دېدى ئايگۈل قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا.
ۋاڭ لۇ ھەيرانلىق بىلەن سائىتىگە قاراپ:
— 7 گە 10 مىنۇت قالدى، — دېدى.
ئايگۈلنىڭ كۆزلىرىدىن بىردىنلا تاراملاپ ياش تۆكۈلدى، ئۇ تىترىگەن ھالدا ۋاڭ لۇغا قاراپ:
— سىز بىلەن مېنىڭ ئەڭ كۆپ بولغاندا پەقەت بىر سائەتلا ۋاقتىمىز قالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن بىز مەڭگۈ ئايرىلىمىز، سىز-

دىن ئۆتۈنەي، بۇ بىر سائەت ۋاقتىڭىزنى ماڭا بېرىڭ، مەندىن ھەرگىز ئايرىلماڭ! — دېدى.

ۋاڭ لۇ ئىشىنىڭ سەل چاتاقلىقىنى سەزدى، ئۇ دەرھال:

— مەن سىزنىڭ كېپىڭىزنى بارغانسېرى چۈشىنەلمەيۋاتىمەن، ماڭا ئېنىق ئېيتىڭ، زادى نېمە ئىش يۈز بەردى؟ — دېدى.

ئايگۈل يالۋۇرۇش نەزىرى بىلەن ۋاڭ لۇغا قارىدى، ئۇ قۇچىقىنى ئېچىپ ۋاڭ لۇنىڭ ئۆزىنى باغرىغا بېسىشىنى ئۈمىد قىلدى، ئەمما ۋاڭ لۇ ئولتۇرغان ئورۇندۇقىدىن زادىلا مىدىرلىمىدى.

ئايگۈلنىڭ روھىي ھالىتى ئەسلىگە كەلدى، ئۇ ناھايىتى كەڭ قورساقلىق بىلەن:

— بولدى، مەن سىزنى مەجبۇرلىمايمەن، مەن سىلەرگە ماسلىشاي. ئەمما، ھازىر ۋاقىت كۆپ قالمىدى، پەقەت يېرىم سائەتلا ۋاقىت قالدى. مەن بۇ ۋاقىتتا ئۆزۈمنىڭ ئوقۇش ئارزۇسىدا چەت ئەلگە قانداق چىققانلىقىمنى، ئۇ يەردە قانداق ئالدىنىپ چەت ئەلدىكى بۆلگۈنچىلەر تەشكىلاتىغا قاتنىشىپ قالغانلىقىمنى ھەممە يەنە كىمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن دۆلەتكە قايتىپ كەلگەنلىكىمنى ئېيتىپ بېرىشكە ئۈلگۈرەلمەيمەن. مەن پەقەت تۆۋەندىكى ئىككى ئىشنىلا دەپ بېرەلەيمەن: بىرىنچىسى، مەن ھازىرلا ئىلياس مېھمانسارىيىغا بېرىپ سائەت 8 دە ئالاقىلەشكۈچىمگە مالنى تاپشۇرۇپ بېرىمەن. ئىككىنچىسى، مەن ھازىرلا ئۆلۈپ كېتىمەن. ئۈچ كۈن بۇرۇن ئۇلار مېنىڭ بەدىنىمگە بىئوخىمىيىلىك سۇيۇقلۇقنى ئوكۇل قىلىپ ئۇرغان، ئۇ رەڭسىز، پۇراقسىز بىر خىل سۇيۇقلۇق، ئۇ نەرسە ئادەم بەدىنىگە كىرگۈزۈلسە 72 سائەتتىن كېيىن نامەلۇم بىر ھالدا تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇ ئۆلۈمنىڭ ئاساسىي كېسەللىك ئالامىتى يۇقىرى قىزىتما ۋە نەپەس قىستاش.

ئايگۈل كۆچەپ تۇرۇپ بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى، ۋاڭ لۇ شۇئان ئايگۈلنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ باقتى، دەرۋەقە ئۇنىڭ پېشانىسى ئوتتەك قىزىپ كەتكەنىدى. ۋاڭ لۇ دەرھال:

— جۇڭ باشلىق، چېن ئەترەت باشلىقى، تېز بولۇڭلار ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرايلى، — دەپ ۋارقىرىدى.

ئەمەلىيەتتە جۇڭ چېڭ ياندىكى ئىشخانىدا ئىدى، ئۇ ۋاڭ لۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەرھال كىردى.

ئايگۈل ۋاڭ لۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ، مىننەتدارلىق بىلەن:

— دوختۇرخانىغا ئاپارغانىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق، بۇ چەت ئەلدىكى تېررورلۇق تەشكىلاتى تېخى يېڭىلا تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان يېڭى تىپتىكى بىئوخىمىيىلىك قورال، دوختۇرلار بۇنىڭ سەۋەبىنى ھەرگىز تاپالمايدۇ، ئەمما مەن ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى قولىڭىزنى مۇشۇنداق تۇتۇۋالسام بەك رازى بولىمەن، بەك خۇش بولىمەن، — دېدى.

ئايگۈل ئاجايىپ بىر غەيرىي نەزەر بىلەن ۋاڭ لۇغا قارىدى. ۋاڭ لۇ قىلچە باغرى يۇمشاقلىق قىلماي، قەتئىي ھالدا:

— بولدۇ، بىزنى ئالاقىلىشىدىغان ئادىمىڭىزنىڭ قېشىغا باشلاپ بېرىڭ، — دېدى.

ئايگۈل كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئالدىرىماڭ، مەن سىزگە چوقۇم ياردەم قىلىمەن، — دېدى.

ئەمما، ئايگۈل ئىلياس مېھمانسارىيىغا بارغاندا ھېلىقى سىرلىق چەت ئەللىك ئەر مېھمانخانىنىڭ تازىلىق ئۆيىنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن غىپپىدە تىكىۋەتكەنىدى. چۈنكى، ئۇچىرىشىش ۋاقتى كېلەي دەپ قالغاندا، ئۇ بىردىنلا مېھمانسارايى ئەتراپىدا نۇرغۇن گۇمانلىق ئادەملەرنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئايگۈلدىن چاتاق چىقىپتۇ دەپ ئويلاپ، بىردىنلا نىيىتىنى ئۆزگەرتىپ ھاجەتخانىغا كىرىپ كەتكەن.

ئايگۈل غەربچە تاماقلار زالىغا كىرگەندە بىردىنلا تونۇش بىر گەۋدىنىڭ ھاجەتخانىغا تېز كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى كۆرسەتتى.

ۋاڭ لۇ قاتارلىقلار يۈگۈرۈپ ھاجەتخانىغا كىرگەندە ئۇنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە جۇڭ چېڭ دۆلەتلىك بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋالدى، ئۇنىڭدا چەت ئەللىك بىر

جاسۇسنىڭ چېكىرىدىن ئۆتۈشكە ئۇرۇنۇۋاتقاندا بىز تەرەپتىن تۇتۇل-
غانلىقى، ئۇنىڭ هازىر بىخەتەرلىك تارماقلىرى تەرىپىدىن جىددىي
سوراق قىلىنىۋاتقانلىقى ئېيتىلغانىدى.
ئايگۈل تۈن كېچىدە تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتتى، ئۇ ئىنتايىن
ئازابلىق هالدا ئۆلۈپ كەتتى.

## 5

جەنۇبىي شىنجاڭ ج خ ئىدارىسىنىڭ مەركىزىي ئۇچۇر ئىس-
كىلاتى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى.
بۇ چوڭ ئىش ئاخىر پۈتكەن بولدى. ئەمما ۋاڭ لۇ يەنە بىر
چوڭ ئىشنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى ھەرگىز ئېسىدىن چىقارمى-
غانىدى.
بىرقانچە كۈندىن بۇيان ۋاڭ لۇ ج خ ئىدارىسى بىر تور
بىخەتەرلىك كۇرسى ئاچماقچى دېگەن باهانە بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ
بانكىسىنىڭ كومپيۇتېر باشقۇرغۇچىسى بىلەن دوست بولۇۋالدى،
ئۇ ئاررىقلا يەم ئىشلىتىپ خەير ـ ساخاۋەت فوندى جەمئىيىتىگە
مۇناسىۋەتلىك هېساباتنى مەخپىي بېسىپ چىقىرىۋالدى. ئۇ كېچىچە
هېساباتنى بىرمۇبىر تەھلىل قىلىپ چىقتى. خەير ـ ساخاۋەت
فوندى جەمئىيىتىنىڭ هېساباتى قارىماققا ئىنتايىن ئېنىق بولۇپ
هېچقانداق يوچۇق تاپقىلى بولمايتتى. ئەمما، بەزى غەيرىي ئەھۋال-
لارمۇ بار ئىدى: 1999 ـ يىلىدىن 2000 ـ يىلىغىچە بولغان
ئارىلىقتىكى ھەر بىر ـ ئىككى ئاي ئىچىدە چەت ئەلدىن بۇ
خەيرى ـ ساخاۋەت جەمئىيىتىنىڭ هېساباتىغا پۇل ئەۋەتىلگەن. بۇ
پۇللار ئاز بولغاندا 10 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، كۆپ بولغاندا
20 — 30 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتەتتى. بۇ ئىش ۋاڭ لۇنى
روھلاندۇردى، ئۇ: چەت ئەلدىن بۇ فوندى جەمئىيىتىگە پۇل
ئەۋەتىلىدىكەن، ئۇنداقتا چەت ئەلدىكى كىملەر ئىبراهىم بىلەن
ئالاقە باغلاۋاتىدۇ؟ ئۇ بۇ مەخپىيلىكنى بىلىشكە تولىمۇ تەشنا
ئىدى. ئەمما، هازىر ج خ ئىدارىسى ئۇنىڭ يەنە هېساب تەكشۈرۈ-
شىگە رەسمىيەت چىقىرىپ بېرەلمەيتتى، چۈنكى بۇنداق قىلغاندا

ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن بولاتتى. زادى قانداق قىلىش كېرەك؟

ۋاڭ لۇ بۇ ئىشنى قىلماي ھەرگىز توختىمايتتى، ئۇ بۇ ئىش يۇقىرىغا دوكلات قىلىنىدىغانلا بولسا ئۇلارنىڭ چوقۇم تەستىقلىمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەمما، ئازراق يىپ ئۇچى تېپىلغان تۇرۇقلۇق ئۇنىڭغا ئىز قوغلاپ زەربە بەرمىگەندە پۇرسەت قولدىن كېتىپ قالاتتى. ئۇ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ: ھەممە خىزمەت ئۈچۈن، ناۋادا كۆڭلەردىن بىر كۈنى رەھبەرلىك بىلىپ قېلىپ ماڭا جازا بەرسىمۇ رازىمەن، دەپ ئويلىدى. مۇشۇ ۋاقىتتا، ئۇ ھەممىنى دوغا تىكىش خېسسىياتى بىلەن «قەسكار» بولۇپ تورغا كىرىپ، بۇ ئىشنىڭ سىرىنى ئېچىش نىيىتىگە كەلدى. باشقا ئامال يوق، ئۇ ئىبراھىمنىڭ جىنايەت پاكىتلىرىنى قولغا چۈشۈرۈشى كېرەك ئىدى.

ۋاڭ لۇ كۆپ باش قاتۇرۇپ، نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەردىن كېيىن چەت ئەلدىن ئەۋەتىلگەن پۇلنىڭ ھېسابات جەدۋىلىنى قولغا چۈشۈردى، ئۇ بۇ ھېساباتنىڭ نـومـۇرىنـى ج خ مىنىستىرلىقى يەن ـ تېخنىكا ئۈچۈر مەركىزىدە قورال ـ ياراغ ھەربىي تەلىمچىسى بولۇپ ئىشلەيدىغان ساۋاقدىشىغا مەخپىي ھالدا ئېيتىپ بەردى ۋە ئۇنىڭ خەلقئارا جىنايى ئىشلار تەشكىلاتى ئارقىلىق بۇ پۇللارنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئېنىقلاپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلدى.

ناھايىتى تېزلا قارشى تەرەپتىن جاۋاب كەلدى: بۇ پۇللار چەت ئەلدىكى بىر خەير ـ ساخاۋەت فوندى جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنىدى، يەنى بۇ پۇللار «يەر ئاستى بانكا» ئارقىلىق ئەۋەتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھېسابات جەدۋىلىدىن ھېچقانداق بىر مەسىلىنى تاپقىلى بولمايتتى.

چەت ئەلدىكى يىپ ئۇچى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئەمما ۋاڭ لۇ زادىلا بەل قويۇۋەتمىدى. ئۇ تەكشۈرۈشنى يەنە باشقا بىر مەسىلىگە قاراتتى. ئۇ: بۇ خەير ـ ساخاۋەت فوندى جەمئىيىتىنىڭ مەبلىغىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىشلىتىلىش ئورنى زادى قانداق؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئويلاندى. راستىنىلا ما تيەنمۇ خەۋەر قىلغاندەك مەبلەغلەرنىڭ ھەممىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشىغا ياردەم بېرىشكە ئىشلىتىلدىمۇ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئويلىناتتى، بۇنىڭ جاۋابى تېزلا تېپىلدى، ھېساباتتىكى مەبلەغ بىلەن ئۇنىڭ ئەمەلىي ئىشلە-

تىلىش ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار ئىدى. يەنىمۇ ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئارقىلىق ۋاڭ لۇ شۇنى بايقىدىكى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم مەبلەغ تۈركۈمگە بۆلۈپ يۇسۇپ دېگەن بىر ئادەمنىڭ شىركىتىگە يۆتكەپ بېرىلگەنىدى، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق ۋاڭ لۇ شۇنىڭدىن خەۋەر تاپتىكى، يۇسۇپ ئىبراھىمنىڭ قېيىنىنىسى ئىكەن، ئۇ ئادەتتە ئۇششاق تىجارەت قىلىدىكەن.

ۋاڭ لۇ ئۆزىنىڭ بىر جايدىن بۆسۈش ئېغىزى تاپقانلىقىنى، يەنى بۇ بۆسۈش ئېغىزىنىڭ يۇسۇپنىڭ سودا شىركىتى ئىكەنلىكىنى بىلدى. بۇ سودا شىركىتى بەش يىل ئىلگىرى قۇرۇلغان، ئۇنىڭ تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 500 مىڭ يۈەن ئىكەن. ۋاڭ لۇ ئالاھىدە ۋاستە قوللىنىپ بۇ شىركەتنىڭ ئېلېكترونلۇق ھېساباتىغا كىرگەندە، بۇ شىركەتنىڭ يېقىنقى بىر - ئىككى يىلدىن بۇيان ھېساباتتىكى مەبلىغىنىڭ ئەڭ كۆپ بولغاندا 600 مىڭ يۈەنگە يەتكەنلىكىنى، لېكىن يەنە يېقىنقى بىر - ئىككى ئايدىن بۇيان بۇ مەبلەغنىڭ بىردىنلا 20 مىڭ يۈەنگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى بايقىدى. ۋاڭ لۇ يەنە باج ئىدارىسىگە بېرىپ بۇ شىركەتنىڭ باج تاپشۇرۇش تالونىنىڭ كۆتىكىنى تەكشۈردى، ئۇ تاپشۇرۇلغان باج بىلەن تىجارەت كىرىمى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرقنىڭ بارلىقىنى بايقىدى. «باج قانۇنى» دىكى بەلگىلىمە بويىچە بۇ شىركەت ئۆزىنىڭ تىجارىتى بويىچە ھەر يىلى دۆلەتكە يۈزدە 18 پىرسەنت باج تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى، ۋاڭ لۇ بۇ شىركەت باج ئوغرىلىغان دەپ گۇمان قىلدى.

جۇڭ چېڭ ۋاڭ لۇنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، جىددىي تۇردە:

— سېنىڭ بۇ ھەرىكىتىڭ ئىنتىزامغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغان ھەرىكەت، ئەمما مەن ھازىردىن باشلاپ سېنىڭ بۇ ئىشنى رەسمىي تەكشۈرۈشۈڭنى تەستىقلىدىم. مەن سېنىڭ ئەڭ قىسقا مۇددەت ئىچىدە بۇ پۇللارنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىنى ئۇزۇل - كېسىل ئېنىقلاپ چىقىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى.

# 6

ما تيەنمۇ يۇسۇپ ۋە ئۇنىڭ شىركىتىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ بىنادىن بىر - بىرلەپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئۇزاپ كەتكەنلىكىنى ئېنىق كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا يېنىكلىك بىلەن ھەرىكەت قىلمىدى، ئۇ تاكى پۇتۇنلەي قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاندىن سائىتىگە قاراپ قويۇپ ھەرىكەتلىنىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ ئۆزىنى چوقۇم يېرىم سائەت ئىچىدە يۇسۇپنىڭ سودا شىركىتىدىن خاتىرجەم، تىنچ ھالدا چىقىپ كېتىشىڭ كېرەك، دەپ ئاگاھلاندۇردى.

ما تيەنمۇ ھەممىگە قادىر بولغان ئالاھىدە ئاچقۇچ بىلەن بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى يۇسۇپنىڭ سودا شىركىتىنىڭ ئىشىكىنى ئاستاغىنە ئاچتى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشخانىدىن كەتكىنىگە ئانچە ئۇزاق بولمىغاچقا، ئىشخانىدىن يەنىلا تاماكا ئىسى ۋە تەر پۇرىقى كېلەتتى. ئۇ قولىغا بىر مىكرو قولچىرىغى ئېلىپ، ئايىغىنىڭ تېشىدىن كالاچ ۋە قولىغا رېزىنكە پەلەي كىيىپ، ئاۋۋال ئۆي ئىچىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئاختۇردى. ئەمما، ھېچقانداق بىرغەيرىي يىپ ئۇچىنى بايقىمىدى، ئاندىن ئۇ تېزلىك بىلەن كومپيۇتېرنى ئېچىپ شىركەتنىڭ ھېسابات جەدۋىلىنى تاپقاندىن كېيىن ئۇنى ئالدىنئالا تەييارلاپ ئېلىپ كىرگەن يۇمشاق دىسكىغا تولۇق كۆچۈرۈۋالدى. بۇلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ بىخەتەر ئىشكاپنى ئېچىپ ئۇنىڭدىكى ھېسابات دەپتىرىنى ئېلىپ مۇناسىۋەتلىك بەتلەرنى مىكرو فوتوئاپپارات ئارقىلىق سۈرەتكە تارتىۋالدى.

بىر قارا سايە تام ياقىلاپ ئىنتايىن يېنىك قەدەم بىلەن ما تيەنمۇنىڭ كەينىگە قاراپ كېلىۋاتاتتى، بۇ قارا سايە ھەرىكەتكە ئۆتۈپ ما تيەنمۇنى بويسۇندۇراي دەۋاتقان ئاشۇ پەيتتە، ما تيەنمۇ بىردىنلا ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ قارشى تەرەپنىڭ چاترىقىغا قاتتىق تەپتى، ئەمما ئۇنىڭ پۇتى تەگمەي قالدى، قارشى تەرەپ ئۆزىنى قاچۇرۇۋالدى. ما تيەنمۇ دەرھال ئورنىدىن تۇردى، قارشى تەرەپ ئۆرۈلۈپ كېلىپ ما تيەنمۇنىڭ ئوشۇقى ۋە تىزىغا تېپىپ ئۇنى

يەرگە يىقىتماقچى بولدى. ما تيەنمۇ دەرھال قولىدىكى قولچىرىغى بىلەن ئۇنى ئۇردى، قارشى تەرەپ قولىنى ئۇزىتىپ، ما تيەنمۇنىڭ ياقىسىنى كاپ تۇتۇۋالدى، ما تيەنمۇ دەرھال سول قولى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ قولىنى بېسىۋالدى ھەمدە كەينىگە داجىپ ئۆرۈ-لۈپ ئۇنىڭ قولىنىڭ جەينىكى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ بىلىكىگە ئۇرۇپ ئۇنى سۇندۇرۇۋەتمەكچى بولدى. ما تيەنمۇ مەشىق قىلغاندا ھەر قېتىم مۇشۇ پەمنى ئىشلىتىپ قارشى تەرەپنىڭ قولىغا ئۇراتتى، قارشى تەرەپ قولى ئاغرىپ كەتكەنلىكتىن يېڭىلگىنىگە تەن بېرەتتى. ئەمما بۇ قېتىم ئۇنىڭ بۇ چارىسى ئىشلىمەي قالدى. قارشى تەرەپ چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ جەينىكىنى تۇتۇۋېلىپ يۇقىرىغا كۆتۈرۈۋەتتى ھەمدە ئۇڭ پۇتى بىلەن ما تيەنمۇغا چىماق سېلىپ ئۆزىنىڭ جىنسىي پەرقى بىلەن ما تيەنمۇنى يەرگە يىقىتتى.

ما تيەنمۇ يىقىلىپ يەرگە چۈشەي دېگەن شۇ پەيتتە قارشى تەرەپ ئۇنى يۆلىۋالدى.

بۇ قارا سايە ئەسلىدە ۋاڭ لۇ ئىدى، ئۇ ئاۋازىنى پەسەيتىپ:

— بىزنىڭ ئۇچرىشىش ئۇسۇلىمىز ۋە ئۇچراشقان ئورنىمىز ھەقىقەتەن قالتىس بولدى! — دېدى.

ما تيەنمۇمۇ ۋاڭ لۇنى تونۇدى، ئۇ ئاچچىقلانغان ھالدا ۋاڭ لۇنى ئەيىبلەپ:

— سىز نېمىدەپ كەلدىڭىز؟ مېنى قورقۇتۇۋەتتىڭىز، — دېدى.

ۋاڭ لۇ ئاۋازىنى پەسەيتىپ:

— بۇ مۇشۇنداق قىزىقارلىق ئاجايىپ بىر ئويۇن تۇرسا، نېمىدەپ بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرگۈدەكمەن؟ — دېدى.

— سىز بۇ ئىشقا قىزىقامسىز؟ — دېدى ما تيەنمۇ.

— سىز نېمە ئادەم؟ — ۋاڭ لۇ بۇ سوئالنى سورىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ھەممىنى چۈشەنگەنىدى.

— مەن مۇخبىرغۇ! — دېدى ما تيەنمۇ بىخىرامان ھالدا.

— سىز بايامقىدىن كۆپ تەمكىن بولۇپ قالدىڭىز، ئەمما سىز يەنىلا باشقا نەرسىلەرنى ئاشكارىلاپ قويدىڭىز، — دېدى ۋاڭ لۇ.

— مەن سىزنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىڭىزنى چۈشەنمىدىم، — دېدى ما تيەنمۇ قەستەن.
— سىزنىڭ مىكرو فوتوئاپپاراتىڭىزنىڭ باتارېيىسى تۈگەي دەپ قالدىغۇ دەيمەن، — دېدى ۋاڭ لۇ.
ما تيەنمۇ قۇۋلۇق بىلەن:
— مەن سىزنىڭ باتارېيە ئېلىپ كەلگەنلىكىڭىزگە، ئۇنى ماڭا بېرىپ تۇرىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن، — دېدى.
— سىز نېمىشقا بۇ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىسىز؟ — دېدى ۋاڭ لۇ.
ما تيەنمۇ بىر مۇخبىرغا خاس تەلەپ بىلەن:
— مەن بۇ شىركەتنىڭ ھېساباتىدىن گۇمانلىنىمەن، — دېدى.
— سىزگە بۇ ئىشخانىغا ئوغرىلىقچە كىرىپ سۈرەتكە تارتىش ھوقۇقىنى كىم بەردى، سىزنىڭ خوجايىنىڭىز كىم؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ لۇ.
— مەن بىر ئەھۋالنى ئاشكارىلاشنى ئۈمىد قىلىمەن، مەن يەنە خەۋەرگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى ما تيەنمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن.
ۋاڭ لۇ ما تيەنمۇنىڭ ھازىرغىچە ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۆزىگە ئېيتمىغانلىقىدىن رەنجىدى، ئۇ:
— نېمە ئىش ئىككىمىزنى ئايرىۋەتتى؟ — دەپ سورىدى.
ما تيەنمۇ تەمكىنلىك بىلەن:
— ھەر ئىككىلىمىزنىڭ خىزمىتى، — دەپ جاۋاب بەردى.
— سىزنىڭ چوقۇم ماڭا دېمەيدىغان مەخپىيىتىڭىز بارمۇ؟ — دېدى ۋاڭ لۇ.
— مەن بايا بۇنى سىزگە دەۋېتىشكە تاسلا قالدىم، ئەمما دېمىدىم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەڭگۈ دېمەسلىكىم مۇمكىن، — دېدى ما تيەنمۇ.
— گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، مەن سىزنى ج خ ئىدارىسىگە تاپشۇرۇشقا مەجبۇرمەن، — دېدى ۋاڭ لۇ كەسكىن ھالدا.
ما تيەنمۇ بىرلا سىلكىنىپ ۋاڭ لۇدىن قولىنى ئاجرىتىۋالدى:

— ج خ ئىدارىسىگە ئاپىرىلىدىغان ئادەم يۈسۈپ، ئەگەر سىلەرلا كېچىكىدىغان بولساق ئۇنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن، — دېدى.

— شۇنداق، ئۇ ئالىلىقاچان سىزنى سېزىۋالغان، — دېدى ۋاڭ لۇ قەتئىي ھالدا.

— سىز بۇنى قانداق بىلىسىز؟ — دېدى ما تيەنمۇ ھەيران بولغان ھالدا.

— ئۈچ سائەت ئىلگىرىلا يۈسۈپ بىزنىڭ كونتروللۇقىمىزغا چۈشۈپ بولغان، سىز ھازىر سۈرەتكە تارتىۋالغان ھېساباتنى مەن تېخى ھېلىلا كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈپ قويغان، — دېدى ۋاڭ لۇ.

— سىز قاچاندىن باشلاپ مېنى نازارەت قىلىۋاتاتتىڭىز؟ — دېدى ما تيەنمۇ غەزەپ بىلەن.

ۋاڭ لۇ قىلچە يۈز - خاتىر قىلماي:

— سىز بۇ قېتىم ئاجايىپ بىر ھالدا مەيدانغا چىققاندىن باشلاپ، — دېدى.

ما تيەنمۇ تويۇقسىز دېرىزىنى كۆرسىتىپ:

— ئادەم بار ئىكەن! — دېدى. ئۇ ۋاڭ لۇنىڭ دىققىتى بۆلۈنگەن پەيتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى ئىشىككە ئېتىپ يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ۋاڭ لۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىمىدى.

## 7

يۈسۈپ زادىلا گەپ قىلغىلى ئۇنىمىدى.

— سېنى بۇ يەرگە نېمىشقا چاقىرىپ ئەكەلگىنىمىزنى بىلەمسەن؟ — دېدى يالقۇن.

يۈسۈپ يەنىلا گەپ قىلغىلى ئۇنىمىدى.

— مېنىڭ ماتېماتىكا ساۋاتىم ئانچە ياخشى ئەمەس، بىرقانچە ماتېماتىكا ھېساباتى توغرىسىدا سەندىن تەلىم ئالماقچىمەن، — دېدى يالقۇن ئۇنى مازاق قىلىپ.

يۈسۈپ يالقۇننىڭ سوئالى ئۈستىدە جىددىي ئويلاشقا كىرىشتى.

— سەن جىم تۇرۇۋېلىشقا ھوقۇقلۇق، مەن يەنە داۋاملىق سوئال سوراشقا ھوقۇقلۇق. ساڭا راستىنى ئېيتاي، بىزنىڭ سېنى كۆزىتىپ كېلىۋاتقىنىمىزغا پەقەت بىر - ئىككى يىللا بولمىدى. سەن يىللىق تىجارىتى 1 مىليون 800 مىڭ يۈەن بولغان بىر سودا شىركىتىنىڭ 2000 - يىلى 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ھېساباتىدا بىر دىنلا 600 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ قالغانلىقىنى، ئاندىن كېيىن بىرقانچە كۈن ئۆتمەيلا بۇ پۇلنىڭ يەنە سىرلىق ھالدا يوقاپ كەتكەن-لىكىنى ئېيتىپ بېرەلەمسەن؟ بۇ پۇلنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى، يەنە بۇ پۇلنى كىمنىڭ ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرە - لەمسەن؟ — دەپ سورىدى يالقۇن ئالدىرىماي.

يۈسۈپنىڭ پېشانىسىدىن تەر چىقىشقا باشلىدى.

— بىزنىڭ تەكشۈرۈشىمىزچە، بۇ نورمالسىز مەبلەغ چەت ئەلدىن كىرگەن، قىزىق يېرى شۇكى، سېنىڭ شىركىتىڭنىڭ چەت ئەلدە مۇنداق كۆپ سوممىلىق تىجارەت پائالىيىتى يوق، دۆلەت ئىچىدىمۇ مۇنداق كۆپ سوممىلىق تىجارەت ئېلىپ بېرىلمى-غان، يەنى بۇ پۇلنىڭ كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس ، ئىشلىتى-لىش ئورنىمۇ ئېنىق ئەمەس، سەن بۇنى ماڭا چۈشەندۈرۈپ بېرە - لەمسەن؟ — دەپ سورىدى.

يۈسۈپ يەنىلا گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى، ئەمما يالقۇن سوئالنى سوراۋەردى:

— بوپتۇ، مەن سېنىڭ بۇ مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە ئىشلىتىلىش ئورنىنى تەكشۈرمىگەنمۇ بولاي، سەن ماڭا شۇلار-نى ھېسابلاپ بەر، سېنىڭ ھېساباتىڭغا كىرگەن 600 مىڭ يۈەنگە باج تاپشۇرۇش توغرا كەلسە ئۇ باج قانچىلىك بولىدۇ؟ ئېلىمىزنىڭ 1995 - يىلىدىكى «يېڭى جىنايى ئىشلار قانۇنى» دىكى بەلگىلىمە بويىچە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باجنىڭ 10 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئوغرىلىغان يەنى باج ئوغرىلاش سوممىسى 100 مىڭ يۈەندىن ئاشقانلارغا مۇددەتلىك ئۈچ يىللىق قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، 300 مىڭ يۈەندىن ئاشقانلارغا يەتتە يىللىقتىن تۆۋەن قاماق جازاسى بېرىلىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. «باج قانۇنى» دىكى يۈزدە 18 پىر-سەنت باج تاپشۇرۇش نىسبىتى بويىچە سېنىڭ شىركىتىڭ دۆلەتكە

128 مىڭ يۈەن باج تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ئىكەن، ئەمما سەن بۇ باجنى تاپشۇرمىغان، دېمەك سەن باج ئوغرىلىغان.

يۈسۈپنىڭ پېشانىسىدىن ئاققان تەرلەر مەڭزىنى بويلاپ يەرگە چۈشتى.

يالقۇن ئۇنىڭغا بىر ئىستاكان چاي ئۇزاتتى، ئارقىدىن ئايگۈلنىڭ رەسىمىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ:

— ئۇ قىزنى تونۇمسەن؟ ئۇنىڭ سېنىڭ يېزنەڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يامان ئەمەسقۇ دەيمەن؟ — دېدى.

يۈسۈپ چۆچۈپ كېتىپ:

— ئۇلارنىڭ ئىشىنى مەن بىلمەيمەن، — دېدى.

يالقۇن يەنە ما تيەنمۇنىڭ رەسىمىنى يۈسۈپكە كۆرسەتتى ۋە:

— ئۇمۇ سېنىڭ يېزنەڭنىڭ ئۆيىگە بارغانغۇ دەيمەن، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ ھېلىقى مۇخبىرغۇ؟ — دېدى يۈسۈپ غەزەپ بىلەن.

— جىددىيلەشمە، ئاۋۋال چاي ئىچ، چاي ئىچكەچ ئويدان ئويلان، بەلكىم بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن ئېسىڭگە كەلگەن نەرسىلەرنى ماڭا دەپ بېرەرسەن. ئەگەر يەنىلا بىزگە ماسلاشمايدىغان بولساڭ، بىز ساڭا يالغانچىلىقنى تەكشۈرۈش ئاپپاراتىنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولىمىز، ئەگەر سەن تاپشۇرۇشنى خالىمىساڭ بۇ تەس، سېنىڭ تاپشۇرمايمەن دېيىشىڭ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش، — دېدى يالقۇن.

# يىگىرمە بىرىنچى باب

## 1

قۇربان شۆجىنىڭ ھويلىسى ناھايىتى چوڭ ئىدى. ئۇ جەنۇبقا قارايدىغان ئوتتۇرىدىكى ئۆيدە تۇراتتى، ئۇنىڭ ئوغلى ئۈچەيلەن شەرق تەرەپتىكى ئۆيدە تۇراتتى. قۇربان شۆجىنىڭ بەش قىز بىر ئوغلى بولۇپ، قىزلىرىنىڭ ھەممىسى ياتلىق بولۇپ چىقىپ كەت- كەن، كىچىك ئوغلى ئۆزى بىلەن بىللە تۇراتتى، بۇ بىر ئىناق چوڭ ئائىلە ئىدى.

قۇربان شۆجى خېلى قاراڭغۇ چۈشكەندە سىرتتىن قايتىپ كەلدى، تېررورچىلار قۇملۇقتا ئۇنى ئورۇپ ئايلاندۇرۇۋەتكەن، ھەم سوغۇق كېچىدە بىر كېچە باغلاپ قويغاندىن بۇيان قۇربان شۆجىنىڭ بوغۇم ياللۇغى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى، مەيلى ھاۋا قانچە ئىسسىق بولۇشتىن قەتئىينەزەر يۇڭ توقۇلما ئىشتان كىيىپ تىزىنى يۆگەپ يۈرەتتى. ئۇ ۋاڭ لۇ بىلەن ئەلىدىن سىلەر- نىڭمۇ ئۇستىخانلىرىڭلار ئاغرىمىدۇ دەپ سورىغانىدى. ئۇلار ھەر قېتىم ھاۋا ئۆزگەرسىلا بەدىنىنىڭ قاتتىق ئاغرىيدىغانلىقىنى، بۇ ئاغرىقنى پەقەت بەدىنى ئاغرىيدىغان ئادەملەرلا بىلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

گۈللۈك ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن، تەمبەل كەلگەن دىلبەر ئېرىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۇنىڭغا:

— تاماق يەيلى، نەۋرىمىز قورسىقىم ئېچىپ كەتتى دېگىلى خېلى بولدى! — دېدى.

— قۇربان شۆجى نەۋرىسىنى قۇچىقىغا ئېلىپ:

— قورسىقىڭ ئېچىپ كەتكەن بولسا تاماقنى يەۋەرسەڭ بول- مامدۇ؟ ئەركەك دېگەن قورسىقى ئاچسىلا تاماق يېيىشى كېرەك، مېنى ساقلىمىساڭمۇ بولاتتىڭغۇ! — دېدى.

بىر ئائىلە كىشىلىرى راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن قۇربان شوجى مۈگدەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئايالى دىلبەر:

— توختاڭ، ئىسسىق سۇ ئەكېلىپ بېرەي، پۇتىڭىزنى يۇيۇۋېلىڭ، بەل ۋە پۇتلىرىڭىز راھەتلىنىپ قالىدۇ، — دېدى.

ئوغلىنىڭ ئۆيىنىڭ چىرىغى ئۆچتى.

قۇربان شوجى تېخىچە پۇتىنى يۇيۇۋاتاتتى، دىلبەر ئۇنىڭغا ياردەملەشكەچ ئىچ ئاغرىتقان ھالدا:

— بەدىنىڭىز ھازىر مۇنچە ئاغرىسا كېيىنچە قانداق قىلارمىز، — دېدى.

— سەن بار ئەمەسمۇ، نېمىدىن قورقاتتىم، — دېدى قۇربان شوجى.

قۇربان شوجى پۇتىنى يۇيۇۋاتقان چاغدا يۈزىگە نىقاب تارتىۋالغان ئۈچ كىشى قۇربان شوجىنىڭ ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە يامىشىپ چىقتى، يۈزىگە نىقاب تارتقان يەنە ئۈچ كىشى قۇربان شوجىنىڭ ئوغلىنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكى تۈۋىگە كەلدى، يەنە ئۈچ نىقابلىق كىشى قۇربان شوجىنىڭ دەرۋازىسى يېنىغا كېلىپ جايلاشتى.

پۇتىنى يۇيۇۋاتقان قۇربان شوجى بىر شەپىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. ئۇ ئايالىغا:

— ئۆگزىدىن بىر شەپە كېلىۋاتامدۇ نېمە؟ — دېدى.

دىلبەر بىردەم تىڭشاپ تۇرۇپ:

— شامال چىقىۋېتىپتۇ، — دېدى.

بىر ئەرباب ئەر - ئاياللارنىڭ گېپى ئۆمۈر بويى تۈگىمەيدۇ دېگەنىكەن. نەچچە ئون يىل بىرگە ئۆتكەن بۇ ھەمراھلار سۆزىنى تۈگەتكەندە تۈگۈلۈكتىن بىر قارا نەرسە جاق قىلىپ يەرگە چۈشتى، ئۇلار بۇ نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تېخى ئېنىق كۆرۈشكە ئۈلگۈرمەيلا ئۇ نەرسە قۇربان شوجى بىلەن ئايالىنىڭ ئوتتۇرىسىدا «گۇم» لا قىلىپ پارتلىدى.

پارتلاش ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قۇربان شوجىنىڭ ئوغلى دەرھال ئۇخلاپ ياتقان ئايالىنى ئويغىتىپ:

— تېز ئورنۇڭدىن تۇر، ھويلىدىن گۈمبۈرلىگەن بىر ئاۋاز

چىقتى! — دېدى ۋە يالاڭ ئاياغ ھالدا سەكرەپ يەرگە چۈشۈپ چىراغنى يېقىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ئىشىكتىن چىقتى.

ئىشىك تۈۋىدە ساقلاپ تۇرغان ئۈچ نىقابلىق كىشى ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنىڭغا پىچاق سالدى.

— سىلەر كىم؟ نېمىشقا بىزنى ئۆلتۈرمەكچى بولد. سىلەر؟ — دەپ سورىدى قۇربان شۇجىنىڭ ئوغلى ئاغرىقتىن ۋارقىراپ تۇرۇپ ئايالىغا:

— قەلبىنۇر، تېز يۈگۈر، ساقچىلارغا خەۋەر قىل! — دېدى.

نىقابلىق كىشىلەرنىڭ دىققىتى بۆلۈنگەن پەيتتىن پايدىلىنىپ قۇربان شۇجىنىڭ ئوغلى يەردىن سەكرەپ تۇرۇپ دەرۋازىغا قاراپ ئېتىلدى، ئەمما دەرۋازىدا ساقلاپ تۇرغان ئۈچ نىقابلىق كىشى ئۇنى توسۇۋالدى. ئۇ ھويلىدا بىر شوتا بارلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ قور-شاۋنى بۆسۈپ چىقىپ، ھويلىنىڭ بۇرجىكىگە يۈگۈرۈپ باردى - دە، شوتىنى ئۆگزىگە قويدى ھەمدە جېنىنىڭ بارىچە شوتىغا ياماش-تى. ئەمما ئۇ شوتىغا بىرقانچە بالداق چىقمايلا قوغلاپ كەلگەن كىشىلەر شوتىنى ئۆرۈۋەتتى. ئۇلار قۇربان شۇجىنىڭ ئوغلىنى تۇتۇۋېلىپ بېشى ۋە يۈزلىرىگە پىچاق سېلىشقا باشلىدى. نىقابلىق كىشىلەر ئۇنىڭغا 50 نەچچە پىچاق سېلىپ ئاندىن توختىدى. قۇر-بان شۇجىنىڭ كېلىنى قەلبىنۇر دەرۋازىغا يۈگۈرۈپ چىقتى، ئەمما دەرۋازىدىكى كىشىلەر ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭغا 40 نەچچە پىچاق سالدى. قەلبىنۇر ئېرىنىڭ ئارقىسىدىن جان ئۈزدى.

قۇربان شۇجىنىڭ كىچىك نەۋرىسى ئۇخلاپ ياتقان جايدىلا پىچاق سېلىپ ئۆلتۈرۈلدى.

بۇ نىقابلىق كىشىلەر كېچە قاراڭغۇلۇقىدا غىپپىدە قېچىپ كېتىشتى.

## 2

قۇربان شۇجىنىڭ ئائىلىسىدىكى بەشەيلەننىڭ جەستىنى قوشنىلار ھويلىدىكى سۇپا ئۈستىگە تىزىپ قويدى، بىر يەردە قاتار

تىزىپ قويۇلغان بۇ جەسەتلەر رازۋېدكىچىلارنىڭ يۈرىكىدىكى بىر يارا بولۇپ قالدى.

كەنتتىكى ئىمام كېلىپ مېيىتلارنى يۇدى. قۇربان شۇجىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە ئەترەتتىكىلەر ھەسرەت بىلەن كۆز يېشى قىلىشتى. مېيىتلار كېپەنگە ئېلىندى، ئۆلگەنلەر بىلەن ھاياتلارنى مانا مۇشۇ ئاق كېپەن ئايرىپ تۇراتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياش قۇربان شۇجىنىڭ ھويلىسىغا تۆكۈلۈپ ئۆلگەنلەرنىڭ قېنى بىلەن بىرلىشىپ كەتتى.

ۋاڭ لۇ «قارا يولۋاس» ناملىق ئاپشاركىنى ئېلىپ كېلىپ قۇربان شۇجىنىڭ ھويلىسىنى پۇراتتى. «قارا يولۋاس» قۇرۇم تېغى چېگرا مۇداپىئە قىسمىدا ئۈچ يىل ئۆگىتىلگەن، ئۇنىڭ ھازىرقى يېڭى ئىگىسى ۋاڭ لۇ ئىدى.

ۋاڭ لۇ ئۆلگۈچىنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ چىرايىدىكى قايغۇ - ھەسرەتلەرنىڭ باشقىلارنى تېخىمۇ ئازابلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم مۇنداق پاجىئەلىك ئەھۋالغا دۇچ كېلىشى ئىدى. بىر مەھەل ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى ئىلگىرىكى ئازادىلىك، خاتىرجەملىكلەر يوقىلىپ، قەلبىنى قايغۇ - ھەسرەت چۇلغىۋال-دى، شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ تىنىقلىرىمۇ ناھايىتى ئېغىر چىقاتتى. مۇشۇ پەيتتە ئۇنىڭ پىسخىك يېشى بىردىنلا بىرنەچچە ياش ئۆسۈپ كەتتى، ئۇ ئۆزىدە ئىلگىرى زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ھېسسى-يات بىلەن بېشىنى سىلىپ، ئۇن دېمەي چېپىشىپ يۈرگەن يالقۇن ۋە ئەلىگە نەزەر سالاتتى. ئۇنىڭ بېرىپ ئۇلارنى قۇچاقلىغۇسى، ئۇلارغا تەسەللى بەرگۇسى كېلەتتى، يالقۇن ئىشكىنىڭ كېشىكىدى-كى قان ئىزلىرىنى سۈرەتكە تارتىۋالدى، ئۇ كونا رازۋېدكىچى ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى يوشۇرۇشنى، ھېسسىياتىنى بې-سىۋېلىشنى بىلەتتى، قارىماققا ئۇنىڭدا ئىنتايىن بەك ئازابلانغان ھالەت كۆرۈنمەيتتى، چۈنكى ئەتراپتا ئۇلىشىپ تۇرغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كۆزلىرى ئۇلاردا ئىدى.

ئەلى بىلەن ما جيەنجۇڭ قۇربان شۇجىنىڭ ياتاق ئۆيىدە بىر ھازارغىچە پارتلاشتىن قالغان نەرسىلەرنى تەردى. ئەلىنىڭ بىر تۇتام بۇدۇر چېچى پېشانىسىگە چۈشۈپ ئۇنىڭ كۆزىنى توسۇۋالغاند-

دى، شۇڭا ۋاڭ لۇ ئەلىنىڭ ھازىر يىغلاۋاتقان ياكى يىغلىمىغانلىقىنى كۆرەلمىدى.

جۇڭ چېڭ ھويلىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى، ئارقىدىن يەنە ئۆيگە كىردى، يەنە سىرتقا چىقتى. ئۇنىڭ چىرايىنى قايغۇ قاپلىغان، زادىلا ئېچىلمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى غەزەپتىن قاتتىق سوقاتتى، ئۇنىڭ قاتتىق سوقۇۋاتقان يۈرىكىنى باشقىلار تۇيمايتتى، پەقەت ئۇ ئۆزىلا بىلەتتى. خېلى ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ يەنە قۇربان شۈجىنىڭ مېيىتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بۇ كونا سەپدىشى بىلەن ئاخىرقى قېتىم خوشلاشتى.

جۇڭ چېڭ قۇربان شۈجىنىڭ ئۆيىدىن سۈكۈت ئىچىدە يېنىپ چىقتى، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ پەيتتە نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەتتى، ئۇ ھەرگىز بىر سۆيۈملۈك دوستىدىن ئايرىلغان بىلەن گاڭگىراپ قالمىدى. ئەكسىچە، ئۇنىڭ كاللىسى تېخىمۇ سەگەكلەشتى. ئۇ دەرھال رازۋېدكا قىلىش، دېلونى پاش قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ۋەھشىي قاتىللارنى تېزدىن تۇتۇشى كېرەك ئىدى. ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان جۇڭ چېڭ بۇ قېتىملىق قانلىق پاجىئەنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇ ۋەقەنىڭ ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى بىر قاتىللىق دېلوسى ئەمەسلىكىنى ئىنتايىن ئېنىق چۈشەندى. يېزىدىكى ھەرقايسى كەنتلەردە نۇرغۇن شۈجىلار بار، قاتىللار نېمىشقا قۇربان شۈجىنىڭ ئائىلىسىگە زەھەرلىك قولىنى سوزدى؟ ئۇلارنىڭ چوقۇم سىياسىي مەقسىتى بار ئىدى. ئۇ غەزىپىنى باسالمىغان ھالدا: بىز نېمە ئۈچۈن كېچىكىپ قالدۇق؟ دەپ ئويلىدى. ئۇ «قارا بۇركۈت» نىڭ تۇتۇق چىرايىنىڭ نامەلۇم بىر قاراڭغۇ جايدا مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىنىدا غەزىپى تېخىمۇ قايناپ تاشتى.

جۇڭ چېڭ ۋاڭ لۇنىڭ قاچانلادىكىن ئۆزىنىڭ يېنىغا كەلگەنلىكىنى بىلەلمىدى.

جۇڭ چېڭ قەلبىدىكى قايغۇ ـ ھەسرەتنى زورىغا بېسىپ:

— مەن بۈگۈن بۇ يەرگە قۇربان شۈجى بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن كەلدىم، — دېدى.

— سىز دوستلۇقنى ھەقىقەتەن قەدىرلەيدىكەنسىز، — دې-

دى ۋاڭ لۇ خورسىنىپ.

— يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مېنىڭ خىزمەتتە بەزى نەتىجە-لەرنى قولغا كەلتۈرۈشۈم ئاساسەن قۇربان شۇجىدەك مۇشۇنداق ياخشى قېرىنداشلارنىڭ قوللىشىدىن بولغان، مەن ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇشقا كەلدىم، — دېدى جۇڭ چېڭ ۋە — ماڭايلى! — دەپ خىتاب قىلدى.

ۋاڭ لۇ ئاخىرقى قېتىم قۇربان شۇجىنىڭ ئۆيىگە نەزەر سال-دى، رازۋېدكىچىلارغا قوي سويۇپ بەرگەن ئاشۇ قىزغىن قۇربان تاغا ئەمدى يوق ئىدى. قۇربان شۇجىنىڭ رازۋېدكىچىلارنىڭ ماشى-نىسىغا ئانار شەربىتىنى قويۇپ قويغان ئوغلىمۇ ئەمدى يوق ئىدى، ھېلىقى چېچەن، ئوماق، ئەقىللىق، شۇنداق چىرايلىق ئۇسسۇل ئوينايدىغان بالىمۇ ئەمدى مەڭگۈ بۇ دۇنيادىن خوشلاشقانىدى؛ راز-ۋېدكىچىلارغا ئوخشىتىپ لەڭمەن ئېتىپ بەرگەن دىلبەر ھەدە ۋە ئۇنىڭ كېلىنىمۇ ئەمدى يوق ئىدى.

ۋاڭ لۇنىڭ قەلبى قايغۇ - ھەسرەتكە چۆمدى، ئەمما ئۇ يەنىلا مۇشۇنداق قايغۇرۇپ يۈرىۋېرەلمەيتتى. ئۇ ھېسسىياتىنى تەڭشىۋال-دى - دە، ئالدىدا كەتكەن سەپداشلىرىغا يېتىشىۋالدى. شۇ تاپتا ئۇ بىر قازاق ئاقىنىنىڭ ئۆزى ۋە ما تيەنمۇغا دومبىرا چېلىپ ئېيتىپ بەرگەن بىر ناخشىسىنى ئېسىگە ئالدى:

كېلىپ قالدى دۇشمەنلەر سېپىل ئالدىغا،
ئىچەيلى تېز ھاراقنى كەتمىسۇن پۇرسەت بىكارغا.
قېرىنداشلارنىڭ جەسىتىنى كۆمۈپ كىرەيلى جەڭگە تەڭلا،
ئۆلسەك ئەگەر شېھىت بولۇپ، كېتىمىز بۇ دۇنيادىن پەقەتلا.

## 3

جۇڭ چېڭ دېلونى رازۋېدكا قىلىش قوماندانلىق شتابىنى ئىگەرچى يېزىلىق ھۆكۈمەت بىناسى ئىچىگە قۇرۇشنى قارار قىل-دى، ئەتراپىنىكى سەككىز كەنتنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ تەكشۈرۈش دائىرىسىدە ئىدى. جۇڭ چېڭ رازۋېدكا قىلىش يۆنىلىشىنى ناھايى-تى ئاددىي، ئىخچام ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ چېن دامونى رازۋېدكىچى-

لارنى ئېلىپ بۆلۈنۈپ يىپ ئۆچى ئىزدەشكە ئەۋەتتى، ئۆزى سىگ-
نال كۆچلۈك بىر جاينى تاللاپ قول تېلېفونى بىلەن جەنۇبىي
شىنجاڭ پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋەن مىڭغا دوكلات قىلدى.

ۋەن مىڭ شۇجى پارتىيە مەكتەپتىكى ئۆگىنىشىنى توختىتىپ
قايتىپ كەلگەنىدى، ئۇ جۇڭ چېڭنىڭ تېلېفونىنى ئالغاندىن كېيىن
ئۇنىڭغا تاپىلاپ:

— جۇڭ چېڭ، بولىدىغان ئىش بوپتۇ، ئەمدى ئالدىراقساند-
لىق قىلماڭلار، نۆۋەتتىكى خىزمىتىمىز مۇمكىنقەدەر تېزلىك بى-
لەن بۇ دېلونى پاش قىلىش. مېنىڭ ياردىمىم كېرەك بولسائېيتى-
ۋېرىڭلار، مەن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ياردەملىشىمەن، — دېدى.

ۋەن مىڭ شۇجى جۇڭ چېڭ بىلەن خىزمەتتە بىر - بىرىگە
ناھايىتى ئوبدان ماسلاشتى.

— مەن قۇربان شۇجىلارنى ئۆلتۈرگەن قاتىللار يىراقتا كەت-
مىدى دەپ قارايمەن، چۈنكى بۇ ئەتراپنىڭ ھەممىسى قۇملۇق ۋە
شورلۇق، ئۇلار نەگىمۇ قېچىپ كېتەلەيتتى؟ مەن ئىگەرچى يېزى-
سىدا بىرقانچە كۈن ئارتۇق تۇرۇپ يىپ ئۇچى تاپايلى دەپ قاراي -
مەن، — دېدى جۇڭ چېڭ.

— نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر دېلونى تېز پاش قىلىش
كېرەك، — دېدى ۋەن مىڭ شۇجى.

— سىز مېنىڭ بۇ جەھەتتە ئىنتايىن قەتئىي ئىكەنلىكىمنى
بىلىسىز، — دېدى جۇڭ چېڭ.

— سىز دادىللىق بىلەن خاتىرجەم ئىشلەۋېرىڭ، — دېدى
ۋەن مىڭ شۇجى.

رازۋېدكىچىلار چۆشكىچە ھەر تەرەپلەرگە چېپىپ بەزى ئەھ-
ۋاللارنى ئىگىلەپ كەلدى، ئەمما بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىملىرى يوق
ئىدى. چېن دامو باشلاپ چىقىپ كەتكەن كىشىلەر ئىككى -
ئۈچتىن بولۇپ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ قورۇسىغا قايتىپ كەلدى،
كۆپچىلىكنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى جىددىي ئىدى، ناھايىتى
تىت - تىت بولۇشۇۋاتتى. چېن دامو قايتىپ كېلىپلا جۇڭ چېڭغا
ئەھۋال ئىگىلەش، تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى.

چۈش بولۇپ قالغانىدى، ئۇلار ئىگەرچى يېزىسىدىكى بىر

مۇسۇلمانلار ئاشخانىسىغا پولۇ يېگىلى كىردى.

ئاشخانىنىڭ خوجايىنى ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئەر بولۇپ، ئۇ مۆرىسىگە لۆڭگە ئارتىۋالغان، بېشىغا كۆك سىزىقلىق ئاق شاپاق دوپپا كىيىۋالغان، ناھايىتى قىزىقچى ئادەمدەك كۆرۈنەتتى، ئۇ جوۋ چېڭلارنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى، ئارقىدىن گۇلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا غۇلچىنى كېرىپ:

— ھوي، قەدىناس ئاغىنىلەر، سىلەرنى قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى، ھە، ھە، ئولتۇرۇڭلار، — دېدى.

جوۋ چېڭمۇ قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ:

— يېقىندىن بۇيان ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

خوجايىن يەنە بايىقىدەكلا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ھە، ھە، سىزنىڭ دۆلىتىڭىزدە، يامان ئەمەس! — دېدى.

ئۇ قولىدا پەتنۇس كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان ئوغلىنى چاقىردى، ئاندىن مەمنۇن بولغان ھالدا باشمالتىقىنى چىقىرىپ:

— قاراڭ، بۇ مېنىڭ ئوغلۇم، 17 ياشقا كىردى، مەن بىلەن بىللە ئاشخانا ئېچىۋاتىدۇ، — دېدى.

ياش يىگىت تارتىنغان ھالدا جوۋ چېڭغا قاراپ كۈلدى. جوۋ چېڭ ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ:

— ئوبدان ئىشلەپ كۆپ پۇل تېپىڭلار، — دېدى.

— رەھمەت، رەھمەت، قېنى نېمە يېگۈڭلار بار؟ — دېدى خوجايىن دەرھال.

— ھە قېنى، بىرەيلەنگە بىر پارچىدىن گۆش بېسىپ پولۇ كەلتۈرۈڭ، — دېدى.

— ھە، مەن مېھمان قىلىمەن، يەنە ھەربىرەيلەنگە بىر كىشلىكتىن پېتىر مانتا كەلتۈرۈڭلار، مانتا بەك ئوخشىدى، — دېدى ئاشخانا خوجايىنى قىزغىنلىق بىلەن.

خوجايىن جوۋ چېڭنىڭ قوشۇلۇش - قوشۇلماسلىقىغا قارىمايلا ئۇدۇل ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.

جوۋ چېڭنىڭ بۇ ئائىلە كىشىلىرى بىلەن ئەھۋاللىشىپلا كەت-

كىمنىنى كۆرگەن باشقىلار ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قىلىشتى، مۇشۇ كىچىككىنە يەردىمۇ جۇڭ چېچەكنىڭ تونۇشى بارلىقى ئۇلارنىڭ خىيا- لىغىمۇ كەلمىگەنىدى. ئاشخانا خوجايىنى ئىچكىرىدىن چىقتى، ئۇ جۇڭ چېچەكنىڭ مۆرىسىگە ئۇرۇپ ئۆزىنىڭ كېيىپى بارلىقىنى ئۇقتۇر- دى، جۇڭ چېڭ خوجايىن بىلەن سىرتقا چىقتى. ئاشخانا خوجايىنى 10 نەچچە مىنۇت ئىلگىرى ئاشخانامىغا بىرقانچە ياش كىردى، ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتى باشقىچىلا تۇرىدۇ. ئۇلار ئاشخانىغا كىر- گەندىن كېيىن زادىلا گەپ قىلىشمىدى، قارىغاندا بىر - بىرى بىلەن تونۇشمايدىغاندەك قىلىدۇ، تاماقنىمۇ ئىنتايىن غەمكىن بىر كەيپىياتتا يېيىشتى، تاماقنى يەپ بولۇپلا چىقىپ كېتىشتى، — دېدى.

جۇڭ چېڭ دەرھال:

— ئۇلار قاياققا كەتتى؟ — دېدى. ئاشخانا خوجايىنى بېشى- نى چايقىدى:

— كۆرمەي قاپتىمەن.

— كېلەر قېتىم يەنە پولو يېگىلى ئاشخانىڭىزغا كىرد - مىز! — دېدى جۇڭ چېڭ.

جۇڭ چېچەكنىڭ بىر كۆز ئىشارىسى بىلەن باشقىلار ھېچقانداق گەپ سورىمىدى، ئۇلار بىراقلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشخانىدىن چى- قىپ كەتتى.

ئاشخانىدىن چىققاندىن كېيىن جۇڭ چېڭ:

— بۇ ئاشخانىنىڭ خوجايىنى 10 نەچچە يىل ئىلگىرى زەھەر ئەتكەسچىلىكىگە چېتىلىپ قالغانىكەن، ئۇ باشقىلارغا ئالدىنىپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ گۇناھىنى تونۇش پوزىتسىيىسى ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن مەن ئۇنىڭغا گۇناھىنى يۇيۇپ خىزمەت كۆرستىش پۇرسىتى بەرگەنىدىم. ئۇ ئىرادىلىك ئادەم ئىكەن، ئۇزۇن ئۆتمەي ج خ ئورگانلىرىغا ياردەملىشىپ بىر زور زەھەر ئەتكەسچىلىكى دېلوسىنى پاش قىلىشقا ياردەملەشتى. كېيىن مەن ئۇنىڭ بىر كىچىك دۇكان ئېچىۋېلىشىغا ياردەم بەردىم، ئۇ ئازراق پۇل تاپقاندىن كېيىن ئەمدى بۇ ئاشخانىنى ئېچىۋېتىپتۇ، — دېدى ۋە — ئەگەر مېنىڭ تەھلىلىم خاتا بولمىغان بولسا بايا خوجايىن

ئېيتقان كىشىلەرنىڭ چوقۇم قۇربان شۆجىنىڭ قەستكە ئۇچراش دېلوسى بىلەن مۇناسىۋىتى بار، — دەپ قوشۇپ قويىدى.

جوڭ چېڭ دەرھال ۋەزىپە ئورۇنلاشتۇردى:

— چېن دامو، سەن يالقۇن قاتارلىقلارنى ئېلىپ دەرھال كەنت ئاغزىغا بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەڭلار، بىز ھازىرلا يېزىلىق ھۆكۈمەتكە قايتىپ كۆرەشكە تەييارلىنايلى.

چېن دامو بىلەن يالقۇن قوراللىرىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن كەنت بېشىغا كەتتى.

ئەلى ناۋايخانىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ بىرقانچە نان ئەكەلدى، كۆپچىلىك قايناق سۇ بىلەن نان يېيىشكە باشلىدى. ئۇلار چاي ئىچىۋاتقاندا بىر دىنلا كەنت تەرەپتىن ئىككى پاي ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئوق ئاۋازى بىلەن تەڭ قىيا - چىيا ئاۋازلار كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ چوڭ كەنتتە بۇ ئاۋازلار ۋە قىيا - چىيالار كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتالمىدى، ئەمما رازۋېدكىچىلار دەرھال بۇنى پەرق ئېتەلىدى. جوڭ چېڭ دەرھال ھۆكۈم چىقىرىپ:

— بولمىدى چاتاق چىقىپتۇ! — دېدى.

جوڭ چېڭ دەرھال ئورۇنلاشتۇردى:

— ۋاڭ لۇ، سەن تېز بېرىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇقۇپ كەل، باشقىلار مەن بىلەن مۇشۇ يەردە خەۋەر كۈتىسىلەر، قالايمىقان ھەرىكەت قىلىشقا بولمايدۇ.

جوڭ چېڭ قالايمىقان ھەرىــكــەت قىلىشقــا بولمايدۇ دېگەچكە ما جيەنجوڭ تىتىلدىغىنىدىن ھويلىدا ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى، ئەمما ئەلى ناھايىتى خاتىرجەم كۆرۈنەتتى، ئۇ يالغاندىن خاتىرجەم قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ئىسقىرتىۋاتاتتى، ئەمما ئۇنىڭ كۆزى كەنتكە ماڭىدىغان يولغا تىكىلگەنىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاڭ لۇ ھاسىرەپ - ھۆمۈدىگەن ھالدا قايتىپ كەلدى. ئۇ جوڭ چېڭغا:

— ئــەترەت باشلىقــى چېن دامــو ئــۇلارنى قــوغــلاپ كېتىپتۇ، — دېدى.

ئەسلىدە جوڭ چېڭلار چىقىپ كېتىشكىلا ھېلىقى ئاشخانىنىڭ خوجايىنى ئۆزى كەنتنىڭ ئۇ بېشىغا يۈگۈرۈپ بارغان، ئۇ يەنە بىر

قېتىم خىزمەت كۆرسىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشمەكچى بولغان ئى-
كەن، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ھېلىقى بىرقانچە كىشىنى يىراقتىن
كۆرگەن، ئۇ كىشىلەر ئارقىدىن كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلى-
غاندىن كېيىن ئالدىغا قاراپ بەدەر قاچقان، دەل شۇ چاغدا ساقچى-
خانىنىڭ بىر ساقچىسى كېلىپ قالغان، ئاشخانا خوجايىنى ئالدىدا
قېچىپ كېتىۋاتقان كىشىلەردە بىر مەسىلە بارلىقىنى، ئىدارە باش-
لىقى جۇڭ چېڭنىڭ ئۇلارنىڭ سالاھىيىتىنى ئېنىقلاش توغرىسىدا
كۆرسەتمە بەرگەنلىكىنى ئېيتقان، شۇنىڭ بىلەن ساقچى ئاشخانا
خوجايىنى بىلەن بىللە ئۇ كىشىلەرنى قوغلىغان، ئەمما ئۇ كىشىلەر
ناھايىتى تېز يۈگۈرۈپ قېچىپ كەتكەن. ساقچىخانىنىڭ ساقچىسى
ئۆزىنىڭ كەسپىي سەزگۈرلۈكى بىلەن قېچىپ كېتىۋاتقان ئۇ كى-
شىلەردە چوقۇم بىر مەسىلە بارلىقىنى تونۇپ يېتىپ قوغلىغاچ
ئاسمانغا قارىتىپ ئوق چىقىرىپ سىگنال بەرگەن. ساقچى ئاشخانا
خوجايىنىنى دەرھال قايتىپ دېلو ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىشقا بۇيرۇ-
غان.

چېن دامو ۋە يالقۇنلارمۇ مىلتىق ئاۋازى چىققان تەرەپكە قاراپ
قوغلاپ كەتكەن.

— قايسى تەرەپكە قېچىپ كېتىپتۇ؟ — دەپ سورىدى جۇڭ
چېڭ جىددىيلىك بىلەن.

— كەنتنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى زەيلىككە قاراپ قېچىپ
كېتىپتۇ، — دېدى ۋاڭ لۇ.

— ئۇلار يىراققا قاچالمايدۇ، ئالدى تەرەپ شور سازلىق،
ئۇلار ھېچ يەرگە يوشۇرۇنۇۋالالمايدۇ، — دېدى جۇڭ چېن كەس-
كىنلىك بىلەن.

جۇڭ چېڭ ناھايىتى تېزلىكتە يېزىدىن بەش ماشىنا، 20
ساقچى ۋە 30 خەلق ئەسكىرىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ 80 نەچچە ئادەم
بىلەن زەيلىك ئەتراپىنى قاتمۇقات قورشىۋالايمىز، قېچىش يولى
پۈتۈنلەي ئۈزۈلىدۇ، مۇشۇ كۈچىمىز بىلەن بىرقانچە جىنايەتچىنى
گەپ يوق بويسۇندۇرالايمىز، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى چوقۇم بېسىپ
چۈشىمىز، دەپ ئويلىدى. جۇڭ چېڭ: ئۇ كىشىلەر ئۇزاققا بارال-
مايدۇ، ئۇلار چوقۇم كۆپتىكى تاشپاقىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، دەپ

ئويلىدى. ئۇ بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ تۇيۇقسىز بولغانلىقىنى ھەم ئۇنىڭ بولۇشىنىڭمۇ مۇقەررەرلىكىنى، نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزى نەق مەيداندىكى بىر قوماندان بولغانىكەن، بىر ئادىمىنىمۇ چىقىم قىلىشقا قەتئىي بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇ بۇنى چوقۇم ئورۇنلىشى كېرەك ئىدى.

بۇ چاغدا، ۋاڭ لۇ، ئەلى، ما جيەنجۇڭلار ماشىنىنى يول بويىغا توختىتىپ تەييار بولۇپ تۇرغانىدى، جۇڭ چېڭ ھازىرلا بىر مەيدان قانلىق جەڭ بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ مەقسەتلىك ھالدا ۋاڭ لۇ ھەيدىگەن ماشىنىغا چىقتى. ئۇ ۋاڭ لۇدىن:

— قورقامسەن؟ — دەپ سورىدى.

ۋاڭ لۇ ئېغىزىنى پۇرۇشتۇرۇپ:

— سىز بىلەن بىللە تۇرسام يەنە نېمىدىن قورقاتتىم، — دېدى.

جۇڭ چېڭ باشقا گەپ قىلمىدى. ئۇ قولىنى ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن چىقىرىپ كەينىدىكىلەرگە قولىنى پۇلاڭلاتتى، بۇ قوشۇن دەبدەبىلىك ھالدا كەنت سىرتىغا قاراپ ئاتلاندى.

ۋاڭ لۇ «قارا يولۋاس» ناملىق ئاپشاركىنىمۇ ئېلىۋالغانىدى. ماشىنا ئوت ئالدۇرۇلغاندىن كېيىن «قارا يولۋاس» كابىنكىنىڭ كەينى ئورۇندۇقىدا تۇگۇلۇپ ياتتى، ئۇ قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ سەگەكلىك بىلەن ياتتى، ئۇ بىرقانچە قېتىم جەڭگە قاتناشقان، نەتىجىسى ئالاھىدە «مۇنەۋۋەر رازۋېدكىچى» ئىدى. ئاپشاركىنىڭ ۋاڭ لۇ بىلەن بىرگە بولۇۋاتقىنىغا ئەمدىلا بىر ئاي بولغانىدى. ئۇ ۋاڭ لۇغا زور نەتىجىلەرنى يارىتىپ بېرىشنى خالايتتى، ئەمما ھېچكىم ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئۇقالمايتتى.

## 4

چېن دامو بىلەن يالقۇن كەنتتىن چىقىپ 500 مېتىردەك ماڭغاندا ئالدى تەرەپتە بىر ئادەمنىڭ كۆلەڭگىسىنىڭ مىدىرلاۋاتقانلىقىنى كۆردى، يالقۇن ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى:

— سەن نېمە قىلىدىغان ئادەم؟ — قارشى تەرەپ ئاۋۋال

چۆچۈپ كەتتى، ئارقىدىن سەگەكلىك بىلەن زەيكەشلىككە يوشۇرۇ-
نۇۋالدى.

— سەن ساقچىخانا باشلىقى ئەركىنىنىڭ ئادىمىمۇ؟ بىز ساڭا
ياردەمگە كەلدۇق، قاچما! — دېدى يالقۇن يەنە.

قارشى تەرەپ زەيكەش ئىچىدە تۇرۇپ:

— مەن ساقچى، سىلەر قايسى قىسىمدىن؟ — دەپ سورى-
دى.

— بىز جەنۇبىي شىنجاڭ ج خ ئىدارىسىدىن، — دېدى
يالقۇن. ساقچى زەيكەشتىن چىقتى. چېن دامو بىلەن يالقۇن يۈگۈ-
رۈپ كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئاددىيلا كۆرۈشتى، ئاندىن جىددىي
تۇردە:

— ھېلىقى ئادەملەرچۇ؟ بىز ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىشە-
لەمدۇق؟ — دەپ سورىدى.

— بۇنىسى تەس، ھازىر قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى، — دېدى
ساقچى.

— ئۇ كىشىلەر زەيكەشنى بويلاپ قېچىپ كەتتى، مەن ئار-
قىسىدىن قوغلاپ يېتىشەلمىدىم، ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇلار بۆلۈن-
مەي بىللە قاچقان، مېنىڭچە ئۇلار يىراققا بارالمايدۇ، — دېدى
ئۇ.

چېن دامو ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىماسلىق نىيىتىگە كەل-
دى. ئۇ تەھلىل قىلىپ: ھازىر ئەھۋال تېخى ئېنىق ئەمەس،
ئۇنىڭ ئۈستىگە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى، بىزنىڭ رازۋېدكىچىلىرى-
مىز ئاز، ئۇلار كۆپ. ئەگەر ئىش ئەپلەشمىسە بىز ھۇجۇمغا
ئۇچراپ قالىمىز. ئۇنىڭدىن كۆرە ئۇچەيلەن ئۇلارنى ئىزدىگەچ،
ئارقىدىن كېلىدىغان قوشۇننى كۈتۈشىمىز كېرەك، دەپ قارار
قىلدى.

## 5

ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر توپ كىشىلەر چېن دامولاردىن پەقەت مىڭ
مېتىر يىراقتىكى جايغا يوشۇرۇنۇۋالغانىدى. ئۇلار ساقچىلارنىڭ

سۆزلىرىنى ئاڭلىيالمايتتى، ئەمما كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدىن قوغ-
لاپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەنىدى، ئۇلار ئاخىر ماڭالماي قېلىپ،
زەيكەشكە چۈشۈپ تۈگۈلۈپ يېتىۋالغانىدى.
— ھەي، بىر ئادەم يوق تۇرىدىغۇ؟ شىرئەلى نەگە
كەتتى؟ — دېدى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئاۋازى كاكىراپ چىقىدى-
غان بىرسى. قاراڭغۇلۇقتا ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ئىسمىنى چاقى-
رىشتى، تەكشۈرۈپ كۆرۈۋىدى، ئۇلارنى باشلاپ چىقىپ قاتىللىق
قىلغان شىرئەلىنىڭ يوقلۇقىنى بىلدى. ئۇلار ئەسلىي توققۇز ئادەم
بولۇپ شىرئەلى قېچىپ كەتكەن، ھازىر سەككىز ئادەم قالغانىدى.
بۇ چاغدا بىرسى ۋارقىراپ:
— ھۇ ئۆلگۈر كۆك كۆز، ئۇ بىزنى ئورىغا ئىتتى-
رىپتۇ، — دېدى. شىرئەلى ئىنىس - جىنغا تۇيدۇرماي قېچىپ
كەتكەنىدى. ئۇلار كەنت بېشىدا ساقچىلارغا ئۇچرىشىپ قالغاندىن
كېيىن ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى پەملەپ ھەمراھلىرىنى تاشلاپ ئۆزى
يالغۇز قارشى تەرەپكە قاچقان، شۇ يۈگۈرگىنىچە 20 كىلومېتىر
ئۇزاپ كەتكەنىدى.
بۇ بىر توپ ئادەم زادىلا ماڭالماي قالدى، ئۇلارنىڭ قۇربان
شۇجىنىڭ ئۈيدىكىلەرنى ئۆلتۈرگەن چاغدىكى تەلۋىلىكى ئەمدى
كارغا كەلمەيۋاتاتتى، ئۇلار بەك ھېرىپ كەتكەنىدى. ئۇلاردىن
بىرسى جىددىي تۇردە:
— ئارقىمىزدىن ساقچىلار قوغلاپ كېلىۋاتامدۇ قانداق؟ —
دەپ سورىدى. ئۇنىڭ شېرىكى:
— ئېھتىمال قۇربان شۇجىنىڭ ئەرۋاھى بىزنى قوغلاپ كې-
لىۋاتقان بولسا كېرەك، — دېدى.
بۇ گەپ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى قورقۇتۇۋەتتى، ئۇلار قاراڭغۇ
كېچىدە ھەممە يەردە قۇربان شۇجىنىڭ ئۈيدىكىلەرنىڭ كۆزلىرى
پىلدىرلاۋاتقاندەك ھېس قىلدى. بىرسى: «بىز نېمىشقا ئۇلارنى
ئۆلتۈرىمىز؟» دەپ سورىدىيۇ؟ يەنە بۇنىڭغا ئۆزى جاۋاب بەردى،
«ئۇلارنى بىز ئۆلتۈرمىدۇق، شىرئەلى بىزنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇ-
دى.» ئۇلار شۇنداق دېسە ئۆزلىرىنىڭ گۇناھى يېنىكلەيدىغاندەك
ھېس قىلاتتى. بىرسى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە پەس ئاۋاز بىلەن:

— قاچايلى، ئەگەر يەنە قاچمىساق ساقچىلار قوغلاپ كېلىپ تۇتۇۋالىدۇ، — دېدى.

— قانداق قاچىمىز؟ ئالدىمىزدىكىسى پايانسىز شورلۇق، قاچساقمۇ بىكار، ساقچىلارنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلغىنىمىز بىلەنمۇ بۇ چۆلدە ئاچلىقتىن ئۆلىمىز، مەن قاچمايمەن، — دېدى ھېلىقى ئاۋازى كاكىراپ چىقىدىغان ئادەم. ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە شۇنىسى ئېنىق ئىدىكى، ئۈچ كېچە - كۈندۈز ماڭماي بۇ شورلۇقتىن چىقىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلاردىن بىرەيلەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە:

ئەگەر ساقچىلار بىزنى تېپىۋالسا قانداق قىلىمىز، بىز شۇنچە كۆپ ئادەمنى ئۆلتۇردۇق، ھۆكۈمەت بىزنى چوقۇم ئېتىۋېتىدۇ، — دېدى.

ھېلىقى ئاۋازى كاكىراپ چىقىدىغان ئادەم:

— سۇدانغا پارتلاتقۇچ دورا قاچىلىنغان، ئەگەر ساقچىلار قوغلاپ كېلىپ كىمنىڭ ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشكۈسى كەلمىسە باتارېيىنى سۇدانغا ئۇلىسىلا ئۇ پارتلايدۇ، — دېدى. ئۆلۈمنىڭ گېپى چىقىشى بىلەنلا ھەممەيلەن جىمىپ قالدى. كىمنىڭ ئۆلگۈسى كېلىدۇ؟ ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۆلگۈسى كەلگەن بولسا ھەرگىز قاچمايتتى، ھازىر ئۇلارنىڭ ھەرگىز قاچقۇسى يوق ئەمەس، بەلكىم ئۇلار ماڭالمايۋاتاتتى.

## 6

جۇڭ چېڭ ساقچىلارنى باشلاپ ھەيۋەت بىلەن يېتىپ كەلدى، بەش ماشىنىنىڭ ھەممىسىنىڭ چىراغلىرى يېقىلغان، يول بويىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەنىدى.

چېن دامو ماشىنىلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ شۇئان پۈتۈن ۋۇجۇدى كۆچكە تولدى، ئۇ ماشىنا چىرىغىنىڭ يورۇقىغا قاراپ تۇرۇپ قولىنى پۇلاڭلاتتى. جۇڭ چېڭ خېلى يىراقتىنلا چېن دامونىڭ بەستلىك گەۋدىسىنى كۆردى. ئۇ ۋاڭ لۇغا:

— چېن دامولارنىڭ يېنىغا 10 مېتىر قالغان جايدا ماشىنىنى

توختات! — دېدى.

ماشىنىلار توختىدى، جوڭ چېك:

— ماشىنىنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرمەڭلار، چىراغلارنىمۇ ئۆچۈرمەڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

«قارا يولۋاس» ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە زەيكەش تەرەپكە قاراپ ئېتىلدى، ئەمما ۋاڭ لۇ ئۇنى تۇتۇۋالدى.

ۋاڭ لۇ «قارا يولۋاس» نىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ئالدىرىما، جوڭ چېڭ باشلىق ۋەزىپە ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن بىز ئاندىن ھەرىكەتكە ئۆتىمىز، — دېدى. ئەمما «قارا يولۋاس» جاھىللىق بىلەن زەيكەش ئىچىگە قاراپ قاتتىق قاۋاپ كېتىۋاتاتتى.

ۋاڭ لۇ جوڭ چېڭغا دوكلات قىلدى:

— جوڭ باشلىق، «قارا يولۋاس» ھەدەپ زەيكەش تەرەپكە قاراپ قاۋاپ كېتىۋاتىدۇ! — دېدى.

— زەيكەشلىكتە بىر ئىش بار، — دەپ جوڭ چېڭ شۇئان بۇيرۇق قىلدى: — ماشىنىلارنىڭ چوڭ چىراغلىرىنىڭ ھەممىنى زەيكەشلىككە تـوغرىلاڭلا، بۇ يەردە زادى نېمە بـار، قـاراپ باقايلى! — دېدى.

ئەمما، زەيكەش بەك چوڭقۇر بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى 10 نەچچە مېتىر كېلەتتى، ماشىنىلارنىڭ چىراغلىرىنىڭ نۇرى زەيكەشكە يەتمەيتتى.

— ۋاڭ لۇ، «قارا يولۋاس» نى قويۇۋەت، زەيكەشلىكتە نېمە بار كۆرۈپ باقايلى، باشقىلار تارقىلىپ جەڭگە تەييارلىنىڭلار! — دېگەن قارارنى چىقاردى جوڭ چېڭ.

ۋاڭ لۇ «قارا يولۋاس» نىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ئاتلان، ئەمما ئېھتىيات قىل! — دېدى.

ۋاڭ لۇ قولىنى قويۇۋېتىشى بىلەن «قارا يولۋاس» بىرلا سەكرەپ قاۋىغان پېتى زەيكەشلىككە ئېتىلدى، ماشىنىلارنىڭ چىرىغى «قارا يولۋاس» قا توغرىلاندى، شۇ چاغدا «قارا يولۋاس» نىڭ زەيكەش ئىچىگە ئېتىلىپ ماڭغان قىياپىتى ئاجايىپ ھەيۋەتلىك

ئىدى، رازۋېدكىچىلارنىڭ نەزىرىدە ئۇ بىر ئاپشاركا ئەمەس، بەلكى جەڭگە كىرىشۋاتقان باتۇر جەڭچى ئىدى.

«قارا يولۋاس» زەيكەشكە كىرگەندىن كېيىن قاۋىغان پېتى بىر قارا كۆلەڭگىگە قاراپ ئېتىلدى، بۇ قارا كۆلەڭگىلەر ئىككىدىن، ئۈچتىن بىر توپ بولۇۋالغان بولۇپ، ھەممىسىنىڭ مۆرىسىدە ھەربىيچە سۇدان بار ئىدى.

بۇ كىشىلەر ماشىنا چىراغلىرىنىڭ كۈچلۈك نۇرىدا كۆزلىرىنى ئاچالمايلا قالدى. ئۇلارنىڭ چىرايلىرى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن، قاتتىق روھى چۈشكەنىدى.

— بولمىدى، سۇدان ئىچىدە پارتلاتقۇچ بولۇشى مۇمكىن. ‹قارا يولۋاس›نى قايتۇرۇۋالايلى، — جۇڭ چېڭنىڭ كالىسىغا شۇ ئوي كېلىپ دەرھال ۋارقىرىدى، ئۇ ئۇزۇن يىللىق جەڭ تەجرىبىسىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ سەزگۈرلۈكىمۇ ئىنتايىن يۇقىرى ئىدى. ئەمما، ئۇ كېچىككەن، ھەممە ئىش بىرنەچچە سېكۇنت ئىچىدىلا يۈز بەرگەنىدى.

«قارا يولۋاس» ئالدىدىكى خەتەرنى زادىلا سەزمەيتتى، ھازىر ئۇنىڭ غەيرىتى ئەڭ يۇقىرى ھالەتتە ئىدى، ئېھتىمال، ئۇ جۇڭ چېڭ بىلەن ۋاڭ لۇنىڭ بۇيرۇق ئاۋازىنى ئاڭلىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئەمما ئۇ ئۇلگۈرەلمىدى، ئۇنىڭ بۇرچ تۇيغۇسىمۇ ئۇنى جەڭدىن كەينىگە چېكىنىشكە يول قويمايتتى، ئۇ بىرلا سەكرەپ ھېلىقى كۆلەڭگىلەر ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ھازىر دۈشمەنلەرنىڭ ھىدىنى پۇرىغان، شۇڭا ئاتاكىغا ئۆتكەنىدى.

دەل شۇ چاغدا زەيكەش ئىچىدە قاتتىق پارتلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ئېچىنىشلىق چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاپشاركا مۆرىسىگە سۇدان ئېسىۋالغان بىر ئەبلەخكە ئېتىلغانىدى، بۇ ئەبلەخ قاراڭغۇ كېچىدە خۇددى بىر قارا شەپەرەڭدەك بىر دەقىقە دەلدەڭشىپ تۇرغاندىن كېيىن زەيكەشلىكتە موللاق ئاتتى.

تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن پارتلاش ھەممە كىشىنى چۆچۈتۈۋەتتى، جۇڭ چېڭمۇ تۇرۇپلا قالدى.

بىر دەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن رازۋېدكىچىلار نەق مەيدان-

غا يېقىنلاشتى، ئىككى ئادەم پارتلاشتا ئۆلگەن، ئىككىسى يارىلان-
غان، يەنە ئىككىسىنىڭ بېشى يەرگە، كاسىسى ئاسمانغا قارىغان
هالدا زەيكەشلىككە يىقىلغانىدى. رازۋېدكىچىلار ئۇلارنى سۆرەپ
زەيكەش ئۈستىگە ئېلىپ چىقتى. يەنە بىر ئەبلەخ بىر توپا دۆۋىسى-
نىڭ كەينىدە توگۇلۇپ يېتىۋالغان بولۇپ، كېچە بەك قاراڭغۇ
بولغاچقا رازۋېدكىچىلار ئۇنى بايقىيالماي قالدى. ۋاڭ لۇ پارتلاپ
تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن «قارا يولۋاس» نى كۆتۈرگىنىچە قاتتىق
قايغۇغا چۆمدى. ئىدارە باشلىقى جۇڭ چېڭ:
— ئۇنى ئېلىپ كەتمەيلى، مۇشۇ يەردىلا كۆمۈۋېتەيلى! —
دېدى.
ۋاڭ لۇ بېشىنى قاتتىق چايقىدى:
— ياق، بولمايدۇ، — ئۇنىڭ كۆتۈرۈۋالغىنى ئەمەلىيەتتە
«قارا يولۋاس» نىڭ بىرلا پۇتى ئىدى. ئۇ «قارا يولۋاس» نى
ئۆزىنىڭ بىر جەڭچىسى دەپ قارايتتى، ئۇ بۇ جەڭچىنى جەڭ
مەيدانىغا ئېلىپ كەلگەن، ئەمما ئۇنى ساق ئېلىپ كېتەلمىگەچكە
قەلبى بەك ئازابلانغان، بەك پۇشايمان قىلغانىدى.
ۋاڭ لۇ «قارا يولۋاس» نىڭ جەسىتىنى ئەكېتىمەن، دەپ چىڭ
تۇرۇۋالدى، ئۇ هاياجانلانغان هالدا «قارا يولۋاس» نىڭ بىر پۇتىنى
قۇچاقلاپ ماشىنىنىڭ كابىنكىسىغا كىردى. ئۇ مۇشۇ يەردە بىردەم
يالغۇز ئولتۇرۇۋېلىشنى خالايتتى، «قارا يولۋاس» نىڭ ئۆلۈمى
ئۇنى بەك ئازابلىغانىدى. دەل شۇ چاغدا، ۋاڭ لۇ ئارقىسىدا بىر
شەپىنىڭ بارلىقىنى، بىر كىشىنىڭ ئېغىر نەپەس ئېلىۋاتقانلىقىنى
سەزگەندەك بولدى. ۋاڭ لۇ چۆچۈپ كەتتى، شۇنداق ئارقىسىغا
قاراپ قېتىپلا قالدى. ئەسلىدە بىر ئەبلەخ قاچانلاردىدۇر ماشىنا
ئىچىگە كىرىۋالغان، ئېھتىمال قورسىقى يارىلانغان بولسا كېرەك،
بىر قولى بىلەن قورسىقىنى تۇتۇپ بىر قولىنى سوزۇپ ۋاڭ لۇنى
تۇتماقچى بولۇۋاتاتتى. ۋاڭ لۇ ئىنتايىن چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى
قاچۇرۇپ ماشىنا سىرتىغا قاراپ:
— ماشىنىدا ئادەم بار ئىكەن، ھەممىڭلار يېتىۋېلىڭلار، —
دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى. ۋاڭ لۇ ئاۋازى بېسىقمايلا ئىنتايىن چاق-
قانلىق بىلەن كابىنكىدىن ئۆزىنى ئېتىپ يەرگە چۈشۈۋالدى.

بۇ چاغدا، بۇ ماشىنىغا ئەڭ يېقىن جايدا يەنى 10 نەچچە مېتىر يىراقلىقتا تۇرۇۋاتقان جۇڭ چېڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇقالمىغان بولسىمۇ، ئەمما دەرھال: «يېتىڭلار، مىدىرلىماڭلار!» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

كۆپچىلىك جايىدا يېتىپ بۇيرۇق كۈتتى. ۋاڭ لۇ دەرھال جۇڭ چېڭنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ دوكلات قىلدى:

— جۇڭ چېڭ باشلىق، يەنە بىر ئادەم بار ئىكەن، كابىنكىغا كىرىۋاپتۇ! — جۇڭ چېڭ دەرھال ئىككىنچى بۇيرۇقنى چۈشۈردى:

— ھەممەيلەن دىققەت، ئارقىغا چېكىنىڭلار، 25 مېتىر يىراقلىققا چېكىنىڭلار!

نەق مەيدان بىر پەس جىددىيلىشىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ھەممەيلەن ھېلىقى «مىتسۇ بىشى» ماركىلىق پىكاپتىن خېلى يىراققا چېكىنىدى، ئەسلىدە ھېلىقى توپا دۆۋىسىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالغان ئەبلەخ قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ زەيكەشتىن چىقىۋالغان، ئۇ ساقچىلارنىڭ زەيكەش ئىچىدىكى پارتلاش يۈز بەرگەن نەق مەيداننى تەكشۈرۈۋاتقاندا ئاستىلا زەيكەشتىن چىقىۋالغان، «مىسۇبىشى» ماركىلىق بىر پىكاپنىڭ ئوتىنىڭ ئۆچۈرۈلمىگەنلىكىنى، ئىشىكىنىڭمۇ ئېتىلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇش بولۇپ كەتكەن، ئەگەر ئۆزى ماشىنىغا چىقىۋالسىلا ماشىنىنى ھەيدەپ قاچالايدىغانلىقىنى، بەلكى يەنە بۇ يەردىن قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىنلىكىنى خام خىيال قىلغان.

ئۇ ئەبلەخ ئەركىنىنىڭ تىررورلۇق مەشىق بازىسىدا ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگەنگەنىدى. ئۇ ئوغۇشلۇق ھالدا «مىتسۇبىشى» ماركىلىق پىكاپىنىڭ كەينىگە چىقىۋالغان، ئۆمىلەپ كابىنكىغا ئۆتمەكچى بولغاندا كۈتۈلمىگەندە ۋاڭ لۇ چىقىپ قالدى. جۇڭ چېڭ ۋاڭ لۇدىن:

— ئۇنىڭدا بومبا بارمىكەن، — دەپ سورىدى. ۋاڭ لۇ بېشىنى چايقىدى:

— ئېنىق كۆرەلمىدىم.

جۇڭ چېڭ يالقۇنغا بۇيرۇق چۈشۈردى:

— ئۇنىڭغا گەپ قىل! ياخشىسى ئۇنى ماشىنىدىن چۈشۈرىۋەتمىلى!

يالقۇن بۇ ئەھۋالدىن ھەم ھەيران قالدى، ھەم قاتتىق نەپرەتلەندى، ئۇ:

— ھەي گوي، ياخشىلىقچە گەپ ئاڭلا، قورسىقىڭدىن قان ئېقىۋاتىدىغۇ دەيمەن، تېز چۈش، مەن سېنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ ياراڭنى تاڭدۇراي، بولمىسا قان كۆپ ئېقىپ كېتىپ ھاياتىڭنىمۇ ساقلاپ قالالمايسەن، — دەپ ۋارقىرىدى.

قارشى تەرەپ بىردەم جىم تۇرۇۋالدى، ئاندىن جىددىي ھەم يىغلامسىرىغان تەلەپپۇزدا:

— خۇدا ھەققى، مېنىڭ قېنىم ئېقىپ توگەي دەپ قالدى، مەن ئۆلەي دەپ قالدىم، — دېدى.

— سەن پەسكە چۈشسەڭلا مەن سېنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ ياراڭنى تاڭدۇرىمەن، سەن ئۆلمەيسەن، چۈش! — دېدى يالقۇن.

قارشى تەرەپ قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا:

— مەن مىدىرلىيالمايۋاتىمەن، مەن ئۆلەيلا دەپ قالدىم، — دېدى.

— ئەمىسە جىم تۇر، مەن سېنىڭ يېنىڭغا بارىمەن، — يالقۇن قولىدا كانايىنى تۇتۇپ ئۇنىڭغا ۋارقىرىغاچ ماشىنىغا يېقىنلاشتى.

قارشى تەرەپ بىردىنلا قاتتىق چىرقىراپ:

— يېقىن كەلمە، بولمىسا مەن پارتلاتقۇچنى پارتلىتىمەن، ھەممىڭنى پارتلىتىپ ئۆلتۈرىمەن! — دېدى.

ئۇنىڭدا راستتىنلا بومبا بار ئىكەن! — يالقۇن قەدىمىنى توختىتىپ جۇڭ چېڭغا قاراپ، — قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇنىڭغا يەنە ۋارقىرا، ئۇ چۈشسۇن، ئەگەر ئۇ ئۇنىمىسا ئۇنى ياش ئاققۇزۇش بومبىسى بىلەن بويسۇندۇرايلى! — دېدى جۇڭ چېڭ.

يالقۇن يەنە ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى، ئەمما قارشى تەرەپتىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى، ئەسلىدە ئۇ ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقى

دىن كابىنكىغا قاراپ ئۈمىلەۋاتاتتى، ئۇنىڭ مەقسىتى ناھايىتى روشەن يەنى ماشىنىنى ھەيدەپ قېچىش ئىدى.

يالقۇن ئۇنىڭغا يەنە ۋارقىرىدى، ئەمما قارشى تەرەپ بىر نېمىلەرنى دەپ ۋارقىرىدى، ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى يالقۇنمۇ ئۇقالمىدى.

جۇڭ چېڭ كەسكىنلىك بىلەن بۇيرۇق چۈشۈردى:

— ئەلى، ۋاڭ لۇ، ئىككىڭلار ماشىنىغا ياش ئاققۇزۇش بومبىسى ئېتىڭلار!

بۇ بۇيرۇقنى ئاڭلاپ ۋاڭ لۇ جىددىيلىشىپ كەتتى، ئەمما ئۇ يەنە دەرھال ئۆزىنى بېسىۋالدى.

ئەھۋال بەك جىددىي بولغاچقا ئۇلار يولغا چىققاندا كۆزدىن ياش ئاققۇزۇش ئوقى ئاتىدىغان قورال ئېلىۋالمىغانىدى، ئەمدى پەقەت كۆزدىن ياش ئاققۇزۇش بومبىسىنى قولدا ئېتىپ، ئۇ ئەپلەخنى بويسۇندۇرۇشقا توغرا كەلدى. ماشىنىنىڭ دېرىزىسى كىچىك، ئارىلىق يىراق بولغاچقا بومبىنى ماشىنىنىڭ ئىچىگە ئاتقىلى بولمىدى، شۇڭا ۋاڭ لۇ بىلەن ئەلى بىرى سول تەرەپتىن بىرى ئوڭ تەرەپتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ پەم بىلەن ماشىنىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى، ئەلى ئۇنى مۇھاپىزەت قىلدى، ۋاڭ لۇ كۆزدىن ياش ئاققۇزۇش بومبىسىنى ماشىنىنىڭ ئىچىگە تاشلىدى.

ۋاڭ لۇ كۆزدىن ياش ئاققۇزۇش بومبىسىنى ئىنتايىن تېز تاشلىدى، خۇددى كېچە ئاسمىنى يېرىپ ئۆتكەن ئاقار يۇلتۇزدەك تېز تاشلىدى، بومبىنى تاشلاپلا ماشىنا ئۈستىدىن ئۆزىنى يەرگە ئاتتى.

ماشىنىدىكى ئەبلەخ ئېھتىمال ۋاڭ لۇ ماشىنا ئۈستىگە چىققان ئاشۇ دەقىقىدە پارتلاتقۇچنى پارتلىتىشى مۇمكىن ئىدى، ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا ۋاڭ لۇ مۇقەررەر قۇربان بولاتتى. ۋاڭ لۇنىڭ بۇ دۇنياغا بولغان مۇھەببىتى ئىنتايىن چوڭقۇر بولۇپ، ئۇ ھەرگىز بۇ دۇنيادىن ئۈن - تىنسىزلا يوقاپ كېتىشنى خالىمايتتى.

ئۇ ئالدىن پىلانلىۋالغان بىخەتەر نىشانغا قاراپ يۈگۈردى، ئەلىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا يەنە بىر نىشانغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. ۋاڭ لۇ بۇ قېتىم ئۆزىنىڭ ئۆمرىدە ئەڭ تېز يۈگۈرگەنلىكىنى

ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايتتى، ئەلىمۇ شۇنداق تېز يۇگۇرەۋاتاتتى. ئۇ يۇگۇرۇپ كېتىۋېتىپ بىر نەرسىلەرنى دەپ ۋارقىرايتتى، ئۇ بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى روھلاندۇرۇۋاتاتتى ھەم ئۆزىنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاۋاتاتتى. ئۇ كېيىن بۇنى ۋاڭ لۇغا ئېيتىپ بەردى.

ئاشۇ بىرنەچچە سېكۇنت ئىچىدە ۋاڭ لۇ خېلى يىراققا يۇگۇ-رۇپ باردى. كۆپچىلىك يىراق جايدا كۆزدىن ياش ئاققۇزۇش بوم-بىسىنىڭ ماشىنا ئىچىگە تاشلانغانلىقىنى كۆردى، ماشىنا ئىچىدىن قاتتىق يۆتەلگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، ئارقىدىنلا ئۇ ئەبلەخ باتارېيىنى پارتلاتقۇچقا ئۇلىدى، ماشىنا «گۇم» قىلىپ پارتلاپ ئۇستى پۇتۇن-لەي ئېچىلىپ قالدى.

ساقچىلار كۆزدىن ياش ئاققۇزۇش بومبىسىنىڭ تېررورچىنىڭ بەدىنىدىكى بومبىنى پارتلىتالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئۇ بومبىنى تېررورچىنىڭ ئۆزى پارتلاتقان. ئۇ ئوت دېڭىزىدىكى بىر شارغىلا ئايلىنىپ قالغان ھەمدە تۇن كېچىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قارا شەپەرەڭ بولۇپ قالغانىدى.

## 7

— بىردەم ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن قايتىمىز، — دەپ بۇيرۇق قىلدى جۇڭ چېڭ كۆپچىلىككە.

بۇ جەڭنى بېشىدىن ئۆتكۇزگەن كۆپچىلىك ئۆزىنىڭ روھىي ھالىتىنى ئازراق تەڭشىۋېلىشى كېرەك ئىدى.

چېن دامو بىلەن يالقۇن يارىلانمىغان ئىككى ئەبلەخنى، ئەلى بىلەن ۋاڭ لۇ يارىلانغان ئىككى ئەبلەخنى جىددىي سوراق قىلدى. بۇ ئەبلەخلەر بايا يۈز بەرگەن ۋەقەدىن گاڭگىراپ قېتىپلا قالغان-دى، نېمىلا بولمىسۇن ئۇلارمۇ ئادەم، ئەمما ئۇلار ھېچقانداق مەلۇماتى يوق ساۋاتسىزلار، باشقىلار تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىل-گەن قارا قورساقلار ئىدى. ساقچىلار ئۇلارنى بىر خالىي جايغا ئېلىپ باردى، ئۇلار ساقچىلار بىزنى بۇ يەردە ئېتىۋېتەمدىكىن دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، ئاردىن بىرسىنىڭ پۇت - قولىدا جان

قالمىدى، ئۇ يەردە تېزلىنىپ تۇرۇپ:
— قۇربان شۇجىنى مەن ئۆلتۈرمىدىم، مەن پەقەت دەرۋازىنى ساقلاپ تۇردۇم، — دېدى.
— بۇ سېنىڭ جىنايىتىڭنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسەتمەيدۇ، — دېدى ۋاڭ لۇ غەزەپ بىلەن.
— مېنىڭ گۇناھىم بار، ئەمما بۇ گۇناھ ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە توشمايدۇ، — دېدى قاتىل.
— سەنلەرنىڭ قۇربان شۇجىلارنىڭ ئائىلىسى بىلەن نېمە ئۆچ - ئاداۋىتىڭ بار ئىدى؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ لۇ.
— مەن ئۇلارنى تونۇمايمەن، ئۇلار بىلەن ھېچقانداق ئۆچ - ئاداۋىتىم يوق، — دېدى قاتىل.
— سېنىڭ ئۇلار بىلەن ھېچقانداق ئۆچ - ئاداۋىتىڭ بولمىسا نېمىشقا ئۇلارنى ئۆلتۈرسەن؟ — دېدى ۋاڭ لۇ ھەيران بولغان ھالدا.
— بىزنىڭ ھېچقانداق مەقسىتىمىز يوق، ئەمما شىر ئەلىنىڭ مەقسىتى بار، ئۇ بىزنى نېمە قىل دېسە شۇنداق قىلىمىز، ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىمىز، — دېدى قاتىل.
قاتىللارنىڭ ئىقرارى جوڭ چېكىنىڭ «قارا بۆركۈت» ھازىر غالجىرلىق بىلەن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ، دېگەن ھۆكمىنى ئىسپاتلىدى.
دۈشمەنلەرنىڭ يوشۇرۇن سۇيىقەستىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ۋەن مىڭ شۇجى رىياسەتچىلىكىدە مەخپىي ھالدا 24 رەھبەرنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش يىغىنى ئېچىلدى. بۇ كىشىلەر ۋاڭ لۇ توردىن ئاختۇرۇپ تاپقان يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش تىزىملىكىدىكى كىشىلەر ئىدى. ئۇلار ئىچىدە ۋەن مىڭ شۇجى، جوڭ چېكلار بار ئىدى، يەنە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە بىرقانچە يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىلىرىمۇ بار ئىدى. جوڭ چېك: جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چوڭ مەسچىتنىڭ ئىمامى ئىمىن ھاجىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، ۋەن مىڭ شۇجى: بۈگۈندىن باشلاپ ئىمىن ھاجىنىڭ ھۆكۈمەتتە ئىش-

لەيدىغان كىچىك ئوغلى تاش ھەر كۈنى دادىسىنى مەسچىتكە ئاپى-
رىپ ـ ئەكىلىشكە مەسئۇل قىلىنسۇن، ئىش ھەققى ئوخشاشلا
بېرىلسۇن ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق سىياسىي كېڭەش-
تىن ئىمىن ھاجىغا مەخسۇس بىر كىچىك ماشىنا ئاجرىتىلسۇن.
جەنۇبىي شىنجاڭ ساقچى تەرەپ ئىككى ساقچى ئەۋەتىپ ئىمىن
ھاجىنىڭ ئامانلىقىنى مەخپىي قوغدىسۇن، دەپ تەستىق سالدى.
«قوغداش خىزمىتىنى قىلچە نۇقسانسىز ياخشى ئىشلەش كې-
رەك، ئەمدى يەنە مەسىلە چىقىپ قالماسلىقى كېرەك. قۇربان
شۇجى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدا
ئەنسىزچىلىك پەيدا بولسا بولمايدۇ. مەن چەت ئەلدىكى دۈشمەن
كۈچلەرنىڭ بۇ ئىشتىن پايدىلىنىپ بىزگە دىنىنى كوزىر قىلىۋېلى-
شىدىن ئەندىشە قىلىۋاتىمەن، دېدى.

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

## 1

ئىمىن ھاجى قۇربان شۈجىنىڭ قان ئىزلىرى قاپلىغان ھويلىسىغا قايغۇلۇق كەيپىيات ئىچىدە سالماق قەدەم بىلەن كىردى. ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى ئىچىدە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە ئىدى، ئۇ قازا قىلغانلارغا خەتمىقۇرئان ئوقۇش ئۈچۈن تەكلىپ قىلىنىدى. ئىمىن ھاجى ئۈستىگە ئۇزۇن قارا پەلتو، بېشىغا يوغان ئاق سەللە يۆگىگەنىدى. ئىمىن ھاجىنىڭ چىرايىنى ئېغىر سۈكۈت قاپلىغان، كىشىلەر ئۇنىڭ قەلبىنىڭ ناھايىتى پەرىشان ئىكەنلىكىنى سېزىۋالالايتتى.

ئىمىن ھاجى ئالدىنقى كۈنى «دىنىي زاتلارغا» ناملىق بىر تەھدىت خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. خەتتە ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇشقا، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىشىنى قوللاشقا بۇيرۇلغان، «بولمىسا سېنى ئۆلتۈرىمىز» دېيىلگەن. خەتكە: «جەنۇبىي شىنجاڭ پىدائىيلار ئەترىتى» دەپ ئىمزا قويۇلغانىدى.

ئىمىن ھاجى بىر يوشۇرۇن سۇيىقەستىنىڭ مەلۇم بىر بۆلۈك - پۇچقاقتىن ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ كۆڭلىدە بۇ تەشكىلاتنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى قوماندانى چوقۇم ئىبراھىم دەپ قارىدى. ئۇ ئۆزى بىلەن نەچچە ئون يىل قارشىلاشقان بۇ يالغان ھاجىنىڭ نەچچە يىللاردىن بۇيان ئۆزىگە ھەسەت قىلىپ ۋە ئۆچمەنلىك قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنىنى ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان مەيلى ئىبراھىم قانداق ۋاستە قوللانمىسۇن، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئىمىن ھاجىنىڭ ئالدىدا ئاقمىدى. شۇڭا ئۇلار بۇ قېتىم ئۇنىڭغا تەھدىت خېتى ئەۋەتتى. ئەگەر ئىمىن ھاجى ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىسا چوقۇم ھېلىقى

تەشكىلات ئۇنىڭغا زەھەرلىك قولىنى سالاتتى. ئىمىن ھاجى: «مەن نېمىشقا بىر توپ سىياسىي مۇتتەھەملەرگە بويسۇنىدىكەنمەن، باش ئېگىدىكەنمەن! بىر تەھدىت خېتى مېنىڭ بىر ئۆمۈر ئىشەنگەن دىنىي ئېتىقادىمنى تەۋرىتەلەمدۇ؟ مېنىڭ دىنىم قانداقمۇ ئۇ ئەبلەخلەر بىلەن بىر ئېقىمدا بولسۇن؟» دەپ ئويلىدى. ئىمىن ھاجى مەنىستىمىگەن ھالدا خەتنى چۆرۈپ تاشلىۋەتتى. ئۇ: «مەن ھازىر 80 گە كىرىپ قالدىم. مېنى ئۆلتۈرۈشمەكچى بولساڭ ئىختىيارىڭ، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدىكى بۇ ئابرۇيغا ئۆزۈمىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىم ، پەزىلىتىم بىلەن ئېرىشكەن» دېدى.

ئىمىن ھاجى بىر كېچە ئۇخلىماي ئويلاندى. ئەتىسى ئۇ مەسچىتتە ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ يەنىلا بۇ سۈيىقەست قاچان يۈز بېرەر دەپ ئويلىدى. ئەمما ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرگە بۇ ئەندىشىسىنى زادىلا ئېيتمىدى.

چۈشتە بىر توپ ئامما ئالاقزادە بولغان ھالدا ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ناھايىتى قايغۇلۇق ھالدا قۇربان شۇجى ئائىلىسىدىكىلەردىن بەش كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتتى ھەمدە ئۇنى قۇربان شۇجىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى.

ئىمىن ھاجى ئۆزىنىڭ كونا دوستى قۇربان شۇجىنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن ئۇ دۇنياغا كېتىپ قېلىشىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ قۇربان شۇجى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنىڭ ئۇنىڭغا تەھدىت خېتى ئەۋەتكەن تەشكىلات بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. ئۇ ئىگەرچى يېزىسىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ تەھدىت خېتىنى ج خ ئىدارىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىش ھەمدە ئىبراھىمغا بولغان گۇمانىنى ج خ ئىدارىسىگە ئېيتىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ ئايالىغا: «مەن قۇربان شۇجىنىڭ نامىزىغا بارىمەن، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ساڭا دەيدىغان مۇھىم گەپ بار» دېدى. بۇ ماشىنىغا چىقتى، ماشىنىنىڭ ئىشىكى يېپىلىۋاتقان شۇ پەيتتە خۇددى بىر زۇلمەتنىڭ ئۆزىگە يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى، بۇ زۇلمەتنىڭ بارا ـ بارا تېخىمۇ قاراڭغۇلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ قەلبى ئىنتايىن غەش بولۇۋاتاتتى.

## 2

ئىمىن ھاجىنىڭ ئۆيى چوڭ بىر مەھەللىدە ئىدى. ئۆيلەر ھەممىسى لاي تاملىق ئۆيلەر بولۇپ، يىراقتىن قارىغاندا خېلىلا كۆرۈمسىز كۆرۈنەتتى، ئەمما بۇ لاي كېسەك تاملىق ئۆيلەرنىڭ ئىچى ناھايىتى پۇزۇر زىننەتلەنگەنىدى. ئىمىن ھاجىنىڭ ئۆيى كىچىك تار كوچىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، بۇ تار كوچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىرچە كېلەتتى. ئىككى تەرەپتىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى لاي كېسەك تاملىق ئۆيلەر بولۇپ، ھەر نەچچە مېتىردا بىردىن سىرلانغان ياغاچ دەرۋازا كۆرۈنەتتى، دەرۋازىنىڭ ئاستى - ئۈستىلىرىگە تۆمۈر نەقىشلەر قېقىلغان، شۇڭا قەدىمىي ۋە ئېسىل كۆرۈنەتتى.

ئىمىن ھاجىنىڭ ئۆيى باشقىلارنىڭ ئۆيىدىن خېلىلا چوڭ ئىدى، ھويلىسىمۇ ناھايىتى كەڭرى ئىدى.

ھويلىدا ئۇزۇن كەتكەن تال بارىڭى بولۇپ ھەر يىلى كۈزدە بۇ باراڭدا مونچاق - مونچاق قىزىل ئۈزۈملەر ئېسىلىپ كېتەتتى، تال باراڭ ئاستىغا نۇرغۇن تەشتەكلىك گۈللەر قويۇلغان، بۇ گۈللەر شاھزادىگۈل، قىزىلمودەن، ماشتىگۈل، بامبۇك، گۈلسامساق، تۆمۈر دەرەخ قاتارلىقلار بولۇپ، گۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقى دىماققا ئۇرۇلاتتى. بۇ تىنچلىقپەرۋەر بىر جەمەت، تىنچ، ئىللىق ئائىلە ئىدى، ئەسلىدە بەخت ۋە گۈزەل تۇرمۇش مۇشۇنداق كىشىلەرگە يار بولۇشى كېرەك ئىدى، ئەمما بىر قىشتىكى تاڭ سەھەردە بۇ ئائىلە بالا - قازاغا دۇچار بولدى.

شۇ كۈنى تاڭ سەھەر، ئەمدىلا تاڭ يورۇشىغا ئىمىن ھاجى ئورنىدىن تۇردى، ئۇ ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بېرى ھەر كۈنى تاڭ سەھەر سائەت تۆتتە ئورنىدىن تۇراتتى. ئۇ تۇرمۇشى ئىنتايىن تەرتىپلىك ئادەم ئىدى، ئۇنىڭ ياتاق ئۆيىدىكى چوڭ كاڭغا قارا قىزىل تەگلىك، ئاق چۇچىلىق گۈللۈك كىگىز سېلىنغان، تامغا ئېسىل ئۆزبېك گىلىمى تارتىلغانىدى، ئېسىل گىلەم بۇ ئائىلىنىڭ ئالىي نەسەبىگە بەكمۇ ماس كەلگەنىدى.

ئىمىن ھاجى ياشىنىپ قالغان بولغاچقا، ھەرىكىتى تازا چاققان

ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش زۆرۈر ئىدى.
ئۇنىڭ ئوغلى تاش دادىسىنىڭ ئايىغىنى كىيگۈزدى.
ئىمىن ھاجى كۆيۈمچانلىق بىلەن ئوغلىنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ:
— بولدى، ئەمدى ماڭايلى، — دېدى.
تاش ئورنىدىن تۇرۇپ:
— دادا، ھەر كۈنى سىزنى مەسچىتكە ئاپىرىپ - ئەكېلىش مېنىڭ خىزمىتىم، بىز گەرچە ھەر كۈنى بىللە بولساقمۇ مەن سىزنىڭ بىخەتەرلىكىڭىزدىن بەكمۇ ئەنسىرەيمەن، — دېدى. ئۇ دادىسىنى يۆلەپ ئۆيدىن چىقتى.
— ماڭا بىرەر ئىش بولمايدۇ، مېنى ھۆكۈمەت قوغدايدۇ، ئاللا مېنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ! — دېدى ئىمىن ھاجى.
ئىمىن ھاجىنىڭ ئايالى ئانارگۈل گەرچە 70 كە يېقىنلىشىپ قالغان ئايال بولسىمۇ، ئەمما زىلۋا فىگۇرىسىنى ھازىرمۇ يوقاتمىغانىدى. ئۇ ئۇستىگە ئاچ كۆك رەڭلىك گۈللۈك ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن، بېشىغا ئاپئاق ياغلىق ئارتقان، ئىككى تال ئۆرۈمە چېچى بېلىگە چۇشۇپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قارىغاندا باشقىلار ئۇنى 40 — 45 ياشلاردىكى ئايالمىكىن دەپ قالاتتى. ئۇ ئىمىن ھاجى مەككىدە ھەج قىلىپ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئالغان بىردىنبىر ئايالى ئىدى. ئانارگۈل ياش ۋاقتىدا شۇ جايدىكى ئەڭ چىرايلىق قىزلاردىن بولۇپ، ئۇنىڭ تېرىسى ئاپئاق، قارىغاندا ئۇنىڭ ئاق تەنلىكلەر ئەۋلادىدىن ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئانارگۈل ئىمىنھاجىغا ئىككى ئوغۇل، ئۈچ قىز تۇغۇپ بەردى. ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى خۇددى ئىمىن ھاجى جەمەتىدىكىلەرنىڭ كۆتكىنىدەك ناھايىتى ياراملىق، ئېسىل پەزىلەتلىك باللاردىن بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى تۇركىيىدە جۇڭگو يىپەك سودىسى قىلاتتى، چوڭ قىزى ياتلىق قىلىنغان، ئىككىنچى قىزى ئوقۇتقۇچى، ئۈچىنچى قىزى دوختۇر ئىدى.
ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغا ئوخشاشلا ئانارگۈل ئېرىنى ئىشىككە ئۇزىتىپ چىقتى. ئۇلار نەچچە ئون يىللاردىن بۇيان ئەنە شۇنداق ئىناق ئۆتۈپ كېلىۋاتاتتى، ئانارگۈل ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببىتىنى

ئىنتايىن قەدىرلەيتتى.

ئىمىن ھاجى دەرۋازىدىن چىقتى ۋە ئادىتى بويىچە ئايالىغا قولىنى پۇلاڭلىتىپ:

— كىرىپ كېتىڭ، سىرت بەك سوغۇق، — دېدى.

ئايال ئىتائەتمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتقان بولسىمۇ، پەقەت ئېرى خېلى يىراقلاپ كەتكەندىلا دەرۋازىنى ياپتى. ئىمىن ھاجى تەھدىت خېتىنى تاپشۇرۇۋالمىغان چاغدىمۇ ئۇ ھەمىشە مۇشۇنداق قىلاتتى، ئۇ بىر ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان ئايال ئىدى.

تاش قىزغىنلىق بىلەن ئانىسىغا:

— خاتىرجەم بولۇڭ، دادامنىڭ يېنىدا مەن بار، ھېچقانداق ئىش بولمايدۇ، — دېدى.

ئانارگۈل شۇ چاغدىلا دەرۋازىنىڭ ئىشىكىنى يېنىككىنە ياپتى، ئەمما ئۇ ئېرىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچىلەپ قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى.

ئىمىن ھاجى ئوغلى بىلەن ئۆيىدىن چىقىپ ئۆزىگە تونۇش بولغان كوچىدا كېتىۋاتاتتى، بۇ كوچا تار ھەم خىلۋەت بولۇپ، ئىمىن ھاجى ھەر كۈنى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان دەل مۇشۇ ۋاقىتلاردا بوران - يامغۇرلارغا قارىماستىن، بۇ كوچىدا مېڭىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ھەر كۈنى باشقا مۇسۇلمانلاردىن بۇرۇن مەسچىتكە كىرىپ كېلەتتى.

تاش دادىسىنى يۆلەپ كوچىدا كېتىۋاتاتتى، بۇ چاغدا تاڭ ئەمدىلا يورۇغان ئالدىدىن كېلىۋاتقان ئادەمنى تونۇغىلى بولمايتتى. بۇ چاغدا كوچىدا ئادەم كۆرۈنمەيتتى.

تاش 50 نەچچە مېتىر يىراقلىقتىكى كوچا ئېغىزىغا قارىغىنىدا قەلبىدە ئىللىق بىر سېزىم پەيدا بولدى.

يېكاپ كوچا ئېغىزىغا كېلىپ بولغان بولۇپ، ئىمىن ھاجى ئاتا - بالىنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. شوپۇر ئىمىن ھاجىدا يېڭىلىق، پاكىزلىق تۇيغۇسىنى قوزغىتىش ئۈچۈن ماشىنىنى ۋە ماشىنىنىڭ دېرىزە ئەينەكلىرىنى سۈرتۈۋاتاتتى.

## 3

ئەسلىدىكى پىلان بويىچە ياسىن ئۆزىنىڭ شېرىكى مۇھەممەتنى ئېلىپ قۇرۇم تاغلىرىدىكى بازىسىغا بارماقچىدى، ئەمما ساقچى تەرەپ تەكشۇرۇشنى بەك كۈچەيتىۋەتكەچكە ئۇلار پەقەت قومۇشلۇق ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ يۇرۇشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار كۈندۈزى قومۇشلۇق ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالاتتى، كەچ بولغاندا قومۇشلۇقتىن چىقاتتى. شېرئەلى ياسىنغا ئىمىن ھاجىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن قۇرۇم تاغلىرىغا بېرىشنى بۇيرۇدى.

ئۇلارنىڭ ئىمىن ھاجىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى بۇ كوچىدا ساقلاپ تۇرغىنىغا ئىككى سائەت بولغانىدى، ئىمىن ھاجى ئاتا - بالىغا خەۋپ مىنۇت - سېكۇنتلاپ يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۈچ كۈن بۇرۇن ئۇلار بۇ كوچىغا كەلدى ۋە ئايلىنىپ يۇرۇپ ئىمىن ھاجىنىڭ ئۆيىنى ئېنىق بىلىۋالدى ھەمدە بىر ئاخشىمى ئىمىن ھاجىنىڭ ئارقىسىغىمۇ چۇشتى. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى قوزغىمىدى. كىم ئۆزلىرى بىلەن ئوخشاش چىرايدىكى بىرقانچە كىشىنىڭ بۇ كوچىدا ۋېلىپ يۇرگىنىگە دىققەت قىلسۇن؟ بۇ كوچىدىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ قېرىنداشلىرىنىڭ قاتىللىق قىلماقچى بولۇپ يۇرۇۋاتقانلىقىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۇرمىگەنىدى. ئىمىن ھاجى بىلەن تاشنىڭ بۇ كوچىدا تەڭلا پەيدا بولۇشىنى ياسىن ئويلاپمۇ كۆرمىگەنىدى. ئۇلار ئۇچەيلەن ياشانغان بىر قېرىغا تامامەن تەڭ كېلەلەيتتى، ئەمما ئۇشتۇمتۇتلا ئۇنىڭغا يەنە بىر قاۋۇل ياش يىگىت ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتاتتى، ئۇلار بۇنى زادىلا ئويلاپ كۆرمىگەنىدى. تۇرغۇن ھودۇققان ھالدا:

— ئىككى ئادەم بولۇپ قالدىغۇ؟ ئەگەر ئۇلارغا تەڭ كېلەلمىسەك قانداق قىلىمىز؟ — دېدى.

ياسىنمۇ سەل ھودۇقتى، ئەمما:

— ھوي يارىماس ئەبلەخ، ئىككى ئادەم بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئۈچ بولسىمۇ بارىمىز! — دەپ تىللىدى.

مۇھەممەت تەمكىنلىك بىلەن ئۇ ئىككىسىگە:

— ئۇلار كېلەي دەپ قالدى، قول سالايلى! — دەپ ئەسكەرتتى.

— يۈزۈڭلارغا نىقاب تاقاڭلار، پىچاقنى جان يېرىگە سېلىڭلار! — دېدى ياسىن.

ئۇچەيلەن ئالاقزادىلىك ئىچىدە يۈزلىرىگە نىقاب تاقاپ، قوللىرىغا خەنجەر ئېلىپ تەڭلا سەكرەپ چىقتى. ئۇلار ئىمىن ھاجى ئاتا - بالىنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى.

— كىم سىلەر؟ نېمە قىلماقچىسىلەر؟ — تاش چۆچۈپ كەتتىيۇ دادىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ توسۇپ تۇرۇۋالدى. ئەمما يۈزىگە نىقاب تاقىۋالغان ئۈچ كىشى سەكرەپ چىقىپ ئۇلارغا پىچاق سېلىشقا باشلىدى.

گەرچە بىرە شۇملۇقنى سەزگەن بولسىمۇ، ئەمما شۇ چاغدا ئىمىن ھاجى ئاتا - بالىدا قىلچە تەييارلىق يوق ئىدى. ئۇلار دۈشمەنلەرنىڭ ئۆزلىرىگە مۇنچە تېز قول سېلىشىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزلىرىنى ئۆلۈم گىردابىغا ئاپىرىپ تاشلايدىغانلىقىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى.

كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئىمىن ھاجىنىڭ بېشى ۋە بەدىنىگە 10 نەچچە پىچاق سېلىندى، ئىمىن ھاجى بەرداشلىق بېرەلمەي ئۈستۈېشى قانغا مىلىنىپ يەرگە يىقىلدى. بۇ بىر توپ زوراۋانلار ئالدىدا ئىمىن ھاجى ئىنتايىن ئاجىز، ھاياتىي خەۋپتە قالغان بىر بوۋاي ئىدى. ئىمىن ھاجىنىڭ نۇر چېچىپ تۇرغان «ھاجىلىق» سالاھىيىتى بۇ زوراۋانلارنى زادىلا قورقۇتالمىدى.

تاش پۈتۈن كۈچى بىلەن دادىسىنى قوغدىدى، ئەمما خەنجەرلەر ھەر تەرەپتىن سانجىلىۋاتاتتى، تاش ھەرگىز بوي بەرمىدى، ئۇ زوراۋانلار بىلەن قۇرۇق قول ئېلىشقاچ: «ئادەم بارمۇ!» دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى.

تاش ۋارقىراپ كوچا ئاغزىدىكى شوپۇرنىڭ دىققىتىنى قوزغىماقچىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ ئىنتايىن كۈچسىز چىققانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتا - بالا ئىككىيلەن ھوجۇمغا ئۇچرىغان ئورۇن كوچا ئاغزىدىن 30 نەچچە مېتىر يىراقتا بولغانلىقى، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى كىشىلەرنىڭ دەرۋازىلىرىنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ

ئېچىلمىغانلىقى، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تېخى تاتلىق ئۇيقۇدا ئۇخلا-
ۋاتقانلىقى سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى.
دادىسىنىڭ قان ئىچىگە يىقىلغانلىقىنى كۆرگەن تاش قاتتىق
ئۈمىدسىزلەندى، ئۇ غەيرەتكە كېلىپ ياسىنغا ئېتىلدى، ئۇ ياسىن-
نىڭ قولىدىكى خەنجەرنى تارتىۋالماقچى بولغانىدى، ئەمما ياسىن
قاتارلىق كىشىلەر خەنجىرىنى ئالدى - ئارقا تەرەپتىن ئۇنىڭغا تەڭلا
سالدى، تاش ھوشىدىن كەتتى.
ئىمىن ھاجى دادا - بالا ئىككىيلەن قان ئىچىگە يىقىلدى.
بۇ ئىشلار پەقەت بەش مىنۇت ئىچىدىلا يۈز بەردى، ياسىن مەمنۇن
بولغان ھالدا خەنجىرىنى غىلىپىغا سالدى، ئۇ باشلامچىلىق بىلەن
قان ئىچىدە ياتقان كىشىگە:
— ھۇ قېرى ئەبلەخ، قۇرئانىڭنى ئوبدان ئوقۇساڭ بولمام-
تى! — دەپ تۈكۈردى. ياسىن ئاخىرى دەردىنى چىقىرىۋالدى،
ئۇ ۋە ئۇزىنىڭ ئۇستازى ئىبراھىم زادىلا كۆرۈشنى خالىمايدىغان
يەنە بىر ئادەم بۇ دۇنيادىن يوقالدى، دەپ ئىنتايىن مەمنۇن بولدى.
ئۈچ ئەبلەخ يۈزلىرى، قوللىرى ۋە كىيىملىرىدىكى قانلارنى
سۈرتۈۋېتىشكىمۇ ئۇلگۇرمەي قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ ئالاقزادە-
لىك ئىچىدە قېچىپ كەتتى.

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

### 1

ئىمىن ھاجىغا 27 پىچاق سېلىنغانىدى، ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىۋاتقاندا يولدا جان ئۈزدى، تاشقا 22 پىچاق سېلىنغان، ئۇ ھازىر ئېغىر دەرىجىدە ھوشسىز ئىدى.

دوختۇرخانىنىڭ قۇتقۇزۇش بۆلۈمى ئىنتايىن ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

ۋاڭ لۇ بىلەن ئەلى قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئىمىن ھاجىنى كۆرۈشكە كەلگەن كىشىلەرنى توسۇۋالدى. ئىمىن ھاجىنىڭ قەستكە ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدىكى شۇم خەۋەر بۇ سەھەردە خۇددى يۇقۇملۇق كېسەلگە ئوخشاش ئامما ئارىسىدا ئىنتايىن تېز تارقالدى، بىردىنلا كىشىلەرنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ كەتتى.

ۋەن مىڭ شۇجى جۇڭ چېڭنىڭ ماشىنىسى بىلەن يېتىپ كەلدى، جۇڭ چېڭ بىنا ئالدىغا كەلگەندە ۋەن مىڭ شۇجى ھېلىلا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى جۇفېڭغا ئېغىزچە دوكلات قىلغانىدى. جۇڭ چېڭ ۋەن شۇجى بىلەن كۆرۈشۈشتىن ئىنتايىن خىجىللىق ھېس قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا بىناغا چىقتى.

— ۋەن مىڭ شۇجى، بۇ ئىشتا مېنىڭ جاۋابكارلىقىم بار! — دەپ ئۆزىنى تەكشۈردى جۇڭ چېڭ.

— ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى بەك تېز، بەك تۇيۇقسىز بولدى، بۇ ئىشتا مېنىڭمۇ جاۋابكارلىقىم بار، بىراق، ھازىر تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەيدىغان چاغ ئەمەس ، ئامال قىلىپ يارىدارنى قۇتقۇزايلى! — دېدى ۋەن مىڭ شۇجى.

— بەختكە قارشى ئىمىن ھاجى بۇ دۇنيادىن ئايرىلدى. ئۇنىڭ ئوغلى تاش تېخى ھايات، ياخشى يېرى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىـ

تېپتى دوختۇرخانىسىدىكى بىر پروفېسسور بۇ يەرگە دەرس ئۆتكىلى كەلگەنىكەن، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلەشتىم، ئۇنى تاشنى ئوپېر-راتسىيە قىلىشقا تەكلىپ قىلدىم، — دېدى جۇڭ چېڭ چۈشەنچە بېرىپ.

ۋەن مىڭ شۈجى خورسىنىپ تۇرۇپ:

— بۇ بەختسىزلىك ئىچىدىكى بەخت، — دېدى.

ئۇلار ئىككىيلەن دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلگەندە مەسئۇل دوختۇر ئۇلارغا:

— تاش ھازىر خەۋپتىن قۇتۇلدى، ئۇنى كۆزىتىش ئۆيىدە داۋاملىق كۆزىتىپ داۋالايمىز، — دېدى.

ئىككىيلەننىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى، ۋەن مىڭ شۈجى:

— ھازىر مېنىڭ ئالدىمدا ئىككى جىددىي ئىش بار. بىرى، ئىمىن ھاجىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىش؛ يەنە بىرى، ئاپتونوم رايون-لۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى جۇ فېڭگا ئەھۋالنى تەپسىلىي دوكلات قىلىش، سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز تېزدىن قاتىلنى تۇتۇش. ئەمەلىيەتتە سىزنىڭ ئىشىڭىز مېنىڭ ئىشىمدىنمۇ قىيىن، بىز ئىككىمىز ھەر ۋاقىت ئالاقىلىشىپ تۇرايلى! — دېدى.

— شۈجى، خاتىرجەم بولۇڭ، ئەگەر قاتىلنى تۇتالمىسام ۋەزىپەمدىن ئىستېپا بېرىمەن، — دېدى جۇڭ چېڭ.

— كىم سىزگە ئىستېپا بېرىشنى ئېيتىپتۇ، ئەگەر جەنۇبىي شىنجاڭدا يەنە بىر چوڭ دېلو يۈز بېرىدىغان بولسا، بۇ ئىش بىز ئىككىمىزنىڭ خىزمىتىمىزدىن ئىستېپا بېرىشىمىز بىلەنلا تۈگىمەيدۇ، — دېدى ۋەن مىڭ شۈجى ئۇنىڭغا ئالىيىپ.

2

نەن جېنجۇڭ بېيجىڭغا بىر يىغىنغا بارماقچى بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى، ئۇ تېلېفوندا جۇڭ چېڭغا:

— نېمە؟ بۇ ئىش ئىبراھىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن دەۋاتامسىز؟ مېنىڭچە، بۇ ئادەمنى تۇتماي زادى بولمايدۇ، مەن ھازىرلا جۇ فېڭ شۈجىنى ئىزدەپ بېرىپ يۈزتۇرا تۇرۇپ بۇ

ئىشنى دوكلات قىلىمەن، — دېدى.
نەن جېنجۇڭ بىۋاستە جۇفېڭ شۇجى بىلەن ئالاقىلەشتى، ئۇ جۇفىڭ شۇجىغا:
— سىزگە دوكلات قىلىدىغان مۇھىم ئىش بار، ئەگەر يەنە دوكلات قىلىنمىسا چوڭ چاتاق چىقىدۇ، — دېدى. جۇفېڭ شۇجى بىر يىغىنغا قاتنىشىۋاتاتتى، ئۇ نەن جېنجۇڭنىڭ سۆزىنىڭ ئىنتا-يىن مۇھىملىقىنى سەزدى ـ دە، مۇئاۋىن شۇجى ۋۇنى يىغىننى باشقۇرۇشقا قويۇپ، ئۆزى يىغىن مەيدانىدىن چىقىپ ئىشخانىسىغا كەلدى.
نەن جېنجۇڭ جۇ فېڭ شۇجىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپلا هايا-جان بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:
— مۇنداق ئەھۋالدا بىزنىڭ رازۋېدكا قىلىش فاكجېنىمىز دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىشى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنى ئاساس قىلىشى كېرەك. بۇ يەردىكى قائىدە ئىنتايىن ئاددىي، مەن ئۇنى تەكىتلەشنى خالايمەنكى، دەرەخ كىچىك ۋاقتىدا ئۇنىڭ كى-چىك شاخلىرىنى قول بىلەن سۇندۇرغىلى بولىدۇ، ئەگەر شاخلار چوڭىيىپ كەتسە ئۇنى پەقەت شاخ كېسىش قايچىسى بىلەنلا كې-سىشكە توغرا كېلىدۇ، ئۇنىڭدىنمۇ چوڭىيىپ كەتسە ئۇنىڭغا ھەرە ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ، ئەگەر دەرەخ ئۇنىڭدىنمۇ چوڭىيىپ كەتسە ئۇنى يىقىتماق تەس بولىدۇ. بۇ يەردىكى قائىدە شۇكى، ئۇلار تېخى بىرەر چوڭ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارمىغان چاغدىلا ئۇلار-نى يوقىتىپ تاشلاش كېرەك. خۇددى بۇ قېتىم جۇڭ چېڭ ساقچە-لارنى باشلاپ بېرىپ ئىگەرچى يېزىسىدىكى تېررورلۇق بازىسىنى ۋەيران قىلغىنىغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ قورال، زېمىنغا ئىگە بولۇ-شىغا، باشلىقىنىڭ بولۇشىغا يول قويماسلىق كېرەك، ئۇلارنىڭ كۈچىنىڭ زورىيىپ كېتىشىگە يول قويماسلىق كېرەك.
جۇفېڭ شۇجى جىددىي ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ، ئۇنى يەنە سۆزلەشكە ئالدىراتتى:
— كېپىڭىز يوللۇق، داۋاملىق سۆزلەۋېرىڭ.
نەن جېنجۇڭ ھاياجان بىلەن:
— ھازىر دېگەن قايسى ۋاقىت، دۈشمەنلەرگە يەنىلا ناھايىتى

سىپايە، ئەدەپلىك هالدا مۇئامىلە قىلمىزمۇ؟ هازىر شىنجاڭ دۇچ كېلىۋاتقىنى ۋەتەننى پارچىلايدىغان دۈشمەن كۈچلەر، ئۇلارغا زادى يۇمشاق قوللۇق قىلىشقا بولمايدۇ! — دېدى.

جۇفېڭ شۇجى جىددىي تۈردە نەن جېنجۇڭدىن:

— سىزنىڭچە يەنىلا ئىبراھىمنى تۇتۇش كېرەكمۇ؟ — دەپ سورىدى.

نەن جېنجۇڭ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

— دەرھال تۇتۇش كېرەك، بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ! — دېدى.

جۇ فېڭ شۇجى كەسكىنلىك بىلەن:

— مەن سىزنىڭ پىكرىڭىزگە قوشۇلىمەن، — دېدى. ئۇ تېخى باسما مېيى پۇرىقى چىقىپ تۇرغان مەخپىي هۆججەتنى ئېلىپ:

— شىنجاڭ مەسىلىسىدە مەركەز بىزنى قەتئىي قوللايدۇ. ئالدىنقى مەزگىلدە مەن شىنجاڭ مەسىلىسىنى مەركەزنىڭ ئەڭ يۇقىرى رەھبەرلىرىگە دوكلات قىلدىم، بۇ مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ يۈكسەك دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. مەركەز بىزگە مىللەتنى پارچىلايدىغان، ۋەتەننى پارچىلايدىغان ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى قەتئىي يوقىتىش، ئۇلارغا هەرگىز يۇمشاق قوللۇق قىلماسلىق توغرىسىدا كۆرسەتمە بەردى، — دېدى.

مەركەزنىڭ قوللىشى بولغانىكەن، نەن جېنجۇڭ يەنە نېمىدىن قورقاتتى؟ ئۇ بىردىنلا ئۆزىنىڭ بۇرچىنىڭ مىللەتنى، ۋەتەننى پارچىلايدىغان بارلىق هەرىكەتلەر بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىش، دۆلەت مەنپەئىتىنى نۇقتىسىدا تۇرۇپ، هەممىدە دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىنى مۇهىم بىلىپ، ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئىكەنلىكىنى هېس قىلدى.

## 3

يۇسۇپكە يالغانچىلىقنى تەكشۈرۈش ئاپپاراتى ئىشلىتىلگەندىن كېيىن، ئۇ ئىلمىي تەدبىر ئالدىدا ئېغىز ئېچىشقا مەجبۇر بولدى.

ئۇ مۇنۇلارنى تاپشۇردى: ئۇنىڭ شىركىتى يېزنىسى ئىبراھىم پاي-دىلىنىۋاتقان بىر ۋىئۇسكا ئىكەن. ئەمەلىيەتتە سودا شىركىتى ھېچقانداق بىر سودا بىلەن شۇغۇللانمايدىكەن، ئۇ پەقەت ئىبراھىم-غا ياردەملىشىپ، كېلىش مەنبەسى ئېنىق بولمىغان پۇللارنى ئۇزى-نىڭ ھېساباتىغا كىرگۈزىدىكەن، يەنە بۇ پۇللارنى بانكىدىن ئېلىۋا-لىدىكەن. ئۇ يەنە: ئايگۇلنىڭ چەت ئەلدىن ئەۋەتىلگەن جاسۇس ئىكەنلىكىنى، ئىبراھىمنىڭ ئۇنىڭ باشلىقى ئىكەنلىكىنى تاپشۇر-دى. ئۇ يەنە: ئەركىن ئابدۇل ئارقىلىق تېررورلۇق تەشكىلاتىغا قوبۇل قىلىنغان ئۇيغۇر ياشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان خىراجەتنىمۇ ئىب-راھىمنىڭ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

پاكىتلار پولاتتەك تۇرسا، يەنە نېمىنى ساقلاش كېرەك؟ جۇڭ چېڭ ئىبراھىمنىڭ بىرەر شەپە ئاڭلاپ قېلىپ قېچىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ دەرھال ئۆزى سىياسىي كېڭەش بىناسىغا باردى.

ئىبراھىم دېرىزىدىن جۇڭ چېڭنىڭ ئادەم باشلاپ ئۆزىنىڭ ئىشخانىسى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئەمما، ئۇ ھازىر قېچىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمەيتتى. ئۇ ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ: «ھاياتىم مۇشۇنداقلا ئاخىرلىشارمۇ؟» دەپ خىيالغا چۆشتى.

جۇڭ چېڭ ئىبراھىمنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. تۆت كۆز بىر بىرى بىلەن ئۇچراشتى، جۇڭ چېڭنىڭ كۈچلۈك نەزىرى بىلەن ئىبراھىمنىڭ كۆز ئالدى شۇ ھامان قاراڭغۇلۇققا پاتتى.

ئىبراھىم ھىيلىگەرلىك بىلەن:

— يۇسۇپ باج ئوغرىلىغان، باج تاپشۇرۇشتىن ئۆزىنى قا-چۇرغان بولسا ئۆزىنىڭ ئىشى، بۇنىڭ مەن بىلەن ھېچقانداق ئالاقى-سى يوق، — دېدى.

— جۇڭگودا «چۆپ مىدىرلىمىسا يىلان چۆچۈمەس» دەيدىغان بىر ماقال بار، ئەگەر سىزدە ھېچقانداق ئىش بولمىسا نېمىدىن قورقاتتىڭىز، — دېدى جۇڭ چېڭ جىددىي تەلەپپۇزدا.

— ئېھتىمال ئارىمىزدا ئۇقۇشماسلىق يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن، — دېدى ئىبراھىم.

— سىز خۇددى باللاردەك ساددا ئىكەنسىز، ئەمما مېنىڭ سىزنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىڭىزنى ئاڭلاشقا رايىم يوق، — دېدى

جۇڭ چېڭ ئۇنى مەسخىرە قىلىپ.
ئىبراھىمنىڭ بىردىنلا چىرايى تاتىرىپ كېتىپ:
— سىز مېنى يەنە ئىلگىرىكى قىسمەتلەرگە دۇچار قىلماق - چىمۇ؟ — دېدى.
— سىزدەك بىر ئادەمنىڭ يەنە قانداق ئىستىقبالى بولماق - چىدى؟ — دېدى جۇڭ چېڭ ئۇنى مەنسىتمەي.
— مېنىڭ يەنە قانچىلىك ۋاقتىم قالدى؟ — دەپ سورىدى ئىبراھىم ئۈمىدسىزلىك بىلەن.
— ئېھتىمال سىز «قارا بۆركۆت» نىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئې- رىشكەن كۈننى كۆرەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن، — دېدى جۇڭ چېڭ ئىشەنچ بىلەن.
— نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مەن سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، سىلەر مېنى خالىغانچە بىر تەرەپ قىلالمايسى - لەر! — دېدى ئىبراھىم تەلەي سىناش ھېسسىياتى بىلەن.
— سىز ھازىر مۇئاۋىن رەئىس ئەمەس، — دېدى جۇڭ چېڭ.
— مەن بىر ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات، «سىياسىي كېڭەش گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ مېنى زىيارەت قىلىپ يازغان ماقالىسى پۈتۈن مەملىكەتكە تارالدى. سىلەر مۇنداق قىلساڭلار، بۇنىڭ ئې- غىر ئىجتىمائىي ئاقىۋەت پەيدا قىلىشىدىن ئەنسىرىمەمسىلەر؟ — دېدى ئىبراھىم ھىيلىگەرلىك بىلەن.
— سىزنىڭ ئەسكەرتمە بەرگىنىڭىزگە رەھمەت، ئۇزۇن ئۆت- مەي سىزنىڭ جىنايى پاكىتلىرىڭىز توغرىسىدىكى خەۋەرمۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى گېزىتلەردە خەۋەر قىلىنىدۇ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپىدۇ، خەلق قايتۇرۇشقا تېگىشلىك بول- غان ئىنكاسىنى قايتۇرىدۇ، — دېدى جۇڭ چېڭ جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن.
ئىبراھىمنىڭ ئىككى قولىغا كويزا سېلىنىپ ساقچى ماشىنى- سىغا چىقىرىلدى. ساقچى ماشىنىسى سىياسىي كېڭەشنىڭ قورۇ- سىدىن چىققاندا ئىبراھىم بىناغا نەزەر تاشلىدى. جۇڭ چېڭ ئۇنى ئەسكەرتىپ:

— سىزنىڭ ئەمدى بۇ جايغا تارتىنىشىدىغان ھېچقانداق ھوقۇ-
قىڭىز يوق، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان بۇ بىناغا
كىرىپ - چىقىۋاتقانلىقىڭىزنىڭ ئۆزىنىڭ بىر خاتالىق ئىكەنلىكىنى
ھېس قىلمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى.

— مېنىڭ مەسىلىلىرىمنى كىمنىڭ تېپىپ چىققانلىقىنى
بەك بىلگۈم بار، — دېدى ئىبراھىم گۇمانىي نەزەر بىلەن. ئۇ
جۇڭ چېڭغا تىكىلىپ قاراپ: — راستىنى ئېيتسام گەرچە سىز
ئۆزۈڭىزدىن بۇيان مېنى كۆزىتىپ كېلىۋاتقان بولسىڭىزمۇ، ئەمما
مەن سىزدىن قورقمايمەن، چۈنكى سىلەر ئون يىلدىن بۇيان ماڭا
مۇناسىۋەتلىك بولغان بىرەر پاكىتنى تېپىپ چىقالمىدىڭلار، شۇنـ
داق ئىكەن، يەنە ئون يىل مېنى كۆزەتسىڭىزمۇ بۇنىڭ ھېچقانداق
پايدىسى يوق، مېنىڭ ھېلىقى تەدبىرلىك كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىـ
كىنى بەك بىلگۈم بار؟ — دېدى.

جۇڭ چېڭ شوپۇرنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ۋاڭ
لۇنى كۆرسىتىپ:

— ئەنە ئاشۇ يىگىت، كۆردىڭىزمۇ؟ ئۇ تېخى سىزنىڭ
نەۋرىڭىزدىنمۇ كىچىك. سىز توغرا ئېيتتىڭىز، مەن يارىمايمەن،
مەن سىزنى قانۇن تورىغا چۈشۈرەلمىدىم، ئەمما بىزنىڭ كېيىنكى
ئەۋلاد ياشلىرىمىز بوش كەلمىدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىـ
دىنمۇ ئەقىللىق، تېخىمۇ خاسلىقتا ئىكەن، مەن سىزگە شۇنى ئېيـ
تىپ قوياي، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ زېمىننى قوغداش
ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچلۈك. بىز ھازىر يېشىمىز چوڭىيىپ قېرىپ
كېتىۋاتىمىز، ئەمما ئۇلار بولسا ناھايىتى جۇشقۇن ھالدا ئۆسۈۋا -
تىدۇ، — دېدى.

جۇڭ چېڭ ئىبراھىمنى ئەمدىلا ئېلىپ مېڭىشىغا نەن نازىردىن
تېلېفون كەلدى، نەن نازىر ھاياجانلانغان ھالدا:

— جۇڭ چېڭ، ئۇ قېرى ئەبلەخنى تۇتۇڭلار! — دېدى.

جۇڭ چېڭ خاتىرجەم ھالدا:

— ئۇنى تۇتۇپ بولدۇق، — دېدى.

نەن نازىرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، ئۇ:

— كىم سىلەرنى دەرھال تۇتۇڭلار دېدى؟ سىزنىڭ قانداق

ئىسپاتىڭىز بار؟ ناۋادا، بۇ ئىشنى يوقىرىدىن تەستىقلىماي قالسا قانداق قىلىسىز؟ — دېدى.

جوڭ چېڭ ئۆز تەقدىرىنى دوغا تىكىپ:

— ئۇنداق بولىدىغان بولسا مەن ئۆز كاللام بىلەن جاۋاب بېرىمەن، — دېدى.

نەن نازىر قاتتىق ئاچچىقلاندى:

— سىزنىڭ بۇ قىلغىنىڭىز تەشكىلىي پرىنسىپقا خىلاپلىق قىلغىنىڭىز، بىلەمسىز؟ — دېدى.

جوڭ چېڭ خاتىرجەم هالدا:

— بىلىمەن، — دېدى.

— هە، سىزنىڭ قىلغىنىڭىز يوللۇقكەن، دەلىل - ئىسپاتلار نەدىن كەلدى، — دېدى نەن نازىر.

— بىرقانچە كۈن ئۆتمەي ۋاڭ لۇ سىزگە تەپسىلىي بىر دوكلات تاپشۇرىدۇ، — دېدى جوڭ چېڭ.

— ۋاڭ لۇنىمۇ بۇ ئىشقا سۆرەپ كىردىڭىزمۇ؟ مېنىڭچە سىلەرنىڭ يۈرىكىڭلار بەك چوڭكەن! — دېدى نەن نازىر.

— نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئادەمنى تۇتۇپ بولدۇق، سىز مېنى جازالىسىڭىزمۇ بۇ ئىش تۈگىگەندىن كېيىن بىر نەرسە دېيىشەيلى، — دېدى جوڭ چېڭ.

— مەن ئىدارە بەنگۇڭتىڭىغا مەركەز رەهبەرلىرىنىڭ تەستىقىنى فاكس ئارقىلىق سىلەرگە يوللاپ بېرىشنى بۇيرۇدۇم، دەرهال مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنى تولۇقلاڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىلدى نەن نازىر.

## 4

ئىمىن هاجىنىڭ كىچىك قىزى ئاپىسىنى يۆلەپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلدى، ئىمىن هاجىنىڭ ئايالىنىڭ يۈزىگە تور رومال ئارتىلغان بولۇپ، تور رومالنىڭ ئېچىدىن ئۇنىڭ زادى قانچىلىك قايغۇ - هەسرەت ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولمايتتى. جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمى يەنە پاتىپاراق بولۇپ كەتتى،

دوختۇرلار دەرھال ئىمىن ھاجىنىڭ ئايالىغا يۈرەكنى كۈچلەندۈ-
رۈش ئوكۇلى ئۇردى.
ۋاڭ لۇ بىلەن ئەلى قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ ئىشىكىدە سەگەك-
لىك بىلەن تۇراتتى، ئۇلار دىققەت بىلەن ئەتراپتىكى بارلىق ھەرى-
كەتلەرنى كۆزىتىۋاتاتتى.
ئەلى جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ ئالدىدا تىت - تىت
بولغان ھالدا ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى، ئۇ توختىماستىن:
— بۇ ۋەقەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلەر يوق، تاش زادى
قاچان ھوشىغا كېلەر، ھەي، قاتىللارنى تۇتۇش پۇرسىتىنى قولدىن
بېرىپ قويىدىغان بولدۇق! — دېدى.
ۋاڭ لۇ تاقەتسىزلىك بىلەن:
— نېمىدەپ قارىسىغا كوتۇلداۋېرىسەن؟ بايا ما جيەنجۇڭلار
بارماق ئىزىنى ئالدىغۇ! ئۇلار بارماق ئىزلىرىنى سېلىشتۇرۇپ
ناھايىتى تېزلا قاتىللارنى تېپىپ چىقىدۇ، — دېدى.
ئەلى بېشىنى چايقىدى:
— مۇمكىن ئەمەس، سېنىڭ بۇ خىيالىڭ ئوخلىماي تۇرۇپ
چۈش كۆرگەنلىك، بۇ دېلونىڭ پاش بولۇش - بولماسلىقىدىكى
ئاچقۇچلۇق شەخس تاش، تاش تېزرەك ھوشىغا كەلگىن!
ئەلىنىڭ دېلو پاش قىلىش تەجرىبىسى ۋاڭ لۇنىڭكىدىن كۆپ
ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھۆكمىنىڭ پۈتۈنلەي توغرا ئىكەنلىكىگە ئىشە-
نەتتى.

# يىگىرمە تۆتىنچى باب

## 1

ۋاڭ لۇ بىلەن چېن دامو ھوشسىز ياتقان تاشنىڭ كارىۋىتىنىڭ يېنىدا نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتاتتى، ئۇلار ئۇنىڭ ھوشىغا كېلىشىنى كۈتەتتى.

چۈش سائەت 12 دىن ئاشقاندا تاش ئاخىرى ھوشىغا كەلدى، ئۇ ئۆزىنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە كۆزلىرىدىن تارام-لاپ ياش تۆكۈلدى، ئەمما ئۇ تېخى مىدىرلىيالمايتتى، ئۇنىڭ بەدىنىدىكى جاراھەتلەر تىكىلگەن بولۇپ، بىنت بىلەن تېڭىۋېتىلگە-نىدى. ئۇ تەقەززالىق ئىچىدە ئەتراپىقا قارايتتى، ئۇ دادىسىنى ئىزدەيتتى. ۋاڭ لۇ كېلىپ ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ:

«گەپ قىلالامسەن؟» دەپ سورىدى. ۋاڭ لۇمۇ بىر بالا، ئۇ تاشنىڭ نەزىرىدىن دادىسىنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى، ھەم دادىسىنى كۆرەلمەي ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ يەتتى. ۋاڭ لۇ چوقۇم تاش ئۈمىدسىزلىككە چۈشۈپ قېلىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە ئېغىز پاراڭلىشىۋېلىشى كېرەك ئىدى.

چېن دامو ۋاڭ لۇغا شەرەت قىلدى، ۋاڭ لۇ قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ ئىشىكىنى يېپىۋەتتى. چېن دامو تاشقا يالغان ئېيتىپ:

— داداڭ ھازىر قۇتقۇزۇلۇۋاتىدۇ، سەن خاتىرجەم داۋالان! — دېدى.

تاش سەل گۇمانلىنىپ قالدى، ئۇ ۋاڭ لۇ بىلەن ئەلىگە قادىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ئىسپات تەلەپ قىلىۋاتاتتى، ئىككىيلەن تاشقا قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى.

ۋاڭ لۇ تاشنىڭ دادىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا بەك بىئارام بولدى. شۇ مىنۇتتا ۋاڭ لۇ ئەزەلدىن دادىسىنى ھازىرقىدەك سې-غىنمىغانىدى، ئۇ دادىسىغا تېلېفون بېرىپ ئۆزىنىڭ ئۇنى ئىنتايىن سېغىنغانلىقىنى ئېيتقۇسى كەلدى. ئەمما بۇ پەقەت بىر ئارزۇ

بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ھازىرچە بۇ يەردىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدىغان-لىقىنى بىلەتتى.

— سەن ئۇلارنىڭ چىرايىنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇلارنى تو-نۇمسەن؟ — دەپ سورىدى چېڭ دامو پۈتۈن دىققىتى بىلەن.

ۋاڭ لۇ بىر ياقتا خاتىرە يېزىشقا كىرىشتى.

— ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يۈزىدە نىقاب بار ئىكەن، ھېچنې-مىنى كۆرەلمىدىم، ئەمما مەن ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى پەرق ئېتەلەي-مەن، — دېدى تاش قىينالغان ھالدا ئېسىگە ئېلىپ.

— ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى پەرق ئېتەلەيمەن؟ بۇ قانداق گەپ؟ — دېدى چېڭ دامو ئالدىراپ.

تاش مۇقىملاشتۇرۇپ:

— مەن يەرگە يىقىلىۋاتقاندا ئۇلاردىن بىرىنىڭ يەنە بىرسى-نىڭ ئىسمىنى چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىغانىدەك قىلدىم.

— ئېسىڭگە ئالالامسەن؟ كىمنىڭ ئىسمىنى چاقىردى؟ — دېدى چېڭ دامو تاشقا قاراپ ئۈمىد بىلەن. تاش بېشىنى چايقاپ:

— ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەن، — دېدى.

— يەنىمۇ ئوبدانراق ئويلاپ باققىن، — دېدى چېڭ دامو سەۋرچانلىق بىلەن.

خېلى ۋاقىت جىم تۇرغاندىن كېيىن، تاش خۇددى بىردىنلا چۈشىدىن ئويغانغانىدەك:

— ئېسىمگە كەلدى، مەن بىرسىنىڭ تۇرغۇن دەپ چاقىرغان-لىقىنى ئاڭلىدىم، ئارقىدىن ئۇلارنىڭ يىراقلاپ كەتكەن ئاياغ تىۋى-شىنى ئاڭلىدىم، — دېدى.

— تۇرغۇن؟ ئۇ ئىكەرچى يېزىسىنىڭ قۇرۇق كەنتىدىكى تۇرغۇنمۇ قانداق؟ دەرھال مەركىزىي ئۇچۇر ئىسكىلاتىدىن ئۇنىڭ بارماق ئىزىنى ئىزدەڭلار! — دېدى چېڭ دامو ۋاڭ لۇغا بۇيرۇق بېرىپ.

## 2

ۋاڭ لۇ تۇرغۇن ھەققىدىكى ماتېرىيالنى ما جيەنجۈڭغا بەرگەن-دىن كېيىن، ما جيەنجۈڭ بىردىنلا ھاياجانلاندى، ئۇ ئۆزىنىڭ

سەزگۈسىگە تايىنىپ بۇ دېلونى پاش قىلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنىڭ ئىنتايىن چوڭ ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلدى.

ئېھتىياتچانلىقنى كۆزدە تۇتۇپ ساقچىخانا باشلىقى ئەركىن تۇرغۇن ھەققىدىكى ئەھۋاللارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېنىقلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ما جيەنجۇڭ بوستان شەھىرىنى نۇقتا قىلىپ 18 ياشتىن 28 ياش ئارىلىقىدىكى، بويىنىڭ ئېگىزلىكى 1 مېتىر 78 سانتىمېتىر ئەتراپىدىكى تۇرغۇن ئىسىملىك 5000 ياشنى بارماق ئىزى ئىسكىلاتىدىن بىرمۇبىر ئىزدىدى.

ئۇ تاڭ نۇرىنىڭ يېتىپ كېلىشۋاتقانلىقىغا قەتئىي ئىشەندى.

3

ساقچىخانا باشلىقى ئەركىن چىرايى تۇرۈلگەن ھالدا چېن داموغا:

— تۇرغۇن يوقاپ كېتىپتۇ! — دەپ دوكلات قىلدى.

ئالدىنقى بىر مەزگىلدە قۇربان شۇجىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر قەستكە ئۇچرىغانلىقتىن ساقچىخانىدىكى ساقچىلارنىڭ ھەممىسى بۇ دېلونى پاش قىلىشقا قاتناشقان، شۇ قالايمىقانچىلىقتا تۇرغۇننى نازارەت قىلىشقا كۆپ ساقچى ئاجرىتىشقا مۇمكىن بولمىدى، شۇ سەۋەبتىن ساقچىخانا باشلىقى ئەركىن تۇرغۇننىڭ دادىسىغا:

— ئوغلىڭىزنى قاتتىق باشقۇرۇڭ. بىرەر غەيرىي ئەھۋال كۆرۈلسە بىزگە دوكلات قىلىڭ، — دەپ تاپشۇرغانىدى.

ئۈچ كۈن ئاۋۋالقى بىر كېچىدە كەنتكە يوشۇرۇن قايتىپ كەلگەن ياسىن بىلەن مۇھەممەت تاتلىق ئۇخلاۋاتقان تۇرغۇننى مەجبۇرىي ئېلىپ كەتتى، تۇرغۇننىڭ ئاتا ـ ئانىسى قورقۇپ ساقچىخانا باشلىقى ئەركىنگە دوكلات قىلمىدى.

بۇ چاغدا، ۋاڭ لۇ بىلەن ما جيەنجۇڭ بارماق ئىزى ئۇچۇر ئىسكىلاتىدىكى ئىنتايىن نۇرغۇن بارماق ئىزلىرى ئىچىدىن تۇرغۇننىڭ باش بارماق ئىزىغا ئوخشايدىغان بىر ئىزنى ئاخىرى تېپىپ چىقتى. ما جيەنجۇڭ ۋاڭ لۇغا بۇرۇلۇپ:

— بۇ ناھايىتى ياخشى نەرسىكەن، بۇنى ئىزدەپ سىلىشتۇ-

روۋپ تېپىپ چىقىشىمىزنى ھەرگىز ئويلىمىغانىدىم، — دېدى.

— ھازىر بىز دەرھال تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى چېن داموغا دوكلات قىلايلى! — دېدى ۋاڭ لۇ.

ۋاڭ لۇنىڭ خۇشاللىقى ما جيەنجۇڭغىمۇ تەسىر قىلدى. شۇڭا ئۇ:

— تېز بولايلى، ھەممىسى سىېنىڭ تۆھپەڭ، سەن تېپىپ چىقتىڭ، — دېدى.

ۋاڭ لۇ ما جيەنجۇڭغا ئالىيىپ:

— كۆزۈڭ كىچىك بىر نېمىكەنسەن، نېمە سېنىڭ، مېنىڭ. بۇ ئادەمنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك دېلو، ھازىر بۇ كىمنىڭ تۆھپىسى دېگەننى دېيىشمەيلى! — دېدى.

ۋاڭ لۇنىڭ بۇ گېپى بىلەن ما جيەنجۇڭنىڭ چىرايى تۇرۇلدى، ئۇ ئاچچىق بىلەن تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئۈستەلگە تاشلاپ:

— مېنىڭ تۆھپەم بولمىسىمۇ تارتقان جاپايىمغۇ باردۇ، بۇنى سەن بېرىپ باشلىقلارغا دوكلات قىل، مەن كەتتىم، — دېدى.

ۋاڭ لۇ ئاچچىقى بىلەن ئارقىسىدىن ۋارقىرىدى:

— نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ — ئۇ تېلېفوننى ئېلىپ چېن دامونىڭ قول تېلېفونىغا تېلېفون ئۇردى.

چېن دامو ۋاڭ لۇنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆڭلى سەل ئارامىغا چۈشتى. بۇ بىر يىلدىن بۇيان ئارقا - ئارقىدىن دېلو يۈز بەردى، چېن دامونىڭ كۆڭلى زادى ئارام تاپمىدى، ئۇ ھەمىشە غەشلىك ئىچىدە يۈردى. ئەترەت باشلىقى بولغان چېن داموغا بولغان بېسىم ئىنتايىن چوڭ ئىدى، باشقىلار ئۇنىڭ روھىي يۈكىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرەلمەيتتى. ئۇ جىمغۇر، كەم سۆز، ئىچىدىكىنى ئاسان بىلدۈرمەيدىغان ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ مىجەزى ئۇچۇق گېپى بولسا دەۋېرىدىغان، ئاچچىقى كەلسە چىقىرىۋالىدىغان ما جيەنجۇڭنىڭكىگە ئوخشىمايتتى؛ ھەمىشە خۇشال يۈرۈيدىغان ئەلىنىڭكىگىمۇ ئوخشىمايتتى؛ ھەمىشە قىزىقچىلىق قىلىپ ئۆزىنىڭ روھىنى تەڭشىۋالىدىغان يالقۇنغىمۇ ئوخشىمايتتى؛ ئۆزىنىڭ كىشىلىك غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن باشقا روھىي يۈكى بولمىغان ۋاڭ لۇنىڭكىگە تېخىمۇ ئوخشىمايتتى. چېن دامونىڭ كۆڭلى ئىنتايىن

غەش ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى بۇ غەشلىكنى ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرلا سېزەلەيتتى، چۈنكى، ئۇنىڭ چىرايىدا ھەمىشە خاتىرجەملىك ئەكس ئېتەتتى. ئۇ ھەممىشە ئۆزىنىڭ ھەقدىقىي ھېسسىياتىنى سىرتقا بىلدۈرمەسلىكى، ھەممىشە چوقۇم ئۆزىنىڭ ئاكىلىق سالاپىتىنى ساقلىشى كېرەك ئىدى.

شۇ تاپتا كۆڭلى خېلى ئارامىغا چۈشكەن چېن دامو بارماق ئىزىنى سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى جۇڭ چېڭگا ئاغزاكى دوكلات قىلدى. جۇڭ چېڭ ئۆزىنىڭ كەسپىي سەزگۈرلۈكىگە ئاساسەن ياسىن ، مۇھەممەت، تۇرغۇنلار ئىمىن ھاجىنى ئۆلتۈرگەن جىنايەت گۇماندارلىرى، گەرچە بۇ ئۈچ ئادەمنىڭ ئىشلىرى كۆرۈنۈشتە ئېلياس سارىيىدىكى پارتلىتىش ۋەقەسى، قۇربان شۇجىنىڭ قەستىكە ئۇچراش دېلوسى بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چوقۇم ئىچكى باغلىنىش بار دەپ پەرەز قىلدى.

— دەرھال تۇتۇش بۇيرۇقى تەييارلاپ پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە بۇ ئۈچ جىنايەت گۇماندارىنى تۇتۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقىتىڭلار، — دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى جۇڭ چېڭ.

گەرچە جىنايەتچىلەرنى تۇتۇشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى قولدىن كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن جۇڭ چېڭ يەنىلا بىز «كىشىنى خۇشاللاندۇرىدىغان غەلىبىنى قولغا كەلتۈردۇق،» دەپ قارايتتى. ئۇ ئۈچ جىنايەت گۇماندارى چوقۇم يەنىلا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا، ئۇلار تېخى يىراققا قېچىپ كېتەلمىدى، ئەمما جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 10 مىليونغا يېقىن نوپۇس بار، ئۇلارنى زادى نەدىن ئاختۇرۇش كېرەك؟ دېگەنلەرنى پەرەز قىلدى. جۇڭ چېڭ بوستان شەھىرىنى مەركەز قىلىپ ئۇنىڭغا قوشنا بولغان ئىككى شەھەرنى قوشۇپ ئالا قويماي ئاختۇرۇشنى قارار قىلدى.

ۋاڭ لۇ ئالا قويماي ئاختۇرۇش دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى تازا چۈشىنەلمىدى. ئۇ چېن دامودىن:

— ئەترەت باشلىقى چېن دامو بىزنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ جىخ ئىدارىمىزدە زادى قانچىلىك ساقچىمىز بار؟ قانداق قىلىپ ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئالا قويماي ئاختۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ؟ —

دەپ سورىدى.

— سەن بۇنى بىلمەيسەن. ئىدارە باشلىقىمىز جۇڭ چېڭ دائىم «كوممۇنىستىك پارتىيە نېمە ئۈچۈن قالتىس؟» دېگەن گەپنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. كومپارتىيىنىڭ ئۇلۇغ يېرى ئەڭ ھالقىلىق پەيتلەردە ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ رولىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرالايدىغانلىقىدا. ئىدارە باشلىقى جۇڭ چېڭ ھەر قېتىم ئالا قويماي ئاختۇرۇش ھەرىكىتى ئېلىپ بارغاندا ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيە ياچېيكىلىرىغا، ئاممىنىڭ قوللىشىغا تايىنىدۇ، — دېدى چېن دامو.

— مۇنداق ئادەم دېڭىزى تاكتىكىسى ھازىر بەك ئارقىدا قالدىغۇ دەيمەن؟ دۇنيادىكى بەزى ئىلغار دۆلەتلەرنىڭ ساقچى ئىدارىلىرى جىنايەتچىلەرنى تۇتۇشتا يۇقىرى پەن - تېخنىكىغا تايىنىدۇ، — دېدى ۋاڭ لۇ مەنسىتمىگەندەك قىلىپ.

— بۇنى ئۇنداق سېلىشتۇرۇشقا بولمايدۇ. بىزنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئۇ ئىلغار دۆلەتلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئوخشىمايدۇ، بۇنى بىر تاياقتا ھەيدەشكە بولمايدۇ. سەن بۇ قېتىمقى قوغلاپ تۇتۇش ھەرىكىتىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئاندىن ئىدارە باشلىقى جۇڭ چېڭنىڭ سۆزىنىڭ قانچىلىك دانالىقىنى تولۇق ھېس قىلالايسەن، — دېدى چېن دامو ۋاڭ لۇغا قاراپ.

چېن دامو ئۆيىگە تېلېفون قىلىپ، بۇ بىرقانچە كۈن ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ يېزىغا چۈشۈپ جىنايەتچىلەرنى قوغلاپ تۇتىدىغانلىقىنى قىسقىلا قىلىپ چۈشەندۈردى. لەيلى ئېرىنىڭ ئەھۋالىدىن ناھايىتى ئەنسىرىدى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ سول كۆزىنىڭ بارغانسېرى خىرەلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ناھايىتى تىت - تىت بولدى. ئۇ چېن داموغا ئۆزىنىڭ بەك قورقۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، سول كۆزىنىڭ قارىغۇ بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى ئېيتماقچى بولدىيۇ، ئەمما گېپىنى يەنە ئىچىگە يۇتۇۋالدى. ئۇ چېن دامونىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى چۈشىنەتتى، ئۇ چېن دامو قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئېيتاي دەپ ئويلىدى. چېن دامونىڭمۇ كۆپرەك ئەھۋال سوراشقا چولىسى تەگمەيتتى، شۇڭا ئۇ تېلېفوننى قويۇۋەتتى.

# 4

يالقۇننىڭ چوڭ ئاكىسى تېلېفون بېرىپ، ئۇلارنىڭ روھىي كېسەللى بار سىڭلىسىنىڭ ئۆيدە يەنە چاتاق چىقارغانلىقىنى، ئۇنىڭ تېز قايتىشىنى ئېيتتى. لېكىن مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇ بۇ يەردىن قانداق كېتەلەيدۇ! يالقۇن ئۆزىنىڭ سىڭلىسىنىڭ روھىي كېسەللى بارلىقىنى ھېچكىمگە دېمىگەن، ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ چوڭ ئاكىسىنىڭ بىر مېيىپ ئىكەنلىكىنىمۇ ھېچكىمگە دېمىگەن. ئۇنىڭ ئائىلىدە يۈكى ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بېسىممۇ ناھايىتى ئېغىر ئىدى. ئۇ كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان بۇ قىيىنچىلىقنى ئەترەتتىكى خىزمەتداشلىرىغا دېيىشنى خالىمايتتى، ئېيتقان بىلەنمۇ نېمە مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ؟ ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتىشىنى خالىمايتتى. ئۇ بىر ئەركەك، بارلىق قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيتتى. ھازىر تۇرغۇن ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملاشتۇرۇلدى، ئەمما بۇ پەقەت بۇ قېتىمقى قاتىللىق دېلوسىنى پاش قىلىشنىڭ باشلىنىشىلا خالاس، ئۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى قوغلاپ تۇتۇش خىزمىتىنىڭ تېخىمۇ جاپالىق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يولغا چىقىش ئالدىدا تېز بېرىپ ئۆيىنى كۆرۈپ كەلدى.

يالقۇن ئەترەتكە تېز قايتىپ كەلدى، ما جيەنجۈڭ ۋە ۋاڭ لۇ مىلتىقلىرىنى سۈرتۈۋاتاتتى، چېن دامو ئىنتايىن تىت - تىت بولغان ھالدا تېلېفون ساقلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ يالقۇننى كۆرۈپلا:

— ئەلگە زادى نېمە بولدى؟ قول تېلېفوننى ئېتىۋېتىپتۇ، چاقىرغۇ قىلساممۇ قايتۇرمايۋاتىدۇ، ئۇنىڭ كونا كېسەللى يەنە قوزغىلىپ قالدىمۇ نېمە؟ — دېدى.

— ئۈچ توققۇزنى قوشۇپ ئۇردىڭىزمۇ؟ — دېدى يالقۇن.

— قوشتۇم، بىرقانچە قېتىم چاقىردىم، ئەمما زادىلا جاۋاب بولمىدى، بۇ جىددىي ئىشقا دەخلى يەتكۈزگەنلىك ئەمەسمۇ! — دېدى چېن دامو.

بۇياقتىكىلەر ئالدىراشلىقتىن پۇت - قولى يەرگە تەگمەيۋاتقانسا، ئۇياقتا ئەلى ئايالى پەردە بىلەن كۆڭۈل خۇشى قىلىۋاتاتتى.

ئەسلىدە پەرىدە ھامىلىدار بولغانىدى. ئۇ دوختۇرخانىنىڭ پىلۇس بەلگىلىك تەكشۈرۈش قەغىزىنى ئېلىپ كۆڭلى ئازار يېگەن ھالدا كۆزىگە ياش ئالدى. ئەلى ئامراق ئايالىنى ئۆيگە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنى كارىۋاتقا ياتقۇزدى، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭغا يوتقان يېپىپ چاي قۇيۇپ بەردى، ئۇنىڭغا ئاجايىپ قىزغىنلىق كۆرسەتتى. پەرىدە ئېرى يېنىدا بولسا ئۆزىنىڭ كۆڭلىنىڭ تېخىمۇ خاتىرجەم، بەختلىك بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئاستاغىنە ئۇنىڭ قول تېلېفونىنى ئېتىۋەتتى، چاقىرغۇسىنىمۇ ئېتىۋەتتى. ئۇ ئەلى بىلەن كۆڭۈللۈك ھالدا ئۇزۇنراق بىللە بولۇۋالماقچىدى، ئۇ ئېرىنى بەك ياخشى كۆرەتتى.

ئەلى ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا كارىۋاتتا پەرىدە بىلەنلا بولۇپ كەتتى، بىر مەھەل ئۇ ۋاقىتنىڭ مۇشۇنداق ئۆتۈشىنى، ھەرگىز تاڭ ئاتماسلىقىنى، پەرىدە بىلەن مەڭگۈ مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتىشنى خىيال قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ سۆيۈملۈك ئايالىنى ھەقىقەتەن بەك ياخشى كۆرەتتى. بىردىنلا ئەلى بىر نەرسىنىڭ غەيرىيلىكىنى ھېس قىلدى، بۈگۈن ئۇنىڭغا زادىلا تېلېفون كەلمىگەن ھەم چاقىرغۇ قىلىنمىغانىدى. ئۇ بۇلارنى ئويلاپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى ـ دە، ئۇ نەرسىلەرنى ئىزدىدى، ئەمما پەرىدە قەستەن ئۇنى ئەلىگە بەرمىدى. ئەلى تىت ـ تىت بولغان ھالدا ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىنى، تارتمىلارنى ئاختۇردى، پەرىدە ئەلىنىڭ كۆڭلىنىڭ ئۆزىدە ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ يېتىپ، رەنجىگەن ھالدا تېلېفون ۋە چاقىرغۇنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بەردى. ئەلى تېلېفون ۋە چاقىرغۇنىڭ ئېتىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنى دەرھال ئاچتى ۋە پەرىدەگە ئاچچىقلاندى. ئۇ پەرىدەنى ئاگاھلاندۇرۇپ:

ــ بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلماڭ. ئەگەر سىز سېغىنسىڭىز مەن قايتىپ كېلەلىسەملا چوقۇم قايتىپ كېلىمەن، لېكىن، ئىككىنچى قېتىم مۇنداق چاقچاقنى ھەرگىز قىلماڭ. ئەگەر تېلېفون ۋە چاقىرغۇ ئېتىۋېتىلىپ چوڭ ئىشقا تەسىر يەتسە، بۇ جاۋابكارلىقنى كىم ئۈستىگە ئالىدۇ؟ ــ دېدى.

ئەلىنىڭ بۇ گېپىدىن پەرىدە قورقۇپ كەتتى ۋە ئەپۇ سورىدى. بۇ چاغدا، ئەلىنىڭ تېلېفونى ۋە چاقىرغۇسى تەڭلا چىرقىراپ

كەتتى، چاقىرغۇدا ئۈچ توققۇز كۆرۈندى. ئەلى دەرھال كىيىملىرىنى كىيىدى، ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتى بايامقى ھالىتى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى.

ئەلى ئەتىرەتكە يېتىپ كەلگەندە باشقىلارنىڭ ھەممىسى مىتىسۇبىشى ماركىلىق ماشىنىغا چىقىپ ئۈنى ساقلاۋاتاتتى، ھەممەيلەننىڭ كۆزى ئۇنىڭغا خۇددى مىختەك قادىلاتتى، ئەلى ھەتتا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. چېن دامونىڭ ئۇنىڭ كاسىسىغا بىرنى تەپكۈسى كېلىپ كەتتى، ئەمما، ئۇ پەقەت غەزەپ بىلەن:

— نېمىدېگەن قاملاشمىغان قىلىق بۇ، چاققان ماشىنىغا چىق! — دېدى.

5

چېن دامو بارلىق ئادىمىنى ئېلىپ يولغا چىقتى، ئەتىرەتتە پەقەت ۋاڭ لۇلا قالدى، يولغا چىقىشتىن بەش مىنۇت ئىلگىرى چېن دامو بىردىنلا جوڭ چېڭدىن كەلگەن ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالدى:

— ۋاڭ لۇنى قالدۇرۇپ قوي، ئۇنىڭغا قىلىدىغان باشقا ئىش بار، — دېدى.

— بىرقانچە ئادەمنى كۆپرەك قالدۇرۇپ قويايمۇ قانداق؟ — دەپ سورىدى چېن دامو.

— ياق، ماڭا ۋاڭ لۇ بىلەن شوپۇر بولسىلا ۋاقىتلىق قوماندانلىق شتابىنى قۇرغىلى بولىدۇ.

جوڭ چېڭ ھەرىكەت ئېلىپ بارغاندا چوڭ كۈچ بىلەن ھەرىكەت قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى؛ ئەمما ھەرىكەتكە قوماندانلىق قىلغاندا ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىدا قالايمىقانچىلىق قىلىشىنى خالىمايتتى. ئۇ ھەرىكەتنى پىلانلىغاندا باشقىلارنىڭ پىكرىنى كۆپرەك ئاڭلاش، دېموكراتىيىنى يولغا قويۇش خىزمەتكە پايدىلىق، ئەمما ھەرىكەت باشلانغاندا دېموكراتىك پىكىرلەرنى يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈش كېرەك. بۇ چاغدا، يەنە باشقىلارنىڭ پىك-

رىنى ئاڭلايمەن دەپ يۈرسەڭ، ئۇ چاغدا سەن بىر لاياقەتسىز قوماندان بولۇپ قالىسەن، بۇنداق قىلغاندا بەلكىم جەڭ پۇرستىگە دەخلى يېتىپ قېلىشى مۇمكىن، دەپ قارايتتى. شۇڭا بەزى ساقچىلار جۇڭ چېڭنى «زومىگەر، مۇستەبىت» تەك كۆرەتتى. لېكىن كۆپلىگەن ساقچىلار ئۇنىڭغا ئىنتايىن قايىل ئىدى، ئۇنى ھەرىكەتكە قوماندانلىق قىلغاندا سەگەكلىك، كەسكىنلىك بىلەن قوماندانلىق قىلىدۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقىرى دەپ تونۇيتتى.

ۋاڭ لۇنى ئۆزىنىڭ يېنىدا ئېلىپ قېلىش جۇڭ چېڭنىڭ ھېلىلا چىقارغان قارارى ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ۋاڭ لۇنىڭ قەلبى زىددىيەتلىك ئىدى. ۋاڭ لۇنىڭ خىزمىتى توغرىسىدا ۋاڭ لۇنىڭ دادىسى ئەزەلدىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن جۇڭ چېڭغا بىرەر نەرسىنى دەپ باقمىغان، جۇڭ چېڭمۇ بۇ ئىش توغرىسىدا ئۇنىڭدىن سوراشقا خىجىل بولاتتى، گەپ جايىدا سورالماي قالسا ئارىدا ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. جۇڭ چېڭنى خۇشال قىلىدىغىنى، ۋاڭ لۇ ئەزەلدىن ھېچكىمگە ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى ئېيتمىدى، بۇ ھەقتە ئۆزىنى كۆرسىتىپ ماختانمىدى.

ۋاڭ لۇ جۇڭ چېڭ بىلەن چېن دامو تاللىغان ياخشى مايسا ئىدى، جۇڭ چېڭنىڭ ئويى ۋاڭ لۇنى ئىقتىدارلىق، قابىلىيەتلىك ساقچى قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئىدى. ئەمما، ئۇ ھازىر ۋاڭ لۇنىڭ دادىسىنىڭ ۋاڭ لۇنى جەنۇبىي شىنجاڭدا داۋاملىق قالدۇرىدىغانلىقى ياكى ئۇنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتىشىنىڭ ۋاڭ لۇغا ئالتۇن ھەل بەرگۈزۈش ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ناۋادا، ۋاڭ لۇ بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئەۋەتىلىپ بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، جۇڭ چېڭ بۇ جاۋابكارلىقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايتتى. شۇڭا جۇڭ چېڭ ھازىر ئۆزىنىڭ بىر روھىي يۈكنى ئۈستىگە ئېلىۋالغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. ئۇ ۋاڭ لۇدىن بىرەر ئىش چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ۋاڭ لۇنى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قېلىش نىيىتىگە كەلگەنىدى.

ۋاڭ لۇ ئالدىدا جۇڭ چېڭنىڭ ئۆزىنى ئېلىپ قالغانلىقىغا نارازى بولدى، ئارقىدىن بۇ ئۈچ كىشىلىك ۋاقىتلىق قوماندانلىق

شتابىنىڭ قوزغىلىۋاتقانلىقىنى قىزىقىپ قالدى. ئۇ باشتىلا جۇڭ چېڭنى ناھايىتى سىرلىق كىشى دەپ قارايتتى، بۇ قېتىم ياخشى بولدى، ئۇ ئەمدى جۇڭ چېڭنىڭ كارامىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدىغان بولدى، شۇڭا ۋاڭ لۇنىڭ قايغۇسى خۇشاللىقتا ئۆزگەردى.

جۇڭ چېڭ ۋاڭ لۇغا ئىككى ۋەزىپە تەقسىم قىلىپ بەردى: بىرى، ھەرقايسى تەرەپلەردىن كەلگەن ئۇچۇرلارنى ئۆز ۋاقتىدا يىغىش - تۈۋەنگە يەتكۈزۈش؛ يەنە بىرى، تەشكىلات بۆلۈمىدىن كەلگەن كادىرلار ئىشلىرى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى كۈتۈۋېلىش.

— ئىدارە باشلىقى جۇڭ چېڭ، مۇشۇ كىچىككىنە ئىشلىمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ لۇ نارازى بولغان ھالدا.

— ئەگەر بۇ ئىشلارنى ناھايىتى ياخشى ئورۇنلىيالىساڭ، سەن ناھايىتى قالتىس ئىش قىلغان بولىسەن، — دېدى جۇڭ چېڭ.

يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان تەشكىلات بۆلۈمىدىن كەلگەن ئۈچ كىشىلىك تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈش خىزمىتى جۇڭ چېڭلارنىڭ ئىشى بىلەن تەڭلا ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. باشتا ئۇلار جۇڭ چېڭدىن باشقا بارلىق ساقچىلار بىلەن بىرمۇبىر سۆھبەتلىشىپ چىقتى، ئۇنىڭدىن كېيىن تۆۋەنگە چۈشۈپ كەڭ تۈردە ئەھۋال ئىگىلەش، تەكشۈرۈش خىزمىتى ئېلىپ باردى. ئىلياس سارىيىدا پارتلاش ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن دېلولار ئارقا - ئارقىدىن يۈز بېرىپ زادىلا توختىمىدى، ئەكسىچە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى دەل مۇشۇ ۋاقىتتا كەلدى.

— بۇ بىزگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرگەنلىك ئەمەسمۇ؟ ناھايىتى شۇ مېنى مۇئاۋىن نازىر قىلمىدىغان ئىشتۇ، ئەمما ھازىر ئەڭ مۇھىمى بۇ دېلولارنى پاش قىلىش، — دېدى جۇڭ چېڭ.

تۇرغۇن توغرىسىدىكى يېپ ئۇچى ئەمدىلا تېپىلىشىغا تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى جۇڭ چېڭغا تېلېفون بەردى، ئۇ ئۆزلىرىنىڭ تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشقانلىقىنى، ئەمدى جۇڭ چېڭنىڭ ئۇلارغا يېتەرلىك ۋاقىت ئاجرىتىپ بېرىشىنى، ئۆزلىرىنىڭ جۇڭ چېڭ بىلەن ئوبدان بىر پاراڭلىشىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېيتتى.

— مېنىڭ ھەقىقەتەن ۋاقتىم يوق، ئەگەر سىلەر ئىشەنمەسەڭلار مەن بىلەن بىللە دېلو پاش قىلىشقا قاتنىشىپ، مېنىڭ ۋاقتىمنىڭ بار - يوقلۇقىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرۈپ بېقىڭلار؟ — دېدى جۇڭ چېڭ.

جۇڭ چېڭ ئەسلىدە ئۇلارغا شۇنداق دېسەم ئۇلار ئامالسىز قېلىپ بۇ ئىشنى بولدى قىلىدۇ دەپ ئويلىغانىدى. بىراق، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئىنتايىن تەكەللۇپ بىلەن:

— ئەگەر سىزنىڭ ۋاقتىڭىز زادىلا بولمىسا ئۇنداقتا بىزمۇ سىز بىلەن بىللە دېلو پاش قىلىشقا قاتنىشايلى، بىر تەرەپتىن ئىشلىگەچ بىر تەرەپتىن پاراڭلىشايلى، — دېدى.

— سىلەر دېگەن يۇقىرىدىن ئەۋەتكەن كىشىلەر، سىلەرنىڭ ئىختىيارىڭلارچە بولسۇن! — دېدى جۇڭ چېڭ ئامالسىز.

## 6

جۇڭ چېڭنىڭ قوماندانلىق شتابى ئۆزىنىڭ «مىتسۇبىشى» ماركىلىق ماشىنىسىدا قۇرۇلغانىدى، ماشىنىغا سىمسىز تېلېگراف ئاپپاراتى، تېلېفون، قول تېلېفون ئورۇنلاشتۇرۇلغان، يەنە ۋاڭ لۇنىڭ قول كومپيۇتېرىمۇ ئېلىپ كېلىنگەنىدى.

«مىتسۇبىشى» ماركىلىق ماشىنا تېز سۈرئەت بىلەن كېتىۋاتاتتى، جۇڭ چېڭ قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى بوستان شەھىرىگە يېتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ بۇ شەھەر ئېھتىمال ئۈچ جىنايەت گۇماندارىنى تۇتۇشتىكى مۇھىم جاي بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايتتى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىمۇ قاراڭغۇ چۈشۈشتىن ئىلگىرى بوستان شەھىرىگە يېتىپ كەلدى.

— ۋاڭ لۇ، سەن ھېس قىلدىڭمۇ؟ ئالا قويماي ئاختۇرۇش ھەقىقەتەن دېڭىزدىن يىڭنە ئىزدىگەندەك ئىش بولۇۋاتىدۇ! — دېدى جۇڭ چېڭ سوئال قىلىپ.

— توغرا، مەنمۇ شۇنداق قارايمەن، — دېدى ۋاڭ لۇمۇ سوئال قىلىپ.

— ئەمما بۇ دېڭىزدىن يىڭنە ئىزدەشتە مېنىڭ كاللامدا نىشان

بار. يەنى بۇنىڭدا مۇھىم نۇقتا ۋە تاللىشىم بار. مەسىلەن، ئادەم-لەردە ئادىمىيلىك تەبىئەت، يامان كىشىلەردە يامان تەبىئەت بولىدۇ. يامان كىشىلەر قايسى يولدا ماڭىدۇ؟ ئەلۋەتتە ئەگرى چەت، خىلۋەت يوللاردا. ئادەتتە كىشىلەر ماڭمايدىغان جايلاردا ماڭىدۇ. شۇڭا، بۇ دېلونى ئېلىپ ئېيتساق بۇ ئەبلەخلەر چوقۇم قۇملۇق تەرەپلەرگە، سازلىق، شورلۇق جايلارغا قاراپ قاچىدۇ، شۇڭا بىز بولۇپمۇ قۇملۇق، شورلۇق جايلار ئەتراپىغا جايلاشقان چەت كەنت-لەردىكى ھەرىكەتلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك، مانا مۇشۇنداق قىلساق مۇھاسىرە چەمبىرىكى كىچىكلەيدۇ ئە-مەسمۇ؟ — دېدى جۇڭ چېڭ.

ۋاڭ لۇ يا توغرا يا خاتا دېمەي بېشىنى چايقىدى:

— بۇ جاي ناھايىتى چوڭ، چەكسىز، ئېنىق بىر نىشاننى بېكىتمەك تەس.

— ئۇنداق بولۇشى سەن بۇ كەڭ زېمىن بىلەن بەكلا ناتو-نۇش، خەلق ئاممىسىغا بولغان ئىشەنچىڭمۇ كەمچىل. مەن ساڭا ئېيتاي ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، جەنۇبىي شىنجاڭدا بەزى دېلولارنى بىزنىڭ ئەڭ ئىلغار مەركىزىي ئۇچۇر ئىسكىلاتىغا ئىگە بولغانلىقىمىز بىلەنلا پاش قىلىپ چىققىلى بولمايدۇ، شۇنداقلا يەنە بىزنىڭ قوراللىرىمىزنىڭ ئىنتايىن ئىلغار بولغانلىقى بىلەنلا غەلى-بىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. نۇرغۇن ئىشلاردا كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە يەرلىك ئامىللار ئىنتايىن مۇھىم، بۇ نۇقتىنى سەن ئاستا-ئاستا چۈشىنىۋالىسەن، — دېدى جۇڭ چېڭ.

ۋاقىتلىق قوماندانلىق شتابى ئەمدىلا قۇرۇلۇشى بىلەنلا ھەر خىل ئۇچۇرلار قول تېلېفونى، تېلېفون، سىمسىز تېلېگراف ئاپپا-راتى ئارقىلىق ئۇچۇر مەركىزىگە توپلاندى. ۋاڭ لۇ بۇ ئۇچۇرلاردىن بوستان شەھىرىگە قاراشلىق ھەرقايسى يېزا - كەنتلەردىكى پۇقرا-لارنىڭ ھەممىسىنىڭ سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلدى. ۋاڭ لۇ يەنە بۇ ئۇچۇرلاردىن چېن دامو، ما جيەنجۇڭ. يالقۇن، ئەلىلەرنىڭ بوستان شەھىرىدىكى تۆت رايوندا يىپ ئۇچىنى ئىزدە-ۋاتقانلىقىنى بىلدى.

كەچ كىرگەندە ۋاقىتلىق قوماندانلىق شتابىغا يوللانغان يىپ

ئۈچى 100 نەچچىگە يەتتى، قايسى ئۈچۈرلارنىڭ قىممىتى بار؟ قايسى ئۈچۈرلار يالغان؟ جوڭ چېڭ بۇ ئۈچۈرلار ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىۋاتاتتى، شۇنداقلا يۇقىرىغا ئۈچۈر يوللىغان ئورۇنلارغا يول-يورۇق بېرەتتى. جوڭ چېڭنىڭ تەپەككۇرى توختىماي چاپاتتى، ۋاڭ لۇ ئۇنىڭ مەڭگۈ چۇۋالچاق ئىشلار بىلەن بەند بولۇپ قالمايدى-غانلىقىنى، ئۇنىڭ ھەربىر ئىشنى ئىنتايىن تېز بىر تەرەپ قىلىدى-غانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى. ۋاڭ لۇ ئالدىراش ئىشلىگەچ جوڭ چېڭنى كۆزىتەتتى، ئۇ ئۆزى بىلەن جوڭ چېڭ ئارىسىدا ئاسمان - زېمىن پەرق بارلىقىنى ھېس قىلدى.

ئىككىنچى كۈنى چۈشتە جوڭ چېڭ ھاياجانلانغان ھالدا:

— بۈگۈن قانچىلىك ئاممىنىڭ بىزگە ياردەملىشىپ قاتىللار-نىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەمسەن؟ 100 مىڭ ئادەم! چۆل - جەزىرىلەر، داللار، ئورمانلىقلار، ئۆستەڭلەرنىڭ ھەممىسىدە بىزنىڭ قاراۋۇللۇق ئورۇنلىرىمىز بار. ھەممە يەردە ئامما ئۆزلۈكىدىن قوزغىلىپ بىزگە ياردەملىشىۋاتىدۇ. بىر ساقچى بولغان سەن بۇنىڭدىن ئىپتىخارلىق ھېس قىلمامسەن؟ خەلق ھەم-مىسى بىز تەرەپتە، خەلق بىزنى ئۆزىنىڭ تۇۋرۇكى دەپ ھېسابلاۋا-تىدۇ، ھازىر خەلق بىزگە تايىنىۋاتىدۇ، بىزمۇ خەلققە تايىنىۋاتە-مىز. ئېيتە، خەلق بىزگە ئىشىنەمدىكەن؟ — دېدى جوڭ چېڭ

سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلىنىپ، ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى نەملەشتى.

ۋاڭ لۇمۇ تەسىرلەندى، ئۇ ھەقىقەتەن مۇنداق قاينام - تاش-قىنلىق مەنزىرىنى ئەزەلدىن ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈپ باقمىغان. ئۇ سەندۇڭدىكى بىر كىچىك تاغلىق مەھەللىدە چوڭ بولغان، ئەجدادلىرىنىڭ شان - شەرىپى بىلەن ئۇ شۇ يەردىكى يۇرتداشلار-نىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشىپ كەلگەنىدى. جوڭ چېڭنىڭ ھېسسىيا-تى قايناپ تاشتى، ۋاڭ لۇنىڭ ھېسسىياتىمۇ قايناپ تېشىۋاتاتتى، ۋاڭ لۇ چىن قەلبىدىن:

— ئىشىنىدۇ! — دەپ جاۋاب بەردى.

— دەپ باقە، بۇ قانداق ئۇرۇش؟ بۇ بىر مەيدان خەلق ئۇرۇشى، خەلقنىڭ قوللىشى بولمىسا بىز مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىد-شەلمەيمىز، — دېدى جوڭ چېڭ.

ۋاڭ لۇ ئۆزى ھۆرمەت قىلىدىغان بۇ ئادەمنىڭ ئاجايىپ سالا-پىتىنى تولۇق ھېس قىلدى. ئۇ: مېنى بۇ يەرگە مانا مۇشۇ ئەزىمەت جۇڭ چېڭ ئېلىپ كەلگەن، دەپ ئويلىدى. جۇڭ چېڭ ۋاڭ لۇ ئۇچۇن بىر ئېتىقاد، بىر روھ ئىدى، ۋاڭ لۇ ئۆزىنىڭ ئېتىقادى ۋە ئىدىيىسىنىڭ جۇڭ چېڭنىڭ ئېتىقادى ۋە ئىدىيىسى بىلەن مۇمكىنقەدەر تېز بىرلىشىپ كېتىشىنى ئىنتايىن ئارزۇ قىلدى. تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ۋاڭ لۇ زامانىمىزدىكى بىر غايىلىك ياش ئىدى، ئۇ بىر قەھرىمانغا ئايلىنىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. بولۇپمۇ، ئۆزىنىڭ بۇ سېھرىي كۇچكە ئىگە قوماندانىنىڭ قول ئاستىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن بىر رازۋېدكىچى بولۇپ چىقىشى-نى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئۇنىڭدا شۇنداق ئىشەنچ بار ئىدى.

# يىگىرمە بەشىنچى باب

## 1

ياسىن، مۇھەممەت، تۇرغۇن ئۈچەيلەن كىچىك كوچىدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن ئۆزئارا غەلىبىسىنى تەبرىكلەشتى، ئازدىن ئۆزلىرى پاناھلىنىدىغان گەمىگە بېرىپ راسا بىر قېنىپ ئۇخلىۋالماقچى بولۇشتى. ئۇلار كۆرۈنۈشتە ناھايىتى خاتىرجەم قىياپەتكە كىرىۋېلىشقانىدى. ئەمما، ئۇزۇن ئۆتمەي بىر توپ ساقچىلار ۋەقە يۈز بەرگەن نەق مەيدانغا كەلدى. ئۇلارنى بىردىنلا قورقۇنچ باستى، چۈنكى ئۇلارنىڭ قوللىرىدا تېخى ئىمىن ھاجى ئاتا - بالىنىڭ قېنى بار ئىدى.

شىر ئەلى ياسىنغا: «ئىمىن ھاجىنى جايلىۋەتكەندىن كېيىن ئاۋۋال گەمىگە بېرىپ يوشۇرۇنۇڭلار، بۇ شامال ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاندىن قۇرۇم تېغىدىكى قورال - ياراغ زاۋۇتىغا بېرىڭلار، شۇ يەردە ئۇچرىشايلى دەپ قايتا - قايتا تاپىلىغانىدى. ئەمما، ياسىن بىردىنلا قارارىنى ئۆزگەرتتى، ئۇ گەمىگە بېرىپ يوشۇرۇنۇشنى خالىمىدى، ئۇ بۇ يەردە مۆكۈپ يېتىشنى خالىمايتتى. ئۇ مۇددەتتىن بۇرۇن قۇرۇم تېغىغا بېرىشنى قارار قىلدى. ئۇلار شۇ ماڭغىنىچە ئون نەچچە كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىن ئاخىرى بىر قۇرۇپ كەتكەن توغراقلىققا كەلگەندە ئاندىن قەدىمىنى توختاتتى، بۇ چاغدا تاڭ يورۇپ كەتكەنىدى.

ياسىن تۇرغۇننىڭ بەكلا قورقۇپ كەتكەن ھالىتىنى كۆرۈپ:

— قارا ئەپتىڭگە، نېمىگە ئوخشاپ قالدىڭ! خۇددى قاتىللار ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەم ئىمىن ھاجى ئەمەس سەندەك قورقۇپ كەتكىنىڭنى! — دەپ تىللىدى ئۇنى.

— مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى زادىلا خالىمايتتىم، مېنىڭچە ئۇ تېخى ھايات، ئەگەر ئۇ ئۆلمىگەن بولسا قانداق قىلىمىز؟ — دېدى

تۇرغۇن يىغلامسىراپ.

— ئىش ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى ئادەم ئۆلتۈرگەن ئىشنى تىلغا ئالمايلى، — دېدى مۇھەممەت ئاچچىق بىلەن.

— نېمىشقا تىلغا ئالمايدىكەنمىز، مەن خۇشاللىقىمدىن قا-قاقلاپ كۈلىمەن، سىلەر نېمىشقا كۈلمەيسىلەر؟ بىز مۆجىزىپەقىيەت قازاندۇق، بىز بىر چوڭ ياخشى ئىش قىلدۇق، بىز دىنىمىز ئۈچۈن بىر مۇناپىقنى يوقاتتۇق، قاقاقلاپ كۈلۈش كېرەك، ھا، ھا، ھا! — ياسىن ئۆزىچىلا كۈلۈپ كەتتى.

تۇرغۇن خۇددى يىغلاۋاتقاندەك ئاۋاز بىلەن:

— مەن سەندىن ئۆتۈنەي، كۈلمە، بىز چوڭ ئىشنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن نېمىشقا مەن يەنە قورقۇپ كېتىمەن؟ سەن بۇ چوڭ ئىشنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن بىز قەھرىمان بولىمىز دېمىگەنمىدىڭ! ئەمما بۇ ئۈچىمىزدىن باشقا ھېچكىم بىزنىڭ بۇ ئىشنى قىلغانلىقىمىزنى بىلمەيدۇ، ئۇنداق بولغاندا بىز بۇ ئىشنى بىكارغا قىلغان بولامدۇق؟ — دېدى.

مۇھەممەت ئۇنى تىللىدى:

— قايتىپ بېرىپ ھەممە كىشىگە بۇ ئىشنى بىز قىلدۇق دېمەكچىمۇ؟ سەن ساقچىلار بىزنى تۇتۇۋېلىپ ئېتىۋەتسۇن دېمەك-چىمۇ سەن؟ — دەپ تىللىدى.

تۇرغۇن قىلىدىغان گېپىنى تاپالماي:

— ئەمىسە بىز ھازىر قانداق قىلىمىز؟ — دېدى.

— نېمە قىلىمىز؟ داۋاملىق ئالغا قاراپ ماڭىمىز! ئادەم يوق يەرگە بېرىپ بىر مەزگىل يوشۇرۇنۇپ تۇرغاندىن كېيىن ئاندىن قايتىپ كېلىپ يەنە چوڭ ئىشلارنى قىلىمىز. شىرئەلى مەن ياسىننىڭ بىر مىللىي قەھرىمان ئىكەنلىكىمنى ياكى ئەمەسلىكىمە-نى كۆرۈپ قويسۇن! — دېدى ياسىن.

— ئەگەر قېچىپ كېتەلمىسەكچۇ؟ ئەگەر ساقچىلار بىزنى تۇتۇۋالسا قانداق قىلىمىز؟ — دېدى تۇرغۇن ئەندىشە بىلەن.

— ساقچىلار سېنى تۇتۇۋالسا ئېتىۋېتىدۇ! — دېدى ياسىن قاتتىق چېچىلغان ھالدا.

— سەن قانچىلىك پۇل ئېلىۋالدىڭ؟ — دەپ سورىۋىدى مۇھەممەت ياسىندىن.

— سەن نېمە قىلماقچى؟ مەن ساڭا ئېيتاي يېنىمدا بىر پۇڭ پۇل يوق! — دېدى ياسىن شۈبھە بىلەن.

— مەن سېنىڭ مۇشۇنداق قىلىدىغىنىڭنى بىلەتتىم، ئەگەر قورۇم تاغلىرىغا بارىدىغان يولنى ساقچىلار توسۇۋالغان بولسا بىز چەت ئەلگە قېچىپ كېتەمدۇق قانداق؟ — دېدى مۇھەممەت ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا.

ياسىن بىردىنلا قاتتىق چىچاڭلاپ كەتتى:

— ھۇ، خائىن، ھۇ قورقۇنچاق، ئەگەر قاچماقچى بولساڭ ئۆزۈڭ قېچىۋەر، مەن ياسىن ئۆلسەممۇ مۇشۇ تۇپراقتا ئۆلىمەن، ھەرگىز چەتكە چىقىپ كەتمەيمەن! — ياسىن تاپانچىسىنى چىقىرىپ خۇددى يېنىدا ھېچقانداق ئادەم يوقتەك ئاسمانغا قارىتىپ پۇلاڭلاتتى.

— ئەمما بىزدە ھامىنى بىر نىشان بولۇشى كېرەك-دە! سەن بىزنى باشلاپ چىقتىڭ، ئىشنى توگەتتۇق، ئەمدى تىرىكچىلىكىمىز ئورۇنلاشتۇرۇلمىسا بىز كېيىنكى كۈنلىرىمىزدە جېنىمىزنى قانداق باقىمىز؟ — دېدى مۇھەممەت نارازىلىق بىلەن.

— بۇلاڭچىلىق قىلايلى، بىزنىڭ قولىمىزدا ھازىر ئىككى تاپانچا، ئۈچ خەنجەر بار، بىز قورۇم تېغىدىكى بازىغا بارماي، قايتىپ بېرىپ بايلارنى، بانكىنى بۇلايلى. مەن ياسىن ئۆزۈمنىڭ قولىدىن چوڭ ئىشلارنىڭ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، — دېدى ياسىن ھاياجانلانغان ھالدا.

— ئۇ كېيىنكى ئىشلار، ئەمما ھازىر قانداق قىلىمىز، — دېدى مۇھەممەت خورسىنىپ.

— بىز قاچان ئۆيگە قايتىمىز؟ — دېدى تۇرغۇن تىت-تىت بولغان ھالدا.

— ئۆيگە قايتىمىز؟ بىز ئۆيگە قايتالمايمىز، — دېدى مۇھەممەت ئىچى ئىچىشقان ھالدا. ئۇ ئۇزۇنغىچە خورسىندى.

— خۇتۇن كىشىدەك يىغلامسىراپلا يۈرىدىغان بىرنېمىكەنسەن، سېنىڭ بۇ كېسىلىڭ مۇھەممەتكىمۇ يۇقتى. سەن ھەر ئىككىڭنىڭ قولىدىن چوڭ ئىش كەلمەيدۇ. تۇرۇش، دەرھال مېڭىش! ئارقىمىزدىن ساقچىلار قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك قىلىدۇ، —

دېدى ياسىن تۇرغۇننىڭ كاسىسىغا بىرنى تېپىپ.
«ساقچىلار قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك قىلىدۇ دېگەن» گەپنى ئاڭ-لىغان تۇرغۇن ئالاقزادە بولغان هالدا ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى.
شۇنىڭ بىلەن ئۈچەيلەن ئالدى ـ كەينىگە قارىماي قېچىشتى. ئۇلار جېنىمىزنى ساقلاپ قالىمىز، دەپ نىشاندىن ئادىشىپ قالدى. تاڭ سەھەردىن تاكى قاراڭغۇ چۈشكۈچە ھەر تەرەپكە چېپىپ يۈرۈش-كەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىگە خاتىرجەم بىر پاناھ جاي تاپالمىدى، ئۇلار ئالدىدا بىرەر بىخەتەر جاي يوق ئىدى.
بۇ ئۈچەيلەن ئىچىدە تۇرغۇن ھەمىشە ئارقىدا قالاتتى، ياسىن-نىڭ ئىچى پۇشتى. بىر قېتىم زەيكەشلىكتە كىچىك تەرەت قىلى-ۋاتقاندا ياسىن:
— بولمىسا بىز بۆلۈنۈپ قاچامدۇق؟ ئەمما بۇ يەردە بىر شەرت بار، ھەممىمىز قۇرۇم تېغىغا بارىمىز، ھېچكىمنىڭ ئۆيگە قايتىپ كېتىشىگە رۇخسەت يوق! — دېدى.
— سەن بىز ئىككىمىزنى تاشلاپ قېچىپ كەتمەكچىمۇ؟ — دېدى مۇھەممەت قايغۇ بىلەن ياسىنغا.
— بەربىر ئۆلىدىغان ئىش بولغاندىكىن، ئۆيدە ئۆلگىنىمىز ياخشى، — دېدى تۇرغۇن يىغلامسىراپ.
— سەن بىزنى سېتىۋەتمەكچىمۇ؟ — دېدى ياسىن تۇرغۇن-نىڭ كانىيىدىن ئېلىپ.
مۇھەممەت قىلچە يۈز ـ خاتىر قىلماي ياسىننى تارتتى:
— سەن ئاچچىقلىنىۋەرمە، هازىر بۇرۇنقى ۋاقىت ئەمەس، كېيىنلىك بولسا ياخشىلىقچە ئېيتمامسەن! — ئۇ بىرلا كۈچەپ ياسىننى ئىتتىرىۋەتتى، ياسىن سەنتۈرۈلۈپ يىقىلغىلى تاس قال-دى.
ياسىن تۇرغۇننى ئۇرماقچى بولغانىدى، ئەمما تۇرغۇن ۋارقى-راپ:
— مەن هازىرلا بېرىپ ئۆزۈمنى مەلۇم قىلىمەن، مەن يەنە دەرد ـ ئەلەم تارتىشنى خالىمايمەن! — دېدى ئۇ زەيكەش ئۈستىگە قاراپ ئۈمىلەپ ماڭغانىدى، ياسىن ئۇنى تارتىپ چۈشۈرۈۋالدى.

مۇھەممەت شۇئان تۇرغۇننىڭ ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ ئۇنىڭ ئاۋازىنى چىقارغۇزمىدى. تۇرغۇن بوغۇلۇپ يىغلاشقا باشلىدى.

ھازىر تۇرغۇن ئەڭ ئاجىز ۋە تۇراقسىز بىر ئامىل بولۇپ قالدى. ياسىن بىلەن مۇھەممەت بۇلارنى ئېنىق بىلدى. ئۇلار تۇرغۇننى كەتتىسىن ئېلىپ چىقتى، ئەمدى ئۇلار تۇرغۇننىڭ قايتىپ كېتىشىگە يول قويسا بولمايتتى.

«قارىغاندا ئۇ ئىشنى بۇزىدىغاندەك قىلىدۇ، ئەگەر زادىلا بولمىسا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەك» دەپ ئويلىدى ياسىن.

«ناۋادا، تۇرغۇن روھىي جەھەتتىن پۈتۈنلەي تۈگىشىپ كەتسە قانداق قىلارمىز؟ مەن تۇرغۇنغا قول سالالمايمەن، ئەڭ ياخشىسى ئۇلاردىن بىر ئامال قىلىپ قۇتۇلۇش كېرەك» دەپ ئويلىدى مۇ-ھەممەت.

ياسىن بىلەن مۇھەممەت بىر - بىرىگە قارىشىۋالدى، ئۇلار تەڭلا تۇرغۇننى ئارىغا ئېلىپ زەيكەشنى بويلاپ داۋاملىق قاچتى. نېملا بولمىسۇن بۇ يەر ھازىر تۇرغۇننى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان ياكى بولمىسا ھەممىسى ئۆز ئالدىغا قېچىپ كېتىدىغان جاي ئەمەس ئىدى، چۈنكى زەيكەش تاش يولغا بىر كىلومېتىرلا كېلەتتى.

تۇرغۇن قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى ۋە قاتتىق تىركەشكەنلىكى ئۈچۈن پۈتۈنلەي قارا تەرگە چۈمۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۇزۇن بۇدۇر چاچلىرى چېكىسىگە چۈشۈپ كۆزلىرىنى توسۇۋالغانىدى. ئۇ ھە-دەپ قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن يۈزىدىكى تەرلەرنى سۈرتەتتى. يا-سىن ئۇنى يىغلاۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ:

— يىغلاشنىلا بىلىسەن، ئەگەر يەنە يىغلاۋېرىدىغان بولساڭ سەن بىلەن كارىم يوق جۇمۇ! — دەپ تىللىدى.

## 2

تاشقورغان يېزىسى بوستان شەھىرىگە 60 كىلومېتىر كېلەت-تى، بۇ يېزىدا سەككىز كەنت بولۇپ، سەككىزىنچى كەنت بۇ يېزىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچە بوستانلىق، بۇ يەرنىڭ ئۇ تەرىپى چەكسىز، كۆز يەتكۈسىز شورلۇق دەشت ئىدى.

سەككىزىنچى كەنتتە 200 دىن كۆپرەك ئائىلە بولۇپ، نۇرلان-
نىڭ ئائىلىسى كەنتنىڭ ئەڭ بېشىدا ئىدى. بۇ يەرگە كەلگەن -
كەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتەتتى، شۇڭا
نۇرغۇن ئىشلار ئۇنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. نۇرلان 30
ياش ئەتراپىدىكى چوڭ كۆزلۈك، قارا قاشلىق، سەمىمىي، ساددا
دېھقان ئىدى. ئاخشام ئۇ ئايالى بىلەن تازا قىزىق ھەپىلىشىۋاتقاندا
ئىشىك چېكىلدى. نۇرلان چاقىرغان ئادەمنىڭ كەنت پارتىيە يا-
چېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ پايپېتەك بولغان ھالدا
يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى، ئەسلىدە پارتىيە ياچېيكا شۇجە-
سى ساقچىلارنى باشلاپ كەلگەن بولۇپ، بۇ يەرگە ناتونۇش ئادەملەر
كەلدىمۇ دەپ ئۆيمۇئۆي ئاختۇرۇپ كەلگەنىكەن.

— ياق، بىزنىڭ ئۆيگە ناتونۇش ئادەم كەلمىدى، — دېدى
نۇرلان بېشىنى چايقاپ.

— ئەمىسە سەن يات ئادەملەرنىڭ ئايالىڭنى ئىزدەپ كەلمە-
گەنلىكىگە كاپالەتلىك قىلالامسەن؟ — دېدى ئەلى نۇرلانغا قاراپ
قىزىقچىلىق قىلىپ. نۇرلاننىڭ يۈزلىرى ھۆپپىدە قىزىرىپ كەت-
تى.

ئەلى نۇرلاننىڭ روھىي ھالىتىنى كۆرۈپ دەرھال ئايالى پەرد-
دەگە بولغان يېقىنچىلىقلىرى ئېسىگە كېلىپ ئىختىيارسىز ھالدا
پەردەنى سىغىنىپ كەتتى. ئۇ جىددىي تۇردە نۇرلاننىڭ قولىغا بىر
تۇتۇش بۇيرۇقنى تاپشۇرۇپ چاقچاق بىلەن:

— ھە، ئىسمىڭ نۇرلانمۇ؟ نۇرلان، پۇتۇنلەي خوتۇن بىلەنلا
بولۇپ كەتمەي مۇنۇ ئۈچ ئەبلەخنىمۇ يادىڭدا تۇت، ئەگەر بىرەر
غەيىرىي ئەھۋال كۆرۈلسە بىزگە دوكلات قىلغىن، —
دېدى.

نۇرلان ساقچىلارنىڭ ئىمىن ھاجىنى ئۆلتۈرگەن قاتىللارنى
ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ شۇئان ھەقىقەتنى ياقلىغان ھالدا:

— بولىدۇ، بولىدۇ، ئېسىمدە تۇتۇۋالدىم، — دېدى.

نۇرلان ساقچىلارنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن دەرھال ئۆيىگە
يېنىپ كىردى، ئۇنىڭ ئايالى ئۇنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ياتات-
تى، نۇرلان دەرھال كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ يانا ئىسسىق

يوتقىنىغا شۇڭغۇيدى. بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئايالنىڭ قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ:

— توختاپ تۇر، بۇ ئۇچ ئەبلەخنىڭ چىرايى زادى قانداق قاراپ باقايلى، كېيىن كۆرسەك تونۇماي قالمايلى يەنە، — دېدى.

ئۇلار تۇتۇش بۇيرۇقىدىكى ياسىن، مۇھەممەت، تۇرغۇنلارنىڭ چىرايىغا ۋە قىسقىچە تەرجىمىھالىغا ئۇزاققىچە قاراپ ئېسىدە تۇتۇۋالدى. ئەتىسى ئەمدىلا تاڭ يورۇشىغا نۇرلان ناھايىتى روھلۇق ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ ئېشىكىگە ئوت ۋە سۇ بەردى، ئاندىن ئون نەچچە قوينى ھەيدەپ كەنت سىرتىغا ماڭدى. بۇ ئۇنىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەندە قىلىدىغان ئىشى ئىدى. نۇرلان قويلىرىنى ھەيدەپ كەنتتىن چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئالدى تەرەپتىن ناتونۇش ئۇچ كىشىنىڭ ئۇياق - بۇياققا قاراپ ئۆزلىرىنىڭ كەنتىگە قاراپ كېلىشۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئىچىدە كۈلۈپ: «كىمنىڭ گېپىنى قىلسا شۇ كەپتۇ دېگەندەك بولدى - دە، ئەتىگەندىلا بۇ ناتونۇش ئۇچ ئادەمگە ئۇچراپ قالغىنىمنى. قارىغاندا ئۇلار تۇتۇش بۇيرۇقىدىكى ئادەملەرگە ئوخشايدىكەن، ئۇلار ئەلى ساقچى دېگەن ھېلىقى ئۇچ بۇزۇق بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟ — دېدى ئۆز - ئۆزىگە. تاڭ تېخى ئەمدىلا يورۇغاچقا ئۇ ھېلىقى كىشىلەرنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! نەدىن كېلىشىڭلار؟ — دەپ سورىدى نۇرلان تەشەببۇسكارلىق بىلەن.

ياسىن ئىختىيارسىز ھالدا قولىنى تاپانچىسىغا ئۇزاتتى. مۇھەممەت: ئەگەر ئۇنىڭ سالىمىغا سالام قايتۇرمىساق چوقۇم بىزدىن گۇمانلىنىپ قالىدۇ دەپ ئويلىدى - دە:

— بىز كالا ئىزدەپ كەلدۇق، كالىمىز يوقاپ كەتكەنىدى، — دېدى.

ئۇنىڭ جاۋابى ئورۇنلۇق ئىدى، بۇ ئەتراپتىكى دېھقانلارنىڭ ھەمىشە قوي - كالىلىرى يىتۈپ كېتەتتى.

— ھە، كالا ئىزدەپ كەلگەنمۇ؟ سىلەر قايسى كەنتتىن؟ — دەپ سورىدى نۇرلان ئۇلاردىن.

— قۇرۇق كەنتىدىن، — دەپ ئۆزىنىڭ كەنتىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەردى تۇرغۇن.

نۇرلان چۆچۈپ كەتتى، تۇتۇش بۇيرۇقىدىكى بىر قاتىلنىڭ

ئىگەرچى يېزىسىنىڭ قۇرۇق كەنتىدىن ئىكەنلىكى ئۇنىڭ ئېسىدە ئىدى، «مۇشۇنداقمۇ ئۇدۇل كېلىپ قالىدىغان ئىش بولامدۇ!» دەپ ئويلىدى.

— كالائىلارنى ئىزدەپ بىزنىڭ كەنتكە كەپسىلەر - دە! كالائىلار قاچان يىتۇپ كەتكەن؟ — دېدى نۇرلان ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇلارنى ماڭدۇرماي.

شۇ چاغدا بىر كىشى ۋېلسىپىت بىلەن كەنتتىن چىقىپ كەلدى.

نۇرلان قەستەنگە ئۇنى چاقىرىپ:

— باتۇر، شۇنچە ئەتىگەندە نەگە ماڭدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— يېزىغا بىر ئىش بىجىرگىلى كېتىۋاتىمەن، نۇرلان سەھەردىلا چىقىپسىز - ھە! — دېدى ھېلىقى باتۇر دېگەن ئەر.

— باتۇر، ئوغلۇمنىڭ ئىشى قانداق بولدى، ۋېلسىپىتتىن چۈشىڭە، — نۇرلان باتۇرغا قول ئىشارىسى قىلدى. باتۇر ھەيران بولدى، نۇرلان ھېچقاچان ئۆزىگە ئوغلىنىڭ ئىشىنى بىجىرىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلمىغانىدىغۇ؟ ئۇ بۇنىڭ زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سورىماقچى بولۇپ تۇرغاندا، نۇرلان ئۇنىڭغا كۆز ئىشارىسى قىلدى، باتۇر ۋېلسىپىتتىن چۈشتى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ياسىن قاتارلىق ئۈچ كىشى غىپپىدىلا كەنتكە قاراپ ماڭدى.

نۇرلان ئاۋازىنى پەسەيتىپ باتۇرغا:

— تېز بېرىپ ساقچىخانىغا دوكلات قىلىڭ، بۇ ئۈچ ئادەم تۇتۇش بۇيرۇقىدىكى ئادەملەرگە ئوخشايدىكەن، مەن ئۇلارنى ئامال قىلىپ تۇتۇپ تۇراي، — دېدى.

باتۇر ۋېلسىپىتىنى مىنىپ دەرھال دوكلات قىلىشقا كەتتى.

نۇرلان يالغۇزلا قالغاچقا گەرچە ناھايىتى قورقۇۋاتسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنى تۇختىتىۋېلىپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭدى.

— ئاغىنىلەر، كالائىلار يىتۇپ كېتىپتۇ، مەن سىلەرگە ناھايىتى ھېسداشلىق قىلىۋاتىمەن، ھازىر سىلەرنىڭ قورسىقىڭلار ئېچىپ ئۇسساپ كەتتىڭلارغۇ دەيمەن، بىزنىڭ كەنتكە كىرىپ ئازراق چاي ئىچىپ قورسىقىڭلارنى تويغۇزۇۋېلىڭلار، — دېدى نۇر-

لان ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ئۇلارنى تەكلىپ قىلىپ.
ئۇلار نۇرلاننىڭ گۇمانلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىشقا ئامالسىز قالدى. بولۇپمۇ، تۇرغۇن ھازىر قورسىقىنى بىر تويغۇزۇۋېلىشقا تەشنا بولۇۋاتاتتى. مۇھەممەت ئىشنىڭ سەل چاتاقلىقىنى سېزىپ دەرھال كەينىگە بۇرۇلدى، نۇرلان دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنى تارتتى:
— ئاغىنە، تۇزۇت قىلماڭ، بىزنىڭ تاماقلىرىمىزنى، كاۋاپ-لىرىمىزنى، نانلىرىمىزنى تېتىپ بېقىڭ! — دېدى.
بۇ چاغدا، كەنتتىكىلەر ئىككى - ئۈچتىن بولۇپ كەنتتىن چىقىشقا باشلىدى. نۇرلان ناھايىتى خۇشال بولدى. ئۇ ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئاتا - بالا ئۈچەيلەنگە كۆز ئىشارىسى قىلىپ:
— ھەي، نەگە ماڭدىڭلار، سىرتتىن كەلگەن بۇ ئۈچ بۇرا-دەرنىڭ كالىسى يىتىپ كېتىپتۇ، ئۇلار بىر كېچە ئىزدەپتۇ، ھازىر بەك ھېرىپ قورسىقى ئېچىپ كېتىپتۇ، بىز ئۇلارنى كەنتىمىزگە كىرىپ، چاي ئىچىپ، ئازراق بىر نەرسە يەۋېلىشقا تەكلىپ قىلايلى، — دېدى.
نېمىلا بولمىسۇن، ئۇلار بىر كەنتتە ئۆزۈن بىللە ياشاپ ئۆتكەن كىشىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئەلۋەتتە بىر - بىرىنىڭ قەلبى-نى چۈشىنەتتى. دەسلەپتە ئۇلارمۇ باتۇرغا ئوخشاشلا ئالدىدىكى بۇ ناتونۇش كىشىلەرگە ئانچە پەرۋا قىلمىدى، ئەمما نۇرلاننىڭ گېپى بىلەن ئۇلارمۇ بىرەر نەرسىنى سەزگەندەك قىلدى. تونۇگۇن ئاخ-شام جەنۇبىي شىنجاڭ ج خ ئىدارىسىدىكى ساقچى ئەلى ئۇلارنىڭ ئۆيىگىمۇ تونۇش بۇيرۇقنى ئەكېلىپ بەرگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ مېھمانلارنى ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي كەنت كومىتېتىغا ئې-لىپ كەلدى.

## 3

تاشقورغان يېزىلىق ساقچىخانىنىڭ باشلىقى ۋە بىرلەشمە مۇدا-پىئە ئەترىتىدىكى ئابلىمىت ئىشخانىدا دېجورنىلىق قىلىۋاتاتتى، باتۇر تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا ھاسىرەپ - ھۆمۈدەپ كىرىپ كەلدى:
— ئۆمەر سوجاڭ! سىزگە دوكلات قىلىدىغان جىددىي ئەھ-

ۋال بار!

ساقچىخانا باشلىقى ئۆمەر قىرغىز بولۇپ، ئۇنىڭ بويى ئانچە ئېگىز بولمىسىمۇ لېكىن ناھايىتى قاۋۇل، كۆزلىرى يوغان ھەم كۆك، مەڭزى قىزىل، بورنى سەل پاناق، بۇدۇر چاچلىق ئادەم ئىدى. ئۇ:

— سىز قايسى كەنتتىن، مېنى تونومسىز، نېمە جىددىي ئىش بار ئىدى؟ — دېدى.

— تېز بىزنىڭ كەنتكە بارساڭلار! ئۇ ئۈچ ئادەم تۇتۇش بۇيرۇقىدىكى ئادەملەرگە ناھايىتى ئوخشايدىكەن، — دېدى باتۇر ناھايىتى جىددىيلىك بىلەن.

ئۆمەر ئۈچ ئادەم دېگەن گەپنى ئاڭلاپلا شۇئان جىددىيلەشتى - دە، ئابلىمىتقا:

— مەن بېرىپ باقاي! — دېدى.

بۇ ساقچىخانىدا ئەسلىدىنلا ئادەم ئاز ئىدى، مۇئاۋىن ساقچىخانا باشلىقى ئۈچ ساقچىنى ئېلىپ تونۇگۈن كەچتە ئەلى بىلەن ھەرقايسى كەنتلەرگە بېرىپ ئۈيمۇ ئۈي تەكشۈرۈشكە كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ساقچىخانىدا پەقەت ئۈچلا تاپانچا بولۇپ، ئۇنى مۇئاۋىن ساقچىخانا باشلىقى ئېلىپ كەتكەنىدى. ساقچىخانا باشلىقى ئۆمەر بىرلەشمە مۇداپىئە ئەترىتىنىڭ ئەزاسى ئابلىمىتنى ساقچىخانىدا قويۇپ، ئۆزى ماشىنىنى ھەيدەپ تاشقورغان يېزىسىنىڭ سەككىزىنچى كەنتىگە ماڭدى. ئۇ: تونۇگۈن ئاخشامدىن ھازىرغىچە يەتتە - سەككىز ئادەم ئەھۋال مەلۇم قىلىپ گۇمانلىق ئادەملەرنى ئۇچراتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى. بۇ قېتىمقىسىمۇ يالغان بولۇپ قالمىسۇن يەنە، دەپ ئويلىدى.

كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بۇ ئۈچ كىشىنىڭ ئالدىغا قىزغىنلىق بىلەن چاي ئەكەلدى، ئۈچ كىشى ھېچ نەرسىگە قارىماي ئاچ قالغان كىشىلەردەك نان يېيىشكە باشلىدى، ئەمما ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا سىرتتا جىپ ماشىنىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— بولمىدى! — ياسىن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ سىرتقا قاراپ ئېتىلدى; ئۇ ئىشىكتىن چىقىشىغا ئۆيگە كىرىپ كېلىۋاتقان ساقچى باشلىقى ئۆمەر بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى، ئۆمەرمۇ تۇرۇپلا

قالدى، گەرچە ئۇ تۇتۇش بۇيرۇقىدىكى سۈرەت بىلەن ئانچە ئوخشاپ كەتمىسىمۇ، لېكىن ئاساسىي تۈرقى يەنىلا ئوخشايتتى، ئۇ ئۆزى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغان بۇ پاكار ئادەمنىڭ ياسىن ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. ئۆمەر ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ تەمكىن هالدا:

— مەن بۇ يېزىلىق ساقچىخانىنىڭ باشلىقى، كىملىكىڭلارنى چىقىرىڭلار! — دېدى. ساقچىخانا باشلىقى ئۆمەر ئۇلاردىن جىددىي تۈردە سوئال سورىغاچ، ئۇلارغا قوللىنىدىغان تاكتىكا ئۈستىدە ئويلىناتتى: بۇ ئۈچ كىشىنى قانداق بويسۇندۇرۇش كېرەك؟ گەرچە ئۇنىڭ يېنىدا هازىر ئۈچ - تۆت دېهقان بولسىمۇ، لېكىن ئادەتتە ئۇلار جىددىي پەيتتە هەمكارلىشىپ باقمىغان، ئۇلارنىڭ دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش تەجرىبىسى كەمچىل، شۇ سەۋەبتىن جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان بۇ قاتىللارغا تاقابىل تۇرۇش ئانچە ئاسان ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال ئۇلارنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇش كېرەك ئىدى.

مۇهەممەت بىلەن تۇرغۇن ئەزمىلىك بىلەن يانچۇقىدىن يالغان كىملىكنى چىقاردى.

ياسىننىڭ كىملىكى يوق ئىدى، ئۇ تۈرمىدىن قېچىپ چىققاندىن تارتىپ تا هازىرغىچە جەمئىيەتتە سوقۇنۇپ يۈرەتتى، ئۇنىڭ توغرا كەسپى يوق ئىدى، ساقچىلار ئۇنىڭ ئۆيىگە نەچچە قېتىم ئىزدەپ كەلگەن بولسىمۇ ئۇنى زادىلا ئۇچرىتالمىغانىدى. ئۆمەر ئېغىشىپ كىملىكنى تەكشۈرۈۋاتقان پەيتتىن پايدىلىنىپ، ياسىن باتۇرنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالدى، ئۇ مۇنداق تىركىشىپ تۇرىۋەرسە قاچالمايدىغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم قانلىق يول ئېچىپ بۇ يەردىن قېچىپ كېتىش كېرەكلىكىنى هېس قىلدى. ئۇ پۇقرالارنىڭ قان تۆكۈلۈشتىن، مىلتىقتىن قورقىدىغان هېسسىياتىنى بىلەتتى. پۇقرالار قان تۆكۈلگەننى كۆرسە دەرهال قاچاتتى، شۇڭا ئۇ ئاۋۋال قول سېلىش نىيىتىگە كەلدى.

كەنت ياچېيكا شۇجىسى خەۋپ - خەتەرنىڭ يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى زادىلا سەزمىدى. ئۇ چاغدا، ئۇ ساقچىخانا باشلىقى ئۆمەرگە ياردەملىشىپ مۇهەممەت بىلەن تۇرغۇنغا:

— يېنىڭلاردا پىچاق بارمۇ؟ چىقىرىڭلار! — دېدى.

مۇھەممەت بىلەن تۇرغۇن يەنە ئەزمىلىك بىلەن يېنىغا ئېسە-
ۋالغان پىچاقلىرىنى چىقاردى.
ساقچىخانا باشلىقى ئۆمەر بىردىنلا ياسىننىڭ كەنت ياچېيكا
شۇجىسىغا يېقىنلاشقانلىقىنى كۆردى - دە:
— ئەھۋال چاتاق! — دەپ شۇئان كويزىنى چىقىرىپ
ئالدىغا ئېتىلدى، ئۇ ياسىننىڭ قولىغا كويزا سالماقچى بولدى.
كىم بىلسۇن؟ ياسىن تۇيۇقسىز تاپانچىسىنى چىقىرىپ كەنت ياچېي-
كا سېكرېكتارىنىڭ بېشىغا تەڭلىدى.
— قولۇڭنى تارت! — ساقچىخانا باشلىقى ئۆمەر ياسىنغا
ئېتىلىپ تاپانچىسىنى قايرىدى. ياسىننىڭ تاپانچىسى ئېتىلىپ،
ساقچىخانا باشلىقى ئۆمەرنىڭ بويىنىغا ئوق تەگدى. ئوق تەگكەن
جايدىن شۇ ھامان قان جىرىلداپ ئاقتى.
بەختكە قارشى مۇھەممەت ئاتقان ئوق پارتىيە ياچېيكا شۇجى-
سىغا تەگدى.
نەق مەيداندىكى دېھقانلار قورقۇپ كەتتى، ئۇلار مۇنداق قاتىل-
لىق دېلوسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدىلا يۈز بېرىشىنى زادىلا ئويلى-
مىغانىدى. بولۇپمۇ، ئەڭ ئاۋۋال ئەھۋالنى سەزگەن نۇرلان قېتىپ
تۇرۇپلا قالدى، ئەمما ساقچىخانا باشلىقى ئۆمەر يەنىلا باتۇرلۇق
بىلەن ياسىنغا ئېتىلدى، ئۇ ياسىننىڭ پۇتىغا چىڭ ئېسىلىۋېلىپ،
ئۇنىڭ قېچىپ كېتىشىگە ئىمكانىيەت بەرمىدى. مۇھەممەت پۇر-
سەتتىن پايدىلىنىپ ساقچىخانا باشلىقى ئۆمەرنىڭ دۈمبىسىگە ئۈچ
پىچاق سالدى، ئۆمەرنىڭ قوللىرى بوشىشىپ كەتتى. شۇنىڭ
بىلەن ياسىن بىرلا يۇلقۇنۇپ ئۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلدى - دە،
ئۆزلىرىنى قوغلىماقچى بولغان دېھقانلارغا تاپانچىنى تەڭلەپ تۇ-
رۇپ:
— ھەممىڭ نېرى كېتىش، كىم ئارقىمىزدىن قوغلايدىكەن
ئېتىپ تاشلايمەن، — دەپ ۋارقىرىدى.
ئۈچەيلەن قېچىپ كېتىۋېتىپ ئارقىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان
نۇرلان قاتارلىقلارغا ئوق ئاتاتتى، بۇ ھال تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر-
نىڭ ئۇلارغا يېقىنلىشىشىغا ئىمكانىيەت بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن
بۇ ئۈچەيلەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كەتتى.

ساقچىخانا باشلىقى ئۆمەرنىڭ كىيىملىرى پۈتۈنلەي قان بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھوشى جايىدا ئىدى. ئۇ بۇ قاتىللار-نى ھەرگىز قاچۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ دېگەن ئويدىلا ئىدى. ئۇ گەرچە يارىلانغان بولسىمۇ، ئەمما قەيسەرلىك بىلەن ئۇنى نەچچە مېتىر يەرگىچە قوغلىدى. ئۇنىڭ ئىزى پۈتۈنلەي قان بولۇپ كەت-كەنىدى.

دېھقانلار ساقچىخانا باشلىقى ئۆمەر بىلەن كەنت پارتىيە ياچېي-كا شۇجىسىنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى.

نۇرلان ئۆزى يالغۇز بۇ ئۈچ قاتىلنى قوغلاش نىيىتىگە كەل-دى، ھېچكىم ئۇنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇمىدى، ئەمما ئۇ بۇ بۇزۇقلارنى ھەرگىز قاچۇرۇپ قويماسلىق كېرەك، دەپ ئويلىدى. دەل شۇ چاغدا، ماقاش ئىسىملىك بىر دېھقان بىر كىچىك قارا ماشىنىنى ھەيدەپ كەلدى، نۇرلان گەپ قىلمايلا ماشىنىغا سەكرەپ چىقىپ:

— ماقاش، ماڭا ياردەم قىل، مەن ئۇلارنى چوقۇم قوغلاپ تۇتۇشۇم كېرەك! — دېدى.

ماقاش بايا بىر سىنىڭ ساقچىخانا باشلىقى ئۆمەرگە ئوق ئاتقان-لىقىنى ئاڭلاپ، غەزەپلەنگەن ھالدا:

— بول، ئەبلەخلەرنى قوغلاپ تۇتايلى! — دېدى.

ئىككىيلەن كىچىك قارا ماشىنىنى ھەيدەپ ياسىنلار قاچقان تەرەپكە قوغلاپ ماڭدى.

ئۇلار ئىككى كىلومېتىردەك ماڭغاندىن كېيىن شورلۇق ۋە قۇملۇققا كېلىپ قالدى، نۇرلان تىت - تىت بولۇپ كەتتى، ماشىنا ئەمدى ماڭالمايتتى. ئۇ ئۈچ ئەبلەخ نەگە قېچىپ كەتكەندۇ؟ ئىك-كىيلەن كىچىك قارا ماشىنىنى يول بويىغا توختىتىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئىزىنى بويلاپ قوغلاش نىيىتىگە كەلدى. ئۇلار ماڭا - ماڭا تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىردەك ماڭغاندىن كېيىن قوي بېقى-ۋاتقان سەككىز - توققۇز ياشلاردىكى ئىككى ئوقۇغۇچىنى ئۇچرات-تى. ئوقۇغۇچىلار نۇرلانغا ئۇ ئۈچىنىڭ كۈنچىقىشتىكى جاڭگالغا قاراپ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

نۇرلان بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئېتىنى مىنىپ ئۇلارنىڭ ئارقىسى-دىن توختىماي قوغلاپ كەتتى.

## 4

ئىككىيلەن ئاتقا مىنىپ جاڭگالدا قوغلاپ كېتىپ باراتتى، يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا چەكسىز قۇملۇق كۆرۈندى. نۇرلان بىردىنلا خۇشال بولۇپ كەتتى، چۈنكى ئۇ جاڭگالنىڭ چېتىدە كېتىۋاتقان ئۈچ قارا كۆلەڭگىنى كۆرگەنىدى:

— دەل شۇلار، ئۇلار ھازىر قۇملۇقتا قاراپ قاچماقچى بولۇۋېتىپتۇ، — دېدى.

ئۈچ قارا كۆلەڭگىمۇ ئاتلىق كېلىۋاتقان نۇرلاننى كۆرگەنىدى، ئۇلارنىڭ ئارىلىقى 700 — 800 يۈز مېتىر كېلەتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى تاپانچىسىنى كۆتۈرۈپ نۇرلاننى قارىغا ئېلىپ ئىككى پاي ئوق ئاتتى، ئوق ئاۋازى ھاۋادا ئەكس سادا پەيدا قىلدى، ئەمما بۇ تاپانچىنىڭ ئوقىنىڭ تېگىش ئارىلىقى پەقەت 50 مېتىرچە كېلەتتى، نۇرلان ئات ئۈستىدىن يانغا سىيرىلىۋالدى.

— ئاتتىن چۈشەيلى، بولمىسا بىزگە ئوق تېگىدۇ، — دېدى نۇرلان.

ئۇلار ئاتتىن چۈشۈپ ئاتنى ئۆزىگە دالدا قىلىپ تۇرۇپ، داۋاملىق قوغلىدى، نۇرلان ئەمدى ماقاشنى كەنتكە قايتىپ دوكلات قىلىشقا بۇيرۇش، ئۆزى ئۇ ئۈچ كىشىنى داۋاملىق قوغلاش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ قوغلىغاچ ئىچىدە: «ئاللا ئىگەم ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، مەن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ساۋابلىق ئىش قىلىۋاتىمەن. » — دەپ دۇئا قىلاتتى.

## 5

ياسىن ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ پاي ئوق ئاتقان بولسىمۇ ئەمما تەگكۈزەلمىدى، ئۇ چېچىلغان ھالدا تاپانچىنى يەرگە تاشلاپ:

— كارغا كەلمەيدىغان نەرسىكەن، تېخى ئىمپورت قىلىنغانمىش، نېمىشقا ئۇنىڭ ئوقى يىراققا بارمايدۇ؟ — دەپ ئۇۋكۇندى.

— بابا بىكاردىن - بىكار ئۈچ پاي ئوقنى زايە قىلىۋەت -

تىمەك، — دېدى مۇھەممەت ئۇنى مەسخىرە قىلىپ.
ئۇلار ئۇچەيلەن يەنە بىردەم قاچتى، بىردىنلا ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۇچ ئاچا يول پەيدا بولۇپ قالدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ زادى قايسى يولغا مېڭىش كېرەك؟ ياسىن ھاسىراپ تۇرغان مۇھەممەت بىلەن تۇرغۇنغا:
— بىز بۆلۈنۈپ قاچايلى، مەن جەنۇبقا قاچاي، سىلەر داۋاملىق شىمالغا قېچىڭلار، — دېدى - دە، ئۇ ئىككىيلەننىڭ قوشۇلىدىغان - قوشۇلمايدىغانلىقى بىلەنمۇ كارى بولماي ئۆزى يالغۇز يۈگۈرۈپ كەتتى.
نۇرلان قوغلاپ ئۇچ ئاچا يول ئېغىزىغا كەلگەندە بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى، ئارقىدىن يولدىكى ئىزلارغا سەپسېلىپ قارىدى، ئۇ شىمالغا قاراپ ماڭغان يولدا ئاياغ ئىزىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى، جەنۇبقا ماڭغان يولدا پەقەت بىرلا ئاياغ ئىزىنىڭ بارلىقىنى بايقىدى. بىر ئادەمنى قوغلاش كېرەكمۇ ياكى ئىككى ئادەمنى قوغلاش كېرەكمۇ؟ ئۇ ئىككى ئادەمنى قوغلاش كېرەك، دەپ ئويلىدى. نۇرلان بىردەم قوغلاپ ماڭغاندىن كېيىن ئالدىدا ئىككى قارا كۆلەڭگىنى كۆردى.
نۇرلان بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى، مۇھەممەت تاپانچىسى بىلەن قارىغا ئالدى، ئۇ «پاڭ!» قىلىپ ئوق ئاتتى، ئەمما ئوق نۇرلانغا نەچچە ئون مېتىر قالغان جايغا چۈشتى. ئوق نۇرلانغا تەگمىدى، مۇھەممەتنىڭ جۇدۇنى ئۆرلىدى. ئۇ تاپانچىسىنى قېپىغا سېلىپ داۋاملىق قاچتى، تاپانچا ئېتىلغاندا نۇرلان يېتىۋالغانىدى، تاپانچا ئاۋازى توختىغاندىن كېيىن ئۇ ھېچ ئىش بولمىغانلىقىنى سېزىپ خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كەتتى، ئۇ ئەمدى قارشى تەرەپنىڭ مەخپىيىتىنى بىلىۋالغانىدى، ئۇلارنىڭ تاپانچىسىنىڭ ئوقى پەقەت 50 مېتىرغىلا يېتەتتى.
مۇھەممەت نۇرلاننى قورقۇتۇش ئۇچۇن، بىردەم قېچىپ يەنە نۇرلانغا قارىتىپ ئوق ئاتتى، ئوق ئاۋازى چىقىشى بىلەنلا نۇرلان يەرگە يېتىۋالدى. ئوق ئاۋازى توختىغاندىن كېيىن ئۇ يەنە قاتتىق قوغلاشقا باشلىدى، يەنە مىلتىق ئېتىلسا يەنە يەردە يېتىۋالدى.
ئۇلار ئىككىيلەن ئاشۇنداق تىركىشىپ بىردەم مېڭىپ، بىر-

دەم توختايتتى. مۇھەممەت نۇرلاندىن قۇتۇلۇپ قېچىپ كېتەلمەدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئامال قىلالماي قۇمدا ئولتۇرۇپ، نۇرلان بىلەن سۆھبەتلەشمەكچى بولدى، ئۇ:

— ھەي ئاغىنە، سەن بىزگە چاي بەردىڭ، نان بەردىڭ، يەنە نېمىشقا ئارقىمىزدىن توختىماي قوغلايسەن؟ — دېدى.

— سەن مېنىڭ ئاغىنەم ئەمەس، سەن ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل، مەن سېنى تۇتۇپ ساقچىغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن، — دېدى نۇرلان.

— بىز دېگەن ھەممىمىز بىر مىللەت، بىزنى قويۇۋەتكىن، — تۇرغۇن يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

— بولمايدۇ، سىلەر ئادەم ئۆلتۈردۈڭلار، سىلەر جازاغا تارتىلىشىڭلار كېرەك! — دېدى نۇرلان ھەققانىيلىق بىلەن.

— سەن بىلمەيدىغان ئوخشىمامسەن؟ بىز پات يېقىندا مۇسۇلمانلار دۆلىتى قۇرىمىز، بىز ئەمدى خەنزۇلارغا بوزەك بولمايمىز، — دېدى مۇھەممەت ئۇنى ئازدۇرۇپ.

— مۇسۇلمانلار دۆلىتى قۇرىمىز دەمسەن؟ — دەپ سورىدى نۇرلان.

— ھەئە، بىز مۇسۇلمانلار پات يېقىندىلا مۇستەقىللىققا ئېرىشىمىز، ئۇ چاغدا بىز سېنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمىز، ئۇ چاغدا بىز ساڭا «مېرسىدېس» ماشىنا، چوڭ ئۆي بېرىمىز، سەن نېمىنى خالىساڭ شۇنى بېرىمىز، — دېدى مۇھەممەت مەردانىلىك بىلەن.

— ماڭا سىلەرنىڭ «مېرسىدېس» ماشىناڭلارنىڭ لازىمى يوق، چوڭ ئۆيىڭلارنىڭمۇ لازىمى يوق، مېنىڭ ھازىرقى ئۆيۈم ئۆزۈمگە يېتىدۇ، — دېدى نۇرلان بېشىنى چايقاپ.

مۇھەممەت نۇرلاننىڭ ئۆزىنىڭ سۆزىگە زادىلا پىسەنت قىلمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مۇنداق كېتىۋەرسە ئۆزىگە پايدىلىق بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى، شۇڭا ئۇ يەنە تاپانچىسىنى كۆتۈرۈپ نۇرلاننى قارىغا ئالدى، ئەمما نۇرلان يەنە دەرھال يەردە يېتىۋالدى، ئىككى تەرەپ مۇشۇنداق تىركىشىپ بىر - ئىككى سائەت ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى.

## 6

سىمسىز تېلېگراف ئاپپاراتىدىن ئەلىنىڭ جىددىي ئاۋازى ئاڭ-
لاندى: «باشلىق، سەككىزىنچى كەنتتىكى ئىككى قويچى بالىنىڭ
دوكلاتىغا قارىغاندا بىز قوغلاۋاتقان نىشان قۇملۇق تەرەپكە قاراپ
قېچىپتۇ، ئىككى دېھقان ئاتقا مىنىپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ
كېتىپتۇ.»

— سەن سەككىزىنچى كەنتتە چېن دامولارنى ساقلا! ياردەم-
گە بارىدىغان قوشۇن هازىرلا يېتىپ بارىدۇ! — دەپ بۇيرۇق
قىلدى جۇڭ چېڭ ئەلىگە. جۇڭ چېڭ تاشقورغان يېزىسىنىڭ
خەرىتىسىنى تېپىپ، قىزىل قەلەم بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىگە چەمبەر
سىزدى ۋە:

— ۋاڭ لۇ، بىلەمسەن؟ بىزنىڭ ۋاقىتلىق قوماندانلىق شتا-
بىمىز هازىر قۇملۇققا كۆچۈرۈلىدۇ! — دېدى.

چېن دامو، يالقۇن، ما جيەنجۇڭ ئۈچى بىردىن «قۇملۇق
شاهى» ماركىلىق ماشىنىنى هەيدەپ تاشقورغان يېزىسىغا قاراپ
ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. يولدا ئۇلار سۆزلىشىش ئاپپاراتىدا سۆز-
لىشىپ ماڭدى. چېن دامو:

— «قورالىڭلارنى ئېلىۋالدىڭلارمۇ؟ ساقچىخانا باشلىقى ئۆ-
مەر قورال ئالمىغانلىقى ئۈچۈن چوڭ زىيان تارتتى، هازىر ئۇنىڭ
ئۆلۈك - تىرىكلىكى نامەلۇم، — دېدى. ما جيەنجۇڭ سۆزلىشىش
ئاپپاراتىدا:

— مەن جەڭدە قۇربان بېرىشنى خالايمەن، ئۇنداقتا كۆڭلۈم
ئارام تاپىدۇ، قېينانام ۋە خوتۇنۇمنىڭ ۋاتىلداشلىرىدىن قۇتۇلى-
مەن، — دېدى. يالقۇن خاپا بولۇپ:

— قارىغاندا سەن جېنىڭدىن تويۇپسەن، مەن ساڭا ئېيتىپ
قوياي، ئەگەر ئۆلسەڭ ئۆلۈكۈڭ بىلەن كارىم يوق جۇمۇ! —
دېدى. چېن دامو بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۇلارنى تىللاپ كەتتى:

— نېمە دېيىشىۋاتىسەن! — ئۇ ماي تەپكىسىنى قاتتىق
دەسسىدى. ئۇ يەنە بىر سائەتلەردە تاشقورغان يېزىسىغا يېتىپ

بارالايمىز، دەپ پەرەز قىلدى. ساقچىخانا باشلىقى ئۆمەر ۋە كەنت پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىسىغا كۆپ مىقداردا قان بېرىش كېرەك ئىدى. قان ئىسكىلاتىدا ھازىر قان يوق ئىدى. ئۇلارنى دوختۇرخا-نىغا ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر قېرىنداشلار ئاكتىپلىق بىلەن قان بەردى.

جۇڭ چېڭ سىمسىز تېلېگراف ئاپپاراتىدىن ساقچىخانا باشلىقى ئۆمەرنىڭ ھوشىغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆڭلى ئارا-مىغا چۈشتى. ئۇ تاشقورغان يېزىسىنىڭ سەككىزىنچى كەنتىگە تېزرەك بېرىش ئۈچۈن شوپۇرغا ماشىنىنى تېزرەك ھەيدەشكە بۇيى-رۇدى.

جۇڭ چېڭنىڭ «مىتسۇبىشى» ماشىنىسى كەنتكە كىرىشتىن بۇرۇن ئەلى كىچىك قارا ماشىنىنىڭ ئىگىسى ماقاشتىن قاتىللار-نىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلىدى. ماقاش ئىنتايىن ھاياجان بىلەن سۆزلەيت-تى، ئەلى تەسىرلىنىپ:

— تاشقورغان يېزىسىدىكى قېرىنداشلار ئاجايىپ ياخ-شىكەن، — دېدى.

جۇڭ چېڭ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا خەۋەر كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان نەن نازىرغا تېلېفون بەردى، ئەمما تېلېفوندىن ھېچقانداق سىگنال ئاڭلانمىدى، ئۇ ما جيەنجۇڭغا بۇيرۇق قىلىپ:

— جيەنجۇڭ، بىر ئامال قىلىپ ئانتېننانى ئېگىز يەرگە ئورنات، سىگنال تارقىتايلى، ۋاقىتلىق قوماندانلىق شتابىنى شۇ يەرگە قۇرىمىز، — دېدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئانتېننا ئورنىتىلدى، سىمسىز تېلېگراف ئاپپاراتىدىن نەن نازىرنىڭ تىت - تىت بولۇپ سۆزلەۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. جۇڭ چېڭ دوكلات قىلىپ:

— ھازىر ئەھۋال تېخى ئېنىق ئەمەس، ئەلىنىڭ قول تېلې-فونىنىڭ سىگنالىنى قوبۇل قىلغىلى بولمايۋاتىدۇ، — دېدى.

نەن نازىر بۇيرۇق قىلىپ:

— بىر ئامال قىلىپ، ماڭا ھەر ۋاقىت دوكلات قىلىپ تۇرۇڭلار! — دېدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، قۇملۇقتىكى تەكشۈرۈش پونكىتىدىكى بىر-لەشمە مۇداپىئە ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى ۋاقىتلىق قوماندانلىق شتابى-

غا كېلىپ:

— بۇ يەرگە 20 كىلومېتىر قالغان جايدا بىر ئادەمنىڭ دۆڭگە چىقىۋېلىپ كېيىمىنى پۇلاڭلىتىۋاتقانلىقىنى بايقىدۇق، — دەپ دوكلات قىلدى.

— چوقۇم بىر ئەھۋال بار! — دەپ جوڭ چېڭ چېن داموغا ۋاڭ لۇ قاتارلىق كىشىلەرنى ئېلىپ دەرھال ئۇ يەرگە بېرىشنى بۇيرۇدى.

نۇرلان كېيىمىنى پۇلاڭلىتىۋېرىپ بىلىكى قاتتىق تېلىپ كەتكەنىدى، ئۇ شۇ چاغدا بىر توپ كىشىلەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

چېن دامو قاتارلىقلار نۇرلاننىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— بۇرادەر، بىرەر ئەھۋال بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

نۇرلان تېلىپ كەتكەن قولىنى جاڭگال تەرەپتىكى ئىككى قارا كۆلەڭگىگە ئۇزىتىپ:

— ئەسكى ئادەملەر ئەنە شۇ يەردە، — دېدى.

چېن دامو قاتارلىقلار جاڭگالنىڭ ئىچكىرىسىدە مىدىرلاۋاتقان ئىككى قارا كۆلەڭگىنى كۆردى.

— بورادەر، سىزنىڭ ئىپادىڭىز ناھايىتى ياخشى بولدى، سىز دەرھال يېزىغا قايتىپ بىزنىڭ ۋاقىتلىق قوماندانلىق شتابىمىزدىكى ئىدارە باشلىقى جوڭ چېڭغا ئېيتىپ قويسىڭىز قانداق، بىز ھازىرلا قورشاپ تۇتۇشنى باشلايمىز. بۇ يەردە سىگنالنى ئاڭلىغىلى بولمىغاچقا، بىز قوماندانلىق شتابىغا قول تېلېفون ئارقىلىق دوكلات قىلىشقا ئامالسىز قېلىۋاتىمىز، — دېدى چېن دامو.

— بولىدۇ، ھازىر باراي! — دېدى نۇرلان كۈلۈپ تۇرۇپ.

قىزىق قۇياش نۇرى قۇملۇقنى كۆيدۈرۈۋەتتى، نۇرلاننىڭ زېدە بولۇپ كەتكەن تاپىنى قاتتىق ئاغرىيتتى، ئۇ دەلدەڭلىگەن پېتى يېزىغا كېلىپ قاتىللارنى بايقىغانلىقى توغرىسىدىكى ئەھۋاللارنى جوڭ چېڭغا دوكلات قىلدى. جوڭ چېڭ مىننەتدارلىق بىلەن ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى، ئۇ بىردىنلا نۇرلاننىڭ پۇتىدا ئايىغى يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئۈنىگدىن:

— ئايىغىڭىز قېنى، — دەپ سورىدى. نۇرلان تاپىنىنى

يەرگە سۇرتۇپ:

— ئايىغىم يىرتىلىپ چۇشۇپ قاپتۇ، — دېدى. جۇڭ چېڭ يانچۇقىدىن 200 يۇەننى چىقىرىپ نۇرلانغا ئۇزاتتى ۋە سەممىيلىك بىلەن:

— بۇرادەر، بۇ پۇلغا ئاياغ ئېلىپ كىيىۋېلىڭ، — دېدى.

نۇرلان دەرھال كەينىگە داجىپ:

— ياق، ياق ئالمايمەن، — دېدى.

جۇڭ چېڭ ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي پۇلنى ئۇنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى، جۇڭ چېڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان بۇ ياردىمىگە چىن قەلبىدىن مىننەتدارلىق بىلدۇرۇۋاتاتتى. ئۇ:

— بىز سىزنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمىز! — دېدى.

## 7

بۇ چاغدا، چېن دامو نەق مەيداننىڭ قوماندانلىقىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. ئۇ:

— ئېگىزلىكنى ئېگىلەپ قارشى تەرەپنىڭ قورشاۋدىن بۆسۈپ چىقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

چېن دامو دۇربۇن بىلەن ئىككى قاتىلنىڭ بىر زەيكەشلىكتىكى سۇغا يوشۇرۇۋېلىپ، بېشىنىلا چىقىرىپ ياتقانلىقىنى كۆردى. چېن دامو ئىككىنچى بۇيرۇقنى چۈشۈردى:

— ئۇلارغا ۋارقىرا، ئۇلار قولىنى كۆتۈرۈپ تەسلىم بولسۇن!

— سىلەر قورشاۋ ئىچىدە قالدىڭلار، قورالنى تاپشۇرۇڭلار، قارشىلىق كۆرسەتسەڭلار ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيسىلەر! — دەپ ۋارقىرىدى يالقۇن يۇقىرى ئاۋازلىق كاناي بىلەن.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ مۇھەممەت ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ئوق چىقاردى. يالقۇن يەنە ۋارقىرىدى:

— قورالنى تاشلا، قولۇڭنى بېشىڭنىڭ ئۈستىگە قويۇپ

سۇدىن چىق، ئەڭ ئاخىرقى بەش مىنۇت قالدى، بولمىسا بىز ئوق چىقىرىمىز! — دېدى.

مۇھەممەت بىردەم قارشىلىق قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ روھىي تۈۋرۈكى يىقىلدى. ئۇ بىردىنلا ۋارقىراپ:

— مەن بۇ جاندىن تويدۇم! — دەپ تاپانچىسىنى كۆتۈرۈپ ئوق ئاتقاچ سۇدىن چىقىپ قاچتى.

— ئېتىڭلار! — چېن دامو سوغۇق قانلىق بىلەن بۇيرۇق چۈشۈردى.

مۇھەممەت ئوق تېگىپ ئۆلدى.

تۇرغۇن كۆز ئالدىدىكى بۇ جەڭدىي ئۆزگىرىشتىن قورقۇپ كەتتى، ئۇ سۇغا شۇڭغۇۋالدى، ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەيلا سۇدىن چىقتى، چۈنكى ئۇ سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيتتى، ئەمما يەنىلا قولىدىكى پىچاقنى تاشلىمىدى، ئۇنىڭ قولىدا پەقەت مۇشۇ پىچاقلا بار ئىدى.

— ۋاڭ لۇ، رېزىنكە ئوق ئات! — دېدى چېن دامو ئەمكىنلىك بىلەن. ۋاڭ لۇ 38 مىللىمېتىرلىق زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش مىلتىقىنى تۇتۇپ تۇراتتى، بۇ ئېلىمىز يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ياساپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان جان ئالمايدىغان قورال ئىدى. بۇ مىلتىقنىڭ ئوقى ئۇچ باشلىق رېزىنكە ئوقتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، 100 مېتىر ئارىلىقتا ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق كېلەتتى، ئوق نىشانغا تەگكەندىن كېيىن كۆپىنچە هالدا ئۇ ئادەمنى پالەچ قىلىپ قوياتتى.

ۋاڭ لۇ كۆرسەتكۈچنى توغرىلاپ رېزىنكە ئوقنى تۇرغۇنغا قارىتىپ ئاتتى.

تۇرغۇنغا رېزىنكە ئوق تەگكەندىن كېيىن ئۇ سۇغا يىقىلدى.

تۇرغۇن شۇنىڭ بىلەن قولغا چۈشتى.

# يىگىرمە ئالتىنچى باب

## 1

تۇرغۇننىڭ تۇتۇلۇشى بىلەن كۆپچىلىك ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئەمما ئاساسلىق قاتىل ياسىننىڭ ئىز - دېرىكى بولمىغاچقا كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلى سەل يېرىم بولدى.

قانداق سوراق قىلىشتىن قەتئىينەزەر تۇرغۇن ياسىننىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن، دېدى. ئۇ:

— مەن ياسىننىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ھەقىقەتەن بىلمەيمەن، ئەگەر بىز ئادەم ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن نەگە يوشۇرۇنىدىغانلىقىمىزنى بىلگەن بولساق ھەرگىز تۇتۇلۇپ قالمايتتۇق، — دېدى.

جۇڭ چېڭ تۇرغۇننىڭ ئىقرارىنى تەھلىل قىلىپ كۆردى، تۇرغۇن يالغان ئېيتمىغانىدى.

— قارىغاندا، ياسىننىڭمۇ يۈگۈرۈشى سامانلىقىچە بولغۇدەك. ئۇ ئۈچ كۈن ئۈتمەي قۇملۇقتىن چوقۇم چىقىدۇ، — دېدى جۇڭ چېڭ پەرەز قىلىپ.

— نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ لۇ.

جۇڭ چېڭ ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ:

— مەن خەرىتىنى كۆردۈم، بۇ كەنت قۇملۇقنىڭ چېتىدىكى ئاخىرقى بىر يېشىللىق ئىكەن، ئۇنىڭ ئۇ تەرىپى 500 كىلومېتىر كېلىدىغان قۇملۇق ۋە چۆل - جەزىر ئىكەن، ياسىن ئالاقزادىلىك ئىچىدە قېچىپ بۇ ھالاكەت دېڭىزىغا كىرىپ قالدى. ئۇنىڭ ھېچقانداق تەييارلىقى يوق، ئۇ نېمە يەيدۇ؟ ئۇ ئاددىي كاللىسى بويىچە ئۇ يەنە قۇملۇقتىن چىقىپ يېمەكلىك ئىزدەيدۇ. ئۇ قۇملۇقتا ئۆلۈشنى خالىمايدۇ - دە، ئەگەر مۇنداق بولمىغاندا ئۇ ھەرگىز ياسىن بولماي، «قارا بۆركۈت» بولۇپ قالىدۇ! — دېدى.

— ئۇ يەنە بۇ كەنتكە كېلەرمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ لۇ.
— ئۇنداق بولۇشى ناتايىن، شۇڭا بۇ يېزىدىكى ھەربىر كەنتكە چارلاشقا ئادەم قويۇش كېرەك، — دېدى جۇڭ چېڭ. ئۇ ۋاقىتلىق قوماندانلىق شتابىنى يېزىغا كۆچۈرۈپ كەلدى، بۇ جاي سىرتقى جەھەتتىن ناھايىتى خاتىرجەم بولسىمۇ، ئىچكى جەھەتتىن ناھايىتى جىددىي ئىدى.
مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى مۇھەممەت تېررورلۇققا قارشى ئىك-كىنچى ۋە ئۈچىنچى ئەترەتنى باشلاپ قۇرۇق كەنتىدە مۇداپىئەدە تۇردى. ئەھۋالنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىگىلەش ئۈچۈن ئۇ ئېشەككە مىنىپ ھەرقايسى كەنتلەرگە باردى، ياسىننىڭ يوشۇرۇنۇۋېلىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق جايغا بېرىپ ئىزدىدى.
دەرۋەقە، ئىككىنچى كۈنى كەچتە نۇرلان يەنە كېلىپ ياسىن-نىڭ ئىز - دېرىكىنى خەۋەر قىلدى.
بۇ كۈنى قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن قورسىقى قاتتىق ئېچىپ كەتكەن ياسىن نۇرلاننىڭ بېغىدا يوشۇرۇنۇپ يېتىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە تامدىن ئارتىلىپ نۇرلاننىڭ ھويلىسىغا كىردى ۋە تاپاڭ-چىسىنى نۇرلاننىڭ ئايالىغا تەڭلەپ:
— ئۆيگە كىرىپ ماڭا يەيدىغان نەرسە ئاچىقىپ بەر، ھەرگىز چىراغ ياقما! — دېدى.
نۇرلاننىڭ ئوغلى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 4 - يىللىقىدا ئو-قۇيتتى، ئۇ ناھايىتى زېرەك بالا ئىدى. ياسىن تامدىن ئارتىلىپ ھويلىغا كىرگەندە ئۇ ئېغىلنىڭ يېنىدا ھاجەت قىلىۋاتاتتى، ئۇ بىر سىننىڭ ئانىسىغا تەھدىت سېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ بالا ئەھۋالنىڭ سەل غەيرىيلىكىنى ھېس قىلىپ، تامدىن بېشىنى چىقىرىپ قاراپ باقتى، ياسىننىڭ قولىدا پارقىراپ تۇرغان تاپانچا بار ئىدى. ئۇ دەرھال سىرتقا چىقىپ دادىسىنى ئىزدەپ كەتتى.
جىددىي ئەھۋال مەلۇم قىلىندى، سەككىزىنچى كەنتتە 15 ساقچى بار ئىدى، جۇڭ چېڭ نۇرلانغا ئۆز ئۆيىنىڭ ئورنىنى سىزدۇردى ۋە جىددىي تۇردە ۋەزىپە تەقسىم قىلىپ:
— تۆت ئادەم ئۆگزىگە چىقسۇن، ئالتە ئادەم ھويلىنى قور-شىسۇن، بەش ئادەم ئۆيگە كىرسۇن، — دېدى. چېن دامو

رازۋېدكىچىكلارنى باشلاپ جىنايەتچىنى تۇتۇشقا ماڭدى ۋە مۇمكىن-
قەدەر كەنت ئاھالىلىرىنى چۆچۈتۈۋەتمەسلىكنى تەلەپ قىلدى.
جۇڭ چېڭ ۋاقىتلىق قوماندانلىق ئورنىدا خەۋەر كۈتۈپ تۇر-
دى.
خىزمەت تەقسىماتى بويىچە نۇرلان تۆت ئادەمنى باشلاپ ئۆگ-
زىگە چىقتى، يالقۇن ئالتە ئادەم بىلەن قورۇ سىرتىدا ساقلاپ
تۇردى، چېن دامو، ئەلى، ما جيەنجۇڭ ۋە ۋاڭ لۇ دەرۋازىدىن
كىرىدىغان بولدى.
ما جيەنجۇڭ پولات چىۋىقنى كېسىدىغان تۆت - بەش كىلوگ-
رام ئېغىرلىقتىكى ئامبۇرنى كۆتۈرۈپ، نۇرلاننىڭ ھويلىسىغا
سەكرەپ چۈشتى، ئۇ تېزلىك بىلەن قۇلۇپنى بۇزۇپ ئاچتى،
كۆپچىلىك ھويلىغا ئېتىلىپ كىردى. ما جيەنجۇڭ، ئەلىلار ھەر-
بىرسى بىردىن ئىشىكنى توسىدى. بۇ چاغدا، ھويلىدا چىراغ
بولمىغاچقا قاپقاراڭغۇ ئىدى. نۇرى كۈچلۈك قولچىراغ كۆتۈرگەن
چېن دامو ھويلىدا پەس ئاۋاز بىلەن:
— دىققەت، تەڭلا ئىشىكنى چېكىپ ئېتىلىپ ئۆيگە كىرىد -
ىمىز! — دېدى.
چېن دامونىڭ كېيى ئوگىشى بىلەنلا ۋاڭ لۇ، ئەلى، ما
جيەنجۇڭ ئۈچى تەڭلا ئىشىكنى چەكتى، ئەلى ئالدىدا ئىشىكنى
بىرلا ئىتتىرىپ ئۆيگە ئېتىلىپ كىردى، تۇيۇقسىز ئارقىدىن بىر
قول كېلىپ ئۇنىڭ گېلىنى بوغدى، ئارقىدىن كۆكرىكىگە پىچاق
سالدى، بۇ ئىش تۇيۇقسىز يۈز بەرگەچكە ئەلىنىڭ زادىلا روھىي
تەييارلىقى يوق ئىدى، ئۇ ئاغرىققا چىداپ:
— ئەترەت باشلىقى، ئۇ بۇ يەردىكەن! — دەپ ۋارقىرى-
دەل شۇ چاغدا، ئىشىك يېپىلىپ قالدى، ئەلىگە يەنە بىر پىچاق
تەگدى.
چېن دامو يورۇقى كۈچلۈك قولچىراغنى ئەلى ساقلاۋاتقان
ئىشىككە تۇتتى، ئەمما ئۇ يەردە ئەلى يوق ئىدى. ئۇ قىلچە ئىككى-
لەنمەستىن بىرىپ ئىشىكنى قاتتىق تەپتى، ئۆيدە ئىككى كىشى
يومىلاقلىشىپ قاتتىق ئېلىشىۋاتاتتى، ئۇ قاراڭغۇدا قايسىسىنىڭ
ئەلى، قايسىسىنىڭ ياسىن ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالمىدى. گەرچە

ئۇ قولچىراغنى ئۇلارغا تۇتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى دەرھال ئېنىق پەرق قىلالمىدى، ئۇ دەرھال ئۇلارنى قوچاقلىۋالدى، ئۇنىڭ ئېڭىكى بىر باش كىيىمگە تەگدى، ئۇ بۇنىڭ ياسىن ئىكەنلىكىنى بىلدى، چۈنكى ئەلى باش كىيىمى كىيمىگەنىدى، ئۇ دەرھال ياسىننىڭ گېلىنى بوغدى ھەمدە:

— ئەلى، بۇ مەن! — دەپ ۋارقىرىدى.

چېن دامو ياسىننىڭ قورسىقىغا قاتتىق تەپتى، ياسىن بىراقلا يىقىلدى، ئۇلار ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا قالغان ئەلى ياسىننىڭ ئۈستىگە يىقىلدى، چېن دامو بەك قاتتىق كۈچەپ كەتكەچكە، ئۆزمۇ ئەلىنىڭ ئۈستىگە يىقىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۈچەيلەن يوملاقلىشىپ كەتتى.

بۇ چاغدا، ۋاڭ لۇ نۇرلانىنىڭ ئايالىنى تېپىپ چىقىپ، ھەممە چىراغلارنى ياندۇرغۇزۇۋەتتى.

ھويلا يورۇدى، ۋاڭ لۇ چېن دامونىڭ ھېلىقى قاراڭغۇ ئۆيدىن چىقىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىدى، ئارقىدىنلا كۆپچىلىك ئىككى پاي ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىدى، ئوق ئاۋازى قاتتىق ئەمەس ئىدى. ما جيەنجۈڭ، يالقۇن ۋە ۋاڭ لۇلار بىراقلا ئوق ئاۋازى چىققان ئۆيگە قاراپ ئېتىلدى، قاراڭغۇ ئۆيدە ئۈچ كىشى يەنىلا ئېلىشىۋاتاتتى. ئوقنى ئەلى ياسىنغا قارىتىپ ئاتقانىدى، لېكىن قاراڭغۇ بولغاچقا ئوق پەقەت ياسىننىڭ پۇتىغا تەگكەنىدى، ياسىن ئاغرىققا چىدىماي بىر قولىغا تاپانچا، بىر قولىغا پىچاق ئېلىۋالغانىدى. چېن دامو چاققانلىق بىلەن ياسىننىڭ قولىدىكى پىچاقنى تېپىپ چۆشۈرۈۋەتتى، ياسىن چېن داموغا قارىتىپ ئوق ئاتتى، لېكىن ئۇ تەپكىنى ئىككى قېتىم باسقان بولسىمۇ، جىددىي پەيتتە ئۇنىڭ ئوقى تۈگەنىدى، ياسىن ئاچچىقىغا پايلىماي تاپانچا بىلەن چېن دامونى ئۇردى، چېن دامو ئۇنىڭ بىلىكىگە قاتتىق تەپتى، قان ئىچىدە ياتقان ئەلى ياسىننىڭ پۇتىغا چىڭ ئېسىلىۋالدى.

ۋاڭ لۇ چاققانلىق بىلەن يەردىكى قولچىراغنى ئېلىپ ئۇلارغا تۇتتى، چېن دامو:

— ۋاڭ لۇ «قارا يىلپىز»نى قويۇۋەت! — دەپ ۋارقىرىدى.

ساقچى ئىتى «قارا يىلپىز» بۇيرۇقنى ئاڭلاپ ئوقتەك ئېتىلىپ كىردى. بۇ چاغدا، چېن دامو بىر پۇتىدا ياسىنىنىڭ بىلىكىنى دەسسەپ، بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ چېچىنى تۇتۇۋالغانىدى، ئېتىلىپ كىرگەن «قارا يىلپىز» ياسىنغا ئېتىلدى، «قارا يىلپىز» نىڭ ياردىمىدە چېن دامو بىر قولىنى بوشىتىپ ياسىنىنىڭ قولىغا كويزا سالدى.

2

— ئەلى، ھاياتمۇ سەن! — ئەلىنىڭ مىدىرلىماي ياتقىنىنى كۆرۈپ چېن دامو بىلەن ۋاڭ لۇ تىت - تىت بولغىنىدىن ۋارقىراپ كەتتى.

چىراق يېقىلغاندا كۆپچىلىك ئەلىنىڭ قان ئىچىدە ياتقانلىقىنى كۆردى. ئەلى كۆپچىلىكنىڭ چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىغاندا چىرايىدا كۈلكە پەيدا بولدى، ئۇ بوشقىنا ئىڭراپ تىرمىشىپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى. ئەمما ئەلى بىر سەنتۇرۇلۇپ يەنە يەرگە يىقىلدى، چېن دامو بىلەن ۋاڭ لۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئەلىنى يۆلەپ قۇچىقىغا ئالدى.

بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ما جيەنجۇڭنىڭ كاللىسى غوڭۇلدە قىلىپ قايغاندەك بولدى، بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى، ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تاپانچىسىنى ياسىنىنىڭ كاللىسىغا تەڭلەپ:

— ھۇ ئەبلەخ، ياسىن دېگەن سەنمۇ؟ ھۇ ئەبلەخ! — دېدى.

ۋاڭ لۇ ما جيەنجۇڭنىڭ ئۆزىنى كونترول قىلالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۇنىڭ تاپانچىسىنى تارتىۋېلىپ:

— جيەنجۇڭ، ئۆزۈڭنى بېسىۋال، بىزگە تىرىك گۇۋاھچى كېرەك، — دېدى. لېكىن، ما جيەنجۇڭ غەزىپىنى زادىلا بېسىۋالالمىدى، ئۇ يەنە ۋاڭ لۇنىڭ قولىدىكى تاپانچىنى تارتىۋالدى، ۋاڭ لۇ ئۇنىڭ قولىدىن يەنە تارتىۋالدى، ئىككىيلەن تاپانچىنى تالىشىش جەريانىدا ۋاڭ لۇنىڭ قولىدىكى تاپانچىدىن ئوق چىقىپ كەتتى، «پاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ياسىن يەرگە يىقىلدى، ئۇنىڭ

بەدىنىدىن ئېتىلىپ چىققان قان ئەلىنى قوچاقلاپ ئولتۇرغان چېن
دامونىڭ ئۈستىگە چاچرىدى.

ئەسلىدە ئەھۋال ناھايىتى قالايمىقانلىشىپ كەتكەنىدى، ئەمدى
تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتتى. چېن دامو غەزەپ بىلەن:

— ۋاڭ لۇ، نېمە قىلماقچى سەن؟ ئىنتىزامغا خىلاپلىق
قىلماقچىمۇ سەن، — دېدى.

ۋاڭ لۇنىڭ قولىدىكى تاپانچا يەنىلا قىزىق ئىدى، ئۇ تاپانچى-
دىن ئوق چىقىپ كېتىشىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى، ئۇ
راستىنلا چاتاق تېرىپ قويدى. ما جيەنجۇڭ قاتتىق غەزەپلەنگەچكە
توسىغانغىمۇ قارىماي:

— يامىنى كەلسە بىرگە بىر، مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن! — دېدى.

ۋاڭ لۇ تاپانچىنى ما جيەنجۇڭغا قايتۇرۇپ بەردى، ئاندىن
كۆڭلىكىنى يىرتىپ ئەلىنىڭ يارىسىنى تاڭدى، يالقۇن ئۆزىنىڭ
چاپىنىنى سېلىپ ئەلىنى يۆگىدى.

چېن دامو كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ:

— بولۇشمامسەن! ئەلىنى تېز دوختۇرخانىغا ئاپىرايلى! —
دەپ ۋارقىرىدى.

ما جيەنجۇڭ بىلەن ۋاڭ لۇ ئەلىنى كۆتۈرۈپ سىرتقا ماڭدى،
ئۇلار ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ ئەلىنىڭ يارىسىنى ئاغرىتىپ قويۇش-
تىن ئەنسىرىدى. ئۇلار ئەلىنى ماشىنىغا سېلىپ دوختۇرخانىغا
ئېلىپ كەتتى.

يولدا چېن دامو قول تېلېفونى بىلەن جۇڭ چېڭغا دوكلات
قىلدى. جۇڭ چېڭ نەن نازىرغا دوكلات قىلىپ:

— ئادەم تۇتۇلدى، ئەسلىدە ئۇ جىددىي سوراق قىلىنماقچى-
دى، ئەمما ساقچىلىرىمىز ئېھتىياتسىزلىقتىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋې-
قويۇپتۇ. يەنە...، — ئۇ بىر دەقىقە توختىۋالغاندىن كېيىن قايغۇ
ئىچىدە: — ساقچىمىز ئەلى ئېغىر يارىلاندى، ئۇنى ھازىر دوخ-
تۇرخانىغا ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى.

ماشىنا كەنتكە كىرەلمەيتتى، شۇڭا يول بويىغا توختىتىلىپ
قويۇلدى، چېن دامو بىلەن ۋاڭ لۇ ئەلىنى كۆتۈرۈپ دوختۇرخانىغا

قاراپ يۇگۇردى. ئەمما ئۇلار ئەلىنىڭ سىلكىنىپ يارىسىنىڭ ئاغ-رىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئەلىنىڭ قېنى يەرگە تامچىلاپ ئېقىپ، بۇ گۈزەل كەنتنى قانغا بويىدى. ۋاڭ لۇ ۋە چېن دامونىڭ كۆزلىرى ياشتىن خىرەلىشىپ كەتتى، ئۇلار ئەلى ئۆلۈپ كېتەرمى-كىن دەپ ئەنسىرىشەتتى، ئەلىنىڭ چىرايى تامدەك ئاقىرىپ كەت-كەن، كۆكرىكى پۈتۈنلەي قان ئىدى. ۋاڭ لۇ بىلەن چېن دامو ئەلىنى كۆتۈرۈپ دوختۇرخانىغا قاراپ داۋاملىق يۈگۈردى.

ما جيەنجۇڭ ماشىنىنى كەنت ئېغىزىغا ھەيدەپ ئەكەلدى. ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى، قان ئىچىدە ياتقان ئەلىنى كۆرۈپ كۆزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ ياش تۆكۈلدى، ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئەلى، ئەگەر سەن ئۆلۈپ كېتىدىغان بولساڭ، يارىماس بىر ئادەم بولغان بولىسەن، ئەلى، سەن ئۆلۈپ كەتسەڭ ھەرگىز بولمايدۇ! — دېدى.

ئەلى ما جيەنجۇڭنىڭ تىللىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك قىلات-تى. چېن دامو بىلەن ۋاڭ لۇ ئەلىنىڭ مىدىرلىغانلىقىنى سەزدى، شۇڭا ئۇلار توختىدى، ئەلى بىر نەرسە دېيدىغاندەك قىلاتتى. ئەلى راستتىنلا سەل كۆچەپ مىدىرلىدى، ئۇنىڭ چىرايىدا يەنە بۇرۇنقى قىزىقچىلىقى چىقىپ تۇراتتى: — ما جيەنجۇڭ، مەن... سەندىن... چىرايلىق، سەن مېنى ھەرقانچە... تىللىساڭمۇ... بىكار، — دېدى.

بۇ ئەلىنىڭ سەپداشلىرىغا قالدۇرغان ئەڭ ئاخىرقى بىر ئېغىز سۆزى بولۇپ قالدى.

ئۆزىنى «ئالىي دەرىجىلىك، داڭلىق» دەپ ئاتايدىغان يىگىت بۇ دۇنيادىن كېتىش ئالدىدا ئەنە شۇنداق مەردانىلەرچە كەتتى، ئۇ ھەقىقەتەن داڭلىق يىگىت ئىدى، ھېچكىم ئۇنىڭغا يېتەلمەيتتى.

چېن دامو ياشلىرىنى سۈرتۈپ:

— يولداشلار، بىز ھازىر ئەلىگە بىز سېنى ئېلىپ ئۆيگە قايتىمىز دەيلى، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن ئەلىگە:
— ئەلى، ھازىر ھەممىمىز بىرلىكتە ئۆيگە قايتىمىز، ئۆيگە قايتىمىز... — دېدى.

تېررورلۇققا قارشى بىرىنچى سەپتىكى قېرىنداشلار ئۆزلىر-
ىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك قېرىندىشىنى مانا مۇشۇنداق ئۇزاتتى.

## 3

كۆپچىلىك بىردەك: يالقۇن پەردەگە تېلېفون بېرىپ بۇ شۇم خەۋەرنى ئۇنىڭغا يەتكۈزسۇن، دەپ قارار قىلدى، ئەمما يالقۇن بۇنىڭغا زادى ئۇنىمىدى. ئۇ:

— مەن ئەلىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە چىدىمايۋاتسام، يەنە پەردەنى ئۆلۈم گىردابىغا ئىتتىرىمەنمۇ؟ ئۇ تېخى ئېچىلمىغان بىر غۇنچە، — دېدى.

رازۋېدكىچىلار بۇ شۇم خەۋەرنى پەردەگە زادى قانداق ئېيتىشنى بىلەلمىدى.

جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق ج خ ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسى چوڭ يولغا قاراپ تۇراتتى. ۋاڭ لۇنىڭ رازۋېدكىچىلار ئەتىرىتى قايتىپ كەلگەن شۇ كۈنى هاۋامۇ خۇددى ئۇلارغا ماسلاشقاندەك بۇزۇلۇپ سىم - سىم يامغۇر ياغدى. مىڭلىغان ، تۈمەنلىگەن ئامما ج خ ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا توپلىشىپ سۈكۈتتە تۇرۇشاتتى، ئۇلار بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن يىغىلىپ ساقچىلارنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋاتاتتى، بۇ كۆرۈنۈش كېيىنكى كۈنلەردە ۋاڭ لۇنىڭ ئېسىدىن زادى چىقمىدى.

ساقچى فورمىسىنى رەتلىك كىيگەن ما جيەنجۇڭ بىلەن يالقۇن ئالدىدا، ۋاڭ لۇ بىلەن دامو كەينىدە يەنە تولۇق قوراللانغان تۆت ساقچى ئەلىنى كۆتۈرۈپ كەلدى. ئۇلار جىسمى بىلەن ئەمەس قان ئېقىۋاتقان قەلبى بىلەن ئۆز سەپدىشىنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى.

ئامما سۈكۈت ئىچىدە ئىستىخىيىلىك هالدا بۇ ئالاھىدە قوشۇنغا يول بوشاتتى، ساقچىلارنىڭ ئەتراپىنى پۈتۈنلەي ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان يىغا ئاۋازى قاپلىدى.

ئەلىنىڭ بوۋىسى 80 ياشقا كىرىپ قالغانىدى، بوۋاينىڭ يۇقىرى قان بېسىمى، مېڭە قان تومۇرلىرى توسۇلۇش كېسەللىكلىرى بار ئىدى، ئۆيدىكىلەردىن هېچكىم ئەلىنىڭ قۇربان بولغانلىقىنى

ئۇنىڭغا ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. بۈگۈن ئەتىگەندە ئۆيىدىكە‑
لەرنىڭ روھىي ھالىتى باشقىچە ھالدا سىرتقا چىقماقچى بولغانلى‑
قى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ج خ ئىدارىسى مەخسۇس ماشىنا ئەۋەتىپ
ئۇلارنى ئالغىلى كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇ كۆڭلىدە سۆيۈملۈك
نەۋرىسى ئەلىدىن بىر ئىش چىققانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۆتكەندە
ئەلى قولغۇقتا يوقاپ كەتكەندىمۇ ج خ ئىدارىسى ماشىنا ئەۋەتىپ
ئۆيدىكىلەرنى ئالغىلى كەلگەندى، ئۇ ئەلىدىن چوقۇم بىر ئىش
چىقىپتۇ دېگەننى جەزملەشتۈردى، ئەلى ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكى
بىردىنبىر ساقچى ئىدى.

— مەنمۇ بارىمەن! — دېدى ئۇ قەتئىي ھالدا.

ئەلىنىڭ دادىسى ناھايىتى خاتىرجەم قىياپەتتە:

— سىرتتا ئازراق ئىشىمىز بار، سىز ئۆيدە ئولتۇرۇپ
تۇرۇڭ، — دېدى.

ئەلىنىڭ بوۋىسى دانە ـ دانە قىلىپ:

— بالام مېنى ئالدىما، مەن نەۋرەمدىن بىر ئىش چىققانلىقىنى بىلدىم، مەن ئۇنى بىر كۆرۈۋالاي! — دېدى.

ئەلىنىڭ دادىسى ئۆزىنى زادىلا تۇتۇۋالالماي بىردىنلا ئېسەدەپ
يىغلاپ كەتتى.

— يىغلىما ئوغلۇم، بۇ شەرەپلىك ئىش، — ئەلىنىڭ
بوۋىسى گەرچە قاتتىق قايغۇرۇۋاتقان بولسىمۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ،
ئائىلىسىدىكىلەرگە تەسەللى بەردى. ئەينى يىللىرى يەر ئىسلاھاتى
ئېلىپ بېرىلىپ، پومېشچىكلار كۈرەش قىلىنغان چاغدا بوۋاي
ئازادلىق ئارمىيىسى باشلاپ قۇرۇلۇم تاغلىرىغا كىرىپ، باندىت تازى‑
لاشقا قاتناشقانىدى.

مېڭىش ئالدىدا بوۋاي ئائىلە يىغىنى ئاچتى، ئۇ:

— ئەينى يىللىرى ئارمىيە ئۇرۇش قىلىپ، ئاتاكىغا ئۆتكەندە
نۇرغۇن ياخشى يىگىتلەر قايتىپ كېلەلمىگەن، لېكىن مەن ئۆلمە‑
گەنىدىم، ھازىر مېنىڭ نەۋرەم قۇربان بولدى، بىز ئائىلىق بولۇ‑
شىمىز كېرەك، تەشكىلنى تەڭلىكتە قالدۇرۇشقا زادى بول ـ
مايدۇ، — دېدى.

بوۋاي بىرىنچى بولۇپ ج خ ئىدارىسى ئەۋەتكەن كىچىك ماشى‑

نىغا چىقتى، ئۇنىڭ كۆزىدىن بىر تىمىمۇ ياش ئاقمىدى، ئەمما ئەلىنىڭ جەسىتى ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەندە بوۋاي ھوشىدىن كې- تىپ يىقىلدى.

ئەلىنىڭ ئايالى پەرىدە نەچچە قېتىم ھوشىدىن كەتتى، ئۇ ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن جۇڭ چېڭغا:

— ئىدارە باشلىقى، ئەلى سىلەر بىلەن بىر ئۇبدان كەتكەن- دى، ئەمدى سىلەر قايتىپ كەپسىلەر، ئەلى يوق، ئەلىنى تېپىپ بېرىڭلار! — دېدى. پەرىدە يەنە ھوشىدىن كەتتى، ئارقىدىن يەنە ھوشىغا كەلدى، ئەمما، ئۇ قايتا ھوشىغا كەلگەندە:

— ئىدارە باشلىقى، مەن بۇلارنى سىلەردىن كۆرمەيمەن، ئەلى قايتىپ كەلمىدى، ئەگەر ئەلى قايتىپ كەلگەن بولسا، سىلەر- نىڭ ئىچىڭلاردىن باشقا بىرى قايتىپ كېلەلمىگەن بولاتتى، — دېدى.

جۇڭ چېڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ باشقا ياققا قارىۋالدى. كۆپچىلىك ئادەتتە لوكچەك مىجەز كەلگەن ئەلىنىڭ ئايالىنىڭ مۇنداق ئاڭلىقلىقىنى، كىشىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىد- غانلىقىنى ھەرگىز ئويلىمىغانىدى. ئەلىنىڭ پەرىدەنى شۇنچە قوغ- لاشقانلىقى، ئۇنىڭغا شۇنچىلا مەپتۇن بولغانلىقى، تويدىن كېيىن ئۇنىڭ ئالدىدا ناھايىتى ئىتائەتمەن بولۇپ كەتكەنلىكى بىكار ئەمەس- كەن - دە، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھازىر پەرىدەنىڭ بويىدا بار ئىدى.

ئەلىنىڭ بوۋىسى ھوشىدىن كەتكەندىن كېيىن، تېببىي خا- دىملار ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ ئاسما ئوكۇل سالدى، ئەلىنىڭ ئاتا - ئانىسى، ئاچىلىرى ئەلىنىڭ جەسىتىنىڭ يېنىدىن كەتمەي، ئەلىنى قۇچاقلاپ پېشانىسىگە سۆيدى. جۇڭ چېڭ بۇ ھالەتنى كۆرۈپ قەلبى تېخىمۇ ئازابلاندى، ئۇ ئەلىنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ئال- دىدا قاتتىق خىجىلچىلىق، ئۆكۈنۈش ئىچىدە قالغانىدى. ئەمما ئەلىنىڭ كىشىنىڭ قەلبىنى چۈشىنىدىغان دادىسى جۇڭ چېڭنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— جۇڭ ئىدارە باشلىقى، سىلەر جاپا چەكتىڭلار، ئەلى پۈتۈن ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ ئىپتىخارى، سىلەرنىڭ ئەلىنى مۇ- شۇنداق ياخشى ئادەم قىلىپ تەربىيىلىگىنىڭلارغا رەھمەت، —

دېدى.

جوڭ چېلەك بوۋاينىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ تەسىرلەنگەن ھالدا:

— دادا، خاتىرجەم بولۇڭ، ئەلىننىڭ ئايالى بىزنىڭ سىڭلىمىز، ئۇ بىزنىڭ ج خ ئىدارىمىزگە كېلىپ ئىشلىسۇن، ئىشخانىلارنى تازىلاپ، چاي توشۇپ بېرەمدۇ، نېمىلا قىلسا بولىۋېرىدۇ، بىز ج خ ئىدارىسى ئۇنىڭغا ئىگە. ئەلىننىڭ بالىسى بىزنىڭ بالىمىز، بۇنىڭدىن كېيىن بىز ھەرقانچە قىيىنچىلىق تارتساقمۇ ئۇنى مەكتەپتە ئوقۇتىمىز، تاكى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنگە قەدەر ئوقۇتىمىز. ئاشۇ تېررورچىلار كۆرۈپ قويسۇن، دادىسى يوق ئاشۇ بالا دادىسى بار بالىلاردىن تېخىمۇ ياخشى ياشايدۇ، ئەلىننىڭ قېنى ھەرگىز بىكار ئاقمايدۇ، دادا، مۇشۇنداق قىلساق بولامدۇ؟ — دېدى.

جوڭ چېلەك ئىككى ئېغىز سۆزىدە بىر دادا دەيتتى، كۆپچىلىك جوڭ چېڭنىڭ ئەلىگە ۋاكالىتەن شۇنداق دەۋاتقانلىقىنى بىلەتتى.

ئەلىننىڭ دادىسى بېشىنى چايقاپ:

— ئىدارە باشلىقى، سىلەرنىڭ قەلبىڭلارنى مەن چۈشەندىم ئەمما بىز ئۇنداق قىلالمايمىز. ئەگەر سىلەر ھەر كۈنى مېنىڭ نەۋرەم بىلەنلا بولۇپ كەتسەڭلار ئۆز خىزمىتىڭلارنى قانداق ئىشلەيسىلەر؟ ئەلىننىڭ بىرقانچە ئاچىسى بار، ئەلىننىڭ ئايالى پەرىدە بىر ئۇسسۇلچى، ئۇنىڭ خىزمىتى بار، ئۇ ئۆزىنى ئۆزى باقالايدۇ. ئەگەر كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ قايتا ياتلىق بولماقچى بولسا بىز پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر ئۇنىڭغا بەخت تىلەيمىز، ئۇ مەڭگۈ بىزنىڭ ياخشى قىزىمىز، ياخشى كېلىنىمىز. بىز تەشكىلگە قىيىنچىلىق كەلتۈرۈشنى خالىمايمىز، سىلەر خاتىرجەم ھالدا ئۆز خىزمىتىڭلارنى ياخشى ئىشلەڭلار، ئەسكى ئادەملەرنى تۇتۇڭلار، — دېدى.

ئەلىننىڭ دادىسىنىڭ سۆزى ئىنتايىن سەمىمىي ئىدى، بۇ رازۋېدكىچىلارنىڭ قەلبىنى تىترىتىۋەتتى، جوڭ چېلەك ئەلىننىڭ دادىسىغا قايتا - قايتا ناماقۇللۇق بىلدۈردى. ئۇ:

— دادا، ئانا، ئاچىلار، سىڭىللار مەن يېڭىلمەس بىر گېنېرال ئەمەس، مەن سىلەرنى ئەلىدىن مەھرۇم قىلدىم، بۇ ئىش

مېنى مەڭگۈ ئازابلايدۇ، مەن سىلەردىن مېنى ئەپۇ قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلمايمەن، بۇنىڭدىن كېيىن بىز خىزمىتىمىزنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، تېخىمۇ ياخشى كۆرەش قىلىمىز، ئەلنىڭ قېنى ھەرگىز بىكار ئاقمايدۇ! — دېدى.

ئەلنىڭ دادىسى جۇڭ چېڭغا تەسەللى بېرىپ:

— ئۇرۇش بولىدىكەن چوقۇم قۇربان بېرىش بولىدۇ، مې-نىڭ بالام ھايات قالغان بولسا چوقۇم باشقىلارنىڭ بالىلىرى قۇربان بولغان بولاتتى، بۇ ھەقىقەتنى بىز ئائىلىمىزدىكىلەر ھەممىمىز چۈشىنىمىز. بالام، بۇ ئىشنى ھەرگىز ئۆزىڭىزگە يۈك قىلىۋال-ماڭ، بۇنداق قىلىدىغان بولسىڭىز سىز ھەرگىز خىزمىتىڭىزنى ياخشى ئىشلىيەلمەيسىز، ئەلمۇ بىزنى ئەيىبلەيدۇ، — دېدى.

## 4

جەنۇبىي شىنجاڭ تۇپرىقىغا قەدەم قويۇشى بىلەنلا ساۋۇتنىڭ قەلبى قاتتىق ئازابلاندى. بىر يىل ئىلگىرى ئۇ «جاھاننى زىلزىلى-گە كەلتۈرىدىغان چوڭ ئىشنى قىلماي تۇرۇپ، ھەقىقىي ئەزىمەت دېگەن نامنى ئالماي تۇرۇپ، بۇ يەرگە ھەرگىز قايتىپ كەلمەيمەن» دەپ قەسەم قىلغانىدى. بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭدا ھەقىقەتەن ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى، ئۇ ئەمدى ھەرگىز ھەممىشە غەمدىن باش كۆتۈرەلمەيدىغان، ئاسان ھاياجانلىنىدىغان، كاللىسى-دا شېئىردىن باشقا بىر نەرسە يوق ياش ئەمەس، ئۇنىڭ ئاددىيلىقى ئۇنىڭ چەت ئەل زېمىنىغا قەدەم قويۇشى بىلەنلا پۈتۈنلەي يوقالغان، كەلمەسكە كەتكەنىدى.

باغ تېررورلۇق بازىسى ۋەيران قىلىۋېتىلگەن كېچىسى، ئۇ لەيلىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت بىلەن قۇتۇلدۇرۇلۇپ چىقىلغانلىقىنى كۆردى، ئۆزىمۇ بۇ قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ قەلبىنى ئازاب-لىغان بۇ تۇپراقتىن غىپپىدىلا ئايرىلدى. ئۆزى يوشۇرۇنچە ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ ھازىر نىيىتى ئۆزگەرگەن بولغاچقا ئۇنىڭ يەنە تارتىشىدىغان نېمىسى بار ئىدى؟ ئۇ مەقسەتسىزلا ئۆزى يالغۇز قەشقەر شەھىرىگە كەلدى. بىر ئېلېكتر ئىستولبىسىدا

«كۆك چۈش تورخانىسى» نىڭ ياش مۇلازىمەتچىلەرنى قوبۇل قىلىش ئېلانىنى كۆردى ھەمدە ئۇلارنىڭ تاللىشىدىن ئوڭۇشلۇق ھالدا ئۆتتى. ئەمما ئۇ بۇ تورخانىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىبراھىمنىڭ مەبلەغ چىقىرىشى بىلەن ئابدۇلنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئېچىلغان، مەخسۇس ياشلارنى قوبۇل قىلىپ چەت ئەلدىكى تېررورلۇق تەشكىلاتىغا ئەۋەتىپ بېرىدىغان يۆتكەش پونكىتى ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. بۇ يەر ئاستى يۆتكەش پونكىتى، ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشىغا ياردەم بېرىش نامى بىلەن ياشلارنى A دۆلىتىگە ئالداپ ئېلىپ چىقاتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئالىمنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى تېررورلۇق تەشكىلاتى، بۇ ياشلارغا ئالاھىدە تېررورلۇق تەربىيىسى ئېلىپ باراتتى، ياشلار بۇ يەردە تەربىيىلىنىپ چىققاندىن كېيىن بەزىلىرى چەت ئەلدىكى ئۇرۇش مەيدانلىرىغا ئەۋەتىلەتتى، ئۇ يەردە جېنىدىن ئايرىلاتتى، بەزىلىرى دۆلىتىمىز ئىچىگە تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتىلەتتى.

ساۋۇت ئالدىنىپ چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىن، ئالىمنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى تېررورلۇق تەشكىلاتىغا كىرىشكە قارشىلىق كۆرسىتىپ باقتى، لېكىن ئالىم ئائىلەڭدىكى ھەممەيلەننى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن دەپ تەھدىت سالغاچقا، بۇ تەھدىتكە بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا بۇ تېررورلۇق تەشكىلاتىغا قاتناشتى ھەم دۆلەت ئىچىگە مەجبۇرىي ئەۋەتىلىپ، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر قىلىندى.

مۇشۇ پەيتتە، ساۋۇت ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈۋېلىشنى، ئۆز يۇرتىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشنى، بۇ ئىبلىسلار بىلەن ئۇزۇل - كېسىل ئادا - جۇدا بولۇشنى ئويلىغانىدى. ئەمما ئۇ ھازىر تېكىرقاپ قالدى. ئەگەر ئابدۇل، تۇرسۇنلارنى ئىبلىس دېسەڭ، ئۇ ۋاقىتتا ئۆزى زادى نېمە بولىدۇ؟ ئۇ چەت ئەلدە ئالاھىدە تەربىيىنى قوبۇل قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرئاننى تۇتۇپ تۇرۇپ غازات ئۈچۈن بارلىقىمنى پىدا قىلىمەن دەپ قەسەم قىلدى. ئاشۇ قەسىمى بىلەن ئۇ ھازىر پاك ياشلىق ھالىتىگە ھەرگىز قايتالمايتتى. بۇ قېتىم ئۇ تېررورلۇق تەشكىلاتىنىڭ تۇرسۇن

ئىسمىلىك بىر ئەزاسى بىلەن دۆلەت ئىچىگە قايتىپ كەلدى، بۇ ئارىلىقتا ئۇلار گۇاڭجۇدا ئىككى كۈن تۇردى، مۇشۇ ئىككى كۈن ئىچىدە، تانىسخانىدىكى «شياۋتاۋخوك» ئىسمىلىك بىر خېنىم ئۇ-نىڭغا بۇ دۇنيانىڭ لەززىتىنى تۇنجى قېتىم تېتىتتى. ئۇ گەرچە هازىر بۇ «شياۋتاۋخوك»نىڭ قۇچىقىدا مەستخۇش بولۇپ يېتىۋاتـ-سىمۇ، ئەمما ئىلگىرى زادىلا دۇچ كەلمىگەن ۋەھىمىلەرگە دۇچ كېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇ ۋەھىمىدىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. هازىر ھەممە ئىش قالايمىقانلىشىپ كەتتى، ئۇ ئىلگىرى رەناغا بىرقانچە يىل يوشۇرۇن كۆيۈپ يۈردى، ئەمما بىر قېتىممۇ ئۇنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ باقمىغانىدى. ئەمما هازىر ئۆزىنىڭ نازى بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئالىدىغان بىر خېنىم ئۇنىڭ پاكلىقىنى بىردەمدىلا نابۇت قىلدى. ئۇ ئىلگىرى مۇقەددەس دەپ تونۇغان نەرسە هازىر ئەرزىمەس بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى.

ساۋۇت ئىنتايىن قايغۇ ئىچىدە ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان تۇپراققا قايتىپ كەلدى، قورۇم تاغلىرىغا بېرىش يولىدا ئۇ ئۆزى-نىڭ مەھەللىسىدىن ئۆتەتتى.

يېزىسىنىڭ ئۆزىگە تونۇش ھىدى دىمىقىغا ئۇرۇلغاندا، ئۇنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ ئىللىق ئائى-لىسىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئۆزىگە قۇچاق ئېچىپ تۇرغانلىقىنىمۇ كۆردى، ئۇ ئۆيىگە كىرىپ ئاتا - ئانىسىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشنى، دادا، ئانا مەن قايتىپ كەلدىم دېيىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى، ئەمما ئۇ ئۇنداق قىلالمايتتى. ئۇ بۇ تېررورلۇق تەشكىلا-تىغا قاتناشقاندىلا پىشانىسىگە بۇ قىسمەت پۈتۈلگەن، ئۇ هازىر نورمال ئادەملەردەك ئۆز ئۆيىگە قايتالمايتتى، ئۇنىڭ هازىر ئۆيىگە قايتىش سالاھىيىتى ۋە ھوقۇقى يوق ئىدى.

ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇستا بىرقانچە كۈن سىلكىنىپ، ئۇنىڭ-دىن كېيىن ئىككى - ئۈچ پىيادە يول ئازابى تارتقاندىن كېيىن ساۋۇت بىلەن تۇرسۇن قورۇم تېغىدىكى بازىغا ئون كىلومېتىر قالغان جايغا كەلدى. بۇ يەردە ئۇلار ئۆزىنى كۈتۈۋالىدىغان ئالاقى-چى بىلەن ئۇچراشماقچى ئىدى. بۇ چاغدا، تۇرقىدىن ناھايىتى چاققان كۆرۈنىدىغان بىر ئەر كىشى يۇلغۇنلۇقتىن چاچراپ چىقتى.

ساۋۇت بىلەن تۇرسۇن دەرھال بىر دۆڭنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋال-
دى. ھېلىقى ئادەمنىڭ قولىدا بىر دۇربۇن بار ئىدى، ئۇنىڭ
كۆزىدىن باشقا ھەممە يېرى ئوراقلىق ئىدى. ئۇ ئاسماندىكى بۇلۇتقا
قاراپ تۇرۇپ:
— بۈگۈن ئاخشام يۇلتۇزنى كۆرگىلى بولارمۇ؟ — دېدى.
ساۋۇت بىلەن تۇرسۇن بۇ مەخپىي بەلگىنى ئاڭلىغاندىن كې-
يىن بىر - بىرىگە باشلىرىنى لىڭشىتىشتى، تۇرسۇن دۆڭنىڭ
ئارقىسىدىن بېشىدىن چىقىرىپ:
— يۇلتۇزلار ئايدىڭ كېچىدە چىقىدۇ، — دېدى.
ساۋۇت ئۇ ئادەمنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرمەيمۇ ئۇڭ يۈتىنىڭ
سەل ئاقساق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپلا، ئۇزلىرى بىلەن ئۇچرىششقا
كەلگەن بۇ ئادەمنىڭ شىرئەلى ئىكەنلىكىنى بىلدى. بۇ ھېلىقى
ئۆزىنى يېزىدىن ئالداپ چىقىپ، قۇملۇقتىكى تېررورلۇق بازىسىغا
ئېلىپ بارغان سورلۇك ئادەم شۇ ئىدى. شۇ مىنۇتتا ساۋۇتنىڭ
كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بولدى، ئۇ: ھەرقانچە قىلساممۇ بۇ ئىب-
لىستىن قۇتۇلالمىدىم، مۇشۇ ئەبلەخلەر بىلەن بىرگە ئۆتۈش پېشا-
نەمگە پۈتۈلۈپ كەتكەنمىدۇ، دەپ ئويلىدى.
شىرئەلى ساۋۇتنى تونۇدى، بىراق ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ
كۆرۈشمىدى، ئەكسىچە سوغۇققىنا قىلىپ:
— قارىغاندا خېلى قاۋۇل بولۇپ قاپسەن، — دېدى، ئۇنىڭ-
دىن كېيىن بېشىنى بىر ياققا قىڭغايتىپ: — مەن بىلەن
ماڭ، — دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئۇلار بىر تار جىلغىغا قاراپ
ماڭدى.
تاغدىكى خېلى كەڭ بىر پارچە ئېگىز - پەس جاي تۆمۈر سىم
توساق بىلەن توسالغانىدى. سىم توساق ئىچىدە تۆت چوڭ چېدىر
قۇرۇلغان، ھەربىر چېدىرغا ئون نەچچىدىن كارىۋات قويۇلغانىدى،
كارىۋاتلاردا ئابدۇل يىغىپ كەلگە پىدائىيلار ئۇخلاۋاتاتتى.
بۇ چېدىرلاردىن 100 مېتىر يىراقلىقتىكى تاغ قاپتىلىدا ئۈچ
ئېغىز كىچىك ئۆي بار ئىدى. بۇ ئۆي چارۋىچىلارنىڭ ئۆيى ئىدى.
كىچىك ئۆي ئىككى قات سىم توساق بىلەن قورشالغان. چارۋىچىلار
ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنىدى. ھازىر بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىچكەركىسىدە رەنا بى-

لەن ئەركىن تۇراتتى، تاشقىرىدا ئۇلارنىڭ ئون نەچچە مۇھاپىزەتچى تۇراتتى، ئىككى ئېغىز ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر چوڭ ئۆي بولۇپ، ئۇ ئەركىننىڭ مەجلىسخانىسى ئىدى. شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە شىرئەلى چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەن ساۋۇت بىلەن تۇرسۇننى ئىشىكى ئالدىغا چوڭ ئىككى دۆۋە مەڭگەن قويۇلغان ئۆينىڭ ئالدىغا ئەكەلدى، مەڭگەن يېنىدا سېسىپ كەتكەن قوناقلار دۆۋىلىنىپ تۇراتتى، بۇ قوناقلار ئۆي ئىگىسىنىڭ قوناقلىرى ئىدى. شىرئەلى كېتىۋېتىپ پۇتى ئاستىدىكى قوناقلارنى تەپتى، بۇ قوناقلار تاكى ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغىچە چېچىلىپ كەتكەنىدى. ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە شىرئەلى سوغۇق قىلىپ:

— كەلدۇق، سىلەر كۆرۈشمىدىغان ئادەم مۇشۇ ئۆي ئىچىدە، — دېدى.

ساۋۇت ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن تۆت ئەتراپقا بىرقۇر نەزەر سېلىپ چىقتى، كاڭدا بىرقانچە كىر يوتقان تاشلاپ قويۇلغانىدى، يەنە بىرقانچە قۇر كونا كىيىممۇ بار ئىدى. ئۆيدىكى ئۇلار بىلەن تەڭ ياشلىق ئون نەچچە ئەر يېڭى كەلگەن بۇ ئىككى شېرىكىگە غەمكىن بىر قىياپەتتە تىكىلدى، ئەمما ھېچقايسىسى ئۈندىمىدى.

ساۋۇت، بىز مۇشۇ يەردە تۇرارمىزمۇ؟ دېگەنلەرنى خىيالىغا كەلتۈردى - دە، تۇرسۇنغا شۈبھىلەنگەن ھالدا قاراپ قويدى. تۇرسۇنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ قويدى، شىرئەلى ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغان بولسا كېرەك، كۆزگە ئىلمىغان ھالدا:

— مۇشۇنداق بىر جاينىڭ بولۇشىمۇ ناھايىتى چوڭ ئىش، بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىمىزمۇ چوڭ ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن، ھەرگىز راھەت - پاراغەت، كەيىپ - ساپا سۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، — دېدى.

بۇ چاغدا، ئىچكىرىگە خەۋەر بېرىش ئۈچۈن كىرىپ كەتكەن مۇھاپىزەتچى چىقىپ، قول ئىشارىسى قىلىپ:

— ئارقامدىن مېڭىڭلار، — دېدى.

ھېلىقى ئادەم ساۋۇت بىلەن تۇرسۇننى ئىككى ئۆي ئارىسىكى مەجلىسخانىغا باشلاپ كىردى.

ساۋۇت نۇرغۇن كىشىلەر ئەۋلىيا ئورنىدا كۆرۈۋاتقان بۇ ئا-

دەمنى كۆردى، ئەركىن ئىككى مۇھاپىزەتچىنىڭ ھەمراھلىقىدا مەجلىسخانىغا كىردى. ئۇ بۇ تاغ ئىچىدە خەتەرلىك ئىشلارنى قىلىدۇاتقان كىشىلەرنىڭ بېشى ئىدى.

ئەركىن بۇ ئىككىيلەننىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ناھايىتى روھلۇق كۆرسەتتى. ئۇ ساۋۇتنى كۆرۈپلا:

— سەن بىر ئەينەك، سەن مېنىڭ بىر يىلدىن بۇيانقى ئاجايىپ نەتىجىلىرىمنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرۇپسەن، مېنىڭ تۆھپەمنى ئېتىراپ قىلماسلىق مۇمكىن ئەمەس. ئويلاپ باق، بىر يىل بۇرۇن سەن ئىنتايىن نادان، بىلىمسىز بىر ئادەم ئىدىڭ، ئەمما ھازىر سەن ئالاھىدە مەشىقلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەن بىر جەڭچى، مەن سەن ئۈچۈن ئاجايىپ پەخىرلىنىمەن، — دېدى.

ئەركىن تۇرسۇننىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئەركىن قۇچىقىنى ئېچىپ ساۋۇتنى قۇچاقلىماقچى بولغان شۇ پەيتتە ساۋۇت يىرگەنگەن ھالدا ئۆزىنى چەتكە ئالدى. ئەركىننىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى، ئەمما ئۇ ئاچچىقلانمىدى. ئۇ ناھايىتى كەڭ قورساقلىق بىلەن:

— ئەگەر سەن پەقەت مېنىڭ قول ئاستىمدىكىلا ئادەم بولغان بولساڭ، ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان بولاتتىڭ، ئەگەر سەن رەنا ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتقان بولساڭ بەك ئاشۇرۇۋەتكەن بولىسەن. گەرچە سەن ئىلگىرى ئۇنى ياخشى كۆرگەن بولساڭمۇ، ئەمما سەن ئۇنىڭ بىلەن بىر ياستۇقتا باش قويۇپ باقمىغان. ئۇنىڭ قىزلىقى ماڭا مەنسۇپ بولدى، شۇنداق ئىكەن، ئۇ يەنە نېمىشقا ساڭا تەئەللۇق بولىدىكەن؟ دېگىنە، سەن بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭمۇ قانداق؟ ئەمما مەن بۇ ھەقتە سەن بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايمەن، چۈنكى مەن رەنانى ياخشى كۆرىمەن، ئۇ باش كېتىدىغان ئىش قىلغان تەقدىردىمۇ مەن ئۇنى ئۆلتۈرمەيمەن. ئېيتىپ باقە، مەن ئۇنى ياخشى كۆرمەمدىكەنمەن؟ سېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئالاقىلەردە تاپتىن چىقىپ كەتمەسلىكىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، ساڭا يەنە بىر قېتىم دەپ قوياي، رەنا مېنىڭ خوتۇنۇم، ئۇنىڭ بىر تال مويىغىمۇ چېقىلىشىڭغا رۇخسەت يوق، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشۈڭگىمۇ رۇخسەت

يوق. مەن سەل غەلىتە ئادەم، ئۆلگەندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ لەنەت ـ نەپرىتىگە قېلىشقا رازىمەنكى، ھايات ۋاقتىمدا كىشىلەرنىڭ ھاقارىتىگە ئۇچراشنى خالىمايمەن. ئەگەر سەن مەن بىلەن دۈشمەنلىشىمەن دەيدىكەنسەن، جېنىڭ ئىككى بولۇشى كېرەك، ئۇنداق بولمىسا سېنىڭ مەن بىلەن بەسلىشىشكە سالاھىيىتىڭ توشمايدۇ، — دېدى.

ساۋۇت ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق بىر چاغدا كۈندىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى، ئۆزى كېچە ـ كۈندۈز سېغىنىپ كېلىۋاتقان رەنانىڭ بۇ ئىبلىس بىلەن بىرگە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ ئويلىمىغانىدى. رەنا ساۋۇتنىڭ قورۇم تاغلىرىغا كەلگەنلىكىنى تېخى بىلمەيتتى، ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى، پۈتۈن نىيىتى بىلەن ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى بۇ مەبۇدنى ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئەركىن گەرچە تېخى بىرەر چوڭ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ شېرىن ـ شېكەر سۆزلىرى رەنانى بىزار قىلىۋەتكەنىدى، ئۇ ئۆزىنى يوقىتاي دەپ قالغانىدى.

ساۋۇتنىڭ قەلبى بەك ئازابلاندى، ئۇ ئىلگىرىكى ئاجايىپ خۇشاللىق كۈنلەرنى ئېسىگە ئالدى. قەلبى ئېغىر دەردكە تولغان ساۋۇت «12 مۇقام» دىكى مۇنۇ ھەسرەتلىك غەزەلنى يادىغا ئالدى:

ئىرغاي بىلەن ئىلىپ بولماس سايىنىڭ تېشىنى،
دەرد كەلگەندە سىگىرىپ بولماس كۆزنىڭ يېشىنى.
ئۆرگۈلگىچە ـ چۆرگۈلگىچە يىللار ئۆرۈلدى،
يۈرەكتىكى سېرىق سۇلار قانغا ئۆرۈلدى.

ئېغىر دەرد ساۋۇتنىڭ كۆڭلىنى ئازابلىماقتا ئىدى، بۇ ھەسرەتلىك غەزەل ئۇنىڭ ياشلىق باھارى ۋە مۇھەببىتىنىڭ مامات سىگنالى ئىدى.

رەقىبلەر تار يولدا ئۇچرىشىپتۇ دېگەندەك، ساۋۇت ئەركىننى كۆرۈپلا ئۇنى ئېتىۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى. ئەمما ئۇ يەنە چىڭ تۇرۇلگەن مۇشتۇمىنى قويۇۋەتتى، چۈنكى ئۇ ھازىر ئۆزىنى ئىنتايىن بەك تۆۋەن كۆرۈۋاتاتتى. ئۇ پاھىشە بىلەن بىر كارىۋاتتا ياتتى، شۇنداق ئىكەن ئۇنىڭ رەنادىن يەنە ئۆزىنى سۆيۈشنى تەلەپ

قىلىشقا نېمە سالاھىيىتى بولسۇن!
ئەركىن ئۇنىڭغا بىرھازا تەنبىھ بەرگەندىن كېيىن، ئۇ يەنە
ئابدۇلنىڭ يېنىغا ئېلىپ كىرىلدى.
ئابدۇل ساۋۇتنى كۆرۈپ:
— نېمىشقا ماڭا ھۆرمەت قىلمايسەن؟ سەندەك دۆت ئەبلەخ-
لەرنىڭ بۇگۈنكى كۈنگە ئېرىششى پۈتۈنلەي مېنىڭ ياردىمىم ئار-
قىلىق بولدى، ئەگەر مېنىڭ ياردىمىم بولمىغان بولسا سەنلەرگە
چەت ئەلگە چىقىپ ئويناپ كېلىش نەدە تۇرۇپتۇ! قېنى قايسىڭنىڭ
دادا - بوۋىلىرى سەنلەرنى چەت ئەلگە ئەۋەتەلىگەن، شۇڭا سەنلەر
مېنىڭ شەپقىتىمگە جاۋاب قايتۇرۇشۇڭ كېرەك. بولۇپمۇ، سەن
ساۋۇت، نېمە مېنىڭ ئالدىمدا ئۇنداق غەمدىن بېشىڭنى كۆتۈرەل-
مەي تۇرىسەن ياكى سەن ئىلگىرىكى زۇلمەتلىك - مۇشەققەتلىك
كۈنلەرگە قايتىپ كەتمەكچىمۇ؟ ئەتە يەنە سەن بىلەن كۆرۈشۈش-
تىن ئىلگىرى ئۆزۈڭنىڭ بۇرچۇڭنى ئېنىق تونۇپ يېتىشىڭ
كېرەك! — دېدى.
ساۋۇت ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكۇسى كېلىپ
كەتتى، ئەمما ئۇ يەنە قانائەتمەنلىك بىلەن: «خوپ» لا دېيەلەيتتى.
ساۋۇت بىلەن تۇرسۇن قورۇم تېغىغا ئەڭ ئاخىرىدا كەلگەچ-
كە، چېدىردا ئۇلارغا ئورۇن يوق ئىدى. شۇڭا ئۇلار يەر ئاستى
ئۆڭكۈردە تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزى ئادەتتە
خىش بىلەن توساپ قويۇلاتتى، تازا دىققەت قىلمىغان ئادەم بۇ
يەرنىڭ يەر ئاستى ئۆڭكۈرى ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالمايتتى، ئۆڭ-
كۈرنىڭ ئۈچ يېرىدە ھاۋا ئۆتۈشۈش ئېغىزى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسى
ئاشخانىنىڭ مورىسىغا تۇتاشتۇرۇلغان، بىرسى سىرتتىكى چۆپلۈك-
لەر ئارىسىدا، يەنە بىرسى ئېغىلدا ئىدى، بۇ ھاۋا ئۆتۈشۈش
ئېغىزى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە كىرىپ - چىقىش ئېغىزى بولۇپ، بىرەر
جىددىي ئەھۋال يۈز بەرسە ئۇلار مۇشۇ يەردىن قېچىپ كېتەتتى.

5

ساۋۇت بىلەن تۇرسۇن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم چەت ئەلدە تەربى-
يىلىنىپ كەلگەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ناھايىتى ئوڭۇشلۇق

هالدا دۆلەت ئىچىگە قايتىپ كەلگەنىدى. بۇ قۇرۇم تاغلىرىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن ئەركىنگە ناھايىتى چوڭ كۈچ بېغىشلىدى، ئەركىن ئابدۇلنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ:
— سەن ماڭا ئىشەنچ ئاتا قىلدىڭ، بىز تېخىمۇ چوڭ مۆۋەپ- پەقىيەتلەرگە ئېرىشىشىمىز لازىم، — دېدى.
شىرئەلى بولسا ئۇنى مەسخىرە قىلىپ:
— بەك بالدۇر خۇش بولۇپ كەتتىڭمىكىن، گەرچە ئادىمە- مىز كۆپەيگەن بولسىمۇ، لېكىن قورال - ياراغلىرىمىز بەك ناچار، — دېدى.
— بومبا ياسايدىغان ماتېرىياللارنى تاپتىڭلارمۇ؟ — دېدى ئەركىن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.
— مەن بارلىق كۈچۈم بىلەن تىرىشتىم، ئەمما سىز دېگەن A دۆلىتىدىكىدەك بومبا ياساشقا ھازىرچە ماتېرىيال تېپىلمايۋاتى- دۇ، — دېدى شىرئەلى.
— بۇ گەپچە بىز پەقەت يەرلىك ئۇسۇلدا بومبا ياسىشىمىز كېرەكمۇ؟ — دېدى ئابدۇل.
— يەرلىك ئۇسۇلدا ياسىغان بومبىلارنىڭ قۇدرىتى ناھايىتى زور بولىدۇ، بولمىسا بۇ ئىشنى سەن قىل، مەن ئىچكىرىگە مىلتىق سېتىۋالغىلى بارىمەن، چەتتىن كىرىدىغان مىلتىقلار نې- مىشقا ھازىرغىچە يېتىپ كەلمەيدۇ؟ — دېدى شىرئەلى تەلەتىنى بۇزۇپ.
— مەن يەرلىك ئۇسۇلدا بومبا ياساش تېخنىكىسىنى بىل - مەيمەن، — دېدى ئابدۇل.
— مەن تېخى ئالىمنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ قولىدىن ھەممە ئىش كېلەمدىكىن دەپتىمەن، — دېدى شىرئەلى زەردە بىلەن.
ئابدۇل شىرئەلىنىڭ مەسخىرىسىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىدى، ئۇ ساۋۇتنى چاقىرىپ:
— سەن ئېلىپ كەلگەن بومبا ياساش ماتېرىياللىرىنىڭ تە- زىملىكىنى چىقار، سېلىشتۇرۇپ باقايلى، — دېدى.
ساۋۇت چەت ئەلدىكى ۋاقتىدا B دۆلىتىگە ئەۋەتىلىپ، بىر

ئاي پارتلىتىش قۇرۇلمىلىرىنى ياساشنى ئۆگەنگەن، B دۆلىتىنىڭ 16 تۈرلۈك TNT پارتلىتىش دورىسىنى ياساش تېخنىكىسىنى ئۆگەنگەنىدى. دۆلەتكە قايتىپ كېلىدىغان چاغدا، ئابدۇل ئالاھىدە ئۇنىڭغا پارتلىتىش دورىلىرىنى ياساش تېخنىكىسى ۋە ئۇنىڭ نەزەرىيىسىنى كۆرۈنمەس سىياھ بىلەن ئوبدان خاتىرىلەپ ئېلىپ كېلىشنى تاپىلىغانىدى.

ساۋۇت بۇ ماتېرىياللار تىزىملىكى يېزىلغان قەغەزنى ئالدى. ئەمما ئۇ قەغەزنى خىمىيىلىك دورا سۈيۈقلۇقىغا سېلىپ ھەرقانچە قىلسىمۇ قەغەزدە خەت كۆرۈنمىدى، ۋاقىت بەك ئۇزىراپ كەتكەچكە ئۇ دورا سۈيۈقلۇقى ئۆز رولىنى يوقاتقانىدى.

ئابدۇل چىچاڭلاپ كەتتى، ئۇ ساۋۇتنىڭ بۇرنىغا نوقۇپ تۇرۇپ:

— دېگىنە بۇ نېمە بولغىنى؟ نېمىشقا خىمىيىلىك دورا ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كۆرسەتمەيدۇ؟ سەن ئۇنى قانداق ساقلىغان؟ سەن قەستەن بۇ خەتلەرنى يوق قىلىۋەتتىڭمۇيا؟ سېنىڭ سولاقتا ياتقۇڭ بارمۇيا! — دېدى.

ئالدىنقى مەزگىلدە جەنۇبىي شىنجاڭ ج خ ئىدارىسى ئىبراھىمنى قولغا ئېلىپ، شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتىنىڭ يەر ئاستى پونكىتى بولغان «يېشىل چۈش تورخانىسى» نى پاچاقلاپ تاشلىدى، تورخانا خوجايىنى قالا قورقۇپ كەتكەنلىكتىن قۇرۇم تېغىغا قېچىپ كېلىۋالغانىدى. بۇ چاغدا ئۇ ئەقىل كۆرسىتىپ:

— ئاۋۋال قورال تاپامدۇق قانداق؟ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى ئېقىن كەنتىدە مېنىڭ بىر تۇغقىنىم بار، مەن ئۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ كەنتىدىكى بىر ئوۋچىنىڭ مەخپىي قورال - ياراغ سودىسى قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم، — دېدى.

ئەركىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ روھلىنىپ كەتتى:

— مىلتىق سېتىۋېلىش توغرىسىدىكى بۇ يىپ ئۇچى ناھايىتى ياخشىكەن، شىرئەلى سەن بۇ ئىشنى ئېنىقلا. سەن ياخشى دېدىڭ، غەربتىكى ئىتتىپاقداشلىرىمىز ھەمىشە قۇرۇق گەپلا قىلىدۇ، مىلتىق، قورال - ياراغ ھازىرغىچە كەلمىدى، بۇنىڭغا يەنىلا ئۆزىمىز بىر ئامال قىلىشىمىز كېرەك. ئەمما پارتلاتقۇچ دورا ياساشمۇ

ناھايىتى مۇھىم ئىش، بۇنىمۇ چىلىڭ تۇتۇش كېرەك، بۇ نەرسىنىڭ قىرغىن قىلىش كۈچىمۇ ناھايىتى زور. بىز تۆمۈريوللارنى، كۆۋرۈكلەرنى، ج خ ئىدارىسىنى پارتلىتىشىمىز كېرەك. يالغۇز چەتتىن كىرگەن بىرقانچە مىلتىققا تايانغان بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، — دېدى.

— ساۋۇت قول كومپيۇتېرنى ئىشلىتىپ باقسا قانداق؟ — دېدى ئابدۇل ئەركىنگە.

— نېمە قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى ئەركىن سەگەكلىك بىلەن.

— ساۋۇت كومپيۇتېردا تورغا چىقالايدۇ، B دۆلىتىدە ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى بار، ئۇ ئېلېكترونلۇق يوللانما ئارقىلىق ئۇ B دۆلىتىدە ياسالغان 16 خىل TNT پارتلاتقۇچ دورىنىڭ ماتېرىياللىرىنى قولغا كەلتۈرسە بولىدۇ، — دېدى ئابدۇل كۆرەڭلىگەن ھالدا.

ئەركىن بېشىنى چايقاپ:

— بۇ ئەبلەختىن ئېھتىيات قىلىش كېرەك، مەن ئۇنى ساقچىلارغا ئاخبارات بېرىپ، بىزنىڭ باغ مەشىق بازىمىزنى ۋەيران قىلىۋەتتىمىكىن دەيمەن. ئۇ بىزنىڭ مەشىق بازىمىزغا بېرىشتىن ئىلگىرى ئۇ جاي ناھايىتى مەخپىي جاي ئىدى، ئۇنىڭ كېلىشى بىلەنلا ساقچىلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تەڭلا قوغلاپ كەلدى. بىزنىڭ ئادەملىرىمىزدىن ئۆلگىنى ئۆلدى، تۇتۇلغىنى تۇتۇلدى، پەقەت شۇ بىرلا ئادەم چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى، سەن بۇنىڭدىن غەلىتىلىك ھېس قىلمىدىڭما؟ — دېدى.

— ئۇنىڭدا ھەقىقەتەن گۇمانلىق جايلار بار ئىكەن، ئەمما ئۇ ساقچىلارنىڭ ئادىمى بولمىسىلا بولدى ئەمەسمۇ، — دېدى ئابدۇل بېشىنى لىڭشىتىپ.

— بۇنىڭغا بىرنېمە دېمەك تەس، — دېدى ئەركىن بېشىنى چايقاپ.

— بۇنداق بولۇشى ناتايىن، بىز ئۇنى بىر يىلدىن ئارتۇق تەربىيىلىدۇق، ئۇنىڭ ساقچىلارنىڭ ئادىمى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر بىزنىڭ ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىدىغان

ۋاقتىمىز ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى بىز پارتلاتقۇچ دورا ياساش ماتېرىياللىرىنىڭ تىزىملىكىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. ھازىر بۇ ئادەملەر ئىچىدە پەقەت شۇلا كومپيۇتېر ئىشلىتىشنى بىلىدۇ، — دېدى ئابدۇل.

— ئەمىسە بولىدۇ، ساۋۇتنى چاقىرىپ كەل، پارتلاتقۇچ دورىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئەڭ مۇھىم، — دېدى ئەركىن.

ئەركىن كومپيۇتېرنى ئاچتى، ساۋۇت سۇنئىي ھەمراھ تېلېفونى ئارقىلىق تورغا چىقتى ھەمدە ئۆزىنىڭ B دۆلىتىدىكى ساۋاقداشلىرىغا ئېلېكترونلۇق يوللانما يوللىدى.

ئەركىن ساۋۇتنىڭ كومپيۇتېرنى خېلىلا ئوبدان بىلىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ، كۆڭلىگە بىر پىلان كەلدى ـ دە:

— ساۋۇت مېنىڭ يېنىمدا قېلىپ ماڭا مۇھاپىزەتچى بولسۇن، — دېدى. ساۋۇت ئەركىننىڭ كومپيۇتېرنى ئىشلەتتى، شۇڭا ئەركىن بۇ كىشىدىن تېخىمۇ خاتىرجەم بولالمايتتى.

ئەمدى قوشۇن كۆچەيدى، شۇڭا ئەركىن تاقەتسىزلىك بىلەن «جەنۇبىي شىنجاڭ شەرقىي تۈركىستانچىلار پىدائىيلار ئەترىتى»نىڭ 2 ـ قېتىملىق قەسەمياد يىغىنىنى ئاچتى. يىغىن ئالدىدا ئۇ ئىنتايىن ھاياجانغا تولغان ھالدا مەردانىلىك بىلەن كۆپچىلىككە دوكلات بېرىپ:

— ھازىر مەن سىلەرگە تۆت خۇش خەۋەر، بىر شۇم خەۋەرنى يەتكۈزىمەن. بىرىنچى خۇش خەۋەر، قۇربان دېگەن بۇ قېرى ئەبلەخنى يوقاتتۇق، شىرئەلى ئوڭۇشلۇق ھالدا دۆلەتكە قايتىپ كىردى. ئىككىنچى خۇش خەۋەر، ئىمىن ھاجى دېگەن بۇ ھۆكۈمەتكە سېتىلغان غالچىنى ئۆلتۈردۇق. ئۈچىنچى خۇش خەۋەر، ياسىن ئەلى دېگەن ساقچىنى ئۆلتۈردى؛ ئەمما ياسىنمۇ قۇربان بولدى. تۆتىنچى خۇش خەۋەر، M دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمەت بىناسى پارتلىتىلىپ تاشلاندى. شۇم خەۋەر شۇكى، ئۇستازىم ئىبراھىم تۇتۇلۇپ قالدى، — ئىبراھىمنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغاندا ئەركىننىڭ كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بولدى، ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئىبراھىمنى ھەرگىز قويۇپ بەرمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ساۋۇت B دۆلىتىدىن كېلىدىغان ئېلېكترونلۇق يوللانمىنى كۈتۈۋاتقاچقا، ئۇنىڭ قەسەمياد يېغىنىغا قاتناشماسلىقىغا رۇخسەت قىلىندى. ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتكەچكە تاشتىن قوپۇرۇلغان ئاشخانىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى، ئۇيەدە بىر بوۋايدىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. ساۋۇت ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە تونۇش بولغان تۇرقىغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى - دە، بوش ئاۋاز بىلەن:

— مامۇت تاغا، — دەپ چاقىردى.

ئۇ كىشى ئارقىغا ئۆرۈلۈپ، ساۋۇتنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى، ئۇ مامۇت ئىدى. ئەمما ھازىر ئۇنىڭ چىرايى ئىنتايىن سولغۇن، خۇنۈك ئىدى. ئۇنىڭغا كۆپ قېتىم قېچىپ كېتىش پۇرسىتى كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما رەنا ئۇنىڭ قېچىپ كېتىشىگە توسالغۇ بولۇۋاتاتتى. ساۋۇت مامۇتنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى، ئۇ مامۇتنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ:

— مامۇت تاغا، سىز بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— بىمەنىلىك، بەكمۇ بىمەنىلىك، ئىلگىرىكى بىر باي ھازىر بىر توپ ساراڭ تەلۋىلەرگە ئاشپەز بولۇپ تاماق ئېتىپ بېرىۋاتىمەن، — دېدى مامۇت ھەسرەت بىلەن.

— نېمىشقا رەنانى ئېلىپ قېچىپ كەتمەيسىز؟ — دەپ سورىدى ساۋۇت چۈشىنەلمەي.

— مەن ھازىر ئەركىنلىكىمدىن ئايرىلدىم، ئىلگىرى مەن بىر ئەخمەق بىر باي ئىكەنمەن، شۇڭا ئەركىن مەندىن پايدىلىنىپ كەتتى، — دېدى مامۇت خارامۇش ھالدا.

— نېمىلا بولمىسۇن سىز چوقۇم ئۇيگە قايتىشىڭىز كېرەك، سىز رەنا بىلەن بۇ يەردە بۇ ئىشلارغا مۇپتىلا بولۇپ يۈرسىڭىز ھەرگىز بولمايدۇ، — دېدى ساۋۇت جىددىي ھالدا.

— ئەمما رەنا بۇ يەردىن قانداق كېتەلەيدۇ؟ ئۇ كېتەلمەيدۇ، مەن ئۇنى بۇ يەرگە تاشلاپ قانداق خاتىرجەم ھالدا كېتەلەيمەن؟ — دېدى مامۇت.

— بولمىسا مەن ئەركىننى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، بىز ئۈچىمىز بىللە قېچىپ كېتەيلى، — ساۋۇتنىڭ قېنى قىزىدى.

مامۇت دەرھال ساۋۇتنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋېلىپ.

— ھەرگىز ئۇنداق قاراملىق قىلىشقا بولمايدۇ، رەنا ھازىر ئىككى قات، ئۇ بالا ئەركىنىنىڭ پۇشتى بولغاچقا ئەركىن ھازىرچە بىزنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ. بىر كۈن ئۆتسە قالغىنى خۇداغا ئامانەت. مەن ھەممىشە قېچىپ كېتىش نىيىتىدە بولۇۋاتسام-مۇ، ئەمما بۇنىڭغا بىر مۇۋاپىق پۇرسەت بولۇشى كېرەك، — دېدى.

ساۋۇت رەنانىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىنى بىلدى، ئەمما ما-مۇت ۋە رەنا ھازىر باشقىلارنىڭ ئىلكىگە چۈشۈپ قالغانىدى. لېكىن ساۋۇت ئەركىنىنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇشنى خالىمايتتى.

قەسەمياد يىغىنى داغدۇغىلىق ئېچىلىۋاتاتتى، ساۋۇت قول كومپيۇتېرنىڭ ئالدىغا قايتىدىن ئولتۇردى. ئۇ «google» ئىزدەش كاتەكچىسىگە «ساقچىلار ھەرىكەتتە»، «دېلو مەلۇم قىلىش»، «جەنۇبىي شىنجاڭ ج خ تورى» قاتارلىق سۆزلەرنى كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنۇپ كۆردى، ئۇ پەقەت تەلەي سىناۋاتاتتى. ئويلىمىغان يەر-دىن «جەنۇبىي شىنجاڭ ج خ تورى» ئېكراندا پەيدا بولدى، ئارقى-دىن «جەنۇبىي شىنجاڭ ج خ ئىشلىرى»غا ئائىت نۇرغۇنلىغان مەزمۇنلار ئېكراندا پەيدا بولدى. ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى جەنۇبىي شىنجاڭ ج خ ئىدارىسىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش نەتىجىلىرى تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلەر ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىكى تەشۋىقات ماقالىلىرى ئىدى. ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭ ج خ ئىدارىسىنىڭ ئۆز تورىنى جەمئىيەتكە ئېچىۋەتكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

ساۋۇتنى خۇشال قىلغىنى، جەنۇبىي شىنجاڭ ج خ تورىدا يەنە مەخسۇس دېلو مەلۇم قىلىش تور ئادرېسى تەسىس قىلىنغانىدى. ساۋۇت بۇ تور ئادرېسىنى بىرقانچە قېتىم كۆرۈپ ئېسىدە چىڭ تۇتۇۋالدى - دە، ئاندىن دەرھال بۇ سىستېمىدىن قايتىپ چىقتى. دەل شۇ پەيتتە ئۇنىڭ كاللىسىدا ئۆچ ئېلىش ئويى پەيدا بولدى.

## 6

ئەلى قۇربان بولغاندىن كېيىن تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش 1 - ئەترىتىنىڭ ئىشخانىسى خېلىلا جىمىپ كەتتى، ئەمدى ما

جيەنجۇڭ بىلەن گەپ تالىشىدىغان، يالقۇنغا بىمەنە چاقچاقلارنى قىلىدىغان ھەمدە ۋاڭ لۇنى باشلاپ يېزىلاردىكى گۈزەل قىزلارنى تاماشا قىلدۇرىدىغان بۇ ئادەم يوق ئىدى. كۆڭلى ئەڭ قاتتىق غەش بولۇۋاتقىنى ۋاڭ لۇ ئىدى. ئۇ ما جيەنجۇڭ بىلەن تاپانچا تالىشىپ تاپانچىدىن ئوق چىقىپ كەتتى، جۇڭ چېڭ شۇ ئاچچىقىدا ۋاڭ لۇغا ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بەرمەكچى بولدى. ما جيەنجۇڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن جۇڭ چېڭنى ئىزدەپ بېرىپ جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئەمما جۇڭ چېڭ ئۇنى تىللاپ چىقىرىۋەتتى. چېن دامو جۇڭ چېڭنىڭ ئۆزىنى تىللىشىدىن قورقمايتتى.

ئۇ ئۆزىنى تەكشۈرۈپ:

«بۇ قېتىمقى تاپانچىدىن ئوق چىقىپ كېتىش ۋەقەسى ھەقىقەتەن «قارا بۈركۈت»، كە زەربە بېرىش پىلانىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى، مەن بارلىق جاۋابكارلىقنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالىمەن، تەشكىلىنىڭ ماڭا چارە كۆرۈشىنى تەلەپ قىلىمەن» دېدى.

— ھە، قول ئاستىڭدىكى ئادىمىڭنى قوغداۋاتىسەن - ھە! بوپتۇ، مەن سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزەي، — دېدى جۇڭ چېڭ.

شۇنىڭ بىلەن چېن داموغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى. بۇ جازا ۋاڭ لۇغا ئۆزىنىڭ ساقچىلار قوشۇنىدىن چىقىرىپ تاشلانغىنىدىنمۇ ئېغىر تۇيۇلدى. ئۇ ئەسلىدە جۇڭ چېڭنى تېپىپ مۇنازىرىلەشمەكچى بولغانىدى، ئەمما چېن دامو ئۇنى تۇتۇۋالدى.

چېن دامو:

— بىز خىزمەت كۆرسىتىپ گۇناھىمىزنى يۇيايلى. بۇ جاۋابكارلىقنىڭ بىرسى راست، بىرسى يالغان. مەن سېنىڭ قەلبىڭنىڭ مېنىڭكىدىنمۇ غەش ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، — دېدى.

ۋاڭ لۇ ھەر كۈنى كۆڭلى غەش، بۇرۇقتۇرما بولغان ھالدا كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرۇپ مەشغۇلات قىلدى. ئۇ قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرماقچىدى، ھازىر ئەڭ خەتەرلىك دۈشمەن ئىبراھىم قولغا ئېلىنىدى، چەت ئەلدىن كەلگەن ئايگۇلمۇ ئۆلدى. بىرلا خەتەرلىك جاسۇس «قارا بۈركۈت» مەلۇم جايدا يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ، ئۆزىنى كۆرسەتمەيۋاتىدۇ. ۋاڭ لۇ «قارا بۈركۈت» نىڭ ھازىر تور پوچتا ساندۇقىنى ئالماشتۇرۇۋەتكەنلىكىنى بىلدى. شۇڭا ھازىر ۋاڭ لۇ

توردا رازۋېدكا قىلىش ئويۇنىدىن ۋاز كېچىپ، ئىز قوغلاش نىشانىنىڭ دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ۋاڭ لۇ ئادىتى بويىچە يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان «جەنۇبىي شىنجاڭ ج خ تورى» نى باشتىن - ئاخىرى بىرقۇر كۆرۈپ چىقتى، ئۇ «پاش قىلىش ساندۇقى» نى ئاچتى ۋە بۈگۈن «پاش قىلىش» ساندۇقىغا كىرگەن ئادەمنىڭ 27 ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئۇنىڭ ئىچىدە قالدۇرۇلغان بىر سۆز ۋاڭ لۇنىڭ دىققىتىنى بەكلا تارتتى، «مۇز تاغقا كەلگەن مېھمان» نامىلىق بۇ كىشى «ساقچى يولداش، جەنۇبىي شىنجاڭدا يېقىن ئارىدا چوڭ ۋەقە يۈز بېرىشى مۇمكىن» دەپ سۆز قالدۇرغانىدى.

ۋاڭ لۇ «مۇز تاغقا كەلگەن مېھمان» نىڭ ھەقىقىي IP ئادرېسىنى تاپالمىدى، ئۇ بۇ ئادەمنىڭ يەنە توردىكى «پاش قىلىش ساندۇقى» غا كىرىدىغانلىقىغا ئىشەندى. چېن دامو بۇ ئۇچۇرنى دەرھال جۇڭ چېڭغا يەتكۈزدى. جۇڭ چېڭ ۋاڭ لۇنىڭ بۇنىڭغا يېقىندىن دىققەت قىلىشىنى، ئەگەر ئۇ بايقىلىپلا قالسا دەرھال ئۆزى بىلەن ئالاقىلىشىشنى تاپشۇردى. جۇڭ چېڭ: «بۇ پاش قىلغۇچى ئېھتىمال ‹قارا بۆركۈت› نىڭ ئىچكى قىسمىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن» - دە، جەنۇبىي شىنجاڭ ساقچى تەرەپنىڭ ھەر ۋاقىت كۆرەشكە تەييارلىنىشىنى ئۇقتۇردى.

ۋاڭ لۇ بۇ بىرقانچە كۈندىن بۇيان كومپيۇتېر ئالدىدىن زادى نېرى كەتمىدى.

ۋاڭ لۇ پاش قىلغۇچىنى كۈتۈۋاتقان كۈنلەردە QQ سۆھبەتخانىسىغا كىردى، خەۋەرلەر كاتەكچىسىدە ئادەتتىكىدەك ئىككى سۆز قالدۇرۇلغانىدى. بۇنىڭ بىرسى ، «لەپىلدەۋاتقان قار» قالدۇرغان سۆز ، يەنە بىرسى «مۇز ئۈستىدىكى قار لەيلىسى» قالدۇرغان سۆز ئىدى.

«لەپىلدەۋاتقان قار» قالدۇرغان سۆز بىر شېئىر بولۇپ، ئۇ مۇنداق ئىدى:

كەتتى ئۆتۈپ كونا ئىشلار خۇددى تۇتۇندەك،
قالدى يۈرەكتە ئەلەملىك تۇنجى مۇھەببەت.
بىلگىنىمدە ھايات سىرلىرىنى بۇرۇنراق،

نه ئۇچۇن چېكەتتىم شۇنچە كۆپ بىھۇدە كۈلپەت.

«مۇز ئۇستىدىكى قارلەيلىسى» نىڭ قالدۇرغان سۆزى: «بىر-دىنلا بېشىمنى كۆتۈردۇم، قارىسام مۇزلار ئېرىپ كېتىپتۇ، سەن ئەمدى ھەرگىز ئاشۇ مۇز ئۇستىدىكى قارلەيلىسىنى كۆرەلمەيسەن» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

ۋاڭ لۇ بۇ ئىككى ساھىبجامال تورداش قالدۇرغان سۆزلەرنىڭ ناھايىتى سىرلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ئۇ «لەپىلدەۋاتقان قار» قالدۇرغان بۇ شېئىر چوقۇم خاتا يوللانغان، چۈنكى ئۇ ئۇنىڭ ئىلگىرىكى خاراكتېرىگە زادى ئوخشىمايدۇ، «مۇز ئۇستىدىكى قارلەيلىسى» نىڭ سۆزىنى چۈشىنىش تېخىمۇ تەس، ئۇ خۇددى جۇدالىق سۆزىگە ئوخشايدىكەن، دېگەنلەرنى ئويلىدى.

ۋاڭ لۇنىڭ بۇ ئىككى تورداشنىڭ غەيرىي نورمال روھىي ھالىتىنى پەرەز قىلىشقا چولىسى يوق ئىدى. ئۇ تېزلا QQ سۆھبەتخانىسىدىن يېنىپ چىقىپ، يەنىلا ھېلىقى سىرلىق پاش قىلغۇچىنى كۈتۈشكە باشلىدى.

# يىگىرمە يەتتىنچى باب

## 1

يېقىنقى ۋاقىتلاردىن بۇيان جۇڭ چېڭنىڭ كاللىسى گاراڭلا بولۇپ قالدى، ئۇ بۇنىڭ ئىككى سەۋەبتىن ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، بىرى ئەلىنىڭ قۇربان بولغانلىقى ئۇنىڭغا ناھايىتى چوڭ زەربە بولدى، يەنە بىرى «قارا بۆركۈت» نىڭ ئىز - دېرىكى تېخى تېپىلمىدى. گەرچە ھېلىقى سىرلىق پاش قىلغۇچى يەنە بىر قېتىم توردا ئۆزىنى كۆرسەتكەن، ئۇنىڭ «قارا بۆركۈت» نىڭ سىرىنى ئېيتىپ بېرىش مۇمكىنچىلىكى بولسىمۇ، ئەمما ئۇمىدنى بۇ پاش قىلغۇچىغىلا باغلاپ قويۇشقا بولمايتتى. شۇڭا، ئۇ نەن نازىرىغا دوكلات يېزىپ ئۇچقۇچىسىز رازۋېدكا ئايروپىلانى ئەۋەتىپ، قۇرۇم تاغلىرىدا ئىنچىكە رازۋېدكا قىلىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ياسىن قېچىپ كەتكەن يۆنىلىشنى كۆزدە تۇتۇپ، «قارا بۆركۈت» ئېھتىمال قۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئانچە يىراق بولمىغان جايلىرىدا يوشۇرۇنۇۋالغان بولۇشى مۇمكىن، دېگەنلەرنى ئويلىدى. بۇنى قولغا چۈشكەن تۇرغۇنمۇ شۇنداق دەپ تاپشۇرغانىدى، ئۇ ياسىن بىلەن مۇھەممەتنىڭ قۇرۇم تاغلىرىغا بارىمىز دېگىنىنى ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئەمما قۇرۇم تاغلىرى شۇنچە چوڭ تۇرسا، ئۇلارنىڭ نەگە مۆكۈنۇۋالغانلىقىنى قانداق بىلگىلى بولسۇن؟ جۇڭ چېڭنىڭ بۇلارنى ئويلاپ باشلىرى ئاغرىپ كەتتى. ئەمما، ئۇ يەنىلا كاللىسى گاراڭ ھالەتتە يۈرىۋەرسە بولمايتتى، ئۇ ساقچىلارنىڭ ئالدىدا ھەمىشە روھلۇق ھالدا پەيدا بولۇشى كېرەك ئىدى.

— چېن دامو، ماڭ، ئىككىمىز دوختۇرخانىغا بېرىپ كېلىمىز، — دەپ جۇڭ چېڭ چېن دامونى چاقىرىۋالدى.

— كىمنى كۆرۈپ كېلىمىز؟ — دەپ سورىدى چېن دامو

ھەيران قالغان ھالدا.

— ئىنقىلابنىڭ دەسمايىسىنى تەكشۈرتۈپ كېلىمىز، — دېدى جۇڭ چېڭ.

چېن دامو چۈشەندى، جۇڭ چېڭ ئەسلىدە سالامەتلىكىنى تەكشۈرتمەكچىدى. ياڭ دوختۇر جۇڭ چېڭنىڭ يېقىن دوستى بولۇپ، ئۇ قان بېسىمىنى ئۆلچىگەندىن كېيىن چاقچاق قىلىپ:

— ھەي، تۆۋەن بېسىم 120، يۇقىرى بېسىم 190 ئىكەن، سىز يەنىمۇ تىرىشىپ قۇرۇم تېگىدىن ئېشىپ كەتسىڭىز بولغۇدەك، — دېدى.

جۇڭ چېڭ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— قانداق قىلسام بۇ ئۆلچەمگە يېتەلەيمەن؟ — دەپ سورىدى.

— مۇنداق بېپەرۋالىق قىلماڭ، سىز ئاسما ئوكۇل سالدۇرىشىڭىز كېرەك، — دېدى ياڭ دوختۇر.

جۇڭ چېڭ دوختۇرخانىدا ئاسما ئوكۇل سالدۇرۇۋاتاتتى، يالقۇن بىرىنچى بولۇپ ئۇنى كۆرگىلى كەلدى. يالقۇن ئىشىكتىن كىرىپلا:

— ھەي، باشلىق، ئىچكىرىدىن كەلگەن بىر ئادەم ئېقىن كەنتتىكى دوستۇمدىن مىلتىق سېتىۋالماقچىكەن، ئېيتىڭە، ئۇنىڭ كېلىشىگە يول قويىمىزمۇ قانداق؟ — دەپ سورىدى.

جۇڭ چېڭنىڭ ئاسما ئوكۇلى چۈشۈۋاتاتتى، ئۇ بىردىنلا ئورنىدىن قوپۇپ:

— مىلتىق سېتىۋېلىپ نېمە قىلماقچىكەن، بۇ يەردە بىر ئىش بار، ئۇ قانداق مىلتىق سېتىۋالماقچىكەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ ئۇزۇن - قىسقا ھەرقانداق مىلتىقنى ئالىدىكەن، قانچە ئىلغار بولسا شۇنچە ياخشى، — دېدى يالقۇن.

— ئۇ مىلتىقنى ئۆزىگە ئالامدىكەن ياكى باشقىلارغا ئېلىپ بېرەمدىكەن؟ — دەپ سورىدى جۇڭ چېڭ يەنە.

— بۇنى ئۇقمىدىم، — دېدى يالقۇن.

— ئۇ كەلسۇن! سەن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇنىڭ بىلەن

يېقىنلاش، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراش، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن مىلتىق سېتىۋالماقچىكەنلىكىنى ئىگىلەش، بۇنى ئېغىز ئارقىلىق دېسەك بولمايدۇ، چوقۇم يازما دوكلات قىلىپ يوللا، — دېدى جۇڭ چېڭ كەسكىنلىك بىلەن.

## 2

تېخى تاڭ ئوبدان يورۇماي تۇرۇپلا يالقۇن ۋاڭ لۇنى ئويغىتىپ:

— تۇر ئورنۇڭدىن، ئوۋ ئوۋلىغىلى بارىمىز، — دېدى.

بۇ ياخشى ئىشنى ئاڭلاپ ۋاڭ لۇ دەرھال ئورنىدىن تۇردى.

يالقۇن ئادەتتە ئوۋ ئوۋلاشنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭ بىرقانچە «ئوۋچى دوستلىرى» بار ئىدى. بۇ نۆۋەت ئۇنىڭغا بىر ئادەمنىڭ مىلتىق سېتىۋالماقچى بولغانلىقىنى ئۇنىڭ ئوۋچى دوستى قادىر يەتكۈزگەنىدى.

يالقۇن جۇڭ چېڭ ياتقان بالنىستتىن چىقىپلا، تاغقا چىقىپ ئوۋ ئوۋلاشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى. ئۇ تۇنجى قېتىم سۇنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ئورۇن بەلگىلەش ئەسۋابىنى ماشىنىسىغا ئورنىتىۋالدى.

ئىككىسى «212» تىپلىق جىپ ماشىنىسىنى ھەيدەپ يېزىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئىككىيلەن ماشىنىنى ھەيدەپ، شىمالغا قاراپ 80 كىلومېتىردەك ماڭغاندىن كېيىن تاغ ئىچىگە كىردى. بۇ يەردە تاغلار قاتمۇقات بولۇپ ناھايىتى ھەيۋەت كۆرۈنەتتى. تاغ ئاستىدىكى تاشيول خۇددى قوينىڭ ئۈچىيىدەك كۆرۈنەتتى، تاشيولنىڭ ئىككى تەرىپىدە يېشىللىققا پۈركەنگەن كەنتلەر بار ئىدى. يالقۇن ئالدى تەرەپتىكى چىنار، جىگدە، ئەنجۈر، ئۈجمە ۋە باشقا يېشىل ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلانغان بىر كەنتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— قارا، ئاشۇ ئالدىمىزدىكى كەنتتە قادىرنىڭ ئۆيى بار، — دېدى.

ۋاڭ لۇ ئىختىيارسىز ھالدا بويىنىنى سوزۇپ، ئۇ كەنتكە

ئىنتىزارلىق بىلەن نەزەر سالدى. ۋاڭ لۇنىڭ نەزىرىدە ئۇ كەنت گويا چەت ئەل مەنزىرىسى چىقىپ تۇرغان، ئاجايىپ گۈزەل، ئاجايىپ تىنچلىق تۇيغۇسى بېرىدىغان بىر ماي بوياق رەسىمگە ئوخشايتتى.

— قادىر تاغدا چارۋا باققاندا تۇرىدىغان ئۆيدە بىزنى ساقلا- ۋاتىدۇ، — دېدى يالقۇن. يالقۇننىڭ كەيپىياتى ناھايىتى ئۈستۈن ئىدى. ئۇ ماشىنا ھەيدەپ كېتىۋېتىپ بىر قولىدا رىتىملىق ھالدا رولنى چېكىپ ئىسقىرتىپ ماڭدى. بۇنى كۆرۈپ قىزىپ كەتكەن ۋاڭ لۇمۇ يول بويى «پارتىزانلار ناخشىسى» غا ئىسقىرتىپ ماڭدى.

قادىرنىڭ ئۆيى بار جايدا قىرغاۋۇل ياۋا توشقان كۆپ ئىدى. بۇ تاغنىڭ ئالدىدا ناھايىتى ھەيۋەت بىر قىيا تاش قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، ئۇ بوراننى توساتتى، قادىر ئاشۇ تاشنىڭ ئالدىغا تاش بىلەن ئاددىي بىر ئۆي سېلىۋالغان. ھاۋا ئىسسىغاندا بۇ يەرگە كېلىپ تۇراتتى، كۈندۈزى ئوۋ ئوۋلايتتى، قىش كىرگەندە تاغدىن چۈشۈپ كەنتكە قايتىپ كېتەتتى.

قادىر ئوۋ مىلتىقىنى تۇتقان ھالدا تاش ئۆينىڭ ئالدىدا، رازۋېدكىچىلارنى ساقلاپ تۇراتتى. ئۇ دوستىنىڭ ماشىنىسىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خۇشال ھالدا قولىنى پۇلاڭلاتتى. يالقۇن ماشىنىنى تاش ئۆينىڭ ئالدىدا توختاتتى.

ئۇچەيلەن يۇقىرى ئاۋازدا بىر - بىرى بىلەن سالاملاشتى.

ۋاڭ لۇ قادىرنى ئەجەپ ئاق تەنلىككەن، ئوخشايدىكىنە دەپ قالدى. قادىرنىڭ چىرايى ئاق قىزىل، قاشلىرى سۇس سېرىق، چېچى ۋە بەدىنىدىكى تۈكلەر ھەممىسى سېرىق ئىدى. ئۇنىڭ بويى ئانچە ئېگىز ئەمەس، يېشى 40 ئەتراپىدا كۆرۈنەتتى. قادىر يىراق- تىنلا ئۇلارغا قول ئۇزاتتى:

— ھەي، قەدىناس دوستۇم يالقۇن، ياخشىمۇ سەن! — يالقۇنمۇ خۇشاللىق بىلەن قول ئۇزاتتى:

— ھەي قادىر، باشلىقىم ساڭا سالام ئېيتتى، مەن سېنىڭ گېپىڭنى ئۇنىڭغا يەتكۈزدۇم، — دېدى.

— رەھمەت، ئەمەلىيەتتە مەن سىلەرگە ھېچقانداق ياردەم قىلالمىدىم، — دېدى قادىر دەرھال.

— ئەھۋال قانداق؟ — دېدى يالقۇن گەپنى رەسمىي ئىش ئۈستىگە يۆتكەپ.

— مىلتىق ئالىدىغان ئادەم كەلدى، ئۇ بىزنىڭ كەنتىمىزدىكى ئارمانىنىڭ تۇغقىنى ئىكەن، ئىسمى قالا ئىكەن، ئىچكىرىدىن كەپتۇ. قارىغاندا ئۇنىڭ مىلتىق ئېلىشى ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن ئەمەستەك قىلىدۇ، مەن ئۇنىڭغا مىلتىق بار دېسەم، ئۇ مالنى كۆرۈپ باقاي دەيدۇ، — دېدى قادىر.

— ئۇ قانداق باھادا ئالىدىكەن؟

— ئۇ باھا تالاشمايمەن، مىلتىق ياخشى بولسىلا قانچە پۇل بولسىمۇ مەيلى دەيدۇ، — دېدى.

— ئۇ پۇل ئېلىپ كەپتىمۇ؟

— ئېلىپ كەپتۇ، 20 مىڭ يۈەن ئېلىپ كەپتۇ، مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ھەممىسى پېچەتتى بۇزۇلمىغان يېڭى پۇللار ئىكەن. ئۇ مىلتىق سېتىۋېلىشقا بەك تەقەززا بولۇپ كېتىۋېتىپتۇ، ئالدىن 2000 يۈەن زاكالەت پۇلى بەردى، مېنىڭ تېزرەك مىلتىق تېپىپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى.

— ئۇ مىلتىق سېتىۋېلىش توغرىسىدىكى مەقسىتىنى ئېيتتىمۇ؟

— ئالدىنقى كۈنلەردە ئۇ مەن بىلەن تاغقا ئوۋ ئوۋلىغىلى كەلدى، ئوۋ ئوۋلاش جەريانىدا خېلى تونۇشۇپ قالدۇق، ئۇ خۇشاللىقىدا سىرىنى دەۋەتتى. ئۇ ئۆزى ئىشلىتىش ئۈچۈن مىلتىق سېتىۋالمايدىكەن، بەلكى مۇستەقىللىق ھەرىكىتى ئۈچۈن مىلتىق سېتىۋالىدىكەن.

— ئارمان قانداق ئادەم، ئىلگىرى جىنايەت ئۆتكۈزگەنمىكەن؟

— بۇ ئادەم بىر بىكار تەلەپ، خوتۇنىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن، ئەمما مەن ئۇنىڭ بىرەر يامان ئىش قىلغىنىنى ئاڭلىمىدىم.

سالقىن تاغ شامىلى ئۇرۇلدى، يالقۇن بەدەنلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ:

— ھەي، قادىر، بۈگۈن ھاۋا ناھايىتى ياخشى بولۇۋاتىدۇ، بىز بىر بەسلىشىپ باقايلى، بولامدۇ؟ قېنى، كىم كۆپ نەرسە

ئۇۋلايدىكىن، ۋاڭ لۇ بىزگە رەھبىرى بولۇپ بەرسۇن، قانداق؟ — دېدى.

قادىر بېشىنى لىڭشىتىپ:

— مانا مۇشۇ تاغنى ئايلىنىپ ماڭىمىز، بىر-بىرىمىز 10 ياۋا توشقان، 20 قىرغاۋۇل ئۇۋلايمىز. كۈن دەل بېشىمىزدىن غەربكە قىيسايغاندا بۇ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ئاندىن كېيىن تاغدىن چۈشۈپ كېتىمىز، — دېدى.

— بولىدۇ، — دېدى يالقۇن.

يالقۇن بىلەن قادىر ئىككىسى ئىككى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئەتىگەندىن چۈشكىچە ۋاڭ لۇ يالقۇننىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، ئۇ ئۇۋلىغان ئۇۋلارنى يىغىپ ماڭدى، ئۇۋ مىلتىقىدىن ئېتىلغان چاچما ئوقنىڭ ئاۋازى تاغدا ئەكس سادا قايتۇرۇپ، بۇ تاغ ئارىسىنى قىزىتىۋەتتى.

بۈگۈنكى ئولجا ناھايىتى ياخشى بولدى، ئۇلار ئۆچەيلەن تاش ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە قادىر 10 ياۋا توشقان، 20 نەچچە قىرغاۋۇل ئېتىپ كەلگەنىدى. يالقۇن بىلەن ۋاڭ لۇ ئالتە ياۋا توشقان، 15 قىرغاۋۇل كۆتۈرۈپ كەلدى.

قادىرنىڭ ئاتقان ئوقى زادىلا زايە كەتمەيتتى، ئەمما، يالقۇن بىلەن ۋاڭ لۇ يەنىمۇ ئوبدان مەشىق قىلىشى كېرەك ئىدى.

ئۆچەيلەن ئولجىلىرىنى ئېلىپ ئىككى سائەتتىن ئارتۇق يول يۈرگەندىن كېيىن، كەلگەن ۋاقىتتا كۆرگەن ھېلىقى گۈزەل كەنتكە يېتىپ كەلدى.

## 3

جۇڭ چېڭ سۇنىي ھەمراھ تېلېفونى ئارقىلىق يالقۇن بىلەن سۆزلەشتى:

— زادى كىم مىلتىق ئالماقچىكەن؟

— زادى قايسى تەشكىلات، قايسى كىشىنىڭ مىلتىق ئالىدىغانلىقى ھازىرچە ئېنىق ئەمەس. بىز تېخى قورالنى ئۇنىڭغا بەرمىدۇق، قادىر ھازىر ۋاقىتنى كېيىنكە سوزۇپ مۇشۇ بىر - ئىككى

كۆزدە ئۇنىڭغا قورالنى بەرمەكچى بولدى. باشلىق، كېيىنكى قە-
دەمدە قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟
جۇڭ چېڭ بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن:
— مېنىڭچە، بۇ ئادەتتىكى بىر قورال سېتىۋېلىش دېلوسى
بولماسلىقى مۇمكىن. بۇ بىر-بىر تەشكىلاتنىڭ ئىشىدەك قىلىدۇ.
مەن بۇ قورال سېتىۋالغۇچىنىڭ «قارا بۆركۈت» ياكى چەت ئەلدىن
ئەۋەتىلگەن بىر-بىر تەشكىلات بىلەن مۇناسىۋىتى بارمىكىن، دەپ
گۇمان قىلىمەن. بۇ ناھايىتى جىددىي ئىش. مۇنداق بولسۇن،
سىلەر بىزنىڭ قورال - ياراغ ئىسكىلاتىمىزدىن ئىككى تاپانچا
ئېلىپ كەتتىڭلارغۇ؟ ئاۋۋال ئۇنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىڭلار، ئۇ قانداق
ئىنكاس قايتۇرىدىكىن، — دېدى.
تاپانچا بىر قارا قول سومكا ئىچىگە سېلىنىپ، سومكا ئىچىگە
بىر مەخپىي تىڭشىغۇچ ئورنىتىپ قويۇلدى. قادىر بۇ سومكىنى
كۆتۈرۈپ، مىلتىق سېتىۋالغۇچى قالا بىلەن كۆرۈشتى.
— مالنى ئېلىپ كەلدىڭىزمۇ؟ — قالانىڭ قورال - ياراغ-
تىن ناھايىتى ئوبدان خەۋىرى بولغاچقا، ئەركىن ئۇنى قورال
سېتىۋېلىشقا ئەۋەتكەنىدى. قالا يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئەركىن
ئۇنىڭغا: ئۆزى ياسىۋالغان مىلتىقلارنى ئالمايمىز، چوقۇم ئىم-
پورت قىلىنغان مىلتىقنى سېتىۋالىمىز، دەپ تاپىلىغانىدى. ئەر-
كىن تېررورلۇق تەشكىلاتى ئەزالىرىنىڭ ناچار مىلتىق بىلەن ئۇ-
رۇش قىلىپ ھاياتىدىن ئايرىلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. قالانىڭ كۆز-
لىرى قادىرنىڭ قولىدىكى قارا سومكىغا تىكىلدى.
— مەن گېپىمدە تۇرىمەن، بىزنىڭ كەنتىمىزدە مېنىڭ
قانچىلىك يۈزۈمىنىڭ بارلىقىنى ئارمان بىلىدۇ، شۇنداقمۇ
ئارمان، — دېدى قادىر مەيدىسىنى كېرىپ قويۇپ.
— قادىرنىڭ قولىدىن ناھايىتى چوڭ ئىشلار كېلىدۇ، بىر-
نەچچە مىلتىق ئەمەس، ئون نەچچە مىلتىق بولسىمۇ ئۇ تاپا -
لايدۇ، — دېدى ئارمان قادىرنى ماختاپ.
— مال نەدە؟ مۇشۇ سومكىنىڭ ئىچىدىمۇ، ئېلىڭلار؟ كۆ-
رۈپ باقاي، — قالا تەقەززالىق بىلەن سورىدى.
قادىر سومكىنى ئالدىرىماي ئۈستەلگە قويۇپ، سىيرىتمىسىنى

ئاچتى، ھەمدە ئېھتىيات بىلەن سومكىدىن 9mm لىق گروك ماركى-لىق ئەتكەس تاپانچىنى چىقاردى. قالا ھەيران قېلىپ:
— «پاھ، بۇ، دۇنيادىكى داڭلىق تاپانچىغۇ! دەپ ۋارقىراپ سالدى.
قادىر تاپانچىنى قالاغا بەردى:
— تەكشۈرۈپ كۆرۈپ بېقىڭ، سۈپىتى 1 - دەرىجىلىك مال.
قالا تاپانچىنى قولىغا ئېلىپ قايتا - قايتا سىلاپ كۆردى ۋە ماختاپ:
— ياخشى تاپانچىكەن، بىلەمسىلەر، بۇ تاش قېپى پىلاستىماسسىدىن ياسالغان، قىرغىن قىلىش كۈچى ئىنتايىن يۇقىرى ھەربىي تاپانچا، ئۇنىڭ زاپچاسلىرى گروك شىركىتىنىڭ يۇقىرى تېخنىكىسى بىلەن ياسالغان، — دېدى.
قادىر ناھايىتى بىمالال ھالدا:
— ئەگەر لازىم بولسا مەندە يەنە پولتا ماركىلىق 9mm لىق تاپانچا بار، — دېدى.
— راستمۇ دوستۇم، سىز ھەقىقەتەن يارايدىكەنسىز جۇمۇ!
سىز بۇ مىلتىقلارنى نەدىن تاپتىڭىز؟ — دەپ سورىدى قالا.
— مېنىڭ بۇ دەريادىن ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈپ كېلىۋاتقىنىمغا بىر - ئىككى يىللا بولمىدى، مېنىڭ قولۇمدىن ئۆتكەن تاپانچا، مىلتىقلارنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ. مەسىلەن، گېرمانىيىنىڭ ۋولت P99 تاپانچىسى، گېرمانىنىڭ MP—5 ئاپتوماتى، ئامېرىكا كېلىت شىركىتىدە ياسالغان كىچىك ئاپتومات، شۋېتسارىيىنىڭ SG550 ھۇجۇمچى مىلتىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى مەن ئىشلىتىپ كۆرگەن، — دېدى قادىر.
— شۇنچە كۆپ قوراللارنى ئىشلىتىپسىز، ساقچىلار سىزنى بىلىپ قالمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى قالا ھوشيارلىق بىلەن.
— ساقچىلار دەمسىز؟ ئۇلار ماڭا نېمىشقا دىققەت قىلسۇن؟
مەن دېگەن ئوۋچى، ئوۋچىنىڭ قولىدا قورالى بولۇشى كېرەك، ئۇلار تەكشۈرۈپ كەلسە مەن ئۇلارغا قورال ئىشلىتىش كىنىشكامنى كۆرسىتىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساقچىلار ئىچىدە مېنىڭ دوستلى-

-رىم بار، ئۇلار ماڭا ناھايىتى ئىشىنىدۇ، — دېدى قادىر مەنىستى-مىگەن ھالدا. قالا قادىرنىڭ سۆزلىرىنىڭ راست ياكى يالغان ئىكەنلىكىنى زادىلا پەرق ئېتەلمىدى. قالا گروك ماركىلىق 9mm لىق تاپانچىنى بۇرنىغا تۇتۇپ پۇراپ كۆردى، يەنە تاپانچىنى قارىغا ئېلىپ كۆردى ۋە ئىختىيارسىز ھالدا:

— دېمەك، بۇ تاپانچا مېنىڭ بولدى! — دېدى.

قادىر بېشىنى لىڭشىتتى.

— بۇ ناھايىتى ياخشى تاپانچىكەن، ناھايىتى ياخشى بولدى. بىزنىڭ قولىمىزدا قورال بولسا دۆلدۆلغا قانات چىققاندەك بولىدۇ، ھا، ھا، ھا. . . دوستۇم سىز بىزگە ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن قورال تېپىپ بەردىڭىز، بۇ بىزنىڭ پىكىر ئالماشتۇرالايدىغانلىقىمىزنى چۈشەندۈرىدۇ. راست گەپنى قىلاي، بىز ھازىر مۇستەقىللىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىۋاتىمىز. بىزنىڭ تەشكىلاتىمىزنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى ئىنتايىن پۇختا، تەشكىلاتىمىز ناھايىتى چوڭ. تەشكىلاتىمىزغا قاتناشقان نۇرغۇن كىشىلەر تېخى توي قىلمىغان ياشلار. بولدى، گېپىمنى مۇشۇ يەرگىچە دەي، سىزمۇ كۆپ نەرسىلەرنى سورىماڭ. بىزنىڭ تەشكىلاتىمىزنىڭ بەلگىلىمىسى بار، كىم بىزنىڭ تەشكىلاتىمىزنى ئاشكارىلاپ قويسا شۇنىڭ ئائىلىسى قىرىپ تاشلىنىدۇ، — دېدى قالا ھاياجانلانغان ھالدا.

قادىر ھەيران بولغان ھالدا:

— نېمە، سىلەر مۇستەقىللىق ھەرىكىتى ئېلىپ بارامسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، شىنجاڭ بىزنىڭ، ئەزەلدىن شۇنداق. ئەمما، ھازىر شىنجاڭنى خەنزۇلار مۇستەملىكە قىلىۋالدى، شۇڭا بىز مۇستەقىل بولۇپ بارلىق خەنزۇلارنى بۇ يەردىن قوغلاپ چىقىرىشىمىز كېرەك! — دېدى قالا ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا.

— ئەمما، سىلەر مۇستەقىل بولساڭلار بىز تاجىكلار قانداق قىلىمىز، — دەپ سورىدى قادىر تىت - تىت بولۇپ.

— سىلەرمۇ مۇستەقىل بولىسىلەر. بىلەمسىز، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى قازاقىستان، قىرغىزىستانلار ھەممىسى مۇستەقىل

بولدى، سىلەرمۇ مۇستەقىل بولۇشۇڭلار كېرەك! — دېدى قاللا ئويلانمايلا.

— مەن سىزنىڭ دېگىنىڭىزنى چۈشەندىم، ئەمما بىز تاجىك-لار مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن بىز قانداق قىلىمىز؟ قەيەردە ياشايمىز؟ ياكى سىز شىنجاڭ بىز ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى دېدىڭىزغۇ؟ — دېدى.

— سىلەر... سىلەر... بىز ئاكا، سىلەر ئۇكا، سىلەر بىزگە بويسۇنساڭلارلا بولدى، — دەپ جاۋاب بەردى قاللا مۇجمەل قىلىپ-لا. راستىنى ئېيتقاندا قاللا بۇ جەھەتتە ئانچە چوڭقۇر نەرسىلەرنى ئويلاپ كەتمىگەنىدى.

— يەنە بەزى ئىشلارنى چۈشەنمەيۋاتىمەن، بىز تاجىكلارغۇ مۇستەقىل بولايلى. ئەمما شىنجاڭدا يەنە قىرغىز، قازاق، تۇڭ-گان، موڭغۇل، شىۋە قاتارلىق نۇرغۇن مىللەتلەر بار، ئۇلارمۇ مۇستەقىل بولۇشى كېرەكمۇ؟ شىنجاڭ سىلەرنىڭ زېمىنىڭلار بول-سا، سىلەر ئۇلارنىڭمۇ ھەممىسىنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا يول قويامسىلەر؟ ئۇلارنىڭمۇ يەنە داۋاملىق شىنجاڭدا ھايات كەچۈرۈشى-گە رۇخسەت قىلامسىلەر؟ — دەپ سورىدى قادىر قولىنى كې-رىپ. قادىر ئەڭ ئادەتتىكى ئوۋچى ئىدى، ئۇنىڭ ھەر كۈنى ئويلايدىغىنى پەقەت قانداق قىلىپ كۆپرەك ئوۋ ئوۋلاش ئىدى، تىرىكچىلىكتىن باشقا ئىشلارغا باش قاتۇرمايتتى. ئەمما بۇ بىرنەچ-چە كۈندىن بۇيان ئۇ بىردىنلا ئۆز مىللىتىنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسى-رەپ قالدى: «ئۇ قاللانىڭ دېگىنىدەك شىنجاڭ ئۇلارنىڭ بولسا بىز تاجىكلارنى بۇ زېمىندىن قوغلاپ چىقىرامدۇ قانداق؟» ئۇ ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بىردىنلا جۇدۇنى تۇتتى - دە:

— تاپانچامنى قايتۇرۇپ بېرىڭ، مەن سىزگە ساتمايمەن، باشقا تاپانچىلارنىمۇ ساتمايمەن، — دېدى.

— نېمە ئۈچۈن؟ — دېدى قاللا چۈشىنەلمەي.

— ئەگەر سىلەرنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىڭلار مۇۋەپپەقى-يەت قازىنىدىغان بولسا بىز تاجىكلارغا ياشايدىغان يەر قالمايدۇ، ئوۋ ئوۋلايدىغان جايمۇ قالمايدۇ، بىز قانداق تىرىكچىلىك قىلىپ ھايات كەچۈرىمىز، — دېدى.

— بۇ مەسىلە ئۈستىدە سۆزلەشمەيلى، ئەگەر بىز مۇستەقىل بولىدىغان بولساق مەن بىزنىڭ ئادەملەرگە سىزگە ياخشىراق مۇئامىلە قىلىشىنى، سىزنىڭ بۇ يەردە ئۆز ئۆۋلىشىڭىزغا رۇخسەت قىلىشىنى ئېيتىپ قويىمەن، — دېدى قاللا قادىرنىڭ خاپا بولغىنىنى كۆرۈپ.

— ئەمما، بىزنىڭ ئېقىن كەنتىمىزدىكى باشقا كىشىلەر قانداق قىلىدۇ؟ ئۇلار قانداق تىرىكچىلىك قىلىدۇ؟ — دەپ سورىدى قادىر يەنە.

— ئۇلار ماڭا بۇلارنى دېمىگەن، ياردەم قىلمىغان، ئۇلار بىلەن مېنىڭ نېمە كارىم، — دېدى قاللا كېرىلىپ تۇرۇپ.

— بوپتۇ، مېنىڭ كۆزۈم كور بولغان بولسۇن، تاپانچىنى سىزگە بېرىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئىزدىمەڭ، — دېدى قادىر.

— ياق، دوستۇم، بىز ئۆزىمىزنىڭ سودىسىنى قىلايلى، مۇستەقىللىق توغرىسىدا سۆزلەشمەيلى، سىز ماڭا بىر تاپانچا بەردىڭىز، مەن سىز 2000 يۈەن بەردىمغۇ؟ پۇلنى ياخشى كۆرمەمسىز؟ بىزنىڭ تەشكىلاتىمىزدا پۇل كۆپ، سىلەر بىزگە قورال سېتىپ بەرسەڭلارلا بولىدى. دوستۇم، سىز ناھايىتى قالتىس ئادەم ئىكەنسىز، بىزگە تېخىمۇ كۆپ قورال سېتىپ بېرەلەمسىز؟ تاپانچا، مىلتىق ھەممىسى بولىۋېرىدۇ، ئەڭ ياخشىسى ئىلغار قوراللار بولسۇن، سىزدە قانچىلىك بولسا مەن ھەممىسىنى ئالىۋېرىمەن.

— بۇ گېپىڭىز بولدى، بىز ئۆزىمىزنىڭ سودىسى ھەققىدە گەپ قىلايلى! مېنىڭ ئالدىمدا مۇستەقىللىق ھەرىكىتى دېگەنلەرنى دېمەڭ، مەن ئۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاشنى خالىمايمەن، پۇلىڭىزلا بولسا مەن سىزگە قورال تېپىپ بېرەلەيمەن، — دېدى قادىر.

— قانچە ئۇزۇن ساقلايمەن، — دەپ سورىدى قاللا ئالدىراپ.

— يەتتە - سەككىز كۈن، — دېدى قادىر سۇسلا قىلىپ.

— شۇنچە ئۇزاقمۇ؟ — دېدى قاللا تىت - تىت بولۇپ.

— ساقلىيالمىسىڭىز بوپتۇ، بۇ مىلتىقلار ئېچكىرىدىن كېلىدۇ، بۇ يەردە يوق، — دېدى قادىر پەرۋاسىزلا.

— ساقلايمەن، چوقۇم ساقلايمەن! — دېدى قالا.
يېرىم كېچىدە، ئارمان تۇيۇقسىز قادىرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى، ئۇ:
— قالا ماڭا: قادىرغا ئېيتىپ قوي، ئۇ ئەته مەن بىلەن بىللە بوستان شەھىرىگە بارسۇن، بىزنىڭ تەشكىلاتىمىز ئەۋەتكەن بىر ئادەم مېنى ئىزدەپ كەلدى، ئۇ بوستان شەھىرىدە بىرسى بىزگە تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى مىلتىقلارنى سېتىپ بەرمەكچى بوپتىمىش دەيدۇ — دېدى.
مىلتىق سېتىۋالغۇچى قالا قاچماقچى بولۇۋاتاتتى.
ۋاڭ لۇ سائىتىگە قاراپ:
— «يەنە ئالتە سائەتتىن كېيىن ئۇلار يولغا چىقىدىكەن - دە! — دېدى ئۇلار ئەسلىدە قالانى ئېقىن كەنتىدە يەتتە - سەككىز كۈن تۇتۇپ قالماقچى، ئۇنىڭ قانداق ئىنكاسلاردا بولىدى-غانلىقىنى كۆرمەكچى، كىملەر بىلەن ئالاقىلىشىدىغانلىقىنى بىل-مەكچىدى. كۈتۈلمىگەندە بۇ ئىشتا بىردىنلا چوڭ ئۆزگىرىش بول-دى.
— ئارىلىق 300 كىلومېتىر تۇرسا، ئۇلار قانداق بارىدى-كەن.
— ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس بىلەن بارىدىكەن.
يالقۇن ھاياجانلانغان ھالدا قادىرنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:
— سىز قورقماي ئۇلار بىلەن بىللە بېرىۋېرىڭ، بىز ھەممە-نى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىمىز، — دېدى.
جوڭ چيڭ ۋاڭ لۇ بىلەن يالقۇن ئېلىپ ماڭغان سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ئورۇن بەلگىلەش ئەسۋابىدىن پايدىلىنىپ، ھەم-مە ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ:
— ئۇلارنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ، يېپىنى ئۇزۇن قويۇپ بېرىپ، بېلىقنىڭ چوڭىنى تۇتۇشىمىز كېرەك، — دېدى.

4

ئەتىسى ئەتىگەندە ئىز قوغلاش گۇرۇپپىسى مۇددەتتىن بۇرۇن

ئاپتوبۇس بېكىتىنىڭ ئەتراپىغا يوشۇرۇندى.
قالانى چاقىرىشقا كەلگەن ئادەم چەت ئەلدە تەربىيىلىنىپ كەلگەن تۇرسۇن ئىدى.
قالا قۇرۇم تېغىدىن كەتكەندىن كېيىن بىر كۈنى ئەركىن تۇيۇقسىزلا ئابدۇلدىن:
— بۈگۈن قالا كەتكىلى قانچە كۈن بولدى، — دەپ سورىدى.
— 13 كۈن بولدى، — دېدى ئابدۇل.
— 13 غەربلىكلەرنىڭ نەزىرىدە شۇم سان، مەن هازىر قانداقتۇر سەل ئەنسىرەۋاتىمەن، قالا يالغۇز هەرىكەت قىلسا بىز خاتىرجەم بولالايمىزمۇ؟ ئۇ «كۆك چۈش تورخانىسى» دا پەردە ئارقىسىدىكى خوجايىن بولۇۋاتقاندا ئېھتىياتسىزلىقتىن باشقىلارغا ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويىدىمىكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن. ئەگەر ئۇنى باشقىلار تونۇپ قالسا بىز ئاشكارىلىنىپ قالىمىز. بولمايدۇ، دەرھال ئۇنى چاقىرىپ كېلىڭلار، بىز هازىر ساقچىلارنىڭ كۆز ئالدىدىلا چوڭ ئىشلارنى قىلىۋاتىمىز، ئەگەر بۇ ئىش ئەپلەشمىسە پۈتۈن قوشۇنىمىز هالاكەتكە دۇچار بولىدۇ، — دېدى ئەركىن.
قالا راستىنلا بىر ياخشى تاپانچا تېپىپ كەلگەنىدى، بۇ تۇرسۇننى ئىنتايىن خۇش قىلدى. تاپانچا قولغا كەلگەنىكەن، بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرۇشقا بولمايتتى.
تۇرسۇن ئارمان بىلەن قادىرنىمۇ بىرگە ئېلىپ كېتىمىز دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. ئۇ:
— بۇ ئىككىسى بىزگە دائىر ئەھۋاللارنى كۆپ بىلىپ كەتتى، ئەگەر ئۇلار ئېيتىپلا قويىدىغان بولسا ساقچىلار بىزنى پۇراپ تېپىۋالىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىمۇ بىرگە ئېلىپ كېتىشىمىز كېرەك، ئۇلارمۇ بىزگە قېتىلىشى كېرەك، قايتىش يولى يوق، — دېدى.
— ئەمما ئۇ ئۇۋچى تاجىك تۇرسا، — دېدى قالا ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ.
— ئەركىن بىز، بىزگە پايدىلىق بولغان بارلىق كىشىلەر بىلەن بىرلىشىشىمىز كېرەك، ئۇلارنىڭ كېرىكى قالمىغاندا ئاندىن ئۇلارنى جايلىۋېتىشىمىز كېرەك تۇرسا دېگەن، — دەپ تۇرسۇن

جىددىي ھالدا ئەركىنىنىڭ بۇيرۇقىنى تەكىتلىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە تۇرسۇن بىلەن ئارمان تىجارەتچىلەردەك ياسىنىپ، مۈرىسىگە بىردىن كىرلىشىپ كەتكەن خۇرجۇننى ئارتىپ، بوستان شەھىرىگە بارىدىغان ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇسقا چىقتى. ھەر ئىككى سائەتتە بىر نۆۋەتچى ئاپتوبۇس ماڭاتتى، ئاپتوبۇسنىڭ قوزغىلىشىغا يەنە 10 مىنۇتچە بار ئىدى. ئەجەب ئىش، قادىر بىلەن قالا كۆرۈنمەيتتى. بۇ چاغدا، چېن دامو ماجيەنجۇڭ قاتارلىق كىشىلەرنى باشلاپ كېچىلەپ ئېقىن كەنتىگە كەلگەن ۋە بېكەت ئەتراپىغا يوشۇرۇنغانىدى.

يەنە بەش مىنۇتلا قالدى، چېن دامو كەسكىن ھالدا:

— ما جيەنجۇڭ، سېرجان، سىلەر ئىككىڭلار ئاپتوبۇسقا چىقىڭلار ، بىز كۈتەيلى، — دېدى. سېرجان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش 1 - ئەترىتىگە يېڭىدىن كەلگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، ئۇ ما جيەنجۇڭغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەنىدى.

بوستان شەھىرىگە قاتنايدىغان ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس ئۆز اقتىدا قوزغالدى. ما جيەنجۇڭ بىلەن سېرجان ئاپتوبۇسقا چىققاندىن كېيىن ئاپتوبۇسنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان ئىككى نىشاننى كۆردى، ما جيەنجۇڭ بىلەن سېرجان بىر - بىرىگە ئىشارەت قىلىشىپ كۈلۈشۈپ قويدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ماجيەنجۇڭ ئاپتوبۇسنىڭ ئەڭ كەينىدىكى ئورۇندۇققا، سېرجان ئەڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى، ئۇلار بىرسى ئالدىدا، بىرى ئارقىدا ئىككى نىشاننى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ئولتۇردى.

چېن دامو، ۋاڭ لۇ، يالقۇنلار بېكەت يېنىدا داۋاملىق ساقلاۋاتاتتى.

چۈش سائەت بىر يېرىم بولغاندا قادىر بىلەن قالا ئاپتوبۇس بېكىتىدە پەيدا بولدى، قارىغاندا ئۇلار چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە يولغا چىقىدىغان نۆۋەتچى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرماقچى بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. يالقۇن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ:

— نېمىدېگەن ھېيلىگەر؛ تېخى بۆلۈنۈپ مېڭىۋاتقىنىنى، ئەگەر ئۇ بىر قىز بولغان بولسا كەچكىچە ساقلىساممۇ مەيلىتى، ئەمما، ئۇلار بىر ئەر كىشى - دە! — دېدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە قادىر بىلەن قالا ئولتۇرغان ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس يولغا چىقتى. ۋالى لۇ ئۆزىنىڭ «قوملۇق شاھى» ماركىلىق ماشىنىسىنى ھەيدەپ يولغا چىقتى. ئاپتوبۇس بىر چۆلگە كەلگەندە قارشى تەرەپتىن بوستان شەھىرىدىن يولغا چىققان بىر ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس كەلدى. ئىككى ئاپتوبۇس ئۆتۈشۈۋاتقاندا جاراڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ۋالى لۇنىڭ «قوملۇق شاھى» ماشىنىسىنىڭ كابىنكىسىنىڭ سول تەرىپىدىكى ئەينەككە بىر پىۋا بوتۇلكىسى تېگىپ سۇندۇرۇۋەتتى، ئەينەك پارچىلىرى ماشىنىنىڭ كابىنكىسىنى بىر ئالدى. ۋالى لۇ ئىنتايىن تېزلىك بىلەن كابىنكىغا يېتىۋالدى، ئارقىدىن ھېلىقى ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇسنى بار كۈچى بىلەن قوغلىدى. بىرسى قاتىللىق قىلماقچىمۇ قانداق؟ چۈنكى پىكاپنىڭ كابىنكىسىدا چېن دامو بار ئىدى.

ۋالى لۇ ماشىنىسىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىپ ھېلىقى ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇسنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالدى ــ دە، ئاپتوبۇسنى توستى. ئۇ ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس توختاشقا مەجبۇر بولدى. ۋالى لۇ بىلەن يالقۇن غەزەپ بىلەن ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇسقا چىقىپ ئىشىكنى توسۇۋالدى. يالقۇن ئۆزىنىڭ ساقچى كىنىشكىسىنى چىقىرىپ:

ـــ بايا ماشىنىغا پىۋا بوتۇلكىسى ئاتقان كىم؟ ـــ دەپ سورىدى.

يولۇچىلار ھەممىسى تەڭلا ئارقىغا بۇرۇلۇپ ئۈچ ياش يىگىتكە قاراشتى، يالقۇن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

ـــ بايا ئېتىلغان پىۋا بوتۇلكىسى ماشىنىمىزنىڭ ئەينىكىنى چېقىۋەتتى، بۇ كىمنىڭ قىلغان ئىشى، تېز ئورنۇڭدىن تۇر، ـــ دېدى.

ئۈچ يىگىت ئوتتۇرىسىدىكى پاكار بىرسى ناماقۇللۇق بىلەن:

ـــ مەن ئاتقانىدىم، سىلەرنىڭ ماشىناڭلارنىڭ ئەينىكىگە تېگىشىنى كىم بىلسۇن، ـــ دېدى:

يالقۇننىڭ مىجەزى ئىنتايىن چۇس بولۇپ ئۇلار بىلەن ئۇرۇشماي قويمايتتى، ئەمما ئۇ سەۋر ـ تاقەت قىلدى. قارىغاندا قەست قىلىش ئېھتىماللىقى يوقتەك قىلاتتى.

يالقۇن بىلەن ۋاڭ لۇ ئاپتوبۇستىن چۈشكەندىن كېيىن، چېن دامو ئۇلارغا قاراپ قول ئىشارىسى قىلىپ:

— تېز بولۇڭلار، چوڭ ئىشقا تەسىر يەتمىسۇن! — دېدى.

ماشىنىنىڭ سۈرئىتى ئىنتايىن تېز بولغاچقا، چاڭ - توزان ئارىلاش شامال ماشىنا ئەينىكىنىڭ چېقىلغان يېرىدىن ئۇشقىرتىپ كىرەتتى، ئۇلار كۆزلىرىنى ئاچالماي قالدى. ئۇلارنىڭ ئۇستىۋېشى پۈتۈنلەي توپا - چاڭ بولۇپ كەتتى. كەچتە چېن دامولار بوستان شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئىزىغا چۈشكەن قورال سېتىۋالغۇچى قالا قادىرنى ئېلىپ قاتناش بېكىتىنىڭ يېنىدىكى بىر كىچىك مېھمان كۈتۈشكە كېلىپ ئورۇنلاشتى، بۇ ئورۇننى تۇرسۇن بىلەن قالا يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى مەخپىي كېلىشىۋالغان بولۇپ، ئۇلار باش مۇلازىمەت ئورنىدا سورايدىغان مەخپىي بەلگىلىرىنى دېيىشىۋالغانىدى. شۇڭا قالا بۇ كىچىك مېھمان كۈتۈش ئورنىغا كەلگەندىن كېيىن باش مۇلازىمەتچىدىن:

— 104 - نومۇرلۇق ئۆيدە داۋانچىڭدىن كەلگەن قىز بارمۇ، — دەپ سورىدى.

— ياق، نەدىكى داۋانچىڭدىن كەلگەن قىزكەن، ئۇ ئۆيدە بىر يىگىت تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى مۇلازىمەتچى ھەيران بولغان ھالدا.

قالا ئىچىدە خۇشال بولدى، ئۇ 104 - نومۇرلۇق خانىدا ھەقىقەتەن تۇرسۇننىڭ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدى.

قالا قادىرنى باشلاپ 104 - نومۇرلۇق خانىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى:

— بۇ ئۆيدە داۋانچىڭدىن كەلگەن قىز بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ ئۆيدە داۋانچىڭدىن كەلگەن قىز يوق، سىز جەنۇبىي شىنجاڭدىن كەلگەن قاۋۇل يىگىتنى ئىزدەمسىز؟ — دەپ سورىدى تۇرسۇن ئۆي ئىچىدە تۇرۇپ.

— ھەئە، — دەپ جاۋاب بەردى قالا.

تۇرسۇن ياتاقنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، سىرتقا ھوشيارلىق بىلەن قارىدى، ئاندىن:

— كىرىڭلار! — دېدى.

ئۇ بىر كىشىلىك ياتاق ئىدى. كەچتە تۇرسۇن ياتاقنىڭ قۇلۇپىنى ئالماشتۇرۇۋەتتى. تۇرسۇن زەھەرخەندىلىك بىلەن:

— سىلەرگە ئازار بېرىپ قويىدىغان بولدۇق، ھازىردىن باشلاپ بۇ ئۆيدىن ھېچكىم چىقىپ كېتىشنى خام خىيال قىلمىسۇن، — دېدى. ئۆي ئىچىنى بۇرۇقتۇرمىلىق ۋە ۋەھىمە قاپلىدى.

تۇرسۇن ئارمان بىلەن قادىرنى ھەممە كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ يەردە يېتىشقا بۇيرۇدى، مىكرو تېلېكامىرا قادىرنىڭ كىيىمىنىڭ ياقىسىغا ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىيىمى سالدۇرۇۋېتىلگەچكە مىكرو تېلېكامىرانىڭ سۈرەتكە تارتىش ئۈنۈمىگە تەسىر يەتتى.

چېن دامو ئۆز ئادەملىرى بىلەن قادىرلار ياتقان ياتاقتىن بەش ياتاق نېرىدىكى بىر ياتاقتا چۈشتى، مىكرو تېلېكامىرادىكى سىگنال ئوچۇق بولمىغاچقا ئۇلار سەل تىت - تىت بولۇپ كەتتى، ھەتتا بۇ ياتاقتا باستۇرۇپ كىرىپ ئۇلارنى بىراقلا تۇتماقچىمۇ بولدى.

ئەمما چېن دامو يەنىلا سالماقراق بولغان ياخشى، دېگەن ئويغا كەلدى، ياتاق ئىچىدە نېمە ئەھۋال بولغانلىقىنى بىلمىگەچكە قادىرنىڭ مەلۇماتىنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولدى.

— ئەمدى كېيىنكى قەدەمدە قانداق قىلىمىز؟ — دېدى يېرىم كېچىدە قالا پىچىرلاپ.

— چېگرىدىن كەلگەن قورال - ياراغ سودىگىرى ئامېرىكىدا ياسالغان A2، M16 تىپلىق ئون نەچچە ئاپتوماتىك مىلتىقنى شىنجاڭ - شىزاڭ تاشيولىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىغا يوشۇرۇپ قويىدى. بىز ئەتە بىر قولدا پۇلنى بېرىپ بىر قولدا مالنى تاپشۇرۇۋېلىشقا كېلىشتۇق، — دېدى تۇرسۇن. ئۇلارنىڭ ئاۋازى بەك بوش بولغاچقا قادىر ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالماي بەك تىتىلداپ كەتتى.

— ھەي، ئەھۋال سەل چاتاقتەك تۇرىدۇ، دەرۋازا ئالدىغا توختىتىپ قويۇلغان «قۇملۇق پادىشاھى» ماركىلىق ماشىنىدا بىر ئىش باردەك قىلىدۇ، مەن ئۇنىڭغا سەپسالدىم، ئۇ بىزنىڭ ئىزىـ

مىزدىن قوغلاپ كېلىۋاتامدۇ - قانداق؟ — دېدى تۇرسۇن قالاغا.
قالا دېرىزە پەردىسىنىڭ بىر بۇرجىكىنى قايرىپ، ئاي يورۇ-قىدا مېھمان كۈتۈش ئورنىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا توختىتىپ قو-يۇلغان «قۇملۇق شاھى» ماركىلىق ماشىنىغا قارىدى، ئۇنىڭ يۈرە-كى قارت قىلىپ كەتتى. ئۇ كۆڭلىدە: بۇ يولدا كېلىۋاتقاندا بىرسى ئاتقان پىۋا بوتۇلكىسى كابىنكىسىنىڭ ئەينىكىنى چېقىۋەتكەن ما-شىنىغۇ؟ دەپ ئويلىدى. گەرچە ماشىنىنىڭ ئەينىكى رېمونت قى-لىنغان بولسىمۇ، قالا ئۇ ماشىنىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى يەنىلا ئېسىدە تۇتۇۋالغانىدى. ئۇ تۇرسۇنغا:
— ئەھۋال چاتاق، بۇ ماشىنا بىزنىڭ ئىزىمىزدىن قوغلاپ كەلگەندەك قىلىدۇ، — دېدى.
ئۇلار ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ، يېنىدىكى تاپانچىسىنى بۇ ياتاقنىڭ تازىلىق ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويۇپ، ساقچىلار تەكشۈرۈپ كىرىپ قالسا تۇتۇلۇپ قېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرماقچى بولۇشتى.
قادىر گەرچە كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ يېتىۋاتقان بولسىمۇ ئەمما ئۇخلىيالمايتتى. بىردىنلا ئۇ تۇرسۇن بىلەن قالانىڭ ئورنىدىن تۇرغانلىقى، ئۇنىڭدىن كېيىن پىچىرلاپ ئۆزىنىڭ ئالدىغا كەلگەن-لىكىنى سەزدى. ئۇ يالغاندىن خورەك تارتقان بولۇۋالدى، ئارقى-دىنلا سوغۇق بىر نەرسىنىڭ يۈزىگە پۈركىگەنلىكىنى سەزدى، ئۇ ئەمدىلا ۋارقىراي دېگەن شۇ دەقىقىدە بىردىنلا قاتتىق مۈگدەك بېسىپ، ئېغىر ئۇيقۇغا كەتتى.
ئەسلىدە تۇرسۇن ئۆزلىرىنىڭ ئامانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، چەت ئەلدىن ئېلىپ كىرگەن «قىزىلمۇچ سۇيۇقلۇقى» نى قادىر بىلەن ئارماننىڭ يۈزىگە پۈركىۋەتكەنىدى. تۇرسۇن كۆرەڭلىگەن هالدا:
— ئۇلار 24 سائەت ئىچىدە ھەرگىز ئويغىنالمايدۇ، — دېدى.
قالا بۇنداق «قىزىلمۇچ سۇيۇقلۇقى» نى كۆرۈپ باقمىغانىدى، ئۇنىڭ تاشقى شەكلى خۇددى ماي قەلەم شەكلىگە ئوخشايتتى، ئۇ قىزىقسىنىپ تۇرسۇندىن:
— بۇ نەرسە ئاجايىپ قالتىس نەرسىكەن، ئەجەبا ئېمىشقا

بىزگە تەسىر قىلمىدى؟ — دەپ سورىدى.
— بۇنى بازىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ساڭا ئۇبدان دەپ بېرىمەن، هازىر ساڭا دەپ بېرىشكە ۋاقىت يوق، دەرھال ھەرى-كەتلىنەيلى! — دېدى تۇرسۇن پوچىلىق قىلىپ. ئۇلار بىرسى بىرسىنى يۆلەپ، يېنىدىكى تاپانچىنى ئۇ بىرىنىڭ تورۇسقا ئەپلەپ يوشۇرۇپ قويدى. بۇلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، تۇرسۇن:
— مەن دېرىزىدىن قاچاي، سەن ئالدى ئىشىكتىن قاچ، بۇ يەردىن چىققاندىن كېيىن ھەر ئىككىلىمىز ئايرىم - ئايرىم مې-ڭىپ، قورۇم تېغىدا كۆرۈشەيلى، — دېدى.
تۇرسۇن دېرىزىدىن سەكرەپ قېچىپ كەتتى، ئارقىدىن قالا بىر ئۇيغۇر روپاش ئايال سىياقىدا ياسىنىپ، دەرۋازا ئالدىغا كەل-دى.
ۋاڭ لۇ كېچىچە زادى ئۇخلىمىغانىدى، ئۇ قادىرنىڭ چاپىنى-نىڭ تۈگمىسىگە ئورنىتىپ قويۇلغان سۇنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ئورۇن بەلگىلەش ئاپپاراتىنىڭ سىگنالىنىڭ بەك تۇتۇق بولۇۋاتقان-لىقىنى زادىلا چۈشىنەلمىدى. ۋاڭ لۇ ئۇخلىيالمىغاچقا باش مۇلا-زىمەت ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئۇ كۆزىنى 104 - نومۇرلۇق ياتاقتىن زادىلا ئۈزمىدى.
يېرىم كېچە سائەت ئۈچلەردىن ئاشقاندا، 104 - نومۇرلۇق خانىدىن بىر روپاش ئايال چىقتى. باشتا ۋاڭ لۇ ئۆي نومۇرىنى خاتا كۆرۈپ قالدىممىكىن دەپ ئويلاپ قالدى، لېكىن روپاش ئايال-نىڭ مېڭىش قىياپىتى بەكلا غەلىتە بولۇپ، ئەر كىشىگىلا ئوخ-شايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كىشى مېھمان كۈتۈش ئورنىدىن چىققاندىن كېيىن قەدىمىنى بارغانسېرى تېزلەتتى.
ۋاڭ لۇ بۇ كىشىدە بىر مەسىلە بارلىقىنى ھېس قىلدى، شۇڭا ئۇ بىرسىگە دەپ قويۇشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭدى.
ۋاڭ لۇ بىرقانچە قەدەم يۈگۈرمەيلا بۇ روپاش ئايالغا يېتىشى-ۋالدى، ئۇ:
— ھەي، توختا! — دەپ ۋارقىرىدى.
كىم بىلسۇن؟ بۇ روپاش ئايال ئارقىسىدا بىرسىنىڭ ۋارقىرا-

ۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپلا دەرھال قاچتى. ۋاڭ لۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ باردى ـ دە، ئۇنىڭغا ئېتىلىپ ئۇنىڭ يۈزىدىكى رومالنى تارتىپ چۈشۈرۈۋەتتى، ئۇ بىر ئەر بولۇپ، قالا ئىدى. قالا قولىنى يېنىدىكى خەنجەرگە ئۇزاتتى، ئەمما، ۋاڭ لۇ ھودۇقۇپ قالمىدى، ئۇ بىرلا چىماق سېلىپ قالانى يەرگە يىقىتتى، قالا ئىنتايىن چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇردى ـ دە، خەنجىرىنى قولىغا ئېلىۋالدى. «ھۇ كاساپەت، ئىنكاسىڭ ئەجەب تېز كىنە» دەپ قالدى ۋاڭ لۇ. ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى تەمكىن تۇتتى، ئۇ قارشى تەرەپنىڭ قولىغا خەنجەر ئېلىش ھالىتىدىن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ رەقىبى بولالمايدىغانلىقىنى بىلىۋالدى. چۈنكى، ۋاڭ لۇنىڭ ھەربىي تەلىمچىسى ئۇلارغا: ئادەتتە ئالاھىدە تەربىيە كۆرگەن كىشىلەر خەنجەرنى يانتۇ تۇتۇپ، رەقىبىنىڭ كۆكرىكىگە ئۇرىدۇ، ئۇنداق قىلغاندا ئىشنى بىراقلا تۈگەتكىلى بولىدۇ، تەلىم ـ تەربىيە كۆرمىگەن ئادەم خەنجەرنى تۈز تۇتۇۋالىدۇ ھەمدە ئۇنى قورساققا سالىدۇ، چۈنكى بۇنداق قىلغاندا قارشى تەرەپكە تېگىش نىسبىتى يۇقىرىراق بولىدۇ، دېگەن. شۇ تاپتا ۋاڭ لۇ ئۆزىنى چەتكە قاچۇرۇپ، قارشى تەرەپنىڭ قورسىقىغا قاتتىق تېپىپ، بىر چىماق سالدى ـ دە، ئۇنى يەرگە يىقىتتى.

قالا قورال ـ ياراغقا ئىنتايىن ماھىر بولسىمۇ، ئەمما، ئۇ ۋاڭ لۇغا تەڭ كېلەلمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ تۇرسۇندەك چەت ئەلدە ئالاھىدە تەربىيە كۆرمىگەنىدى. شۇڭا ئۇ ئاسانلا ۋاڭ لۇنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالدى.

چېن دامو قاتارلىقلار سىرتتىكى تاراق ـ تۇرۇقنى ئاڭلاپ سىرتقا چىققاندا ۋاڭ لۇ قالانى نەزەربەند قىلىپ ئېلىپ كېلىۋاتاتتى.

ـ قالا 104 ـ نومۇرلۇق ياتاققا ئېلىپ كىرىلدى، قادىر بىلەن ئارمان بىھوش ھالەتتە ئۇخلاۋاتاتتى، رازۋېدكىچىلار ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇلارنى ئويغىتالمىدى، ۋاڭ لۇ ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ نەپىسىنى تەكشۈرۈپ باقتى، ئۇلارنىڭ نەپىسى بار ئىدى. ئۇ قالانىڭ بىلىنەر ـ بىلىنمەس مەمنۇن بولۇۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە، ھەممىنى چۈشەندى. ئۇ كۆپچىلىككە:

— ئۇلار ھوشسىزلاندۇرۇپ قويۇلۇپتۇ، ھازىرچە ھوشىغا كېلەلمەيدۇ، — دېدى.
— شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ لۇ قالادىن.
— ھەئە، — دېدى قالا.
— شېرىكىڭ قېنى؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ لۇ.
— سىلەر ئۇنى تاپالماسلىقىڭلار مۇمكىن، — دەپ جاۋاب بەردى قالا كېرىلگەن ھالدا.
— ئۇنداقتا سەن ئۆزۈڭ قۇربانلىق بولماقچى بوپسەن - دە! — دېدى ۋاڭ لۇ.
ما جيەنجۈڭ بىلەن يالقۇننىڭ ئۇنىڭ بىلەن تالىشىپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتى يوق ئىدى. ئۇلار ئۆينىڭ ھەممە يېرىنى ئاختۇرغان بولسىمۇ ھېچ نەرسە تاپالمىدى.
قالا ساقچىلار قالايمىقان ئادەم تۇتتى، دەپ ئەرز قىلىمەن دەپ چالۋاقاۋاتقان ۋاقىتتا، ما جيەنجۈڭ تازىلىق ئۆيىدە سۇنىڭ شىرىلداۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى، ئۇ يالقۇنغا:
— تازىلىق ئۆيىدە سۇ شىرىلداۋاتىدۇ، دېمەك ئۇلار تازىلىق ئۆيىگە كىرگەن، ئاختۇرۇڭلار! — دېدى.
دەرۋەقە ئۇن مىنۇت ئۆتمەيلا ما جيەنجۈڭ:
— تازىلىق ئۆيىنىڭ تورۇسىدىكى تاختاينى بىرسى ئاچقاندەك تۇرىدۇ، بۇ يەردە بىر تاپانچا بار ئىكەن! — دەپ ۋارقىرىدى.
ما جيەنجۈڭ تورۇسقا ئېسىلىپ تۇرۇپ پولشا 9mm لىق بىر تاپانچىنى ئالدى.
قالانىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.
چېن دامو قالانىڭ چىرايىغا قاراپ قويۇپ كەسكىنلىك بىلەن:
— ھازىرلا ئۇنى سوراق قىلايلى! — دېدى.

## 5

قالا يالغاندىن ساراڭ بولۇۋېلىپ، ھېچنېمىنى دېگىلى ئۇنىمىدى. يالقۇن تىت - تىت بولغىنىدىن قالانىڭ بۇرنىغا نوقۇپ:
— ھېچنېمە دېمەيسەن، شۇنداقمۇ؟ ئىسمىڭنىڭ نېمە ئىكەن.

لىكىننىمۇ دېمەيسەن؟ نەدىن كەلگەنلىكىڭنىمۇ دېمەيسەن، شۇنداق-
مۇ؟ بوپتۇ، سەن نوچىكەنسەن، مەن ساڭا قايىل بولدۇم. ئەڭ
ئاخىرىدا مەن سەندىن بىر سوئال سورايمەن، سەن نېمىشقا مېنىڭ
ئالدىمغا كېلىپ قالدىڭ؟ نېمىشقا باشقا بىرەر ياخشى پۇقرا مېنىڭ
ئالدىمغا كېلىپ قالمىدى؟ — دەپ سورىدى.

— مەن گۇناھسىز، سىلەرنىڭ مېنى تۇتقىنىڭلار توغرا ئە -
مەس، — دېدى قالا ئۇھ تارتىپ قويۇپ قەتئىي ھالدا.

— 30 ياشقا كىرگەنسەن - ھە؟ مەنمۇ ئەمدىلا 30 ياشتىن
ئاشتىم، بىز تەڭ دېمەتلىك ئىكەنمىز، ئەمما ماڭغان يولىمىز
زادىلا ئوخشاش ئەمەس ئىكەن، ھازىر ئوخشىمىغان ئورۇندا ئولتۇ-
رۇۋېتىپتىمىز. بىز ئۇيغۇرلار گۈزەل ئەخلاق ۋە پەزىلەتكە ئىگە-
مىز. پېشقەدەملەر بىزگە دائىم «سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى
ئۇنتۇماسلىق كېرەك، سۇغا تېزەك تاشلىغان ئادەم كىشىلەرنىڭ
نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ» دەيدۇ، سىلەرنىڭ قىلماقچى بولغان
ئىشىڭلار دەل مۇشۇنداق ئىش ئەمەسمۇ، — دېدى يالقۇنمۇ خور-
سىنىپ قويۇپ.

قالا گەپ قىلغىلى ئۇنىماي جىم تۇرۇۋالدىيۇ، ئەمما ئۇ تاقەت-
سىزلىنىشكە باشلىدى. يالقۇن:

— بىرقانچە چاشقان ھەرقانچە يامان بولسىمۇ، ھەرگىز
قورۇم تېغىنى تېشىپ ئۆرۈۋېتەلمەيدۇ، بىر توپ چۈمۈلە ھەرقانچە
يامان بولسىمۇ ئىلياس سارىيىنى ئۆرۈۋېتىشى مۇمكىن ئەمەس.
سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلار دەل ئاشۇ بىرقانچە چاشقان، بىر
توپ چۈمۈلىنىڭ ئىشى، ئاخىرى چوقۇم مەغلۇپ بولىسىلەر، شەر-
مەندە ئاقىۋەتكە قالىسىلەر، مۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ، سەن
ئويلاپ باق، سەن ئۇنداق ئادەملەر ئۈچۈن كەتمەن چېپىپ، ھەممىشە
دەككە - دۈككىدە يۈرسەڭ، ساڭا نېمە پايدىسى بار؟ سەن ئۇنىڭدىن
قانداق پايدا كۆرىسەن؟ سەن ھازىر بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشتۈڭ،
يەنىلا ئۇلار بىلەن چەك - چېگرىنى ئاجراتماي، ئۇلارنى جان
تىكىپ قوغدىساڭ، زادى قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىڭنى بى -
لەمسەن؟ — دېدى.

يالقۇن ئۆزىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ناھايىتى مەمنۇن بولۇپ

كەتتى، ئۇ كۆڭلىدە: بۇ سۆزلەر خۇددى بومبىدەك قالانىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ، دەپ ئويلىدى، ئۇ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قالاغا قاراپ قويدى. قالا شۇ تاپتا تىترەۋاتاتتى. يالقۇنىنىڭ چىرايى بىردىنلا جىددىي تۈس ئالدى، ئۇ:

— مەن دەيدىغاننىڭ ھەممىنى دەپ بولدۇم، قالا، سەن زادى دەمسەن، دېمەمسەن؟ — دېدى.

قالا چۆچۈپ كەتتى، ئەسلىدە سوراق قىلىۋاتقان بۇ ساقچى ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلىدىكەن - دە! ئەمەلىيەتتە يالقۇنمۇ قالانىڭ ئەھۋالىنى ھازىرلا ئىگىلىگەنىدى. ۋاڭ لۇ قالانى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ چىرايىنى ناھايىتى تونۇشتەك ھېس قىلدى، شۇڭا دەرھال كومپيۇتېردا مەركىزىي ئۇچۇر ئىسكىلاتىغا كىردى. ئۇ بۇ كىشىنىڭ بىرقانچە مۇھىم ئالاھىدىلىكىنى كومپيۇتېرغا كىرگۈزگەندىن كېيىن «كۆك چۈش تورخانىسى» نىڭ يوقاپ كەتكەن خوجايىنىنىڭ ماتېرىيالى دەرھال ئېكرانغا چىقتى. ئۇ «قارا بۆركۈت» نىڭ ھەقىقىي قىياپىتى ھازىرلا ئاشكارىلىنىدىغان بولدى دەپ ئويلىدى. قالا تېخىمۇ قاتتىق تىترەپ كەتتى. ئىككى كۈندىن بۇيان زادىلا سۆزلىگىلى ئۇنىمىغان قالا ئەمدى سۆزلىشى بىلەنلا كېكەچلەپ كەتتى:

— مەن، باشقىلارغا قورال ئېلىپ بەرمەكچىدىم…

يالقۇن ئۇنىڭ سۆزىنى ئۈزۈۋەتتى:

— كىمگە قورال ئېلىپ بەرمەكچىدىڭ؟ ئۇلار قورال ئېلىپ نېمە قىلماقچىكەن؟ ئۇلارنىڭ پۇلى نەدىن كەلگەن؟ قېچىپ كەتكەن ھېلىقى ئادەم نېمە قىلىدىغان ئادەم؟ سەن بۇلارنى بىرنى قويماي ھەممىنى سۆزلە! ئۇقتۇڭمۇ؟ مەن ھازىر ساڭا تىك قىيادىن چۈشۈشكە شوتا قويۇپ بەردىم، مەن گەپنى ئۇچۇق ئېيتىشنى ياخشى كۆرىمەن، سەن ماڭا ماسلىشىپ بەر!

— ئەگەر مەن بۇلارنى سىلەرگە دەپ بەرسەم، سىلەر قانداق قىلىسىلەر؟ — دەپ سورىدى قالا ئىككىلىنىپ تۇرۇپ.

— سەن ئويلاپ باق، سېنىڭ باشلىقىڭ مىلتىق سېتىۋېلىش ئۈچۈن ساڭا 20 مىڭ يۈەن بېرىپتۇ، بۇ باشلىقىڭنىڭ سېنى ناھايىتى ئەتىۋارلايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، شۇنداقلا سېنىڭ

تەشكىلاتىڭىزنىڭ ئىچىدە گېپىڭىزدە تۇرىدىغانلىقىڭىزنىمۇ چۈشەندۇرىدۇ. ئېيتمىساڭ، مۇشۇلار ئۇچۇنلا بىز سېنى قويۇپ بېرەرمىزمۇ؟ ئەگەر راستىنى ئېيتساڭ ئەھۋال يەنە باشقىچە بولىدۇ، سەن ناھايىتى ئەقىللىق ئادەم، مېنىڭ ساڭا يەنە بىر - بىرلەپ چۈشەندۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟ «كۆك چۈش تورخانىسى»، ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئالداپ چەت ئەلگە ئاچىقىپ تېررورلۇققا قاتناشتۇرۇشى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ساڭا بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرەمدىم يا؟ — دېدى يالقۇن.

— بىز نۇرغۇن بومبا ياسىدۇق، باشلىقىمىز مەن مىلتىقنى سېتىۋېلىپ قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن خەنزۇلارنىڭ چاغىنى كەلگەندە، قەشقەر شەھىرىدە «ساليوت» ئېتىپ، بۇ ئارقىلىق تەشكىلاتىمىزنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ قويىدىغانلىقىمىزنى ئېيتقان. خۇدا ئالدىدا قەسەم قىلىسۇنكى: مېنى قورال سېتىۋېلىشقا ئەركىن بۇيرۇغان، پۇلنىمۇ شۇ بەرگەن، — قالانىڭ ئېغىزى ئېچىلىشى بىلەن خۇددى تۇغاندىن سۇ ئېتىلىپ چۈشكەندەك توختىماي سۆزلەپ كەتتى.

رازۋېدكىچىلار ئەركىن دېگەن بۇ ئىسىمنى ئاڭلىشى بىلەن ھەممىسى جانلىنىپ كەتتى. كۆپچىلىك بۇ ئادەمنى ئىزدەش ئۇچۇن كۆپ جاپا چەككەن، ئۇ ئاخىرى ئاشكارىلاندى.

— ئەركىن ھازىر نەدە؟

قالا بىردىنلا يىغلاپ كەتتى. ئۇ:

— سىلەر مېنى قىستاۋەرمەڭلار، ئەمدى دېسەم بولمايدۇ، — دېدى.

# يىگىرمە سەككىزىنچى باب

## 1

چىڭخەيدىن كەلگەن قورال - ياراغ سودىگىرى شىنجاڭ - شىزاڭ تاشيولىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدا ئالاقە باغلىغۇچىنى ئۇچرىتالمىدى، ئۇ بىر ەر ئىش چىققانلىقىنى پەملىدى، شۇڭا ئۇ پەم بىلەن يوشۇرۇنۇۋالدى.

دەل شۇ ۋاقىتتا ئابدۇل ئىككى ئادەمنى باشلاپ تاغدىن چۈشتى، ئۇلار باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى بازارغا كېلىپ سىرىق چىراي، ئۇچ بارمىقى يوق، روزى ئىسىملىك بىر ئادەمنى ئىزدىدى.

روزى 28 ياشلار ئەتراپىدىكى، بويى ئىنتايىن ئېگىز، چاچلىرى قوڭغۇر، كۆزلىرىنى باشقىلاردىن ئېلىپ قېچىپلا يۈرىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ئابدۇلنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. روزى ئۆزىنىڭ ئالدىغا كەلگەن ئېگىز، ئورۇق ئادەمنى قوغۇن ئالمىدىغان ئوخشايدۇ دەپ قالدى، شۇڭا ئۇ قىزغىنلىق بىلەن بىر قوغۇننى تاللاپ ئابدۇلغا ئۇزاتتى.

— نېمە؟ مېنى شۇنچە تېز ئۇنتۇپ كەتتىڭما؟ بىز ئالدىمىزدىكى ئاۋۇ دەرەخنىڭ تۈۋىگە بېرىپ بىرقانچە ئېغىز سۆزلىشىۋالايلى! — دەپ ئابدۇل دەرەخ تەرەپنى ئىما قىلدى، روزى دەرەخ تۈۋىدە قارا كۆزەينەك تاقىغان بىر ئادەمنى كۆردى.

روزىنىڭ ۋۇجۇدىنى ۋەھىمە چۇلغىۋالدى. ئۇ بىر نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرغان بولۇپ، ئابدۇلنىڭ دىققەت قىلمىغان پەيتىدىن پايدىلىنىپ، قوغۇنلىرىنىمۇ تاشلاپ بەدەر قاچتى.

ئەمما ياندا مۆدايىپ تۇرغان ئەبلەخ ئۇنى توسۇۋالدى:

— ھەي روزى، قاچما، بىز پەقەت سەن بىلەن بىر ئىشنى مەسلىھەتلەشمەكچى، بىز سېنى ھېچنېمە قىلمايمىز!

روزى ئامالسىز قالدى، ئۇ لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ:
— ئەگەر يامان ئىش بولسا مەن ھەرگىز قىلمايمەن، — دېدى.
ئابدۇلنىڭ قول ئاستىدىكى ئىككى ئادەم روزىنى ئارىغا ئېلىپ، دەرەخنىڭ تۈۋىگە ئېلىپ باردى.
— سىلەرنىڭ تەشكىلاتىڭلار ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئابدۇل جىددىي تۇردە.
روزى ئەمدى ھېچنېمىنى يوشۇرالمايدىغانلىقىنى بىلدى، ئۇ ئىنتايىن ئۈمىدسىزلىك بىلەن:
— تارقىلىپ كەتتۇق، — دېدى.
ئابدۇل گەپنى ئۇدۇللا قىلىپ:
— بىزنىڭ تەشكىلاتىمىز ھازىر تەرەققىي قىلىپ زورىيىۋاتىدۇ، ھازىر بىز پارتلاتقۇچ بومبا ياسىماقچى بولۇۋاتىمىز، مەن سېنىڭ بومبا ياسىغانلىقىڭنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن، شۇڭا مەن سېنى ئىزدەپ كەلدىم، سېنىڭ بىزگە ياردەم بېرىشىڭنى ئۈمىد قىلىمىز، — دېدى ئابدۇل جىددىي تۇردە.
روزىنىڭ ئىچى تىتىلداپ كەتتى، ئۇ قولىنى سىلكىپ:
— بۇ ئىشتا مېنى ئىزدىمەڭلار، قارا ماۋۇ قولۇمنى، — ئۇ ئۈچ بارمىقى يوق قولىنى ئابدۇلغا كۆرسەتتى، — مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە ياردەم بېرەلمەيمەن.
ئابدۇل بىردىنلا قاتتىق غەزەپكە كەلدى:
— شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرنىڭ تەشكىلاتىڭلار تارقىلىپ كەتكەنىكەن - دە! ئېيتىپ قوياي، سىلەر بۇرۇن بۇ يولدا ماڭغان، ئەمدى يېرىم يولدا بۇ يولدىن قايتىمىز دېسەڭلار ھەرگىز بولمايدۇ، سىلەر بىزگە چوقۇم ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك، بىز بۇ يولدا داۋاملىق ماڭىمىز، — دېدى.
روزى ئۇندىمەي جىم تۇرۇۋالدى، ئابدۇل روزىنىڭ جاۋابىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى.
روزى ئاخىر بوشاپ بېشىنى لىڭشىتتى:
— بولىدۇ، مەن سىلەر بىلەن باراي، ئەمما سىلەردىن بىر ئىشنى سوراي، پارتلاتقۇچ بومبا ياساپ نېمە ئىش قىلىسىلەر؟ —

دېدى.

— ئىسلام دۆلىتى قۇرىمىز، — دېدى ئابدۆل كەسكىنلىك بىلەن.

— ئۇنداق بولسا مەن بارمايمەن، — دېدى روزى بېشىنى چايقاپ، ئۇ كەتمەكچى بولدى.

ئابدۆلنىڭ ئىككى ئادىمى گەپ قىلمايلا روزىنى ئارىغا ئېلىپ ماڭدى.

— بىزگە ياردەم بېرىشكە ئۇنىمىساڭ بىزدىن ھەرگىز قۇتۇلالمايسەن، — روزىنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان ئابدۆل پەس ئاۋاز بىلەن روزىغا تەھدىت سالدى.

روزى مەجبۇرىي تۇردە قۇرۇم تېغىدىكى بازىغا ئېلىپ بېرىلدى. ئۇ غاندىن كېيىن بىر كېچە - كۈندۈز ئۇندىمەي تۇرۇۋالدى. ئۇ داڭلىق تۆمۈرچى بولۇپ، كىچىككىدىنلا ئەقىللىق يىگىت ئىدى. ھەمىشە بىرەر نەرسىلەرنى ئىجاد قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇچ يىل ئىلگىرى باشقىلارنىڭ قۇترىتىشى بىلەن يەر ئاستى قۇرئان ئوقۇش كۇرسىغا قاتناشتى، ئۇ يەردە ئالىمنىڭ چەت ئەلدىن ئەۋەتىلگەن ئۇنئالغۇ لېنتىسىنى ئاڭلىدى، ئۇ ئۇنئالغۇ لېنتىسىنى ئاڭلاپ قانلىرى قايناپ تاشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىدىيىسى بۇ كەنتتىكى ئىدىيىسى رادىكال بولغان بىرقانچە ياشلار بىلەن بىر يەردىن چىقىپ قالدى، ئۇلار بىر ئۆي تېپىپ يەر ئاستى قۇرئان ئۆگىنىش ئورنى قۇردى. ھەممە شۇ كەنتتىكى ياشلارغا قۇرئان ئۆگەتتى. ئەمما، ئۇلار پەقەت يەر ئاستى قۇرئان ئوقۇش ئورنى قۇرۇش بىلەنلا چوڭ ئىشنى قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئاتالمىش «ئىسلام غازاتچىلار تەشكىلاتى» نى قۇردى. روزىنىڭ ھازىرغىچە شۇلار ئېسىدىكى، ئۇنى بۇ تەشكىلاتقا قاتنىششقا قۇترانقان ئادەم ئابدۆل ئىدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ خىتابنامىسى بويىچە ئوغرىلىق قىلىش قانۇنغا خىلاپلىق قىلمىش بولمايتتى. ئۇ ئاللانىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىش بولۇپ ھېسابلىناتتى. بىر يىل ئىچىدىلا روزى باشقا ئون نەچچە شېرىكى بىلەن بىرگە ئىلگىرى - كېيىن توققۇز قېتىم دېلو سادىر قىلدى. ئالتە موتسىكلىت، ئۇچ ۋېلسىپىت ئوغرىلىدى، نۇرغۇن جايلاردا ئەكسى

يەتچىل تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى تارقاتتى. ئىلياس سودا سارىيىدا پارتلىتىش ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تەشكىلاتى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قالايمىقانچىلىق چىقاردى، قەشقەردىكى بىر سېمونت كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا بومبا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى، ئەمما بۇ بومبا پارتلىماي تۇرۇپلا ما جيەنجۇڭ بايقاپ قېلىپ بومبىنى چۇۋۇپ تاشلىدى. ما جيەنجۇڭ بۇ بومبىنى چۇۋۇپ تاشلاپ نەق مەيداندىن ئايرىلىپ تېخى يېرىم سائەتمۇ ئۆتمەيلا ئۇ يەردە يەنە بىر بومبا پارتلىدى، ئىككى بومبىنىڭ ئارىلىقىدا پەقەت يېرىم سائەتلا ئۆتكەنىدى.

بۇ روزى ئىجاد قىلغان يېڭى تىپتىكى زەنجىرسىمان بومبا ئىدى. روزى ئەنە شۇ تىپتىكى بومبىنى سىناق قىلىۋاتقاندا ئۈچ بارمىقى ئۈزۈلۈپ مېيىپ بولۇپ قالغانىدى.

«ئىسلام غازاتچىلار تەشكىلاتى» نىڭ تارقىتىۋېتىلىشى تاسادىپىي بىر سەۋەبتىن بولدى. بىر قېتىم جەنۇبىي شىنجاڭ ج خ ئىدارىسىدىكى رازۋېدكىچىلار موتسىكلىت ئوغرىلىغان بىر جىنايەتچىنى تۇتۇۋالدى. بۇ دېلونى سوراق قىلىش جەريانىدا ساقچىلار ئىجارىگە ئېلىنغان بىر ئۆيدە قانۇنسىز قۇرئان ئۆگىتىش ئورنىنى تەكشۈرۈپ تاپتى، نەق مەيداندا قۇرئاندىن دەرس سۆزلىگۈچى ۋە ئاڭلىغۇچىلارنى تۇتتى، ئۇن نەچچە قاپ ئەكسىيەتچىل ئۈنئالغۇ لېنتىسى، دىنىي كىتاب، خاتىرىلەر، مىكروفون قاتارلىقلارنى مۇسادىرە قىلدى. بىر خاتىرە دەپتەرگە بەزى تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ رەسمى چاپلانغان بولۇپ، بۇ ئىش ج خ ئىدارىسىنىڭ يۇقىرى دىققىتىنى قوزغىدى، شۇڭا ئۇلار مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، پىلەكنى بويلاپ خەمەك تېپىش ئۈچۈن مەخسۇس تەكشۈرۈش خىزمىتى ئېلىپ باردى. ئىككى ئاي ئىچىدە ئۇلار ئاتالمىش «ئىسلام غازاتچىلار تەشكىلاتى» نى تېپىپ چىقىپ، ئۇنىڭ توققۇز ئەزاسىنى قولغا ئالدى. روزى بوستان شەھىرىگە قېچىپ بېرىپ بىر تۇغقىنىنىڭ ئۆيىدىكى گىرەمگە يوشۇرۇنۇپ يېتىۋالدى، ئۈچ ئاي زادىلا سىرتقا چىقمىدى. كېيىن شامال سەل پەسەيگەندىن كېيىن ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن بىر قوغۇن يايمىسى ئېچىپ تىرىكچىلىك قىلىشقا كىرىشتى، ئەمدى ئىككىنچى بىرەر

تەشكىلاتقا قاتناشماسلىق نىيىتىگە كەلدى.
هازىر روزى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇلاردىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. ساقچىلار ئۇنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈشنى بوشاشتۇرۇپ قويغان بولسىمۇ، ئەمما هازىر ئابدۇل ئۇنى تۇتقۇن قىلىۋالدى. ئۇ ئىنتايىن خاپا ئىدى، قۇرۇم تېغىدىكى بازىغا كەلگەندىن بۇيان ئۇنىڭ زادىلا چىرايى ئېچىلىپ باقمىدى. ئۇ ئىككى كۈن ئىنتايىن خاپا يۈرگەندىن كېيىن، كەيپى ئۇچقان هالدا مېيىپ قولىنى ئابدۇلغا تەڭلەپ تۇرۇپ:
— بازاردىن ماڭا يەتتە يەشىك ھىدروگېنلىق ماتېرىيال، بىر پاياتلاش ماشىنىسى ئەكېلىپ بېرىڭلار، — دېدى.
ئابدۇل يەنە ئەزىز ئىسىملىك بىر تۆمۈرچىنى تېپىپ كېلىپ روزىغا ياردەمچىلىككە بەردى، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى بومبىنىڭ ئاغزىنى پاياتلاش ئىدى.

## 2

ساۋۇت ئۆزى ئىلگىرى ئىشلەتكەن ھېلىقى تور پوچتا ساندۇقى ئارقىلىق B دۆلىتىدىكى تېرروزچىلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى بىلەن ئالاقە باغلىدى ھەمدە B دۆلىتىدە ئۆگەنگەن بومبا ياساشنىڭ 16 خىل ئۇسۇلىنى توردىن مۇۋەپپەقىيەتلىك هالدا كۆچۈرۈۋالدى. ئەركىن بومبا ياساش ماتېرىيالى تىزىملىكىنى قولغا چۈشۈرۈۋالغاندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا ساۋۇتقا بولغان ھوشيارلىقىنى بوشاشتۇرۇپ قويدى.
ساۋۇت ئالدىدىكى كومپيۇتېرنى تېخى ئۆچۈرۈۋەتمىگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دەرھال جەنۇبىي شىنجاڭ ج خ تورىغا كىرىپ «پاش قىلىش ساندۇقى»غا: «ئەركىن قۇرۇم تېغىدا بىر قورال ـ ياراغ زاۋۇتى قۇردى» دېگەن سۆزنى يېزىپ قويدى. ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭ ج خ تورىدىن تېزلىكتە قايتىپ چىقىپ كومپيۇتېرنى ئۆچۈردى، ئۇ ئەركىننىڭ ئۆزىنىڭ بۇ ئىشىنى سەزمىگەنلىكىنى بىلىپ چوڭقۇر بىر تىنىۋالدى. بۇ چاغدا، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى چىپ ـ چىپ تەر بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ: ئۇزۇن ئۆتمەي

ساقچىلار چوقۇم قورۇم تېغىغا ئىزدەپ كېلىدۇ، ئۇ چاغدا چوقۇم چوڭ بىر ئۇرۇش بولىدۇ دەپ جەزملەشتۈردى. ئۇ يەنە «ئۇ چاغدا مەن ساقچىلارنىڭ ئوقىدا ئۆلۈپ كەتسەم قانداق بولۇپ كېتەر» دېگەنلەرنى ئويلاپ، بىردىنلا بايىقى ئىشى ئۇچۇن ئۆكۈندى. ئۇ ھازىر قاتتىق زىددىيەت ئىچىدە قالغانىدى.

— روزى، سەن مانا مۇشۇ ماتېرىياللار تىزىملىكى بويىچە بومبا ياسا، — دېدى ئەركىن توردىن چۈشۈرۈۋېلىنغان پارتلاتقۇچ بومبا ياساش ماتېرىياللىرىنىڭ تىزىملىكىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ.

روزى بۇ تىزىملىكنى ئېلىپ يېرىم كۈن ئويلاندى، ئۇنىڭدىن كېيىن بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ:

— بولمايدىكەن، يەنىلا مېنىڭ ئۇسۇلۇم بويىچە ياسىساق بومبىنىڭ كۈچى چوڭ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە جەنۇبىي شىنجاڭدا بۇ تىزىملىكتىكى خىمىيىۋى دورىلارنى ھەرگىز تاپقىلى بول - مايدۇ، — دېدى.

— ئەمىسە، سېنىڭچە قانداق قىلىمىز، — دەپ سورىدى.

— ماڭا ئۈچ كۈن ۋاقىت بېرىڭلار، — دېدى روزى، ئەركىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ.

ئۈچ كۈندىن كېيىن، روزى ئۆزى ياسىغان بومبىلارنىڭ قېپىنى ئەركىنگە كۆرسەتتى. ئەركىن:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ — دەپ ھەيران قالدى.

— بومبا ياساۋاتىمەن، — دېدى روزى.

روزى ئۈچ خىل ماتېرىيالدىن ياسالغان بومبىنىڭ قېپىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— سىلەرگە لازىم بولۇۋاتقان بومبا مانا مۇشۇنداق بولىدۇ، مانا بۇ پولات تۇرۇبىدىن ياسالغان، ماۋۇ مىستىن ياسالغان، ماۋۇ سۇلياۋ تۇرۇبىدىن ياسالغان، ھەممىسى بومبا، — دېدى.

— بۇ بومبىلاردىن قايسىسىنىڭ كۈچى ئەڭ زور، — دەپ سورىدى ئەركىن.

— ئىلگىرىكى سىناق قىلىنغان ئەھۋاللارغا قارىغاندا، پولات تۇرۇبىدىن ياسالغان بومبىنىڭ كۈچى ئەڭ زور، باشقا ئىككىسى-

ىنىڭ كۆچى ئۈنىڭكىگە يەتمەيدۇ، — دېدى روزى.

— مۇشۇ سۈرئەت بويىچە سەن قاچان بىر تۈركۈم بومبا ياساپ چىقالايسەن؟ — دېدى ئەركىن ئالدىراپ.

روزى خۇشياقمىغان ھالدا يەردىكى 12 بوتۇلكا خىمىيىلىك دورىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بۇ دورىلار بىلەن 100 بومبا ياسىغىلى بولىدۇ، سىز بىراقلا 100 بومبا ياساڭلار دېمەكچىمۇ؟ — دېدى.

— 100 بومبا؟ بۇ ھەرگىز يەتمەيدۇ، — دېدى ئەركىن كرىستال ماددىلارنىڭ پولات - تۆمۈردىن ياسالغان تۇرۇبىغا قۇيۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ماڭا 500 دانە، 1000 دانە، ياق 10 مىڭ دانە كېرەك، ئاۋۋال بوستان شەھىرىنى تۇپتۇز قىلىپ تاشلايمىز، ئۇنىڭدىن كېيىن خوتەن، قەشقەر، پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭنى ئۈتمە - تۆشۈك قىلىپ تاشلايمىز، ھا، ھا، ھا... بىز يەر - زېمىننى تىترىتىدىغان چوڭ ئىشلارنى قىلىمىز، — دەپ ۋارقىرىدى.

— سىز شۇنچە كۆپ بومبا ياسايمىز دەيسىز، ئەمما بۇ دورىلار 100 بومبا ياساشقا ئاران يېتىدۇ، ئۇنداق بولسا سىلەر دەرھال دورا تېپىڭلار، — دېدى روزى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ تۇرۇپ.

روزى ۋەھىمە ئىچىدە، بەئەينى تەلۋىگە ئوخشاپ قالغان ئەركىنگە قارىدى. بۇ قېتىم ئۇ تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكەنىدى، ئۆيىدىكىلەر ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمەيتتى. ئۇ ئايالىغا ئەمدى ھەرگىز بۇنداق يامان ئىش قىلىدىغان تەشكىلاتقا قاتناشمايمەن، دەپ ۋەدە بەرگەنىدى، ئەمما ئۇلار ئۇنى مەجبۇرلاپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى.

روزى 100 بومبىنى ناھايىتى تېزلا ياساپ بولدى، ئەركىن ئىنتايىن خۇشاللىق ئىچىدە ئابدۇل بىلەن ساۋۇتنى ئېلىپ، تاغ ئىچىگە بومبىلارنى سىناق قىلىشقا كەلدى. ئەركىن ئالدى بىلەن بىر بومبىنى ئېلىپ ئاتتى. گۇم قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ تاغ ئىچى ئىس - تۈتەككە قاپلاندى. ئەركىن خۇشاللىقتىن تەلۋىلەرچە ۋارقىراپ كەتتى.

ئابدۇل ئىككىنچى بومبىنى ئاتتى، يەنە گۇم قىلغان ئاۋاز بىلەن جىلغا ئىچى ئىس - تۈتەككە تولدى. بۇ مۇۋەپپەقىيەتتىن ئۇ ھاياجانلىنىپ كەتتى. ئەركىن ساۋۇتقا:
— قانداق، سەنمۇ بىرنى سىناپ باقامسەن؟ — دېدى.
ساۋۇت جىددىيلەشكەنلىكىدىن قارا تەرگە چۆمۈپ كەتتى.
ساۋۇت چەت ئەلدە بومبا ياساش ۋە سىناق قىلىشنى ئۆگەنگەنىدى. ئەمما بۇ چاغدا ئانچە ئۇقمايدىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ بىر بومبىنى قولىغا ئالدى. ئۇ كۆڭلىدە: ئەگەر بومبىنى ئەركىنگە توغرىلاپ بىر ئاتسا ئەركىن تۈگىشەتتى، ئاندىن ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى كېرەك ئىدى. ساۋۇت مۇشۇنداق ئويلىدى ھەم شۇنداق قىلماقچى بولدى. ئەمما دەل شۇ چاغدا روزى ئۇنىڭ قولىدىكى بومبىنى تارتىۋېلىپ، ئالدىدىكى بوشلۇققا ئېتىۋەتتى.
— قارىسام سەن ناھايىتى جىددىيلىشىپ كەتتىڭ، سېنى ئىلگىرىكى ۋاقىتتىكىگە ئوخشاش ياخشى ئاتالماي ئۆزىنى يارىلاندۇرۇۋالمىسۇن دېدىم، — دەپ چۈشەندۈردى روزى.
ئەركىن بۇ ئىككىسىنىڭ زادى نېمە ئىش قىلماقچى بولغانلىقىنى دەرھاللا ئاڭقىرالمىدى، ئەمما، كېيىن ئۇ ساۋۇت ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولۇۋاتامدۇ - قانداق؟ دېگەننى ئويلىدى، ئۇ مۇشۇلارنى ئويلىغاندا بىردىنلا قارا تەرگە چۆمۈپ كەتتى. ئۇ جىددىي تۇستە ئابدۇلغا:
— قارىسام ساۋۇتنىڭ بەزىدە ھوش - كاللىسى تازا جايىدا بولمايۋاتىدۇ، بۇنداق ئادەمنىڭ ھايات قېلىشىنىڭ يەنە نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟ — دېدى.
ئابدۇلمۇ بەزى ئەھۋاللارنى سەزگەنىدى. ئۇ ئەركىنگە:
— ھازىرقى مۇنداق پەۋقۇلئاددە شارائىتتا مېنىڭچە يەنىلا ئالدىراقسانلىق قىلماسلىقىمىز كېرەك، — دېدى.
ئەركىن ئاچچىقلانغان ھالدا ساۋۇت بىلەن روزىنى كېتىشكە بۇيرۇدى. ئاندىن جىددىي تۇردە ئابدۇلغا:
— ئەگەر مەن سېنىڭ بىلەن بولغان دوستلۇقۇمنى دېمىسەم، ئۇنىڭ ھەرىكىتىنىڭ پۈتۈنلەي سېنىڭ مەدەت بېرىشىڭ بىلەن بولغانلىقىدىن گۇمانلىنىشقا ھەقلىقمەن، — دېدى.

ئابدۇل سوغۇق قانلىق بىلەن:

— بۇنداق ئەنسىز ۋاقىتلاردا ھېچكىم ئەنسىزلىكتىن، يەڭگىللىكتىن ساقلىنالمايدۇ، — دېدى.

— سەن بىلەن ئالىمنىڭ مېنىڭ گورنۇمنى تارتىۋالماقچى بولغانلىقىڭلاردىن ئىبارەت بۇ تەرىپىڭلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا مېنىڭچە بۇ يىگىت ناھايىتى سۆيۈملۈك، مەن ئۇنىڭ ماڭا قەست قىلماقچى بولغانلىقىدىكى سەۋەبىنىڭ، مېنىڭ ئۇنىڭ سۆيگىنىنى تارتىۋالغانلىقىمدىن ئىكەنلىكىگە تامامەن ئىشىنىمەن. مەن مۇشۇنداق تەۋەككۈلچىلىكنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى ئەركىن.

— ھازىرقىدەك مۇشۇنداق شارائىتتا سېنىڭ يەنە سۆيگەن يار ھەققىدە گەپ قىلىشقا رايىڭ بارمۇ؟ تۇرسۇن بىلەن قالادىن ھازىرغىچە نېمىشقا ھېچقانداق خەۋەر يوق؟ ئۇلار مۇشۇ بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە قايتىپ كېلىشى كېرەك ئىدى، — دېدى ئابدۇل غەمكىن ھالدا.

— خاتىرجەم بول، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاشۇ دۆت ساقچىلار ئۇلارنى ھەرگىز تاپالمايدۇ، بىز جەنۇبىي شىنجاڭ ساقچىلىرىنىڭ ئاشۇ تېتىقسىز داۋراڭلىرىغا پەرۋا قىلماسلىقىمىز كېرەك، — دېدى ئەركىن ئۆزىنى ناھايىتى چوڭ تۇتۇپ.

## 3

قالانىڭ پوزىتسىيىسى بەئەينى چىش پاستىسىغا ئوخشايتتى، سىقمىسا چىقمايتتى.

بۈگۈن جۇڭ چېڭ ئالاھىدە ئۆزى ئۇنى سوراق قىلىشقا كەلدى، جۇڭ چېڭ جىددىي تەلەپپۇز بىلەن:

— قالا، بۇ ئىككى كۈندىن بۇيانقى ئىپادەڭگە قارىغاندا سېنىڭ ھەقىقەتەن گۇناھىڭنى يۇيۇش ئىرادەڭ بار ئىكەن، — دېدى.

— مەن چوقۇم شۇنداق قىلىمەن، — دېدى قالا.

جۇڭ چېڭ ئالدىرىماي ئۇنى سوراق قىلىشقا باشلىدى:

— ئەمما، مەن ئىگىلىگەن ئەھۋاللارغا قارىغاندا، مەن تېخى

مۇھىم ئەھۋاللارنى بىزگە ئېيتمىدىڭ ياكى بولمىسا مۇنداقچە دېيە-
لى، ئېخىمۇ مۇھىم، ئېخىمۇ چوڭ مەسىلىلەرنى بىزگە ئېخى
تاپشۇرمىدىڭ، مەسىلەن، ئەركىن بىلەن ئۇنىڭ تەشكىلاتى ھازىر
زادى قەيەردە؟

— ئىدارە باشلىقى، مەن بىلىدىغانلىرىمنىڭ ھەممىنى دې-
دىم، ھەقىقەتەن ھەممىنى دېدىم، — دەپ چۈشەندۈردى قالا
خۇدۇكلەنگەن ھالدا.

— راستمۇ؟ يەنە تولۇقلايدىغانلىرىڭ يوقمۇ؟ — دېدى،
ئاندىن ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى.
يالقۇن قالانىڭ مۇرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ:

— قالا، ھەقىقەتەن سېنىڭ تولۇقلاپ دەيدىغانلىرىڭ يوقمۇ؟
ھازىر ئىدارە باشلىقىنىڭ ئاچچىقى كەلدى، ئەسلىدە ئۇ سېنى
قويۇۋەتمەكچىدى، لېكىن سەن چوڭ مەسىلىلەرنى يوشۇرۇپ تاپ-
شۇرمىدىڭ، ھازىر سېنى قويۇپ بېرىش - بەرمەسلىك جىددىي
مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. مەن ساڭا بىر راست گەپنى قىلاي،
بىز ئەركىننىڭ قۇرۇلۇم تېغىغا يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىنى بىلىمىز،
ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەرنىڭ ئۇ يەردە يەر ئاستى قورال - ياراغ
زاۋۇتۇڭلار بار. قانداق؟ بىز تەكشۈرگەن ئەھۋاللار راست-
مىكەن؟ — دېدى.

قالا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھاڭ - تاڭ قالدى، ئۇ كۆڭلىدە:
ساقچىلار ھەتتا ئەركىننىڭ نەدە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىدىكەن، دېمەك
ئەركىن تۇتۇلىشىدىغان بولدى، دەپ ئويلىدى. ئۇ ئىككىلىنىشكە
باشلىدى.

— قالا، ساڭا يەنە پەقەت بەش مىنۇتلا ۋاقىت بېرىمەن، سەن
مۇشۇ بەش مىنۇت ۋاقىت ئىچىدە سىلەرنىڭ بازاڭلارنىڭ تەپسىلىي
ئورنىنى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ئېنىق سىزىپ بېرىشىڭ كېرەك،
بولمىسا سېنى ھېچكىم قۇتۇلدۇرالمايدۇ، — يالقۇن ئۇنى يەنە
بىر قېتىم ئاگاھلاندۇردى.

بۇ كۈن ئەتىگەندە، قالا ساقچىلارنىڭ جىددىي بىر ھالەتتە بىنا-
غا چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى، بايا ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىمۇ
شەخسەن ئۆزى كېلىپ ئۇنى سوراق قىلدى. ئۇ: ئەركىنلەر چوقۇم

پاش بولۇپ قالىدىغان بولدى، دەپ ئويلىدى، ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ مۇددەتتىن بۇرۇن تۇتۇلۇپ قالغانلىقىدىن خۇشال بولدى، بولمىسا ساقچىلار ئۇلارنىڭ قورال - ياراغ زاۋۇتىنى تويقا تۇتىدىغان بولسا ئۆزىنىڭ ساق قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

يالقۇن ھاجەتكە چىقىپ كەتكەن ۋاقىتتا، قالا ھەممىنى تاپشۇردى. يالقۇن قايتىدىن ئىشخانىغا كىرگەندە، ھەتتا ئىشەنمەي قالدى. ئۇ ۋاڭ لۇدىن:

— ئۇ ھەممىنى تاپشۇردىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ۋاڭ لۇ ئۈنتۈنسىز ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ:

— ھەممىنى تاپشۇردى، — دېدى.

يالقۇن غەزەپلەنگەن ھالدا قالانىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ شالاڭ چاچلىرىنى قاماللاپ:

— مەن يېنىڭدا تۇرسام نېمىشقا مەسىلەڭنى تاپشۇرمايسەن، مەن ھاجەتكە چىقىپ كەتكەن ئاشۇ پەيتتە مەسىلەڭنى تاپشۇرىسەن، مەن ئىككى كېچە - كۈندۈز ساڭا ھەمراھ بولدۇم، سەن ھېچنېمەنى تاپشۇرمىدىڭ، سەن مېنى نېمىدەپ ئويلاپ قالدىڭ، سەن مېنى كولدۇرلىتىۋاتامسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

ۋاڭ لۇ دەرھال يالقۇنغا قولىنى قويۇۋېتىشكە ئىشارەت قىلدى:

— ئۇنداق قىلما، مۇھىم ئىشقا تەسىر يېتىدۇ، — دېدى.

قالا دىلى ئازار يېگەن ھالدا ۋاڭ لۇغا:

— مەسىلىنى سىزگە تاپشۇرسام ياكى ئۇنىڭغا تاپشۇرسام ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ — دېدى ھەم شالاڭ چاچلىرىنى سىلاپ يالقۇنغا چېچىلدى:

— مەن ھامىنى سىزگە دەپ بېرەتتىم ئەمەسمۇ؟ نېمىشقا چېچىمنى يۇلىسىز، مەن تۇغۇلغاندا چېچىم بىلەن تۇغۇلغان، بۇ چاچنى ماڭا خۇدا بەرگەن، ئۆلگەندىمۇ يەنە گۆرۈمگە مۇشۇ چېچىم بىلەن كىرىمەن، — دېدى.

قالا قىزىق ئادەم ئىكەن، ئۇ تۇتۇلىدىغان چاغدا خەنجىرىنى چىقىرىپ ۋاڭ لۇ بىلەن ئېلىشقانىدى، ئەمدى بىرنەچچە تال چېچى يۇلۇنۇپ كەتكىنىگە يىغلاۋاتقىنىنى كۆرمەمدىغان.

## 4

ئايگۈلنى ئۆلتۈرگەن، غەرب دۆلىتىدىن كەلگەن مەلۇم سىر-لىق تەشكىلاتنىڭ ئالاھىدە خادىمى دۆلىتىمىزنىڭ بىخەتەرلىك ئو-رۇنلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلدى. ئەمما 72 سائەتتىن كېيىن ئۇمۇ سىرلىق ھالدا ئۆلدى. قانۇن دوختۇرى ئۇنى «يېڭى تىپتىكى بىئولوگىيىلىك قورال ئارقىلىق ئۆلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن» دەپ گۇمان قىلدى.

ما تيەنمۇ بۇيرۇق بويىچە يەنە مۇخبىرلىق سالاھىيىتى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلدى. ئۇ ئۆلۈپ كەتكەن ئالاھىدە خادىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان يىپ ئۇچىنى تاپماقچىدى.

ھازىرچە تېخى ھېچقانداق بىر چارە ـ ئامال يوق ئىدى. ما تيەنمۇ ئاۋۋال بىرقانچە كىشىنى ئىختىيارىي زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنى سەل تۇتۇۋالغاندىن كېيىن ئاندىن خىزمە-تىنى قانات يايدۇرۇش قارارىغا كەلدى.

ئۆتكەن قېتىم جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلگەندە ما تيەنمۇ چېن دامونىڭ ئايالى ۋە قىزىنى تېررورلۇق تەشكىلاتى تۇتقۇن قىلىۋال-غانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ بۇ كۆپ رىيازەت چەككەن ئانا بىلەن قىزنى يوقلاپ كېلىش نىيىتىگە كەلدى.

تەشكىلنىڭ ياردىمى بىلەن ما تيەنمۇ ناھايىتى ئاسانلا چېن دامونىڭ ئۆيىنى تېپىپ، ئىشىك قوڭغۇرىقىنى باستى.

— ۋاي ۋۇي، سىرتتا بوران چىقىۋاتامدۇ نېمە؟ چېن دامو ھېلىلا بىزگە تېلېفون بېرىپ بىر ئايال مۇخبىرنىڭ بىزنىڭ ئۆيگە كېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتقانىدى. سىز راستتىنلا كەپسىز، كىرىڭ، كىرىڭ، — لەيلى ئىشىكنى ئېچىپ ئۇنى ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالدى. لەيلى خەنزۇچە ئوتتۇراق تىلدا ناھايە-تى ياخشى سۆزلەيتتى، ئۇنىڭ كۆلكىسىمۇ ئىنتايىن جاراڭلىق، خۇشخۇي ئىدى، — سىز ئۇنىڭ بىلەن تېلېفوندا ناھايىتى قىسقىلا سۆزلىشىپسىز، ئۇ سىزگە مېنى ۋاپادار ئايال، ياخشى ئانا دەپ بەردىمۇ قانداق؟ ئۇ مېنى: سىز باشقا بىر مەنىدىكى ۋاپادار ئايال،

ياخشى ئانا، دېگەن. مەن سەۋر - تاقەتلىك ئايال. ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى قوللايدۇ دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە مەن ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتەلمەيدىكەنمەن، مەن نەچچە قېتىم ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ كېتىش ئويىدا بولغان.

ما تيەنمۇ ئۇنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە لەيلى ئۇنىڭغا ناھايىتى ياخشى ماسلاشتى. ما تيەنمۇ بىردىنلا كۆزلىرى يوغان، قاڭشارلىق، بۇدۇر چاچ لەيلىنى ياخشى كۆرۈپ قالدى.

ساقچىلارنىڭ ئاياللىرى كىشىگە ئادەتتە يېقىملىق تۇيغۇ بېرەتتى. لەيلىنىڭ ئائىلىسى قارىغاندا ناھايىتى ئاددىي ئائىلە ئىدى، ئۆيدىكى ئۆي سايمانلىرىنىڭ ھەممىسى كونا بولسىمۇ، ئەمما ئىنتايىن پاكىز ئۇتتۇلغانىدى. مېھمانخانىغا بىر ساپا، بىر كونا توققۇز سانتىلىق رەڭسىز تېلېۋىزور قويۇلغان، كىچىك شىرەنىڭ ئاستىدىكى گىلەم ئىنتايىن چىرايلىق ئىدى.

لەيلى ئانچە چىرايلىق ئەمەس ئىدى، ئەمما ئۇ قىسقا بۇدۇر چاچ قويۇۋالغان، ئالتۇن رەڭ رامكىلىق كۆزەينەك تاقىۋالغان بولغاچقا كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى ھەم يېقىملىق بىر تۇيغۇ بېرەتتى. ما تيەنمۇ ئۇنىڭ باشقىلارغا ناھايىتى قىيىنلىپ قاراۋاتقانلىقىنى، كىشىگە يېقىن كەلمىسە كۆرەلمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈۋاتقان بولغاچقا ما تيەنمۇ ئۇنىڭدىن كۆپرەك نەرسىلەرنى سوراشقا خىجىل بولدى.

لەيلى ئۇيغۇر ئاياللىرى ياخشى كۆرىدىغان گۈللۈك ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن بولۇپ، كۆڭلىكى بەدىنىگە چىپپىدە كەلگەن، ئۇنى ناھايىتى چاققان كۆرسىتەتتى. لەيلى قىزغىنلىق بىلەن ما تيەنمۇنىڭ ئالدىغا مېۋە قويدى ھەمدە:

— بىز گىلەمدىلا ئولتۇرايلى، — دېدى.

ما تيەنمۇ خۇشال ھالدا:

— بولىدۇ، مەن ئىختىيارىي بولۇشنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى.

— چىراغنىڭ يورۇقىنى ئاجىزراق قىلىپ قويساي بولامدۇ، — لەيلى ما تيەنمۇنىڭ پىكرىنى ئالدى، ما تيەنمۇ تېخىمۇ خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇ:

— بۇ سىزنىڭ ئۆيىڭىز، سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزچە بولسۇن، بۇنداق بولغاندا تېخىمۇ مەنىلىك بولىدۇ، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىككىسى خۇددى كونا دوستلاردەك سەمە-مىي پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. پاراڭ باشلىنىشتىن ئىلگىرى لەيلى كارىۋاتنى ئىشارەت قىلىپ قويدى، ئۇنىڭ قىزى گۈلشەن ئۇخلاپ قالغانىدى.

— بايا سىز ئاجرىشىپ كەتمەكچى بولغانىدىم، دېدىڭىز، نېمە ئۈچۈن؟ — دېدى ما تيەنمۇ پەس ئاۋازدا.

— بالىنىڭ ئىشى بىلەن بولمامدۇ! مەن بىرىنچى بالامغا قورساق كۆتۈرۈپ يەتتە ئاي بولغاندا، مېنى ئېشەك هارۋىسى سو-قۇۋەتتى، ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ناهايىتى بىئارام بول-دۇم، شۇڭا ئۇنىڭغا: «مېنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىڭ» دېدىم. ئۇ: «مەن كاماندىروپكىغا چىقىمەن، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاپى-راي» دېدى. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە: «بۇ بىرقانچە كۈندىن بۇيان مەن ناهايىتى ئالدىراش بولۇپ كېتىۋاتىمەن، ئۆزى-ڭىز بېرىڭ» دېدى. مەن ئۆزۈم يالغۇز دوختۇرخانىغا باردىم. دوختۇر مېنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ: «بالىڭىز قورساقتا ئۆلۈپ قاپ-تۇ» دېدى. ئۇ ئوغۇل بالا ئىكەن، مەن يىغلاپ كەتتىم، مەن ئەزەلدىن مۇنداق زەربىگە ئۇچراپ باقمىغانىدىم، پۇل تاپشۇرۇش ئورنىدا قاتتىق يىغلاپ كەتتىم. بىر ياخشى نىيەتلىك كىشى ماڭا نەسىھەت قىلىپ: «قىزىم، يىغلىماڭ، مۇنداق يىغلىسىڭىز قور-سىقىڭىزدىكى بالىغا تەسىر يېتىدۇ» دېدى. مەن كۆڭلۈمدە: «مەن مۇشۇ قورساقتىكى بالام ئۈچۈن يىغلاۋاتىمەن» دەپ ئويلىدىم، — دېدى لەيلى تۇزلا.

گەرچە بۇ ئىشقا بىرقانچە يىللار بولغان بولسىمۇ، لەيلى بۇ ئىشلارنى ئېيتقاندا ئۆزىنى توختىتالماي يىغلاپ كەتتى، ئۇ كۆزەي-نىكىنى ئېلىۋېتىپ ئۆكسۈپ يىغلىدى.

— كەچۈرۈڭ، ھەممىسى مېنىڭ كاساپىتىم، بۇ ئىشنى سورىمىسام بوپتىكەن، — دېدى ما تيەنمۇ ئۇنىڭ مۈرىسىگە پەپە-لەپ ئۇرۇپ تۇرۇپ.

— كېرەك يوق، بۇنى ئېيتسام بەلكىم بىرئاز ياخشى بولۇپ

قېلىشىم مۇمكىن، بۇ بىرقانچە يىلدىن بۇيان بۇنى ھېچكىمگە ئېيتىپ باقمىغانىدىم. كېيىن ئۇ كاماندىروپكىدىن قايتىپ كې-لىپ، بۇنى بىلگەندىن كېيىن بەك ئازابلاندى. ئۇنىڭ خىزمەتداش-لىرى بۇ ئىشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇلارمۇ مېنى كۆرگىلى كەل-دى. ئۇ چاغدا ئۇ ئادەتتىكى بىر رازۋېدكىچى ئىدى. مەن ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ مۇنداق ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنى كەچۈرۈۋەتتىم. مەن ئۇنىڭ دېلو ئىشلەش بىلەن ئالدىراش ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم.

— دېمەك، ئەمەلىيەتتە ئۇ سىزنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدى-كەن، ئەمما، بۇ ئىش سىزنىڭ دىلىڭىزغا بەك ئازار بېرىپتۇ، توغرىمۇ؟ — دەپ سورىدى ما تيەنمۇ پەس ئاۋازدا.

— ھەممىسى پېشانەمنىڭ تەتۈرلۈكىدىن، شۇ ئىش ئۆتۈپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن قىزىم قورسىقىمدا قالدى، ئەمما دوخ-تۇرخانىدا يېتىپ ئاندىن بۇ بالىنى ساقلاپ قالدىم. تېنى بەك ئاجىز، ھەمىشە ئاغرىپ قالىدۇ، ئۇنى پۇتۇنلەي ئۆزۈم يالغۇز بېقىپ كەلدىم. بىر قېتىم بالام قىزىپ كېتىپ قىزىتمىسى 40 گرادۇسقا چىقتى، بۇ ۋاقىتتا ئۇ سىرتتا دېلو بېجىرىۋاتاتتى. بۇ قاتتىق بوران چىقىۋاتقان بىر كۈن ئىدى. مەن بالىنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭدىم، كۆزلىرىمگە توپا كىرىپ ياشلىرىم بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى، — دېدى لەيلى خورسىنىپ قويۇپ.

ما تيەنمۇ ئۇنىڭ دەردىگە يېتىپ:

— ئۇ چاغدا سىزگە ھەقىقەتەن تەس بولغانىكەن، مەن سىز-نىڭ شۇ ۋاقىتتىكى مۇشكۈلچىلىكىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلدىم، — دېدى.

— بالام دوختۇرخانىغا بىر كىرىپ قالغىنىچە ئون نەچچە كۈن يېتىپ قالدى، پراكتىكا قىلىۋاتقان بىرنەچچە سېستىرا ئارقام-دىن تىللايتتى، ئۇلار «ھالىدىن خەۋەر ئالماق بەك تەسكەن» دەپ زارلايتتى. مەن ھەمىشە دوختۇرغا: «بالام شۇنچە دورا يېسىمۇ، شۇنچە ئوكۇل ئۇرسىمۇ نېمىشقا قىزىتمىسى يانمايدۇ، بالامنىڭ ئاشقازىنىنى بۇزۇپ قويماڭلا يەنە؟ سىلەر ئېرىمنى يېنىمدا يوق

دەپ مېنى بوزەك قىلىۋاتامسىلەر» دەيتتىم. دىلىم بەك ئازار
يېگەنىدى، ئويلاپ باقمامسىز، ئەگەر ئېرىم مۇشۇ كەسىپنى ئىش-
لىمىگەن بولسا مەن مۇشۇ ئاۋارىچىلىكلەرگە قالارمىدىم؟ ئۇ دېلو
بېجىرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىز ئانا - بالا ئىككىمىزنى
ئالغىلى دوختۇرخانىغا كەلدى. مەن ئۇنىڭدىن رەنجىمىدىم، ئۇنىڭ-
دىن ئاغرىنمىدىم، ئاغرىنغانىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق ئىدى.
پەقەت ئۇنى كۆرۈپلا بوشىشىپ كېتىۋاتاتتىم. مەن ئاجرىشىپ كې-
تىشنى ئويلىدىم. بىز نەچچە يىل مۇھەببەتلىشىپ ئاندىن كېيىن
توي قىلغان، تويدىن كېيىن مۇناسىۋىتىمىز ياخشى كېتىۋاتاتتى،
ئۇنىڭ خىزمىتى ھەمىشە ئالدىراش بولۇپ، بىر يىلنىڭ 300 كۈنى
ئۇ ئۆيدە بولمايتتى. ئەمما، ئۇ ماڭا يۈز كېلەلمەيدىغان ھېچقانداق
ئىشنى قىلمىغان، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خىزمەتكىلا بېرىلىپ
كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ماڭا بولغان مۇئامىلىسى ناھايىتى ياخشى ئى-
دى. شۇڭا مەن ئاجراشمىدىم، — دېدى.

— چېن دامو سىزنىڭ بۇ ئويىڭىزنى بىلەمدۇ؟ ئۇ سىزدىن
رەنجىدىمۇ؟ — دەپ سورىدىمۇ ما تيەنمۇ قىزىقسىنىپ.

— مەن ئۇنىڭغا ئېيتتىم، ئۇ يىغلاپ كەتتى. ئۇ «لەيلى،
ئەمەلىيەتتە مەن سىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن، ئەمما مېنىڭ
خىزمىتىم مانا مۇشۇنداق خىزمەت، دائىم سىرتتا چېپىپلا يۈرى-
مىز، ئۆيدە ئولتۇرۇپ دېلو بېجىرگىلى بولمايدۇ ئەمەسمۇ؟»
دېدى.

شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ قەلبى بەك ئازابلىناتتى، شۇڭا ھەر
قېتىم ئۆيدە بولغان ۋاقتىدا بالىنى كۆپرەك كۆتۈرۈپ ئويىنتاتتى،
مېنىڭ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشىمغا ياردەملىشەتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇ
ناھايىتى بىچارە ئىدى. بۇ ئۆيدە قانداقتۇ قىزىم بىلەن مەن ئۇنىڭغا
ھەمىشە ئاچچىقلىنىشقا ھەقلىقتەك ئىدۇق، ھەتتا ئۇ ئۆيدە تاماكا
چەكسىمۇ قىزىم كۆرۈپ قالسا: ئاپا، دادام يەنە تاماكا چېكىۋاتى-
دۇ، دەيتتى. شۇڭا ئۇ ئاڭلىق ھالدا بالكونغا چىقىپ تاماكا چېكەت-
تى. مەن ئۇنىڭ تاماكا چەككەنلىكىنى كۆرۈپ قالسام: تاماكا
چەكمەڭ دەپ ۋارقىرايتتىم، ھەتتا ئەتىگەندە ئورنىمىزدىن تۇرغان-
دىن كېيىن ئۇ ھەمىشە مەن بىلەن قىزىم ھاجەتخانىغا كىرىپ

بولغاندىن كېيىن ئاندىن كىرەتتى، ئەگەر ئۇ ئالدىدا كىرىپ كەت-
كەن بولسا مەن ئۇنى ئالدىرىتىپ: تېز چىقىڭ دەيتتىم. شۇڭا
ئۇ دەرھال ھاجەتخانىدىن يېنىپ چىقاتتى. ئۇ بۇ ئائىلىدە ئۆزىنى
مېھمانخانىدا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. شۇڭا ئۇ ھەمىشە ئىنتا-
يىن ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلاتتى ھەم ئىنتايىن ئاڭلىق بولاتتى.
— مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە چېن دامو ناھايىتى جىمغۇر،
كەم سۆز ئىكەن، سىز ناھايىتى ئوچۇق ئايال ئىكەنسىز، سىلەر
ئىككىڭلار تۇرمۇشتا چىقىشىپ كېتەلىدىڭلارمۇ؟ بولۇپمۇ، ئۇ
موڭغۇل ئىكەن، سىز ئۇيغۇر ئىكەنسىز، ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىدى-
كى پەرق چوڭمىكەن؟ — دەپ سورىدى ما تيەنمۇ.
لەيلى قاقاقلاپ كۈلۈپ:
— ئەگەر ئاردا مۇھەببەت بولسىلا قانداق مىللەت كىشىلە-
رى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلار بىرگە تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ.
ئەر بىلەن ئايال بىر ئۆيدە بولسا نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى ئۆزىڭىز
بىلىسىزغۇ، ئۇ بىرگە تۇرمۇش كەچۈرۈش، تاماق ئېتىش،
ئۇخلاش قاتارلىق ئىشلارغۇ! مېنىڭ ئاچا - سىڭىللىرىم مەندىن:
خەنزۇغا تەگسە قانداق بولىدىكەن؟ دەپ سوراشتى. مەن ئۇلارنىڭ
سۆزىنى تۈزىتىپ: «مېنىڭ ئېرىم خەنزۇ ئەمەس، خەنزۇ بىلەن
موڭغۇلدىن تۇغۇلغان شالغۇت، مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەسىراتىم
ناھايىتى ياخشى. نېمىشقا؟ ئۇ مېنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيدۇ، ناھا-
يىتى ياخشى كۆرىدۇ. مېنىڭ ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىشىمغا يارděm-
لىشىدۇ، ھەر كۈنى ئېرىدىن تاياق يەيدىغان ئاياللارغا قارىغاندا
مېنىڭ كۈنۈم جەننەتنىڭ تۇرمۇشى» دېدىم، — دېدى.
— چېن دامونىڭ قىزى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قانداق-
راق؟ — دەپ سورىدى ما تيەنمۇ ياتاقنى كۆرسىتىپ.
لەيلى ئېچى تارلىق قىلغاندەك:
— بەك ياخشى، ھەتتا مېنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزمۇ
ياخشى. قىزىم دادىسىغا چوقۇنىدۇ، ئاشۇ كۈنى دادىسى ئۈرۈمچىدە-
دىن قايتىپ كەلگەندە، بىرمۇنچە مېداللارنى ئېلىپ كەپتىكەن،
قىزىم بەك خۇش بولۇپ كەتتى، قىزىم ئۇ مېداللارنى ياتىقىغا
ئەكىرىپ ئېسىشكىنى ئېتىۋالدى، مېنى كىرگۈزمىدى، ئۆزى يالغۇز

ئولتۇرۇپ ئۇ ئابدۇللاردىن ھۇزۇرلاندى. ئۆيىمىزدە تامغا ئېسىپ قويۇلغان بىر شىنجاڭ خەرىتىسى بار، چېن دامو كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتسە، قىزىم ھەمىشە خەرىتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «دادام ھازىر قەيەردە؟» دەپ سورايدۇ. دادىسى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قىزىم: «دادا، سىز قۇرۇم تاغلىرىغا شۇنچە كۆپ باردىڭىز، قاچان مېنى قۇرۇم تاغلىرىغا ئاپىرىسىز؟» دەپ سورايدۇ. قىزىم ھەمىشە ئۆيدە يالغۇز قالغاچقا ئەركىنلىكتە بەكمۇ تەشنا.

— قىزىڭىز ئېھتىمال بەك چىرايلىق، بەك ئەقىللىقتۇر - ھە؟ — ما تيەنمۇ سەۋرسىزلىك بىلەن ياتاق ئۆيگە قاراپ قويىدى.

لەيلى ئىنتايىن خۇشال ھالدا:

— توغرا دېدىڭىز، قىزىم مېنىڭ ئەڭ چوڭ پەخرىم، ئۇ چىرايلىق ھەم غەرەز ئۇقىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ سەنئەت تالانتى بار، ئۇسسۇل ئويناشقا بەك ئۇستا، خۇددى ماڭا ئوخشاش، — لەيلى ئىپتىخارلانغان ھالدا قىزىنى ماختاپ كەتتى، — مەن ھەقىقەتەن خۇشال بولۇۋاتىمەن، قىزىم ھازىر بېيجىڭ ئۇسسۇلچىلار ئۇسسۇل مەكتىپىگە بىرىنچى ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇ ناھايىتى يارامىلىق قىز بولدى، — دېدى.

ما تيەنمۇ ئىختىيارسىز ھالدا خۇشال بولۇپ كەتتى، ئۇ چىن قەلبىدىن:

— ئاچا سىزنى تەبرىكلەيمەن، سىزنىڭ بۇنداق ئىپتىخارلىنىۋاتقان ھالىتىڭىزنى كۆرۈپ، كەلگۈسىدە چوقۇم قىز تۇغۇش نىيىتىگە كەلدىم، — دېدى.

لەيلى ناھايىتى شادلىنىپ قىزىنى ماختاپ كەتتى:

— قىزىم ناھايىتى ئەقىللىق، ئادەتتە ئۇنىڭغا بىرەر نەرسە ئۆگىتىشكە ۋاقىتىمىز چىقمايدۇ، ئەمما ئۇ ھەمىشە چوڭ - چوڭ كىتابلارنى قولىغا ئېلىۋېلىپ ھېكايە كۆرىدۇ، مەسىلەن: گىرىم چۆچەكلىرى، ئاندىرسون چۆچەكلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرىدۇ. ئۇ ئىنتايىن چېچەن بالا بولدى، مەن ئۇنىڭ بەك ھېرىپ - چارچاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئادەتتە ئۇنىڭغا بەك قاتتىق تەلەپ قويۇپ تۇرۇۋالمايمەن. ئۇ ھەمىشە ماڭا: «ئاپا مەن رېن شيەنچىنىڭ ، ئالدىمغا كەل، ئۇدۇلۇمدىكى قىز، دېگەن ناخشا

بىلەن جۇ خۇاجيەننىڭ ‹يىقىندىن بۇيان پەرىشانمەن›، دىگەن ناخ-
شىنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن، دەيدۇ. ئۆتكەندە بىزنى تۇتقۇن
قىلىنىۋېلىش ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇ ھەمىشە ئۆيگە
قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆيىگە كىرىۋېلىپ بۇ ناخشىنى ئاڭلاي-
دۇ. بەزىدە دادىسى قايتىپ كەلمەي مېنىڭ ئىچىم پۇشۇپ كەتكەن-
دە، ئۇنىڭغا خاپا بولۇپ چېچىلىپ قويىمەن، بۇ چاغدا ئۇ ماڭا:
يېقىندىن بۇيان پەرىشانمەن،
ئۆتۈۋاتىدۇ كۈنلىرىمىز سەل غەلىتە
دىگەن ناخشىنى ئېيتىپ بېرىدۇ، مەن ئۇ بۇ ناخشىنىڭ مەنىسىنى
چۈشىنىپ قەستەن ماڭا ئېيتىپ بېرىۋاتامدىكىن دەپ گۇمان قىلى-
مەن. ئۇ ھەمىشە ماڭا: «ئاپا، سىز ماڭا قائىدە سۆزلەپ بېرىڭ،
ئەمما ئاچچىقلانماڭ، ۋارقىرىماڭ» دەيدۇ. بۇنداق چاغدا كۆڭلۈم
بىردىنلا يۇمشاپ ئۇنى باغرىمغا بېسىپ: «قوزام، مەن بەزىدە خاپا
بولۇپ قالسام، ئىچىم پۇشۇپ قالسا ساڭا ئاچچىقلاپ قويىمەن،
ھەرگىز كۆڭلۈڭگە ئالما، ئاپاڭ خاتا قىلدى، ھەربىر ئادەمدە
خاتالىق بولىدۇ، سەن بەزى قائىدىلەرنى ئۆگىنىۋال، ئاپاڭ چېچىل-
لىپ ئاچچىقلانغاندا سەن ئاپاڭنى توسقىن. مەسىلەن، تۈنۈگۈن
ئاخشام ئاپاڭ سېنىڭ ئەدىپىڭنى بەردى، سەن ساپادا يېتىۋېلىپ
يىغلاپ كەتتىڭ، مەن «كۆڭلۈڭگە ئازار بېرىپ قويدۇممۇ؟» دې-
دىم. ئۇ: «ھەئە» دېدى. مەن: «سەندىن ئەپۇ سورايمەن» دېدىم.
ئۇ: «ئاپا، سىز، دىلغا ئازار بەرگەنلىك، تەھدىت سالغانلىق، مەن
تەھدىتكە ئۇچرىدىم» دېدى.
لەيلى سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، بىردىنلا سۆزدىن توختى-
دى، ئۇ ئىشىكى يېپىقلىق تۇرغان ياتاق ئۆي تەرەپكە قاراپ،
ئاندىن ماڭا:
— قىزىم ھاجەتكە چىقىدىكەن، — دېدى.
— قوزام، مەن سېنىڭ كارىۋاتتىن چۈشۈۋاتقانلىقىڭنى ئاڭ-
لىدىم، ھاجەتكە چىقامسەن؟ چىراغنى ياندۇر، قورقما، — دېدى
ئۇ ياتاق ئۆي تەرەپكە قاراپ.
ياتاق ئۆي ئىشىكى «غىچ» قىلىپ ئېچىلىپ، ئورۇق، ۋىجىككى-
نە بىر قىز چىقتى. ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە ھاجەتخانىغا

كىرىپ كەتتى.

ما تيەنمۇ گۈلشەننىڭ چىچىنىڭ ئۇششاق قىلىپ ئۆرۈلگەنلىكىنى كۆردى، ئۇ ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرۈشنى خالايتتى. لەيلى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىرمىدى، ئۇ ساپادا ئولتۇرغىنىچە تازىلىق ئۆيى تەرەپكە قاراپ:

— قوزام، مەن سېنىڭ چىراغنى ياندۇرالايدىغانلىقىڭنى بىلىمەن، سەن يارايسەن جۇمۇ! هە، سۇنى قويغانلىقىڭنى ئاڭلىدىم، ئورنۇڭدىن تۇرۇۋاتامسەن؟ قىزىم ھەقىقەتەن يارايدۇ جۇمۇ، ئۇ قاراڭغۇدىن قورقمايدۇ، هە، مانا قىزىم ھاجەتخانىدىن ئۆزى چىقتى، — دېدى.

گۈلشەن ھاجەتخانىدىن چىققاندا لەيلىنىڭ چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ كەتتى، ئۇ قىزىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قىزىنىڭ يۈزىگە بىرنەچچىنى سۆيۈپ قويدى، ئاندىن كېيىن:

— قىزىم بەك گەپ ئاڭلايدۇ، ئۇ ئەمدى ياتىقىغا كىرىپ ئۇخلايدۇ، — دېدى.

گۈلشەن ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

ما تيەنمۇ لەيلىنىڭ «مېنىڭ خۇيۇم ئەسكى» دېگەنلىكىنى بىرقانچە قېتىم ئاڭلىغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا:

— سىزنىڭ راستىنىلا خۇيىڭىز ئەسكىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— توي قىلىشتىن ئىلگىرى ناھايىتى ياخشىدى. كېيىن بالىنى ئۆزۈم يالغۇز باقتىم، ئۇ ھەمىشە ئۆيدە تۇرمايتتى، شۇڭا دائىم زېرىككەنلىك ھېس قىلاتتىم، خۇددى تۇل خوتۇنغا ئوخشاپ قالغانىدىم. ئۇ ئۆيدە بار ۋاقتىدا ماڭا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە غەمخورلۇق قىلاتتى، لېكىن مۇنداق قىلىشى مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلالمايتتى. مەن بىر ئايال، بىر ئەرگە موھتاج بولىمەن - دە! مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار مېنى ھەمىشە ناھايىتى مودا يۈرۈيدۇ، بىر موڭغۇلغا تېگىۋالدى، ھەمىشە چېچىنى بۈدۈر قىلىپ يۈرۈيدۇ، ھەر كۈنى تانسىخانىغا بېرىپ تانسا ئوينايدۇ، گۈزەللىك گىمناستىكىسى ئوينايدۇ، دەپ ئارقامدىن گەپ قىلىشىدۇ. مەن ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ مەنىلىكرەك ئۆتۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن، چېن

دامو مېنىڭ تۇرمۇشتىكى تەلەپلىرىمنى تولۇق قاندۇرالمايۋاتىدۇ. شۇڭا مەن بەزىدە ئۆزۈمنى بىلمەي چېچىلىپ قالىمەن، ئۆزۈمنىڭ مىجەزىمنىڭ ئوساللىشىپ كەتكەنلىكىنى تۇيغىنىمدا، ئاللىبۇرۇن چېچىلىپ ئۆزۈمنى كونترول قىلالماي قالاتتىم، — دېدى لەيلى.

ما تيەنمۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقىنىدا ئاياللار پسىخولوگىيەسى دەرسىنى قوشۇمچە ئۆگەنگەنىدى. ئۇ: لەيلى ئېھتىمال ‹ مەنىۋى ئاچارچىلىق ئازابى، غا گىرىپتار بولغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدى: ئېنىق تۇرمامدۇ؟ چېن دامو بىر ئاي ئىچىدە 20 كۈن ئۆيدە بولمايدىكەن، لەيلى ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرۇۋاتقان ئايال تۇرسا، ئۇنىڭ مەنىۋى، فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياجى قاندۇرۇلمىسا، ئۇ ئەلۋەتتە غېرىبسىنىدۇ، ئىچى پۇشىدۇ، شۇڭا ئەلۋەتتە ئاچچىقىنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىدىن ئالىدۇ - دە، دەپ ئويلىدى.

لەيلى ناھايىتى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن مۇنداق دېدى:

— مەن ياش ئەر - خوتۇنلارنىڭ قول تۇتۇشۇپ ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمدە بەك چىدىيالماي قالىمەن. بىر قېتىم بىنانىڭ يېنىدىكى مۇزدۇزغا ئايىغىمنىڭ پاشىنىسىنى مىخلىتىشقا چىققانىدىم، بىر جۈپ ئەر - خوتۇنمۇ ئايالىنىڭ ئايىغىنى ئوڭشىتىشقا كەلگەنىكەن، ئايالى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغاندىن كېيىن ئايىغىنى سېلىپ تاشلاپ بېرىپلا گېزىت كۆرۈشكە باشلىدى، ئېرى ئايالىنىڭ ئايىغىنى ئېلىپ قەيىرىنى ئوڭشىتىش كېرەكلىكىنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بەردى. ئۇلارغا قاراپ ئولتۇرۇپ يىغلىغۇم كېلىپ كەتتى، ئۇلار ئايىغىنى ئوڭشىتىپ بولغاندىن كېيىن ئېرى ئۆزى ئايالىنىڭ ئايىغىنى كىيدۈرۈپ قويدى. ئۇلار كېتىپ خېلى يىراقتا بارغاندا ئېرى يەنە ئېڭىشىپ ئايالىنىڭ ئايىغىنىڭ ياخشى ئوڭشالغان ـ ئوڭشالمىغانلىقىغا قاراپ باقتى. شۇ چاغدا، مېنىڭ چېن دامونى: «ھەي چېن دامو، ھەي چېن دامو، سەن قاچانمۇ ئاشۇ ئەرگە ئوخشاش ماڭا قىزغىنلىق قىلارسەن، ماڭا كۆيۈنەرسەن؟» دەپ تىللىغۇم كەپكەتتى. چېن دامو ئادەتتە كەم سۆز، جىمغۇر بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيتتى. ئۇنىڭ خىزمىتى ئۇنىڭ

بارلىق زېھنىي قۇۋۋىتىنى ئىگىلەپ كەتكەن، شۇڭا ئايالىغا قىزغىنلىق كۆرسىتىشنى، ئايالىغا غەمخورلۇق قىلىشنى، ئايالىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنىمۇ بىلمەيتتى. بەزى - بەزىدە بىز ماگىزىنلارنى ئايلىنىشقا باراتتۇق، مېنىڭ كەيپىياتىم ناھايىتى ياخشى بولغان چاغلاردا مەن قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ ياكى بولمىسا ئۇنىڭ بىلىكىدىن قولتۇقلاپ ماڭاتتىم. ئەمما ئۇ خۇددى قورۇنۇپ ماڭالمايۋاتقاندەك بىردەمدىن كېيىنلا قولىنى تارتىۋالاتتى. بۇ چاغدا مەن بەكمۇ روھسىزلىنىپ كېتەتتىم. قارىماسىز چەت ئەللىكلەرگە، ئۇلار ئۆز ھېسسىياتىنى ئاشكارا ئىپادىلەيدىكەن، قۇچاقلىغۇسى كەلسە قۇچاقلايدىكەن، سۆيگۈسى كەلسە سۆيىدىكەن. مېنىڭچە بىزنىڭ غەربىي شىماللىق ئەرلەر بەكمۇ ساختىكەن.

بۇلارنى ئاڭلاپ ما تيەنمۇنىڭ كۈلگۈسى كېلىپ كەتتى، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدا ما تيەنمۇنىڭ ساراڭلىقى تۇتۇپ باشقىلارنىڭ ئالدىدىلا ۋاڭ لۇنى سۆيۈپ كەتكەنىدى. ئىككىسى بىرگە سەيلە قىلغاندا، ما تيەنمۇ ۋاڭ لۇنى قولتۇقلاپ ماڭغاندىمۇ ۋاڭ لۇ بۇنىڭغا قارشى تۇرمايتتى، سېلىشتۇرمىسا بىلگىلى بولمايدۇ، ما تيەنمۇ ناھايىتى قانائەت ھاسىل قىلدى.

— زېرىكىپ ئىچىم پۇشۇپ كەتكەن چاغلاردا چوڭ ئەينەك ئالدىدا ئۇسسۇل ئويناپ كېتىمەن، تەرلەپ - پىشىپ ئۆيگە قايتىپ كەلگەن ۋاقتىمدا كۆڭلۈم سەل ئازادە بولۇپ قالىدۇ. چېن دامو ئەزەلدىن ماڭا ئاچچىقلىنىپ باقمىغان، مەن ئۇنىڭ ماڭا ئاچچىقلىنىشىنى بەكمۇ ئۈمىد قىلاتتىم، ئەگەر ئۇ شۇنداق قىلسا مەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ بىلەن تازا ئېيتىشاتتىم. بەزىدە ئىلگىرىكى ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىرگە ھاراق ئىچكىلى باراتتىم، بىر قېتىم ساۋاقداشلىرىم بىلەن يىغىلىپ ئولتۇرغاندا مەن ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قالدىم، شۇڭا چېن داموغا تېلېفون بېرىپ مېنى ئېلىپ كېتىشنى ئېيتتىم، ئۇ دەرھال كېلىپ مېنى ئۆيگە ئېلىپ كەتتى، مەستلىكىم يېشىلگەندىن كېيىن ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: بۇنىڭدىن كېيىن ھاراق ئىچكەندە سەل قىزىپ قالغاندىلا بولدى قىلىڭ، — دېدى. ئۇ ئەزەلدىن مېنىڭ ھەرقانداق ئىشلىرىمغا ئارىلاشمايتتى، ئۇ ماڭا ئىنتايىن ئىشىنەتتى، باشقا ئەرلەرگە

ئوخشاش ئۆزىنىڭ ئايالىدىن ھەمىشە گۇمانلىنىپ، كۆنلەپ يۈرمەيتتى.

— بەزىدە مەن بالىنى ئۇرسام ئۇ بىر ياقتا تىتىلداپ كېتەتتى، ئەمما مېنى توسمايتتى، كىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ماڭا: ئۇنداق قىلماڭ، دەپ نەسىھەت قىلاتتى. ئۇ مېنى بەك ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇ ناھايىتى تەجرىبىلىك، ناھايىتى پىشقان ئىدى، ئەزەلدىن ماڭا ئاچچىقلانمايتتى. مەن ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس يادىنىڭ خىزمەتتە، دېلو پاش قىلىشتا ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، ئۇنىڭ مەن بىلەن ئۇنى - بۇنى دەپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتى يوق ئىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ خۇي - پەيلىمنىڭ ئەسكى ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، مەنمۇ بۇنداق قىلىشنى خالىمايمەن، مەن: بۇنى ئاستا - ئاستالا ئۆزگەرتەلەيمەن، دەپ ئويلايمەن. مەن ئۇنىڭ ئىچىنى ھەرقانچە پۇشۇرساممۇ، ئۇ ھامان مېنى ئەپۇ قىلاتتى. شۇڭا مەن ھەرگىز ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىشنى خالىمايمەن، مەن ئۇنداق ياخشى ئەرنى نەدىن تاپالايمەن، — دېدى.

لەيلى چېن دامونىڭ بىرمۇنچە يامان تەرىپىنى سۆزلىگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئەڭ ئاخىرى چېن دامو دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى ئەر، دېدى.

لەيلى ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولغان ھالدا:

— كىشىلەر ھەممىسى ئۇنى ياخشى دەيدۇ. مەن ئۇلارغا: سىلەر خاتالاشمايۋاتقانسىلەر - ھە؟ ئەگەر مەن ياخشى بولمىسام ئۇ ماڭا مۇشۇنداق ياخشى مۇئامىلە قىلامتى، دەيمەن. ئۇنىڭ ئېغىر ئاشقازان كېسىلى بار، يەنە رېماتىزملىق بوغۇم ياللۇغى بار، قولىنىڭ بارماقلىرى دائىم ئىششىپ قالىدۇ. مەن ھەمىشە ئۇنىڭغا: سىز ھازىر ماڭا ئوبدان مۇئامىلە قىلىڭ، قاراڭە، ھازىر سىزنى كېسەل چىرمىۋالدى، كېيىنچە سىز قېرىپ كەتسىڭىز، مەن سىزنى ئوبدان كۈتىمەن، ئۇنداق بولمىسا قېرىغىنىڭىزدا مېنىڭ سىزگە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىمنى ئويلاپ قويۇڭ دەپ تەھدىت سېپقويىمەن. ئۇ كۈلۈپلا قويىدۇ، ھېچنېمە دېمەيدۇ، — دېدى.

ماتىيەنمۇ لەيلىگە قوشۇلۇپ كۈلۈپ كەتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا:

— سىزنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىڭىز قانداق؟ — دەپ سورىدى.

لەيلىنىڭ چىرايى بىردىنلا تۇتۇلدى:

— ئىلگىرى سالامەتلىكىم ناھايىتى ياخشى ئىدى، لېكىن بۇ بىر يىلدىن بۇيان ئىككىلا كۆزۈمنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى بىردىنلا تۆۋەنلەپ كەتتى، ھازىر بۇ بىر كۆزۈم 0.1 ، يەنە بىر كۆزۈم 0.2 ، مەن ئادەتتە بىر نەرسىگە قارىغاندا ئىنتايىن كۈچەپ كېتىمەن. مەن مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى، ھازىر كۆزەينەك تاقايمەن، كۆزەينەككە زادىلا ماسلىشالمىدىم، كۆزەينەك تاقىۋالسام بەك بىئارام بولۇپ كېتىمەن.

— دوختۇر نېمە دەيدۇ؟ — دەپ سورىدى ما تيەنمۇ جىددىي تۇردە.

— دوختۇر ئەھۋال ئېغىر دەيدۇ. كۆزۈمنىڭ كۆرۈش پەردىسى يىگلەپ كېتىپتۇ. بۇنى تېببىي ئىلىمدە رەڭ ماددىسىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى دەيدىكەن، تەلىيىم ياخشى بولسا بىرقانچە يىل چىداشلىق بېرەلەيدىكەنمەن، ئەگەر تەلىيىم بولمىسا قارىغۇ بولۇپ قېلىشىم ئېھتىمالغا يېقىن ئىكەن، — دېدى لەيلى ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا خورسىنىپ.

— داۋالاپ ساقايتقىلى بولمامدىكەن؟

— ئۈمىد چوڭ ئەمەسكەن. بۇ كېسەللەردىن بەزىلىرىنى ساقايتقىلى بولىدىكەن. ئاڭلىسام بېيجىڭ، چاڭچۈندىكى كۆپ دوختۇرخانىلاردا ئوپېراتسىيە قىلسا ساقايتقىلى بولىدىكەن، لېكىن ئوپېراتسىيە ھەققى ئىنتايىن يۇقىرىكەن، چېن دامو ئىككىمىزنىڭ ئىقتىسادى بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمىگۈدەك، — لەيلى بۇ مەسىلە ئۈستىدە ناھايىتى چوڭقۇر ئويلانغاندەك تۇراتتى.

— مۇنداق ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمەڭ، كېسەلنى داۋالاپ ساقايتىش مۇھىم، مەن ياردەم بېرىمەن، تەشكىلمۇ قاراپ تۇرماس، — ما تيەنمۇ سەممىيلىك بىلەن لەيلىنىڭ قولىنى سىقتى.

— مەن كۆزۈمنى ئوپېراتسىيە قىلىش ئويىدىن ۋاز كەچتىم. ھازىر كۆزۈمنىڭ مۇشۇنچىلىك كۆرەلەيدىغان ۋاقتىدا چېن دامو

ۋە قىزىمنى كۆپرەك كۆرۈۋالاي! كىم بىلىدۇ؟ كوپېراتسىيە قىلد-
ۇرغاندىن كېيىن پۈتۈنلەي قارىغۇ بولۇپ قالامدىمەن! مەن چېن
دامونىڭ شۇ سەۋەبتىن كۆپ قەرزگە بوغۇلۇپ قېلىشىنى خالىماي-
مەن، بۇ ئىشنى باشقىلارغا دېمەسلىكىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن،
ئۆزۈمنىڭ ئىشنى ئۆزۈم ھەل قىلالايمەن، — دېدى لەيلى بېشى-
نى چايقاپ.

— چېن دامو بۇ ئىشقا نېمە دەيدۇ، — دەپ سورىدى ما
تيەنمۇ.

— ئۇ ئىنتايىن ئازابلىنىدۇ. ئۇ: لەيلى، بولمىسا مەن
خىزمىتىمنى تاشلاپ، دوستلىرىمدىن پۇل قەرز ئېلىپ تىجارەت
قىلاي، پۇل تېپىپ سىزنىڭ كۆزىڭىزنى داۋالىتاي دەيدۇ. راستى-
نى ئېيتسام، مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ پۈتۈنلەي قانائەت ھاسىل
قىلىمەن. مەن ئۇنىڭغا: دامو مەن دوختۇرخانىغا كىرىشتىن،
ئوپېراتسىيە قىلىنىشتىن قورقىمەن، مەن ئۆمۈر بويى سىزنىڭ
ئالدىڭىزدا ئۆزۈمنىڭ مۇشۇنداق مۇكەممەللىكىم بىلەن مەۋجۇت
بولۇپ تۇرۇشنى خالايمەن دېدىم. چېن دامونىڭ كۆزلىرىدىن تارام-
لاپ ياش تۆكۈلدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ماڭا ئىنتايىن كۆيۈنىدۇ، مېنى
سۆيىدۇ.

ما تيەنمۇ بۇ ئىناق ئەر - خوتۇنلارغا ياردەم بېرىش نىيىتىگە
كەلدى. ئۇ لەيلىنىڭ ئىنتايىن جەلپكار ئايال ئىكەنلىكىنى سەز-
دى. لەيلىنىڭ ھەربىر ئەزاسى سۆزلىيەلەيدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ-
نىڭ ئاغزى مەخسۇس كۈلۈش ئۈچۈنلا يارالغاندەك كۆرۈنەتتى، ئۇ
ئاغزىنى ئاچسىلا دەرھال كۈلكىسى ئەتراپقا تارايتتى. ئەمما، كىم
ئۇنىڭ قارىغۇ بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى بار ئايال ئىكەنلىكىنى
خىيالىغا كەلتۈرسۇن؟ ئۇنىڭ كۆزلىرى مەخسۇس يىغلاش ئۈچۈن
يارالغاندەك قىلاتتى. ئۇ ھاياجانلانسىلا كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلەت-
تى. ئۇ سەللا ئېھتىيات قىلمىسا ئاۋازى ناھايىتى جاراڭلاپ چىقات-
تى. بۇ چاغدا، ئۇ ناھايىتى تېز كۆڭۈللۈك بىلەن سۆزلەپ كېتەت-
تى. سۆز - ھەرىكىتىدىن ئۇنىڭ بىر ئايال ئەزىمەت ئىكەنلىكىنى
بىلگىلى بولاتتى، بۇ ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئۇچۇقلۇ-
قىدىن بولسا كېرەك. ئەمما، ئۇ چېن دامودىن كەلگەن تېلېفوننى

ئالغاندا ئاۋازى سەل تىترەپ چىقاتتى، ئۇنىڭ سۆزلىگەندىكى مۇلا-يىملىقىدىن كىشىنىڭ يۈرەك - تارى تىترەيتتى. ئۇ: «يەنىلا ئالدىراشمۇسىز؟ سىرتتا ئىشلەۋاتامسىلەر؟ تاماق يېدىڭىزمۇ؟ قىد-زىمىزما؟ ئۇ ئۇخلاپ قالدى، ئۇ كىيىملىرىنى ئۆزى سېلىپ ياتتى. مۇخبىرغا نېمىلەرنى دېدىڭىز دەمسىز؟ ئىشقىلىپ سىزنىڭ ياخشى گېپىڭىزنى قىلمىدىم، سىز نېمە دېگۈڭىز كەلسە دەۋېرىڭ دېگەنغۇ. بولدىلا، ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ، ئەمىسە تېلېفوننى قو-يۇۋەتتىم، ئۆزىڭىزگە كۆپرەك ئېھتىيات قىلىڭ؟ دېدى.

چېن دامو نەگىلا بارمىسۇن شارائىت بولسىلا ھەمىشە ئۆيىگە تېلېفون ئۇراتتى. لەيلى: چېن دامو تېلېفون ئۇرۇشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ، دېدى.

چېن دامودىن تېلېفون كەلگەندە لەيلى خۇددى كىچىك ئارس-لاندەك ساپاغا ئېسىلىپ تۇرۇپ تېلېفون ئالدى، ئۇنىڭ بۇ تۇرقى كۆزىدە ئېغىر كېسىلى بار ئادەمگە ئوخشىمايتتى، ئۇنىڭ ئوچۇق - يورۇقلۇقى تۇغما بولۇپ، ئۇنىڭغا كىشىنىڭ ھەۋىسى كېلەتتى.

ئەمما، ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئەھۋالدا جىددىي ئۆزگە-رىش بولدى.

لەيلى ما تيەنمۇنىڭ قول تېلېفونىغا تېلېفون بەردى، لېكىن، ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ھە دەپ يىغلايتتى. ما تيەنمۇ تىت - تىت بولۇپ ئولتۇرالمايلا قالدى - دە، ئۇدۇل لەيلىنىڭ ئۆيىگە قاراپ چاپتى.

لەيلى گۈلشەننى قۇچىقىدا تۇتۇپ ئولتۇراتتى، گۈلشەن ئاپى-سىنىڭ ياشلىرىنى سۈرتۈۋاتاتتى.

ما تيەنمۇ:

— لەيلى، نېمە بولدىڭىز؟ گەپ قىلىڭە؟ — دېدى.

لەيلى قىزىنى چىڭ قۇچاقلاپ تېخىمۇ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى، بىردەمدىن كېيىن لەيلى قىزىنى يەرگە قويۇپ:

— قوزام، ئاپاڭغا ئېيت، سېنىڭ ئادەتتىمۇ بېشىڭ ئاغ-رىمتى، — دەپ سورىدى.

گۈلشەن سەممىيلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

— نېمىشقا ماڭا ئېيتمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى لەيلى ئىچ ئاغرىتقان ھالدا.

— سىز: دادىڭ ئۆيدە يوق، بىز قەيسەر بولۇشىمىز كېرەك دېگەن، شۇڭا مەن دېمىدىم، — دېدى قىز ئاپىسىغا.

— مەن ئادەتتە سېنى بەك چىلىق تۇتىمەن، شۇڭا ماڭا ئېيىتمىشقا جۈرئەت قىلالمىدىڭمۇ؟ — لەيلى قىزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلمەكچى بولدى.

— ئاپا، سىز كېسەل كۆرستىشكە كۆپ پۇل كېتىدۇ، دېگەن، بىزنىڭ ئۆيىمىزدە پۇل يوق، شۇڭا مەن ئېيتمىغان، — دېدى گۈلشەن.

— ئەمما، قوزام، مەن قېنىمنى سېتىپ بولسىمۇ كېسىلىڭنى داۋالىتىمەن، سەن بۇ ئىشنى ماڭا دېمەي مېنى بەك ئازابتا قويدۇڭ، قوزام، بىلەمسەن، ئەگەر سەن بولمىساڭ مېنىڭمۇ ياشىغىنىمنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ، — لەيلى ھاياجانلانغان ھالدا يەنە يىغلاپ كەتتى.

گۈلشەن ئاپىسىنىڭ ياشلىرىنى سۈرتكەچ.

— ئاپا، دادامنىڭ ئاشقازىنى ئاغرىپ كەتكەندە سىز ئۆزىڭىز قورسىقىنى ئۇۋۇلاپ بەرگەنتىڭىز، ھازىر سىزنىڭ يۈرىكىڭىز ئاغرىپ كېتىپتۇ، مەن سىزنىڭ يۈرىكىڭىزنى ئۇۋۇلاپ قوياي! — دېدى.

گۈلشەننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەتتا ما تيەنمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى.

ئەسلىدە لەيلىنىڭ قىزىنىڭ سالامەتلىك تەكشۈرۈش دوكلاتى چىققان، گۈلشەن مېڭە ئۆسمىسى بولۇپ قالغانىكەن.

ما تيەنمۇ چوڭقۇر ئېچىندى. ئۇ لەيلىگە تەسەللى بېرىپ:

— ئاچا، خاتىرجەم بولۇڭ، بىز مۇخبىرلار ساقچىنىڭ بالىسىنىڭ ھەتتا دوختۇرخانىدا يېتىپ ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇشقىمۇ پۇلى يوق بولۇشتەك ئەھۋالغا ھەرگىز قاراپ تۇرالمايمىز، سىز بەرداشلىق بېرىڭ، مەن ھازىرلا بېرىپ بۇنىڭ ئامالىنى ئىزدەيمەن، — دېدى.

ما تيەنمۇ ياتىقىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دەرھال كۆز

ياشلىرى بىلەن سۇغىرىلغان بىر دوكلاتنى يېزىپ، چېن دامو ئائىلىسىنىڭ تەشكىل ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەدىكىلەرنىڭ جىددىي ياردىمىگە موھتاج ئىكەنلىكىنى مەخسۇس تىمىدا خەۋەر قىلدى.

## 5

نەن نازىر ج خ نازارىتى پارتكومىنىڭ جىددىي مەخپىي يىغىنىنى چاقىردى، يىغىننىڭ مەزمۇنى: «قۇرۇم تىغىدىكى ‹ قارا بۇركۇت›، نىڭ زوراۋانلىق، تېرروزرلۇق ھەرىكەتلىرىگە قارشى جەڭنى ئورۇنلاشتۇرۇش» ئىدى. جۇڭ چىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر شەخس سۈپىتىدە بۇ يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

نەن نازىرنىڭ ئالدىغا چوڭ بىر ئىستاكان قويۇلغانىدى، ئېنىقكى ئۇ كۆپ چاي ئىچەتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىنتايىن جىددىي تۇستە:

— يولداشلار، ئالدى بىلەن كۆپچىلىككە بىرقانچە ئىشنى دوكلات قىلىمەن. بىرىنچى، ج خ نازارىتىمىز مەخپىي ئەۋەتكەن رازۋېدكىچىلار قايتىپ كەلدى، ئۇلار ئەڭ يېڭى تېپتىكى ئۇچقۇچىسىز رازۋېدكا ئايروپىلانى تارتقان رەسىملەرنى ئېلىپ كەپتۇ. ھازىر ‹ قارا بۇركۇت›، تېرروزرلۇق بازىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى پۈتۈنلەي ئايدىڭلاشتى، گەرچە ئۇلار بازىسىنى قايتىدىن نىقابلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئادەم سانى ئېنىقلاندى، ئۇلار 40 تىن ئاشمايدىكەن. ئىككىنچى، تېرروزرچىلارنىڭ قورال - ياراغ زاۋۇتىغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان ئالدىنقى سەپ مەخپىي بازىمىزنىڭ قۇرۇلۇشى ھازىر پۈتتى، مەن سىنئالغۇ لېنتىسىنى كۆرگەندىن كېيىن ناھايىتى ھاياجانلاندىم، بۇ بازىدا ھەتتا ئايروپىلانغا ماي قاچىلاش شەرتىمۇ ھازىرلانغانىكەن. ئۈچىنچى، بۇ قېتىم بىز يېڭى بىر ئەۋلاد يەككە ئەسكەرلەر قورال سىستېمىسىنى ئىشلىتىمىز، بۇ قوراللار تېخى ج خ سىستېمىسىدا كەڭ كۆلەمدە سەپلەنمىگەن. تىك ئۇچار ئايروپىلانلاردىن ھازىر يېڭىدىن ئىمپورت قىلىنغان MG171 تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىدۇ، بۇ

ئايروپىلاننىڭ قۇۋۋىتى بىزنىڭ بۇ قېتىمقى كۆرەشنىڭ ئېھتىياجىغا پۈتۈنلەي كاپالەتلىك قىلالايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوراللىق ساقچىلار، چېگرا ساقچىلىرىنىڭ تەييارلىقى پۈتۈنلەي پۈتتى. مەن بۇ قېتىم ئاساسلىق ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان جەنۇبىي شىنجاڭ ج خ ئىدارىسىدىن بۇ قېتىمقى كۆرەشنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىمەن. چوڭ جەڭ باشلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ، قېنى، جۇڭ چېڭ سىزنىڭ بۇ قېتىمقى جەڭدە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىشەنچىڭىز بارمۇ؟ — دېدى.

نەن نازىر قۇرۇم تېغىدىكى جەڭ ئىشىنى تۇنجى قېتىم كۆپچىلىككە ئاشكارىلىدى. بۇ مەسىلىدە ئۇنىڭ گېپى جۇڭ چېڭ بىلەن كۆپرەك بىر يەردىن چىقتى، جۇڭ چېڭ ھەربىر مەسىلە ئالدىدا ئاجايىپ تەمكىن بولاتتى. ئۇ سالماقلىق بىلەن:

— بۇ يا بىر - ئىككى قېتىملىق ئىش بولمىسا، ئەلۋەتتە مەسىلە يوق، مەن جەنۇبىي شىنجاڭ ج خ ئىدارىسىنىڭ ۋەزىپىنى ھازىرلاپ تاپشۇرۇۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى.

نەن نازىر ۋەزىپە تاپشۇرۇپ:

— ھەرىكەت باشلانغاندىن كېيىن سىلەر جەنۇبىي شىنجاڭ ج خ ئىدارىسىدىكىلەرنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى قورال - ياراغ بازىسىدىكى ئوق - دورا ئىسكىلاتىنى تېپىش ھەمدە ئۇنى جايىدىلا پاچاقلاپ تاشلاش، — دېدى.

# يىگىرمە توققۇزىنچى باب

## 1

نەن جېنجۇڭ بىلەن ج خ نازارىتى پارتكومىنىڭ ئەزالىرى كىچىككە ئىشخانىدىن ئايرىلمىدى، تاڭ يورۇشى بىلەنلا كاتىپ:
— ئايروپىلان تەييار بولدى، قاچان ئۇچىدۇ؟ — دەپ خەۋەر قىلدى.
— مېنى دەرھال ھەربىي ئايرودرومغا ئاپىرىڭلار، ھازىرلا ماڭىمىز! — دېدى شەخسەن ئۆزى جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ، بۇ قېتىمقى ئالاھىدە جەڭگە قوماندانلىق قىلماقچى بولدى.
نەن جېنجۇڭ بىلەن جۇڭ چېڭ مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۇچتى. تەڭرىتاغلىرىدىن ئۆتۈۋاتقاندا يۇقىرى قان بېسىمىنىڭ سەۋەبىدىن جۇڭ چېڭنىڭ يۈزلىرى تاتىرىپ، قوللىرى كۆكىرىپ كەتتى. نەن جېنجۇڭ ئىچ ئاغرىتقان ھالدا:
— ئايروپىلاندىمۇ ئېگىز تاغ رېئاكسىيىسى يۈز بېرىدۇ-ۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى.
— يېقىندىن بۇيان قورۇق ئىسسىقىم ئېشىپ كېتىپ بارىدۇ، — دېدى جۇڭ چېڭ.
— جۇڭ چېڭ، بىزنىڭ قوماندانلىق شتابىمىز تاغدا قورۇلىدۇ، ئۇ چاغدا سىز تاغدا ناھەق ئۆلۈپ كەتسىڭىز ھەرگىز بولمايدۇ، ئۆلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ دۈشمەنلەر بىلەن راسا بىر ئېلىشىپ ئۆلۈش كېرەك، — دېدى نەن جېنجۇڭ.
— نازىر، مېنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىمدىن ھەرگىز گۇماندا لانماڭ، ۋاقتى كەلگەندە سىز مېنىڭ قانداق باتۇرلارچە ئالغا ئىلگىرىلەيدىغانلىقىمنى كۆرىسىز، — دېدى جۇڭ چېڭ.
جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەربىي ئايرودرومغا يېتىپ بارغاندا، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى مۇھەممەت تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش

بىرىنچى ئەترەت ئەزالىرىنى ئېلىپ، ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئايرودرومغا كەلگەنىدى. نەن نازىر ئايروپىلاندىن چۈشكەندىن كې- يىن جىددىي تۈستە ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان كىشىلەر بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، چۈنكى بۇ رازۋېدكىچىلار جەڭ مەيدانىغا ئاتلىنىش ئالدىدا تۇراتتى، قانداق بولۇشى نامەلۇم بولغان قان تۆكۈلۈشلەر، قۇربان بېرىشلەر ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرات- تى. ئەلۋەتتە قەھرىمانلىق كۆرسىتىدىغان پەيتلەرمۇ ئۇلارنى كۈ- تۈپ تۇراتتى. نەن نازىر چېن دامونىڭ قولىنى ئالايتەن تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ئاپالىقىمىز ناھايىتى قەيسەر ئاپال ئىكەن، — دېدى.

— ئەگەر ئۇمۇ بىر رازۋېدكىچى بولغان بولسا، مەندىن ھەرگىز قېلىشمىغان بولاتتى، — دېدى چېن دامو ئىپتىخارلىق بىلەن.

نەن نازىر مىننەتدارلىق بىلەن:

— سىزنىڭ ئائىلىمىز جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ تۆھپە قوشتى، مەن ج خ نازارىتى پارتكومىغا ۋاكالىتەن سىلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن، — دېدى ۋە چېن داموغا ھەربىيچە سالام بەردى.

چېن دامونىڭ كۆزلىرى نەملەشتى، ئۇمۇ نەن نازىرغا سالام قايتۇردى، ئاندىن:

— رەھمەت! — دېدى.

نەن نازىر بۇرۇلۇپ ۋاڭ لۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى ھەمدە ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇپ:

— يىگىت، ياخشى ئىشلە! — دېدى.

ۋاڭ لۇ نەن نازىرغا سالام قايتۇردى ھەمدە قەتئىي ھالدا:

— چۈشەندىم! — دېدى. ئۇ جەڭ تەييارلىقىنى قىلىپ بولغان، پەقەت مۇشۇنداق پەيتتە ئۆزىنىڭ نەن نازىرنى كۆرەلىشىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇ نەن نازىرنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشىگە مۇيەسسەر بولدى، بۇ ۋاڭ لۇ ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ تەسەللى ئىدى.

نەن نازىر قىلچە يۈز ـ خاتىر قىلماستىن جوڭ چېڭغا قولىنى تەڭلەپ تۇرۇپ:

— جوڭ چېڭ، بۇ قېتىمقى جەڭ ئىنتايىن مۇھىم، ھازىر ئايروپىلانمۇ كەلدى، قوراللىق ساقچىلار، چېگرا مۇداپىئە قىسىم-لىرىمۇ تەييارلىقنى پۈتكۈزدى. ئەگەر سىلەر جەنۇبىي شىنجاڭ ج خ ئىدارىسى ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمىساڭلار، مەن سىزنى ھەرگىز كەچۇرمەيمەن! — دېدى.

— بىلىمەن، مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم ھەممىدىن ئېغىر، بىز ئايروپىلانغا چىقىشتىن ئىلگىرى مەن مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى مۇ-ھەممەتكە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئەترىتىمىزنىڭ بارلىق ئەزالىرى-نىڭ ئىدارىدە بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇشىنى، مېنىڭ پىدائىيلار ئەترى-تى تەشكىللەيدىغانلىقىمنى ئۇقتۇرغانىدىم، — دېدى جوڭ چېڭ دەرھال.

## 2

ۋاقىتلىق قوماندانلىق شتابى قۇرۇم تېغى باغرىدىكى ئالدىنقى سەپ بازىسىغا قۇرۇلغانىدى. ئالدىنقى سەپ بازىسى ئەمەلىيەتتە بىر ئاكوپ بولۇپ، ئۇچۇقىنى ئېيتقاندا ئۇ بىر تەشمە ئىدى. ئۇ تاغ قاپتىلىنى تېشىپ ياسالغان، رازۋېدكا ئايروپىلانلىرى ئاسانلىقچە ئۇنى بايقىيالمايتتى.

«قارا بۇركۈت» نىڭ مەخپىي بازىسى ۋاقىتلىق قوماندانلىق شتابىدىن 200 كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىدى، نەن نازىر بىلەن جوڭ چېڭ كۆپ خىل ھەرىكەت لايىھىسىنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىل-دى.

— ھەرىكەت گۇرۇپپىسىنى ئايروپىلان بىلەن تاشلاش ئۇسۇ-لىنى قوللىنامدۇق قانداق؟ — دەپ تەكلىپ بەردى نەن نازىر.

جوڭ چېڭ بىرھازاغىچە ئويلانغاندىن كېيىن:

— مېنىڭچە تېررورچىلارنىڭ ھاۋا مۇداپىئە تەدبىرلىرى قات-تىق بولغان جايلاردا تىك ئۇچار ئايروپىلان ئىشلىتىش مۇۋاپىق ئەمەس، — دېدى.

— يىراق، ئۇلارنى پىيادە مېڭىشقا بۇيرۇساق، چوقۇم دۈش-مەننىڭ يوشۇرۇن زەربىسىگە ئۇچراپ كېتىمىزدۇ، ئەگەر ئۇلارنى

سودىگەر قىياپىتىدە ياسىنىپ ماڭسۇن دېسەك، كۆپ قوراللارنى ئېلىۋېلىشقا ئىمكان بولماي قالىدۇ، — دېدى نەن جېڭجۇڭ ھاياجانلانغان ھالدا.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىككىيلەن خەرىتىنى كۆرۈپ قايتا - قايتا مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، ئاخىرىدا: ھەرىكەت گۇرۇپپىسى ئەزالىرىنى ئايروپىلان بىلەن دۈشمەننىڭ كونترول سىزىقى ئەترا-پىدىكى مەلۇم جايغىچە ئاپىرىپ، ئاندىن پىيادە مېڭىپ دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىش قارار قىلىندى.

تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش چوڭ ئەترىتىنىڭ بارلىق رازۋېد-كىچىلىرى تولۇق قوراللىنىپ تەييارلانغانىدى. چوڭ جەڭ يېتىپ كېلىش ئالدىدا ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ روھىي ھالىتى ناھايىتى مۇرەككەپ ئىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ چىرايىدىن بۇلارنى زادىلا كۆر-گىلى بولمايتتى. ئالىي قوماندان يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ئۇلار ھەتتا بىخىرامان ھالدا قارت ئويناشقا كىرىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلار-نىڭ بۇ ھالىتىدىن ئۇلارنىڭ ھايات - ماماتلىق جەڭگە كىرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. بۇنىڭ ئالدىدا ئۇلار ئايروپىلاندا تارتىلغان مۇناسىۋەتلىك سۈرەتلەر بىلەن تونۇشۇپ چىقتى، بۇ سۈرەتلەر ئارقىلىق تېررورچىلار بازىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، يەنە ئۇلارنىڭ سۇنئىي ھەمراھ پونكىتىنىڭ رەسىمىنى-مۇ كۆردى. ئەمما، قورال - ياراغ ئىسكىلاتىنىڭ رەسىمى يوق ئىدى. بۇ رەسىملەرنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن تېخى رەسمىي ئىشلىتىلىپ باقمىغان يېڭى بىر ئەۋلاد يەككە ئەسكەرلەر قورال سىستېمىسى بىلەن تونۇشۇپ چىقتى. ۋاڭ لۇ بۇ قوراللار ئىچىدىكى 95 تىپلىق قىسقا زەربىدارلار مىلتىقىغا ناھايىتى قىزىقتى. ئۇنىڭ كالىبىرى 5. 8mm بولۇپ، ئادەتتىكى كىچىك كالىبىرلىق قوراللارغا زادىلا ئوخشىمايتتى، ئۇ ھازىر بۇنداق قورالنى تۇنجى قېتىم كۆرۈ-ۋاتاتتى، ئۇ مىلتىقنى قولىغا ئېلىپ قويغۇسى كەلمەي سىلاپ كەتتى.

جۇڭ چېڭنىڭ پىلانى بويىچە «پىدائىيلار ئەترىتى» ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەنىدى، ھەربىر گۇرۇپپا 10 ئادەمدىن تەشكىل تاپقانىدى، يەنى بۇ قېتىمقى ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىشقا 20 رازۋېدك-

چى بەلگىلەنگەنىدى. يولغا چىقىشقا يەنە ئۈچ سائەت بار ئىدى. ھازىر بۇ 20 نەپەر «پىدائىي» نى تاللاش كېرەك ئىدى.

قوماندانلىق شتابىنىڭ ئىچى سۈكۈتكە چۆمگەنىدى.

نەن نازىر نەق مەيداندا قوماندانلىق قىلىپ، جۇڭ چېڭدىن:

— جۇڭ چېڭ، قېنى كىملەر بارسا مۇۋاپىق بولىدۇ، — دەپ سورىدى.

جۇڭ چېڭ جاۋاب بەرمىدى، ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغانلار ھەممىسى ئۇنىڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرى ئىدى، ئۇ مەيلى قايسىسىنى تاللىمىسۇن، ئۇنىڭ يۈرىكى تىترەيتتى. زال ئىچى جىمجىتلىققا چۆمگەن، كەيپىيات جىددىي ئىدى، نېمىلا دېگەنبىلەن بۇ سەھنىگە چىقىپ مۇكاپات ئالىدىغانلارنىڭ ئىسمىنى چاقىرىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى.

نېمىلا بولمىسۇن، بۇ ئادەتتىكىگە ئوخشىمايدىغان بىر ۋەزىپە ئىدى. ھەممەيلەن بۇ قېتىمقى جەڭگە كىرسە قايتىپ كېلەلمەسلىك ئېھتىماللىقى بارلىقىنى بىلەتتى.

بەش مىنۇتتىن كېيىن جۇڭ چېڭ نەزىرىنى چېن داموغا تىكتى ۋە:

— چېن دامو، جەڭگە كىملەرنى ئەۋەتسەك ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ، — دەپ سورىدى. چېن دامو ئۆزىنىڭ ئىسمىنىڭ چاقىرىلىدىغانلىقىغا قارىتا بالدۇرلا تەييارلىق قىلىپ قويغاندەك قىلاتتى.

— مەن مۇۋاپىق كېلىمەن، — دېدى ئۇ ھېچ ئىككىلەنمەي. ئۇنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى زال ئىچىدىكى بۇرۇقتۇرمىلىقنى بۇزۇپ تاشلىدى، زال ئىچى بىردىنلا ئازادىلىككە تولدى، ياشلار ئولتۇرالماي قالدى.

— يەنە كىم ئەۋەتىلسە مۇۋاپىق بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى جۇڭ چېڭ.

— مەن! — ۋاڭ لۇ توپ ئىچىدىن مەردانىلەرچە چىقتى، ئۇنىڭ نەزىرى جۇڭ چېڭغا قادالغانىدى.

جۇڭ چېڭ نەزىرىنى نەن نازىرغا يۆتكىدى.

نەن نازىرنىڭ گەۋدىسى ۋاڭ لۇنىڭ ئاۋازىدىن سىلكىنىپ

كەتكەندەك بولدى. ئەمما، ئۇ تېزلا ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى ـ دە:
— ناھايىتى ياخشى، ۋاڭ لۇ، مەن سەندىن سوراپ باقاي، سېنىڭ بۇ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىشقا قانداق سالاھىيىتىڭ بار؟ — دەپ سورىدى.
— ئەڭ زور ئەۋزەللىكىم مەن ياش، ئېگىز تاغ رېئاكسىيە-سىدىن قورقمايمەن، ئۇنىڭدىن قالسا ئۆلۈمدىن قورقمايمەن. ئەڭ مۇھىمى مېنىڭ كاللام ئۆتكۈر، ئۇ دائىم مېنىڭ توغرا ھۆكۈم چىقىرىشىمغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ، — ۋاڭ لۇ كەسكىن جاۋاب بەردى.
جۇڭ چېڭ بىر نەرسە دېمەكچى بولدىيۇ، سەل ئىككىلىنىپ قالدى. بۇ پەيتتە نەن نازىر ئۆزىنىڭ كۆچلۈك نەزىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ، ئۇنى سۆز قىلىشتىن توسۇپ قويدى. جۇڭ چېڭ يەنە تەمكىنلىك بىلەن داۋاملىق سوراشقا باشلىدى:
— يەنە كىم جەڭگە بارسا ئەڭ مۇۋاپىق؟
— مەن!
— مەن!
— مەن!
. . .
ما جيەنجۇڭ، يالقۇن ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئەترىتى-نىڭ باشقا ئەزالىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىشتى. چېن دامو بىلەن ۋاڭ لۇنىڭ باشلامچىلىقىدا 20 نەپەر پىدائىي بارلىققا كەلدى.
«پىدائىيلار ئەترىتى» نىڭ باشلىقى ئېلان قىلىنىشتىن بۇرۇن نەن نازىر بىلەن جۇڭ چېڭ ئاستا پىچىرلاپ بىر نەرسە دېيىشىۋال-دى، ئاندىن جۇڭ چېڭ:
— چېن دامو قوماندانلىق شتابىدا قالىدۇ، ما جيەنجۇڭ بىلەن ۋاڭ لۇ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بىرىنچى، ئىككىنچى گۇرۇپ-پىلارنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ ۋەزىپە ئىجرا قىلىدۇ! — دەپ ئېلان قىلدى.
چېن دامو ھەيران بولغان ھالدا:
— نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سورىدى.

— سەن كەتسەڭ ماشىنامنى كىم ھەيدەيدۇ؟ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىڭلار، بارلىق ئەترەت ئەزالىرى يولغا چىقىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىڭلار! — دېدى جۇڭ چېڭ جىددىي تۇستە.

چېن دامو زادىلا چۈشىنەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا بۇيرۇقتا بىنائەن چىقىپ كەتتى. ئۇ كۆڭلىدە: «مەن نېمىشقا ئالدىنقى سەپكە ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا ئەۋەتىلمىدىم؟ مەن بۇ يەرگە نېمىشقا كەلگەن؟ دېگەنلەرنى ئويلايتتى. زالدا نەن نازىر بىلەن جۇڭ چېڭ ئىككىيلەنلا قالدى، جۇڭ چېڭ:

— سىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىڭىز، — دەپ سورىدى.

— بىز چېن دامونىڭ ئەۋلادىنى ئويلىشىمىز كېرەك! — دېدى نەن نازىر.

ئەسلىدە چېن دامونىڭ دادىسى بىلەن نەن نازىرنىڭ دادىسى ئۆز ۋاقتىدا ۋاڭ جېنغا ئەگىشىپ شىنجاڭغا كەلگەن تۆھپىكارلار ئىدى. شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن چېن دامونىڭ دادىسى كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ، ج خ ئىدارىسىدا رازۋېدكىچى بولغان ھەمدە بىر موڭغۇل ئايالنى ئالغان، كېيىن بىر قېتىملىق مەخپىي ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىشتا قۇربان بولغان، ئۇ چاغدا چېن دامو ئاران سەككىز ياشتا ئىدى.

— ھە، ئەمما ۋاڭ لۇ. . . — دېدى جۇڭ چېڭ ھاياجان ئىچىدە.

نەن نازىر جۇڭ چېڭنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى:

— نېمە ئەمما، راست گەپنى ئېيتقاندا مەن ۋاڭ لۇدىن بەك پەخىرلىنىۋاتىمەن، جۇڭ چېڭ، شۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە سىز ئۇنى بىر ياخشى ئەزىمەت قىلىپ تەربىيىلەپسىز، سىز قانچىلىگەن ئادەمنىڭ سىزدىن مىننەتدار ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ ئادىللىق بىلەن ئېيتقاندا ئۇ ھەقىقەتەن ياخشى يىگىت بوپتۇ، — دېدى.

— مەنمۇ ھېلىلا «جەنۇبىي شىنجاڭ گېزىتى» دىن چېن دامونىڭ ئايالى ۋە بالىسى توغرىسىدىكى ئىشلارنى ئۇقتۇم. ئادەتتە ئۇ ئائىلىسى توغرىسىدىكى ئىشلارنى زادىلا ئېيتمايدۇ، بەزىدە مەن ئۇنىڭدىن سورىسام، ئۇ: ياخشى، ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ، دەيدۇ. ئۇنىڭ ئايالى بىلەن بالىسى تۇتقۇن قىلىنغاندىن كېيىن ئائىلىسىدە

شۇنچە كۆپ ئىشلار يۈز بېرىپتۇ، ئۇ بۇ ھەقتە ھېچنېمە دېمىدى، مەن مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلالمىدىم، — دېدى جۇڭ چېڭ.

— شۇڭا ئۇنى ئالدىنقى سەپكە ھەرگىز ئەۋەتىشكە بولمايدۇ، بىز ھەرگىز ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قالىدىغان ئىشنى قىلمايلى، قانداق دەيسىز؟ — دېدى نەن نازىر ھاياجانلانغان ھالدا.

جۇڭ چېڭ بېشىنى لىڭشىتتى:

— ئەمىسە مۇشۇنداق بېكىتىلسۇن! — دېدى.

3

يولغا چىققىنىغا يەنە بىر سائەت ۋاقىت بار ئىدى، جەڭگە تاللانغان «پىدائىيلار ئەترىتى» نىڭ ئەزالىرى ئوق ئۆتمەس چىلتەكە كىيدى، ئاندىن ئىنفرا قىزىل نۇرلۇق كۆرۈش ئاپپاراتىدىن مۇداپىئەلىنەلەيدىغان جەڭ كىيىمى ۋە دۇبۇلغا كىيدى، بۇنداق دوبۇلغا ئادەتتىكى دۇبۇلغىلارغا ئوخشىمايتتى، ئۇ بىرىكمە ماتېرىيالدىن ياسالغانىدى، ئۇستىدە ھەر خىل تۆشۈكچىلەر بار بولۇپ، ئۇنىڭغا مىكرو تېلېكامېرا ئورنىتىلغانىدى. ھەربىر گۇرۇپپىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى كۆرسەتكۈچ ئاپپاراتتا ئەترەت ئەزالىرىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆرۈپ تۇرالايتتى.

جۇڭ چېڭ يولداشلار بىلەن خوشلاشتى. كۆپچىلىكتىكى جىددىيلىكنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئۇ قەستەن:

— يالقۇن سېنىڭ نېمە تەلىپىڭ بار؟ — دېدى.

— گېپىڭىز گەپمۇ؟ — دېدى يالقۇن ئەستايىدىللىق بىلەن.

— ھەرگىز دۇشمەن قولىدا جان بەرمە، ئوبدان ئىشلە، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن نېمە قىلغۇڭ كەلسە پەقەت تەلىپىڭ چەكتىن ئېشىپ كەتمىسىلا، مەن سېنىڭ تەلىپىڭنى قاندۇرىمەن، — دېدى جۇڭ چېڭ كۈلۈپ تۇرۇپ.

يالقۇن قىلچە يۈز - خاتىر قىلماستىن ئۆزىنىڭ شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— بېيجىڭغا بېرىپ، سائۇنا مونچىسىدا يۇيۇنۇشنى، ئىچكى-

ـرىدىكى ساھىبجامالللار بىلەن تانسا ئويناشنى ئارزۇ قىلىمەن، — جۇڭ چېبەك قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئۇ چاۋاك چېلىپ تۇرۇپ:

— تەلىپىڭ بەكمۇ ئاددىيكەن، چاتاق يوق، — دېدى.

— ھە، سەنچۇ، كېلىشكەن يىگىت! — دېدى جۇڭ چېبەك ۋاڭ لۇغا قاراپ.

— ناۋادا، مەن ئۆلۈپ كەتسەم جەسىتىمنى بۆرىلەر يەپ كەتمىسۇن، جەسىتىمنى قايتۇرۇپ ئەكېلىڭلار، — دېدى ۋاڭ لۇ ئۇدۇللا قىلىپ.

جۇڭ چېبەك بۇ گەپنى ئاڭلاپ بېشىنى باشقا ياققا بۇرىۋالدى، ئۇنىڭغا قول ئاستىدىكى ساقچىلارنىڭ ھازىر ھايات - ماماتلىق سىنىقىغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقى، جەڭگە كىرىش ئاسان، جەڭدىن قايتىپ چىقىشنىڭ تەس ئىكەنلىكى ئايان ئىدى. ما جيەنجۇڭ ئەسلىدە بىر نەرسە دېيىشنى ئويلىغانىدى. ئەمما ئۇ يەنە ئويلاپ كۆرۈپ، بىر ئىشتىن خاتىرجەم بولالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇڭا ئۇ جۇڭ چېبەڭغا:

— باشلىق، ئەگەر مەن جەڭدىن قايتىپ كېلەلمىسەم، تەش- كىلىنىڭ ئانامنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن، مېنىڭ مۇشۇ بىرلا تەلىپىم بار، — دېدى.

— ئائىلەڭ بىلەن بالاڭچۇ؟ ئۇلار بىلەن كارىڭ بولما- دۇ؟ — دەپ سورىدى چېن دامو ئاستاغىنە.

ما جيەنجۇڭ يەنىلا قېيداپ:

— ئەگەر مەن ئۆلۈپ كەتسەم ئائىلەم چوقۇم باشقا ئەرگە تېگىدۇ، بالام ئاپىسى بىلەن بىرگە كېتەمدۇ، — دېدى.

باشقا ئەترەت ئەزالىرىمۇ ئۇلاردىن ئىلھام ئالغان بولسا كې- رەك، ئارقا - ئارقىدىن ئۆزلىرىنىڭ تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇش- تى، جۇڭ چېبەك ئۇلارنىڭ تەلىپىگە بىر - بىرلەپ ماقۇل بولدى. ئۇنىڭ ساقچىلارنىڭ ئاشۇ ئاددىي تەلەپلىرى، ئارزۇلىرىغا قوشۇل- ماسلىقتا كۆڭلى ئۇنىمايتتى. تۇيۇقسىز سىمسىز تېلېگراف ئاپپارا- تىدىن جۇڭ چېبەكنى چاقىرغان ئاۋاز ئاڭلاندى: قوماندانلىق شتابى جىددىي ئىش بىلەن سىزنى ئىزدەيدۇ.

— نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى جۇڭ چېبەك قوماندانلىق

شتابىغا كىرىپلا.

— ھېلى سىمسىز تېلېگرافتىن بىر خەۋەر كەلدى، بۇ يەردىن 20 كېلومېتىر يىراقلىقتىكى جايدا بىرسى بىر قىرغىز چارۋىچىنى ئېتىپ يارىلاندۇرۇپ قويۇپتۇ، بىزنىڭ چارلاش ئەترىتىمىز ئۇ يەرگە كەتتى، ئۇلار نەق مەيداننى تەكشۈرۈشكە بىر مۇتەخەسسىس ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىشۋاتىدۇ، ئېيتىڭە، كىمنى ئەۋەتسەك مۇۋاپىق بولار؟ مەن بۇ ۋەقە «قارا بۇركۈت» تەشكىلاتى بىلەن مۇناسىۋەتلىكمىكىن دەپ قارايمەن، — دېدى نەن نازىر ئۇنىڭغا.

— ما جيەنجۇڭ بىر ئاز مۇۋاپىق ئىدى، ئەمما ئۇ «پىدائىيلار ئەترىتى» گە قاتناشقان، — دېدى جۇڭ چېڭ ئويلىنىپ تۇرۇپ.

— دەرھال ئالماشتۇرۇۋېتىڭلار، — دېدى نەن نازىر ئۇنى ئالدىرىتىپ.

شۇنىڭ بىلەن جۇڭ چېڭ ما جيەنجۇڭنى چاقىرتىپ كەلدى.

— ما جيەنجۇڭ، سەن «پىدائىيلار ئەترىتى» گە قاتناشمايسەن، تەشكىل سېنى بىر مۇھىم ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا ئەۋەتىدۇ، — دېدى.

ما جيەنجۇڭ تىتىلداپ كەتتى، ئۇنىڭ بويۇنلىرى كۆپۈپ، يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ھالدا جۇڭ چېڭدىن:

— خىزمەت كۆرسىتىش پەيتى كەلگەن تۇرسا، نېمىشقا مېنى پىدائىيلار ئەترىتىدىن چىقىرىۋېتىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— سېنى تاغدىن چۈش دېگەندىكەن چۈش، بۇ ۋەقەنى ئېھتىمال «قارا بۇركۈت» نىڭ قول ئاستىدىكىلەر سادىر قىلغان بولۇشى مۇمكىن، دەرھال تاغدىن چۈش.

— مەن چۈشمەيمەن، سىز مېنى ئالداۋاتىسىز، «قارا بۇركۈت» چوقۇم تاغ ئىچىدە.

— چۈش! بۇ بۇيرۇق! — جۇڭ چېڭ ما جيەنجۇڭنى دەرھال تاغدىن چۈشۈشكە ئالدىراتتى. نەن نازىر بىر تەرەپتە تۇرۇپ:

— سەن ساقچىلارغا قانداق يېتەكچىلىك قىلىۋاتىسەن؟ ھەمىشە باشلىقىڭغا ۋارقىراپ قارشىلىشىدىكەنسەن، مۇنداق قىلساڭ

بولامدۇ؟ — دېدى.
ما جيەنجۇڭ ئەمدىلا چىقىپ كېتىشىگە چېن دامو:
— سالام! دەپ ۋارقىراپ كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ قولىدا بىر خەت بار ئىدى، توغرىراقىنى ئېيتقاندا ئۇ ۋەسىيەتنامە ئىدى، ئۇ خەتنى ئەستايىدىل هالدا جۇڭ چېڭغا تاپشۇرۇپ:
— مېنى ما جيەنجۇڭنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇشىڭىزنى، بىرىنچى گۇرۇپپىنىڭ ئەترەت باشلىقى قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، ئەگەر مەن جەڭدىن قايتىپ كېلەلمىسەم تەشكىلنىڭ بۇ خېتىمنى ئايالىم بىلەن بالامغا تاپشۇرۇپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى.
ئەن نازىر خەتنى جۇڭ چېڭنىڭ قولىدىن ئېلىپ، يەنە چېن داموغا تۇتقۇزۇپ قويدى:
— سېنىڭ بېرىشىڭغا بولمايدۇ!
— نازىر، سىزنىڭ ياخشى كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن، ئەمما مەن چوقۇم بارسام بولاتتى! — دېدى چېن دامو چىن كۆڭلىدىن.
جۇڭ چېڭ تىتىلداپ كەتتى:
— ئەگەر تەشكىلنىڭ تەقسىماتىغا بويسۇنمايدىغان بولساڭ، مەن ساڭا چارە كۆرىمەن! — دېدى.
چېن دامو قەتئىي نىيەتكە كەلگەنىدى، ئۇ خەتنى يەنە جۇڭ چېڭنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى، ئۇ:
— ماڭا چارە كۆرسىتىڭىزمۇ بارىمەن! هازىر مېنىڭ گۇناهىمنى يۇيۇپ خىزمەت كۆرسىتىشىم ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى پۇرسەت، مەن بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيمەن! — دېدى ـ دە، ئارتۇق گەپ قىلماي بۇرۇلۇپلا چىقىپ كەتتى.
چېن دامو چىقىپ كېتىۋاتقان شۇ پەيتتە جۇڭ چېڭ قولىدىكى خەتنى دەڭسەپ كۆردى:
— بۇ كونۋېرت نېمانداق نېپىز؟
ئەمەلىيەتتە چېن دامو خەتكە پەقەت بىر جۈملىلا سۆز يازغانىدى: «سۆيۈملۈك ئايالىم ۋە قىزىم، مەن سىلەرنى مەڭگۈ سۆيىمەن»
بۇ خەت ئىلگىرى يېزىلمىغان، دەل «پىدائىيلار ئەترىتى»

جوڭ چېڭغا تەلەپ قويۇۋاتقاندا يېزىلغان. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئايرىم ھالدا مۇنداق ۋەسىيەت قالدۇرغانىدى:

ماڭا ئوتتەك قىزغىن بولغان ئايالىم لەيلى، ئەگەر مەن ئۆلۈپ كەتسەم ئۆزىڭىزنى ۋە قىزىمىزنى ئوبدان ئاسراڭ. سىلەر چوقۇم ياخشى ياشىشىڭلار كېرەك، قەتئىي ھالدا قەيسەرلىك بىلەن ياشىشىڭلار كېرەك. مەن بىر كوممۇنىست، مەن بىر ماتېرىيالىزمچى، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ھېچنېمىنىڭ قالمايدىغانلىقىنى بىلىمەن، ئەگەر قالىدۇ دېيىلسە ئۇ پەقەت ئىلگىرى سىلەر بىلەن بىرگە ئۆتكەن سېيمايىمدىنلا ئىبارەت. سىز ھەمىشە مېنىڭ سېيمايىمنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈۋالماڭ، ئۇنداق قىلسىڭىز سىلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشۇڭلارغا پايدىسىز بولىدۇ. مەن سىز ۋە قىزىمىزغا مەنىۋى جەھەتتىن كۆپ قەرزدارمەن، مەن سىلەرگە شۇنداق قەسەم بېرىمەنكى: ئەگەر بۇ قېتىم غەلىبىلىك ھالدا قايتىپ كېلەلىسەم چوقۇم سىلەرگە ھەسسىلەپ جاۋاب قايتۇرىمەن، سىزنى بېيجىڭغا ئاپىرىپ كۆزىڭىزنى داۋالىتىمەن، قىزىمىزنىڭ مېڭىسىدىكى ئۆسمىنى ئوپېراتسىيە قىلدۇرىمەن. راستىنى ئېيتسام، سىلەرنى ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇشتىن بەك قورقىمەن، ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇلغاندىن كېيىن سىزنى قايتا كۆرەلمەي قېلىشىمدىن، سۆيۈملۈك قىزىمىزنى قايتا كۆرەلمەي قېلىشىمدىن بەك قورقىمەن. ئەمما چوقۇم دوختۇرخانىغا بېرىشىمىز كېرەك، بۇ قېتىم مەن قېنىمنى سېتىپ بولسىمۇ سىلەر ئانا - بالا ئىككىڭلارنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىمەن، مېنى كۈتۈڭلار…

چېن دامو ۋەسىيىتىنى داۋاملاشتۇرالماي قالغانىدى، ئۇ يېزىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۆزىنىڭ ھايات ھالدا تۇغقانلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىشقا شۇنچە تەشنا بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدى، ئۇ ئۆلۈشنى خالىمايتتى، ئۇ ئۆلۈپ كەتسە ھەرگىز بولمايتتى. ئۇ ئۆلۈپ كەتسە ئۆزىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ئىككى ئادىمى قانداق ھايات كەچۈرىدۇ؟ ئۇنىڭ «پىدائىيلار ئەترىتى» دىكى ھەرقانداق بىر كىشىدىنمۇ روھىي يۈكى ئېغىر ئىدى، ئەمما، ئۇ ھېلىلا چوقۇم جەڭگە قاتنىشىمەن دېگەن نىيەتكە كەلدى. شۇڭا ئۇ يازغان ۋەسىيىتىنى يىرتىپ تاشلاپ، قايتىدىن بىر قۇرلا خەت يازدى - دە، ئۇنى جوڭ چېڭغا تاپشۇرغانىدى.

# 4

2000 ـ يىلى قىشتا، «پىدائىيلار ئەترىتى» نىڭ ئەزالىرى تولۇق تەييارلىقتىن كېيىن يولغا چىقتى. ۋاقىتلىق قوماندانلىق شتابى بىلەن قورال ـ ياراغ زاۋۇتى جايلاشقان بازىنىڭ ئارىلىقى 400 كىلومېتىر كېلەتتى، ئەگەر پىيادە مېڭىش توغرا كەلسە بەش كېچە ـ كۈندۈز كېتەتتى، ئەگەر تىك ئۇچار ئايروپىلان بىلەن بارسا، بىر سائەتلا ۋاقىت كېتەتتى، نەن نازىر «پىدائىيلار ئەترىتى» ئەزالىرىنى بازىغا 20 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا تىك ئۇچار ئايروپىلان بىلەن ئاپىرىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. ئايروپىلان ۋاقىتىنچە يوشۇرۇپ قويۇلدى، چېن دامو بىلەن ۋاڭ لۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ قايتقاندىن كېيىن، تىك ئۇچار ئايروپىلان يوشۇرۇپ قويۇلغان يەرگە كېلىپ تىك ئۇچار ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ۋاقىتلىق قوماندانلىق ئورنىغا قايتىپ كېلىش ھەققىدە تىك ئۇچار ئايروپىلان ئۇچقۇچىسى بىلەن كېلىشىۋالدى.

بىللە ماڭغاندا نىشان چوڭقىيىپ كېتەتتى، شۇڭا چېن دامو بىلەن ۋاڭ لۇ ئىككى گورۇپپىنىڭ ئىككى يۆنىلىش بىلەن نىشانغا يېتىپ بېرىشىنى قارار قىلىشتى. ئۇلار ئەتىسى تاڭ سەھەر بەشتە نىشاندىن ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر غەلىتە تاش ئالدىدا ئۇچرىشىش توغرىسىدا كېلىشىۋالدى، بۇ غەلىتە تاش ئايروپىلاندىن تارتىلغان سۈرەتتە ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

بۇ تاغنى قار قاپلاپ كەتكەن پەسىل ئىدى، 20 كىلومېتىر يولنى ئادەتتە ئون نەچچە سائەتتىلا بېسىپ بولغىلى بولاتتى، ئەمما ھازىر ئەھۋال ئوخشىمايتتى. ھازىر ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ 20 سائەت مېڭىشقا توغرا كېلەتتى.

يول بويى ھېچقانداق ئادەمزات ئۇچرىمىدى، چارۋىچىلار ئاللىقاچان پەستىكى كەنتلەرگە قىشلىغىلى چۈشۈپ كەتكەنىدى، تاغدا پەقەت غەلىتە تاشلار، يامىشىپ چىقىش ئىنتايىن قىيىن بولغان مۇزلۇقلار بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېگىز تاغدا ئوكسىگېن كەم بولغاچقا، ئەترەت ئەزالىرى ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ كېتىۋاتاتتى،

ۋاڭ لۇ ئەڭ ئالدىدا كۆپچىلىكنى باشلاپ كېتىۋاتاتتى، بۇ ئون كىشى ئىچىدە ئۇنىڭ تېنى ئەڭ ياخشى ئىدى.

تاڭ سەھەر تۆت يېرىمدا ۋاڭ لۇنىڭ گۇرۇپپىسى مۇددەتتىن يېرىم سائەت بۇرۇن ئۇچرىشىش ئورنىغا يېتىپ كەلدى، چېن دامونىڭ گۇرۇپپىسىدىن تېخى ھېچقانداق خەۋەر يوق ئىدى. بۇ چاغدا، سىمسىز تېلېگرافتىن ھېچقانداق سادا ئاڭلانمايۋاتاتتى. ۋاڭ لۇ سېرجان قاتارلىق ئەترەت ئەزالىرىغا:

— ئۆز جايىڭلاردا بۇيرۇق كۈتۈڭلار، يۇقىرىنىڭ تەلىپى بويىچە ئەگەر 12 سائەتكىچە بىرىنچى گۇرۇپپا يېتىپ كەلمىسە، بىز يەنە بىر يول ئارقىلىق دەرھال كەينىمىزگە قايتىمىز، — دەپ ئېلان قىلدى.

قاراڭغۇ چۈشتى. قۇرۇم تېغىدا تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن ئون نەچچە گرادۇسقا چۈشتى، ئەترەت ئەزالىرى ھەممىسى جۇۋىسىغا چىڭ پۈركۈنۈپ كېتىپ باراتتى، ئۇلار ئەتراپنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتەتتى.

تاغ چوققىسىدىكى پوس سىگنال بەردى، ۋاڭ لۇنىڭ نائۇشنىكىدىنمۇ جىددىي سىگنال ئاۋازى ئاڭلاندى، ۋاڭ لۇ كۆپچىلىككە قول ئىشارىسى قىلىپ:

— ئەھۋال بار! — دېدى - دە، تېزدىن ئۆرۈلۈپ بىر چوڭ تاشنىڭ كەينىگە مۆكۈندى.

پوس قىسقىلا قىلىپ: «ئالدىمىزدا ئانچە يىراق بولمىغان جايدا ئىنفرا قىزىل نۇرلۇق سىگنال بايقالدى» دەپ دوكلات قىلدى.

ۋاڭ لۇ تېزدىن ھېلىقى پوسنىڭ يېنىغا ئۆمىلەپ باردى، ئۇ ئىنفرا قىزىل نۇرلۇق دۇربۇندا بىردە كۆرۈنۈپ، بىردە يوقاپ كېتىۋاتقان بىرقانچە ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆردى، يەنە ئىككى ئۇلاغمۇ باردەك قىلاتتى، ئۇلار چېن دامونىڭ گۇرۇپپىسىدەك قىلمايتتى، ۋاڭ لۇ ئەترەت ئەزالىرىغا قىسقىلا قىلىپ: «جەڭگە تەييارلىنىڭلار!» دەپ سىگنال بەردى. بارلىق بۇيرۇق، سىگناللار ئاۋازسىز ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. دۈشمەننىڭ ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئەترەت ئەزالىرى ئارىسىدا ئىشارەت ئار-

قىلىق بەلگە بېرىش ئالدىنئالا كېلىشىۋېلىنغانىدى. شۇڭا دۈشمەن ئوغرىلىقچە ئاڭلاش شارائىتىغا ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ، پەقەت دۈت، دۈت قىلغان سىگنالنىلا ئاڭلىيالايتتى. ۋاڭ لۈنىڭ گۇرۇپپىسىدا 95 تىپلىق ئالتە ئاپتوماتىك مىلتىق، 80 تىپلىق ئىككى ئۇنىۋېرسال پىلىموت بار ئىدى. كۆپچىلىك ياخشى يوشۇرۇنۇپ قوراللىرىنى ئوقچا بەتلەپ دۈشمەننىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. ئەمما بايا دۇربۇندا كۆرۈنگەن ئادەم بىلەن ئۇلاغلار تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتى.

ۋاڭ لۈ بىردىنلا ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بايقاپ، سەگەكلىك بىلەن قولىنى پۇلاڭلىتىپ، ئەترەت ئەزالىرىغا تارقىلىپ مۇداپىئەگە ئۆتۈشنى ئىشارەت قىلدى، ئۆزى ئىككى كىشىنى باشلاپ بايا بىرقانچە ئادەمنىڭ قارىسى يىتىپ كەتكەن جايغا قاراپ ئاتلاندى.

بايا بىرقانچە ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنگەن جايدا، ئېلىشقانلىقىنىڭ ئىزنالىرى ۋە قان ئىزلىرى قېلىپ قالغانىدى، ئەتراپتا قالايمىقان ئىزلار بولۇپ، بۇ ئىزلار ئۇلار كەلگەن تەرەپكە قاراپ سوزۇلغانىدى.

ۋاڭ لۈ ئىككى ئەترەت ئەزاسىغا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ مېڭىشقا ئىشارەت قىلدى، قوغلاپ ماڭغانلار ئاياغ ئىزىنى بويلاپ بىرەر كىلومېتىردەك ماڭغاندىن كېيىن، ئانچە يىراق بولمىغان جايدا، قوراللىق ئىككى كىشىنىڭ چارۋىچى سىياقىدىكى ئىككى كىشىنى نەزەربەند قىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇ چاغدا، قارشى تەرەپمۇ ۋاڭ لۈلارنى بايقىدى، بىردىنلا قارشى تەرەپ ئۇلارغا ئوق چىقاردى، ئوق ۋاڭ لۈلاردىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى تاشقا تەگدى.

ۋاڭ لۈ ئۇ ئىككى چارۋىچىنى زەخملەندۈرۈپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، قارشى تەرەپكە ئوق چىقارمىدى، پەقەت ئۇلارغا قەدەممۇقەدەم قىستاپ كەلدى. كۆرۈۋېلىشقا بولاتتىكى قارشى تەرەپ جەڭ تەجرىبىسىگە ئىگە ئادەملەر ئىدى، ئۇلار مىلتىقتىن ئۈزۈپ - ئۈزۈپ ئوق ئېتىۋاتاتتى، پىلىموت ئىشلەتمىگەنىدى.

ئىككى قوراللىق ئادەمنىڭ بىرسى تۇرسۇن ئىدى. تۇرسۇن قالادىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئاۋۋال بوستان شەھىرىگە باردى، ئۇ

ئەسلىدە ئۇدۇللا قۇرۇم تېغىغا كەتمەكچى بولغانىدى، ئەمما ئۇ قايتىش يولىدا قاراۋۇللۇق پونكىتلىرىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى سېزىپ قالدى، شۇڭا ئۇ چەت ئەلدە ئۆزى بىلەن بىرگە تەربىيە ئالغان ئۆمەرنى ئېسىگە ئالدى، ئۇ ئۆمەرنىڭ ئۆيىدە بىر بىكار تەلەپ ئۇكىسىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغانىدى، شۇڭا ئۇ: نېمىشقا ئاشۇنى ئېلىپ ئاندىن قۇرۇم تېغىغا بارمايمەن؟ دەپ ئويلىدى.

تۇرسۇن ئۆمەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئىككى كۈن يوشۇرۇنۇپ ياتتى، ئاندىن ئۇلار قۇرۇم تېغىدىكى بازىسىغا بېرىش يولىدا تۆگە-گە لىق ئوزۇقلۇق ئارتىپ، قارلىق دالىدا ئوۋ ئوۋلاپ يۈرگەن ئاتا - بالا ئىككى كىشىنى ئۇچرىتىپ قالدى. تۇرسۇن ئۇ ئاتا - بالا ئىككىسىگە تويۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە يول باشلاپ مېڭىشقا مەجبۇرلىدى، كۈتۈلمىگەندە قورال - ياراغ زاۋۇ-تىغا يېقىنلىشاي دېگەندە، ئاتا - بالا ئىككىيلەن تويۇقسىزلا ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسەتتى، شۇڭا ئۇلار ئېلىشىپ كەتتى، تۇرسۇن مىلى-تىق بىلەن يېشى چوڭراق ئوۋچىنىڭ پۈتىنى زەخىملەندۈردى.

ۋاڭ لۇ تاشنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، ھېلىقى ئىككى قوراللىق ئادەمنىڭ ئىككى چارۋىچىنى نەزەربەند ئاستىغا ئېلىپ، چوڭ بىر ھاڭغا يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىنى بايقىدى. ئۇ بىر ساقچىغا چوڭ تاش-نىڭ كەينىگە ئۆتۈپ قارشى تەرەپنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىشنى بۇيرۇپ، ئۆزى سېرجاننى ئېلىپ ھاڭغا ئاستا - ئاستا يېقىنلاپ باردى.

ۋاڭ لۇ قارشى تەرەپنىڭ ئىنتايىن ھوشيار تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئىنتايىن ياخشى يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئېتىش بولۇڭىنىڭ ياخشىلىقىنى، ھەممە تەرەپكە ئاتقىلى بولىدىغان-لىقىنى كۆردى. ۋاڭ لۇ سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن تەۋەككۇل-چىلىك قىلىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ بۇ ئىككى قوراللىق كىشىگە ئاستا - ئاستا يېقىنلاپ باردى، ئارىلىق تەخمىنەن 50 مېتىردەك قالغان ۋاقىتتا، بىر چوڭ تاش ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنى توسۇۋال-دى، ۋاڭ لۇ بىلەن سېرجان بۇ چوڭ تاشنىڭ ئارقىسىغىلا كەلگەن-دى، ۋاڭ لۇ ئەگەر مۇشۇ پەيتتە ئېتىلىپ چىقسا قارشى تەرەپنىڭ ئۆزىنى ئېتىپ تاشلايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەمما ئۇنىڭ باشقا تال-

لاش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى، ۋاڭ لۇ پەقەت ئېتىلىپ چىقىشقا مەجبۇر ئىدى، ئىككى تەرەپ ئۇدۇلمۇئۇدۇل تۇرۇپ كىمنىڭ مىلتىق ئېتىش ماھارىتىنىڭ تېزلىكىنى كۆرۈپ بېقىشقا مەجبۇر ئىدى. بۇ چاغدا، ۋاڭ لۇنىڭ مىلتىق تۇتقان قولى تەرلەپ كەتتى. ئەمما كۆپ ئويلاشقا ۋاقىت يوق ئىدى، ۋاڭ لۇ تاشنىڭ كەينىدىن ئېتىلىپ چىقتى، تۇرسۇن دەرھال ۋاڭ لۇنى قارىغا ئالدى، ۋاڭ لۇ قارشى تەرەپنى ۋەھىمە بېسىۋاتقانلىقىنى سەزدى، ۋاڭ لۇنىمۇ ۋەھىمە بېسىۋاتاتتى.

ئىككىلا تەرەپنىڭ قوراللىرىدىن ئوق ئېتىلدى. ۋاڭ لۇنىڭ قولىدىكى قورال 95 تىپلىق قىسقا زەربىدارلار مىلتىقى ئىدى، ئۇ ئۇزۇپ ئوق ئاتتى، ئۆمەرنىڭ ئىنىسىنىڭ كۆكسىگە ئوق تېگىپ قان ئېتىلىپ چىقتى. تۇرسۇننىڭ ئاتقان ئوقى ۋاڭ لۇنىڭ ئالدىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايغا تەگدى، ئوقنىڭ زەربىسىدە ئېتىلىپ چىققان تاش ئۇنىڭ بەدىنىنى ئاغرىتىۋەتتى، ۋاڭ لۇ تېزلىك بىلەن ئوق چىقاردى ۋە تۆت ئەتراپنى كۆزەتتى، ئۇنىڭدىن ئانچە يىراق بولمىغان تاشنىڭ كەينىدىن بىرسى بېشىنى چىقاردى ۋە ۋاڭ لۇنى قارىغا ئالدى، ئۇ تۇرسۇن ئىدى. ۋاڭ لۇنىڭ يوشۇرۇنۇۋېلىشقا ۋاقتى يوق ئىدى، ئۇ ئوق ئاتقاچ ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى، مىشەكلەر يەرگە تاراسلاپ چۈشۈۋاتاتتى، ۋاڭ لۇ مۇۋەپپەقىيەت بىلەن قارشى تەرەپنى بېسىپ چۈشتى ۋە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەنە ئوق ئالماشتۇرۇۋالدى. بۇ چاغدا، تۇرسۇن يەنە بىر قېتىم بېشىنى چىقاردى، ئەمدى تۇرسۇن ۋاڭ لۇنىڭ ئوقىدىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچالمىدى، تاراسلاپ ئېتىلغان ئوق بىلەن تەڭ تۇرسۇن يەرگە يېقىلدى. ۋاڭ لۇنىڭ گۇرۇپپىسى قاتتىق قورقۇپ كەتكەن ئىككى چارۋىچىنى قۇتقۇزۇپ قالدى. بۇ قىستۇرما جەڭ ئاخىرلاشقان چاغدا، چېن دامو گۇرۇپپىسى بىلەن ئۇچرىشىدىغان ۋاقىتقا پەقەت بەش مىنۇتلا قالغانىدى. بىردىنلا تاغ ئۈستىدىكى قاراۋۇل ئالدى تەرەپتە ئىنفرا قىزىل نۇرلۇق سىگنال بايقالدى، دەپ دوكلات قىلدى.

قارشى تەرەپ ئاستا - ئاستا يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. ۋاڭ لۇ قارشى تەرەپنى بىرنەچچە مىنۇت جىددىي كۆزەتكەندىن كېيىن

جىددىي سىگنالنى بىكار قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈردى، ئەسلىدە ئۇ چېن دامو گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئىدى. ۋاڭ لۇ قاراۋۇلنىڭ قولىدىن لازېر نۇرلۇق سىگنال بېرىش ئاپپاراتىنى ئېلىپ سىگنال بەردى. قارشى تەرەپمۇ دەرھال سىگنال قايتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىلا تەرەپ قوراللىرىنىڭ قۇلۇپىنى ئېتىۋەتتى.

ۋاڭ لۇ ئەترەت ئەزالىرىنى باشلاپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ماڭدى.

## 5

بۇ يەردىن نىشانغىچە يەنە ئىككى كىلومېتىر ئارىلىق قالغانىدى، يەنى تاغدىن ئۆتسىلا «قارا بۆركۈت» نىڭ مەخپىي بازىسىغا بارغىلى بولاتتى. جۇڭ چېڭ سۈنئىي ھەمراھ تېلېفونى ئارقىلىق بۇيرۇق چۈشۈرۈپ: ئومۇمىي ھۇجۇم باشلايدىغان قوشۇن تەييارلىقنى پۈتكۈزۈپ بولدى، ئۇلار پەقەت «پىدائىيلار ئەترىتى» نىڭ دۈشمەننىڭ قورال - ياراغ ئىسكىلاتىنى پارتلىتىپ، ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغاشنىڭ بەلگىسى قىلىشىنىلا كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، دېدى.

تاڭ سەھەر سائەت بەشتە، چېن دامو، ۋاڭ لۇنىڭ گۇرۇپپىلىرى ۋەزىپىنى ئېنىق بۆلۈشۈۋالغاندىن كېيىن ئايرىلدى. ۋاڭ لۇنىڭ گۇرۇپپىسى قورال - ياراغ زاۋۇتىنىڭ ئېنىق ئورنىنى تاپقاندىن كېيىن، دەرھال ئۈچرىشىش ئورنىغا چېكىنىش، چېن دامونىڭ گۇرۇپپىسى قورال - ياراغ ئىسكىلاتىنى پارتلاتقاندىن كېيىن دەرھال ئۈچرىشىش ئورنىغا قايتىپ ۋاڭ لۇنىڭ گۇرۇپپىسى بىلەن ئۈچرىشىش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى گۇرۇپپا خادىملىرى ئايروپىلان بىلەن ۋاقىتلىق قوماندانلىق شتابىغا قايتىش قارار قىلىندى.

دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغ چوققىسى قاپقاراڭغۇ ئىدى، كېچىسى كۆرىدىغان مىكرو نۇرلۇق ئەينەكتىن ھەممىلا يەر يېشىل كۆرۈنەتتى. «پىدائىيلار ئەترىتى» ئەزالىرى يېڭىدىن تارقىتىپ بېرىلگەن قىسقا زەربىدارلار مىلتىقىغا شاۋقۇن يوقاتقۇچ ئورناتتى.

ئايرىلىش ئالدىدا چېن دامو بىلەن ۋاڭ لۇ بىر ـ بىرىنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىشتى، ئاندىن ئۇلار بۆلۈنۈپ ھەرىكەتكە ئاتلاندى.

ۋاڭ لۇنىڭ گۇرۇپپىسى نىشانىغا تەرتىپلىك ھالدا يېقىنلاشتى. ئالدى بىلەن بىر رازۋېدكىچى مىنانى تازىلىغۇەتتى، ئۇ پىيادە ئەسكەرلەرگە قارشى مىنا بولۇپ، سانى كۆپ ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇن مىنۇتتىلا تازىلاپ تۈگەتتى، ئاندىن ئۇلار سىم توساققا يېقىنلاشتى. بىر رازۋېدكىچى سىم توساقنى كېسىپ تاشلىماقچى بولغاندى. ۋاڭ لۇ پەس ئاۋاز بىلەن:

— توختاپ تۇر، — دېدى، رازۋېدكىچى:

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

ۋاڭ لۇ ئىشارەت قىلىپ:

— ئەگەر سىم توساق كېسىپ تاشلانسا سىگنال ئاپپاراتى چىرقىراپ كېتىدۇ، — دېدى.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز.

— ساپيورلار گۈرجەكى بىلەن سىم توساقنىڭ ئاستىدىن بىر لەخمە كولاپ، شۇ لەخمىدىن ئۆتۈپ كېتەيلى.

ئەترەت ئەزالىرى ھەممىسى لەخمە ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن، ۋاڭ لۇ بىر رازۋېدكىچىنى لەخمە ئېغىزىدا قاراۋۇللۇق قىلىشقا بۇيرۇدى.

ھەرىكەت ئەمەلىي باسقۇچقا ئۆتتى، ۋاڭ لۇنىڭ گۇرۇپپىسى قارشى تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىشكە باشلىدى، ئۇلار قارشى تەرەپ ھەر سائەتتە بىر بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىنى بايقىدى. قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بازىغا كىرىپ بولۇشى ئۈچۈن، يېرىم سائەت كېتەتتى، رازۋېدكا قىلىش ئارقىلىق ئۇلار قورال ـ ياراغ زاۋۇتىنىڭ بىر چوڭ غارغا يوشۇرۇنغانلىقىنى بايقىدى.

ۋاڭ لۇ، بۇ غارغا كىرىشنىڭ ئىككىلا ئۇسۇلى بار ئىكەن. بىرى، ئۇنىڭ شامال ئۆتۈشتۈرۈش ئېغىزىدىن كىرىش كېرەك، مۇنداق غارلارنىڭ شامال ئۆتۈشتۈرۈش ئېغىزى چوڭ بولىدۇ؛ يەنە بىرى، ئۇنىڭ ئىشىكىدىن بىۋاسىتە كىرىش كېرەك، دەپ قارىدى. ۋاڭ لۇ ئەترەت ئەزالىرى بىلەن مۇزاكىرە قىلىپ، ئۆچكۈرنىڭ

ئىشكىدىن بىۋاسىتە كىرىشنى قارار قىلىشتى. مۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ خەتىرى شامال ئۇتۇشتۇرۇش ئېغىزىدىن كىرگەندىكىدىن ئازراق بولاتتى.

ۋاڭ لۇ قايتىپ كېلىپ، چېن دامو بىلەن ئۇچراشتى، چېن دامو ۋاڭ لۇنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ لۇ ئادەملىرىنى باشلاپ ئۇڭكۇرگە كىردى، ئۇلار ئۇڭكۇردە بىرقانچە ئايلانمىدىن ئۇتكەندىن كېيىن ئاخىرى تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن پارتلاتقۇچلارنى تاپتى، ئۇلار چۇۋۇپ تاشلاشقا بولمايدىغان مۇددەت-لىك قۇرۇلمىلارنى ئورنىتىپ قويغاندىن كېيىن، تېزلىكتە ئۇڭ-كۇردىن قايتىپ چىقتى.

ۋاڭ لۇنىڭ گۇرۇپپىسى ۋەزىپىنى ئۇتۇشلۇق ئورۇنداپ بو-لۇپ، دەرھال چېكىنىپ چىقتى.

چارلاش ئەترىتى ئۇتۇپ كېتىشىگىلا، چېن دامو رېئاكتىۋىس-نارەت ئېتىشقا بۇيرۇق چۇشۇردى. كېچە ناھايىتى قاراڭغۇ ئىدى، ئەترەتنىڭ بىر ئەزاسى ئۇڭكۇرنىڭ ئىچىگە يورۇتقۇچ بومبا ئاتتى، يەنە بىر ئەترەت ئەزاسى رېئاكتىۋىسنارەت ئاتتى. ئىككى بومبىنىڭ ئېتىلىشى بىلەن قاتتىق پارتلاش ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇڭكۇر ئىچى شۇ ھامان ئىس - تۇتەككە تولدى. چېن دامو، «چېكىنىڭلار» دەپ بۇيرۇق چۇشۇردى:

ئۇڭكۇرنىڭ نېرىسىدا چېن دامونىڭ گۇرۇپپىدىكىلەر پارتلاش ئاۋازىنى ئاڭلاپ، يېتىپ كەلگەن بىرقانچە تېرروورچىنى ئېتىپ تاشلىدى، شۇ ۋاقىتتا ئۇڭكۇرنىڭ ئاغزى گۇمۇرۇلۇپ چۇشتى، ئىنغرا قىزىل نۇرلۇق ئىزدەش قۇرۇلمىسى ئىشلىتىلگەچكە بۇ قېتىملىق پارتلىتىشنىڭ توغرىلىق دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولغانىدى.

ئۇڭكۇر ئىچىدىكى بارلىق پارتلاتقۇچلار پارتلىتىپ تاشلانغان-دىن كېيىن، «پىدائىيلار ئەترىتى» نىڭ ئەزالىرى بەلگىلەنگەن جايدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇچراشتى.

قورال - ياراغ ئىسكىلاتى پارتلىتىلغان شۇ دەقىقىدە، ئەركىن ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بىر چۇش كۇرۇۋاتاتتى، دەسلەپتە ئۇ پارتلاش ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا بۇنى ئۇزىنىڭ چۇشى دەپ ئويلاپ

قالدى، شۇڭا تولۇق ئويغانمىغان ئەركىن جۆيلۈپ ئىككى قېتىم ۋارقىراپ سېلىپ، يەنە ئۇيقۇغا كەتتى. ئەمما رەنا چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى، ئۇ ئالاقزادە بولغان هالدا ئەركىنگە ئۆزىنى ئاتتى - دە ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇپ:

— ئەركىن، قاتتىق پارتلاش ئاۋازى ئاڭلاندى، تېز ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ! — دېدى.

ئارقىدىنلا يەنە بىر قاتتىق ئاۋاز ئاڭلاندى، بۇنىڭ بىلەن ئەركىن چۆچۈپ ئويغاندى، بۇ چاغدا ئىككى مۇهاپىزەتچى ئۆيگە ئېتىلىپ كىرىپ، ئەركىننى سۆرەپ سىرتقا ماڭدى.

قورقۇپ كارىۋاتتا تۈگۈلۈپ يېتىۋالغان رەنا، يىغلاپ تۇرۇپ ئەركىنگە يالۋۇردى:

— ئەركىن، مېنى تاشلاپ كەتمەڭ!

ئەركىن توختاپ كەينىگە بۇرۇلدى ۋە ئىككى مۇهاپىزەتچىگە قاراپ:

— ئۇنى ئېلىپ مېڭىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى. بۇ چاغدا شىر ئەلى بىلەن ئابدۇلمۇ تەڭلا يۈگۈرۈپ كىرىپ، ئالاقزادە بولغان هالدا:

— بىز قورشاۋ ئىچىدە قالدۇق، سىرتتا بەلگە ئوقى ئېتىلدى، ئەمدى بۇ يەردە تۇرۇشقا بولمايدۇ، — دەپ دوكلات قىلدى.

— دەرهال ئادەملەرنى تەشكىللەپ، ئۇلار بىلەن ئېلىشىڭلار! — دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى ئەركىن.

ئابدۇل بېشىنى چايقاپ:

— بىزنىڭ ئۇلار بىلەن ئېلىشقۇدەك هالىمىز قالمىدى... — ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا، ئالدى بىلەن قاتتىق پارتلاش ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇنىڭدىن كېيىن سىرتتا قاتتىق قىيا - چىيا كۆتۈرۈلدى.

— دەرهال جېنىمىزنى ئېلىپ قاچايلى! — دېدى شىرئەلى.

— ھېلىقى ئىككى پارتلاتقۇچ دورىسى ياسىغۇچىنى ئېلىۋېلىڭلار، ماموت بىلەن ساۋۇتنى ئېلىۋېلىڭلار، ھەممىسىنى ئېلىۋېلىڭلار، يەر ئاستى لەخمىسىدىن چىقىپ كېتەيلى! — دەپ بۇيى-

رۇق چۇشۇردى ئەركىن.
تامدىكى قىزىل خىشلىق لەخمە ئېغىزى يەنى چېگرىغا ئۆتىدى- غان مەخپىي لەخمە ئېغىزى ئېچىلدى، توققۇز ئەر بىر ئايال بۇ لەخمە ئېغىزىدىن چىقىپ كەتتى، ئارقىدىن ئۇلار بۇ لەخمە ئېغىزى- نى ئېتىۋەتتى.

## 6

ئومۇمىي ھۇجۇم باشلاندى.
ئالدىن بېكىتىلگەن پىلان بويىچە، سەككىز ئايروپىلان ئوخ- شىمىغان جايغا قونۇپ، «قارا بۆركۈت» نىڭ مەخپىي بازىسىنى پۈتۈنلەي قورشىۋالدى، مەخپىي بازا ئۈستىنى بىردىنلا قىزىل نۇرلار قاپلىۋالدى، چۈنكى ئايروپىلانلار قونۇش ئالدىدا ھەممىسى رېئاكتىۋسىنارەت ئاتقان، ئۇنىڭ نۇرى يەر جاھاننى قاپلىغانىدى.
تېررورچىلارنىڭ ئۆيلىرى ۋە چېدىرلىرى پۈتۈنلەي بىتچىت قىلىپ تاشلاندى، مەخپىي بازا ئوت دېڭىزىغا ئايلاندى.
تېررورچىلار قالايمىقان ھالدا تەرەپ - تەرەپكە قاچقان بولسى- مۇ، ئەمما ساقچىلارنىڭ ئوت كۈچى بىلەن بويسۇندۇرۇلدى.
ج خ ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچىلار ۋە چېگرا ساقچىلىرى تەڭلا ھەرىكەتلىنىپ، «قارا بۆركۈت» مەخپىي بازىسىنى تەرەپ - تەرەپتىن تەڭلا قورشىۋالدى. ۋاقىتلىق قوماندانلىق شتابىنىڭ بەل- گىلىگەن پرىنسىپى: ئاۋۋال قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى يوقى- تىش، ئاندىن ھەربىر بۇلۇڭ - پۇچقاقنى قويماي ئاختۇرۇش ئىدى. بازىنىڭ ئەتراپىغا توردىن چۈشۈپ قالغان تېررورچىلارنى يوقىتىش خادىملىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.
تەخمىنەن ئۈچ سائەتلەردىن كېيىن، ئوق ئاۋازى ئاستا - ئاستا پەسەيدى.
نەق مەيدان تېز سۈرئەتتە ئاختۇرۇلدى، تېررورچىلاردىن ئۆلگىنى ئۆلۈپ، يارىدار بولغانلىرى يارىدار بولغانىدى، ئەمما ئەركىن قاتارلىق ئون نەچچە كىشىنىڭ ئىز - دېرىكى يوق ئىدى.

# ئوتتۇزىنچى باب

## 1

روزى تۆمۈرچى، ئىزىز، ساۋۇت، مامۇتلار مەجبۇرىي لەخمە-گە ئېلىپ كىرىلدى، ئۇلار ئۆرۈلۈپ - سوقۇلۇپ، لەخمىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە قاراپ كېتىشىۋاتاتتى.
شىرئەلى بۇ تۆتەيلەننى ئالدىدا يول ئېچىپ مېڭىشقا بۇيرۇغا-نىدى. بېشىغا چوڭ بالا - قازا كېلىش ئالدىدا تۇرغاندا، ئۇلار ئىختىيارسىز هالدا دۇئا - تىلاۋەت قىلىشتى، ئۆزلىرىنىڭ خېيىم-خەتەردىن ئامان قېلىشىنى تىلەشتى.
قاپقاراڭغۇ لەخمە ئىچىدە، ساۋۇت ئەڭ ئارقىدا كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ رەنا ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. ئۇ يېنىك ھەم ئۇش-شاق ئېلىنغان ئاياغ تاۋۇشىدىن ھەمدە ئەركىننىڭ تىتىلداپ تېز مېڭىشقا ئالدىراۋاتقانلىقىدىن ئەركىن ئېلىپ كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ ئايال ئىكەنلىكىنى سەزگەنىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردىكى بىر-دىنبىر ئايال رەنا ئىدى. ساۋۇت قەدىمىنى توختىتىپ، رەنانى يۆلەپ مېڭىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلدى. ئۇ: رەنانىڭ بويىدا بار، ئۇ بۇنداق كۆن نۇرى بولمىغان، ئوكسىگېن بولمىغان قاپقاراڭغۇ لەخمىدە ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇشقا قانداقمۇ چىداشلىق بېرەلەيدۇ، دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ بەك ئىچى ئاغرىدى، ئەمما ئۇ ئۆزى ئىنتايىن سۆيىدىغان بۇ ئايالغا ياردەم بېرىشكە ئىلاجسىز ئىدى. چۈنكى، ئارقىسىدا ئەركىننىڭ ئىككى مۇھاپىزەتچىسى بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭ دۈمبىسىگە مىلتىقلىرىنى تىرەپ كېتىۋاتاتتى.
مامۇتمۇ قىزىنىڭ بۇ قېچىپ كېتىۋاتقان قوشۇن ئىچىدە ئى-كەنلىكىنى بىلەتتى، قىزى مۇشۇ يەردە بولغاچقا ئۇنىڭ كۆڭلى سەل ئەمىن تېپىۋاتاتتى. ئۇ: قىزىم ئىككىمىز مۇشۇ يەردە بولىدى-كەنمىز بىز جەم بولغانغا ھېساب، شۇنداقلا بولىدىكەن، قېچىپ كېتىش ئېھتىماللىقى بولىدۇ، دەپ ئويلىدى. ئەمما، ئۇ ھازىر

قىزنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىدىن ئىنتايىن ئەندىشە قىلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ بۇ دىشۋارچىلىقلارغا چىداشلىق بېرەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەيتتى.

ئىككى سائەتتىن كېيىن، توققۇز ئەر ئۇستۇۋېشى پۇتۇنلەي توپا هالدا لەخمىنىڭ ئۇستىگە چىقتى. بۇ بىر ئادەمسىز رايون بولۇپ، پەقەت قورال - ياراغ زاۋۇتى تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتقان پارتلاش ئاۋازىنى ئاندا - ساندىلا ئاڭلىغىلى بولاتتى، شۇ سەۋەبتىن بۇ يەر خېلى بىخەتەر ئىدى. بۇ ئادەمسىز رايوندىن ئۆتۈپ، يەنە بىر ئوتلاقنى بېسىپ ئۆتكەندە ئاندىن چېگرىغا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. ئەينى چاغدا، ئابدۇلنىڭ بۇ يەرنى لەخمىنىڭ ئېغىزى قىلىپ تاللىشىدىكى مەقسىتى زادى ئامال بولمىغاندا، مۇشۇ يەردىن چەت ئەلگە قېچىپ كېتىش ئىدى.

ئەركىن بىردەم ساقلىغان بولسىمۇ رەنا چىقمىدى. ئۇ ئابدۇلغا ئادەملەرنى ئېلىپ مېڭىپ تۇرۇشنى بۇيرۇپ، شىرئەلىگە: سەن مېنىڭ يېنىمدا قال، دېدى.

بايا لەخمە ئېغىزىدىن چىقىشقا ئاز قالغاندا رەنا تۇيۇقسىز قوسىقىم ئاغرىپ كەتتى، هاجەت قىلىۋالاي، دەپ ئەركىنگە مېڭىپ تۇرۇشنى ئېيتقانىدى. ئەركىن لەخمە ئېغىزىغا كېلىپ:

— رەنا، رەنا، — دەپ چاقىردى.

— مەن بۇ يەردە، — دەپ جاۋاب بەردى رەنا. ئەركىن لەخمە ئىچىگە كىرىپ، لەخمە ئېغىزىدىكى يورۇقتىن رەنانىڭ چىرايىنىڭ بەك تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى، هەم قان هىدى بۇرنىغا ئۇرۇلدى، رەنانىڭ پېشانىسىدىن چىپىلداپ تەر چىقىۋاتاتتى، ئەركىن دەرهال رەنانىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئامرىقىم، نېمە بولدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

رەنا ئەركىننى چىڭ قۇچاقلاپ، يىغلاپ تۇرۇپ:

— مەن زادىلا بولالماي قالدىم، بويۇمدىن ئاجراپ ئەتكەن ئوخشايدۇ، مەندىن خۇن كەتتى، — دېدى.

ئەركىن دەرهال ئۇنىڭ ئالدىنى تۇتۇپ باقتى، راستتىنلا خۇن كەتكەنىدى.

ئۇ تىت - تىت بولغان هالدا:

— بەرداشلىق بېرەلەمسىز؟ ئالدىمىزدىكى يول تېخى خېلى ئۇزۇن، — دېدى.

رەنا بېشىنى چايقىدى.

بۇ چاغدا، لەخمە ئېغىزىدا ساقلاپ تۇرغان شىرئەلى زەھەرخەندىلىك بىلەن:

— نېمىشقا تېز بولمايسىلەر، سىلەر يەنە ھېلىقى ئىشىڭلارنى قىلامسىلەر؟ — دېدى.

شىرئەلى باشتىلا ئۇنىڭ بىر ئايالنى يېنىدا ئېلىپ يۈرۈشىگە قارشى ئىدى. ئۇ ئەرلەرگە چاپلىشىۋالىدىغان ئاياللارغا، ئاياللارنىڭ يېنىدىن كېتەلمەيدىغان ئەرلەرگە ئۆچ ئىدى. ئۇ ساقلاۋېرىپ تىتىلداپ كەتتى، كۆڭلىدە ئەگەر ئەركىن ئۇچ مىنۇتقىچە چىقمىسا ئۇنى تاشلاپ، ئۆزى قېچىش نىيىتىگە كەلدى.

ئەركىن شىرئەلىنىڭ ئۆزىنى ھاقارەتلىگىنىگە قاتتىق غەزەپلەندى. لېكىن خەۋپ - خەتەر باشقا كېلىۋاتقان بۇ جىددىي پەيتتە ئۇ بۇلارنى ھېسابلىشىپ ئولتۇرسا بولمايتتى، راستىنى ئېيتقاندا ئۇنىڭ كۆڭلى ھازىر ناھايىتى پاراكەندە ئىدى. مۇشۇنداق پەيتتە رەنانى ئېلىپ مېڭىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. رەنانى مۇشۇنداقلا تاشلاپ كېتەي دېسە بۇ رەنا بىلەن مەڭگۈ جۇدالاشقان بولاتتى. ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇ ئۆزىنىڭ ھايات قېلىش ئۈچۈن قىلغان خىياللىرىدىن چۆچۈپ كەتتى، ئەمما ئۇنىڭ مۇشۇنداق قىلماقتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى. رەنا ئەركىننى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلاپ بىر مەخپىيەتلىكنى ئېيتىپ بەردى:

— سۆيۈملۈكۈم، قۇملۇق ئىچىدە مەن قۇربان شۇجىلارنى قويۇۋەتكەن.

— مەن بۇنى بىلىمەن، — دېدى ئەركىن بېشىنى لىڭشىتىپ.

— سىز بۇنى قاچان بىلگەن؟ — دېدى رەنا ھەيران بولۇپ.

— ئاشۇ ئىش بولغاندىن كېيىنلا مەن بۇنى پەرەز قىلغان، — دېدى ئەركىن.

— مېنىڭ سىزگە ئاسىيلىق قىلغانلىقىمنى بىلگەنىكەنسىز، نېمىشقا شۇ ۋاقىتتا مېنى ئۆلتۈرۈۋەتمىدىڭىز؟

— مەن سىزگە چىدىمىدىم، — دېدى.
— ئەگەر مېنىڭ ئورنۇمدا باشقا ئادەم بولغان بولسا سىز قانداق قىلاتتىڭىز؟ — دېدى رەنا.
ئەركىن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ:
— ئۇنى بۇرۇنلا ئۆلتۈرۈۋېتەتتىم، — دېدى.
— ئەمىسە سىز مېنىڭدىن نەپرەتلىنەمسىز؟ — دەپ سورىدى رەنا.
ئەركىن بېشىنى چايقاپ:
— ياق، سىز ناھايىتى ئاق كۆڭۈل ئايال، مەن بىر ئالۋاستى، سىزنى نابۇت قىلدىم، مەن سىزدىن نېمىشقا نەپرەتلىنەي؟ — دېدى.
رەنا ئەركىننىڭ ئېغىزىنى توسۇۋېلىپ، ئۇنىڭ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا يول قويمىدى.
ئەركىن ئېڭىشىپ يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر مېھرى بىلەن رەنانىڭ چېكىسىگە سۆيدى:
— سۆيۈملۈكۈم، مېنىڭ ئارقامدىن يۈرۈۋاتقان مۇشۇ مىنۇتلاردا، ئۆزىڭىزنى بەختلىك ھېس قىلدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.
رەنا ئىنتايىن سەبىيلىك ۋە قانائەت بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.
— پۇشايمان قىلمامسىز؟ — دەپ سورىدى ئەركىن يەنە.
رەنا مەغدۇرسىز ھالدا بېشىنى لىڭشىتتى، ئاندىن:
— سۆيۈملۈكۈم، سىز مېنى مەڭگۈ ئېسىڭىزدە ساقلامسىز؟ — دەپ سورىدى.
ئەركىن چوڭقۇر مېھرى بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.
رەنانىڭ كۆزلىرى ياشقا تولدى.
ئۇ ئەركىننىڭ سۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر نەرسىنى ھېس قىلغانىدى. ئۇ: ئەركىن مېنى ئەمدى تاشلاپ كېتىدىغان بولدى، دەپ ئويلىدى.
ئەركىن ئاخىرقى قېتىم رەنانى چىڭ قۇچاقلاپ سۆيدى:
— سۆيۈملۈكۈم، بىز خوشلىشايلى! — دېدى.
رەنا كۈلۈپ تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتتى.
ئەركىن سول قولى بىلەن رەنانى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ،

ئوڭ قولىدىكى تاپانچىنى رەنانىڭ كۆكرىكىگە تىرىدى، ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئايالنىڭ بېشىغا ئوق ئېتىشنى خالىمىدى، ئۇ رەنانىڭ گۈزەل رۇخسارىنىڭ ئۆز قەلبىدە مەڭگۈ قېلىشىنى خالايتتى، شۇنداقلا يەنە رەنانىڭ بېشىغا ئوق ئېتىپ قويۇپ، مەڭگۈ قارا بېسىش ئىچىدە قېلىشىدىن ئەنسىرىدى.

— سۆيۈملۈكۈم، بىز جەننەتتە كۆرۈشەيلى، — ئەركىن تاپانچىنىڭ تەپكىسىنى باستى، گۈم قىلىپ ئوق ئېتىلدى.

رەنانىڭ يۈرىكى ھەرىكەتتىن توختىدى، ئەركىن رەنانىڭ يۇمۇلماي قالغان كۆزلىرىنى جۇپلەپ قويۇپ، لەخمىدىن چىقتى. شىرئەلى ئەركىننىڭ ئۈستىۋېشىنىڭ قان بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، ھەممىنى چۈشەندى ۋە سوغۇق تەلەپپۇزدا:

— ماڭايلى، — دېدى.

— توختاپ تۇر، لەخمىنىڭ ئېغىزىنى ئېتىۋېتىپ ئاندىن ماڭايلى، — دېدى ئەركىن.

ئەركىن بىلەن شىرئەلى ئالدىدا كەتكەنلەرنى تېزلا قوغلاپ يېتىشىۋالدى. مامۇت بىلەن ساۋۇت رەنانىڭ يوقلۇقىنى كۆردى، ساۋۇت قەدىمىنى توختىتىپ، ئۆزىنى زادىلا تۇتالماي ئەركىندىن:

— رەنا قېنى، — دەپ سورىدى.

ئەركىن تەمكىن ھالدا:

— ئۇ بارىدىغان يېرىگە كەتتى، — دېدى.

— سەن مېنىڭ قىزىمنى نېمە قىلدىڭ؟ — دېدى مامۇت ئەركىننىڭ ياقىسىنى سىقىپ.

— مەن ئۇنى جەننەتكە يولغا سېلىپ قويدۇم، — دېدى ئەركىن ناھايىتى خاتىرجەم ھالدا.

ساۋۇت بىردىنلا مۇشت كۆتۈرۈپ، ئەركىننىڭ يۈزىگە قاتتىق بىرنى سالدى ھەمدە:

— ھوي ھايۋان، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭمۇ؟ ئۇنى ماڭا قايتۇرۇپ بەر! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئىككى مۇھاپىزەتچى ئېتىلىپ كېلىپ، ساۋۇتنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇۋالدى.

مامۇتمۇ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ ئېتىلىپ كەلدى - دە، ئەر-

كىنگە بىر مۇشت سىلىپ:

— قىزىمنى قايتۇرۇپ بەر، قىزىمنى قايتۇرۇپ بەر! — دەپ توۋلىدى.

ئابدۇل دەرھال يۈگۈرۈپ كېلىپ، مامۇتنىڭ قوللىرىنى كەينىگە قايرىدى ھەمدە ئۇلارنىڭ يۈزىگە لازا سۈيۈقلۇقى پۈركۈدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھوشىدىن كەتتى.

ئەركىن ئەسەبىيلەشكەن ھالدا تاپانچىسىنى چىقىرىپ: ئۇ ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، دېدى، ئەمما شىرئەلى ئۇنى توسۇۋېلىپ:

— بولدى، ھازىر ئۇلار بىلەن ھېسابلىشىدىغان ۋاقىت ئەمەس، — دېدى.

— ۋاقىت كۆپ قالمىدى، بىز دەرھال قاچايلى، — دېدى ئابدۇل ئالدىرىتىپ.

— بىزگە قېچىشتىن باشقا يول قالمىدىمۇ؟ — دېدى ئەركىن ئۈمىدسىزلىك بىلەن.

— سەن ئەمدى «شەرقىي تۈركىستان ئىمپېرىيىسى» چۈشۈڭدىن ئويغان! ھازىر بىز ئادەمسىز رايوندىن ئۆتىمىز، يەنە بە كەنتتىن ئۆتۈپ ئاخىرىدا چوڭ بىر جىلغىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن چېگرىغا يېتىپ بارىمىز، — دېدى ئابدۇل ئەركىننى پەرۋايىغا ئالماي.

— بىزگە ھەقىقەتەن مۇشۇ يولدىن باشقا يول قالمىدىمۇ؟ — دېدى ئەركىن نىيىتىدىن يانماي.

— يەنە بىر ھالاكەت يولى بار، سەن ئۇ يولغا ماڭامسەن؟ — دېدى شىرئەلى ئاچچىق بىلەن.

ئەركىن بىردىنلا قاتتىق غەزەپكە كەلدى، ئۇ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ:

— مەن ھەتتا سۆيۈملۈك ئايالىمنىمۇ ئېتىۋەتتىم، ئەمدى نېمىدىن قورقاتتىم، «قارا بۆركۈت» ھەرگىز ئۆلمەيدۇ، — دېدى.

بەش مىنۇتتىن كېيىن ساۋۇت بىلەن مامۇت ھوشىغا كەلدى. ساۋۇت بىلەن مامۇتنى جازالاش ئۈچۈن ئەركىن ئۆزلىرى ئېلىپ

ماڭغان ئىغىر قوراللارنى ئۇلارغا يۆتكىتىپ قويدى. مامۇت بىلەن
ساۋۇت ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا،
ئۇلارنىڭ پەقەت جىسمىلا قالغان، ئۇلارنىڭ روھى رەنا بىلەن
كەتكەنىدى.

## 2

چېن دامو بىلەن ۋاڭ لۇنىڭ «پىدائىيلار ئەترىتى»، باش
قوماندانلىق شتابى تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئوڭۇشلۇق هالدا ئورۇنده-
دى، ئۇلار بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا قوماندانلىق شتابىغا قايتىپ كەل-
گەندە ئۆزلىرىنى بىئارام قىلىدىغان: ئەركىن قاتارلىق ئون كىشى
ئىزسىز يوقاپ كەتتى، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدى.

— ئۇلار چوقۇم لەخمە ئارقىلىق قېچىپ كەتكەن، هازىر
بىزنىڭ ئۇچقۇچىسىز رازۋېدكا ئايروپىلانلىرىمىز لەخمە ئىچىدىكى
ئەھۋاللارنى رازۋېدكا قىلالمايدۇ، شۇڭا دۇشمەنىنىڭ بۇ يوچۇقتىن
پايدىلىنىپ قېچىپ كەتكەنلىكى ناهايىتى ئېنىق، — دەپ تەھلىل
قىلدى جۇڭ چېڭ.

نەن نازىر بۇ قېتىمقى هەرىكەتنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى جۇڭ
چېڭنىڭ كۆزقارىشىغا قوشۇلدى، ئاندىن:

— ئۇنداقتا، دۇشمەن قايسى تەرەپكە قېچىپ كەتكەندۇ؟ —
دەپ سورىدى.

— ئۇنداقتا، ئۇلارنىڭ چېگرىغا قاراپ قېچىپ كەتكەنلىكى
ئېهتىمالغا يېقىن، — دېدى جۇڭ چېڭ.

نەن نازىر جەنۇبىي شىنجاڭ شۆبە هەربىي رايونىنىڭ قوماندا-
نىنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن دۇشمەنىنىڭ قېچىش يۆنىلىشىنى
تەھلىل قىلىپ بېرىشنى سورىدى.

قوماندان خەرىتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— سىلەر پاچاقلاپ تاشلىغان قورال - ياراغ زاۋۇتى ئەمەلد-
يەتتە چوڭ بىر زاراتگاهلىق، يەرلىك كىشىلەر بۇ جاينى مازار
دەپ ئاتايدۇ. مېنىڭچە، بۇ كىشىلەر مازاردىن ئۆتۈپ غەربكە قاراپ
قاچقان، ئۇلار ئادەمسىز رايوندىن ئۆتكەندىن كېيىن مەشهۇر تاتلىق

جىلغىسىنى بويلاپ چېگرىغا قاراپ قېچىپ، ئاندىن چېگرىدىن چەت ئەلگە ئۆتۈپ كەتمەكچى، — دېدى.
— ئۇنداقتا مازاردىن دۆلەت چېگرىسىغىچە بولغان ئارىلىق قانچىلىك كېلىدۇ؟ — دەپ سورىدى نەن نازىر ئۈستىلىنى ئۇرۇپ ھاياجانلانغان ھالدا.
— مېنىڭچە 140 كىلومېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ، — دەپ مۆلچەرلىدى قوماندان.
— ئۇنداقتا ئۇلار مازاردىن دۆلەت چېگرىسىغىچە، تاغ يولىدا مېڭىشقا توغرا كەلسە قانچە كۈن ماڭار؟ — دەپ سورىدى نەن نازىر.
— تەخمىنەن ئۈچ - تۆت كۈن كېتىدۇ، — دېدى قوماندان ئېنىق قىلىپ.
— چاتاق بوپتۇ، ۋاقىت ئىنتايىن جىددىي! دەرھال قىسىملارنى تەشكىللەپ قوغلايلى!
باش قوماندان نەن نازىرنى توسۇپ:
— نەن نازىر، سىلەر تاغقا كىرەلمەيسىلەر، بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىزمۇ تاغقا كىرەلمەيدىغان تۇرسا، — دېدى.
نەن جېنجۇڭ:
— سىلەرنىڭ جەڭچىلەر تاغقا كىرەلەمدۇ، كىرەلمەمدۇ؟ بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ كارىم يوق، بىراق، بىزنىڭ ساقچىلىرىمىز چوقۇم تاغقا كىرەلىشى كېرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن نەن جېڭجۇڭ ساقچىلارنى باشلاپ ئۆزۈم تاغقا كىرىمەن! — دېدى.
— نازىر سىز چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسىز؟ — دېدى قوماندان.
— مۇشۇ ۋاقىتتا مېنىڭ چاقچاق قىلىشقا نەدىمۇ ۋاقتىم بولسۇن؟ — دېدى نەن جېنجۇڭ جىددىي تۇردە.
ئاخىرى قوماندانلىق شتابى مۇزاكىرە قىلىپ: دۈشمەنلەر ھازىر مازاردىن ئۆتۈپ، ئادەمسىز رايونغا قاراپ قېچىۋاتىدۇ، ئۇ يەردىن چېگرىغا قاراپ قاچماقچى، دېگەن ھۆكۈمنى چىقاردى.
باش قوماندانلىق شتابى ناھايىتى تېزلا ئۈچ خىل لايىھىنى تۈزۈپ چىقتى. بىرىنچى، دەرھال M171 تىپلىق تىك ئۇچار ئايرو-

پىلاننى ئەۋەتىپ، قۇرۇم تاغلىرىدا رازۋېدكا قىلىش، مۇھىم نۇقتىنى ئادەمسىز رايون بولۇش. ئىككىنچى، جەنۇبىي شىنجاڭ ج خ ئىدا- رىسىنى ئاساس قىلىپ، تاغدا ئاختۇرۇش ئېلىپ بېرىش. ئۈچىن- چى، جۇڭ چېك تاشقى ئىشلار ساقچىلىرىنى باشلاپ، دەرھال چېگرىدىكى قوشنا دۆلەت بىلەن مۇددەتتىن بۇرۇن سۆھبەتلىشىش، ئەركىن قاتارلىقلار چېگرىدىن ئۆتۈپ، ئۇ يەرگە بارغان ھامان ئۇلارنى تۇتۇپ دۆلەتكە قايتۇرۇپ كېلىش.

باش قوماندانلىق ئورنىنىڭ بۇيرۇق چۈشۈرۈشى بىلەن M171 تىپلىق تىك ئۇچار ئايروپىلانلار دەرھال قوزغىلىپ، رازۋېدكا قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا ئاتلاندى.

چېن دامو: تاغقا كىرىپ ئاختۇرۇش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بار- دىغان قىسىملار ئۈچۈن يەنىلا بىزنىڭ 20 كىشلىك «پىدائىيلار» قوشۇنىمىزنى ئىشقا سېلىش كېرەك، چۈنكى ئۇلار تېخى ھېلىلا ۋەزىپىنى ئورۇنداپ قايتتى. ساقچىلارنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى ئۈستۈن، دېگەن تەكلىپىنى بەردى.

نەن نازىر قوماندانلىق شتابىنى مازارغا يۆتكەيدىغان ھەمدە جەڭگە ئۆزى قوماندانلىق قىلىدىغان بولدى.

ئۇلار ھازىر تۇرۇۋاتقان ئورۇندىن مازارغا 200 كىلومېتىر يول بار ئىدى، چېن دامو بىلەن ۋاڭ لۇ 20 نەپەر پىدائىينى باشلاپ، ياپونىيىدە ئىشلەنگەن ئۈچ «تويوتا» ماشىنا بىلەن مازارغا قاراپ مۇددەتتىن بۇرۇن يولغا چىقتى. بۇ قېتىم تاغقا چىقىشتا ئۇلار تولۇق تەييارلىق قىلغان: ئارمىيىدىن ياردەم قىلىنغان ما- مۇق ئۇخلاش خالتىسى، پرېسلانغان پېچىنە قاتارلىق تاغدا زۆرۈر بولغان لازىمەتلىكلەر ھەمدە ھەربىي خەرىتە، سىمسىز تېلېگراف قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن تولۇق تەييارلانغانىدى.

مازار دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىر ئېگىز بولۇپ، گەرچە ئۇلار ماشىنا ئىچىدە ئولتۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئېگىز تاغ رېئاكسى- يىسى ئۇلارغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى. شوپۇرنىڭ ماي تەپكىسى- نى دەسسىگۈدەك كۈچىمۇ قالمىدى، ئۇنىڭ پۇتى بەكلا ماغدۇر- سىزلىنىپ كەتكەنىدى، بەزەن ئەترەت ئەزالىرىنىڭ بېشى ئاغرىپ ۋارقىرىشىپ كەتكەنىدى. ئۈچ «تويوتا» ماشىنا بۇ تاغ يولىدا

ئۆياق - بۇياققا چايقىلىپ كېتىپ باراتتى. بىر ئايلانمىغا كەلگەندە ئارقىدا كېلىۋاتقان ماشىنا قاتتىق چايقىلىپ يېنىچە بولۇپ قېلىپ، جىلغىغا چۈشۈپ كەتكىلى تاسلا قالدى، ماشىنىنى ھەيدەپ كېلىۋاتقان يالقۇن ئىنىبىرتسىينىڭ كۆچى بىلەن ماشىنىدىن قاڭقىپ چىقىپ كەتتى. كۆپچىلىك قاتتىق چۆچۈپ كېتىشتى، ئەسلىدە يالقۇن ھەيدىگەن ماشىنىنىڭ ئالدى چاقىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان بىر زاپچاس چۈشۈپ قالغاچقا، بىر چاقى چىقىپ كەتكەنىدى. بۇنىڭ بىلەن ماشىنىنىڭ تومشۇقى يەرگە قادىلىپ قالغانىدى. كۆپچىلىك ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۇنى ئۇڭشىدى، ئاندىن يولىنى داۋاملاشتۇردى.

ئايروپىلانغا چىقىش ئالدىدا نەن نازىر: چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىغا، بارلىق چېگرىدىن چىقىش ئېغىزلىرىنى قامال قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلىڭلار! «پىدائىيلار ئەترىتى» مازارغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، دەرھال ھەرىكەتلىنىپ جىنايەتچىلەرنى قوغلاپ تۇتىمىز! دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

مازار ئەتراپى پۈتۈنلەي تاغلىق بولۇپ، تاغلار بىر - بىرى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەنىدى. ئەتىسى ئەتىگەن تاڭ سەھەردە، تىك ئۇچار ئايروپىلانلار مازارغا 50 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا قوندى، تۆت جەڭچى ماشىنا بىلەن نەن نازىرنى قوغداپ نىشانغا ئېلىپ باردى.

چېن دامو قاتارلىق پىدائىيلارمۇ ئەمدىلا يېتىپ كەلگەنىدى. نەن نازىر كېلىشى بىلەنلا چېگرا خەرىتىسىنى ئېلىپ، بىر ئورۇننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، چېن داموغا:

— ھازىر مانا بۇ يەردە چېگرىغا بارىدىغان ئىككى يول بار. بىرسى، تاجىكلار كەنتىدىن ئۆتىدىغان يول؛ يەنە بىرسى، ئادەمسىز رايوندىن ئۆتىدىغان يول، ئۇلار زادى قايسى يول بىلەن ماڭار؟ — دېدى.

— تاجىكلار رايونىدىن ئۆتىدۇ دېسەك بۇنىڭغا نېمە ئاساس بار؟ ئادەمسىز رايوندىن ئۆتىدۇ دېسەك بۇنىڭغا نېمە ئاساس بار؟ — دېدى چېن دامو.

— سەن پەرەز قىلىپ باقە، دۈشمەن زادى قايسى يولدىن مېڭىشى مۇمكىن، نېمە ئۈچۈن ئۇ يولدىن ماڭىدۇ؟ — دېدى نەن نازىر.

— ئەلۋەتتە ئادەمسىز رايوندىن ماڭىدۇ. ئۇلار تاجىكلار رايونىدىن ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ، تاجىكلارنىڭ ھوشيارلىقى ناھايىتى يۇقىرى، ئۇلارنى بايقاپ قالسا ئۇلار چوقۇم ج خ ئورگانلىرىغا مەلۇم قىلىدۇ ياكى بولمىسا بۇ دۈشمەنلەرنى ئۆزلىرى تۇتىدۇ، — دېدى چېن دامو.

— ئەمما، ئۇلار ئادەمسىز رايوندىن ئۆتسە نېمە يەيدۇ، ناۋادا ئۇلار ئېگىزلىك كېسىلى ياكى زۇكام بولۇپ قالسا تېخىمۇ چوڭ زىيان تارتىدۇ - دە، — دەپ نەن نازىر ئۆزىنىڭ ئوخشىمىغان پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئىككىلا يولنى قامال قىلىش تەكلىپىنى بەردى.

تاڭ يورۇشقا يەنە يېرىم سائەت بار ئىدى. «پىدائىيلار ئەترىتى» ئەزالىرىنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى، ئۇلار بىكار تۇرغۇچە ماشۇق ئۇخلاش خالتىسى، پىرىسلانغان پېچىنە، كونسېرۋا قاتارلىق نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرغىلى تۇردى. نەن نازىر كۆپچىلىككە سوغۇق ئۆتۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئارمىيىنىڭ پاختىلىق كىيىم يەتكۈزۈپ بېرىشىنى سورىدى. ئەمما ياڭقۇن:

— ئۇلارنى ئېلىشقا بولمايدۇ، يىڭنە چاغلىق بىر نەرسىنىمۇ ئالالمايمىز، چۈنكى بىز يەنە ئۈچ كېچە - كۈندۈز يول ماڭىمىز، ئۇلارنى كۆتۈرۈپ بولالمايمىز، ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ يۈڭ ئىشتان كىيىۋالساقلا بولىدۇ، — دېدى.

نەن نازىر كەتكەندىن كېيىن، «پىدائىيلار ئەترىتى» ئەزالىرىدىن ئۇخلىيالمىغانلىرى ئاي يورۇقىدا ئائىلىسىگە ۋەسىيەتنامە يازغىلى تۇردى. بۇ ئۇلارنىڭ بىر ھەپتە ئىچىدە ئىككىنچى قېتىم ۋەسىيەتنامە يېزىشى ئىدى.

## 3

«پىدائىيلار ئەترىتى» ئەزالىرى يەنىلا ئىككى گۇرۇپپىغا بۆ-

لۇنۇپ مېڭىش قارارىغا كەلدى. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، بىر «تويا-
تا» ماشىنا ئەترەت ئەزالىرىنى ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈپ مازار ھەر-
بىي پۇنكىتىغا 50 كىلومېتىر قالغان جايغا ئاپىرىپ قويدى. بۇ
بىر تۆت كوچا ئېغىزى بولۇپ، بىر يول ئادەمسىز رايونغا، بىر
يول چارۋىچىلىق رايونغا تۇتىشاتتى. ماشىنا ئەمدى يەنە ماڭالمايت-
تى. «پىدائىيلار ئەترىتى» ئەزالىرى مۇشۇ يەردىن باشلاپ، پىيادە
مېڭىشى كېرەك ئىدى.

تاغ پۈتۈنلەي تاقىر تۇرالغۇسى ئىدى. بۇ يەردە كىچىك بىر
كەپە تۇراتتى، ئۇ چارۋىچىنىڭ تۇرالغۇسى ئىدى. چېن دامو ماشى-
نىنى ھېلىقى ئۆينىڭ يېنىغا توختاتقۇزدى، ئاندىن كېيىن، ئۆي-
نىڭ ئىشىكىنى چەكتى، ئۆيدە كىچىك بىر تاجىك قىزى بار ئىدى،
ئۇ:

— دادام تاغقا قوي باققىلى كەتتى، مەن يالغۇز، — دېدى.

چېن دامو دوستانىلىك بىلەن قىزچاقنىڭ بېشىنى سىلاپ
قويدى ھەمدە ئۇنىڭغا ئىككى قۇتا كونسېرۋا بېرىپ:

— سىڭلىم، بىزنىڭ ماشىنىغا قاراپ قويۇڭ، بىز تاغقا
كىرىمىز، ئىككى كۈندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ، سىزنى ماشىنى-
غا چىقىرىپ ئوينىتىمىز، — دېدى.

قىزچاق خۇشاللىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

ۋاڭ لۇنىڭ گۇرۇپپىسى ئادەمسىز رايونغا قاراپ ماڭدى، چېن
دامونىڭ گۇرۇپپىسى تاجىكلار كەنتىگە قاراپ ماڭدى.

تاغ ئىچىدە، چېن دامونىڭ گۇرۇپپىسىدىكىلەر چىلىق -
چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتى، «پىدائىيلار ئەترىتى» ئەزالىرى
ئامالسىز ئېلىنىۋالغان نەرسىلىرىنى بىر - بىرلەپ تاشلاشقا باشلى-
دى. بۇ چاغدا ھەممەيلەن يالقۇننىڭ ئېيتقانلىرىنى توغرا تاپتى.

ھازىر ھەقىقەتەن بىرتال يىڭنىمۇ ئېغىرلىق قىلاتتى. ئۇلار
ئېلىۋالغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تاشلىۋېتىشى كېرەك ئى-
دى، بولمىسا بۇ تاغ يولىدا مېڭىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، چۈنكى
يەنە ئۈچ كېچە - كۈندۈز مېڭىش كېرەك ئىدى.

چېن دامو گۇرۇپپىسىدىكىلەر 20 نەچچە كىلومېتىر ماڭغان-
دىن كېيىن، ئالدى تەرەپتە قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ شەپىسى

بارلىقىنى سەزدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قۇراللىرىنى بەتلىشىپ، تاشنىڭ دالدىسىغا يوشۇرۇنۇپ جەڭ ھالىتىگە ئۆتتى. چېن دامو دۇربۇن بىلەن ئالدى تەرەپنى كۆزەتتى، ئۇلار ۋاڭ لۇنىڭ گۇرۇپ-پىسىدىكىلەر ئىدى. ۋاڭ لۇنىڭ گۇرۇپپىسىدىكىلەر چېن دامولار-نى كۆردى، چېن دامو دەرھال سىگنال بەردى، كۆپچىلىك ئۇچرى-شىپ خۇشاللىقىدىن قۇچاقلىشىپ كەتتى. چېن دامو ھەيران قال-غان ھالدا:

— بىز نېمىشقا ئۇچرىشىپ قالدۇق؟ — دېدى.

— شۇنى دېمەمسىز، نېمە بولغانلىقىنى بىلمىدۇق، چۆرگە-لەپ - چۆرگىلەپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇق، — دېدى ۋاڭ لۇمۇ ھەيران قىلىپ.

— مۇنداق بولسۇن، بىز ئادەمسىز رايون بىلەن ماڭايلى، سىلەر چارۋىچىلىق رايونى تەرەپكە قاراپ مېڭىڭلار، بولامدۇ؟ — دېدى چېن دامو سەل ئويلىنىۋېلىپ.

— بولىدۇ، — دېدى ۋاڭ لۇ.

«پىدائىيلار ئەترىتى» نىڭ ئىككى گۇرۇپپىسى تاغ ئىچىدە خۇددى ئىككى توپ چۈمۈلىدەك مىدىرلىشىپ كېتىپ باراتتى.

ۋاڭ لۇنىڭ گۇرۇپپىسى بىر كېچە - كۈندۈز ماڭغاندىن كې-يىن، ئاخىرى جۇۋا كىيىۋالغان مەڭزىلىرى قىپقىزىل بىر تاجىك چارۋىچىنى ئۇچراتتى. ئۇ چارۋىچى بېشىغا كىگىز قالپاق كىيىۋال-غانىدى، ئۇنىڭ ئاۋازىدىنلا ئۇنىڭ ناھايىتى خۇش چاقچاق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى، چۈنكى ئۇ قۇرۇم تېغىنىڭ ئىچكىرىسىدە ئات مىنىپ، ناخشا توۋلاپ كېلىۋاتاتتى. چارۋىچى يىراقتىنلا:

— ھەي، ئاغىنىلەر، ياردىمىم كېرەكمۇ؟ شۇنچە ئېغىر نەرسىلەرنى كۆتۈرۈۋاپسىلەر، ھارمىدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— پاھ، چىلان تورۇق ئارغىماق ئىكەنغۇ! — دەپ يالقۇن ئۇ چارۋىچى مىنىپ كېلىۋاتقان ئاتنىڭ ئۆزۈندىن بويان ئۆزى تەشنا قىلىپ كېلىۋاتقان ئات ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ:

— ئەپسۇس، ئۇ بىر ئات ئىكەن، ھەي، بىر توپ ئات بولسىچۇ، — دەپ ئۆكۈندى.

يالقۇن خۇشاللىق ئىچىدە چارۋىچى بىلەن ئۇنىڭ ئىتىنى ماختاپ كەتتى:
— ھەي، بۇرادەر، ئىتىڭىز سەل ئورۇق بولسىمۇ لېكىن قاۋۇل ئاتكەن، قاراڭ، ئۇنىڭ تۈكلىرىگە پارقىراپ تۇرىدۇ. بۇرادەر، ئىتىڭىز ناھايىتى ئېسىل ئات ئىكەن، — دېدى.
تاجىك چارۋىچى يالقۇننىڭ مال تونۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، خۇشال ھالدا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. بىراق، بۇ كۈلكە ئۇزۇن داۋام قىلمىدى. ئۇ گۇمان نەزىرى بىلەن ئۇرۇش كىيىمى كىيىۋالغان بۇ كىشىلەرگە قاراپ:
— خوش، سىلەر شۇنچە يىراق يەردىن بۇ يەرگە ئات ئىزدەپ كەلمىگەنسىلەر؟ — دەپ سورىدى.
ۋاڭ لۇ دەرھال ئەركىن قاتارلىقلارنى تۇتۇش توغرىسىدىكى بۇيرۇق بىلەن ئۇلارنىڭ رەسىمىنى تاجىك چارۋىچىغا كۆرسىتىپ:
— بۇ بىرقانچە كۈندىن بۇيان، سىز بۇ ئادەملەرنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.
تاجىك چارۋىچى بىرھازا قارىغاندىن كېيىن:
— كۆرمىدىم، — دېدى.
— بىز مانا مۇشۇ كىشىلەرنى قوغلاپ بۇ تاغقا كىرىپ قالدۇق، — دېدى ۋاڭ لۇ جىددىي تۇردە.
— ھە، بۇ ئەسكى ئادەملەرمۇ؟ ئۇلارنى دەرھال تۇتۇش كېرەك، بولمىسا ئۇلار تېخىمۇ كۆپ ئەسكى ئىشلارنى قىلىدۇ، ئەگەر مەن ئۇلارنى ئۇچرىتىپ قالسام چوقۇم سىلەرگە خەۋەر قىلىمەن. ھە، بۇ ئاتنى سىلەرگە بېرىپ تۇراي، سىلەر ئۇ ئەبلەخلەرنى تېزدىن قوغلاپ تۇتۇڭلار، — بۇ ئاق كۆڭۈل تاجىك چارۋىچى ئىتىنى ئەترەت ئەزالىرىغا بەردى ھەمدە ئاتنىڭ ساغرىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ:
— ئۇلار ھەممىسى ياخشى ئادەملەر، سىنىڭ ياردىمىڭگە موھتاج، — دېدى.
چىلان تۇرۇق ئارغىماق ئىگىسىنىڭ غەرىزىنى چۈشىنىپ قاتتىق كىشنەپ قويدى، بۇ بەلكىم ئۇنىڭ ئىگىسى بىلەن خوشلاشقىنى بولسا كېرەك. تاجىك چارۋىچى يۈزىنى ئاتنىڭ يۈزىگە يېقىپ،

بىردەم سۈركىدى، ئاندىن بۇرۇلۇپلا ناخشا ئېيتقىنىچە كېتىپ قالدى.

رازۋېدكىچىكلار ئۆزلىرىنىڭ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ لېكىن پۇرسەت بولماي قالدى. يالقۇن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ:

— خەيرى خوش، ياخشى بۇرادەر! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئات بولغاچقا، پىدائىيلار ئەترىتى ئەزالىرىنىڭ ئۇستى كۆپ يەڭگىللەپ قالدى. ئەمما يالقۇن يەنىلا توختىماي ۋايسايتتى، ئۇ:

— تەرلەپ يۇڭ ئىشتىنىم ھۆل بولۇپ كەتتى، يوتامنىڭ يومران تېرىلىرى سۈركىلىپ كەتتىغۇ دەيمەن، مۇشۇ تاپتا بىر خېنىم كېلىپ سىلاپ قويغان بولسىمۇ بوپتىكەن، خېنىم — دەپ يالقۇن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، يوتىسىنى سىلىدى، ئۇنىڭ يوتىسى ھەقىقەتەن قاناپ كەتكەنىدى.

ئەمەلىيەتتە، ۋاڭ لۇنىڭ ئىككى يوتىسىمۇ سۈركىلىپ كەتكەن، ئەمما ئۇ سەۋر قىلغانىدى. ئۇنىڭ يالقۇن بىلەن بولغان پەرقى مانا شۇ يەردە. يالقۇننىڭ ئازاب ۋە خۇشاللىقى بىراقلا يۈزىگە چىقاتتى، بۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ ئازابى سەل يېنىكلەيتتى، ئۇ دۇچ كەلگەن ئازاب ۋە خۇشاللىقلارنىمۇ مۇشۇ ئۇسۇلدا ئۆتكۈزۈۋېتەتتى، ئۇ نېمىلا ئىش بولسا تېشىغا چىقارماي بۇرۇقتۇرما بولۇپ يۈرۈيدىغان ۋاڭ لۇدەك ئىچ مىجەزلىك ئادەم ئەمەس ئىدى.

ئەترەت ئەزالىرى سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى، ئەگەر بىرەرسى تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ قارىسا، بۇ چوقۇم مېيىپلار بىرلەشمىسى ئۆتكۈزۈۋاتقان توكۇرلار يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىكەن دەپ قالاتتى. ئەترەت ئەزالىرىنىڭ يوتىسى سۈركىلىپ زېدە بولۇپ كېتىشتى، تاپىنىدىكى قاپارتمىلار تېخىمۇ چىدىغۇسىز ئاغرىيتتى. يالقۇن قىزىقچىلىق قىلىپ: «بۇ، يېڭى ئايىغى چىققان ئۆردەك چۈجىسىنىڭ ‹غاق، غاق، غاق›، قىلىپ، ماڭغىنىغا ئوخشاپ قالدىكەن» دېدى. يالقۇن قىزىقچىلىق قىلغاچ قەدىمىنى تېزلىتىپ ئالدىغا ئۆتتى. ۋاڭ لۇ يالقۇننىڭ بۇ ھەرىكىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرىنى ئىلھاملاندۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇنىڭ باشقىلارغا ئۈلگە كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى، ۋاڭ لۇمۇ قەدىمىنى چوڭ ئېلىپ، بۇ

ۋاقىتلىق ئۆلگىگە ئەگەشتى، بۇنىڭ بىلەن ئەترەت ئەزالىرىنىڭ سەل ھاردۇقى چىقىپ قالاتتى.

قاپقاراڭغۇ ئاسمان خۇددى چوڭ بىر كۆھىقاپتەك يورۇقلۇقنى يۇتۇپ كېتىۋاتاتتى، رازۋېدكىچىلارنى يۇتۇپ كېتىۋاتاتتى، رازۋېدكىچىلار كېتىۋاتقان بۇ چوڭ تاغنى يۇتۇپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ۋاڭ لۇنىڭ مۇنداق كۆرەشكە تۇنجى قېتىم قاتنىشىشى، بىرىنچى قېتىم مۇنداق يىراق يولنى پىيادە بېسىشى، ناتونۇش بىر جايدا قاپقاراڭغۇ بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈشى ئىدى. بۇ كېچە ۋاڭ لۇغا ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىنى ئەسلەتتى، بولۇپمۇ ما تيەنمۇنى ئەسلەتتى. خىيال ئىچىدە ئۇ چۈش كۆردى. ئۇ چۈشىدە ئاتا - ئانىسى، ئاچىسى بىلەن يېمەكلىك ئېلىپ، بوۋىسىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاش ئۈچۈن كېتىۋاتقۇدەك، ئۇلار كۆز يەتكۈسىز كەڭ بىر چۆلنى بېسىپ ئۆتۈپ، مۇز بىلەن قاپلانغان كەڭ بىر دۇنياغا كەپتۇمىش. ئۇ بوۋىسىنىڭ قەبرىسىمىش، بۇ چاغدا خۇددى بېشارەتتەك بىر ئاۋاز ئاڭلانغۇدەك، ئۇ: ھايات 25 يىلدا بىر قېتىم دەۋر قىلىدۇ، سەن ھازىر 25 ياشقا كىردىڭ، دېگۈدەكمىش. ۋاڭ لۇ بۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمىگۈدەك. ئانىسى ئۇنىڭ ئېسىگە سېلىپ: بۇ كېيىنكى ئۆمرۈڭدە خاتا يولدا ماڭما دېگەنلىك، دېگۈدەك. ۋاڭ لۇ بۇنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ چۈشىنەلمىگۈدەك. شۇ چاغدا، ئۇ ئويغىنىپ كەتتى. ئەسلىدە ئۇ مېڭىپ كېتىۋېتىپ ئۇخلاپ قالغان، ناھايىتى قىسقا بىر چۈش كۆرگەن، ئەمما قاتتىق سوغۇقتىن ئويغىنىپ كەتكەنىدى.

ئەترەتنىڭ باشقا ئەزالىرىمۇ بىردەم ئويغاق، بىردەم ئۇيقۇلۇق ئىچىدە چۈش كۆرۈپ كېتىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ قەدىمى مەيلى ئاستا بولسۇن، مەيلى تېز بولسۇن، زادىلا توختاپ قالمايتتى، ئۇلار توختاپلا قالسا سوغۇقتا توڭلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

ۋاڭ لۇ يەنە چۈش كۆردى. ئۇ چۈشىدە ئاجايىپ گۈزەل بىر جاينى كۆردى، ئۇ يەردە نۇرغۇنلىغان ئاجايىپ - غارايىپ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن، ئەتراپ يېشىللىق ئىدى، يەنە ئاجايىپ - غارايىپ قايماق رەڭدىكى يالغان سۈنئىي تاغلار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ چۈشىدە ما تيەنمۇنى كۆردى، ئۇ ئىنتايىن مودا كىيىنگەن،

ئۇ ئېرى بىلەن بالىسىنى يېتىلەپ، بەختلىك هالدا ۋاڭ لۇنىڭ چۇشىگە كىرىپ كەلگەندى. ئۇنىڭ بىر توپ بالىسى باردەك قىلاتتى، ئۇ بالىلارنىڭ هەممىسى شۇنداق سۆيۈملۈك ئىدى، ما تيەنمۇ بىر مۇسابىقە ماشىنىسىنى هەيدەپ، ئۆزىنىڭ بىر توپ بالىلىرى بىلەن ئويناۋاتاتتى. بۇ هالەتنى كۆرۈپ ۋاڭ لۇ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى، ئۇ ما تيەنمۇنىڭ بالىلار بىلەن ئويناۋاتقان ئاشۇ هالىتىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. ئۇ چۈش كۆرۈۋاتقان بۇ جاي دېڭىز ئاستىدەك قىلاتتى، ئەتراپ پۈتۈنلەي هۆلچىلىك ئىدى، ئۇ خۇددى بىر ئېزىتقۇ مەنزىرىدەكمۇ قىلاتتى. ۋاڭ لۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى، ئەسلىدە ئۇلار كېتىۋاتقان بۇ تاغدا يامغۇر يېغىۋاتقاندكەن. ئەترەت ئەزالىرىنىڭ هەممىسى يامغۇردا هۆل بولۇپ ئويغىنىپ كەتكەن، هەممىسى باشلىرىنى تۇتۇپ كېتىشىۋاتاتتى. ئەمدى ئۇلارنىڭ هېچقايسىسى ئۇخلاپ قالمىدى.

ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە، ۋاڭ لۇنىڭ گۇرۇپپىسى ئاخىرى بىر تاجىكلار كەنتىنى كۆردى. ئۇ كەنتتە ئاران ئون نەچچە ئائىلە باردەك قىلاتتى، ئەترەت ئەزالىرى كەنت تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئىس هىدىنى پۇرىدى، يەنە تاجىك ئاياللىرىنىڭ دەريا بويىدا كىر يۇيۇۋاتقان خىرە كۆرۈنۈشىنى كۆردى. كۆپچىلىك هاياجانلىنىپ: «ئاخىرى ئادەم بار جايغا كەلدۇق!» دېيىشتى.

بۇ كەنت ئەتراپىدا يەنە بىرقانچە كىچىك كەنتلەر بار ئىدى. بۇ تاجىكلار رايونىدىن ئۆتكەندە ئۇزۇن ماڭمايلا دۆلەت چېگرىسىغا يېتىپ بارغىلى بولاتتى.

تاجىكلارنىڭ هوشيارلىقى هەقىقەتەن يۇقىرىكەن، ئۇلار جەڭ كىيىمى كىيگەن ساقچىلارنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ، بوۋايلار، ئاياللار هەممىسى كەنت سىرتىغا چىقىپ، ئۇلارنى قارشى ئالدى، كەنت ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى:

— بىز تېلېۋىزوردىن سىلەرنىڭ ئەسكى ئادەملەرنى تۇتۇۋاتقانلىقىڭلارنى كۆردۇق، مەن كەنتتىكىلەرنىڭ هەممىسىگە ئەسكى ئادەملەرنى ئۇچراتساڭلار، دەرهال ج خ ئورگانلىرىغا مەلۇم قىلىڭلار دېدىم، — دېدى. ئاندىن:

— سىلەر ئاۋۋال ئەتكەنچاي بىلەن نان يېگەش تۇرۇڭلار،

ئايالىرىمىز ھازىرلا تاماق ئېتىدۇ، ئاڭغىچە سىلەر ئازراق ئارام ئېلىۋېلىڭلار، — دېگەن تەكلىپنى بەردى.

بىر تاجىك بوۋاي ئەترەت ئەزالىرىنىڭ ئارام ئېلىۋېلىشى ئۈچۈن ئۆيىنى بوشىتىپ بەردى.

كۆپچىلىك ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا ۋايجانلىشىپ ئۆزىنى يەرگە ئېتىشتى، يالقۇن:

— بەخت دېگەن نېمە، قورساق ئاچقاندا ئۇنى تويغۇزۇشنى ئويلاشنىڭ ئۆزى بىر بەخت، — دېدى.

ۋاڭ لۇ بىرەر سائەتتەك ئۇخلىغاندىن كېيىن، خاراموش ھالدا ئاتلارنىڭ دۇپۇرلىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى. چۈش كۆرۈۋاتىمەنمۇ؟ ياكى بۇ راستتىنلا ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازلىرىمۇ؟ ۋاڭ لۇ گەرچە ئەمدىلا بىر كېچە يول ماڭغان بولسىمۇ، ئۇ خاتا تۇيغۇ كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانىدى. ئۇ كۆزلىرىنى كۈچەپ ئېچىپ ئۆزىنى سەل توختىتىۋالدى. ئۇ ھەقىقەتەن ئات تۇياقلىرىنىڭ دۇپۇرلەپ كەنت تەرەپكە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ۋاڭ لۇ شۇ ھامان ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتى، بۇ چاغدا ئۇ ھەقىقەتەن بىر تونۇش كىشىنى كۆردى، ئۇ ھېلىقى چىلان تورۇق ئارغىماقنىڭ ئىگىسى ئىدى. ئۇ ناھايىتى كېلىشكەن بىر قارا ئارغىماقنى يېتىلەپ كېلىۋاتاتتى.

— ھەي، ياخشىمۇسىلەر، بۇرادەرلەر! بىز يەنە يۈز كۆرۈشتۇق، مەن سىلەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىڭلارنى بىلەتتىم، — دېدى ھېلىقى تاجىك ۋاڭ لۇنى كۆرۈپ ئىسسىق چوڭ قوللىرىنى ۋاڭ لۇغا ئۇزاتتى، سىلەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن مەن بىرقانچە چارۋىچىنى ئۇچراتتىم، ئۇلار مەندىن: ئېتىڭ قېنى؟ دەپ سورىدى. مەن سىلەر بىلەن ئۇچراشقان ئەھۋاللارنى ئۇلارغا ئېيتىپ بەردىم، ئۇلار ماڭا بىر سائەت ئىلگىرى جىلغا ئىچىگە يەتتە - سەككىز ئەرنىڭ يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىنى كۆردۇق، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى قاپقارا بولۇپ كەتكەن، ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەنىكەن، سىلەرنىڭ تۇتۇش بۇيرۇقۇڭلاردىكى كىشىلەرگە بەك ئوخشايدىكەن، دېدى. مەن ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بۇ ئەھۋالنى چوقۇم ساقچىلارغا مەلۇم قىلىش كېرەك دەپ ئويلىدىم، ئۇلار ماڭا ئېتىنى

ئارىيەت بېرىپ تۇردى ھەمدە مېنى سىلەرگە خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئەۋەتتى، دېدى.

— دەل شۇلار، چاتاق يوق! — ۋاڭ لۇننىڭ خۇشاللىقتىن ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

يالقۇن سىرتتىكى ھېلىقى ۋاراڭ - چۇرۇڭلارنى ئاڭلاپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇ ھېلىقى تاجىكنىڭ مۈرىسىنى سىقىپ قويۇپ:

— بۇ گۇيلارنى تۇتقاندىن كېيىن، مەن چوقۇم سىزنى ئوبدان مېھمان قىلىمەن، — دېدى.

— تېز بېرىپ ئۇلارنى تۇتۇڭلار، بولمىسا ئۇلار تېخىمۇ كۆپ ئەسكى ئىشلارنى قىلىدۇ، — دېدى ھېلىقى تاجىك.

ئەترەت ئەزالىرى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇشتى، ئۇلار پۈتۈنلەي ئويغىنىپ كەتكەنىدى.

— ھازىر بىرلا ئات بار، قانداق قىلىمىز؟ — دېدى يالقۇن. كەنتتىكى چارۋىچىلار ھەممىسى ئاتلىرىنى مىنىپ چىقىپ كېتىشكەنىدى.

— بولمىسا مەن ئاۋۋال ئاتلىق بېرىپ كۆرۈپ باقاي. ئەگەر ئۇلارنى ئۇچراتسام ئۇلار بىلەن ئېتىشماي؛ ئۇلارنى ئۇچرىتالمىسام مازاردىكى قوماندانلىق ئورنىغا دوكلات قىلاي، ئۇلار بۇ گۇيلارنى قوغلاشقا چوڭ قوشۇن ئەۋەتسۇن، سىلەر ئەسلىي يولۇڭلار بىلەن كەينىڭلارغا قايتىڭلار. بىز بۇ گۇيلارنى ئىككى تەرەپتىن ئارىغا ئالايلى! — دېدى يالقۇن.

— مەن سەن بىلەن بىللە باراي! — دېدى ۋاڭ لۇ دەرھال يالقۇننىڭ ئالدىغا كېلىپ، قەتئىي تەلەپپۇزدا.

— ئەگەر دۈشمەنلەرگە ئۇچرىشىپ قالساق قانداق قىلىسەن؟ قورقامسەن؟ — دېدى يالقۇن ۋاڭ لۇغا قاراپ قويۇپ.

— ئېلىشمامدىغان، ئۆلۈپ كەتسەك شەرەپ - دە! — دېدى ۋاڭ لۇ دەرھال.

— بولىدۇ، ئۇزۇن - قىسقا قورالنىڭ ھەممىنى ئېلىۋال! — دېدى يالقۇن خۇشال ھالدا.

— بۇ ئاتنىمۇ ئېلىۋېلىڭلار، ئىككىلا ئاتنى ئېلىۋېلىڭلار، مەن كەنتتە قالغان يولداشلارغا تاماق تەييارلىتاي، — دېدى

ھېلىقى تاجىك مەردلىك بىلەن.
يالقۇن يەنە بىر قېتىم بۇ تاجىكنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى، ئۇنىڭ ھاياجىنى چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.
ئۇلار كۆپ تەييارلىق قىلىشقا ئۇلگۇرەلمىدى، پەقەت ئاپتوماتىك مىلتىق، تاپانچىلىرىنى ۋە سۆزلىشىش ئاپپاراتىنى ئېلىۋالدى، بۇ بۇنىڭدىن كېيىن تاغلىق رايوندا ئالاقىلىشىشنىڭ بىردىنبىر ۋاستىسى ئىدى. يالقۇن چىلان تورۇق ئارغىماققا مىندى، ۋاڭ لۇ قارا ئارغىماققا مىندى، ئۇلار بىرى ئالدىدا بىرى ئارقىدا ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ خۇددى جەڭگە ماڭغان باتۇرلار قايتىپ كەلمەيدىغاندەك ئاجايىپ بىر تەنتەنە، جاسارەت بىلەن كېتىۋاتاتتى.

## 4

ئەھۋال ئىنتايىن جىددىي بولغاچقا، يالقۇن بىلەن ۋاڭ لۇ ئىككى كىلومېتىر ماڭمايلا ئۇلار ئارىسىدىكى ئارىلىق ئۇزىراپ كەتتى.
ۋاڭ لۇ ئات مىنىشنى ئانچە ياخشى بىلمىگەچكە ئارقىدا قالدى، ئۇنىڭ كاسسا سۆڭەكلىرى تېلىپ ئاغرىپ كەتتى، ئات ئۇستىدە زادى قانداق ئولتۇرسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلەلمىدى. ئۇ ئەسلىدە ئات مىنىش ئاجايىپ قىزىقارلىق، ئاجايىپ سالاپەتلىك ئىش دەپ ئويلايتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇزىنىڭ مۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى ۋە مۇنداق بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. ياخشى يېرى ئۇ خۇددى ھاۋا بوشلۇقىدىن كېلىۋاتقاندەك ئېلىشمادىغان ئىنتايىن يېقىملىق ئېقىن سۇ ئاۋازىنى ئاڭلىدى، ئۇ ئۆزىنى يىراقتىكى پايانسىز دۇنيادا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلدى.
ۋاڭ لۇ ئات مىنىپ 10 كىلومېتىردەك يول ماڭغاندىن كېيىن ئېگەرنىڭ تاسمىسىنىڭ بوشاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇ ھەمىشە ئات ئۇستىدىن چۈشۈپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى، ئۇ جىددىيلىشىپ ئاتنى توختاتماقچى بولۇپ، پۇتى بىلەن ئاتنى ئۇرۇپ قويدى، ئۇنىڭ ئات مىنىش تەجرىبىسى بولمىغاچقا ئات قويۇندەك چېپىپ كەتتى. قارا ئارغىماق ۋاڭ لۇنى يەتتە ـ سەككىز مېتىر يىراقلىققا

ئىرغىتىپ تاشلىدى، ۋاڭ لۇ ئۆز گەۋدىسىنىڭ ھاۋادا پىرقىراپ
ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، كېيىن نېمە بولغانلىقىنى
بىلمەي قالدى.
يالقۇن يول يۈرۈشكە ئالدىراپ، چىلان تورۇق ئارغىماقنى
توختىماي قامچىلايتتى، ئۇ بىلە - بىلمەيلا ئۇزىراپ كەتكەنىدى.
ئۇ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازىنى ئاڭلىمىغاچقا
توختاپ قۇلاق سالدى، ئەمما ھېچقانداق ئاۋاز يوق ئىدى. ئۇ
كەينىگە شۇنداق بۇرۇلۇپ، ئاپلا، دەپ قالدى. ۋاڭ لۇ كۆرۈنمەيت-
تى. يالقۇن دەرھال ئاتنى كەينىگە ياندۇرۇپ، سۆزلىشىش ئاپپارا-
تى ئارقىلىق ۋاڭ لۇ بىلەن ئالاقىلەشمەكچى بولدى: «ۋاڭ لۇ،
ۋاڭ لۇ، ۋاڭ لۇ، سەن نەدە؟ ئارقامدىن كېلىۋاتامسەن؟» دېدى.
سۆزلىشىش ئاپپاراتىدىن ھېچقانداق سىگنال ئاڭلانمايتتى،
ئۇ: ۋاڭ لۇ ماڭا يېتىشەلمەي قالدىمۇ نېمە؟ ياكى بىرەر ئىش
چىقىپ قالدىمۇ؟ دەپ ئويلىدى. يالقۇن مۇشۇلارنى ئويلاپ، بەدىنى-
دىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى، ئۇ دەرھال سۆزلىشىش ئاپپاراتىنى
تاشلاپ كۈچىنىڭ بارىچە: ۋاڭ لۇ، ۋاڭ لۇ، سەن نەدە؟ دەپ
ۋارقىرىدى. يالقۇن ھەقىقەتەن تىت - تىت بولۇپ كەتكەنىدى.
— مەن بۇ يەردە! — يول بويىدىكى جىلغىدىن ناھايىتى
ئاجىز بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، يالقۇن دىققىتىنى يىغىپ، ۋاڭ لۇنىڭ
يول بويىدىكى جىلغىدا ئۆمىلەپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى. ۋاڭ لۇ
ئەسلىدە ئاتتىن يىقىلىپ چۈشكەن ھەمدە ھوشىدىن كەتكەنىدى.
يالقۇن ۋاڭ لۇنىڭ بۇ ۋەيرانە ھالىتىنى كۆرۈپ، ھەيران
قېلىپ:
— مىلتىقىڭ قېنى؟ سۆزلىشىش ئاپپاراتىڭ قېنى؟ —
دەپ سورىدى.
— ئاپلا، يامان بوپتۇ، ئۇلار نەگە كەتكەندۇ؟ تېز
ئىزدەيلى، — ۋاڭ لۇ جىددىيلەشكىنىدىن تۆت ئەتراپقا قاراشقا
باشلىدى. يالقۇن بىر تاشنىڭ كەينىدىن مىلتىقنى تاپتى، ئۇنى
يەردىن ئېلىپ، مىلتىقنىڭ زاتورىنى تارتىپ كۆردى: چوڭ چاتاق
يوق، ئىشلەتكىلى بولىدىكەن! يالقۇن مىلتىقنى ۋاڭ لۇغا بەردى.
بۇ يەردىن ئون نەچچە مېتىر يىراقلىقتا سۆزلىشىش ئاپپاراتى-

دىن گىژىلداپ ئاۋاز چىقىۋاتاتتى.

— ۋاڭ لۇ كەل، بىز ئاتلىرىمىزنى ئالماشتۇرايلى، سىنىڭ بۇ قارا ئارغىمىقىڭ بەك شاشكەن، — دېدى يالقۇن ئېتىنى يېتىلەپ كېلىپ، ۋاڭ لۇنىڭ ئېتى بىلەن ئالماشتۇرماقچى بولدى.

ۋاڭ لۇ بىردىنلا چېچىلىپ:

— سەن مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسەن؟ مېنىڭ ئېتىم ئەسكى بولغاچقا سېنىڭ ئېتىڭ بىلەن ئالماشتۇرىمىزمۇ؟ — دېدى.

— بوپتۇ، بوپتۇ، سەن مېنىڭ تەكلىپىمنى قوبۇل كۆرمە-سەڭ مەيلى، — دېدى يالقۇن.

بۇ نۆۋەت ئىككىيلەن ئارىلىقنى بەك ئۇزارتىۋەتمەي ماڭدى. ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى 500 مېتىردەك كېلەتتى، پرىنسىپ ھەر ئىككىسى بىر - بىرىنى كۆرۈپ مېڭىش ئىدى.

قاراڭغۇ چۈشەي دېگەندە ئۇلار ھېلىقى «تويوتا» ماركىلىق ماشىنا توختىتىپ قويۇلغان جايغا كەلدى ھەمدە ھېلىقى كىچىك ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىردى، ئۆيدە يەنىلا ھېلىقى كىچىك قىزچاق بار ئىدى:

— نېمىشقا ھەر كۈنى بىزنىڭ بۇ يەردىن بىرمۇنچە ئادەم ئۆتىدۇ؟ — دەپ سورىدى قىزچاق سەبىيلەرچە.

— كىملەر بۇ يەرگە كېلىپ كەتتى؟ — دەپ سورىدى يالقۇن دەرھال.

— تۈنۈگۈن ئاخشام مەن ئۆيدە ئۇلتۇرسام، يەتتە - سەككىز ئەر ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى سايدىن ئۆتۈپ كەتتى، ناھايىتى ئېھتى-يات بىلەن ئۆتۈپ كەتتى، سىلەر ئۇلارنى تونۇمسىلەر؟ — دەپ سورىدى قىزچاق.

— ئۇ ئادەملەرنىڭ تۇرقى قانداقكەن؟ — دەپ دەرھال سورىدى ۋاڭ لۇ قىزچاقتىن.

— كېچە بەك قاراڭغۇ بولغاچقا ئۇلارنى ئوچۇق كۆرەلمىدىم، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىرمۇنچە نەرسىلەرنى يۇدۇۋالغانلىقىنى، ناھايىتى ھېرىپ كەتكەندەك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، — دېدى قىزچاق.

— ئۇلار قايسى تەرەپكە كەتتى؟ كۈنپېتىشقىمۇ؟ كۈنچىقىش-

قىمۇ؟ ياكى شىمال تەرەپكە كەتتىمۇ؟ — يالقۇن بىراقلا ئۈچ يۆنىلىشنى ئېيتمۇەتتى.

قىزچاق بىردەم ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئادەمسىز را-يوننى كۆرسىتىپ:

— كۈنپېتىش تەرەپكە كەتتى، — دېدى.

— قوغلايلى! — دېدى ۋاڭ لۇ كەسكىنلىك بىلەن.

ئىككىيلەن ئادەمسىز رايونغا قاراپ ماڭدى، ئەمدىلا ئىككى - ئۈچ كىلومېتىر مېڭىشىغىلا، يىراقتا بىر توپ ئادەمنىڭ خىرە قارىسى كۆرۈندى، ۋاڭ لۇ ھەم جىددىيلەشكەن، ھەم خۇشال ھالدا:

— ئادەم كېلىۋاتىدۇ، دىققەت قىلايلى، — دېدى. ۋاڭ لۇ دۇربۇن بىلەن بىردەم قارىغاندىن كېيىن:

— ئېھتىمال ئۇلار «قارا بۇركۇت» بولۇشى مۇمكىن. يەتتە - سەككىز ئادەمدەك تۇرىدۇ، بەزىلىرى ئاتلىق، بەزىلىرى ئېشەك مىنىۋاپتۇ، ئۇلارمۇ قولىغا دۇربۇن ئېلىپ، بىزنى كۆزىتە-ۋاتقاندەك قىلىدۇ، — دېدى.

— راستىنىلا ئۇچرىشىپ قالغان ئوخشايمىز، ۋاڭ لۇ، راست گەپنى قىلە، قورقۇۋاتامسەن؟ — دېدى يالقۇن قوينىدىن گىراناتنى ئېلىۋېتىپ، جىددىيلەشكەن ھالدا.

— نېمىدىن قورقاتتىم؟ دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالساق ئېلىشىمىز، ئۆلۈپ كەتسەكمۇ شەرەپ بىلەن ئۆلۈپ كېتىمىز دې-دىمغۇ! — ۋاڭ لۇ جەڭدىن ئىلگىرىكى نىيىتىدىن زادىلا يانمىغا-نىدى.

ئىككىيلەن بىر تاشنىڭ كەينىگە مۆكۈنۈپ، قوراللىرىنى بەت-لەپ قارشى تەرەپنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى.

ۋاڭ لۇنىڭ بۇ جەڭنى كۈتۈۋاتقىنىغا ئۇزۇن بولغانىدى، جەڭ ئەمدى بىردىنلا يېتىپ كەلدى، ئەمما، ۋاڭ لۇ بۇ جەڭدە قۇربان بولۇشنى ئەمەس، جەڭدە ئاجايىپ باتۇرلۇق كۆرسىتىش لازىملىقى-نى ھېس قىلدى.

سەل ئۆتكەندىن كېيىن ئىككىيلەن بۇنىڭ بىھۇدە چۆچۈش ئىكەنلىكىنى سەزدى، چۈنكى ئۇلارغا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلار

ئەمدىلا ئايرىلغىنىغا ئىككى كۈن بولغان چېن دامو گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئىدى. ئىككى گۇرۇپپا تۇتۇشۇپ قالغىلى تاس قالغانىدى.

ئەسلىدە چېن دامولارنىڭ گۇرۇپپىسىدا يول باشلىغۇچى بولمىغاچقا، ئۇلار ئادەمسىز رايوندىن ئايلىنىپ، بۇ تاجىكلار كەنتىگە كەلگەنىدى. سۇنئىي ھەمراھتا ئورۇن بەلگىلەش ئاپپاراتى قاچانلاردىدۇر چۈشۈپ قالغانىدى.

كەنتكە كەلگەندە، ئۇلار ۋاڭ لۇ بىلەن يالقۇنلارنىڭ ھېلىقى گۇمانلىق كىشىلەرنى قوغلاپ كەتكەنلىكىنى بىلدى، چېن دامو بىر كىچىك گۇرۇپپىنى باشلاپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاش نىيىتىگە كەلگەنىدى. كىم بىلسۇن؟ ئىككى گۇرۇپپا يەنە بىر قېتىم ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇلار يەنە بېرىپ ھېلىقى كىچىك قىزچاقنى ئىزدەپ بىر قۇر ئەھۋال ئىگىلىدى. ئۇلار: «قارا بۆركۈت» گۇرۇپپىسىدىكى كىشىلەر چوقۇم مۇشۇ تاغ ئىچىدە ئېزىپ ئايلىنىپ يۈرۈيدۇ، تېخى يىراققا كەتمىدى، دېگەنلەرنى تەھلىل قىلدى.

— ئاۋۋال قوماندانلىق شتابىغا بېرىپ دوكلات قىلايلى، ئەتە ئەتىگەندە چوڭ قوشۇن تاغنى قويماي ئاختۇرسۇن، — دېدى چېن دامو.

ئۇلار ماشىنا بىلەن 20 كىلومېتىردەك ماڭغاندىن كېيىن، چېن دامو يىراقتىكى بىر كىچىك ئۆينى كۆرسىتىپ:

— ئۇ يەرگە بېرىپ كۆرۈپ باقمامسىز، قانداق؟ — دېدى.

— ئىشقىلىپ بۇ يەردىن قوماندانلىق شتابىغا يەنە 20 نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ، بىز يەنىلا ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئەھۋالنى دوكلات قىلايلى، ئەتە ئەتىگەندە چوڭ قوشۇن تاغنى ئاختۇرسا ئۇنداقتا بۇنىڭ ئىشەنچلىكلىكى يۇقىرىراق بولىدۇ، — دېدى يالقۇن.

چېن دامو بۇ گەپنى يوللۇق ھېس قىلىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇقىنى بىلدۈردى، ئەمما نېمە ئۈچۈندۇر ئۇ ھېلىقى قاپقاراڭغۇ ئۆيدە بىر ئىش بارمىكىن دەپ ئەنسىرەيتتى: نېمىشقا ئۇ ئۆيدە چىراغ يېقىلمايدۇ؟ ئۇنىڭ ئۇ ئۆيگە بېرىپ ھەقىقىي ئەھۋالنى كۆرۈپ باققۇسى كەلدى.

— ئاشۇ ئۇن ئادەمنى شۇ ئۆيگە مۆكۈنۈۋالدى دېگەن تەقدىر-دىمۇ، ئۇ يەر قاپقاراڭغۇ تۇرسا، خەتەرلىك ئەمەسمۇ، شۇڭا قوماندانلىق شتابىغا قايتىپ كېتىپ، ئەتە كېلىپ ئاختۇرساقمۇ كېچىكمەيمىز، — دېدى يالقۇن ئۇنى توسۇپ.

— ئۇنداق بولسا سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، هازىر بەك هېرىپ كەتتۇق، دەم ئېلىۋالايلى، — دېدى چېن دامو.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇ ئۆيگە كىرمىدى.

بۇ بىر گۇرۇپپا ئادەم ساق - سالامەت مازاردىكى قوماندانلىق شتابىغا قايتىپ كەلدى. نەن نازىر:

— يىگىتلەر، سىلەر قالتىس ئىش قىلدىڭلار. مەن لاۋنەنمو دېگىنىز يۈزىدىن 4000 مېتىر ئېگىزلىكتە ئۈچ كېچە - كۈندۈز سىلەرگە ئوخشاش يېمەي، ئىچمەي، ئۇخلىماي ماڭالمايمەن. قېنى هەممىڭلار بېشىڭلارنى كۆتۈرۈپ سالىمىمنى قوبۇل قىلىڭلار، — دېدى.

«پىدائىيلار ئەترىتى» نىڭ ئەزالىرىنىڭ كۆزلىرى نەملەشتى، بۇ جاپالىق ئۈچ كېچە - كۈندۈزدىمۇ ئۇلار كۆزلىرىدىن ياش تۆكمىگەنىدى، ئەمدى ئۆزلىرىنى چۈشىنىدىغان، ئۆزلىرىگە غەمخورلۇق قىلىدىغان نازىرنىڭ ئالدىدا هاياجاندىن كۆز ياشلىرىنى تۆكتى.

— هەممىڭلار ياخشى ئارام ئېلىڭلار! خورەك تارتامسىلەر، جۆيلۈمسىلەر، ئوسۇرامسىلەر ئۆزۈڭلەرنىڭ ئىشى، ئەتە ئەتىگەندە روهلۇق ئورنۇڭلاردىن تۇرساڭلارلا، تېرروررچىلارنى تۇتۇشقا غەيرىتىڭلار بولسىلا بولدى، — نەن نازىر ئۆزىنىڭ سۆزىدىن ئۆزىمۇ كۈلۈپ كەتتى.

«پىدائىيلار ئەترىتى» ئەزالىرى ئېغىر روهىي يۈكتىن بىراقلا ئازاد بولدى، ئۇلار ئاددىيغىنا تاماق يەۋالغاندىن كېيىن، تېزلا ئۇخلاپ كەتتى.

هەممەيلەن ئۇيقۇغا غەرق بولغاندا، چېن دامو يەنىلا هېلىقى كىچىك ئۆي توغرىسىدا ئويلىناتتى، ئۇ:

— نازىر، ئەتە ئەتىگەندىلا بىز بېرىپ هېلىقى ئۆينى ئاختۇ-

رۇشىمىز كېرەك، — دېدى.

— مەن بۇنى گورۇنلاشتۇرىمەن، سەن ياخشى ئارام ئال، — دېدى نەن نازىر.

ئەتىسى ئەتىگەن سائەت 6 دە، چېن دامو تېخى ئۈچ سائەتمۇ ئۇخلىمىغانىدى. ئۇ بىرسىنىڭ ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. بۇ هازىر ئىشلەتكىلى بولىدىغان بىردىنبىر ماشىنا ئىدى، باشقا ئىككى ماشىنىنى ئوكسىگېن كەملىكتىن ئوت ئالدۇرغىلى بولمايۋاتاتتى. بۇ ماشىنا بىلەن ئېتىشىۋاتقان كىمدۇ؟ چېن دامو:

— ماشىنىنىڭ ماتورى بىلەن ئېتىشىۋاتقان كىم؟ ئوت ئالمىغان ماتور بىلەن ئۇنداق كۆپ ھەپىلىشىۋەرسەڭ ماشىنا بۇزۇلىدۇ، ماشىنىدا قايسىڭ بولساڭ، يەرگە چۈش! — دەپ خاپا بولدى.

بۇ چاغدا، نەن نازىر ئۈنلۈك قىلىپ:

— بۇ مەن، مەن بۇ ئىككى ياشنى ماشىنىنى ھەيدەپ بېرىپ يولدا قالغان يولداشلارنى ئەكېلىشكە بۇيرۇدۇم، ئۇلار تاجىكلا كەنتىدىن يولغا چىققانىكەن، ئۇلار يېتىپ كېلەي دەپ قالدى دەيمەن، — دېدى.

ئەسلىدە ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇۋاتقان ۋاڭ لۇ ئىدى. يالقۇن ۋاڭ لۇنى كابىنكىدىن تارتىپ چۈشۈرۈپ:

— بۇ ئىشنى مەن نەن نازىرغا ئېيتقان، بىزنىڭ گۇرۇپپىدىكى ئەترەت ئەزالىرى يولدا قايتىپ كېلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، ئۇلارنىڭ هازىر قورسىقى ئېچىپ كەتتى ھەم ئۇسساپ كەتتى، نەن نازىر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ زادىلا ئولتۇرالماي قالدى، شۇڭا بىز ئىككىمىزنى ماشىنىنى ھەيدەپ بېرىپ، ئۇلارنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇغان، — دېدى.

چېن دامو ئاپلا دەپ ئېڭىكىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— كەچۈرۈڭلار، مەن سىلەرنى خاتا ئەيىبلەپتىمەن، مەن بايا چۈش كۆرگەن، چۈشۈمدە ماشىنىمىز يېرىم يولدا بۇزۇلۇپ قاپتۇ، ھەرقانچە ئوت ئالدۇرساقمۇ بولمىغۇدەك، بىز شوپۇر بىلەن بەك تىت - تىت بولۇپ تۇراتتۇق، — دېدى.

چېن دامو يۈزىنىمۇ يۇماي كابىنكىغا چىقىۋالدى، ۋاڭ لۇ:
— كابىنكىغا چىقىۋېلىپ نېمە قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى. چېن دامو:
— ئويغىنىپ كەتكەندىكىن، سىلەرگە ماشىنا ھەيدەپ بېرەي، — دېدى.
— ۋاڭ لۇ، چېن دامو سېنىڭ شوپۇرلۇق تېخنىكاڭغا ئىشەنمەيدىكەن، — دېدى يالقۇن ۋاڭ لۇنى زاڭلىق قىلىپ.
— راست گەپ قىلسام، بۇ پەۋقۇلئاددە مەزگىل، بۇ ماشىنىنى ئۆزۈمدىن باشقا ئادەم ھەيدىسە زادىلا خاتىرجەم بولالمايمەن، بولدى ماڭايلى، يەنە نېمە ئىش بار؟ — دېدى چېن دامو قىلچىمۇ يۈز - خاتىر قىلماي.
چېن دامونىڭ شوپۇرلۇق تېخنىكىسى ھەقىقەتەن ياخشى ئىدى، ئۇ ماتورنى بىرقانچە قېتىم ھەرىكەتلەندۈرۈپلا ماشىنىنى ئوت ئالدۇردى.
— نەن نازىر، ئەمىسە سىرتتا قالغان يولداشلارغا تاماق ئېلىپ ماڭدۇق، — دېدى چېن دامو.
— سىمىسىز تېلېگراف ئارقىلىق تاغ ئاستىدىكى قىسىملارغا تاغقا ئەسكەر ئەۋەتىشنى ئۇقتۇردۇم، بىز ھەرگىز تەييارلىقسىز ئۇرۇش قىلمايمىز، ئارمىيە كەلگەن ھامان بىز ھېلىقى كىچىك ئۆينى ئاختۇرىمىز، سىلەر خاتىرجەم ھالدا يولدا قالغان يولداشلارغا تاماق ئېلىپ بېرىۋېرىڭلار، — دېدى نەن نازىر.
شۇنىڭ بىلەن ئۈچەيلەن ناھايىتى خاتىرجەم ھالدا يولغا چىقىپ كەتتى.

## 5

ئادەمسىز رايوندىن ئۆتۈش، ئەركىنلەرنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىدەك ئۇنداق ئاسانغا چۈشمىدى. ئۇلار ئادەمسىز رايوندا بىرمۇنچە ماڭغاندىن كېيىن، نېمە ئۈچۈندۇر يەنە ئەسلىدىكى جايغا كېلىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن شىرئەلى يېقىن ئەتراپتىكى جايدىن بىر يول باشلىغۇچى بىلەن ئىككى تۆگە تېپىپ كەلدى.

ئەركىن ئەسلىدە ئادەمسىز رايون ئارقىلىق چېگرىغا يېتىۋېلىشنى ئويلىغانىدى، ئەمما ئۇ مەغلۇپ بولدى. ئۇ ئەمدى يولنى ئۆزگەرتىپ، شەرق تەرەپتىكى چارۋىچىلىق رايونى ئارقىلىق ئۆتۈش نىيىتىگە كەلدى.

ئۇلار تاغ ئىچىدىن ماڭدى، چارۋىچىلارغا يولۇققاندا، ئۇلار تاغ جىلغىلىرىغا يوشۇرۇنۇۋالدى. ئادەم يوق چاغلاردا يولنى ماڭدى، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا ئېگىزلىك رېئاكسىيىسىگە دۇچ كەلدى، شۇڭلاشقا بەكلا ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەنىدى.

تاتلىق جىلغىسىدىن ئۆتۈشتە، ئىنتايىن تېز ئاقىدىغان بىر دەريادىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى، يول باشلىغۇچى بۇ يەردىن ئۆتۈش بەك خەتەرلىك، دەپ ئۆتۈشكە ئۇنىمىدى، ئەمما شىرئەلى مىلتىقنى ئۇنىڭ بېشىغا تەڭلەپ تۇرۇپ، ئۇنى مېڭىشقا مەجبۇرلىدى، شۇنىڭ بىلەن يول باشلىغۇچى ئىلاجسىز دەريادىن ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدى.

يول باشلىغۇچى ئىككى تۆگىنى بىر - بىرىگە باغلاپ، بىر تۆگىگە مىندى، ئەمما كۈتۈلمىگەندە تۆگىلەر ئەمدىلا دەرياغا چۈشىشى بىلەن قاتتىق ئۇرۇلۇپ كەلگەن دولقۇن تۆگىلەرنى ئېقىتىپ كەتتى، ئەركىن قاتارلىقلار يول باشلىغۇچى بىلەن ئىككى تۆگىنىڭ تېز ئېقىندا ئىز - دېرەكسىز غايىب بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇلار، يول باشلىغۇچى بىلەن تۆگىلەر چوقۇم ئۆلدى دەپ ئويلىدى. ئۇلار قورقۇشقا باشلىدى ھەمدە تىت - تىت بولۇپ كەتتى، چۈنكى مۇھىم قورال - ياراغلار ۋە ئۈسكىنىلەر تۆگىگە ئارتىلغانىدى، ئۇلار ئەمدى تۈگەشتۇق، دەپ ئويلىدى.

ئۇلار ئىلاجسىز مازار تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ئۇلار خىيالىدا: ساقچىلار ئۇ يەرنى بومباردىمان قىلىپ بولدى، ئەمدى ئۇ يەردىن كەتتى، دەپ ئويلىدى. ئۇلار ئاۋۋال ئازراق ئارام ئېلىۋېلىپ، چارۋىچىلاردىن ئاز - تولا يېمەكلىك بۇلاپ، ئاندىن يولنى داۋاملاشتۇرۇش نىيىتىگە كەلدى. شۇ ئاخشىمى ئۇلار مازاردىن 20 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايدا، چارۋىچىلارنىڭ بىر كىچىك ئۆيىنى بايقىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۆيگە مەجبۇرىي باستۇرۇپ كىردى. مانا شۇ ئاخشىمى چېن دامو بۇ ئۆيدىن قاتتىق گۇمان قىلىۋاتاتتى.

ئەركىن قاتارلىقلارمۇ بىر ماشىنىنىڭ يىراقتىن كېلىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئۇلار بۇ ماشىنىنى بۇلاشنى ئويلىغانىدى، ئەمما ئابدۇل ئۇلارنى توسۇپ قالدى.

— بۈگۈن ئاخشام ئوبدان ئارام ئېلىۋالايلى، ئەتە يولغا چىقىپ ماشىنا بۇلايلى، مېنىڭچە بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ياخشى ئامال يوق، — دېدى شىرئەلى.

## 6

— چېن دامو، ساقلىلىڭ ئۆسۈپ كېتىپتۇ، — دېدى يالقۇن.

— بەك سەتلىشىپ كېتىپتىمەنمۇ؟ — دەپ سورىدى چېن دامو.

— مۇنداق بولسا تېخى ياخشى، ئۆيگە قايتىپ ئايالىڭنى سۆيسەڭ ھەقىقىي بىر ئەركەكتەك سۆيسەن، — دېدى يالقۇن. ئىككىسى پاراڭلاشقاچ مېڭىپ ھەش - پەش دېگۈچە ئالتە كىلومېتىر يول يۈرۈپ بولدى، بۇ چاغدا ئالدىدا چوڭ بىر ئايلانما كۆرۈندى. چېن دامو:

— ۋاڭ لۇ چىڭ ئولتۇر، ماشىنا ئايلىنىدۇ، — دېدى.

— مەن ھازىر ئېگىزلىك رېئاكسىيىسىگە كۆنۈپ قالدىم، ھېچنېمە بولمايدۇ، — دېدى ۋاڭ لۇ.

ئۇلار بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، ئالدى تەرەپتىن 30 ـ 40 مېتىر نېرىسىدىكى چوڭ بىر تاش ئۈستىدە چىرايلىرى تاتىرىپ كەتكەن، ئۈستۈبېشى ۋەيرانە توققۇز ئادەم كېلىۋاتقان ماشىنىغا قاراپ ئولتۇراتتى.

— ھەي، توققۇز ئادەم ئىكەن! شىرئەلى! ساۋۇت! — يالقۇن ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ ئادەمنى تونۇۋالدى. ئۇ:

— چېن دامو ماشىنىنى توختات، دەل شۇلاركەن! — دەپ ۋارقىرىدى.

— چاتاق بولدى، دۈشمەنلەركەن، — ئۇلار ھازىر يوشۇرۇنۇۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمەيتتى. بۇ چاغدا، تاش ئۈستىدە ئولتۇرغان

دۈشمەنلەر ئۆزلىرىگە قاراپ كېلىۋاتقان «تويوتا» ماشىنىنى كۆر- دى. ئۇلار دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ھەرىكەتلەنمەكچى بولۇشتى.

چېن دامو گاچ قىلىپ ماشىنىنى توختاتتى، يالقۇن بىلەن ۋاڭ لۇ ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشتى، ئۇلار ئاپتوماتنى كۆتۈرۈپ ئاتاكىغا ئۆتتى،

— قولۇڭنى كۆتۈرۈش، قولۇڭنى بېشىڭنىڭ ئۈستىگە ئې - لىش، — دەپ ۋارقىرىدى.

بۇ چاغدا، ۋاڭ لۇ قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ ئاپتومات تۇتقان قوللىرى قاتتىق تىترەيتتى.

چېن دامومۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يەرگە چۈشتى، ئۇ يالقۇن بىلەن ئۇ كىشىلەرنىڭ يېنىنى ئاختۇردى، ۋاڭ لۇ ئاپتوماتنى كۆتۈرۈپ ئۇلارغا توغرىلاپ تۇراتتى.

چېن دامولار بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ كۈچ نىسبىتى ئۈچتە توق- قۇز ئىدى، ئەمما، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ بۇلارنى ئويلاشقا چولىسى تەگمەيتتى.

شىرئەلى بىلەن ئابدۇل مۇنداق ئىشلارنى كۆپ كۆرگەنىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ بىرسى چېن دامونىڭ قولىدىكى قورالغا ئېسىلدى، بىرسى يالقۇننىڭ قولىدىكى قورالغا ئېسىلدى، باشقىلار ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى، ئۇلار نېمە قىلىشنى بىلمەيتتى.

شىرئەلى بىلەن چېن دامونىڭ قولىدىكى قورالدىن تەڭلا ئوق ئېتىلدى، ئىككى ئادەم گۈپلا قىلىپ يەرگە يىقىلدى. ۋاڭ لۇ ئېتىلىپ كېلىپ، شىرئەلىنىڭ پۇتىغا قارىتىپ ئوق ئاتتى، چېن دامو تېزدىن يارىلانغان شىرئەلىنىڭ ئۈستىدىن ئۆمىلەپ قوپتى، يالقۇن ئابدۇلنى بويسۇندۇردى.

ئەركىن بۇ چاغقا كەلگەندە ئېسىنى سەل يىغىپ، ئۆزلىرىنىڭ ساقچىلارغا يولۇققانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ تاپانچىسىنى شارتتىدە چىقىرىپ، يېنىدىكى مۇھاپىزەتچىسىگە:

— بولمامسەن، ئۇلارغا ئوق چىقار! — دەپ ۋارقىرىدى.

ساقچى ئوفىتسېرلىرىنى تەربىيىلەش بازىسىدا ئوق ئېتىشنى مەشىق قىلغاندا، ۋاڭ لۇ ئوقنى ھەمىشە بىر - بىردىن ئاتاتتى،

چاتما ئوق چىقارمايتتى. ئەمما ئۇ بۇ قېتىم ئاپتوماتنىڭ تەپكىسىنى بىر بېسىۋالغىنىچە تاراسلىتىپ ئوق ياغدۇردى، ئۇ ئوق ئاتقاچ ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى. ئىلگىرى ئۇ بوۋسىدىن جەڭ مەيدانىدا دۈشمەن يېقىن ئارىلىقتا ئېتىشىشتىن ئىنتايىن قورقىدۇ، دېگەننى ئاڭلىغانىدى. ئوقلار ۋاڭ لۈنىڭ قولاق تۈۋىدىن ۋىژىلداپ ئۆتەتتى، ئەمما ئۇنىڭغا ئوق تەگمىدى، ئەركىننىڭ ئىككى مۇھاپىزەتچىسى ۋاڭ لۈنىڭ ئاتقان ئوقىدا يەرگە يىقىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قارا كىيىملىك مۇھاپىزەتچى قاتتىق ئاغرىق ئازابىغا چىدىمىغان بولسا كېرەك، قىيا - چىيا قىلغىنىچە قىيانىڭ چوققىسىغا چىقىپ، ئۆزىنى يەرگە ئېتىۋالدى.

ئەركىن بىرلا موللاق ئېتىپ تاشنىڭ كەينىگە ئۆتىۋالدى - دە، ۋاڭ لۈغا ئوق ئاتتى.

شىرئەلىنىڭ پۇتى ۋاڭ لۈنىڭ ئاتقان ئوقىدا يارىلاندى، ئۇ قاتتىق غەزەپكە كەلدى - دە، يېنىدىكى بىرقانچە گراناتنىڭ يىپىنى تارتقان هالدا:

ۋاڭ لۈغا قاراپ ئېتىلىپ كەلدى، ئۇ:

— ئۆلسەك هەممىمىز تەڭ ئۆلىمىز، — دەپ ۋارقىرايت-تى.

هېلىلا شىرئەلىنىڭ ئۈستىدىن ئۆمىلەپ قوپقان چېن دامو ئىنتايىن جىددىيلەشكەن هالدا:

— ۋاڭ لۈ، ئۆزۈڭنى چەتكە ئال، — دەپ ۋارقىرىدى.

چېن دامو ئۆزىنى بىر ئۇرۇپ، ۋاڭ لۈنى بەش - ئالتە مېتىر يىراقلىققا ئىتتىرىۋەتتى، شىرئەلى چېن داموغا ئۆزىنى ئاتتى.

چېن دامو ۋاڭ لۈغا بۇرۇلۇپ:

— ۋاڭ لۈ، مېنى هەرگىز ئۇنتۇپ قالمىغىن، — دەپ ۋارقىرىدى.

گراناتلار پارتلىدى، چېن دامو بىلەن شىرئەلىنىڭ تېنى پارتلا-شتا پارچە - پارچە بولۇپ كەتتى.

ۋاڭ لۈ تاشنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالغان ئەركىنگە ئوق ئاتتى، ئەركىن يارىلىنىپ ئالدىغا دومىلاپ چۈشتى، ۋاڭ لۈ يەنە ئوق ئاتماقچى بولۇۋىدى، ئەمما تاپانچىسىنىڭ ئوقى تۈگىگەنىدى، ئۇ

ئۇق ئالماشتۇرۇۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى، بىردىنلا ئۇ بىرسىنىڭ ئۆزىنى قاتتىق ئىتتىرگەنلىكىنى، بەدىنىگە قاتتىق بىر نەرسىنىڭ ئۇرۇلغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئەمما ئۇ ئاغرىقنى سەزمىدى، پەقەت پۇت - قولىنىڭ ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى - دە، قولىدىكى تاپانچا تاراڭگىدە قىلىپ يەرگە چۈشتى. ئۇ يىقىلغاندا سومكىسىنىڭ دۈمبىسىگە قاتتىق چاتقانلىقىنى سەزدى.

يالقۇن غەزەپ بىلەن:

— چېن دامو، چېن دامو! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى. ئەمما ئۇ چېن دامونىڭ جىسمىنى زادىلا تاپالمىدى، ئىلگىرى ئۇلار يۈتىلىپ قويىسمۇ يۈتەل ئاۋازىدىن بىر - بىرىنى پەرق قىلالايتتى، ئەمما، ھازىر ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغىنى پارچە - پارچە جەسەتلەر بولۇپ، قايسىسىنىڭ زادى ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك سەپدىشىنىڭ جەستى ئىكەنلىكىنى ئۇقالمىدى.

يالقۇن دەلدەڭلىگىنىچە بېرىپ، يەردە ياتقان ۋاڭ لۇنى يۆلىدى، ئۇ ۋاڭ لۇنى قاتتىق سىلكىپ، يۇقىرىقى كالپۇكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەللىنى باستى:

— ۋاڭ لۇ، ۋاڭ لۇ، كۆزۈڭنى ئاچ! — دەپ ۋارقىرىدى.

ۋاڭ لۇ ھوشسىز ھالەتتە يېتىپ، يالقۇننىڭ چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك قىلدى.

— ۋاڭ لۇ، سەن تېخى ھاياتمۇ؟ سەن ئۆلۈپ كەتسەڭ ھەرگىز بولمايدۇ! سەن ھاياتمۇ؟ جاۋاب بەرگىنە؟ — دېدى يالقۇن.

ۋاڭ لۇ ھوشىغا كەلدى، ئۇ كۆزىنى ئاران ئېچىپ يالقۇنغا قارىدى.

— يالقۇن، مەن تېخى ھايات، — دېدى.

— سەن تېخى ھايات ئىكەنسەن، ۋاڭ لۇ، مېنىڭ ياخشى ئىنىم، ھازىر سەن ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، بىر ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىشىڭ كېرەك، — يالقۇن ۋاڭ لۇنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى ھەمدە ۋاڭ لۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويدى.

— دەرھال ماشىنىنى ھەيدەپ تاغدىن چۈش، نەن نازىرغا

بۇ يەردىكى ئىشلارنى دوكلات قىل! — دەپ يالقۇن جىددىي تۇردە، خۇددى بىر قوماندانەك بۇيرۇق چۈشۈردى.

— چىن داموچۇ؟ ئۇ ماشىنىنىڭ ئاچقۇچىنى ماڭا بەرسۇن! — ۋاڭ لۇ بۇ چاغدا ھەممىنى ئۇنتۇغانىدى، — ماشىنىنىڭ ئاچقۇچى ماشىنىنىڭ ئىچىدە، تېز بول، مەن بۇ يەردە ئۇلارغا قارايمەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە بىرقانچىسى تىرىك، — دەپ بۇيرۇق قىلدى يالقۇن ۋاڭ لۇغا.

ۋاڭ لۇ شۇ چاغدا ئۆزلىرىنىڭ ناھايىتى يامان ئەھۋالدا تۇرغانلىقىنى بىلدى، شۇ چاغدىلا رازۋېدكىچىلار كۆپ ۋاقىتلاردىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن، بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتقان جەڭنىڭ مانا ئەمدى رازۋېدكىچىلارنىڭ يېنىدىلا تويۇقسىز يۈز بەرگەنلىكىنى، ھەممە ئىشنىڭ ئىنتايىن تويۇقسىز بولغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. بۇ چاغدا، ۋاڭ لۇنىڭ كۆز ئالدى ھەممىسىنى ئىدى. جەسەتلەر يەردە قالايمىقان ياتاتتى، ھازىر ۋاڭ لۇنىڭ كاللىسى سەل گاڭگىراپ قېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئالدى بىلەن ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ، ئۇدۇل ھەيدەپ ئۆز ئادەملىرىنى تېپىپ ئۆزلىرىنىڭ تېررورچىلارغا ئۇچرىغان ئەھۋالنى ئۇلارغا دوكلات قىلىشى كېرەك ئىدى.

ۋاڭ لۇ 96 تىپلىق قىسقا ئاپتوماتىك مىلتىقنى قولىغا ئالدى - دە، ماشىنىنى ھەيدەپ، تاغدىن پەسكە قاراپ ماڭدى. ۋاڭ لۇ ماشىنىنى ھەيدەپ كېتىپ باراتتى، ئەمما ئۇنىڭ كاللىسى تېخى قالايمىقانىدى، ئەمما بىر نەرسە، يەنى بايا ئۇرۇش بولغانلىقى ئۇنىڭ كاللىسىدا ئېنىق ئىدى. ئۇ ماشىنىنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ، يول بويى يىغلاپ، ۋارقىراپ ماڭدى، ماشىنا تېخى نىشانغا يېتىپ بارمايلا، ئۇ:

— تۇتۇۋالدۇق، تۇتۇۋالدۇق، — دەپ ۋارقىرىدى.

ۋاقىتلىق قوماندانلىق شتابىدىكىلەر ماشىنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى ھەمدە ۋاڭ لۇنىڭمۇ ۋارقىرىغان ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىدى، شۇنىڭ بىلەن ھەممىسى يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ:

— نېمىنى تۇتۇۋالدىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

ماشىنا تېخى توختا - توختمايلا، ۋاڭ لۇ تەقەززالىق بىلەن

ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، كېكەچلەپ تۇرۇپ، ئۆزىنى ئورۇۋالغان كىشىلەرگە:

— جەڭ، جەڭ بولدى، ھەم…ھەممىسى ئۆلدى! — دېدى.

قاتتىق ھاياجانلانغانلىقى ۋە جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ۋاڭ لۈننىڭ گېپىنىڭ باش ـ ئاخىرى باغلاشمايتتى، ئۇ مىلتىقنى پولاتلىتىپ، ئۆزىنى ئورۇۋالغان كىشىلەرگە بايامقى گېپىنى قايتا ـ قايتا تەكرارلاۋەردى. نەن نازىر يۈگۈرۈپ كېلىپ ۋاڭ لۈنى چىڭ قۇچاقلىدى، بۇ چاغدا ۋاڭ لۇ توختىماي: «ئېتەۋەتتۇق، ھەممىسىنى ئېتىۋەتتۇق! » دېدى. ۋاڭ لۇ يەنىلا قولىدىكى 95 تىپلىق ئاپتوماتنى چىڭ تۇتۇپ تۇراتتى، ۋاڭ لۈننىڭ قولى يەنىلا تىترەۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئۇ تەپكىنى بېسىۋەتتى، بۇ چاغدا نەن جېنجۇڭ دەرھال مىلتىقنىڭ ئۇچىنى ئاسمانغا قاراتتى، ۋاڭ لۈننىڭ قولىدىكى مىلتىقتىن ئاسمانغا تاتاتلاپ ئوق ئېتىلدى، نەن جېنجۇڭ نازىر يەنى ۋاڭ لۈننىڭ دادىسىنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ئۇ ۋاڭ لۇ مەڭگۈ ئۇنتۇمىغۇدەك بىر گەپ قىلدى: «ياخشى ئوغلۇم، ئەسلىدە داداڭ بۇ يەردىن قايتىپ بارغاندىن كېيىنلا ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرمەكچىدى، سىلەر دۈشمەنلەرنى تۇتالمىغان بولساڭلارمۇ مەيلىتتىڭغۇ! ئوغلۇم، مەن سەن ئۈچۈن ئىنتايىن پەخىرلىنىۋاتىمەن! » دېدى.

ۋاڭ لۇ بىردىنلا دادىسىنىڭ قۇچىقىغا يىقىلدى. ۋاڭ لۈننىڭ روھىي تۈۋرۈكى بولغان دادىسىنىڭ ئىسسىق ياشلىرى ۋاڭ لۈننىڭ يۈزىگە تاراملاپ تۆكۈلدى.

— تېببىي خادىم، تېز كېلىپ ۋاڭ لۈنى قۇتقۇزۇڭلار، باشقىلار تاغقا قاراپ ئاتلىنىڭلار! — دېدى نەن جېنجۇڭ.

ۋاڭ لۈننىڭ بوۋىسى ۋاڭ لونەن دەسلەپتە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى سەندۈڭ بىڭتۇەنى ئاتلىق ئەسكەرلەر لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى ئىدى. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشنىڭ ئالدىدا، ئۇ قوشۇن بىلەن شىنجاڭغا يۆتكىلىپ كەلگەن، شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا ج خ ئىدارىسىنىڭ تۇنجى باشلىقى بولغان. ئۇرۇش يىللىرىدا خىزمەت ئېھتىياجى سەۋەبىدىن

ئۇ ھەمىشە ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ، جاي ـ جايلاردا ئۇرۇش قىلغان، ئائىلىسى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئوغلىنىڭ ئىسمىنى نەن جېنجۇڭ دەپ ئۆزگەرتكەن. ئازادلىقتىن كېيىن، نەن جېنجۇڭ دېگەن بۇ ئىسىم باشقىلارغا سىڭىپ قالغاچقا، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان نەن جېنجۇڭ، نېمىلا بولمىسۇن ئىسىم دېگەن بىر بەلگە، تومۇرۇمدا ئېقىۋاتقىنى يەنىلا ۋاڭ جەمەتىنىڭ قېنى، دەپ ئىسمىنى ئۆزگەرتمىگەنىدى.

ۋاڭ لۇنەنىڭ نەۋرىسى تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئۇ نەۋرەمنىڭ فامىلىسى ۋاڭ بولىدۇ، دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ لۇ يەنە ۋاڭ فامىلىسىگە ۋارىسلىق قىلدى. ۋاڭ لۇنەن جەنۇبىي شىنجاڭدا ئون يىل ج خ ئىدارىسى باشلىقى بولدى، كېيىن تەش-كىل ئۇنى سەندۇڭغا يۆتكەپ مەلۇم ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجى-لىقىغا تەيىنلىدى. بۇ چاغدا، ئۇنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئەمدىلا پۈتتۈرگەن ئوغلى نەن جېنجۇڭ شىنجاڭدا قېلىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتى. ۋاڭ لۇنەن نەۋرىسى ۋاڭ لۇنى سەندۇڭدىكى يۇرتىغا ئېلىپ كېتىمەن، دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. بوۋاي ۋاپات بولغاندىن كېيىن ۋاڭ لۇ بوۋىسىنىڭ جەسەت كۆلىنى شىنجاڭغا ئېلىپ كې-لىپ، بىپايان چۆل ـ جەزىرىگە چېچىۋەتتى. بۇ چاغدا، ۋاڭ لۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىگە كىرگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىدا قېلىپ قالدى. ئۇ ئۇزۇن مۇددەت ئاتا ـ ئانىسى-دىن ئايرىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، دادىسىدىن ئەيمىنەتتى، بوۋى-سىدەك ئېچىل ئەمەس ئىدى. خۇددى بوۋىسىغا ئوخشاشلا دادىسىمۇ ۋاڭ لۇنىڭ روھىي تۈۋرۈكى ئىدى.

# ئوتتۇز بىرىنچى باب

## 1

ساقچىلار بىردەكلا: «مىدىرلاشما!» دېگىنىچە نەق مەيدانغا يېتىپ كەلدى، ئۇلار ھەممە يەردە ئۇلۇكلەر، يارىدارلارنىڭ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەممىسى چۆچۈپ كېتىشتى. بۇ چاغدا، يالقۇن جەسەتلەر ئارىسىدا ئۈندىمەي ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ غەزەپكە تولغان كۆزلىرى قانغا تولغانىدى. ئۇنىڭ قولىدىكى ئاپتومات ئالدىدا يارلانغان ئەركىن بىلەن ئابدۇلغان بەتلەنگەنىدى. ئىككى تېرروررچى ئۇنسۇر ئۇنىڭ قورالىدىن قورقۇپ كەتكەن دېگەندىن كۆرە، ئۇنىڭ غەزەپلەنگەن كۆزىدىن قورقۇپ قىمىر قىلماي تۇراتتى دېگەن تۈزۈك ئىدى، توغرىسىنى ئېيتقاندا يالقۇن ئەركىنىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇۋالغانىدى. ئەركىنىنىڭ پۇتىغا ئوق تەگكەچكە، تەپچىرەپ قان ئېقىۋاتاتتى، «پىدائىيلار ئەترىتى» نىڭ يېتىپ كەلگەن ئەزالىرى دەرھال ئەركىنىنىڭ پۇتىنى تېڭىپ قويدى.

ئەترەت ئەزالىرى مىلتىقلىرىنى باشقا ئەبلەخلەرگە تەڭلەپ تۇرۇپ:

— ئىككى قولۇڭنى بېشىڭنىڭ ئۈستىگە ئال، ھەممىڭ يەردە يېتىش، قىمىرلاشما! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

— ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ ماشىنىغا ئېلىڭلار، تېببىي خادىم ئۇلارغا ئاسما ئوكۇل سالسۇن! تېخنىكلار رەسىملەرگە قاراپ ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ تونۇپ چىقىڭلار، مۇشۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا سوراق قىلىمىز، — دېدى نەن جېنجۇڭ.

ئەركىن قاتارلىقلار ئون نەچچە كۈندىن بۇيان قېچىپ يۈرۈپ، جۇدەپ بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغانىدى. ھەتتا، چىرايلىرىمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. شۇڭلاشقا ئەترەت ئەزالىرى ئۇلارنى

رەسىمگە سېلىشتۇرۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇلارنى پەرق ئېتىش ناھايىتى تەسكە توختىدى.

ئەترەت ئەزالىرىنىڭ كېلىشى بىلەن يالقۇن ئۆزىنىڭ قاراۋۇل-لۇق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ بولغاندەك بولدى - دە، جاھاننى لەرزىگە كەلتۈرگۈدەك ئاۋازدا: «چېن دامو!» دەپ ۋارقىراپ يىغلاپ كەتتى.

ئۇنىڭ قاتتىق يىغلىشى بىلەن ئەترەت ئەزالىرى چېن دامونىڭ يوقلۇقىنى بايقىدى. ئۇلار تىت - تىت بولغان ھالدا: «چېن داموغا نېمە بولدى؟ چېن دامو قېنى؟» دەپ سوراشتى. يالقۇن يەردە ياتقان جەسەت پارچىلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «چېن دامو!» دەپ ۋارقىرىدى.

ئەترەت ئەزالىرى ھەممىنى چۈشەندى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ ياش تۆكۈلدى...

يولداش چېن دامو مەردانىلارچە قۇربان بولغانىدى.

نەق مەيداننى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، توققۇز تېررورچى ئۇن-سۇردىن ئۈچىنىڭ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، ئالتىسىنىڭ يارىلان-غانلىقى ئېنىقلاندى. دۆلەت ئىچىگە سوقۇنۇپ كىرگەن «قارا بۆر-كۈت» تىرىك تۇتۇلدى.

## 2

جوڭ چېڭنىڭ قوشنا دۆلەتتە ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. ئۇ ھەممىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىپ، دەر-ھال دۆلەتكە قايتتى. ئۇ دۆلەت چېگرىسىدىن كىرىشى بىلەنلا سىمسىز تېلېگرافتىن: «ئۇرۇش بولدى، ئۇرۇش بولدى» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپلا سىگنال قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

جوڭ چېڭ ئىنتايىن تىت - تىت بولۇپ كەتتى، ئۇ قورۇم تېغىدا بىر ئىش چىققانلىقىنى جەزملەشتۈردى. زادى نېمە ئىش چىققاندۇ؟ ئۇ بۇلارنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمايتتى، ئۇ شوپۇرغا ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىشكە بۇيرۇدى.

جوڭ چېڭنىڭ ماشىنىسى سۈرئەتنى ھەرقانچە تېزلەتسىمۇ

ماڭالمايۋاتاتتى، — ماشىنا تاغ ئۈستىدە ئوكسىگېن كەملىكتىن ماڭالمايۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قارلىق تاغدىكى يولدا مېڭىش ئىنتايىن قىيىن، ماشىنا ھەمىشە يولنىڭ چېتىگە چىقىپ كېتىپ قالاتتى، شوپۇر ماشىنىنىڭ رولىنى كۈچىنىڭ بارىچە بۇراپ ئاندىن ماشىنىنى توغرىلىۋالاتتى.

ماشىنا ئاخىرى ئېگىز تاغدىن چۈشۈپ، بوستان شەھىرىنىڭ چېگرىسىغا يېتىپ كەلدى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ قول تېلېفونى سىگنال-نى قوبۇل قىلدى. جۇڭ چېڭ دەرھال بوستان شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ياڭ چېڭشەنگە تېلېفون بېرىپ:

— ياڭ چېڭشەن، تاغدا نېمە ئىش بولدى؟ بىر ئىش چىققان-دەك تۇرىدىغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەنمۇ سىمسىز تېلېگرافتىن ئاڭلىدىم، ئۇلار تۇ-تۇلۇپتۇ، — دېدى ياڭ چېڭشەن قىسقىلا قىلىپ.

— تۇتۇلغان بولسا نېمىشقا خۇشال بولمايمىز، چوقۇم بىر ئىش چىقىپتۇ، — دېدى جۇڭ چېڭ تىت-تىت بولغان ھالدا.

— مەن ھازىر قوشۇننى باشلاپ، ئالايتەن سىزنىڭ ئالدىڭىز-غا كېتىۋاتىمەن، بىز بىرلىكتە تاغقا چىقايلى، ئۇ چاغدا ھەممىنى بىلىمىز، — دېدى ياڭ چېڭشەن.

ئۇلار ئىككىسى يولدا ئۇچراشتى، جۇڭ چېڭنىڭ چىراي-جىددىيلەشكىنىدىن كۆكۆرۈپ كەتكەنىدى. ئۇ:

— كىم قۇربان بوپتۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھازىر تېخى كىمنىڭ قۇربان بولغانلىقى ئېنىق ئە-مەس، — دېدى ياڭ چېڭشەن چۆچۈپ.

— دېمەك، بىرسىنىڭ قۇربان بولغانلىقى راستكەن، دەرھال تاغقا چىقايلى! — دېدى جۇڭ چېڭ.

قۇربان بولۇش دېگەن بۇ سۆزنى ئاڭلىشى بىلەنلا ئۇنىڭ قان بېسىمى بىردىنلا ئۆرلەپ كەتتى، يۈزلىرى قىزىرىپ، بېشى كۆيۈپ چىڭقىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى خادىم دەرھال سوم-كىسىدىن قان بېسىمنى چۈشۈرۈش تابلېتكىسىنى ئېلىپ بەردى، ئەگەر بۇ چاغدا جۇڭ چېڭ دورا يېمەيدىغان بولسا ئۇنىڭ قان بېسىمى 200دىن ئۆرلەپ كېتەتتى.

— ياق چېكىشىن، ماڭا قايناق سۇ بېرىڭ، مەن دورا ئىچەي، — دېدى جۇڭ چېڭ ياڭ چېكىشەنگە.

جۇڭ چېڭ قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش تابلېتكىسىنى ئىچىۋالغاندىن كېيىن، ياڭ چېكىشەن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— ئىدارە باشلىقى، تىت - تىت بولماڭ، ئەھۋال بەلكىم رازۋېدكىچىلار پەرەز قىلغاندەك ئۇنداق ئېغىر بولماسلىقى مۇمكىن، — دېدى.

— مەن تىت - تىت بولماي تۇرالايمەنمۇ، ئون بارماق يۈرەككە تۇتىشىدۇ ئەمەسمۇ! مېنىڭ يۈرىكىم تۇرۇپ - تۇرۇپ ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى جۇڭ چېڭ بېشىنى چايقاپ.

— مەن بۇنى ھېس قىلالايمەن، — دېدى ياڭ چېكىشەن ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى بىلدۈرۈپ.

جۇڭ چېڭ گەپ قىلمىدى، ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ چىن داموۋ، ما جيەنجۇڭ، يالقۇن، ۋاڭ لۇ قاتارلىقلارنى خۇددى ئېكراندىكى سۈرەتلەردەك بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى. بۇلار ئىچىدە مەيلى كىم قۇربان بولمىسۇن، جۇڭ چېڭ ئۈچۈن ئىنتايىن ئېغىر زەربە ئىدى. جۇڭ چېڭ ئۇلارنى ئويلاپ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

## 3

ما جيەنجۇڭ ئۆزى ئىنتايىن خالىمىغان ھالدا تاغدىن چۈشتى، يارىلانغان ئىككى پۇقرا دوختۇرخانىدا يېتىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ يارىسى تەكشۈرۈلدى، ئۇلارنىڭ دۈمبىسى چاچما ئوق بىلەن يارىلاندۇرۇلغان، بۇ ئوۋ مىلتىقىنىڭ چاچما ئوقى ئىدى. ما جيەنجۇڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئەمدى قولىغا ئېلىپ تۇرۇشىغا، بوستان شەھەرلىك ساقچى تەرەپتىن: «بۇلارنى يارىلاندۇرغان ئادەم تېپىلدى» دېگەن خەۋەر كەلدى.

ما جيەنجۇڭ سوراق قىلىش ئۆيىگە كىرىپ ئۇنىڭ بىر مەست ئىكەنلىكىنى كۆردى. بۇ مەستنىڭ ئېيتىشىچە ئۇنىڭ ئايالى ئون يىلنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپ، ئۇنىڭ ھازىرغىچە

مۇشۇنداق تەنھا، مۇشكۇلچىلىك ئىچىدە ياشىشىغا سەۋەبچى بول-
غان. ئەمىسە، ئۇلارنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشىگە كىم سەۋەبچى بول-
غان؟ ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىككى قېيىنىنىسى ئىكەن، ئۇ قېيىنىسىدىن
قاتتىق نەپرەتلىنىدىكەن. شۇ كۈنى ئۇ راسا مەست بولۇپ كېلىۋاتسا
ئىككى قېيىنىسى ئۇچرىشىپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆيىگە
بېرىپ، ئوۋ مىلتىقىنى ئېلىپ، ئۇ ئىككى ياشنى ئارقىسىدىن
ئېتىپتۇ، ئاندىن قايتىپ كېلىپ داۋاملىق ھاراقنى ئىچىپتۇ. بۇ
ھاراقكەش كېچىچە ھاراق ئىچكەندىن كېيىن، بىردىنلا ئۆزىنىڭ
ئىككى قېيىنىسىنى ئېتىپ يارىلاندۇرۇپ قويغانلىقىنى ئېسىگە
ئېلىپ قورقۇپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ج خ ئىدارىسىگە بېرىپ
ئىككى قېيىنىسىنىڭ ئۆلگەن ياكى ئۆلمىگەنلىكىنى سورۇشتۇر-
گەن، ج خ ئىدارىسى ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ ئۇنى سوراق قىلغان،
ئۇنى سوراق قىلىش بىلەنلا ھەقىقىي ئەھۋال ئايدىڭلاشقان.
ما جيەنجۇڭ غەزەپتىن ئۇنى نەچچىنى تېپىۋەتكۈسى كەلدى،
ئەمما ئۇ غەزەپ بىلەن بۇ ھاراقكەش ئولتۇرغان ئورۇندۇقنى نەچ-
چىنى تەپتى، ئۇنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كەلدى، ئۇ: «ھۇ ئاناڭنى،
ما ۋاقىتتا جېدەل تېرىپ بەرگىنىڭنى قارا» دېدى - دە، بۇرۇلۇپ
بوستان شەھەرلىك ج خ خادىملىرىغا: «مېنى دەرھال تاغقا ئاچى-
قىپ قويۇڭلار، ئۇ يەردە جەڭ ئاخىرلىشاي دەپ قالدى» دېدى.
جەڭنىڭ ئاخىرلاشقان ياكى ئاخىرلاشمىغانلىقى دەل ما جيەنجۇڭنى
بىئارام قىلىۋاتقان ئىش ئىدى. بۇ چاغدا، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسى
ئاجايىپ زىددىيەتلىشىشنى: ئۇ ھەم جەڭنىڭ ئاخىرلىشىشنى، ھەم
جەڭنىڭ ئاخىرلاشماسلىقىنى، جەڭنىڭ ئاخىرىنى ئۆزى ئاخىرلاش-
تۇرۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. باشقا رازۋېدكىچىلارغا قارىغاندا ما
جيەنجۇڭ ئۆز كەسپىگە تېخىمۇ بەكرەك ئەھمىيەت بېرەتتى. بۇ
ھەرگىز ئۇنىڭ شان - شەرەپ قازىنىش ئويىنىڭ ئىنتايىن كۈچ-
لۈكلۈكىدىن ئەمەس، ئۇ پۈتۈن زېھنىي قۇۋۋىتىنى خىزمەتكە ئاتى-
ۋەتكەنىدى، شۇڭا ئۇ خىزمەتتە كۆپرەك نەتىجە قازىنىشقا تەشنا
ئىدى. ئەمما، ھاياتتا نۇرغۇن ئىشلار ئارزۇنىڭ ئەكسىچە بولىدى-
كەن. ما جيەنجۇڭ نەتىجە قازىنىشقا، دېلودا بىرىنچى تۆھپىنى
يارىتىشقا قانچە ئالدىرىغانسېرى بۇ دېلونىڭ غەلىبىسى ئۇنىڭغا

نېسىپ بولمايدىغاندەك قىلاتتى. ئىش ئەنە شۇنداق كومېدىيە خا-
راكتېرلىك بولىدىكەن، بۇ دېلو ئاخىرلىشىشقا ئاز قالغاندا، ھېلى-
قى ئۆلگۈر ھاراقكەش باشقىلارنى ئېتىپ يارىلاندۇرۇپ قويغاچقا،
نازىر قېرىشقاندەك ئۇنى يارىدارلار ئەۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ
جەڭدە تۆھپە كۆرسىتىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى ما جيەنجۇڭنىڭ
يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

ما جيەنجۇڭ ئىنتايىن تېزلىك بىلەن تاغقا يېتىپ كەلدى.
بۇ چاغدا، جەڭ ئەمدىلا ئاخىرلاشقانىدى. يالقۇن ئەترەت ئەزالىرى-
نىڭ ئالدىدا ئۆزىگە ئىنتايىن تونۇش بولغان چېن دامونىڭ جەسى-
تىنىڭ پارچىلىرىنى بىر - بىرلەپ تېرىپ ئېلىۋاتاتتى، يېرىم
سائەتنىڭ ئالدىدا تېخى قانلىرى ئۇرغۇپ تۇرغان چېن دامونىڭ
ھازىر پارچە - پارچە جەسەتكە ئايلىنىپ كېتىشى كىمنىڭ خىيالىغا
كەلسۇن؟ يالقۇن ئاۋازى پۇتۇپ كەتكەن ھالدا:

— چېن دامو بۇ نېمە بولغىنى؟ گەپ قىلساڭچۇ؟ بىز ئەمدى
لەيلىنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمىز! — دەپ ۋارقىراپ يىغلايتتى.
بۇ سۆزنى ئۇ قايتا - قايتا تەكرارلىدى. ئۇ خۇددى ئۆزىنى چېن
داموغا زىيانكەشلىك قىلىپ قويغاندەك ھېس قىلاتتى، ئۇ ئۆزىنى
يوقىتىپ قويايلا دەپ قالغانىدى.

ئەن جېنجۇڭ ئۆزىنى تۇتالمايۋاتقان بۇ يىگىتنى چىڭ قۇچاقلى-
دى. ئۇ قاتتىق ئۆكۈنۈپ قايغۇرغان ھالدا:

— بالام، مەن سىلەرگە يۈز كېلەلمەيمەن، مەن سىلەرنى
ياخشى قوغدىيالمىدىم، مەسئۇلىيەت مەندە، — دېدى.

چېن دامونىڭ جەستى بىر سۇلياۋ خالتىغا قاچىلاندى، بۇ
سولياۋ خالتىنى يالقۇن ناھايىتى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈۋالدى. ئۇ:

— چېن دامونىڭ ئاشقازىنى ئاجىز ئىدى، سوغۇق ئۆتۈپ
كېتىشتىن قورقاتتى، مەن ئۇنى ئىسسىتىپ قويىمەن، — دېدى.

سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى يىغلىشىپ كەتتى.

— چېن دامو ئەسلىدە ئۇخلاۋاتاتتى، مەن ۋاڭ لۇغا ماشىنى-
نى ئوت ئالدۇر، دەپ ئۇنى ئويغىتىۋەتكەنىدىم، قۇربان بولۇشقا
تېگىشلىك ئادەم ئەسلىدە مەن ئىدىم، — دەيتتى يالقۇن ئۆز -
ئۆزىنى ئەيىبلەپ.

بىر مەيدان قانلىق كۆرەش، يالقۇننىڭ خۇش چاقچاق، ئوچۇق مىجەزىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى، ئۇ كېچە - كېچىدىن قاتتىق ئازابلىنىۋاتاتتى.

ما جيەنجۇڭ تېخى قوماندانلىق شتابىغا يېتىپ كەلمەي تۇرۇپلا، يىراقتىن: «مەن قايتىپ كەلدىم» دەپ ۋارقىرىدى. ئەمما ئۇنىڭ سۆزىگە ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. ئۇ ھازىر خۇددى تاشقى پلانىتتىن كەلگەن ئادەمگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بىلەن چېن دامونى ۋە بۇ قېتىمقى جەڭنى پەقەت بىر تاغ، بىر شەھەرلا ئايرىپ تۇراتتى.

ما جيەنجۇڭنىڭ سۆزىگە ھېچكىمنىڭ جاۋاب بەرمىگەنلىكى ئۇنى ئىنتايىن سەگەكلەشتۈرۈپ قويدى. ئۇ شۇ ھامان قوماندانلىق شتابىنىڭ ھاۋاسىنىڭ خۇددى يامغۇرلۇق ھاۋادەك نەملىشىپ كەتكەنلىكىنى، كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆزىنىڭ نەملىشىپ، قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ ياغاچتەك قېتىپ تۇرۇپ قالغان يالقۇننىڭ قولىنى تارتىپ:

— نېمە بولدى؟ جەڭ ئاياغلاشتىمۇ؟ تېررورچىلار تۇتۇلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

يالقۇن خۇدىنى يوقاتقان ھالدا قۇچىقىدىكى چېن دامونىڭ جەسىتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ما جيەنجۇڭ كەل، چېن دامو بىلەن كۆرۈشۈۋال! — دېدى.

ما جيەنجۇڭ بۇ پارچە - پارچە گۆشلەرنى كۆرۈپ، يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالدى، ئۇنىڭ بىلدۇرگەن تۇنجى ئىنكاسى، قورۇم تاغلىرىغا قاراپ، جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراش بولدى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ زادى نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالغان، قاتتىق ئازابلانغانلىقىدىن يۈرىكى پارە - پارە بولۇپ كەتتى. دۇنيادا مۇنداق دوستلۇقنى ئۇنتۇش مۇمكىنمۇ! — كىمنىڭمۇ ئىچى سېرىلمىسۇن.

يالقۇن ما جيەنجۇڭنى تارتىپ:

— ماڭ، ئىشمىزنى قىلايلى! — دېدى.

ئۆزىنى تۇتالمايلا قالغان ما جيەنجۇڭ دەرھال ئىسىنى

يىغدى ـ دە:
ـــ يالقۇن، يالقۇن سەن ئېلىشىپ قالدىڭمۇ؟ ـــ دەپ سورىدى.
ـــ ئېلىشىپ قالمىدىم، ئەگەر چېن دامو هايات بولغان بولسا هازىر بىرىپ تېرروورچىلارنى سوراق قىلغان بولاتتى. ئۇ تەرەپتىكى ئىشلار تېخى تۈگىمىدى! ـــ دېدى يالقۇن.
ما جيەنجۇڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، يالقۇننىڭ رايىغا بويسۇنۇپ:
ـــ ماڭ، ئىشىمىزنى قىلايلى! ـــ دېدى.
ساۋۇتنىڭ يارىسىنىڭ ئېغىزى خېلى قېتىشىپ قالغانىدى، يالقۇن ئېچىشىپ ئۇنىڭ يارىسىنى كۆردى:
ـــ ما جيەنجۇڭ، بىرىپ بىر داس ئىسسىق سۇ ئېلىپ كەل، ئۇنىڭ پۇتىنى يۇيۇپ قويايلى، ـــ دېدى.
ـ ما جيەنجۇڭ ئەسلىدە ساۋۇتنى قاتتىق بىرنى تەپمەكچى ئىدى، ئەمما يالقۇن ساۋۇتقا ناهايىتى مۇلايىم پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى، يالقۇن ئۆزگەرگەنىدى.
ما جيەنجۇڭ ئىسسىق سۇنى ئېلىپ كەلدى، يالقۇن ساۋۇتنىڭ پۇتىنى يۇيۇشقا باشلىدى، بۇ چاغدا ساۋۇتنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ساۋۇتنىڭ كۆزىدىن ياش تۆكۈلۈشتىن بۇرۇن هايات قالغان تېرروورچىلارنىڭ بىرەرسىمۇ ئېغىزىنى ئېچىشقا ئۇنىمىغان، هېچنېمە دېمەي تۇرۇۋالغانىدى. يالقۇن ساۋۇتنىڭ ئېغىزىنى ئاچماقچىدى، چۈنكى بۇ يەردىكىلەر ئىچىدە ساۋۇتنىڭ يېشى ئەڭ كىچىك ئىدى.
ـــ ئىسمىڭىز نېمە؟ ـــ دەپ سورىدى ساۋۇت تەسىرلەنگەن هالدا.
يالقۇن بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي:
ـــ يالقۇن، ـــ دېدى.
ـــ مەن سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى ئاڭلىغان، ـــ دېدى ساۋۇت مۇلايىم هالدا.
ـــ مېنىڭ ئىسمىمنى ئاڭلىغانلار ناهايىتى كۆپ.
ـــ سىز هېلىقى جەنۇبىي شىنجاڭ ج خ ئىدارىسىدىكى يالقۇنمۇ؟ مەن سىزنىڭ بىر لۇكچەك ساقچى ئىكەنلىكىڭىزنى، ئەمما،

دېلو بېجىرگەندە ئاجايىپ كەسكىن ئىش قىلىدىغانلىقىڭىزنى ئاڭلىغان.
— هازىر سەن مېنىڭ قولۇمغا چۈشتۈڭ، قېنى ئېيتىپ باقە، مېنىڭ قولۇمدىن قېچىپ كېتەلەمسەن؟
— هازىر مەن بۇ هالغا چۈشۈپ قالدىم، ئۆلتۈرەمسىز، چاپامسىز؟ ئۆزىڭىزنىڭ ئىختىيارى.
— يېشىڭ چوڭ بولمىسىمۇ بوش زەهەرلەنمەپسەن! سەن ئۇلار ئىچىدە بىر ۋەكىللىك ئادەم، سېنىڭ گۇناھىڭنىڭ قانچىلىك ئېكەنلىكىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن، لېكىن مەن سېنىڭ مېنى تونۇيدىغانلىقىڭنىڭ يۈزىنى قىلىپ، سېنى قۇتقۇزماقچىمەن. مەن گېپىمدە تۇرىدىغان ئادەم، ئەگەر سەن بىز بىلەن هەمكارلىشىشنى خالىساڭ، مەن ساڭا هاياتلىق يولى بېرىمەن.
— راستمۇ؟
— بۇ ئۆزۈڭنىڭ پوزىتسىيىسىگە باغلىق.
شۇنداق قىلىپ ساۋۇت ئۆزلىرىنىڭ قېچىش جەريانىنى تاپشۇرۇشقا باشلىدى.
يالقۇن ساۋۇتقا قۇربان شۇجى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، مامۇتنىڭ تۇتۇپ كېتىلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى، بۇلارنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ساۋۇت:
— بولدى قىلىڭ، سىز نېمىنى سورىسىڭىز مەن شۇنى دەپ بېرىمەن. هازىردىن باشلاپ مېنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكىم مۇهىم ئەمەس، ئەڭ مۇهىمى مەن هازىردىن باشلاپ روهىي ئازادلىققا ئېرىشتىم، ئەمدى ئۇنداق هەمىشە قورقۇپ، ۋەهىمە ئىچىدە يۈرمەيدىغان بولدۇم؛ مەن هازىر ئىنتايىن پۇشايمان قىلىۋاتىمەن، — دېدى.
ساۋۇت ئەركىنلەرنىڭ كونكرېت ئەهۋالىنى ئېيتىپ بەردى، يەنە ئۆزىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ج خ تورىنىڭ پاش قىلىش ساندۇقىغا ئېلېكترونلۇق يوللانما ئەۋەتىپ، ساقچىلارغا ئەركىنىنىڭ بازىسىنىڭ ئەهۋالىنى ئاشكارىلاپ بەرگەنلىكىنى ئېيتتى.
نەن نازىر جۇڭ چېڭ بىلەن مەسلىهەتلىشىپ:
— بۇ ياش ئەسلىدە يامان ياش ئەمەسكەن، ئەمما كاللىسى

تازا ئايدىڭ ئەمەسكەن، شۇڭا بىر مەزگىل خاتا يولغا كىرىپ قاپتۇ، ئۇنى ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، بىز ئەدلىيە تەرتىپى بويىچە ئىش قىلايلى، ھالقىلىق پەيتتە ج خ ئورگىنىمىز ئۇنىڭ ئۈچۈن گەپ قىلىپ، ئۇنىڭغا قايتا ھاياتلىق يولى بېرەيلى، — دېدى.

## 4

ما تيەنمۇ ۋاڭ لۈنىڭ قورۇم تېغىغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى، ھازىر ھايات - ماماتلىق سىنىقىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ ۋاڭ لۈنىڭ «پىدائىيلار ئەترىتى»گە قاتنىشىشقا تىزىمغا ئالدۇرغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى، ئەجەل ئىلاھىنىڭ ۋاڭ لۈنىڭ يېنىدىن سۈركىلىپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى، شۇ چاغدا ۋاڭ لۈنىڭ كاللىسىدا ھېچنېمىنىڭ يوقلۇقىنى، ھېچنېمىنى ئويلىمىغانلىقىنى تېخىمۇ بىلمەيتتى. ۋاڭ لۈ ئەسلىدە كىتابلاردا يېزىلغاندەك قۇربان بولۇش ئالدىدا تۇرغان قەھرىمانلارنىڭ ئۇنى - بۇنى ئويلايدىغانلىقى، ناھايىتى كۆپ نەرسىلەرنى ئويلايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق ھايات - ماماتلىقنىڭ پەقەت بىر - ئىككى سېكۇنت ئىچىدىكى ئىش ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چۈشىنىپ يەتتى.

جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئايرىلىدىغان ۋاقىت يېقىنلاپ كەلگەنسېرى، ما تيەنمۇ ۋاڭ لۈنى تېخىمۇ سېغىنىشقا باشلىدى. ئۇ مېڭىشتىن ئىلگىرى ۋاڭ لۈ بىلەن ئوبدان بىر مۇڭدىشىۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى، ئەمما ما تيەنمۇ ۋاڭ لۈغا نەچچە قېتىم تېلېفون بەرگەن بولسىمۇ، ھەممىشە: «كەچۈرۈڭ، ئابونتىمىز خىزمەت رايونىمىزدا ئەمەس» دېگەن جاۋابنىلا ئاڭلايتتى.

ما تيەنمۇ ئالاقىلىشىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، ۋاڭ لۈنىڭ تېلېفونىغا: «مىڭلىغان تاغ - دەريالار گۇۋاھ بولسۇن، مەڭگۈ ئۆزۈلمەس مۇھەببەت رىشتى» دەپ سۆز قالدۇردى. ئۇ ۋاڭ لۈنىڭ بۇ سۆزنى كۆرگەندىن كېيىن قاتتىق تەسىرلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

بۇ گەرچە ۋاڭ لۈنى قاتتىق تەسىرلەندۈرىدىغان سۆز بولسى-

مۇ، ئەمما، ئۇ بۇنى قوبۇل قىلالمايتتى. ۋاڭ لۇ تاغ ئىچىدە بولۇپ، بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ مەخپىيەتلىكى سەۋەبىدىن ئۇ تېلېفوننىڭ باتارېيىسىنى ئېلىۋېتىپ، تېلېفوننى ئۈزۈپ قويغاندى.

ۋاڭ لۇنىڭ تېلېفونىغا سۆز قالدۇرغاندىن كېيىن ما تيەنمۇ خېلىلا يېنىكلەپ قالدى. ئۇ: ۋاڭ لۇنىڭ بۇ سۆزنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئاجايىپ بەختىيارلىقتا چۆمىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلدى، شۇڭا ئۆزىمۇ بۇ بەختىيارلىققا غەرق بولۇپ كەتتى. ئېھتىمال، بۇ ما تيەنمۇنىڭ ۋاڭ لۇ بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يۈزمۇيۈز تۇرۇپ، سۆزلىشىشى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ۋاڭ لۇ قۇرۇم تېغىدا ئاتاكىغا ئۆتۈۋاتقان شۇ پەيتتە ما تيەنمۇ چەت ئەللىك ئالاھىدە خادىمنىڭ دۆلىتىمىز ئىچىدىكى ھەرىكەتلىرىگە دائىر يىپ ئۇچىنى تاپقان ھەمدە ئۇنى باش شتابقا يوللىغانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭغا دەرھال بېيجىڭغا قايتىپ يېڭى ۋەزىپىنى ئورۇنداش توغرىسىدا بۇيرۇق كەلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىمۇ لەيلى ئانا ـ بالا ئىككىسىنى بېيجىڭدا ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ كەتتى.

# ئوتتۇز ئىككىنچى باب

## 1

ۋاڭ لۇ ئىككىنچى قېتىم ھوشىدىن كېتىپ، دوختۇرخانىدا
ئاسما ئاستۇرۇۋاتقاندا، يالقۇن بىلەن جۇڭ چېڭ تۇتۇپ تۇرۇش
ئورنىغا بېرىپ، ئەركىننى سوراق قىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭ
ج خ ئىدارىسى، ئەركىن قولغا ئېلىنىشتىن بۇرۇنقى بارلىق تەي-
يارلىق خىزمەتلىرىنى، جۈملىدىن تەپتىش مەھكىمىسىگە يوللىنى-
دىغان ئەركىننىڭ مۇكەممەل ئىقرارىنى تولۇق تەييارلىشى لازىم
ئىدى.

جۇڭ چېڭ ئۆزىنىڭ ئامراق سەركەردىسى چېن دامودىن ئايرى-
لىپ قېلىشتەك قاتتىق قايغۇ - ئازاب ئىچىدە ئۆتۈۋاتاتتى. ئۇ
قانداقمۇ ئازابلانماي تۇرالىسۇن؟ بىر يىل ئىلگىرى، چەت ئەلدىن
ئەۋەتىلگەن جاسۇس ئۆمەرنى تۇتۇشتا مۇشۇ چېن دامو تەشەببۇس-
كارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، دۈشمەن ئىچىگە يوشۇرۇن كى-
رىشنى تەلەپ قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئەركىننىڭ تېررورلۇق تەش-
كىلاتىغا دائىر قىممەتلىك يىپ ئۇچىنى قولغا چۈشۈرگەن. كې-
يىن، ئۇنىڭ ئايالى ۋە قىزى تۇتقۇن قىلىنىغاندا، ئۇ ئۆز خىزمەت-
داشلىرىنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن، سەۋر -
تاقەت قىلىپ بۇ ئىشنى ئاشكارىلىمىغانىدى. ھەر قېتىمقى كۈرەش-
لەردە ئۇ زادىلا جاپادىن قورقماي، ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، ئەترەت
ئەزالىرىنى باشلاپ، تېررورچىلار بىلەن يۈزمۇيۈز كۈرەش قىلغان.
ھازىر جۇڭ چېڭ چېن دامودىن ئايرىلىپ قېلىپ، خۇددى ئۆزىنىڭ
بىر قولىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك قاتتىق ئازابلىنىۋاتاتتى.

مۇنەۋۋەر قوماندان بولغان جۇڭ چېڭ ئۆزىنىڭ بىرەر ئەسكى-
رىدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايتتى. ئەمما، شىنجاڭدىن ئىبا-
رەت بۇ جەڭگاھ ئالاھىدە بىر جاي ئىدى. بۇ يەردە ھەمىشە نۇرغۇن

كۆتۈلمىگەن جەڭلەر يۈز بېرىپ تۇراتتى. ئۇنى خۇشال قىلغىنى شۇكى، جەڭ مەيدانىدا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ساقچىلىرىدىن بىرەرمۇ قاچاق چىقمىدى، بۇيرۇق چۈشۈرۈلۈشى بىلەن تەڭلا ھەممىسى باتۇرلارچە ئاتاكىغا ئۆتەتتى.

ئەركىن جۇڭ چېڭنى تېلېۋىزوردىن كۆرگەن، ئۇنىڭ ئۈستىدە تەتقىقاتمۇ ئېلىپ بارغان، ئەمما ئۆزى بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى ئېلىشىۋاتقان بۇ رەقىبىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى.

ئەركىن جۇڭ چېڭنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىلگەندە، چىرايىدا زادىلا قان يوق، تاتىرىپ كەتكەنىدى، ئەمما، ئۇ قەستەن ناھايىتى تەمكىن قىياپەتتە يېنىك بىر يۆتىلىپ قويدى.

— سەن يۆتەلمىسەڭمۇ مەن ھازىر سېنىڭ كۆڭلۈڭنىڭ ساراسىمىگە چۈشكەنلىكىنى بىلىمەن، يۆتىلىپ قويغىنىڭ كۆڭلۈڭدىكى ئالاقزادىلىكنى مەندىن يوشۇرۇپ قالالمىغانلىقىڭنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «قارا بۈركۈت» ئەپەندى، يېقىندا سەن يەر ئاستى لەخمىسىدە چۈشۈرۈپ قويغان ھېلىقى «ئەزىمەت دېگەن مۇنداق بولۇشى كېرەك» دېگەن براشۇراڭنى تېپىۋالدىم ھەمدە ئۇنىڭ مەزمۇنىنى تەتقىق قىلىپ كۆردۈم. مېنىڭچە، ئۇنىڭدا قانداق ئالدامچىلىق بىلەن سەبىي قىزلارنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىۋالغانلىقىڭ ھەققىدىكى تەجرىبىلىرىڭدىن باشقا، يەنە ئۇنىڭدا ئۆزۈڭنىڭ بىر مۇۋەپپەقىيەتلىك قاچقۇنلۇق ئوبرازىڭنى يارىتىپسەن. ئەمما سەن ئىنتايىن بەختسىز بىر ئادەمسەن، سەن ھازىر مەغلۇپ بولغان بىر قاچقۇنغا ئايلىنىپ قالدىڭ، سەن ھەرقانداق چارە قوللانساڭمۇ بۇ يەردىن ھەرگىز قېچىپ كېتەلمەيسەن، چۈنكى، سەن خەلقنىڭ دۈشمىنى، خەلق سېنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيدۇ! — جۇڭ چېڭنىڭ ئۇدۇللا ئېيتقان سۆزىدىن ئەركىن قاتتىق ئۈمىدسىزلىككە چۆمۈپ قالدى.

ئەركىن ھازىر ئۆزى بىلەن جۇڭ چېڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ پەرقنى كۆرۈپ يەتتى. «غالىب ھۆكۈمران بولۇر، مەغلۇپ قاراقچى» دېگەندەك. ئۇ ھازىر قاراقچى ئىدى. شۇڭا ئۇ ۋەزىيەتنى ئوبدان دەڭسەپ كۆرۈپ:

— سىلەرنىڭ مېنى تۇتۇۋالىدىغانلىقىڭلارنى بىلمەپتىمەن، مەن ئۆتكەندە سىلەر مېنى قوملۇقتا قوغلاپ يۈرگەندىلا، ئەگەر ئۇلار مېنى تۇتۇۋالسا، مەن ياۋاشلىق بىلەن ئۇلار بىلەن كېتىمەن، دەپ ئويلىغانىدىم. بۇ قېتىممۇ مەن قېچىپ كېتىشنى ئويلىمىدىم، تاغدا مەن سىلەرنىڭ كېلىشىڭلارنى كۈتۈپ تۇردۇم، — دېدى.

— سېنىڭ شۇنچە ئۇزۇندىن بۇيان قېچىپ يۈرۈۋاتقانلىقىڭ مېنىڭ ئەقلىمگە بولغان ھاقارەت. ھازىر مەن سەندىن ئەپۇ سورىسام بولغۇدەك، ئىلگىرى ساڭا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرەلمەي قاپتىمەن، ساڭا سەل قاراپ قويۇپتىمەن، — دېدى جۇڭ چېڭ ئالدىدىكى بۇ، بىر مەھەل خورىكى ئىنتايىن ئۆسۈپ كەتكەن تېررورچىلار كاتتىۋېشىنى مەسخىرە قىلىپ.

ئەركىن ئەتراپقا تولۇق بىر قاراپ چىقتى، ئۇ غەزەپلەنگەن كۆزلەرنىڭ ئۆزىگە تىكىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئۇنىڭدا قورقۇنچ پەيدا بولدى. شۇڭا ئۇ سىناش تەرىقىسىدە:

— بىز بىر ئالىيجانابلار كېلىشىمى تۈزۈۋالساق قانداق، سىز نېمىنى سورىسىڭىز مەن جاۋاب بېرەي، ئەمما شەرتىم شۇكى، مېنى ئۇرمىساڭلار، — دېدى.

— قورقۇۋېتىپسەن - دە؟ خاتىرجەم بول! بىز پاكىز قوللىمىزنى بۇلغىۋېلىشنى خالىمايمىز، ئەمما مېنىڭچە سەن ئىنتايىن نومۇسسىز بىرنەرسىكەنسەن، ئادەمنىڭ جېنىنى بىر قوچقاچنىڭ جېنىچىلىك كۆرمەيدىغان بىر تېررورچى تېخى ئالىي جانابلار كېلىشىمىدىن ئېغىز ئېچىۋاتامسەن؟ سەن زادى نەدىن كەلگەن ئالىيجاناب، دۆلىتىمىزدىن چىققان ئالىيجاناب ئەمەسقۇ دەيمەن؟ سەن ئۆتۈپ كەتكەن بىر مۆتتەھەم، سېنىڭ بۇ ھالىتىڭ ئالىيجانابلاردىن ئىنتايىن يىراق تۇرىدۇ، — دەپ جۇڭ چېڭ ئۇنى قاتتىق مەسخىرە قىلدى.

ئەركىن چوڭقۇر بىر خورسىنىپ:

— قەپەسكە چۈشكەن يولۋاسنى ئىت تالاپتۇ دېگەن شۇ، — دېدى.

جۇڭ چېڭ ئۇنى مەسخىرە قىلىپ:

— نېمىلا بولمىسۇن، دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەن بول-

غاچقا ئۆزۈڭنى بىر مەھەل ھەيۋىسىنى كۆرسەتكەن يولۋاسقا ئوخ-شىتىشنى ئۇنتۇپ قالمىدىڭ - دە! ئەمما مېنىڭچە سەن ناھايىتى بولساڭ بىر لالما ئىت بولالايسەن، — دېدى.

ئەركىنىنىڭ چىرايى تېخىمۇ بەك تاتىرىپ كەتتى، ئۇ ئىلاج-سىز:

— توغرا، سىزنىڭ سۆزىڭىز بويىچە ئېيتقاندا مەن ھازىر بىر لالما ئىت، مېنىڭ سىزگە رەددىيە بېرىشكە ھېچقانداق ئامالىم يوق، ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، مېنىڭ «تۈركىستان ئىمپېرىيە-سى» نەزەرىيەم تېخى ئىشقا ئاشۇرۇلمىدى، بۇ مېنىڭ قەلبىمدىكى ئىنتايىن چوڭ ئۆكۈنۈش — دېدى.

جۇڭ چېڭ گەۋدىسىنى سەل رۇسلاپ قويۇپ:

— شۇنداق، راست، ھەقىقەتەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بوپ-تۇ. سېنىڭ بۇ ئۇلۇغۋار پىلانىڭ پەقەت بىر قەغەز يۈزىدىكىلا پىلان، سەن ماڭماقچى بولغان بىرىنچى قەدەمدىكى شىنجاڭنى جۇڭگو تۇپرىقىدىن ئايرىپ چىقىپ كېتىش ئارزۇيۇڭنى بەختكە قارشى بىز بىتچىت قىلىپ تاشلىدۇق، سەن بۇنى بىر تاسادىپىيلىق دەپ قارامسەن؟ ياق، بۇ بىر مۇقەررەرلىك! مەيلى سەن ئەركىن بول ياكى باشقا ئادەم بولسۇن، قاچانكى مىللىي مۇستەقىللىقتىن ئىبارەت بۇ يىرتىق بايراقنى كۆتۈرۈپ چىقىدىكەن، ئۇ خەلقنىڭ قاقشاتقۇچ زەربىسىگە ئۇچرايدۇ. بۈگۈن مەن بۇ يەردە ساڭا زەربە بېرىۋاتىمەن، ئەگەر كېيىن مەن بۇ ئورۇندا بولماي قالسام يەنە ئوخشاشلا ج خ ئىدارە باشلىقى ۋاڭ چېڭ، لى چېڭ ۋە ياكى جاڭ چېڭلا ساڭا زەربە بېرىدۇ، سەن باش كۆتۈرسەڭلا ساڭا زەربە بېرىمىز، مىللىي مۇستەقىللىقنىڭ بىخى كۆرۈلسىلا زەربە بېرى-مىز، پۈرىقى پۇرىسىمۇ زەربە بېرىمىز، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيە-تىدىن ئىبارەت بۇ زېمىندا سېنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق بىلەن شۇغۇللانماقچى بولغانلىقىڭ بىر خام خىيال، ئۇخلاپ چۈشۈڭ، بۇ مانا بۇ ھەقىقەت، — دېدى.

ئەركىن باشتا جۇڭ چېڭنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ بىرئاز ساراسىمىگە چۈشكەنىدى، ئەمما، كېيىن سەل ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— مەن گېپىمنى قىلىۋالاي، بولامدۇ يا؟ بۇ ئۆلۈم ئالدىدا

تۇرغان بىر كىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر تەلىپى، — دېدى.
— ئەمدى بىر ئادەمدەك گەپ قىلىشۋاتىسەن، بولىدۇ، مەن ساڭا پۇرسەت بېرەي، — دېدى جوڭ چېڭ بۇرۇلۇپ، تەكەللۇپ بىلەن.
ئەركىن ئاستا - ئاستا ئىلگىرىكى جاھانغا پاتماي قالغان ھالىتىگە كەلدى. ئۇ ئۆلۈم ئالدىدا جار سېلىشقا باشلىدى:
— مەن سىزگە ئېيتىپ قوياي، جوڭ چېڭ، مېنىڭچە مۇستەقىللىق بىر مۇقەررەرلىك، يەككە مىللەتلىك دۆلەت قۇرۇش بۇ چوڭ ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، بۇنى سىز ھەرگىز توسۇپ قالالمايسىز. مېنىڭ «تۈركىستان ئىمپېرىيىسى» دىن ئىبارەت ئارزۇيۇم ئەڭ ئاخىرقى ۋە ئەڭ يۈكسەك ئارزۇيۇم. مېنىڭ پىلانىم بويىچە مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، 20 يىل ۋاقىت كېتىدۇ، يەككە مىللەتلىك دۆلەت قۇرۇش ۋە ئۇنى ياخشى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، يەنە 20 يىل ئەتراپىدا ۋاقىت كېتىدۇ، تۈركىستان ئىمپېرىيىسى قۇرۇش ئۈچۈن يەنە 20 يىل ۋاقىت كېتىدۇ. مەن بۇ يىل 40 ياشقا كىردىم، يەنە 60 يىلدىن كېيىن 100 ياشقا كىرىمەن، ئەگەر سىلەر مېنى قويۇپ بەرسەڭلار مەن چوقۇم 100 ياشقىچە ياشايمەن، مەن ئۆزۈمنىڭ 100 ياشقا كىرگەن ۋاقتىمدىمۇ ئىمپېرىيە ئىشىمنىڭ ئىشقا ئاشمايدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن.
— پاھ، سېنىڭ گېپىڭچە ھەربىر دۆلەت بىر مىللىي مەدەنىيەت گەۋدىسى بولغۇدەكتە، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر مىللەت بىر دۆلەت قۇرۇش كېرەك ئىكەن - دە! سەن بۇنىڭ بىر ئەپسانە، بىر بىمەنە نەزەرىيە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمىدىڭمۇ؟ سەن مەكتەپتە ئوقۇغان ئادەم، سەن قاچان، قايسى تارىخىي كىتابلاردا بىر مىللەت بىر دۆلەت قۇرىدۇ؟ دېگەن نەزەرىيىنى كۆرگەن. ھەممىيلەنگە مەلۇمكى، ھازىرقى دۇنيادا قاتناش، خەۋەرلىشىش ئىشلىرى ۋە كىشىلەرنىڭ يۆتكىلىشى سەۋەبىدىن يەككە مىللەت ئولتۇراقلاشقان يەرلەر، ھازىر ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلارغا ئايلىنىپ كەتتى. دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپچىلىك دۆلەتنىڭ ھەممىسى كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، بەزى دۆلەتلەردە ھەتتا 130 نەچچىدىن ئارتۇق مىللەت بار، قېنى سەن سىياسىيون، قارا نىيەت-

چىدىن سوراپ باقاي، ئەگەر بۇ دۆلەتلەر سىنىڭ ئىدارە قىلىشىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىلسە قانداق ئۇسۇل بىلەن ئىدارە قىلىسەن؟ يەككە مىللەتلىك دۆلەت قۇرامسەن؟ ياكى كۆپ مىللەتلىك دۆلەت قۇرامسەن؟ ئەگەر سىنىڭ نەزەرىيەڭ بويىچە دۇنيادا مىللىي مۇستەقىللىق ئېلىپ بېرىلسا، ئۇ چاغدا پۈتۈن دۇنيادىكى چوڭ - كىچىك 3 ـ 4 مىڭدىن ئارتۇق مىللەتكە 3 ـ 4 مىڭ دۆلەت قۇرۇپ بېرىش كېرەكمۇ؟ راستىنى ئېيتسام، مەن بۇنىڭدىن گاڭگىراپ قېلىۋاتىمەن، مەن بۇ سوئالىمنى سىنىڭ شېرىكلىرىڭدىنمۇ سوراپ باققان، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مېنىڭ بۇ سوئالىمغا جاۋاب بېرەلمىگەن، قېنى ھازىر مېنىڭ بۇ سوئالىمغا سەن بىر جاۋاب بېرىپ باققىنا! ـــ دېدى جۇڭ چېڭ.

ئەركىن ھەقىقەتەن بۇ ئاۋارىچىلىكلەرنى ئويلاپ كۆرگەنىدى، شۇ مىنۇتتا ئۇنىڭ تەپەككۇرى بەكمۇ جانلىنىپ كەتكەچكە ئۆز نەزەرىيىسىنى سىستېمىلىق بايان قىلىپ، جۇڭ چېڭ بىلەن قارشىلىششقا ئامالسىز قالدى. ئەمما ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭكىنى راست قىلىشقا ئۇرۇنۇپ:

ـــ سىلەر خەنزۇلار شىنجاڭدىن چىقىپ كېتىپ، شىنجاڭنى ئۆزىمىزنىڭ ئىدارە قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەرسەڭلار، بىز شىنجاڭنى چوقۇم ياخشى باشقۇرالايمىز. بىز ھەتتا ئۇخلاپ ئويغىدا ياتساقمۇ باشقا دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ دېموكراتىك سىياسىيسى ۋە بازار ئىگىلىكىدىن پايدىلىنىپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلالايمىز، بۇنىڭغا سىزنىڭ ئارتۇقچە باش قاتۇرۇشىڭىزنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق، ـــ دېدى.

جۇڭ چېڭ ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ:

ـــ مەن نېمىشقا باش قاتۇرمايدىكەنمەن! شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ زېمىندا ياشاۋاتقان ئاساسىي مىللەت 13، نېمىشقا بىز شىنجاڭنى يالغۇز سىلەرگىلا تاپشۇرۇپ بېرىدىكەنمىز، ئۇنداقتا شىنجاڭدا ياشاۋاتقان 46 قېرىنداش مىللەت قانداق قىلىدۇ؟ سەن ئۇلارنى قانداق قىلماقچى؟ ئەگەر بۇ 46 مىللەتنىڭ ھەممىسى مىللىي مۇستەقىللىق تەلەپ قىلسا ئۇ چاغدا سىلەر قانداق قىلىسىلەر؟ ئەركىن سەن ئۆز مىللىتىڭنى پارچىلايدىغان مۇشۇنداق شۇم-

لمۇقنى قىلماقچىمۇ سەن؟ — دېدى.

— ئەمىسە سىزنىڭچە بولغاندا، بىز مەڭگۈ ئۆزىمىزنىڭ مىللىي دۆلىتىمىزنى قۇرۇشتىن ئىبارەت غايىمىزنى ئىشقا ئاشۇرالمايدىكەنمىز - دە؟ — دېدى ئەركىن قايىل بولماي.

— ئۇ ئاقمايدىغان يول، سەن مىللىي دۆلەت قۇرماقچى، ئۇ سېنىڭ بىر تەرەپلىمىلىك بولغان ئارزۇيۇڭ، ئۇ ئومۇمىي خەلقنىڭ ئارزۇسى ئەمەس. خەلقنىڭ ھىمايە قىلىدىغىنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن ئىبارەت مۇكەممەل بولغان چوڭ ئائىلە، ئۇلار ھەرگىز ئۆزىنىڭ بىر بىچارە قېيىققا ئايلىنىپ قېلىشىنى خالىمايدۇ، سەندەك دىنىي تونغا ئورۇنۇۋالغان ئەبلەخلەرنىڭ بۇ بىچارە قېيىقنى يېگانە ئارالغا تاشلاپ قويۇشىنى ھەرگىز خالىمايدۇ. دىنغا كەلسەك، مەن شۇنى ئوچۇق ئېيتىپ قويايكى، ئەركىن سەن بىر ساختا دىن مۇخلىسى، سەن «قۇرئان كەرىم» نىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بىلمەيسەن، سەن پەقەت «قۇرئان كەرىم» دىن پايدىلىنىپ، ئۆزۈڭنىڭ سىياسىي مەقسىتىگە يەتمەكچى. ھازىرقى بۇ قالايمىقانچىلىق، جەڭگى - جېدەل تۈگىمەيۋاتقان جاھاندا، نۇرغۇن مۇسۇلمانلار بىرەر روھىي تۈۋرۈككە ئېرىشىش، ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قېلىش، ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى ئىللەتلەرنىڭ يامراپ كېتىشىنى توسۇپ قېلىش ئۈچۈن ئىسلام دىنىغا قاتتىق ئەمەل قىلىۋاتىدۇ. ئەمدى سەنلەر ئۇلارنىڭ مۇشۇ ئېتىقادىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ مىللىي كەيپىياتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن «شەرقىي تۈركىستان ئىمپېرىيەسى» دىن ئىبارەت بۇ شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتۇڭ ھەمدە ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان خەلقنى ئىشقا ئېشىشى زادى مۇمكىن بولمايدىغان «تۈركىستان ئىمپېرىيىسى» ئۈچۈن چىراغقا ئۆزىنى ئۇرغان پەرۋانە بولۇشقا مەجبۇرلاشتىڭ. سېنىڭ خەلقنى بۇ يولغا باشلىشىڭ ئۇلارغا بەخت ئەمەس، بەلكى تۈگىمەس ئازاب - ئوقۇبەت ئېلىپ كېلىدۇ. ھازىر سىلەرنىڭ مىللىي دۆلەت قۇرۇش ئارزۇيۇڭلارنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، بوپتۇ، مەن ساڭا بىر قۇرۇق ۋەدە بېرەي، قېنى سوراپ باقاي، سىلەرنىڭ ھۆكۈمىتىڭلار قۇرۇلغاندىن كېيىن ئەگەر بەزىلەر سىلەرگە قارشى تېررورلۇق تەش-

كىلاتلىرىنى قوروپ، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارسا ۋە ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات يۈرگۈزسە، سىلەر قانداق قىلىسىلەر؟ مېنىڭچە، سىلەر ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىسىلەر. سىلەرنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق تاللىشىڭلار يوق! گېپىم توغرىمۇ؟ — دېدى.

ئەركىن ھەقىقەتەن بۇنىڭغا گەپ تېپىپ بېرەلمىدى، ئۇ بىردىنلا يەنە مۇنازىرلىشىۋېرىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلدى، ئەگەر يەنە مۇنازىرلىشىۋەرسە ئۆزىنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ غەش بولۇپ كېتەتتى. شۇڭا ئۇ تەقەززالىق بىلەن:

— ھە، قېنى، سىز مېنى قاچان ئاتماقچى؟ — دەپ سورىدى.

جۇڭ چېڭ ھەققانىي ۋە مەردانە ھالدا:

— خەلق قاچان ساڭا ھۆكۈم چىقارسا، سەن شۇ چاغدا بۇ دۇنيادىن يوقىلىسەن، مېنىڭچە سېنىڭ روھىڭ ئاللىقاچان ئۆلگەن، ھازىرقىسى پەقەت سېنىڭ جىسمىڭ، سەن ھازىر ئۆز جىسمىڭنىڭ قاچان بۇ دۇنيادىن يوقىلىدىغانلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتامسەن؟ — دېدى.

— جەننەتكە بارغاندىن كېيىن ئاللا ئىگەم بىزنىڭ يەنە رەقىبلەردىن بولۇپ ئېلىشىشىمىزنى ئاتا قىلغاي، مەن سىزنى شۇ يەردە كۈتىمەن، — دېدى ئەركىن سوغۇقلا.

جۇڭ چېڭ ئىنتايىن خاتىرجەملىك بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مەن، سەن بارىدىغان ئۇ يەرگە بارمايمەن، بىز كوممۇنىستلار كوممۇنىزمغا ئېتىقاد قىلىمىز، بىز ماتېرىيالىستلارمىز، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۆلىدۇ، ھېچ يەرگە بارالمايدۇ، جەننەت، دوزاخ دېگەن نەرسىلەر يوق. كەچۈر، مەن سېنىڭ تەكلىپىڭنى قوبۇل قىلالمايمەن، ئۇ يەرگە سەن ئۆزۈڭ يالغۇز كېتىۋەر! — دېدى.

## 2

ما جيەنجۇڭ ئەركىن قاتارلىقلارنىڭ بارماق ئىزىنى بىرمۇبىر سېلىشتۇرۇپ چىقتى، ئۇ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى، چۈنكى

ئەركىنىنىڭ چىمچىلاق بارمىقىنىڭ ئىزى دەل ئۈرۈمچىدىكى ئاپتو-
بۇس پارتلىتىش دېلوسىدا ئېلىنغان بارماق ئىزى ئىدى. ما جيەن-
جۇڭ بۇ خۇش خەۋەرنى جۇڭ چېڭغا، جۇڭ چېڭ دەرھال بۇ
ئەھۋالنى ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتىگە خەۋەر قىلدى. شۇ
كۈندىكى ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتىگە ئاپتوبۇس پارتلىتىش دېلو-
سىدىكى باش جىنايەتچى جەنۇبىي شىنجاڭدا تورغا چۈشتى دېگەن
خۇش خەۋەر بېسىلدى، شەھەر خەلقى تەنتەنە قىلىشتى، ئەمما
گېزىتنىڭ خەۋىرىگە مۇنداق بىر ئىزاھات قوشۇمچە قىلىنغانىدى:
جەنۇبىي شىنجاڭ ساقچىلىرى سىلىشتۇرۇش، ئېنىقلاش خىزمىتى-
نى زادىلا توختاتمىدى، بۇ قېتىم قۇرۇم تېغىدىكى جەڭدىن كېيىن
ساقچى تەرەپ جىنايەت گۇماندارى ئەركىنىنىڭ بارماق ئىزى ئۈستى-
دە سىلىشتۇرۇش نەتىجىسىدە، ئەركىنىنىڭ باش بارمىقىنىڭ ئىزى
ئاپتوبۇس پارتلىتىش دېلوسىدا ئېلىنغان بارماق ئىزىغا ماس كەل-
دى» دەپ ئىزاھات بېرىلگەنىدى. ما جيەنجۇڭ گېزىتنى كۆرگەن-
دىن كېيىن ئىنتايىن ئاچچىقلاندى. ئۇ شۇ ئاخشىمىلا بارماق
ئىزىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ج خ نازارىتىگە فاكس قىلىپ
يوللاپ، گېزىتنىڭ خەۋەرنى خاتا بېرىپ قويغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ
فاكسقا ئېنىق قىلىپ: مەن ئېنىقلىغان بارماق ئىزى دەل ئەركىن-
نىڭ چىمچىلاق بارمىقىنىڭ ئىزى، ئۇ باش بارمىقىنىڭ ئىزى
ئەمەس، گېزىتتە ئۇنى نېمىشقا باش بارماق دەپ بېسىپ قويدى؟»
دەپ يازدى.

بىراق، ج خ نازارىتى بۇنى ئۆزگەرتىش پىكرىنى ئېيتمىدى.

ما جيەنجۇڭ ناھايىتى خاپا بولدى، ئۇ مۇتەخەسسىس فېڭ
شىلياڭغا تېلېفون بېرىپ:

— مەن دوكلاتىمدا «چىمچىلاق بارماقنىڭ ئىزى» دېگەن
تۇرسام، نېمىشقا ئۇنى «باش بارماقنىڭ ئىزى» دەپ بېسىپ قويە-
دۇ، مەن بۇنى شەخسەن ئۆزۈم تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغان، سىلەرنىڭ
گېزىتكە بەرگەن ئىسپاتىڭلار خاتا بوپتۇ، — دېدى.

مۇتەخەسسىس فېڭ شىلياڭ:

— سىز بەك جاھىلكەنسىز، ئۇ گېزىتتا بېسىلىپ چىقتى،
ئۈنچىلىك خاتا كەتكەن بولسا مەيلى، — دېدى.

ما جيەنجۇڭ غەزەپ بىلەن:
— خاتا بولغانىكەن، ئۇنى چوقۇم تۈزىتىش كېرەك، خاتا بولغاندىكىن ئۇ نېمىشقا ئېتىراپ قىلىنمايدۇ؟ — دېدى.
— شۇنچىلىك كىچىك ئىشنى چوقۇم تۈزىتىش كېرەك، دەپ چىڭ تۇرۇۋېلىشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى، ھەي، جەنۇبىي شىنجاڭ-لىق، سىز بەك جاھىلكەنسىز، — دېدى فېڭ شىليالڭ.
ما جيەنجۇڭ كۆڭلى ئازار يېگەن ھالدا:
— بوپتۇ، مەن بىھۇدە ئىشلارغا ئېسىلىۋالغان بولاي، — دېدى - دە، تېلېفون تۇرۇپكىسىنى تاراققىدە قويۇۋەتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولدى. ئۇ كۆڭلىدە: بۇنى كىچىك ئىش دېگىلى بولامدۇ؟ مەن مۇشۇ بارماق ئىزى ئۈچۈن نەچچە يۈز مىڭ ئادەمنى تەكشۈرگەن تۇرسام، مۇشۇ بارماق ئىزىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەلى، چېن دامولار قۇربان بولدى، بۇنى يەنە كىچىك ئىش دېگىلى بولامدۇ؟ ئەگەر بىز مۇشۇنداق جىنىمىزنى تىكىپ ئىشلىمىگەن بولساق، بۇ دېلونى پاش قىلغىلى بولامتى، دەپ ئويلىدى.

## 3

بىر مەھەللىك بوران - چاپقۇن ئاخىرلاشتى، ئاسماندىكى بۇلۇت - تۇمانلار تارقىدى. ۋاڭ لۇغا ئۈچ كۈن ئاسما ئوكۇل سېلىنغاندىن كېيىن ئاخىرى كۆزىنى ئاچتى.
ۋاڭ لۇنىڭ روھى قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە بىر ناخشا ياڭراۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ئالىي مەكتەپنىڭ 4 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقاندا، ئۇ سۆيگىنى ما تيەنمۇ بىلەن شىمالىي شىنجاڭدىكى غۇلجىغا بېرىپ ساياھەت قىلغان، ئاخشىمى بىر قازاقلار ئاۋۇلىدا قونغان، بۇ ئاۋۇل ئاجايىپ گۈزەل ۋە خىلۋەت ئىدى. ئاۋۇلدىكى ياشانغان ئاقىن بۇ ئاشىق - مەشۇقلار ئۈچۈن دومبۇرا چېلىپ ناخشا ئېيتىپ بەرگەن، ۋاڭ لۇ بۇ ناخشىنى زادىلا ئۇنتالمايتتى. ئەجەب-لىنەرلىكى، بۇ ئاۋاز ھازىر گوياكى ما تيەنمۇنىڭ ئاۋازىغا ئۆزگە-رىپ قالغاندەك قىلاتتى:

كېلىپ قالدى دۈشمەن سېپىل ئالدىغا،
ئىچەيلى تېز شارابنى كەتمىسۇن پۇرسەت.
قېرىنداشلارنىڭ جەسىتىنى كۆمۈپ قويۇپ، ئاتلىنايلى جەڭ-
گە،
كەتسەك ئەگەر بۇ يەردىن، ئاتلاندى دەڭلار جەڭگە.

ۋاڭ لۇ ھوشىغا كەلدى، ئۇنى ما تيەنمۇنىڭ ناخشىسى ھوشىغا كەلتۈرگەنىدى. بۇ چاغدا، يېقىملىق كۈن نۇرى دېرىزىدىن ئۇنىڭ كارىۋىتىغا چۈشكەنىدى، ۋاڭ لۇ بۇ كۈن نۇرى چوقۇم قۇرۇم تاغلىرىدىكى تاغ سۈيىدە يۇيۇلغان، شۇڭا ئۇ ئىنتايىن يېقىملىق ھەم ئىنتايىن پاكىز دەپ پەرەز قىلدى، ۋاڭ لۇ قۇرۇم تاغلىرىدىكى ۋاقتىدا بۇ قۇياش نۇرىغا چۈمۈلگەنىدى. ئۇ مىننەتدارلىق بىلەن بۇ كۈن نۇرىغا تىكىلدى ھەمدە قوللىرىنى ئۇزىتىپ كۈن نۇرىنى تۇتماقچى بولدى. ۋاڭ لۇ خۇددى يېڭىدىن تۇغۇلغان بوۋاقتەك بۇ سېخى قۇياش نۇرىغا تەشنا ئىدى.

بىر قول ۋاڭ لۇنىڭ كۆزىگە چۈشۈۋاتقان قۇياش نۇرىنى توسۇۋالدى، قۇياش نۇرىغا ئۇزۇن ۋاقىت قاراشقا بولمايتتى، بول-مىسا ئۇنىڭ كۆزىنى زەخىملەندۈرۈپ، كۆرمەس قىلىپ قوياتتى. ۋاڭ لۇ بۇ قولنى بويلاپ يۇقىرىغا قارىدى، ئۇ ئاجايىپ گۈزەل بىر چىرايىنى كۆردى، بۇ ئۆزىگە ئىنتايىن تونۇش بولغان ما تيەنمۇ ئىدى. ما تيەنمۇ ئۇنىڭ كارىۋىتىنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى، ۋاڭ لۇ ما تيەنمۇنىڭ كۆزلىرىدىن مۆلدۈرلەپ ياش ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆر-دى. بۇ ئېقىۋاتقان ياشقا قاراپ، ۋاڭ لۇ ما تيەنمۇنىڭ ھازىرمۇ ئۆزىنى ئىنتايىن سۆيۈۋاتقانلىقىنى جەزملەشتۈردى، بۇ ۋاڭ لۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن يەنىلا ئالغا ئىلگىرىلىشىدىكى ئىنتايىن قىممەت-لىك بايلىق ئىدى.

ئەمما، ۋاڭ لۇنىڭ كۆزى ما تيەنمۇنىڭ چىرايىدا ئۇزۇن توختىمىدى. ۋاڭ لۇ بىر ئادەمنى ئىزدەۋاتاتتى، مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدىغان بىر ئادەمنى ئىزدەۋاتاتتى. ۋاڭ لۇنىڭ ئۇ ئادەمگە دەيدىغان نۇرغۇنلىغان سۆزلىرى بار ئىدى، ئەمما ئۇ ئادەم يىراقلارغا كېتىپ قالغانىدى، ھەتتا ۋاڭ لۇغا ئۆزىنىڭ سايىسىنىمۇ

كۆرسەتمەي كېتىپ قالدى، ۋاڭ لۈنىڭ كۆز چاناقلىرى نەملەشتى، ئۇ ئۇمىدسىزلەندى، ئىچىدە: «چېن دامو!» دەپ تولۇلىدى.
شۇئان ۋاڭ لۈنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى.
ما تيەنمۇ نازۇك قوللىرى بىلەن ۋاڭ لۈنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ئىسسىق ياشلارنى سۈرتتى، ۋاڭ لۇ ما تيەنمۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆزىنى خۇددى چەكسىز دېڭىزدا لەيلەپ يۈرگەن قېيىق قىرغاققا يېقىنلاشقاندەك ھېس قىلدى. ۋاڭ لۇ ما تيەنمۇغا:
— دېڭىزدا لەيلەپ يۈرگەن مەندەك قېيىققا بىخەتەر پورت لازىم، سىز ئەنە شۇ پورت، بۇ يەردىن مەڭگۈ تۇرمىسام دەيمەن، — دېدى.
ما تيەنمۇ كۆزلىرىگە ئىللىق ياش ئېلىپ، ۋاڭ لۈنىڭ بېشىنى باغرىغا باستى. ئۇ ئەلۋەتتە ۋاڭ لۈنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلەتتى.
ئەمما، ما تيەنمۇ ۋاڭ لۇغا ۋەدە بېرەلمەيتتى، چۈنكى ما تيەنمۇ پۈتۈن ئەس - يادىنى ۋاڭ لۇغا بېرەلمەيتتى. شۇ دەقىقىدە ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى گەپ قىلماي جىم تۇراتتى.
دېرىزە سىرتىدىكى شامال ئاۋازى، ۋاڭ - چۇڭلار، پىئانىنو بىلەن ئورۇنلانغان «ئەيلىسقا ھەدىيە» دېگەن مۇزىكىنىڭ يېقىملىق ساداسى ۋاڭ لۈنىڭ قۇلىقىغا ئۇرۇلماقتا، ۋاڭ لۈنىڭ قەلبىنى شۇ ۋاقىتتا چېن دامونىڭ سىيماسى، ما تيەنمۇنىڭ يەنە كېتىپ قىلىشىدەك بىر تۇيغۇ ئىگىلىۋالغانىدى. ئۇ ما تيەنمۇ بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدىكى مەسىلىنى ھەل قىلىش پەقەت ۋاقىت مەسىلىسى، ئەمما بۇ تۈپ مەسىلە ئەمەس. لېكىن، چېن دامو كەلمەسكە كەتتى - دە، دەپ ئويلىدى.
ۋاڭ لۇ دوستلۇق بىلەن مۇھەببەتنىڭ ھەر ئىككىسىدىن كېچەلمەيتتى. سەپداشلار ئارىسىدىكى ھايات - ماماتلىق دوستلۇقنى ئۇنىڭ ئۇنتۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
ۋاڭ لۈنىڭ قەلبىنى پۈتۈنلەي چېن دامو ئىگىلىۋالغانىدى.
ۋاڭ لۇ بىلەن چېن دامونىڭ جىسمى بىرلىشىپ كەتكەندەك، ئۇلار-

نى ئايرىۋېتىش مۇمكىن ئەمەستەك قىلاتتى. ۋاڭ لۇ ساقچى قوشۇ-
نىغا كىرگەندىن باشلاپ، چېن دامو ۋاڭ لۇنىڭ هاياتىدا پەيدا بولدى
ۋە ئۇنىڭ هاياتى، ئىشلىرىغا تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. ۋاڭ لۇ
مۇشۇنداق ئادەمنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ كېتەلىسۇن؟ ۋاڭ لۇ ئوتتۇرا
مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدا ئوقۇغان لۇشۇننىڭ «ئۇنتۇش ئۈچۈن
ئەسلەش» دېگەن ماقالىسىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ چاغدا، ئۇ لۇشۇن-
نىڭ چوڭقۇر ئازابقا تولغان قايغۇسىنى، چوڭقۇر ئىدىيىسىنى
چۈشەنمىگەنىكەن. هازىر گەرچە ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولغان بول-
سىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ هازىرقى ھېسسىياتى لۇشۇننىڭ ھېسسىياتىغا
ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى، ئۇ كۆڭلىدە چېن داموغا ئاتاپ «ئۇنتۇپ
كېتىشكە بولمايدىغان ئەسلىمە» دېگەن مەرسىيىنى يازدى.

ما تيەنمۇ ئىشىك ۋە دېرىزىلەرنى ئاستا ياپتى، ۋاڭ لۇ ما
تيەنمۇنىڭ ۋاقتىدا ئىشىك - دېرىزىلەرنى يېپىپ سىرتتىكى شاۋ-
قۇنلارنى ئازايتقانلىقىغا، ئۆزىگە خاتىرجەم هالدا چېن دامونى ئەس-
لەش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەنلىكىگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى. ما
تيەنمۇ ئاخىرى ۋاڭ لۇنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشەندى، ۋاڭ لۇنىڭ
نەزەرىدىن ئىپادىلىنىۋاتقان مەزمۇننى چۈشەندى، ما تيەنمۇ ۋاڭ
لۇنىڭ كۆزلىرىدە چېن دامونىڭ ئەكس ئېتىپ تۇرغانلىقىنى كۆر-
گەندەك بولدى، ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن:

— سىز ئىلگىرى يۈز بېرىپ ئۆتكەن، ئەمما زادى ئۇنتۇپ
كېتىشكە بولمايدىغان ئىشلارنى ئەسلەۋاتىسىزغۇ دەيمەن، — دې-
دى.

ۋاڭ لۇ مىننەتدارلىق ھېسسىياتى بىلەن كۆزلىرىنى ما تيەن-
مۇدىن ئۈزمەي تۇرۇپ قالدى. ما تيەنمۇ ۋاڭ لۇنىڭ مۇرىسىگە
يېنىككىنە ئۇرۇپ قويۇپ، ۋاڭ لۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئەكس ئېتىۋات-
قان مەنىنى چۈشىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ يېقىملىق هالدا
ۋاڭ لۇنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— مەنمۇ سىزگە ئوخشاشلا سىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قۇربان
بولغان چېن دامونى ئەسلەۋاتىمەن، ئۇ سىزنىڭ نىجاتكارىڭىز، ئۇ
سىزنىڭ شەپقەتچىڭىز، شۇنداقلا مېنىڭ شەپقەتچىم، چۈنكى سىز
مېنىڭ مەڭگۈلۈك سۆيگىنىم، توغرىمۇ؟ — دېدى.

— مەڭگۈلۈك سۆيگىنىم؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ لۈ ئىچى ئېچىشقان هالدا.

— شۇنداق، سىز مېنىڭ مەڭگۈلۈك سۆيگىنىم، — دېدى ما تيەنمۇ.

— سىز يەنە مەندىن ئايرىلىپ كېتەمسىز؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ لۈ خاتىرجەمسىزلەنگەن هالدا.

— هازىر بىز ئايرىلىش دېگەن سۆزنى دېيىشمەيلى، — دېدى ما تيەنمۇ.

— مەن كېيىنچە مۇشۇ گەپنى ئېيتىش پۇرسىتىنىڭمۇ بولماي قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن، سىز كىم؟ سىز زادى مېنىڭ سۆيگىنىممۇ؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ لۈ.

— ئەمەلىيەتتە مەن يەنىلا مەن، مەن ئەزەلدىن ئۆزگىرىپ باقمىدىم، هازىر مەن سىزنى تېخىمۇ سۆيىمەن. ئەمما، بىز هەرگىز ئادەتتىكى ئەر - ئاياللاردەك ئاددىي تۇرمۇش كەچۈرەلمەيمىز. سىز پالچىنىڭ مېنىڭ ئالىقان سىزىقلىرىمغا قاراپ سالغان پالى دىققەت قىلغانمۇ؟ پالچىنىڭ ئېيتىشىچە، مېنىڭ كەسپىي ئىشلىرىم بەزىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، بەزىدە مەغلۇپ بولىدىكەن، ئەمما ئۇ هەرگىز ئۈزۈلۈپ قالمايدىكەن، مۇقىم هالدا راۋاجلىنىدىكەن. مەن ئۆزۈمنىڭ كەلگۈسىدە كەسپىي ئىشلىرىمدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغان ئايال بولالايدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن، بۇ جەھەتتە هەرگىز سىزگە ئۇتتۇرۇپ قويمايمەن، — دېدى ما تيەنمۇ هاياجانلانغان هالدا.

ۋاڭ لۈ قەتئىي هالدا ما تيەنمۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ:

— سىز ساختا ئىلىم - پەن بىلەن مېنى ئازدۇرماڭ، ئەمما، خۇددى پاي چېكى سېتىۋالغاندەك مەن سىزنى تاللىدىم، — دېدى.

— سىز مېنى قېچىپ قۇتۇلالمايسىز، دېمەكچىمۇ؟ — دېدى ما تيەنمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئۆزىڭىز دەپ بېقىڭچۇ؟ — دېدى ۋاڭ لۈ.

— مەن سىزدىن سوراۋاتىمەن، — دېدى ما تيەنمۇ ئۇنىڭغا بوي بەرمەي.

ۋاڭ لۇ بىردىنلا ما تيەنمۇنىڭ تەلەپپۇزىنىڭ توردىكى لەپىلدە-
ۋاتقان قارغا بىر ئاز ئوخشاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، شۇڭا ئۇ
مەنىلىك كۈلۈپ قويدى. ما تيەنمۇ دەرھال:
— نېمىگە كۈلۈۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى.
— مەن بۇ دۇنيادا شۇنداق ئوخشايدىغان ئادەمنىڭ بارلىقىغا
كۈلۈۋاتىمەن، — دېدى ۋاڭ لۇ ناھايىتى سىرلىق قىلىپ.
— ئۇ كىم؟ — دەپ سورىدى ما تيەنمۇ.
— سىزگە ئېيتىپ بەرمەيمەن، — ۋاڭ لۇ ما تيەنمۇغا ماڭا
ياردەم قىلىڭ دەپ ئىشارەت قىلدى، — كېلىڭ، مېنى يۆلەپ
يەرگە چۈشۈرۈپ قويۇڭ، مەن بىر مېڭىپ باقاي، — دېدى ۋاڭ
لۇ.
ۋاڭ لۇ ئاۋۋال بىر پۇتىنى ئاندىن يەنە بىر پۇتىنى يەرگە
قويۇۋالدى، ئۇ يەردە مەزمۇت دەسسەپ تۇرغان ئاشۇ پەيتتە، ئۆزد-
نىڭ يەنە ئۆزى قىزغىن سۆيۈپ كەلگەن تۇرمۇشقا قايتىپ كەلگەن-
لىكىنى جەزملەشتۇردى.
— سىز سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كىرەي دەمسىز؟ — دېدى
ما تيەنمۇ ۋاڭ لۇنى يۆلەپ.
ۋاڭ لۇ ما تيەنمۇنىڭ قوللىرىنى ئىتتىرىۋېتىپ، ئۆزى ماڭ-
ماقچى بولدى. ئۇ ئىككى قەدەم ماڭغاندىن كېيىن كەينىگە بۇرۇ-
لۇپ ما تيەنمۇغا:
— مەن لەيلىنى ئۆز يەڭگەم دەپ تونۇش قارارىغا كەلدىم،
مەيلى ئۇنىڭ كۆزى ساقايسۇن ياكى پۇتۇنلەي قارىغۇ بولۇپ قال-
سۇن، مەن ئۇنىڭغا ئۆمۈر بويى غەمخورلۇق قىلىمەن، سىز
بۇنىڭغا قوشۇلامسىز؟ — دېدى.
— ۋاڭ لۇ، ئۇ ئەسلىدىنلا بىزنىڭ ئۆز يەڭگىمىز، مەن
قەلبىمدە ئالللىبۇرۇن سىز ئۇچۇن بۇ تۇغقاننى تونۇپ قويغان، —
دېدى ما تيەنمۇ تەمكىن ھالدا.
— مەن چېن دامو بىلەن لەيلىنىڭ قىزىنى ئۆز قىزىمىز
دەپ تونۇماقچىمەن، مەيلى ئۇ قانچە قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىنمى-
سۇن، مەيلى ئۇ كەلگۈسىدە دەلدۇش بولۇپ قالامدۇ، مەن ئۆمۈر
بويى ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىمەن، سىز بۇنىڭغا قوشۇ-

لامسىز؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ لۇ.
— ۋاڭ لۇ بۇ جەھەتتە بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز بار. مەيلى سىز كەلگۈسىدە قانداق قىيىنچىلىققا يولۇقماڭ، نامراتلىشىپ كېتىڭ ياكى باي بولۇڭ، كېسەلگە ياكى بىرەر پالاكەتكە دۇچار بولۇڭ، مەن مەنىۋى جەھەتتىن مەڭگۈ سىزدىن ئايرىلمايمەن، — دېدى ما تيەنمۇ ھاياجانلانغان ھالدا.
ۋاڭ لۇ ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا:
— يەنە شۇ مەنىۋى جەھەتتە، مەن سىزنىڭ ماڭا بېغىشلاۋاتقان مۇھەببىتىڭىزنىڭ بەك مەۋھۇم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتىمەن، — ۋاڭ لۇ كونا گەپنى يەنە قايتىدىن ئوتتۇرىغا چىقارماقچى بولۇۋاتاتتى.
— سىز ئۆزىڭىز تاللىۋالغان ساقچىلىق كەسپى ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرىسىز، مەن ئۆزۈم تاللىۋالغان جەڭگاھ مۇخبىرلىق كەسپىم ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرىمەن، بىز تېخى ناھايىتى ياش، كۆپرەك ئەجىر سىڭدۈرسەك ئەرزىيدۇ، بىز قېرىپ قالغاندا ئۆمرىمىزنىڭ ناھايىتى مەنىلىك ۋە ئەھمىيەتلىك ئۆتكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى ما تيەنمۇ.
— سىز ھەقىقەتەن ئىنتايىن بىر غايىلىك ئايال، — دېدى ۋاڭ لۇ ھاياجانلانغان ھالدا.
— سىز ھەرگىز مېنى زاڭلىق قىلماڭ، ئەمەلىيەتتە مەن ئاخبارات مۇخبىرلىقىنى ئۆزۈمنىڭ ئۆمۈرلۈك كەسپى قىلىپ تاللىدىم. مەن ئۆزۈمنىڭ ھەرگىز زىيان تارتمايدىغانلىقىمنى بىلىمەن، بۇ مەن ئۈچۈن قىممەتلىك بىر بايلىق. نۇرغۇنلىغان ئاياللارمۇ مەندەك سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئەمما بۇنداق بەخت ئۇلارغا ھەرگىز نېسىپ بولمايدۇ. مەن قوش نەتىجىگە ئېرىشتىم، — دېدى ما تيەنمۇ.
— ما تيەنمۇ، — دېدى ۋاڭ لۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.
— نېمە؟ — دەپ سورىدى ما تيەنمۇ.
— ھە، دېسىلا مۇخبىرمەن، دېمىسىڭىز قانداق؟ — دېدى ۋاڭ لۇ.
— سىزنىڭچە مەن مۇخبىر ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدى ما

تيەنمۇ.
— مېنىڭچە سىز مۇخبىر ئەمەس، — دېدى ۋاڭ لۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.
— ئەمىسە مەن كىم؟ — دەپ سورىدى ما تيەنمۇ قەستەن بىلمىگەن بولۇۋېلىپ.
— مەن دېمەيمەن، — دېدى ۋاڭ لۇ كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ.

## 4

نەن نازىر كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن جۇڭ چېڭغا:
— كىمنىڭ ئارىغا چۈشۈشىدىن قەتئىينەزەر زادى بولمايدۇ، بۇ ئالىقاپ بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ، ئۇ ج خ نازارىتىنىڭ «قارا بۇركۇت» كە زەربە بېرىش پىلانىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكىلى تاسلا قالدى، — دېدى.
— ئەمما ئۇ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇۋاتقان بىر رازۋېدكىچى، نېمىلا بولمىسۇن، ئۇ ئىبراھىمنى قولغا چۈشۈرۈشتە ناھايىتى چوڭ خىزمەت كۆرسەتتى، — دېدى.
نەن نازىر ئىستاكاننى ئۈستەلگە جاققىدە قويۇپ:
— مەن ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ھەرگىز ئىنكار قىلماقچى ئەمەسمەن، ئەمما ئۇ تەكشۈرۈش خىزمىتى جەريانىدا چېكىدىن ئاشقان ۋاستە قوللىنىپتۇ، بۇ ھەقىقەتەن كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. ئەگەر ئۇنى ۋاقتىدا ئەدەپلەپ قويمىساڭ قوشۇنغا قانداق قوماندانلىق قىلالايسەن، تېخىمۇ مۇشكۈل بولغان جەڭ ۋەزىپىلىرىنى قانداق ئورۇندىيالايسەن؟ — دېدى.
جۇڭ چېڭ يەنىلا ئۇنىڭغا يان بېسىپ:
— شۇنداق، مەنمۇ ئۇنىڭ ناتوغرا ئۇسۇل بىلەن كومپيۇتېردا ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن بانكا ھېساباتىغا كىرىپ ئىبراھىمنىڭ مەبلىغىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى تەكشۈرگەنلىكىنى بىلىمەن. بۇ ئىنتىزامغا خىلاپ ئىش، ئەمما بۇ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىق ئەمەس، ئۇنىڭ مەقسىتىمۇ دېلونى بۇرۇنراق پاش قىلىش ئىدى،

شۇڭا نازىرنىڭ ئوبدان ئويلىنىپ ئاندىن قارار چىقىرىشىنى ئۈمىد
قىلىمەن، — دېدى.

نەن نازىر چىداپ تۇرالماي جوڭ چېڭنى تەنقىد قىلىپ كەتتى:

— سىز يەنىلا ئۇنىڭ ئۇچۇن ئارىغا چۈشمەكچىمۇ؟ مەن
سىزگە دەپ قوياي، سىزمۇ بۇ مەسئۇلىيەتتىن قېچىپ قۇتۇلالماي-
سىز. رەھبەر بولغان بىر ئادەم ۋاڭ لۇنىڭ ئىنتىزامغا خىلاپلىق
قىلىش ھەرىكەتلىرىنى ۋاقتىدا توسمىدىڭىز، مەن تېخى سىز بىلەن
ئوبدان ھېساب - كىتاب قىلىمەن! — دېدى.

جوڭ چېڭ ئەسلىدە يەنە تالاشماقچى بولغانىدى، ئەمما يەنىلا
بولدى قىلدى.

نەن نازىر ئىستاكىنىنى يەنە بىر ئۇرۇپ قويۇپ:

— يولداش جوڭ چېڭ، سىز نېمىشقا چۈشەنمەيدىغانسىز،
مېنىڭ مەقسىتىم ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىپ قويۇشلا ئەمەس، ئۇنىڭ
روھىي ھالىتىنى تەڭشەش، — نەن نازىر جوڭ چېڭغا قەتئىي
مەخپىي بىر ھۆججەتنى ئۇزىتىپ، — كۆرۈپ بېقىڭ، ھازىر چەت
ئەلدىكى تېررورچى تەشكىلاتلار يەنە قۇتراشقا باشلاپتۇ، ئۇلار جەنۇ-
بىي شىنجاڭ ساقچىلىرى تىرىشىپ قىلىۋەتكەن ئەركىن تېررور-
لۇق تەشكىلاتىنىڭ پارچىلانغاندىن كېيىن يەنە قايتىدىن مۇۋەپپەقى-
يەتلىك ھالدا قايتا تەشكىللەنگەنلىكى، ئارقا كۆرۈنۈشى تېخىمۇ
مۇرەككەپ بولغان يېڭى ئالاھىدە خادىمنىڭ دۆلەت ئىچىگە ئەۋەتىل-
گەنلىكى ھەققىدە جار سېلىۋېتىپتۇ، — دېدى.

جوڭ چېڭ بۇ مەخپىي ئاخباراتنى كۆرگەندىن كېيىن، ئەمدى
يەنە ۋاڭ لۇنىڭ ئىشى توغرىسىدا تالىشىۋەرمەسلىك قارارىغا كەل-
دى. ئۇ نەن نازىرنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئىستاكاندىكى چاينى ئېلىپ،
بىراقلا ئىچىۋەتتى، ئاندىن ئالىقىنى بىلەن ئېغىزىنى سۈرتۈپ:

— ئىشقىلىپ ھەر قېتىم سىزنىڭ قېشىڭىزغا كەلسەم خۇ-
شاللىق ئىش يوق، بولدىلا، مەن كېتەي، — دېدى.

نەن جېنجوڭ جىددىي تۇردە:

— كېتىمەن؟ سېنىڭ گېپىڭنى دېمىدىم تېخى.

جوڭ چېڭ ھەيران بولغان ھالدا توختاپ قېلىپ:

— مېنىڭ نېمە ئىشىمكەن، — دەپ سورىدى.

نەن جېنجۇڭ:

— تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى سىزنىڭ ئۈستىڭىزدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى: سىز مۇئاۋىن نازىرلىققا ئۆستۈرۈش نامزاتلىقىدىن قاپسىز، — دېدى.

جۇڭ چېڭ سۈكۈت ئىچىدە قالدى.

نەن جېنجۇڭ بۇنىڭغا چۈشەنچە بېرىپ:

— ئەلۋەتتە تەشكىلات بۆلۈمى مېنىڭمۇ پىكرىمنى ئالدى، مەن... — ئۇ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — جەنۇبىي شىنجاڭ ھەرىكىتىنىڭ باش قوماندانى بولغان سىز «قارا بۈركۈت» كە زەربە بېرىش كۈرىشىدە ناھايىتى كۆپ سەۋەنلىكلەرنى سادىر قىلدىڭىز، ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن ئاقىلانە تەدبىرلەرنى قوللانمىدىڭىز. شۇ سەۋەبتىن چېن دامونىڭ خوتۇنى ۋە قىزى تۇتقۇن قىلىندى، ئىلىياس سارىيىدا پارتلاش دېلوسى يۈز بەردى، تېررورچىلارنىڭ قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى مەشىق بازىسى بىر ئايدىن ئارتۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇردى، سىزمۇ سۇيىقەستكە ئۇچراشقا تاسلا قالدىڭىز. مانا مۇشۇنچە كۆپ يوچۇقلارنىڭ بولغانلىقى سەۋەبىدىن مەن ئاپتونوم رايونلۇق تەشكىلات بۆلۈمىگە، ۋاقتىنچە سىزنى مۇئاۋىن نازىرلىققا ئۆستۈرمەسلىك تەكلىپىنى بەردىم. ئەلۋەتتە، مەن جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ جايىنىڭ سىزدەك بىر ج خ ئىدارىسى باشلىقىغا تېخىمۇ ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. شۇڭا سىز ئۆزىڭىزنىڭ سەۋەنلىكلىرىڭىز ئۈستىدە تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلىنىشىڭىز، ئۆز بۇرچىڭىزغا ھەرگىز داغ تەگكۈزمەسلىكىڭىز، كەلگۈسىدىكى كۈنلەردە جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئامانلىقىنى ياخشى قوغدىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. قانداق، بۇلار سىزنىڭ كاللىڭىزدىن ئۆتەمدۇ؟ — دېدى.

— ماڭا چۈشەندۈرۈش پۇرسىتى بەرمەمسىز؟ — دېدى جۇڭ چېڭ خورسىنىپ قويۇپ.

نەن جېنجۇڭ ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى:

— كاللىڭىزدىن ئۆتمىسىمۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىسىز، سىزگە چۈشەندۈرۈش بېرىشكە ۋاقىت يوق، نۇرغۇن ئىشلار سىز-

نىڭ بېجىرىشكىنىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، — دېدى.

— سىزنىڭ مېنى چاكىنا رەسمىيەتلەردىن خالاس قىلغىنىڭىزغا رەھمەت، مەن پەقەت جەنۇبىي شىنجاڭ ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇشنىڭ ئاسان ئىش ئەمەسلىكىنىلا دېمەكچىمەن، — دېدى جۇڭ چېڭ.

نەن جېنجۇڭ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە پەرۋا قىلماي:

— ئەمىسە شىنجاڭ ج خ نازارىتىنىڭ باشلىقى بولۇش ئاسان ئىشمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— باشقا تاللاش مۇمكىنچىلىكى بولمىغاندىكىن، بۇيرۇققا بويسۇنماي بولامتى، — دېدى جۇڭ چېڭ نائىلاج.

— مېنىڭ باشقا تاللىشىم بارمىكەن؟ — دەپ سورىدى نەن جېنجۇڭ قايتۇرۇپ.

— بوپتۇ، مەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قوغدىغۇچى بولۇشنى خالايمەن، — دېدى جۇڭ چېڭ خاتىرجەم ھالدا.

— بىز ھەممىمىز شۇنداق، — دېدى نەن جېنجۇڭ ئۇستەلنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

جۇڭ چېڭنىڭ كۆڭلىدە يەنە باشقا ئىشلار بار ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ نازىر بىلەن خوشلىشىپ:

— ئەمىسە مەن كەتتىم، — دېدى.

نەن جېنجۇڭ مەغرۇرانە ھالدا چىقىپ كېتىۋاتقان جۇڭ چېڭغا قاراپ:

— ئەمىسە مەن ئۇزاتمىدىم، — دېدى.

## 5

ما تيەنمۇ ۋاڭ لۇغا بىر پارچە خەت قالدۇرۇپ قويۇپ، يېڭى سەپەرگە ئاتلىنىپ كەتتى.

يەنە بىر سەھەر يېتىپ كېلىپ، ۋاڭ لۇ ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندا، ياستۇقىنىڭ يېنىدىكى خەتنى كۆردى، ئۇ پوچېركىغا قاراپلا خەتنى كىمنىڭ يازغانلىقىنى بىلدى، بۇ قەغەز تۇرنا شەكلىدە

قاتلانغان خەت بولۇپ، بۇ قەغەز تۇرنىنىڭ قانىتىدا تۆت قۇر خەت
بار ئىدى، ئۇنى سائەت ئىستىرېلكىسىنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشى بويى-
چە ئوقۇغاندا ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر كۇپلېت شېئىر ئىدى.

كېتەر بولدۇڭ، كېتەر بولدۇڭ،
بەخت ساڭا جور بولسۇن.
خوشناۋا كۈلكىلىرىڭ،
ماڭا سەپەرداش بولسۇن.

لەپىلدەۋاتقان قار ما تيەنمۇ مىكىنە؟ ۋاڭ لۇ بىردىنلا ھەممىنى
چۈشەندى. شامالنىڭ چىقىشى، توختىشى ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكى،
قار ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن شامالنىڭ ھېچقانداق ئىزى قالماي-
دۇ، بۇ ما تيەنمۇ توغرىسىدىكى ئەڭ چىن، ھەقىقىي تەسۋىر
ئىدى. ۋاڭ لۇ ما تيەنمۇنىڭ ئۆز ھاياتىدا يەنە بىر قېتىم ئىز
قالدۇرماي كېتىپ قالغانلىقىنى بىلدى. ئۇ ئۆزلىرىنىڭ يەنە قاچان
كۆرۈشەلەيدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، ئېھتىمال ناھايىتى تېزلا كۆرۈ-
شۈشى مۇمكىن، ئېھتىمال ناھايىتى ئۇزاقلاردىن كېيىن كۆرۈشى
مۇمكىن ۋە ياكى ئۇلار ئەمدى مەڭگۈ كۆرۈشەلمەسلىكى مۇمكىن
ئىدى. ئۇلار مانا مۇشۇنداق مۇقەددەس، ئەمما خەۋپ - خەتىرى
چوڭ كەسىپنى تاللىغانىكەن، ئۇلارنىڭ ھاياتى ئۆزىگە مەنسۇپ ئە-
مەس، بەلكى، دۆلەت مەنپەئىتىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. ئۇلارنىڭ
قۇربان قىلىدىغىنى يالغۇز ئائىلىلا ئەمەس، يەنە تېخى ئەڭ گۈزەل
بولغان مۇھەببىتىنى قۇربان قىلاتتى. ۋاڭ لۇ ئەمدى دوختۇرخانىدا
خاتىرجەم ياتالمىدى، ئۇ دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتمەكچى بول-
دى. ئەمما دوختۇر ئۇنىڭ يەنە بىرقانچە كۈن يېتىپ دەم ئېلىشىنى
تەلەپ قىلدى. ئاخىرى ۋاڭ لۇ ئۆزىگە ئۆزى دوختۇرخانىدىن چى-
قىپ كېتىش روخسىتى بېرىش قارارىغا كەلدى - دە، ئۇ بىمارلار
كىيىمىنى سېلىپ تاشلاپ، تېببىي خادىملارنىڭ ئاق خالىتىنى
كىيىپ، بىمالال ھالدا دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتتى، ئاندىن
خالاتنى سېلىۋېتىپ، ئاپتوبۇسقا چىقتى. ۋاڭ لۇ ئۆزىنىڭ پېشانى-
سىگە ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلەرنىڭ پۈتۈلگەنلىكىنى بىلەتتى. ھەممە

ئىش تاللاشنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەردى، ئەمما، ئۇ ھەرگىز پۇشايمان قىلمىدى.

ۋاڭ لۇ ئۇدۇل تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش 1 - ئەترىتىگە قاراپ ماڭدى، ئۇ ئەترەتتىكى سەپداشلىرىنى سېغىنغان، چېن دامونى، ئەلىنى سېغىنغان، ما جيەنجۇڭ، يالقۇنلارنى سېغىنغان، ئۇلارنى بەكمۇ سېغىنغانىدى. ۋاڭ لۇ تەقەززالىق بىلەن چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەن ھالدا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش 1 - ئەترەتنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى، ئىشخانىدا جۇڭ چېڭ ئىنتايىن سۈرلۈك ھالدا، چېن دامونىڭ ئورۇندۇقىدا ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى.

— دوختۇرخانىدىن چىقتىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى جۇڭ چېڭ ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن.

— ھەئە، — دەپ جاۋاب بەردى ۋاڭ لۇ بىر خىل قورۇنۇپ.

— دوختۇرخانىدىن چىقىشىڭنى كىم تەستىقلىدى؟ — دەپ سورىدى جۇڭ چېڭ جىددىي ھالەتتە.

— ئۆزۈم تەستىقلىدىم، — دېدى ۋاڭ لۇ ھىجىيىپ.

جۇڭ چېڭ ئۇستەلگە ياققىدە ئۇرۇپ:

— ئەجەب يوغىناپ كېتىپسەنغۇ! — دېدى.

ۋاڭ لۇ چۆچۈپ كېتىپ ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولدى.

— سېنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىڭنى ئاڭلىمايمەن! — دېدى جۇڭ چېڭ.

ۋاڭ لۇ قايىل بولماي ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىپ:

— سىزنىڭ ماڭا چۈشەندۈرۈشكە پۇرسەت بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى.

جۇڭ چېڭ جىددىي تەلەپپۇزدا:

— بۈگۈندىن ئېتىبارەن ۋاڭ لۇ خىزمىتىدىن توختاپ تەكشۈرۈش قىلىدۇ، — دېدى.

# پەقەت شىنجاڭدىلا

## (خاتىمە)

مەن مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلىرىدە نۇر-غۇن مۇنەۋۋەر ساقچىلارنى زىيارەت قىلغان. ئەمما، پەقەت شىن-جاڭغا كەلگەندىلا كىمنىڭ ھەقىقىي باتۇر ئەزىمەت ئىكەنلىكىنى بىلدىم. شىنجاڭ كەڭ، گۈزەل زېمىن. مېنى ھەيران قالدۇرغى-نى، بۇ يەر ئۆز نۆۋىتىدە بىر جەڭگاھ ئىكەن. بۇ يەردىكى ساقچىلا-رنىڭ تۆھپىسى ھەقىقىي مەندىكى تۆھپە ئىكەن. شۇڭا مەن بۇ زېمىندىن كۆز چاناقلىرىم ياشقا تولغان ھالدا ئايرىلغاندا، قىلماق-چى بولغان تۇنجى ئىشىم ئىچكىرىدىكى خەلقلەرگە شىنجاڭ ساقچى-لىرى توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىش ئىدى. مەن بۇ ئىلھام ۋە ئۈمىدنىڭ تۈرتكىسى بىلەن 320 مىڭ خەتلىك بۇ روما-نى يېزىپ تۈگەتتىم، ئەسىرىم گەرچە ئەرزىمەس ئەسەر بولسىمۇ، ئەمما ئوقۇرمەن دوستلارنىڭ بۇ ئەسىرىم ئارقىلىق شىنجاڭ ساقچى-لىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىۋېلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ھېكايەمدىكى مۇھىم شەخسلەر رېئاللىقتا مەۋجۇت ئادەملەر بولۇپمۇ، رېئاللىقتىكى چېن دامو 2002 - يىلىدىكى شىنجاڭ سەپىرىمدە ماڭا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان بىر جەڭچى. سۆ-يۈملۈك دوستلار، سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، چېن دامو ھەققىدىكى ھېكايىلەر ھەممىسى دېگۈدەك ھەقىقىي ۋەقەلەر. ئۇ موڭغۇل بىلەن ئۇيغۇردىن تۇغۇلغان شالغۇت. مەن بۇ رومانىنى يېزىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئايالىنىڭ بىر كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان، يەنە بىر كۆزىمۇ كۆرمەس بولۇپ قالايلا دەپ قالغانىدى. ئۇنىڭ گۈزەل، تۇغما ئۇسسۇل تالانتىغا ئىگە قىزىنىڭ مېڭە ئۆسمىسى ئوپېراتسىيە قىلىنغان، ئۇ ئەمدى ھەرگىز بىيىجىڭغا ئۇسسۇل ئوي-نىغىلى بارالمايدۇ. تېررورچىلارغا قارشى بىر قېتىملىق كۈرەشتە قولىنىڭ ئوڭ بېغىشىنى تېررورچىلار يارىلاندۇرغان ئەھۋالدا، ئۇ ئۆزى يالغۇز سەككىز تېررورچى بىلەن قاتتىق ئېلىشىپ، بىر

دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ، بىرسىنى يارىلاندۇرغان، جەڭدە ئۇنىڭ غەزەپلىك ساداسى پۈتۈن كەنتنى تىترىتىۋەتكەن. 2002 - يىلى 6 - ئايدا، مەن بۇ ئىككىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن ھايات قەھرىماننى كۆرگەن ۋاقتىمدا، ئۇنىڭدىن: ئائىلىڭىزنىڭ قىيىنچىلىقى بەك ئېغىركەن، تەشكىلدىن ئازراق ياردەم قىلىۋاتقاندۇ؟ دەپ سورىدىم. ئۇ دەرھال قولىنى پۇلاڭشىتىپ: قىزىمنى ئوپېراتسىيە قىلدۇرغان چاغدا ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسىدىكى ساقچىلار پۇل ئىئانە قىلغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىنىڭ نەچچە ئايلىق مائاشى بېرىلمىگەن، مەن ئۇ پۇللارنى ئالغاندا يۈزۈم قىزىرىپ كەتتى، ئەمدى يەنە تەشكىل ۋە يولداشلارغا ئېغىرچىلىق سالسام بولمايدۇ. ئەگەر قىزىمغا ھەقىقەتەن ھاياتلىق نىسىپ بولمىسا مەن تەقدىرگە تەن بېرىمەن، دېدى.

2002 - يىلى، قىسقىغىنە تۆت ئاي ئىچىدە، مەن شىنجاڭغا ئۈچ قېتىم باردىم. شىمالدا ئىلىغىچە، جەنۇبتا كورلا، قەشقەر، خوتەنگىچە باردىم. دەم ئېلىش ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ ئالدىراش بېرىپ، ئالدىراشلا قايتىپ كەلگەن بولساممۇ، ھېرىپ - چارچىسامۇ يەنىلا خۇشاللىققا چۆمدۈم. رومانىدىكى مەن سۆيىنىدىغان شەخسلەر نەن جېنجۇڭ، جۇڭ چېڭ، چېن دامو، يالقۇن، ئەلى، ما جيەنجۇڭ، ۋاڭ لۇ، ما تيەنمۇ ۋە ئايگۈل، رەنا قاتارلىقلار ئەنە شۇ ۋاقىتلاردا بارلىققا كەلگەن.

ھازىر، ھېكايەمدىكى شەخسلەرنىڭ بەزىلىرى گۈزەل بىر ئەسلىمە بولۇپ، قەلبىمدە مەڭگۈ ساقلىنىپ قالدى. بەزىلىرى ئاجايىپ بىر روھ سۈپىتىدە قانلىرىمغا سىڭىپ كەتتى. مەن ئەسلىدە شۇنچىلىك گۇدەك، ساددا ئىكەنمەن. مەن، ئۇلار بولغانلىقى ئۈچۈنلا مېنىڭ روھىم، ھېسسىياتىم، ئىدىيەم پىششىپ يېتىلدى، مۇقىملاشتى، دەپ ئويلايمەن. مەن ئۆزۈمنىڭ ئاشۇ ھەقىقىي ھېسسىياتىمدىن ئوقۇرمەنلەر بىلەن بىللە بەھرىمەن بولماقچى، ئۇلارنى ئۆزۈم بىلەن بىللە شۇ قەھرىمانلارنى ئەسلەشكە دەۋەت قىلماقچىمەن. ھەممە ئادەم تىنچ مۇھىتتا بەختىيار ھالدا ياشاشقا تەشنا، ئەمما، ئۇ قەھرىمانلار مۇنداق ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشتىن مەھرۇم بولۇپ قالغان.

نۇرغۇن مۇخبىرلار شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز رايونىدىكى شە-

ھەرلەرگە بېرىپ زىيارەت قىلىشقا ئامراق، ئۇ يەرلەر باي، ھاۋاسى ياخشى. مەن يىراقتىن ھەيۋەتلىك قورۇم تاغلىرى ۋە تىپتىنچ يەركەن دەرياسىغا نەزەر تاشلىغان، دۇنيادىكى ئاجايىپ مۆجىزە بولغان قۇملۇق تاشيولىنى بېسىپ ئۆتكەن، شادىيانە ۋە جۇشقۇن جەنۇبىي شىنجاڭ خەلق ناخشىلىرىنى ئاڭلىغاندىن بېرى، بۇ كەڭ، پايانسىز شىنجاڭنى ھەقىقىي ھالدا تونۇپ يەتتىم. ئۇ يەر گەرچە ھازىر يەنىلا نامرات بولسىمۇ، ئەمما، ساقچىلىرىمىز مەنىۋى جەھەتتە ھەقىقەتەن باي ئىكەن. نامراتلىق نېمىدى؟ نامراتلار تەرەققىياتقا ئىنتىلىدۇ. مەن شىنجاڭنىڭ ئەتىسىنىڭ تېخىمۇ گۈزەل بولىدىغانلىقىدىن ھەرگىز گۇمانلانمايمەن. شۇنداقلا، يەنە شىنجاڭ ساقچىلىرىنىڭ جۇڭگودىكى ئەڭ قابىل ساقچىلار ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىمەن؛ ئۇلارنىڭ شان - شەرەپ تۇيغۇسى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىكەن.

باشقىلار شەرىققە چاپسا، مەن غەربكە باردىم. تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدىغان بىر يازغۇچىنىڭ ماددىي بايلىق ۋە مەنىۋى بايلىققا تەڭلا ئېرىشىشى مۇمكىن ئەمەس. رىقابەت ۋە راھەت - پاراغەت ئالدىدا مەن ھەمىشە ئالدىنقىسىنى تاللىدىم. رىقابەت كىشىنى ئىجادىيەت ئارزۇسىغا ئىگە قىلىدۇ. بۇ دۇنيادا كىشىنى ئىجادىيەتتىنمۇ ئارتۇقراق خۇشال قىلىدىغان نېمە بار؟ مەن مۇخبىرلىق روھىي ھالىتىم بىلەن يېزىقچىلىق قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇ ئادەمگە ھەمىشە زىيارەت تۇيغۇسىنى بېرىدۇ، ئۇنىڭدىن يېڭىلىق، ھەرىكەت تۇيغۇسى ۋە ئۈزۈلمەي داۋاملىشىدىغان ھاياتلىق جۇش ئۇرۇپ تۇرىدۇ، بۇ سېزىم خۇددى مەڭگۇ قورۇمايدىغان، ئۆركەشلەپ تۇرىدىغان ئېقىنغا ئوخشايدۇ. ئەگەر ماڭا يەنە 10 - قېتىم يىراققا سەپەر قىلىش پۇرسىتى كەلسە يەنىلا شىنجاڭغا بېرىشنى تاللايمەن. ئۇ يەر تەپەككۇر قىلغۇچىلارنىڭ زېمىنى، بۇ بىر بىپايان زېمىن، ئۇنىڭ ئالدىدا مەن ئىنتايىن كىچىك ھېسابلىنىمەن. ئەگەر بىرەر كىم ئۆزىنى ھەمىشە ناھايىتى يۇقىرى ھېسابلايدىغان بولسا، شىنجاڭ ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتىنى جايىغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

مېنىڭ روھىي دۇنيايىم پەقەت شىنجاڭدىلا قايتا - قايتا ساپلاشتى. پەقەت شىنجاڭدىلا، مەن ھەقىقىي ساددىلىق، يېقىملىق، قىزغىنلىق، ئىللىقلىق، شەخسىيەتسىزلىك ۋە كەڭ قورساقلىق-

ـنىڭ نېمىلىكىنى تاپتىم؛ پەقەت شىنجاڭدىلا، مەن ھەقىقىي جەڭگاھ ۋە قەھرىمانلارنى كۆردۈم، پەقەت شىنجاڭدىلا، مەن ھەر مىللەت قىزلىرىنىڭ ئاجايىپ گۈزەللىكى، ئەمگەكچانلىقى ۋە ئاق كۆڭۈللۈكىنى كۆردۈم؛ پەقەت شىنجاڭدىلا، مەن ئۆز شەرىپىم ۋە ئارزۇيۇمنى كۆردۈم. ئىنساننىڭ ئۆمرى قىسقا ۋە جاپالىق بولىدۇ، نۇرغۇن ئادەم ئۆز ھاياتى ئاخىرلىشىۋاتقان چاغدىمۇ ئۆزىگە زادى نېمە كېرەكلىكىنى بىلەلمەي قالىدۇ. بەختكە يارىشا مەن ئۇنى بىلىپ يەتتىم. مەن شىنجاڭدا سەپەر قىلىشقا موھتاج، مەن قەھرىمانلىق تۇيغۇسىنىڭ ھاياتىمغا كۈچلۈك تىرەك بولۇشىغا موھتاج.

شىنجاڭغا دائىر بۇ تېما سەۋەبىدىن، مەن جۇڭگو ياشلار نەشرىياتىدىكى ۋۇ فاڭزې، جۇاڭ ۋېي قاتارلىق ئىككى مۇئەللىم بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. بۇ بىر يىلدا ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى ئەسلىدە ئازادىچىلىك ۋە خاتىرجەملىك ئىچىدە ئۆتۈشى، نۇرغۇنلىغان ياخشى، گۈزەل ھېكايىلەرنى تەھرىرلەپ، قولدىن چىقىرىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما، ئۇلار شىنجاڭدىكى شەخسلەر ۋە ھېكايىلەردىن تەسىرلىنىپ، ھەسسىلەپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، قان - تەرلىرى بىلەن بۇ رومانىنى سۇغىرىپ، تەھرىرلەپ يورۇقلۇققا چىقاردى. شۇ سەۋەبتىن، ھەر قېتىم رومانىمنى تۈزىتىۋېتىپ، چارچىغان چاغلىرىمدا ئۆزۈمگە تەسەللى بەرگۈدەك بىر سەۋەب تاپالمىدىم.

شىنجاڭدىن كەلگەن رىغبەت ماڭا تېخىمۇ ئىلھام بولدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جاڭ شىيۇمىڭ مېنى قوللاپ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا كىتابىمغا كىرىش سۆز يېزىپ بەردى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتىنىڭ نازىرى لىيۇ ياۋخۇانىڭ نۇرغۇن قاراشلىرى مېنىڭ يېزىقچىلىق مەيدانىمغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى، مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئورتاق قاراشلارغا ئىگە بولغانلىقىمدىن ناھايىتى خۇشال بولدۇم. ئۇ ئالىي پەزىلەتلىك رەھبەر ھەم ئۇستاز ئىدى. ئۇنىڭ جاسارىتى، كەڭ قورساقلىقى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقى مېنىڭ ھۆرمىتىمنى قوزغىدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شىنجاڭ

تارىخىنى بەش قولدەك پىششىق بىلىدىغان، يۇقىرى ئەدەبىيات ئىستېداتىغا ئىگە خۇيزۇ ساقچى ئوفىتسېرى ما مىڭيۇ مېنىڭ يېزىقچىلىق ئىشلىرىمغا قارىتا نۇرغۇن ياخشى تەكلىپ - پىكىرلەرىنى بەردى. ج خ نازارىتى تەشۋىقات باشقارمىسىدىكى دۇ شياۋۋېن خانىم كىتابىمنىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالىنى ئوقۇپ چىقىپلا قالماي، يەنە ناھايىتى سەمىمىي تەسىرات ماقالىسى يازدى. كومپيۇتېر مۇتەخەسسىسى يەن تاۋ، بېيجىڭ تۆمۈريول ج خ باشقارمىسى ئامانلىق ساقلاش چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى شۆدۇڭ، «قەسكار X ئارخىپى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى تەن خۇا، «ۋاڭ فامىلىلىك تاپانچا ئېتىش ماھارىتىنى ئۆگىتىش ئۇسۇلى» نىڭ ئىجادچىسى ۋاڭ شيۇيۇ، ج خ ئۇنىۋېرسىتېتى تەلىم - تەربىيە بۆلۈمىنىڭ دوتسېنتى يىن ۋېي قاتارلىقلارمۇ كىتابىمنى يېزىۋاتقاندا ماڭا ياخشى ئەقىل كۆرسەتتى، بۇ يەردە ئۇلارغا سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمەن. مەن بۇ كىتابنى يالغۇز يېزىپ چىقمىدىم. ئۇنىڭغا شىنجاڭغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، تىنچلىقنى قىزغىن سۆيىدىغان، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە ئۈمىد - ئارزۇلىرى سىڭگەن، دەپ قارايمەن. ئەپسۇسكى، قابىلىيىتىم چەكلىك بولغاچقا مۇكەممەل ئەسەر يېزىپ چىقالمىدىم. مەن غەربىي جۇڭگونىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى ئۆتۈنىمەن.

مۇشۇنداق تىنچ كېچىدە، پايانسىز زېمىندا، مەن رومانىدىكى شەخسلەر بىلەن بىر - بىرلەپ خوشلىشىش ئالدىدا تۇرىمەن، خوشلىشىۋاتقان شۇ دەقىقىدە مەن ئۇلارنى ئەسكە ئالدىم. مەن شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ ئوتلۇق زېمىنغا قەدەم قويغاندىن باشلاپلا مەڭگۈ ئۇلارنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتتىم، دەپ ھېس قىلدىم ھەم ئۇلارنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاشقا تىرىشىمەن. ئۇلار دۆلەت مەنپەئەتى ئۈچۈن، قان چىچىپ كۈرەش قىلىۋاتقان ئاشۇ پەيتتە، مەن پەقەت مۇشۇ ئەسىرىم بىلەنلا ئۇلارغا تەسەللى بېرەلەيمەن.

جاڭ شى

2003 - يىلى 9 - ئاي، بېيجىڭ.

بۇ كىتاب جۇڭگو ياشلار نەشرىياتىنىڭ 2004 - يىلى 2 - ئاي 1 - نەشرى، 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据中国青年出版社 2004 年 2 月第 1 版,第 1 次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەكبەر ئېلى
مەسئۇل كوررېكتورلىرى: زەمىرە پىدائى
سەنەۋەر
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: مىرزات تاجى

# دۆلەتنىڭ شان - شەرىپى

ئاپتورى: جاڭ شى
تەرجىمە قىلغۇچىلار: غوپۇر قادىر، قادىر راخمان
ئەسقەر مۇھەممەت

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 24.5 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 - يىلى 4 - ئاي 1 - نەشرى
2006 - يىلى 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1—3000
ISBN 7—228—10006—9
باھاسى: 44.00 يۈەن